ئابدۇۋەلى ئايۇپ

# ئۇيغۇرلۇق ئەندىشىسى

(ماقالىلار توپلىمى)

نەشىرگە تەييارلىغۇچى:
غ. ئو. زۇلپىقار
مەسئۇل مۇھەررىر:

# مۇندەرىجە

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن ............................................ I

## ئامېرىكىدىكى مۇساپىر ئۇيغۇرلار

خاتىرەمدىكى ئامېرىكا............................................2
ئىزدىنىش سەپىرى ............................................12
رىياللىقنىڭ قىستىشى ۋە ئىددىيەلەر ئاچىلىدا..........................18
نېمە قىلىش كېرەك؟..............................................22
يول قايان؟ ..................................................28
خەير، دوستلار...............................................31
«مايگۆلى» نىڭ جەزبىسى ..........................................38
سالام، ھۆرشتات ...............................................43
ئامېرىكىدىكى تۇنجى چۆچۈرە ......................................49
ئامېرىكىدا ئەمەلگە ئاشقان ئاپتونومىيەم ................................54
ئۇنىۋېرسىتېتىكى جۇمە نامىزى .....................................63
سەئۇدىلىق ئۇيغۇر ئىمام ..........................................70
ئامېرىكىلىقلار باشقىلارغا باھا بەرگەننى يامان كۆرەمدۇ؟ ..................73
ئامېرىكىدا نېمە بار، نېمە يوق؟ .......................................77
سۇنىڭ قېشىدا، ئوتنىڭ تېشىدا ....................................83
ھەقىقەتنىڭ دۆلىتى ۋە مىللىتى .....................................91
رازىيەدىن ئۇيغۇرلار رازى بولارمۇ؟ ....................................96
ئامېرىكىدىكى مېھرلىك رامازان كۈنلىرى..............................101
چىگرىنىڭ چېكى ۋە مەدەنىيەتنىڭ پايانى...............................107
مەتبۇئاتتىكى كۆلەڭگىلەر..........................................115
ئىبرەتنىڭ كۈچى ۋە ئىتراپ .......................................120
كەيپىياتمۇ يۇقىدۇ..............................................123
ئامېرىكا بالىلىرىنىڭ نەزىرىدە ئىرق، جىنس .........................130

ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلۇق ........................................ 135
ئامېرىكىدىكى تۈرك دوستلۇرۇم........................................ 143
ئۇيغۇر كىمگە ئوخشىدى، كىمگە ئوخشايدۇ........................... 152
«ئەللىك ئۇيغۇر» ئەپسانىسى ئامېرىكىدا........................... 161
قىينچىلىقنىڭ قۇدرىتى ۋە غالىبلىق .................................. 171
ئامېرىكىچە قونداق ۋە ئۇيغۇرچە قەپەز................................ 181
ئامېرىكىدىكى بەيتۇللاھ .................................................. 193
ئۇيغۇرپەرۋەرلىك ۋە باشقا ئاشقۇنلۇقلار................................ 198
ئامېرىكىلىق بولماق ئاسانمۇ ............................................ 205
ئامېرىكىدا دىيانەت ......................................................... 212
ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلۇقنىڭ ھالاۋىتى ................................ 217
ۋاشىڭتوندىكى ئۇيغۇر ئۇسسۇلچى ........................................ 221
قازاننىڭ قۇلىقى ھەممە يەردە تۆرتمۇ................................... 225
ئامېرىكىدىكى ئازەرنىڭ زارى.............................................. 232
قارغىلىقتىكى «ئامېرىكا» ................................................... 238
ئۇيغۇرچە ئىسمنىڭ ئامېرىكىچە كەچۈرمىشلىرى ........................ 245
ئامېرىكىچە ھايات ۋە ئۇيغۇرچە ئۆلۈم.................................... 251
مۇكەممەل جەمىيەت ۋە كەمتۈك ئىنسان .............................. 255
ئۇيغۇردا تارىخنىڭ يۈكى ۋە ئاسارىتى ................................... 264
ئۇيغۇرنى كىم تونۇيدۇ......................................................... 276
ئامېرىكىغا مۇساپىر ئۇيغۇر ئانا............................................. 286
ئامېرىكىلىقلار نېمە ئۈچۈن خۇشال ..................................... 293
ئامېرىكىدا تەبىئى موھىت ۋە سۈنئىي ھايات........................... 301
بايرام، بازار ۋە كىملىك ....................................................... 308
ئامېرىكىلىقلار ۋە ئۇيغۇرلاردا ئات ۋە تۆمۈر ئات........................ 316
ئامېرىكىلىقنىڭ ۋە ئۇيغۇرنىڭ ۋاقتى .................................. 323
ئامېرىكىلىقلار ۋە ئۇيغۇرلاردا دىنىي ھايات............................. 330

ئامېرىكىلىقلارمۇ سېسىق گەپ قىلامدۇ..............................340
ئامېرىكىدا تاسادىپىلىق ۋە تاقابىللىق ..............................348

## ئامېرىكا، قىزىم ۋە بىزنىڭ ئۇيغۇرلۇقىمىز

ئامېرىكا يەسلىسىدە ئۇيغۇرچە خەت ..............................356
مەن «قەشقەرلىك» ..............................360
مەن كۆرگەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى ..............................365
قىزىمنىڭ يەسلىدىكى كۈنلىرى..............................371
يات تىلدا يارالغان دۇنيا ۋە ئۇيغۇرلۇق ..............................374
يەسلىدىكى «تەجرىبە»، «تەتقىقات» ۋە ئەدەپ..............................379
قىزىمنى «ئامېرىكىچە» تەربىيىلىيەلىدۇقمۇ؟ ..............................383
قىزىمنىڭ ئۇيغۇرچە كۈنلىرى ..............................387
قىزىمنىڭ ئۇيغۇرچە كىتاپلىرى..............................397
«ئەخلەت» يەۋاتقان بالىلار ۋە قىزىم ..............................403
ئامېرىكىدىكى يەسلى دىپلومى ..............................407

## چېگرىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا

خىياللاردىكى قەشقەر ۋە قەشقەردىكى خىياللار..............................410
سىدام قەشقەر ۋە زامانىۋىلىق ..............................415
قەشقەردىكى تىل خوراپاتلىقى ۋە سۆز بوھرانى ..............................418
دېڭىزچىلىق ئەنەنىسى ۋە باغ-دالا يوسۇنى ..............................422
مېھماندوست ئۇيغۇرلار ۋە تۆرنى بەرمەس ئامېرىكىلىقلار..............................428
ئامېرىكىلىقلار ۋە ئۇيغۇرلاردا شەخس ۋە ئاۋام چۈشەنچىسى..............................432
مەشرەپخۇمار ئۇيغۇرلار ۋە ئامېرىكىلىقلار ..............................442
خۇشخۇي ئامېرىكىلىقلار ۋە ئۇيغۇرلار..............................447
كەڭ قورساق ئامېرىكىلىقلار ۋە ئۇيغۇرلار..............................452
پاكىزە ئامېرىكىلىقلار ۋە ئۇيغۇرلار..............................457

غەرپ مەتبۇئاتىدا ئۇيغۇرنىڭ گېپى ........................................ 461
چەتئەل ئىشتىياقى ۋە ئۇيغۇرلۇق ئەندىشىسى ........................................ 470
ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەپسانىسى ۋە رىياللىقى ........................................ 481
ئۇيغۇر ئىسىملىرىنىڭ پىشكەللىكلىرى ........................................ 484
ئۇرۇمچىدە تالاشتا قالغان ئامېرىكىلىق ........................................ 489
ئامېرىكىدا «مەشرەپ» ........................................ 500
سىلەردە قۇربان ھېيت مودا بولدىمۇ؟ ........................................ 505

## قەلبىنىڭ ئەكس سادالىرى

ئۇيغۇر قانداق مىللەت؟ ........................................ 510
مەسلەك قىزغىنلىقى ۋە تاشلاندۇق مەسىلىلەر ........................................ 517
يات تىلدا شېئىر يازغىلى بولامدۇ؟ ........................................ 530
يالىڭاچلىقنىڭ غەربچە يۈزى ۋە ئۇيغۇرچە سۆزى ........................................ 535
ئۇيغۇردا پەرزەنت تەربىيىسى تەقەززاسى ........................................ 542
ئۇيغۇر كىمگە سېلىشتۇرۇلدى ........................................ 549
قەشقەرچە رىۋايەت ۋە ئۇيغۇرچە مەپكۇرە ........................................ 562
ئۇلۇغلانغان رەسىم، ئۇنتۇلغان روھ ........................................ 574
مەن بىلىدىغان شەرقشۇناسلىق ۋە شەرقشۇناسلار ........................................ 580
ئۇيغۇرچە زىيالىلىق ھەققىدە ئويلار ........................................ 590
«چالا تەرجىمان» كىمنى ئۆلتۈرگەن، كىملىكنى ئۆلتۈرەمدۇ؟ ........................................ 607
«قۇرئان» دىكى ۋە ئۇيغۇرچىدىكى پەرقلىق ئۇقۇملار ........................................ 614
تۇغىسىزلارغا قالدىڭمۇ دۇنيا ........................................ 623
ئاللاھقا قايتقان دادام ........................................ 628
بالىلار ئويۇنغانلىغا بۇزۇلۇپ كېتەمدۇ؟ ........................................ 641
ئۇيغۇردا كەمسىتىش ۋە كەمسىنىش ........................................ 644
مىراس نادامەت، مىراس قىسمەتلەر ........................................ 657
مەزلۇم چېچەك، مەزلۇم خەمەكلەر ........................................ 665
نەپسانە يۇرتۋازلىق ۋە ئەپسانە قەشقەر ........................................ 680

**ئىچكىرىدىكى ئۇيغۇرلار: مەسىلە ۋە مۇلاھىزە ..................................688**

**ئىنسانلىقتا ئىجازەت...................................................734**

**نەزىرىمدىكى تور ۋە دۇنيا ...........................................710**

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

بۇ گۈزەل ماقالىلارنى نەشرگە تەييارلاش ماڭا چۈشكەنلىكى، بۇ ۋەسىلىدىن بىر كىرىش سۆزنى قىستۇرۇشقا سالاھىيەت قازانغىنىمنى مېنى پەخىرلەندۈرۈدۇ.

بىر تاسادىپىيلىك بىلەن ماقالىلاردىن بىرنى كۆرۈپ قېلىپلا، خۇددى بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇش دېگەندەكلا ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. كېيىن ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇيدىغان بولدۇم. كېيىنرەك «گۈلەن بلوگى»نى تاپقىنىمدا خۇددى ئالائىۇددىنىنىڭ غارىنى تاپقاندەكلا خۇرسەن بولۇپ كەتتىم. دەرھال تور بېتىم (www.eynek.biz) نىڭ دوستانە ئۇلىنىش بۆلۈكىگە قېتىۋالدىم. ماقالىلارنى ياخشى كۆرۈشۈم شۇ دەرىجىدە بولدىكى، جىمى ئەمگەكلىرىمنى بىر پارچىسىغا تېگىشىشكە رازىدىم.

بۇنداق دېسەم، ماقالىلارنىڭ ھەممىسىدىكى، ھەممە مەزمۇنلارنى مېنىڭسىگەنلىكىم، ئوخشاش قاراشتا ئىكەنلىكىم خۇلاسىسى كېلىپ چىقمىسۇن؛ چۈنكى بەزىلىرىگە قوشۇلمايدىغان، ھەتتا بەزىلىرىگە شىددەتلىك قارشى بولۇشۇمغا قارىماي، يەنىلا سۆيدۇم. ئىدىيە، پىكىر، ئەقىل بازىرىنىڭ رەڭگا-رەڭ بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدىغانلاردىن بىرى بولغۇنۇم ئۈچۈن، قاراشلىرىمغا تەرس چۈشكەن، ئوخشىمىغان قاراشتىكىلىرىنىمۇ يەنىلا ياخشى ھېساپلىدىم. ھەتتا تەنقىدلىرىنىڭ توقماقلىرى بەزىدە گويا مېنىڭ بېشىمغا تېگىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، يەنىلا بۇ سەۋدايى ياخشى كۆرۈشۈم سۇسلاشمىدى. دىكتاتورلۇقتىن تويۇپ كەتكەن مىللەتلىكىمىز راست بولسا، دىكتاتور بولمايلى-دە!

مەسىلەن، غەرپنىڭ ھەممىلا پېئىل-ھەركىتى ئەجابىي

باھالىنىۋەرگىنىگە قوشۇلالمايمەن؛ يەنە ۋاھابىيلىق ھەققىدىكى تۈتۈمىغىمۇ قوشۇلمايمەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ماقالىلارنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈشۈمنىڭ سەۋەبى، ھەممىسى بىر سىلىشتۇرما ئۇچۇن ئىدى. بۇ سىلىشتۇرمىلاردا كۆپ چاغلاردا ئىسىمسىز، ئىما بىلەن كۆرسىتىلىۋاتقىنى بىر دىكتاتور، زالىم، زامانىمىزنىڭ پىرئەۋنى، فاشىستلارنىڭ خۇۋەيىنىسى،... شۇنداقلا ئۇلار قۇرغان جەمىيەت پانىينىڭ دوزىقى بولغان ئەھۋالدا سىلىشتۇرۇشتىكى ئۆرنەك «جەننەت» دەپ كۆككە كۆتۈرۈلسە (ئاشۇرۇۋېتىلسە) ھىچقىسى يوق دېيىشكە بولاتتى. بۇ ماقالىلار گويا يۈزلەرچە ئەينەك بولۇپ، بىر نومۇسسىزنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى، بىر ھايۋاننىڭ يىرتقۇچلۇقىنى، بىر زالىمنىڭ فاشىستلىقىنى، بىر ۋىجدانسىزنىڭ ئادالەت تۇيغۇسىدىن يوقسۇنلۇقىنى،... ئاجايىپ يارقىن كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، مىڭلارچە ئېغىز ئەپسانە سۆز، تىل ھاقارەتلەر بىلەنمۇ بۇنداق ھاردۇق چىققۇدەك رەزىل قىلغىلى، ئوسال قىلغىلى بولمايدۇ. (ئەپسۇسكى، ئاشۇ زالىمنىڭ ئوسال بولغۇنىنى بىلگۈدەك سەزگۈلىرى بولسا!)

بۇ گۈزەل قۇرلاردىكى سېلىشتۇرۇشنىڭ سىلىقلىقىدىن، قارشى تەرەپتىكى بەشىرە ئۇچۇق تىلغا ئېلىنمىسىمۇ، بىز دەرھال بىر ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ماكانى بولغان دوزاقنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز:

«ئويلاپ باقسام شۇ كۈنلەردە بىرمۇ ئادەم بىلەن خاپا بولۇشۇپ قالماپتىمەن. بىرمۇ ئورگاندا سوغۇق چىرايلارغا دۇچ كەلمەپتىمەن. بىرمۇ يەردە تىلىم، مىللىتىم، چىرايىم ۋە دىنىم سەۋەبلىك تەقىپكە، تەكشۈرۈشكە، نازارەتكە ۋە بېسىمغا دۇچ كەلمەپتىمەن.

«ئۆزى سايلىغان پارلامېنت، ئۆزلىرى سايلىغان ھۆكۈمدارنى رازى بولسا ھىمايە قىلىپ رازى بولمىسا تەختتىن چۈشۈرەلەيدىغان بولغاچقا خۇشال، ئۆز شتاتلىرىدا مەركەزگە بېقىنىپ ياشاش ياكى مەركەزدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ياشاش ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ ياشىيالىغاچقا خۇشال. ئامېرىكا ئاساسى قانۇنى ياغلىق تاڭغانغىمۇ، بۇدۇر چاچلىققىمۇ، ساقال قويغانغىمۇ، ھالقا ئاسقانغىمۇ، مەسجىدكە بارغانغىمۇ، بۇتخانا قۇرغانغىمۇ

ئوخشاش ھۆرلۈك بەرگەچكە خۇشال. ئامېرىكا مائارىپى قايسى دۆلەت، نەسەپ، قايسى مىللەت، قايسى تەبىقەدىن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ھەر قانداق ئادەمنى ھەم ئويلىيالايدىغان، ھەم ئوينىيالايدىغان، ھەم ئىجات قىلالايدىغان، ھەم ئىجادىيەتتىن پايدىلىنالايدىغان، ھەم سۆيەلەيدىغان ھەم سۆيۈلەلەيدىغان روھتا تەربىيىلىگەچكە خۇشال

«تەخسىلىك سالات ئامېرىكىدىكى پەرقلىق مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇدلۇق قىممىتىنى ۋە ھالىتىنى ئىنتايىن ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇنىڭدا ھەممە مىللەت ئۆز مەدەنىيىتىنى خۇددى تەخسىدىكى سالاتنى ھەرخىل مېۋە ئۆز تەمى بىلەن تەملىك قىلغاندەك ئۆز خاسلىقىدا ساقلاپ قالىدۇ. ئامېرىكا پەقەت تەخسىنىڭ رولىنى ئويناپ بارلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ شۇ تەخسىدىن ئورۇن ئېلىشىغا ۋە ئەسلى تەمىنى ساقلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. مەسىلەن، مەن ئوقۇغان ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قائىدىسى بويىچە ئەگەر بىر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز مەدەنىيىتىنى چۈشەندۈرۈش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرماقچى بولسا مەكتەپ ئىقتىساد، ئورۇن ۋە باشقا جەھەتلەردىن شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا ئۇ ئوقۇغۇچىلار قايسى دۆلەتتىن بولۇشى، سانى ۋە باشقا ئەھۋاللىرى سەۋەبلىك ھېچ قانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ.»

بەزىدە ئاشۇ يالماۋۇزنىڭ مۇدھىش تەلەتى كۆلەڭگىدەك غۇۋا ھالدا كۆرۈنگەندەكمۇ قىلىدۇ:

«جەمىيەت تۈزۈلمىسى كىشىلەرنى تۈزۈمدىن، قانۇندىن ئەمەس باشلىقتىن، ئىجراچىدىن قورقۇدىغان قىلىپ قويغاچقا كىشىلەر قاتناش قائىدىسىدىن ئەمەس ساقچىدىن قورقىدىغان بولۇپ قالغان.

«پەرقلەر ھەققىدە ئويلانغىنىمىزدا بۇنداق پەرقلەرنىڭ سانائەتلەشكەن جەمىيەت بىلەن ئەنئەنىۋي يېزا ئىگىلىك جەمىيىتى ئارىسىدا؛ شەخسنىڭ ھۆرلۈكى مۇتلەق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن جەمىيەت بىلەن بۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتقان جەمىيەت ئوتتۇرىسىدا؛ پىلانلىق ئىگىلىك ۋە كومۇنىستىك

ئىدولوگىيە هاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە سىڭدۈرۈلگەن جەمىيەت بىلەن ھېچ قانداق ئىدولوگىيە يادرو قىلىنمايدىغان جەمىيەت ئوتتۇرىسىدا؛ دۇنياغا يۈزلىنىش دۆلەتنىڭ سالاھىيىتى بىلەن رەھبەرلىك قىلىۋاتقان دۆلەتتە ياشاۋاتقان كىشىلەر بىلەن جوڭخۇا مەدەنىيەت سالاھىيىتىنى دۇنياغا ئېتىراپ قىلغۇزۇش يولىدا تىرىشىۋاتقان دۆلەتتە ياشاۋاتقان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا؛ مائارىپ ئومۇملاشقان، قائىدە تۈزۈملەر مۇكەممەللەشكەن، ياشاش مەۋجۇدلۇق جەريانى ئەمەس ھوزۇرلىنىش جەريانىغا ئايلانغان پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى دۆلەت ۋە جەمىيەتتە ياشاۋاتقان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بارلىققا كېلىشى مۇمكىن بولغان پەرقلەردىن ئىبارەت.»

ئامېرىكا يەسلىسىدە ئۇيغۇرچە خەت! ئۆز ۋەتىنىدە كۆنسېرى كۆرۈنمەس بولۇۋاتقان ئۇيغۇرچە خەتلەر بىلەن قارشى ئېلىنغان كىچىككىنە مەسئۇدە نېمە ئويلىدىكىن، ئەمما ماقالىنى ئوقۇغان چوڭلارنىڭ يۈرىكى لەرزىگە كەلمەي قالمايدۇ (مۇناپىق بولمىسىلا).

ئۆزىگە يات تىلنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىنىۋاتقان ئۇيغۇر باللىرى، ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە قۇيۇلۇۋاتقان شۇئارلار، تەربىيە ئۇسۇلىدىكى زوراۋانلىق، ئىنسانىيلىقتىن چىققان زالىملىق شۇ قۇرلاردا شۇنداق ئەكس ئېتىدۇ:

« بۇ كىچىك باللارغا مۇشۇنداق ئويۇن ئارقىلىق ھەمكارلىقنىڭ موھىملىقىنى كىچىكىدىن سىڭدۈرمەي، ھە دېسە ئىتتىپاقلىققا دائىر شۇئارلارنى يادلاتقاننىڭ قانچىلىك ھاماقەتلىك ۋە زوراۋانلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانچە يۈرۈكۈم سىقىلىپ كەتتى.»

كىچىككىنە مەسئۇدەنى دىلىنى ئېرىتىۋېتىدىغان دوستانىلىك، مېھرىۋانلىق بىلەن كۈتىۋالغانلارنىڭ ئايرىلىش كۆرۈنۈشىمۇ بەك ھاياجانلىق ئىدى:

«قىزىمنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى قىزىمغا مەخسۇس ئايرىلىش سوۋغىتى تەييارلاپتۇ. چىرايلىق ئورالغان سوۋغاتنى كۆرۈپ قىزىم شۇنداق خوش بولۇپ كەتتى ۋە ئوقۇتقۇچىسىنى سۆيۈپ قويدى. ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مەسئۇدەنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كەتكەن كۆرۈنۈشىنى مەڭگۈ ئۇنۇتالمايمەن.»

ئەمدى كىشىلىرىمىز ھازىرغىچە دىققەت قىلمىغان، ئەمما ۋەتەندىكى ھاياتىمىزنىڭ ئەڭ ئادەتتىكى كۈنلىرىدىمۇ دۇچ كېلىش ئېھتىماللىقى بولغان بىر پاكىتنى ئويلاپ كۆرسەكلا، «قۇتقازغۇچى»لىرىمىزنىڭ قانچىلىك ئىنسانىيەتسىز مىللەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىمىز تەس ئەمەس: قوشنا ياشايدىغان بىر يولداش، سىز بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغان بىر يولداش، ھەتتا ئېھتىياج تۇپەيلى «دوست» دېيىشىپ كېتىدىغان ناھايىتى يېقىنىڭىز بىر يولداشنىڭ بىرەر بالىڭىزنى قۇچىقىغا ئېلىپ قويغىنىنى، ئەركىلەتكەنلىكىنى، سۆيۈپ قويغانلىقىنى ئەسلىيەلەمسىز؟ بۇنداق بىر مۇئامىلىنى چەتئەللەردە ھەريەردە كۆرۈش مۇمكىن: ئاشۇ بىزگە يېرىم ئەسىردىن بېرى ئىرقچى، قارا تەنلىكلەرنى ھەريەردە ھاقارەتلەيدۇ، پەس كۆرىدۇ... دەپ ياۋۇز كۆرسىتىلگەنلەر، ياۋروپالىقلاردىن تارتىپ ئافرىقىلىقلارغىچە، ياپونلاردىن ھىندىستانلىقلارغىچە ھەركىم ئاتا-ئانىسى بىلەن سالاملاشقان بىر پەيتتە يېنىدا بولغان بالىغىمۇ ئىلتىپاتلىق مۇئامىلىدە بولۇدۇغانلىقى، ئەركىلىتىدىغانلىقى، قۇچىقىغا ئېلىپ بىردەم كۆتۈرۈپ تۇرۇدۇغانلىقىنى كۆرۈمىز. ئەمما، 60 يىل مابەينىدە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» شوئارىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيۋاتقان «قۇتقازغۇچى»لارنىڭ ئۆزلىرىگە ئەڭ يېقىن بىر ئۇيغۇرنىڭ، ھەتتا مۇناپىق بىر ئۇيغۇرنىڭ، خوشامەتتىن ئۆزىنى ئاشۇلاردەك ساناپ، ئاشۇلار بىلەنلا ئارىلىشىپ ئۆتۈدۇغان بىر ئۇيغۇرنىڭ بالىسىنىمۇ ئەركىلىتىپ قويمايدۇغانلىقى ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىنسانغا ئوخشىمايدىغان باشقىچە بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنى دەلىللەيتتى. كىچىك مەسئۇدەنىڭ مۇئەللىمىدىن ئايرىلىش كۆرۈنۈشلىرىدە ئىختىيارسىز ھالدا مانا بۇ سېلىشتۇرما بىزنىڭ كۆڭلۈمىزدە جانلىنىدۇ.

كىچىك مەسئۇدەنىڭ يەسلى ھاياتىنىڭ «ئۇششاق كۆرۈنۈشلىرى»مۇ بىزگە بەك كۆپ، بەك كۆپ نەسىلەرنى ھېس

قىلدۇرۇدۇ:

«قىزىم بىر كۈنى ‹مەن جەيسىېن بىلەن توي قىلىمەن› دېگەن گەپنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. كۈلۈپ كېتىپ باشقا گەپ قىلمىدىم. جەيسىېن دېگىنى قىزىم بىلەن يەسلىدە دائىم بىللە ئوينايدىغان قارا تەنلىك بالا ئىدى.»

«قىزىمغا قارا تەنلىك جەيسىېننى ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئامېرىكىلىق دېيىشنى ئۆگۈتۈۋاتقان ئامىل نېمە؟ يەسلىدىكى باراۋەر مۇئامىلە، كوچىدىكى ئىللىق سالام، بازاردىكى قىزغىن مۇلازىمەت، ھەر قانداق يەردە شەرتسىز قوغدۇلۇدىغان ئىنساننىڭ ھۆرمىتى.»

«قىزىمغا بۇلار يەسلىدە دەرسلىك بىلەن ئۆگىتىلمەيدۇ، قىزىم ئۆزىنىڭ بۇلاردىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى رادىيودىن ئاڭلىمايدۇ، لېكىن شۇ تەشۋىق قىلىنمىغان باراۋەرلىك، خاتىرجەملىك، ئىتتىپاقلىق، ئىشەنچ، ئىززەت ئىچىدە ياشايدۇ.»

كىم بۇ قۇرلارنى ئوقۇغاندا كۆڭلىدە بىر سېلىشتۇرما جانلانمايدۇ؟ ئىختىيارسىز ھالدا گۈزەل ۋەتىنىمىزدە «قۇتقازغۇچى»لار قۇرۇپ چىققان پانىينىڭ دوزىقى زاھىر بولماي قالمايدۇ. قەشقەردىكى بىر يەسلىدە مۇشۇنداق بىر ھال بولارمىدى؟ بىر قىز «شاۋجاڭ بىلەن توي قىلىمەن» ياكى «مەن قۇنباي بىلەن توي قىلىمەن» دېيەلەرمىدى؟ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» توختىماي بازارغا سېلىنىۋاتقان بولۇشىغا قارىماي، ئارىدىكى ھاڭ، تەڭسىزلىك كىچىك قەلبلەر تەرىپىدىنمۇ ھېس قىلىنىپ تۇرۇلغاچ، بۇنداق بىر ئىنكاسنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتى. ئاۋالقىسىنى «ئالاھىدە ماتېرىيالدىن ياسالغان، كاتتا... » دەپ بىلگەچ جۈرئەت قىلالمايتى؛ كېيىنكىسىنى ياراتمايتى. چۈنكى، جەمىيەتتىكى ئومۇمىي كەيپىيات سەبىي قەلبلەرگە ئۆز تامغىسىنى باسقان ئىدى.

ئۇنىۋېرسىتېتتا جۇمە نامىزى ئوقۇش، جۇمەگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسا بۇنىڭغا يارىشا ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ بولۇشىمۇ، ئاشۇ «جاھانگىر» ئامېرىكىدا بولۇۋاتاتتى! بۇنى «بىزنىڭ» «ئازات» جەمىيىتىمىزگە سېلىشتۇرۇشمۇ ئىختىيارسىز ئەقىلگە كەچمەمدۇ؟

تەڭسىزلىك، مۇستەبىتلىك ھەتتا ئىلىم ساھەسىگە سۆرەپ كىرىلگەن بولۇپ، چەتئەللىكلەردىن بەزىلىرىنىمۇ نەسۋىسىز قويمايدىغان كۆلەمگە ئۇلاشقانلىقى مەسىلىنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا يېتەتتى:

«شەرقتىكى بىر پارتىيەلىك مۇستەبىت ئەللەردە بۇ ئىلىم (ئۇيغۇرشۇناسلىق ياكى شەرقشۇناسلىق) سىياسىي بىلەن باغلىنىپ قالىدۇ. ئۇيغۇرشۇناسلار بۇ دۆلەتلەرگە راۋان بېرىپ كېلىش، ۋىزا ئالالماي قالماسلىق ئۈچۈن ماقالىلىرىدە، سۆھبەتلىرىدە ۋە لېكسىيەلىرىدە تولىمۇ ئېھتىياتچان سۆز جۈملىلەرنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.» مانا بۇ زالىملىقنىڭ پىرئەۋنىدىنمۇ ئېشىپ چۈشكەنلىكى، ناتسىستلارنىڭ ئۇلارنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىغانلىقىنىڭ دەلىلى!

ياۋۇزلۇقنى تەسۋىرلەشتىكى بۇنداق ئۇستىلۇق ھېچ كۆرۈلمىگەن دەپ ئويلايمەن. بۇ ماھارەت، ئوقۇغۇچىغا تەكرار ئىجادىيەت پۇرسىتى بېرىدۇ، ياكى تەپەككۇر قىلىشقا قىستايدۇ. خالار-خالىماس ھالدا ئۆز رېياللىقىمىز بىلەن سېلىشتۇرماي تۇرالمايمىز. گەرچە كۆپ ھاللاردا رېياللىقىمىز ھەققىدە ئاشكارە بىرنېمە دېيىلمىگەن بولۇشىغا قارىماي، يەنىلا بىزگە نېمىنىڭ ئىما قىلىنىۋاتقانلىقى ئۇقۇشلۇق بولۇۋېرىدۇ.

«رازىيەدىن ئۇيغۇرلار رازى بولارمۇ؟»نى ئوقۇغاندا يىغلىمىستىن چىداش مۇمكىن ئەمەس. بىر بالا بېقىۋالغۇچى بالىنى قانداق ئىدىئولگىيەگە ئىگە قىلىشنى خالىسا شۇنىڭغا ھوقۇقلۇق؛ ئۆز دىنى بىلەن تەربىيىلەشكىمۇ ھوقۇقلۇق. بېقىۋالغۇچى ئۇنىڭ قانۇنلۇق ئاتا-ئانىسى ئورنىدا بولغانلىقى ئۈچۈن بېقىۋېلىنغان بالىنى ئۆز خاھىشى بويىچە ئۆستۈرۈش ھوقۇقى بارلىقىنى ھەممە ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، رازىيەنى بېقىۋالغانلار ئۇنىڭ ئۇيغۇرلۇق سۈپىتىنى يوقۇتۇۋەتمەسلىككە جان ئاتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئائىلىۋي دىنىي ئېتىقادى بولغان ئىسلامدىن چىقىرىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇنى مۇسۇلمان سۈپىتىدە ئۆستۈرۈشكە

غەيرەت قىلىدۇ; ئۇنىڭ ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ قېلىشىغا زادىلا تاقەت قىلالمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بارلىق ئىمكانلارنى يارىتىپ بېرىدۇ. بۇلار بىركىمگە، باشقا بىر جەمئىيەتكە سىڭىشتۈرۈلۈپ مۇلاھىزە قىلىنمايدۇ-يۇ، كىتاپخانىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇيغۇرنىڭ ئانا ۋەتىنىدە بېشىغا كېلىۋاتقانلار بىر-بىرلەپ جانلىنىدۇ: ئۇيغۇرلۇق سۈپىتىمىز زورلۇق ۋاستىلىرى بىلەن ئۆزگەرتىلمەكتە! دىنىمىز چەكلەنمەكتە! تىلىمىز چەكلەنمەكتە! بۇلاردىن بىز ئادەم دېگەننىڭ قانداق بولۇدۇغانلىقىنى، قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى، ئۆزلىرىنى ئادەم ساناپ يۈرگەن بەزىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئادەملىك سۈپىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئوپ-ئوچۇق كۆرۈپ يېتىمىز.

ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلۇقنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرۈۋاتقان ئىككى بالىنى «ئۇيغۇر» دەپ تاللاپ بەرگەن، بېقىۋېلىشقا سايە قىلغان مىللەتنىڭ نەقەدەر پەسكەشلىكى، نەقەدەر نومۇسسىزلىقى ئاجايىپ يارقىن ھالدا كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ھەتتا شەخس سۈپىتىدە ئەمەس، كوللېكتىپ سۈپىتىدىمۇ، دۆلەت سۈپىتىدىمۇ ئەنە شۇنداقلىقى ئېنىق كۆرۈلىدۇ. ئامېرىكىلىقنىڭ بالا بېقىۋېلىش ئارزۇسىغا جاۋابەن ئىككى «ئۇيغۇر»نى تەۋسىيە قىلغانلار، توغرىسى تاڭغانلار دۆلەت سۈپىتىدە، دۆلەت ئورگانلىرى سۈپىتىدە بۇ رەزىللىكنى قىلغانلىقى، بۇ مىللەتنىڭ ئادىمىيلىك سۈپەتلىرىنى قىپ يالىڭاچ ئوتتۇرىغا قويىدۇ!

قارالڭ شۇ قۇرلارغا:

— ئۇيغۇرچە ئېتىچۇ؟

— ئۇيغۇرچە باشقا ئېتى يوق،...

بۇ يۇرتىمىزنىڭ ئىسمى ھەققىدىكى سوئال-جاۋاپلار بولۇپ، «(يۇرتۇڭلارنىڭ) ئۇيغۇرچە ئېتىچۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاپ بېرىشكە توغرا كەلگەندە بىچارىلىكىمىز، ھەق-ھوقۇقىمىزنىڭ قايسى دەرىجىدە پايمال قىلىنغانلىقى تولۇق نامايان بولىدۇ! ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا ئۇيغۇرلار ياشاپ كېلىۋاتقان بىر زېمىننىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمى يوق!

«غەرپ مەتبۇئاتىدا ئۇيغۇرنىڭ گېپى» ئادەمنى يىغلىتىدىغان يەنە بىر

ئېسىل ئەسەر. «سۆيۈملۈك ئۇيغۇر» بوۋاينىڭ ۋەتەن سۆيگۈسى يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالىدۇ؛ ئۇنىڭ مونولوگى ياشلىرىمىزدىن دەريا ياسايدۇ. بۇ مونولوگ بىر لىرىك شېئىرغا ئوخشايدۇ.

«مىراس نادامەت، مىراس قىسمەتلەر»مۇ ئاجايىپ ئەسەر! ئۇيلاپ كۆرۈشىمىزگە ئەڭ ئەرزىيدىغان بىر پىكىر ياتىدۇ. بۈگۈنگىچە ئۆز مەۋقەسى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن ئۇيغۇرنىڭ گاڭگىرىشى! كىم ئۈچۈنلىكى، نېمە ئۈچۈنلىكى ئېنىقسىز غايىلەر ئۈچۈن قارىمۇ-قارشى سەپلەردىن ئورۇن ئېلىپ بىر-بىرىگە قارشى ئوق ئاتقان ئۇيغۇرلار! ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ هايات قالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى بۈگۈنگىچە «ۋەتەن ئۇرۇشى» مېداللىرى بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرۈپتۇ. بۇ قايسى ۋەتەن ئىدى؟ كىمنىڭ ئىدى؟ دېگەنلەرنى تېخىچە ئۇيلاپ كۆرگەندەك ئەمەس! ئۇلارنىڭ قارشىسىدىكى ناتسىستلار سېپىدىمۇ ئۆزىدەك ئۇيغۇر يوقمىدى؟ تۈرك توپىدىكى خەلقلەردىن ئۈچيۈزمىڭ جەڭچى نېمىسلارنىڭ سېپىدە رۇسلارغا قارشى جەڭ قىلغان، بەلكىم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نەچچە مىڭ ئۇيغۇر بولغىيدى ۋە بىر-بىرىنىڭ ئوقىدىن قانچىسى ئۆلگەن بولغىيدى! ئۇلار كىم ئۈچۈن قارىمۇ-قارشى سەپلەردە ئۇرۇشتى؟

ئافغانىستان ئۇرۇشىدىمۇ ئەينى قىسمەت تەكرارلىنىپتۇ. ئافغانىستان سېپىدىمۇ، رۇسلار سېپىدىمۇ ئۇيغۇرلار باريكەن! بۈگۈنچۇ؟ بۈگۈنمۇ باشقىلار تەرىپىدىن تۈرلۈك چىرايلىق ناملارغا ئورۇلۇپ تارقىتىلغان ئىدىئولوگىيىلەر تەسىرىدە باشقىلارنىڭ ئارزۇسى، ئىستىكى، خاهىشى ئۈچۈن قارىمۇ-قارشى سەپلەردە ئەمەسمۇ بىز؟ قاچان ئۆز نىشانىمىز ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستانىمىز ئۈچۈن، مىللىتىمىزنىڭ هۆرلۈكى ئۈچۈن بىر سەپتە كۆرەش قىلىمىز؟

ئاپتورنىڭ ئىپادىلەشتىكى ماهىرلىقىمۇ، ئەمەلىيەتتە مىجەزىدىكى تەمكىنلىكى، سەۋرچانلىقىمۇ ئادەمنى قايىل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئۈمىتۋارلىق خاراكتېرىگە مەنسۇپ دېيىشكە بولىدۇغانلاردىنكەن. ئۇنىڭ ئۇيغۇرنى سۆيىشىمۇ باشقا مېتودتا: بىز هەممىمىز ئۇيغۇرنى سۆيۈمىز

دېمىزۇ، ئەمما بىز مەلۇم شەرتلەرگە ئىگە بولغان ئۇيغۇرلارنى، يەنى سۆيۈملۈك بولغان، تەييارلىرىنى سۆيۈدۈغانلىقىمىزنى ئاپتورنىڭ بايانلىرىدىن ھېس قىلىپ، خىجىل بولۇپمۇ قالىمىز. مەسىلەن: ئامېرىكىدا ئۇچرۇشۇپ قالغان خەنزۇۋان، ئۇيغۇرچە بىلمەيدىغان، چالا بىلىدىغان، ئۇيغۇر بىلەن يولداشلارنى بىر يىلتىزدىن دەپ بىلىدىغان قىز بىلەنمۇ سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلالاپتۇ. ئۇنىمۇ بىر ئۇيغۇر سۈپىتىدە سۆيۈپتۇ. مەن بولسام شۇنداق قىلالارمىدىم؟ ھەرگىز! بىرىنچى ئېغىز گېپىدىنلا سەسكىنىپ، يۈزىگىمۇ قارىمىغان بولاتتىم...

ماقالىلاردىن قانداق ھوزۇرلۇنۇش، ھوزۇرلانغۇچىنىڭ ئىستېتىك زوقىغا، تاللىشىغا باغلىق، شۇڭا كۆپ گەپ قىلماي. كىتابخان ئۆزى ھېس قىلسۇن، ئۆزى ھوزۇرلانسۇن، ئۆزى «تەكرار ئىجادىيەت» (تەپەككۇر) قىلىپ كۆرسۇن. مېنىڭ ماختاشلىرىمنىڭ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك ئەمەسلىكىنى ئەلۋەتتە بىلمەي قالمايدۇ.

ئاخىرىدا كىتابنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئائىت شۇلارنى دەپ قويماقچىمەن: ماقالىلارنىڭ يېزىلغان ۋاقتى يېزىپ قويۇلمىغاچقا، توردىكى تەرتىبى بويىچە تىزىۋەردىم. بەزى كېيىنكى ماقالىلار بۇرۇنقى بۆلەكلەرگە تەۋە بولغان بولسا يۆتكۈدۈم خالاس. پەقەت مەملىكەت ئىچى ئۈچۈنلا خاس ماقالىلارنى چەتئەللەرگە مۇناسىپ كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈن قالدۇرۇۋەتتىم. ھۆر دۇنيادا تىلغا ئېلىشىمۇ بەدەننى شۈركەندۈرۈۋېتىدىغان ئىسىملارنى مۇمكىن بولغانلىكى ئەھۋالدا تىلغا ئېلىشتىن ئۆزەمنى تارتتىم. بەزىلىرىنى ماقالە مەزمۇنىغا چېتىشلىقى سەۋەبىدىن ئەينەن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. ئەسلى بۇ ماقالىلار كۆپ قىسمى ۋەتەن ئىچىدە يېزىلغانلىقى، سىرتتا يېزىلغانلىرىمۇ «قايتىپ كېتىش نىيىتى قەتئىي بولغان» ئەھۋالدا يېزىلغانلىقى ئۈچۈن ئەركىنلىك مۇھىتىدا بەدەننى تىكەنلەشتۈرۈۋېتىدىغان ئاشۇ ئاتالغۇلارنى توغرا چۈشۈنۈمىزغۇ دەپ ئىشىنىمەن. كىتابنىڭ ئىسمى ھەققىدە نېمە دېسەم بولار؟ بۇ مېنىڭ ئەقلىمۇ ئەمەس، ماقالىلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ ماۋزۇسى، شۇنداق بولسىمۇ بۇ ماۋزۇ پۈتۈن كىتابقا

ئۇيغۇن كېلەرمۇ؟ بۇ سوئال مېنى ئىككىلەندۈرۈپ خېلى ئۇزاق ئويلۇنۇپ قالدىم. ئاخىرىدا بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچىسى، ئاپتورنى يېزىشقا ئۈندىگەن ئەڭ ئاساسلىق ئامىل ئۇيغۇرلۇق ئەندىشىسى بولماي نېمە؟ دېگەنلەرنى كۆڭلۈمگە كەلتۈرگۈنۈمدە، بۇ ئىسمىنى تاللاشقا قەتئىي قارار قىلدىم. ئەگەر بۇ ئاپتورنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن چۈشمىسە ئۆزۈر تىلەيمەن.

كىتاپتىكى ئىملا ھەققىدىمۇ شۇنى دەپ قوياي: 50 يىلدا تۆرت قېتىم ئۆزگەرگەن بولسىمۇ ھالا «چېكى توختىمىغان» ئىملاغا ئەمەل قىلىشقا ئۆزەمنى زورلۇمۇدۇم. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ھەققىدىكى قائىدىنىڭ بېشىغىلا ئەمەل قىلىپ، قوشۇمچىسى («بەزى سۆزلەر بۇ قائىدىگە چۈشمەيدۇ»سى)غا ئەمەل قىلماي، ھەممە سۆزلەرنى ئاھاڭداشلىقى بويىچە ئېلىشقا تىرىشتىم؛ شۇنداقلا چەتئەل تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىمۇ تەلەپپۇز قولايلىقىمىز بويىچە، ئۆز تىلىمىزغا بويسۇندۇرۇلغان شەكلىدە ئېلىشىنى ئەۋزەل كۆردۈم (چۈنكى بۇ تەبىئىي قانۇنىيەت بولۇپ، چەتئەل سۆزلىرىنى ئەسلىگە سادىق ئالىمەن دەپمۇ ئالغىلى بولمايدۇ). يەنە باشقا چالا قالغان مەسىلىلەر ھەققىدە، چۈشۈپ قالغان موھىم ماقالىلار ھەققىدە كىتاپخانلار مېنى ۋاقىپلاندۇرسا ئۇلارغا ئاللاھتىن كاتتا ئەجىر تىلەيمەن.

# ئامېرىكىدىكى مۇساپىر ئۇيغۇرلار

# خاتىرەمدىكى ئامېرىكا

— «ئەزگۈچى جاھانگىر»دىن «ئەشەددىي دۈشمەن»گىچە

ساۋادىم يېڭى چىققان چاغلاردا گېزىتلەردىن «ئامېرىكا بىر قەغەز يولۋاس» دېگەن قۇرلارنى ئوقۇغۇنۇم ھېلىمۇ ئېسىمدە. بەلكىم «قەغەز يولۋاس» دېگەن ئوخشىتىش ماڭا كۈلكىلىك تۇيۇلۇپ كەتكەچ ئۇنتۇيالمىغاندىمەن. ئەمما ئۇ چاغدا ساۋادىم بولسىمۇ گېزىتلەرنى ئوقۇپ چۈشىنەلەلمەي ئىچىم پۇشاتتى. چۈنكى يېزىق پىنيىنگە تەقلىد قىلىنغان «ئۇيغۇرچە» بولسىمۇ، گەپلەرنىڭ يېرىمى دېگۈدەك خەنسۇچە بولغاچقا مەنىنى پەقەت ئۇققىلى بولمايتتى. (98-يىلى قەشقەرنىڭ مەلۇم بىر كەنتىدە تەرجىمان بولۇپ ئىشلەۋاتقان چېغىمدا دېھقانلارغا مۇقۇملۇق تەربىيەسى ئۈچۈن بىر ھەپتە گېزىت ئوقۇپ بەرگەنتىم، ئاغزىمدىن كۆپۈك قاينىتىپ شۇنچە ئوقۇسامىمۇ بىچارە دېھقانلار ئۇيغۇرچە شىنجاڭ گېزىتىدىكى گەپلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى چۈشەنمەپتۇ. يېزىقىمۇ تىلىمۇ ئۇيغۇرچە تۇرسا نېمىشقا چۈشەنمەيدىغاندۇ؟ بەلكىم مېنىڭ ئەينى چاغدا چۈشەنمىگەنلىكىم بىلەن دېھقانلارنىڭ چۈشەنمەسلىكى ئارىسىدا بىر باغلىنىش بولۇشى مۇمكىن.) شۇنداقتىمۇ شۇ گېزىتلەرنىڭ ئاۋازلىق نۇسقىسىدەكلا تۇيۇلىدىغان رادىيولاردىن جاراڭلاپ تۇرىدىغان «ئامېرىكا جاھانگىرلىكى»، «رەزىل كاپىتالىستىك تۈزۈم»، «قۇل قىلىنغان پورلىتارىيات سىنىپى» دېگەندەك گەپلەر ماڭا ئىنتايىن قەبىھ بىرسىنىڭ تىللىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇراتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «جاھانگىر» دېگەننى چۈشەنمەيتتىم، بۇ گەپ قۇلۇقۇمغا لاخشىگىر دېگەندەك ئاڭلىناتتى-دە، كۆز ئالدىمغا قىپقىزىل چوغ قىستۇرۇلغان كۆرۈمسىز بىر نەرسە كېلەتتى. رادىيو ۋە گېزىت ژۇرناللاردىن ئامېرىكا ھەققىدە سەبىي قەلبىمگە سىدۇرۇلگىنى ھەجۋىي «قەغەز يولۋاس»

ۋە ئىسكەتسىز «لاخشىگىر» بولدى. مەنچە بۇلار مېنىڭ قەلبىمدە شەكىللەنگەن ئامېرىكىنىڭ دەسلەپكى ئوبرازى بولۇشى مۇمكىن.

باشلانغۇچنىڭ بەشىنچى يىللىقىغا چىققان چېغىمىزدا دانىيە يازغۇچىسى ئاندىرسىننىڭ «سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق» دېگەن چۆچىكىنى ئوقۇدۇق. مەن شۇ چۆچەكتىكى قىزچاقنىڭ ھەر بىر تال سەرەڭگىنى ياققاندا سۈرگەن تەسىرلىك خىيالىنى ھازىرغىچە ئەسلىيەلەيمەن. ماڭا بۇ چۆچەكنىڭ تەسىرى «نۇزۇگۇم» داستانىنىڭ تەسىرىدىنمۇ بەكرەك رۇشەن بولغان دەپ جەزم قىلىمەن. شۇ چاغدا ئوقۇتقۇچىمىز قىزچاقنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى «رەھىمسىز، رەزىل كاپىتالىستىك تۈزۈم» كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ چۈشەندۈرگەندەك قىلغان. دەرستىن كېيىن مۇئەللىم تەسىرات يېزىپ كېلىشكە تاپشۇرغان بولسا كېرەك. بىر قار ياغقان سوغۇق كۈنى چىرايلىققىنە بىر قىز ساۋاقدېشىم «كاپىتالىستىك جەمىيەتتە نۇرغۇنلىغان سەبى باللار ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ» دەپ تەسىراتىنى ئوقۇغاندى. ماڭا شۇ چاغدا سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق خۇددى ھېلىقى قىز ساۋاقدېشىمدەك، رەزىل كاپىتالىستىك تۈزۈم شۇ قىزنىمۇ ئازاپلاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ بۇ تۈزۈمگە راستىنلا نەپرەتلەنگەنىدىم. ساۋاقدېشىمنىڭ «سەبىي» دېگەن سۆزنى تەلەپپۇز قىلىۋاتقاندىكى ناتىۋان تۇرىقى ھازىرغىچە سۈرەتتەك كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ئۇ چاغدا مەن «سەبىي» دېگەن سۆزنى چۈشەنمەيتتىم، لېكىن شۇندىن كېيىن ھەر قېتىم شۇ سۆزنى ئاڭلىسام ھېلىقى ساۋاقدېشىم سىياقىدىكى «سەرەڭگە ساتقۇچى قىز» كۆز ئالدىمغا كېلەتتى ۋە مېنى «رەھىمسىز كاپىتالىستىك تۈزۈم»گە تېخىمۇ ئۆچ قىلاتتى. مەنچە بۇ ئامېرىكىنىڭ قەلبىمدىكى سەلبىي ئوبرازىنى كونكرېت مەزمۇن بىلەن «بېيىتقان» يەنە بىر ئامىل ھېسابلانسا كېرەك.

تولۇقسىز ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ سەلبىي ئوبرازى جۇغراپىيە، تارىخ، سىياسەت، ئەدەبىيات دەرسلىرى ئارقىلىق تېخىمۇ بېيىپ باردى. مۇئەللىملەر بۇ دەرسلەردە پاجىئەلەرنىڭ مەنبەسىنى «رەزىل

كاپىتالىستىك تۈزۈم»گە دۇگەپ ھارمىدى، ھېلىقى چىرايلىق ساۋاقدىشىم ۋە ماڭا ئوخشاش قۇلىقى يۇمشاق، كىتاپخۇمار ئوقۇغۇچىلار تەسىرات ماقالىسىنى يۈز نومۇرغا لايىق يېزىش ئۈچۈن كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ بىگۇناھ قۇربانلىرىغا ھېسداشلىق قىلىپ، كاپىتالىستلارنى تىللاۋەردۇق. ھەتتا بىر ئوقۇتقۇچۇمنىڭ رۇس سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات بايراقدارى گوركىينىڭ كاپىتالىستىك تۈزۈمدە تارتقان ئازاپلىرى ھەققىدە بىر رەسىملىك ئوچۇق دەرس ئۆتكەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە. رەسىمدە كاپىتالىستلار تولىمۇ قورقۇنچلۇق سىزىلغان بولغاچقا خېلى بىر كۈنلەرگىچە چۆشەپ چىققانىدىم.

تولۇقسىز ئۈچىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا كىتاپلارغا چوكۇپلا كەتكەنىدىم. شۇ چاغدا ئۇيغۇرچە چىققان كىتاپلارنى تولۇق ئوقۇپ ئۈلگۈرەتتىم. ئەلۋەتتە، چەتئەل ئەدەبىياتىغا دائىر كىتاپلارنىڭ كۆپىنچىسى رۇس ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئەسەرلەر ئىدى. كىتاپلارغا قارىغاندا ماڭا «دۇنيا ئەدەبىياتى»، «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «شىنجاڭ ياشلىرى» دېگەن ژورناللار بەكرەك يارايتتى. «دۇنيا ئەدەبىياتى»غا سوۋېت-رۇس ۋە سوتسىيالىستىك شەرقى ياۋروپا يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى كۆپ بېسىلاتتى. شۇ سەۋەپتىن مېنىڭ بەكمۇ روسچە ئۆگەنگۈم كەلگەن ئەمما ماتېرىيال تاپالمىغانىدىم. ژورناللاردا ئاندا ساندا ياپونىيە ۋە غەرپ ئەدىپلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بېرىلسىمۇ بەزىلىرىگە «رەزىل كاپىتالىستىك جەمىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرى قامچىلانغان» دېگەندەك تەھرىر ئىلاۋىلىرى قوشۇلۇپ تۇراتتى. شۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە كىتاپنى كۆپ ئوقۇيدىغان بىر قىز ساۋاقدىشىم پاراڭ ئارىلىقىدا «سىنىپىمىز ئامېرىكىغا ئوخشاپ قاپتۇ» دېگەنىدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن بۇ ئامېرىكىغا ئوخشاپ قالغان «زۇلمەتلىك» سىنىپىمىزنىڭ «رەزىللىك»لەر بىلەن تولغان «قاراڭغۇ» رېياللىقىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن «بىخ» نامىدا بىر گېزىت چىقارغانىدۇق. ھازىر پەرەز قىلىپ باقسام، تولۇقسىز ئۈچىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم كاپىتالىزىمنىڭ «رەزىللىك» مەنبەسىنى تونۇپ يېتىش باسقۇچىدىن ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش باسقۇچىغا ھالقىغان دەۋرىم بولغانىكەن.

89-يىلى بېيجىڭدا ئوقۇغۇچىلار ۋەقەسى بولدى، تەشۋىقاتتا ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرپنىڭ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» سۇيىقەستى راسا

تەنقىدلەندى. بۇلار مېنىڭ ئامېرىكا قاتارلىق رەزىللىك كۈچلىرىگە بولغان غەزىپىمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئىنساندا بىر قۇتۇپقا نەپرەت قوزغالسا قارشى قۇتۇپقا مۇھەببەت ئويغىنىدىكەن. 91-يىلى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى يىمىرىلدى. شۇ چاغدا خاتىرەمگە «ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا سوتسىيالىزىم ئۈچۈن ئۆلگەن ئالتە مىليون ئىنساننىڭ قانلىرى بىكارغا كەتتىمۇ» دەپ يازغانىدىم. مەن گوركىي ۋە نىكولاي ئوستروۋىسكىي قاتارلىقلارنىڭ كىتابلىرىدىن «ھەقىقىي ئىنسانلىق كوممۇنىستلىقتۇر» دېگەن چۈشەنچىگە كەلگەنىدىم. يەنە «ئوغلۇمغا يېزىلغان خەتلەر» دەپ بىر كىتاب بولۇدۇغان شۇ كىتابمۇ مېنىڭ كوممۇنىستلىق ھىسسىياتىمنى قۇۋۋەتلىگەن ئىدى. دېمەك مەندىكى كاپىتالىزىمغا قارشى ئويغانغان نەپرەت مېنى سوتسىيالىزىمنى سۆيىدىغان قىلىپ قويغانىدى. تولۇق ئوتتۇردىكى ھاياتىم ساۋاقداشلىرىم بىلەن «خۇدا يوق» دەپ تالاش- تارتىش قىلىش بىلەن ئۆتتى. تولۇق ئوتتۇرا خىمىيىسى بىلەن بىئولوگىيىسىنىڭ «خۇدا يوق»نى ئىسپاتلاشقا يارايدىغان قىسمىنىڭ تىرىشىپ ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكى مېنى كۈچلۈك ئاساس بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى. «خۇدا بار» دەيدىغان ساۋاقداشلىرىم ماڭا مۇشت كۆتۈرۈپ ۋارقىرايتتى-يۇ، ئىسپات كۆرسىتەلمەيتتى، چۈنكى ئۇلار خۇدانىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەردىن بىخەۋەر ئىدى. (تۆۋا دەيمەن، شۇ چاغدا «خۇدا يوق» دېگىنىم ئۈچۈن ئۇرۇشقا تەمشەلگەن ساۋاقداشلىرىم مىڭ نەچچە يۈز يىللىق ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزى قەشقەردە ھاراققا چۆپقەت بولۇپ ياشاۋاتىدۇ، مەن نەچچە مىڭ يىللىق ھاراق ئەئەنىسىگە ئىگە ئىچكىرىدە شۇنداق ھاراملاردىن يىراق ياشىدىم.)

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سىياسەت ۋە تارىخ دەرسلىكىدىكى بىر قىسىم سۇرەتلەر ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا. بىر رەسىمدە ئاغزىغا پاتمىغۇدەك بىر ئۈچۈم تاماكىنى چېكىۋاتقان بىر ئاق تەنلىك ئامېرىكىلىقنىڭ ئوبرازى بېرىلىپ «كاپىتالىستىك تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۈمىدسىزلىك» دەپ چۈشەنچە بېرىلگەنىدى. باشقا بىر رەسىمدە «كاپىتالىستىك ئىقتىسادى كرىزىس

تـۆپەيلى ئامېرىكـــدا سـۆتلەر دىڭىزغـا تۆكـۈۋېتىلمەكتە» دەپ يېزىلغـــان، يەنە بىرســـگە «ئـاق تەنلـــك مۇســـتەملىكچىلەر تەرپـــدىن يەرلـــرى تاتىۋېلىنغـــان ئىنـديانلارنىڭ قـان ياشـلىق سـەپىرى» دەپ تېمـا قويۇلغانـدى. قىزىـق يېـرى تولۇقسىز ئوتتۇردا تـارىخ، سىياسـەت، ئەدەبىيـات قاتـارلىق ئىـدولوگىيە پەنلـرى مېنى ئامېرىكىغا ئۈچ قىلغـان بولسـا تولـۇق ئوتتۇرىـدا بۇلارغا تەبئىـي پەنلەرمۇ دەســـتەك بولـۇپ مېنــى ئـاتېئىزىمچىلىق ۋە كوممۇنىســـتلىق مـۇھەببىتىگە مـــوپتىلا قىلغانـــدى. شـــۇ چاغـــدىكى ئويۇمـــدا سوتســـيالىزىم ئامېرىكـــا باشچىلىقىدىكى رەزىللىك ۋاباسىنى داۋالايدىغان دورا ئىدى.

92-يىلـدىكى دىـڭ شـياۋپىڭنىڭ جەنـۇپ زىيـارىتى نـۇتىقى، كومپـارتىيە يولغا قويغان بازار ئىگىلىكـى تـۈزىمى ۋە مەن بېيجىڭـدا كـۆرگەن خەنسـۇلاردىكى ئامېرىكا مەستانىلىقى مېنى بىر مەزگىـل گاڭگىرىتىـپ قويـدى. بىـز قەشـقەردە ئوقـۇدۇق دەپ ئىـــدولوگىيە كۆرشـــىنىڭ نامســـىز قۇربانلىرىغـــا ئـايلىنىپتۇق. مىللەتـــلەر ئىتتىپـــاقلىقى، ۋەتەنپەرۋەرلـــك ۋە تـۈرلـــۈك ماركســـىزىملىق قاراشــلارنى بىــزلا ئۆگۈنـۈپتىمىز. جوڭگونىـــڭ باشــقا ئۆلكىلىرىـدىن كەلــگەن ساۋاقداشـــلىرىمنىڭ كۆپىنچىســـى بىـــزگە يـــادا بولـــۇپ كەتـــكەن بەن چـــاۋ، جـاڭچيەن، لىيۇجىنتـاڭ دېگەنـدەك جوڭگونىـــڭ بىـرلىكىگە تـوھپە قوشـقان ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ ئىسـمىنىمۇ بىلمەيـدىكەن. شـۇ چاغـدا مەن بىزنىـڭ تـارىخ، سىياســـەت، جـۇغراپىيە قاتـــارلىق ئىـــدىيە ســـىڭدۈرىدىغان دەرســـلىكلەرنىڭ مەملىـكەت بـويىچە ئورتـاق ئىكەنلىكىـگە شـەكلەنگەنىدىم. ئىسـلام دۇنياسـىدا ئىككىنچـى بۇخـارا (ئىمـام بـۇ خـارى سـەۋەبلىك بۇخـارا مۇسـۇلمانلار ئـالىمىگە مەشـهۇر، مەهمـۇد قەشـقەرى سـەۋەبلىك قەشـقەر تـۈرك دۇنياسـىدا شـۆهرەتلىك) دەپ نـــام ئالغـــان قەشـــقەردە، ئۇيغـــۇر تىلـــدىكى مائارىپتـــا مەن تولـــۇق كومـمـۇنىزىمچى بولـۇپ يېتىشـىپ چىققانـىدىم، ۋاهـالەنكى، قىزىـل پايتەخـت بېيجىڭـدا ئالغـان خەنسـۇچە مائارىـپ مېنـى بـۇ ئىددىيىـدىن گۇمانلانـدۇردى. تېخـى ئـۈچ يىـل بـۇرۇن شـۇنچە قالايمىقانچىلىققا شـاھىد بولغـان بېيجىڭلىـق تاكسىچىلار خـۇددى ھـېچ قانـداق سياسـي ئۆگۈنـۈش قىلـىپ ئىددىيىسـىنى توغرىلىمىغانـدەك سـىزگە دېمـوكراتىيەدىن دەرس ئـۆتەتتى. بىـــز قەشـــقەردە بىسـرەمجان بولـۇپ كەتـكەن «غەرپنىـڭ سـىڭىپ كىرىشـى» گە بېيجىڭلىقلار شـۇنچە بىـپەرۋا ئىـدى. بېيجىڭـدىكى بىرىنچـى يىلـىم قەشـقەردە ئاڭلاشـتىنىمۇ

قورقىدىغان «ئەكسىيەتچى» ئىدىيەلەرنى، كوچىدا ئاشكارە سېتىلىۋاتقان كىتاپلاردىن ئوقۇش، دەرسخانىلاردا ئاڭلاش بىلەن ئۆتتى. ئۇيغۇر دىيارىدا ئىدىيەگە دائىر ماركسىزىمدىن باشقا كىتاپنىڭ بولماسلىقى، چەتئەل ئەدەبىياتىغا ئائىت سوۋېت سوتسىيالىستىك رىيالىزىمغا مەنسۇپ ئەسەردىن باشقىلارنىڭ ئازلىقى، بىزنى ئىددىيىدە بەكلا چۈشەپ قويغان ئىدى. بىز توغرىسىنى ئېيتقاندا شىڭشىسەي سوۋېت بىلەن دوست بولغان 1930-يىللاردىن بۇيان ئەدەبىيات، مۇزىكا، ئۇسسۇل، كىيىم كېچەك، مائارىپ قاتارلىق تەرەپلەردە رۇس كوممۇنىستلىرىغا ئەگىشىپ ياشاپ كەپتىمىز. 1930-يىللاردىن بۇيان ئەنگلىيە كونسۇلى بىلەن شۋېت كونسۇلى ئىدولوگىيە رىقابىتىدە رۇسلارغا ئىزچىل ئۇتتۇرۇپ كەلگەن ۋە ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ قەشقەردىن قوغلانغان. ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ ئايالى ماكارتنى خانىم قەشقەرنى زامانىۋى دۇنيادىكى مەھبۇسقا ئوخشاتقانىكەن. ئۇنىڭ يېزىشىچە قەشقەر روسچە كوممۇنىستىك ئىدولوگىيەنىڭ تۈرمىسىگە قامالغان. بېيجىڭ دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ شەھەر ھەتتا 1950-يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر خىل ئىدىيەلەرگە قۇچاق ئاچقان. ئىسلاھاتتىن كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە بېيجىڭنىڭ ئىددىيىدە شۇنچە ئاسان ئازات بولالىشىدىكى ھالقىلىق سەۋەپ، قەشقەردەك ئىدولوگىيە تۈرمىسىگە مۇددەتسىز مەھكۇم بولمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. شۇ ۋاقىتلاردا بېيجىڭدىكى مەكتەپلەردە قايىنىغان «زامانىۋىيلىشىش غەرپلىشىشمۇ»، «دېموكراتىيە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلامدۇ، پاراۋانلىقنىمۇ؟»، « فېدراتسىيە تۈزۈمى كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەرنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشىمۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش مۇنازىرىلەرنىڭ مەندە قالدۇرغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغانىدى. شۇ چاغدا دىنشۇناسلىق فاكۇلتېتىدىكى بىر پروفېسسور لېكسىيەسىدە «جوڭگولۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى دېموكراتىك تۈزۈمدىكى تەيۋەندە ئەڭ ياخشى ۋارىسلىق قىلىنماقتا» دېگەن ئىدى. مەن شۇ چاغدا «مۇئەللىم، سىز جوڭگولۇقلار دېگەندە خەنسۇلارنىلا

كۆزدە تۇتۇۋاتامسىز؟» دېسەم، قىلچە ئويلانماستىن «ئەلۋەتتە» دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى. شۇندىن كېيىن مەن دۇنياغا باشقىچە قارايدىغان بولدۇم، نەزىرىمدىكى دۇنيادا كاپىتالىزىمۇ، سوتسىيالىزىمۇ يوق، پەقەت ئىنسانلارلا بار ئىدى. مەزكۇر دۇنيادا تۈزۈمنىڭ ۋەزىپىسى ئىنسانلار ئارىسىدىكى ھەققانىيەتنى، ئادىل رىقابەتنى قوغداش، ئىنساننىڭ ئىجادچانلىقىنى ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە رىغبەتلەندۈرۈش، ئىنساننىڭ ئويلاش، سۆزلەش، تەشكىللىنىش ئەركىنلىكىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش ئىدى. بۇ يەردە ئىنسان سۆزى، ئىددىيىسى سەۋەبلىك جازالانمايتتى. ئۇشبۇ يېڭى دۇنيانىڭ ئاساسى قانۇنى ئىنسانلارنىڭ ئورتاق رازىلقى بىلەن ماقۇللانغان بولۇپ ئۇ ئىنساننىڭ ياراتقۇچى ئاتا قىلغان مۇقەددەس ھوقۇقىنى شەرتسىز قوغدىشى كېرەك ئىدى. ئۇ يەردە بىلىم مەلۇم ئىدولوگىيەنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئۆگىتىلمەي ئىنسان ھاياتىدا لازىم بولۇدۇغانلىقى ئۈچۈن ئۆگىتىلەتتى. ئۇ يەردە بىلىم مەلۇم تۈزۈمنى پەدەزلەش قورالى ئەمەس بەلكى ئىنساننىڭ دۇنيانى، كىشىلەرنى ۋە ئۆزىنى چۈشۈنۈشىنىڭ قورالى ئىدى. كىشىلەر شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىنتىلەتتى. شۇ چاغدا ئىككى ئىش ماڭا تەسىر قىلدى، بىرى ئۈرۈمچىدە بىلىم ئاشۇرىۋاتقان ئاكام ئىنگلىزچە ئۆگىنىشىمنى تەۋسىيە قىلىپ ياردەمگە خېلى جىق پۇل ئەۋەتتى، يەنە بىرى مەكتىپىمىزنىڭ قېشىدىكى ئۇيغۇر ئاشخانىسىدا كۆل تارتىدىغان بىر خەنسۇ بالا تولۇق مۇكاپات بىلەن ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كەتتى. يىللاپ كۆل تارتىپ تاپقان پۇلىنى ئىنگلىزچە ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىپ تەلپۈنگەندەك ئامېرىكا قانداق يەر؟ نېمىشقا ئامېرىكا مەكتەپلىرى باشقىلارنى ئوقۇش پۇلى ئالمىغاننىڭ ئۈستىگە تۇرمۇش پۇللىرىدىن تارتىپ بېرىپ قوبۇل قىلىدۇ؟ مۇشۇ نېمىشقىلارنىڭ جاۋابىنى تېپىش ئۈچۈن ئاكام ئەۋەتكەن پۇلنىڭ ياردىمىدە ئېنگىلىزچە ئۆگىنىشكە باشلىدىم.

شۇندىن كېيىن مېنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان ئىلىم ئىزدەش مۇساپەم باشلاندى، مەن ئۇچراتقان ساختا ئىلىمنىڭ زۇلمى، زالىم ئىلىمپۇرۇچلارنىڭ دەرس دەپ ئاتالغان مۇستەملىكىچىلىكى، مېنىڭ ئامېرىكىدا ئوقۇشقا بولغان ئىرادەمنى ھەسسىلەپ كۈچەيتتىكى توختاتمىدى. بەزىدە ئويلاپ قالاتتىم، بىر ئادەمنىڭ كاللىسىنى ۋاقتى كەلگەندە بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان قۇرۇق

گەپلەر بىلەن تولدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟ نىمىشقا مەن ئالغان ئون بىر يىللىق مائارىپ مېنى كوممۇنىست قىلىشقىلا ياردى-يۇ جان بېقىشقا يارىمىدى؟ مېنى ئامېرىكىغا، ئۇنىڭ كاپىتالىزىم تۈزىمىگە ئۆچ قىلغان مائارىپ نېمىگە ئېرىشتى؟ مەن نېمە ئۈچۈن كۆرۈپمۇ باقمىغان دۆلەتكە، ياشاپمۇ باقمىغان تۈزۈمگە نەپرەتلەندىم؟

يېقىندا ئاڭلىشىمچە مېنىڭ تولۇقتىكى بىر ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچۇم ئانامغا «ئامېرىكا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى» دەپتۇ. مەن ئامېرىكىدا بولغاچقا بۇ گەپ ئىخلاسمەن ئانامنىڭ كۆڭلىگە كەلگەن بولغاي ماڭا، «بالام سەن مەكتەپتە مەسجىد بار، مۇسۇلمان ئوقۇغۇچى ۋە مۇئەللىملەر ئىبادەت قىلىدۇ دەيسەن، ئىسلام تەرغىباتچىلىرى، ئىسلام ئىنىستىتۇتلىرى بار دەيسەن، ئىسلام دىنى دەرس قىلىپ ئۆتۈلىدۇ دەيسەن، ئوقۇغۇچىلار چۈمبەل ئارتىسىمۇ، ساقال قويسىمۇ چەكلىمەيدۇ دەيسەن، خانىمىڭنىڭ نېمە دېگىنىدۇ بۇ؟» بۇنىڭغا نېمە دەي؟ ئۇلارغا ئىراقتا ئافغانىستانغا ئۇرۇش ئاچقان بوش ھۆكۈمىتى، ئامېرىكا دۆلىتى ياكى خەلقى ئەمەس، بۇ يەردە ھۆكۈمەت بىلەن دۆلەت ئىككى ئۇقۇم دەپ چۈشەندۈرەلەمدىم؟ ياق. ئۇچۇر مەنبەسى سۈنئىي قامال قىلىنغان جەمىيەتتە كىشىلەر بىر بولسا دۇنيا يېڭىلىقلىرىغا قىزىقماي ياكى قىزىقىشتىن قورقۇپ بىخەۋەر قالىدۇ، يەنە بىر بولسا ئۇلارنىڭ قىزىقىشى ئەسەبىي تۈس ئېلىپ كاللىسى تەرەپباز ئۇچۇرلار بىلەن لىقلىنىدۇ، ئۈچىنچى بىر ئېھتىمالدا دۇنيانى ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتكە، موھىتقا ئوخشۇتۇپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. مەيلى قانداق تەسەۋۋۇر قىلسۇن ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسى بۇرمىلانغان بولىدۇ. ئۆتكەندە بىر مەشھۇر ئۇيغۇر يازغۇچى بەرقى مۇنبىرىدە دېموكراتىيەنى ئامېرىكىچە دېموكراتىيە، ئافرىقىچە دېموكراتىيە، ئاسىياچە دېموكراتىيە دەپ ئايرىپ يۈرمىدىمۇ! جوڭگوچە سوتسىيالىزىمدا ياشاۋاتقان ئادەمگە دېموكراتىيەمۇ شۇنداق تۇيۇلماي قالامدۇ؟ ھۆكۈمەت بىلەن دۆلەت ھېچ قاچان ئايرىلىپ، ئالمىشىپ باقمىغان بىر ئەلدە كىشىلەر دۆلەت بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىپ بولالامدۇ؟

ئانامغا باشقا جاۋاپ بېرىشتىن ئۆزەمنى قاچۇرۇپ گەپنى يۆتكىۋەتتىم. ئەمما بۇ گەپ ماڭا ئۇزاققىچە تەسىر قىلدى. ئەمەلىيەتتە ئوقۇتقۇچۇم پاكىستان ياكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق كەلگەن بۇرمىلانغان چۈشەنچىنى تارقىتىۋاتاتتى. مۇئەللىملەرنىڭ ھالى شۇ تۇرسا، جىيەنلىرىمنىڭ بىر-بىرىنى «خۇدايىم بۇيرىسا دەپ دېنىي گەپ قىلما، خانىمغا دەپ قويسام جاجاڭنى يەيسەن» دەپ تەھدىت سېلىشلىرىنى توغرا چۈشەنمەي قانداق قىلاي! ماڭا بۇرمىلانغان چۈشەنچە ۋە تەرەپباز ئىدولوگىيەلەرگە مەھكۇم بولغان، مېنى كوممۇنىست قىلىپ تەربىيەلىگەن قەشقەر بۇرۇنقىدىن ئۆزگەرمىگەندەك تۇيۇلدى. قەشقەردىكى بىردىنبىر ئالى مەكتەپ پەقەت ئىككىلا كەسىپتىن ماگىستىر ئاسپىرانت (تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى) قوبۇل قىلىدىكەن. بىرى ئەدەبىيات يەنە بىرى ماركسىزم. ئەمەلىيەتتە ئىككىلىسى ئىدولوگىيە نوقتىسىدىن بىر مەركەزگە بېقىنىدۇ. مائارىپ يەنىلا «ئاساسىي خەۋپ»، «ئەشەددىي دۈشمەن» دېگەندەك ئىدولوگىيىلىك تۈۋرۈككە باغلانغان. ئوقۇتقۇچۇمنىڭ بۈگۈن «ئامېرىكىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى» دېگىنى بىلەن باشقا ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ ماڭا يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇن «ئامېرىكا ئېزىلگۈچى خەلقلەرنىڭ دۈشمىنى» دەپ ئۆگەتكەنلىرى ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق يوق ئىدى. دېمەك بۈگۈنمۇ بىر خىيالىي دۈشمەن كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرۈلمەكتە، بىر مەۋھۇم قورقۇنچ رىياللىقنى پەدەزلىمەكتە ئىدى. ئامېرىكىنى سەۋەبسىز دۈشمەن دەۋاتقانلار قۇربانلىق بولماقتا، مەقسەتلىك دۈشمەن دېگۈزىۋاتقانلار يانچۇقلىرىنى توملاپ باللىرىنى، پۇللىرىنى يوشۇرۇنچە ئامېرىكىغا يولغا سالماقتا ئىدى. كىشىلەرنىڭ بوش مېڭىلىرىگە كۆرۈنمەس قەلەملەردە سىخمىلارنى سىزماقتا ئىدى. چۈنكى بېكىك جەمىيەت، بۇرۇختۇم موھىت ھەرقاچان تەرەپباز ئۇچۇر، بۇرمىلانغان ئىددىيە ۋە ئاساسسىز چۈشەنچىلەرنىڭ ۋە ئۇنى تارقاتقۇچىلارنىڭ خېرىدارلىق بازىرى ئىدى.

مەن كۆرگەن مائارىپ خاتىرەمگە «ئامېرىكا ئېزىلگۈچىلەرنىڭ دۈشمىنى» دەپ يېزىپ قويغان ئىدى. بۈگۈنكى سەبىلەرنىڭ خاتىرىسىگە بۇنىڭ «ئامېرىكا مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنى» دېگەن يېڭى بىر نۇسقىسى قوشۇپ يېزىلماقتا. مەنچە ئالدىنقىسى مەلۇم كىشىلەرنى مەلۇم مەزگىل دۈشمەنلىك كەيپىياتىغا گىرىپتار قىلسا، كېيىنكىسى بىر مىللەتنى ئۇزاققىچە

دۇشمەنلىك تۇيغۇسىغا مەھكۇم قىلىدۇ. مەن  بىلىم، سۆيگۈ ۋە قەيسەرلىككە تەشنا قەلبلەرگە دۇشمەنلىك ئۇرۇقلىرىنى تېرىۋاتقانلارغا نەپرەتلىنىمەن.

# ئىزدىنىش سەپىرى

ئامېرىكىدا ئوقۇشنى نىيەت قىلىپ باشلىغان ئىنگلىزچەم بىر مەزگىللىك قىزغىنلىقتىن كېيىن توختاپ قالدى. ماڭا تىل ئۆگىنىش تولىمۇ تەس كېلىۋاتاتتى. ئىنگلىزچە بىر سۆز ئۆگەنسەم كاللامدا شۇ سۆزگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئۇيغۇرچە ئۇچۇرلار بايرام قىلاتتى. تىل ئۆگىنىش ئادەتتە قۇرۇق يادلاش ۋە دوراش جەريانى بولغاچقا مېنىڭ ئويچان تەبئىتىم بىلەن ھېچ سىغىشالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بېيجىڭدەك يات شەھەردە ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان « سەن كىم؟»، «ئۇيغۇر قانداق خەلق ئىدى، بۈگۈنى قانداق، ئەتىسىچۇ؟، ئۇيغۇرنىڭ تۇپراقلىرى قەيەردە ئىدى، قەيەردە بولار؟» دېگەندەك يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە سوئاللار، مەقسەتلىك ۋە مەقسەتسىز قىزىقىشلار مېنى كىتاپلار ۋە تەگسىز خىياللارغا غەرق قىلاتتى. بەزىدە پۈرۈشكەن ئاغىزلار، ئالايغان كۆزلەر، نەپرەتلىك سۆزلەردىن تېمىۋاتقان «يانچۇقچى، ئوغرى، مەينەت كاۋاپچى، مەرىپەتسىز ياۋايى، نومۇسسىز كەلگۈندى» دېگەندەك مەنىدىكى زەھەرلەر مېنى چەكسىز، ئازاپلىق سوئاللارغا چۆمدۈرگەن ئىدى. بەزىدە بەكلا گەۋدىلىك ئۇيغۇرغا خاس چىرايىمدىن بىزار بولغانلىقىمنىمۇ يوشۇرمايمەن. ھەتتا ئاپتوبۇسقا چىققاندا «مۇشۇ خەق ئوغرى دەپ قالمىسۇن» دېگەن ئەندىشىدە يوغان خەنسۇچە كىتاپ كۆتۈرۈۋالاتتىم ھەم ئىككى قولۇمنى تۈتقۇچتىن ئالمايتتىم. (كېيىن بۇ ئادەتنىڭ مەندىلا ئەمەس ئىچكىرىدە ئوقۇغان 90-يىللاردىكى خېلى كۆپ دوستلاردا مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى بايقىدىم.) مۇشۇنداق سوئاللار ۋە مۇئامىلىلەر ماڭا ھاياتىم ۋە ئىستىقبالىمنىڭ ئۆزۈم مەنسۇپ بولغان خەلق بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھىس قىلدۇرۇپ تۇراتتى.

مەن ئالى مەكتەپكە تەييارلىق قىلىۋاتقاندا ئۇنۋېرسىتېتتا ئوقۇش مەقسەد ئەمەس بىر ۋاستە دەپ ئويلايتتىم. ئالىم مەكتەپكە قاراپ سەپەرگە چىققاندا بىر ساۋاقدىشىم «ئۈچ يىللىق مەكتەپتە ئوقۇپلا خىزمەتكە چىقىدىغان ئىشنى

قىلغۇم بارتى، بەش يىللىق مەكتەپكەن» دەپ ئاغرىنىپ بەرگەندە تاڭ قالغانتىم. بېيجىڭغا كەلگەندە ئەلا ئوقۇپ يۇرتۇمدا ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن ئاقارتىشقا قاتنىشىمەن، دەپ ئويلايتتىم. ئەمما مېنىڭ ئون بىر يىل بىلىم دەپ ئۆگەنگەنلىرىمنىڭ پەقەتلا بىر ئىدولوگىيە ئۈچۈن بولغانلىقىنى بايقىغىنىمدا قارارىمدىن شۈبھىلەندىم. ئالى مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نەچچە يىل ئىلگىرى تەييارلىۋالغان كۆنسىپىكلىرىنى يادلىتىشلىرى، شۇنچە يۇقۇرى نومۇر بىلەن كەلگەن ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ نىمە ئوقۇۋاتقىنىدىن ئەمەس پەقەت بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقىنىدىنلا پەخىرلىنىشى مېنى ئويغا سالاتتى. بىر قىسىم ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ بېيجىڭدا ئۇيغۇر ھەققىدە بەزىدە ئاڭلىق بەزىدە ئاڭسىز نۇرغۇن خاتا ئۇچۇرلارنى تارقىتىپ يۈرىشى ماڭا مۇشۇنداق بوغۇنلارنى ئۆز يۇرتىدىلا تەربىيەلەشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ھىس قىلدۇرغان ئىدى. بىر ئىش پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بىر كۈنى مەركىزىي مالىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدىغان بىر ئۈرۈمچىلىك خەنسۇ بالا مەكتىپىدە تاياق يەپ بىزنىڭ خوشنا ياتاققا ياردەم سوراپ كەپتۇ. بىزنىڭ «قەھرىمان» باللار توپلۇشۇپ بىرىپ شۇ نانقىپىغا بولۇشۇپ باشقىلارنى ئۇرۇپ سوقۇپ كەلدى، ۋە پايدىسىغا ھاراق ئىچىشتى. شەرقى شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنى تۈگەتكەن بىر يۇرتدىشىمنىڭ دەپ بېرىشىچە مەكتىپىدە كىم «ئۇيغۇردىن دوستۇم بار» دىسە باشقىلار چېقىلالماسمىش. بىرىنجى يىلى يازلىق تەتىلدە يۇرتقا قايتقىنىمدا بىر سورۇندا مەن ئوقۇغان مەكتەپنى بېيجىڭلىقلارنىڭ « ئىككىنجى ھايۋاناتلار باغچىسى» دەيدىغانلىقى ھەققىدە پاراڭ بولدى. مەن بۇ گەپنى قىلغان بېيجىڭلىقلاردىنلا ئەمەس شۇ گەپنى ھېجىيىپ تۇرۇپ، ھىچ خورلۇق ھىس قىلماستىن شۇلارنى دوراپ دەۋاتقان قېرىنداشلىرىمدىن نەپرەتلەندىم. نەزەر خوجا ئۇيغۇر بالىسى 1913- يىلدىكى بىر خاتىرىسىدە «خەلقىمىزنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنى چەنتۇ دەپ ئاتاشتىن ئۇيالمايدۇ» دىگەنىكەن. خىيالىمدا توقسان نەچچە يىل بۇرۇنقى ئۆزىنى خەق قويغان ھاقارەتلىك نام بىلەن

ئاتاشتىن ئۇيالمىغان ئۇيغۇر بىلەن ئۆز قېرىنداشلىرى ئوقۇۋاتقان مەكتەپنى «ھايۋاناتلار باغچىسى»غا ئوخشۇتۇپ كالچاراۋاتقان بوگۇنكى ئۇيغۇر ئۇپمۇ ئوخشاش تۇراتتى. ئەڭ ھەيران قالارلىقى ئۇيغۇر بالىسى تەسۋىرلىگەن ئۇيغۇر تەربىيەسىز قالغانلىقتىن شۇنداق دېگەن بولسا بوگۇنكى ئۇيغۇر ئالى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان تۇرۇپ شۇ گەپنى دەۋاتاتتى. بەزىدە بىر قىسىم ساۋاقداشلىرىم «ئۇيغۇرلار مەرىپەتسىز، قالاق» دېسە ھاراق ئىچىپ مۇش كۆتۈرەتتىيۇ، قالاق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگىدەك تارىخىي بىلىمدىن ساۋاتسىز ئىدى. بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن پىداكار مۇئەللىملەرنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە رىغبىتى بىلەن « ئۇيغۇرشۇناسلىق ئەنجۇمەنى» ئىسىملىك بىر ئىلمىي مۇنبەرنى ئۇيۇشتۇرغان ئىدۇق. ئىككى ھەپتىدە بىر چاقىرىلىدىغان ئەنجۇمەن شۇنداق قىزغىن داۋاملاشقان بولۇپ ھەر قېتىمقى لېكسىيەدە سىنىپقا باللار پاتماي قالاتتى. بۇندىن باشقا ھەر يىللىق نورۇزنى كۈتىۋېلىش مۇراسىمى ۋە 1995-يىلغىچە داۋام قىلغان «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» تەنھەركەت مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر ستۇدېنتلار ئارىسىدا مىللەتنىڭ، ۋەتەننىڭ، ئىستىقبالنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە تەپەككۇر ئويغانغانىدى. ئۆز ساھەلىرىدە ئۇتۇق قازانغان دوكتور، مۇتەخەسىسلەردىن ئىلھام توختى، زەپەر ئابلىز، كۆرەش ئىبراھىم، راھىلە داۋۇت، ئەسئەت سۇلايمان، ئابدۇرەئوپ پولات، لېتىپ توختى، مەترېھىم سايىت قاتارلىقلارنىڭ ھايات ۋە مۇۋەپپەقىيەت ھەققىدە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى نەتىجىسىدە ساۋاقداشلىرىمىزدا قانداق ئۆگىنىش، قانداق ياشاش ۋە قانداق چېنىقىشنى بىلىش ھەققىدىكى چۈشەنچە ۋە تەجرىبىلەر تارقىتىلغان ئىدى. مەن شۇ چاغدا ئاتوم پىزىكىسى ئالىمى كۆرەش ئىبراھىمغا ئەگىشىپ ئاپتوبۇس بېكىتىگىچە ئۇزۇتۇپ چىققان نەچچە يۈز ئوقۇغۇچىنىڭ كەيپىياتىدىن ئۇلگىنىڭ چوقۇم كۆز ئالدىمىزدىكى كىشىلەردىن، ئۆزىمىزدىن چىقىشىنىڭ نەقەدەر موھىملىقىنى ھېس قىلغانىدىم.

مىجەزىم شۇ بولسا كېرەك، بىر نەرسىنى ئۆزەم بىلەر بىلمەي باشقىلارغا دەپ بېرىشكە، ئۆگىتىپ قويۇشقا ئالدىرايتتىم. نەتىجىدە چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشكە ۋاقىت يېتىشتۈرەلمەيتتىم. بەلكىم بۇ ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان پىسخىك ئېھتىياج ــ ھۆرمەتلىنىش ئېھتىياجى سەۋەبىدىن بولۇشى مۇمكىن. ۋەياكى

مېنىڭ بىر ئاكام دېگەندەك ياخشىلىق قىلىش پېشانەمگە يېزىلغاندۇ. بەزەن شۇ چاغدا قۇرۇق ئاۋارە بولغاندەك ئويلاپ قالىمەن. ئىچكىرىدىكى ئۇيغۇر ستۇدېنتلارنىڭ مەسىلىسىنى يېلتىزىدىن ھەل قىلغىلى بولمايدىكەن. مەسىلە قانداقتۇر شۇ چاغدا مەن ئېقىمغا ئەگىشىپ قاقشىغاندەك مىللىتىمىزنىڭ «ئەيپلىرى» بىلەن مۇناسىۋەتسىزكەن. سىياسەتنىڭ زورى بىلەن قوبۇل قىلىنغان، ئىقتىسادىي نەپ تۈپەيلى مەكتەپتىن ئاسانلىقچە قوغلانمايدىغان، «ئېتىبار» تۈپەيلى تۈزۈكرەك دەرسمۇ ئورۇنلاشتۇرلمايدىغان ستۇدېنت قايسى مىللەت بولمىسۇن «بۇزۇلۇدۇكەن». ئالىي مەكتەپتە ئۆزەم مەنىسىنى ۋە زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلىپ قىلغان ئىنگىلىزچە ئۆگۈتۈش، ئۇيۇشما قۇرۇش، لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ كىملەرگە، قانچىلىك بەركەت ۋە ئۇنۇم ئاتا قىلغانلىقىدىن بىخەۋەر قالدىم، لېكىن بېيجىڭدىكى داۋانلاردا ئەنجۈمەنلەردە، مۇسابىقەلەردە ۋە يىغىلىشلاردا مېنى يالغۇز قويمىغان ۋە يار يۆلەكتە بولغان دوستلارنى دائىم سېغىنىمەن. ئۇلارسىز بۇ مۇشكۈل سەپەردە ھاراتتىم. شۇ چاغدا ھەمسەپەر بولغان دوستلارنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى مۇشەققەتلىك مۇساپىدە يەنە يېنىمدا بولۇشىنى ئارمان قىلىپ قالىمەن.

بېيجىڭدا ئېنگىلىزچىنى شۇنچە پۇل خەجلەپ مۇشەققەتتە ئۆگەندىم لېكىن ئۆزەم رازى بولغۇدەك سەۋىيەگە يېتەلمىدىم. ئۆزەم ئالاقىگە خوشىسىز بولغاچ بۇ تىلدا راۋان سۆزلەشنى ئۆگىنەلمىدىم، تىلنىڭ يۇقۇرقى بىرىنجى ئۆتكىلدىن ئۆتەلمىگەچ ئۆزەم ئامراق كىتاپ ئوقۇش باسقۇچىغا يېتەلمىدىم. بۇ جەياندا شۇنى ھېس قىلدىمكى، مەندەك ئالاقىگە پەمسىز ۋە خوشىسىز ئادەمنىڭ تىل ئۆگىنىمىكى مۇشكۈلكەن. بەزىدە چەتئەلگە توغرىسى ئامېرىكىغا چىقىپ ئوقۇش ھەققىدىكى ئىرادەم دائىم تەۋرىنىپ تۇراتتى. بەلكىم مېنىڭ تەقدىرىم شۇ بولسا كېرەك، مەن دائىم ھاياتنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئويلۇنۇپ قالاتتىم ۋە قىلىۋاتقان ئىشىمنىڭ ئەھمىيىتىدىن توختىماي شۈبھىلىنەتتىم. شۇ چاغلاردا بېيجىڭدا «سوفىنىڭ دۇنياسى» (بۇ كىتاپنى

2000-يىللاردا داۋۇت ئوبۇلقاسىم ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشىر قىلدۇردى) دېگەن كىتاب بازارلىق بولدى. كىتابنىڭ ئاپتورى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پەلەسەپە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئۇ كىتابىدا غەرپ پەلەسەپىسىنى ھېكايىلەشتۈرۈپ بىر يىپقا تىزىپ چىقانىدى. شۇ چاغدا بىزگە مەھمۇد قەشقەرىدىن تارتىپ تەجەللىگىچە بولغان تەۋرۈكلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى تىلشۇناسلىق نوقتىسىدىن تەپسىلى ئۆگۈتۈلەتتى، ئەمما مەزمۇنى ھەققىدە كۆپ سۆزلەنمەيتتى. ئوقۇغان مەزمۇندىن بەھىر ئالالمىغاچقىمۇ ساۋاقداشلىرىمنىڭ بەزىلىرى توغرىسى بۇ دەرسلەرگە ئۆچ ئىدى. بىر قېتىم قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەرسىدە مۇئەللىم، تۇرپاندا 1912- يىللاردا بىر دېھقاننىڭ نەچچە ھارۋا قەدىمكى قول يازمىنى «كاپىر قالماقلارنىڭ بىر نەرسىسى ئىكەن» دەپ سۇغا ئېقىتىۋەتكەنلىكىنى ئېچىنىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى. دەرس تۈگەپ ياتاققا قايتقاندا بىر ساۋاقدېشىم «ئەجەپمۇ ياخشى قىلغانىكەن شۇ دېھقان، بولمىسا ئۆگىنىپ ئاۋارە بولاتتۇق» دېۋىدى باشقا ساۋاقداشلىرىمۇ تەستىقلاشتى. دەسلەپتە نېمە دېيىشىمنى ئۇقالمىدىم، ئاندىن بۇنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ قالدىم، مەنچە قەدىمكى ئەدىپلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىنى مايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە يېشەلىگەن بولساق مۇنداق بىزارلىق بولمايتتى. ماڭا «سوفىنىڭ دۇنياسى» تېپىلماس ئىلھام بولۇپ، شۇنداق بىر كىتاب يېزىش پىكرى تۇغۇلدى. تارىختىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى قىزىقارلىق شەكىلدە بىر يىپقا تىزىپ چىقىشنى خىيال قىلىپ ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم ئۇنىۋېرسىتېتقا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىققا تىزىملاتتىم. بۇ ئىش ماڭا چەتئەلدە ئوقۇشتىنمۇ موھىم بىلىندى. گەرچە شۇ قېتىم ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن بولساممۇ شۇ چاغدا چىڭىغان ئىرادە قەشقەرنىڭ بىر كەنتىدە خەنسۇ سېكرتارغا تەرجىمانلىق قىلىۋېتىپمۇ، ساۋاتسىز كەنت مۇدىرىغا كاتىپلىق قىلىۋېتىپمۇ سۇنمىدى. بېيجىڭ داۋانلىرىدا چېنىققان روھ بىزنى يېزا شۇجىسىنىڭ گەنسۇ تەلەپپۇزىدا ۋارقىراشلىرىغا باش ئەگدۈرمىدى، تىللاشلىرىدىن ئازات قىلدى. دوست بۇرادەرلەر خىزمەتنى تاشلىغىنىمدىن ھەيران قېلىشتى، « ھېچ ئىش تاپالمىسام بېيجىڭغا قايتىپ كاۋاپچىلىق قىلىمەن!» دېگەن سۆزۈمنى ئۇلار پايانسىز سۆكۈتلىرىگە

سىڭدۈرۈۋېتىشتى، چۈنكى ئۇلار ستۇدېنت بىلەن كاۋاپچىنىڭ پەرقلىق تەبىقىگە مەنسۇپلىقى تەكىتلىنىدىغان موھىتتا تەربىيەلەنگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا كادىر، ئىشچى، دېھقان، تىجارەتچىدىن ئىبارەت پولات قاتلام شەكىللەنگەن بولۇپ تېز پۈكۈپ كادىر بولۇشنى تېك تۇرۇپ كاۋاپچىلىق قىلىشتىن ئەلا بىلەتتى. بىر دوستۇمنىڭ ياردىمىدە يۇرتۇمدا تۇنجى ئىگىلىز تىلى كۇرسىنى ئاچقىنىمدا سىنىپىمغا ئادەم پاتمىدى،كەلگەنلەرنى تىزىملاپ ئۈلگۈرەلمىدىم. ئوقۇرمەنلىرىمگە مەلۇم بولغايكى، بۇ قوش تىلللىق مائارىپ بويۇنتۇرۇقتا ئايلانغان 2000-يىللار ئەمەس 90-يىللار ئىدى. مەن سىنىپقا سىغماي ئولتۇرۇشقان قارا كۆز، قارا قاشلاردىن كەلگۈسىنى، ئۈمىدنى كۆردۈم، مىللەت ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكار قىلىنىۋاتقان ئۇ چاغلاردا شۇ كىچىككىنە ئۈمىد ئۇچقۇنى قىممىتىمنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ ئاساسى بولدى.

# رىياللىقنىڭ قىستىشى ۋە ئىددىيەلەر ئاچىلىدا

ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىدىكى ئوقۇشۇم ھاياتىنىڭ قىممىتىدىن گۇمانلىنىش، ياشاش ئىقتىدارىمىدىن خودۇكسىرەش، بېيجىڭدا شەكىللەندۇرگەن قاراشلىرىمنى ئىنكار قىلىش ئىچىدە ئۆتتى. بېيجىڭدىكى مەكتەپلەردىن ئاسمان زېمىن پەرقلىق مەكتەپ موھىتى، دۆڭكۆۋرۈكتىكى يۇرەكنى لەختە قىلىدىغان بىچارە ئۇيغۇر جەمىيىتى، شۇ بىچارىلەرنىڭ بوۋىلىرى قالدۇرغان كونا كىتاپ ۋە ئەسكىرەپ كەتكەن تېپىندىلارنى زامانغا بېقىپ چۈشەندۈرۈش بەدىلىگە گالستۇك تاقاپ يۈرۈشكەن ئىلىمدارلار ئۈمىتلىرىمنى تېگى يوق ھاڭغا ئىتتىرەتتى. شۇ چاغلاردا بېيجىڭدا دوكتورلۇقتا ئوقۇپ كەلگەن ياش ئوقۇتقۇچىمىز ئارقىلىق ئامېرىكىلىق ئەرەب ئالىم ئېدۋارد سەئىد( 1935ـ2003 ) نىڭ ئىددىيىسى بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇنىڭ قارىشىچە غەرپ ئالىملىرى بەرپا قىلغان شەرقشۇناسلىق غەرپنىڭ مۇستەملىكىچىلىك قىلمىشلىرىنى نەزەرىيە بىلەن تەمىنلىگەن بولۇپ شەرق مىللەتلىرىنىڭ ئۆزى ۋە دۇنيا ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى ئەمەلىيەتتە غەرپ لايىھىلىگەن ئىدى. ئۇ بەرپا قىلغان كېيىنكى مۇستەملىكىچىلىك تەلىماتى بويىچە غەرپنىڭ مۇستەملىكىچىلىكى ئەسىرلەر بويى ھېچ بىر ئۆزگەرمىگەن بولۇپ پەقەت ئىلگىركى تەننى قۇل قىلىشتىن ھازىرقى روھنى ئەسىر قىلىشقا تەرەققىي قىلغان، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىدىنمۇ خەتەرلىك ئىدى. بۇلارنى ئويلىغانسىرى ئامېرىكا ياكى ياۋرۇپاغا بېرىپ ئوقۇش ھەققىدىكى خىيالىم بەكمۇ گۆدەكلىك بولۇپ تۇيۇلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەپ دۆلەتلىرىدە ئوقۇش قارارىغا كەلدىم. ئەمما شۇنچە ئاقتۇرۇپمۇ ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ مۇكەممەل ئىنگلىزچە تورىبېتى بارلىرىنى ئاساسەن تاپالمىدىم. شۇ چاغلاردا مەن چوڭ بىلىدىغان ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسپىرانتلىق دەرس جەدۋىلىنى توردىن تاپالماي ئېچىنغانىدىم. (بەلكىم ھازىر بۇ ئىشلار جىق ئۆزگەرگەندۇر). ئىراننىڭ ئالىي مەكتەپلىرى ھەققىدە

ئىنگلىزچە ئۇچۇرلارنى تاپقان بولسامۇ شۇنچە ساقلاپ تېگىشلىك جاۋاپ ئالالمىدىم. شۇ چاغلاردا خەنسۇ زىيالىيلىرى ئارىسىدا باش كۆتۈرگەن مىللەتچىلىك ۋە بۇنىڭغا ماس ئەۋج ئالغان كوڭزىچىلىق غەرپنى كۈچەپ ئىنكار قىلىۋاتاتتى. بىزدىمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ۋەكىللىكىدىكى بىر قىسىم ژورناللاردا «غەرپنىڭ مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى، مەدەنىيەت مۇستەملىكىچىلىكى» دېگەندەك ئۇقۇملار كۆپۈيۈشكە باشلىغان ئىدى. بىر قىسىم زىيالىيلار خەنسۇ زىيالىيلىرىنىڭ مىللەتچىلىك تەشەببۇسلىرىدىن ئىلھاملىنىپ غەرپ ئىدىيىلىرىگە قارشى مەيدانغا ئۆتكەن ئىدى. بۇ كەيپىيات ئوقۇرمەنلەردىمۇ ئەكس ئېتىپ چەتئەل ئەسەرلىرىدىن سوۋۇش كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەردە دىنغا ۋە تارىخقا ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ رىيال مەسىلىلىرىگە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ بازىرى بەكلا ياخشى ئىدى. رىياللىقتا ئائىت ئەسەرلەردىن «ئىللەت» لەر سۆكۈلگەن ۋە ياتلارنىڭ نەزىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنىگە دائىر ئەسەرلەر ئالاھىدە خېرىدارلىق بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن غەرپتە ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى يوققا چىقاردىم ۋە غەرپتىن ئۆگىنىشتىن تولۇق ۋاز كەچتىم. ئىنگلىزچىنى داۋاملاشتۇرۇش ئورنىغا تۈركىيە تۈركچىسى ۋە پارسچە ئۆگىنىشكە باشلىدىم.

مەكتەپ ئاسپىرانتلاردىن ئۇ چاغلاردا ئوقۇش پۇلى ئالمايتتى. بېرىدىغان تۇرمۇش پۇلى بەك ئاز بولۇپ ئەڭ تېجىگەندىمۇ ئون بەش كۈنگە ئاران يېتەتتى. ياتاق پۇلى، كۈندىلىك خىراجەتكە پۇل تاپمىساق بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاكامغا ياردەملىشىپ نەشرىياتچىلىققا كىرىشتىم. كۈنلۈرۈم خەلق سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ئەسەرلەرنى ئوقۇش، تەشۋىق قىلىپ سېتىش ۋە تۇغقان تۈركى تىللاردىن كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش بىلەن ئۆتتى. بۇ ماڭا زىيالىينىڭ بىلىمىنى پۇلغا ئايلاندۇرالايدىغان بىر يول بولۇپ تۇيۇلدى. مەن مۇشۇ كىتاپ سودىسى قىلىش جەريانىدا سېتىلىۋاتقان كىتاپلارغا قاراپ كىشىلىرىمىزنىڭ نەقەدەر مەرىپەتسۆيەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم ۋە ئەدەبىياتچىلارچە

ئۈمىدسىزلىكتىن قۇتۇلدۇم. بەلكىم بەزى ئوقۇرمەن دوستلار تارىخ، ئەدەبىياتقا دائىر ئەسەرلەر سېتىلغان بىلەن پەننىي كىتاپلارنى خەق ئوقۇمايدۇ دەپ قارىشى مۇمكىن. لېكىن مەن «پەن ۋە تۇرمۇش» «بىلىم كۈچ» «ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى» دېگەندەك ئۇيغۇرچە پەننى ژورنال ۋە باشقا ئەدەبىي ژورناللارنى ئىككى يىل پايدىسىغا سېتىپ ئاسپىرانتلىق ئوقۇشۇمنى پۈتكۈزۈۋالدىم. (يۇقۇردا ئىسمىنى تىلغا ئالغان پەننى ژورنالدىن بىرنى ھۆددىگە بەرسە، شۇنىڭدىن پايدا ئېلىپ گۈلدەك ياشاپ كېتىشكە كۆزۈم يېتىدۇ). شۇ چاغلاردا مېنى سۆيۈندۈرگىنى كىتاپ يېزىپ ۋە نەشىر قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان بىر قىسىم زىيالىلار ئوتتۇرىغا چىقتى. (مېنىڭ ئېنىق بىلىدىغىنىم يارمۇھەممەد تاھىر ئەپەندى.) 1999-يىلدىن 2007-يىلغىچە بولغان ئارىلىق ئۇيغۇرلاردا كىتاپچىلىقنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغانىدى. غالىبىيەت، مورتۇم، ئىدىقۇت، ساچىيە، قۇتادغۇبىلىك قاتارلىق كىتاپچىلىق شىركەتلىرى دەۋر سۈرگەندى. مەن ئىككى يىل مۇشۇ ئىشنىڭ نېنىنى يېدىم. شۇ چاغدا مەخسۇس پەلەسەپە ۋە تىبابەتكە دائىر كىتاپ نەشىر قىلدۇرغان بىر ئاكىمىزنىڭ دېيىشىچە ئۇيغۇرلادىن نەشرىياتچىلىق قىلىپ ۋەيران بولغىنى يوقكەن. مىللەتلەر نەشرىياتىدىكىلەردىن ئىگىلىشىمچە خەنسۇ بۆلۈمدىن قالسىلا ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئىختىسادىي ئۈنۈمى ياخشىكەن. كېيىن ئىزدىنىش ئارقىلىق خۇسۇسىي نەشرىياتچىلىقنىڭ جوڭگۇدا خەنسۇلاردىن باشقا ئۇيغۇرلاردىلا بىر سودا تۈرى بولۇپ شەكىللەنلىكىنى بايقىدىم. شۇ چاغلاردا قايسى ژورنالنى ھۆددىگە بېرىدىكەن، قايسى نەشرىياتنى ھۆددىگە بېرىدىكەن دەپ تامادا يۈرگەن ئۇيغۇر جىق ئىدى (مەن دەل شۇلارنىڭ بىرى ئىدىم). چۈنكى مەن «ئانا يۇرت» نىڭ قاچاق باسمىسىدىن باشقا 30مىڭ پارچە سېتىلغىنىغا گۇۋاھ بولدۇم. ئەركىن روزنىڭ «بۇ يەردە كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار» دېگەن كىتاپتىن قەشقەردە بېرىم يىل ئىچىدە 4000نى ساتتىم. «مەھمۇد قەشقەرى» گە ياركەنت كىتاپخانىسىنىڭ بىر يىللىق 5000 تىراج بەرگىنىنى كۆردۈم. «لېيىغان بۇلاق» كەم دېگەندە 50،000 پارچە سېتىلدى. 1998-يىلى مەن «ئىز» ھەققىدە ماقالە يازاي، دەپ كىتاپنىڭ داڭقىغا ئىسپات ئۈچۈن قارىسام ،تىراجى قايتا قايتا بېسىلغىنىنى ھىساپلىغاندا سەكسەن نەچچە مىڭغا چىققانىكەن.

كىتاپ سودىسىغا ئارىلاشمىغان بولسام ئۈمىتسىزلىكتىن نە كويغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. مىڭلاپ، يۈزمىڭلاپ سېتىلىۋاتقان كىتاپلار مېنى رىغبەتلەندۈرگەن، شۇ چاغدا كىتاپ ئوقۇۋاتقان نەچچە يۈزمىڭ ئوقۇرمەنى بار ئۈمىتلىك بىر قەۋمنىڭ ئەزاسى بولۇش مېنى ئۈمىدكە تولدۇرغاندى. كىتاپ سودىسى جەريانىدا يەنە بىر بايقىشىم، بىزدىكى مۇئاشلىق زىيالىلار بىلەن مۇئاشسىز (دىندا ئوقۇغان، ياكى دىنني ۋە پەنني بىلىملەرنى ئۆزلىگىدىن ئۆگەنگەنلەر) زىيالىلار خۇسۇسى نەشرىياتچىلىقنىڭ مەزگىللىك گۈللىنىشى جەريانىدا بىر بىرىنى بايقىدى ۋە ھەمكارلاشتى. بولۇپمۇ مۇئاشسىز زىيالىلارنىڭ نەشرىياتچىلىقتا ئارىلىششى ئاۋامنىڭ كىتاپ ئوقۇش قىزغىنلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. بۇلارنى كۆرۈپ ئويۇمدا خەلق قىزىقمىغان غەرپنىڭ ئادەم ئاسانلىقچە چۈشەنمەيدىغان تۈرلۈك ئىددىيە ئېقىملىرىنى ئۆگىنىشنىڭ نەقەدەر ھاماقەتلىك بولۇدۇغانلىقىنى تەشەببۇس قىلىشقا باشلىدىم.

# نېمە قىلىش كېرەك؟

ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىدا ئۈچ يىل ئوقۇپ ئالغىنىم دىپلۇم بولۇپتۇ. ئوقۇش جەريانىدا يازغانلىرىم يا نەسىر ئەمەس يا ماقالە ئەمەس بىر نېمىگە ئوخشاپتۇ. ئەسلى ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ قاراشلىرىنى بىر يىپقا تىزىپ «سوفىنىڭ دۇنياسى» شەكلىدە كىتاپ يازىمەن دېگەن خىيالىمىمۇ يوققا چىقتى. مەن ئۆگەنگەن كىلاسسىك ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدە بىزنىڭ ئۇ بۈيۈكلىرىمىز بىر بولسا مىللەتچى يەنە بىر بولسا ماركسىزىمچى قىلىپ تەھلىل قىلىناتتى. بۇنى قايتا تىزىپ كىتاپ قىلىپ چىقىشنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى يوق ئىدى. چۈنكى مەن ئالىملىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدە مۇشۇ ئىككىلا ئىدىيە بار دەپ قارىمايتتىم. بۇ يەردە ئىككى مەسىلىگە دۇچ كەلدىم: بىرى، دۇنيادا ماركسىزىمدىن باشقا دۇنيانى چۈشەندۈرىدىغان قانداق پەلسەپەلەر بار؟ يەنە بىرى قانداق قىلغاندا كىشىلىرىمىزنى زېرىكتۈرمەيدىغان شەكىلدە ئەجداتلارنىڭ تەپەككۇرىنى بۈگۈنكىلەرگە يەتكۈزگىلى بولىدۇ؟ مەن ئەجدادلار چۈشەنگەن ۋە چۈشەندۈرگەن دۇنيا، ئىنسان، ئىلاھ، جەمىيەت ۋە تەبىئەت زادى نېمە، ئۇنى ئوقۇرمەنگە قانداق ئۇسۇل بىلەن يەتكۈزىمەن دېگەنگە جاۋاپ بېرىپ بولالماي ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەتتىم. ئۇ چاغلاردا ماگىستىر ئوقۇغان ئادەم كۆپ بولمىغاچقا ئاسانلا بىر ئالى مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئورۇنلاشتىم. مۇنبەرگە چىققاندىن كېيىن ھېس قىلدىمكى كاللامدىكى ئۇيغۇر ھەققىدىكى بىلىملەر پەقەت قالايمىقان دۆۋلەنگەن ماتېرىياللاردىن باشقا نېمە ئەمەسكەن. بۇنداق سىستېمىلاشمىغان بىلىمنى ئوقۇغۇچىلارغا چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەسكەن. مەن چۈشەندۈرگەندەك ئوقۇغۇچىلار چۈشەنگەندەك كۆرۈنگەن تەقدىردىمۇ بۇ بىر ماتېرىيال بولۇپ قالىدىكەن، ئۇلارنىڭ بىلىمىگە ئايلىنىپ ھاياتىدا ياكى كۆنكىرىت خىزمىتىدە دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە جاۋاپ بېرىشىگە ئەسقاتمايدىكەن. بۇنىڭغا مۇنداق بىر ھېكايەتنى قوشۇمچە قىلاي. مەلۇم يىللىقتا ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى دەرسىدە ئۇيغۇر ماقال-تەمسىللىرىگە مىسال قىلىپ «ئىنسان ئېھساننىڭ قۇلى» دېگەننى چۈشەندۈردۈم.

مەۋسۇملۇك ئىمتىھاندا بۇ ماقالىنىڭ مەنىسىنى قىسقىچە ئىزاھلاشنى تەلەپ قىلدىم. قەغەز تەكشۈرۈپ بايقىدىمكى 90 پىرسەنت ئوقۇغۇچۇم بۇ ماقالىنى «ئىنسان ئىنساننىڭ قۇلى» دېگەن مەنىدە ئىزاھلاپتۇ. ئۇلارچە خاتا كۆرۈپ قالغانمىش، كۆزگە خاتا كۆرگەندۇ ئەقىلچۇ، ئەقىدىچۇ؟

نېمە قىلىش كېرەك؟ غەرپتىن سوۋۇغان كۆڭلۇم تۈركىيىگە تەلپۈنەتتى. تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىقنى چۈشۈنۈش ۋە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تارىخىغا ئائىت كىتاپلارنى تۈركىيە تۈركچىسىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش ئۈزەم ئانچە چۈشۈنۈپ بولالمايۋاتقان غەرپ ئىددىيە ئېقىملىرىغا قارىغاندا ئەھمىيەتلىكتەك تۇيۇلدى. بۇندىن باشقا مەن تۈركىيەنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى پۈتكۈل مۇسۇلمان مىللەتلىرىنىڭ بىسىپ ئۆتۈش ئېھتىماللىقى بار دەپ تەخمىن قىلاتتىم.

مەنچە شەرق مىللەتلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىدا بىر قانچە دۆلەت ئەندىزە بولالايتتى. بۇلار ياپۇنىيە، كورىيە ۋە تۈركىيە ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئورتاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان تۈركىيەنى چۈشۈنۈش ئارقىلىق زامانىۋىلىشىش جەيانىدا ئۇچرايدىغان مەسىلىلەر ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىش يولى ھەققىدىكى بىلىملەرنى ۋە تەجرىبىلەرنى ئۆگۈنۈۋالالايتتۇق. مۇشۇ مەقسەدلەر بىلەن دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ زىيارەتچى تەتقىقاتچى تۈرىگە ئىلتىماس سۇندۇم. ئىلتىماسىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدىن ئۆتۈپ مۇلاقاتقا تاللاندىم. مۇلاقاتتا بېيجىڭدىن كەلگەن مۇتەخەسىسلەرنىڭ سۇئاللىرى مۇنداق بولدى:

— سەن تۈركىيەدىكى ئىلمىي زىيارىتىڭنىڭ كېيىنكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىڭغا تۈرتكە بولۇدۇغانلىقىنى يېزىپسەن، سەنچە ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشنىڭ قانداق رىيال ئەھمىيتى بار؟

بۇ سۇئال ماڭا ياغدەك ياقتى. مەن تۇنجى قېتىم بېيجىڭدىن كەلگەن مۇتەخەسىسلەرنىڭ ئالدىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇدرىتىنى تونۇتۇپ قويۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. مەن مۇشۇنداق پۇرسەتنىڭ بالدۇرراق كېلىشىگە

ئۆزۈنىدىن بىرى تەشنا ئىدىم. جاۋابىمنى مۇنداق باشلىدىم. بىرىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىياتى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى باشقا يەرلىك مىللەتلەر تەرەققىياتىنىڭ پاراۋوزى. ئاپتونوم رايوننىڭ تەرەققىياتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشتىراكىسىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەمۇرىيەت ۋە مائارىپتا قوللىنىلماسلىقى ئاپتونوم رايوندىكى ئانا تىلىدا ساۋادى تولۇق چىقىپ بولمىغان نەچچە مىليون جوڭگو پۇقراسىنى يېڭى ساۋاتسىزلىققا گىرىپتار قىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى ۋە تەرەققىياتى جوڭگودىكى تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان قازاق، قىرغىز، تاتار، ئۆزبېك، تۇۋا، سالار، سارىغ ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر تىلىنىڭ مەۋجۇدلۇقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇر تىلى تارىختىن بېرى بۇ تىللارنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ بېيىتىپ كەلگەن. ئۇيغۇرچىدىكى مائارىپ، نەشرىياتچىلىق، ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرى يۇقارقى قېرىنداش مىللەتلەرگە ئورتاق خىزمەت قىلغان. تارىخنى قويۇپ بۇگۈنگە قارايدىغان بولساق «قۇرئان»نىڭ كومپارتىيە رەھبەرلىك قىلغاندىن كېيىن نەشىر قىلىنغان ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن كېيىن قازاقچە، قىرغىزچە تەرجىمىلىرى يورۇقلۇققا چىقتى. «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» قاتارلىق يىرىك مىراسلارنىڭ قازاقچە نۇسخىلىرىمۇ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۆزبېك، تاتار، سالار، ۋە تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر بۈگۈنگىچە ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق تەربىيەلەنمەكتە. دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرەققىيات قېرىنداش تۈركىي تىللار ئۈچۈن ئۈلگە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇندىن باشقا كومپيۇتېر ساھەسىدە ئۇيغۇرچە فونت ياسىغان ئۇيغۇر مۇتەخەسسىسلەر قازاق ۋە قىرغىزچىغىمۇ قوشۇپ ياساپ بۇ تىللارنىڭ ئۇچۇرلۇشۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشماقتا. 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەنگەن ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپى ئۇيغۇر دىيارىدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ تەربىيە بۆشۈكىگە ئايلانغان. ئەگەر ئۇيغۇر تىلىدىكى مائارىپ ۋە ئۇيغۇرتىلىنىڭ تەرەققىياتى دەخلىگە ئۇچرىسا بۇ مىللەتلەرنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىمۇ ئاقساشقا يۈزلىنىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇرتىلىنىڭ مەۋجۇدلۇقى تەھدىتكە ئۇچرىسا باشقا تۈركىي تىللار يوقۇلۇشقا يۈزلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا ھەل قىلىنغان مەسىلىلەرنى باشقا تۈركىي تىللارغا شەكسىز تەدبىقلىغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر تىلى ئۇلار

ئۇچۇن قالقان ۋە بۇلاق. ئىككىنچى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ مائارىپتا قوللىنىلىشى ۋە تەرەققىياتى دۆلىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋە تۈرك دۇنياسىدىكى تەسىرىنىڭ كۈچىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا پايدىلىق. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن رۇس بولشېۋىكلىرى ئۇيغۇر ۋىلايەتلىرىدە تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تاشكەنتتە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇرۇپ، ئۆزبېكچە مائارىپ ئارقىلىق ئۇيغۇر دىيارىدىن كەلگەن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ھەتتا بىر قىسىم موڭغۇل ، تاجىك ۋە شىبەلەرنى تەربىيەلىگەن. بۇ ئارقىلىق تەسىرىنى ئۇيغۇر دىيارىدا تېزلىكتە كېڭەيتكەن ۋە ئۇنى 1960-يىللارغىچە ساقلاپ قالالىغان. ھازىرقى ھۆكۈمەت رۇسلارنىڭ بۇ تاكتىكىسىنى قوللىنىپ ئۇيغۇر تىلىدىكى مائارىپ ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى تىللاردا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنى تەربىيەلەش مەقسىدىگە يېتەلەيدۇ. بۇنداق بولغاندا يىلىغا يۈزلەپ (قازاقىستاندىن يىلىغا ئىككى يۈز ئوقۇغۇچى جوڭگونىڭ مۇكاپاتى بىلەن ئوقۇيدۇ) جوڭگوغا كېلىپ ھەقسىز ئوقۇۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنسۇچە تەييارلىق مۇددىتى قىسقاراپ باج تاپشۇغۇچىلارنىڭ قان تەرى كۆپ تېجىلىپ قالىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى مائارىپ يوقۇتۇلۇش ئورنىغا تەرەققىي قىلدۇرۇلسا ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، ئىراق، ئافغانىستان، بالقان يېرىم ئارىلى ۋە روسىيە تېرىتورىيىسىدە ياشاۋاتقان ئىككى يۈز مىليوندىن ئارتۇق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۇيغۇرچە جوڭگو مائارىپىنىڭ ئوبىكتىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. مائارىپ ئارقىلىق جوڭگونىڭ ئەرزان ماللىرىغا خېرىدارلىق قىلىۋاتقان بۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىنىمۇ مايىل قىلغىلى بولىدۇ. ئۈچىنجى،...

— كەچۈرسەن ۋاقىت توشتى. ئەڭ ئاخىرقى سوئال، سەن بېيجىڭنى ياقتۇرامسەن؟

— پەقەت ياقتۇرمايمەن.

— ھە، بولدى، رەھمەت ساڭا. ۋاقتىمىز بولغان بولسا ئۇيغۇرتىلىنىڭ رىيال ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى بايانلىرىڭنى ئاڭلىغۇمىز بار ئىدى. باشقىلارغا

دېمىگەن، ساڭا دەۋىتەيلى، سەن مۇلاقاتتىن ئۆتتۈڭ.

مۇلاقاتتىن ناھايىتى كەيپىم چاغ چىقتىم. يولدا بىزنىڭ مەكتەپتىكى ئۇيغۇر مۇدىر ئۇچراپ قالدى.

ــ ھە، مىيەنشى (مۇلاقات) قانداق بولدى؟

ــ ئۆتتۈم.

ــ ئۇنداق ئاسان بولماس، بېيجىڭدا قايتا پۇچا(تەكشۈرۈش) قىلىدۇ.

ــ قانچە سۇئال سورىدى؟

ــ ئىككى، بىرسى بەك ئۇزۇن، سىزگە جاۋابىمنى بىر ئىككى ئاغىز گەپ بىلەن دەپ بولالمايمەن. يەنە بىرى مېنىڭ بېيجىڭنى ياقتۇرۇش ياقتۇرماسلىقىمنى سورىدى.

ــ نېمە دەپ جاۋاپ بەردىڭىز؟

ــ پەقەت ياقتۇرمايمەن، دېدىم.

ــ شۇنداقمۇ دەمسىز، بولدى سىزدە ئۈمىد يوق. ئۇلارنىڭ بېيجىڭنى ياقتۇرامسەن دېگىنى جوڭگو كومپارتىيەسىنى ياقتۇرامسەن، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدامسەن، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرامسەن، دوڭتۇ تېرورچىلىرىغا مەيدانىڭ قانداق دېگىنى. ھەيىيىي، سىز كىتاپنى كۆپ ئوقۇغان بىلەن تازا چۈشەنمەي ئوقۇيدىغان ئوخشايسىز. مۇشۇنداق ھالقىلىق سۇئالنىمۇ چۈشەنمىدىڭىزمۇ؟...بۇ ئادەمنىڭ قالغان گەپلىرى تازا قۇلۇغۇمغا كىرمىدى. بىللە بىر نەزرىگە باردۇق ئۇ يەردىمۇ بۇ گەپنى تۇگەتمىدى. خىيالىمغا بۇ گەپكە مەنىداش گەپلەرنى بۇرۇنمۇ ئاڭلىغىنىم كەلدى. مېنىڭ بىرىنجى قېتىم خىزمەت تاشلىشىمغا سەۋەپ بولغان ھېلىقى گەنسۇلۇق مۇتىھەم شۇجى ھەققىدە قەشقەر پىداگوگىكا ئىنىستىتوتىدىكى بىر پروپېسسور بىلەن پاراڭلىشىپ قالغانىدىم.

ــ نېمە، سىز شۇجى بىلەن ئۇرۇشتىڭىز؟ تېخى خىزمەتنىمۇ تاشلاپ چىقتىڭىز! ھەي نادان بالا، ھازىر دېھقانلارنىڭ مەجبۇرى كۈەز، بۇغداي تېرىشى دېگەن سىياسىي ۋەزىپە. سىزنىڭ قارشى چىققىنىڭىز بىر شۇجى ئەمەس، ئاپتونوم رايۇنلۇق پارتىكومنىڭ سىياسىي بۇيرىقى. سىز قەشقەر دېگەن يەردە سىياسىي بىلەن ئويناشماقچىما، دەرھال شۇجىغا يېلىنىپ سىياسىي خاتالىقىڭىز ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراڭ، مۆرىتى كەلسە يىغلاپ

يېلىنىڭ...

يۇقارقى سۆھبەتلەر ئالى مەكتەپتە يۈز بەردى. بىرى ئىدولوگىيەلەر قەسىرى بولغان قەشقەردە، يەنە بىرى ئىقتىسادتىن باشقا گەپ ھېچكىمگە خوپ كەلمەيدىغان لەنجودا. ماڭا بۇنداق دېگەنلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۇيغۇر. بىرى 50-يىللاردا مەملىكېتىمىزنىڭ داڭلىق ئۇنۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن ئارامىدىكى قەشقەرلىك لۇشۇنشۇناس پروپېسسور، يەنە بىرى خەنسۇچە ئوقۇغان، 80- يىللارنىڭ ئاخىرى  ئىچكىرىدىكى ئالى مەكتەپنى تۈگەتكەن غۇلجىلىق دوتسېنت، بىر ئالى مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى. تۆۋە دەيمەن ئوخشىمىغان دەۋردە، ئوخشىمىغان زېمىندا چوڭ بولغان ئىككى ئۇيغۇرنىڭ ئويى نېمانچە ئوخشايدۇ؟ مەنچە مۇنداق كىشىلەر دۆلەتنىڭ يۈكى، خىزمەتنىڭ توسالغۇسى، تەرەققىياتنىڭ مىتىسى. مەن ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك «خاتالىشىپ» مۇ كەتمىدىم، دۆلەتنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق ئېلىپ باج تاپشۇرۇۋاتقان خەلقنىڭ قان تەرى، مېنىڭ ھالال ئەمگىكىمنىڭ بەدەلى بولغان مۇئاشىمنىمۇ كەم قىلماي تۈركىيەدىكى ئىلمىي زىيارىتىمنى تاماملىدىم.

# يول قايان؟

يىللار مەيدىسىنى كېرىپ مەسخىرىلىك كۈلگەنچە ئۆتىۋەردى. ئانام دائىم «يىلدىن يىلغا بەتتەر» دەيتتى، بۇ ماڭا خۇددى قانۇنىيەتتەك تۇيۇلۇپ كاللامدىن نېرى كەتمىدى. ئارىدا مېھرى ئىسسىق تۈركىيەنىمۇ چۆرگىلەپ كەلگەن بولدۇم. ۋەدەمدە تۇرغانلىقىمنىڭ ۋەدە ئالغۇچىلارنىڭ پەرۋايىدا يوقلىقىنى قايتقاندىن كېيىن بىلدىم. ئۇلارنىڭ پەرۋايى ئۈچۈن ۋەتەنگە قايتمىغاچ ماڭىمۇ غەلىتە تۇيۇلمىدى. قايتقىنىمدىن ئەڭ شاتلانغىنى كۆز نۇرۇم ئاتا-ئانام، كۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم ۋە بەختلىك ئائىلەم بولدى. كۈنلەر مەنىسىز تەكرارلىقىنى داۋام قىلماقتا ئىدى، بېيجىڭدا ئېغىز ئالغان يارا يەنە شەلۋەرەشكە باشلىدى، ئەمەلگە باغلانغان شىنجاڭچە زىيالىلىق، مەنپەئەتكە باغلانغان كىشىلىك مۇناسىۋەت، تىجارەتكە ئايلانغان جوڭگۇچە تەتقىقات يۈرەكتىكى يارىنى يىرىڭلاتتى. بىر كۈنى بىر دوستۇمغا تېلېفوندا «ئۆيلەندىم، ئۆي ئالدىم، بالىلىق بولدۇم، لېكىن يەنە خوش بولالمىدىم» دەپ تاشلىدىم. ئارىدا ئۆيۈمگە كەلگەن بۇرادەرلىرىمدىن بىرى «كۆچۈپ كېتىدىغان قازاقتەكلا ئولتۇرۇپسەنغۇ؟» دېدى كۈلكە قىلىپ، سورۇنىمىزنىڭ ئەزىزى، ئۇستاز تەكلىماكانى «سەپەرگە ھازىرلانغان ئادەمگە جىق نەرسىنى يىغىۋېلىش ئاۋارىچىلىق» دېدى مەنىلىك قىلىپ. «سەپەر قايان؟» بۇ سوئال باشقا ھېچ كىمنىڭ ئېسىگە كەلمىدى، چۈنكى بىر ئوبدان ئۆيى، ۋاپادار ئايالى، يوقنىڭ ئورنىدا بولسىمۇ ئەملى، ئۆزىدىن خېلىلا ئېگىزلەپ كەتكەن يېشى بار مەندەك ئادەمنىڭ يەنە نېمە سەپەرگە ئاتلىنىدىغانلىقى بۇرادەرلىرىمگە قاراڭغۇ ئىدى. ئىچىمدە خىتاب قىلدىم «سەپەر — ئامېرىكا».

موھىت ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنى ۋە ھەرىكىتىنى بەلگىلەيدىكەن. بېيجىڭدا — ھەممە ئىش ئۆز يولىدا بولۇدۇغان، تىرىشقانلىكى ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى كۆز ئالدىدىن يىراق بولمايدىغان يەردە ئوقۇغانلىقىم مېنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىمنى قۇۋۋەتلىگەنمۇ ياكى ئادەمنىڭ مىللەت تەۋەلىكىدىن بەكرەك ئىقتىدارى تەكىتلىنىدىغان ئىچكىرىدىكى مەلۇم ئالىي مەكتەپتە

خىزمەت قىلغانلىقىم تۈرتكە بولغانمۇ، بۇلار ماڭا ئانچە ئېنىق ئەمەس، ئەمما مەن ئۈرۈمچىدە ۋە باشقا ئۇيغۇر ۋىلايەتلىرىدىكى زىيالىلىرىمىزدا ئەۋج ئالغان «ھېچ ئىش قىلدۇرمايدۇ، سىڭگەن نېنىڭنى يە، مۇناسىۋەتسىز ئىش پۈتمەيدۇ...» دېگەندەك ئىددىيەلەرنىڭ تەسىرىدىن ئاساسەن خالىي ئىدىم. ھېچ ئىش قىلدۇرمىسا سەۋەبىنى سوراش، شۈكرىگە زورلىسا شۈكرىگە لايىق نىمەتنى تەلەپ قىلىش، مۇناسىۋەتكە مەجبۇرلىسا بەلگىلىمىنى شىپى كەلتۈرۈش مېنىڭ مىزانىم ئىدى.

ئۈرۈمچىدىكى مەن ئىشلەۋاتقان ئالىي مەكتەپ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىشىمگە قوشۇلمىدى. ئىشلىگەن يىلىم توشمايمىش. دۆلەتنىڭ مۇكاپاتىغا ئىلتىماس سۇنسامۇ بولماسمىش، سەۋەبى ئۇنۋانىم توشمايمىش، قارىغاندا مۇكاپاتنى قېرىپ ماڭالماس بولغاندا بەرسە كېرەك. شۇنىڭ بىلەن خەلقئارالىق مۇكاپاتلارغا كۆز تىكتىم. نۇرغۇن خەلقئارالىق مۇكاپاتلار ھەققىدىكى خەنسۇچە ۋە ئېنگلىزچە ئۇچۇرغا ئېرىشكەندىن كېيىن بۇلارنى خىزمەتداش، تونۇش ۋە دوست بۇرادەرلەرگە تەۋسىيە قىلدىم. بۇلاردىن فورد مۇكاپاتى مېنى بەكرەك قىزىقتۇردى. بۇلارنىڭ نىشانىدىكى«نامراتلىق، نادانلىقنى تۈگۈتۈش، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مۇۋەپپەقىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ۋە ئىجتىمائى ئادالەتنى تەكىتلەش، ھەر قايسى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاقىدار ساھەلەردە تەشكىللىگۈچىلەرنى تەربىيەلەش» دېگەندەك مەزمۇنلار مېنى تولىمۇ شاتلاندۇردى. فوردنىڭ ئىلتىماس جەدۋىلى مېنىڭ ھاياتىمنى بىر قۇر خۇلاسىلەپ چىققان بولدى. مەن فورد مۇكاپاتىغا ئىلتىماس قىلىش جەريانىدا مۇشۇ كۈنگىچە ئۇيغۇرنى بىر نائېنىق ئوبيېكت سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلغىنىمنى بايقىدىم. مۇشۇ كۈنگىچە قاقشىغانلىرىم خەلقنىڭ مەدەنىيىتىنى، خەلق دۇچ كەلگەن كىرزىسنى ۋە ھەل قىلىش يوللىرىنى چۈشەنمەستىن غۇتۇلداشتىن باشقىسى ئەمەسكەن. مەن ئۇيغۇرنى ئۆزەمگىمۇ يورۇق بولمىغان بىر مەنزىلدە كۆرۈشكە ئىنتىلگىنىمنى چۈشۈنۈپ يەتتىم. مەن ئۇيغۇرنى چۈشۈنۈشتە ئۇلارنىڭ

تۇيغۇسىدا، ئادىتىدە، ئىددىيىسىدە ياشاپ تۇرۇپ ئەمەس، ئۇيغۇرنىڭ ھەممە نەرسىسىنى ئۆزگەرتىش، ئىنكار قىلىش مەيدانىدا تۇرۇپ پىكىر قىلغىنىمنى ھېس قىلىپ يەتتىم. فورد ماڭا ھەممە ئىشنى ئەتراپىمدىن، مەھەللەمدىن باشلاشنى ئۆگەتتى. چۈنكى ئۇلار دەل مۇشۇنداق ئېنىق ئىجتىمائىي خىزمەت پىلانى ۋە ئەمەلىي تەتقىقات پىلانى تۈزۈشنى تەلەپ قىلىدىكەن. مەن بۇ مۇكاپاتقا ئېلىنماس سۈنئىي جەريانىدا ئىلگىرى ھېچ قانداق تەمەسىز قىلغان پائالىيەتلىرىمنىڭ بۇ قېتىم مېنىڭ ئىجتىمائىي خىزمەت تەجرىبىلىرىم ھېسابلىنىپ مۇكاپاتقا نائىل بولۇشۇمغا ئاساس بولغانلىقىنى كۆردۈم. تېرىمچىلىق مەدەنىيىتى ياراتقان ئاتا بوۋىلىرىمىز بۇ دۇنيانى ئۆزى شۇغۇللانغان دېھقانچىلىق بىلەن باغلاپ ئېتىرغا ئوخشىتىدۇ، ۋە بىزنى ئۇنىڭغا ياخشىلىق تېرىشقا بۇيرۇيدۇ. مەن دوستلۇرۇمنىڭ قوللىشى بىلەن ئەنجۈمەن تەشكىللىگەن، ئىئانە توپلىغان، مۇسابىقە ئۇيۇشتۇرغان، كۇرس ئاچقان، ئەمما بۇلارنى بىر قىزغىنلىق، بىر ئوتنىڭ تۈرتكىسىدە قىلغان، ئۇ چاغدا بىر چاغلاردا فوردقا ئوخشاش بىر مۇكاپاتنىڭ مۇشۇ ئىجتىمائىي خىزمەتلىرىم بەدىلىگە ماڭا بېرىلىدىغانلىقى خىيالىمغىمۇ كىرىپ چىقمىغان ئىدى. ئاتا بوۋىلىرىمىز ئېيتقاندەك ياخشىلىق تېرىغان ئىكەنمەن، خۇداغا شۈكۈر، دۇنياغا ياخشىلىق تېرىش ئۈچۈن ياشايدىغان، باشقىلارنى يېسۇن دەپ يول بويىغا ئۈجمە تىكىدىغان، ئۇسسىغانلار ئىچسۇن دەپ بىكارغا كۆل چاپىدىغان، باشقىلار پۇتلاشمىسۇن دەپ يولدىن چالما، تىكەنلەرنى ئېلىۋېتىدىغان، نامرات قوشنىمىز سۇنمىسۇن دەپ دەرۋازىسىنى پۇلى تۇرۇپ ياسىمايدىغان ئۇلۇغ خەلقنىڭ پۇشتى قىلىپ ياراتقان بۇيۈك رەببىمگە مىڭ مەرتە تەشەككۈر.

# خەير، دوستلار

رەسمىيەتلەرنى بېجىرىش ئۈچۈن بېيجىڭدا بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدىم. بېيجىڭ ئۆزگۈرۈپتۇ، بىنالار تېخىمۇ ئېگىزلەپتۇ. بىر يېرىم مىليارتقا يېقىن خەلق تۆلەۋاتقان باج، يەر ئاستى ۋە ئۈستىدىن قېزىلىپ، ئېچىلىۋاتقان بايلىقلار بۇ شەھەرنىڭ بىنالىرىنى پارقىرىتىپ، يوللىرىنى كەڭەرتىپتۇ. يول بويلىرىنىڭ يېشىللىقىغا، قەدىمكى بىنالارنىڭ، چىركاۋ-بۇتخانىلارنىڭ ساقلاپ قېلىنىشىغا ۋە گەۋدىلىنىشىگە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىنىپتۇ. مەن يول بويلىرىدا بۇندىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن پەقەت كۆرۈنمەيدىغان بىر قانچە چىركاۋنىڭ ئالاھىدە مەيدان بىلەن گەۋدىلەنگىنىگە بەكرەك دىققەت قىلدىم.

قەشقەردىكى ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ نەمۇنىلىرى بېيجىڭدىكى تارىختا خەلقىنىڭ خۇنىغا پۈتكەن ئوردىلاردىنمۇ قەدىرسىزمىدى؟ خەلققە پوقىنى يىگۈزگەن قانخور پادىشاھلارنىڭ قەبرىستانلىقى ئۆز جايىدا، ماۋزىدوڭنىڭ گېپى بويىچە تارىخنى ياراتقان ئەمگەكچىلەرنىڭ بىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىرىنىڭ، ئالىم ئۆلىمالىرىنىڭ قەبرىسى قايسى ئەمگەكچىدىن سوراپ خانىۋەيران قىلىنىدى؟ ئۈرۈمچىدىكى خوجانىياز ھاجىمنىڭ قەبرىستانلىقى قېنى؟ قەشقەردىكى ئارىسلانخان قەبرىستانلىقىدىكى بوۋىلار قېنى؟ بېيجىڭدىكى تەرەققىيات ئادەمنى سۆيۈندۈرەتتى، لېكىن بېيجىڭدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاشقا ۋەدە قىلىپ كاركىراۋاتقان يەرلىك ئاغۋاتلارنىڭ بېيجىڭنىڭ بۇنداق ئېسىل قىياپىتىنى ئۆلگە قىلىپ بىرلىكنى قوغدىماي قىلىۋاتقان بۆلگۈنچىلىكى ئادەمنى نەپرەتلەندۈرەتتى.

بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىنكى تامىقىمىز شىنجاڭ ۋاكالەتخانىسىدا (مەن مەزكۇر ئورۇننىڭ ئۇيغۇرچە ۋىۋىسكىسىدىكى خاتا تەرجىمىنى مۇشۇنداق

تۇرەتتىم) بولدى. تاماقتا بىرىپ كەلگۈچە كىشىلەر بىزگە ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلدى، قانچىسى بىزگە ئىنگىلىزچە گەپ قىلدى. دېمەك، بېيجىڭلىقلار يات ئېرىقتىكى كىشىلەرنى كۆرۈپ كۆنگەن ئىدى. چەتئەللىكەر بىلەن ئالاقىنىڭ قويۇقلىشىشى ۋە ئولىمپىكنىڭ ئالدىدىكى تەشۋىقات بېيجىڭلىقلارنىڭ يات ئېرىقتىكىلەرنىڭ ھەممىنى شىنجاڭلىق(ئۇيغۇر) دەپ قاراپ كەمسىتىدىغان ئۇن نەچچە يىل بۇرۇنقى قىلىقىغا تۈزۈتۈش بەرگەن ئىدى.(لېكىن شىنجاڭ ۋاكالەتخانىسىدىن باشقا يەردە ياتاق بەرمەيدىغان ئىش ھازىرغىچە ئۆزگەرمەپتۇ). بۇرۇن شىنجاڭ ۋاكالەتخانىسى ئىچىگە ياتاقتا ياتقانلىق كىنىشكىسى ياكى مەزكۇر ئورۇننىڭ خىزمەت كىنىشكىسى بولمىسا ئادەم كىرگۈزمەيتتى، بۇ قېتىم بۇ ئۆزگىرىپتۇ، چۈنكى قورۇ ئىچىدە بىر قانچە يەردە خوجايىنى ۋە ئاشپىزىنىڭ قايسى دىنىدىكى بولۇشى نائېنىق، ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدىكى «مۇسۇلمان» ئاشخانىسى باركەن، بۇندىن باشقا يەنە شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك مەھسۇلاتلىرىنى توپ ساتىدىغان بازارچاقمۇ باركەن. ھەر قايسى مۇسۇلمان ئەللىرىدىن كەلگەن ئەلچىلەر، ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى قاتارلىق مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ مېھمانلىرى بۇ يەردە غىزالىنىدىكەن.

تارىخي خاتىرىلەرگە قارىغاندا ئۇيغۇرلار مىلادىدىن بۇرۇنقى ئۈچىنچى ئەسىردىن بۇيان ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ غەربىي ئەللەر بىلەن ئالاقىسىدا كۆۋرۈك بولۇپ كەلگەن. بولۇپمۇ گومىنداڭ زامانى ۋە 50-يىللاردا روسىيە ۋە مۇسۇلمانلار دۇنياسى بىلەن جۇڭگونىڭ ئالاقىسىدا ئۇيغۇرلار ئەلچىلىك رولىنى ئۆتىگەنىدى. بۇنداق تارىخي ئەنئەنە يېقىنقى مەزگىلدە ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ساھەلەردە نەزەردىن ساقىت قىلىنىدى، سەل قارالدى. قارىغاندا يېمەكلىكتە ئۇيغۇر تاماقلىرى يەنىلا «ئەلچىلىك» سالاھىيىتىدىن چېكىندۈرۈلمىگەن بولسا كېرەك. مۇسۇلمان ئەلچىلەر ئۆمەكلىرىنىڭ ۋە ھەتتا دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بېيجىڭدىكى ۋاكالەتخانىسىدا غىزالىنىشى بۇنى چۈشەندۈرسە كېرەك. دېمەك، خەلقئارا ئالاقە ۋە بازار ئېگىلىكى، يەرشارلىشىش بىر نوقتىغا يىغىنچاقلىنىدىغاندا، پۇل — مەن شۇنچە يىل بېيجىڭدا تۇرۇپ كىرەلمىگەن ئۆزىمىزنىڭ ۋاكالەتخانىسىنىڭ بۇ تۆمۈر دەرۋازىنى خالىغان ئادەمگە ئوچۇق قىلىپتۇ. بۇنىڭدىن بەك سۆيۈندۈم ۋە پۇلدىن ئىبارەت ۋاستىنىڭ بارلىق سۇنئىي توساقلارنى بەربات قىلىشىنى

تىلىدىم. ئىنسان ئىجتىمائى رىياللىق ۋە قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولالمىغاندا پەقەت بولمىغاندا پۇل ئارقىلىق بولسىمۇ باراۋەر بولالىسا، قانۇنى يول بىلەن ئېرىشەلمەيۋاتقان غۇرۇر ۋە ئەركىنلىكنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بولسىمۇ تېرىشىشى مۇمكىن. مەنچە قوزغاتقۇچىلىرى پۈتۈنلەي كاردىن چىقىۋاتقان قەۋم ئۈچۈن بۇ مەلۇم مەنىدە ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىر كۈنى ئاشخانىدا تاماق يەۋاتساق بىر قانچە بېيجىڭلىق بىزنىڭ ئۇيغۇرلىقىمىزنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن بىزدىن «بۇرۇن ۋېيگوڭسۈن، گەنجىياكولاردا ئۇيغۇر ئاشخانىسى ۋە ئۇيغۇرلار ئاچقان بازار بار ئىدى، ھازىر نەگە يۆتكەلدى؟» دەپ سوراپ قالدى. بىز 2000-يىللارنىڭ باشلىرىدا چېقىۋېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىغىنىمىزنى سۆزلەپ بەردۇق. ئۇلار سەۋەبىنى سوراشتى ۋە بۇ كوچىلارنىڭ يوقاپ كەتكىنىدىن ئەپسۇسلانغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئارىمىزغا يېڭى كىرىپ كەلگەن بىر بېيجىڭلىق چېقىلىشنىڭ سەۋەبىنى زەھەر ئەتكەسچىلىكى، بۆلگۈنچۈلۈك ۋە قانۇنسىزلىقلاردىن كۆرۈۋېدى، يەنە بىرى ئۆزىنىڭ ياۋروپا، كانادا ۋە ئامېرىكادىكى تاڭلىقلار (خەنسۇلار) كوچىسىنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇ يەرلەردىكى مەسىلىنىڭ بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر كوچىلىرىدىن بەتتەر ناچارلىقىنى، غەرىپتە ۋە ئامېرىكىدا تاڭلىقلار كوچىسى دېگەنلىك نومۇسىنى سېتىش، جىنسىي كېسەللىك، بولاڭچىلىق، ئەتكەسچىلىك، ئادەم ئەتكەسچىلىكى، پاسكىنىچىلىق قاتارلىق بارلىق جىنايەتلەرنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بۇنى بىلىپ تۇرۇپ، مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقىنى تەرغىب قىلىشقا پايدىلىق دېگەن سەۋەب بىلەن قوغداۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۇيغۇر كوچىلىرىدىكى ئاشپەزلەرنىڭ پەقەت ئوقۇمىغان بولسىمۇ تەرەتتىن كېيىن قول يۇيۇدۇغانلىقىنى، ئۆزى كۆرگەن خېلى چوڭ رېستورانلاردىكى خېلى داڭلىق ئاشپەزلەرنىڭمۇ تەرەتتىن كېيىن قول يۇمايدۇغانلىقىغا ئىزچىل دىققەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. سۆھبەتتىن كېيىن ئويلاپ قالدىم. مىللەتلەر ئارىسىدىكى زىددىيەت

چۈشەنمەسلىكتىن، خاتا چۈشۈنۈشتىن ۋە مەلۇم گورۇھنىڭ خاتا چۈشەندۈرۈشىدىن كېلىپ چىقىدىكەن. خۇددى ئەجدادلىرىمىز ئېيتقان «يالغاننى قېرىق قېتىم تەكرارلىسا راستقا ئايلىنىدۇ» دېگەندەك بىر كىچىككىنە ئىشنى چىڭغا چىقىرىپ سۆزلەۋەرسە ئاۋام ئىشىنىپ قالىدىكەن. نەتىجىدە بىگۇناھ كىشىلەر سىياسىي بېدىكلەرنىڭ غەرەزى بويىچە ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدىكەن. 2001-يىلى كەچ كۈزدە ئېچىلىدىغان مەلۇم شەھەردە سەككىز ئون ياشلاردىكى بىر قىز مەندىن «سەن تېرورچىمۇ؟» دەپ سورىغاندا تەشۋىقاتنىڭ كۈچىدىن نەپرەتلەنگەنتىم. بېيجىڭلىقلارنىڭ ئۇيغۇرچە تاماقنى ئۇيغۇر كوچىسىدىن تاللاپ يىگۈسى بار، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلگۈسى بار، ھېلىقى كىچىك قىزنىڭ قاڭشارلىق، ساقال بۇرۇتلۇق كىشىلەرگە تېرورىزمنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە غۇبارسىز سۇئاللىرى بار. ئەگەر ئۇيغۇرلار ئېچىلىدە بەرپا قىلغان مەھەللىلەر قالايمىقانچىلىق باھانە قىلىنىپ مۇشۇنداق ۋەيران قىلىنسا بۇ سۇئاللارغا كىم جاۋاب بېرىدۇ؟ پەقەت بىردىن بىر ۋاستە پىلانلىق ئاخباراتمۇ؟ ئۇنداقتا ئاۋامنىڭ مۇستەقىل باھا بېرىش پۇرسىتى بولمىسىچۇ؟ ئىدىلوگىيىنىڭ كونتروللىقىدىن خالى ئاخبارات مەۋجۇد بولمىسىچۇ؟

بىر قىسىم خەنزۇلارنىڭ ئارىمىزدىكى ئاغزى يوگرەكلەرگە ئوخشايدىغان بىر خۇيى بار، ئۇ بولسىمۇ بىلمەيدىغاننى بىلىمەن دەپ تۇرۇۋېلىش ۋە شۇ ھەقتە گەپ ئېچىشتىن ئۇيالماسلىق. بەلكىم بۇ پۈتۈن شەرقلەرگە ئورتاق بولسا كېرەك. بىر كۈنى خۇنەنلىك بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ئۇيغۇر ئاشخانىسىدا تاسادىپى پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ «مەن ئۇيغۇرلارنى بىلىمەن. ئۇلارنىڭ ناخشىلىرى بەك يېقىملىق، مەنلىك...» دەپ سۆزلەپلا كەتتى، ياقا يۇرتتا بىر يات كىشىنىڭ ئاغزىدىن مىللەتنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاش ئادەمنى خېلى خوش قىلىدۇ. ئاڭلاپ ئولتۇرسام «بولۇپمۇ سىلەردىن چىققان تېڭگىر ئالامەت ناخشىچى ...» دېمەسمۇ ئەرۋايىم قىرىق گەز ئۇچتى. ئۇنىڭغا ئۇيغۇر بىلەن موڭغۇلنىڭ پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئاران چۈشەندۈردۈم. گەپ شۇ يەردە تۈگىدىمىكىن دېسەم يەنە بىرى قوپۇپ تېرورچىلىق ھەققىدە سۆز ئاچتى، مەن بۇ تېمىغا لەنەت ئوقۇيدىغانلىقىمنى ئېيتىپمۇ قۇتۇلالمىدىم. ئۇ شىنجاڭدىكى تېرورچىلىقنىڭ ئاجايىپ ئېغىرلىقىنى ۋە ئۇنى توسۇش ئۈچۈن

ھەر قانداق ۋاستىنى قوللۇنۇشنى شەرتسىز قوللايدىغانلىقىنى سۆزلەپ كەتتى ۋە ماڭا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى. ئامالسىز كەسپىنى سورۇدۇم، بىر شىركەتنىڭ خادىمىكەن، مەلۇماتى تولۇقسىزدا توختاغلىقكەن، مەن گەرچە ئۆزەمنى ئالى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى دەپ تونۇشتۇرغان بولسامۇ نەسىھەتتىن توختىمىدى. مەن بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن بولسامۇ سەبرى قىلدىم. چۈنكى تەبىقچىلىك تۈزىمىدە، مۇستەبىت دۆلەتتە ئۇزاق ياشىغان كىشىلەر مۇشۇنداق بىلمەستىن ئاڭلىغاننى راست دېيىشكە، ئۆزىنىڭكىنىلا ھەق بىلىشكە، باشقىلارنىڭ ئەقلىدىن ۋە كەچۈرمىشىدىن دائىم گۇمانلىنىشقا ئادەتلەنگەنىدى. ئۇلار ئادەمنى ئادەملىكى بىلەن ئەمەس قايسى مىللەت، قايسى تەبىقىگە مەنسۇپلىقى بىلەن كۆزۈتەتتى ۋە باھالايتتى. مەن بۇنداق ئەھۋالغا تولا دۇچ كەلگەن. بىر قېتىم لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتىگە ئىككى ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى قەغەز تەكشۈرگىلى بارساق بىزدىن «ھىسابلىغۇچ ئىشلىتەلەمسىلەر» دەپ سورىغانتى. تۈركىيەدە يولۇققان بىر قىسىم تۈرك كىشىلەرمۇ ئوخشاشلا يۇرتۇڭ قانداق، خەلقىڭ نە ھالدا دەپ سورىماي تۇرۇپ، يۇرتۇڭنىڭ ۋە خەلقىڭنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە ساڭا ۋەز ئېيتاتتى. بۇنداق ۋەز نەسىھەتلەر خوشلاشقىلى بارغان يۇرتۇمدا، يولدىكى بىكەتلەردە، ۋە ھەتتا مەن ئامېرىكىغا ئۇچقان بىرلەشمە ھاۋا يوللىرى شىركىتىنىڭ ئايروپىلانىدىمۇ داۋام قىلدى. ئويلاپ باقسام ئەقلىمنى بىلگەندىن بېرى مۇنداق ئىككى نەرسە ماڭا ھەمراھ بولۇپتۇ، بىرى قورقۇتۇش يەنە بىرى نەسىھەت. بۇنىڭ بىرى سەۋەب بولسا يەنە بىرى نەتىجىكەن، يەنى مېنى قورقۇتۇپ نەسىھەتنى ئاڭلاتماقچى ياكى نەسىھەتنى ئاڭلىمىغاچقا قورقۇتماقچى. خوش، ئۇچاغدا مېنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈم قىلىش، باھالاش، تەدبىر قىلىش ئەركىمچۇ؟ خاتالىشىش، ئېزىش ۋە بۇلاردىن ئۆزۈمگە خاس يەكۈن چىقىرىش ھوقۇقۇمچۇ؟ ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ نۇرغۇن تونۇش بىلىشلىرىمنىڭ ماڭا « ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ دامىغا چۈشمەسلىك، ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشماسلىق، توغرا-خاتا، ھەق-ناھەق مەسىلىلىرىدە زامانغا

بىقىپ ئىش تۇتۇش، ئىلاج قىلىپ قايتىپ كەلمەسلىك، ئامېرىكىغا بارغانلىقىمنى ھېچ كىمگە دېمەسلىك، تۈركىيەگە بارغانلىقىم ھەققىدە تىۋىش چىقارماسلىق، تۇردا قالايمىقان ماقالە يازماسلىق، مەكتەپتىن چىقماي، گەپ قىلماي، جىمجىت ياشاش» ھەققىدە نەسىھەت قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىگە ئىشەنچىم كامىل.

ۋىزا ئېلىش ئۈچۈن بېيجىڭدا تۇرۇپ قالغان مەزگىلىمدە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىقتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىم لېكسىيەگە تەكلىپ قىلدى. ئۆزەمنىڭمۇ مېڭىش ئالدىدا ئۇستازلىرىم ۋە كەسپداش ئىنى سىڭىللەر بىلەن مۇڭدىشىش ئىستىكىم بولغاچقا تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم. ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتقان بۇ بوغۇنلارغا ماسراق قىلىپ «ئىچكىرىدە ئوقۇش ۋە مۇۋەپپەقىيەتتىكى ئىچكى ئىنىرگىيە» دېگەن تېمىدا لېكسىيە بەرمەكچى بولدۇم. قويغان تېمام ئوقۇغۇچىلىرىمغا ياقتى. لېكسىيە دۈشەنبە كەچكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاساسىي مەزمۇننى خەنسۇچە يېزىپ بەردىم. دۈشەنبە چۈشتە خەۋەر كەلدىكى « لېكسىيەم تەستىقلانماپتۇ». بەلكىم بۇ مېنىڭ ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇشۇم بىلەن باغلانغاندۇ ياكى ئۇستازلىرىم بەش يىل ئەنسىرىتىپ ئۆتكەن پائالىيەتچان ئوقۇغۇچىسىنىڭ لېكسىيىسىدىن خەۋپسىرىگەندۇ، ئاڭلىسام ئامېرىكىدىن كەلگەن مەلۇم ئۇيغۇر ئالىمنىڭ لېكسىيىسىنىمۇ تەستىقلاشمىغانىكەن، شۇڭىمۇ ھەيران قالمىدىم. ئەمما ئىچىم يەنە بىر مەرتە ئاچچىققا تولدى.

ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇيغۇرنىڭ تىلىنىڭ شارائىتى بىلەن پروپېپىسورلۇق شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇپ، ھەقسىز ئوقۇتىمىز دەپ ئەڭ ئېسىل شارائىتتا، ئەڭ ياخشى باللارنى يىغىۋالغان شۇ تۆت تۇك تۇك زىيالىنىڭ قىلىۋاتقانلىرى مېنى بۇرۇنلا بەزدۈرگەچ باشقىچە ئويلاشقا پېتىنالمىدىم. پەقەت ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىنىڭ ھەممە گۇناھىنى مىللەتكە ئارتىپ، بارلىق رىيال پىشكەللىكنىڭ مەنبەسىنى ئۇيغۇردىكى نۇقساندىن ئىزدەيدىغان مۇدا خاھىشقا تېخىچە مايىللىقى يۈرۈكۈمنى ئەزدى. ئۇستازنىڭ «بىز تېخىچە ئۇيغۇر زۇلۇمىدىن قۇتۇلمىدۇق!» دېگەن سۆزى ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ مېنى نەشتەردەك چاقماقتا ئىدى. بېيجىڭدىن نۇرغۇن جاۋابسىز

سۇئاللار ۋە ئازابلىق خىياللارنى يۇدۇپ چىكاگوغا ئۇچىدىغان ئايروپىلانغا قەدەم باستىم.

# «مايگۈلى» نىڭ جەزبىسى

ئايروپىلانغا چىقىۋاتقاندا مېنى ئۇزۇتۇپ چىققان ئوقۇغۇچۇمنىڭ «ئەركىنلىك سەپىرىڭىز باشلاندى» دېگىنى ئېسىمگە كەلدى. مەن ئۇنىڭغا «بۇ مېنىڭ ئىزدىنىش سەپىرىمنىڭ داۋامى» دېگەنىدىم. ئەقىللىق ئوقۇغۇچۇم بەلكىم مېنى ماي گۈلى ناملىق پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ئەركىنلىك، يېڭى دۇنيا ئىزدەپ سەپەرگە چىققان ئەنگىلىيىلىك يېڭى دىن مۇخلىسلىرى (پروتېستانتلار) غا ئوخشاتقان بولۇشى مۇمكىن. 1620 ـ يىللاردا ئەنگىلىيەدىكى خىرىستىيان ئىسلاھاتچىلىق ھەركىتىدە يېڭى دىن تەرەپتارلىرى تەھدىتكە ئۇچراپ ئامېرىكىغا ئولتۇراقلاشقانىكەن. شۇلارنى ئويلاپ ئايروپىلانغا چىقىپ قارىسام مۇتلەق كۆپى جوڭگولۇق. شۇئان كۆزۈمگە ئايروپىلان «ماي گۈلى»دەك، ئولتۇرغانلار «قاچقۇن»لاردەك كۆرۈنۈپ كەتتى. 2008ـيىلى ئامېرىكا پۇقرالىقىغا ئۆتكەنلەر ئىچىدە جوڭگولۇقلار ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. 2009ـ يىلى جوڭگودا تۇغۇلۇپ كېيىن ئامېرىكادا ئولتۇراقلاشقان جوڭگولۇقلارنىڭ سانى بىر مىليون 900 مىڭدىن ئاشقان. ئامېرىكا نوپۇسىدا ئىسپان تىلىدا سۆزلەيدىغانلار بىرىنچى ئورۇندا، خەنسۇ تىلىدا سۆزلەيدىغانلار ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن. بۇ سانلارنىڭ تىرىك پاكىتى سۈپىتىدە يېنىمدا ئولتۇرغىنى ئامېرىكا پۇقرالىقىغا ئۆتكەن بېيجىڭلىق ئايال ئىكەن. مېنىڭ چۈشەنمەيدىغىنى يېرىم كۆنسېرى بېيىۋاتقان بىر دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ جېنىنىڭ بېرىچە ۋەتىنىنى تەرك ئېتىشى ئىدى. بۇ ئايال مېنى دەسلەپ مۇسۇلمان بولغاچ ئامېرىكىغا ئۆچ، دەپ ئويلاپ ئامېرىكىنىڭ ئىراق ۋە ئافغانىستاندىكى«تاجاۋۇزچىلىق» لىرىنى تەنقىد قىلدى. مەن ھېچ ئىپادىسىز ئولتۇرغاندىن كېيىن گېپىنى بۇراپ مېنىڭ ئالاھىدە ھالال تاماق بۇيرۇتقانلىقىمنى خاتاغا چىقاردى ۋە ئامېرىكىدا بۇنداق قىلماسلىقنى، مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتىمنى ئامال بار ئاشكارىلىماسلىقنى جېكىدى. مەن باشقىچە ئىنكاس بىلدۈرمىدىم پەقەت «مەن يالغان ئېيتالمايمەن» دەپ قويدۇم. ئۇ ئايال گەپ ئارىلىقىدا بىر گېرمان

خىزمەتدىشىنىڭ ئىسرائىلىيە ھەققىدىكى بىر مەسىلىدە پىكىر بايان قىلىشتىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ۋە سەۋەبىنى «بىز يەھۇدىلارغا قان قەرزدار، شۇڭا مېنىڭ يەھۇدىلار ھەققىدە ئۇنى بۇنى دېيىشىم نامۇۋاپىق» دەپ بەرگىنىنى ھەيرانلىقتا بايان قىلدى. مەن ئەكسىچە ئۆزەم، ھۆرمەتلەيدىغان گېرمان خەلقىگە ئاپىرىن ئوقۇدۇم ۋە قايسى بىر يىلى گېرمان باش مىنىستىرىنىڭ پولشادا تىزلىنىپ تۇرۇپ پولەك خەلقىدىن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدىكى ئاسارەتلىرى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىغان تەسىرلىك كۆرۈنۈشىنى ئەسلىدىم. ئۇ ئايال ئامېرىكا بىلەن جوڭگۇنى سېلىشتۇرۇپ «جۇڭگۇ دېموكراتىيەگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، ئامېرىكا دېموكراتىيەدە چېكىنىۋاتىدۇ» دېگەن گەپلەرنى قىلغاندا ئازراق توغرا يېرى باردەك ھېس قىلدىم. دېمىسىمۇ گۇئەنتانامۇ مەھبۇسلىرىنىڭ بۈگۈنگىچە تۇتۇپ تۇرۇلۇشى ئۇنىڭ گېپىگە ئاساس بولالايتتى، كېيىنكى ھۆكمىگە مەن پىكىر قېتىشقا ئامالسىز ئىدىم، پەقەت ئىددىيە جەھەتتە جوڭگۇ كومپارتىيىسى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاشنىڭ بىخەتەرلىكىم ئۈچۈن موھىملىقىلا ماڭا ئايان ئىدى. ئۇ ئايال ئۆزىنى ئامېرىكىلىق دېيەلمەيدىكەن، گەرچە ئامېرىكىدا داچىسى بولسىمۇ ئامېرىكىلىقلار پەخرلەنگەندىن سۆيۈنۈپ ئۆچ بولغىنىغا نەپرەتلىنەلمەيدىكەن. جوڭگۇغا قايتىپ كېلەي دېسە ئۆزىمۇ باللىرىمۇ كۆنەلمەيدىكەن، ھەم جۇڭگۇمۇ پۇقرالىققا قايتا ئالماسمىش. بىچارىنىڭ باللىرى ئۇنى ھەدىسىلا جوڭگۇچە قىلىق قىلىدۇ دەپ مەسخىرە قىلىدىكەن. بۇ ئايالنىڭ ھەدىسە ئامېرىكىنى داتلاپ بېرىشلىرىنى توغرا چۈشەندىم. ئادەم قېرىغاندا دائىم ئەسلىمىلەر قوينىدا ياشايدۇ. بۇ بىچارە موماينىڭ بارلىق ئەسلىمىسى ۋەتىنىگە باغلانغان، ئامېرىكىدا ئەسلىگۈدەك بىر نەرسە بولمىغاندىن كېيىن زېرىكىدۇ-دە! قارىغاندا ئامېرىكا ئاساسى قانۇنىدىكى پېرىزدېنت بولۇشتا ئامېرىكىدا تۇغۇلغان بولۇشنى ئۆلچەم قىلىش ھەر بىر ئادەمنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى ۋەتەن دەپ بىلىدىغان خۇسۇسىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئوخشايدۇ. ئەجەبا، يۇرتىمىزدىكى مەسىلىنىڭ ئېغىرلاپ

كېتىشىگە يۇرتىمىزدا تۇغۇلمىغانلارنىڭ كۆپلەپ ئەمەلدار بولۇشى سەۋەب بولغانمىدۇ؟

چىكاگودا چىگرىدىن كىرىش رەسمىيىتى بېجىرىۋېتىپ بىر ئاز ئەنسىرەپ قالدىم، چۈنكى ئادرىسىم ئايروپىلاندا تارقىتىپ بېرىلگەن جەدۋەلگە پاتمىغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەدۋەلگە توشقۇزۇلىدىغان بىر قانچە ئۇچۇرنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالغان بولۇپ قايتا بىر جەدۋەل ئېلىشقا ئىمكان بولمىغان ئىدى. ساقچى يىگىت «ئامېرىكىغا مەرھابا!» دەپ مىنۇت ئۆتمەستىن پاسپورتۇمنى قولۇمغا بەرگەندە ھەيران قالدىم. قايتۇرۇپ «باشقا چاتاق يوقتۇ؟» دەپ سورۇدۇم، ساقچى يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ «يوق» دېگەندىلا خاتىرجەم بولدۇم. مېنىڭ مۇنداق ئەنسىرىشىمگە سەپىرىمنىڭ بېشىدىلا ئۈرۈمچى ئايرودورومىدا يۈز بەرگەن پىشكەللىك سەۋەپ بولغان ئىدى. ئۇ كۈنى ئەتىگەندە پاسپورتۇم بولغاندىن كېيىن ماڭا لازىم بولماس، ئايالىمغا لازىم بولۇپ قالسا ئىشلەتسۇن دەپ كىملىكىمنى ئۆيدە قويۇپ ئۈرۈمچى ئايرودورومىغا كەپتىمەن. بىلەت ئالماشتۇراي دېسەم بولمىدى، پاسپورتۇمدا دادامنىڭ ئىسمى باركەن، كىملىكىمدە يوقكەن. سەۋەبىنى سورۇدۇم، پاسپورتۇمدا كىملىك نومرۇم ۋە رەسمىم بارلىقىنى دېدىم، ساقچىغا خەۋەر قىلدىم، ھەممىسى نۆلگە تەڭ بولدى، ساقچى ئاجايىپ قوپاللىق بىلەن بۇ ئۆزەڭنىڭ سەۋەنلىكى دەپ ۋاقىراپ كەتتى، سەۋەپسىزلا. ئاخىرى يېڭىدىن بىلەت كەستۈرۈپ ئايروپىلانغا چىقتىم.

مانا بۇ بىر ھەپتىگە يەتمىگەن ۋاقىتتىكى ئىككى دۆلەتتىكى ئىككى خىل خىزمەت ئۇسۇلى، ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئۇنىمى ئاسمان زېمىن پەرقلىنىدۇ. مەن ئامېرىكىدىكى ئىنسانغا ئىشەنچ ۋە ھۆرمەتنى كېيىنكى تەكشۈرۈشلەردىمۇ رۇشەن ھىس قىلدىم. دۇنيادا ئەڭ دەھشەتلىك تېرورلۇق ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان بۇ دۆلەت يەنە ماڭا ئوخشاش مۇسۇلمانلارغا قورقماي قۇچاق ئېچىۋېتىپتۇ ۋە مۇئامىلىدىكى ئىززەتنى كەم قىلماي كېلىۋېتىپتۇ. شۇ كۈنى مەن بىلەن تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەنلەر قاتارىدا باشتىن ئاياق ئورانغان مۇسۇلمان ئاياللىرىنى، چىرايىدىن ئوتتۇرا شەرق ئەھلى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرغان كىشىلەرنى خېلىلا كۆپ كۆردۈم، بىر مۇسۇلمان ئايال ھەتتا مېنى ئىئوردانىيىلىككە ئوخشۇتۇپ ئەرەبچە سۆزلەپ كەتتى. شۇنىڭغا دىققەت

قىلدىمكى، تەكشۈرۈش ھەممەيلەنگە ئوخشاش، ھېچ كىم بۇرۇتى، ياكى چۈمبىلى سەۋەبلىك ئەزەۋەيلەپ تەكشۈرۈلمىدى. تەكشۈرۈشنى كۈتۈۋېتىپ ئەتراپىمدىكى باشقا چەتئەللىكلەرگە قارىدىم ئۇلارنىڭ چىرايىدا خۇددى ئۆز ئۆيىدە تۇرۇۋاتقاندەك خاتىرجەملىك جىلۋە قىلاتتى ، بۇيەردە قورقۇۋاتقان، ئارتۇقچە خاۋاتىرلىنىۋاتقان پەقەت مەنلا ئىدىم، تۇگۇلىۋالغان پەقەت بىر ئۇيغۇرنىڭ ئاجىز گەۋدىسى ئىدى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ، نېمىشكە بىز دائىم مۇشۇنداق ئەنسىزلىك، خۇدۇك، گۇمان ئىچىدە ياشايمىز. نىمىشقا توغرا نەرسىنى توغرا، خاتا نەرسىنى خاتا دېيەلمەيمىز؟ نېمىشقا نارازىلىقلىرىمىزنى هاراقتا، غەيۋەتكە، لايغەزەللىككە يەم قىلىۋېتىمىز؟مەنچە قانۇنلۇق بىر پۇقرانىڭ بەلكى بىر بۆلۈك پۇقرانىڭ ئۆز ۋەتىنىدە داۋاملىق قورقۇمسىراپ، ئەندىكىپ ياشىشى، ئىشەنچتىن خالى دائىم نازارەتتە تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىشى، ئۆزىنى تاشلىۋېتىلگەندەك، ئېگىسىز قالغاندەك ھېس قىلىشى، ھەمكارلىشالماسلىقى، دائىم سىياسىي پەرمانلارنىڭ مەجبۇرلىشىدا زورىغا ئالغا سۆرۈلۈشى مەنچە شۇ دۆلەت ئۈچۈن ھەر قانداق زوراۋانلىق خەۋپىدىنمۇ قورقۇنچلۇق خەۋپ ئىدى.

بارلىق تەكشۈرۈشلەر تۈگەپ ئايروپىلان ئالمىشاي دەپ تۇرسام مەن بىلەن بىللە كەلگەن ئايال مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭغا ئايرودورومدىن تېلېفون ئۇرماقچىلىقىمنى، لېكىن تېلېفونۇم يوقلىقىنى ئېيتقان ئىدىم. ئۇ ماڭا تېلېفونىنى بېرىپ تۇردى ۋە ماڭا يولۇمنى كۆرسىتىپ قويدى. مۇنداق ياردەمسۆيەرلىكنى تۆرت سائەتكە يېقىن ئايروپىلان ساقلاش جەريانىدا كۆپ ئۇچراتتىم، كىشىلەر بىر بىرىگە يول كۆرسىتىشەتتى، تاپالمىغانلارنى يېتىلەپ ئاپىرىپ قوياتتى. مېنى ئايرودورومدا قىزىقتۇرغان بىر ئىش مۇشۇك ئېيىقنىڭ رەسىمى ۋە ئىككى دەيزۇ ئايالنىڭ سۈرىتى قوشۇپ چىقىرىلغان مۇراجەت تاختىسى بولدى. تاختىغا تەبىئى موھىتنى قوغداش بىلەن يەرلىك خەلقنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ياشاش شارائىتىنى ياخشىلاش ھەققىدىكى مۇراجەتكە ئوخشاش مەزمۇن يېزىلغان ئىدى. بۇنداق ئىلان تاختىسىنىڭ مۇشۇك ئېيىقنىڭ ۋە

دەيزۇلارنىڭ ۋەتىنى بولغان جوڭگۇدىكى بېيجىڭ ئايرۇدورۇمىدا ئەمەس، مۇشۇك ئېيىق ۋە دەيزۇلارنىڭ سايىسىمۇ بولمىغان ئامېرىكىدىكى چىكاگو ئايرودورۇمىدا كۆرۈلۈشى مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. شۇئان كۆز ئالدىمغا قەشقەرگە ماڭىدىغان يولدىكى بوستانلىقلاردا يەر ئېچىش ئۈچۈن بۇزۇلۇۋاتقان جاڭگاللار، كېسىلىۋاتقان ئورمانلار، يۇلغۇنلار كەلدى، يۇرتۇمىدىكى ئۈنى ئۆچكەن تورغاي، كۇركىرىماس بولغان پاقا، پىشايۋانلاردىن غايىپ بولغان قارلىغاچ بىر بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى. ئۇلار ھەققىدە ھېچكىم مۇراجەتنامە چاپلىيالمايتتى. يېڭى يېزا قۇرىمىز دەپ دېھقانلارنىڭ يول بويىدىكى، كۆزگە چېلىقارلىق يەردىكى خام كېسەكلىك تاملىرىنى چېقىۋاتسا، تەرەققىيات رايۇنى قۇرىمىز دەپ بىچارە دېھقاننىڭ ئەللىك يىللىق توختام بىلەن ئالغان يېرىنى يوقىلاڭ باھاغا ساتقۇزىۋاتسا، يەر ھۆكۈمەتنىڭ دەپ 2009-يىلدىكى يەرگە 1995-يىلدىكى ئەسلى سېتىۋالغان باھا بىلەن پۇل بېرىپ قاقشىتىۋاتسا مۇراجەت چاپلانمايتتى، شەيخ سەئىدى ھەزرەتلىرى مېھمان بولغان، ئىمادىدىن قەشقەرى، مەھمۇد قەشقەرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپلار ئىلىم تارقاتقان، بوۋام ئات چاپقان، مومام رەستىلىرىنى كەزگەن تەۋەرۈك قەشقەر چېقىلىۋاتسا ھېچكىم مۇراجەت چاپلىمايتتى. ھەممە سەمىمىي تەكلىپ، پۈتۈن قانۇنىي ھوقۇق، ھەممە ئاڭلىق تەشەببۇس، بارلىق ھەق سۆزلەر غەيۋەت قارىنىدا قايناماقتا، ھاراقتا، خىرۇئىنغا، ئەيدىزگە ئايلىنىپ بۇ خەلقنىڭ ئوبرازىنى، ئارمانىنى، كەلگۈسىنى يالمىماقتا ئىدى. ئون مىليوندىن ئارتۇق خەلقنىڭ ئەڭ سەمىمىي، ئەڭ ئەقەللىي تەلەپلىرى بۇۋاپا دۇنيادا بىر مۇشۇك ئېيىقچىلىكمۇ زىلزىلە قوزغىيالمىغان ئىدى.

# سالام، ھۆر شىتات

كانزاس ئامېرىكىدىكى ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە قۇللار كۆپ، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان شىتات بولۇشىغا قارىماي قۇللۇقنى بىكار قىلىش تەرەپتارى بولغانىكەن. ئايرۇپىلاندىن چۈشۈپ يولدىكى تاختىلاردىن ھۆر شىتات دېگەن ئىسىمنى كۆپ چېلىقتۇردۇم. ماڭا «ھۆر شىتات» دېگەن سۆز تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈندى ۋە «ھەرنىمە بولسا ھۆرلۈك ئەنئەنىسى بار كىشىلەرنىڭ قېشىغا كېلىپتىمەن» دەپ ھاياجانلاندىم. مېنى ئالغىلى چىققان موڭغۇل بالىمۇ بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ھۆر پىكىرلىك دەپ تەرىپلىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئىچكى ئۇرۇشتا كانزاس شىتاتىغا قوشنا بولغان مىززورى شىتاتى قۇللۇقنى ھىمايە قىلغانىكەن. مىززورىلىق قۇلدارلار كانزاسقا ھۇجۇم قىلىپ قىرغىنچىلىق قىلىپتۇ. شۇڭا ھازىرغىچە بۇ زىددىيەتنىڭ ئىپادىلىرى مەۋجۇدكەن. ئەڭ گەۋدىلىك يېرى، مىززورى قايىسى شىتات بىلەن مۇسابىقىگە چۈشسە كانزاسلىقلار قارشى تەرەپكە چاۋاك چالىدىكەن. كانزاسلىقلارنىڭ مۇسابىقىدىن ئەڭ ھاياجانلىنىدىغىنى مىززورىنىڭ ئۇتتۇرۇشى ئىكەن. مەن بۇرۇن موڭغۇل باللارغا دەرس بەرگەن بولغاچ چىرايى بىزنىڭ قازاق قېرىنداشلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ مىللەت باللىرىنى خېلى ئوبدان چۈشىنەتتىم. يول بويى قىزغىن مۇڭداشتۇق. ئۇ مېنىڭ تىلشۇناسلىقتا ئوقۇغىلى كەلگىنىمنى ئاڭلاپ «بۇ كەسىپتە بۇ يەدە ئاساسەن چەئەللىكلەر ئوقۇيدۇ، ئامېرىكىلىقلار بۇنداق ئابستىراكىت كەسىپلەردە ئاز» دەپ تونۇشتۇردى. مەن كۆڭلۈمدە ئانچە قايىل بولمىدۇم، چۈنكى تىلشۇناسلىق ساھەسىدە ئامېرىكا دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى، بۇ مەكتەپنىڭ تىلشۇناسلىق پىروپېسسورلىرىمۇ ئامېرىكىلىقلار ئىدى. ئۇنىڭ گەپلىرى «بۇنداق كەسىپ ئامېرىكىدا

ئەسـقاتمايدۇ، نەپسـىز كەسـىپنى ھـېچ كـىـم ئۆگەنمەيـدۇ» دېـگەن قارىشـىدىن كەلـگەن بولـۇپ، دادىسـىغا ئەسـقاتمىغان كەسـپنىڭ مـاڭىمۇ پايدىسـىزلىقىنى بىـر ئامال قىلـىـپ ئىسـپاتلاپ بېرىشۋاتـاتتى. بـۇ ئېنىمىزمـۇ جان بـېقىش بـىلەن شەخسـى قىزىقىشـىنى ئايرىلاشـتۇرۇپ قويۇشاتـاتتى. ئىنسـانىنىڭ قىزىقىشـىنى ئېتىبارغا ئالمايدىغان مائارىپ ئىنسانىنى مۇشۇنداق قىلـىـپ قويسا كېـرەك. ئـۇ بالا دادىسىنىڭ ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتىتىدە موڭغـۇل تىلـى پروفېسسورى ئىكەنلىكىنـى ئېيتتـى، ئەمـا ئـۆزى موڭغـۇلچە ئۇقمايـدىكەن، مەن ئۇنـىڭ موڭغۇلچە ئۇقمايمەن دېگەن سۆزنى شۇنچە تەبىئـى دېگىنىـدىن ھەيـران قالـدىم. بـۇ ماڭـا چىڭگىزخانىنـىڭ 800 يـىل بـۇرۇنقى ئـات بـىلەن ياراتقـان سـەلتەنىتى ۋە شۇ سەلتەنەتنىڭ تىرىك ۋارىسلىرى بولغان بۈگـۈنكى موڭغـۇل ياشلـىرى ئەجـداد بـىلەن ئەۋلاتنـى باغلايـدىغان خاسـىيەتلىك رىشـتەــ ئانـا تىلـىـدىن ئۇنىسـىز خوشلىشـــىۋاتقاندەك تۇيغــۇ بەردى. مەن بـــۇرۇن دەرس ئـــۆتكەن موڭغـــۇل ئوقۇغۇچىلارنىـڭ بەزىلـىرىنىـڭ ئىسـمىنىڭ خەنسـۇچە ئىكەنلىكـىگە، ئۇلارنىـڭ بەزىلىرىنىــڭ جىددىيلەشـىـە موڭغــۇلچە سـۆزلىيەلمەيدىغانلىقىغا دىقـقەت قىلغـان ئىـدىم. گەرچە ئـۇلاردا بىزدىكىـدەك مەجبۇرى قـوش تىللىـق مائارىـپ يولغا قويۇلمىغان، ئانـا تىلـدا ئوقـۇش مەمـۇرىي ۋە ئىختىسـادىي ۋاسـتىلەر بـىلەن تەشـەببۇس قىلىنىۋاتقــان، رىغبەتلەنـدۈرۈلۈۋاتقان بولسـىمۇ موڭغۇلچىنىــڭ يىگىلىشـى ئېغىـر مەسـىلە ئىـدى. موڭغـۇل ئـۆكىمىز بـۇ مەكتەپتە 1200دىـن ئـارتۇق خەنسـۇ ئوقۇغـۇچى بـارلىقىنى سـۆزلەپ بەرگەنـدە ھەيـران قالـدىم ۋە خۇرسەن بولدۇم. 27 مىڭغا يېقىن ئوقۇغـۇچى ئىچىـدە مـۇنچە كـۆپ خەنسـۇنىڭ بولۇشى جوڭگونىڭ كەلگۈسى ئۈچـۈن بىـر ئۈمىـد ئىـدى. مەن بـۇ سـاندا پۇقرالار پەرزەنتىنىڭ پىرسەنتىنى ئويلۇنۇپ قالدىم.

لاۋرېنس دېگەن بۇ شەھەر بىـر ئۇنىۋېرسىتىت شـەھرى بولـۇپ 88مىڭ ئاھالە ياشـايدىكەن. سـانائەت ئاساســەن يوقنىــڭ ئورنىــدا بولــۇپ دېھقــانچىلىق ۋە مۇلازىمەت ئاساس ئىكەن. بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى كـانزاس شـىتاتىدىكى قۇللۇققا قارشى بايراقدار ئاموس ئادامس لاۋرېنس دېگەن كىشىنىڭ ئىسمىدىن كەلـگەن بولۇپ مەزكۇر كىشى بـۇ شـەھەرنى قۇرغـۇچىلاردىنكەن. شـەھەرنىڭ تـۆرت پەسـىل ئېنىـق، ھەمـمە يەر يېشـىللىق بـىلەن تولغـان، ھاۋاسـىدىن گۈپۈلـدەپ تۇرلـۇك كـۆكـات ۋە يـاۋا گۈللەرنىـڭ ھىـدىلا پۇرايـدىكەن. كىچىكىمـدىن يېزامـدا قۇشـلار

ناۋاسى بىلەن ئۇيغۇنۇپ كۆنگەن مەندەك سەھرا بالىسىغا بۇ يەردىكى ھەر خىل قۇشلارنىڭ يېقىملىق چورقىراشلىرى بىلەن ئۇيغۇنۇش غەمسىز بالىلىقىمنى ئەسلەتتى. بىزنىڭ ۋەتەندە بار قارىغاي، ئۈجمە، ئۈزۈم، ئارچا، قارا ياغاچلارنى مەكتەپ ھويلىسىدا كۆرۈپ بىر قەدىناسلىقنى ھېس قىلدىم. زېمىنىمىز، چىرايىمىز، تىلىمىز ھەرخىل بولسىمۇ، جانلىقلار ۋە جانسىزلار جىق پەرقلەنمىسە كېرەك. قەلبىمىزگە ۋە يەر يۈزىگە سىزىلغان سۈنئى چىگرىلار ئىنساندىن باشقا جانلىقنىڭ كۆكتىكى يۇلتۇزلاردەك تارىلىشىنى چەكلىيەلمىگەن بولسا كېرەك. ئەسلى بىزمۇ باشقا جانلىقلاردەك ئەركىن يارىتىلغان، لېكىن ئىنساندىكى شەخسىيەتچىلىك ۋە بۇنىڭ كوللېكتىپ ئىپادىسى بولغان مىللەتچىلىك ئاللاھ ئەقىل ۋە سۆيگۈ بىلەن بېزىگەن دىلىمىزنى ۋە قوۋناق ھايات بىلەن بىزىگەن زېمىنىمىزنى چىگرا، توساقلار ئارقىلىق ئايرىۋەتكەن، قاشالىۋەتكەن. بۇ يەردە كانزاس ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە يەنە بىر ئىنستىتۇت بار ئىكەن. شەھەر ھاياتى مۇشۇ ئىككى مەكتەپنى مەركەز قىلىپ ئايلانسا كېرەك. كوچىلاردا پىيادە كېتىۋاتقان ئادەمنى ئاساسەن كۆرگىلى بولمايتتى، خۇددى بۇ يەردە يوللار ماشىنىلار ئۈچۈن ياسالغاندەكلا. ئەگەر پىيادىلەر يولدىن ئۆتمەكچى بولسا ماشىنىلىق كىشى مۇتلەق ھالدا پىيادە ئادەمگە يول بېرەتتى. مەن بۇنى تۈركىيەدىمۇ بايقىغان ئۇ يەردىمۇ ماشىنىلار خېلى يىراقتىن توختاپ پىيادىلەرگە يول بېرەتتى. قارىغاندا ماشىنا بايلىق ۋە ئەمەلنىڭ بەلگىسى ئەمەس پەقەت بىر قاتناش قورالى دەپ قارىلىدىغان يەرلەردە مۇشۇنداق بولسا كېرەك، بولۇپمۇ كىشىلەر بايلىق ۋە ئەمەل دەرىجىسى بويىچە رۇشەن تەبىقىلەرگە بۆلۈنمىگەن ئەللەردە.

مەيلى چىكاگو كوچىلىرى بولسۇن ياكى كانزاس ۋەياكى لاۋرېنس بولسۇن ھەممىسى ئورمان ۋە چىملىق بىلەن قاپلانغان بولۇپ شەھەر بەرپا قىلىنغاندا يېشىللىق ئادەمگە ئەمەس ئادەم يېشىللىققا ماسلاشقاندەك قىلاتتى. بىنالار يەر يۈزى قانداق بولسا شۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ سېلىنغان بولۇپ، ئىنسان تەبىئەتكە قىستىلىۋالغاندەك، ئۈستىگە بەدەشقان قۇرۇۋالغاندەك ئەمەس

ئۇنىڭغا ئۆزلىشىپ سىڭىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىكەن. بۇلارنى كۆرۈپ ئىچكىردىكى مەلۇم ئالى مەكتەپتە بىر مۇتەخەسسىنىڭ «غەرپ مەدەنىيىتى تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش بەدىلىگە زامانىۋى پەنگە ئېرىشتى، جوڭگولۇقلار تەبىئەتكە ماسلىشىپ ياشاش يولىنى تاللاپ پەندىن قۇرۇق قالدى. غەرپلىكلەر پەن ھەممىنى ھەل قىلىدۇ دەپ قارايدۇ، جوڭگو مەدەنىيىتىدە تەبىئى قانۇنىيەتلەرگە بويسۇنۇپ ياشاش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق تەكىتلىنىۋاتقان ھازىرقى دۇنيادا جوڭگو مەدەنىيىتىدىكى بۇ ئەۋزەللىك غەرپنىڭ ئۆلگە ئېلىشىغا ئەرزىيدۇ» دېگىنى ئېسىمگە كەلدى. ئەينى چاغدا بۇ قاراش ماڭا توغرىدەك تۇيۇلۇپ دەرسخانىلاردا سۆزلەپ يۈرۈپتىكەنمەن. ئامېرىكىدا نەگە بارسام چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلۇق تۈنلەرنى، بوۋاقنىڭ كۆزىدەك سۈپسۈزۈك ئاسماننى كۆرۈپ كىمنىڭ كىمدىن ئۆلگە ئېلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە باشقىچە تونۇشقا كەلدىم. شەھەردىكى بىنالار ئاساسەن بىر قەۋەت ياكى ئىككى قەۋەتلىك بولۇپ مەن بۇ شەھەردە تېخىچە بەش-ئالتە قەۋەتتىن ئېگىز بىنا كۆرۈپ باقمىدىم، ھەممە يەر كەڭ، يوغان ئازادە، ئادەملەر شۇنچە شالاڭ، خاتىرجەم. خۇددى ۋەتەندىكى چېغىمدا مەن تېلۋېزورلاردا كۆرگەن ئىختىسادىي كىرزىس، چوشقا زۇكۇمى، ئۇرۇش ۋەھىمىسى سەۋەبىدىن كىشىنى ۋەيران بولغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدىغان ئامېرىكا باشقا بىر سەييارىدىكى دۆلەتتەكلا. نەرسە كېرەكلەرنىڭ باھاسىمۇ شۇنداق ئەرزانىكەن. بىر چامادان كومپيۇتىر ئالدىم 349 دوللارغا، بۇ يەردىكى مەن ئۇچراشقان جوڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ماشىنىسى بار ئىكەن، يامان ئەمەس بىر ماشىنا ئاران مىڭ دوللار ئەتراپىدا ئىكەن.(مەن ئەزەلدىن ماشىنىغا قىزىقمايمەن، شۇڭا قايسى ماركىدىكى ماشىنا ئىكەنلىكىنى مىڭ يادلىساممۇ ئېسىمدە قالمايدۇ)، بىر بوتۇلكا 100%ساپ لېمون شەربىتى ئاران بىر يېرىم دوللار (مەكتەپتە شۇنداق سىرتتىكى تاللا بازارلىرىدا تېخىمۇ ئەرزان)... بىزنىڭ يۇرتلاردىكى شەھەرلەرنى سېمۇنتلاشتۇرۇش، چىملىقلاشتۇرۇش، شەھەردە يەرلىك دەرەخلەرنى يوقۇتۇپ ياتلاشتۇرۇش، تولا دەرەخ ئالماشتۇرۇپ قاقاسلاشتۇرۇش بۇ يەردە يوقتەك ئىدى. بەلكىم بايىنى دوراش مودىسى سەۋەبىدىنمۇ قانداق بۇ يەردىكى چىملىق ئەڭ چەت ئۇيغۇر يېزىلىرىغىچە ئومۇملاشتۇرۇلغانىدى. « ئامېرىكا جاھانگىرلىكى» نىڭ چىمى

پۈتۈن يۇرتىمىزنى قاپلاپ بولغان ئىدى. دېمەك سىز باي بولسىڭىز، تەرەققىي بولسىڭىز ھەممە نەرسىڭىز مۇدا بولۇدۇغان گەپكەن. قىزلار ئۈرۈمچىدە بەس بەستە كېيىپ كەتكەن گاچا ئىشتان، يېڭى يوق ئۇزۇن كۆينەك، يوتىنى ياپالماس يوپكا، خىپ خاپ ئىشتان... كىم بۇلارنى ئامېرىكا كوچىلىرىدىن ئاۋال ئۈرۈمچىگە ئاندىن غۇلجا، قەشقەر، كۇچا، خوتەنگە تارالمىدى دېيەلىسۇن. لېكىن بىزنىڭ تەرەققىي ئەللەردىن قوبۇل قىلىۋاتقىنىمىز پەقەت كۈنسىرى ئالمىشىپ تۇرىدىغان مودا قىياپەت، ئالدامچى شەكىل. شۇ قىياپەت ۋە شەكىل ئىچىدىكى ئىنسانىنىڭ مۇستەقىللىقى، ئىجادچانلىقى، تەرتىپچانلىقى، سەممىيلىكى تېخى بىزگە قوبۇل بولۇشتىن يىراق. تۇنجى كەلگەن كۈنى مېنى ئايرىدورۇمدىن ئەكىلىپ قويغان موڭغۇل ئۇكىمىزغا پۇل تەڭلىسەم ئالمىدى، سەۋەبىنى سورىسام «بۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خالىسانە مۇلازىمىتى، بىزگە ماي پۇلى دېگەندەك چىقىملارنى باشقىلار ئىئانە قىلغان، شۇڭا پۇل ئالسام بولمايدۇ» دېدى. ئۇ كۈنى كېچە سائەت 11دىن ئاشقان بولۇپ ئۇ ئۇكىمىز ماڭا تۇرىدىغان يېرىمنى تېپىپ بېرەلمەي كۆپ مالال بولغان ئىدى. مەن بۇلارنى باشقىلارغا دەپ يۈرمەيدىغانلىقىمنى ئېيتىپ پۇلنى ئېلىشقا ئۈندىسەم «بۇ دېگەن ئامېرىكا، بۇ يەردە سەممىيلىك مەسىلىسى بار» دەپ مېنى خىجىل قىلدى. ئۇ كۈنى مەزكۇر ئۇكىمىز پۇلنى ئالسا تامامەن بولاتتى، مەن پۈتۈنلەي رازى بولۇپ بەرگەن. بۇ ئۇنىڭ ئىش ھەققى ئەمەس مۇكاپاتى ئىدى. ئەمما ئۇ ئېلىشنى رەت قىلدى، چۈنكى بۇ يەردە ئېقىۋاتقان پىرىنسىپ كىشى كۆرسۇن كۆرمىسۇن كۈچىنى كۆرسىتىۋېرىدىغان سەممىيلىك پىرىنسىپى ئىدى. دىنىنى مەنبە قىلغان خالىسلىق ئومۇملاشقان جەمىيەتتىكى ئەسلىي «خۇدا ھەممە ھەممىنى كۆرۈپ بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» دېگەن ئەقىدىدىن كەلگەن پىرىنسىپ بۇ دۆلەتتە مەزكۇر دىنغا ئىشەنمەيدىغان كىشىلەرنىڭمۇ ھەرىكەت مىزانىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى.

ئەگەر شۇ ئۇكىمىز ئىچكى موڭغولدا ياكى شىنجاڭدا بولسا شۇنداق دېيەلەيتتىمۇ؟ خالىسلىقتا، سەممىيلىككە بۇ قەدەر ئەمەل قىلالايتتىمۇ؟

ياق، چۈنكى ئادەم مۇھىتىنىڭ مەھسۇلى، جەمىيەتتە قايسى ئادەت مۇدا بولغان، قايسى پىكىر ئومۇملاشقان بولسا ئاجىز ئىنسان تەبىئىي ھالدا شۇنىڭغا ماسلىشىدۇ، ھەم ماسلاشمايمۇ ئامالسىز. بۇ قانداقتۇر قايسى مىللەتتىكى نۇقسان، ئەيىپ ئەمەس جەمىيەت مېخانىزىمىدىكى ناچار ماتورنىڭ مەسىلىسى، مۇشۇ مېخانىزىمنىڭ تۈرتكىسىدە ياشاۋاتقان ئىنسان ياكى ئىنسانلار توپى بولغان مىللەت پەقەت يۇقارقى قۇرۇلمىنىڭ تەلىپى بىلەنلا ھەرىكەت قىلىدۇ خالاس. شۇڭا كىشىلىرىمىزنى «بىلىم قۇت بەلگىسىدۇر» دەپ تەربىيەلەيدىغان يۇسۇپ خاس ھاجىپتىن ئارىمىزدا مىڭى چىقسىمۇ، «ئىسراپچىلىقنى تۈگىتەيلى» دەپ ماقالە يازىدىغان ئەختەم ئۆمەردىن يۈزمىڭى چىقسىمۇ ئۇيغۇر بىلىمسىزلىكلىكىنى ۋە ئىسراپخورلۇقنى داۋام قىلىۋېرىدۇ. چۈنكى بىلىمنىڭ، بىلىملىكنىڭ قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئىسراپچىلىقنى توسايدىغان ئېنىق تەدبىر ۋە بۇلارنىڭ كەينىدىكى قانۇنىي كاپالەت ۋە مەنىۋىي تۈۋرۈك يوقنىڭ ئورنىدا.

مەن كارىدورلاردا، لىفىتتە ئۇچرىشىپ قالغان كىشىلەرنىڭ بىر بىرىگە سالام قىلىپ ئۆتۈۋاتقىنىنى، ئاياللار-قىزلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشىك ئېچىپ بېرىپ ساقلاپ تۇرۇۋاتقىنىنى، مەمۇرلارنىڭ ئىنگلىزچىنى ياخشى سۆزلىيەلمەيدىغان چەتئەللىكلەرگە بىر جۈملىنى قايتا قايتا دېگۈزۈپ ئۇلارنىڭ مەقسىدىنى چۈشەنگىچە سەۋرچانلىق قىلىۋاتقىنىنى، ماشىنىسى دوقۇرۇشقانلارنىڭ ئالدى بىلەن قارشى تەرەپكە يول بېرىۋاتقىنىنى، قىزىل چىراقسىز بىرلا «توختاڭ» دېگەن بەلگە بىلەن كىشىلەرنىڭ شۇنچە بىخەتەر قاتناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۈركىيەدە ئاڭلىغان «غەرپلىكلەر مۇسۇلمان بولمىغان بىلەن مۇسۇلمانلىق سۈپەتتە ياشايدىكەن» دېگەن سۆزنىڭ راستلىقىغا چىنپۈتتۈم. مەكتەپ باغچىلىرىدا توپلىشىپ تاماكا چېكىپ، ئۆتكەن كەچكەنلەرگە بىپەرۋا پاراڭ سېلىشىپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلار بىر بولسا ئەرەبلەر يەنە بىر بولسا خەنسۇلارئىكەن. قارىغاندا ئامېرىكىلىقلار «مۇسۇلمانىنىڭ مۇسۇلماندا سالام قەرزى بار، تاماكا چېكىش ھارام » دېگەن ئىسلامىي پىرىنسىپنى ئۆز ھەرىكەتلىرىدە ئىزچىللاشتۇرغان بولسا كېرەك.

# ئامېرىكىدىكى تۇنجى چۆچۈرە

ئاخشىمى تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتىم، تۇيۇقسىز ئىشىك ئالدىمىدا ئۇيغۇرچە ئاۋازلار ئاڭلىنىپ كەتتى، خاتا ئاڭلاپ قالغان چېغىم دەپ ئولتۇرسام ئىشىك بوش چېكىلدى. چىقىپ قارىسام، ئىككى ئۇيغۇر ئايال ۋە بىر ئون ئىككى ياشلار چامىسىدىكى قىز ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپتۇ. دەقىقە ئىچىدە مەڭدەپ تۇرۇپلا قالدىم ۋە دەرھال ئېسىمگە كېلىپ ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم. ئۇلار مېنى سىرىتتا پاراڭلىشىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى مۇشۇ مەكتەپتە دوكتورلۇقتا ئوقۇيدىكەن يەنە بىرى لاۋرېنستىن ئۈچ سائەت يىراقتىكى بىر شەھەردە ياشايدىكەن، قىزچاق ھېلىقى ئۈچ سائەتلىك شەھەردىن كەلگەن خانىمنىڭ قىزىكەن، ئانىسى ئۇ قىزنى ماڭا ئۇيغۇرچە سۆزلەشكە دەۋەت قىلىۋېدى، شۇنداق خوش بولدۇم. قىزچاقمۇ ئۇيغۇرچە «تىنچ تۇردىڭىزمۇ» دېگەن سۆزنى ئۆلچەملىك تەلەپپۇز قىلدى. قىزنىڭ ئۇيغۇرچىغا ئانچە راۋان ئەمەسلىكىنى ، تۇرىۋاتقان شەھرىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا بىرمۇ ئۇيغۇر بولمىغاچ قىزنىڭ ئانا تىلدا پۇختا ئەمەسلىكىنى خىجىلچىلىق ئىچىدە بايان قىلىۋېدى، شەھىدە ئىسىملىك بۇ ئۆلچەملىك ئۇيغۇر چوكاندىن سۆيۈنۈپ كەتتىم. شەھىدە مېنى كۆرۈپ مەندىنمۇ بەكرەك ھاياجانلانغان بولسا كېرەك، ماشىنىسىنى ھەيدەشتە ئۆزى ئەڭ تونۇش يولدىمۇ راۋان ماڭالماي تولا ئازدى، سۆزلەپ هارمايتتى، قەشقەرنى، غۇلجىنى ،خوتەننى، كۇچانى، سورايتتى، ئۈرۈمچىدە يەپ بولالماي ئاشۇرۇپ قويغان ئاخىرقى لەغمەن، ئاچچىقىدا ئۈرۈشۈپ سالغان ئۇيغۇرخىزمەتدېشى، قوپاللىقى ئۈچۈن دەككىسىنى يېگەن ئۇيغۇر ساقچى، قاتارلىقلار ھەققىدە سېغىنىش ئىلكىدە قىزىشىپ سۆزلەيتتى. كۆڭلىنى رەنجىتكەنلەرنى بىر-بىرلەپ سانايتتى، ئۇلاردىن ماڭىدىغان چاغدا ئانا تىلدا كەچۈرۈم سورىۋالمىغىنىغا نادامەت چېكەتتى. بىز

ئاۋال ئۇلاش -چولاش كىنو كۆرگەن بولدۇق، لېكىن كىنو بىزنى كۆردىمۇ ياكى بىز كىنونى كۆردۇقمۇ بىلەلمەيلا زالدىن قايتىپ چىقتۇق. نېمە يەيدىغانلىقىمنى، نېمە دېسەم ئېتىپ بېرىشكە ھازىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى. مېنىڭ ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ ھەممىنى يېگۈم بارتى، تاللاشقا مەجبۇر بولغىنىم ئۈچۈن چۆچۈرىنى تاللىدىم. ئۇلار بۇ شەھەردىكى بىردىنبىر ھالال قوي گۆشى ساتىدىغان قاسساپتىن ئالغان گۆش بىلەن چۆچۈرە قىلىشقا تۇتۇندى.(بۇ يەردە قوي، كالا، توخۇ قاتارلىق گۆشلەرنى تاپماق تولىمۇ قولاي بولسىمۇ، لېكىن ھالاللىرىنى تاپماق ئاسان ئەمەسكەن، چۈنكى بۇ شەھەردە ئامېرىكىنىڭ يېڭى كۆچمەنلەر بىر قەدەر كۆپ ئورۇنلاشقان چىكاگو، لوس ئانجېلىس، نىيويورك قاتارلىق شەھەرلىرىدىكىدەك مۇسۇلمانلار كۆپ ئەمەسكەن. گەپ ھالال تاماق مەسىلىسىگە كەلگەندە شۇنى قوشۇمچە قىلاي: ئايرۇپىلاندا كالا، توخۇ گۆشىدىن قىلىنغان تاماقلارنى باشقىلارغا سۇنغان ئامېرىكىلىق ھاۋاقىز ماڭا قاراپ «سىزنىڭ ھالال تاماقىڭىز ھازىرلا كېلىدۇ» دەپ ئەسكەرتكەندە شۇنداق سۆيۈندۈم، دېمەك ئۇ ھالال تاماقنىڭ نېمىلىكىنى بىلىدىكەن. كېيىن بىلىشىمچە ئامېرىكىدا ھالال يېمەكلىكلەر قانۇنى بار ئىكەن، بەلكىم شۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك، ئۇلار ھېلىقى گۆشتىن باشقىنى ھالال دەپ جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالمايدىكەن. بىزنىڭ ئايرۇپىلانلارنىڭ ھەممىسىدە تاماقلار ئۈستىگە ھالال دەپ يېزىپ قويۇلۇدۇ، نەدىن يولغا چىقسىڭىز «مۇسۇلمانچە» دەپ يېزىلغان تاماق ئالدىڭىزدا ھازىر، لېكىن ھاۋاقىزلاردىن سورىسىڭىز «ئەلۋەتتە ھالال، ئىشلەتكىنىمىز توخۇ ۋە كالا گۆشى» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. 20 مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان ياشايدىغان دۆلەتتە ھالال يېمەكلىكلەر قانۇنى كۈنتەرتىپكە قويۇلمىغان. ئىچكىرىنىڭ ھەممە يېرىدە مۇسۇلمان ئاشخانىسى بار، سورىسىڭىز ئوخشاش «بىز چوڭ گۆش ئىشلەتمەيمىز» دەپ جاۋاپ بېرىشىدۇ. ھەتتا بېيجىڭدىكى خېلى كۆپ زىيالىمۇ ھالال تاماق ھەققىدە بايىقى قاراشتا). گەپ يەنە ئۇيغۇرلارغا كۆچتى، ئۇيغۇرۇم يەنە تۈگمەس ئەيپلەردە تىلغا ئېلىنىشقا باشلىدى، بىر ئاز سەبرە قىلدىم، چۈنكى مەن مۇنۇ قېرىنداشلىرىم بىلەن تېخى بايىلا تونۇشقانىدىم. كۆڭلۈمدە «تونۇمىغان، ئۆمرىڭىزدە ئۇچراتمىغان بىر ئۇيغۇرنى قورقماي ئۆيىڭىزگە باشلايسىز، ئۈچ سائەت يول يۈرۈپ، ئىزدەپ كېلىپ تاماق ئېتىپ

بىرسىز، بۇ ئۇيغۇرنىڭ ئېسىللىكى ئەمەسمىكەن؟ ياكى سىلەر ئۇيغۇر ئەمەسمۇ؟» ئاخىرى ئويلىغانلىرىمنى ئېيتتىم. ئۇلار تۇرۇپلا قېلىشتى، لېكىن يەنە «سىز ئۇنداق دېگەن بىلەن قاراڭ، ئۇيغۇر دېگەن تولىمۇ گۇمانخور كېلىمىز، بىر بىرىمىزدىن كەچكىچە ئەنسىرەپ، خۇدۇكسىرەپلا ياشايمىز، ئەگەر بۇنىڭغا ياق، دېسىڭىز، سىز نېمىشقا بىرمۇ ئۇيغۇرنى ئىزدىمىدىڭىز؟ نېمىشقا بىز ئىزدەپ كىرمىگىچە كەسپدېشىڭىز ماھنۇرنى ئىزدىمىدىڭىز؟» باشقا گەپ قىلمىدىم، لېكىن مېنىڭ ئۇ دوكتۇر كەسپدېشىمنى ئىزدىمىگەنلىكىم گۇمانخورلۇقۇمدىن ئەمەس، تونىمىغان بىر ئادەمگە قانداق گەپ ئېچىشنى بىلمىگەنلىكىمدىن ئىدى. «سىز خەنزۇۋان (مىنكاۋخەن)مۇ-يە، ھەپتىگىچىمۇ بىر ئۇيغۇرنى ئىزدىمىگىنىڭىزگە قاراپ بىز سىزنى چوقۇم شۇنداق دەپ ئويلىغان». توغرا، مېنىڭ بىر ئۇيغۇرنى ئىزدىمەي باشقىلارنى ئاۋارە قىلىشنىمۇ خالىماي، ئۆزەممۇ باشقىلارغا ئاۋارە بولۇشنى ئىستىمەي بۇنداق مۆڭ يۈرۈشۈمنى ئۇلار شۇنداق چۈشەندۈرسە ۋە چۈشەنسە ھەق. بەلكىم مەن ئىچكىرىدە ئۇزاق ئوقۇپ ۋە ئىشلەپ كەتكەچكە خەنزۇۋانلارغا ئوخشاپ قالغان بولۇشۇممۇ مۇمكىن. گۇمانخورلۇق، خۇدۇكسىرەش، ئەنسىرەش قاتارلىقلار مەنچە مەندە شىنجاڭدا ئۇزاق ياشىغان دوستلىرىمدىكىدەك ئېغىر ئەمەس. مەن ئۇلارغا تۈركىيەگە بارغىنىمدا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەندىن گۇمان قىلغىنىنى سۆزلەپ بەردىم. تۇۋا كۈلكىلىك يېرى مەندىن گۇمان قىلغانلار جىياڭسۇ، جې جىياڭلىقلارغا تەرجىمانلىق قىلىپ كۆپ ئالىدىغان باللار ئىدى. تۇۋا دەيمەن، شۇلاردىن سوراپ باقسام دەيمەن، «مېنى ئىشپىيون دەيسەن، سەن كەينىڭگە مەن چۈشكىدەك نېمە ئىش قىلغانتىڭ، قايسى ئىشپىيون سەنلەردەك بېدىك، ۋاستىچىلارنىڭ كەينىدىن يۈرەر؟» بېشىمدىن ئۆتكەن يۇقارقىدەك ۋەقەلەر ئارقىلىق، مەن ئارتۇقچە گۇمانخورلۇق، سەۋەبسىز خۇدۇكسىرەش، زىيادە دېلىغۇلدۇلۇق قاتارلىق ئىللەتلەرنىڭ ھەققەتەن بىزگە چاپلاشقانلىقى توغرىسىدىكى قاراشقا قوشۇلدۇم. ئۇلار مۇشۇ ئىللەتلەرنىڭ چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىناقلىقىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان

ئامىللىقىنى تەكىتلەشتى، مەن بۇنىڭ ئىتىپاقلىقىلا ئەمەس، تەرەققىياتىمىزغا ۋە مەۋجۇدلۇقىمىزغا خەۋپ كەلتۈرۈۋاتقان تەھدىتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدىم. راستىمنى دېسەم مەنمۇ تا ھازىرغىچە ئامېرىكىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمغا گۇماندا ئىدىم، ئايرۇپىلانغا چىقىۋېتىپمۇ خۇددى ھېلى بىر كۆرۈنمەس قول مېنى تارتىپ چۈشۈرىۋېتىدىغاندەك، تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتۈۋېتىپ ھېلى بىر ساقچى مېنى ئايرىم سوراق قىلىدىغاندەك، سومكامدىن ھېلى بىر نەرسە چىقىپ مېنى بالاغا قويىدىغاندەك ۋەسۋەسىلەر بىلەن بەك قىينالغان ئىدىم. بەلكىم بۇ خىل كەيپىيات باشلىقلىرىم توختىماي بىر يېرىم يىل ئاچقان يىغىنلىرىنىڭ، ۋە ھەر يىغىندا تەكىتلىنىدىغان قورقۇنۇشلۇق ئەسكەرتىش، ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ پىسخىكامدىكى يارىسىدۇر. ئەگەر مەنمۇ دوستلۇرۇمدەك مۇنداق يىغىننى ئون نەچچە يىل ئاڭلىغان بولسامچۇ؟ ئىچكىرىدە ئىشلىگەنلىكىمگە تەسبىھلەر ئېيتتىم. ۋەتەندىن ئېلىپ كەلگەن نان بىلەن ئۇلارنى مېھمان قىلدىم، ناننى ئېلىپ كۆزلىرىگە سۈرۈپ كېتىشتى. شەھەردە ناننى كۆرۈپ ئۇخلاپ قالغان قىزنىنى ئويغاتتى. لېكىن ئامېرىكىدا چوڭ بولغان قىز ناننى كۆرۈپ ئانىسىدەك ھاياجانلانمىدى. ئەتىسى ئۇلار سەپەرگە چىقىدىكەن، مېنىڭمۇ رەسمىيەت ئۆتەيدىغان ئىشلىرىم بار ئىدى، شۇڭا ئامالسىز خوشلاشتۇق، ئەمما ئورنۇمدىن تۇرۇپ خوشلۇشۇش ئۈچۈنمۇ يېرىم سائەت كەتتى، ياتاققا كىرىپ سائەتكە قارىسام سىتىرلكا ئەتىگەن سائەت تۆتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ياتاقدىشىم ئادىتى بويىچە تېخىچە ئۇخلىماپتۇ، ئۇلارغا بۈگۈنكى خۇشاللىقىمنى سۆزلەپ بەردىم، ئۇ ئاغزىنى ئاچقانچە ھەيرانلىقتا گېپىمنى ئاڭلىدى، «بۇنداق ئىشلار، مەنچە ئەگەر دېگەنلىرىڭ راست بولسا پەقەت ئۇيغۇرلاردىلا قالدىمىكىن، ماڭا جوڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ، مېنىڭ ئۇلارغا گەپ قىلغۇممۇ كېلىپ كەتمەيدۇ، ئۇلارمۇ ماڭا پەرۋا قىلىشمايدۇ. ئەگەر سەن بۇ گەپلەرنى ماڭا دېمىگەن بولساڭ مەن دۇنيادىكى ھەممە مىللەت مۇشۇنداق بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالار كەنمەن» دېدى قويۇق جەنۇبى جۇڭگو تەلەپپۇزىدا. يانچۇغۇمنى سىلاپ قويدۇم، ماھىنۇر ئىشلىتىشكە بەرگەن ئۆيىنىڭ ئاچقۇچى، خۇداغا شۈكۈر، ئەتىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئىشلەتكەن قازانغا پىلتە قىلىپ قويۇلغان لەغمەننى سېلىپ، تۈگۈپ

قويۇلغان چۆچۈرىلەرنى پۈشۈرۈپ، بىر قانچە كۈن ئۇيغۇرچە جەننەتنىڭ هوزۇرىنى سۈردىغان بولدۇم.

# ئامېرىكىدا ئەمەلگە ئاشقان ئاپتونومىيەم

زىيالىينىڭ جەمىيەتتىكى روللىرىنىڭ بىرى دۇنيادىكى يېڭى ھادىسە ۋە شەيئىلەرنى نۇتۇق ۋە يازما ئارقىلىق ۋاقتىدا خۇلاسىلەپ مەزكۇر جەمىيەت ئەھلىنىڭ تەپەككۇرىغا ئاراچ يارىتىشتۇر. بىز بۇ يەردە ئاراچ دېگەندە تىلنىڭ تەپەككۇر جەريانىدىكى پىكىر قىلغۇچى بىلەن پىكىر ئوبىكتى ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچىلىق رولىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمىز. ئۇيغۇرچە مەيداندا تۇرۇپ دۇنيا ۋەزىيىتى، ئىقتىسادىي يۈزلىنىش ۋە ئىدېيىۋىيى ئېقىملارنى چۈشەندۈرۈپ، خۇلاسىلەپ، تۇرىدىغان زىيالىيلىرىمىز بولمىغاندا خەقلەرنىڭ ئاشقازىنى شاما قىلىۋەتكەن ئەبجەش قاراشلارنى تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق جاھاننىڭ ئىشلىرىنى چۈشىنىدىغان بېقىندى ھالغا چۈشۈپ قالىمىز. دۇنيانى بىۋاستە ئۇيغۇرچە چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن دائىم يېڭى سۆز ئاتالغۇلارنى پەيدا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەتتا بەزىدە ھەممە ئادەم بىلىدىغان، لېكىن مەنىسى ھەققىدە ئانچە ئويلۇشۇپ باقمايدىغان سۆزلەرنى ئاكتىپلىتىش ئارقىلىق مەزكۇر چۈشەنچەگە بازار ھازىرلاش تولىمۇ ئەھمىيەتلىك. «ئۆيۈم مېنىڭ بىردىن بىر ئاپتونومىيەمدۇر» دېگەنىكەن ئابدۇقدىر جالالىددىن، ماڭا بۇ گەپ بەك تەسىر قىلدى. ئەگەر بىز ئاۋال ئاپتونومىيە دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ ئىشلىتىپ تۇرساق، چۈشەنمەيدىغانلارغا بىر ئەسكەرتمە بولۇشى مۇمكىن، ئاندىن ئۇنىڭ ھەقىقى مەنىسىگە ئىنتىلىدىغانلار چىقىدۇ. مەن 2- ئىيۇندىن بۈگۈنكى 12- ئىيۇنغىچە بىر فورداش(فورد مۇكاپاتىغا بىللە ئېرىشكۈچى) نىڭ ئۆيىدە «يېرىم مۇستەملىكە» لىك ھاياتىمنى تەستىرەك كەچۈرۈۋاتاتتىم، خەلقارا مۇكاپاتلىق ئوقۇغۇچىلار ھەمكارچىسى جەرى خانىم بۇ مەسىلەمنىمۇ خۇددى باشقا ئىشلىرىمنى چۈشلۈك ۋە كەچلىك دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى قۇربان قىلىپ بېجىرىپ بەرگەندەك ماشىنىسى بىلەن يۈرۈپ بىر پەستە ھەل قىۋەتتى. (بۇ يەردە ھەممە ئادەمنىڭ دېگۈدەك ماشىنىسى بولغاندىن كېيىن ماشىنا بولمىسا ئاپتوبۇس جىق يەرلەردە يوق، تۇرمۇش شۇنداق بىقولاي.) مەن

بۇ قىزنى شۇ ياشتىكى باشقا قىزلارغا سېلىشتۇرۇپ سۆيۈنۈپ قالدىم. ئۇنىڭ كېيىنىشى تەلىيىمگە ئانچە بەك ئوچۇق ئەمەس ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ باشقا گەپلىرىدىن خەلقئارالىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆپ ئارىلاشقان بولغاچقا يۈرۈش تۇرۇشتا باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى بىلدىم. جەرى ماڭا لاۋرېنستىكى ئاشخانا ۋە مۇسۇلمانلارغا مۇناسىپ تاللا بازارلىرىنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بەردى ۋە ئۆزى ئاپىرىپ كۆرسىتىپ قويدى. ئۆيۈمنىڭ ئاچقۇچىنى ئالغاندا ئاپتونومىيەم ئەمەلگە ئاشقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ ھاياجانلاندىم. نەچچە كۈندىن خەقنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ تىزىكرەكمۇ تىنالماي، ئاۋازلىق كۈلەلمەي چاراسلاشقا ۋە قاشاڭلىششقا كۆنۈشكەن نېرۋىلىرىم ئاجايىپ راھەتلەنگەندەك بولدى. ئۆينىڭ ئاچقۇچىسىنى ئېلىپ گۈيياڭلىق ياتاقدېشىمدىن، پاكىز ياكى ئەمەسلىكىنى سورۇدۇم «ئوخشىمايدۇ، ئەگەر جوڭگولۇق تۇرغان بولسا چوقۇم مەينەت» دېدى كېسىپلا. «ھەرقانچە بولسىمۇ ئامېرىكا بولغاندىكىن تۈزەتكەندۇر، بۇنداق ناچار خۇيلىرىنى» دەپ ئويلاپ ئانچە ئەنسىرەپمۇ كەتمىدىم. راست، دېگەندەك ئۆي يالىغاندەك پاكىز ئىدى. سەۋەبىنى سورىسام مەكتەپ ئۆينى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن بىرەر قۇر تازىلاپ، تۈزەپ چىقىدىكەن. ئۆيدە توڭلاتقۇ، مۇنچا، ئوچاق ۋە ئوچاقلا مۇناسىۋەتلىك مەن ئىسمىنى ۋە ئىشلىتىشىنى ئەسلا بىلمەيدىغان نەرسىلەردىن باشقا ھېچ نېمە يوق ئىدى. مەن ئايالىم ۋە بالام بارلىقىنى باھانە قىلىپ مۇشۇنداق ئوبدان ئۆيگە ئورۇنلىشىۋالغاندىم، بولمىسا مەكتەپنىڭ بويتاقلىرىغا بۇنداق ئىككى ئېغىزلىق ئۆي تەگمەيدىكەن. ئالالىسا سىرتتىن ئۆي ئىجارە ئالسا بەلكى ھەممە نەرسىسى تەل ئۆيلەرنى مەن ئالغان 400 دوللاردىن ئەرزان ئالغىلىمۇ بولارمىش. مەن ماشىنام بولمىغاچقا زەھەردەك قىممەت بولسىمۇ مەكتەپ ئىچىدىكى ئۆينى تاللىدىم. تېلېفون، تور، سۇ، توك، گاز، قاتارلىقلارنى ئايرىم شىركەتلەرگە تېلېفون قىلىپ بېجىرىدىكەنمىز، مەكتەپ پەقەت ئۆي ئىجارىسىنىلا ئالىدىكەن. بۇ ئىشلارنى پۈتۈنلەي جەرى خانىم قىلىشىپ بەردى.(ئاللاھ ئىشلىرىنى ئوڭ، بەختىنى

نۇرلۇق قىلغاي!)، خۇداغا شۈكۈر بۇنىڭ ھەقلىرىنى مەن ھېساپ ئاچقان بانكا ماڭا ۋاكالىتەن تۆلەپ بېرىدىكەن بولمىسا يەنە ماشىنىسىز، نەلەردە تەمتىرەپ يۈرەتتىم. ئۆيۈمنى تولدۇرۇشۇم كېرەك، پەقەت بولمىسا كارىۋات، شىرە، ئورۇندۇق ئېلىشىم كېرەك ئىدى. بۇنىمۇ ھەل قىلدىم، سىرىتتىن ئىككى تاق كىشىلىك، بىر ئۈچ كىشىلىك سايا تېرىۋالدىم، خۇداغا شۈكۈر ياغاچلىرى ئالامەت مۇقىم، مەن ئەمەس مەندەك مۇساپىردىن يەنە ئونىنى ئۇزاتقىدەك ئەلپازدىكى بۇ سايالار مېنى چوڭ غەملەرنىڭ بىرىدىن خالاس قىلدى. پەردە، شىرە ۋە كارىۋاتنى بىر ياپونلۇق ئايالنىڭ چاپلىغان نىمكەش جابدۇقلار تىزىملىكىدىن كۆرۈپ تېلىفون قىلدىم، ساددىلىقىمنى چاندۇرۇپ، مېنىڭ بۇ نەرسىلەرگە جىددىي مۇھتاجلىقىمنى بىلدۈرۈپ قويۇپتىمەن، ئازراقمۇ چۈشۈرەلمىدىم. تېخى مېنى باھا تالىشىشقا ئۇستىكەنسەن تۈركمۇ سەن دەيدۇ، ماختىغان قىياپەتتە. ئېسىت قەشقەرلىك ئۇيغۇر بولغۇنۇم، مۇشۇ كور خېرىدارلىقىمنى كۆرسە ئاكام يەنە قاقشاپ كېتەر «ساڭا كىتاپلا بولسا، باشقا ئىشلىرىڭنى بىزلا قىلىپ بەرسەك،-ھە!» ئامال يوق، كىتاپتىن باشقىنى بىلمەي چوڭ بولۇپتىمەن، نېمىگە قىزىقساق ئەركىمىزگە بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا-ئانامۇ مېنى باشقا ئىشلارغا زورلىماپتۇ. ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى، تاماق يەيدىغانغا شىرە، قىشتا توڭلىسام ئىسسىتقۇ، يازدا تەرلىسەم سوۋۇتقۇ، قاتارلىق باشقا نەرسىلەرنى ئالمىسام يەنە بولمىدى. جەرى خانىم يەنە بۇ ئىشتىمۇ ياردىمىنى ئايىمىدى. ئامېرىكىدا «گاراژ ئوقتى[1]» دەيدىغان بىر تىجارەت شەكلى بار ئىكەن. ئۆي كۆچىدىغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ لازىم قىلمايدىغان ئەشيالىرىنى داچىسىدىكى ماشىنا ئىسكىلاتىنىڭ ئالدىغا تىزىپلا ئېلىشىغا ساتىدىكەن، مەن بۇ يەردىن بىر تاماق شىرەسى، ئىككى ياستۇق ۋە بىر قىسىم ئاشخانا سايمانلىرىنى ئالدىم، بەزى نەرسىلەرنى بىكارغا بېرىۋەتتى، ھېسابلاشساق، 13 دوللار بولۇپتۇ. خۇشاللىقىم خېلى بىر يەرلەرگە كەتتى. جەرى خانىم ئامېرىكىدا بۇ سودىنىڭ بەكمۇ قىزىيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ داچىسىدىكى ئەشيالارنىڭ ئاساسەن مۇشۇنداق «ئىسكىلات ئوقتى»

---

[1] Garage Sale، بۇنىڭ يەنە Yard sale (باغدا سېتىش) شەكلىمۇ بار، ئۆيىنىڭ ئالدى ياكى كەينىدىكى چىملىقتا سېتىلىدۇ. — م.

ئارقىلىق سېتىۋېلىنغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ مېنى يەنە بىر يەرگە ئېلىپ باردى، بۇمۇ ناھايىتى چوڭ ماگىزىن بولۇپ بۇ يەردىمۇ نىمەكەش جابدۇقلار تولۇپ كەتكەن، ھەممە نەرسە تۈر تۈرى بىلەن چىرايلىق تىزىلغان ئىدى، تۇۋۋا دېدىم، نىمەكەش مالنىمۇ تاللا بازىرىغا سېلىپ مۇشۇنداق چىرايلىق ساتسا بولۇدۇكەنغۇ؟ شۇئان كۆز ئالدىمغا ئۇرۇمچىدىكى بىردىن بىر ساپ ئۇيغۇرلا بار نىمەكەش مال بازىرى كەلدى. بۇ ئۇرۇمچىدىكى يىگانە ئەسكى بازىرى بولۇپ كىشىلەرنىڭ كۆزىدە كەمسىنىش، بىچارىلىق، كىملەرنىڭدۇ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئالاق جالاق ئەتراپقا قاراپ قويۇۋاتقاندىكى ناتاۋانلىق ئادەمنى يىغلىتاتتى. لېكىن كۆز ئالدىمدا ئالى ماشىنىسى بىلەن مېنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن ئايال ۋە بۇ يەردىكى داغلىق ماركىلىق ماشىنىلار بىلەن كېلىپ مال تاللاۋاتقان ئامېرىكىلىقلارنىڭ چىرايىدا خاتىرجەملىكتىن باشقا ھېچ نەرسە ئەكسەتمەيتتى. ئادەم نىمىشكە ئۆزىنىڭ ناتاۋانلىقىدىن نومۇس قىلىدۇ؟ نىمشكە يالغاندىن بىچارىلىقىنى يېپىشقا ئۇرۇنىدۇ؟ ھەممىمىز ئۆي كۆچىمىز خوشنىمىز بىزنىڭ نەرسىمىزنى كۆزىمىزچە ئېلىشنى خالىمايدۇيۇ، ئىچىدە كېرەك قىلغۇسى بارلىقىنى تەستە يوشۇرىدۇ. ئامېرىكىلىقلار نامراتلىقتىن ئۇيالمايدىكەن بەلكى نامراتلىققا رازى بولۇپ ياشاشتىن نومۇس قىلىدىكەن. كىشىلەردىن ئۆزى ئېتىياجلىق نەرسىنى سوراشتىن ئۇيالمايدىكەن بەلكى چىن نىيىتىنى يوشۇرۇپ، خۇپسەنلىك قىلىشنى ئېغىر ئالىدىكەن.! بىز يەنە بىر نىمەكەش مال بازىرىغا باردۇق، بۇ يەرنىڭ ئىسمى «ئېزگۇ نىيەت[1]» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ يەردىكى ئەشيالارنى ئۆي كۆچكەنلەر بۇ يەرگە ئىئانە قىلىدىكەن، بۇلار ۋاكالىتەن سېتىپ كىرىمنى مۇھتاجلارغا ياردەمگە ئىشلىتىدىكەن. جەرى خانىم مېنى بۇ يەردىن كۆپرەك سېتىۋېلىشقا دەۋەت قىلدى، ئەمما بۇ يەردىكى ماللار بىز باشتا كۆرگەن نىمەكەش ماللار بازىرىدىن خېلىلا قىممەت ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە

[1] Good Will ــــ م.

ماشىنام بولمىغاندىن كېيىن بۇلارنى ئالغان تەقدىردىمۇ ئېلىپ كېتەلمەيتتىم. كۆڭلۈمدە مۇشۇ يەردىن جىقراق بىر نەرسە سېتىۋېلىپ كەمبەغەللەرگە ئازراق بولسىمۇ ياردەمدە بولالمىغىنىمغا ئۆكۈندۈم. مەنچە مېنىڭ نۇرغۇن بۇرادەرلىرىم تۇرمۇشىنىڭ، خىزمەتنىڭ مەنىسىزلىكىدىن قاقشايدۇ، مەنمۇ شۇنداق ئىدىم، لېكىن مەن ئۈرۈمچىدىكى بىر يېرىم يىللىق هاياتىمنى ئوقۇغۇچىلىرىمغا تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزەم بىلىدىغان يوللار بىلەن يېتەكلەپ نۇرغۇن مەنىگە ئېگە قىلغان ئىدىم. مەن خىزمەتتىن مەجبۇري ئىستىپا بەرگۈزۈلگەندىن كېيىن مەكتەپكە ئوقۇغۇچىلىرىمنى كۆرگىلى باردىم، ئوقۇغۇچىلىرىمغا بېيجىڭدا ئۆگەنگەنلىرىمدىن لېكسىيە سۆزلىدۈم. مېنىڭدىن چالا پۇلا بىلىم، پىشمىغان مۇۋەپپەقىيەت كۆرسەتمىلىرىدىن باشا هېچ نېمىگە ئېرىشەلمەيدىغان ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ماڭا هۆرمەتتە تىكىلگەن كۆزلىرىگە قاراپ هاياتىمدىكى مەنانى هېس قىلدىم. ئىنسان سۆيۈش ، سۆيۈلۈش، ئىززەتلەش ۋە ئىززەتلىنىشتىنمۇ مەناغا چۆمىدۇ، بۇنى هەممىمىز دۈم چۈشكەن پۇل بىلەن تاپالمايمىز، ئەلۋەتتە. مېنىڭ ئۈمىتسىزلەنگەن دوستلۇرۇممۇ نامراتلىقتىن ئەمەس بەلكى هاياتتىكى قۇرۇقلۇقتىن، موهتتىكى بۇرۇقتۇملۇقتىن ۋە ياشاشتىكى نىشانسىزلىقتىن شۇ هالغا چۈشكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ماڭا دوستلۇرۇم ئامېرىكىدا مەۋجۇد يۇقارقى ئىشنى يۇرتۇمدىكى چېغىمدا يەتكۈزگەن بولسا بۇنىمۇ سىناپ باقاركەنمەن. ئويلاپ باقساق ئىئانىگە خېرىدارلىق قىلىدىغان ئادەم تاپماق ئاسان ئەمەس، ئەگەر بىز مۇشۇ يولنى ياكى مۇشۇ خىلدىكى يولنى سىناپ باقساق، ئىئانىگە بېخىل ياكى ئاجىزلىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ساتسا پۇلغا ئالمايدىغان نەرسىلىرنى يىغىپ ياكى پۇل قىلىپ خەير ساخاۋەتكە مۇهتاجلارغا مۇشۇنداق داۋراڭسىز تارقىتىپ بەرسەك نېمىشقا بولمايدىكەن. مەنچە هەرىكەت، پائالىيەت ئادەمنىڭ هاياتىنى مەنەگە چۆمدۈرىدۇ، قۇرۇق غەيۋەت، ئاچچىق نەپرەت، يىرىڭلىق ئۈمىتسىزلىككە تولغان سورۇنلاردىكى تۈگىمەس ئولتۇرۇش ئادەمنىڭ ئەقلى ۋە ۋىجدانىنى ئۇخلۇتۇپ قويىدۇ. ئۆي كۆچۈشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا فورداش دوستلۇرۇم ياردەم قىلدى. ياپۇنلۇق خانىمنىڭ ئۆيىدىن كارىۋات قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى توشۇيدىغان چاغدا بىر

مەسىلە چىقتى، گۈيياڭلىق فورداش دەسلەپتىلا «ياپون ئالۋاستىسىنىڭ نەرسىسىنى ئالدىڭمۇ؟» دېگەندە كۆڭلۈم بىراز يېرىم بولغان ئىدى. چۈنكى ھېچ بىر گۇناھسىز بىرىنىڭ مۇنداق مىللىتىنىڭ بۇرۇنقى قىلمىشى سەۋەپلىك سەتلىنىشى ماڭا ياقمايتتى. نەرسە كېرەكلەرنى ئەمدىلا توشۇيلى دەپ تۇرساق، ھېلىقى گۈيياڭلىق «ياپون ئالۋاستىسى سېنى ئالداپتۇ، بۇ نەرسىسى ئۇنچە پۇلغا يارىمايدۇ، بۇلارنى ئالساڭ توشۇپ ئاۋارە بولغانغا چۈشلۇق ئىش يوق » دەپ توشۇشۇپ بېرىشتىن يالتىيىۋالدى. باشقىلارمۇ سوكۇتتە ئۇنىڭغا قوشۇلغاندەك بولۇپ تۇراتتى. ئامالسىز ياپونلۇق ئايالدىن ئۆزۈر سوراپ پۇل تۆلەپ بولغان كارىۋاتنى قايتتۇرۇپ بەردىم، لېكىن نېمىلا دېسۇن يېزىق شىرەسىنى قايتتۇرۇپ بېرىشكە قوشۇلمۇدۇم. ئۇلارغا كېرەك بولمىغان يۈز ماڭا كېرەك، مەن گەرچە ھەقىقەتەن قىممەت ئالغان بولسامۇ بۇنداق لەۋزىدىن قالايمىقان يېنىۋلىسا بولۇدۇغان مەدەنىيەتتە ئۆسمىگەن. ئامېرىكىدا ماگىزىندىن ياكى شەخستىن ئالغان نەرسە كۆڭۈلگە ياقمىسا بىر ئاي ئىچىدە قايتتۇرۇپ بەرسە پۇلنى ئېلىۋالغىلى بولۇدۇكەن، ساتقۇچىمۇ ئالغۇچىمۇ بىر نەرسە دېمەيدىكەن. مەنچە بۇ يەردە سەممىيلىك ۋە بىر بىرىگە ئىشەنچ رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ جوڭگودا بولۇپ قالسا كىشىلەر بۇزۇلغان چۈۋۈلغان نەرسىلىرى بىلەن ماگىزىنلارنى تولدۇرىۋېتىدۇ. ئۆيىنىمۇ كۆچۈۋالدىم، ئۆي قىشتا گاز بىلەن ئىسسىتىلىدىكەن، قانچىلىك ئىسسىتقۇم كەلسە ئۆزەم تەڭشىسەم بولۇدۇكەن، ئەمما تەرلەپ كەتسەم سوۋۇتقۇ يوق. ھاۋادان (ھاۋا تەڭشىگۈچ) ئالسامۇ بولاتتى، لېكىن خەنسۇ فورداشىنىڭ ياپونلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى ۋەتەندىن ئايرىلغاندا تېخىمۇ كۈچىيىپ ھېلىقى ياپونلۇق ئايالنىڭ تەييار ھاۋادانىنى ئالدۇرماي قويدى. مەن مىللەتچىلىكنىڭ ۋەتەندىن ئايرىلغاندا بەكرەك گەۋدىلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. دېمىسىمۇ ئىنسان يات موھىتقا دۇچ كەلگەندە قوغۇدۇنۇش ئېھتىياجىنى ھەممىدىن بىرىنجى ئورۇنغا ئۆتىدۇ-دە ئۆزى بىلەن بىر تۈركۈمدىكىلەرگە سىغىنىدۇ، يات تۈركۈمدىكىلەرنى چەتكە قاقىدۇ. گۈيياڭلىق ياتاقدىشىمنىڭ

ياپونلارغا بولغان نەپرىتىنى مەن تارىخ دەرسلىكلىرىدىكى باياناردىن، 90 ـ يىللاردا ئەۋج ئالغان خۇئاشىيا ئىدولوگىيىسىدىن ۋە ئۇنىڭ يات بىر ئەلدە ياشاۋاتقاندىكى كوچەيگەن مىللەتچىلىكىدىن كۆردۈم. مەن ئوقۇغان چاغلاردىمۇ كىتاپلىرىمىزدا دائىم «ياپون ئالۋاستىلىرى»، «ياپون قاراقچىلىرى» دېگەن ئىبارىلەر كۆپ قوللۇنۇلاتتى. ھازىر قاراپ باقسام مائارىپتا لوگىكىغا ۋە ئەخلاققا يات ھاقارەت ئىبارىلىرىنىڭ دەرسخانىدا ۋە دەرسلىكلەردە قوللۇنۇلۇشى غەرپتە تولغرا كۆرۈلمەيدىكەن. قارىسام ئۆيدە ئوت ئۆچۈرۈش ئۈسكۈنىسى ۋە بىر دۆم كۆمتۈرۈلگەن چىنىدەك يۇمۇلاق نەسە ئورنۇتۇغلۇق تۇرۇپتۇ، سوراشتۇرسام، ئەگەر ئوت كەتسە ياكى تاماكا چەكسەم ھېلىقى چىنىدەك نەسە سايراپ ئوت ئۆچۈرگۈچىلەرگە خەۋەر قىلارمىش. بۇ ئارقىلىق ماڭا ئۆيدە تاماكا چېكىلمەيدۇ دېگەن مەقسەد ئۇقتۇرۇلدى، مەن ئۇنداق تەنگە زىيانلىق خۇيلاردىن يىراق بولغاچ پەرۋا قىلمىدىم. كېيىن دىققەت قىلسام تاماكا چېكىۋاتقانلار ھەرقانداق بىنا ياكى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تاماكىسىنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلايدىكەن. ئاچقۇچنى پات-پات سىلاپ قويىمەن، بۇ بىرسى خۇشاللىقتىن، يەنە بىرى بۇ بىردىن بىر ئاچقۇچۇمنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن ئەنسىرىشىمدىن. ئاچقۇچتىن پەقەت بىرنىلا بەرگىنىدە ھەيران قېلىپ سورۇدۇم، «ئائىلەڭ كەلگەندە ئايالىڭغا يەنە بىرنى بېرىمىز» دېيىشتى. تۇۋا، بۇ يەردە ئاچقۇچ يوقاتساڭ ساڭا ئاچقۇچ بەرگەن ئورۇن ئۆزى ئامال قىلىپ بېرىدىكەن ئۆزەڭ بېرىپ ياساتساڭ بولمايدىكەن، ناۋادا بىرسى ياساپ بەرسە قانۇن بويىچە جازالىنىدىكەن. ئۆيۈممۇ بولدى لېكىن يەنە بىر موھىم نەرسەم يوق، ماشىنام. مېنى ئۆيگە چاقىرىۋالغان ئۇيغۇر ھەمشىرىلىرىم ئايالىم كەلگىچە ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگۈنۈشۈمنى تاپىلىغان ئىدى. قانداقلا ئويلىسام ماشىنا ھەيدەشكە رايىم يوق. بۇ يەردە تاكسى يوللاردا مېڭىپ يۈرمەيدىكەن. تاكسى لازىم بولسا تاكسى شىركىتىگە تېلىفون قىلىپ كېلىشىپ قويۇشۇم كېرەككەن. تاكسى باھاسى بەك قىممەت ئىكەن. چاغلىقلا يەرگە قاتنايدىغان ئاپتۇبۇس قىرىق مىنۇتتا بىر كېلىدىكەن، تېخى چۈشتىن كېيىن بەشتىن قالسا ئۇمۇ يوق. ھېلىقى ئۇيغۇر ھەمشىرەلىرىمدىن ئاڭلىشىمچە ئامېرىكىدا بايلارلا تاكسىدا ئولتۇرالايدىكەن. ماشىنا بۇ يەردە ئەڭ ئەقەللى قاتناش ۋاستىسى دەپ تونۇلغاچقا،

ئامېرىكىلىقلار ماشىنىسىز بىر ئادەمنىڭ قانداق ياشايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىكەن. چۈنكى ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىدە ئاممىۋى قاتناش بىزدىكىدەك ئومۇملاشمىغان. بەلكى بۇ ئامېرىكىقلارنىڭ پايانسىز قۇرۇقلۇقتا ئىندىئانلارنى ئات بىلەن سۈرۈپ تۇقاي قىلىپ زېمىن ئېچىپ، ئاندىن شۇ ئاتنىڭ ئورنىنى خۇسۇسىي تۇرمۇشتا ئاتتەكلا ماسلاشقان ماشىنىغا ئالماشتۇرغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكىلىقلار خۇسۇسىي تۇرمۇشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىكەن، ھەممە ئىشتا شەخسنىڭ خاھىشى، ئەركى ۋە قولايلىقىنى بىرىجى ئورۇنغا قويىدىكەن. ھەممە ئادەمنىڭ خۇسۇسىي بوشلۇقى، خۇسۇسىي ئىشى ۋە سىرى بولۇشىنى ئۇلار تەبىئىي ھوقۇق سانايدىكەن . مەن تۇرۇۋاتقان لاۋرېنس دېگەن بۇ شەھەردە بىزنىڭ ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكىدەك كۆجۈم مەھەللىلەر بولسىمۇ لېكىن بىر ئۆي بىلەن يەنە بىر ئۆينىڭ ئارىسىدا چوقۇم بىر پارچە چىملىق ياكى ئورمانلىق بولىدۇكەن. ئامېرىكىلىقلارنىڭ يول يۈرگەندە ئاممىۋى قاتناش ۋاستىلىرىنى ئەمەس بەلكى بىر كېچە قونۇپ راھەت ئالغان ئۆينىڭ چاقلىق ھالىتى بولغان خۇسۇسىي ماشىنىنى تاللىشى بەلكىم يۇقارقىدەك شەخسىيلىككە ھەددىدىن زىيادە يېپىشىدىغان مىجەزىدىن كەلگەن بولۇشى ئېھتىمال. مەن ئۇچراتقان ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۆپۈنچىسى جۇڭگودىكى قىستاڭ ئاپتوبۇسلاردىن بەك ۋايسايدۇ، چۈنكى ئۇلار يات بىرسى بىلەن يېقىن بىر يەردە تۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، بۇمۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ يەككىلىككە چوقۇنىدىغان مىجەزىنىڭ ئىنكاسى، بۇمۇ ئۇلارنىڭ خۇسۇسىي ماشىنىنى ئەلا بىلىشىدىكى ئامىللارنىڭ بىرى ئەلۋەتتە. بايلىق ۋە تەرەققىياتنىڭ سىمۋولى بولغان، ھەممە نەرسىسى دۇنيادا مۇدا بولىدۇغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ ماشىنىلىق يۈرۈشى بىزدە توسقۇنسىز ئېقىم ھاسىل قىلىپ، بايلىققا ۋە ئىناۋەتكە تەلپۈنىشتىكى نىشانغا ئايلىنىپ قالماقتا. ئەمەلىيەتتە ئاممىۋىي قاتناش تەرەققىي قىلغان، تاكسىلىرى كوچىلاردا خېرىدار ساقلاپ تەلمۈرۈپ تۇرىدىغان بىزدەك كىشلەرگە ماشىنا ئانچە زۆرۈرمۇ ئەمەس. ۋاھالەنكى، بىزدە ماشىنا ئەمەلنىڭ

دەرىجىسىدىن، بايلىقنىڭ مىقدارىدىن، ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقۇرى تۆۋەنلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ، شۇڭا ئامېرىكىدىكى ماشىنىلىقلارنىڭ پىيادەلەرگە يول بېرىشى جوڭگودا ئەقىلگە سىغمايدۇ. قانداقمۇ ماشىنىلىق ئەمەلدار نەچچە يۈزمىڭلىق ماددىي مەبلەغ ۋە ھىساپسىز مەنىۋىي دەسمايە بەدىلىگە ئېرىشكەن ماشىنىسىدا تۇرۇپ نامراتلىق، ئامالسىزلىق ۋە ئاجىزلىق كوچىسىدا تەمتىرەپ يۈرگەن پىيادىگە يول بەرسۇن؟ بۇنداق كەمسىتىلىشتىن كېيىن پىيادەلەر ھاياتىدىن شۇنداق خۇلاسىگە كەلمەي قالمايدۇ، «نامرات قالساڭ، ئەمەلسىز قالساڭ خورلىنىسەن، ھاياتتىكى نىشان، ماشىنىلىقلارغا يېتىشىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار تاللاپ پۇراپ كەتكەن ۋاستىلەر بىلەن ئەمەس، ئۇلار قوللۇنۇشقا پېتىنالمىغان ۋاستىلار بىلەن بايىققا، ھوقۇققا ئېرىشىش كېرەك.» ئەمەل بىلەن پۇلدىن باشقىنى تونۇمايدىغان جەمىيەتتە بايلىق ئاتا قىلمايدىغان بارلىق نەرسىلەر، يەنى بىلىم، ئىجتىمائى غايە، ئېتىقاد، سىياسىي تەشەببۇس، ئىنسانىنىڭ قەدرى، تەبىئەتنىڭ بولغۇنىشى قاتارلىق تۈمەنلىگەن ئىشلار كىشىلەرنىڭ پىكرىنى مەشغۇل قىلالمايدىلا ئەمەس، دىققەتتىن ساقىت قىلىنىدۇ. بەلكىم بىزنىڭ پىيادىلەرنىڭ ھودۇقۇپ قېچىشلىرىدىن ھوزۇرلۇنۇپ كۆنگەن ماشىنىلىقلار بۇ يەرگە كېلىپ قالسا لاۋرېنستىكى تېزيول بويىدا قورقۇنچتىن بىخەۋەر ئوتلاپ يۈرگەن بۇغىلارنى، دەرەخلەرنىڭ كاۋاكلىرىدىن خاتىرجەم چىقىۋاتقان تىيىنلارنى كۆرگەندە ئادەملەرنى قورقۇتقان ئەلپازىنىڭ بۇ يەدە ھايۋانغىمۇ كار قىلمايدىغانلىقىنى سېزىپ ئەقلىنى يوقۇتار. پۇل تاپقىلى، ماشىنا ئالغىلى بولۇدۇ، لېكىن شۇ ماشىنىنى كەشىپ قىلغانلارنىڭ نەچچە يۈز يىلدا شەكىللەندۈرگەن ئەخلاق ۋە ئادىتىنى يېتىلدۈرمەك پۇل تاپقاندەك ئاسان ۋە تېز بولمايدۇ.

# ئۇنىۋېرسىتېتكى جۈمە نامىزى

مەكتەپكە كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا مەسجىدنىڭ نەدىلىكىنى بىلىۋالغان بولساممۇ ئىككى جۈمەنى قازا قىلىۋەتتىم. بۇ يەردىكى ئىش بېجىرىدىغانلارغا ئۆزەمنىڭ جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغان مۇسۇلمانلىقىمنى ئېيتماي، جۈمە كۆرۈشەيلى دېسە ماقۇل دەلىۋېرىپتىمەن. كېيىن بۇ ئىشلارنى ماڭا ياردەملىشىپ چېپىشىپ بېرىۋاتقان جەرى خانىمغا ئېيتقىنىمدا ئۇ تولىمۇ ئەپسۇسلاندى ۋە مەندىن كەچۈرۈم سورىدى. جۈمەگە بارىدىغانلىقىمنى ئوچۇق چۈشەندۈرمىگىنىم ئۇنى تەئەججۈپلەندۈردى. مەن ئوچۇق ئېيتالمايتتىم، چۈنكى جۈمەگە بارىدىغانلىقىمنى بىر باشقۇرغۇچى مەمۇرىي خادىمدىن ئەمەس خىزمەتدېشىمدىنمۇ يوشۇرۇپ ئىككى يىلغا يېقىن يۇرتىمىزدىكى بىر ئالى مەكتەپتە ئىشلىگەن تۇرسام، قانداقمۇ تۇيۇقسىز بۇ جۇرئەتكە كېلەلەيتتىم؟ ئىنسان ھەر قانداق موھىتقا كۆنۈپ كېتىدىكەن، مەن ئۆزىنىڭ ئىددىيىسىنى، ھەقىيقىي ئويلىغانلىرىنى، تەكلىپ-تەۋسىيەلىرىنى ئۈن-تىنسىز ئۇنتۇپ كېتىۋاتقان ۋە ئۇنتۇشقا كۆندۈرۈلۈۋاتقان بىر تۈركۈمنىڭ ئەزاسى تۇرسام، قانداق قىلىپ ناماز ئوقۇيدىغانلىقىمدىن ئىبارەت قورقۇنچلۇق رىياللىقىمنى ئامېرىكىغا كېلىپ ئەمدى ئىككى ھەپتە بولغاندا دېيىشكە كۆنەلەيمەن؟... شۇنداق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، 1990-يىلى ئۈچ كىتاپ ( ئۇيغۇرلار، ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى) تەنقىد قىلىنغاندا بىزنىڭ بىر قانچە ئوقۇتقۇچىمىزدىن مەلۇم مەكتەپ مۇدىرى «تەنقىد ماقالىسى يازدىڭلارمۇ؟» دەپ سورىغانىدى. ئوقۇتقۇچىلار «ئاخشاملىققا ئۈچلا كىتاپنى ئالدىمىزغا قويۇپ قايتا بىر ئوقۇپ ئاندىن يازايلى دەۋاتىمىز» دەپ جاۋاپ بېرىشكەنىدى. بۇنىڭغا رەھبەرمۇ كۈلۈپلا قويغاندەك ئېسىمدە. ئون يىلدىن كېيىن ھېچ كىم باشلىقىغا ھېلىقى ئۈچ

كىتاپ ھەققىدە ئەمەس يۇقىرىقى گەپكە ئوخشايدىغان ھەرقانداق سۆزنى دېيىشكە ئەمەس ئويلاشتىنىمۇ يۈرىكى ئاغىدىغان بولۇپتۇ. يەنە شۇ ناھىيىمىزدە بىر ئۇقۇتقۇچى «جوڭگۇ مۇسۇلمانلىرى» غا مۇشتىرى بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۆزىنى تەكشۈرۈپتۇ. ھەتتا مېنىڭ تولۇقسىزدا بىللە ئوقۇغان، ھازىر ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان بىر ساۋاقدىشىم موللا دادىسىدىن «چەك چىگرا » ئاجرىتىپتۇ. مەن مۇشۇ «تەرەققىيات»لارنىڭ شاھىدى تۇرسام، يەنە قانداق قىلىپ ئامېرىكىدا تۇيۇقسىز قاپ يۈرەكلىك قىلالايمەن؟، مەن ھەتتا لەنجۇدا تۇرۇپمۇ بالامنىڭ نوپۇسىدىكى دىنى ئېتىقادى دېگەن ئورۇننىڭ ئۆزەمنىڭكىگە ئوخشاشلا ئاق قالدۇرۇلىشىغا قاراپ تۇرغان تۇرسام قايسى جۈرئەت بىلەن ئامېرىكىدا ئۆزەمنى تەرەپبىياللا مۇسۇلمان دەپ جاكارلىيالايمەن؟ مەندەك ئادەمگە ئەركىنلىك مەڭگۈ نېسىپ بولمىسا كېرەك، چۈنكى مېنىڭ بۇ يەردىكى ئەكىنلىككە كۆنۈشۈم، ئەركىنلىكتىن بەھىرلىنىپ ياشىشىم، ھەتتا تېخىمۇ يۈكسەك ئەركىنلىككە ئىنتىلىشىم، كېيىنكى ھاياتىمنى پىشكەللىكلەر بىلەن تولدۇرىدۇ. چۈنكى تەھدىتكە، قورقۇنچقا ۋە سۈكۈتكە مەھكۇم بولغان بىر ئادەم قانداقمۇ ئەركىنلىككە كۆنەلىسۇن؟ برۇتانىت راسىل «ئەگەر بىر ئادەم، بىر توپ ياكى بىر مىللەت غايەت زور قورقۇنچتا ياشىسا، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيلىقنى چىقىش قىلىپ ھەركەت قىلغان ياكى ئويلىغانلىقىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ» دېگەنىكەن. شۇڭا جەرى خانىمنىڭ ھەيرانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. مەن جەرى خانىمغا ئېتىقادىمنى يوشۇرۇشۇمنىڭ سەۋەبىنى تەپسىلى چۈشەندۈرمىدىم، ۋە گەپنى ئەڭ بىخەتەر تېما بالامغا يۆتكىدىم. مەكتىپىمىزدىكى مەسجىد 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدا تەسىس قىلىنغانىكەن. ئەسلى ئۇ بىر كاتولىك چىركاۋى بولۇپ ئېتىقادچىلىرى ئۆزۈلگەنلىك سەۋەبىدىن مەسجىدكە ئايلاندۇرۇلۇپتۇ. سىرتىدىن قارىسا ئادەتتە ياۋرۇپاچە ئۇسلۇپتا سېلىنغان چوڭراق بىنادىن قىلچىلىك پەرقلەنمەيدىغان بۇ بىنا كانزاس ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۇسۇلمان ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دىنى پائالىيەت مەركىزى ئىكەن. مەسجىدكە كىرىشىمگە تۈركىيەدە ئەڭ كۆپ پۇرىغان تونۇش خۇشبۇي ئەتىر پۇرىقى قەلبىمنى ئىللىتتى، مەسجىدتە ئوندىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى چىراي بالا قۇرئان ۋە باشقا كىتاپلارنى ئوقۇپ ئولتۇرۇشاتتى. مەندىن كېيىن كىرگەنلەرنىڭ

ھەممىسى ئۇلتۇرغانلارغا سالام بەردى، قارىغاندا سالامغا كۆنمىگەن مەنلا ئوخشايمەن. مەسچىتكە خۇتبە باشلانغىچە قاراپ تۇرسام ئىككى يۈزدىن ئارتۇق مۇسۇلمان كەلدى. ھازىر يازلىق دەرس ۋاقتى بولغاچقا ئادەتتە ئادەم ئازراق بولىدىكەن، مۇشۇ بويىچە بولغاندا ئوقۇغۇچىلار ئەڭ كۆپ بولىدىغان كۈزلۈك، ئەتىيازلىق مەۋسۇملاردا نامازخانلار تېخىمۇ جىق بولسا كېرەك. نامازخانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەرەب ۋە جەنۇبىي ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىدەك قىلاتتى. ئاردا سېرىق چاچ، تىپىك ياۋرۇپالىققا ئوخشايدىغان كىشىلەرمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. خۇتبە باشلاندى، ئىمام ئىنگلىز تىلىدا راۋان خۇتبە قىلاتتى، مەزمۇنى ئىنسانىنىڭ قەدرى، ھوقۇقى ۋە بىباھالىقى ھەققىدە كېتىۋاتاتتى. ئاردا پەيغەمبەرىمىزنىڭ بىر يەھۇدىغا مېھرىبانلىق كۆرسەتكەنلىكى، سەۋەبى سورالغاندا ئىنسالىقنىڭ دەخلىسىز ئۇلۇغلىقى تەكىتلەنگەنلىكى قەيت قىلىندى. مەنمۇ شۇنداق بىر ھەدىسنى ئاڭلىغان پەيغەمبىرىمىز ھەتتا مەسجىدكە سىيىپ قويغان بىر كاپىرغىمۇ مېرىۋانلىق قىلىپ چىرايلىق سۆھبەت بىلەن قايىل قىلغانىكەن. ئىچىمدە ئويلۇدۇم، توغرا بىز شۇنداق مېھرىۋان، ئادىل، سەمىيمىي بولۇشىمىز كېرەك، ئەمما نىمىشكە بولالمايۋاتىمىز؟ مەنچە جەمىيەتتە سەمىمىيلىك مەلۇم خىل ۋاستە بىلەن كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلىمىسە، كىشىلەر سەمىمىي بولالمايدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىدا مىنى ئەكىلىپ قويغان موڭغۇل ئوقۇغۇچى يالغان سۆزلەشتىن تولىمۇ ھەزەر ئەيلىدى، چۈنكى بۇ يەردە بىر قېتىم ساختىلىق قىلىسىڭىز خاتىرلىنىپ قالىدىكەن. مەسىلەن، سىز بانكىدىن قەرز ئېلىپ قايتتۇرماي يوقاپ كەتسىڭىز سىز ئامېرىكىدىكى ھىچ بىر بانكىدىن ئىككىنچى قېتىم قەرز ئالالمايدىكەنسىز، سىز بىر خىزمەت ئورنىدا ساختىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالسىڭىز سىز مەڭگۈ شۇ ساختىلىقىڭىزنىڭ كۆلەڭگىسىدە ياشاپ بىر ئۆمۈر بەدەل تۆلەيدىكەنسىز، ناۋادا سىز بىر نۆۋەت ئىرىقچىلىق قىلسىڭىز سىز مەڭگۈ شۇ قىلمىشىڭىزنىڭ زىيىنىدىن قۇتۇلالمايدىكەنسىز. ئامېرىكىدا خىزمەت ئىزدىسىڭىز بۇرۇنقى خىزمەت

ئۆرنىكىدىن ئايرىلىش سەۋەبىنى سورايدىكەن، سەۋەب ئالدامچىلىقتىن بولسا چۈشەندۈرۈشلىرىگىزنىمۇ ئاڭلىماي رەت قىلىدىكەن. دېمەك بىر جەمىيەت كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەيدىغان مىخانىزىمنى تۈرغۈزماي تۇرۇپ يالغۇز ۋەز، نەسىھەت بىلەن كىشىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى قېلىپقا چۈشۈرۈمەن دېسە ئامال يوقنىڭ ئورنىدا ئوخشايدۇ. ئىنساننى پەزىلەتلىك ئىنسان قىلىدىغىنى ئۆلگىلىك ئىنساننىڭ كۆرسەتمىسى ياكى مەلۇم گورۇھنىڭ قوزغىغان ئاممىۋى ھەرىكىتى ئەمەس، شۇ ئىنساننىڭ پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىپ، قېلىپلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئىجتىمائى قۇرۇلما. ئامېرىكا ۋە باشقا غەرپ دۆلەتلىرى دەل مۇشۇ خىل قۇرۇلمىنى بەرپا قىلالىغان بولغاچقا ئۇلارنىڭ جەمىيىتىدە مەلۇم ئىلاھىي دەستۇرلار تەرغىب قىلىنمىغان، مەلۇم پەيغەمبەرنىڭ تەۋسىيەلىرى تەبلىغ قىلىنمىغان ھالدىمۇ كىشىلەر سەممىيلىك، ھۆرمەت، باراۋەرلىك، ھۆرلۈك، ۋە مېھرىۋانلىق قاتارلىق پۈتكۈل ئىنسان تۈركۈملىرىگە ئورتاق قىممەتلەرگە مۇشەررەپ بولۇپ كەلمەكتە. مەن ئاڭلاۋاتقان تەبلىغ دائىم تەكتلىنىدىغان پاكىستاندا 2000-يىللاردا بىر ئادەمنىڭ جېنى 300 دوللار بەدىلىگە سېتىلىغانىكەن. ئىمام تەبلىغنى ئىنساننىڭ خەلىپە قىلىپ يارىتىلغانلىقى، بىلىش ئىقتىدارىغا ساھىپ بولغان ئۇلۇغلۇقى ئۈچۈن پەرىشتىلەرنىڭ سەجدىسىگە مۇشەررەپ بولغانلىقى بىلەن باشلاپ، مۇسۇلمان مىللەتلىرىدە ئىنسانلارنىڭ بايلىق ۋە مەرتىۋە پەرقلىرى بويىچە تەبقىلىشىۋاتقانلىقىنى، نەتىجىدە ئىنساننىڭ نىگىزلىك ھەقلىرىنىڭ قوغداقسىز، ئېتىبارسىز قالدۇرۇلۇۋاتقانلىقى بىلەن كونكرېتلاشتۇردى، ئاخىرىدا ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئۆچمەنلىكنى، زۇلۇمنى ۋە زوراۋانلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئامىلنىڭ دەل بىر بۆلۈك ئىنسان تۈركۈمىنىڭ تېخىمۇ كۆپ بايلىق ۋە ئەۋزەللىك تەمەسى بىلەن باشقا بىر بۆلۈك ئىنساننى ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم قويۇشقا ئۇرۇنۇشى سەۋەبىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى تەكىتلەش بىلەن خۇتبىنى خۇلاسىلىدى. ئىمامنىڭ خۇتبە جەريانىدا ئىنساندىكى مەغرۇرلۇقنىڭ ئىنساننى بىخەستىلىككە، گۇناھقا باشلايدىغانلىقىنى، مۇئامىلىدە كىبىر كۆرسىتىپ ئازار بەرمەسلىكنى تەكىتلىدى. خۇتبىدىن كېيىن خۇددى ۋەتەندىكىدەك بەزىلەر كېتىشكە ئالدىرىدى، يەنە بەزىلىرىمىز پېشىنغا تۇردۇق. پېشىننى ئوقۇپ بولاي دەپ

تۇرۇشۇمغا مەسجىدنىڭ ئىچى پاراڭ بىلەن قايناپ كەتتى. قۇلۇقۇمغا مەن بىلىدىغان، بىلمەيدىغان نۇرغۇن تىللار ئاڭلىنىپ پىشىنىنى ئاران ئوقۇپ تۈگەتتىم. قارىغاندا ئادەتتە ئالدىراشلىقتىن ئۇچرىشالمايدىغان مۇسۇلمان بالىلار جۈمەگە كەلگەن پۇرسەتتە ئۇچرىشىپ، ئانا تىللىرىدا مۇڭدىشىپ مۇساپىرلىق ئازابىغا مەلھەم ئىزدەشسە كېرەك. بىراق مەنچۇ؟ بايا خۇتبە جەريانىدا ئىمامنىڭ چىرايىغا قاراپ تۈركمىكىن دەپ گۇمان قىلغانىدىم. ئۇنىڭ مۇھەممەد دېگەن بىرسىنىڭ ئىسمىنى مىسال ئېلىپ «مەمەت» تەلەپپۇز قىلغانىدا گۇمانىم تېخىمۇ كۈچەيگەنىدى. ئىمام پىشىنىنى ئوقۇپ بولۇشىغا ساقلاپ تۇردۇم، لېكىن ئىمامنى ساقلاپ تۇرغان كىشىلەر ئۆچۈرەتتە ئىدى. ئۆز-ئارا يول قويۇش، ئۆچۈرەت ئادەتكە ئايلانغان ئامېرىكا جەمىيىتىدە ياشاۋاتقان مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار بۇ يوسۇنغىمۇ كۆنگەن بولسا كېرەك. ئاخىرى مېنىڭ نۆۋىتىممۇ كەلدى، ئىمامغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،» دەپ سالام بەرگەندىن كېيىن، «Türk misiniz?» دەپ سورۇدۇم ئۇتتۇرلا ئۇيغۇرچە تۈزلۈك بىلەن. ئىمام بىردىنلا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ «Siz de Türk misiniz?» دەپ قايتۇرۇپ سورىدى، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق، دەماللىققا خۇشاللىقتىن ئاغزىم گەپكە كەلمەي تۇرۇپلا قالدىم، ئىمام سۇئال سورايتتى، مەن بولسام ھاياجاندىن ئانا تىلىمدەكلا راۋان بىلىدىغان باغىردىشىمنىڭ تىلىدا تۈزۈك ئەپلەپ سۆزلىيەلمەي قىينىلاتتىم. ئىمامنىڭ ئىسمى ئابدۇلباقى ئىكەن، مەن بۇ ئىسمىنى تۈركىيەدە خېلى كۆپ ئاڭلىغان. تۈرك قېرىنداشلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىسمى بىزنىڭكىگە خېلى ئوخشايدۇ، ئەمما يەنە بەزىلىرىنىڭ ئىسمى بىزدە يوق ساپ تۈركچە ياكى بىزدە كۆپ قوللۇنۇلمايدىغان ئەرەبچە ئىسىملاردىن تەشكىل تاپىدۇ. مەسىلەن ئۇلاردىمۇ «مەمەت » دېگەن ئىسىم جىق، ئۇلار بەزىدە بۇ ئىسمىنى «مەھمەت» مۇ تەلەپپۇز قىلىدۇ، ئۇلاردا «مەھمەتچىك» دېگەن ئىسىم ئادەتتە ئەسكەرلەرنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى بولۇپ، مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)نىڭ ئەسكەرلىرى دېگەن مەنىدە. تۈركلەردىكى « ئايشەگۈل» دېگەن ئىسىم بىزنىڭكىگە شۇنداق

ئوخشايدۇ. قىزنىقارلىق يېرى ئۇلار بىزدىكى « ئاي» «گۈل» دېگەنلەرنى پامىلە ئورنىدا قوللىنىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى تۈركىيە رەئىس جۇمھۇرنىڭ ئىسمى ئابدۇللاھ پەمىلىسى گۈل، تۈركىيەدىكى بىر ئۇيغۇر زىيالىينىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى ئايقۇت. ئىمام مۇشۇ مەكتەپنىڭ خىمىيە ئىنجىنىرلىقى كەسپىنىڭ پروپېسسورى ئىكەن. تۈركىيەدە دوكتۇر ئىماملارنى كۆرگەن، مانا كۆز ئالدىمدا پروپېسسور ئىمام، بېشىدا سەللىسى يوق، پەقەت بىز بۇرۇن كېيىدىغان بىر شاپاق دوپپا، ئۇچىسىدا ئاق يەكتەك. بۇ كىشى ماڭا مەكتەپتىكى تۈرك ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزى شەنبە كۈنلىرى يىمەكتە بىللە بولۇدۇغانلىقىنى، خالىسام كېلىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىمام بىلەن خوشلۇشۇپ مەن بىلەن بىر بىنادا (مېنىڭ بۇ يەردە بىنا دېگىنىم بىز ۋەتەندە كۆرگەن بىنا ئەمەس، ھەممىمىز بىر ئىشىكتىن، ياكى بىر قانچىمىز بىر ئىشىكتىن كىرمەيمىز. بىنايىمىز ئۇزۇنغا سىلىنغان، پېشايۋانلىق ئىمارەت، ھەممىمىزنىڭ ئىشىكى بىۋاستە تالاغاقارايدۇ) تۇرۇدۇغان، لېكىن ئىنگلىزچە سالاملىشىپلا قويۇدۇغان خوشنامغا ئۇچراپ قالدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىدى:

— سىنى جۇڭگولۇق دەۋاتاتتى مۇسۇلمانكەنسەنغۇ؟

— ھەئە، مەن ئۇيغۇر، بىزنىڭ بۆلگىمىزدە ئون مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر مۇسۇلمان ياشايدۇ.

— ئۇ يەر قەيەر؟

— تىبەتنىڭ خوشنىسى. ( چۈنكى دۇنيادا تىبەتنى بىلىدىغان ئادەم جىق، مۇشۇنداق دېمىسەڭ چۈشەندۈرمەك تەس.)

— ماشائاللاھ! بۇنچە جىق ئادەم يېقىدىن مۇسۇلمان بولدۇڭلارمۇ؟

— ياق، بىز 1250 يىللار بۇرۇن مۇسۇلمان بولۇشقا باشلىغان، يۇرتىمىزدا مىڭ يىل بۇرۇن ئىسلام ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن. بىز دۇنيادا ئەرەب ۋە پارىسلاردىن قالسا ئىسلامنى ئۈچىنچى بولۇپ دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن مىللەت. دۇنيادا مۇبارەك قۇرئانى كەرىم پارس تىلىدىن كېيىنلا ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇيغۇرلار ئىسلامنىڭ يىراق شەرققە تارقىلىشىدا موھىم رول ئوينىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن مۇسۇلمان بولغان تىبەت، خەنسۇ ۋە موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر ھازىر مۇسۇلمان

موڭغۇل، مۇسۇلمان تىبەت، خۇيزۇ(مۇسۇلمان خەنسۇ). باۋئەن، دوڭشياڭ قاتارلىق ناملار بىلەن ئىچكىرى جوڭگو ئۆلكىلىرىدە ياشايدۇ. ئۇيغۇرلاردىن چىققان ئەرەبلار ئىسلام قۇرۇلتىيى، بەيتۇل ھەرەم جامەسى قاتارلىق ئىسلام ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلغان ۋە قىلىۋاتىدۇ.

— ئېيتقانلىرىڭ ماڭا بەكمۇ يېڭىلىق تۇيۇلدى، مەن مەككىلىك ئەمما بەيتۇل ھەرەمدە مۇدەررىسلىك قىلغان ئۇيغۇردىن بىخەۋەركەنمەن. ئەمما مەن تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلاردىن شۇنداق ئالىملارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان. بىز ئۇلارنى بۇخارىلار دەپمۇ قويىمىز.

— تۈركىستان دېگەن يۇرتىمىزنىڭ چەتئەلدىكى نامى ئوخشايدۇ، مەملىكىتىمىزدە بۇ ئىسىم چەكلىنىدۇ، سىياسىي مەنىسى كۈچلۈك، شۇڭا مەنمۇ قوللانمايمەن. جوڭگودا يۇرتىمىزنىڭ خەنسۇچە ئېتى شىنجاڭ، يېڭى چېگرا مەنىسىدە.

— ئۇيغۇرچە ئېتىچۇ؟

— ئۇيغۇرچە باشقا ئېتى يوق، بىزمۇ ئاشۇنداق ئاتايمىز، يۇرتىمىز ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى.

— ئۇنداقتا سىلەرنىڭمۇ ئامېرىكىدىكى شتاتلاردەك بايرىقىڭلار، يەرلىك قانۇنۇڭلار، ئۆز ئۆزۈڭلارنى ئىدارەلەش، مەركەزدىن ئايرىلىش ھوقۇقۇڭلار باركەندە؟

— ياق، مەن بۇنداق سىياسى تۈزۈم دېگەن نەرسىلەر ھەققىدە پاراڭلىشىنى خالىمايمەن. مەن تىلشۇناسلىقتا ئوقۇيمەن ئەگەر خالىساڭ ساڭا ئۇيغۇرچە خەت يېزىپ كۆرسىتىپ قوياي. شۇنداق پاراڭلىشىپ ئۆيىمىز بار كوچىغىمۇ كېلىپ قاپتۇق، مەن ئۇنى ئۆيۈمگە باشلاپ بەرقى تورىنى كۆرسىتىپ قويدۇم. ئۇ بەرقى دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ خوش بولۇپ كەتتى.

# سەئۇدىلىق ئۇيغۇر ئىمام

مەن تۈرك خاتىپتىن مۇشۇ مەكتەپتىكى مەسجىدتە بۇرۇن ئىماملىق قىلغان سەئۇدىلىق بىر ئۇيغۇر دوكتۇر ھەققىدە سورۇماقچى ئىدىم، قارىسام مېنىڭ كەينىمدە ئۆچۈرەت كۈتۈپ تۇرغانلار ساقلاپ كەتكۈدەك شۇڭا تونۇشقانلىقىمدىن تولىمۇ مەمنۇن بولغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ خوشلاشتىم. ئاڭلىشىمچە بۇ مەكتەپتە تۇرسۇنجان ئىسىملىك سەئۇدىلىق بىر ئۇيغۇر ئىمام بولغانىكەن. ئۇ مەزكۇر مەكتەپنىڭ مائارىپ فاكۇلتېتىدا دوكتۇرلۇقتا ئوقۇۋپتىكەنمىش. بۇ كىشىنىڭ ئاتىسى 1940-يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا خوتەندىن سەئۇدىغا چىقىپ كەتكەن بولۇپ بۇ كىشى شۇ يەردە تۇغۇلغانىكەن. ماڭا گېپىنى قىلىپ بەرگۈچى ھازىرقى كادىر ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنىشىدە يۈرگەچكە تۇرسۇنجانغا ئانچە ياقمىغانمىش. تۇرسۇنجان ئائىلىسىنى بىللە ئېلىپ كەلگەن بولۇپ ئوغلىنى مۇشۇ يەرگە مەكتەپكە بېرىپتۇ، قىزىنى «بۇ يەر قىزلارنىڭ ئوقۇشىغا ماس كەلمەيدىكەن» دەپ سەئۇدىغا تۇغقانلىرى قېشىغا قايتتۇرىۋتىپتۇ. سۆھبەتدىشىم ئۇنى نادانلىقتا ئەيىپلىدى، مەن ئېپادە بىلدۈرمىدىم، لېكىن ئۇيغۇر قىزلىرىغا تولىمۇ ئوخشايدىغان سەئۇدىلىق قىزلارنىڭ كانزاس ئۇنىۋېرسىتېتىدا خېلى بارلىقى خىيالىمدىن كەچتى. ئەجەبا تۇرسۇنجان ئۇلارنى كۆرمىگەنمىدۇ؟ ئۆزى مائارىپشۇناسلىقتا ئوقۇسۇنۇ قىزىنى ئۆزىدەك مائارىپشۇناستىن ئايرىپ سەئۇدىدىكى تۇققانلىرىغا تاپشۇرسۇن...سۆھبەتدىشىمنىڭ ئېيتىشىچە تۇرسۇنجان ئۇيغۇرچىنى يامان ئەمەس سۆزلەيدىكەن ئەمما ئوقۇپ يېزىشقا ئاجىزمىش. ئۇ ئۆزىدە دادىسى ۋەتەندىن ئېلىپ چىققان كونا ئىملادىكى كىتاپلارنىڭ بارلىقىنى، ئۇيغۇرچىنى ئوبدان بىلمىگەنلىكى سەۋەبلىك ئوقۇيالمايدىغانلىقىنى تىلغا ئاپتۇ. مەن بۇنىڭغا بەكمۇ قىزىقتىم، چۈنكى بۇ مېنىڭ كەسپىم، بەلكىم بىر يۈقاپ كەتتى دەپ قاراۋاتقان بىر قىسىم موھىم قولىيازمىلار چەتئەللەردىكى ئاشۇنداق مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردا ساقلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. تۇرسۇنجاننىڭ مېنى قىزىقتۇرغان يەنە بىرئىشى ئۇ ئۇيغۇرلارنى ئەرەبلەر بىلەن مەنبەداش دەپ قارىغانلىقى بولدى. ئۇ بىر قېتىملىق مۇھاكىمە سورۇنىدا

ئىختىيارى پىكىر بايان قىلىپ ئۆزىنىڭ خوتەنلىك ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلار بىلەن ئەرەبلەرنى قېرىنداش خەلق دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ قولىدا يازما مەنبە بارمىش. نېمىلا بولمىسۇن شۇنچە چوڭ سورۇندا مەن ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۇيغۇر دېگىنىدىن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەنبەسى ھەققىدە بىر نەرسە ئويلاشقا تىرىشقىنىدىن مەمنۇن بولدۇم. ئامېرىكىلىق مەلۇم ئۇيغۇرشۇناس خانىم ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا «قىزىقارلىق پىكىركەن» دەپ قويۇپتۇ. تىل دېگەن ئاجايىپ نەرسە، مەن ئامېرىكىغا كەلمەستە ئىنگلىزچىدىكى «قىزىقارلىق ئىكەن» دېگەن ئىبارىنىڭ ئانچە قىزىقى يوق گەپلەرگىمۇ دېيىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ھەيران قالغانتىم، مەزكۇر خانىمنىڭ بۇ سۆزىدىن ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇ ئىبارىسىگە مەسخىرىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بايقىدىم. ئەمدى ئامېرىكىلىقلارنىڭ قىزىقارلىقكەن دېيىشلىرىگە ئالدىنىپ ئۇلارغا تولىمۇ كۆلكىلىك تۇيۇلغان قاراشلىرىمنى ئەزۋەيلىمەيمەن. تۇرسۇنجانمۇ بەلكىم بۇ سۆزنىڭ ۋەزنىنى ھېس قىلغاندۇ، ئەگەر پاكىتى بولغان بولسا رەددىيە بەرگەن بولاتتى. تۇرسۇنجان بىلەن بىر مەۋسۇمدىن كېيىن ئۇچراشتىم. ماڭا دەپ بېرىشىچە ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەرەبلەرنى ياقتۇرمايدىكەن. بۇنىڭغا مۇشۇ كۆنگىچە نەچچە ئەۋلاد پاسپورتى يوق ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرى ۋە كىچىكىدە بىرقىسىم ئەرەب خوشنىلىرىنىڭ «كەلگۈندى» دەپ كەمسىتكەنلىكى سەۋەب بولۇپتۇ. (مەن ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە بىر تەرەپلىمىلىك يوشۇرۇنغان دەپ قارىدىم، شۇڭا تەپسىلاتىنى سورۇمۇدۇم). زوردۇن سابىر ئەپەندىم 89-يىلدىكى بىر زىيارەت خاتىرىسىدە ئەرەبىستاندا 59 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر بارلىقىنى يازغانىكەن. تۇرسۇنجاندىن بۇ ھەقتە سورۇدۇم. ئۇ ئەرەبىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ جىقلىقىنى ئەمما ئەرەبلەرنىڭ كەمسىتىشىدىن، بوزەك قىلىشىدىن قورقۇپ بىر مەھەللە بولۇپ ياشىيالمىغىنىنى سۆزلەپ بەردى. شۇ سەۋەپتىن ئەرەبىستاندىكى 60-يىللارنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىچىدە ئانا تىلنى بىلىدىغانلار ئاز ئىكەن. مەن ئۇنىڭ «ئۇيغۇرلار

ئەرەبلەر بىلەن قانداش» دېگەنلىرىنى يۈزىگە سالىمىدىم. مۇستەبىت تۈزۈمدە ياشاۋاتقان تەتقىقاتچىلارنىڭ دائىم شۇنداق دېيىشكە مەجبۇر بولۇدۇغانلىقى ماڭا سىر ئەمەس ئىدى. مەن ئۆزەممۇ دائىم تۇرسۇنجان دېگەن گەپلەرگە مەنىداش سۆزلەرنى ئاڭلاشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان ۋە ئاڭلاپ سۈكۈتتە تۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادەم بولغاچقا ئۇنى تەڭقىسلىقتا قويۇشنى خالىمىدىم. شۇ قېتىمقى ئىلمىي لېكسىيەدە ئەرەب تەتقىقاتچى ۋە سەئۇدىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپلۈكى تۇرسۇنجاننىڭ تەڭقىسلىقتا شۇنداق دېگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى. بىروتانت راسسىلنىڭ گېپى بويىچە ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئىنسانىيلىقنى چىقىش قىلىپ سۆزلىگەن دېگىلى بولمايتتى، چۈنكى ئۇ بۇ سۆزلەرنى نەچچە مىڭ كېلومېتىر يىراقتىكى مۇستەبىتتىن ۋە شۇ مۇستەبىت تۈزۈمدىن نەپلىنىۋاتقان سورۇندىكىلەردىن قورقۇپ سۆزلىگەن ئىدى. لېكىن مەن قورققۇچىلارنىڭ جاسارەتسىزلىكى زوراۋانلىق ۋە خورلۇقنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىۋېتىدۇ، دەپ قارايمەن. تۇرسۇنجاننىڭ بارلىق غېمى چەتئەلدە ئوقۇشقا ھەممە جەھەتتىن قۇربى يېتىدىغان تۇرۇپ پاسپورتى بولمىغانلىق سەۋەپتىن چىقالمايۋاتقان ئېنىلىرىدە قالغاندەك تۇرىدۇ. ئارىدا بىر قېتىم بىللە كىيىم ئالغىلى باردۇق. بىر قانچە پوپايكا تاللىسام مېنى سەل چوڭراق نومۇرلۇقنى ئېلىشقا دەۋەت قىلدى. سەۋەبى كىچىكلىرى قىسقاراپ كەتسە ئۈزاق كىيەلمەيدىكەنمەن. بىر تۇرۇپ ئۇنىڭ مەسئۇلىيەچانلىقىدىن سۆيۈندۈم، يەنە بىر تۇرۇپ ۋەتەنسىز ئۇيغۇرنىڭ باشتىن كەچۈرگەن قىينچىلىقلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. چۈنكى مۇنداق سۆزنى ئۇزاق يوقسۇللۇقنى باشتىن كەچۈرگەن كىشىلەرلا تىلغا ئالاتتى. كېيىن جۈمەلەردە تولا ئۇچراشتۇق، ھەر كۆرسەم ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن سوغۇق غېرىپلىقنى كۆرەتتىم. ئۇنىڭ كېتىدىغاندا تېلېپۇنمۇ قىلماي كېتىپ قالغىنىغا مەيۈسلەندىم.

# ئامېرىكىلىقلار باشقىلارغا باھا بەرگەننى يامان كۆرەمدۇ؟

ئەسلى مەن بۇ ھەقتە « ئامېرىكىلىقلاردىن پەرقىمىز نەدە؟» دېگەن تېمىدا ھېكايەتلىك كەچۈرمىشلىرىمنى يازماقچىدىم. بىر ئوقۇرمەن بۇ ھەقتە سورىغانلىقى ئۈچۈن ھازىر يازماي ۋە تەھلىللىرىمنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتمەي بولمىدى. ئامېرىكىلىقلار باشقىلارغا باھا بەرگەننى مەنچە يامان كۆرمەيدۇ، ئەمما ئاساسسىز گەپ تاپسىڭىز بالاغا قالىسىز. ئۇلاردا پاكىتسىز، لوگىكىسىز باھا بېرىدىغانلارنىڭ سانى بىزدىكىدىن سەل ئاز. (غەيۋەت، مەسخىرە، باتناش دېگەنلەر ئىنسانلارغا ئورتاق، ئامېرىكىدىمۇ جىق، ئەلۋەتتە) . ئۇلارنىڭ ھاياتتىكى پىرىنسىپلىرىنىڭ بىرى سەمىمىيلىك. كىشىلەرنىڭ ئېزگۈ نىيەت ۋەئەھمىيەتلىك پائالىيەتلىرىنى ئاڭلىغاندا، كۆرگەندە زوقلۇنۇش ۋە زوقلانغانلىقىنى ئاجايىپ نەپىس تىللار بىلەن بايان قىلىش ئۇلاردا ئومۇمىي ئادەت. بۇ ئىش بىزدە ئانچە ئومۇملاشمىغان. شۇنىڭغا ئوخشاش يامان ئىشلارنى، ياكى ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىمىغان ئىشلارنى ئۇچراتقاندا مۇناسىپ باھا بېرىش ئۇلارنىڭ سەمىمىيلىك پىرىنسىپىنىڭ گەۋدىلىنىشى. ئۇلار ھېچ قاچان ئۆز تۇيغۇلىرىنى يوشۇرۇپ ساختا تۇغرا چۈشەنگەن قىياپەتكە كىرىۋالمايدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر كەچمىشىم بار. بۇلتۇر كۈزدە مەن دەل مەكتەپكە ئىلتىماس سۇنۇش بىلەن بەنت ئىدىم. ئامېرىكىدىكى مەكتەپلەر پروپېسسورلارنىڭ تەۋسىيە خېتىنى كېرەك قىلىدىغان بولغاچ مەن قولىدا ئوقۇغان ۋە مېنى ئوبدان بىلىدىغان پروپېسسورلارغا ئىلتىماس قىلدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇستاز راھىلە داۋۇتتىن باشقا ھەممىسى «ئۆزەڭ يېزىپ كەل، مەن ئىمزايىمنى قويۇپ بېرەي» دەپ تۇرىۋالدى. مەن بۇنداق قىلىشنىڭ

خاتالىقىنى، يالغان سۆزلىسەم ئوقۇش پۇرسىتىمنىڭ قولدىن كېتىدىغانلىقىنى ھەرقانچە چۈشەندۈرسەممۇ بولمىدى. ھەتتا بىر ئۇستازىم «كالالاڭلار بەك قىزىپ كېتىپتۇ، مەن بىر قانچە ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزى يېزىپ كەلگەن تەۋسىيەنامىسىگە ئىمزا قويۇپ بەردىم. ئۇلار چەتئەلدىكى ئوقۇشقا مېڭىپمۇ بولدى.» دەپ ئەستايىدىللىقىمدىن رەنجىدى. مەن ئۆزەم يازغان، مەزكۇر ئۇستاز قول قويغان بىر پارچە تەۋسىيەنامىنى يېزىئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرس ئۆتنىۋاتقان بىر ئامېرىكىلىق دوستۇمغا كۆرسەتسەم، چىرايىنى غەلىتە پۈرۈشتۈرۈپ «بۇلشىت!» دېدى. بىللە تۇرغان يەنە بىر ئامېرىكىلىق بالىمۇ « مۇشۇنداقمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك بولامدۇ؟» دەپ قايناپ كەتتى.

ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن بىر قېتىم مەلۇم پروپېسسورنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگىنىمدە مېنى قارىتىپ قويۇپ باشقا نەچچە پروپېسسورنىڭ غەۋغىنى يېرىم سائەت قىلدى. ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغىنى «ئۇ بىزدىن دائىم مېنىڭ دىنىمغا ھۆرمەت قىلمايسىلەر، مېنىڭ دىنىي بايرام كۈنۈمدە يىغىن ئاچىسىلەر دەپ قاقشايدۇ. مەنمۇ ئاتەشپەرەسلىك دىنىغا كىرىپ، ئىشقا بارغۇم كەلمىگەن كۈنى دىنىي بايرام دەپ تۇرۇۋالسام بولارمىكەن تاڭ» دېگىنى بولدى. توغرا-دە! ھەممە ئادەم مەسىلىگە دىنداشلىقنى، قانداشلىقنى، مەنپەئەتداشلىقنى ئۆلچەم قىلسا ئورتاق پىرىنسىپ نەدە قالىدۇ؟ شۇنداقتىمۇ ئىككى پروپېسسورنىڭ غەيۋەت قىلىشى ماڭا بەك غەلىتە تويۇلدى. غەيۋەتخورلۇق، باشقىلارغا كەينىدىن باھا بېرىش ئىنسانغا ئورتاق پىسخىكا بولسا كېرەك. دېمەكچى بولغىنىم، ئامېرىكىلىقلار باشقىلارغا باھا بېرىدىلا ئەمەس بەلكى ئاشۇرۇپ غەيۋەتمۇ قىلىشىدىكەن.

مەن پەقەت ئۆزەم ئۇچراتقان ئامېرىكىلىقلارنىڭ بەزى مەدەنىيەت پەرقىگە ياتىدىغان مەسىلىلەرگە ئالدىراپ توغرا خاتا دېمەيدىغانلىقىنى، پەقەت «بىزدە بۇ خۇش كۆرۈلمەيدۇ» دەپ قويۇدۇغانلىقىنى بايقىدىم. لېكىن ئۇلار سىزدىن «سەنچە شۇنداق قىلسا ئادىللىقمۇ؟ مۇۋاپىقمۇ؟» دەپ سورايدۇ. توغرا، دۇنيادىكى نۇرغۇن مەسىلىگە بولۇپمۇ مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئۆزگىچىلىكىگە ياتىدىغان مەسىلىلەرگە ھېچكىم ئالدىراپ توغرا خاتا دېمەيدۇ. بۇ ھەقتە مېنى قاتارغا قوشقان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىمۇ «ئەلگە

كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۈغا كىرسەڭ بېلىڭچە» «ئەمانىڭ شەھىرىگە بارساڭ كۆزۈڭنى قىسىۋال» دەيدىغان ئۇدۇم چۈشەنچە بار. بىزنىڭ مىللەتمۇ يۇقارقى پىرىنسىپقا نەچچە مىڭ يىل ئەمەل قىلىپ نەزەرگە نائىل، تۆرگە مۇشەررەپ بولغانكى، خەقنىڭ ئىشىغا قالايمىقان باھا بېرىپ نەزەردىن چۈشۈپ كەلگەن مىللەت ئەمەس. شۇ نەرسە ئايانكى، دۇنيادىكى ھەممە نەرسە مىللىيلىك پىرىنسىپى بويىچە بولمايدۇ. دۇنيادا مۇۋاپىقلىق، ئادىللىق، ئەقلىيلىق دېگەن ئورتاق پىرىنسىپلارمۇ بار. بىر خەلق توغرا تونۇغان ئىش ياكى بىر بۆلۈك كىشى توغرا بىلگەن ئىش باھاسىز، ھۆكۈمسىز رەۋىشتە توغرا چۈشۈنۈلۈۋەرمەيدۇ. مەسىلەن، خەنسۇلار ئادەم بار يوق دېمەي يەل قويۇۋېتىدۇ. بۇ خەنسۇلارنىڭ ئادىتى، بۇنى ھەتتا ئىچكىرىدىكى بىر پروپېپسسور ماڭا تەبىئىي ھادىسە دەپ ئاقلىغان. ئەمما خەنسۇلارنىڭ بۇ مىللىي ئادىتى مۇۋاپىق بولمىغاچ ئىنكار قىلىنىدۇ. مەن بۇ يەرگە كەلگەندە مېنىڭ گۈيجۇلۇق فورددېشىممۇ ماڭا، تۈكۈرۈش، يەل قويىۋېتىشنىڭ ئامېرىكىدا ئېغىر ئېلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئېنىقكى ئۇ مېنى 96% جوڭگولۇق سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلغان. بۇندىن باشقا ھەممە ئادەم بىر تەخسىگە چوكا تىقىش، بۇمۇ سەھىيە ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولمىغاچقا توغرا دەپ قارالمايدۇ. ئامېرىكىلىقلار بۇنىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ دەپ قارايدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئەقلىيلىك ئەمەس، يەنى سەھىيە ئىلمىگە خىلاپ. ئەمدى يۇقارقى تۇرسۇنجان ئەپەندىنىڭ ئوغلىنى ئامېرىكىدىكى مەكتەپكە بېرىپ، قىزنى  ئەرەبىستانغا ئەۋەتىۋېتىشى(ئەسلى قىزىمنى ئوقۇتمايمەن دەپتىكەن، مەن بىر ئۇيغۇرنىڭ ئوبرازى بولسىمۇ سەل ئىجابىي بولسۇن دەپ تىلغا ئالمىغانتىم)، ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدە ئادىللىق ئەمەس. مەن مۇشۇ خىلدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ «بۇ ئادالەتسىزلىك، نېمىشكە ئوغلىنى ئوقۇتۇپ قىزنى ئوقۇتمايدۇ، ئەجەبا ئوغلىغا ماس كەلگەن موھىت قىزىغا ماس كەلمەمدىكەن؟» دەيدىغانلىقى ئېنىق. ئەگەر ئاياللار باراۋەرلىك تەرەپتارلىرى ئاڭلىسا گەپلەر ئۇنچە مۆتىدىل دېيىلمەيدۇ.  بەزى

دوستلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەتلەر پەرقىگە ياتىدىغان مەسىلىلەردىكى توغرا چۈشۈنۈش ئۆلچىمىنى ھەممە يەردە پىرىنسىپسىز تەكىتلىشى مىنى ھەيران قالدۇردى.

توغرا ھازىر دۇنيادا مەدەنيەتلەر دىيالوگى تەكىتلىنىۋاتىدۇ. ھەممە نەرسىگە ئۆز بىلىمى ياكى مەدەنىيىتى نوقتىسىدىن باھا بېرىش ئانچە ئالقىشلانمايدىغان بولدى. مەملىكىتىمىزدىمۇ «مەدەنىيەتلەر دىيالوگى» ھەققىدە قەرەللىك مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ يىغىنلارغا تۇڭگان ئالىملىرى ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپ ۋە تەشكىللەپ ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن كۆڭزىچىلىق مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى چۈشۈنۈشنى كۈچەيتىش ھەققىدە ئەھمىيەتلىك ئىزدىنىشلەردە بولۇۋاتىدۇ. گەرچە بۇ مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايۇنىمىزدا ئېچىلمايۋاتقان بولسىمۇ، بۇ بىزنىڭ بىر قىسىملارنىڭ ھە دېسىلا ئۆزى چۈشەنمەيدىغان، يات مەدەنىيەتلەرگە فېئودالىزمنىڭ، قالاقلىقنىڭ، قانۇنسىزلىقنىڭ، ۋە ئىلمىيسىزلىكنىڭ قالپىقىنى كەيدۈرۈشنىڭ پەيدىنپەي ئازىيىدىغانلىقىغا بولغان ئۈمىدىمىزنى كۈچلەندۈردى. ئەمما شۇ نەرسە رۇشەنكى ھەر قانداق ھادىسىنى كۆپتۈرۈش ئىلمىي پىرىنسىپنى زەخىملەندۈردۇ. مەدەنىيەتلەر ئارا چۈشۈنۈش، ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنىڭ تەكىتلىنىشى ئىنسانلارنىڭ ھەممىنى ئۆز مەدەنىيىتىگە ئاساسەن  باھالاش، ھۆكۈم قىلىشتىن ئىبارەت مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكىگە خاتىمە بېرىش بىلەن بىللە يەنە نۇرغۇن نامۇۋاپىق خاھىشلارنىڭ باش كۆتۈرىشىگىمۇ سەۋەب بولدى. مەدەنىيەت ئۆزگىچىلىكىنى تەكىتلەش «ھەممە نەرسىگە ئورتاق پىرىنسىپتا باھا بەرگىلى بولمايدۇ، ھىچ نەرسە قائىدىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن توغرا ئەمەس بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز توغرا دەپ قارىغاچقا توغرا» دەيدىغان مەدەنىيەت شەخسىيەتچىلىكى ۋە مەدەنىيەت قورۇقچىلىقىنى  پەيدا قىلدى. مەسىلەن، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پروپېسورى ماروڭ ئەپەندى «بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»نىڭ 2005-يىللىق مەلۇم سانىدا ماقالە ئېلان قىلىپ «جوڭگۇدىكى مىللەتلەرگە ئاپتونومىيە بېرىش كوڭزىچىلىق مەدەنىيىتىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ھەل قىلىش ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس. كۆڭزىچىلىق مەدەنىيىتىدە مىللەت مەدەنىيەت ئۇقۇمى، سىياسىي ئۇقۇم ئەمەس. ئەگەر مىللەت ياۋرۇپا

ئەنئەنىسى بويىچە سىياسىي ئۇقۇم دەپ قارالسا ئۇنىڭغا نۇرغۇن سىياسىي هوقۇقلار بېرىلىشى كېرەك. جۇڭگو كومپارتىيىسى جۇڭگودىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلغاندا غەرپ ئەنئەنىسىدىكى مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش دېگەنگە ئوخشاش پىرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىپ سەھۋەنلىك ئۆتكۈزدى، مىللىي ئېڭى يوق مىللەتلەرگە مىللىي ئاڭنى يېتىلدۈرىدىغان سەھنە هازىرلاپ بەردى. جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى هەل قىلىش ئۈچۈن مىللەتنى سىياسىي ئۇقۇم دەپ قارايدىغان ياۋروپاچە ئەندىزىدىن مىللەتنى ئۆرۈپ ئادىتى پەرقلىق كىشىلەر توپى دەپ قارايدىغان كوڭزىچىلىق ئەنئەنىسىگە قايتىپ كېلىشىمىز كېرەك» دەپ يازدى. هەتتا يەنە بەزىلەر دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھرىبانلىق دېگەن ئۇقۇملارنىمۇ ياۋروپا مەدەنىيىتىگە خاس نەرسە دەپ، ئۆز دۆلەتلىرىدىكى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان دىنىي زۇلۇم، سىياسىي بېسىم، ۋە كىشىلىك تاجاۋۇزلارنى مىللىي ئەنئەنىمىز دەپ يوپۇرۇۋاتىدۇ. مەنچە ئىنسانلارنىڭ بىر بىرىگە ئۆزى بىلگەنچە باها بېرىشى، هۆكۈم قىلىشى نامۇۋاپىق، ئەمما هەدېسىلا مېنىڭ مەدەنىيىتىمدە مۇنداق، سېنىڭ مەدەنىيىتىڭدە ئۇنداق دەپ هەممە نەرسىنى ئۆز مەنپەتىگە ئۇيغۇن چۈشەندۈرۈپ ئىنسانىيەتكە ئورتاق پىرىنسىپلارنى رەت قىلىشى ئاپەتتۇر. بۇندىن باشقا هەر قانداق چاغدا چۈشەنگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ چىن هىسسىياتىنى يوشۇرۇشى ياكى قۇلاق يوپۇرۇپ بىلمىگەنگە سېلىۋېلىشى خەتەرلىكتۇر. مەنچە يۈكسەك ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىدىغان تەجرىبىچىلىك ئەنئەنىسىگە ساهىپ، هەر ئىشتا پىرىنسىپنى ئاساس قىلىدىغان هەققانىيەت تۇيغۇسىغا ۋە سەممىيلىككە مۇيەسسەر ئامېرىكىلىقلار هەممە نەرسىنى توغرا چۈشىنىپ باش لىڭشىتمايدۇ. هەقنى هەق، ناهەقنى ناهەق دەپ باها بېرىش ئامېرىكىلىقلىقلا ئەمەس  هەر قانداق مىللەت ئۈچۈن ئورتاق.

## ئامېرىكىدا نېمە بار، نېمە يوق؟

كىشى باشقا بىر دۆلەتكە بارغاندا دائىم ئۆزىدە بار بىلەن خەقتە يوقنى سېلىشتۇرۇپ قالىدۇ. دەسلەپتە ماڭا يوق بىلىنگىنى موزدۇز. ئامېرىكىدا موزدۇزنىڭ يوقلىقىنى ئايىقىمنىڭ پاشنىسى ئۇپراپ كەتكەندە بىلدىم. بەلكىم ئامېرىكىلىقلار ماشىنا بىلەن يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن بولغاچ پاشنىسى ئۇپرىمىسا كېرەك. مەن «چېنىقىشقا ۋاقتىم چىقمىدى» دەپ چېنىقمىغان باھانە بىلەن بىر يىلغا يېقىن دەرسكە مېڭىپ باردىم. بۇ يەردە مەندەك چېنىقىمەن دەپ رەسمىي كىيىنىپ مېڭىپ يۈرۈيدىغان ئادەم يوقكەن. چېنىقماقچى بولغانلار مەخسۇس تەنھەرىكەت كىيىملىرىنى كىيىپ چىقىدىكەن. نېمىلا دەپ باقمىنىم بىلەن موزدۇزسىز بۇ شەھەر مېنى مايماق پاشنىلىق ئاياقلاردا ئىككى يىل ماڭغۇزدى. ۋەتەنىدىكى چېغىمدا مەن نەگە بارسام موزدۇز ياكى مايلامچىلار بىلەن پاراڭلىشاتتىم. بۇ يەردە ئۇنداق پۇرسەتنىڭ بولمىغىنىدىن ئەپسۇسلاندىم. جوڭگونىڭ خېلى جىق شەھەرلىرىدىكى ئاۋامنىڭ ئويلىرىنى، تۇرمۇشىنى شۇلار ئارقىلىق كۆزىتەتتىم. ئىچكىرىگە سېلىشتۇرۇپ بىلىشىمچە ئۇيغۇردا ئايال مايلامچى يوق، خەنسۇلاردا ئەر ۋە بالا مايلامچى يوق ئىدى. ئايىقىنى مايلىتىدىغانلارنى كۆزەتكىنىمدە، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئاساسەن كوچىدا ئاياق مايلاتمايتتى. بۇ يەردە ئۇنىسىز بىر ھۆرمەتنىڭ قەدىرلىنىشۋاتقانلىقى مېنى سۆيۈندۈرەتتى. ئۇيغۇر ئەرلەرنىڭ ئاياق مايلاپ بولسىمۇ ھالاللىق بىلەن ئاياللىرىنى بېقىشى، پۇل ئۈچۈن ئاياللىرىنى خەققە تەلمۈرتمەسلىكى، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭمۇ ھەرقانچە باي بولسىمۇ قېرىنداشلىرىنىڭ غۇرۇرىنى سۇندۇرماسلىق ئۈچۈن ئۇلارغا پۇت سۇنۇپ غادايماسلىقى مىللىتىمىزدىكى ئىسىللىقنىڭ پاكىتى ئىدى. لەنجۇدا كۆرگەن بىر ئىش قەتئىي ئېسىمدىن چىقمايدۇ. يامغۇر قاتتىق ياغقان بىر كۈنى كوچىدا بىر ئەر-خوتۇن ئازراق گەپ تالاشقاندىن كېيىن خوتۇنى «مەن يامغۇر توختاشنى ساقلىمايمەن، ھاپاش بول، مېڭىۋېرەيلى» دەپلا ئېرىنى ھاپاچ قىلغانىدى. مەنچە ئۇيغۇر ئەرلىرى كوچىدا ئەمەس، يالغۇز قالغاندىمۇ خوتۇنىغا ھاپاچ بولمايدۇ. خەنسۇلاردا ئايال مايلامچى ۋە موزدۇزلارنىڭ بولۇشى بىزدە بولماسلىقى ئىككى مىللەتنىڭ ئەر-ئاياللار ھەققىدىكى تونۇشىنىڭ

ئوخشىماسلىقىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. يۇقارقى ئەھۋالدا ئامېرىكىلىقلار قانداق قىلار بولغىيتى؟ ئەگەر ئۇلاردىمۇ موزدۇز، مايلامچى بولغان بولسا سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن بولاتتىم.

ئامېرىكىدا كەچلىك بازار يوق. ئېنگىلىز تىلىدا بۇنداق ئاتالغۇمۇ يوق. بىر مىللەتتە مەلۇم ھادىسىنىڭ بار يوقلىقىنى شۇ مىللەتنىڭ تىلىدىن بىلىش مۇمكىن. ئۇيغۇر تىلىدىكى بازار دېگەن سۆز ئەزەلدىن كۈندۈزنى كۆرسەتكەن بولۇپ «قاراڭغۇ بازار» دېگەن سۆز ئۇيغۇرچىدا ھارام پايدا ئالىدىغان بازارنى كۆرسۇتۇدۇ. كەچلىك بازار دېگەن سۆز خەنسۇچىدىن كەلگەن بولغاچقا مەتبۇئاتتا كەچلىك بازار دېگەندىن باشقا ھېچ بىر ئۇيغۇر كەچلىك بازار دېيىشكە كۆنمەي خەنسۇچىسى بويىچە «يېشى» (夜市) دەيدۇ. بىزدىكى كەچلىك بازار دېگەن گەپ 90-يىللاردا پەيدا بولدى. ئەسلى ئۇيغۇرلار خەققە قارىتىپ كوچىدا يېمەك يېيىشنى ئېغىر ئالاتتى. ئادەتتە كاۋاپ، نان، سامسا قاتارلىق سۇسىز تاماقلاردىن باشقىلىرى كوچىدا تىزىپ سېتىلمايدۇ. ساتقىلى بولۇدۇغان شۇ قۇرۇق يېمەكلىكلەرنىمۇ ھېچ كىم كوچىدا خەققە قارىتىپ تۇرۇپ مالاچلاپ يېمەيدۇ. كوچىدا سېتىلىدىغان سۇيۇق يېمەكلىك لەڭپۇ، لېكىن بۇ بىزنىڭ ئەمەس تۇڭگانىنىڭ. دېمەك كوچىدا، ئوچۇقچۇلۇقتا تاماق يېمىگەن ئەجداتلىرىمىز تاماقنى چىرايلىق يەردە، تۈزۈك قاچىدا، شەكىلەنمەي ئولتۇرۇپ يېيىشنىڭ ساغلاملىق ۋە مەدەنىيلىكنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ ئادەتكە ئايلاندۇرغان. بۇ بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ئىدى. مانا ئەمدى خەق ئۆگەتكەن «يېشى» دا، كوچىدا تاماق يېيىشكە ئادەتلىنىپ كەتتۇق. 97-يىلى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن تۇققانلىرىمىز «بۇ يەردە 'يېشى' يوقكەن» دەپ نارازى بولغاندا يۇرتۇمنى قالاق كۆرۈپ تەڭ ئاغرىنغانىكەنمەن. 2008-يىلى بىر دوستۇمنى قەشقەرگە ئېلىپ بېرىپ توپا-تۇمان لەيلەپ تۇرغان كوچىدا سېتىلىۋاتقان قويۇق سۇيۇق تاماقلارنى كۆرۈپ ئون يىللىق تەرەققىياتتىن تاڭ قالدىم. سۆيۈنگەن يېرىم ئۇيغۇرلارنىڭ تاماقلارنى ئاپئاق داكا بىلەن ئوراپ قويۇشى ئىچكىرىدىكى «يېشى» لاردىن

پەرقلىق كۆرۈنەتتى.

ئامېرىكىدا ھەممە دۇككاندا ھاراق يوق. ئامېرىكىدا ھاراق ساتىدىغان دۇككانلار مەخسۇس ئىجازەتنامە ئالغان بولىدۇ. خالىغان كىشىنىڭ ئۆزى خالىغان يەردە ھاراق سېتىشى چەكلەنگەن. ھاراق سېتىۋالماقچى بولغانلارمۇ چوقۇم رەسىملىك كىملىك كۆرسىتىشى كېرەك. قانداق كىشىلەرنىڭ ھاراق سېتىۋالسا بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق قانۇن بار. ھاراق سېتىلىدىغان كۆلۈپلارغىمۇ كىملەرنىڭ كىرىشى، قانچە گرادوستىكى ھاراقلارنىڭ سېتىلىشى ھەققىدە قانۇن بار. بىزنىڭ مەكتەپتە ئۈچ تاللا بازىرى بار، لېكىن ئىچىدە ھاراق ئەمەس تاماكىمۇ يوق. مەكتەپنىڭ ئەتراپىدا كىچىلىك كۆلۈپ يوق، ئويۇنچۇقخانا، قىمارخانا، تورخانا يوق. (ئامېرىكىدا تورخانا يوق) جوڭگودىكى مەن ئىشلىگەن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەتراپىدا مۇشۇنداق يەرلەر بارئىدى. ھەتتا ئاشىق مەشۇقلار ئايرىمخانىسى دەپ شەكلى ئۆزگەرگەن پاھىشخانىمۇ بار ئىدى. ۋەتەندە مۇنداق مەكتەپ ئەتراپىدىكى «بۇزۇقخانا»لارنىڭ بەزىلىرى ئاشكارە بەزىلىرى يوشۇرۇن. بىزدە بۇنداق ئىشلارغا دائىر قانۇن يوق. قانۇن بولغان تەقدىردىمۇ ئىجراسىنىڭ تايىنى يوق.

مەن بارغان شەھەرلەردە بايقىغىنىم ئامېرىكىدا يانچۇقچى يوقكەن. بەلكىم بۇ كىشىلەرنىڭ يانچۇقىدا نەق پۇل ساقلىمايدىغان، ھەممە يەردە كارت ئىشلىتىدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. مەن 92-يىلى ئىچكىرىگە بارغاندىن باشلاپ نارەسىدە ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ يانچۇقچىلىقتا سىبىلىنىۋاتقانلىقىغا ئامالسىز شاھىت بولغان ئىدىم. كىمنىڭ خوجايىن، كىمنىڭ قۇش، كىمنىڭ شوركا ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قايسى يەرلەردە «بازا ئوينايدىغان»، «ئاپتۇبۇس يۆلەيدىغان»لىقىدىن ھەممىمىزنىڭ خەۋىرى بار ئىدى. پەقەت ساقچىمۇ ئوغرى بولغاچ «قارغا قارغىنىڭ كۆزىنى چوقۇمايتتى». ئەمما جۇڭگولۇقلار بۇنى ئۇيغۇرنىڭ «قالاقلىقى»، «ياۋايىلىقى» ۋە چەكسىز ئىتتىۋاردىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىغا پاكىت دەپ چۈشىنىپ پۇرسەت تاپسىلا كەمسىتەتتى ياكى تۇتۇپ بېرەتتى. ئوغۇرلانغان بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىسى پەرزەنتلىرىنى تاپاتتى، لېكىن «زوراۋان» دىن قورقۇپ قايتتۇرۇپ كېتەلمەيتتى. قايتۇرۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ يېرىم يولدىن تۇتۇلۇپ، تاياق يەپ بالىسىنى قويۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولاتتى. مەن بىر ماتىرىيالدا بۇنداق بالىلارنىڭ 50

مىڭدىن ئاشىدىغانلىقىنى كۆرگەنتىم. ئامېرىكىدا ساقچىلار قانۇنلۇق پۇقراسىنىلا ئەمەس، چېگرىدىن قانۇنسىز كىرگەن مېكسىكىلىق، جۇڭگولۇق ۋە شىمالىي كورىيەلىكلەرنىڭمۇ ھوقۇقىنى قوغدايدۇ. ھەتتا يېقىندا مۇشۇنداق قانۇنسىز كۆچمەنلەرنىڭ دۆلەتنىڭ پۇلىغان ھەقسىز داۋالىنىش ھوقۇقى بارمۇ يوقمۇ؟ دېگەن تېمىدا مۇنازىرە بولۇپ ئۆتتى.  شۇ نەرسە ئېنىقكى، مەيلى قانۇنسىز ياكى قانۇنلۇق پۇقرا بولسۇن، ھەرقانداق كىشى بىر نەرسىسىنى يوقاتسا، شەخسىيىتى تاجاۋۇزغا ئۇچرىسا ساقچى مىنۇت ئىچىدە ھازىر بولىدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ يوقالغان پەرزەنتىنى ئۆزلىرى ئىزدەيدىغان ئىش يوق. خەۋەردىن كۆرۈشۈمچە 13 يېشىدا يوقاپ كەتكەن بىر قىز 27 يېشىدا تېپىلغان. ساقچىلار ۋاقتىدا تېپىپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ قىزغا 23 مىليون دوللار تۆلەم تۆلىگەن.

ئامېرىكىدا جۇڭگونىڭ مېلىنى ساتمايدىغان چوڭ تاللا بازىرى يوق. جۇڭگونىڭ ئەرزان ماللىرىنى بىلمەيدىغان ئامېرىكىلىق يوق. جۇڭگولۇق يوق شەھەر ۋە ئالى مەكتەپ يوق، ئالدامچىلىق سەۋەبىدىن جۇڭگولۇقنى قوغلىمىغان مەكتەپ ئاز. جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلاردىن  بۇرۇن ئالغان نەتىجىسىنى ئامېرىكىدا ئالالايدىغانلىرى بەك ئاز. مەكتەپلەر ئۇلارنىڭ ئىلگىركى ئېنگىلىزچە نەتىجىسى ھەرقانچە يۇقىرى بولسىمۇ بىۋاستە دەرسكە كىرگۈزمەيدۇ، قايتا ئىمتىھان ئالىدۇ، نەتىجىدە كۆپىنچىسى جۇڭگودا ئالغان نەتىجىنى ئالالماي ئېنگىلىزچە ئۆگىنىدۇ. مەن ئامېرىكىدىكى جۇڭگو ماللىرىنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ ئامېرىكىنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەنمۇ  تىجارەت قىلىدىغانلىقىدىن گۇمانلىنىمەن. جۇڭگودا  ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن كىيىم كىيىپ باققان ئۇيغۇر يوق. (ئامېرىكىدا ئۆزىدە ئىشلەنگەن كىيىمنى تېپىش ئۈچۈن مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. قارىغاندا ئامېرىكىلىقلار قول ئىشى تەلەپ قىلىدىغان بۇنداق ئەمگەكلەرنى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە ئۆتۈنۈۋەتكەن ئوخشايدۇ). بىزدە چەتتىن كىرگەن مال قىممەت، ئامېرىكىدا چەتتىن كىرگەن مال ئەرزان بولۇپمۇ تېخنىكا تەلەپى

يۇقىرى بولمىغان تاۋارلارنىڭ شۇنداق. بۇ سېلىشتۇرمىغا ئاخىرىدا بىرلا نەرسىنى قوشساق مەسىلە ئايدىڭ بولۇدۇ. جوڭگۇدا ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ تېخنىكىسىز داۋام قىلالايدىغان يۇقۇرى تېخنىكا شىركىتى يوق. جوڭگۇدا ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن ۋىندوۋس، مەكىنتاش يۇمشاق دېتالىنى ئىشلەتمەي كومپيۇتىر ئىشلىتەلەيدىغان ئادەم يوق. جوڭگۇدىن تونىلاپ كىرىۋاتقان مالىدىن كىرگەن پايدا، ئامېرىكىدىن چىققان بىر سەر كەلمەيدىغان تېخنىكىلىق ئۈسكۈنە ياكى بىر يۇمشاق دېتالنىڭ ئالدىدا ھېچ نېمە ئەمەس. جوڭگۇدىن كېلىۋاتقان بايلار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئامېرىكىغا تۈرلۈك يوللار بىلەن ئېلىپ كىرىۋاتقان پۇلىنىڭ ئالدىدا جوڭگۇنىڭ ئەرزان تەقلىدي ماللاردىن قىلىۋاتقان كىرىمى تايىنلىق گەپ. ئامېرىكىلىق ئىنجىنىر بىر سائەتتە لايىھەلىگەن بىر سىخىمىنىڭ پايدىسى مىڭ جوڭگۇلۇق ئىشچى بىر يىل تىككەن كىيىمدىن ئېشىپ چۈشىشى چوقۇم. شۇڭا بىلىم كۈچ، بىلىم پۇل دېگەن گەپ مۇشۇ يەردە ئىسپاتلىنىدۇ.

# سۇنىڭ قېشىدا، ئوتنىڭ تېشىدا

ئۇيغۇرلار ئاجايىپ مىللەتتىز، ئۆلۈمگىمۇ چاخچاق ئالغاچ بارىدىغان، يىغلىسىمۇ ئاھاڭغا سېلىپ، قوشاق قاتىدىغان. قېرىنداش تۈركىيە تۈركلىرى ئۇيغۇردىكى بۇ سەنئەت تالانتىنى ھازىرقى سىياسىي تۇرمۇشقا تەدبىقلاپ، نامايىشنى قوشاقتەك رېتىملىق، ئاھاڭدار شوئارلىرى بىلەن ئەۋجىگە چىقىرىشىدۇ... مەنچە قانچە قېتىملىق تارىخىي قىرغىنچىلىق، پىشكەللىك ۋە مەھرۇملۇقلاردىن ئامان قالغان مىللەتنىڭ خاراكتىرىدە بۇنچىلىك ئۆزگىچىلىكنىڭ بولۇشى تاسادىپىلىق ئەمەس، ئەلۋەتتە. مەن بىلىدىغان تىللاردا ئوت ھەققىدىكى سۆزلەر ئۇيغۇرچىدىكىدىن ھەم ئاز ھەم رەڭسىز. ھاياتنى ئوتتەك قىزغىنلىقتا سۆيگەن بۇ مىللەت ئاشىقلىق، قەتئىيلىك، جاسارەت، پىداكارلىق، مەردانىلىك، ھالاللىق قاتارلىق خىسلەتلەرنى ئوتقا ئوخشۇتۇپ نۇرلاندۇرۇپ ئۆگەنگەن. ئوت ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىسا لاۋۇلداپ تۇرىدىغان مۇھەببەت ئىچىدە ئۆتۈشنى ئارمان قىلىدىغان، ئۆلسە يۈرەكنى لەختە قىلىدىغان ئازاپتا جان تەسلىم قىلىشقا تەشنا مىللىي خاراكتىرىنى يورۇتۇدۇغان كۆڭۈلدىكىدەك تەمسىل بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئوت ئۇيغۇر ئەجداتلىرى تەرىپىدىن ئۇلۇقلىنىپ كەلگەن بولۇشى ئېھتىمال. ئۇيغۇرلار يۈرەكلەردىكى مۇھەببەت ئوتلىرى تېخىمۇ ئۇلغايسۇن دەپ تويلاردا گۈلخان ياقىدۇ. ئوت كۆيگەن ئوچاقنى ھاياتلىق مەنبەسى دەپ تونۇغاچقا بىرسىنىڭ يامانلىقىنى «ئوچۇقىنى ئۆرىمەك» دېگەن ئىبارە بىلەن بايان قىلىدۇ. بوۋىلار ياققان ئوت ئۆچمىسۇن دەپ مىيىت چىققان ئۆيدە قىرىق كۈن چىراق ياقىدۇ. بىر قىسىم ئاغرىقلارنى ھەسەت ئوتلىرىدىن بولىدۇ دەپ قاراپ « ئوت كۆچۈرۈدۇ»، ئوتنىڭ داۋامى بولغان كۈلگە تۈكۈرۈشنى، تەرەت قىلىشنى يامان كۆرىدۇ. بالىلىرىغا ئوتنى ئۆچۈرگەن مەختۇمسۇلانىڭ پاجىيەسىنى

ئەۋلاتمۇ ئەۋلات سۆزلەپ ماڭىدۇ. ئەڭ مەينەت نەرسىنى چوغ چايقاپ يۇيىدۇ. خەقلەرنىڭ نەزىرىدىكى قەدىرسىز پەرۋانە ئوتقا ئۆزىنى ئۇرغىنى ئۈچۈن ئۇيغۇرنىڭ قەلب تۆرىگە ئورناشتى. ئوت ئىچىدە ياشايدىغان سەمەندەر نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئىلھام ئاسمىنىغا يۇلتۇز چاچتى. ئوتتا بەش يۈز يىل كۆيۈپ پاكلانغان قەقنۇستەك ياشاش ئۇيغۇرنىڭ يارقىن ساداسى، يۈرەك نىداسى بولۇپ ياڭرىماقتا. ئاڭلاڭ « قېقنۇستەك تۆرەلسەمتىم» دەپ مۇڭ تۆكىدۇ گېرمانىيىدىكى ئۇيغۇر ناخشىچى گۈلقىز مۇخپۇل. ئۇيغۇر دۇنياسىنى يىغا-زارە قاپلىغان شۇ كۈنلەردە بوۋىلارنىڭ «ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيگەندىن تېشىدا كۆيگەن يامان» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى تولۇق ھىس قىلدىم ۋە بوۋىلاردىن قالغان تۈمەن خىل مەنە ۋە شەكىلدىكى ئوتلارنىڭ تېشىدا قىلدەك تولغاندىم. تىلىمىزدىكى بىچارە سۆزى ئەسلى پەقەت چارەسىز مەنىسىدە بولۇپ ھازىر بۇ سۆز بىر ئادەمنىڭ ھەممە جەھەتتىن زىيادە ئاجىز ھالىتىگە قارىتىپ ئىېتىلىدۇ. قارىغاندا ئىنساننىڭ چارىسىز قالغاندا ئەڭ ئاجىز مەخلۇققا ئايلىنىدىغانلىقىنى ھىس قىلغان ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ زامان نەيرەڭلىرى ۋە نەيرەڭۋازلىرى ئالدىدىكى بىقۇۋۋۇل، ناتاۋان ھالىتىنى تەسۋىرلەشكە بۇنىڭدىن ئارتۇق بىر كەلىمە تاپالمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر تىلىمىزدا مەنىسى تەكىتلىنىپ كېلىدىغان سۆزلەردە تاۋۇش تەكرارلىنىدۇ، مەسىلەن، ئاچچىق، قاتتىق، قىممەت، ئۇششۇق، ... مۇشۇ قاتاردا بىچارە سۆزىمۇ بىچچارە دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ، بولۇپمۇ بىچچارىلىقنىڭ تەمىنى ئىزچىل تېتىپ كېلىۋاتقان جەنۇپ ئۇيغۇرلىرىدا شۇنداق. ئەمدىلا ئىككى يېرىم ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بىچارە قىزىم ئۇرۇمچىدە يىپ يىڭى بىر جۈملە، « ۋاي، قاچايلى!» نى ئۆگىنىۋاپتۇ. ئۇنىڭ سەبىي دىلىغا پۈتكۈل جانلىقنى ۋە جانسىزنى بىزگە مەنپەئەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بىز بىلەن تەڭ مەۋجۇد بولغانلىقى، ئۆلۈمىمىز ۋە ھاياتىمىزغا ھەمراھ بولغانلىقى ئۈچۈنلا سۆيىدىغان روھنى سىڭدۈرۈشكە نىيەت قىلغانىدىم. قورقۇنچتىن يۈرىگى زىدىلەنگەن بۇ مەسۇمگە ئارمانلىرىم ئۇلىشالارمۇ؟ پىسخولوگىيە نوقتىسىدىن قارىغاندا قورقۇنچ ئەقىلنى تورمۇزلايدۇ، ھىسسىياتنى بىنورماللاشتۇرىدۇ، قاشاڭلاشتۇرىدۇ. ئەنگىلىيىلىك پەيلەسوپ، ماتېماتىك بروتانت راسسىل

قورقۇنچ ئىچىدىكى ئىنسانىنىڭ ئىنسانچە تەپەككۇر قىلىدىغانلىقىغىمۇ ئىشەنمەيدىكەن. بۇۋىلىرىمىز كېسەلنى بەرگەن ئاللاھ شىپاسىنى قوشۇپ بېرىدۇ، دەپ ۋەسىيەت قىلىشقانىكەن. ئۈمىتسىز شەيتان. ياشاش ئۈمىدى، مەۋجۇدلۇق ئېھتىياجىدىن باشقا پىلانلارغا چارەسىز قالغان مەندەك ئىنسانغا تۇپرىقىمىزدا ئۆتتەك قۇياشنىڭ ئىجازەتسىز، تەستىقسىز چىقىۋاتقىنى ئەڭ چوڭ تەسەللى. لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتا پىشقان نانىنى چوغلۇق لىگەندەك قۇياشقا ئوخشۇتۇپ يۇملاق ياققان بوۋىلىرىمىز ئوت- قۇياشتىن ئۈمىت ئۈزمىگەنىكەن. خەيرىيەت! ئاسماندىكى ۋە داستىخاندىكى تەۋەرۈك قۇياشلىرىمىز ئامانلا بولسا، يارىلىشتىن بېرى قۇياشنى قوغلىشىپ كېلىۋاتقان بۇ قەۋمنىڭ مەندەك بىچارە پۇشتى يەنە قۇياشلىق كۈنلەرنى باغاشلار. مەكتەپكە يېڭى كەلگەن ئىيۇننىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە ئۇيغۇرنى بىلىدىغانلىقى بىلەن ماڭا سۆيۈملۈك تۇيۇلغان بىر شوپۇر، بىر دېھقان، ۋە بىر ئوقۇتقۇچى ھازىرغىچە مەن بىلەن سالاملىشىپ قويىدۇ، لېكىن چىرايىدىكى دەسلەپكى ئالقىش تەبەسسۇمىنىڭ ئورنىغا تەڭقىسلىق ۋە ئىنسانلىقىمنى ئىنكار قىلىدىغان ئىچ ئاغرىتىش ئالماشقان. مەن مۇسۇبەتلىك كۈنلىرىمدە تۇمەن ھەسسىلەپ كۆپەيگەن ئىچ ئاغرىتىش ئىپادىلىرى ۋە ئىبارىلىرىگە شۇ قەدەر ئۆچ بولدۇمكى ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقىپلا بىرىنچى تىلىكىم باشقىلارنىڭ ماڭا ئىچ ئاغرىتماسلىقىنى تىلەش بولدى. مەن نېمىشقا بۇنچىلىك ئىنسانلىق ھېسسىياتىدىنمۇ بىزار بولىمەن؟ چۈنكى ھېسداشلىق ۋە ئىچ ئاغرىتىش مېنىڭ بىچارىلىقىمنى تېخىمۇ ئاشكارىلايدۇ، مېنىڭ تېخىمۇ ئاجىز، قىممەتسىز، زەبۇن ھالىتىمنى ماڭا ئىتىراپ قىلغۇزماقچى بولىدۇ، ھاياتتىكى ئەڭ ئاخىرقى قورغىنىم بولغان مەۋجۇدلۇقۇمنىڭ ئەھمىيىتىنى بەرباتلىققا سۆرەيدۇ. ئۇتقا، ئىسسىققا ئاشىق بىر ئۇيغۇرغا بىچارىلىقنى ئىتىراپ قىلغۇزۇشنىڭ ۋەھىمىسىنى بۇ سوغا، سالقىنغا خۇشتار ئامېرىكىلىقلار بەلكى مەڭگۈ ھېس قىلالمايدۇ. ئۇيغۇرنىڭ ئۇتقا، ئىسسىققا بولغان مۇھەببىتى تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىن تەپچىپ

تۇرىدۇ. ئۇيغۇر بىر بىرىگە مەيلى بارلارنى «ئىسسىق ئۆتۈشۈپتۇ» دەپ ئىپادىلەيدۇ، بىر ئۆيگە كىرىپ بىللە ياشىيالمىغانلارنى «ئۇۋىسى ئىسسىمىدى» دەيدۇ، مۇھەببىتى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلەرنى «ئارىغا سوغۇقچىلىق چۈشتى» دەپ ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىبابىتىدە بەدەننى سوغۇق قاپلاپ كەتكەنلىك ئاجىزلىقنىڭ بىشارىتى. ئۇيغۇرلار سوغۇقلۇق ۋە سۇنى بەدەننىڭ كۈچىنى خورىتىدىغان كۈشەندە دەپ قارايدۇ. شۇڭا يازلىرى تېمپېراتۇرا قىرىق گرادۇستىن چۈشمەيدىغان تۇرپاندىمۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇلۇقنى قىززىق چاي بىلەن قاندۇرىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ بەدەنلىرىنى شۇنچە ئىسسىق كىلىماتلىق تۇپراقتا نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ئۇچۇق قويماي ئوراپ يۈرىشى، يالىڭاچلىقتىن پىنھان قالغاندىمۇ ئۇيىلىشى، ئىسسىقلىق — بەدەندىكى قۇۋۋەت بىلەن مۇھەببەت — روھتىكى قۇۋۋەتنى مۇھاپىزەكارت قىلىش سەۋەبىدىن بولغان. ئۇيغۇر كۆرۈنمەس ياراتقۇچىنىڭ قۇدرىتىنى «پاختىنىڭ ئىچىدە چوغ ساقلايدۇ» دەپ سۈرەتلەيدۇ. بۇ يەردىكى چوغ، مۇھەببەت بولۇپ ئۇ ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى؛ بۇ يەردىكى چوغ ھاياتلىق بولۇپ تەڭرىنىڭ مەرھەمىتىدۇر. ئۇيغۇر مۇقەددەس بىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئۇلۇغلۇق ۋە مېھىر لىباسقا ئورالغىنى ئۇچۇن جەلپكاردۇر، مۇقەددەستۇر، دەخلىسىزدۇر. ئۇيغۇرنىڭ نەزىرىدىكى گۈزەللىك ئاشكارە - ئوچۇقلۇقتا بەربات بولۇدۇغان ۋە تارمار قىلىنىدىغانلىقى بىلەن ئۆزگىچىدۇر، سۆيۈملۈكتۇر. بىزنىڭ ئوتقا باغلانغان چۈشەنچىمىز ۋە ئادەتلىرىمىز ئامېرىكىلىقلارنىڭ سۇغا، سالقىنغا بولغان چۈشەنچىسى بىلەن ئاسمان-زېمىن پەرقلىنىدۇ. ئامېرىكىلىقلارنىڭ تىلىدا «سالقىن» دېگەن سۆز پەيزى، قالتىس، لىۋەن، گۈزەل، ئاجايىپ دېگەندەك مەنىلەردە مودا قىلىپ قوللۇنىلىدۇ. بىر ئۇيغۇرنىڭ قەلىمىدە لاۋۇلداپ تۇرغان «ئوت»تەك كۆرۈنگەن لىۋەن قىزنىڭ كۆزلىرى ئامېرىكىلىقنىڭ تىلىدا « سالقىن» دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. مەن بۇ يازدا ئىككى ئاي سىنىپتىكى ھاۋاتەڭشەكنىڭ زىيادە سوغۇق چىقارغىنىدىن ئاغرىنىپ چىققان بولسام بىزنىڭ مۇئەللىم ھاۋانىڭ تولىمۇ ئىسسىپ كەتكىنىدىن ۋايساپ چىقتى. مەن يامغۇر ياغقان كۈنلىرى دەرىزەمنى يېپىپ قويمىسام يوتقانغا تۈگۈلۈپ كېتىدىغان ھاۋادا بىزنىڭ لاۋرىنىسلىق تونۇشلار ھاۋا تەڭشەكسىز ئوخلىيالمايدىكەن. ئۇلار ھازىرغىچە مېنى ھاۋاتەڭشەك ئالدۇرۇپ

بولالماي، ئىسسىقتا قانداق ياشاۋاتقىنىمدىن ۋايىم يەپ ئاۋارە. ئامېرىكىلىقلارنىڭ كولا، ۋىنۇ ۋە ھەتتا مۇزدەك سوغۇق سۇغىمۇ يەنە مۇز سېلىپ ئىچىدىغان بۇ ئادىتىنى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىكى سالقىنلىققا، ئوچۇقلۇققا تەشنا مىجەزىنى بەلگىلىگەن بولۇشى مۇمكىن. ياۋروپانىڭ چەكسىز ئورمانلىرى ۋە پايانسىز دېڭىز ساھىلىنى ھايات سەھنىسى قىلغان ياۋروپالىقلارنىڭ مەدەنىيەت ۋارىسى ھېساپلىنىدىغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ كىيىنىش، ھېسسىيات ئىپادىلەش ۋە كۆزقاراشلاردىكى ئوچۇق ئاشكارىلىقى بىزدەك تۇتقىلى بولماس ئوتنى يۈرەكلىرىگىچە ئورنىتىۋالغان مىللەتنىڭكىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. بىز بەكرەك يېقىنلاشساق كۆيدۈرىدىغان ئوتقا-ئىسسىققا مەپتۇن بولۇپ، ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ مۇقەددەس تۇيغۇ ۋە مەۋجۇداتقا تەمسىل قىلىپ ياشىساق ئامېرىكىلىقلار ئۈزسە راھەتلەنگىلى، تۇتسا ھوزۇر ئالغىلى بولۇدۇغان سۇغا-سالقىنغا خۇشتار بولۇپ ياشايدۇ. شۇڭا ئامېرىكىلىقلار لاۋرىنىستەك دېڭىزدىن يىراق شەھەرگىمۇ باش ئايىقىغا ئاران كۆز يېتىدىغان سۈنئىي كۆللەرنى پەيدا قىلىشقان. بۇ يەردىكى ئەڭ مەشھۇر كېلىنتون كۆلى ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزگىلەرنىڭ يالىڭاچلىقىدىن، ئاشكارىلىقىدىن زوق ئالىدىغان ئامېرىكىلىقلار بىلەن تولغان. بىر ئامېرىكىلىق دوستۇم بىلەن ساھىلغا باردۇق. بۇرادىرىم چېنىقىشقا، مۇسكۇل چىقىرىشقا ئۆچ ئاز سانلىق ئامېرىكىلىقلارنىڭ بىرى ئىدى. ساھىلدىكى مۇسكۇللۇق ئەركەكلەر ۋە بەدەنلىرى تولۇق كەلگەن قىزلاردىن ئۇيالدىمۇ مايكىسىنى سالمايلا سۇ ئۈزۈشكە باشلىدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ماسلاشتىم، ساھىلدا كىيىمى بىلەن سۇ ئۈزگەن ئىككىمىزلا بولدۇق. بىزدىكى تۇتقىلى بولماس ئوتقا بولغان مەپتۇنلۇق بىزنى غايىۋى مەنزىل ۋە غايىپ ھاياتقا مايىل مىجەزگە ئىگە قىلىپ، شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدىكى قىممەتتىن باشقا ئۇنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ھېكمەت ۋە سېھرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئۈندىگەن. ئامېرىكىلىقلاردىكى سۇغا ۋە سالقىنلىققا تەشنالىق ئۇلاردا ھەممە نەرسىنىڭ تۇتقىلى، بىلگىلى بولۇدۇغان قىسمىغا ئېتىبار بىلەن قارايدىغان،

ھوزۇرلىنىدىغان، كۆرۈپ سىناپ بېقىپ ھۆكۈم قىلىدىغان مىجەزىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولغان. بىزنىڭ خاراكتېرىمىزدىكى ئوتتەك قىزغىنلىق ئامېرىكىلىقلارنىڭ مىجەزىدىكى سۇدەك دولقۇنلۇق ۋە سالماقلىقا رۇشەن سېلىشتۇرما. بىزنىڭ پىكرىمىزدىكى يالقۇن كەبى سەكرەتمىلىك ئامېرىكىلىقلارنىڭ سوغۇققان تەھلىلىدىن خېلىلا ئۆزگىچە. ماتەملىك كۆڭلەردىكى بىر ئوقۇتقۇچۇم بىلەن ئارىمىزدىكى ئۇقۇشماسلىق بەلكىم يۇقىرىقى بايانلىرىمغا مىسال بولۇشى مۇمكىن. بېشىمىزغا ھادىسە كەلگەندىن بېرى چىرايىم ئېچىلمىدى، كالالمنى قەتئىي يىغالمىدىم، تاپشۇرۇقلىرىمۇ ۋاقتىدا تاپشۇرۇلماي قالدى. بۇنى سەزگەن بىر مۇئەللىم ماڭا بېشىغا مېنىڭكىدەك دەرت كەلگەنلەر بارىدۇغان بىر يەرنىڭ بارلىقىنى، شۇيەرگە بېرىپ ئوقۇبەتلىرىمنى تۆكسەم بولۇدۇغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بۇ يەرنى خەلقئارالىق بىرەر كىشىلىك ھوقۇق ئورگىنىنىڭ تارمىقى بولسا كېرەك دەپ گۇمان قىلدىم ۋە دەرھال ئۇنداق يەرلەرگە بارسام ماڭا ۋە ئائىلەمنىڭ بىخەتەرلىكىگە ياخشى بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدىم. مۇئەللىمنىڭ گېپىنى بىرسى ئاڭلاپ قالغان بولمىغىيدى دەپ بەك ئەندىشەلەندىم. كېيىنكى قېتىملىق دەرستە مۇئەللىم تىۋىشسىزلا ئالدىمغا بىر ۋاراق قەغەزنى قويۇپ قويىۋىدى ئەتراپىمدىكى خەنسۇ ساۋاقداشلىرىمدىن ئەنسىرەپ تولىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتىم. چۈنكى مەلۇم ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بۇلتۇر جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇيۇشتۇرماقچى بولغان شىنجاڭدىكى ئەۋزەل مىللىي سىياسەتنى تەشۋىق قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالمىغانلىقى سەۋەبلىك ئۇيۇشمىدىن قوغلانغانىكەن. مېنىڭمۇ ئۇنداق كۈنگە قالغۇم يوق، يوشۇرۇن بىر يەرلەرگە بارغۇم تېخىمۇ يوق ئىدى. زادى نېمە بولغىيتتى، دەپ دەككە دۈككىدە ئۇيگە كېلىپ ھېلىقى قەغەزنى ئاچتىم. تۇۋا، بۇ مەكتەپ پىسخىك داۋالاش مەركىزىنىڭ ئادرىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلىرىكەن. مۇئەللىم ماڭا تولىمۇ دوستانىلىك بىلەن ئەگەر خالىسام مەن بىلەن دوختۇرخانىغا بىللە بېرىشنى تولىمۇ خاھلايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئىككىلىك خەت يېزىپ قويۇپتۇ. بىچارىلىقىمغا كۈلگۈم كەلدى، بەلكى ھېلىقى ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇ ئىشقا كۈلگىسى ئەمەس مېنىڭ بىنورماللىقىمغا ھېسداشلىقى كەلگەندۇ. ماڭا بىر بۇرادىرىمىز مالايسىيادا مەلۇم تىل

مەكتىپىدىكى بىر ئۇيغۇرئوقۇغۇچىنىڭ مۇخپىرنىڭ ئۇيغۇرچە ناخشا ئوقۇپ بېرىش تەلىپىگە جۇڭگونىڭ دۆلەت مارشىنى، ئۇيغۇرچە سۆزلەپ بېرىش تەكلىپىگە « شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئەزەلدىن ئايرىلماس بىر قىسمى» دېگەن شۇئارنى تەقدىم قىلغىنىنى ھېكايە قىلغىنىدا مەسخىرە قىلىپ تازا كۈلگەنتىم، مانا ئەمدى ئۆزەمنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشىنىمۇ، يىغلاشنىمۇ بىلمەي قېينالماقتىمەن. يۇقارقى مىسالدىن مەن ئامېرىكىلىقلار بىلەن ئارىمىزدىكى تەپەككۇر پەرقىنى ھىس قىلدىم. تۈرك بۇرادەرلەر «شاتلىق سوزلەنگەنچە كۆپىيىدۇ، ئازاپ سۆزلەنگەنچە ئازىيىدۇ» دەپ ئۆيلىرىدە مېھمان قىلغانتى. ئەگەر ئۇيغۇرلار بولسىمۇ دەل شۇنداق قىلاتتى. ئۈرۈمچىدە بولغان بولساق ئائىنە باللار بىلەن بىر چاس سورۇن تۈزۈپ ئۇلارنىڭ ھاراقتىن كېيىن توسالغۇسىز چىقىۋاتقان مېھرلىك سۆزلىرىگە چۆمۈلگەن بولاتتىم. تۈرك ئائىنىلەرنىڭ پەرقى مەست بولماي تۇرۇپمۇ ساڭا ئەڭ مۇھەببەتلىك شۇ سۆزلەرنى ھەدىيە قىلالايدۇ، بىزنىڭ ئۇيغۇر ئائىنىلەر مەست بولماي تۇرۇپ بىربىرىمىزگە «كۆڭۈل چۈشەندۈرەلمەيمىز». ھالبۇكى مەيلى تۈرك بولسۇن ياكى ئۇيغۇر بولسۇن ھېچقايسى ساڭا ئامېرىكىلىق ئائىنەڭدەك پىسخىك داۋالاش مەركىزىگە ئېلىپ بار دېمەيدۇ. قىزىق، بىز ئوتتا ــ ئازاپتا كۆيىۋاتقان دوستىمىزنىڭ ئەقلىنى ئوتتەك كۆيدۈرىدىغان ھاراقتا داغلاپ، يۈرەك ۋە نېرۋىلىرىنى ئوتتەك قىزىتىپ، زەھەرنى زەھەر بىلەن داۋالايدىكەنمىز. ئامېرىكىلىقلار سۇدەك تەمكىن مىجەزى بىلەن ئوتنىڭ سىرتىدا قىلدەك تولغۇنۇۋاتقان دوستىنى دوختۇرخانىغا تەكلىپ قىلىپ مەسىلىنىڭ مۇۋاپىق ھەل قىلىش چارىسىنى كۆرسىتۇدۇكەن. لېكىن ماڭا ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇ ئىلمىيلىكى پەقەت تېتىمىدى. ئوتنىڭ تېشىدا قىلدەك تولغانغان بۇ كۈنلەردە ئاچچىق ئازاپنى ئاچچىق ھاراقتا داغلىغان، غەزەپلەر ئوتتەك چاراسلىغاندا ئىككى ئۈچ مەرتە ئېتىشىپ، ئەتىسى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىر-بىمىزنىڭكىدە مېھمان بولۇشقان دوستلىرىمنى قەۋەتلا سېغىندىم. لاۋۇلداپ يانغان گۈلخانغا ئۆزىنى ئېتىپ قەلبىدىكى مۇقەددەسلىككە ئۇلاشقان

ئۇيغۇر بالىلىرىنى، ئاشۇ بالىلىرى ئۈچۈن تونۇردىكى يالقۇنغا باشچىلاپ كىرگەن ئۇيغۇر ئانىلىرىنى كۆزۈمگە سۈرگىدەك بولدۇم.

# ھەقىقەتنىڭ دۆلىتى ۋە مىللىتى

شەرق مىللەتلىرىدە شەخسنى ئومۇمنىڭ كۆزى بىلەن باھالاش، كىشىلىك قىممەتنى ئاۋامنىڭ ئىتىراپىغا باغلاش بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە. مۇشۇ سەۋەبتىنمىكىن ئۇلاردا يۈز ئابروي قارىشى ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. بولۇپمۇ مەدەنىيەتتە سىرتنىڭ تەسىرىنى ئىزچىل يىمىرىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاسىمىلاتسىيە قىلىپ كەلگەن خەنسۇلاردا بۇنداق قاراش بەك كۈچلۈك. خاسلىقنى، ئۆزگىچىلىكنى سىڭدۈرۈۋېتىشكە ماھىر خەنسۇ مەدەنىيىتى دۇنيانىڭ نەرىگە بارسا كىملىكنى يوقاتمايدىغان يەھۇدىلارنىمۇ مىللىي ئاشقازىنىدا يەم قىلىۋەتكەن. بىر قېتىم دەرسىدىن كېيىن خەنسۇ ئوقۇغۇچىلار ۋە بىر قانچە ئامېرىكىلىق پاراڭلىشىپ قالدۇق. ئامېرىكىلىقلارنىڭ جۇڭگۇ ھەققىدىكى سوئاللىرىغان پۈتۈنلەي دېگۈدەك خەنسۇ بالىلار جاۋاپ بەردى، مەن بۇنداق سورۇنلاردا كەمسۆز بولۇشقا تىرىشىدىغان بولغاچ سۈكۈتنى ساقلىدىم. ئارىدا بىر ئامېرىكىلىق «جۇڭگۇدا ستۇدېنتلار مەكتەپتە ئىشلىمەكچى بولسا ئادەتتە نېمە ئىش قىلىدۇ؟» دەپ سوراپ قالدى. مەن بۇرۇن ئالىي مەكتەپلەردە ئىشلىگەن تەجرىبەمگە ئىشىنىپ مۇشۇ بىخەتەر سوئالغا بولسىمۇ جاۋاپ بېرىپ باقاي دەپ «ئادەتتە تازىلىق قىلىدۇ، بىنالاردا نۆۋەتچىلىك قىلىدۇ. بىزنىڭ ئۈرۈمچىدە قار كۆپ ياغىدۇ شۇڭا قىشتا قار تازىلايدۇ...» دەپ تېخى گېپىمنى ئەمدى تۈگىتىپ تۇرۇشۇمغا ئۈچ-تۆرت خەنسۇ ساۋاقداش گېپىمگە تۇشمۇ تۇشتىن قارشى چىقتى. ئۇلارچە جوڭگۇدا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئامېرىكىدىكىدەك مەكتەپنىڭ كۇتۇپخانا، تەنتەربىيە سارىيى، تەجرىبەخانا ۋە مۇزېي قاتارلىق ئورۇنلىرىدا ئىشلىيەلەيدىكەن. ئۇلارچە ئۇنداق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تازىلىق قاتارلىق ئەرزىمەس ئىشلارغا سالىدىغان ئەھۋاللار پەقەت شىنجاڭدەك تەرەققىي قىلمىغان رايونلاردىلا قالغانمىش. مەن ئۆزەمنىڭ ئىچكىرىدىكى بىر ئالىي مەكتەپتە ئىشلىگىنىمنى ۋە بېيجىڭدىكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلىقىمنى ۋە

شىمالى جوڭگۇدىكى چوڭ شەھەرلەرگە ئاساسەن بارغانلىقىمنى دەپمۇ ئۇلارنى
ئىشەندۈرەلمىدىم. مەن خۇددى سەۋەبسىز يالغان سۆزلەپ تۇتۇلۇپ قالغاندەك
تۇيغۇغا كېلىپ ئۇلارغا خەنسۇچە يەنە چۈشەندۈردۈم. ئۇلار «بىزمۇ بىلىمىز،
لېكىن شۇنداق بولسۇنمۇ دەيلى، سەن نېمىشكە يۈزىمىزنى چۈشۈرۈپ بۇ
گەپلەرنى چەتئەللىكنىڭ ئالدىدا دەيسەن. جوڭگۇدا يات بىلەن ئۆزنى ئېنىق
ئايرىيدىغانلىقىنى بىلمەمسەن. بولۇپمۇ سەن شىنجاڭلىق بولغاندىكىن
بۇنداق گەپنى دېمەسلىكىڭ كېرەك. بۇنداق دېسەڭ ئامېرىكىلىقلار
شىنجاڭنى تېخىمۇ خاتا چۈشەنمەمدۇ؟ بولۇپمۇ مۇشۇنداق ۋەزىيەت كەسكىن
چاغدا گەپ سۆزۈڭگە دىققەت قىلغىنىڭ تۈزۈك...» دېگەنلەرنى تەكىتلىۋىدى
ھەيران قالدىم. قايتىپ كېلىپ بۇ گەپنى گۈيجۇلۇق ساۋاقداشقا دەپ
بېرىۋېدىم ئۇمۇ «ياتلارنىڭ ئالدىدا ئۇنداق دەپ نېمە قىلاتتىڭ» دېۋىدى، توۋا،
دەپ ئولتۇرۇپلا قالدىم. دېمەك، ئەمدى پاكىستىنىڭمۇ جوڭگۇلۇق ئۈچۈن
دېيىلىدىغان پاكىت ۋە ياتلار ئۈچۈن دېيىلىدىغان پاكىت دەپ
ئايرىلىدىغانلىقىنى ئۆگىنىشىمگە توغرا كەلدى. ئىچى ئاداپ كەتسىمۇ تېشىغا
پۈرىقىنى چىقارماسلىقتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي ئەنئەنە يات ئەللەردە تېخىمۇ
كۆچۈيۈپ كېتىدىكەن-دە! شۇندىن كېيىن جۇڭگو توغرىدىسىدىكى پاراڭغا
خەنسۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئەگىشىپ قويۇدىغان بولدۇم. بىر كۈنى يۈكسەك بىرلىك
يەنە بۇزۇلۇپ كېتىپ قالدى. مۇشۇ ئاغزىمنى زە... دەرستىن كېيىنكى ئارامدا
مۇئەللىم «جۇڭگودا قانداق ئېلان جىق؟» دېۋىدى مەن يەنە ئاقساقاللىق
قىلىپ «ھاراق بىلەن دوختۇرخانا-دورىنىڭ ئېلانى دېگەن ساماندەك» دەپ
تاشلاپتىمەن. «نېمىشكە؟» دەپ سورىشىغا « ھاراق ئىچمىسەڭ مۇناسىۋەت
قۇرالمايسەن، مۇناسىۋىتىڭ بولمىسا ئىشىڭ ئاقمايدۇ. ھاراقلارنى
تەكشۈرىدىغانلارمۇ ھاراق ئىچىپ تەكشۈرىدىغان بولغاچ ساختا ھاراقلار
ئادەمنىڭ روھىنى ۋە تېنىنى كېسەل قىلىدۇ، بۇنىڭ بەزىلىرىنى دورا، يەنە
بەزىلىرىنى ھاراق داۋالايدۇ» دەپ تاشلاپتىمەن. مۇئەللىم قاتتىق كۈلۈپ
كەتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئامېرىكىدا ھاراقتا ئوخشاش ئادەمنى خۇمار ياكى
مەست قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئېلانى تېلېۋىزوردا بېرىلمەيدىكەن. ئەتراپىمغا
ئالاق جالاق قارىۋەتتىم، خۇداغا شۈكۈر خەنسۇ سەپداشلار بەك ئېرەن
قىلمىغاندەك.

شۇندىن كېيىن پات-پات خىيالىمغا مۇشۇ ئىشلار كېلىۋالىدىغان بولدى. نېمە ئۈچۈن پاكىتىمۇ دۆلەت تەۋەلىكىگە ئېرىشىپ قالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئىچىمىزدىكىنى تېشىمىزغا چىقارماق باشقىلارنىڭ نازارىتىگە مەھكۇم بولىدۇ؟ ئەجەبا ماۋزىدوڭنىڭ ئاممىۋي پىرىنسىپتا مېڭىش، دېڭشاۋپىڭنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش تەشەببۇسلىرى ئىككى مىڭ يىللىق يالغانچىلىق، تۆۋەننى قەتلى قىلىپ يۇقۇرىغا خىزمەت كۆرسەتكەن بولۇۋېلىش، ئۆز قەۋمىدىن بولمىغاننى مەڭگۈ گۇمانلىق دەپ قاراش دېگەندەك كىسەللەرگە مەلھەم بولالمىدىمۇ؟ بۇلارنى ئويلىساملا لۇشۇننىڭ نەقەدەر ئۇلۇق زاتلىقى يادىمغا كېلىدۇ. ئۇ جوڭگو جەمىيىتىنى ئادەم يەيدىغان جەمىيەت دېگەندى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەقىقەتنى مەنپەئەتكە بويۇن ئەگدۈرىدىغان ئاكىيۇلار چوقۇم ئىسلاھ قىلىنىشى، ئىنسان بىلەن ئىنساننىڭ باراۋەرلىكىنى مەڭگۈ ئېتىراپ قىلماي تىزلاندۇرۇش ياكى تىزلىنىشقىلا مايىل مىللىي پىسخىكا دېموكراتىيە ئارقىلىق ئۆزگەرتىلىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇس! لۇشۇن تەشەببۇس قىلغان ئىسلاھات يېگىلەپ قالدى. ماركسىزىمدىن كېيىنكى ئىدولوگىيە بوشلۇقىغا بەدەل قىلىنغان مىللەتچىلىك ئالدىدا لۇشۇننىڭ مىللەتنى كەسكىن تەنقىدلەيدىغان روھي بويۇن قىستى. پۈتۈن ئىنسانغا ئورتاق بولغان ھاياتنىڭ دەخلىسىزلىكى، قانۇننىڭ مۇقەددەسلىكى، ئاخباراتنىڭ تەرەپسىزلىكى، ئىددىيىنىڭ گۇناھسىزلىقى قاتارلىق پىرىنسىپلار مىللەتچىلىككە بويۇن ئەگدى. ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى پاكىتتىن، ھەقىقەتتىن ئۈستۈن قويۇدۇغان مىللەتچىلەر ئىنساننىڭ ياشاش ئېھتىياجى، قوغۇدۇنۇش ئېھتىياجى، ئىززەتلىنىش ئېھتىياجى، قاتارلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان كىشىلىك تەلەپلەرنىمۇ ھۆكۈمران مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن رەت قىلاتتى. مىللەتچىلىكتە مىللىي مەنپەئەت بارلىق قىممەتلەرنىڭ تارازىسى. نېمىنى دېيىش ۋە قىلىش ھەقىقەتنىڭ قانداق بولغانلىقىدىن ئەمەس مىللىي ئابرۇيغا، مىللىي مەنپەئەتكە قانچىلىك تەسىرى بولغانلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى.

يۇقارقى مىللەت مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان ھادىسە بىزدە بەك ئاشكارە يامرىيالمىغان بولسىمۇ، بار. شۈبھىسىزكى بۇ مۇھەببەتتىن مۇھەببەت تۇغۇلسا، نەپرەتتىن نەپرەت ئۈنگەندەكلا ئىش. مىسالەن، ئالدىنقى بىر مەزگىلدە ئەۋج ئالغان «بىكخام موھىممۇ ئىشەكمۇ» دېگەن ماقالىنىڭ خاھىشىنى مەملىكەتلىك مىللەتچىلىك تۇغقان يەرلىك مىللەتچىلىك دېيىش مۇمكىن. يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ قارىشىدا ئۇيغۇرغا مەنپەئەتسىز بولغان ھەممە پاكىت ۋە ھەقىقەت قۇرۇق گەپ. بۇندىن باشقا قۇددۇس ھاپىزنى ئىككىنچى مەھمۇد قەشقەرى دېيىش، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىننى ئىككىنچى پارابى دېيىش، قۇربانجاننى ئەۋلىيا دېيىش، ئالىمجاننى ھاۋادىن يىقىلغۇ ياسىدى دېيىشلەرنىڭ ھەممىسى دەل شۇ؛ يەنى ئۇيغۇرلا بولسا، ئۇيغۇر ئۇچۇنلا بولسا پاكىت نېمە بولسا بولسۇن، پىرىنسىپ قانداق بولسا بولسۇن ھەق دەپ تۇرۇۋېلىش يۇقارقىدەك مەجبۇرىي ئۈندۈرمىدۇر. تۈركىيەدە مۇنداق بىر ئىش بولغانىدى، ھەر ئويلىسام ئاچچىق كۈلۈپ كېتىمەن.

2006-يىلىنىڭ باھار ئايلىرىدا تۈركىيەدىكى نوپۇزلۇق گېزىتلەرنىڭ بىرىدە مەلۇم ئۇيغۇرنىڭ ساختا دېپلوم ۋە ساختا ئاجرىشىش خېتى ياساپ تۇتۇلۇپ قالغىنى خەۋەر قىلىندى. بۇ خەۋەر تېلېۋىزوردىمۇ بېرىلگەندە بىز بەك بىئارام بولدۇق. تېلېۋىزوردا بۇ خەۋەرنىڭ كېچە سائەت ئىككىدە تەپسىلى بېرىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. بىز بىر قانچە قېرىنداش بۇ خەۋەرنى يېرىم كېچىگىچە ساقلاپ ئوخلىمىدۇق. خەۋەر ئەمدىلا بېرىلىشكە باشلىغانىدى، مەزكۇر ئۆيدە دوستلىرىمىز بىلەن بىللە تۇرىدىغان بىر تۈرك بالا ئىشىكنى چەكتى، بىز ھەرقانچە دېسىمۇ ئىشىكنى ئاچقىلى ئۇنىمىدۇق. ئۇ بالا بىر مۇنچە رەنجىپ كىرەلمەي بولدى قىلدى. ئۇ چاغدا مەن قىلغىنىمىزنى تامامەن يوللۇق دەپ ئويلىغانىكەنمەن. كېيىن ئويلاپ قالدىم، بىز شۇ قېتىم ئۇنىڭدىن پاكىتنى يوشۇرۇشنىڭ ئورنىغا پاكىتنى ئاڭلىتىپ، سەۋەبىنى تەشتەببۇسكارلىق بىلەن چۈشەندۈرگەن بولساق، ئۇنىڭ مۇشۇ خىلدىكى مەسىلىنى ئۆزى بىلگەنچە ئىزاھلىشىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ خالىغانچە چۈشەندۈرۈشلىرىگە ئەگىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدىكەنمىز. ئەجەبا، بىز ئۆيدىكى بىر تېلېۋىزوردىن ئۇ خەۋەرنى كۆرگۈزمىگەنگە ئۇ كۆرەلمەي قالارمۇ؟

مۇمكىن ئەمەس. يەنە بىرى بىزنىڭ شۇ بىر تۇرك (بىزنىڭ شۇ چاغدىكى ئىپادىمىز بويىچە يات) بالىدىن يوشۇرغىنىمىز بىلەن بىز بىلمىگەن نۇرغۇن كىشىدىن يوشۇرۇپ قالالايتتۇقمۇ؟ پاكىتنى ئىتىراپ قىلىپ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش ئاقىلللىقمۇ ياكى پاكىتنى يوشۇرۇپ خاتا چۈشۈنۈشكە پۇرسەت يارىتىش ئاقىلللىقمۇ؟

مەنچە پاكىتنىڭ، ھەقىقەتنىڭ، پىرىنسىپنىڭ، نەزەرىيەنىڭ مىللىيلىكى ۋە دۆلەتلىكى بولمايدۇ ھەم بولماسلىقى كېرەك. ھەممە نەرسىگە ماركسىزىملىق ، ياكى ...چە ئالاھىدىلىككە ئىگە دېگەن ئىبارىنى قوشۇپلاۋالسا چېقىلغىلى بولماس مازارغا ئايلىنىپ قالسا بولمايدۇ. دۇنيادا ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن نۇرغۇن ئورتاق مىزان ۋە قىممەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىمىز پاكىت. بۇ پاكىتلاردىن سۈزۈپ چىقىلغان ھەقىقەت ئەمەلىيەتتىن ئىزدىلىشى كېرەك. ئازچىلللىقلارنىڭ خاسلىقىنى دائىم كۆپسانلىقلارنىڭ ئومۇميلىقىغا مەجبۇرى سىڭدۈرىۋەتمەسلىك كېرەك. بولمىسا ئىرغاينىڭ ئېگىلەر سۇنماسلىقى ھەقىقەتنىڭ تەسۋىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ھەقىقەت مىللەت ياكى دۆلەت مەنپەتىگە قاراپ ئېگىلمەيدۇ، ئەگەر ئېگىلسە ئۇ ھەقىقەت بولالمايدۇ.

# رازىيەدىن ئۇيغۇرلار رازى بولارمۇ؟

ئىيۇلدىن باشلاپ تۈرلۈك كۈتۈلمىگەن ئازاپلاردىن تاشقىرى، كۈتۈلمىگەن تەسەللىلەرمۇ مېنى يالغۇز قويمىدى. قاچانلاردىدۇر توردا تونۇشۇپ قالغان تۈركلەر، ئەزەربەيجانلار، تاتارلار، ھىندونېزىيىلىكلەر تېلېفون قىلىپ ئەھۋال سورىدى، بۇغداي ناندەك سۆزلىرى بىلەن كۆڭۈل يارامغا مەلھەم بەردى. مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىچىدە بىر ئامېرىكىلىقنىڭ ھاياجانلىق ھېكايىسىنى پەقەت يازماي تۇرالمايمەن.

2003 ـ يىللىرىغۇ دەيمەن توردىن مۇنداق بىر ھەيران قالارلىق خەۋەرنى كۆرگەن ئىدىم. خەۋەردە بىر ئامېرىكىلىق ئەر-ئايالنىڭ قازاقىستاندىن يېڭىلا بېقىۋالغان ئىككى ياشلىق قىزى رازىيەگە ئۇيغۇرچىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئۆگۈتۈش ئۈچۈن ياردەم سورايدىغانلىقى يېزىلغان ئىدى. مەن دەرھال خەت يېزىپ ياردەمگە تەييار ئىكەنلىكىمنى بىلدۈردۈم. بۇ ئىككەيلەن خېتىمدىن شۇنداق خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى، مىڭ ئەپسۇس، ئۇلار ئامېرىكىدا ئىكەن. ئۇلارغا ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان، ئۇلارغا يېقىن شىتاتتا تۇرىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمى كېرەككەن.

ئارىدا بىر ئىككى خېتىگە جاۋاپ يازدىم ۋەتەندىكى بىر قانچە ئۇيغۇرچە تورنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردىم، لېكىن ھېچ قايسىسىدا توردىن ئۇيغۇرچە ئۆگۈتۈش سەھىپىسى يوق ئىدى. بولغان تەقدىردىمۇ ئۇيغۇرچە بىلمىگەن ئاتا-ئانا ئۈچۈن ياردەمچى بولالمايتتى. كۈنلەر ئۆتۈپ ئۇلار ھەققىدىكى خاتىرىلەرنى تامامەن ئۇنتۇپتىمەن. ئۈرۈمچىدە ۋەقە بولۇپ كۈنلەر كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ھازا بىلەن ئۆتۈۋاتقان كۈنلەردە، سكايىپ سايراپ قالدى.

— سالام، ئەنجۈمەن!

— سالام، كىم بولىسىز؟

— مەن ئەكىس، سىز ئەنجۈمەن، ھېلىقى ئالى مەكتەپتە ئىشلەيسىزغۇ دەيمەن؟

— بۇرۇن شۇنداقتى، ھازىر مەن ئامېرىكىدا.

— مۇبارەك بولسۇن! ئوقۇشقا كەلدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، رەھمەت. مەن ھازىر كانساستا، تىلشۇناسلىق كەسپىدە ئوقۇۋاتىمەن.

— سىز مېنى ئەسلىيەلىدىڭىزمۇ؟ مەن رازىيەنىڭ دادىسى، سىز قىزىمغا ئۇيغۇرچە ئۆگەتمەكچى بولغانتىڭىز؟ ئىككىمىز 2003-يىلى ئالاقىلەشكەن. سىز شۇ چاغدىمۇ ئامېرىكىدا ئوقۇغىڭىز بارلىقىنى دېگەنتىڭىز. ئاخىرى كەپسىز-دە!

— شۇنداق، مەن 15 يىل تەييارلىق قىلىپ ئاخىرى كەلدىم. ئېسىمگە كەلدى، سىز قازاقىستاندىن بىر ئۇيغۇر قىزنى بېقىۋالغان. قىزىڭىزغا ئۇيغۇرچە ئۆگىتەلىدىڭىزمۇ؟

— ئۆگەتتىم ، بۇ تولىمۇ ھاياجانلىق ھېكايە. سىز بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىدىن خەت تاپشۇرىۋالدىم. ئۇيغۇرلار مېنى بەك قوللىدى، رىغبەتلەندۈردى. ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن قۇشنا شتاتتا ئوقۇيدىغان بىر ئۇيغۇر بالىنى تاپتىم. ئۇ يىگىت قىزىمغا ئىككى يىل ئۇيغۇرچە ئۆگەتتى. ئۇ بالا تولىمۇ تەدبىرلىك بالىكەن. ھەپتىدە ئۈچ سائەت ئۆگەتتى، ئەمما ھەر كۈنى قىزىم ئۈچ سائەت ئاڭلىغۇدەك قىزىقارلىق لەتىپىلەرنى ئاۋازغا ئېلىپ ماڭا تاپشۇردى، مەن ئاۋال رازىيەگە ئاڭلىتىپ بولۇپ، ئۇنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلدۇرۇپ ئاڭلىدىم.

— ۋاي بۇ ئاجايىپ تەسىرلىك ئىش بولۇپتۇ، شاتلىنالماي يۈرگەن كۈنلەردە، ھە ئاندىن قانداق بولدى؟

— ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇ يىگىت باشقا شتاتتىن خىزمەت تېپىپ كېتىپ قالدى، ئاندىن قىزىمغا ئۇيغۇرچىنى ئۆزەم ئۆگەتتىم.

— قانداقسىگە؟

— ئۈرۈمچىدىن دىسنى شىركىتىنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان قونچاق فىلىملىرىنى ئەكەلدۈردۈم. ئىنگلىزچىسىنى ئۆزەم ئالدىن كۆرۈۋېلىپ، قىزىمغا ئۇيغۇرچە فىلىمنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇزدۇپ

ئاڭلىدىم، شۇنداق قىلىپ قىزىم شۇنداق كىرىشىپ كەتتىكى، ھەر كۈنى ماڭا بىرەر كىنو تەرجىمە قىلىپ بەرمىسە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان ھالغا يەتتى. ھازىر قىزىمنىڭ ئۇيغۇرچىسى ياخشى. مەن توردىن چۈشۈرۈپ بەرگەن ئۇيغۇرچە كىنو ۋە كۈلدۈرگىلەرنى كۆرۈپ ھارمايدۇ. يېقىندىن بېرى كۈلدۈرگە، ئىنتېرنېت دەيدىغان قىزىقچىلىقلارغا ئاشىق بولدى. ھەراست، ئۇيغۇرچە چاۋسۇ، جوتۇڭ، دىبا، ۋاڭبا، داباۋ، پەيچىسو، فاڭدۇڭ، ماجاڭ، چاۋشى، جوڭبا، مەنباۋ، دابازا دېگەن گەپلەرنىڭ مەنىسى نېمە؟ قىزىم ئابدۇكىرىم ئابلىز دېگەن قىزىقچىلارنىڭ ۋىدىيوسىدىن كۆرگەنىكەن، بىلەلمەي قاپتۇ.

— تولىمۇ ئەپسۇس، ئۇ سۆزلەر ئۇيغۇرچە ئەمەس، قىزىقچىلىق قىلىمەن دەپ، قوشۇپ قويغان سۆزلەر ئوخشايدۇ.

— ياق، ئۇنداق ئەمەستەك، كىشىلەر ئۇ سۆزلەرنى ئاڭلىسىلا كۈلىدى، ئۇيغۇرچە بولمىسا خەق چۈشىنىپ كۈلەمتى؟

— ھازىر بىر قىسىم چوڭ شەھەرلەردە ئۇيغۇرچىغا خەنزۇچە قوشۇۋالىدىغان ئىش بار، راست گەپنى دېسەم، شەھەرلەردە كۆپ ئادەم بۇنداق بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى بىلمەيدۇ.

— ئەمىسە مەن قىزىمغا قايسى ئۇيغۇرچىنى ئۆگىتىمەن؟ چوڭ شەھەرنىڭكىنىمۇ، ياكى سەھرانىڭكىنىمۇ؟

— بۇ ئىشلار ۋاقىتىنچە، بۇ مودا سۆزلەرنى كىشىلەر قانداق ئاسان ئۆگىنىۋالغان بولسا شۇنداق ئاسان ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئەندىشە قىلماڭ.

— سىكايپنىڭ كۆرۈنىشىنى ئېچىڭە، بىر بىرىمىزنى كۆرەيلى! قىزىمنىڭمۇ سىز بىلەن مۇڭداشقۇسى بار.

سىكايىپ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان توردىكى ھەقسىز سۆزلىشىش دېتالىنىڭ ئېكرانىنى ئاچتىم.

ئاق سېرىق، 9-10 ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزنىڭ ساغۇچ چاچلىق بېشى كۆرۈندى. ئەنە، ئۇيغۇرنىڭ كۆزلىرى!

— ماڭا قاراڭ رازىيە، مەن سىزنىڭ ئۇيغۇر ئاكىڭىز ئەنجۈمەن.

— كۆرۈشكەنلىكىمىزگە خۇشالمەن، ئاكا، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ ئاكا سىزنىڭ بالىڭىز يوقمۇ؟

— بالام بار، ئەمما بۇ يەردە، ئامېرىكىدا ئەمەس. سىز تولىمۇ بەختلىك

ئىكەنسىز، ئاتا. ئانىڭىز يېنىڭىزدا ئىكەن. قانچىنچى سىنىپتا ئوقۇيسىز؟

— بۇ يىل 3. دەرىجىگە كۆچىمەن.

— هە، ئۈچىنچى سىنىپقا دەڭ! سىز نېمىگە ئامراق؟

— مەن ئاتقا بەك ئامراق، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئېتى بەك قالتىسكەن، ئاكا سىزنىڭ ئېتىڭىز بارمۇ؟ دادام مېنى ئۇيغۇرلارنىڭ قېشىغا ئاپىرىمەن دەپ دايىم ۋەدە بېرىدۇ، ئەمما ۋاقىت چىقىرالمايدۇ. بىزنىڭ تېخى ئۆيىمىز (هويلىلىق ئۆيىنى دېمەكچى) يوق، ئۆتنە ئالغان (ئىجارە ئالغان دېمەكچى) بىنادا ئولتۇرىمىز. ئۆيۈم بولغاندا ئات باقسامكەن دەيمەن. سىزنىڭ ئېتىڭىز چوڭمۇ؟

— مېنىڭ ئېتىم يوق، مەن ئاتقا مىنەلمەيمەنغۇ دەيمەن. هازىر ۋەتەندە ئات ئاز، مىنىدىغان ئادەم تېخىمۇ ئاز.

— ئۇيغۇرلار هازىر چىن تۆمۈر باتۇردەك ئات مىنمەمدۇ؟

— ياق، هەممە يەر سىمۇنت، هەممە يەر قاتتىق، ئات ماڭالمايدۇ.

— ئاكا سىز پىرىزدېنت بولاي دەمسىز؟

— ياق، مەن ئويلاپمۇ باقمىدىم، مەن بولالمايمەن!

— نىمىشقا، مەنچە سىناپ بېقىڭ، مەن مەكتەپتە پىرىزدېنت بولدۇم، (ئامېرىكىدا مەكتەپلەردە شۇنداق تەقلىدى سايلام باركەن) دادام سىز تۇنجى ئۇيغۇر پىرىزدېنت دەيدۇ، بۇ راستمۇ؟ ئۇيغۇرلاردا بۇرۇن پىرىزدېنت يوقمىدى؟|

— ئويۇنچۇقىڭىز كۆپمۇ؟

— مەن كىچىك  بالا بولمىسام، پىرىزدېنت دېگەنمۇ ئويۇنچۇق ئويىنامدۇ؟ سىز مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمەيۋاتسىز؟ مەن راستىنلا پىرىزدېنت، شۇنداققۇ دادا!

— قىزىڭىز بىلەن مۇشۇنداق كۆرۈشەلەمسىز؟ قىزىڭىزنىڭ مەلىكە بولغۇسى بارمۇ ياكى پىرىزدېنتمۇ؟ نىمىشقا يىغلايسىز؟ تېلۋىزوردىمۇ كۆندە يىغلىغان كۆرۈنىشنى بېرىدۇ، نىمىشقا بۇنداق هەممىڭلار يىغلاڭغۇ بولۇپ قالدىڭلار؟

پەقەت بەرداشلىق بېرەلمىدىم، سىكايىپنى ئۆچۈرۈپ، ئۇنۇمنى قويۇۋېتىپ راسا يىغلاپتىمەن. بىر دەمدىن كېيىن ئەكستىن خەت كەلدى. خەتتە مۇشۇنداق پات پات مۇڭدۇشۇپ تۇرۇش ئارزۇسى تىلغا ئېلىنغان ئىدى.

بۈگۈن ئەكستىن يەنە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. قىزنى تۈركلەر ئاچقان مەكتەپكە يۆتكەپتۇ. خېتىدە قىزنى باققاندىن بېرى ھالال گۆش يەۋاتقىنىنى، قىزنىڭ ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنغا ئېتىقاد قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنى تۈرك مەكتىپىگە يۆتكىگەنلىكىنى، رامازاندا تۈركلەرنىڭ قىزنى قۇرئان ئۆگىتىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ رازىيەنى ھەقىقىي بىر ئۇيغۇر قىلىش ئارزۇسى بارلىقىنى يېزىپتۇ. ئۇ خېتىنىڭ ئاخىرىدا «مەن رازىيەنى ھەقىقىي ئۇيغۇر قىزى قىلىپ تەربىيەلىيەلەمدىمەنمۇ؟ ئۇيغۇرلار كەلگۈسىدە رازىيەدىن رازى بولارمۇ؟» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.

# ئامېرىكىدىكى مېھرلىك رامازان كۈنلىرى

ئامېرىكىدا رامازان بىر كۈندە باشلانمىدى، تۈرك قارداشلىرىمىز جۈمە كۈنى باشلىدى، ئەرەب بۇرادەرلەر شەنبە كۈنى زوھۇرلۇق يەپتۇ. بىز شەنبە كۈنى كانزاس شىتاتلىق ئۇنۋېرسىتىتقا كەلگەن ئىككى ئۇيغۇرۇمىزنى مېھمانغا تەكلىپ قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن تۇنجى كۈنى تۇتالماي قالدۇق. مېھمانلارغا گەپ ئارىلىقىدا بۇنى تىلغا ئېلىشۇدۇق، ئۇلار كۈلۈپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇلارمۇ شەنبە ئەتىگەن مېھماندارلىقىقا بارىمىز دەپ روزا تۇتالماپتۇ. يېڭى كەلگەن ئېنىمىزنىڭ ئامېرىكىلىق ياتاقدېشى ئەرەبچە ئۆگەنگەنىكەن، ئۆزىنىڭمۇ بىللە روزى تۇتقىسى بارلىقىنى، روزىنىڭ خاسىيىتىنى ھېس قىلىپ باققۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. شۇ كۈنى ئىككى ئۇيغۇر مۇساپىرنى بىر يېرىم سائەت ماشىنا ھەيدەپ يېنىمىزغا ئېلىپ كەلگەن بۇ ئامېرىكىق بالىدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدۇق. ئەتىسىدىن باشلاپ روزىمىزنى باشلىۋالدۇق، ئەلھەمدۇلىللاھ

ئامېرىكىدا مەن ئۈچۈن مۇسۇلمانلىقنىڭ ئەڭ راھەتلىك، ھوزۇرلۇق كۈنلىرى رامازان، ئادىمىيلىكنىڭ تولۇق چاقنىغان دەملىرى رامازان بولدى. مەكتەپتىكى مەسچىتتە بىرلىكتە يېيىلىدىغان ئىپتار، مۇھەببەتلىك سۆھبەت، مۇڭلۇق قىرائەتكە تولغان تاراۋى نامىزى. بىر بىرىنى مېھمان قىلىشىلىشقا، بىر بىرىگە يۆلەك بولۇۋېلىشقا تەشنا بۇرادەرلەر توپى. دۇنيانىڭ تۆت بۇرجىكىدىن ئامېرىكىغا بىلىم، ئىستىقبال ئىزدەپ كېلىپ ئۆز ئېتىقادىنىڭ مەمنۇنىيىتى ئىلكىدە ياشاۋاتقان بەختلىك مۇسۇلمانلار، ئامەتلىك ئۈممەتلەر. ئۇلار رامازاننى مەخپىي تۇتۇشنىڭ ئازابىنى، سوغۇق سۇدا، چىراقسىز ياتاقتا تىۋىشسىز زوھۇرلۇق يېيىشنىڭ مۇشكۈلاتىنى بىلمەيدۇ، خەۋەر تاپقانلىرىمۇ باردۇ، ئەمما ھېس قىلالمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا ئۇنداق كۈنلەرنى يېقىن يولاتمىغاي. قادىر ئاللاھ ئۆزىگە بەندىلىك قىلىشتىن باشقا

غايىسى، تىرىكلىكتىن باشقا نىشانى بولمىغان شور پىشانە ئىخلاسمەنلىرىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغاي، شېھىتلەرگە جەننەت، تىرىكلەرگە ئىسەنلىك ئىلتىپات قىلغاي.

رامازان كۈنلىرى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتتى، كانزاس شەھرىدىكى تۈرك جامائىتىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزىگە بىر قانچە قېتىم ئىپتارغا باردۇق. بىر قېتىملىق ئىپتارنى بىر ئەزەربەيجانلىق ئاكىمىز ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ «ئۇيغۇر دېگەن سۆزنى ھەر ئاڭلىسام يۈرۈگۈم ئاغرىيدۇ» دەپ كۆزىگە ياش ئالغىنىنى ھەر قېتىم كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم ئۆپكەم ئۆرۈلىدۇ. تەلىيىمگە بىر ئەرەب كىشى بىلەن خوشنا بولۇپ قاپتىمەن، مەسچىتكە ئىپتارغا بارالمىغان كۈنلەردە بىرلىكتە ئىپتارقىلدۇق. قىزىق يېرى رامازان جەريانىدا بۇ كىشىنىڭ ئىنگلىزچىنى سۇدەك سۆزلەيدىغان بالىلىرى ماڭا پەقەت ئەرەبچىلا گەپ قىلدى. ئۇلار تولىمۇ خۇشال، ماڭا سۆزلەپ ھارمايدۇ، مەنمۇ بىلگەندەك كۈلۈپ قويىمەن. بۇنداق چاغلاردا ھېيتتا بالىرىغا خەنسۇچە گەپ قىلدۇرماي، ئۆزىمۇ گەپلىرىگە قەتئىي خەنزۇچە ئارىلاشتۇرماسلىقتا تىرىشىدىغان خەنچە ئوقۇغان نەۋرە ئاچام ئېسىمگە كېلىدۇ، بەلكىم بۇلارنىڭ ئاتا ئانىسىمۇ شۇنى تەلەپ قىلغاندۇ. ئەرەب ئۈچۈن ئانا تىل ئاللاھنىڭ ھېكمەتلىك ئايلىرىدا ئەزىزدۇر. تېشىدا ھېيت ئوينىغان ئۇيغۇر ئۈچۈنمۇ ئانا تىل ھېيتلىق نىمەتتۇر، مەرھەمەتتۇر، مۇقەددەس ئاللاھقا باغلايدىغان رىشتەدۇر، ئىماندۇر.

مەسجىدىمىز رامازان كۈنلىرى تۈرلۈك خوش خەۋەرلەر بىلەن جانلىنىپ تۇردى، ئىمان ئېيتقان ئامېرىكىلىق قىزلار، يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ تەسىرلىك ھېكايىلىرى بىلەن قەلبىمىزنى يارىتقۇچىنىڭ مېھرىگە تېخىمۇ ئۇلۇق قىلىپ ئاچتى. مەسجىدىمىزنىڭ قىلغان يەنە بىر ساۋابلىق ئىشى، مۇسۇلمان ئەمەس ئوقۇغۇچىلارغا چىقارغان رامازان چاقىرىقى بولدى. بۇ چاقىرىقتا 500دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئاۋاز قوشتى، رامازان تۇتقان ئوقۇغۇچىلار ئىپتارلىق تاماق ۋە مېۋىلەر بىلەن مېھمان قىلىندى. ئۇلارنىڭ رامازان تۇتقانلىقى بىلەن تېجەپ قالغان پۇلى شەھەردىكى خەيرى-ئېھسان جەمىيەتلىرىگە ئىئانە قىلىندى. تېخىمۇ تەسىرلىك يېرى، ئىپتاردىن كېيىن بۇ روزا تۇتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار بىللە بىلەن ناماز ئوقۇشى بولدى، ئۇلار بۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ رامازانلىق پائالىيەتلىرىنى تولۇق

تاماملاش، مۇسۇلمانلىقنىڭ تۇيغۇسىنى مۇكەممەل ھېس قىلىش ئۈچۈن ئىختىيار قىلىشقانلىقىنى بايان قىلىشتى.

رامازاننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى مەسچىتتە بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان بىر مۇسۇلمان دىققىتىمنى تارتتى. گەپلىرى ۋە ئىنگلىزچە تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا ئامېرىكىدا تۇغۇلغان ئامېرىكىلىقتەك قىلاتتى. (ئامېرىكىدا دۇنيادىكى ھەممە مىللەت دىگۇدەك تېپىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئامېرىكىدا چوڭ بولغان ئامېرىكىلىق ۋە كېيىن كەلگەن ئامېرىكىلىق دەپ ئايرىش مۇمكىن) قىزىقىپ سورۇدۇم.

— سىز ئامېرىكىلىقمۇ؟

— ھەئە، بەختىمگە قارشى مەن ئامېرىكىلىق.

— نېمىشقا مۇنداق دەيسىز؟

— مېنىڭ مۇسۇلمانلار كۆپرەك دۆلەتتە ياشىغۇم بار ئىدى.

— نېمىشقا؟

— پەرزەنتلىرىمدىن ئەنسىرەيمەن.

— قانداقسىگە؟

— مەن ئۇلارنى مۇسۇلمانلىقتا ياشاپ بولالماي قالامدىكىن دەيمەن. چۈنكى بىزنىڭ بۇ شەھەردە مۇسۇلمانلار بەك ئاز، ئۆيدە ھەرقانچە تەربىيە قىلغىنىم بىلەن ئەتراپتا، جەمىيەتتە پەرزەنتلىرىمنى باشقا ئېقىملارغا ئەگەشتۈرىدىغان ئامىللار كۆپ.

— مەنچە ئۇنداق بولۇپمۇ كەتمەس، مۇسۇلمانلار كۆپ جەمىيەتتىكى مۇسۇلمانلارمۇ پۈتۈنلەي ئۆز مەدەنىيىتىدىن بەھىر ئېلىپ ياشاپ كېتەلمەيدۇ.

— سىز قاچان ئىسلامغا كىرگەن؟

— مەن ئىسلامغا قايتقىلى 20 يىلدىن ئاشتى.

— سىز تولىمۇ توغرا سۆز ئىشلەتتىڭىز. ئەسلى مەنمۇ توغرا سورىيالماي قايتىمەن

ـھېچقىسى يوق، بىز مۇسۇلمانلار ھەر بىر ئېغىز سۆزىمىزگىمۇ ئىگە

بولۇشىمىز كېرەك، غەيرى مۇسۇلمان زىيالىلىرى ئاغزىمىزغا نېمە سېلىپ بەرسە شۇنى دورىساق بولمايدۇ. مانچە ئادەم مۇسۇلمان بولدى دېگەن خاتا ئىبارە. توغرىسى ئىسلامغا قايتتى بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئاللاھ ھەممىمىزنى مۇسۇلمان يارىتىدۇ. ئاتا ئانىمىز ۋە موھىت قايسى دىندا، قايسى ئىددىيىدە بولسا بىزمۇ شۇنداق چوڭ بولىمىز. ئەقلىمىزنى تاپقاندا بەزىمىز ھەققە قايتىمىز، ئەمما كۆپىنچىمىز كۆنگەن خۇيىمىزنى داۋام ئېتىمىز. سۆھبەتكە قېتىلغان ئىرانلىق ئەزەرى دوستۇم، «ماشائاللاھ! مانا بۇ مەن ئاڭلىغان يېڭى گەپ، بىلىدىغان، ئەمما تەدبىق قىلىشنى ئۇنۇتقان موھىم بىلىم بولدى. بىز ھەمىشە بىلگىنىمىز بىلەن قىلغىنىمىزنى بىرلەشتۈرەلمەي قالىدىكەنمىز. ئىمانىمىزقەلبىمىزدىلا قالىدىكەن، قىلىقىمىزدا زامانىدا ئاققانىنى، خەققە ياققانىنى داۋام قىلىدىكەنمىز. مەن ھېلىمۇ ئۆزەمنى توپا تورۇتۇپ ماڭغان ماشىنا كەينىدىن يۈگۈرىۋاتقان بالىدەكلا ھېس قىلىمەن. ماشىنىنى كۆرگۈم بار، چۈنكى ئېڭىمدا ئۇ مەن كۆرۈپ باقمىغان يېڭىلىق، تولۇقراق كۆرۈشكە قادىر بولالمايۋاتقان تەرەققىيات. ماشىنىنىڭ رولچىسى مېنى تونۇمايدۇ، تونۇشىنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. ئۇ پەقەت مېنىڭ جان جەھلىم بىلەن قوغلاشلىرىمدىن ھوزۇر ئالىدۇ، خوشى تۇتسا يەپ ئاشقان كەمپىتىنىڭ قەغەزلىرىنى تاشلاپ بېرىدۇ. مەن دوستلۇرۇم بىلەن ئۇنى پۇل قىلىپ ئوينايمەن. ماشىنا يەنە كېلىدۇ، يەنە قوغلايمەن، كەينىمگە قارىسام كۆز يەتكۈسىز بىر توپ ماڭا ئەگىشىپ قوغلاۋاتقان. ئالدىمدا ماشىنا يوق، ئەمما توختاپ قالغۇم كەلمەيدۇ. چۈنكى مەن دېگەن ئەڭ ئالدىدا ئۇزۇپ ماڭغۇچى، ئۇلار ماڭا ھەۋەس قىلىدۇ، مەندىن پەخىرلىنىدۇ، مېنى ئەڭ بۇرۇن ماشىنىغا چىقىدىغان كىشى دەپ تونۇيدۇ، مېنىڭ ماشىنىنى كۆرۈپ قوغلاۋاتقىنىمغا ئىشىنىدۇ. مەن ئامالسىز قوغلاشنى داۋام قىلىمەن...»
سوۋېت ئىمپېرىيىسى بىلەن برتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تەقسىم قىلىشى بىلەن تۈركچە سۆزلىشىدىغان ئەزەرىلەر ئىككى دۆلەتكە تەۋە بولۇپ قالغان ئىكەن. سوۋېت پارچىلانغاندىن كېيىن روسلارغا تەۋە ئەزەربەيجان مۇستەقىل بولۇپتۇ. ئەينى چاغدا برتانىيەنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى ئىرانغا تەۋە بولغان ئەزەرىلەر ھازىرغىچە مۇستەملىكە بولۇپ تۇرۇۋېتىپتۇ. دوستۇمنىڭ بۇ نەسىردەك سۆزلىرى تولىمۇ چىن، بەكمۇ تونۇشلۇق ئىدى. ئۇنىڭدىن «ئىسمىڭ

پارىسچىمۇ؟» دېسەم چىراينى سەل ئۆزگەرتىپ « ئىراندا قۇشلارمۇ پارىسچە سايرىشى كېرەكمىدى؟ بىزمۇ ئادەم، بىزنىڭمۇ تىلىمىز بار، مېنىڭ ئىسمىم سەننۇر!» دېگەنلىرىنى ئۇنتۇتالمايمەن.

رامازان جەريانىدا بىر بىلىۋالغىنىم، بىز ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مۇسۇلمانلىرىغا ئەمەس تۈركىيە تۈركلىرىگە ئوخشاش ھەنەپىي مەزھىبىگە مەنسۇپكەنمىز. چۈنكى بىز ئۇلاردەك تاراۋىنى يىگىرمە رەكەت ئوقۇيدىكەنمىز، پاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن ئۈنلۈك «ئامىين» دېمەيدىكەنمىز، ئىمامغا سوڭدىشىپلا سالام بېرىدىكەنمىز. بۇ يەردىكى سەئۇدىلىك ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەتتىكى شەكىللىرى بىزدىن سەل پەرق قىلىدىكەن. مۇشۇنچىلىك پەرقنى توغرا ھەل قىلماي توقسىنىنچى يىللاردا بىر «ئامىن»نى تېشىدا ياكى ئىچىدە دېيىشنى تالىشىپ پىرقىلەرگە بۆلۈنگەن ساددا قېرىنداشلىرىمغا ئاللاھتىن تەپەككۇر، ئىجتاھات تىلىدىم. شۇ تالاش تارتىشلار بولغان زاماندا مەن «ئامىن»نى تېشىدا دېيىشكە مايىل ئىدىم. چۈنكى ياش-بوغۇن بولغاچقا ئىسلاھات-يېڭىلىققا ئىنتىلگەن بولۇشىمىز تەبىئى، ئەمما ئىسلاھاتنىڭ شەكىلدىن ئەمەس، مەنىسىدىن باشلىنىشى كېرەكلىكىنى بىلىشىمىز لازىم ئىدى. قايسى ئىسلاھاتنى چوقۇم، قايسى يېڭىلاشنى ئىمكانىمىزغا، شارائىتىمىزغا بېقىپ قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى بىزگە شۇ چاغلاردا ئۆگۈتۈلۈشى لازىم ئىدى.

رامازاندا ماشىنىلىق ئۈچ سائەتلىك يەردىن كېلىپ، مەسچىتىمىزگە نەزىر بەرگەن ئۇيغۇر ھەمشىرىمىزدىن ئالەمچە رازى بولدۇق، مۇسۇلمان بۇرادەرلەر ئىپتاردا ئۇيغۇر پولوسى بىلەن ئۇيغۇر قوردىقىنى تالىشىپ يەپ كېتىشكەندە، مۇشۇ تائاملارنىڭ ئىجادچىسى بولغان مۆئمىن ئۇيغۇرۇمغا، ئۇيغۇرلۇقنىڭ ئەرزىيەتلىرىنى يەتكۈچە تارتىۋاتقان تىرىكلىك تۇتقۇنلىرىغان ۋە ئۆلۈم شاھادەتمەنلىرىگە ئاللاھتىن رەھمەت، ئامانلىق تىلىدىم. ھېيىت نامىزىنى تۈرك مەدەنىيەت مەركىزىدە ئۇيغۇر بالىلىرىدەك ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، دادىلىرىغا ئەگىشىپ كەلگەن تۈرك بالىلىرى

بىلەن بىر سەپتە ئوقۇدۇم. قاراڭ، بۇ ئىسلامدىكى ئادىللىقنى، ئاللاھ ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر، ئاللاھنىڭ ئۆيى بولغان مەسچىتتە كىچىكمۇ، چوڭمۇ، بايمۇ، گادايمۇ ھەممىمىز بىر سەپتە. تۈرك قېرىنداشلارنىڭ دۇئادىكى بىرىنچى جۈملىدە «ئى ئاللاھ! ئەزىز ۋەتىنىمىزنى، جانجان ھۆرلۈكىمىزنى قوغدۇغايسەن...» دەپ خىتاب قىلغاندا كۆزلىرىمدىن ياشلار قۇيۇلدى. دادامنىڭ مېنى كىچىكىمدە ھېيت نامىزىغا مۇشۇنداق ئېلىپ بارغانلىقى، جامائەتنىڭ نامازدىن بۇرۇنقى سېھىرلىك تەكبىرلىرىدىن غايىپ ياراتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى ھېس قىلغانلىرىم، چوڭلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۆزەمنى چوپچوڭ يىگىتتەك چاغلاپ غۇرۇرلانغىنىم ئېسىمگە كەچتى. بىزنىڭ نەۋرىلەر بۇنداق بەختتىن، بۇنداق سېھىرلىك تۇيغۇدىن، دادا بىلەن بىر سەپتە تۇرغاندا ئۇيغۇنۇدۇغان ئەركەكلىك مەسئۇلىيەت ۋە غۇرۇردىن مۇستەسنا چوڭ بولماقتا ئىدى. تۈركلەردىمۇ كىچىكلەرگە ھېيتلىق بېرىدىغان ئادەت باركەن. مەن تەييارلىقسىز كەلگەنىكەنمەن، ھەممە ئادەم كىچىلەرنى چاقىرىپ، يانچۇقلىرىدىن بىر دوللارلىق پۇللارنى بەرگىلى تۇرغاندا بەكمۇ خىجالەت بولدۇم. تەلىيىمگە بىر تۈرك بۇرادەر جىقلا پارچە پۇل ئېلىۋاپتىكەن. شۇنىڭدىن پارچىلىتىپ مەنمۇ ھېيتلىق بەردىم، ئۇيغۇر بالىلىرىدەكلا ئوماق بۇ بالىلار ھېيتلىقنى ئېلىپ رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن، قولۇمغا سۆيۈپ قويۇشتى، باشقىلار ئەسكەرتمىسە قولۇمنى ئۆزاتماي تۇراركەنمەن تېخى. (تۈركىيە تۈركلىرىدە كىچىكلەر چوڭلارنىڭ قولىغا سۆيۈپ كۆرىشىدۇ.)

# چىگرىنىڭ چېكى ۋە مەدەنىيەتنىڭ پايانى

ئامېرىكىغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي تۈركچىنى شۇنداق ياخشى سۆزلەيدىغان بىر پروفېسسور بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. تۈرك دوستۇم مېنى مېھمانغا چاقىرغاندا ئۇنىمۇ بىللە چاقىرغانىكەن. ئۇ ئايال ئىسلام تەسەۋۋۇفى، كامىرونىدىكى بەربەر قەبىلىسىنىڭ تىلى قاتارلىق تېمىلارنى تەتقىق قىلىدىكەن. يولدىشىمۇ كامىرونلۇق بەربەركەن. ئادەتتە ئامېرىكىدا تەتقىقاتچىلار قايسى مىللەت ھەققىدە ئىزدەنمەكچى بولسا ئاۋال شۇ مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىدۇكەن. تەتقىقات جەريانىدا تىل ئۆگىنىشنىڭ تەقەززاسىدا مەدەنىيەت ئۆگىنىپ ئاخىرىدا مەزكۇر مەدەنىيەتنىڭ ھەقدارلىرى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ قالىدىغان ئىشلار ئامېرىكىدا ھەيرانلىق قوزغىمايدىكەن.

بىز سۆھبەت جەريانىدا ئارىمىزدا نۇرغۇن تېمىلارغا ئورتاق قىزىقىش بارلىقىنى ھېس قىلىشتۇق. گەپ تەسەۋۋۇپنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق تۈرك مىللەتلىرىگە تارقىلىشى، پارس تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك مىللەتلىرىگە تەسىرى ھەققىدە بولۇنغاندا قۇرۇلۇش ئىنجىنىرلىقىدا ئوقۇيدىغان ساھىپخان تۈرك دوستۇم بىراز بىئارام بولدى، ھەمدە سەل گۇمان قىلغاندەك بولۇپ قالدى. چۈنكى، مەن پارس مەدەنىيىتىنىڭ تۈرك مىللەتلەر مەدەنىيىتىگە تەسىرى مىسالىدا بىزدىكى مۇقام ناملىرىنىڭ ئىچىدە «سىگاھ، چارگاھ، پەنجىگاھ» لارنىڭ پارسچە ئىكەنلىكى، ھازىرقى تۈركچىدىكى «بەياز(ئاق)، قىرمىزى(قىزىل)،سىياھ(قارا)...» قاتارلىق سۆزلەرنىڭمۇ پارسچە ئىكەنلىكىنى دەپ ئۆتتۈم. تۈركىيەدە ئاتا تۈركنىڭ تۈركچىنى ساپلاشتۇرغانلىقىنى ئىپتىخار ئىلكىدە ئۆگىنىپ چوڭ بولغان بىر تۈرككە مىساللىرىم تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلاتتى، قوبۇل قىلىش ئاسانغا

توختىمايتتى. تۈرك دوستلىرىمىز مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەرلىكىگە، ھەرقانداق ئىشتا ئىلغارلىقىغا ئىشىنەتتى. ماڭا بىر ئامېرىكىلىق تۈركلەرنى «بۇنى تۈركلەر قىلالمايسىلەر!» دېسەڭ بەك غەزەپلىنىدۇ دېگەن ئىدى. دېمىسىمۇ شۇ، تۈركىيە مەيلى ئوسمان ئىمپېرىيىسى زامانىدا دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ پاناھى بولغان تارىخى بىلەن بولسۇن، ياكى ھازىرقى دۇنيا ئىقتىسادىدا دۇنيا بويىچە يىگىرمە كۈچلۈك دۆلەتنىڭ يىغىنىغا بىر مۇسۇلمان دۆلىتى سۈپىتىدە قاتنىشالاۋاتقانلىقى بىلەن بولسۇن ھەر بىر تۈركنىڭ پەخىرلىنىشىگە ئەرزىيدۇ. ئەمما باشقىلار بىلەن ئورتاقلىقتا ياشىغىنىمىز، باشقىلاردىن مەدەنىيەت قوبۇل قىلغانلىقىمىز ئېيتىلسا نېمىشكە بىئارام بولىمىز؟ مەدەنىيىتىمىزدىكى تەسىرلەر بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىز، قوبۇلچانلىقىمىز، ئىجاتچانلىقىمىزنىڭ دەلىلى. باشقىلاردىن قوبۇل قىلىش، ئۈگۈنۈشنى بىلىش بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى مەنتىقىدە ئىزچىل تەرەققىيپەرۋەرلىك سانىلىدۇ. مېنىڭ نەزىرىمدە بىر مىللەتنىڭ كىمدىن نېمە قوبۇل قىلغانلىقى موھىم ئەمەس، بەلكى قوبۇل قىلغانلىرىنى قانچىلىك ھەزىم قىلالىغانلىقى ۋە شۇ ئاساستا ئۇنى قانچىلىك يېڭىلىيالىغانلىقى موھىم. مەسىلەن، يۇقارقى ئۇيغۇر مۇقاملىرىمىزنىڭ ئىسمى پارسىچە، مەشرەپلىرىمىزنىڭ ئىسمى ئەرەبچە ئەمما بۇ مۇقام پارسىنىڭ، مەشرەپ ئەرەپنىڭ ئەمەسقۇ!؟ تەھقىقكى، ئۇيغۇرنىڭ مۇقاملىرى ۋە مەشرەپلىرى ب م ت غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىردى، دېمەك دۇنيانىڭ نەزىرىدىمۇ، ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدىمۇ مۇقام، مەشرەپ ئۇيغۇرنىڭ. ئۇنداقتا بۇ يەردە بىر سۇئال تۇغۇلىدۇ. نېمىشقا ئۇيغۇر جاھاننى قايىل قىلغان مۇقامىغا پارسچە، مەشرىپىگە ئەرەبچە ئات قويىدۇ؟

يازمىنىڭ ماۋزۇسىنى «چېگرىنىڭ چېكى ۋە مەدەنىيەتنىڭ پايانى» قويدۇق. يۇقارقى سۇئالنىڭ جاۋابى شۇ مازۇدىن باشلاپ يېشىلىدۇ.

كاللامدا بۇرۇن شۇنداق سۇئاللار قاينايتتى، ئۇيغۇرلار نېمىشقا « تايىنى يوق» ھىندىستاننىڭ كىنوسىنى ھوزۇرلىنىپ كۆرىدۇ؟ ھىندىستان كىنو چولپانلىرىنىڭ رەسىمى نېمىشقا شۇجى تاڭغاندەكلا ھەر بىر ئۇيغۇر قىشلاقلىرىغىچە چاپلىنىدۇ؟ نېمىشقا دېڭىز بويىدىكى ئۆلكىلەردە ئىشلەنگەن ماللار ئەرەبچە خەت يېزىپ قويۇلسىلا ئۇيغۇردا بازارلىق بولىدۇ؟

نېمىشقا ئاسانلىقچە پىرىزدېنتلارنىڭ قەدىمى يەتمەيدىغان قەشقەرگە ئىران پىرىزدېنلىرى ۋە تۈرك رەھبەرلىرى پات -پات قەدەم تەشرىپ قىلىپ تۇرىدۇ؟ ئۇيغۇرلار ئاچقان ئۈن-سىن دۇكانلىرى ۋە دىسكوخانىلاردا نېمىشقا روسچە ناخشا ئەۋج ئالىدۇ؟ نېمىشقا كىشىلەر باللىرىغا سادامنىڭ ئىسمىنى قويىدۇ؟ نېمىشقا چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئەرەبىستان، تۈركىيە ۋە پاكىستانلاردا كۆپ؟ ئۇيغۇرلار نېمىشقا كۆك كۆز سېرىق ئادەمنى «ئۇرۇس»، «سېرىقتىن ۋاپا كەلمەيدۇ» دەيدۇ؟...

ئۇيغۇر زىيالىلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇرنى كەمسىتىش، سۆكۈش، قارغاش ئەيدىز كەبى ئەۋج ئالغان زامانلاردا مەنمۇ بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى خەلقىمىزنىڭ «نادان»لىقىغا جورۇپ چۈشۈنۈپ ۋە چۈشەندۈرۈپ كەلگەن ئىدىم. مۇساپىر بولۇپ، رىيازەت چەككەن دەملەردە، ئاللاھ نېسىپ قىلىپ ئامېرىكىدەك كۆچمەنلەر ۋەتىنىدە دۇنيانىڭ بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىدىن كەلگەن كىشىلەر بىلەن كۆپرەك ئۇچرۇشۇش پۇرسىتى بولغان چاغلاردا بۇرۇنقى كاللامدىكى چىگىك ۋە توقۇناق پېتى قالغان مەسىلىلەر ھەققىدە يىراقتا تۇرۇپ قايتا ئويلاندىم. شۇنچە مۇشەققەت چېكىپ ئىزدەپ ئوتتۇرا شەرقلىقلەر ئاچقان دۇكان ۋە ئاشخانىنى كۆرگۈنۈمدە ئۇيغۇر ئاشخانىسىغا يېقىن پۇراقنى سېزىپ قەشقەر ياكى كۇچادىكى مەلۇم ئاشخانىدا غىزالانغاندەك ھوزۇرلاندىم. تۇيۇقسىز قايسىدۇر ماشىنىدىن ئاڭلىنىپ قالغان ھىندىچە ناخشا مېنى ۋەتەننىڭ گۈلدەك قۇملۇقىغا ئاپىرىپ تاشلىدى. ئىنىمىزگە، ئاكىمىزغا، سىڭلىمىزغا ياكى ئاچىلىرىمىزغا ئوخشاپ كېتىدىغان تۈركلەر، پارسلارغا قاراپ بوۋىمىز مەھمۇدنىڭ مىڭ يىل مۇقەددەم «پارىسسىز تۈرك(ئۇيغۇر) بولماس » دېگەنلىكىنى ئەسكە ئالدىم.

ئاۋام ئۇيغۇرلار ئۈچۈن سىياسىي چىگرا ھېلىغىچە تولىمۇ ناتونۇش بىر ئۇقۇم. ئۇلار ھېلىمۇ خەلقارا خەۋەرلەرنى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تەۋەلىكى بويىچە مۇخبىردىن ۋە دىكتوردىن باشقىچە چۈشۈنۈدۇ. كىمنى يېقىن ياكى يىراق كۆرۈشنى، نېمىنى سۆيۈش، نېمىنى ھىمايە قىلىش ھەققىدە رىياللىقتىكى

چىگرا-توساقلاردىن ھالقىپ تۇرۇپ ئۈنسىز قارار چىقىرىدۇ. تارىختىن بىرى موڭغۇل ئىگىزلىكىدىن تاكى قارا دېڭىزنىڭ ئۇ قاتلىرىغىچە ئەركىن ياشاپ كەلگەن بۇ خەلق 20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە مۇنداق مۇئەييەن بىر سىياسىي دائىرىگە قاۋلىپ باقمىغان. ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدە پەقەت مەدەنىيەت پەرقىلا ئىنسانلار ئارىسىدىكى ھەقىقىي چېگرىدۇر. مەن تۈركىيەدە مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغان. ئېيتىلىشىچە 1960-يىللاردىكى قاچ-قاچتا بىر قىسىم ئافغان پاسپورتى بار ئۇيغۇرلار ئافغانىستانغا قاچقانىكەن. ئەينى چاغدا بۇلارنى ب د ت نىڭ مۇساپىرلار مەھكىمىسى كۆتۈۋېلىپ نەگە يەرلىشىشنى خاھلىسا شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەنىكەن. ئۇيغۇر مۇساپىرلار تۈركىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاننى تاللاپتىمىش. ماڭا دەپ بەرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئەگەر ئۇلار ئامېرىكا ياكى ياۋروپانى تاللىغان بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنى ئۈچۈن كۆپ مەنپەئەتلىك بولىمىشكەن. ئەينى چاغدا مەنمۇ بۇ گەپكە قوشۇلغان. ۋاھالەنكى بېشىمدىكى مۇساپىرلىق سەۋداسى يەنە قوزغۇلۇپ ئۆزەمنى ئامېرىكىدا كۆرگۈنۈمدە ئەشۇ سەرگەردان ئاتىلىرىمىزنىڭ قىلغىنىنى پۈتۈنلەي توغرىكەن دېمىگەن بولسامۇ توغرا چۈشەندىم. ئۇلارنىڭ ئامېرىكا ياكى ياۋروپانى تاللىماي ئۆزىنىڭ مەدەنىيەتتىكى تۇغقان ۋە يېقىنلىرى بولغان سەئۇدى ۋە تۈركىيەنى تاللىشى قانداقتۇر ئۇلارنىڭ نادانلىقى ياكى قالاقلىقى ئەمەسكەن. ھەر قانداق ئىنسان تەبىئىكى، ئۆزىگە دىن، ئۆرپ ئادەت، پىسخىكا قاتارلىق جەھەتلەردىن يېقىن كېلىدىغان كىشىلەر بىلەن ئاسانراق چىقىشىپ ئۆتەلەيدىكەن، خۇشاللىقىدىن تەڭ ھوزۇرلۇنۇپ قايغۇسىنى تەڭ كۆتۈرۈشەلەيدىكەن. بىر ئۇيغۇر بىر تۈركىيەلىك تۈرك بىلەن بىرىنچى ئېغىز سۆز بىلەنلا ئوخشاشلىقنى سېزىدۇ. بىر ئۇيغۇر بىر مۇسۇلماننىڭ بىرەر قىلىقىدىنلا ئورتاقلىقنى ھېس قىلىدۇ. بۇ خىل ھېس تۇيغۇلار ئىنسانلارنى بىر بىرىگە تەبىئىي يېقىنلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن، بىر كۈنى بىزنىڭ بىر مۇئەللىم گەپ ئارىلىقىدا دۇنيادىكى داڭلىق ئاخبارات ئورگانلىرىنى ساناپ كېلىپ سىنىپتىكى ئەرەب بالا بىلەن ماڭا قاراپ«سىلەر ئەلجەزىرە تېلېۋىزىيەسىنى ھازىرمۇ كۆرەلەۋاتامسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئوقۇتقۇچىمىز مېنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىمنى بىلىدۇ، نىمىشقا سىنىپتىكى باشقا خەنسۇ بالىلاردىن سورىماي مېنى ئەرەب بالا بىلەن بىر

قاتارغا قويۇپ سوئال سورايدۇ؟ مەن بۇنى مۇئەللىمدىن سورۇدۇم. ئۇ ئەلجەزىرە تېلېۋىزىيىسىنىڭ گېپى چىققاندا ئەرەب بالا بىلەن ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرىمىزدىن قىزىقىش ئىپادىلىرىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. سىنىپتا باشقا ئەللەردىن كەلگەن بەزى ساۋاقداشلارنىڭ قىلىقلىرى ياقمىسا ئەرەب بالا بىلەن ئىككىلىمىز تەبىئىلا بىر بىرىمىزگە قارىشىپ قالىمىز. ھەتتا ئىككىمىزنىڭ ئېنگىلىزچە تەلەپپۇزىمىزمۇ يېقىنلىشىپ قالىدىكەن. خوشنا شىتاتتا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇرچە ئوقۇغان بىر ئۇكىمىز كېلىپلا مەكتەپتىكى مەسجىدكە بېرىپ تۈرك بالىلار بىلەن تونۇشۇپ، تۈرك ئائىلىلىرىدىن تاماق يەپ غېرىپلىقتىن ئۇزاق ياشاپتۇ. مەزكۇر مەكتەپكە كەلگەن يەنە بىر خەنچە ئوقۇغان قىز خەنسۇلار ھېلىقى ئۇيغۇر بالىنى تېپىپ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرمىگىچە ئۇنى ئىزدىمەپتۇ. ئۇيغۇر ئىنىمىز ئۇ قىزنى ئىككى ھەپتە ياتىقىدا تۇرغۇزۇپ باشقا بىر شەھەردىكى تۇغقىنىنىڭ قېشىغا يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. مېنىڭ ئىككى بېنگال خوشنام بار، بىرى مۇسۇلمان يەنە بىرى ئەمەس. مۇسۇلمان بېنگال خوشنام ئۆزىنىڭ ئۆز مىللىتىدىن بولغان تام خوشنىسىدىن مېنى ياخشى كۆرىدۇ. جىددىي يارىدەم لازىم بولسا بېنگال مىللەتدېشىغا دېمەي ماڭا دەيدۇ.

رامازاندا بىر لىۋىيەلىك مۇسۇلماننىڭ ئۆيگە ئىپتارغا تەكلىپ قىلىندىم. ھەيرانلىقتا شۇنى بايقىدىمكى، ھەممە ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىدە بۇرۇن بار ۋە ھازىرمۇ قىسمەن بار بولغان ئىۋرىق، پالاز، تەكيي دېگەنلەر شىمالى ئافرىقىدىن كەلگەن بىر ئامېرىكىلىق ئەرەبنىڭ ئۆيىدىمۇ باركەن. تاماق تارتىلغاندا بىزنىڭ سامبۇسىغا ئوپمۇ ئوخشاش بىر يېمەكلىك دىققىتىمنى تارتتى، ئىسمى سامۇسا ئىكەن. بىزنىڭ سامبۇسىنىڭ دەل ئۆزى.

ئەمدى مۇقاملىرىمىزنىڭ ئىسمىدا نىمىشقا ئەرەب- پارىسچە كۆپ؟ ئۇيغۇر تېبابىتىدە نىمىشقا ئەرەب پارىسچە كۆپ؟ لىۋىيەلىك ساھىپخان بىلەن ئەرەب مۇقاملىرىدىن ھوزۇر ئالدۇق. ئەرەبلەرنىڭ مۇقامى بىزنىڭكىدەك تولۇق ئەمەسكەن ھەم سانىمۇ بىزنىڭكىدىن كۆپ ئازكەن. بىزدىكى بىر قىسىم

تېبابەتكە دائىر پەرھىزلەر ئۇلاردىمۇ باكەن. بىزدىكى شىئىپلارنىڭ ئاھاڭى بىلەن ئۇلارنىڭ شىئىر ئوقۇغاندىكى ئاھاڭى يېقىنلىشىپ قالىدىكەن. تېخىمۇ قىزىق يېرى بىزدىكى كارىز شىمالى ئافرىقىدىكى مۇسۇلمانلاردىمۇ بارئىكەن. داستخاندىكى پولۇ، شورپا، سامبۇسا، قۇيماقتىن تارتىپ سۇپىدىكى مۇشۇككىچە نۇرغۇن نەرسىلەردىكى يېقىنلىق ئارىمىزدىكى جۇغراپىيىلىك يىراقلىقنى دەقىقە ئىچىدە يوق قىلىۋېتىدىكەن. دېمەك مىڭ ئىككى يۈز نەچچە يىللىق مۇسۇلمان ئۇيغۇرغا تەكلىماكاندىن سەھرايى كەبىرگىچە ياپيات نەرسە يوقكەن، ھەممە نەرسە يېقىنكەن، يېقىنلىشىدىكەن. پەيغەمبىرىمىزنىڭ « ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلىدۇ» دېگەن ھەدىسىنى بۇلارمۇ بىزدەك چۈشۈنۈدۇكەن.

دېمەك بىزدىكى تېبابەت، ئەدەبىيات، مۇقام قاتارلىق خەزىنىلەر ئورتاق ئىسلام مەدەنىيىتىگە باغلانغان بولغاچقا، مەزكۇر ساھەلەردە ئورتاق ئاتالغۇلارنىڭ كۆپلىكى قىلچىمۇ ھەيران قالىدىغان ھادىسە ئەمەسكەن. بۇ خۇددى ياۋرۇپا تىللىرىدا پەن، ئەدەبىيات، تېبابەت ۋە مۇسىكا ئاتالغۇلىرىنىڭ لاتىنچە بولغىنىدەك بىر ئىشكەن. ھازىرقى ياۋرۇپا تىللىرىدىمۇ لاتىنچە سۆزلەر بەك كۆپ. ھازىرغىچە تۈركىيەدە بىز ئۇيغۇر تېبابىتى دەۋاتقان تېبابەتنى ئىسلام تېبابىتى دەيدىكەن. ئەلۋەتتە ئورتاق ئەدەبىيات، ئورتاق پەن ۋە تېبابەتتىن بەھىر ئېلىپ ئورتاق دىندا ياشىغىنىمىز بىزنىڭ ئەرەب ياكى پارىس بولۇپ كەتكەنلىكىمىزنى چۈشەندۈرمەيدۇ ئەلۋەتتە. مەسىلەن، مۇقامنىڭ نامى پارىس-ئەرەبچە بولغان بىلەن ھەر قانداق ئادەم بىرلا ئاڭلاپ ئۇيغۇرنىڭ مۇقامىنىڭ ئەرەبنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. تېبابىتىمىز ئوخشىغان بىلەن شۇ تېبابەتنى ئۆز شارائىتىغا ماس تەرەققىي قىلدۇرغان ھەم ھازىرغىچە ساقلاپ كېلەلىگەن مۇسۇلمان مىللەتتىنىڭ ئۇيغۇر ۋە ئوردۇ ئىكەنلىكىنىمۇ مۇسۇلمان دۇنياسى بىلىدىكەن، ھەم بىلىۋېتىپتۇ.

مەدەنىيەتنىڭ پايانى بويىچە ئېيتقاندا ئۇيغۇرغا شىمالى ئافرىقىدىن بالقانغىچە، قارا دېڭىز بويلىرىدىن سەددىچىنگىچە، ئالتاي تاغلىرىدىن مۇمباي مەھەللىرىگىچە ( بۈرۈن ئۇيغۇرلار مۇمباي دەپ يازغانىكەن، ھازىرمۇ ھىندىستانلىقلار مۇستەملىكچىلەرنىڭ تامغىسى بېسىلغان بومباي سۆزىنى يامان كۆرىدۇ) بولغان توپراقلارنىڭ ھېچ بىرسى يات سانالمايتتى. ئۇيغۇرلار

ئۆزىنى بىپايان مەدەنىيەتنىڭ ساھىبى سانىغاچ بىپايان قەلبىگە ئىنسانىيەتنىڭ قېرىنداشلىقى، باراۋەرلىكى ۋە ھەمدەملىكىدىن ئىبارەت قىممەتلىك روھنى تېڭىپ بۈگۈنگە ئۇلاشقان. دىيارىمىزغا كۆچمەن بولغان خەنسۇ تىللىق مۇسۇلمانغىمۇ، موڭغۇل تىللىق لاماغىمۇ، ئەپكەش كۆتىرىپ كەلگەن مۇھتاجغىمۇ تەڭ قۇچاق ئاچقان. ئۇيغۇر نىمىشقا كۆك كۆز، سېرىق چاچنى يامان كۆردى؟ چۈنكى ئۇيغۇرنىڭ ئورتا ئاسىيادىكى قىرغىز، قازاق، تاتار، ئۆزبېك قېرىنداشلىرى شۇ كۆك كۆز سېرىق چاچلىق روسلارنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ ئۇيغۇر تۇپراقلىرىغا سىغىندى. ئۇيغۇر ئۇلاردىن ئۆزى ئەڭ مۇقەددەس بىلىدىغان ئېتىقادىنىڭ قانچىلىك دەپسەندە بولغىنىنى ئاڭلىدى. ئاڭلىمىغانلىرى 30-يىللاردا رۇس ئايروپىلانلىرىنىڭ تارىم ئاسمىنىدا ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى قانچە قېتىم قانداق ئۇۋلىغانلىقىنى كۆردى، ئاپتوماتلىرىغا يەم بولدى. ياقۇپ بەگ دەۋرىدىن باشلانغان 80 نەچچە يىللىق توزاق، قىرغىنچىلىق، بۇلاڭچىلىق، سىياسىي نەيرەڭۋازلىق رۇسلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە يات قىلدى. مەدەنىيەتتىكى پايانىنىڭ قىسىلىشى ئۇيغۇرنىڭ روھنى سىقتى، قەلبىدىكى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاقلىقى ھەققىدىكى بۈيۈك تۈيغۇلىرىنى زىدىلىدى، ئىنسان نەسلىگە تەپچىپ تۇرىدىغان ئوتلۇق يۈرىكىنى مۇزلاتتى. چېگرىدىكى چەكلەر، چەتكە قېقىلىشلار، يېتىم قالدۇرۇشلار ئۇيغۇرنى ئۆزلۈكىگە تېخىمۇ چىڭ يېپىشتۇردى، ئۇلار ھەممە بارلىقىدا پەقەت ئۆز ئاۋازىنىلا ئاڭلاشنى ئارزۇلايتتى، پۈتۈن تەئەللۇقاتىدا پەقەت بوۋىلىرىنىڭلا ھىدى بولۇشىنى تىلەيتتى. شۇڭا بۈگۈن بىز تىلىمىزدىكى ئەرەب- پارىسچە سۆزدىن بىئارام بولىمىز، پاكىستان، ياكى ھىندىستانلىقلارغا ئوخشىغان تەرىپىمىز كۆزىمىزگە سىغمايدۇ. شۇ خەقلەردەك تونۇرغا نان ياقىدىغان، سامسا يەيدىغان، بازارنى بازار، مازارنى مازار دەيدىغانلىقىمىزنى بىلسەك نېمە بولۇپ كېتەرمىز؟ بۇ چېگرىنىڭ رەھىمسىز سۇۋغىسىمۇ؟ مەجبۇرىي ھەدىيە پەقەت شۇلىمۇ؟ ياق، يەنە نەپرەت، گۇمان، قېيداش، جاھىللىق ۋە ئەسەبىيلىك. مەنچە بۇ رىياللىقنىڭ پەقەت بىر تەرىپى، قىسمەن

يۈزى. نەچچە مىڭ يىللىق  بىپايان قەلب ۋە چىگرىسىز تەپەككۇرغا كۆنگەن بۇ قەۋم يەنە مۇتلەق مەنىدە چەكسىز تەپەككۇر ھۆرلۈكى ۋە قەلب كەڭلىكى خىيالىدا ئۈنسىز ياشىماقتا.

بىز ئۇيغۇر ئۈچۈن مەدەنىيىتىمىزدە مەۋجۇد بولغان باشقا مىللەتلەر بىلەن ئورتاقلىقلار بىزنىڭ بايلىقىمىز ۋە بارلىقىمىزدۇر. ئەمما خوشنا تىلداش ۋە دىنداش خەلقلەر بىلەن ئارىمىزدىكى مەنىۋى يېقىنلىق ۋە ئورتاقلىق  ئۇيغۇرغا خاس مىللىي پاسىلنى ئىنكار قىلماسلىقى كېرەك، ھەم ئىنكار قىلالمايدۇ. مېدىيەلەردە «جوڭگو مۇسۇلمانلىرى» دېگەنلىك دەل دۇنيانىڭ ئۇيغۇرنىڭ خاسلىقىدىن، توغرىسى ئۇيغۇرغىلا خاس مىللىي پاسىلدىن بىخەۋەر قېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ناتوغرا خەۋەردار بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ بىزگە ئارتۇقچە «ياغلىق قاپاقلار» نى يۈكلەيدۇ.  ئاتا بوۋىمىز ياشاپ كەلگەن مەدەنىيەت پايانىدا ياشاش قىسمىتىمىزگە مەنسۇپ بولسا مىللىي پاسىلىمىزنى ساقلاپ قېلىش ھازىر ئىرادىمىزگە باغلىق بولۇپ قالدى. بىر مىللەتنىڭ مەلۇم مەدەنىيەتتىكى كەڭلىكتە مەۋجۇدلىقى تارىخىي ۋە رىيال  ھادىسە، مەزكۇر مىللەتنىڭ يۇقارقى مەدەنىيەت كىملىكىنى ئۆزى ياشاۋاتقان سىياسىي چېگراغا توقۇنۇشتۇماي تەكىتلىشىمۇ تامامەن ھەقلىق ۋە مۇمكىندۇر.

# مەتبۇئاتتىكى كۆلەڭگىلەر

بىر ياۋروپالىقنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى كىتابىدا مۇنداق گەپنى كۆرگەندەك قىلغان: « ئۇيغۇرلار ياۋروپادا ئۆز ئىچىدە بىر بىرىگە ئۆز يۇرتى بىلەن تونۇشتۇرۇلۇدۇ، ياۋروپالىقلارغا ئۆزىنى ئۇيغۇر تۈرك دەپ تونۇشتۇرىدۇ، لېكىن ياۋروپالىقلارنىڭ ئىسىدە كۆپىنچە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىقىلا ساقلىنىپ قالىدۇ، ئۇيغۇرلۇقىنى بىلىدىغانلار ساناقلىقلا» (ئەلۋەتتە بۇ كىتاپ 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدا چىققان، ھازىر بۇگەپلەرنىڭ ئاخىرقى جۈملىسى چاك باسمايدۇ). ئەلۋەتتە، بۇ يەردە كىمنىڭ ئۆزىنى قانداق تونۇشتۇرۇش مەسىلىسى موھىم ئەمەس، موھىمى ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تونۇشنىڭ پەلەمپەيسىمانلىقى ۋە مۇجمەللىكى، شۇنداقلا ھازىر مەتبۇئاتلارنىڭ مۇشۇلارنى تارقىتىۋاتقانلىقىدۇر. ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن جوڭگو ۋە دۇنيا مەتبۇئاتلىرىدا ئۇيغۇرنىڭ نامى مىسلىسىز تىلغا ئېلىندى. خەلقئارا مەتبۇئاتلار ئۇيغۇرنى مەدەنىيەت تەۋەلىكى بويىچە يۇقارقى پەلەمپەيسىمان تونۇش بىلەن تەسۋىرلىدى. بەزى سەل تەپسىلى خەۋەرلەردە «مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار.... ئۇلار تۈركچە سۆزلەيدىغان جوڭگو مۇسۇلمانلىرى» دېگەندەك بايانلار ئاساسى سالماقنى ئىگىلىدى. دېمەك دۇنيانىڭ نەزىرىدە بىز ئاۋال مۇسۇلمان دەپ تونۇلدۇق، ئاندىن تۈركچە سۆزلەيدىغانلىقىمىز تىلغا ئېلىندى، ئۇيغۇرلىقىمىز بولسا ئەڭ ئاخىرىغا تىزىلدى. يەنى بۈگۈنكى دۇنيادا ئىنسانلار بىر بىرىگە باھا بەرگەندە ئاۋال ئۇنىڭ چوڭ جەھەتتىكى مەدەنىيەت تەۋەلىكىنى بىرىنچى بولۇپ تىلغا ئالىدۇكەن، ئاندىن دائىرىنى سەل تارايتىپ ئىككىنچى قەدەمدىكى مەدەنىيەت تەۋەلىكىنى تەسۋىرلەيدىكەن، شۇ مىللەتنىڭ ئەڭ نىگىزلىك مەۋجۇد خاسلىقى ئەڭ ئاخىرىغا تىزىلىدىكەن. بۇ

يەردە دۇنيانىڭ بىزنى ياخشى بىلمەسلىكىمۇ يۇقىرقى پەلەمپەيسىمان تونۇشقا سەۋەپ بولماقتا، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەلۇماتسىز قالغان دۇنيا جامائىتى 2009-يىلى ئىيولدىن باشلاپ خەۋەردار بولۇشقا باشلىدى. ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئىنگلىزچە، ياپۇنچە، فرانسوزچە، ئىسپانچە، ئەرەبچە، پارسچە، گېرمانچە، ئىتاليانچە كىتاپلارنىڭ بازىرى ئىنتايىن ئىتتىك بولدى. ئۇيغۇرغا ئالاقىدار يېزىلىپ نەشىر قىلىنالماي قالغان ياپۇنچە، ئىنگلىزچە، ئەرەبچە ۋە تۈركچە كىتاپلار كەينى كەينىدىن نەشىر قىلىندى. ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىدىن بىرقىسىملارنىڭ ئەسەرلىرى دۇنيادىكى چوڭ تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشىر قىلىندى. بىر قىسىملىرى خەلقئارالىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. لېكىن ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى بۇ بىلىملەرنىڭ توغرا - خاتاسى ئايرىلىپ، كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا ئورناپ ئۈلگۈرمىگەچكە جوڭگو ۋە دۇنياۋى مەتبۇئاتلاردا ئۇيغۇرنىڭ مەۋجۇدلىقى ۋە ئۆتمۈشى چالا، قالايمىقان ۋە غوۋا يوسۇندا ھەر خىل ئىزاھلاندى، ھەتتا ئىسمىمۇ تولا خاتا تەلەپپۇز قىلىندى، مەسىلەن، بەزىدە «يۇغۇر»، «يۇغۇرت»، «ۋيغىر»، «ئۇيگۇر» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالدى. ئاتا مىراس زېمىنىمىزنىڭ ئاتىلىرىمۇ ھەرخىل تەلەپپۇز قىلىندى. ئۈرۈمچى شەھىرىمىز گەرچە ئۇيغۇر بوۋىمىزنىڭ مۇبارەك قىسسەسىدىن ئورۇن ئالغان، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ يازلىق ئارامگاھلىرىدىن بىرى بولغان مۇبارەك تۇپراق بولسىمۇ، دۇنيا ئۇنىڭ ئىسمىنى بەزىدە «يۈرۈمچى»،«ئۈرۈمكى»،«ۋۇلۇمۇچى» دېگەندەك ئېيتىپ كەلدى... ئەلۋەتتە، بەزى مىللەتلەرنىڭ نامىمىزغا تىلى كەلمەيدىغانلىقى ئەمەلىيەت، لېكىن ئەڭ مۇھىمى دۇنيانىڭ ئۇزاق ئەسىردىن بېرى بىزدىن بىخەۋەر قالغانلىقى ۋە خاتا مالۇماتلىق بولغانلىقى ئاساسلىق سەۋەپ. دۇنيانىڭ ئۇيغۇر ھەققىدە خاتا مەلۇماتلاندۇرۇلغانلىقىنى ئەڭ ئاددىيسى يۇرت ناملىرىمىزنىڭ بەزى خەلقئارالىق ئۆلچەمگە مۇخالىپ يېزىلغانلىقىدىنلا كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. مەسىلەن، «كۇچا» (Kuqa) ۋە «ئۈرۈمچى» ( Urumqi) («بۇ يەردىكى پىنيىنچە« Q» نى دۇنيا «ق» ياكى «ك» ئوقۇيدۇ، ). بىز بەزىدە غەرپ ئاخباراتىدا ئۈرۈمكى، كۇكا، ۋېنسۇ (ئۇنسۇ)، جىياشى(پەيزاۋات) دېگەندەك نامىلارنى كۆرسەك ۋەئاڭلىساق ئېچىنىمىز، چۈنكى غەرپتە بىرسىنىڭ ئىسمىنى ئېسىدە ساقلىۋېلىش، توغرا تەلەپپۇز

قىلىشىنىڭ شۇ كىشىگە كۆرسەتكەن ئېتىراپ ۋە ھۆرمەتنىڭ بىشارىتى ئىكەنلىكى ئادەتكە ئايلانغان. بىزنىڭ يەر نامىلىرىمىز خەنسۇچە پىنيىنغا تارتىپ يېزىلغاچقا ۋە جوڭگونىڭ ئىنگلىز تىلىدىكى ئاخباراتلىرىدا خەنسۇچە بويىچە تەلەپپۇز قىلىنغاچقا دۇنياۋى مەتبۇئاتلارنىڭ خاتا قوللىنىشى كېلىپ چىققان. جوڭگودا نەشر قىلىنغان ئىنگلىزچە لۇغەت، خەرىتە قاتارلىقلارغا ئۇيغۇر يەر نامىلىرى، كىشى ئىسىملىرى پۈتۈنلەي خەنسۇچە تەلەپپۇزى بويىچە يېزىلغان، نەتىجىدە بىر ئۈرۈمچىنىڭ يۇقارقىدەك بىر قانچە ئىسمى پەيدا بولغان. بىر مىسالنى قىستۇرما قىلغۇم كەلدى. بىر دوستۇمنىڭ خەنسۇچىدا ئوقۇيدىغان جىيەن قىزى تۇردا ھەدىسى بىلەن پاراڭلىشىپتۇ. گەپ قىزچاقنىڭ مەكتەپتە ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتقانلىقىغا كەلگەندە دوستىمىز ئىنگلىزچە قىزنىڭ ئىسمىنى سوراپتۇ. قىز ئىسمىنى خەنسۇچىلاپ دەپ بېرىپتۇ. دوستىمىز تۈزۈتۈپ بەرسىمۇ ئاڭلىماپتۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە خەنسۇچە ئىسمى ئۇنىڭ بىردىنبىر ئىنگلىزچە ئىسمىكەن. بۇ يەردە ئىسىم قويغۇچى مۇئەللىم قىز ئۈچۈن نوپۇزنىڭ سىمۋولى، سىنىپتا ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن، پايدا زىيانىنى ئويلاشقاندا قىزچاقنىڭ قوبۇل قىلىدىغىنى ئەلۋەتتە سىنىپتىكى ئوقۇتقۇچىسى قويغان ئىسىم، ھەرگىزمۇ ئۇن نەچچە مىڭ كىلومېتىر نېرىدىكى ھاممىسى تۈزەتكەن ئىسىم ئەمەس. بىز جەمىيىتىمىزنى بىر دەرسخانا دېسەك نوپۇزنىڭ قۇدرىتى تېخىمۇ كونكرېتلىشىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ « جوڭگو مۇسۇلمانلىرى» دەپلا ئاتىلىشىغا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى باغرىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرغانلىقى سەۋەپ بولغان. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرشۇناسلار ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ بۇنداق ئاتىشىغا تۈپتىن قارشى ئىكەن. ئۇلارچە بۇ ئاتالما خەلقئارادا خاتا تەسىر پەيدا قىلغاندىن باشقا، ئىچكىرىدىكى مىللەتچى تورلاردا ئەۋج ئالغان ئۇيغۇر= ئىسلام+ئەلقائىدە+تۈرك+ قانخور دېگەن فورمۇلانى ئومۇملاشتۇرۇپ قويىدىكەن. ئىلمىيلىك بويىچە ئېيتقاندا بۇ ئۇيغۇر بىلەن باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىنى پەيدا قىلىدىكەن. مېنىڭ ئەرەب تىللىق

تونۇشلىرىمنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلار ئۇيغۇرنى بىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارچە «جوڭگولۇق مۇسۇلمان» دېگەن ئاتالما خەنسۇ تىللىق مۇسۇلمان خۇيزۇلارنى كۆرسىتىدىكەن. كوڭفۇزى ھەزرەت «نام ئورۇنلۇق بولسا گەپ يوللۇق بولۇر» دەيدۇ. تارىخ كىتاپلار تۈزۈلمەكتە، ئىتتىپاقلىق دەرسلىكلىرى تەسىس قىلىنماقتا، كېلىشىمنامە، مەسئۇلىيەتنامىلەر يازدۇرۇلماقتا، مەنچە ئالدى بىلەن ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە يۇرتىنىڭ نامىنى توغرا ئاتاشنى ئۆگەنگەندە ئاندىن باشقا گەپلەر يوللۇق بولۇشى مۇمكىن، بولمىسا بۇنداق ئۆزىنىمۇ ئۆزگىنىمۇ خاتالاشتۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولماي قالىدۇ.

بىر كۈنى ماڭا بۇ يەردە ئاخباراتتا ئوقۇۋېدىغان بىر گۈيجۇلۇق تونۇشۇم «قۇربان تۇلۇم مەككىگە ھەجگە بېرىشنىڭ ئورنىغا ماۋزېدوڭنى كۆرگىلى بارغانىكەن، سەن بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟» دەپ سۇئال قويغاندا ھەيران قالغانتىم. ئۇنىڭغا باشقا گەپ قىلمىدىم، پەقەت ئۇيغۇرنىڭ مەڭگۈ ئىنسانغا، شەخسكە چوقۇنۇشتىن، تىزلىنىشتىن خالىيلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويدۇم. لېكىن ئۇ «ئۇيغۇرلار ھازىر ئۆيلىرىگە ماۋزېدوڭ، دېڭشياۋپىڭ قاتارلىق داھىلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن گىلەملەرنى ئاسىدىكەن» دېگەندى، «ئۇنداقتا ئۇ ئۆي پۇقرانىڭ ئەمەس كەنت سېكرىتارىنىڭ مەخسۇس كوممۇنىستىك مېھمانخانىسىكەن» دېدىم. ئۇ جوڭگو خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئىنگلىزچە پروگراممىسىدىن ئاڭلىغان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ چاغان ئۆتكۈزىدىغانلىقى، چاغاندا پەيزاۋاتتىكى ئۇيغۇر قىز-چوكانلىرىنىڭ «بەخت» دېگەن خەنسۇچە خەت يېزىلغان كەشتىلەرنى تىكىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلىغانلىقىنى دەپ بەردى. مەن ئىچىمدە «تەشۋىقات» دېدىم. ئەمما ئۇ يەنە شۇ پەيزاۋاتلىق بىر دېھقاننىڭ 2009-يىللىق دۆلەت بايرىمىغا ئاتاپ ئەجدەرھا قولۋاق ياسىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى گەپنى بۇرىۋەتتىم. كاللامغا ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى قورقۇنچلۇق ئەجدەرھا ھەققىدىكى ھېكايىلەرنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەقدىرى كېلىۋالدى. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ ئەجدەرھالىشىش قەدىمى تېزلەشمەكتە ئىدى. ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئوپالدىكى مەھمۇد قەشقەرىي مەقبەرىسىدىكى ئەجدەرھا غارىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتكۈزىۋەتكەنلىكى( ئۇ غارنىڭ نامى، مەھمۇد كاشغەرنىڭ ياراملىق بىر شاگىرتىنىڭ ئەجدەرھانى ئۆلتۈرۈپ خەلقنى

قۇتقازغانلىقى بىلەن باغلىنىدۇ)، كورلا رەھبەرلىرىنىڭ سارىخان تاغلىرىنىڭ نامىنى ئەجدەرھا تېغى دەپ ئالماشتۇرىۋەتكەنلىكى، خوتەندىكى «كۆتەككۆل»گە ئەجدەرھا كۆلى دەپ نام بېرىلگەنلىكى، شەھەرلەردىكى ئەجدەرھا چۈشۈرۈلگەن راۋاقلار، قەشقەردەكۆپۈيىۋاتقان ئەجدەرھا شەكىللىك بىنالار شۇ شەھەرلەردە ئەسىرلەر بويى ياشاپ كەلگەن خەلقنىڭ ئېڭىغا سىغدالماقتا ئىدى. مەزكۇر تونۇشۇم يەنە شۇ ئەجدەرھا قولۋاق بىلەن قالدى. ئۇ دېھقان ھەتتا مۇخبىرغا «بىز جوڭگولۇقلار ئەجدەرھا ئەۋلاتلىرى» دېگەنمىش. مەن ئۇ خەنسۇ تونۇشۇمغا «ئەجدەرھا ئەۋلاتلىرى» دېگەن بۇ سۆزنى پەيزاۋاتلىق دېھقاننىڭ چۈشۈنۈشىگە ئىشەنمەيدىغانلىقىمنى، بۇ سۆزنى بېيجىڭغا كېلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆگەنگەنلىكىمنى دەپلا خوشلاشتىم. چۈنكى مەن بۇنداق سۇئاللارغا جاۋاپ بېرىپ ھارغان، قايتا دۈچ كەلگۈم يوق ئىدى. مەن بۇلارنى راست دېسەم ئەقلىمگە خائىنلىق قىلغان بولىمەن. يالغان دېسەم ئاشۇنداق تەشۋىقاتلارنى رادىئولارنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان بۇ خىلدىكى كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈش ئاسان ئەمەس. يىگىرمە نەچچە يىللىق تەربىيە ۋە تەشۋىقات سىڭدۈرگەن ئىدىيەنى بىر نەچچە ئېغىز گېپىم ئۆزگەرتەلەيتتىمۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىمۇ توغرا چۈشەندىم. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاخباراتتىن كۆرىدىغىنى يۇقارقىدەك «خەۋەرلەر»، سەھنىلەردە خوشال خورام ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، چەكسىز ئىنتىباردىن سۆيۈنگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر. تارىخ دەرسلىك كىتاپلىرىدىن ئوقۇيدىغىنى ئۇيغۇر شائىرى كەكمەنىرنىڭ خەنزۇچە «خەنزۇلار ئەزەلدىن بولمىش ئۇستازىم» دەپ يازغان «مەشھۇر» نەزمىلىرى. (بۇنىڭ يالغانلىقى ئاللىقاچان ئىسپاتلانغان) مەنچە ئۇيغۇر ياشاۋاتقان تۇپراقنى، ئۇيغۇر ياراتقان مەدەنىيەتنى ۋە ئۇنىڭ ھەقدارلىرىنى ئۆزىدىن تانغان، ئەجدەرھاغا مايىل قىلىپ تەشۋىق قىلىش تولىمۇ خەتەرلىك. بۇ چېگرانىڭ ئىچى ۋە تېشىدىكى جوڭگو پۇقرالىرى بولۇپمۇ ئاۋام خەلققە خاتا ئۇچۇر، دۇنياغا خاتا چۈشەنچە بېرىپ قويىدۇ.

# ئىبرەتنىڭ كۈچى ۋە ئىتراپ

شەرق داناسى ئەللامە زەمەخشەرى «بۇ دۇنيا ئىبرەت ئالمىغۇچىلارنىڭ ھەسرەتلىرى ۋە كۆز ياشلىرى بىلەن تولغان» دەيدۇ. ئامېرىكىدا تۇنجى قېتىملىق خاتالىقنىڭ كۆپىنچە چۈشۈنۈشكە ۋە ھېسداشلىققا ئېرىشەلىشىدىكى ئاچقۇچى ئىبرەت ۋە ئىتىراپتۇر. بىرىنچى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن خاتالىق خاتىرلەپ قويۇلۇدۇ، ئەگەر قايتا سادىر بولسا بۇنى ئاقلاش مۇمكىن ئەمەس، جازالانغىنى جازالانغان. مەنچە رىياللىق ۋە تارىخنىڭ بىزگە ئۆگۈتىدىغىنى ئىبرەتتۇر. ئەگەر رىياللىق ۋە تارىخ خاتالىق ۋە تەجرىبىلەرنى ئىتىراپ قىلغان ئاساستا سەممىيلىك بىلەن يېزىلمايدىكەن، يەكۈنلەنمەيدىكەن، زىددىيەتنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ. زىددىيەتتىن ئىبرەت ئالىدىغان، ماجرادىن تەجرىبە يەكۈنلەيدىغان كىشىلەر بىر خەلقنىڭ ئىلىمدارلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىدۇر. كىيورى خانىمنىڭ تەرجىمھالىدىكى مۇنۇ قۇرلار پات-پات ئېسىمگە كېلىپ قالىدۇ، «سەن سۆيۈملۈك دەپ قارىغان نەرسەڭنى ماڭا مەجبۇري تاڭساڭ مەن پۈرسەت تاپسىلا ئۇنىڭغا تۈكۈرۈپ قويۇشۇم، ھەتتا ئۇنى يەر بىلەن يەكسان قىلىشىم مۇمكىن. بۇ چاغدا سېنىڭ غۇرۇرۇڭ پايخان بولىدۇ، ئارىمىزدا كېلىشتۈرگۈسىز نىزا چىقىدۇ. سېنى نەپرەتلەندۈرگىنى مېنىڭ «ياخشىلىق» قا «يامانلىق» قايتۇرىدىغان «قالاق» لىقىم، مېنى ئەسەبىيلەشتۈرگەن نەرسە دەل سېنىڭ زورلۇقۇڭ، شەخسىيەتچىلىكىڭدۇر، سېنىڭ مىللىتىڭ، مەدەنىيىتىڭ ئەمەس. سېنىڭ خاتالىقىڭ؛ ئىتىراپسىز، ئويلىنىشسىز، مۇرەسسەسىز داۋاملاشتۇرىۋاتقان مەجبۇرلاشلىرىڭ مېنى ساڭا ۋە سېنىڭ ھەممە نەرسەڭگە ئۆچ قىلدى».
كىيۇرى خانىم ئەينى چاغدا پولشانى «تەرەققىي» قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن رۇس گېنىراللىنىڭ ھەيكىلىگە مەكتەپكە ماڭغىچە ۋە مەكتەپتىن قايتقىچە تۈكۈرۈپ ئۆتىدىكەندۇق. مەدەنىيەت جەھەتتىن ئەسلىدە مەلۇم ئورتاقلىقلارغا ئىگە بۇ ئىككى خەلقنىڭ ئارىسىغا شۇنچە سوغۇقچىلىق سالغان نەرسە دەل «ئىلغار» روسلار تەرىپىدىن تېڭىلغان «تەرەققىيات»، مەجبۇري

سىڭدۈرۈلىۋاتقان «مەدەنىيلىك» ئىدى. رۇسلارنىڭ سەركىلىرى تېخىچە ئويغۇنۇپ ئىبرەت ئالغىنى، پولەكلەردىن ئەپۇ سورىغىنى يوق، شۇڭىمىكىن يىگىرمە يىلدىن بۇيان ماغدۇرىغا كېلىپ بولالمىدى. ئەمما گېرمانىيىنىڭ باش مىنىستىرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا قىرىلغان پولشا ئوغۇل قىزلىرىدىن تىزلىنىپ تۇرۇپ ئەپۇ سورىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ھازىرغىچە تۆلەم تۆلەۋاتىدۇ. تارىخ ئىبرەت ئالغۇچىلار ئۈچۈن خاسىيەت، ئالمىغۇچىلار ئۈچۈن بەدەلدۇر. رۇسلار ئىبرەت ئالمىغانلىقىنىڭ بەدەلىنى ئۆتەۋاتىدۇ ھەم تېخى ئۆتەيدىغاندەك قىلىدۇ. گېرمانلارنى ئۇرۇش خارابىلىقىدىن تەرەققىياتنىڭ ئالدىغان ئېلىپ چىققان ئامىللارنىڭ بىرى گېرمان زىيالىلىرىدىكى يۈكسەك ھەققانىيلىقتۇر، مانا بۇ ئىبرەت ئالغاننىڭ خاسىيىتى.

مەدەنىيەتتىكى پايانىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش يۇقارقىدەك مىللەت روھىدىكى ھەققانىيلىققا مۇھتاج. بۇ كۆپىنچە تارىخى ئىبرەتتىن كېلىدۇ. بۇنداق ھەققانىيلىق ئىلىم ۋە ھەقىقەتنى ئىزدىگەن مائارىپ سىستېمىسى ۋە ھەر قانداق مىللىي توپنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتى ۋە ئەۋزەللىكىنى رەت قىلىدىغان قانۇن ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. سىياسى چىگرانى زورلۇق بىلەن تۈرلۈك مەدەنىيەتتىكى پايان ۋە پاسىللارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە ئۇرۇنۇش سىياسىي ئەسەبىيلىك ۋە ئاسىمىلاتسىيەچىلىكتۇر. بۇنى خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە ئىرقچىلىق، فاشىستلىق دەيمىز. سىياسىيدىكى ئېتىبارلىق توپ ۋە ھۆكۈمران گورۇھنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى زورمۇ زور كېڭەيتىشى، تەرغىب قىلىشى ۋە قوبۇل قىلدۇرۇشى ئېتىبارسىز توپ ۋە كىشىلەر ئارىسىدا مىللىي ئۆچمەنلىك ۋە مىللىي كەمسىنىشنىڭ ئورۇغىنى تېرىيدۇ. ھۆكۈمران تايىپە ئۈچۈن مىللىي ئۆچمەنلىكمۇ، مىللىي كەمسىنىشمۇ ئوخشاشلا ئاپەتنىڭ مەنبەسىدۇر. ئۆچمەنلىككە تولغان بويسۇندۇرۇلغۇچىلار ماجرانىڭ مەنبەسى، كەمسىنىشكە پاتقان بويسۇندۇرۇلغۇچىلار تۈگىمەس ئېتىبارنىڭ پارازىتلىرىدۇر. مەدەنىيەتلەر

ئارىسىدىكى باراۋەر مەۋجۇدلۇق ۋە رىقابەت تەرەققىياتىنىڭ قوزغاتقۇچىسىدۇر. بۈگۈنكى تەرەققىي قىلغان ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتقا مۇكەممەل ئېكىلوگىيىلىك ۋە ئىنسانىي شارائىت هازىرلىغان ئامېرىكا، يېڭى زېلاندىيە، كانادا، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق غەرپ دۆلەتلىرىنىڭ هەممىسى مۇستەملىكىچىلىكتىن ۋاز كەچكەن، مەدەنىيەتلەرنىڭ كۆپ خىللىقىنى تەرغىپ قىلىۋاتقان ۋە ئۇنى قانۇن ئارقىلىق قوغداۋاتقان دۆلەتلەردۇر. مەسىلەن، ئامېرىكىدا مەن نوپۇس ئېنىقلاش جەدۋىلىنىڭ خەنسۇچە، ئىسپانچە، ياپونچە، كورىيانچە تارقىتىلغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ يەردە هەر قانداق هۆكۈمەت ئورگىنى بىلەن ئالاقە قىلماقچى بولغان كىشى تەرجىمان تەلەپ قىلىشقا هوقۇقلۇق. بىر قىسىم شەهەر ۋە شىتاتلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قوللىنىدىغان ۋاقتى بار، ۋاشىڭتون ۋاقتىنى قوللىنىش مەجبۇرى ئەمەس. 60-يىللاردا ئامېرىكىدا ئىرقچىلىققا قوراللىق قارشى تۇرۇشنىڭ تەشەببۇسچىسى مەلكولم ئەكس ئامېرىكا تارىخىدا «ئەكسىل ئىنقىلابچى»غا چىقىرىلغان ئەمەس ياكى تارىخ بەتلىرىگە لەنەتلىك قۇرلار بىلەن يېزىلمىغان. ئەكسىچە كوچىلارغا نامى بېرىلگەن، شەرىپىگە كىنولار ئىشلەنگەن، كىتاپلار نەشىر قىلىنغان. بۇلار مىللەت، ئىرق، دىن ئايرىماسلىق، پەرق-خاسلىقنى ئېتىراپ قىلىش ۋە هۆرمەت قىلىشنىڭ ئەڭ ئاددىي ئىپادىسى.

# كەيپىياتىمۇ يۇقىدۇ

بۇ شەھەرگە كۈز كەلدى. ياپپېشىل چاقىقانغىنە بۇ شەھەر ئالتۇن رەڭگە كىردى. مەن ۋەتىنىمنىڭ كۈز ئايلىرىنى سېغىنىمەن. بىزدە كۈز تولىمۇ بەرىكەتلىك بولىدۇ. تويلار قايناپدۇ، دېھقانلارنىڭ قولى ئازراق بولسىمۇ پۇل كۆرىدۇ. بىزنىڭ ئۇ تۇپراقلاردا سودىگەرلەرنىڭ رىسقى دېھقانلارنىڭ يانچۇقىغا باغلانغان. كادىر خەق بىلەن قىلغان سودىنى بىزنىڭ قەدىمكى ئوردۇكەنتتە «تۈپرۈك بىلەن ئاياق مايلىغاندەك» دەپ تىلغا ئالىدۇ تىجارەتچى تۇغقانلار. يات ئەلدىكى تۇنجى كۈز ماڭا تولىمۇ سۈرۈن تەلەت بىلىنمەكتە. سارغايغان ياپراقلار، يالىڭاچلانغان دەرەخلەر، سولغان گۈللەر، ماڭا سارغايغان يۈزلەرنى، ئۈمىتسىز كۆزلەرنى، ماتەملىك سۆزلەرنى ئەسلەتمەكتە. تۇيۇقسىز يادىمغا ئۆتكەن كۈزدە بەيگە مەيدانىدا بىر مايلامچى بالا ئوقۇغان:

قۇرۇپ قاخشال بولۇپ قالدۇق،
ئوتتۇنچى ئاپپىرىپ ساتسۇن،
خېرىدارىم سوراپ قالسا
غېرىپ بىچارە دەپ ساتسۇن.

دېگەن ناخشا كېلىپ قالدى. تېخى مەكتەپ يېشىغا ئەمدى توشقان ئۇ بالىنىڭ چىرايىدىكى مۇڭ يۈرۈكۈمنى ئەزگەنتى. بۈگۈن ئۆزۈمنى ئاشۇ بالىدىنمۇ بىچارە ھېس قىلدىم. بۈگۈن مەن ئۇ بالىدىنمۇ بەتتەر بىچارە ئىدىم، يىغلاش ئەركىم بار، لېكىن قېرىنداشلىرىڭغا ئېيسىلىپ يىغلىمىغان يىغا كىشىنى پۇخادىن چىقىراتتىمۇ؟ ئۇنىڭ يىغىسىمۇ ، كۈلكىسىمۇ ئۆز تىلىدا، خورلۇقىمۇ، ھالاۋىتىمۇ ئەل بىلەن بىللە ئىدى. سۈلتانلىقتىمۇ،

ئۆلتـان(پـتـەك) لـىقتـــمۇ ياشـاپ باقـقـان بـوۋىلـىرـىمـىز ۋەتەن، ئەل ھەققــىدە ئاجايىپ تۇيغۇلاردا بولغانىكەن. ئۇيغۇر ئۇچۇن مەشرەپ-كۈي پەسلى، باراۋەت-تـوي پەسـلى ھـىسـاپلـىنـىدىغان بـۇ كـۆڭلـەردە بوۋىلـىرـىمـىزنـىڭ «ئەل بىـلـەن ئۆلـۈم گوياكى توي» دېگەنلىرىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. مۇشۇلارنى ئويلىساملا بىر ئىش يادىمغا كېچىدۇ. ئۆتكەن 6-ئايدا بىر ئۇيغۇر ئايالنىڭ مەندىن يىراق بىر شىتاتتا تۇگەپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ قالدىم، بۇ خەۋەرنى ماڭا يەتكۈزگەن كىشى «خۇدايىم ساقلىسۇن، جەسىتىم بۇ يات يەردە قالمىغاي ئىلاھىم» دەپ كەتتى. ئاڭلىشىمچە بۇرۇن رەسمىيىتى تولۇق بولمىغانلىق سەۋەبىدىن ئىزچىل ئامېرىكىغا ۋىزا ئالالماي كېلىۋاتقان مەرھۇمنىڭ ئاتا ئانىسى ۋە بىر قېرىندىشى ۋىزىغا ئېرىشىپتۇ. مەرھۇمنىڭ ئاخىرقى كۆنلىرىدىكى پىغانلىق نىداسى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى قائىدىلىرىگە خىلاپ ھالدا ۋىزا بېرىشكە مەجبۇرلاپتۇ. لېكىن مەرھۇمنىڭ ۋەتەندىن كەلگەن ئاتا-ئانا ۋە قېرىندىشىنىڭ ئەڭ چوڭ ھەسرىتى يات تۇپراقتا قالغان يۈرەك پارىسى ئىدى. كۆز ئالدىمدا تۆكۈلۈۋاتقان ياپراقلارغا قاراپ ئويلاپ قالدىم. مىڭ ئىككى يۈز يىلدىن ئارتۇق مۇسۇلمانلىق تارىخىغا ئىگە خەلقىمىز نىمىشقا جەسىتىنىڭ يات يەردە قېلىشىغا شۇنچە ھەسرەت چېكىدۇ؟ ئاللاھتىن كەلدۇق ئاللاھقا قايتىمىز. شۇنداقكەن ھەممە يەر ئاللاھنىڭ زېمىنى ئەمەسمۇ؟ بۇ خەلقىمىزنىڭ بىر قاقشاپ كۆنگەن تەپەككۇرىمىز بويىچە يەنە شۇ «نادان» لىقىمۇ؟

مەن يەنە شۇ ياپراقلارغا قارىدىم، ياپراقلار زېمىندىن ئۆزۈلۈپ كۆككۈردۇ، ياشنايدۇ، يەنە شۇ ئۆزىنى باققان تۇپراققا سىڭىپ قۇۋۋەت بولىدۇ. بىز ياپراق ئەمەسمۇ؟ تۇپرىقىدىن ئاياقلانغان، ئاتلانغان ئىنسانىنىڭ يەنە شۇ تۇپرىقىنى قۇچاقلاپ يېتىشىنى قانداقمۇ «نادانلىق» دېگىلى بولسۇن؟ توغرا بىز ئاللاھتىن كەلدۇق، لېكىن ئاللاھ بىزنى ئاتا مىراس زېمىنىمىزغا، ئاتا بوۋىمىز كۆكلىگەن مۇقەددەس تۇپراققا ياراتتى. بۇ تۇپراق جەمەتىمىزنىڭ گۈللەتكەن باغلىرى، سالغان ئىمارەتلىرى، ياتقان قەبرىسى بولغاچقا بىزگە مەنسۇپ، ئەجدادلارنىڭ تەۋەرۈكلىرى بىلەن بىزگە بەخشەندە. ۋەتەننى دەل ئانىمىز كەزگەن رەستە، ئاتىمىز كەچكەن كېچىك، بوۋىمىز قىلغان باغلار سەۋەبلىك سۆيىمىز. ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى يات ئەلگە قاتۇرغان بالا ئەلۋەتتە دادىسى ياتقان تۇپراققا تەلپۈنىدۇ، ھەر ھېيت، بايرام ۋە ئۆلۈق كۈنلەردە خىيالى

دادىسى ياتقان جايلاردا كېزىدۇ. قەبرەم غېرىپ بولمىسۇن دېگەن بۇۋىلىرىمىز ئۇلۇقكەندۇق، خىزىركەندۇق، يات تۇپراققا كۆمۈلۈشىنى رەت قىلغان مومىلىرىمىز پەيلاسۇپكەندۇق، پەرىشتەكەندۇق. ئۇلار بىزگە قەبرىنى ئەمەس ۋەتەننى قالدۇرۇپ كەتكەنىكەن، ئۇلار بىزگە ھېيىت بايرام ئۇلۇغ كۈنلەردە تۇپراقنى-ۋەتەننى يوقلاشنى مىراس قىلغانىكەندۇق. ئامېرىكىدىكى شۇنچە باي يەھۇدىلارنىڭ مەخسۇس ۋەخپە(فوندى جەمىيەت) قۇرۇپ ئىسرائىلىيەگە قايتماقچى بولغانلارنى يۆلەۋاتقىنى، ئىسرائىلىيەدىكى ئاتا بوۋىسىدىن چالا پۇلا ئىزى قالغان بىر تامنى تاۋاپ قىلىشقا ئۇزۇلدۇرمەي بېرىشلىرىنى بەلكىم بوۋىلىرىمىزنىڭ تۇپراقنى يالغۇز، غېرىپ قويماسلىقنى ۋەسىيەت قىلغانلىقىغا ئوخشاتساق خاتا قىلغان بولماسمىز.

خىيال بىلەن كۈتۈپخانىغا ماڭدىم دەپ نەگە كېلىپ قالغاندىمەن؟ بېشىمنى كۆتۈرسەم ئەزەلدىن كېلىپ باقمىغان بىر كوچىلارغا كېلىپ قاپتىمەن. ئەمدى قانداق قايتقۇلۇق؟ بىر ئاز ئالدىمغا ماڭدىم. داچا شەكلىدىكى بىر بىردىن يىراق -يىراق سېلىنغان ئۆيلەردىن بىر ئۆينىڭ ئالدىدا توختۇدۇم، مۇشۇ ئۆيدىن بىر ئادەم چىقىپ قالىدىغاندەكلا تۇيۇلدى. تۇۋا، شۇنچە كەڭ مەھەللىدە ئويناۋاتقان بىر بالا، كېتىۋاتقان بىر ئادەم، قاۋاۋاتقان بىر ئىت بولسىچۇ كاشكى! ئاخىرى ھېلىقى ئۆينىڭ ئالدىغا توختۇتۇلغان ماشىنىنىڭ كەينىدىن بەستلىك بىر ئادەم چىقىپ كەلدى. ئېزىپ قالدىم دېگۈم كەلمەي بىر داڭلىق تاللا بازىرىنىڭ نەدىلىكىنى سورۇدۇم.

— ۋولمارتنى دەمسەن؟ تېخى خېلى ئۇزاق ماڭىسەن. نەدىن كەلدىڭ؟

ماڭا ئەڭ قىيىن سۇئال دەل مۇشۇ. جاۋاپ بېرىش تولىمۇ قىيىن. ئادەم ئۆزى خالىمىغان نەرسىلەرنى دېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالۇدۇ، بۇنى دېمىسەڭ سورىغۇچىغا چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ، چۈشەندۈرۈپ دېسەڭ سەندىن كۆڭۈلسىز ۋەقەلەر ھەققىدە سورايدۇ.

— مەن ئۇيغۇر، ... — ۋە بىر ئاز ئىزاھلاپ چۈشەندۈردۈم.

— ھە ھېلىقى يېقىندا ۋەقە بولغان يەردىنمۇ؟

—...

—...

— ئائىلەڭدىكىلەر ساقمىكەن؟

بۇنىڭغا نېمە دەيمەن؟ تور تاقاق، تېلېفون ماڭمايدۇ. ئەگەر ئائىلەمدىكىلەر بىلەن كۆرۈشەلىگەن بولسام مۇشۇنداق كۆتۈپخانىغا ماڭىدىم دەپ نەگە كېلىپ قالغىنىمنى بىلەلەمەي يۈرەتتىممۇ؟ بۇ كىشى ئوبدان ئادەمكەن. مېنى ھېلىقى تاللا بازىرىغا ئاپىرىپ ئاندىن ياتىقىمغا ئەكىلىپ قويۇدۇغان بولدى. قايسى كۈنى يامغۇردا قېلىپ پىيادە كېتىۋاتسام بىر ئايال ماشىنىسىغا سېلىپ ئاپتۇۋۇز بېكىتىگە ئەكىلىپ قويغانتى، بۇ قېتىم بۇ ئادەممۇ ماڭا ياردەمدە بولماقچى. يول بويى پاراڭلىشىپ ماڭدۇق. مەندىن ئۇيغۇرنىڭ قىسقىچە تارىخىنى سورىدى. يول بەك ئۇزۇن ئەمەس. قانداق قىلغاندا مۇشۇنداق قىسقا ۋاقىتتا ئۇيغۇرنىڭ تارىخىنى بىرىدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر بىر ئادەمگە بايان قىلغۇلۇق؟ مەن بىر سىكۇنت ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخي قىسمەت ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تۈركمەن، تاتار ۋە ئەزەربەيجان قاتارلىق خەلقلەر بىلەن تولىمۇ يېقىن بىر مۇسۇلمان خەلق ئىكەنلىكىنى. 19-ئەسىردە چىڭ ئىمپىرىيىسى، روسسىيە ئىمپىرىيىسى ۋە برىتانىيە ئىمپىرىيىسى ئارىسىدىكى «بۈيۈك ئويۇن» دەپ ئاتالغان مۇستەملىكە تالىشىش كۆرشىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ نۇرغۇن زۇلۇم چەككەنلىكىنى. 20- ئەسىردە بولسا سوۋېت، ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق 2- دۇنيا ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەرنىڭ شاھمات تاختىسىدا تولا پىچكا قىلىنىپ ۋە تېگىشلىپ كۆپ قۇربان بەرگىنىنى سۆزلەپ بەردىم. بۇلارنى دەۋېتىپ ئۆزەمنى تونۇشتۇرۇشنىڭ بىر مۇۋاپىق جۈملىسىنى تاپقاندەك بولدۇم. بۇندىن كېيىن نەدىن كەلدىڭ دېگەنلەرگە «جوڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىياسىدىن» دەپ جاۋاپ بەرسەم بولغۇدەك. بولمىسا بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى جوڭگو خەرىتىسىنىڭ غەربىي قايسى، غەربىي شىمالىچۇ دېگەنلەرنى بىلمەيدىكەن. قولىمىزغا خەرىتە ئېلىپ يۈرمىگەندىكىن بۇلارنى توغرا مەلۇماتلىق قىلماق تەسكە توختايدىكەن. ئوتتۇرا ئاسىيا ھەممىيلەنگە تونۇش ئۇقۇم، ئۇيغۇر دۆلەت تەۋەلىكىدە جوڭگوغا

مەدەنىيەت ۋە ئىرقى ئالاھىدىلىك جەھەتتە ئورتا ئاسىيالىقلارغا مەنسۇپ بولغاندىكىن مۇشۇ ئەڭ مۇۋاپىق ئۇقۇمكەن دەپ ئويلاپ قالدىم. كوممۇنىستىك جوڭگونىڭ تارىخىنى ئۇ كىشى ياخشى بىلىدىكەن. تارىخنىڭ ئەڭ قىيىن بۇ تەرەپلىرىنى ماڭا سۆزلەتمىگىنىگە خوش بولدۇم.

— قارىسام كەيپىياتىڭ تولىمۇ سۇس، ئۇنداق قىلما، بۇ دېگەن ئامېرىكا، بۇ يەر ھەر قانداق ئىنسان ئۈچۈن باراۋەر ھوقۇق، ئەركىنلىك ۋە پۇرسەتكە تولغان. بۇ يەرگە كىشىلەر بەخت قوغلىشىپ كەلگەن، بۇنداق سۇلغۇنلۇق بىلەن بەختكە يەتكىلى بولمايدۇ. كۆڭلۈڭ يېرىم بولسا ماڭا تېلېفون قىل. مەن بۈرۈن پېرۇدا بىر قانچە يىل تۇرغان. چەتئەلدە ياشىماق ئاسان ئەمەس، بولۇپمۇ سەندەك بۇنداق تەسۋىرلىگvسىز تەشۋىشتە ياشاۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن تولىمۇ تەس. بىلەمسەن، كەيپىيات دېگەن يۇقۇملۇق كېسەلدەك نەرسە، سەن مۇشۇنداق كەيپىياتتا يۈرسەڭ، سەن يولۇققان كىشىلەرگىمۇ يۇقتۇرۇشۇڭ مۇمكىن، بۇنداق قىلىشنى خالىمايسەنغۇ دەيمەن؟ مېنىڭ بىر ۋېلىسىپىتىم بار، ئەگەر خالىساڭ ساڭا ئەكىلىپ بېرەي، شۇنى ئىشلەت. ئۇزاق ۋاقىت مىنمىگەن شۇڭا ئاۋال بىر رېمونت قىلدۇرۇشۇم كېرەك. ماڭا تېلېفون قىل. ئۇ شۇنداق دەپ ماڭا ئېلخەت ئادرىسىنى قالدۇرۇپ كېتىپ قالدى.

كەيپىياتمۇ يۇقىدۇ! ماڭا بۇ گەپ تولىمۇ توغرا تۇيۇلدى. بۈرۈن ئويلايتتىم، نېمىشقا ئامېرىكىلىقلار تولىمۇ قىزغىن، ئەمما مەن ھەر قانچە قىزغىن بولاي دېسەممۇ بولالمايمەن؟ چۈنكى مەن كىشىلەر بىر بىرىگە تولىمۇ سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان، ئادەم كۆپ ئىچكىرى جوڭگودا ئۇزاق ياشاپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن بەلكىم ئېغىر دەرىجىدە سوغۇق كەيپىياتتىن يۇقۇملانغان بولسام كېرەك. بۇ يەردە كىشىلەر دوقۇرۇشۇپ قالسا كۈلۈپ سالام قىلىدۇ، بىر بىرىگە يول بېرىدۇ، ھەر ئىشتا ئالدى بىلەن باشقىلارغا قولايلىق بولۇشىنى، دەخلە قىلماسلىقنى ئويلىشىدۇ، مەنچۇ؟ مۇشۇ كۈنگىچە بۇلارغا كۆنەلمەي ئاۋارە، قارىغاندا مەن، «ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن ياشىمىسا ئۇنى يەر

يۈتىدۇ» ( مەن ئىچكىرىدە ئۆگەنگەن ماقال) دېگەن ئىدىدىيە ئەۋج ئالغان موھىتتىن قاتتىق يۇقۇملانغان بولسام كېرەك. ئىچكىرىدە ئىشلەۋاتقان بىر يىلىم قەشقەرگە قايتتىم، بىر دوستۇم بىلەن ئاشخانىغا تاماققا كىردۇق. كۆتكۈچى بالا 8-9 ياشلاردا ئىدى. «ھەي، ماڭا قارا، بۇ ئاشخانىدا سۈيۈق سەلەڭ نېمە بار؟» دەپ سوراپتىمەن ئۈتتۈرلا خەنسۇ پەدىسىدە. ئۇ بالا ماڭا نارازى بولغاندەك قاراپ قويۇپ، يەنە چاندۇرماي قېشىمىزغا كەلدى. تاماق يەپ چىقىپ بولغاندىن كېيىن دوستۇم «نېمانداق قوپاللىق قىلىسەن؟ بۇ دېگەن قەشقەر، ھەممە ئادەم بىر بىرىنى سىلى ئۆزلىرى دەپ گەپ قىلىدۇ، سېنىڭ لەنجۇرىڭ ئەمەس بۇ، خەقنى سەنلەيدىغان»، مەن شۇ چاغدا خاتا قىلغىنىمنى بىلگەن. ئەمما ئادەمنى دەرىجىگە ئايرىپ مۇئامىلە قىلىدىغان، ھوقۇقسىز، پۇلسىز ئادەمنىڭ ئىنسانلىقى ئېتىراپ قىلىنمايدىغان كەيپىياتتىن يۇقۇملانغانلىقىمنى ئويلىماپتىكەنمەن.

تۈنۈگۈن تېخى بىر دوستۇم ئۆيىدىكىلەر بىلەن ئۇزاق ئالاقە قىلالمىغانلىقتىن ئۆيىگە قايتماي، دىققىتىنى يىغالماس بولۇپ قېلىپ پسىخىك دوختۇرغا كۆرۈنگىنىنى دەپ بەرگەنىدى. ئۇ دوختۇرغا گېپىنى باشلاپ بولالماي يىغلاپ كېتىپ پەقەت دەردىنى ئېيتالماپتۇ. ئاخىرى دوختۇر دوستۇمنى ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، خالاتنى ئۈنىڭغا كەيدۈرۈپ، سەن دوختۇر، مەن كېسەل، سەن ئەمدى مەندىن ھالىمنى سورا دەپتۇ. دوستۇمنىڭ كۆلگۈسى كېلىپ، بىر دوختۇرلۇق قىلىپ باقايچۇ، دەپ ئەمدى «بىمار»نىڭ دەردىنى سورىشىغا، دوختۇر ھۆركىرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. بۇرادىرىمىز، يىغلىما دەپمۇ توختۇتالماپتۇ. ئاخىرى داۋالاش ۋاقتى توشۇپ دوختۇردىن يېنىپ چىقىپتۇ. بەلكىم بىز مۇساپىرلار بۇ يات تۇپراقتا دەردىمىزنى مۇشۇنداق بىر بىرىمىزگە تۆكۈپ مەيۈسلۈك كېسىلىنى يۇقتۇرۇۋاتساق كېرەك. ماڭا بۇرۇن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» نى ئوقۇۋاتقان ئاپلىرىمىزدىن ئۇچۇرلا موھىمدەك بىلىنەتتى، دوستلۇرۇم بىلەن ئۇچراشسامۇ ئازاپلىنىش، ئازاپلارنى كۆچەيتىش ئۈچۈن يىغىلىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. دوستلار بىلەن بولۇدىغان سۆھبەت، مۇنازىرە، مۇلاھىزىلەردىن ئاخىرىدا مەندە قالىدىغىنى تەشۋىش، قورقۇنچ، گاڭگىراشتىن باشقا ھاسىلات كەم بولاتتى. قارىغاندا مەن زور يۇقۇملۇنۇش دەۋرىدە، يۇقۇملانغان كەيپىياتتا، يۇقۇملانغان كىشىلەر بىلەن ئۇزاق ياشاپ كەتكەن

بولسام كېرەك. مەن ساقىيالارمەنمۇ؟ بۈگۈن ھېلىقى پىسخىك دوختۇرغا كۆرۈنگەن دوستۇم بىلەن يەنە توردا كۆرۈشتۇم، ئۇ ئۆزىنى بىلىم دېڭىزىغا چۈشۈپ كەتكەن سۇ ئۈزەلمەس پالاكەتتەك سېزىدىكەن، يەنە دەرت تۆكۈشتۇق. يۇقۇملۇنۇش تېخىمۇ ئېغىرلىدى.

# ئامېرىكا بالىلىرىنىڭ نەزىرىدە ئىرق، جىنس

بىر قانچە كۈن بۇرۇن ئامېرىكىنىڭ داڭلىق تېلقانالىلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق بىر ھادىسە خەۋەر قىلىندى ۋە قاتتىق غۇلغۇلا قوزغىدى. رىياسەتچى تۆت بەش ياش ۋە توققۇز ئون ياشلىق ئاق تەنلىك بالىلارغا تېرىسىنىڭ ئاق قارىلىقى بويىچە رەتكە تىزىلغان قونچاق رەسىملەرنى كۆرسىتىپ «قايسى بالا ئەسكى (دۆت، ناچار، سەت) ؟ قايسى بالا ياخشى (ئېسىل، ئەقىللىق، چىرايلىق)؟» دېگەن سۇئاللارنى سورىدى. بالىلار ھېچ ئىككىلەنمەستىن تېرىسى ئەڭ قارا بولغان بالىنى دۆت، ناچار، سەت دەپ كۆرسىتىپ سەۋەبىنى تېرىسىنىڭ قارا بولغانلىقى دېدى. تېرىسى ئەڭ ئاق بولغان بالىنى بولسا ئەقىللىق، ياخشى، چىرايلىق، ئېسىل دەپ كۆرسىتىپ سەۋەبىگە تېرىسىنىڭ ئاق بولغانلىقىنى ياكى ئۆزىگە ئوخشايدىغانلىقىنى سەۋەب قىلدى. شۇ نەق مەيداندا بالىلارنىڭ ئانىلىرى بار بولۇپ نەتىجىدىن تولىمۇ بىئارام بولۇۋاتقانلىقى كۆرۈلۈپ تۇراتتى. ھەتتا بىر ئايال «مەن بالامغا ئىرق توغرۇلۇق ھېچ نېمە دېمىگەن. مېنىڭ ھەر خىل ئىرق ھەر خىل مىللەتتىن دوستلىرۇم بار. مەن بالامدا نېمىشقا بۇنداق ئوي شەكىللىنىپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدىم. قارىغاندا مېنىڭ باشقا ئىرقتىكىلەر بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىپ بالامغا ئىنسانىنىڭ ئىرقىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىنمايدىغانلىقىنى ھىس قىلدۇرۇشۇم يېتەرلىك بولمىغان ئوخشايدۇ» دەپ يىغلاپ كەتتى.

تەتقىقاتچىلار ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىن 130 بالىنى تۆت بەش ياش ۋە توققۇز ئون ياش گورۇپپىسى بويىچە تەكشۈرگەن بولۇپ 4-5 ياش گورۇپپىسىدا 76% بالا تېرىسى قارا بولغان قونچاقلارنى «دۆت، ناچار، سەت» بالىلارغا ئوخشۇتۇپ تەسۋىرلىگەن. 9-10 ياشلىق بالىلار گورۇپپىسىدا بۇنداق قاراش 59% بولغان. بۇ سىناقنىڭ نەتىجىسىگە بەزىلەر قارشى چىقىپ بۇ تەجرىبىنىڭ لايىھەلىنىشى مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارىغان. بەزى ئىنكاسچىلار «ئاق تەنلىك بالىلار قايسى قونچاق ئۆزىگە ئوخشىسا شۇنى ئەقىللىق،

چىرايلىق ۋە ئېسىل دەپ تەرىپلىدى» بۇنىڭ ئىرقچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتتى يوق دېدى. بۇنداق دېگۈچىلەر يەنە «قارا رەڭنىڭ قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت، ياۋۇزلۇق دېگەندەك كۆچمە مەنىلەردە قوللۇنۇلۇشى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە، بۇ پەقەت رەڭ ھەققىدىكى تونۇش مەسىلىسى ئىرقچىلىققا كىرمەيدۇ»، دەپ قارىدى. يەنە بەزىلەر بۇنداق قاراشقا ئاتا-ئانىلار ۋە جەمئىيەت سەۋەپچى دەپ قارىغان، بالىلار گۇناھسىز، ئۇلارنى ئىرقچى دېگىلى بولمايدۇ، دېدى.

ئامېرىكىلىق بالىلارنىڭ ئىرق قارىشى ھەققىدىكى بۇ تەتقىقات قارا تەنلىك بالىلار ئارىسىدىمۇ يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ بۇ بالىلاردىمۇ ئاق تەنلىككە ئوخشۇتۇلغان قونچاقلارنى ئەجابى باھالاش خاھىشى كۆرۈلگەن. بۇنداق تەتقىقات ئامېرىكىدا 1940-يىللىرىمۇ ئىشلەنگەن بولۇپ ئاق تەنلىك ۋە قارا تەنلىك بالىلارغا تۇم قارا قونچاقتىن تارتىپ ئاپئاقىچە بولغان قونچاقلاردىن بىرىنى تاللاش تەلەپ قىلىنغان. قونچاقلارئەڭ ئامراق، سەل ئامراق دېگەندەك ئامراقلىق دەرىجىسى بويىچە تۆرگە ئايرىلغاندا ئاق قونچاق قارا تەنلىك ۋە ئاق تەنلىك بالىلارنىڭ ئورتاق ئامرىقى بولۇپ چىققان. بۇنىڭ سەۋەبىگە چۈشەنگەن ئامېرىكىلىق ئەمەلدارلار ئارىدىن ئۆزاق ئۆتمەي قارا تەنلىكلەرنى ئايرىم مەكتەپ ۋە ئايرىم سىنىپلاردا ئوقۇتۇدىغان ئىشنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. شۇندىن كېيىن مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ چوقۇم مەلۇم ساندا ئوخشىمىغان ئىرقتىن بولۇشى بەلگىلەنگەن ئىكەن. يۇقارقى تەتقىقاتنىڭ تەپسىلاتىغا قىزىققۇچىلار بۇ ئۇلىنىشتىن ئوقۇپ باقسا بولىدۇ.

http://www.cnn.com/2010/US/05/19/doll.study.reactions/index.html?iref=allsearch

مەن يۇقارقى مەسىلىنى مۇنداق ئويلىدۇم. ئامېرىكىدا بالىلار كىچىكىدىن ئۆزگە ئىشىنىدىغان قىلىپ تەربىيەلىنىدۇ. بالىلارنىڭ كىچىككىنە نەتىجىسىمۇ قالتىس، كارامەت دەپ تەرىپلىنىدۇ. مەن ئۇچراتقان ئامېرىكىلىقلار بالىلىرىنىڭ كىچىككىنە قابىلىيىتىنى نامايەن قىلىدىغان سورۇن چىقىپ قالسا قانچە پۇل، قانچىلىك ۋاقىت كېتىشىدىن قەتئىينەزەر

قولدىن بەرمەيدۇ. نەتىجىدە بالىلاردا ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچ يېتىلىدۇ. يۇقارقى تەجرىبىدە ئاق تەنلىك بالىلارنىڭ ئاق قونچاقلارنى ئەقىللىق، چىرايلىق، ئېسىل دەپ قارىشى ۋە بۇنىڭ سەۋەبىنى «ماڭا ئوخشىغاچقا شۇنداق» دەپ چۈشەندۈرۈشى يۇقارقى ئىشەنچنىڭ ئىپادىسى. مەزكۇر تەجرىبىدە مېنى قىزىقتۇرغان يەنە بىر مەسىلە قارا تەنلىك قىز بالىلارنىڭ «تېرىڭىزنىڭ قانداقراق رەڭدە بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىڭىز؟» دېگەن سوئالغان ئاقراق قونچاقلارنى كۆرسەتكىنى بولدى. مەنچە بۇنىڭ سەۋەبى تېلېۋىزور ۋە كىنولاردا ساھىپجاماللارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاق تەنلىك بولغىنىدىن بولسا كېرەك.

تەتقىقاتتا دىققەت قىلىدىغان يەنە بىر نوقتا، ئاق تەنلىك بالىلاردىكى ئۆز ئىرقىغا بولغان مايىللىقنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئاجىزلىشىشى. مەنچە بۇ جەمىيەت تەربىيىسى، ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە مائارىپتىكى يېتەكلەشنىڭ مەھسۇلى. ئامېرىكا مەكتەپلىرىدە ھەرخىل ئىرقتىكى، ھەرخىل مىللەتتىكى بالىلارنىڭ بىرلىكتە ئوقۇشى رىغبەتلەندۈرۈلىدۇكەن. بۇ يالغۇز ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپتىلا ئەمەس ئالىي مەكتەپتىمۇ شۇنداقكەن. مەن بۇنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بىرنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ھەممە پاكۇلتېتنىڭ ئوقۇتقۇچىلار تىزىملىكىگە قاراپ باقتىم، ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئاق تەنلىك بولغان بىرمۇ پاكۇلتېت يوقكەن. بىز تۇرۇۋاتقان شەھەر ئاق تەنلىكلەر ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان، باشقا ئىرقلارنىڭ نوپۇسى ئەڭ ئاز يەر دەپ قارىلىدۇ. ھالبۇكى، مەن مەيلى تاللا بازىرىغا باراي، ياكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا باراي پۈتۈنلەي ئاق تەنلىك ئىشلەيدىغان ئىشنى كۆرمىدىم. كۆرۈپ باقاي دەپ سوتنىمۇ زىيارەت قىلىپ كەلدىم، قارا تەنلىك كاتىپ قىز شۇنداق قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇندەك سوت زالىغا قاراپ باقتىم، ئۈچ سوتچى قارا تەنلىككەن. بۇ شەھەرنىڭ 80 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسىدا قارا تەنلىكلەر بەش پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدۇ. دېمەك، ئامېرىكىلىق بالىلار يۇقارقى رىياللىقتا يۇزلىنىپ ياشاش جەيانىدا، ئەقلىنىڭ ئۆلغىيىشىغا ئەگىشىپ تۈرلۈك سەۋەپلەردىن كېلىپ چىققان ئىرقىي تەرەپتارلىقتىن قۇتۇلۇپ ماڭىدىكەن.

بالامنىڭ يەسلىسىدە قونچاقلار قارا، قوڭۇر ۋە ئاسىيا چىراي قىلىپ ھازىرلانغان بولۇپ، بۇنىڭدىكى مەقسەد بالىلارنىڭ كاللىسىغا ئىرقىي

چۈشەنچىنىڭ ئورناپ قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىكەن. بالام بىلەن يەسلىدە بالىسى بىللە ئوقۇيدىغان بىر چىڭخەيلىك ئايال بار ئىدى. بىر كۈنى بالىلار ساغلاملىق مەركىزىگە بىللە باردۇق. بالىسى تۇنجى قېتىم تەكشۈرۈلۈۋاتقان بولغاچقا ئېغىرلىقى، بويى، تۇغۇلغان كۈنى قاتارلىق ئۇچۇرلار سورالدى. بالىسىنىڭ ئىرقى سورالغاندا «ئاق» دەۋاتىدۇ. ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالمىدىم. سەۋەبىنى سورۇسام، «ناۋادا بالامنى ئاسىيالىق دەپ بەرسەم، پاكىستان، بېنگاللىقلارنىڭ بالىلىرى بىلەن بىللە تەكشۈرۈشى مۇمكىن. مېنىڭ ئۇنداق بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن بىللە ئۆچرەتتىمۇ تۇرغۇم يوق. ساپاسى تۆۋەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىم بىلىدۇ بالىلىرىدا يۇقۇملۇق كېسەل بارمۇ تېخى». قىزىق يېرى بۇ ئايال ئامېرىكا دېگەن يەردە قارا تەنلىكنى ئايرىم، ئاسىيالىقنى ئايرىم ئۆچۈرەتكە تىزمايدىغانلىقىنى، ئايرىم تەكشۈرمەيدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىكەن. ئەلۋەتتە، بۇنداق قىلىنسا قانۇنى جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى تېخىمۇ پەرەز قىلالمايدۇ. مەن بۇلارنى بىلگەچكە گەپ قىلمىدىم، ئۇنىڭ قىلمىشىدىنمۇ ئاغرىنمىدىم، پەقەت ئىنسانلىقنىڭ مۇقەددەسلىكىنى تونۇيالماي مۇشۇ ياشقا كەلگىنىگە ئېچىندىم. ئۇنىڭ كاللىسىغا شۇنداق ئىرقچىلىقنى سىڭدۈرگەن موھىتتىن، ئۇنى ئايرىمچىلىققا مايىل يېتىشتۈرگەن جەمىيەتتىن ئەپسۇسلاندىم.

يەسلىدە مەن دىققەت قىلغان يەنە بىر ئىش ئوغۇل قىزلارنىڭ ئوخشاشلا قونچاق ئوينىشى بولدى. بالىلار قونچاقلىرىغا تاماق يىگۈزۈشەتتى، كىتاپ ئوقۇپ بېرىشەتتى، قۇراشتۇرۇش، تىزىش، سىزىش قاتارلىق ئىشلارنى ئۈگۈتىشەتتى. بۇلاردىن مەن ئامېرىكىدا بالىلارنىڭ گۆدەكلىكىدىن باشلاپلا ئۆزىنى مەلۇم جىنىسقا مەنسۇپ دەپ قارىۋېلىپ بالىلارنىڭ ئىنسان ئورتاق ئېرىشىدىغان خۇشاللىقىدىن مەھرۇم قالماسلىقى نەزەرگە ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىدىم. مەن بۇنى ئۆزەمگە سېلىشتۇرسام، قىزىمغا قىز بالا دېگەن ئۇنداق بولىدۇ، بۇنداق بولمايدۇ، ئۇنى قىلىدۇ، بۇنى قىلمايدۇ، دېگەنلەرنى تىلى چىققاندىن بېرى سىڭدۈرۈشكە باشلاپتىمەن. ئايالىمۇ

«تاماقنى پاكىز يەڭ، بالىڭىز سەت بولۇپ قالىدۇ. چېچىڭىزنى تاراپ قوياي قىزبالا دېگەن چىرايلىق ياسىنىپ تالاغا چىقىدۇ...» دېگەندەك گەپلەنى كۆپ دەيدۇ. مەنچە ئامېرىكىلىقلارنىڭ بالىدىكى جىنس پەرقىنى مەقسەتلىك تەكىتلىمەسلىكى ئامېرىكىدا بالا تەربىيىسىگە ئائىت پەننى بىلىمنىڭ ئومۇلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولسا كېرەك. ئىلمىيلىكتىن ئالغاندا جىنس تەبئىي ھادىسە بولغان بىلەن ئىنساننىڭ جىنس ھەققىدىكى چۈشەنچىسى تەربىيىنىڭ، موھىتنىڭ مەھسۇلى. ئەگەر بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپ جىنسى پەرق، جىنسى ئىش تەقسىماتى، پەرقلىق جىنسقا خاس خۇي مىجەزلەر بەكرەك تەكىتلەنسە ۋە بۇلارغا ئائىت ئىشلار مەزگىلسىز ئۆگۈتۈلسە ئۇلارنىڭ ئىنسانلىق خاراكتېرى بۇرمىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.

# ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلۇق

## 1. ئۇيغۇرلار ئامېرىكىلىقلاردىن نېمىلەرنى ئۆگەندى؟

ئۇيغۇردا «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە»، «يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىسىۋال» دېگەندەك ماقاللار بار. بۇلاردا ئىنسانىنىڭ مۇھىتقا ماسلىشىپ ياشىشى تەكىتلەنگەن. مەن ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكا مۇھىتىغا ماسلىشىپ نېمىلەرنى قوبۇل قىلغانلىقىغا ئالدى بىلەن دىققەت قىلدىم. بىرىنچى بولۇپ ئۇچراتقىنىم بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ ئۆزى يېقىن ئۆتىدىغان بىر پروفېسسورنىڭ تېلېفون نومۇرىنى «خەت يېزىپ ئۆزىدىن سوراڭ» دەپ ئېيتىپ بەرمەسلىكى بولدى. بۇنىڭغا ھەيران قېلىپ تۇراتتىم، بىر ئۇيغۇر قېرىندىشىمىز مېنىڭ تېلېفون نومۇرۇمنى مەن تونۇيدىغان بىرەيلەنگە دەپ بەرسە بولۇدۇغان ياكى بولمايدىغانلىقى سوراپ تېلېفون قىلىپتۇ. ئۇنىدىن كېيىن مەن باشقا ئۇيغۇر بۇرادەرلەرنىڭ بۇنداق ئىجازەت سورۇغانلىرىنى كۆپ كۆردۇم. شۇنچە ياشاپ كىشىنىڭ تېلېفون نومۇرى، ئېلخەت ئادرېسى، پوچتا ئادرېسى، تۇغۇلغان كۈنى، شەخسى پىلانى قاتارلىقلارنى بىلگەن بىرىنىڭ بۇلارنى يەنە بىرسىگە دەپ بەرگىنىنى ئۇچراتمىدىم. ھەتتا بىر ئۇيغۇر چوكاننىڭ شىتاتلىق كىملىكىنى كۆرۈپ باقاي دەپ تاشلىغىنىم ئۈچۈن بەك خىجىل بولدۇم ۋە ئەپۇ سورۇدۇم. ئامېرىكىدا مۇناسىۋەتلىك ئورگانلاردىن باشقا كىشىلەر بىر-بىرىنىڭ كىملىكلىرىنى كۆرمەيدىكەن. ۋەتەندە كىشىنىڭ دەخلىسىز شەخسىيىتى، مۇقەددەس مەخپىيىتى، ھوقۇقى دېگەن گەپ يوق بولغاچقا ئۆزىمىزگىلا تەۋە ئۇچۇرلار قەشقەر ۋە خوتەننىڭ ئاسمىنىدىكى تۇماندەك دائىم ھاۋادا لەيلەپ يۈرۈيدىكەن. ئامېرىكىدىكى كۈنلەردە بىر قانچە

قېتىم ۋەتەندىكى مەن ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەرنىڭ تېلېفونىنى قوبۇل قىلدىم. ئەلۋەتتە، پەقەت بىلىشمەيدىغان كىشىلەردىن كېلىدىغان ئېلخەتلەردىن سۆيۈندۈم ـ يۇ، مېنىڭ شەخسىي ئادرىسىمنى ۋە تېلېفون نومۇرۇمنى دەپ بەرگەنلەرنىڭ ماڭا خەۋەرمۇ قىلىپ قويمىغىنىدىن تەئەججۈپلەندىم. ئامېرىكىلىقلار ئادەتتە بىرەر كۈن پاراڭلاشسىڭىزمۇ تېلېفون نومۇرىڭىزنى سورىمايدىكەن، بەزىلىرىدىن سورىسىڭىز دەپ بەرگەن بىلەن تېلېفون قىلسىڭىز جاۋاب بەرمەيدىكەن. مېنىڭ تېلېفون نومۇرۇمنى مۇسۇلمان بۇرادەرلەر كۆرۈشە-كۆرۈشمەيلا سوراشتى، ھەم ئۆزلىرىنىڭ ھەتتا يېقىن دوستلىرىنىڭكىنىمۇ قوشۇپ دەپ بېرىشتى. قارىغاندا ئامېرىكىدىكى مۇساپىر مۇسۇلمانلار بىز ئۇيغۇردىن جىق پەرقلەنمىسە كېرەك.

ئىككىنچى بولۇپ ئۇچراتقىنىم ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇرۇشقا غىزا كۆتۈرۈشى بولدى. مەيلى ئەر بولسۇن ئايال بولسۇن، بىرسى مېھمانغا چاقىرسا يا تاماق ئېتىپ بارىدىكەنمىز، ياكى تورت ئېتىپ (چۈنكى ئامېرىكىدا تاماقتىن كېيىن تاتلىق تۈرۈم ياكى تورت يېيىش ئادەتكەن)، پەقەت بولمىغاندا بىرەر سالات ئېتىپ بېرىش ياكى مۇزقايماق ئېلىپ بېرىش يوسۇنغا ئايلانغانىكەن. ئادەتتە ئامېرىكىلىقلار مېھمانغا چاقىرسا بىر نەرسە كۆتۈرۈپ كېلىش ياكى كەلمەسلىكنى ئالاھىدە تاپىلايدىكەن، بۇلار دېيىلمىگەن تەقدىردە ئۆزىمىز سورايدىكەنمىز ياكى سورىمايلا «داستىخان قىلىپ » بارىدىغان گەپكەن. ئامېرىكىلىقلاردىن ئۇيغۇرلار مېھمانغا تاماق كۆتۈرمەي بارماسلىقنى ئۆگەنگەن بىلەن ئامېرىكىلىقلار ئۇيغۇردىن مېھمانغا ئۆيدە بارنى ئاتايدىغان مەردلىك، مېھماندوستلۇق ۋە سېخىيلىقنى ئۆگەنمەپتۇ. ھەتتا بىزنىڭ تۈرك ئاغىنىلەرمۇ داستىخاننى بىزدەك مول راسلىمايدىكەن. مەن ئامېرىكىدا ئۇيغۇرنىڭ داستىخىنىدەك مول داستىخاننى كۆرۈپ باقمىدىم. قىزىق يېرى يەيدىغان نەرسە قۇرۇغدىلىپ ئۇيان-بۇيان قاراپ قالسىڭىزمۇ، ئامېرىكىلىق ساھىبخان سىز سورىمىغۇچە ئالدىڭىزغا مەزە قوياي دېمەيدىكەن.

ئۈچىنچى بولۇپ ئۇچراتقىنىم، ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئايالىنى، بالىسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى. ئامېرىكىدىكى بىر ئۇيغۇر ئالىمنىڭ ئۆزىگە مۇھىم بولغان ھاياتىدىكى تەركىبلەرنى ساناپ ئايالى ۋە بالىسىنى

بىرىنچى ئورۇنغا تىزغىنىنى كۆرگەنتىم . يېقىندا بىر ئاغىنەمنىڭ ئايالى «ئامېرىكىدا ئايالى ۋە بالىسىغا مەسئۇل بولمىغان ئەرنى خەقلەر ياخشى كۆرمەيدۇ، ھەر قانداق قارار چىقارغاندا ئالدى بىلەن ئايال ۋە بالىسىنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلىشىش مۇھىم» دەپ چۈشەنچە بەردى. بىر كۈنى بىر تۈرك دوستۇم ئەرلەرنىڭ يىغلىشىغا چاقىرغانىدى. ئۆيدىن چىقاي دەپ تۇرسام بالام يىغلاپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ ئاتايىن ئالدىمغا ماشىنا ئېلىپ كەلگەن دوستۇم «ئامېرىكىدا ئائىلە مۇھىم، ئابى (ئاكا)، بىز دېگەن بىر كۈنى بولمىسا يەنە بىر كۈنى يەنە كۆرۈشىمىز بالاڭنى يىغلاتما» دەپ كېتىپ قالدى. شۇندىن كېيىن مەن ئۇيغۇر تونۇشلارنىڭ بالىلىرىنى ئۇيغۇر تىلى مەكتىپىگە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئولتۇرۇشلارنى چىرايلىقچە رەت قىلغىنىنى كۆردۈم. بىر دوستىمىز يېڭى يىل ھارپىسى كۈنى قىزىغا كوچىدا ناخشا ئېيتىۋاتقانلارنىڭ گىتارىنى چالغۇزىمەن دەپ بىر مۇنچە پۇل خەجلىدى. ئۇرۇمچىدە راۋاپ چېلىپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقانلارنىڭ سازىغا قىزىم ھەرقانچە ھەۋەس قىلسىمۇ بەلكىم سىلاتقۇزۇشتىنىمۇ نومۇس قىلغان بولاتتىم. ئامېرىكىدىكى گىتار بىلەن ناخشا ئېيتىپ جان باقىدىغان تىلەمچى بىر ئۇيغۇرنىڭ ئەتىۋارلىق بىر تاللا قىزى بىلەن ناخشا ئېيتتى ۋە بىرمۇنچە پۇل تاپتى. ئۇيغۇر قىزى كوچىدا تىلەمچى بىلەن ناخشا تووۋلاشتىن، گىتار چېلىپ پۇل تېپىشتىن كەمسىنمىدى. ئۇيغۇر ئانا قىزى خالىغانلىقى ئۈچۈنلا چاچلىرى قالايمىقان، كىيىملىرى كونىراپ كەتكەن سازەندىلەرنىڭ ئارىسىغا قىزى ئۈچۈن قىستىلىپ مەدەت بەردى.

تۆتىنچى بولۇپ ئۇچراتقىنىم ھەممە ئىشنى ئالدىن پىلانلاش ۋە رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇش. مەن ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن بىزنىڭ بىرقانچە ئاغىنە ۋە تونۇش «ساڭا كېلەر ھەپتىنىڭ پۈستانى كۈنى تېلېفۇن قىلىمىز، ئىككى ئايدىن كېيىنكى ماۋۇ كۈندە بىزنىڭ ئۆيگە كېلەلەمسەن» دېگەندەك مەزمۇندا خەتلەرنى يېزىشتى. دەسلەپ بۇ گەپ سەل غەلىتە تۇيۇلدى، كېيىن بارا- بارا كۆنۈپ كەتتىم.

دىققەت قىلسام بۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئادىتىكەن. ئوقۇتقۇچىڭىز سىزگە بىر ئىش تاپىلىماقچى ياكى ئورۇنلاشتۇرماقچى بولسا «كالېندارىڭىزغا قاراپ باق، جەدۋىلىڭىزگە قوشۇپ قوي پۇستانى كۈنى پالان ئىش بار» دەپ بىر قانچە ئاي بۇرۇن دەيدىكەن. بىر ئاغىنەمنىڭ دەپ بېرىشىچە ئۇ ھەممە ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ كومپيۇتېر ۋە تېلېفونغا كىرگۈزىۋېتىدىكەن، ھەتتا ۋاقت جەدۋىلىگە كىمگە ياق، كىمگە ھەئە دەيدىغانلىقىدىن تارتىپ ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىدىكەن. بۇ ئاغىنەم بىر جۈمە كۈنى لېكسىيە بېرىۋاتقاندا كومپيۇتېرى چېتىقلىق سىنىپتىكى چوڭ ئېكرانغا «جۈمەگە بېرىشقا مانچىلىك ۋاقتىڭ بار» دېگەن خەت چىقىۋېلىپ ھەممە ئوقۇغۇچىنى كۈلدۈرىۋېتىپتۇ.

بەشىنچى بولۇپ ئۇچراتقىنىم چېنىقىش ئادىتى. دەسلەپ كەلگەن كۈنلىرىمدە بىر دوستۇمنى كۆرۈپ ھەيران قالغانتىم. يېشىمىزنىڭ تەڭ بولۇشىغا قارىماي ئۇنىڭ شۇنچە ساغلام ۋە چاققان قەدەملىرى بىلەن تېكىدەك يېنىك يۈرۈشلىرى مېنى تاڭ قالدۇرغان ئىدى. يېقىندا بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىدىمۇ چېنىقىش ئۈسكۈنىسىنى كۆردۈم. ئۆزىنىڭ ئايرىم، ئائىلىنىڭ ئايرىم سايمانلىرى باركەن. ئېنىق ۋاقت بەلگىلەپ ئۆيدە مېھمان بولسۇن بولمىسۇن چېنىقىشنى قولدىن بەرمەيدىكەن.

يۇقارقىلار مېنىڭ بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ئۇچراتقانلىرىم. بۇلارنىڭ ئالاھىدە كۆزۈمگە تاشلىنىشىدىكى سەۋەپ، مەن 30 نەچچە يىل ياشىغان ئۇيغۇر جەمىيىتىدە بۇنداق ھادىسىلەردىن بەزىلىرىنىڭ بىزدىكىدىن پەرقلىنىدىغانلىقى، بەزىلىرىنىڭ ئادەتكە ئايلانمىغانلىقى ھەتتا بەزىلىرىنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىدىن بولغان. بۇلارنى ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۆگىنىۋالايلى دەپ باش قوشۇپ ئۆزلەشتۈرگەن ئەمەس ياكى مەلۇم بىر يازغۇچى كىتاپ يېزىپ تەشەببۇس قىلغانمۇ ئەمەس. پەقەت مۇھىتتا شۇ ئادەت ھەممە كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىدە ئىپادىلەنگەچكە شۇنىڭغا كۆنگەن گەپ. مۇشۇلارغا قاراپ بەزىلەرنىڭ «ئىلغار مىللەتلەرنىڭ ئۇنداق پەزىلەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرەيلى، تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ بۇنداق ئادەتلىرىنى ئەينەك قىلىشىمىز كېرەك. باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار ئەخلاقىنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىپ مىللىتىمىزدىكى ئىللەتلەرنى تۈگىتىشىمىز كېرەك...» دېگەندەك

گەپلىرى تولىمۇ كۆلكىلىك تۇيۇلىدى. ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، قائىدە-يوسۇنى مۇھىتىنىڭ مەھسۇلى. ئاتالمىش ئالغا كەتكەن مىللەتلەر بىز تەلپۈنگەن «ئىلغارلىق، تەرەققىيلىق» لارنى ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلىپ بېكىتىپ چىققان ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئىگىلىك شارائىتى، ئىقتىسادى تەرەققىيات ئەھۋالى، سىياسى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تۈرتكىسىدە تەدرىجى شەكىللەنگەن. شۇڭا خەقنىڭ ئاتالمىش ئىلغارلىقىنى كېچە-كۈندۈز ناخشا قوشاق قوشۇپ مەدھىيىلىسەكمۇ، بىكار تۇرماي يىغىن ئېچىپ ئاممىنى سەپەرۋەر قىلساقمۇ ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، تۈركىيە تۈركلىرىدىكى پاكىزلىقنى ئۈگۈنۈش ئۈچۈن ھېچبولمىغاندا ئەۋرەز ئەسلىھەسى (پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش يوللىرى) تۈركىيەدىكىدەك ئومۇملاشقان بولۇشى كېرەك. تۈركلەردىكى جەسۇرلۇقنى ئۈگۈنۈش ئۈچۈن ئۇلاردەك ئىنسانغا قۇل بولمىغان تارىخى رېئاللىقتا، ئاچچىقى كەلسە كوچىغا تۆۋلىشىپ چىقىپ نامايىش قىلالايدىغان دېموكراتىك رېئاللىقتا ئىگە بولۇش كېرەك. ئامېرىكىلىقلاردىن يوقارقىلارنى ئۆگەنگەن ئۇيغۇرلار ۋەتەنگە قايتسا بىرەر ئايغا قالمايلا ئۇنداق خىسلەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى يوقاتماي قالمايدۇ. بۇ خۇددى ۋەتىنىدە ساختىلىقتا نەپرەتلىنىدىغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ جۇڭگودا قاچاق (ئوغۇرلۇقچە كۆچۈرۈلگەن) سىنتەخسىلەرنى باشقا جۇڭگولۇقلارغا ئوخشاشلا تالىشىپ سېتىۋالغاندەك گەپ.

## 2. ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلۇقنىڭ مەنىسى

مەن ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكا مۇھىتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلۇقنىڭ قايسى تەركىبلىرىدىن ۋاز كېچىپ، قايسى تەركىپلىرىنى ساقلاپ قالغانلىقىغا بەكرەك دىققەت قىلدىم. بولۇپمۇ سىنتەبىر ۋەقەسى سەۋەپلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكىدا ئۇيغۇرلۇقنىڭ مۇسۇلمانلىقتىن ئىبارەت بۇ مېغىزىغا قانداق يۈزلەنگەنلىكىگە بەكرەك

قىزىقتىم. ئالدى بىلەن ئامېرىكىلىقلا تەگكەن ئىككى ئۇيغۇر ئايالنى ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى دىنىمىزنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولۇپتۇ، ھەتتا بىرسى ئىسمىنى توي قىلغاندىن كېيىن ياقۇپجانغا ئۆزگەرتىپتۇ. دېمەك، بۇ ئۇيغۇر قىزلار ئۇيغۇر ئېرىدىن ئاجرىشىپ ئامېرىكىلىقلا توي قىلغان بىلەن ئۇيغۇرلۇقىنىڭ مېغىزىدىن ۋاز كەچمەپتۇ. مەن بۇلارنىڭ ھەرقانداق چىقىمغا قارىماي بالىلىرىنى ۋەتەنگە ئەۋەتىپ ئۇيغۇرچە ئوگۇتۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. بىرەيلەننىڭ ۋەتەنگە بېرىپ كەلگەن بالىسى بىلەن پاراڭلىشىپمۇ باقتىم. بۇ قىزچاق ئۇيغۇرلاردىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىق مېھرىدىن بەك تەسىرلەنگەنلىكىنى، ئامېرىكىدا تۇققانلار ئارا مۇنداق مۇھەببەتنىڭ يوقلۇقىنى ماڭا ئۇيغۇرچە دەپ بەردى.

يېقىندا 92-يىلىدىن بۇيان كۆرۈشۈپ باقمىغان بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا باردىم. يۈز كۆرۈشمىگىلى 20 يىلغا تاقاپ قالغان بولسىمۇ يۈرەكلەردىكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنى يادلاپ يۈرگەن چاغلاردا باغلانغان رىشتە قايتا يېڭىلىنىپ بىزنى تەبىئىي يېقىنلاشتۇردى. بىر كۈنى ئەتىگىنى ئاغىنىمىزنىڭ مالايسىيىلىك قوشنىسى تاماق كىرگۈزۈپتۇ. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرنىڭ قوشنىلىرىغا تاماق سۇنىدىغان ئادىتىنىڭ دوستۇم ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرسۆيەر ئايالىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئامېرىكىدا داۋام قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ تەسىرلەندىم، ۋە ھىندىستانلىق قوشنامغا تاماق سۇنۇپ ئۇيغۇرلۇقۇمنى تونۇتمىغىنىمدىن ئۆكۈندۈم. ئاغىنەمنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ ئامېرىكىغا كېلىشتىن بۇرۇن خىزمەت ۋە جەمىيەتنىڭ زورلىشى سەۋەبلىك ھاراق ئىچەتتىكەن. ئامېرىكىدا ئۇنداق ھارامالاردىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈپتۇ. «ئۇيغۇرنى دۇنيا مۇسۇلمان دەپ بىلىدۇ. مەن ئۇيغۇرنىڭ بىر ئاڭلىق زىيالىيسى تۇرۇپ ئامېرىكىغا كېلىپ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان پۇرسەتنى هاراققا يەم قىلىۋەتسەم، مىللەت ھەققىدە خەقتە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلسام بولمايدۇ. ھازىر نەگە بارماي كەينىگە [ئۇيغۇر] دېگەن خەت يېزىلغان كۆينەك، مايكىلارنى كېيىپ بارىمەن. فرانسىيىگە يىغىنغا باردىم، خەق داڭلىغان ئۈزۈم هاراقلىرىغا يېقىن كەلمىدىم. گېرمانىيىگە ئىلمىي سۆھبەت ئۈچۈن باردىم، ئۇلارنىڭ داڭلىق پىۋىسى خىيالىمدىن يىراق بولدى. ھازىر مېنىڭ خىزمەتداشلىرىمنىڭ

ھەممىسى مېنىڭ مۇسۇلمانلىقىمنى بىلىدۇ ۋە ھەرۋاقىت ھۆرمەت قىلىدۇ. مەن ۋەتەندە كۆپ پۇل تاپقان لېكىن بىر كۈنلۈك ئىشنى بىر ھەپتىلىك دەپ ھەق ئېلىشقا مەجبۇر ئىدىم. چۈنكى تاپىدىغىنىمىز ھۆكۈمەتنىڭ پۇلى بولغاچقا شۇنداق دەپ پۇلنى جىق يازدۇرمىساق بىزگە ئىش تاپشۇرغان باشلىقىقا «تۇزۇك» بىر نەرسە ئاشمايتتى. ھازىر ئۇنداق جىق پۇل تاپمايمەن ئەمما ھارامدىن كۆپ پۇل تېپىپ ۋىجدانىمنى ئازاپلىغىچە ھالال تېپىپ خەجلىسەم كۆڭلۈم توق بولىدۇكەن، خەجلىگەننىڭمۇ بەرىكىتى بولىدۇكەن. ھازىرغىچە ئامېرىكىغا كېلىمەن دېگەن ئۇيغۇر باللارغا ياردەم قىلىپ كەلدىم. خېلى باللارغا چاقىرىق ئەۋەتكۈزۈپ بەردىم، لېكىن ئۇلارنىڭ 50 دوللار تىزىملىتىش ھەققىنى مەن تۆلىۋەتتىم. ئاتا بوۋىلىرىمىز «قول قولنى يۇسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيىدۇ» دېگەنىكەن. ئۇلار ئامېرىكىغا كېلەلمىگەن تەقدىردىمۇ ياخشىلىقىمدىن تەسىرلىنىپ مۆرتى كەلگەندە يەنە بىر ئۇيغۇرغا ياخشىلىق قىلغۇدەك ئويغا كېلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. ھازىرغىچە تۆت بالىنى يېتەكلەپ ئېلىپ چىقتىم. دوكتورلۇقنى تۈگۈتۈپ خىزمەتنى ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن تاپاي دەپ بەك ئىزدەندىم. ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ مۇئاشى شىركەتلەرنىڭكىدەك يوقۇرى بولمىغان بىلەن ئۇيغۇر باللارنى ماگىستىرلىققا، دوكتورلۇققا قوبۇل قىلىپ ياردەم قىلغىلى بولاتتى. ئۇمۇ بولۇپ قالار...» ئاغىنەم بىلەن شۇ كۈنى سائەت ئۇچكىچە مۇڭداشتۇق. ئامېرىكىغا كەلگىنىگە ئالتە يىلغا يېقىنلاشقان، ھاياتنى ئوقۇش، ئوقۇتۇش ۋە يېتەكلەش بىلەن ئۆتكۈزگەن مەسلەكدىشىمنىڭ جاھانغا، ئىنسانغا، ھادىسىلەرگە بەرگەن باھالىرىدىن ئۇيغۇرنىڭ ئاق كۆڭۈللىكى، كەڭ قورساقلىقى، مەردلىكى، پىداكارلىقى ۋە سەممىي ئېتىقادى بالقىپ تۇراتتى. ئۆيىدە ئىككى يېرىم كۈن تۇردۇق، دالا تاماقلىرى يېدۇق، مۇزېيلارنى ئايلاندۇق. بۇ جەرياندا مەن ئۆزەمنى ئامېرىكىدا ئەمەس قەشقەردىكى، غۇلجىدىكى، خوتەندىكى، چۆچەكتىكى قايسى بىر ئۇيغۇر تۇغقىنىمنىڭ ياكى ئاكا-ئىنىلىرىمنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقاندەك شۇ قەدەر ئۆز، ئازادە ھېس قىلدىم.

«ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» دەك ياراشقان بۇ بىر جۈپ ئۇيغۇر ئامېرىكىدا ياشىغانلىق سەۋەبلىك ئۇيغۇرلۇقنىڭ ھېچقايسى تەركىبىدىن چەتنىمەپتۇ، ۋاز كەچمەپتۇ، بەلكى ئۇيغۇرلۇقنىڭ بارلىق تەركىبلىرىنى قوشنا-قولۇم ۋە باشقا ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپتۇ . ئۆزىدە جۇغلانغان ئۇيغۇرلۇق خىسلەتلىرى بىلەن قوشنىلىرىنىڭ سۆيگۈسىگە نائىل بولۇپتۇ. بىز خوشلىشىدىغان چاغدا قىزى بىچارە قىزىمدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. قىزىنى بەزلەپ كۆتۈرۈۋالغان ئاغىنەمنىڭ دۈمبىسىگە «ئۇيغۇر» دېگەن خەت يېزىقلىق مايكا كەيگەن تۇرىقى كۆز ئالدىمغا كەلسىلا ئۇنىڭ «دائىم مۇشۇنداق ئۇيغۇر دەپ خەت بېسىلغان مايكىلارنى كىيىپ يۈرىمەن. ھازىر دېگەن ھەممە ئادەم تېلېفۇن بىلەن تورغا كىرەلەيدۇ. مۇشۇ ئۇيغۇر دېگەن خەتنى بىر كۈندە ئون ئادەم كۆرسە كەم دېگەندە بىرى سىكۇنت ئىچىدە ئۇيغۇرغا ئائىت ئۇچۇرنى توردىن ئىزدىشى، ئۇيغۇرنى چۈشىنىشكە تىرىششى مۇمكىن...» دېگەنلىرى قۇلاق تۈۋىمدە ياڭرايدۇ. ئۇنىڭچە، ئامېرىكىدا ئۇيغۇرلۇقنىڭ مەنىسى ئۇيغۇرلۇقنىڭ بارلىق تەركىبلىرى ئىچىدە مەجھۇل، پاسسىپ ياشاشلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلۇقنى ئۇيغۇرچە پىداكارلىق، خالىسلىق، خۇش پېئىللىق ۋە باشقا پەزىلەتلەر بىلەن نۇرلاندۇرۇشتۇر.

# ئامېرىكىدىكى تۈرك دوستلۇرۇم

## 1. بازارىمىز بىر، مازارىمىز بىر

ــ نېمىشقا يىغلىپ قالدۇق؟

ئامېرىكىغا كەلمەستە يازغۇچى مالىك كېۋىرنىڭ 11-سىنتەبىر ۋەقەسىدە ۋاپات بولغان ئۇيغۇر قىزى ھەققىدە يازغان خاتىرىسىنى ئوقۇغان ئىدىم. بۇ قىز ئەسلى ئۆزبەكىستان ئۇيغۇرلىرىدىن بولۇپ نىيويوركتىكى قوشماق بىنانىڭ ئەتراپىدا كىرخانا ئاچىدىكەندۇق. قىز پاجىيەگە ئۇچراپ قازا قىلغاندىن كېيىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئائىلىسىگە ئامېرىكىدا ئولتۇراقلىشىش ھوقۇقى بېرىپتۇ. باغرى قان ئاتا ئانا قىزىنىڭ جەسىدىنى نىيويوركتىكى تۈركلەر قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىپتۇ. ۋەتەنسىزلىك، ئامالسىزلىق، غېرىپلىقنىڭ ئازابىنى بىر ئۆمۈر تارتقان ئوتتۇرا ئاسىيا كۆچمەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ سەرگەردان ئەۋلادى ئانا تۇپراقنى قۇچاقلاپ ياتالماي يات يەرلەردە قاپتۇ. رەببىمىزگە ھەمدلەر بولسۇنكى، قانداقلا بولمىسۇن شۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يېنىدا يېتىپتۇ. ۋەتەندىكى چېغىمدا ماڭا بۇ گەپ بەك تەسىر قىلغان ئىدى. دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىغا ئىگە بولغان تۈرك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ جەسىدىمىزگىمۇ ئارامجاي بېرىشى مېنى ھاياجانغا سالغان ئىدى. شۇ چاغلاردا مالايسىيەدىن بىرسى كېلىپ يېنىمدا بىرەر ھەپتە تۇردى. بىزنىڭ باشقا بىر ئاغىنە بالا ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىكى تۈركچە ئامىلغا دىققەت قىلىپتۇ. مەن قارىسامۇ بۇ بۇرادەرنىڭ گېپى بىر قارىسا تۈركىيە تۈركچىسىدەك تەسىر بېرەتتى. سەۋەبىنى سورۇسام مالايسىيەگە ئورۇنلۇشۇپ قالغان بىر تۈرك كىشىنىڭ شىركىتىدە ئىشلەيدىكەن. تېخىمۇ قىزىق يېرى بۇ تۈرك كىشى

بىلەن تۈركىيەدە بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىدە ئۇچرۇشۇپ قالدىم. ئالدىغا كەلگەن ئۇيغۇر بالىلىرىغا ياخشى مەسلىھەت ۋە مەدەتلەرنى بېرىپ تۇرۇۋېتىپتۇ. ھەتتا كورىيەدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر بالىلارنىڭ تۈركىيە تۈركچىسىنى ياخشى بىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم، مەسجىدىمىز، ھېيت بايراملىرىمىز، مەدەنىيىتىمىزدىكى ئورتاقلىق دۇنيانىڭ قايەرىگە بارايلى بىزنى ماگنىتتەك بىر بىرىمىزگە يېپىشتۇرۇپ تۇراتتى. ئەلۋەتتە، سەۋەپ بولا ئەمەس. بۈگۈنكى دۇنيادا ھەر قانداق ئورتاقلىق ۋە بىرلىك مائارىپسىز، مەقسەدلىك تەربىيىسىز كۈچلىنەلمەيدۇ.

ۋەتەن سىرتىدىكى ئانا تىل ئوقۇتۇشى ھەققىدە ئىزدەنگەن چېغىمدىمۇ ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيەلەردىكى ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتەپلىرىنىڭ شۇ يەرلەردىكى تۈرك مەكتەپلىرى ۋە مەدەنىيەت (كۈلتۈر) مەركەزلىرىدە تەسىس قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. ھەرقانداق ئىشنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىش ئادىتىم بولۇپ قالغانمۇ قانداق تۈركىيەگە بارغاندا بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ كۆرۈشنى نىيەت قىلغان ئىدىم. 2005- يىلى تەلىيىمگە تۈرلۈك ئىمتىھان ۋە تاللاشلاردىن ئۆتۈپ زىيارەتچى تەتقىقاتچى سالاھىيىتىدە ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىگە ئەۋەتىلدىم. تەكشۈرۈشۈمچە تۈركىيە ئاساس مائارىپىنىڭ تارىخ ۋە ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدە ئۇيغۇرلارغا ئائىت مەلۇماتلار بېرىلىدىكەن. تارىخ دەرسىدىكى مەلۇمات بىر قەدەر تەپسىلى بولۇپ دىيارىمىزنىڭ تارىخى تاكى ياقۇپ بەگنىڭ قەشقەرىيە دەۋلىتى يېقىلغانغا قەدەر ئۆتۈلىدۇكەن. ئەدەبىيات دەرسلىكىدە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىن پارچىلار ئۆتۈلۈشكە باشلاپ تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 3- يىللىقىدا ناۋايىغىچە ئۆتۈلىدىكەن. ئالى مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىگە ۋە ھەرقانداق كەسپكە زۆرۈر دەرسلىك بولغان «تۈركچە» (بىزدىكى ئالى مەكتەپ تىل ئەدەبىياتىغا تەڭ كېلىدۇ) دەرسلىككە «دىۋان» دىن پارچىلار ۋە «قۇتادغۇبىلىك» تىن نەمۇنىلەر بېرىلىدىكەن. دېمەك بىر تۈرك ئوقۇغۇچى مەكتەپ يۈزى كۆرگەنلا بولسا ئۇيغۇرلار ۋە دىيارىمىز ھەققىدە مەلۇماتلىق بولماي قالمايدىكەن. ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئوقۇغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئېسىمىزدە قالمىغاندەك ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسى ھەممە كىشىنىڭ ئېسىدە قالماسلىقى تەبىئى ئىش. دېمەك، تۈركلەر بىلەن بىزنىڭ دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە ھېچ بىر مەنپەئەت ۋە سىياسىنىڭ مەجبۇرلىشى

ياكى قىزنىڭ تۇرمۇشى بىر ئاراغا يىغىلىپ قېلىشىمىز، تىرىكلىكىمىزدە بازارىمىزنىڭ، ئۆلسەك مازارىمىزنىڭ بىر بولۇشى يۇقارقى ئامىللارغا باغلىق ئىكەن.

## 2. ئامېرىكىدا ئۇيغۇرچە ئۆگەنگەن ئۇيغۇر قىزى

2009-يىلى تومۇزدىن كېيىن ئۇيغۇر دىيارىدا چەتئەلگە يۈزلىنىش تېخىمۇ تەخىرسىز تاللاش بولدىمۇ قانداق ياۋروپا، تۈركىيە ۋە باشقا دۆلەتلەرگە كېلىدىغان ئادەم كۆپەرەك بولدى. بۇ يەردە كۆپ بولدى، دېگىنىم بۇرۇن ئۇيغۇرلاردىن يىلىغا بىرەر يۈزگىمۇ يەتمىگەن كىشى چەتئەلگە چىققان بولسا هازىر بۇ سان بىراقلا 150 بولۇپ كەتتى دېگەنلىك. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەلگە بەك جىق چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئۇيغۇردەك جوڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىدىلا نوپۇسى ئون مىليوندىن ئاشىدىغان مىللەتكە بۇ سان تولىمۇ ئاز. مۆرتى كەلگەندە شۇنى دەپ قويۇش كېرەككى، ئۇيغۇر ۋەتىنىدىن چەتئەلگە يەنى ياۋرۇ-ئامېرىكىغا كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئوتتۇرا ئاسىيادىن بۇ يەرلەرگە كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانىدىن يەنىلا ئاز. بۇنى باشقا قوشنا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرساق پەۋقۇلاددە ئاز. مېنىڭ ئېنىق بىلىدىغىنىم، ئامېرىكىدا موڭغۇلىيەدىن كەلگەن موڭغۇللار 20 مىڭدىن ئاشىدىكەن. موڭغۇلىيەدىكى موڭغۇللارنىڭ نوپۇسى 2.9 مىليون. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا «چەتئەل قىزغىنلىقى قوزغۇلۇپ كەتتى، چەتئەلگە تەلپۈنۈش ئەۋج ئالدى» دېيىش بالدۇرلۇق قىلىدۇ. گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، شۇ يىلى نەچچە ئۇيغۇرنىڭ بىرى بولۇپ بىر ئۇيغۇر قىزى قوشنا شىتاتقا ئوقۇشقا كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي كۆرۈشتۇق. سىڭلىمىز بىزنى كۆرۈپ بەك هاجانلاندىمۇ، يا شۇ چاغلار يىغا زارە دەۋرى بولغاچقىمۇ، يىغلىشىپ كەتتۇق. ئۇيغۇرچە تاماق، ئۇيغۇرچە چاخچاق مۇساپىرلىقىمىزنى ۋە غەم غۇسسىلىرىمىزنى بىر پەس بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇردى. كۆڭلۈمنى يېرىم قىلغان بىر ئىش ساھىپخانغا قاچا يۇيۇشۇپ

بىرىۋاتقان سىڭلىمىزنىڭ تولۇق خەنزۇچە سۆزلىشى بولدى. داستىخاندا بىللە بولغاندا ئەجەپ كەمسۆز قىزكەن دەپ ئويلىغانتىم. ئەسلى كەمسۆز-كەمزۇۋان ئەمەس خەنزۇۋان ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ساھىپخان بىلەن قىلىشۋاتقان گەپلەردىن ئۈنچىۋالا كەمسۆزلۈك ئەكس ئەتمەيتتى. ئىچىمدە خەنزۇۋان قىزدىن ۋە ئۇيغۇرچە ئوقۇغان ساھىپخاندىن ئەپسۇسلاندىم، ماڭا ئۇ كۆڭلەردە ئىككى ئۇيغۇرنىڭ خەنچە سۆزلىشىشى «ئۇيغۇر!، ئۇيغۇر!، ئۇيغۇر!» دەپ بوغۇلغان ئۈنلەر، تۆكۈلگەن ياشلارغا قىلىنغان خىيانەت بولۇپ تۇيۇلماقتا ئىدى.

مۇڭدۇشۇپ ئولتۇرۇپ بىلدىمكى بۇ قىز راستىنلا خەنسۇچە ئوقۇغانىكەن. دادىسى دوختۇر، باي بولغاچقا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈشىگىلا ۋاستىچى شىركەتلەرگە نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ئامېرىكىغا يولغا ساپتۇ. مەكتەپكە كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە خەنسۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئىزدەپ ۋەتەن سېغىنچىنى بېسىپ يۈرۈپتۇ. ئۆزى تۇرۇۋاتقان مەكتەپتىكى ئۇيغۇر بالىنى بولسا ئىزدەپمۇ قويماپتۇ. بىر تۈرك قىز جوڭگودىن بىر ئۇيغۇرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىزلەپ كىرگەن بولسىمۇ ئۇيغۇرچىسى راۋان بولمىغاچ ئالاقە قىلالماي قاپتۇ. ئەڭ قىزىق يېرى، تۈرك قىزنىڭ ئېنگىلىزچە «تىلىمىز ئوخشايدۇ، مەدەنىيىتىمىز بىر» دېگىنىگە، «تۈركچە دېگەن تۈركچە، ئۇيغۇرچە دېگەن ئۇيغۇرچە ئىككىسى ئوخشىمايدۇ. ئەگەر ئوخشايدۇ دېسە ئۇيغۇرچە خەنسۇچىغا ئوخشايدۇ، چۈنكى ئۇيغۇرچىدا نۇرغۇن خەنسۇچە سۆز بار. ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلار گەپ قىلسا 30% خەنسۇچە قوشۇپ سۆزلەيدۇ» دەپ چۈشەنچە بېرىپتۇ. ماڭا بۇلارنى خەنسۇچىلاپ تەبىئى دەپ بېرىۋاتقان مۇنۇ ئۇيغۇر قىزىغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم. تۇيۇقسىز ئېسىمگە مەن ئامېرىكىدىكى قايسى بىر شەھەردە ئۇچراتقان قازاقىستانلىق بىر قازاق قىزنىڭ «ئۇيغۇرچە بىلەن قازاقچە ئوخشايدۇ» دېگىنىمگە، «ئوخشىمايدۇ، قازاقچە دېگەن قازاقىستاننىڭ دۆلەت تىلى، ئۇيغۇرچە بىلەن مۇناسىۋىتى يوق» دېگىنى ئېسىمگە كەلدى. بۇ ئىككى قىزنىڭ ئورتاقلىقى قازاق قىز رۇسچە ئوقۇغان، ئۇيغۇر قىز خەنسۇچە. قازاق قىز قازاقچە ئاڭلاپ چۈشىنىدۇ سۆزلىيەلمەيدۇ، قازاقچە ناخشا ئوقۇمايدۇ ھەم ئاڭلىمايدۇ. مۇناسىۋىتى ئاساسەن روسلار ۋە رۇس تىللىقلار بىلەن. ئۇيغۇر قىزمۇ ئۇيغۇرچە ئاڭلاپ چۈشىنىدۇ، سۆزلىيەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقە قىلىشتىن قورقىدۇ. ئۇيغۇرچە مۇقام، ناخشا ئاڭلىمايدۇ. پەرقى ئانا تىلغا چولتا قازاقىستانلىق قازاق

قىز گۆشلەرنىڭ ھەممىنى ئايرىماي يەيدۇ. ئۇيغۇر قىز ھېلىقى گۆشتىن باشقىنى ھالال دەپ بىلىدۇ. قازاق قىز ئىككىنچى ئەۋلات روسزۇۋان، ئۇيغۇر قىز بىرىنچى ئەۋلات خەنزۇۋان. قارىغاندا بۇنداق يات زۇۋاندا ئوقۇغان بىرىنچى ئەۋلات تىلىدىن قېلىپ، ئىككىنچى ئەۋلات مۇسۇلمانلىقنىڭ شەكلەن بەلگىسى يىمەكلىك چەكلىمىسىدىنمۇ قالىدىغان گەپ ئوخشايدۇ.

ئاردا ئۇ سىڭىلىمىز بىلەن ئانچە مۇنچە كۆرۈشۈپ تۇردۇق، پاراڭلاردا مەن جاھىللارچە ئۇيغۇرچە سۆزلىدىم، شۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك، ماڭا بەك بىر ئېچىلىپ گەپ قىلىپ كەتمىدى. بىر مەزگىل ئۆتۈپ بۇ قىزنىڭ شەرقى ساھىلدىكى شەھەرلەرگە كەتكىنىدىن خەۋەر تاپتۇق. (بۇ رايونلاردا نوپۇس بىر قەدەر زىچ، ئىش تاپماقمۇ سەل ئاسان) ئاردىن بىر يىل ئالتە ئايلار ئۆتۈپ بىر كۈنى تۇيۇقسىز تېلىفون قىلىپتۇ. ئۇيغۇرچىسى شۇنداق راۋان. ھەيرانلىقتا قانداق قىلىپ ئانا تىلدا بۇنچە تېز ئىلگىرلىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سورۇدۇم. دېيىشىچە قىزچاقنىڭ شەرقى ساھىلدا تونۇشلىرى باركەن. ئۇلارنىڭ ياردىمىدە بىر تۈرك ئاشخانىسىدىن خىزمەت تېپىپتۇ. (ئامېرىكىدا ئاشخانىدا ئىشلەش ئەڭ مودا، پۇلنى جىق تاپقىلى بولۇدۇ. سەل چاققانراق بولسا ئاشپەزلىكنىمۇ ئۆگۈنۈپ بىر ھۈنەرلىك بولۇپ قالىدىغان گەپ. ئامېرىكا ئىقتىسادى كىرزىستىن تولۇق قۇتۇلالمايۋاتقان بۇ كۈنلەردە ئاشپەزلىك ئەڭ ئاسان ئىش تاپقىلى بولۇدىغان كەسىپ بولۇپ قالدى). ئاشخانىدا ئىشلەش جەريانىدا تۈرك قىزلار بىلەن بىر يىل بىرگە تۇرۇپ تۈركچە ئۆگۈنۈپتۇ. تۈركچىسى تولۇق چىققاندىن كېيىن بىر ئۇيغۇر ئاچاش بىلەن بىللە تۇرۇپ ئۇيغۇرچىسىنى پۇختىلاپتۇ. ياتاقتا ئۇيغۇرچىغا كىم بىر ئېغىز خەنچە ئارىلاشتۇرسا ئون دوللار جەرىمانە ئالىدىغانغا كېلىشىپتۇ. «تۈركچە بىلسە ئۇيغۇرچە شۇنداق ئاسانكەن، تۈركلەر بىزنى ئۆز مىللىتىدەكلا ياخشى كۆرىدىكەن. ئاشخانىدا شۇنداق كۆڭۈللۈك ئىشلەۋاتىمەن. بۇ يىل ئالى مەكتەپكە كىرەي دەپ ھازىرلىق قىلىۋاتىمەن. مەن ئامېرىكىغا كېلىپ ئەڭ خوش بولغىنىم تۈركلەرگە يولۇققىنىم ۋە ئۇلاردىن تىل ۋە ئىتىقاد ئۆگەنگىنىم

بولدى...» دەپ ھاياجانلىق ھېكايىلىرىنى مەن بىلەن ئورتاقلاشتى.

## 3. «Yaln□z De□ilsin»

ئامېرىكىغا كېلىشتىن بۇرۇن مەكتىپىمىزدىكى مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى، جوڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىغا خەت يېزىپ جاۋاپ ئالالمىغاندىن كېيىن تۈرك ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىغان خەت يازدىم. بىر كۈنگە قالمايلا جاۋاپ خەت كەلدى. مەكتەپكە كەلسەم چوقۇم ئىزدىشىمنى ئېيتىپتۇ. مەن سورۇغان مەكتەپكە دائىر سۇئاللارغا ئەستايىدىل جاۋاپ قايتتۇرۇپتۇ. مەكتەپكە كېلىپ باشقا ئىشلار بىلەن ئىزدەپ بولالمىدىم. ئارىدا ئېلخەتلىشىپ كۆرۈشىدىغانغا كېلىشتۇق. دېيىشكەن كۈنى ئولتۇرسام ئىشىك ئالدىمدا تۈركچە پاراڭلاشقان ئاۋاز ئاڭلىنىپ كەتتى قارىسام ئىككى تۈرك بالا. شۇ پاراڭلاشقانچە ھەپتە ئاخىرلىرىنى غېرىپلىقتىن خالى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدىم. شۇ يىلى تومۇزدىن كېيىن كۈنلەر مۇسۇبەتتە تولىمۇ تەستە ئۆتتى. تېلىپون يوق، تور يوق، باشتا غەم بار، چېرايلاردا قان يوق. مېڭىپ يۈرگەن بىلەن پۇت-قولدا جان يوق. شۇنداق كۈنلەردە تۈرك دوستلۇرۇم تېخىمۇ بەكرەك ھالىمغا يەتتى. بىر كۈنى باشقا شىتاتتىكى بىر ئۇنىۋېرسىتىتقا بىر ئۇيغۇرنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئۆزگۈر (ئەركىن مەنىسىدە) ماڭا تېلىپون قىلىپتۇ. ئۈچ سائەت ماشىنا ھەيدەپ مىنى ئۇ ئۇيغۇر قېرىندىشىمىز بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ كەلدى. يېڭى كەلگەن ئىككىلا ئۇيغۇر بۇ ياخشىلىقتىن تەسىرلەندۇق، يېڭى كەلگەن بولغاچ ئىككىلىمىزنىڭ ماشىنىسى يوق ئىدى. ئۇ قارا كۈنلەردە ئىككى ئۇيغۇرنىڭ تېپىشىپ قانغۇدەك يىغلىشۋىلىشىمۇ ئادەمنى باشقىچە يېنىكلىتەتتى. غەملەر تارالماي تۇرۇپ رامازان كەلدى. ھەپتىسىگە بىر قانچە قېتىم بىللە ئىپتارلاشتۇق. قۇربان ھېيتمۇ كەلدى. بىللە ناماز ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن قولۇمغا بىر خالتىنى تۇتقازدى. ئانىسى تۈركىيەدىن قۇربانلىق گۆشتىن ئەۋەتكەنىكەن. بىللە يەيلى دەپ يېرىمىنى ماڭا ئاتاپتۇ.

ئائىلەم كەلگەندىن كېيىن بېرىش كېلىشىمىز بارغانچە قويۇقلاشتى. بىر كۈنى بالام قەۋزىيىتى تۇتۇپ بىئارام بولۇپ كەتتى. ئەسلى ئۇ كۈنى يىغلىپ

پاراڭلىشىدىغان كۆنىمىز ئىدى. بالامنىڭ سالامەتلىكى يار بەرمىگەچكە بارالمايدىغانلىقىمىزنى دەپ ئۆزرە قويدۇق. بىر قانچىسى بالامنىڭ نېمە بولغانلىقىنى سوراشتى. ئەتىسى ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ تۆت دوستىمىزنىڭ بالىمىزغا ئالغان دورىسىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. تۆرك دوستلۇرۇمنىڭ ئۆيىدە سۆھبەت قىلىپ ئولتۇرۇپ بەزەن ئۆزەمنى قەشقەردىكى مەلۇم مەھەللىدە، خوتەن يا غۇلجىدىكى قايسى بىر كوچىدا مېھمان بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالىمەن. ماڭا ئەڭ ياقىدىغان بىر شەكىل تۆرك دوستلارنىڭ سۆھبەتلىرى. بۇ سۆھبەتلەر ھەپتىدە بىر ئۇيۇشتۇرۇلۇدۇ. بىللە يېمەك يەپ پاراڭلاشقاندىن كېيىن ھەممىمىز ياقتۇرغان بىر قانچە كىتاپنى مۇلاھىزە قىلغاچ بىللە ئوقۇيمىز. سۆھبەتكە كىچىك باللارمۇ ئىشتىراك قىلىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ سۇئاللىرى ۋە مۇلاھىزىلىرى يېشىغا ماس سەبىلەرچە بولسىمۇ دىققەت بىلەن ئاڭلايمىز، ۋە يېشىغا مۇناسىپ چۈشەنچە بېرىمىز. بۇنداق سۆھبەت ئائىللارنىڭ ئايرىم بولۇپ ئايالىم شۇ سۆھبەتلەردە يۈرۈپ ئىككى ئايغا قالماي تۈركچە ئاڭلاپ چۈشەنگىدەك بولدى. ھازىر سۆھبەتلەردە پىكىر بايان قىلىپ تۇرىدۇ. ھەر قېتىملىق سۆھبەتتىن بەھىر ئېلىپ دىلىم ئېرىگەندە ھېلىقى قارا كۈنلەردە ئۆزگۈرنىڭ دېگەن مۇنۇ سۆزلىرىنى ئەسلەيمەن. « قايغۇرما، ئاللاھ بىر ئىشىكنى تاقىسا مىڭ ئىشىكنى ساڭا ئوچۇق قويغان بولىدۇ. قايغۇدا يىغىمىز تاقىلىپ بولغان ھېلىقى ئىشىك ئۈچۈن بولمىسۇن، غەيرىتىمىز بىلەن ئاللاھ بىزگە ئاچقان ئوچۇق ئىشىكلەرگە يۈزلىنەيلى. بىز شۇ ئىشىكلەردە سېنى ساقلاۋاتىمىز. سەن يالغۇز ئەمەسسەن»

يېقىندا بىر دوستىمىزنىڭ ئايالى كۆزەيدى. ئايالى دوختۇرخانىدىكى بىر قانچە كۈندە قىزىمىز بىلەن بىر ياشلا پەرقلىنىدىغان چوڭ قىزىنى ئۆيىمىزگە ئەكىلىپ قويدى. خۇددى ئانامنىڭ قەشقەردىكى قوشنىسى ئىشى چىقىپ قالسا نەۋرىسىنى بىزنىڭ ئۆيگە قويۇپ پۈتۈن كۈن خاتىرجەم سىرتتىكى ئىشىنى تۈگۈتۈپ كەلگەندەك. بەزىدە ئويلاپ قالىمەن بۇلار ئۇيغۇرمۇ يا مەن تۈركمۇ، نېمانچە ئوخشاشلىق بۇ!

## 4. تۈركلۈك پىداكارلىقتۇر

مەكتىپىمىزدىكى تۈرك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى قوشسا قىرىققا ئاران بارىدۇ يا بارمايدۇ. شۇ قىرىققا يېقىن ئوقۇغۇچىنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى بەدىلىگە مەكتىپىمىزدە ھەقسىز تۈركچە دەرس ۋە دىنلار ئارا دىيالوگ پائالىيىتى يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مەن ھەقسىز تۈركچە دەرسىنىڭ مەۋسۇمدە بىر ئېچىلىدىغان خۇلاسە يىغىنىغا قاتناشتىم. تۈركچە دەرس بەرگەن مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلار تۈركچىنى قانداق قىلغاندا ئۈنۈملۈك ئۆگەتكىلى بولۇدۇ؟ دېگەن تېمىدا تەييارلاپ كەلگەن دوكلاتلىرىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىشتى. كۆپىنچىسى تەبىئى پەنلەردە ئوقۇيدىغان بۇ بالىلارنىڭ تىل ئۆگىتىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە يۈرگۈزىۋاتقان مەنتىقىلىق مۇلاھىزىلىرىگە قاراپ ھۆر، دېموكراتىك ئەلدە، مەلۇم ھۆكۈمران ئىدولوگىيەگە بېقىنمىغان مائارىپتا ھەقىقى بىلىم ئالغان كىشىلەرنىڭ قانداق بولۇدۇغانلىنى كۆرۈپ يەتكەندەك بولدۇم.

دىنلار ئارا دىيالوگ مەكتىپىمىز ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئالاھىدە ئالقىشىغا ئېرىشكەن پائالىيەت. بۇ پائالىيەتكە كۆپىنچە ئىسلام ۋە خىرىستىيان دىنىنىڭ ھەرقايسى مەزھەپ ۋە سۇلۇكلىرىگە مەنسۇپ دىنىي ئۆلىمالار تەكلىپ قىلىنىدۇ. پائالىيەت شەكلى لېكسىيە، مۇلاھىزە ۋە مۇنازىرە شەكلىدە بولۇدۇ. ئەسلى بۇددىستلارنىمۇ تەكلىپ قىلماقچى بولغان، ئەمما مەن كەلگەندە ھېچ بۇنداق بىر پۇرسەت بولمىدى. ھەر قېتىمقى پائالىيەتكە تۈرك قىزلار تۈركچە لەززەتلىك تاتلىقلارنى ۋە پېچىنە پىرەنىكلەرنى پىشۇرۇپ تىزىۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەر قېتىملىق پائالىيەت تۈرك مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان بىر كۆرگەزمىگە ئايلىنىدۇ. مۇشۇنداق كۆرگەزمىلەر جەريانىدا تۈرك تاماقلىرىغا كۆنگەن خېرىدارلارنى ئاساس قىلىپ كانزاس شەھىرىدە بىر تۈرك تاماق مەدەنىيىتى كۆرگەزمىسى بولۇپ ئۆتتى. تۈرك دوستلىرىمىز ئەسلى ئايالىمنىمۇ قاتنىشىپ ئۇيغۇر تاماقلىرىنى قوشۇپ كۆرگەزمە قىلىپ سېتىشنى تەكلىپ قىلغان ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئايالىم ئىشلەۋاتقان بولغاچ يېتىشەلمەي قالدۇق. شۇ قېتىمقى ئۇيغۇرنى

تونۇشتۇرۇدۇغان بىر پۈرسەتنىڭ قولدىن كېتىپ قالغىنىغا ھېلىمۇ بەك ئېچىنىمەن.

بىر قېتىملىق دىنلار دىيالوگىدىن كېيىن مەن بەك ھاجانلىنىپ دوستلۇرۇمغا «مەكتىپىمىزدە ئۈچ تۆت يۈز ئەرەب ئوقۇغۇچى، ئەللىك ئاتمىش ھىندىستان ۋە پاكىستانلىق مۇسۇلمان بار. مەكتەپتىكى مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە بىزنىڭ سانىمىز جىق ئەمەس. لېكىن بىزنىڭ مۇسۇلمان مىللىتىمىز ۋە دىنىمىزنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن قىلىۋاتقان تىرىشچانلىقلىرىڭلار تېخى باشقا بىر مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلاردا كۆرۈلگەن يوق. مەن ئۆزەمنىڭ بىر ئۇيغۇر مۇسۇلمان بولغانلىقىمدىن ۋە سىلەرنىڭ پائالىيىتىڭلارغا قاتنىشالىغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. سىلەردىن پەخىرلىنىمەن» دېدىم. «ئەستەغپۇرۇللاھ ئابى، ئەسلى قولۇمىزدا جىق ئىمكانلار بار. قىلايلى دېسەك نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەر بار. شۇ بەزەن نەپسىمىزگە بېرىلىپ ياكى قىلغىنىمىزغا تەمەننا قىلىپ قالىدىكەنمىز. ئاللاھ كىبىردىن، قانائەتتىن ساقلىسۇن. بىز ئەسلى ھازىر قىلغان ئىشىمىزدىن نەچچە يۈز ھەسسە پايدىلىق خىزمەتلەردە بولساق بولاتتى. ھەپسىلەردە يېتىۋاتقان باغرىلىرىمىزغا ئۆزىمىزنى سېلىشتۇرۇشتىن نومۇس قىلىمىز. ئاللاھ مۇۋەپپەق قىلسا ئىنسانلىقنىڭ قىممىتى، مۇسۇلمانلىقنىڭ شاراپىتى، ئاللاھ قەلبلىرىمىزگە چاچقان سۆيگۈنىڭ قۇدرىتىنى تېخىمۇ كۆپ ئىنسانغا بىلدۈرەلىگەن بولساق ئۆزىمىزنى نەتىجىلىك ھېس قىلغان بولاتتۇق. ئابى مۇسۇلمانلىق پىداكارلىقتۇر. تۈركلۈك مۇسۇلمانلىقتۇر، شۇڭا تۈركلۈك پىداكارلىقتا ئىپادىلىنىدۇ».

# ئۇيغۇر كىمگە ئوخشىدى، كىمگە ئوخشايدۇ

مەن ئامېرىكا تۇپرىقىغا قونۇپ يېرىم سائەتكە بارماي ئىئوردانىيىلىككە ئوخشۇتۇلدۇم. ئانامدەك بىر ئەرەب ئايال ماڭا قاراپ شۇنداق جىددىي بىر گەپلەرنى دەپ كەتتى. ماڭا قارىتىپ تۆكۈلۈۋاتقان سۆز مارجانلىرىدىن ئۇنىڭ جوردان دېگەن گېپىنى ئايرىۋېلىپ، «مەن جوردان (ئىئوردانىيە) لىق ئەمەس» دەپ ئېنگىلىزچە جاۋاپ بەردىم-يۇ، بىر ئېغىز ئېنگىلىزچە بىلمەيدىغان بۇ ئايالنىڭ ئوكيان ئاتلىغان غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدۇم. مېنى بۇ ئايال نېمىشقا ئەرەب دەپ قالغاندۇ؟ قاراپ باقسام قولۇمدا كۆتۈرۈۋالغان سومكامدىن جەينامىزىمنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ قاپتۇ. خىيالىمدىن ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگودا نېمە ئۈچۈن ئەرەبلەرگە ئوخشىتىلىدىغانلىقى كەچتى. بۇرۇن مەن بېيجىڭدا ئەرەبكە ئوخشىتىلاتتىم. 2001-يىلى لەنجۇدا تالىبانغا ئوخشۇتۇلغانىدىم. ئىچكىرىدە خەنزۇلار، «تۇڭگان» لار ئاچقان «ئۇيغۇر» ئاشخانىلىرىغا يۈزنى چۆمكەپ باشقا ئەزايى ئوچۇق قويۇلغان ئەرەب سەتەڭلىرىنىڭ رەسىملىرى ئېسىلىدىغانلىقىغا قاراپ كۆپ سانلىقلارنىڭ بىزنى ئەرەبكە ئوخشۇتۇدۇغانلىقىدىن خەۋىرىم بار ئىدى. جۇڭگودا ئۇيغۇرلارغا ئائىت كىنو ئىشلەنسە ھەيۋەتلىك ئوردا، تەختتە ئولتۇرغان شاھ، قەسىرىدە ياستۇققا يۆلەنگەن بەگ ياكى سارىيىدا كېنىزەكلەرنىڭ يەلپۈشىدە يېنى ياتقان باي ۋە بۇلارغا ئۇسسۇل ئويناپ ناز كەرەشمە قىلىۋاتقان ساھىپجامالار ئىكراندا زاھىر بولاتتى. بۇنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەپ كىتاپ ئوقۇپ باقسام بۇنىدىن يۈز يىل بۇرۇن ئىشلەنگەن ئەنگىلىيە، فرانسىيەنىڭ كىنولىرىدا ئەرەبلەرنىڭ شۇنداق تەسۋىرلەنگەنلىكىنى بىلدىم. بىز ھەققىدە كىنو ئىشلىگەنلەر كىنونىڭ ئۆلگىسىنى غەرپتىن ئۆگەنگەچ غەرپنىڭ ئەرەب ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىنى مۇسۇلمان ئۇيغۇرغا تەدبىقلىغان ئىدى. قىزىق يېرى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى سۆرەتكە ئېلىش، رىژىسورلۇق قاتارلىق ئىشلار ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن چىققانغا قارىماي يۇقارقى «ئوردا ۋە سەتەڭ» كۆرۈنىشى داۋاملاشتۇرۇلغان ئىدى. مۇقامنى كۆرۈنۈشكە ئالغان مۇتەخەسىس ۋە سەنئەتكارلار ئۇيغۇر

سەنئىتىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كېلىشىدە مەشرەپنىڭ ئاساسلىق شەكىل بولغانلىقىنى، مەشرەپتە ئويۇنچىمۇ، تاماشىبىنمۇ ئارىلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، مەشرەپتە ھەممە كىشىنىڭ مەشرەپچى سالاھىيىتىلا بولۇدۇغانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ؟ ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ چوڭ سەھنىلىك ئوردىلارغا ئەمەس مەھەللىۋىي مەشرەپلەرگە ماس كېلىدىغانلىقىدىن خەۋىرى يوقمىدۇ؟ قايسى كىتاپتا سەئىدىيە ئوردىسىدا شاھ، ئەمىر ۋە ۋەزىر ۋۇزرالارنىڭ ئوردىدا سەتەڭلەرنى ئۇسۇلغان سالدىغانلىقى ھەققىدە، چەتئەل ئەلچىلىرىنى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ناز كەرەشمىلىك ئۇسۇلى بىلەن قارشى ئېلىنىدىغانلىقى ھەققىدە خاتىرە باركەن؟ مۇستەملىكچىلىك دەۋرىدىكى غەرپ كىنولىرىدىن فىلىم ئىشلەشنى ئۆگەنگەنلەر ئەرەبلەرنىڭ ئوبرازىنى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ ئوبرازىغا تەدبىقلاپ جۇڭگۇدىكى كۆپ سانلىقلارنىڭ ئېڭىغا مۇسۇلمان دېمەك ئەرەب دېمەك دېگەننى سىڭدۇرۇپ بولغانىدى. كىچىكىمىزدە خەنچىدىن تەرجىمە قىلىنغان رەسىملىك كىتاپلاردا ئەرەب قىزلىرىغا ئائىت مەزمۇنغا يۈزى ئېتىك باشقا يېرى چالا-پۇلا ئورالغان قىزلارنىڭ ياكى ئۇسۇل ئويناۋاتقان ياكى نازلىق بېقىپ ياتقان رەسىملەرنىڭ قىستۇرلىشىمۇ خەنزۇلارنىڭ ئەرەب-مۇسۇلمانلىرى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىنى ئەكىس ئەتتۈرگەن. دېمەك، غەرپنىڭ ئەرەب ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرى مەملىكتىمىز كىنوچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىغا خۇرۇچ بولۇپ بۇ تەسەۋۋۇر خەنزۇلارنىڭ ئۇيغۇر كىملىكى ھەققىدىكى تونۇشىغا ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز كىملىكى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىغا ئاساس بولغان. قىزىق يېرى ئامېرىكىدا ھېلىقى جەينامىزىمغا قاراپ مېنى ئەرەبمىكىن دەپ قالغان ئايالدىن باشقا مېنى ئەرەبكە ئوخشاتقان يەنە بىرىنى ئۇچراتمىدىم. پەقەت خەنزۇ تونۇشلىرىملا «تىلىڭلار قۇرئاننىڭ تىلىمۇ، سىلەرمۇ تۆت خوتۇن ئالامسىلەر، ئۇيغۇر قىزلىرى بەك سەتەڭ...تۆگە مىنىپ يۈرەمسىلەر...» دەپ سوراپ تۇراتتى. “«قۇملۇق، تۆگە، سەتەڭلەر...» بۇ ئەسلىدە غەرپنىڭ ئەرەب ھەققىدىكى خىياللىرى ئەمەسمىدى؟

ئامېرىكىدا ئۇيغۇرنى ئىسپانلارغا ۋە ئىتالىيانلارغا ئوخشاتقانلارنى جىق كۆردۈم ۋە باشقا ئۇيغۇرلاردىن تولا ئاڭلىدىم. بىزنىڭ فاكۇلتېتتا ئاتا-ئانىسى ئىتالىيان بىر پروفېسسور بار، ھوشۇر قارىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ. ئىسپانىيەنىڭ كاتالان دېگەن ئاپتونوم رايونىدىن كەلگەن بىر قىز بىلەن ئۇچرۇشۇپ قېلىپ تاس قالدىم، مېنىڭ كورلىلىق ساۋاقدىشىم گۈلشەنكەنغۇ! دەپ ئۇيغۇرچە گەپ قىلغىلى. تارىخقا قارىساق ئىسپانىيىنى مۇسۇلمانلار قۇرغان ئەندۇلۇس خەلىپىلىكى 800 يىلغا يېقىن باشقۇرغان. پەيغەمبىرىمىز زامانىدىلا ھەدىسلەردە تەسۋىرلىنىشكە باشلىغان (ئۇيغۇر) تۈركلەرنىڭ ئىسپانىيىنى فەتىھ قىلغان مۇسۇلمان قوشۇنى ئىچىدە بەلگىلىك ساندا بولغانلىقىنى مۆلچەرلىمەك تەس ئەمەس. 860-يىللاردا مىسىردا قۇرۇلغان تولۇنىيە خانلىقىنى ئوغۇز تۈركلىرىدىن بولغان تولۇن جەمەتىنىڭ قۇرغانلىقىنى ئەسلىيەلىسەكلا ئىسپانىيىنى فەتىھ قىلغان مۇسۇلمان قوشۇنلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر-تۈرك ئەسكەرلىنىڭ بولغانلىقىدىن شەكلەنمەيمىز. مەھمۇد قەشقەرى 20 يىلدىن ئارتۇق ئۇيغۇر تۇپراقلىرىنى كېزىپ يېزىپ چىققان قامۇسى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نى قاراخانىلارنىڭ بۇغراخانىغا ئەمەس، ئاباسىلار خەلىپىسى ئابدۇللاھ مۇقتەدى بىئەمرۇللاھقا تەقدىم قىلغان. بۇنىڭدىن بىز قاراخانىلار ئىمپېرىيىسىدە يارىتىلغان ئۇيغۇر-تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ سەۋىيىسى سەۋەبلىك ئەرەب بىلەن ئۇيغۇر چېگرىسىنىڭ قانچىلىك تۇتۇقلاشقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ئەگەر بىز ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ قاراخانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىزىغا ئىككى يۈز يىلدىن كېيىن ئىستانبولنى باشكەنت قىلغان ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ چىققانلىقىنى، بۇ ئىمپېرىيەنىڭ ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقىنى تۇتاشتۇرغان ھۆكۈمرانلىقىنى 600 يىل داۋام قىلغانلىقىنى ئۇلاپ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقساق، ئۇيغۇرلارنىڭ نېمىشقا ئىسپانلار ۋە ئىتالىيانلارغا ئوخشايدىغانلىقى روشەنلىشىدۇ. چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ ياۋروپا ئىستىلاسىغا ئىشتىراك قىلغان ئۇيغۇر دانىشمەنلىرى ۋە قوشۇنلىرى ھازىرقى ئەۋلادلىرىنى خىيال قىلساق ئوخشاپ قېلىشلارنىڭ سىرىغا يېقىنلىشىمىز. ئىتالىيەنىڭ خېلى چوڭ بىر قىسمى نەچچە يۈز يىل ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ھامىيىسىدە بولغان. ئىسپانىيىنى مۇسۇلمانلار 800 يىل باشقۇردى.

ئەھمىيەتلىك يېرى ئىسپانىيەنى سەككىز يۈز يىل باشقۇرغان مۇسۇلمانلار ئىسپانلارنىڭ تىلىنى ئاسمىلاتسىيە قىلىشقا ئۇرۇنمىغان. ئىتالىيەنىڭ بىر قىسمىنى فەتھ قىلغان تۈركلەر ئىتالىيانلارنى تۈركلەشتۈرۈشكە زورلۇق ئىشلەتمىگەن. بەلكىم 600 يىللىق ۋە 800 يىللىق ھۆكۈمرانلىقنىڭ سەۋەبلىرى مۇشۇنداق مەدەنىيلىككە باغلانسا كېرەك. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرغا ئوخشاپ قېلىشى تۇرغان گەپ، ئۇلارنىڭ قېنىدا ئۇيغۇر ئامىلى بولۇشى تەخمىنگە يېقىن. بۇلارنى ھىساپقا ئالمىغاندىمۇ ئوتتۇرا دېڭىز ۋە بالقان يېرىم ئارىلىغا ماكانلاشقانلار بىلەن تارىم ئاھالىسىنىڭ ئىرقىي ئورتاقلىقى ئارخولوگلارغا تېپىشماق ئەمەس. ئامېرىكىدا ئىسپان تىپىغا كىرىدىغان كىشىلەر ئاق تەنلىكلەردىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇدىغان بولغاچقا ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئېڭىدا يوچۇن چىراي كىشىلەر ئىسپانلاردەكلا كۆرۈنىدۇ. بۇمۇ بىر سەۋەپ ئەلۋەتتە. ئەمەلىيەتتە بىز قارشى تەرەپنى كىمگە ئوخشۇتۇپ تەسەۋۋۇر قىلساق شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

ئامېرىكىغا كېلىپ كۆزىتىشىمچە ئۇيغۇرلار ئىرانلىق، ئافغانىستانلىق، موڭغۇلىيەلىك ۋە ھىندىستانلىقلارغا بەكرەك ئوخشايدىكەن. بۇ يەردە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنى تىلغا ئالمىدىم. شۇنىسى ئىنكارسىزكى، ئامېرىكىلىقلارغا ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، ئەزەربەيجان، تاتار دېگەنلەر ئوخشاش. بۇ تىللار بەزى مەكتەپلەردە بىر فاكۇلتىتتا، بەزىدە بىر ئوقۇتقۇچى تەرىپىدىن ئۆگۈتۈلىدۇ. بەزىدە ئافغانىستانلىق، ئىرانلىق قىز-يىگىتلەرنىڭ چىرايىدىن، قىلىقىدىن شۇنداق ئېنىق ئۇيغۇرچە ئىپادىلەرنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالىمەن. تارىخقا قاراپ باقسام، ئۇيغۇرلار چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ تارىمغا كەلگەن موڭغۇللارنى ئىختىيارى ئۇيغۇرلاشتۇرغاندىن باشقا، كېيىنچە چىڭ ئىمپېرىيىسىدىن مەغلۇپ بولۇپ ئۇيغۇر تۇپراقلىرىنى پانا تارتىپ كەلگەن موڭغۇللارنىڭ جۇڭغار قەبىلىسى ۋە تۈرلۈك سەۋەبلەردىن زېمىنىمىزغا كەلگەن خۇشۇت، تۇرغۇت، قاتارلىق قەبىلىلەرنى قوينىغا ئالغان ئەمما مەجبۇرى ئاسمىلاتسىيەگە كۈچىمىگەن ئىكەن. شۇنداقكەن،

ئۇيغۇرلارنىڭ قېنىدا موڭغۇل ئېلېمېنتى بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ بەزى كىشىلەرنىڭ بۇنداق چىرايدىكىلەرنى خەنلەرگە ئوخشىتىشى ھەقىقى خەنلەرنى كۆپ كۆرمىگەنلىكىدىن ۋە خەنلەرنىڭ ئەسلى ئىرقى مەنبەسىنى بىلمىگەنلىكىدىن بولغان. شىمالدىكى خەنلەر ئەمەلىيەتتە خەنزۇۋانلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇر، موڭغۇل، مانجۇ ۋە بۇلارنىڭ ئورتاق ئەجدادىغا يېقىنلىشىدىغان ھونلارنىڭ ھازىرقى ئەۋلادلىرىدۇر. يىپەك يولىنىڭ بەرپاچىلىرى ۋە پاسىبانلىرى بولغان بوۋىلىرىمىز غەربى تەرىپىمىزدىكى ئىران سودىگەرلىرى ۋە مۇساپىرلىرىغا ئۆي ئوتاق، يەر سۇ بېرىپ ئورۇنلاشتۇرغاچقا قېنىمىزغا ئىران تەسىرى ئارىلاشقان بولۇشى مۇمكىن. غەربىي جەنۇپتىكى قوشنىمىز ئافغانىستان، پاكىستان، بېنگال ۋە ھىندىستانلارنى بوۋىمىز بابۇر 16-ئەسىردە قۇرغان ئىمپېرىيە 18-ئەسىرگىچە تەسەررۇپىدا تۇتقاچقا ھىندىستانلىقلارنىڭ قېنىغا ئۇيغۇر تەركىبى سىڭگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇلار يالغۇز چىرايىنىڭلا ئوخشاشلىقى ئەمەس. بىز ئىستېمال قىلىۋاتقان، ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ قوللۇنىلىدىغان لاچىن دانى، قوۋزاق داچىن، قەلەمپۇر قاتارلىقلارنىڭ ھىندىستاندىن كېلىشى، پولۇ، كاۋاپ، سامسا، سامبۇسا، تونۇر قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاش دېيىلىشى بىزدىكى بىردەكلىكلەرنىڭ ئاساسىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. قاسىم قارى ھاجىم، ئابدۇلئەزىز مەقسۇم، تەجەللى قاتارلىق زاتلارنىڭ مومباي-دېھلىدە ئوقۇغانلىقى، خوتەن، قەشقەر، كۇچالاردىكى ھىندى سارايلىرى نەزەرلىرىمىزنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئەگەر كۆزىمىزنى تېخىمۇ يىراققا تىكسەك ئارىيانلارنىڭ ئىران ئېگىزلىكى، تارىم ۋادىسى ۋە شىمالىي ھىندىستاندا يەرلىككىلەر بىلەن ئارىلىشىپ بوگۈنكى ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىنى كامىدا ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئەسئەت سۇلايمان يىپەك يولى «خاراپ» بولغانلىقى سەۋەبلىك نەچچە يۈز يىل داۋاملاشقان جۇغراپىيىلىك يېتىملىك، سىياسى بىتەلەيلىك، ئىقتىسادىي بېكىنمىچىلىك ۋە مەدەنىيەتتىكى تۇرغۇنلۇق تارىمنىڭ غېرىپلىقىنى كۈچەيتىۋەتكەن دەپ تەخمىن قىلغان. ئەسئەت مۇئەللىمنىڭ قارىشىچە يۇقارقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلاردا مىللىي ئاڭ سۇسلاپ، ئىتتىپاقسىزلىق ئەۋج ئالغان. ئۇيغۇردا مۇقام ۋە تىل ئورتاقلىقىلا قالغان.

مەنچە بۇ يەردە ئۇيغۇر پېتىشماس غېرىپ-غۇرۋالارغا ئوخشۇتۇلغان. ئۇيغۇرنى كىمگە ئوخشۇتۇش، يەنى ئۇيغۇر كىملىكىگە ھۆكۈم قىلىش بىز قاراۋاتقان ئەينەككە باغلىق. بۇ يەردە ئىككى ئەينەك بار. بىرى بوۋىلاردىن قالغام تارىخ ئەينىكى يەنە بىرى بىز يۈزلەنگەن رېياللىقتىكى ئەينەك. بىز ئەگەر بوۋىلارنىڭ خاتىرىسىنى كۆرسىتىدىغان تارىخ ئەينىكىگە ئەمەس، رېياللىقتىكى ئۇيغۇرنىڭ يۇقارقى مىللەتلەر بىلەن ئوخشاشلىقىدىكى سەۋەبلەرنى تەھلىل قىلساقلا ئۇيغۇرنىڭ خوشنا خولۇمدىن ئايرىلىپ ئۇنچە غېرىپ ياشىمىغانلىقى بىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەسىئەت سۇلايماننىڭ بۇ تەھلىللىرىدە ۋە چىقارغان خۇلاسىسىدە ئەكىس ئېتىۋاتقىنى ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقسىز دېگەن پەرەز ۋە سىتالىننىڭ مىللەت تەبىرى. 20-ئەسىردىكى بىر سىياسىيۇننىڭ گېپىنى ھېچ كىمنىڭ تەبىرىگە ھاجەتسىز نەچچە مىڭ يىل بۇ تۇپراقلاردا ياشىغان خەلققە تەدبىقلىسا، رېياللىقتىكى ئىمكانسىزلىقتىن بولغان تەشكىلسىزلىكنى تارىختىكى رېياللىققا ئوخشاتسا خۇلاسە خاھىشىقا بېقىپ بولۇدۇ. بۇنى رېياللىققا قاراپ تارىختىن خۇلاسە چىقىرىش، يەنى رېياللىق ئەينىكىدىن ئۆتمۈشنى كۆرۈش دەيمىز. زىيالىلار دائىم رېياللىققا قاراپ تارىخنى شەرھلىسە، ئاۋام رېياللىققا تارىخى خاتىرىسى بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ يەنىلا ئەينەك پەرقى. زىيالىنىڭ قولىدىكى ئەينەك ماركىسنىڭ ياكى خەنلەشكەن ماركىسنىڭ ئەينىكى، ئاۋامنىڭ قولىدىكى ئەينەك بوۋا موملاردىن قالغان. رېياللىق ئارقىلىق تارىختىن خۇلاسە چىقىرىش خاتالىقىغا مەنمۇ كۆپ ئۇچرىغان. ماڭا بەك تەسىر قىلغان بىر قانچە ئىشنى ھازىرغىچە ئۇنۇتالمايمەن. 2001-يىلى لەنجۇغا خىزمەتكە بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي بىر ئاكا دېمەتلىك ئۇيغۇر بىلەن پاراڭلىشىپ قالدۇق. گەپ تۇڭگان، موڭغۇللار ئۈستىگە كۆچكەندە ئۇ ئاكىمىز «سىلەرنىڭ مەكتەپتىكى تۇڭگان، موڭغۇللار ئۇيغۇرچە ئۇقامدۇ؟» دەپ ھەيران قالدى. مەن ئۇنىڭ چىرايىدىكى ھەيرانلىققا قاراپ ھەيران قالغانتىم. كېيىن سۈرۈشتۈرسەم غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەدەنىيەت

ئىنقىلابغىچە شىنجاڭدىن كەلگەن موڭغۇل، ئورۇس، تۇڭگان، داغۇر، شىبە قاتارلىق مىللەتتىن بولغان ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۇيغۇرچە ئۆتۈلگەنىكەن. شۇندىن كېيىنلا ئۇ ئاكىمىزنىڭ ئەمەس ئوزەمنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ئاڭقاردىم. 95 ـ يىلى خوتەندىن ھەج رەسمىيىتى ئۆچۈن بېيجىڭغا كەلگەن كاندىدات ھاجىلارغا تەرجىمان بولۇپ بەردىم. پاكىستان ئەلچىخانىسىغا بارغاندا ئۇلار مىنى كېرەك قىلماي كىرىپ كېتىشتى. سورىسام «ئۇكاما بۇ ھىندىستان پاكىستانلىقلار دېگەن بىزنىڭ تىلىمىزنى بىلىدۇ. دادىلىرىمىزنىڭ زاماندا ئۇ يەرلەر بىزگە قوغۇنلۇقنىڭ يولى ئىكەندۇق» دەيدۇ. ئۇلار پەقەت ئەلچىخانىدىن سالپىيىپ ئىلتىماس جەدۋەلنىمۇ ئالالماي قايتىپ چىققاندىلا باشقا ساقاللىق ئۇيغۇرلار پاكىستانلىقلارنىڭ ئۇيغۇرچە بىلمەيدىغانلىقىنى ھەيرانلىق ئىچىدە ئېتىراپ قىلىشتى. ئۇچاغدا ماڭا بۇ كىشىلەر تولىمۇ نادان تۇيۇلغان ئىدى. ھازىر ئويلاپ باقسام ئۇلار دۇنيانى 49ـ يىلدىن بۇرۇنقى بوۋىلىرىنىڭ سەلتەنەتلىك خاتىرىسى بويىچە چۈشىنۈدىكەن. يىراق يېقىندىكى بۇنداق شىرىن خاتىرىلەر ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرنىڭ جاھانغا تىك بېقىپ، قورقماي يۈزلىنىشگە نەچچە مىڭ يىلدىن بىرى تۈرتكە بولۇپ كەلگەنىكەن. ئەمدى بىز دۇنياغا يا بوۋىلارنىڭ خاتىرىسى بويىچە يۈزلىنەلمەي، يا ھازىرقى ئەمەلىيىتىمىز بويىچە يۈزلىنىشتىن خاۋاتىرلىنىپ ياكى پۇرسەت تاپالماي يۈرۈپتىمىز. بەزىدە نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقتىكى خەقلەرنىڭ «بىچارە» ھالىتىگە ياقا يىرتىپ كېتىشىمىزنى ئويلىسام شۇنچە جىق ئادەمنىڭ يېقىننى كۆرەلمەسلىك كېسىلىگە گىرىپتارلىقى ياكى سەلتەنەتلىك بوۋىلارنىڭ دۇنياغا پاسىبان بولغان سالاپىتىنى داۋاملاشتۇرىۋاتقانلىقى ھەققىدە گۇماندا قالىمەن. بەزىدە خەقنى ئۆزىمىزگە ئوخشۇتۇپ قېلىۋاتامدۇق نىمە، دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن. بۇنى يوق دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئېتىبارغا تولغان موھىتىمىز بىزنىمۇ باشقىلارغا ئېتىبار قىلىشقا مايىل تەپەككۇرغا كۆندۈرمەي قالارمۇ؟ 1993ـ يىلدىن كېيىن ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ئۇيغۇرنى قالاققا، جاھىلغا، ھەسەتخورغا، ھورۇنغا، شەھۋەتخورغا، چېقىمچىغا، پېتىشماسقا...ئوخشاتتى. بۇ ئوخشۇتۇشلارغا ئاخباراتلار كۆپىپاڭچىلىق قىلدى، ئەزەلدىن موللا ئۆلىمالىرنى چوڭ بىلىپ كەلگەن خەلقىمىزمۇ ئۇنىسىز خېرىدارلىق قىلدى. 2003ـيىلى مەلۇم ئالى مەكتەپتە

خەنچە ئوقۇغان بىر سىنىپقا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن دەرس بەردىم. تېما ئۇيغۇرلارنىڭ سانائىتىگە كەلگەندە «ئۇيغۇرلار 1890-يىللاردا گېرمانىيىدىن زاۋۇت سېتىۋېلىپ غۇلجىدا زامانىۋى خۇرۇم كارخانىسى قۇرغان» دېسەم، قىرىق نەچچە شۇبھىلىك كۆز ماڭا تىكىلدى. ئارىدىن بىر قانچىسى چۇقىرىشىپ «مۇئەللىم ئۇنداقتا نەسىردىن ئەپەندى فىلىمىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى يالىڭاياق چىقىدىكەنغۇ؟» دېيىشتى. ئۇلار ھەدېسە ئۇيغۇرنىڭ ئىللەتلىرىدىن قاقشىشاتتى، سىنىپتىكى كىچىككىنە ناچار ئىشلارنىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نوقسانلىرىغا دۆڭگىشەتتى. بىر مەۋسۇم دەرس ئۆتۈپمۇ، ئۇلارنى ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيەتتىكى ئىختىرالىرىغا ئىشەندۈرەلمىدىم. ئۇلار بىر بولسا 50-60 يىللاردا ئىشلەنگەن كىنولاردىن مىسال ئېلىپ قايىل بولمايتتى، يەنە بىر بولسا رىياللىقتا سېلىشتۇرۇپ گۇمانلىناتتى. بىر مەۋسۇم دەرس ئۆتۈپ ئۇلارنى ئۇيغۇرنىڭ پەزىلىتىگە قايىل قىلالىدىمۇ بىلەلمىدىم. ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرنى زىيالىلار قانداق ئاڭدا تۇرۇپ، قانداق پەزىلەت ۋە خۇلق نوقتىسىدىن كۆزەتسە ئۇيغۇر شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

مەيلى چەتئەللىكلەر ياكى ۋەتەنداشلار بولسۇن خەقنىڭ ئەڭ ئاۋال، ئەڭ ئاسان باھا بېرىدىغىنى چىرايىمىز. كىرورەن گۈزىلى، مۆرەن گۈزىلى، ئارتۇچ ئادىمى ۋە چەرچەن ئادىمى قاتارلىق تاشقاتما جەسەتلەرنىڭ ئامېرىكىدا شۇنچە قىزىقىش قوزغىشى خەقلەرنىڭ چىرايىمىزدىن تارىخىمىزنى بايقاشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنىڭ ئىسپاتى. چىرايىمىزدىن قالسا كىشىلەرنىڭ بىزنى باشقىلارغا ئوخشۇتۇشىغا سەۋەپ بولىدىغىنى گېپىمىز ۋە قىلىقىمىز، مەن مۇشۇ كۈنگىچە خەنزۇلارنىڭ «سىلەرنىڭ تىلىڭلار تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشايدىكەن» دېگىنىنى ياكى بىزنى يېقىنراق كېلىدىغان مىللەتكە ئوخشاتقىنىنى كۆرمىدىم. ئامېرىكىدا تىلىمىزنى تۈركچىگە ئوخشاتقان ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇققانلارنىڭ تىلىغا ئوخشاتقانلارنى خېلى ئۇچراتتىم. بۇندىن باشقا ئامېرىكىدا بىزنىڭ ناماز، ئىبادەتلىرىمىزگە قاراپ بىزنى مۇسۇلمان مىللەتلىرىگە بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرقلىقلارغا

ئوخشتىدىغانلار كۆپ. ئوخشۇتۇشلاردىن ئۇيغۇرغا يېقىنراق كېلىدىغانلىرىنى ئىچكى جوڭگۇدىلا ئەمەس، ئۇرۇمچىدىمۇ ئاڭلىيالمايمىز. بۇ ئوخشتۇتۇشلاردىن بىزنىڭ باشقىلارنىڭ كۆزىگە تاشلىنىۋاتقان كىملىكىمىزنىڭ چىراي، تىل ۋە ئورپ ئادەت، شۇنداقلا دىنىدىن ئىبارەت ئۈچ قاتلىمىنى بايقايمىز. خەنزۇلارنىڭ ئوخشۇتۇش نىشانى بۇرۇن ئەرەب ئىدى، ھازىر تالىبان قوشۇلدى. بىزنى ئەرەبكە ئوخشۇتۇپ كەيدۇرىۋاتقىنى ئالىىقاچان تارىخقا ئايلانغان مۇستەملىكىچىكىنىڭ جەندىسى ئىدى، بۈگۈن ئاشقۇنلارنىڭ تەلپىكى بولماقتا. بىز داۋاملىق باشقىلارغا ئوخشۇتۇلدۇق، بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس تونىمىز ۋە بۆكىمىز ھېچ كىمنىڭ خىيالىدا يوق. بۇنداق ئوخشۇتۇشلاردا دائىم خەقلەر بىز ئۈچۈن ئۆلچەم بولدى، بىز پەقەت ئوخشالغۇچى بولدۇق. مەنچە بىز ئاۋال باشقىلارنىڭ بىزنى كىمگە ئوخشۇتۇۋاتقانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئوخشۇتۇۋاتقانلىقىنى بىلىشىمىز زۆرۈر. بولمىسا يۇقارقىدەك خەق ئەرەبكە ئوخشاتسا كىنىدىكىنى ئېچىپ ئۇسۇل ئوينايدىغان، ياۋايىغا ئوخشاتسا تۆگمىسىز كۆينەك كېيىپ تۆك مەيدىمىزنى ئېچىپ ھەزىلكەشلىك قىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىمىز. ئۇيغۇر بۇندىن كېيىن كىمگە ئوخشايدۇ؟ مەنچە بىر مەنىدە ئۇيغۇرنىڭ كىمگە ئوخشىشى قاراۋاتقان ياكى قارىيالمايۋاتقان ئەينەككە باغلىق. يەنە بىر مەنىدە، ھازىرقى ئۇيغۇر يۈزلىنىپ تۇرغان ئەينەكنىڭ كىمگە ئوخشاتماقچى بولغىنىغا باغلىق.

# «ئىللەتلىك ئۇيغۇر» ئەپسانىسى ئامېرىكىدا

## 1. ئامېرىكىدا كىم «ئىللەت» لەرنى بويىنىغا ئالىدۇ؟

ئۇيغۇردىكى «ئىللەتلەر»نى ئوپېراتسىيە قىلىش ئەۋج ئالغان چاغلاردا «تەڭرىتاغ»دا ئېلان قىلىنغان ياپۇنىيە توغرىسىدىكى بىر ساياھەتنامىدىن «ياپۇنلار تولىمۇ كەمتەركەن. باشقا مىللەت كىشىلىرىنى كۆرگەندە، ‹بىزنىڭ نېمە كەمچىلىكىمىز باركەن› دەپ سوراپ تۇرىدىكەن» دېگەن قۇرلارنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن شۇنچە جىق ياپۇن بىلەن مۇڭداشتىم، لېكىن بىرسىمۇ مىللىتىنىڭ كەمچىلىكىنى مەندىن سورىمىدى. ئاۋام ياپۇنلارلا ئەمەس، ئالى مەكتەپلەردە پروفېسسور بولۇپ ئىشلەۋاتقان ياپۇنىيەلىكلەردىنمۇ «مىللىتىمىنىڭ مۇنداق نۇقسانى بار» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىدىم. ياپۇن پروفېسسورلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا ياپۇنىيەنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە «شەرقى ئاسىيانى تەرەققى قىلدۇرىمىز» دەپ نىقابلىنىپ تەيۋەن ۋە شىمالى جۇڭگو خەلقىگە قىلغان ئاسمىلاتسىيە، قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىقلىرىنى ئاقلاپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلارچە ياپۇنلار جۇڭگوغا زامانىۋىلىق ۋە تەرەققىيات ئېلىپ كەلگەنمىش، ياپۇن تىلىدا مائارىپ يۈرگۈزۈپ خەنزۇلارنىڭ زامانىۋىي تېخنىكا ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولغانمىش، پەقەت ئەينى دەۋردە خەنزۇ خەلقى قالاق بولغاچقا بۇ ئىلتىپاتنى چۈشەنمەي، تاجاۋۇزچىلىق، مۇستەملىكىچىلىك دەپ ئاتاۋالغانمىش.

«بىزدىكى نۇقسانلار»، «بىزدىكى ئەبگالىق» دېگەندەك تېمىلاردىكى ئەسەرلەر بازارلىق بولغان يىللاردا ئۇيغۇردىكى «ئىللەت»لەرنى تەنقىد قىلغان بىرەيلەن «ئامېرىكىلىقلار ‹بەدبەشرە ئامېرىكىلىقلار› دېگەن كىتاپنى ئەسايىدىل ئوقۇيدىكەن، ئەيىبلىرىنى تۈزىتىشكە دائىم تەييار تۇرىدىكەن،

ئاپتورنى تولىمۇ ھۆرمەتلەيدىكەن» دەپ يازغان ئىدى. ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن كىتاپخانىلاردىن ئۇنداق بىر كىتاپنى تاپالمىدىم. «بەدبەشىرە ئامېرىكىلىقلار» دېگەن كىتاپنى ئوقۇپ باققان بىرمۇ ئامېرىكىلىقنى ئۇچراتمىدىم. مەن ئۇچراتقان ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى باھاسى ئەجابى ئىدى. پەقەت بىر ئۇيغۇرشۇناس پروپېسسور ئۇيغۇر ۋە ئامېرىكىلىق ستۇدېنتلار ھەققىدىكى پاراڭدا تاسادىپى «سىلەردىن ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا ئاجىزلارغا ئىچ ئاغرىتقاندەك مۇئامىلە قىلىنىپ، ئىتتىبار قىلىنىپ مەجروھ قىلىنىدۇ، بىزدىن جوڭگوغا بارغانلار چوڭ كۆرۈلۈپ، چوقۇنۇلۇپ ھاكاۋۇر قىلىۋېتىلىدۇ» دېدى. يەنە بىر مۇئەللىم دەرس ئارىلىقىدا ئامېرىكىدا ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى تەبىئىي چوڭ بولۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قويۇۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ سەۋەبكارىنىڭ مائارىپ تىجارەتچىلىرى ئىكەنلىكىنى، ئامېرىكا جەمىيىتىدە ھەممە نەرسىنىڭ تىجارەتكە ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ قويدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئامېرىكىدا سودىگەرلەر پەرزەنت تەربىيىسىگە دائىر نۇرغۇن مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ، ئىنسانىنىڭ پۈتكۈل جانلىقلار دۇنياسىغا ئورتاق بولغان تەبىئىي يېتىلىش جەريانىغا سۇنئىي ئارىلىشىۋالىدىكەن. بىر قېتىملىق دالا تامىقىدا بىر ئامېرىكىلىق دېھقان دوستۇم، «بىز ئامېرىكىلىقلار ماشىنىللاشتۇرۇمىز دەپ ئىنسانىنىڭ ئەجاتكار بىر جۈپ قولىنى ناكار قىلدۇق. ھەممە نەرسە زاۋۇتلاشتۇرۇلۇپ تەبىئىي مەھسۇلاتلار ئازلاپ كەتتى. ھۆكۈمەت بىزنى قوغدايدۇ دەپ ئۆزىمىزنى قوغداش ھوقۇقىمىزنى ساقچىغا تارتقۇزۇپ قويدۇق. بالىلىرىمىزنى مەكتەپكە، ماشىنىمىزنى رىمونتچىغا تاشلاپ بېرىپ ئىجاتچانلىقىمىز، مەسئۇلىيەتچانلىقىمىز، مۇستەقىللىقىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىمىز.» دەپ سۆزلەپ كەتتى. باشقىلار بۇ گەپلەرگە ئانچە قىزىقمىدى. كېيىن ئۇقسام بۇ ئادەمنىڭ ئىكىنزارلىقى تۈگەشكەن بولغاچقا ئاشۇنداق گەپلەرنى قېيداپ تولا دەيدىكەن. ئامېرىكىدىكى كۈنلىرىمدە شۇنچە دىققەت قىلىپمۇ، سوراشتۇرۇپمۇ «بىزدە مۇنداق ئىللەتلەر بار» دەپ بويىنىغا ئالغان بىرمۇ ئامېرىكىلىقنى كۆرمۇدۇم.

ئامېرىكىدا ئوقۇش، ساياھەت قىلىش ۋە يىغىنلارغا قاتنىشىش جەريانىدا نۇرغۇن مىللەتتىن بولغان كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتىم. بۇنىڭ ئىچىدە

ئۇقۇغۇچىمۇ، مەمۇرمۇ، مۇئەللىممۇ ئىشقىلىپ جەمىيەتتىكى ھەرساھە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى ئاساسەن تېپىلىدۇ. ھەيران قالغىنىم ھېچ بىر كىشى «مىللىتىمدە مۇنداق ئىللەت بار» دېگەن گەپنى دەپ باقمىدى. مەن بىر قىسىم مىللەتلەردىكى «ئىللەتلەر» ھەققىدە بەزىلەردىن ئاڭلىۋالغان ياكى ئوقۇغانلىرىمنى شۇ مىللەت كىشىلىرى ئالدىدا تىلغا ئالغىنىمدا، «بۇنداق ئىش بىزدەك تارىخى ۋە رىيال قىسمەتكە مۇپتىلا ھەرقانداق مىللەتتە بار، بۇنى بىر مىللەتكە خاس كەمچىللىك دېيىشكە بولمايدۇ» دېگەن جاۋاپقا ئېرىشتىم. بايقىشىمچە مۇستەبىت دۆلەت ئىران، سۈرىيە، سەئۇدى قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەنلەردە سىياسىيغا زىيادە سەزگۈلۈك، ئاشقۇن مىللەتچىلىك، تەبىقىچىلىك قاتارلىق «ئىللەت»لەر كۆپ ئۇچرايدىكەن. رۇسىيە ۋە بۇرۇنقى سوۋېت ئىمپېرىيىسىگە مەنسۇپ دۆلەتلەردىن كەلگەنلەردە يالغانچىلىق، چېقىمچىلىق، قۇلچۇلۇق، مۇناپىقلىق، پارىخورلۇق، نەيرەڭۋازلىق، ئىرقچىلىق، چوڭ مىللەتچىلىك قاتارلىق كەيپىياتلار ئومۇمىيكەن. ئامېرىكىدا مەن ئۇچراتقان زىيالىلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە بۇلارنى شۇ دۆلەتلەردىكى تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ بىر خەلقنىڭ «ئىللەت»لىرى ھېساپلانمايدىكەن. غەيۋەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، مەنمەنچىلىك قاتارلىقلار پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئورتاق پىسخىك مەسىلىلەر بولۇپ كونكرېت بىر خەلقنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەن. مەن ئامېرىكىدا «مىللىتىمىزدە ئۇنداق ئىللەت، بۇنداق نۇقسان بار» دېگەن سۆزلەنمىلەرنى پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئاغزىدىنلا ئاڭلىدىم.

### 2. ئۇيغۇرلار نېمىشقا ئۆزىنى ئىللەتلىك سانايدۇ؟

مەن ئامېرىكىغا كېلىپ تونۇجى ئۇچراشقان ئۇيغۇرلار ماڭا ئۇيغۇرنىڭ ئىللەتلىرى ھەققىدە دادلاپ بېرىشتى. كېيىن باشقا ئۇيغۇرلاردىن «ئۇيغۇرلار راستىنلا شۇنداق ئىللەتلىكمىدۇ؟ سىز مىللىتىڭىزدىكى ئىللەتلەر

سەۋەبلىك ئامېرىكىدا باشقىلار ئالدىدا قىسىلدىڭىزمۇ؟» دەپ سوراپ، پاراڭلىشىپ بىلىشىمچە، ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىن چىقىپ ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئاق ياقىلىق ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ ھېچ قايسىسى ئۇيغۇرنىڭ بىرەر «مىللىي ئىللىتى» سەۋەبلىك باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئوڭايسىزلىققا چۈشۈپ قالماپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇردا ئىللەتنىڭ كۆپلىكىگە قايىل ئىكەن. ئۇيغۇرلار نېمىشقا ئۆزىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىللەتلىك سانايدۇ؟

ئىللەت سانالغان پەزىلەت

بىر كۈنى تاسادىپى «2011-يىللىق ئامېرىكا ئۇيغۇرلىرىنىڭ نورۇزنى قۇتلاش مەركىسى»نىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىق خەۋىرىگە كۆزۈم چۈشتى. سەۋەبى جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بىر ئۇيغۇر زىيالىسىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ۋاپاتى نورۇزنى قۇتلاش مەركىسىگە توغرا كېلىپ قاپتۇ. شۇ سەۋەپتىن نورۇزنى قۇتلاش سەنئەت كېچىلىكى ئورنىغا نەزىر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. بۇ خەۋەر چاپلانغان مۇنبەردە بىرەيلەن ھاپلا شاپلا «زادى بىز ئۇيغۇرلارنىڭ دېموكراتىك ئېڭىمىز يوق. ھېسسىياتىمىزنى ئەقلىنىڭ ئۈستىگە قويىمىز. بىر كىشىنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋاپات بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇزنى نەزىرگە ئۆزگەرتىپ قويسا بولامدۇ؟» دەپ سوئال تاشلاپ قاقشاپ كېتىپتۇ. بۇ خەۋەرگە ئىككى كىشى مەسىلىنى ئۇيغۇرلاردىكى «ئىللەت»كە تارتىپ مولاھىزە قىلغاندىن باشقا ھېچ كىم نارازى بولماپتۇ. مەنچە بۇنىڭدا ئەقىل بىلەن ئويلىسا ئۇيغۇرنىڭ ئىللىتى ئەمەس پەزىلىتى ئەكس ئېتىدۇ. چۈنكى بايرام كېلىپ بولغىچە سەھنىگە چىقىپ ئۇسسۇل ئويناش بوۋا-مومىلىرىمىزدىن قالغان ئۇدۇم ئەمەس. نەچچە مىڭ يىللىق نورۇز ئەنئەنىمىزدە نورۇز سەھنىگە چىقىپ ئۇسسۇل ئويناش بىلەن ئۆتكۈزۈلگەنمۇ ئەمەس. ھازىر بىزدىكى بايراملارنى سەنئەت كېچىلىكى بىلەن تەبرىكلەش بېيجىڭدا يىلدا بىر تەشكىللىنىدىغان «چاغاننى تەبرىكلەش سەنئەت كېچىلىكى»نىڭ ئېڭىمىزغا سىڭىپ كەتكەن شەكلى. ئامېرىكىدا مەيلى مىلاد بايرىمى، مىننەتدارلىق بايرىمى ياكى دۆلەت بايرىمى بولسۇن ھېچ قايسىسى بايرام تېلېۋىزورلاردىكى سەنئەت كۆرىكى بىلەن تەبرىكلەنمەيدۇ. بۇلارنى بىلىپ تۇرۇپ، ئامېرىكىدا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرنىڭ نورۇز سەنئەت كېچىلىكى ئورنىغا نەزىر ئالماشسا ئۇيغۇردىكى «ئىللەت»تىن قاقشاپ

كېتىشى مىللەتنى قارا قويۇق ئىنكار قىلىش خاھىشىنىڭ كىشىلىرىمىزنىڭ كاللىسىغا نەقەدەر چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۇردۇ. مەنچە ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بايرام مۇسىبەتكە توغرا كېلىپ قالغان ۋاقىتتا بايرام بولسىلا تارتىشىپ داپ چېلىپ ئۇسۇل ئويناشنى قويۇپ قېرىنداشنىڭ قايغۇسىغا ھەمدەم بولۇشى، شېھىتلەرنى ياد ئېتىشى پەزىلەتنىڭ ئىپادىسى. ھېيت بايرامدا تۇپراق بېشىنى يوقلاش، شېھىتلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلىش، قۇرئان خەتمە قىلىپ ھاياتنىڭ چېكى، قىممىتى، ياراتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدىكى سىر ئەسرارلارغا قۇلاق سېلىش ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان مۇبارەك ئەنئەنە. ئەمەلىيەتتە سەنئەت كېچىلىكىنىڭ ئورنىغا نەزىرنىڭ ئالمىشىشى ئەسلى ئۇيغۇر كىملىكىگە يېقىنلاشقانلىقتۇر. بۇ مىسالدىن شۇ نەرسە ئايدىڭكى، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلىرىمىزنىڭ «ئىللەت» دەپ قاقشاپ كېتىۋاتقىنى ئەسلى ئۇيغۇردىكى پەزىلەتتۇر. پەزىلەتنىڭ ئىللەت سانىلىشى زىيالىلىرىمىزنىڭ 1993- يىلدىن كېيىن ئۇيغۇرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىللەت كۆزەينىكىدە كۆزەتكەنلىكىدىن بولغان. نەتىجىدە كىشىلىرىمىز كۆڭلىدە ئۇيغۇرنى ئىللەتلىك مىللەت دەپ مۇقۇملاشتۇرۇۋالغان.

خۇدۇكسىرەشنىڭ سەۋەبلىرى

ۋاشىڭتوندا تۇرىدىغان بىرسىدىن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ بىر دوستى ۋەتەندىن كەپتۇ. ساھىپخان يېقىن ئەتراپتىكى ئۇيغۇرلارنى جاسۇس دەپ خۇدۇك ئالىدىغان بولغاچقا دوستىنى ھېچكىم بىلەن ئۇچراشتۇرماپتۇ. ھەتتا دوستى كەلگەن كۈنلەردە ئۆيىگە مېھمانمۇ چاقىرماپتۇ. بىر مەھەللىدە بىللە تۇرىدىغان بىر ئۇيغۇر قوشنىسى بار تۇرۇپ، ئۇ ھەقتە بىر ئېغىزمۇ تىنماپتۇ. مەن ئىچكىرىدە تۇرغان چاغلىرىمدا ئۇيغۇرلار بىر بىرىدىن ئوغرىمىدۇ، ئاقچىمىدۇ...دەپ گۇمان قىلىشاتتى. مەن ئامېرىكا ۋە تۈركىيەدە ئۇچراشقان ئۇيغۇرلار بىر بىرىدىن «جاسۇسمىدۇ» دەپ گۇمان قىلىشىدىكەن. ھەتتا ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار جاسۇسلۇقنى مىللەتنىڭ نۇقسانى

دەپ تونۇيدىكەن. ئامېرىكىدەك باشقىلار ھەققىدە ئۇچۇر توپلاش قانۇنغا خىلاپ دۆلەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار جاسۇسلۇققا مەشغۇل دەپ گۇمان قىلغان ۋەتەنداشلىرىنى قانۇنغا تايىنىپ بىر تەرەپ قىلماي توختىماي گۇمان قىلىشىدىكەن. ئامېرىكىدا بىر ئۇيغۇرنىڭ جاسۇس ئاتىلىپ قېلىشىدىكى پاكىتلار ئاجايىپ ئاددى. بىرسىنىڭ جاسۇس ئاتىلىشىدىكى سەۋەپ ئۇ كىشىنىڭ رەسىم تارتىشقا ئامراقلىقى، ئەمما تارتقان رەسىملەرنى ئۇۋەرتىپ بەرمىگىنى ئىكەن، يەنە بىرسىنىڭ بولسا پات-پات ۋەتەنگە بېرىپ كېلىپ تۇرۇشى ئىكەن. ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جاسۇسلۇقنى مىللەتنىڭ ئىللىتى دەپ تونۇشى يېڭىلىق ئەمەس، ئاسماندىن چۈشكەنمۇ ئەمەس. مەن ئون نەچچە يىل بۇرۇن «قەشقەردە بىخەتەرلىك ئورگانلىرى تارقىلىپ كېتىپتۇ، چۈنكى ھەممە ئادەم بىر بىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل ئىكەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم. بۇنداق بىر بىرىدىن خۇدۇكسىرەيدىغان قىلىقلار ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان سەئۇدىلىقلار، پاكىستانلىقلار، ئىرانلىقلاردىمۇ خېلى يايغىنكەن. بىر كۈنى بىر جۈمەدە خاتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھاجىرەتتىكى ۋەزىپىلىرى ھەققىدە توختالدى. جۈمەدىن كېيىن بىر پاكىستانلىق خۇتبە ھەققىدىكى قاراشلىرىنى قۇلۇقۇمغا پىچىرلاپ مېنى تولىمۇ بىئارام قىلدى. ئەمەلىيەتتە، ۋەھىمە يىگۈدەك ھېچ بىر گەپ بولۇنمىغان ئىدى. ئۇنداقتا بۇ پاكىستانلىق نېمىشقا قورقىدۇ؟ چۈنكى ئۇ پاكىستاندىن يېڭى كەلگەن، ئامېرىكىدىكى پىكىر ئەركىنلىكىگە كۆنۈپ بولالمىغان ئىدى. مۇستەبىت تۈزۈمدىكى ئەلدە ياشىغان كىشىلەردە ھۆرلۈكتىن خۇدۇكسىرەش، قورقۇش كېسەلى ئومۇمىيۈزلۈك بولۇدۇكەن. شۇڭا ئۇلار ئەتراپىدىكى ھەر قانداق ھادىسە ۋە كىشىدىن خۇدۇكسىرىشىدىكەن. يەنە بىر مىسال. 2010-يىلى ئەتىياز ئايلىرىدا مەھەللىمىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تاقىلىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تارقالدى. ئاتا-ئانىلار بۇ ئىشتىن كۆپ ۋايىم يىدۇق. ئاخىرىدا مەھەللىدىكى بىر قانچە كىشى ئاپرىلنىڭ ئاخىرقى ھەپتىسى نارازىلىق نامايىش قىلىش ھەققىدە چاقىرىق ئېلان قىلىشىپتۇ. نامايىش ۋاقتى يېقىنلاشقان كۈنلەردە بۇ ئىشنى باشقا بىر شتاتتا ياشايدىغان بىر ئۇيغۇر ھەمشىرىمىزگە دەپ بەردىم. «نېمە، نامايىشقا قاتنىششقا تىزىملاتتىڭىزمۇ؟ سىزنىڭ نېمە كارىڭىز، خەق نامايىش قىلسا قىلمامدۇ؟ نېمە قىلىسىز ئارتۇق

ئىشقا ئاربلىشىپ؟ بىر ئىش چىقىپ قالسا قانداق قىلىسىز؟» بىر مۇنچە ۋەھىمىلىك ئەسكەرتىشلەردىن كېيىن نامايىشقا قاتناشماسلىققا قارار بەردىم. ھاياتىمدا بىر قېتىم بولسىمۇ نامايىشقا قاتنىشىپ بېقىش ئىستىكىمنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ياكى خەلقى ئەمەس، ئاللىقاچان ئامېرىكا پۇقرالىقىغا ئۆتكەن بىر ئۇيغۇر قېرىندىشىم خۇدۇكسىرەش ۋە قورقۇتۇش ئارقىلىق توسۇپ قويدى. نامايىشقا قاتنىشىپ كۆنمىگەن، نامايىش ئىمكانىيىتى بولمىغان موھىتتا چوڭ بولغان كىشىلەر نامايىشتىن خۇدۇكسىرەيدۇ. بۇنداق خۇدۇكسىرەشتىن نامايىش مۇتلەق قانۇنلۇق دۆلەتكە كېلىپ ياشاۋېتىپمۇ قۇتۇلالمايدۇ. بۇ بىر دۇنياۋىي ھادىسە بولۇپ ئۇنى بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ مىللىتىدىكى ئىللەت دەپ تونۇش ئىلمىيسىزلىكلا ئەمەس، ئادالەتسىزلىك بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئامېرىكىغا ئەمەس، نەگىلا بارسا ئۆزىنى ئىللەتلىك سانايدۇ. بۇ «ئىللەت»لەرنىڭ بەزىلىرى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرنىڭ پەزىلىتىدۇر، يەنە بەزىلىرى بەلگىلىك دەۋردىكى بەلگىلىك شارائىت كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي كەيپىيات بولۇپ مىللىتىمىزدىكى «نۇقسان» بىلەن مۇناسىۋەتسىز. كۆزىتىشىمچە ئامېرىكىدا چوڭ بولغان ئىككىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇرلاردا بۇنداق ئۇيغۇرنىڭ «ئىللەت» لىرىدىن كەمسىنىش ۋە گۇناھكارلىق تۇيغۇسى كۆرۈلمەيدىكەن. بەلكىم بۇ ئۇيغۇرنى ئىللەتلىك ساناشنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبىنى چۈشىنىشكە ئۈندەيدىغان ئامىل بولۇشى مۇمكىن.

## 3. ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇرلار ئىللەتلىكمۇ؟

مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى سەھەرچى مىللەت

مەن ئامېرىكىغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي مارگارېت ئىسىملىك بىر پروپېسسور بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. بۇ ئايال مۇسۇلمانلاردىكى تەسەۋۋۇپ (سوپىلىق) تەرىقىتىنى تەتقىق قىلىدىكەن. تەتقىقات جەريانىدا دۇنيادىكى

مۇسۇلمانلار توپلۇشۇپ ياشايدىغان شەھەرلەرنى تولۇق ئايلىنىپ چىقىپتۇ. ئانا تۇپراقلىرىمىزنىڭ قەشقەر، خوتەن، كۇچا ۋە ئارتۇچ قاتارلىق بوستانلىقلاردا بىر قانچە ھەپتە ساياھەتتە بولۇپتۇ. پروپېسسورنىڭ خۇلاسىسى شۇ بولۇپتۇكى دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە ئارتۇچ ئۇيغۇرلىرىنىڭ پاكىزلىقى، كۇچا ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىلىقلىقى، خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىخلاسمەنلىكى، قەشقەر ئۇيغۇرلىنىڭ ئىشچانلىقى سېلىشتۇرغۇسىز ئىكەن. مەن ۋەتەندە كۆنگەن خىيالىم بويىچە «ئۇيغۇرلاردا قانداق ئىللەت بار ئىكەن؟ ئۇيغۇرلار قايسى ئىللەتلىرى سەۋەبلىك خاراپ بولۇشى مۇمكىن؟» دەپ سورۇدۇم. سۇئالىمغا ئۇ تولىمۇ ھەيران قالدى. «ئىللەت دېگەن شەخستە بولىدۇ، مىللەتتە بولمايدۇ، مىللەتنىڭ خاراپ بولۇشىدىكى بىرىنجى ئامىل ئانا تىلىدىن مەھرۇم قىلىش» دەپ جاۋاپ بەردى. مەكتىپىمىزدىكى بىر قېتىملىق لېكسىيەدە بۇ ئايال غەرپتە ئىستانبولدىن يولغا چىقىپ پۈتۈن مۇسۇلمان شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ دىيارىمىزغىچە كەلگەن كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە توختالدى. پۈتۈن مۇسۇلمان شەھەرلىرىگە سېلىشتۇرغاندا ئۇنى ھەيران قالدۇرغان بىر ئىش، پەقەت ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىلا تىرىكچىلىك بامدات بىلەن باشلىنىدىكەن. ئۇيغۇر شەھەرلىرىدە بامداتتىن كېيىن ئاشخانىلاردىن تاماق، دۇككانلاردىن لازىملىقلارنى سېتىۋالغىلى بولىدۇكەن. دۇنيادىكى باشقا مۇسۇلمان شەھەرلىرىدە كۈن نەيزە بويى ئۆرلىمىگىچە كوچىدا ئادەم كۆرۈنمەيدىكەن. ئۇ لېكسىيەسىنى خۇلاسىلاپ «ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى ئەڭ سەھەرچى مىللەت. ئۇلار ھاياتنى ئەڭ قىزغىن سۆيىدۇ. شۇڭا دۇنيادا يورۇق تاڭنى ئەڭ تەقەززالىق بىلەن، ئەڭ بالدۇر كۈتىۋالغۇچى مىللەت ئۇيغۇرلاردۇر» دېدى.

## مۇشۇكنىڭ ھەققىگىمۇ چاڭ سالمايدىغان مىللەت

2009-يىلى تومۇزدىن كېيىن ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى خەۋەلەر دۇنيانىڭ قىزىق نوقتىسىغا ئايلاندى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۇچۇر تارقاتمىغان ئاخبارات قالمىدى. مېنى ئەڭ قىزىقتۇرغىنى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرى ھەققىدىكى دۇنياۋىي بەس مۇنازىرە ئەمەس، ئامېرىكىدىكى بىر تېلقانىلى تارقاتقان «مۇشۇكنىڭ ھەققىگىمۇ چاڭ سالمايدىغان ئۇيغۇرلار» ناملىق خەۋەر بولدى. خەۋەردە دېيىلىشىچە ئامېرىكىدىكى بىر شتاتتا بەش ئۇيغۇر ماكانلاشقانىكەن. ئۇلار بىر كۈنى ئىشىك ئالدىدىكى ئەخلەتداندىن بىر قوتۇر

مۈشۈكنى تېپىۋاپتۇ. ئىچى ئاغرىپ ئۆيىدە بېقىپتۇ. قوتۇرنى مايلاپ ساقايتىپتۇ. شۇندىن كېيىن بۇ مۈشۈك بىر قورۇدا ياشايدىغان بەش ئۇيغۇرنىڭ ئالتىنچى دوستىغا ئايلىنىپتۇ. ئامېرىكىلىق مۇخبىر بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكىدا ئەڭ قىممەت قوي گۆشىگە ئامراقلىقىنى دەپ كېلىپ «بۇ ئۇيغۇرلار تاماق ئەتسە مۈشۈكنىڭ ھەققىنى قوشۇپ ئالتە كىشىلىك تاماق ئېتىدىكەن، گۆش پۇشۇرسا مۈشۈكنىڭ نىسۋىسىنى قوشۇپ سالىدىكەن» دەپ تونۇشتۇردى. غەرپلىك مۇخبىرنىڭ ھەيران قالغىنى بۇ بەش ئۇيغۇرنىڭ مۈشۈكنى ھايۋانات دوختۇرخانىسىغا ئاپارمايلا ئۆزلىرى داۋالاپ ساقايتىۋەتكىنى بولۇپتۇ. مۇخبىر يەنە بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قوي سويۇش، تاماق ئېتىش، تام قوپۇرۇش، يەر تېرىش قاتارلىق غەرپتە مەخسۇس مەكتەپتە ئوقۇتۇلىدىغان ھۈنەرلەردىن خەۋەردارلىقىنى تەئەججۇپ ئىچىدە بايان قىلدى. خەۋەرنىڭ تۈگەنچىسىدە مۇخبىر كۆرۈرمەنلەرگە مۇنداق خىتاب قىلدى، «ئامېرىكىلىقلار قىلىشنى خالىمايدىغان تۆۋەن كىرىملىك، جاپالىق ئىشنى قىلىپ ياشاۋاتقان بۇ ئۇيغۇرلار سىزنىڭ ئەمەس مۈشۈكىڭىزنىڭمۇ ھەققىنى يەۋالمايدۇ، ئىنسانغا ئەمەس ھايۋانغىمۇ ئازار بەرمەيدۇ، كىشىلەرگە ئەمەس ھەرقانداق جانلىققا باراۋەر مۇئامىلە قىلىدۇ، سىزلەرچە ئۇلارنىڭ نىداسىغا دۇنيانىڭ ئۈنسىز قاراپ تۇرۇشى نېمە ئۈچۈن؟»

ئامېرىكىدا تۇرۇش جەريانىدا مەيلى تەتقىقاتچى زىيالىلار بولسۇن ياكى ئاخباراتچى بولسۇن ھېچ كىمدىن «ئۇيغۇرنىڭ مۇنداق ئىللىتى باركەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىدىم. ئامېرىكىلىقلاردىنلا ئەمەس جۇڭگودىن كەلمىگەن ھېچ بىر مىللەتتىن ئۇيغۇرنىڭ نۇقسانلىرى ھەققىدە باھالارنى ئاڭلاپ باقمىدىم. پەقەت قارىمايدىن كەلگەن بىر قازاق ئايال مەندىن رەنجىپ يېقىن شتاتتا ياشاۋاتقان بارلىق ئۇيغۇرلاردىن ئالاقىنى ئۈزدى. بىزنى ئەڭ غەزەپلەندۈرگىنى «سىلەر ئۇيغۇرلار ناچار خەق بولغاچقا دۆلىتىڭلار يوق!» دېگىنى بولدى. دېمەك «ئىللەتلىك ئۇيغۇر» ئەپسانىسى ئامېرىكىدا ياكى ئامېرىكىلىقلاردا ئەمەس، پەقەت جۇڭگودا ۋە جۇڭگودىن كەلگەنلەردىلا بازارلىق

ئېكەن.

## تۈگەنچە

يۇقارقى ھېكايىلەردىن مەلۇمكى ئۇيغۇرنىڭ ئىللەتلىك سانىلىشى تاشقى دۇنيادا ھەقىقەت ئەمەس ئەپسانىدۇر. ۋەتىنىدىكى ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىنى ئىللەتلىك سانىشى ئىككى سەۋەبتىن، بىرى ئايرۇپىلانلىقلار بىلەن ھارۋىلىقلارنىڭ رىقابىتىدىكى مۇقەررەر نەتىجە سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئۇيغۇردىكى مىللىي كەمسىنىش يەنە بىرى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۇيغۇرنى سۆكۈپ يازغان ناباپ ئەسەرلىرى. ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنى يۇقارقى سەۋەبلەرگە كۆرە ئىللەتلىك سانايدۇ. مۇساپىر ئۇيغۇرنىڭ تېنى يىراق قىرلاردا ياشاۋاتقان بىلەن ھىسسىياتى ۋە تەپەككۇرى يەنىلا چۆچەكچە ۋەيا تۇرپانچە بولۇدۇ، يۇرتتىكى كەچۈرمىشلەرنىڭ قەلبىدە قالدۇرغان جاراھەتلىرى چەتئەللەردىكى ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ قىلىقىدا ئەكس ئەتكەن بولۇدۇ. ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتالمىش مىللىتىمىزدىكى ئىللەتلەر ھەققىدىكى تونۇشلىرى ئۇيغۇر دىيارىدا 1993-يىللاردىن كېيىن شەكىللەنگەن ئىللەتچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ مەھسۇلى. ئىللەتچىلىك ئەدەبىياتى گېزىت ژورناللارنى قاپلاپ، ناخشا بولۇپ سەھنىلەردە ئوقۇلۇپ، ئۈنلىنتىسى قىلىنىپ ئۆي-ئۆيلەرگىچە تارقىتىلغاچقا ئۇيغۇرنىڭ قەدىمى نەگە يەتسە «ئۇيغۇردا ئىللەت كۆپ» دېگەن ئەپسانە شۇ يەرلەردە ئېقىپ يۈرمەكتە. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار «ئىللەت» دەپ داتلاۋاتقان ھادىسىلەر ئوخشاش سىياسىي ۋە ئىجتىمائى موھىتتا ياشايدىغان مىللەتلەرگە ئورتاق بولۇپ ئۇيغۇرلۇقنىڭ مەخسۇس ماركىسى ئەمەس.

# قىينچىلىقنىڭ قۇدرىتى ۋە غالىپلىق

## 1. غەلىبە نەدىن باشلانغان؟

(ئىچكىرىدە ئوقۇش ۋە مۇۋەپپەقىيەتتىكى ئىچكى ئىنىرگىيە)

بىر قانچە يىل بۇرۇن «ئىچكىرىدە ئوقۇش ۋە مۇۋەپپەقىيەتتىكى ئىچكى ئىنىرگىيە» دېگەن بىر تېمىدا لېكسىيە سۆزلىمەكچى بولغانلىقىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن بۇ ھەقتە ئويلاشقۇچى بولمىغاندىم. يېقىندا ئىچكىرىدىكى بىر ئالى مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ شۇ يىلى ئامېرىكىدىكى بىر ئالى مەكتەپنىڭ فىزىكا پاكولتېتىغا تولۇق مۇكاپات بىلەن قوبۇل قىلىنغان بىر ئىنىمىزنىڭ دوستىدىن ئالغان خوش خەۋىرى مېنى بۇ تېمىغا باشلىدى.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە 2009-يىلى ئۇنىڭغا مەكتەپداش ئىككى ئۇيغۇر يىگىت ئامېرىكىغا، بىرئۇيغۇر قىز كورىيەگە ئوقۇشقا ماڭغانىكەن. بۇيىل ئۈچ مەكتەپداش ئۇيغۇر (ئىككى ئوغۇل بىر قىز) بىراقلا ئامېرىكا ئالى مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىپتۇ. ئىچكىرىدىكى ئالى مەكتەپلەردە ئوقۇغان ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ چەتئەللەرگە چىقىپ ئوقۇشى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئوقۇغانلاردىن جىق بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. ئەمما ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمىغان، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئانچە بەك تونۇش بولمىغان بىر شەھەردىن بىراقلا پارلىغان يۇلتۇزدەك ھەممىمىزنى ئىپتىخارغا چۆمدۈرگەن ياشلارنىڭ چىقىشى مېنى بۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە ئويلاتقۇزدى. شۇلارنىڭ بىرى بولغان ھېلىقى ئىنىمىز بىلەن بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئاكا-ئىنىدەك ئۆتۈۋاتقاچقا بۇ ھەقتە پاراڭلاشتىم. ئىچكىرىدە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يازغان ئىلخەتلىرى ھەققىدىمۇ ئويلۇدۇم، ھەم

ئۆزەممۇ ئىچكىرىدىكى مەلۇم ئالى مەكتەپتە ئوقۇغان ۋە شۇ يەردىكى بىر ئالى مەكتەپتە ئالتە يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەن بولغاچقا ئىچكىرىدىكى ئالى مەكتەپلەردە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ غالىپلار سېپىگە بۇرۇنراق قېتىلىشىدىكى مەنىۋي ئېنېرگىيە ۋە سىرلار ھەققىدە مۇنداق ئويلارغا كەلدىم.

ئىچكىرىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۇيغۇرنىڭ كىملىكىنى بىلىشكە، بىلدۈرۈشكە ۋە ئىسپاتلاشقا مەجبۇر. ئۇيغۇردا «مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس» دېگەن ئاتا سۆزى بار. بىز بۇ ماقالىدىن ئۇزاق مەزگىل چىگراغا، سۈنئىي ئىمكانسىزلىققا بەنت قىلىنغان خەلقىمىزنىڭ مۇسۇلمان دېگەن سۆز بىلەن ئۇيغۇر دېگەن سۆزنى بىر مەنىدە قوللىنىدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئۇلارنىڭ «مۇسۇلماننىڭ تىلىدا گەپ قىل»، «مۇسۇلماننىڭ قىلىقىنى قىل» دېيىشلىرىدىن ئۇيغۇر ئىبارىسى بىلەن مۇسۇلمان ئىبارىسىنى بىر دەپ بىلىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنداقكەن، ئۇيغۇرلۇق بىلەن مۇساپىرلىق نېمىشقا باغلىنىپ قالدى؟ ئۆزەم بىلىدىغان مۇسۇلمان مىللەتلەردىن سۈرۈشتۈرۈشۈمچە ئۇلاردا مۇنداق بىر ماقال يوقكەن. دانا بوۋا-مومىلىرىمىز بۇ ماقالىدا ئەسلىدە ئىنسان ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ۋەتىنىدىن ئايرىلغاندا، خەلقىدىن ئۇزاپ كەتكەندە بەكرەك بىلىشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى، ۋەتەن نېمە، ئۇيغۇرلۇق نېمە، ئىنسان نېمە دېگەن سوراقلارغا مۇساپىرلىقتا بىر قەدەر مۇكەممەل جاۋاپقا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆگەتمەكچى ئىكەن. ئەجداتلىرىمىزنىڭ بۇ ماقال ئارقىلىق بىزگە قالدۇرغان ھېكمىتى ھاياتىتىكى سەپەرگە يەنى تەۋەككۈلچىلىككە، مۈشكۈلاتقا يۈزلىنىش، بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ كىملىكى، كىم بولۇۋاتقانلىقى، كىم بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە كەسكىن قارارنىڭ خوجايىنى بولۇشقا ئۈندەش ئىكەن. بىز قەشقەردە غېنى، غۇلجىدا نۇرى، خوتەندە ئېلى، پەقەت مۇساپىرلىقتا قەدەم قويغاندىلا ئۇيغۇر بولىمىز. ئۇيغۇرلۇقىمىز خالايلى خالىمايلى باشقىلار تەرىپىدىن توختىماي ئەسكەرتىلىدۇ، دوق قىلىنىدۇ، سورىلىدۇ. ئۇيغۇر شەھەرلىرىدە ئوقۇغانلار بۇنداق سۇئالغا دۇچ كەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ رىقابەتدېشى يېنىدىكى تۇرگۇن ياكى ئەركىناي، ئۇ يەرلەردە ئۇيغۇرنىڭ كىملىكىنى ھەممە ئادەم «بىلىدۇ». بىلمىگەنلەرگە بىلدۈرگىدەك شارائىتمۇ، كىشىمۇ ئۆز غېمىدە. مەسىلەن:

ماگىزىندا سېتىلىۋاتقان يىمەكلىكلەرنىڭ قايسى ھالال قايسى ھارام دېگەنگە ئىچكىرىدە ئوقۇغانلار بەكرەك دىققەت قىلىدۇ. ھەرخىل سورۇنلاردا كىملەرنىڭ ھاكىمىيەت تىلى بولغان ئۇيغۇرچىدا كىملەرنىڭ ئاستىغا يېزىلىشى كېرەك بولغان خەنسۇچىدا سۆزلەۋاتقانلىقىغا ئىچكىرىدە ئوقۇغانلار چىڭقىراق ئىگە بولىدۇ. ئىچكىرىدىكى ئۇيغۇر بالىلار ئۇيغۇرنىڭ كىملىكىنى بىلىشكە، بىلدۈرۈشكە مەجبۇرلا ئەمەس شۇ بىلگەنگە ۋە بىلدۈرگەنگە لايىق ياشاشقا، ئىسپاتلاشقىمۇ مەجبۇر. ئامېرىكىغا كەلگەن ئىنىمىزنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ ئەركىن سىدىق ۋە نەبىجان تۇرسۇنلارنىڭ ماقالىلىرىنى ياقتۇرىدىكەن. بولۇپمۇ ئەركىن سىدىق ئاكىمىزدىن كۆپ ئىلھام ئاپتۇ. بۇلارنىڭ بىرى ئۇيغۇرنىڭ تارىختا كىم بولغانلىقىنى يازىدۇ، يەنە بىرى كىم بولالايدىغانلىقى ۋە بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە ئۈلگە تىكلەيدۇ. مەن «ئامېرىكىدىكى مۇساپىر تۇيغۇلار»نى يېزىپ مۇشۇ كۈنگىچە پەقەت ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ستۇدېنتلاردىن ئەڭ كۆپ خەت تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇكا ئىنىلەرنىڭ كۆزىگە ئۇيغۇرچە خەت دۆڭ كۆۋرۈكتىكى جاپاكەش ناۋاي، ئۆيدىكى ئاچچىقى يامان دادىسىدەك كۈندە كۆرۈنۈپ ئادەتتىكىچە بىلىنگەن بىلەن ئىچكىرىدىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئۇيغۇرچە ئۇيغۇرلۇقنىڭ بەلگىسى ۋە تەخىرسىز مەسئۇلىيەت بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

ئىچكىرىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ۋە مۇستەقىللىق روھى كۈچلۈك. ئىچكىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەركىلەيدىغانغا تۇرپان كورلىدىكىدەك ئاتا-ئانىسى، قەشقەر، ئۈرۈمچىدىكىدەك تاغىسى يا كى ھاممىسى يوق. ھەممە ئىشنى مۇستەقىل قارار قىلىش، مۇستەقىل داۋام قىلىش ئۇلارغا مۇتلەق يۈكلەنگەن. بۇنداق مۇستەقىللىق ئۇلارغا ئۆزى ئۈچۈن، كەلگۈسى ئۈچۈن ئىزدىنىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى، تەخىرسىزلىكىنى ھىس قىلدۇرىدۇ. يات شارائىت ماسلاشقانلارنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ئۈنسىز ئەسكەرتىدۇ. ئەڭ ئاددى بىر مىسال ئالسام، بىر ئوقۇغۇچۇم ئۆيىدە بەزى كۆكتاتلارنى يېمەيدىكەندۇق، تاماقنى بەك

تاللايدىكەندۇق. ئىچكىردە ئوقۇش جەريانىدا تاماقلار ھالاللا بولسا ئىلغىماي
يەيدىغان بولۇپتۇ. بىر ئوقۇغۇچۇم ئىچكىردە ئوقۇپ ماسلىشىشچانلىق
يېتىلدۈرگەچكە ياغلىق تېڭىپ ياشاش ئۈچۈن ئىچكىردە ئىشلەۋېتىپتۇ. ئاتا-
ئانىسى تويلۇق سوۋغات ئۈچۈن بەرگەن ئون مىڭ سوم پۇلنى بىر ئالى
مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلەۋېتىشكە سەرپ
قىلىپتۇ. ئۇ قىز ھەر تەتىلدە يۇرتىغا قايتقاندا ياغلىقنى ئالماسلىق ئۈچۈن
چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە مەجبۇر بولغانىكەن. مانا ھازىر ئىچكىردە يولدىشى
بىلەن بىر شىركەتنىڭ خوجايىنى. ئۇلار يۇرتتا ئوقۇغان بولسا ئۆزىنىڭ
كىملىكىگىمۇ قارار بېرەلمەس، قارار بەرگەن تەقدىردىمۇ قارارىغا لايىق
ياشىيالماس بولغىيدى. يۇرتتىن ئايرىلىپ مەنىۋى جەھەتتە تولۇق
مۇستەقىل بولغان ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ماددىي جەھەتتىمۇ مۇستەقىل بولۇپ
باشقىلارغا ياردەم بەرگىدەك ھالغا كېلىشى ئۇلارنىڭ ئىچكىردە ئوقۇغانلىقى
ۋە ياشىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئىچكىردە ئوقۇغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىددىيىسى ئوچۇق، نەزەر
دائىرىسى كەڭ. مەن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى موھىت ۋە ئىچكىرىدىكى
موھىتنى تاق پەنجىرىلىك ئۆي ۋە ئازادە سەيناغا ئوخشىتىمەن. مەن ئۈرۈمچىدە
ياشاش جەريانىدا ئىچكىردە ئوقۇپ يۇرتقا قايتقاندىن كېيىن خىزمەتتىن
كۆڭلى سۇ ئىچمەي مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلىگەنلەر بىلەن سۆھبەتتە
بولدۇم. ئۇلارنىڭ 60 پىرسەنتى ئىچكىرىدىكى ئالى مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەنلەر
بولۇپ چىقتى. ھەممىيلەنگە تونۇشلۇق مىسال ئارمان شىركىتىنىڭ لىدىرى
رادىل ئابلا. ئىچكىردە ئوقۇپ يۇرتتا ئوبدانىراق خىزمەت تاپالماي ھازىر كۆكنۇر
خەلقارا ئىمپورت ئېكسپورت شىركىتىنى قۇرغان بىر ئىنىمىزمۇ ئازادە
مەيدانىنىڭ بەختىگە مۇشەررەپ. بۇيەردە ئىككى ئوقۇغۇچىنى مىسال ئالىمەن.
مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ماتېماتىكا پاكۇلتىتىدا بىر
ئىنىمىز بولۇدۇغان سىنىپ بويىچە ئەڭ ئالدى بولۇپ ئوقۇيتتى.
ماگىستىرلىققا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمىدى. مەن ئۇنى قايتا ئىمتىھان
بېرىشكە دەۋەت قىلىپ بىر شىركەتكە تونۇشتۇرۇپ قويدۇم. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ
ماڭىمۇ دېمەي يېزىسىغا كېتىپتۇ. ئاڭلىسام مۇئاۋىن يېزاباشلىقى بولۇشقا
تەييارلىق قىلىۋاتقانمىش. ماتىماتىكا بىلەن يېزا باشلىقىنىڭ نېمە

مۇناسىۋىتى بار؟ يېزامدا تاسادىپى ئۇچرۇتۇپ قالدىم. قولىدا «36 تەدبىر» دېگەن كىتابنىڭ خەنسۇچىسىنى كۆتۈرۈۋاپتۇ. ئەپيۇھەنناس! «30 ياشتىن ئاشقاندا مۇئاۋىن يېزاباش بولۇشقا كىرىشكەن بولساڭ، ئۆزەڭ باش بولغىچە ماكچىيىپ سېسىق 36 بولۇپ كېتىدىغان بولدۇڭ!» دەپ ئويلۇدۇم ئىچىمدە. يەنە بىر ئىنىمىز ئىچكىرىدە ئوقۇغان، مەنچە بەك ياخشىمۇ ئوقۇپ كېتەلمىگەن ئىدى. ئاڭلىسام تەتىللەردە شۇ شەھەردىكى ئۇيغۇر ئاشخانىسىدا ئىشلەپ، ئاشخانىنىڭ ئەلمى تەلمىنى بىلىپ قاپتۇ. ئوقۇش پۈتكۈزۈپ يۇرتتا خىزمەت تاپالمىغاندىن كېيىن شۇ خوجايىنغا ياردەملىشىپ باشقۇرۇشقا ئارىلىشىپتۇ. ئازراق پۇل، يول تاپقاندىن كېيىن ھازىر شۇ شەھەردە خېلى نامدار بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسىنىڭ خوجايىنغا ئايلاندى. ماڭا بىر تەتىلدە ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ ماقالە توپلىمىنى چىرايلىق تۈپلىتىپ كىتاپ قىلىپ ئالغاچ كەپتۇ. مانا بۇ تاق پەنجىرىلىك ئۆيدە ياشىغان، ئىددىيىسى زەنجىرلەنگەن، ئىنسانلىق ھىسسىياتى بۇرمىلانغان كىشى بىلەن ئازادە مەيداندا ئازادە پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا، باراۋەر رىقابەت موھىتىدا ياشىغان كىشىنىڭ پەرقى.

مەن تۈركىيەدىكى چېغىمدا تۈركىيەدىكى ئالى مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئاخىرى شۇنداق بىلىم يۇرتلىرىدا پروپېسسور بولغان ئۇيغۇرلارنى كۆردۈم. مەن شۇلاردىن ئۈچ كىشىنىڭ ئىچكىرىدىكى ئالى مەكتەپنى تۈگەتكەنلىكىنى بىلىمەن. تۈركىيەدە غەلىبىلىك ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئىچكىرىدە ئوقۇغانلارنىڭ سانى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك. مەن مۇشۇ كۈنگىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، شىنجاڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ۋە ياكى ئۇيغۇر ئاپتونومدىكى ھەرقانداق بىر ئالى مەكتەپتىن بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنىڭ تولۇق كۇرۇسنى تۈگۈتۈپلا ئامېرىكىغا تولۇق مۇكاپات بىلەن ئوقۇشقا چىققانلىقىنى ئاڭلىمىدىم. باشقا دۆلەتلەرگە چىقىپ ئوقۇغانلارمۇ بەك ئاز. يۇرتتىكىلەردىن چىقالىغانلار بار لېكىن كۆپىنچە بىر قانچە يىلدىن كېيىن ياكى ماگىستىرلىقنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن چىقالاۋاتىدۇ. بۇنىڭدا سەۋەپ ھەرخىل،

پاسپورت مەسىلىسى، شارائىت مەسىلىسى، تۇرلۇك كۆرۈنمەس دوقاللار...بار، ئەمما مەنچە ئىچكىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئېرىشكەن يۇقارقى ئامىللارنىڭ يۇرتتا ئوقۇغانلاردا يوقلىقىمۇ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. باشتا تىلغا ئېلىنغان ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپتىن ئامېرىكىدەك دۇنيانىڭ پاراۋۇزىغا ياماشقان يۇقارقى ئېنى سىڭىللەرنىڭ ئۇتۇقلىرىدىكى سىرلار بۇلائەمەس.

## 2. غالىپلىقنىڭ ئەنگۈشتىرى

ئاكامنىڭ بىر ئاغىنىسى بار بولۇدۇغان. ئىككى بالىسى مىسىردا ئوقۇيدۇ. ئانچە مۇنچە ئۆيىگە بېرىپ قالسام، مېنى «چەتئەل كۆرگەن» دەپ چوڭ بىلىپ مەن ئامراق بالىلىرىغا تېلىفون ئېلىپ بېرىدۇ. تېلىفۇننى ماڭا بېرىشنىڭ ئالدىدا «خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما، ھەق ناھەق دەپ تالىشىپ زىدىيەتلەشمە، ئارتۇق پائالىيەتلەرگە چېتىلىپ قالما، ئادەم جىق يەردە گەپ قىلما، ئۆزەڭ بىلەن بولۇپ ھەممە ئادەمدىن ئېھتىيات قىل، تامىنىڭمۇ قولىقى بار، شۇڭا ياخشىسى خەققە ئارىلاشما...» دەپ تەربىيە بېرىدۇ. بۇنداق تەربىيەنى مەن بەك كۆپ ئاڭلىدىم. ئەمەلىيەتتە ۋەتەندە ئاتا-ئانىلارنىڭ كۆپىنچىسى پەرزەنتلىرىنى مۇشۇنداق نەسىھەت قىلىپ چوڭ قىلىدۇ. بۇ تەربىيەنى كۆندە ئۆزىنى مىڭ جاپادا باققان ئاتا-ئانىسىدىن ئاڭلاۋەرسە سىڭمەي قالامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇرتتا بۇ تەربىيەنى بېرىۋاتقانلار يالغۇز ئاتا ئانىلارلا ئەمەس. ئاتا-ئانا بىچارىلەر پەقەت ھەر چارشەنبە قاتناشقان سىياسىي ئۆگىنىشنىڭ تەسىراتىنى بالىلىرىغا تاڭىدۇ، خالاس. بۇ گەپ موھىتقا تېخىمۇ جىپسىلىشىپ مۇھەببەت ۋە ئىدولوگىيەنىڭ تەھدىتىدە ياشاۋاتقان پەرزەنتلەرنى تاماق، ئۇيقۇ، راھەتتىن باشقىغا ئىتىبارسىز قارايدىغان قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. بۇنداق ۋەز-نەسىھەتلەر ئەلۋەتتە ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتقان بالىلارغىمۇ قىلىنىدۇ، ئەمما ئاتا-ئانىلىق مېھرىگە ئورالغان بۇ ئۇيقۇ دورىسى ئىچكىرىدىكى چوڭ موھىتقا پەقەت ماس كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئانچە ئۇنۇم كۆرسۇتۇپ كېتەلمىسە كېرەك. چۈنكى، ئارقا ئارقىدىن غەلىبە قىلىۋاتقان ئىچكىرىنىڭ بىر شەھرىدىكى بۇ غالىپلارنىڭ بىرىنجى ئەڭگۈشتىرى يۇقارقى تەربىيىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلارنى غەلىبىگە ئۇلاشتۇرغىنى، ئاتا ئانىلارنىڭ قورققۇسىنى كەلتۈرىدىغان

تەشكىللىنىش ۋە ھەمكارلىق.

ئەسلى ئېچكىرىدىكى ئۇ مەكتەپتە ئۇيغۇر بالىلارنىڭ بىر ئانسامبىلى بولغانىكەن. كېيىن بالىلار بۇ ئانسامبىلنىڭ نامىنى قويۇپ بىر مۇۋەپپەقىيەت گورۇپپىسى قۇرۇپتۇ. مەزكۇر مەكتەپ شەھەرنىڭ بىرقانچە يېرىگە ئورۇنلاشقان، بىر قەدەر چوڭ بولغاچقا ئۇيغۇر بالىلار ھەر ھەپتىسى جۈمە چۈشتىن كېيىن يىغىلىدىكەن. ئاۋال بىر ھەپتە ئىچىدە ئۆگەنگەن بىلىم، ئاڭلىغان ئۇچۇرلار ھەققىدە يېرىم سائەت ئەتراپىدا مۇڭداشقاندىن كېيىن گورۇپپا ئەزالىرى ئۇچۇر ۋە بىلىملەر ئىچىدىن كۆپچۈلۈككە بىردەك ئالاقىدار بولغانلىرىنى ئورتاقلىشىدىكەن. بىلمىگەنلىرىنى كىلەر قېتىملىق مۇھاكىمىگە قالدۇرىدىكەن. تېمىلار ئىچىدە دائىملىق مەزمۇن ئېنگىلىز تىلى قىلىپ بېكىتىلگەنىكەن.

مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئىككىنچى ئەنگۈشتىرى ۋاقىت بەلگىلەپ توپلۇشۇپ چېنىقىش ۋە مەشرەپ. مۇۋەپپەقىيەت گورۇپپىسىدىكى يىگىتلەر جۈمە كۈنى يىغىلغاندا ئىككىنچى قىلىدىغان ئىش توپ ئويناش ۋە باشقا تەنھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش. ئۇلار خالىغانچە كوماندىلارغا تەشكىللىنىپ پۇتبول ئويناش جەريانىدا توپ ماھىرلىرىغا ئايلىنىپتۇ. مەكتەپ دەرىجىلىك مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ يۇرتداشلىرىنى ھاياجانلاندۇرۇپتۇ. مۇۋەپپەقىيەت گورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولغان ھېلىقى ئېنىمىز ھازىرمۇ تۆرك بالىلارنىڭ كوماندىسىدا كونا ماھارەتلىرىنى نامايەن قىلىپ يۈرىدۇ. قۇربان ھېيت، روزا ھېيتلاردا ئۆزلىرى قوي سويۇپ، مەشرەپ قىلىپ كۆڭۈل ئېچىشىپتۇ. ئامېرىكىدىكى ھېلىقى ئۇكىمىز ئۇيغۇرچە ئۇسۇلنى شۇ مەشرەپلەردە ئۆگىنىۋېتىپتىكەن.

ئۈچىنچى ئەنگۈشتەر ئۇيغۇرلۇق ھەققىدە ئىزدىنىش، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىش. بۇ جەھەتتە ئۇلار ئەركىن سىدىق، نەبىجان تۇرسۇن، ئەسئەت سۇلايمان قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»گە ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنى ھەر ھەپتىگە بۆلۈپ موھاكىمە

قىلىپ مىللەت ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى بېيىتىپتۇ. بۇ بىلىم ۋە چۈشەنچىلىرى ئارقىلىق مەكتەپنىڭ تۆرلۈك پائالىيەتلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلغان كەشپىياتلىرى، ھازىرقى سەنئەتتى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرۇپتۇ. نەتىجىدە خەنسۇ ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۆزلىرىنىڭ بىلىم ۋە گۆزەللىككە بولغان تەلپۈنۈشلىرى ۋە ئۇيغۇرنى تونۇتۇش ئارزۇسىنى قاندۇرۇپتۇ.

خۇلاسىلىغاندا، بۇ يىل ئىچكىرىدىكى ئۈ شەھەردە ئوقۇپ ئامېرىكىدىكى مەشھۇر ئۇنۋېرسىتېتلاردىن تولۇق مۇكاپاتلىق چاقىرىق تاپشۇرۇپ ئالغان ئۇيغۇر قىز- يىگىتلەرنىڭ غەلىبىسى ئەمەلىيەتتە ھەمكارلىقنىڭ، تەشكىللىنىشنىڭ غەلىبىسى. ئەلۋەتتە، بۇ غەلىبىلەرگە يۇقارقى ھەمكارلىق ئىچىگە سىڭگەن قېرىنداشلىق، تاماسىز ياردەم ۋە رىقابەت ئۆزگىچە مەزمۇن قوشقان. ئاڭلىسام بۇ ئىنىلەر مۇشۇ پائالىيىتىنى ئامېرىكا ئالى مەكتەپلىرىگە سۇنغان تەرجىمىھاللىرىدا يېزىپتۇ. ئامېرىكىدا بىر ئادەمنىڭ تەشكىللەشتىكى رەھبەرلىك ماھارىتى ۋە تەشكىللىنىشتىكى ھەمكارلىق، ئورتاقلىشىش ۋە مۇرەسسە قىلىش روھى ئالاھىدە تەكىتلىنىدىغان بولغاچقا ئۇلارنىڭ تەرجىمىھالىدىكى بۇ ئاكتىپ ئامىللار ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىپتۇ.

## 3. بىر ئۇيغۇرنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟

مەن ياش ئىنى سىڭىللەردىن ۋە دوستلاردىن داۋاملىق «مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلىدۇ؟»، «سەن بىر ئادەم نېمە قىلالايتتىڭ؟»، «ئۆزەڭنى بىل ئۆزگىنى قوي» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلايمەن. «بۇنداق ئوخشاش جۈملىلەرنى ئوخشىمىغان كىشىلەر قانداقسىگە بىراقلا يادلىۋالغاندۇ؟» دەپ قالاتتىم بەزىدە. ماڭا دوستلىرىمنىڭ خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزگەن ئامېرىكىدىكى بۇ ئىنىمىز بىر ئۇيغۇرنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

مەزكۇر ئىنىمىز ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن بېرىلىپ ئۆگەندى. ۋاقىت چىقىرىپ مۇۋەپپەقىيەت گورۇپپىسىدىكى ئىنى سىڭىللەرگە رىغبەت، مەسلەھەت، ئۈچۈرلارنى بېرىپ تۇردى. بىر يىل تىرىشىپ ماگىستىرلىقتا

ئوقۇيدىغان دەرسلەرنى تامامالاپ ئىككىنچى يىلى دوكتۇرلۇق لاياقەت ئىمتىھانىغا كىردى. مانا ھازىر بۇ ئىمتىھاندىن غەلىبىلىك ئۆتۈپ دوكتۇرلۇق ئوقۇشىنى باشلاپ بولدى. تېخى ئەمدىلا يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەن بۇ يىگىتنىڭ نەتىجىلىرى ئۇنىڭ ھايات يولىنىلا ئەمەس، ۋەتەندىكى دوستلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە تەشنا قەلبلىرىنى يورۇتتى. بۇ يىل بىر ئوقۇتۇقۇچىسىنىڭ ئوقۇغۇچى ئېلىش ئارزۇسى بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۆزى ئىشەنچ قىلغان بىر دوستىنى تونۇشتۇردى. ئىككى يىلدىن بېرى ئۇكىمىزنىڭ تىرىشچانلىقىغا قايىل بولغان ئۇ پروپېسسور تونۇشتۇرۇلغان ئۇ ئۇيغۇر بالىنىمۇ ئۇزاققا قالماي تولۇق ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن ئوقۇشقا قوبۇل قىلدى. بۇ ھەقتە ئۇيغۇر ئېلېكتىرون مۇتەخەسسىسى، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇش پۇرستى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن يۇقۇرى مۇئاشلىق شىركەتلەرنى رەت قىلىپ يۇتا ئۇنۇۋېرستېتىدا  پروپېسسور بولۇپ ئىشلەۋاتقان رەيھان بەكتۇر خانىم مۇنداق دەيدۇ «ئۇكام، بەكمۇ ھاياجانلىق خەۋەركەن. سىز نەتىجىلىرىڭىز بىلەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ غەيرىتىنى، ئىرادىسىنى ۋە ئىجاتچانلىقىنى پاكۇلتىتىڭىزدىكىلەرگە ئىتىراپ قىلغۇزدىڭىز.  سىز قالتىس ئىش قىدىڭىز، مەن سىزدىن ۋە سىزدەك ئۇيغۇر ياشلاردىن پەخىرلىنىمەن».

مەن ئىنىمىزدىن ئوقۇتۇقچىسىنى قايىل قىلىشتا ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە نەتىجىسىدىن باشقا يەنە قايسى ئامىلنىڭ رول ئوينىغانلىقىنى سورۇدۇم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە: پروپېسسورى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىچىكىدىن ئۇيغۇرچە ئوقۇپ، مەكتەپتە خەنسۇچە ئۆگىنىپ، ئىنگىلىزتىلىدا ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئامېرىكا ئالى مەكتەپلىرىنىڭ ماگىستىرلىق تەلىپىگە يەتكىدەك سەۋىيەگە ئېرىشكەن جاسارىتىگە قايىل ئىكەن. ئەسلى بۇ يىل مەزكۇر پروپېسسورغا ئامېرىكىدىكى بىر داڭلىق ئالى مەكتەپنىڭ فىزىكا كەسپىنى تۈگەتكەن بىر قىزمۇ ئىلتىماس سۇنغانىكەن. ھېلىقى ئۇيغۇر ئىنىمىزدىكى قاتمۇ - قات قىيىچىلىقلار ئىچىدىن بۆسۈپ چىققان جاسارەت ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ھەيئىتىدىكىلەرنى بىردەك قايىل قىلىپتۇ. فىزىكا ساھەسىدە

خەلقارادا ئانچە نامى بولمىغان بىر مەكتەپنى تۈگەتكەن ئۇيغۇر ئىنىمىز رىقابەتتە مۇشۇ ساھەدە ئەڭ ئالدىنقى مەكتەپنى تۈگەتكەن ئامېرىكىلىق قىزنى يېڭىپ چۈشۈپتۇ. يۇقارقى كەچمىشلەر كۆز ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىقنىڭ بىزنىڭ مەغلۇبىيىتىمىزگە مۇتلەق سەۋەپ بولالمايدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى. پىشكەللىك ئىچىدىكى ھالىتىمىز ئەمەلىيەتتە بىزنى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىنسان قىلىپ تاۋلاۋېتىپتۇ.

بىر ئۇيغۇرنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟ 2009-يىلى ئامېرىكىغا كەلگەن ئىنىمىز بىرگە شۇنداق دەيدۇ. «بىر ئۇيغۇرنىڭ قولىدىن ئۇيغۇرنىڭ ئىرادىسىنى ئەتراپىغا جاكارلاش كېلىدۇ. ئۆز مۇۋەپپەقىيىتى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ غەلىبە يولىنى يورۇتۇش كېلىدۇ. ئوز قابىلىيىتى ئارقىلىق ئۇيغۇرنىڭ قابىللىقىغا باشقىلارنى قايىل قىلىش كېلىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ پەزىلىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قانداق ئىنسانلارنى يېتىشتۈرۈشكە قادىرلىقىنى جاھانغا بىلدۈرۈش كېلىدۇ. تەجرىبىلىرى ئارقىلىق قېرىنداشلىرىنى غەلىبىگە تەشكىللەش، ئىلھام بېرىش، يېقىلغاننى يۆلەش كېلىدۇ».

# ئامېرىكىچە قونداق ۋە ئۇيغۇرچە قەپەز

ــ سۆيگۈ قەپىزىدىن ئەقىل قوندىقىغا

«ئامېرىكىدىكى مۇساپىر تۇيغۇلار» نىڭ دەسلەپكى بۆلەكلىرىنى يېزىپ بولۇپ ئاخىرىنى داۋام قىلمىدىم. سەۋەبى بىرى ۋاقتىم چىقمىدى، يەنە بىرى نېمىلەرنى كەم نېمىلەرنى ئارتۇق، نېمىنى ئۇتتۇقلۇق، نېمىنى ئۇتتۇقسىز يازغانلىقىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. يازمامنى ياقتۇرغانلاردىن سورىدىم، ئەمما ئېنىق جاۋاپ چىقمىدى. ئارىدا بىر ئىش ماڭا بەك تەسىر قىلدى. دېيىلىشىچە ئۆي ئوچاقلىق بولۇپ 30 ياشقا كىرىپ قالغان، بىر بالىلىق بولغان بىر يىگىت ئۆيىنى گۆرۈكەشكە 80 مىڭ سومغا گۆرۈگە قويۇپ يوقاپ كېتىپتۇ. ئانا يىغلاپتۇ، قېرىنداشلار ئىزدىمىگەن يەر قالماپتۇ. بالا يوق. بالىنىڭ قېرىنداشلىرى نەچچە يىلدىن بېرى قىمار ئويناپ، ھاراق ئىچىپ، يوقاپ كېتىپ كۆپ جاپا سالغان ئىنىسىنىڭ دېرىكىنى قىلالماي تىت ـ تىت بولۇپ تۇرغاندا ئانىسىنىڭ بۇ گېپى بەك ئېغىر كەپتۇ: «سىلەر ھەممىڭلار ئۆزگۈرنىڭ يامان گېپىنى قىلىسىلەر، يامان كۆرىسىلەر، شۇڭا تۈزۈك ئىزدىمىدىڭلار. شۇ بالام مەندىن كېيىن قالسا ئاراڭلاردا خار بولۇپ قالغۇدەك. مەن ئۆلۈپ كېتەر بولسام شۇ بالامغا دورا بېرىپ ئۆزەم بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىمەن» . بۇ گەپ ماڭىمۇ بەك تەسىر قىلدى. يېقىندا ماڭا خەت يازغان بىر دوستىمىز ئامېرىكىدىكى ئاتا-ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى سوراپتۇ. يەنە بىر ئاچىمىز ئەدەبىي خاتىرەمنىڭ «ئامېرىكا، قىزىم ۋە بىزنىڭ ئۇيغۇرلىقىمىز» دېگەن بۆلىكىگە باھا بېرىپ «بىز ئۇيغۇرلار پەرزەنتىمىزنى باغرىمىزغا تېڭىپ، مۇھەببەتتىن پۈتكەن تەۋرۈك بۆشۈكىمىزگە بۆلەپ، بىر ئۆمۈر سۆيگۈمىز بىلەن پەپىلەپ، مېھرىمىزگە چۆمدۈرۈپ چوڭ قىلىمىز» دەپ يېزىپتۇ، ۋە بۇنى ئۇيغۇر ئانىلىرىدىكى

خىسلەت دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ. مۇشۇلارنى ئويلاپ كۆڭلۈمدە ئامېرىكىلىق ئانا ۋە ئۇيغۇر ئانىلارنىڭ پەرزەنت سۆيگۈسى، تەربىيىسى، دەردى ۋە كەچۈرمىشلىرىدىكى پەرقلەر ۋە بۇلارنىڭ سەۋەبلەرى، نەتىجىلىرى ھەققىدە يازغۇم كەلدى.

مەن ئەڭ ياخشى بىلىدىغان ئامېرىكىلىق ئانا 50 تىن ئاشقان پروپېسسور. يالغۇز ئىككى قەۋەتلىك داچىسىدا تۇرىدۇ. ئۇ خانىمنىڭ 80 دىن ئاشقان ئانىسى ھېلىمۇ ھايات. بىر قانچە قېتىم ئۆيىگە باردىم، لېكىن قىزى توغرۇلۇق كۆپ توختالمىدى. پەقەت قىزىنىڭ تولۇق ئوتتۇرىنى گېرمانىيەدە ئوقۇغىدىنلا خەۋىرىم بار. سەۋەبى گېرمانىيىدە ئوقۇغان ئانىسى ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىدىن نارازىكەن. بىزنىڭ ئۇيغۇرنىڭ قائىدىسى بويىچە قىزىڭىز قانداق، ئانىڭىز تىنچلىقمۇ؟ دېگەندەك سوئاللىرىمىزغا قىسقىلا «ياخشى» دەپ قويىدۇ. مەنغۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەھۋال سوراشقاندا ئاتا-ئانا ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىمايدىغانلىقىنى بىلگەچ باشتا ئۆيدىكى قىزىنىڭ رەسىمگە قاراپ سوراپ تاشلىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا سوراپ باقمىدىم. ئەمما بۇ خانىمنىڭ بۇنداق سوئاللارنى سورىغان باشقا يېقىن كەلگەن بىر ئۇيغۇر ئانىغىمۇ قىسقىلا جاۋاپ بەرگىنىنى كۆردۈم. ئانىسى لوس ـ ئانژىلىستا تۇرىدىكەن. بىرلا قىزى بولۇپ، ئۇ كانادادا ئوقۇيدىكەن. بىر قېتىم كانادا چېگرىسىغا يېقىن بىر شىتاتقا يىغىن ۋە تەربىيىلىنىشكە بىللە باردۇق. بەلكىم قىزى بىلەن كۆرۈشەرمىكىن دەپ ئويلىسام ئۇمۇ بولمىدى. ساق ئىككى ئاي تۇرغان بولساقمۇ كانادادا تەتىل قىلىۋاتقان قىزى ئانىسىنى كۆرگىلى كەلمىدى. (ئاڭلىشىمچە تەتىلدە ئىشلەپ كېيىنكى مەۋسۇمنىڭ پۇلىنى تاپمىسا بولمايدىكەن. ئادەتتە ئامېرىكىدا ئاتا ئانىلار قۇربى يەتسە ياكى خالىسا بالىسىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلەپ بېرىدىكەن ياكى قەرز بېرىدىكەن. لېكىن ئوقۇش پۇلىنىمۇ، تۇرمۇش پۇلىنىمۇ پۈتۈنلەي ئاتا ئانىسى تۆلەپ بېرىدىغان ئىش ئاساسەن مەۋجۇد ئەمەسكەن.) بىزنىڭ پروفېسسور خانىمۇ قىزىنى يوقلاپ بارمىدى. ئۇرۇمچى ۋە قەشقەردە بىر مەزگىل تۇرغان بۇ خانىم، ماڭا پات ـ پات «ئۇيغۇر ئانىلىرى پەۋقۇلاددە ئانىلار» دەپ قويىدۇ. بىر كۈنى بۇ خانىم يىغلاپ بالكونغا چىقىپ كەتتى. ئىچى بوشاپ كىرگەندە سورىسام، ساقچىدىن تېلېفون كەپتىمىش. ئانىسى ماشىنا ھەيدەپ كوكتاتقا چىقىپ

ماڭغان يولىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ساقچى بايقاپ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن قىزىغا تېلېفون قىلغانىكەن . «سانوتۇرىيەگە بار، دېسەم مەن ساق دەيدۇ. باقىدىغان ئادەم ياللاپ بېرەي دېسەم، هاجىتىمدىن ئۆزەم چىقىمەن دەيدۇ. ئانام دائىم مۇشۇنداق بىزنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ئالدايدۇ» دەپ يىغلاپ كەتتى پروففېسسور. بىر ئاز تەسەللى بېرىپ «سىز ئۆيىڭىزگە ئەكىلىۋالسىڭىز بولمامدۇ» دېسەم، «ئاپام ئۇنىمايدۇ، ئامېرىكىدا ئادەتتە بۇنداق ئىش جىق يوق. مەن ئانامنىڭ قېشىغا بارساممۇ بىر هەپتىدىن ئارتۇق تۇرمايمەن. ئامېرىكىدا هەر قانچە يېقىن كىشىلەرمۇ بىر-بىرىنىڭ ئۆيىدە ئىككى هەپتىدىن ئارتۇق تۇرمايدۇ. بالا ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن ئاتا-ئانىسى بىلەن ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا يىگىرمە كۈن تۇرۇشى مۇمكىن» دەيدۇ. بۇ خانىم لوس ـ ئانژېلىستىكى ئاپىسىنى مىلاد بايرىمىدا يىلدا بىر كۆرگىلى بارىدىكەن، قىزى شەپائەت بايرىمى ۋاقتىدا كېلىپ ئانىسى بىلەن بايرام قىلىدىكەن. ئايروپىلان قاتنىشى هەم قولاي، هەم ئەرزان بۇ ئامېرىكىدا ئارىلىق ئېشىپ كەتسە ئىككى سائەتلىك يول. كېيىن باشقا ستۇدېنتلاردىنمۇ سوراپ باقتىم. تەتىل بولسا ئۇلار ئاساسەن ئىشلەيدىكەن. ئارىلىقتىكى قىسقا دەم ئېلىشلاردا ساياهەتكە بارىدىكەن. مەن ئىككى يىلدىن بېرى مەھەللىمىزدە ئامېرىكىلىق ئاتا-ئانىلارنىڭ كېلىپ باللىرى بىلەن تۇرۇپ كەتكەننى كۆرمىدىم. ئامېرىكىدا ئاتا-ئانىلارنىڭ ئالى مەكتەپتىكى باللىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى بەك هەيرانلىق قوزغايدىغان ئىش بولغاچقا مۇنداق ئاتا-ئانىلارنى «تىك ئۇچاردەك ئاتا-ئانىلار» دەپ ئاتايدىكەن. مۇنداق دېگەنلىك «تىك ئۇچاردەك باللىرىنىڭ بېشىدىن ئەگىپ كېتەلمەيدىغان» دېگەن مەنىدە ئىكەن. ئادەتتە باللىرىنى يوقلاپ كەلگەن هىندىستانلىق، جۇڭگولۇق ئاتا-ئانىلارنى كۈندە كۆرۈپ تۇرىمەن، ئۇلار ئاساسەن نەۋرە باققىلى كېلىشىدۇ. ئامېرىكىلىقلار دائىم بۇ ئىشلارغا تاڭ قالغانلىقىنى يوشۇرالمايدۇ. بۇنداق دېگەنلىك ئۇلار مېھرىسىز دېگەنلىك ئەمەس. هەر يەكشەنبە چىركاۋدا ئۇچرىشىدىغان ئائىلىلەر كۆپ، ئايدا بىر دالا تاملىقى يەيدىغان قېرىنداشلارمۇ نۇرغۇن. ئەمما بۇنداق ئاتا-ئانا بىلەن بالا

ئوتتۇرىسىدا چەكسىز بېقىلىش، يۆلىنىش، ھەمدەرتلىك يوقنىڭ ئونىدا. بالا باققاننىڭ ئۈستىگە بۇنداق نەۋرە باققۇچىلار قوشۇنى جۈڭگودىن ئەڭ جىق. ھىندىستانلىق قوشنامنىڭ ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىدە ئانىسى كېلىپ نەچچە ئاي تۇردىكىن بىلمىدىم. تۆرلۈك سورۇنلاردا بولدۇم، بەزى شەھەرلەرنى كەزدىم. ھەتتا جىقراق ئادەم بىلەن ئۇچرۇشۇپ ئامېرىكىنى چۈشىنەي دەپ ئالتە كېچە كۈندۈز ئاپتۇبوسقا ئولتۇرۇپ ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئاۋال شەرقى دېڭىز قىرغىقىغا ئاندىن جەنۇبى ئۇچىدىكى مايئەمىگىچە بېرىپ كەلدىم. مەيلى ئاپتوبۇس ئىچىدە ياكى بېكەتتە ماشىنا ساقلاۋېتىپ بولسۇن ئامېرىكىلىقلارنىڭ بالىلىرىنىڭ غېمىدە دەرت تۆكۈشكىنىنى كۆرمىدىم. بۇ يەردە مەن ئۇچراتقان ئانىلارنىڭ بالا غېمى، يا بالىلارنىڭ ئانا ھەسرىتى يوقتەكلا كۆرۈندۇ.

مەن تىلغا ئالغان خانىمنىڭ ئوغۇل دوستى بار. چىرايلىق ياسىنىپ كىيىكتەك تاقلاپ يۈرىشى 30 غا توشمىغان چوكانلارنى ئەسلىتىدۇ. كۈندە مەكتەپكە ۋېلسىپىتنى ئۇچقاندەك مىنىپ كېلىپ، دەرسنى ھەممەيلەننى ئاغزىغا قارىتىپ سۆزلەپ يەنە ئۇچقاندەك كېتىپ قالىدۇ. ئۆزەمچە مېنىڭ تېخى قىرىققا بارمىغان قىز ساۋاقداشلىرىمنى ئەسلەپ قالىمەن، قىزىق يېرى ئۇلار ھازىرلا ماڭا نەۋرە بېقىشنىڭ پارىڭىنى سېلىپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ «پىنسىيىگە چىقسام» دېيىشلىرىنى توغرا چۈشەنسەمۇ، بالدۇرراق نەۋرە باقسام دېگەنلىرىگە ھەيران قالىمەن.

ئامېرىكىدىكى ئانا بالىلىق مېھرىگە باققاندا بىزدىكى ئانا - بالىلىق مۇھەببەتنى تېخمۇ چەكسىز، مەڭگۈلۈك دېگۈم كېلىدۇ. ئۇيغۇر ئانىلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدا ئۇيغۇردىكى ئانا مېھرىنىڭ دېڭىزلىقىغا چىنپۇتىمەن. بەزىدە مۇشۇ مېھىر دېڭىزىدا غالىپلارچە ئۈزۈۋاتقانلارنى كۆرسەم، بەزىدە كېمە سېلىپ ساياھەت قىلىۋاتقانلار كۆزۈمگە چېلىقىدۇ. يەنە بەزىلەرنى بۇ پايانسىز سۆيگۈ دېڭىزىدا تۇنجۇقۇپ جان تالىشىۋاتقاندەك پەرەز قىلىمەن. قايسى سورۇنغا بارسام ئانىلارنىڭ بالا غېمى، ھەر قانداق قاتناش ۋاستىسىدا بالا دەردىدە مىڭ پارە بولغان ئانىنى ئۇچرىتىمەن. ئۇيغۇر ئانا بالا باقىدۇ، ئۆيلەيدۇ، ئۆي ئالىدۇ، نەۋرە باقىدۇ لېكىن نېمىگە ئېرىشىدۇ؟ 30 ياشقىچە بىر پۇل تېپىپ «ئانا، ماۋۇ مېنىڭ تاپقىنىمكەن» دېيىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، نەچچە يۈز

مىڭ سومغا ئېلىپ بەرگەن ئۆينى گۆرەگە قويۇپ قاچقان بالا، ئانىسى يول مېڭىپ 11 قېتىم خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرسا قىلمىغان، ئوغۇشۇلۇپ قالامدىكىن دېگەن ئۈمىدتە ئۆيلەپ قويسا خوتۇنىنى قىمارغا ئۇتتۇرىۋەتكەن بالا، ئايالى بوشانغاندا دوختۇرخانىغا تۆلەيدىغان پۇلنى ئانىسى بەرسە، شۇ ئاخشىمى قىماردا ئۇتتۇرۇپ قويۇپ بالىسىنى قۇرۇق نان بىلەن ئېغىزلاندۇرغان بالا، ھەممە تەئەللۇقاتنى ئۇتتۇرۇپ، قاتمۇ ـ قات قەرزگە بوغۇلۇپ ئاغرىپ ياتقان بالا...مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن ئوقۇغۇچىلىرىمدىن ۋە ئەتراپىمدىنلا ئاڭلىدىم. 19 يىل بولۇپتۇ، ئادەتتە يۇرتتا بولغان ۋاقتىم بىر ئايدىن ئاشماپتۇ. كۆپ چاغلاردا ئاڭلىغانلىرىمنى ئۇنتۇپ كەتتىم. يوقارقىلار مەن ئۇنۇتالمىغان ئىشلار. بۇ ۋەقەلەردە باش رولچى ئانا ۋە ئوغۇل بالا. كۆپىنچە ئانا تۇل، بالا ئەركە. قاقشاتقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى بالىنىڭ چوڭى ياكى كەنجىسى. مەن بۇنداق ئانىلارنىڭ ئىسەدەپ قىلغان دۇئاسىنى يىغلاپ تۇرۇپ ئاڭلىغان، مېنىڭ ئېچىنغىنىم، شۇنچە مۇڭلۇق، تەسىرلىك دۇئانىڭ بالىنىڭ ئاغزىدىن ئەمەس، دائىم ئانىنىڭ ئاغزىدىن چىقىشى. ئاللاھقا تۆۋلەرنى گۇناھكار بالىنىڭ ئەمەس، كۆڭلى بېشىدىكى رومالدەكلا ئاق ئانىلارنىڭ ئېيتىشى. ياخشى يول، ئىنساپ، ھىدايەت ئۈچۈن ئىزدەنگۈچىنىڭ ئازغان بالا ئەمەس باغرى قان ئانا بولۇشى. مەن بەزەن كېچە ئۇخلىماي بالىسىغا ئىمان، توغرا يول، ۋىجدان تىلەپ ئاللاھقا زار ـ زار يىغلاۋاتقان ئانىلارنى كۆرگۈنۈمدە، شۇنچە دۇئالاردىن كېيىنمۇ بالىلار دىيانەتكە، ھىدايەتكە، توغرا يولغا قايتمىسا مۇشۇ پەرىشتە ئانىلارنى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە مەرھىمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرەيمەن. شۇ ئانىلار ئۈچۈن مۇشۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلالىسام، ئانىلار «بۇ بالىمىزنىڭ دىلىغا ئاللاھ مۇشۇ يولنى سالغانىكەن، بالىمىزنى يامان يولدىن توسۇپ قالدى، ئاللاھ كۆزدىن ئايرىغاننى ھاسىسىدىن ئايرىمايدىكەن» دەپ خاتىرجەم نامىزىنى داۋام قىلىسىكەن دەيمەن. ئانىلارغا «سۆيۈملۈك ئانا، مەن بالىڭىزغا ياردەم بېرەي، بالىڭىزنى بېرەلەمسىز؟ مەسىلىنىڭ بالىڭىزدىكىلا ئەمەس بالىلاردىكى مەسىلە ئىكەنلىكىگە قايىل بولامسىز؟

بالىڭىزنى ئەقىدە ئۈچۈن باشلىغان سەپىرىمىزگە ئۇزۇتالامسىز؟ سۆيگۈڭىزنىڭ كىشەن، زىندان، قەپەزگە ئايلىنىپ قالغىنىغا ئىشىنەمسىز؟ بالىڭىزنىڭ سۆيگۈنىڭ كۈچى بىلەن توختاۋسىز ئالغا بېسىشىنىڭ ئورنىغا سۆيگۈنىڭ يۈكى ئاستىدا پۇشۇلداپ ياتقىنىغا شۈكۈر قىلامسىز؟ ئانا، دۇئا، ئىشەنچ، رىغبەت سىزدىن بولسۇن، تەربىيە، يېتەكچىلىك، مېهىر بىزدىن بولسۇن قوشۇلامسىز؟» دېگۈم كېلىدۇ. ئەمما تەجرىبەمدىن قارىغاندا ئانىلار مېنىڭ تەدبىرىمدىن بەكرەك دۇئانىڭ قۇدرىتىگە ۋە ئانىلىق مېهرىنىڭ بالىلىرىنى هامان تەسىرلەندۇرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشىدۇ.

ئۇيغۇر ئانىلىرىنىڭ مېهرى تارىمدەك ئۇلۇغ، كارىزدەك مۆجىزىلىك. مەن ئۇيغۇر ئانىلىرىنىڭ ئامېرىكىلىق ئانىلاردەك بالا بېقىش لەززىتىنى ئەمەس جاپاسىنى تولا تېتىشىنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكىچە چۈشەندۈرۈپ باقتىم. 1. تۆشەككە ئايلانغان ئانىلىق مېهرى. مەن پەقەت پەرزەنتلەرنى مۇهەببەتتىن پۈتكەن تەۋرۈك بۆشۈكلەرگە بۆلەپ چوڭ قىلغان بىر قىسىم ئانىلىرىمىز بۆشۈككە بىر بۆلىگەنچە مۇهەببەتكە بوغۇپ قويۇۋاتقاندەك تەسەۋۋۇر قىلىمەن. ئۇلارنىڭ مۇهەببىتى بالا ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تۆشەك بولىدۇ. بۇنداق بالىلارنىڭ تەييار تۆشەكتە تېگى مۇزلاپ ئۇششىمىگۈچە دەس تۇرمايدۇ ۋە تۇرالمايدۇ. بۇنىڭغا هېلىقى قىمارۋاز ئوغۇللارنى مىسال قىلىش مۇمكىن. 2. مۇهەببەت نامىدىكى پرىنسىپسىزلىق ۋە زىيانكەشلىك. باشتىكى ئانىنىڭ «سىلەر هەممىڭلار ئۆزگۈرنىڭ يامان گېپىنى قىلىسىلەر، يامان كۆرسىلەر، شۇڭا تۇزۇك ئىزدىمىدىڭلار. شۇ بالام مەندىن كېيىن قالسا ئاراڭلاردا خار بولۇپ قالغۇدەك. مەن ئۆلۈپ كېتەر بولسام شۇ بالامغا دورا بېرىپ ئۆزەم بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىمەن» دېگەن سۆزلىرى پرىنسىپسىزلىق، دىنىمىزغا خىلاپ. دىنىمىزدا جاننى ئاللاھ بەرگەن، ئالغۇچىمۇ شۇ ئاللاھ بىر ئۆزى. بىر قىسىم ئانىلارنىڭ قىلىۋاتقىنى بالا مېهرىگە ئورالغان ئۆزىگە ۋە ئۆزگىگە زىيانكەشلىك قىلىش، خاراپ قىلىشتۇر. مەن ئاڭلىغان هېلىقى بالىسىنى 11 قېتىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان ئانا بىر ئوقۇغۇچىمىنىڭ ئانىسى ئىدى. بۇ ئانا ئوغلىنىڭ هاراقنى تولا ئىچكەنلىكتىن پەرزەنت كۆرەلمەس بولۇپ قالغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ ئوغلىنى ئۆيلەپ باشقا بىر ئانا بولغۇچىنىڭ مۇقەددەس هوقۇقىنى پايخان قىلىپتۇ. بۇ مۇهەببەتنىڭ ئەقلىنى، ئىنسانلىقىنى، ئەخلاقىنى خاراپ

قىلىشى بولماي نېمە؟ 3. قەپەزگە ئايلانغان ئانىلىق سۆيگۈسى. باللار بۇزۇلۇپ كەتتى. چۈنكى يامانلىقلار كوچىمىزدىلا ماراپ يۈرىدۇ، دەپ ئانىلارنىڭ قىلىۋاتقىنى باللىنى بۇزۇۋاتقان مەھەللىنى يامانلاش لېكىن تۈزەشكە كۆچمەسلىك. ئۇلار «كەينىمنى بۆرە يېسە يېسۇن كۆزۈم كۆرمىسۇن» دېگەندەك باللىرىنى ئۆيگە قاۋاش، بالىسى نەگە بارسا كەينىدىن پايلاش، بالىسىدىكى گۈناھنى دوستلىرىدىن، قورۇدىكىلەردىن كۆرۈپ باتناش بولۇۋاتىدۇ. بالىنىڭ تېنىنى قورىغان بىلەن قۇترىغان ھەۋەسلىرىنى بەنت قىلالامدۇق؟ بالىمىزنى توسىغان بىلەن جەمىيەتتە ھەۋەسلەرنى قۇترىتىۋاتقانلارنى توسالامدۇق؟ نەپسى بالانى قوزغۇتۇشنى تىجارەتنىڭ دەسمايىسى قىلىۋالغانلارنى چەكلىيەلەمدۇق؟ چېرىكلىكتىن نەپ ئالغان بالىمىز چېرىكلىكتە تۇنجۇقىۋاتسا ئۇنىڭغا تۇتقان ھىدايەت گۈلىمىزنى پۇرۇتالامدۇق؟ چىڭگىزخان داموللام «زېمىن پاك بولمىسا ناماز قوبۇل بولمايدۇ» دېگەنىكەن. بالىمىزنى كىچىكىدىن ئۇشۇق ئىشقا ئارىلاشما، ھەق ـ ناھەق دەپ تالاشما، قورسىقىڭنىڭ تويغىنىنى بىلىپ تېنىچ بېرىپ، تىنچ كەل بالام دەپ قەپەزدىكى قۇشنى باقاندەك بېقىپ قەپەزگە پاتماي قالغاندا ناپاك زېمىنغا قويۇۋەتسەك بالا ئەپلەپ ئۇچالامدۇ؟ چۈشسە نەگە چۈشىدۇ؟ 4. مېھرىنى قالقان قىلىپ ھەممىنى زەيىپلىككە، قېرىلىققا، دۆڭگەش. بۇرۇن ئانىلارنىڭ ئاغزىدىن يېشىم چوڭلاپ كەتتى، ئەمدى بالام ئۈچۈن ياشايمەن، بىزنىڭ بولۇشىمىز مۇشۇ بولۇپ قالدى ئەمدى ئىشنى باللار قىلىدۇ... دېسە، ئۇيغۇر ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدە خىيالغا كېتەتتىم. ئانىلار ئۈمىدىم باللاردا، مەن نېمە بولسام چىداپ بالام ئۈچۈن ياشايمەن، ئۆزەم ئۆگەنگەنلىرىمنى يەپ بولدۇم، مۇشۇ باللارنى يارامىلىق قىلىپ قاتارغا قوشسام... دېگەن گەپلەردىن تەسىرلىنەتتىم. ھازىر ئويلۇنۇدۇغان بولدۇم. سىز ئىنساندەك قەدرىڭىز بىلەن ياشىيالمىسىڭىز بالىڭىز قەدرىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ چوڭ بولارمۇ؟ قەدىرلەش، قەدىرلىنىشنى ئۆگىنەلەرمۇ؟ سىز بىلمەي بالىڭىزغا نېمىنى ئۆگىتىسىز، سىز ئۆگىتەلمىسىڭىز بالىڭىز بىلەن

ئارىلىقىڭىز ئۇزاقلايدۇ، بالىڭىز خەقتىن، تەڭتۇشلىرىدىن، مۇھىتتىن ئۆگىنىدۇ. سىز قاقشاۋاتقان مۇھىت بالىڭىزغا نېمە ئۆگىتەر؟ سىز ھاياتتىكى مەسىلىڭىزنى ئەقلىڭىز بىلەن ھەل قىلماي بالىڭىزدىن قايسى جاسارەتنى كۈتىسىز؟ بالا سىزنى ئۈلگە قىلسا سىزنىڭ بالىڭىز، سىز ئۈلگە بولالمىسىڭىز كىمنىڭ بالىسى بولار؟ 5. سولغان ئاتىلىق ۋە ئەرلىك روھى. ئانىلارنىڭ بارلىق مېھرىنى بالىغا بېرىشىگە ۋە بۇ مېھرىنىڭ پەرزەنتلەر ئاياقلىرىدىكى كىشەنگە ئايلىنىپ قېلىشىدا بىر قىسىم ئەرلەردە ئاتىلىق مەسئۇلىيەت ۋە روھنىڭ سولۇشى ئاساسلىق سەۋەپ. ئۆيدە ئاياللىق سۆيۈلۈش بەختىدىن مەھرۇم قالغان ئانىلار بارلىق سۆيگۈسىنى بالىسىغا بېغىشلاپ، بالىغا بولغان سۆيگۈنى ھاياتىنىڭ مەنىسى قىلىۋالغان. ئائىلىدىكى بالىغا ئائىت مەسئۇلىيەتلەرنى ئاساسەن ئانىنىڭ ئۈستىگە ئېلىشى بالىلارنى تەبىئىلا كىچىكىدىن ئانىلارغا تايىنىدىغان قىلىپ قويغان. ئاتا-ئانىلار يىغىنىغا كەلگەنلەرنىڭ، يەسلىگە بالىسىنى ئالغىلى كەلگەنلەرنىڭ، بالىسىنى ئەملەتكىلى كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچە ئانىلار بولۇشى كىشىنى «ئاتىلارنىڭ زادى نېمە رولى باردۇر؟» دېگەن تۇيغۇغا چۆمدۈرىدۇ. بىر قىسىم ئەرلەرنىڭ بىرەر پالاكەتكە ئۇچرىغاندا تەدبىر قىلىش ئورنىغا دوستلىرىنى يىغىپ ھاراق ئىچىشى، جەمئىيەتتىكى ئورنىنى تەۋەككۈلچىلىك بىلەن پۇل تېپىش، جان تىكىپ ئۆگۈنۈش، قان تەر ئاققۇزۇپ ئىشلەشتىن ئەمەس خىزمەتدېشىغا «كۆڭۈل يەتكۈزۈش»، باشلىقىنىڭ «ھاجىتىدىن چىقىش» قاتارلىقلاردىن ئىزدىشى ئەرلىك روھنىڭ سولىشىدۇر. دېمەك، بۇنداق ئەرلىك روھ ۋە ئاتىلىق مەسئۇلىيەت سۇسلىغان ئائىلىدە ئۆسكەن بالىلار ئانىلارغا ئۆمۈرلۈك يۈك بولماقتا.

جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قاتلام يۇقارقىدەك ئەرلىك روھنىڭ ئورنىنى ئالغان ئانىلىق مېھرىنىڭ ئەللەيلىشىدە يېتىشكەن كىشىلەردىن تەركىپ تاپقان بولغاچقا، بۇنداق كىشىلەر ئەقلىي ھۆكۈمنىڭ ئۆتكۈرلىكى، رەھىمسىزلىكى، ۋە مۇرەسسەسىزلىكىگە ئەمەس، ھەممە ئىشتا ئەۋرىشىملىكتە، پىرىنسىپسىزلىقتا، كۆڭۈلچەكلىكتە ياتىدىغان پىكىرلەر ۋە ئىددىيەلەرگە مايىل بولۇپ ياشىماقتا. ئاتىلارنىڭ ئەقىل زۇلپىقارلىرى داتلاشقانلىقتىن ئانىلار تۈزەلمىگەن ئىللەت، يوقالمىغان ئاپەتنى،

ئىنسانلارنىڭ يىتىنچىسىدە ئېيىتقاندەك ... ئىمجانلاشقان پەرزەنتلەرنى ئېرىتىش ئۈچۈن چەكسىز مېھرى بىلەن قۇچاقلاشقىلا كۆچى يەتكەن ئانىلارنىڭ بوغۇزىغا قاپلاشقان نۇرغۇن سۆزلىرى بار. مۆرىتىدە بىر ئانىنىڭ يېقىندا دادا ھەققىدە دېگەن مۇنۇ سۆزىنى ئىسالغان ئالغۇم بار. «بۆرىدەك تۆت ئوغۇل تۇغدۇم، ئارىسىدىن بىرى ماشىنا ئېلىپ ھەيدەي دېسە خەتىرى بار دەپ يول قويمىدى. سودا ئېچىلغان چاغلاردا يەنە بىرسى سودا قىلاي دېسە تەۋەككۈلچىكى يامان دەپ ئۈنىمىدى. يەنە بىرى خىزمەتنى تاشلىغان چاغلاردا ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالارمۇ دەپ ئۈلتۈرالمىدى. ئەمدى بالا ئويلىغانلىرىنى يازسىمۇ تىترەپ كېتىدىغان ئىشىمكەن؟ ھەممىز بەرسەڭ يەيمەن ئۇرساڭ ئۆلىمەن دەپ خۇدايىم بەرگەن جاننى خەقنىڭ تاپىنىدا خار قىلىپ، يا جان تىكىپ پۇل تاپماي...مۇشۇنداق ئۆلۈمتۈك ئىمجاندەك ياشايدىغان ئىشىمكەن؟» مانا بۇ تەۋەككۈلچىلىك، پىداكارلىق، كەسكىنلىك قاتارلىق ئەرلىك خىسلەتلىرى سۇسلاشقان جەمىيەتتىكى بىر قىسىم ئەرلەرگە قارشى قوزغالغان ئانىنىڭ ئىسيانى. بەزىدە جەمىيىتىمىزدە خېلى كەسكىن ھەق ـ ناھەق، توغرا ـ خاتا، راست ـ يالغان مەسىلىلىرىنىڭ دوست تارتىشىش، كۆڭۈل ئاياش، چاپان يېپىش قاتارلىق شەكىلدە ھەل قىلىنىپ كېتىشىگە قاراپ ھەممىزنى ئانىلىق «مېھرىبانلىق» كېسىلىگە مۇپتىلا بولغاندەك ھېس قىلىپ قالىمەن. بەزىلىرىمىزدە ئۇھسىنىپ تەكرارلىنىدىغان «چىدىساق ياخشى بولۇپ كېتەر، خۇدايىم ئىنسابىنى بېرەر، ياخشىلىقىمىزدىن تەسىرلىنىپ قالار»، دېگەندەك سۆزلەردىن ئانىلارچە «ھىسسىيات بىلەن ھەل قىلىش ئۇسۇلى» نىڭ ھەممە مەسىلىگە تەدبىقلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن. ئەسلى رىياللىقنىڭ جاۋابىنى خىيالدىن ئىزدەش، بەختىنى تۆت قۇلاقتىن ئىزدەش، كۆلپەتكە ئەقىل، تەدبىر ئىزدىمەي تەسەللى ئىزدەش، ئەقلىي دەلىلگە بەرداشلىق بېرەلمەي غۇدۇراپ ئىچىنى بوشۇتۇش، ئىستىقبالنى تەۋەككۈلچىلىكتىن ئەمەس تەلەيدىن ئىزدەش ئاياللىق مىجەزگە ياتاتتى. ھازىر بەزىلەردە ئەۋج ئالغان لاتارىيە قىزغىنلىقىنى تۆت قۇلاق ئىزدەشكە، رەڭلىك سورۇن

قىزغىنلىقىنى ئاياللاردىن تەسەللى ئىزدەشكە، مۇنازىرىدە يېڭەلمىسە كاپىرغا، بۆلگۈنچىگە، خىرىستىيانغا چىقىرىش قىزغىنلىقىنى، غۇدۇراپ ئىچىنى بوشۇتۇشقا، تارىخى رومان قىزغىنلىقى، ئانا، بالىلىق ھەققىدىكى ناخشىلار قىزغىنلىقىنى رىياللىقنىڭ جاۋابىنى خىيالدىن ئىزدەشكە ئوخشۇتۇش مۇمكىن.

ئامېرىكىلىق ئانىلارنىڭ ھاياتتىكى خاتىرجەملىكى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى ئۇلاردا ئۇيغۇر ئانىلىرىدا بولمىغان خىسلەتلەرنىڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس. ئەكسىچە ئۇيغۇر ئانىلارنىڭ دەرتلىرىگە سەۋەب بولۇۋاتقان ئامىللار ئامېرىكا جەمئىيىتىدە ئاساسەن مەۋجۇد ئەمەس. چۈنكى 1. ئامېرىكىدىكى ئانا-بالىلىق ئەخلاقى ئەگىشىش ۋە ئەگەشتۈرۈش شەكلىدە ئەمەس. بۇنداق ئەخلاقنىڭ ئاساسى بولغان بوۋىلار ئاتىلارغا، ئاتىلار بالىلارغا ئۆگۈتۈدىغان، ئۇستاز شاگىرتلارغا ئۇدۇم قالدۇرىدىغان، شاگىرت دۇكان ئايرىپ ھۈنەرنى باشقىلارغا يەتكۈزىدىغان دەۋرنى ئامېرىكىلىقلار ئاللىقاچان تاماملاپ بولدى. بۇ جەمئىيەتتە بىلىم، ھۈنەر ۋە چۈشەنچە دېگەنلەر ئاللىقاچان مىراس-ئۇدۇم بولۇپ سىرلىق شەكلىدە داۋام قىلمايدۇ. بەلكى باراۋەرلىك، ئىجادىيلىق، تەشەببۇسكارلىق تەكىتلىنىدىغان ئىلىم سورۇنلىرىدا ھۆر شارائىتتا ئۆگىنىلىدۇ. بىزدىكى ئانا - بالىلىق ئەخلاقى ئەگىشىش، ئەگەشتۈرۈش ھالىتىدە بولۇپ بۇ بىلىم، ھۈنەر، چۈشەنچىلەر ئۇدۇم، مىراس قالىدىغان دەۋردە شەكىللەنگەن. بۇ ئەخلاقىمىز 60 نەچچە يىلدىن بېرى ھۆكۈمەت ھەممىنى بەلگىلەيدىغان، باقىدىغان، باشقۇرىدىغان شارائىتتىن ئۆتۈپ ھازىرغا كەلدى. 2. ئامېرىكا جەمئىيىتى بىر مەكتەپ تىپىدىكى جەمئىيەت. جەمئىيەتنىڭ يۈزلىنىشى ھازىرقى ھەممە تەڭ ئۆگىنىدىغان، بىر بىرىدىن ئۆگىنىدىغان، ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىشتۇر. بۇنداق جەمئىيەتتە ھەممە ئادەم، ھەممە يەردە ئۆگىنىشتىن خالى بولالمايدۇ. بۇ يەردە بىلىم ۋە تېخنىكىدىن باشقا ھېچ قانداق ۋاستە شەخسنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ئارا تۇرالمايدۇ. 3. ئامېرىكىلىقلار رىياللىقنى بىزدەك ئائىلە سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلمايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن رىياللىق سەپەر ۋە بەيگىدۇر. بىز رىياللىقنى بىر ئائىلە سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىمىز، ھەتتا مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىمۇ ئاكا ئۇكىلىق مۇناسىۋىتى بويىچە تەسۋىرلەيمىز. بولۇپمۇ 80- يىللاردىن بۇرۇن چوڭ بولغانلاردا بۇنداق تەسەۋۋۇر

كۆچلۈك. بۇ تەسەۋۋۇردا بىز ئائىلىق مېھىرگە چۆمگەندەك قىلغان بىلەن باراۋەرلىكىمىز، مۇستەقىللىقىمىز، يېڭىلىقچانلىقىمىز بوغۇلىدۇ. ھازىر ئائىلار باللارنىڭ ئۇچۇر دەۋرىدە نېمىگە ئىنتىلىۋاتقانلىقىدىن بىخەۋەر بۇ تەسەۋۋۇرلىرىنى داۋام قىلىۋاتىدۇ . بۇنىڭ نەتىجىسىنى ئامېرىكىدەك شەخسنىڭ ئىجادچانلىقى، مۇستەقىللىقى، دەخلىسىز كىشىلىك ھوقۇقى ئىككى يۈز يىلدىن ئارتۇق تەكىتلەنگەن جەمىيەت بىلەن سېلىشتۇرۇش بىھاجەت. 4. ئامېرىكىدا مۇكەممەل ئىجتىمائى مۇلازىمەت سىستىمىسى بار. ئامېرىكىدا باللارنىڭ غەملىرىنى دۆلەت، ھۆكۈمەت، مەسجىد، چېركاۋ، ساخاۋەت جەمىيەتلىرى ۋە مەكتەپلەر تەڭ يەيدۇ. بالىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ساقچى، يېمەكلىك-ساغلاملىقىغا ھەقسىز سەھىيە خادىملىرى، ئەخلاقىغا چېركاۋ، مەسجىد، باللار پائالىيەت سورۇنلىرى، كۆڭۈل ئېچىشى، بىلىم ئېلىشى، چېنىقىشى، قىزىقىش يېتىلدۈرۈشىگە مەكتەپ، كۇتۇپخانا، تىياتىرخانا، تەنھەرىكەتخانا قاتارلىقلار ياردەمدە بولىدۇ. بىزدەك بالىنىڭ ھەممە غېمى ئانىغا يۈكلەنمەيدۇ. ئانىنىڭ جاھان دىشۋارچىلىقلىرى ۋە كۆڭۈل پاراكەندىچىلىكىدىن سۇلغان چىرايى بالىنىڭ غۇبارسىز قەلبىگە سايە تاشلىمايدۇ. بۇنداق جەمىيەتتە ئۆسكەن باللار ساغلام ئىنسانى خىسلەتكە، ھاياتقا بولغان چەكسىز قىزغىنلىققا، شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە تەشنا بىلىمخۇمارلىققا تولۇپ يېتىشىدۇ. چوڭ موھىت ساغلام بولغاچقا ئامېرىكىدا دادىسىنى ياكى ئانىسىنى كۆرۈپ باقماي چوڭ بولغان، «يالغۇز ئاتا-ئانىلار» نىڭ نۇرغۇن باللىرى جەمىيەتتە نورمال روللىرىنى جارى قىلماقتا. قىزىمنىڭ ئۈچ دوستىنىڭ دادىسى يوق، لېكىن مەن ئۇلاردىن ھېچ قانداق بىنورماللىقنى ھېس قىلمىدىم. ئەگەر ئوخشۇتۇشقا توغرا كەلسەئامېرىكىدا ئائىلىق سۆيگۈسى ئۇۋىغا ئوخشايدۇ. بالا تۇغۇلىدۇ، يېتىلىدۇ، قانات چىقىرىدۇ. يەنە قونداقتا ئوخشايدۇ، ئۇچۇرۇم بولغىچە قونىدۇ، ياپرايدۇ، پەرۋاز قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. بالا ئۇچۇپ كەتتىمۇ بولدى. بالىنىڭ دەردىمۇ، دىشۋارچىلىقىمۇ، غەلبىسىمۇ، غەنىيمەتلىرىمۇ ئۆزى بىلەن. بىر

بالىنىڭ غېمى ئاتا-ئانا، قېرىنداشلىرىنى پەرۋانە قىلىدىغان ئىش يوق. شۇڭا ئامېرىكىلىق ئانىلار بىلەن ئۇيغۇر ئانىلارنى سېلىشتۇرۇش ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. سېلىشتۇرۇشقا توغرا كەلسە شۇنچە بىئەپ شارائىت، بىنورمال مۇھىت ۋە تۈرلۈك روھى ۋە جىسمانى قىسماقلارغا قارىماي پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ياشاۋاتقان ئانىلارنىڭ مىسلىسىز ئۇلۇغلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن باشقا نەتىجە چىقمايدۇ. پەقەت ئاخىرىدا شۇنى دېگۈم بار: بىزدە «ئانا دېگەن تىلتۇمار، ئاتا دېگەن زۇلپىقار». ھەممە ئىشنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلمايلا غايىپقا دۆڭگىسەك، ئارزۇلىرىمىزنى تۇماردىن تىلىسەك، ھەق بۇيرۇغانغا ئەمەس كۆڭۈلگە ياققانغا ئەگەشسەك، قارارىمىزنى خەقنىڭ قاش - قاپىقىغا قاراپ چىقارساق ئەقىل زۇلپىقارىمىزنىڭ داتلاشقىنى شۇ. بالىلاردىكى قىمارغا بېرىلىش، ھاراققا بېرىلىش، يالغۇزلۇققا چىدىماسلىق قاتارلىقلار مەلۇم مەنىدە تەربىيىمىزدە ئەقىل زۇلپىقارىنىڭ داتلىشىشىدىن، ئۇنتۇلۇشىدىن بولغان. باغرىلىرىمىزنى ئەقىل زۇلپىقارىدىن مەھرۇم چوڭ قىلغىنىمىز ئۇلارنى ھېسسىيات تىلتۇمارىغا مايىل قىلىۋەتكەن. مەن ئۇيغۇر ئانىلارنى پەرزەنتلىرىنى سۆيگۈ قەپىزىگە مەھكۇم قىلماي، ئەقىل قوندىقىدىن ئۇچۇرۇم قىلىشقا بەكرەك كۈچىسكەن دەيمەن.

# ئامېرىكىدىكى بەيتۇللاھ

بۈگۈنكى جۈمە خۇتبىسىدە ئەرەبچە بەيتۇللاھ دېگەن سۆز كۆپ تەكرارلاندى. خاتىپ بۇنىڭ ئېنگلىزچە مەنىسىنى يېشىپ «ئاللاھنىڭ ئۆيى» دەپ چۈشەندۈرۈپ، مەسجىدنىڭ خاسىيىتى، مەسجىدنىڭ مۇسۇلمانلار ھاياتىدىكى ئورنى ھەققىدە تەبلىغ قىلىۋاتقاندا ۋەتىنىدىكى بەيتۇللاغا ئۇچقان خىياللىرىمنى يىغالمىدىم. بەيتۇللاھ دېگەن سۆزنى ئاڭلىساملا يادىمغا قەھرىتانىدىكى غۇلجام ۋە «مەن ئۇيغۇرنىڭ!» دېگىنىچە مەغرۇرانە سۇكۇتتە تۇرغان بەيتۇللا جامەسى كېلىدۇ. جامەنىڭ چېۋىنىنىڭ قانىتىدەك داغدىن خالى ئاق-سۈزۈكلۈكى ئېلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاقكۆڭۈللىكىنى سېغىندۇرسا، مەغرۇر قەددى ئېلى پەرزەنتلىرىنىڭ قورقۇمسىز، جەسۇرلۇقىنى نامايىش قىلىدۇ. خاتىپ تەسىرلىك دۇئانى باشلىغاندىلا تۈگىمەس خىياللىرىمنىڭ نامىزىنى بەيتۇللادا چۈشۈرۈۋېتىپ جامائەت بىلەن «ئامىن»غا ئەگەشتىم. دۇئالاردىن ئېرىپ كېتەلمىدىم، مىڭ ئەپسۇس، چېچەنىستان، ئافغانىستان، ئىراق، پەلەستىن، يەمەن، سۇرىيە، بەھرەيىن ۋە لىۋىيەدىكى مۇسۇلمانلارغا بىر بىرلەپ دۇئا قىلغان خاتىپ يەنە ئۇيغۇرنى ئۇنۇتتى. تۈرك خاتىپ باش بولمىغان جۈمە نامىزىدا ئۇيغۇرغا دۇئا قىلىنماي قالاتتى، بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. كۆۋەيتلىك بۇرادىرىم  سەۋەبىنى مەندىن كۆردى، مېنىڭ بىلدۈرۈش مەسئۇلىيىتىم باركەن. دىققىتىم چېچىلىپ خاتىپقا ئەگىشىپ ئوقۇغان نامىزىمدىن تۈزۈك قانائەتلەنمىدىم-دە، ناماز تۈگىگەندە ئايرىم بىر يەرگە بېرىپ ئىككى رەكەت شۈكۈر نامىزى ئوقۇدۇم. يۇرتلىرىمىز تۇپراقلىرىدىكى ئاللاھ ئۆيلىرى، خەلقىمىز قەلبىدىكى ئاللاھ قەسىرلىرىنىڭ ئامانلىقى، دەخلىسىزلىكى، مۇقەددەسلىكى ۋە ئەبەدىيلىكى ئۈچۈن خۇداغا يىغلاپ دۇئا قىلدىم.

نامازدىن كېيىن مەسجىدىمىزنىڭ پىرىزدېنتى ھەر قېتىمقىدەك ئامېرىكىنىڭ قايسىدۇر بىر يېرىگە سېلىنماقچى بولغان مەسجىدكە ئىئانىگە دەۋەت قىلدى، ئاندىن جامائەتنىڭ بىر قانچە ئىشقا دىققەت قىلىشىنى سەمىگە سالدى. بىرىنجىسى مەن ئىككى يىلدىن بېرى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان ماشىنا توختۇتۇش مەسىلىسى. دېيىلىشىچە نامازخانلارنىڭ ماشىنىسىنى ئۆزىگە قولاي يەرگە قالايمىقان توختىتىۋېلىشى مەيدانىنى بىر پەستە تولدۇرۇپ قويىدىكەن. ئاقىۋەتتە بۇ كىشىلەر نامازنى ئوقۇپ بولۇپ قايتقاندا كىرگەن يېرىدىن چىقالماي بىر مۇنچە ۋاقىت ئىسراپ قىلىدىكەن. بۇنىڭغا شۇنداق ھەيران قالىمەن. ھەر جۈمە نامىزىدىن كېيىن شۇ گەپ تەكرارلانماي قالمايدۇ. سائەتلىك ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى سەككىز دوللارغا يېقىن قىلىپ بېكىتىلگەن ئامېرىكىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماشىنىسى بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. ھالبۇكى تىرىشىپ ماشىنا ئالغان مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىنىڭ ھەممە ئادەم ماشىنىلىق بۇ دۆلەتتىكى جامائەت ئەخلاقىغا تىرىشماسلىقى نېمىدىن؟ مەسجىدكە ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن كېلىدۇ-يۇ نېمىشقا قېرىنداشلىرىنى نارازى قىلىدۇ؟ بۇ قېرىنداشلار مەكتەپ سەيناسىدىكى ماشىنا توختۇتۇش قائىدىلىرىگە شۇنچە ئاسان كۆنۈپ كېتىدۇ، چۈنكى جەرىمانىسى نەق. مەسجىدىمىزنىڭ ئالدىغا، ئاللاھنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلگەندە نېمىشقا قائىدىسىزلىك قىلىدۇ؟ ئاللاھنىڭ جەرىمانىسى نىسىمكەن؟ ئەجەبا بۇ مەسجىدىمىزنىڭ جەرىمانە قويمىغانلىقى سەۋەبىدىنمۇ ياكى مەسجىد ئالدىغا كەلگەندە بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ۋەتەنلىرىدە كۆنگەن كونا خۇيىغا قايتىۋالغانلىقى سەۋەبىدىنمۇ؟ ئىككىنجىسى سايلام مەسىلىسى. مەسجىدىمىز بىر پىرىزدېنت، بىر مۇئاۋىن پىرىزدېنت ۋە باشقا تۆت كىشىدىن تەركىپ تاپقان بىر مۇدىرىيەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ. خاتىپلار مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن بولىدۇ. خاتىپ بولغۇچى بىر قانچە ھەپتە بۇرۇن ئىلتىماس قىلسا، مۇدىرىيەت تەستىقلىغاندىن كېيىن بۇ پۇرسەتكە ئېرىشىدۇ. مەسجىدىمىزنىڭ يىلدا بىر ئۆتكۈزىلىدىغان ئىسلامدىن مەلۇمات كۈنى، رامازاندىن بەھىرلىنىش كۈنى، ئىسلام يۇرۇشلۇك لېكسىيەلىرى، قېرىنداشلار تەنھەركەت مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلىرىگىمۇ مۇدىرىيەت باشچىلىق قىلىدۇ. ھەر يىلدا بىر سايلام

قىلىنىدىغان بولۇپ مۇدىرىيەت ئەزالىرى ئۆزى نامزات كۆرسىتىدۇ. نامزاتلار ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى خىزمەت تەجرىبىسى ۋە مەزكۇر خىزمەتنى قىلىشتىكى سەۋەب، جەريان ۋە نىشانلار ھەققىدە نۇتۇق سۆزلەيدۇ ۋە نۇتۇق مەزمۇنىنى مەسجىدنىڭ تور بېتىگە يېزىپ قويىدۇ. سايلامغا قاتناشقۇچى چوقۇم مەسجىدكە كېلىپ بەلگىلەنگەن كۈندە بېلەت تاشلىشى كېرەك. پىرىزدېنتىمىزنىڭ دېيىشىچە بۇ قېتىممۇ سايلامغا قاتناشقانلار بەك ئاز بولۇپ قاپتۇ. ئۇ بۇنداق ئاز كىشى تەرىپىدىن سايلانغان مۇدىرىيەتنىڭ جامائەتكە ۋەكىللىك قىلالىشى ۋە خىزمەتلەرنى لاياقەتلىك ئادا قىلالىشىدىن خاتىرجەمسىزكەن. ئۇيلاپ باقسام ئىككى يىلدىن ئېشىپتۇ، مەنمۇ بۇ سايلامغا قاتنىشىش ئەمەس، مەسجىدىمىزنىڭ تور بېتىدىكى سايلامغا ئائىت مەزمۇنلارغا قاراپمۇ باقماپتىمەن. ھەر جۈمە كەمىدە 300 مۇسۇلمان، ئىمتىھان ھەپتىلىرىدە 500 كىشى ناماز ئوقۇپ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن 50 كىشى سايلامغا قاتناشمايمىز؟ بۇ بىزنىڭ ئەزەلدىن سايلام بولمايدىغان دۆلەتلەردىن كەلگەنلىكىمىز سەۋەبىدىنمۇ؟ ئۈچىنجىسى مەسجىدىمىزنىڭ ئىسلام مەركىزى مەسىلىسى. بۇ مەركەزنى مەسجىدىمىز ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ ئارام كۈنلىرىدە مۇسۇلمانلار، مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى ۋە ئىسلامغا قىزىققان مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئۈچۈن ئىسلامنى چۈشەندۈرۈش، قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىتىش ۋە مۇسۇلمانلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىشنى مەقسەد قىلغان ئىدى. بۇ مەركەزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئاساسەن مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. پىرىزدېنتىمىزنىڭ دېيىشىچە بىر بولسا ئوقۇتقۇچى جىق بولۇپ كېتىدىكەن، بىر بولسا ئوقۇتقۇچى تېپىلمايدىكەن. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىقى ۋە تولا ئالمىشىشى سەۋەبىدىن بۇ ئىشتا بىر تەرتىپ ياكى قائىدە بېكىتەلمەي بېشى قېتىپتۇ. بەش ۋاق نامازنى قائىدىلىك، تەرتىپلىك ئوقۇۋاتقان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىش، خىزمەتتە تەرتىپكە، قائىدىگە بويسۇنالماسلىقى مېنى ھەيران قالدۇردى. ھەرقانداق تەرتىپ ۋە قانۇن قائىدىلەر نوپۇزغا، مۇناسىۋەتكە، باي-كەمبەغەللىككە قاراپ ھېلى چىڭ ھېلى

بوش بولۇدۇغان دۆلەتتە ياشاپ كەلگەنلەرنىڭ تەرتىپكە كۆنمىكى ئاسان بولمىسا كېرەك. مېنىڭ ئىسلام بىلىملىرىدىن بەك جىق مەلۇماتىم يوق، شۇڭا مۇسۇلمان دوستلىرىمىزنىڭ ئىشلىرىدىكى تەرتىپسىزلىك ۋە ساۋاپ ئۈچۈن باشلىغان ئىشىمىزنىڭ نېمىشقا داغدۇغا بىلەن باشلىنىپ، ئۈن-تىنسىز ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەلمەيمەن.

نامازدىن چىقىپ ياپونلۇق مۇسۇلمان دوستۇم بىلەن پاراڭلاشتىم، ئۇمۇ دۇئادا ئۇيغۇرنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقىغا دىققەت قىلىپتۇ. پىرىزدېنتىمىزنىڭ گېپىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى سورۇسام « ياپونىيە ئىسلاھاتنى تۈزۈم يېڭىلاشتىن، ھەممىدە ئىلىمگە تايىنىشتىن، ئىددىيە يېڭىلاشتىن باشلىغان، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئىشنى ئەكسىچە ھەربىي مەكتەپ قۇرۇشتىن، ھەربىي زاۋۇت قۇرۇشتىن، پەقەت تېخنىكىلا كىرگۈزۈشتىن باشلىغان مەنچە ھازىرقى مۇسۇلمانلاردىكى مەسىلىلەرنىڭ مەنبەسى مۇشۇ پەرقلەرگە باغلىنىدۇ» دېدى. كۆڭلۈمدىن تۈرك دوستلاردىن بۇ سوئالنى تولا سوراپ قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ ئالالمىغىنىم كەچتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى غەرپ جاھانگىرلىكىگە دۆڭگەيتتى، بەزىلىرى يەھۇدى ماسون تەشكىلاتىغا دۆڭگەيتتى، يەنە بەزىلىرى ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىغا باغلايتتى. پەقەت فاتىھ ئىسىملىك بىر دوستۇمنىڭلا «بىز ئىنساننى ئىنسان ئەمەس ئاللاھ باشقۇرىدۇ، دەپ قاراپ، ئىنساننى ئىنسان ئەمەس مەسلەھەت ئاساسىدا بەرپا قىلىنغان تۈزۈمنىڭ باشقۇرىدىغانلىقىنى، ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھاكىمىيەتنىڭ قانداق تەشكىللىنىدىغانلىقىنى بىلمىگەن» دېگەنلىكى ئېسىمدە قاپتۇ. ئۆتكەندە مەسجىدىمىزنىڭ جەينامازلىرىنى رەتلەشكە ياردەملەشكىنىمدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بىر دۆۋە يېپ يېڭى جەيناماز چىقتى. نېمىشقا ئىشلەتمىگەنلىكىنى سورۇسام. «بۇ قىلىچ چۈشۈرۈلگەن جەينامازنى سەئۇدى ھۆكۈمىتى تەقدىم قىلغانىدى. كۆۋەيتلىك ئوقۇغۇچىلار نارازى بولۇپ ھۆكۈمەتكە ھازىرقى يېڭى جەينامازلارنى ئالدۇردى. شۇندىن كېيىن بۇ جەينامازلار بىكار بولدى» دېگەن جاۋاپقا ئېرىشتىم. تۆۋە، نامازنى ئاللاھقا ئوقۇمدىغاندۇق جەينامازغىمۇ؟ ئۇنى قايسى دۆلەتنىڭ تەقدىم قىلىشى بىلەن نامازنىڭ قوبۇل بولۇشى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بارمۇ؟ كۆز ئالدىمدا مەسجىدىمىز سەيناسىدىكى چىملىقتا بۇلتۇر ئەتىيازدا ساۋاپ ئۈچۈن

تىكىلىپ پەرۋىشسىزلىكتىن قۇرۇپ كەتكەن قارىغايلار خۇددى ياپۇنلۇق مۇسۇلمانىنىڭ گېپىنى تەستىقلىغاندەك سالپىيىپ تۇراتتى. بۇلارغا قاراپ ۋەتەندە ھەر قېتىملىق ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆچەت تىكىش بايرىمىدا تىكىلىدىغان كۆچەتلەر يادىمغا كەچتى. ئۇ چاغدا بىزنىڭ كۆچەت تىكىشىمىز پەقەت ۋەتەنپەرۋەر بولۇش ئۈچۈن ئىدى. بىز يىلدا بىر قېتىم ۋەتەنپەرۋەر بولاتتۇق، كۆچەتلەر يىلدا بىر قۇرۇپ، قايتا تىكىلىپ تۇراتتى. بەيتۇللاھ ئاللاھنىڭ ئۆيى دېگەنلىك، قارىغايلار ئەگەر ئاللاھنىڭ ئۆيى ئالدىدىكى سەيناغا ئەمەس، ئۆز ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى سەيناغا تىكىلگەن بولسا قۇرۇپ كېتەرمىدى؟ مەسجىدتىن قايتىش يولۇمىدىكى بۈك باراقسان قارىغايلار بىلەن ئورالغان چىركاۋغا قاراپ ئۆتۈپ كەتتىم. چىركاۋ ھەر كۈندىكىدەك ئادەمسىز ئىدى.

# ئۇيغۇرپەرۋەرلىك ۋە باشقا ئاشقۇنلۇقلار

## چەتئەلدىكى ھىكايە

غەرپتىكى مەلۇم دۆلەتتە بىر قانچە ئۇيغۇر بىللە ئىشلەيدىكەن. ئاردىكى بىرى خىزمەت ۋاقتىدا باشقا ئىشلارنى قىلىپ خىزمەت ئۈنۈمىگە تەسىر كۆرسۈتۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىرى بۇ ئىشنى باشلىققا ئىنكاس قىلىپتۇ. نەتىجىدە ئىنكاسچى ئىدارىدە يەكلىنىپ قاپتۇ. بۇ ھەقتە مەن ئاڭلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ باھاسى مۇنداق بولدى. «ھەممەيلەن ئۇيغۇر تۇرسا نېمە قىلىدۇ دوكلات قىلىپ؟»، «مۇئاشنى خەق بېرىۋاتسا نېمە كارى؟»، «باشلىقى ئۇيغۇر بولسىغۇ بىر گەپ، ئۇيغۇرنى ياتقا چاقتى دېگەن نېمە ئىش؟»

## ئىچكىردىكى ھىكايە

بىر كۈنى دۆلەتلىك ئىنگلىزچە ئىمتىھانغا نازارەتچى بولۇپ قالدىم، مەن بىلەن بىللە نازارەتچى بولغان مۇئەللىم «بۇ سىنىپتا بىرمۇ ئۇيغۇر يوقكەن، بولغان بولسا ئىنگلىزچىڭىزنىڭ ياردىمى تېگەتتىكەن ھە،» دېدى. كۈلۈپ قويدۇم. ئىمتىھان يېرىملاشقاندا ھېلىقى مۇئەللىم نوقۇپ قالدى، قارىسام بىر ئۇيغۇر بالا بىرگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپ ئىمتىھاننىڭ ماقالە قىسمىنى كۆچۈرگىلى تۇرۇپتۇ. ئاچچىق مىڭەمگە تەپتى، ئوقتەك بېرىپ قەغىزىنى تارتىۋالدىم. ئىمتىھان تۈگىگەندىن كېيىن سەبدىشىم مەندىن رەنجىدى «سىزنى بەك ئۇيغۇر بالىلارغا كۆيۈنىدۇ دەپ بىلەتتىم، سىز پەقەت ئابستىراكىت ئۇيغۇرنى سۆيۈدىكەنسىز، كونكىرىت ئۇيغۇرنى سۆيمەيدىكەنسىز!»

## ئۈرۈمچىدىكى ھىكايە

ئۇيغۇرلار تولىمۇ ئاز يېڭىشەھەر رايونىدا بىر ئوغرى تۇتۇلدى. تۇتقۇچىمۇ ئۇيغۇر ئوغرىمۇ ئۇيغۇر ئىدى. شۇ ئارىدا رايوننىڭ تازىلىقىنى قىلىدىغان بىر توپ تازىلىقچى ئۇيغۇر ئاياللار بۇ ئىشقا ئارىلاشتى «ئاكا قاراڭ، بۇ بالىمۇ ئۇيغۇركەن، سىزمۇ ئۇيغۇر بولغاندىن قويۇپ بېرىڭە، ساۋاپ بولا، ھەممىمىز ئۇيغۇر ھەممىمىز مۇسۇلمان ئەمەسمۇ، يامان بولۇدۇ، ھېلىمۇ كۈن ئالمىقىمىز تەس بولۇپ كەتتى»، نەتىجىدە ھېلىقى زىيان تارتقۇچى ئۇيغۇر كىشى خۇددى گۇناھكاردەك بەك ئوڭەيسىزلاندى ۋە ئوغرىنى قويۇۋەتتى.

بۇنىدىن باشقا ئىدارىدە، توردا ۋە گېزىت ژورناللاردا ئەگەر بىرسى ئۇيغۇرغا تونۇلغان بىرەر كىشىنىڭ خاتا سۆزلىرى، يازغانلىرىدىكى خاتالىقلار ۋە بىنورمال قىلىقلىرى ھەققىدە گەپ قىلسا دەرھاللا «ئۇ دېگەن ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق ئالىمى، ئۇ دېگەن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ پەخرى، سەن نېمە ئىش قىلغانغا ئۇنداق دەيسەن؟» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. بۇنداق سۆھبەتلەر تورلاردا ئايىقى بېسىقماس زىددىيەتلىشىش بىلەن، تۇرمۇشتا جېدەل بىلەن تۈگەللىنىدۇ. بۇرۇن بۇ ئىشلار ماڭا بىر قارىسام ئۇيغۇر سۆيگۈسىدەك، يەنە بىر قارىسام ئۇيغۇرلۇقنى سۈيئىستېمال قىلىش ياكى دەسمايە قىلىپ پايدىلىنىشتەك تۇيۇلاتتى. ھازىر ئويلاپ باقسام بۇلار ئۇيغۇرلۇقنىڭ دەسمايە قىلىنىشى، نەپسى خاھىشقا بوي سۇندۇرۇلۇشى ئىكەن. ئۇيغۇرلۇقتىكى ئورتاق تارىخ، ئورتاق تىل، ئورتاق دىن، ئورتاق مەدەنىيەت، ئورتاق تەقدىر، ئورتاق كىرزىس ۋە ئورتاق شەرەپ كىشىلىرىمىزدىكى مەنىۋى بىرلىكنىڭ ئاساسى بولغاندىن باشقا بەزى كىشىلىرىمىزنىڭ سودا تىجارەت، پايدا مەنپەئەت ۋە ھوقۇق ئىناۋەتلىرىدىكى دەسمايە ئىكەن. مېنىڭ چۈشەنمەيدىغىنىم ئۇيغۇرلۇقنىڭ بۇنداق دەسمايىغا ئايلىنىپ قېلىشىدىكى سەۋەپلەر. مۇلاھىزەمگە كۆرە سەۋەپلەر ئىچىدە ھازىرچە مەن دېيەلەيدىغان سەۋەپ ئاشقۇنلۇق(رادىكال)تۇر. مەن بۇ يەردە تىلغا ئالغان ئاشقۇنلۇق بىز ئادەتتە تېلېۋىزور ۋە رادىيولاردا ئاڭلايدىغان سىياسىي ياكى خەلقئارا مەسىلىلەردىكى ئاشقۇنلۇق ئەمەس. مەن بۇ يەردە تىلغا ئالغان ئاشقۇنلۇق

كونكرېت مەسىلىنىڭ، ھادىسىنىڭ ۋە شەيئىلەرنىڭ قائىدە-پىرىنسىپلىرى، تۈزۈم-ئۆلچەملىرى، ئىلمىيلىك-مەنتىقىسىنى ئويلاشماي ھەمىشە مەلۇم خۇسۇسىي خاھىش، كۆنگەن تەپەككۇر، مىللىي ھېسسىيات ۋە مەلۇم ئىدولوگىيەنى ئۆلچەم قىلىپ پىكىر قىلىش ھەم ھەرىكەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندە مەن بۇ ئاشقۇنلۇقنى مۇنداق تۈرلەرگە ئايرىپ مۇلاھىزە قىلىمەن.

**1. ئۇيغۇرپەرۋەرلىك ئاشقۇنلىقى**

مىللەت سۆيگۈسى ئىنساندىكى تەبىئىي تۇيغۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي پىسخىك ئېھتىياجى بولغان تەۋەلىك ئېھتىياجىدىن كەلگەن. بۇ مەنىدە ئۇيغۇرنى سۆيۈش يەنى ئۇيغۇرپەرۋەرلىك ھەممىزدىكى ئورتاق تۇيغۇ. ئەگەر ئۇيغۇرلۇقنى قانداق چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش ئاقىللىقنى ئۆلچەم قىلمىسا، بىر قىسىم تەييارتاپلارنىڭ ئارامگاھىغا، بىر قىسىم خاتا ھۆكۈم ۋە پىكىرلەرنىڭ پاناھگاھىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. يۇقارقى چەتئەل مىسالىدا تىلغا ئېلىنغان خىزمەتتىكى ئۇنۇمنى قوغلاشماي يارىماس خىزمەتچىنى نەچچە يىل ئارىسىدا ئاسراپ قالغان ئۇيغۇر ئىشداشلارنىڭ قىلىۋاتقىنى مىللەتنى سۆيۈش ئەمەس پىرىنسىپسىزلىق ھېساپلىنىدۇ. بىر ئۇيغۇرنىڭ ئىشىنى ساقلاپ قېلىش بەدىلىگە بىر توپ ئۇيغۇرنىڭ ئىشىنى ئاقسىتىش ئاقىللىق ئەمەس. ئەگەر شۇ بىرەيلەن سەۋەبلىك خىزمەتخانا تاقالسا بىز ئاياپ كەتكەن يۈز ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇيغۇرپەرۋەرلىك ئاشقۇنلۇقىنىڭ زىيالىلاردىكى ئىپادىسى؛ «قۇربانجان تۈرەك ئۇيغۇردىن چىققان رىياللىقتىكى ئەۋلىيا» دېگەن ھۆكۈم، يالقۇن روزىنىڭ «بېكخامدىن ئىشەك موھىم» دېگەن ھۆكۈمى، قۇددۇس ھاپىزنىڭ «ئۇيغۇر تىلى 21-ئەسىردە دۇنيا تىلى بولۇدۇ»، دېگەن ھۆكۈمى، «قاسىم سىدىق ئۇيغۇرنى ئون يىلدىن كېيىن نوبېلغا ئېرىشتۈرىدۇ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلارنى ئوتتۇرغا قويۇشقا سەۋەب بولغان ۋە بۇ ھۆكۈملەرنى ئالقىشقا ئېرىشتۈرگەن ئامىل ئوخشاشلا ئۇيغۇرپەرۋەرلىك ئاشقۇنلىقىدۇر. بۇ يەردە شەيئىي ۋە ھادىسىلەرنى ئۇيغۇرنىڭ مەنپەئەتى ۋە شەرىپى نوقتىسىدىن باھالاش ھۆكۈم ئاساسى بولغان. ئەگەر بىز دۇنياغا مۇنداق ئۇيغۇرغا ياخشى بولسا ياخشى، ئۇيغۇرغا مەنپەئەتسىز نەرسىنىڭ قىممىتى يوق، دېگەن نەزەردە باقساق، ئۇيغۇر بىلەن ئالاقىسىز بولغان نۇرغۇن نەرسىنى يوققا

چىقىرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر مۇشۇ پېتىلا ئويلىساق ئۇيغۇر ئەجداتلار خىزىرغا ئايلىنىدۇ، ئۇيغۇر ئالىمى تەنقىدسىز بولۇدۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىسىز قالىدۇ، ئۇيغۇر ئوغرىلار جازاسىز قالىدۇ، ئۇيغۇر پاسىقلار نەپرەتسىز قالىدۇ، نەتىجىدە يۇقارقى ھېكايەتلەر ئەجايىپ ھادىسىگە ئايلىنىدۇ.

## 2. ئىلمىيلىك ئاشقۇنلۇقى

مەدەنىيەت (كۇلتۇر) ھادىسىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىلىمگە ئۇيغۇن بولۇۋەرمەيدۇ. مەسىلەن، ئات بىلەن ئېشەكنى مىسالغا ئالايلى. ئات ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، تېرىقچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكنى بىرلەشتۇرگەن ئىگىلىك شەكلىدە ئىنچىل موھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ھايۋان. ئەرلەرنىڭ جاسارىتىنى يېغىلىق دەۋرىدە جەڭدە، تىنچ زاماندا بەيگىدە، ئوغلاقتا ۋە ئاتتىكى جانبازلىق ماھارەتلىرىدە سىنىغان بوۋىلىرىمىز ئاتقا ئالاھىدە مۇھەببەت باغلىغان. گەرچە ھازىر ئات تۇرمۇشىمىزدىن يىراقلاپ ئورنىنى ئېشەك، موتۇ، تراكتۇر، ماشىنا ئىگەللىگەن بولسىمۇ ئاتنىڭ مىللىي پىسخىكىمىزدىكى ئورنى يەنىلا ھەرقانداق مەخلۇقتا سېلىشتۇرغۇسىزدۇر. ئىلىم جەھەتتىن قارىغاندا ئات بىلەن ئېشەك ۋە باشقا ھايۋاننىڭ باشقا ھايۋانلاردىن پەرقلىنىدىغان «ئۇلۇغ»لىقىغا ئائىت پاكىت يوق. مەسىلەن، ھىندىستانلىقلار كالىنى، تىبەتلەر بېلىقنى، خەنزۇلار كالىنى ياخشى كۆرىشىدۇ، ھەتتا چوقۇنىدۇ، بۇنىڭدىمۇ ھېچ قانداق پەننىي پاكىت يوق، پەقەت مەدەنىيەتتىكى پەرق مەسىلىسى. بۇ يەردىكى پەرق ئەقىل-پەنگە چۈشىدىغان پەرق ئەمەس، مىللەتنىڭ مەدىنىيىتىگە ياتىدىغان تۇيغۇدىكى پەرق. بۇنى توغرا چۈشەنمەي، يالقۇن روزىنىڭ «ئۇيغۇرنى ئېشەك ئۇستىدىكى مىللەت دېمەي، نېمىشقا ئات ئۇستىدىكى مىللەت دەيمىز؟ ئېشەك بىزگە نېمە يامانلىق قىلدى؟» دېيىشى ئاشقۇنلۇقتىن باشقا گەپ ئەمەس. ئاڭلىسام «كرورەنلىك بالىلار» دېگەن بالىلار رومانىدا قارغا ئەجايىپ ئوبرازقىلىپ يېزىلىپتۇ. بۇ ھەقتە سورالغان سوئالغا ئاپتۇر «قارغا ھېچ بىر يامان مەخلۇق ئەمەس...» دېگەن مەنىدە چۈشەنچە بېرىپتۇ. توغرا، ئىلمىيلىك جەھەتتىن

قارغا بىزگە ھېچ يامانلىق قىلغان يوق، ئېشەكمۇ شۇ، ئەمما بىر مىللەت يامان كۆرگەن نەرسىنىڭ ھەممىسىدە ئىلمىي سەۋەپ بولمايدۇ. بۇندىن باشقا بىر قىسىم كىشىلەر ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى، يېمەك ئىچمەكلىرى ۋە مۇراسىملىرىدىكى ئاتالمىش «ئىلغار، زامانىۋىي» مىللەتلەردە يوق تەركىپلەرنى ئىلمىي ئەمەس دەپ يامانلايدۇ. ھالبۇكى ھېچ كىم بىر مىللەت توغرا دەپ قارىغان نەرسىنى ئىلمىيلىك نوقتىسىدىن ئىنكار قىلىپ غەلىبە قىلالمايدۇ. چوڭ غەلىبە قىلسا غالىبىيەت روھىغا بىر چۈمۈۋالىدۇ خالاس. بىرقىسىملار قارغا بىلەن ئېشەكنى قانچە مەدھىيەلىسىمۇ ئۇيغۇر تىلىدا «قارغا بىلەن دوست بولساڭ يېيىشىڭ پوق»، «قىلىقسىز ئېشەك» دېگەن گەپلەر كەڭرى قوللىنىلىۋېرىدۇ.

### 3. دىن ئاشقۇنلىقى

يېقىندا توردا مۇستاپا كامال ۋە سادام ھۈسەيىن ھەققىدە قىزىقارلىق مۇنازىرە بولدى. مۇنازىرە داۋامىدا سادام «مۇسۇلمان» بولغانلىقى سەۋەبلىك ئاقلاندى، مۇستاپا كامال بولسا «دىنسىز» غا چىقىرىلىپ قارىلاندى. ھەتتا سادامنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش تەرەپتارى بولمىغانلار كاپىر، سادامغا مايىللار «مۇسۇلمان» بولۇپ قالدى. شۇنچە ئۇزۇن تالاشقانلارنىڭ ئىچىدە سادامغا باھا بەرگۈدەك ئەرەبچە، مۇستاپا كامالنى قارىلىغۇدەك تۈركچە بىلىدىغان مۇنازىرىچىلەرنىڭ يوقلۇقى مېنى ھەيران قىلدى. مۇنازىرىدە تالىشىۋاتقانلار مۇنازىرە ئوبىكتىنىڭ كىملىكى، ھايات تارىخى، ئۇتۇق-ئۇتتۇرۇقلىرى بىر يەدە قېلىپ ئۇلارنىڭ دىنى باشتىن ئاخىر تالاشلارغا سەۋەپ بولدى. مېنىڭ «ئامېرىكىچە قونداق ۋە ئۇيغۇرچە قەپەز» دېگەن خاتىرەمگە ئىنكاس يازغان بىر ئانا بالىسىدىكى ئىزچىلسىزلىق، ئەخلەت يېمەكلىكلەرگە خۇمارلىق، تورخۇمارلىقى...قاتارلىق مەسىلىلەرگە مەسلەھەت بېرىشىمنى سوراپتۇ. مەن قايسى كىتاپنى ئوقۇپ، قايسى ئۇسۇل بىلەن جاۋاپ بېرەرمەن دەپ ئويلاپ بولغىچە بىرەيلەن دىنىي تەربىيە بېرىشنى مەسلەھەت سېلىپ ئۈلگۈرۈپتۇ. دۇنيادا تەننىڭ كېسەلىنى تېبابەت، روھنىڭ كېسەلىنى پسىخولوگىيە داۋالايدۇ. بۇ پەنلەرنىڭ ئىنساندىكى تۈرلۈك روھىي ۋە جىسمانى ساقسىزلىق ھەققىدە نەچچە يۈز يىللىق تەجرىبىدىن توپلانغان رىتسىپلىرى بار. بۇلارنى ھېچ قوبۇل قىلماستىن، ھېچ ئويلاشماستىن كاللىمىزغا كەلگەن، ئالدىمىزغا

ئۇچرىغان مەسىلىنى ئاللاھ بەرگەن ئەقىل بىلەن ئويلاپ، مىڭىمىزنى ئىشلىتىپ ئىزدىنىپ ھەل قىلماي، ھەممىنى ئاللاھقا يۈكلەپ قويساق بىزنىڭ ئىرادە ھۆرلىكىمىز نەدە قالىدۇ؟ ئەگەر ھەممىنىڭ جاۋابى قۇرئاندا بولسا ئاللاھ نېمىشقا بىزنى تەپەككۇرسىز ياراتمىدى؟ بۇنداق ئاشقۇنلۇققا مايىل قېرىنداشلار كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت ئوي ۋە ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىشقا قىزىقمايدۇ. چۈنكى تەييار ھۆكۈم ھەممە ئادەمگە خوش ياقىدۇ. ۋاھالەنكى رېئاللىق دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ماھىيەتلەرنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى دائىم بىرخىل بولمايدۇ. شۇڭا بىز ئىشەنگەن ھۆكۈمنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىش ئۈچۈن يەنىلا مەسىلىنىڭ تارىخى يۈزى، سىپىلىشتۇرما يۈزى ۋە كۆزىمىزگە كۆرۈنگەن-كۆرۈنمىگەن يۈزى ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئاشقۇنلۇق ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بىر زىيانلىق ئۆسمە. يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاشقۇنلۇقلارنىڭ ھەممىسىدە قارىمۇ قارشى قۇتۇپ مەۋجۇد. مەسىلەن، بەزىلەر ھەممە مەسىلىنىڭ داۋاسىنى دىنىدىن ئىزدىسە يەنە بەزىلەر ھەممە پىشكەللىكنىڭ سەۋەپكارىنى دىن دەپ ئاشقۇنلۇق قىلىدۇ. بەزىلەر ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى ھەممە ھادىسىگە پۈتۈنلەي ئىلىم كۆزى بىلەن قارىسا بەزىلەر ئۇيغۇر ئەجداتلارنىڭ ئۇدۇملىرىنى ھەممىگە ئەڭگۈشتەر بىلىدۇ. بەزىلەر ئۇيغۇرغا خاس بولسىلا پەخىرلەنسە بەزىلەر ئۇيغۇرغا تەئەللۇق بولسىلا گۇمانلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئۇيغۇرلار قوي گۆشىنى كۆپ يىگەچكە قويدەك يۇۋاش بولۇپ قالغان» ، «ئۇيغۇرنىڭ جىنسىيىتى ئايىنىغان...» دېگەن سۆز ئىلىمگە زىت ئاشقۇنلۇق بولسا، «ئۇيغۇر تائاملىرى سەۋەبلىك بىز قان بېسىم ۋە يۈرەك كېسەللىرىگە كۆپ گىرىپتار بولۇۋاتىمىز» دېگەنلىك ئىلىم ئاشقۇنلىقى بولىدۇ. ئاخباراتتىكى تەرەپتارلىق، تەشۋىقاتتىكى يەككە مېلودىيە، ئىدولوگىيە تۇمانلىرىغا يەم بولغان رېئاللىق بەلكىم بىر قىسىم ئەڭ غايىلىك، ھۇشيار ۋە ئويغاق قېرىنداشلىرىمىزنى ئاشقۇنلۇق مەپكۇرىلىرىغا مەھكۇم قىلغان بولۇشى مۇمكىن ۋە ياكى دۇنيايىمىز ئاشقۇنلۇققا ئۈندەيدىغان ئامىللارغا

تولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەنچە شۇنىسى شۈبھىسىزكى، ئاشقۇنلۇق بىزنى نورمال ئىنسانى تۇيغۇ ۋە ئادەتتىكى بىر ئىنسانغا خاس تەپەككۇردىن يىراقلاشتۇردى. ئاشقۇنلۇق ئەۋج ئالسا كۆزلىرىمىزگە دۇنيا بىربولسا دۈشمەنلىك، قاراڭغۇلۇق، رەزىللىك بىلەن تولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ، يەنە بىر بولسا كۆز ئالدىمىزدا ئالۋۇندەك بىر مەنزىل بىزنى چاقىرىۋاتقاندەك، شۇ يەردە ھەممە نەرسە گۈزەلدەك، ھاياتنىڭ مەنىسى خىيالى مۇقەددەسلىكتەك بىلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا مەنچە مەيلى دىنى ئاشقۇنلۇق بولسۇن ياكى ئۇيغۇرپەۋەرلىك ياكى لوگىكا ئاشقۇنلىقى بولسۇن ئەقىلدىن ۋە نورماللىقتىن ھالقىغان ھەرقانداق تۇيغۇ ۋە پىكىر ئىنساننىڭ نورمال ھاياتىغا ۋە كەلگۈسىگە نۇر چاچالمايدۇ. مەنچە دۇنيانى ئاددىي بەندىنىڭ كۆزى بىلەن كۆزۈتۈش، ئۆزىمىزنىڭ ۋە ئۆزگىنىڭ ئىنسانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش، ھۆرمەت قىلىش ۋە ئىشىنىش ھاياتىمىزنى ئاددىي ئىنسانلىق بەختىگە مۇشەررەپ قىلىدۇ.

# ئامېرىكىلىق بولماق ئاسانمۇ

## 1. ئامېرىكىچە يېڭى ھايات ۋە ئۇيغۇرچە كونا خۇي

ۋەتەندە بىر ئائىلە كىشىلىرى بىلەن بىرلىكتە تېلېۋىزور كۆرۈشنىڭ تەسلىكى ئۇيغۇرلارغا سىر ئەمەس. بۇ ھەقتە سەھنىگە چىققان ئابدۇكېرىم ئابلىزنىڭ «بۇزۇق تېلېۋىزور» دېگەن ئېتوتى مەسىلىنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى ۋە بۇ ھەقتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تۇتۇمىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ۋەتەندىكى چېغىمدا ئامېرىكىدىمۇ شۇنداق ئەھۋال بارمىدۇ، دەپ ئويلاپ كېتەتتىم. ئامېرىكىغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي شەرقى ساھىلدىكى بىر شەھەردە ياشاۋاتقان دوستۇمنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇم. كەچتە ئامېرىكىدىكى گىرىكلارنىڭ تۇرمۇشى ھەجۋىلەشتۈرۈلگەن بىر فىلىمنى ساھىپخانىنىڭ 9 ياشلاردىكى قىزى بىلەن بىرلىكتە كۆردۇق. فىلىمنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرىدە چوڭلار تۇرمۇشىغا دائىر مەزمۇنلار بولغاچقا توختىماي ئۆتكۈزىۋېتىشكە توغرا كەلدى. ئۆتكۈزۈپ ئۈلگۈرەلمىگەن يەرلىرىدە ئاپىسى قىزىنىڭ كۆزىنى ئېتىۋالاتتى. بەزىدە ئاپىسى كىنوغا بېرىلىپ كېتىپ قىزىنىڭ كۆزىنى ئېتىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئاغىنەم ئايالىغا ئالىيىپ نارازى بولاتتى. بۇنداق ئىش مەن تۇرغان بىر قانچە كۈن ئىچىدە ئۇدا تەكرارلاندى. كۆزىتىشىمچە ھېلىقىدەك كۆرۈنۈشلەردىن قىزىنىڭ كۆزىنى توسۇشقا قەشقەرلىك دوستۇم ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىلىك ئايالىدىن بەكرەك كۈچەيتتى. بىر قېتىم قىز دادىسىنىڭ توسۇشلىرىدىن نارازى بولۇپ تۇرۇپ كەتتى. ئۆزەمچە بۇنى ئامېرىكىلىق بالا بىلەن قەشقەرلىك دادا ئوتتۇرىسىدىكى

ئەددىيە توقۇنۇشى دەپ خۇلاسىلىدىم. مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىشنى ئامېرىكىلىق دوستلىرىمغا دەپ بەردىم. «سېنىڭ ئۇ دوستۇڭ تولۇق ئامېرىكىلىق بولالماپتۇ. ئامېرىكىدا ئۇنداق فىلىملەرنى ئاتا، بالا بىرلىكتە كۆرۈدىغان ئىش يوق» دېيىشتى ئۇلار. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن ھەر قانداق فىلىمگە نەچچە ياشتىن يۇقىرى بالىلارنىڭ كۆرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ئاگاھلاندۇرۇش يېزىلغان بولىدىكەن. چوڭلار بالىلىرى بىلەن كۆرۈدىغان فىلىملەرنى تاللىغاندا ئاگاھلاندۇرۇش بويىچە ئىش كۆرۈشكە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدىكەن. دوستۇم ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان بىلەن جۇڭگوچە تۇرمۇشتا يېتىلگەن خۇيىنى تاشلىيالماپتۇ.

### 2. «كەچۈرۈڭ، ئۇ ئامېرىكىلىق ئەمەس»

تانيە ئىسىملىك روسىيەلىك بىر دوستىمىز بار ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى ئەرمەنىيىلىك، ئانىسى روس بولۇپ ئۆزىنى ئەرمەن دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ يولدىشى خارۋارد مەكتىپىمىزنىڭ جۇغراپىيە پاكۇلتىتىدا دوتسېنت بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىياغا بەكلا قىزىقاتتى. ئامېرىكىدىكى يىللاردا ئۇلار بىلەن ناھايىتى قويۇق ئارىلاشتۇق. بىر كۈنى تانيە ئۆيىگە لازىملىقلارنى توردىن زاكاس قىلىپتۇ. نېمە ئۈچۈندۇر لازىمەتلىكلەر ۋاقتىدا كەلمەي كېچىكىپ قاپتۇ. مال يەتكۈزگۈچى يىگىت قايتا-قايتا كەچۈرۈم سوراپ مالنى تاپشۇرۇۋاتقاندا تانيە يىگىتكە چېچىلىپ كېتىپتۇ. ئۆيدە باشقا ئىشقا مەشغۇل خارۋارد بۇنى ئاڭلاپ يىگىتتىن ئايالى ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراپتۇ. ئاندىن ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن، «ئايالىم روسسىيەدىن كەلگىلى ئۇزۇن بولمىدى. ئۇ ئامېرىكىلىق ئەمەس، شۇڭا سىزگە دەپ سالغانلىرىنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ» دەپتۇ. تانيە ئېرىدىن نېمىشقا شۇنداق دېگەنلىكىنى سورىسا ئۇ «ئامېرىكىلىقلار ئادەتتە بىرسى تۇنجى قېتىم بىر ئىشنى خاتا قىلىپ سالغاندا بۇنچە قاقشاپ، ئەيىبلەپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنىڭ ئۇنى چېچىلىپ ئەيىبلەپ كېتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. مۇلازىمىتىدىن رازى بولمىغان بولساڭ بېرىشكە تېگىشلىك تاپان ھەققىنى بەرمىسەڭلا ياكى مۇلازىمەتتىن رازى بولمىغانلىقىڭنى شىركەتنىڭ توردىكى پىكىر ئېلىش سەھىپىسىگە يېزىپلا قويساڭ بولىدۇ. ئامېرىكىلىقلار سەندەك باشقىلارنىڭ

خاتالىقىنى ۋارقىراپ، قورقۇتۇپ ئىتتىراپ قىلغۇزمايدۇ. پەقەت خاتالىقىنىڭ بەدىلىنى ئۇنىسىز ئۆتەشكە مەجبۇر قىلىدۇ» دەپتۇ.

### 3 .ئامېرىكىغىچە سوزۇلغان غەلىتىلىك

ئاڭلىشىمچە مەن تۇرغان شەھەردە ئىككى ئۈچ يەردە خەنسۇ ئاشخانىسى بار ئىكەندۇق. رامازان ۋاقتىدا كۈۋەيتلىك بىر ئەرەب تونۇشۇم شۇ يەردە تاماق يەپ كېلىش تەكلىپىنى بەردى. قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالدىم. قايتىلاپ سورۇسام چاخچاق ئەمەس، راست بارغۇسى باركەن. تاشقى دۇنيادا جوڭگولۇق دېگەن سۆز خەنسۇ دېگەن مەنىدە بولغاچقا مېنىمۇ شۇنداق ئاشخانىدا تاماق يەيدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا خەنسۇ ئاشخانىسىدىكىلەرنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلىكى، ئىشلەتكەن خورۇچلىرىنىڭمۇ ھالال ئەمەسلىكى، خوجايىنىنىڭمۇ مۇسۇلمانلىقتىن بىخەۋەرلىكىنى چۈشەندۇردۇم. ئۇ بۇرۇن خەنسۇ تاماقلىرىنى جىق يېگەن بولسا كېرەك، سەل خىجىل بولغاندەك قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە ئۇ بۇرۇن غەربىي ساھىلدىكى بىر خەنسۇ ئاشخانىسىدا ئىشلىگەنىكەن. ئۇنىڭ قولىدىكى ئامېرىكا پاسپورتى بولغاچقا باشقا خەنسۇ مۇلازىملار ئۇنىڭغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىدىكەن. خەنسۇ خوجايىنمۇ جوڭگولۇق مۇلازىملارغا قىلغان قوپاللىقنى ئۇنىڭغا قىلالمايدىكەن. خوجايىن ئادەتتە خەنسۇ مۇلازىملارنى خالىسا ئىشلىتىدىكەن، خالىمىسا بىر ئىشنى باھانە قىلىپ قوغلىۋېتىدىكەن. ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى خوجايىننىڭ خەنسۇ ئوقۇغۇچى بالىلارنى ئۈچ كۈن سىناققا ئىشلىتىشنى باھانە قىلىپ ھەقسىز ئىشلىتىۋېلىپ تۆتىنچى كۈنى قوغلىۋېتىشى ئىكەن. كۈۋەيتلىك تونۇشۇمنىڭ ئېيتىشىچە خەنسۇلار قانۇنسىز ئىشلىگەچكە ۋە ئامېرىكا قانۇنلىرىنى بىلمىگەچكە ئاسان بوزەك بولۇدۇكەن. (ئادەتتە ئىچكىرىدىمۇ ئۇيغۇر خوجايىنلار ئۇيغۇر مۇلازىملارنى بوزەك قىلىدىغان ئىش بار ئىدى. قارىغاندا بۇ بىر دۇنياۋىي ھادىسە ئوخشايدۇ) يەنە بىرى ئامېرىكىدا خوجايىنلارنىڭ ۋە ئىشچىلارنىڭ تاپاۋەتلىرىدىن باج ئېلىنىدىغان بولغاچقا باج ئوغۇرلاش ئۈچۈن خەنسۇ خوجايىن ۋە ئىشچى

قانۇنسىز ئىشلەش ۋە ئىشلىتىش يولىنى تاللايدىكەن. قىزىق يېرى مەن تۇرغان شەھەردىكى بېكىجىڭلىق بىر خەنسۇنىڭ ئامېرىكىدا تۇغۇلغان ئوغلىمۇ ئانىسىنىڭ ئاشخانىسىدا قانۇنسىز ئىشلەيدىكەن، ۋە بايلارنى كۈتۈش نۆۋەتتى كېلىپ قالسا باشقا خەنسۇ مۇلازىملارنى ئارام ئېلىشقا بۇيرۇپ قويۇپ ئۆزىلا كۈتكۈچىلىك قىلىدىكەن. ئامېرىكىدا كۈتكۈچىلەر كىرىمىنى ئاساسەن خېرىدارلار بەرگەن تاپان ھەققىدىن تاپىدىغان بولغاچقا ئۇ بايلارنى كۈتۈش نۆۋىتىنى ئادەتتىكى خەنسۇ خىزمەتچىلىرىگە بەرمەيدىكەن. بىر كۈنى بىر يەھۇدى ساۋاقدىشىم بۇ ئىشلارنى جوڭگو ئاشخانىلىرىدا بوزەك بولغان بىر خەنسۇدىن ئاڭلاپ ماڭا بىر مۇنچە قاقشاپ بەردى. ئۇنىڭ ئەڭ ھەيران قالغىنى ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان خەنسۇ خوجايىنلارنىڭ ساختىپەزلىكى ۋە ئامېرىكىدا تۇغۇلغان ھېلىقى بالىنىڭ يولسىزلىقى بولۇپتۇ. «ئامېرىكىدا تۇغۇلمىغان بولسىغۇ ۋەتىنىدە يۇقتۇرغان يامان خۇيىنى داۋام قىلدى دەيلى. ئامېرىكىدا ئۆسكەن تۇرۇپ، ئامېرىكا پۇقرالىقىغا ئۆتكەن تۇرۇقلۇق تېخىچە ئامېرىكىلىق بولۇپ بولالمىغىنى كىشىنى بەكمۇ ئېچىندۇرىدۇ». كانزاس شەھرىدە بىر ئامېرىكىلىق تونۇشۇم بىر خەنسۇ بىلەن بىرلىشىپ ئاشخانا ئاچقانىكەن. ئاشخانا كانزاستىكى ئەڭ چوڭ بازارغا ئېچىلغان بولغاچقا دەسلەپتە ناھايىتى يۈرۈشۈپتۇ. كېيىن ھېلىقى ئامېرىكىلىق تونۇشۇم شېرىكلىكتىن چېكىنىپتۇ. سەۋەبى ئاشخانىدا كالا، توخۇ گۆشلىرىدىن ئېتىلگەن يېمەكلىكلەرنىڭ مۇسۇلمان ۋە يەھۇدى ئامېرىكىلىقلارغا ھالال دەپ سېتىلىش ساتماسلىق زىددىيىتى بولۇپتۇ. (ئادەتتە ئامېرىكىدا يەھۇدىلار ۋە مۇسۇلمانلار بىر بىرىنىڭ يېمەكلىرىنى يېيەلەيدۇ) ئامېرىكىدا ھالال يېمەكلىك قانۇنى ئاللىقاچان ئومۇملاشقان بولۇپ كالا، توخۇ گۆشى بولسىلا ھالال دەپ سېتىش قانۇنغا خىلاپ ئىكەن.

**4. «ئامېرىكىلىقلارغا ئىشەنمەيمەن»!**

ئايالىم دەسلەپ ئىشلىگەن ئاشخانىنىڭ خوجايىنى مۇھەممەد پەلەستىنلىك ئىدى. ئاشخانىدا بىر ئامېرىكىلىق ۋە ئايالىم ئىككىسى ئىشلەيتتى. ئامېرىكىلىق قىز ئىشلىگىلى خېلى ئۇزاق بولغان بولسىمۇ مۇھەممەد ئاشخانىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۇنىڭغا ئەمەس ئايالىمغا تاپشۇردى. ئۇ ئامېرىكىلىقلارغا ئىشەنمەيدىكەن. ماڭا بۇ گەپ تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلدى.

ئامېرىكا پۇقراسى بولغانغا 20 يىلدىن ئېشىپتۇ. يەنە نېمىشقا ئىشەنمەيدۇ؟ ئەڭ قىزىق يېرى، ئۇ ئۆزى يوق چاغلاردا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۇبدان ئىشلىمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ ئاشخانىغاكۆزەتكۈ ئورنۇتۇپتۇ. بىر كۈنى ئايالىم تاماقلارنى ئېتىپ بولۇپ بىر مىنۇت سىرتتىقا قاراپ تۇرۇپ قالغانىكەن. مۇھەممەد دەرھال تېلېپون قىلىپ يېرىم سائەت تەنقىد قىلىپتۇ. رامازاندىن بۇرۇن ئايلىق تارقاتقانىكەن. مۇھەممەد ئايلىقنى بېرىۋېتىپ ئايالىمغا پەلەستىن ئۈچۈن ياردەم قىلىشنى تاپىلاپتۇ. ئايالىم «مەن ئۇيغۇرۇمغا ياردەم قىلىمەن»، دېگەنىكەن. ھەيران قالغانمىش. ئۇنىڭچە دۇنيادا ھېچ بىر مۇسۇلمان مىللەتنى پەلەستىنلىكلەردەك زۇلمەتتە ئەمەسمىش. ھالى زۇلمەتتە بولسا نەچچە ئون مىڭ پەلەستىنلىك ئامېرىكىغا قانداق كەپتۇ؟ ھالى زۇلمەتتە بولسا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىتى، ئارمىيىسى، ساقچىسى بولاتتىمۇ؟ ھالى زۇلمەتتە بولسا پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىپ ئىسرائىلىيەگە قارشى كاتيۇشا بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتەلەيتتىمۇ؟ خالىغانچە نامايىش قىلالايتتىمۇ؟ مۇھەممەد «ئامېرىكىلىقلارغا ئىشەنمەيمەن» دېگەن بىلەن پەلەستىن چېگرىلىرىدىكى ئىسرائىلىيە ئارمىيىسى چېكىنگەن تەقدىردىمۇ ئامېرىكىدىن كەتمەيدىكەن. چۈنكى ئامېرىكىدا كىشىنىڭ يولى تۇرغانچە ئېچىلارمىش. مەنچە مۇھەممەدتەك مۇساپىرلارنىڭ تۇيغۇلىرى ئاجايىپ مۇرەككەپ، يا ئامېرىكىلىقتەك ئامېرىكىنى چىندىن سۆيەلمەيدۇ، يا ئامېرىكىنى پۈتۈنلەي تەرك ئېتەلمەيدۇ.

**تۈگەنچە**

مەن ئۇچراتقان يۇقىرىقى كۆچمەنلەرنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇپ ئامېرىكىلىقلاردەك بولالمىغىنى ئىنساننىڭ مۇئەييەن مەدەنىيەتتە ئىجتىمائىيلىشىدىغان مۇرەككەپ مەخلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىنسان قەيەردىكى قايسى مەدەنىيەت موھىتىدا ئىجتىمائىيلاشقان بولسا، شۇ خىل مەدەنىيەتكە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆزى بارغانلىكى يەرگە ئېلىپ بارىدۇ. ئامېرىكىدىكى مۇساپىرلارنىڭ تېنى ئامېرىكىدا بولغان بىلەن

ئۇلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىدە يېتىشكەن روھى ئۆز تۇپراقلىرىدا قېلىپ قالغان بولۇدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ قىلىقى، خۇيلىرى ۋە پاراڭلىرىدا ئەسلى ئۆزى تەۋە مەدەنىيەتنىڭ تامغىلىرى رۇشەن ساقلانغان بولۇدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان مۇساپىرلارنىڭ ئامېرىكىلىقتەك بولمىقى ئاسان ئەمەس. ئامېرىكىلىقتەك بولالماسلىقنى ئالى مەلۇمات ۋە ئەۋزەل ئورۇنمۇ تۈگىتەلمىسە كېرەك. بىزنىڭ مەكتەپتىكى ئامېرىكىغا تۆرلۈك سەۋەپلەردىن يەرلەشكەن چەتئەللىك ئوقۇتقۇچىلاردا مۇنداق غەلىتىلىكلەر بار. 1. باراۋەرچىلىكى يېتەرسىز. مەسىلەن، بىر خەنسۇ مۇئەللىم بار. ئامېرىكىلىق ياكى ياۋرۇپالىق ئوقۇغۇچىلار «ۋاقتىڭ بارمۇ» دەپ بولغىچە ۋاقىت چىقىرىپ ماقالىسىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بىزدەك ئاسىيا ياكى باشقا قىتئەلەردىن كەلگەنلەرنى ئۆزى يېتەكلىمەي ياردەمچىلىرىغا بۇيرۇپ قويىدۇ. 2. مۇددىئاسىنى يوشۇرىدۇ. بىر ياپونلۇق ئوقۇتقۇچۇم بولۇدۇغان. بۇرۇن باللار تىلشۇناسلىقدىن دەرس بەرگەن ئىدى. ئوقۇشۇم تۈگەشتىن ئاۋۋال شۇ پەندىن ئوقۇش تاماملاش ئىمتىھانى بېرىدىغانلىقىم ئۈچۈن ئەينى چاغدىكى دەرس تەييارلىقنى بېرىپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدىم. دەسلەپتە پاكۇلتېتتىن سوراپ باقاي دېدى. پاكۇلتىت ئىجازەت بېرىپمۇ بولدى. كېيىنكى سائەتتە بېرىدىغان بولدىيۇ، بەرمەي قويدى. يەنە سورۇسام، «ساڭا بەرسەم بولۇدۇ، لېكىن پايدىلىنالمايسەن، مۇكەممەل ئەمەس» دەپ تۇرۇۋالدى. مەن نېمىلا بولمىسۇن ئىشلەتمەكچى ئىكەنلىكىمدە چىڭ تۇردۇم. ئۇمۇ «پايدىلىنالمايسەن» دېگەندە چىڭ تۇردى. مەن ئۇنىڭغا شۇنچە قىلىپمۇ «بەرمەيمەن» دېگەن گەپنى دېگۈزەلمىدىم. بەرمىگىنى، بەرمەيدىغانلىقى راست بولدى، ئەمما «بەرمەيمەن» دېگەن گەپنى زىنھار دېمىدى. 3. پىرىنسىپسىزلىق قىلىدۇ. ئادەتتە ئامېرىكىلىق پروپېسسورلار چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارئىمتىھاندا تىل قىيىنچىلىقى سەۋەبلىك يېتىشەلمەي قالسا يەرلىك ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا ئۈچ، تۆت مىنۇت ۋاقىتنى ئارتۇق بېرىدۇ. لېكىن بۇ گەپنى چوقۇم ئىمتىھان باشلىنىشتىن بۇرۇن مۇئەللىمگە دەپ قويۇش كېرەك. ئامېرىكىغا كېيىن يەرلەشكەن ئاسىيالىق ۋە ئافرىقىلىق بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار بولسا قىيىنلىپ قالغانلارغا نومۇرنى باشقىلارغا قارىغاندا سەل كەڭرى قويۇش بىلەن يوچۇق چىقىرىپ بېرىدۇ. دېمەك،

ئامېرىكىلىق بولماق ئاسان، ئامېرىكىلىقتەك بولماق قىيىن. ئامېرىكىدا ياشىماق تەس ئەمەس، لېكىن ھەر بىر ئىشنى ئامېرىكىچە قىلماق مۇشكۈل.

# ئامېرىكىدا دىيانەت

ئامېرىكىنىڭ يۇلىدا «خۇداغا ئىشىنىمىز» دېگەن خەت بولغاندىن باشقا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ يىغىن زالىغىمۇ يۇقىرىقى خەت ئويۇلغان. ئامېرىكا پرېزىدېنتلىرى ھەر قېتىم ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئىنجىلغا قولىنى قويۇپ قەسەم قىلىدۇ. سوتلاردا گۇۋاھچىلارمۇ ئىنجىلغا قولىنى قويۇپ شاھىدلىقىنىڭ چىنلىقىغا ئانت ئىچىشىدۇ. ئامېرىكا تارىخىدا دىنسىزلىقنى تەرغىپ قىلغان بىرەر كىشىنىڭ دۆلەت رەھبىرى ئەمەس پارلامېنت ئەزاسى بولالىغانلىقى ھەققىدىمۇ خاتىرە يوق. «ماي گۈلى» ناملىق پاراخوتقا چىقىپ دىنى ئەركىنلىك ئىزدەپ ئامېرىكا تۇپرىقىغا قەدەم باسقان ئەڭ دەسلەپكى ئەنگىلىيە كۆچمەنلىرى ۋە كېيىنچە باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى تۈرلۈك دىنى ۋە سىياسى زىيانكەشلىكتىن قېچىپ ئامېرىكىغا يەرلەشكەن كۆچمەنلەر ھازىرقى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئاساسى ئاھالىسىنى تەشكىل قىلغان. شۇڭا ئامېرىكىدا ئوخشىمىغان دىنلارنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئامېرىكا ئاساسى قانۇنىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپلا قالماي خەلقىنىڭمۇ ھىمايىسىگە ئېرىشىدۇ. ئامېرىكىدا خىرىستىيان دىنىدىن شاخلانغان كاتولىك، پرووسلاۋىيە، پروتېستانت، مورمىن، جوھو ۋىتنىس قاتارلىق مەزھەپلەر بار. بۇلارنىڭ چىركاۋ ۋە مەكتەپلىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پائالىيەت قىلىدۇ. بۇندىن باشقا بۇددا دىنى، باھايى دىنى ۋى شىك دىنى مۇخلىسلىرىمۇ مەۋجۇد. ئامېرىكىدا ئىسلام خىرىستىيان دىنىغا ئوخشاشلا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئامېرىكىدىكى تۇنجى مۇسۇلمانلار ئەنگىلىيىلىك قۇل سودىگەرلىرىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئافرىقىدىن كۆچۈرۈلگەنىكەن. (ھازىر مىڭ بىر جاپادا ئىختىيارى كۆچۈپ كەلمەكتە) ئامېرىكا پىرىزدېنتلىرى تارىختا ئوسمانلى ئىمپىرىيەسىنىڭ ئەلچىلىرىگە ئىپتارلىق زىياپەت بەرگەنىكەن. ھازىرمۇ ئامرىكا پرىزدېنتلىرى ھەر يىلى ئامېرىكىلىق مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرى ۋە مۇسۇلمان دېپلوماتىيە خادىملىرىغا ئىپتارلىق زىياپەت بېرىدۇ. بۇنداق

زىياپەتلەرگە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەكىللىرىمۇ قاتناشقانىكەن. ئامېرىكىدا مۇسۇلمانلار رەسمى رەقەملەرگە كۆرە يەتتە مىليوندىن ئارتۇق دەپ ئاڭلىدىم. هازىر ئىسلام ئامېرىكىدا ئەڭ تىز كېڭىيىۋاتقان دىن سانىلىدۇ. سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان ئامېرىكىلىق لاتىنىي ئاياللارلا 40 مىڭدىن ئاشىدىكەن. ئامېرىكىدا ئىسلامنىڭ بۇ قەدەر تېز زورىيىشىدىكى سەۋەپلەردىن بىرى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كۆپ دۆلەت قىسىملىرىنىڭ ب م ت نىڭ تەستىقى بىلەن ئىراق ۋە ئافغانىستانغا كىرىشى ئىكەن. ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ يۇقارقى مۇسۇلمان رايونلىرىغا كىرىشى ئامېرىكىلىقلارنى ئىسلام بىلەن بىۋاستە ئۇچرۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ياكى ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋاباتى، دوستلىرى مۇسۇلمانلىقنى تاللىغان. يەنە بىر سەۋەپ 11-سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ئامېرىكىلىقلاردا ئىسلامنى چۈشىنىش قىزغىنلىقى قوزغالغان. نەتىجىدە مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ساياھەت قىلىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ هاياتى ۋە دەستۇرىغا دائىر كىتاپلارنى يازىدىغان، ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى كۆپەيگەن. بۇمۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى تېزلەتكەن. 2010-يىلى كانزاس شەھرىدىكى تۇرك مەدەنىيەت مەركىزىدە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان بىر ئاق تەنلىك قىزدىن ئاڭلىشىمچە ئۇ ئافرىقىدىكى مۇسۇلمان دۆلىتى موروكوغا ساياھەتكە بېرىپ مۇسۇلمانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدىن، ساغلام هايات يولىدىن تەسىرلىنىپ مۇسۇلمان بولغانىكەن. مەن ئوقۇۋاتقان ئۇنىۋېرسىتىتىكى جامەدە يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان ئامېرىكىلىقلار پات پات ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ رامازان مەزگىلىدە مۇسۇلمان بولغۇچىلارنىڭ سانى ئالاهىدە كۆپ بولىدۇ. ئامېرىكا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى يەرلىك مۇسۇلمانلار ۋە مۇسۇلمان ئەللەردىن سىياسىي پاناهلىق تىلەپ كەلگەنلەر، يەنە بىر مەنبەسى هەر قايسى ئەللەردىن ئامېرىكىدىكى تۈرلۈك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن، ئوقۇش پۈتكۈزۈپ بۇ يەردە قالغان ياكى ئوقۇۋاتقان مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار. باراك هۈسەيىن ئوبامانىڭ كىنىيەلىك مۇسۇلمان دادىسى دەل

يۇقارقى سەۋەب بىلەن ئامېرىكىغا كەلگەنلەرنىڭ بىرىدۇر.

### 1. ئامېرىكىلىق بۇددىستلار

2009-يىلى يازنىڭ باشلىرىدا ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئاپتوبۇس بىلەن ئاۋال شەرقىگە ئاندىن جەنۇبىغا بېرىپ ئىككى ھەپتىلىك ساياھەتتە بولدۇم. ئاپتوبۇستا بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ قىز مېنىڭ تېبەتكە قوشنا بىر يەردىن كەلگەنلىكىمنى ئاڭلاپ ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇ بۇددىست بولۇپ، ئۇنىڭ ئارزۇسى كەلگۈسىدە جىقراق پۇل تېپىپ تېبەتنى ساياھەت قىلىش ئىكەن. يول بويى مەندىن تېبەتكە دائىر سوئاللارنى سوراپ كەلدى. 2010-يىلى يازدا ئورېگاندا يىغىنغا قاتنىشىۋېتىپ بىر گۆش يېمەس بۇددىست قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى سورۇندا بىر چىۋىن بەكلا ئىچىمنى سىقتى. ئۆلتۈرۈۋېتەي دەپ شۇنداق شاپىلىقىمنى كۆتۈرۈشۈمنى بىلەرمەن، سورۇندىكى باشقا ئامېرىكىلىقلار چۇرقىراپ كېتىشتى. ئۇلارچە چىۋىنمۇ خۇدا ياراتقان جانلىقكەن، ئۆلتۈرسەم بولمايمىش. كۆزۈمگە سورۇندىكى ھەممە ئامېرىكىلىقلار بۇددىستتەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بۇنىڭغا قارىغاندا ئامېرىكىدا بۇددىست بولمىسىمۇ لېكىن شۇلارنىڭ تەشەببۇسلىرىنى توغرا دەپ قارىغۇچىلار خېلى كۆپ ئوخشايدۇ. چۈنكى ئامېرىكىدىكى كۆپىنچە ئاشخانىلاردا گۆش يېمەسلەر ئۈچۈن مەخسۇس يېمەكلىك تەييارلىنىدىكەن. مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىدىمۇ گوش يېمەسلەرنىڭ تاماق ئالىدىغان يېرى ئايرىم. قاراپ باقسام تاماق ئېلىش ئۈچۈن تىزىلغان ئوقۇغۇچىلار دائىم ئۈزۈلمەيدۇ. ئامېرىكىدىكى گۆش يېمەسلەر ھەتتا گۆشلۈك تائاملارنىڭ گۆشىنى ئېلىۋەتسىمۇ پۇرىقى قالدى, دەپ يېگىلى ئۇنىمايدىكەن. تۇخۇمنىمۇ يېمەيدىكەن، سۈتمۇ ئىچمەيدىكەن.

### 2. مەسجىد سېلىش خۇدا بەرگەن ھوقۇق

دېموكراتىيە دېسە كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا ھەممە ئىش كۆپچۈلۈكنىڭ ئاۋاز بېرىشى، رازىلىقى بىلەن بولىدىغان جەمىيەت كېلىدۇ. مەنمۇ باشقىلارغا ئاددىيلا قىلىپ شۇنداق چۈشەندۈرەتتىم. ئامېرىكىدا ئاڭلىغان بىر خەۋەر مېنىڭ قارىشىمنىڭ خاتاسىنى تۈزەتتى. ئامېرىكىنىڭ بىر شەھىرىدە ئاز بىر بۆلۈك مۇسۇلمان مەسجىد سېلىش ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ئىلتىماس سۇنۇپتۇ. شەھەر باشلىقى بۇ ئىشنى شۇ شەھەردىكى خەلقنىڭ

ئاۋازنغا قويۇپ ھەل قىلىشنى قارار قىلىپتۇ. بۇ شەھەر يەرلىك مۇسۇلمان ۋە مۇسۇلمان كۆچمەنلەر ئاز، ئاھالىسى ئىچىدە دىنسىزلىق يايغىن بىر شەھەر ئىكەن. ئەگەر ئاۋازغا قويۇلسا مەسجىد سېلىشنىڭ قوللاشقا ئېرىشەلمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار شەھەر باشلىقىنىڭ قارارىنى قانۇنسىز دەپ قاراپ شەھەرلىك سوتقا ئەرز سۇنۇپتۇ. سوت ئامېرىكا ئاساسى قانۇنىغا ئاساسلىنىپ مۇسۇلمانلارنىڭ مەسجىد سېلىش ھوقۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئاۋازغا قويۇشنى رەت قىلىپتۇ. ئامېرىكا ئاساسى قانۇنىغا تايانغاندا كىشىلەرنىڭ نەدە ياشىشى، نەچچە پەرزەنتلىك بولۇشى، قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىشى، ئۆز سىياسىي تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى خۇدا ئاتا قىلغان مۇقەددەس كىشىلىك ھوقۇق بولغاچقا بۇنى ئاۋاز بېرىش يولى بىلەن ياكى باشقا يوللار بىلەن چەكلەشكە بولمايدىكەن. نەتىجىدە ئۇزاققا قالماي ئۇ شەھەرگە مۇسۇلمانلارنىڭ مەسجىدى بەرپا بولۇپتۇ.

### 3. ئەسلى ئامېرىكىلىقلار (ئىندىيانلار) تەڭرىنىڭ دۈشمىنى

ياۋروپا كۆچمەنلىرى بىلەن ئەسلى ئامېرىكىلىقلار (ئىندىيانلار) ئارىسىدا ھاياتلىق مەنبەلىرىنى تالىشىش كۆرىشى ئەۋج ئالغان چاغلاردا بىر قىسىم خرىستىيان ئۆلىمالىرى يەرلىكلەرنى «ئۇلار دىنسىزلار، تەڭرىنىڭ دۈشمەنلىرىدۇر» دەپ پەتىۋا چىقارغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا كۆچمەنلىرى ئىندىيانلارنى قىرغىن قىلىشنىڭ دىنىي ئىجازىتىگە ئېرىشىپتۇ. ئەسلى ئامېرىكىلىقلارنىڭ «تەڭرىنىڭ دۈشمىنى» سانىلىشى نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ تاۋاپخانىلىرى كۆيدۈرۈلۈپتۇ، كىتاپلىرى نابۇت قىلىنىپتۇ، شەھەرلىرى بەربات قىلىنىپتۇ. بىر قىسىم ياۋروپالىقلارنىڭ نەزىرىدە ئەسلى ئامېرىكىلىقلارنىڭ مەھەللىلىرى ۋەيران قىلىنمىسا ئۇلار شۇ مەھەللىلەردە تاۋاپخانىسىغا يىغىلىپ دىنلىرىنى داۋام قىلىۋالىدىكەن، تىللىرىنى ساقلاپ قالىدىكەن، قەدىمى ئىمارەتلەرنى سالغان ئەجداتلىرىدىن پەخىرلىنىپ مىللىي تۇيغۇلىرى كۈچىيىپ كېتىدىكەن. چېقىش، ۋەيران قىلىشلار نەتىجىسىدە ئەسلى ئامېرىكىلىقلارغا ئىككىلا يول قالغان؛ بىرى، يىراق چۆللەرگە سەپەر

قىلىش، يەنە بىرى شەھەرلەرگە كىرىپ ياۋروپاچە ھاياتقا سىڭىپ كېتىش ئىكەن. ئەسلى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغانلىرى ئاق تەنلىكلەر ئىندىيان شەھەرلىرى خارابىسىغا بەرپا قىلغان يېڭى شەھەرلەردىن يىراقتا قاچقانلىرى ئىكەن. ھازىر ئامېرىكىدا خېلى كۆپ بازار ۋە شەھەرلەرنىڭ ئىسمى ھىندىيانچە بولسىمۇ ئادەتتە بىرمۇ ھىندىياننى تاپقىلى بولمايدىكەن. مەسىلەن، كانزاس شەھىرىنىڭ ئىسمى كانزا ئىندىيانلىرىنىڭ تىلىدىن كەلگەن بولسىمۇ مەن ئىككى يىل تۇرۇپ بىرمۇ ئىندىياننى كۆرمىدىم. بۈگۈنكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ھىندىيانلارغا ۋاشىڭتوندا ئەلچىخانا تەسىس قىلىش، ئۆز رايونلىرىدا ئۆز قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىش، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش قاتارلىق ھوقۇقلارنى بېرىپتۇ، تارىخى خاتالىقى ئۈچۈن ھىندىيانلارغا مىليارتلاپ تۆلەم بېرىپتۇ، ۋەھالەنكى بۇلارنىڭ ھېچ قايسى بىتەلەي ھىندىيانلارنىڭ يوقالغان تىلى، دىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

# ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلۇقنىڭ ھالاۋىتى

ئىچكىرىدە ئىشلەيدىغان چاغلىرىمدا ئۇيغۇرچىنى راۋان بىلىدىغان گي فەمىلىلىك بىر خىزمەتدىشىمىز بولۇدۇغان. ئۇ ئۆزىنى ماڭا خەنسۇ دەپ تونۇشتۇرغاچقا شۇنداق بىلەتتىم. بىر قېتىم ئۇنۇۋېرسىتېتىمىزدە خەن بولمىغان مىللەتلەردىن ئەمەلدارلارنى رىقابەتلەشتۈرۈپ تاللاش يولغا قويۇلدى. كۆتۈلمىگەندە ئارىمىزدىن ئۇ سۆزگە چىقىپ ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ تونۇشتۇرماسمۇ تاس قالدىم قاھقاھلاپ كۈلۈپ تاشلىغىلى. مەندەك ھەيران قالغۇچىلارنىڭ چىقىشىنى ئۇ بۇرۇنلا پەملىگەنمۇ قانداق مىللىتى دېگەن يەرگە ئۇيغۇر دەپ يېزىلغان كىملىكىنى ئاتايىن ئىشتىراكچىلارغا كۆرسەتتى. شۇندىن كېيىن ئۇ نەپىلىك يەرلەردە ئۆزىنى ئۇيغۇر، نەپسىز ئەھۋالدا خەنسۇ دەپ يۈرۈۋەردى. ئىچكىرىدە تۇرۇش جەريانىدا بەزىلەرنىڭ ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەلگە قويۇلۇدۇغانلىقىنى، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەقەت ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈنلا سىياسىي ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇدۇغانلىقى، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر بولغاچقىلا ئىمتىھاندا كۆچۈرۈشكە يول قويۇلۇدۇغانلىقىنى، ئوغرىلارنىڭ ئۇيغۇر بولغاچقىلا باشقۇرۇقسىز قالىدىغانلىقىنى...كۆرۈپ ئازاپلىناتتىم. شۇ چاغدىن باشلاپلا ئۇيغۇرلۇقنىڭ كاساپىتىگە كىملەر قېلىۋاتىدۇ؟ ھالاۋىتىنى، ھوزۇرىنى كىملەر سۈرۈۋاتىدۇ؟ دېگەن ماۋزۇ كاللامغا كىرىۋالغان ئىدى. ئامېرىكىغا كېلىپ كىشىنىڭ مىللىتى ياكى نەسەبى سەۋەبلىك ھېچ قانداق ئەۋزەللىككە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم ۋە يۇقىرىقى ماۋزۇنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم. 2009-يىل تومۇزدىكى ۋەقە سەۋەبلىك تېلېفون، تور تاقىلىپ ئاتا-ئانام ۋە يۈرەك باغرىلىرىمدىن 10 ئايغىچە خەۋەر ئالالماي، ئۇيغۇرلۇقنىڭ تالاپىتىگە قولاقچە پاتتىم. شۇ

كۆنلەردە ئۇيغۇرلۇقنىڭ ھالاۋىتىنى بەخۇدەك سۈرۈۋاتقان ئىككى ساختا ئۇيغۇر بالا ھەققىدىكى ئۈچۈر يۈرۈكۈمنى ئەزدى.

دېيىلىشچە، بىر قانچە يىللار ئىلگىرى ئامېرىكىلىق بىر جۈپ ئەر ئايال جۇڭگوغا ساياھەتكە كېلىپ ئېچكىرىدىكى شەھەرلەردە ئوغۇرلۇققا سېلىنىۋاتقان ئۇيغۇر بالىلارغا كۆزى چۈشۈپتۇ. سوراشتۇرۇش نەتىجىسە بۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئوغۇرلانغان يەنە بىر قىسمىنىڭ نامراتلىق، يېتىملىك، ساھىپسىزلىق سەۋەبىدىن ئالدانغان بالىلار ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئۇيغۇر يېتىم بالىلىرىدىن ئىككىنى بېقىۋېلىش ئويى تۇغۇلۇپتۇ. بىر مۇنچە مۇرەككەپ رەسمىيەتلەرنى بېجىرگەندىن كېيىن ئۇلار ئاقسۇ ۋىلايىتىگە كېلىپ ئۇيغۇر بالىدىن ئىككىنى بېقىۋېلىش ئىجازىتىگە ئېرىشىپتۇ. ئاقسۇدىكى مۇناسىۋەتلىك دائىرىلەر ئۇلارغا ئۈچ ياش ۋە بەش ياش ئەتراپىدىكى ئىككى «ئۇيغۇر» بالىنى تونۇشتۇرۇپ قويۇپتۇ. بالىلار ئامېرىكىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن ئامېرىكىلىق ئاتا-ئانا بۇلارنىڭ ئانا تىلىنى ئۇنۇتماسلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلماقچى بولۇپ ئېلان بېرىپتۇ. ماڭا بۇ ئىشنى دەپ بەرگۈچى تۈرك قىز ئەسىن (شامال مەنىسىدە) گۇاڭجۇدا ئۇيغۇر بالىلار بىلەن دوستلۇشۇپ ئۇيغۇر تۈركچىسىنى پىششىق ئۆگىنىۋالغانىكەن. ئۇ بۇ ئېلاننى كۆرگەندىن كېيىن ئامېرىكىلىق ئاتا-ئانىلارنىڭ مۇلاقاتىدىن ئۆتۈپ ئۇيغۇرچە ئۆگىتىشنى باشلاپتۇ. ئەسىن شۇنچە ئۆگىتىپمۇ بۇ بالىلارنىڭ تىلىنى ئۇيغۇرچىغا كەلتۈرەلمەي بالىلارنىڭ مىللىتىدىن گۇمانسىراپ قاپتۇ. بىر كۈنى دەرس ئۆتكىلى كەلسە ئىككى بالا تەڭلا «گۈن» (خەنسۇچە يوقال مەنىسىدە) دەپ ۋارقىراۋاتقۇدەك، خەنسۇچە بىلىدىغان ئەسىنگە بۇ سۆز بەكمۇ ئېغىر كەپتۇ-يۇ چاندۇرماي قاراپ تۇرۇپتۇ. بالىلار ئۇنى بىلمىدى دەپ تونۇپ خەنسۇچە تازا تىلللىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنى بالىلارنىڭ ئانىسىغا باشقا بىر تۇستە خەۋەر قىلىپ قويۇپ ئۇيغۇرچە ئۆگىتىشتىن ئىستىپا بېرىپتۇ. ئامېرىكىلىق ئاتا-ئانىلار شۇنچە يالۋۇرسىمۇ ئاڭلىماپتۇ، ئىستىپانىڭ سەۋەبىنىمۇ چۈشەندۈرمەپتۇ.

ــ نېمىگە سەۋەبىنى دېمىدىڭ؟ ــ دەپ سورۇدۇم نارازى بولغاندەك. (ئامېرىكىدا تۈرك قىز ئوغۇللار «سەن» دېيىشىمىز)

— ئۇ ئامېرىكىلىقلار ئۇلارنى ئۇيغۇر دەپ ئىشىنىدىكەن. ئىسمىنىمۇ ئۇيغۇر1، ئۇيغۇر 2 دەپ قويۇپ بولۇپتۇ. سەنچە ئۇلارنى ئۇيغۇر ئەمەس دېسەم، شۇ مەسۇم ئاتا ئانىنىڭ قەلبى زىدىلەنمەسمۇ؟ ئىككى ئۇيغۇر يېتىم بالىنى بېقىۋالىمىز دەپ ئۇلار ئۈچ يىل جاپا تارتىپتۇ. ئامېرىكىدىن ئاقسۇغا نەچچە قېتىم بېرىپتۇ. ئۇيلاپ باقمامسەن، نەچچە يىل جاپا تارتىپ قىلغان ئىشىنىڭ قۇرۇق ئاۋارچىلىق بولغانلىقىنى بىلسە ئۇلار بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟

ئەسىن شەرقى ساھىلدىكى بىر شىتاتتىن مەن تۇرۇۋاتقان بۇ شەھەرگە مېھمان بولۇپ كەلگەنىكەن. مېنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى ئاڭلاپ ئاتايىن كۆرۈشكىلى كىرىپتۇ. ماڭا يۇقارقى خەۋەرگە قوشۇپ گۇاڭجۇ كوچىلىرىدىكى نارەسىدە ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى دەپ بەردى ۋە سۆزىنى داۋام قىلالماي يىغلاپ كەتتى. «ئابى، بىز ھېچ بولمىسا ئاشۇ ئامېرىكىلىقلاردەك پۇرسەتكىمۇ ئىگە ئەمەس، ئۇيغۇر نامراتلىرىغا، يېتىملىرىگە، نارەسىدەلەرگە ساھىپ چىقالمايمىز، ياردەم قولۇمىزنى سۇنغۇمىز بار، يەتكۈزەلمەيمىز. قانداق قىلىمىز ئابى، قولىمىزدىن دۇئادىن باشقىسى كەلمەيۋاتىدۇ». چارەسىزلىك يۈرەكلەرنى يەنە قاناتتى. چارەسىزلىك، بولۇپمۇ ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ قوي كۆزلىرىدەك گۈزەل، مەسۇم، ئىلتىجالىق كۆزلەر ئالدىدىكى چارەسىزلىك ئەرلىك غۇرۇرۇمنى، مەۋجۇدلۇقۇمنىڭ قىممىتىنى بىر تىيىنغا چىقىرىۋەتتى. كۆزلۈرۈمدىن تاراملاپ ئېقىۋاتقان ياشنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن تالاغا چىقىپ كەتتىم. نەگە باراي، نەگىمۇ بارالايتتىم. تېنىملا ئامېرىكىدا، قەشقەر كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ؛ يېتىملار نان دەپ يىغلايدۇ، بىمارلار جان دەپ يىغلايدۇ، باغلاقتىكى نۇزۇگۇم «ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ» دەپ نالە قىلىدۇ. مەن يا نانسىزغا نان ياقالمايمەن، يا نىمجانغا قان بېرەلمەيمەن، قولۇمدىن كېلىدىغىنى ئالدىمدىكى مۇنۇ تۈرك قىزىدەك قىزلارنىڭ دەردلىك نىداسى ئۈچۈن ئۇلارغا ئۈن قېتىپ ياش تۆكۈش...
دوستۇم ئەرقانىنىڭ نامازشامغا توۋلىغان مۆڭلۈق ئەزىنى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى. نامازدىن كېيىن ئامېرىكىدا ئۇيغۇرلۇقنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىۋاتقان

ھېلىقى ئىككى تەلەيلىك خەنسۇ بالىغا ئۇزاق دۇئا قىلدىم. ئۇ ئىككى بالىغىلا ئەمەس ئۇيغۇرنىڭ ئۆچمەس ئارمانلىرىدەك كۆۋەجەپ تۇرغان نىفىت كانلاردىن، ئۇيغۇرنىڭ كەڭرى قۇچىقىدەك دالا باغلاردىن، ئۇيغۇرنىڭ يىمىرىلمەس گەۋدىسىدەك غازىيانە تاغلاردىن رىزىقلىنىۋاتقان، ھوزۇرلۇنۇۋاتقان بارلىق ئىنسان ئەۋلادىغا ئاللاھتىن ئىنساپ، ئادالەت ۋە قانائەت تىلىدىم.

# ۋاشىنگتوندىكى ئۇيغۇر ئۇسسۇلچى

ئۇسسۇلغا ئۆچ ئۇيغۇر قىزى

ئامېرىكىدىكى ھاياتىمنىڭ ئىككىنجى يىلىدا ھۆررىيەت خانىم بىلەن facebook (دوستلىشىش ۋە ئالاقە تورى، جۇڭگودا ئېچىلمايدۇ)تا تونۇشۇپ قالدىم. تورلاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئامېرىكا ھەققىدىكى يازمىلىرىم ھەققىدە پاراڭلاشتۇق. كىتاپقا ۋە مۇزىكىغا بولغان شەيدالىق پارىڭىمىزنى قىزىتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئورتاقلىشىش ئۈچۈن تورغا يوللاپ قويغان ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلىرىنى بايقاپ، كۆرۈپمۇ باقماي ئاستىغا باھايىمنى مۇنداق يازدىم. «دۇنيانىڭ نەرىدە بولسۇن خەقنىڭ دېيىغا ئۇسسۇل ئويناش ئۇيغۇرنىڭ پىشانىسىگە پۈتۈلگەن بولسا كېرەك. ئۇسسۇل ئوينىغاندىن باشقا شەرەپلىك مىنۇتلىرىڭىزنى ئەسلىيەلمەمسىز؟». گېپىم ئېغىر كەلگەن بولسا كېرەك خېلىغىچە باھايىمغا ئۈندىمىدى. بىر كۈنىfacebook نى ئېچىپ تۇرىۋېدىم تېلېپون قىلدى. ئىككىرانىنى ئېچىپ پاراڭلاشتۇق. ئۇ چوكان ئەسلى كىچىكىدىن ئۇسسۇلغا ئۆچ ئىكەن. باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان چېغىدا يۈرەك ئوپېراتسىيىسى قىلىنىپ ئىچكىرىدىكى مەلۇم دوختۇرخانىدا ياتاقتا يېتىپ قاپتۇ. ساقىيىپ دوختۇردىن چىقىشقا ئاز قالغان كۈنلەردە بىر موھىم رەھبەر دوختۇرخانىنى زىيارەت قىلىشقا كېلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. دوختۇرخانا ۋە مۇخپىرلار ئازسانلىق مىللەت بىمارلىرىنىڭ دوختۇرخانىنىڭ ئېتىبار بېرىپ داۋالىشى بىلەن ساقىيىپ كەتكەن، خۇشاللىقتىن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەن كۆرۈنۈشنى داۋراڭ قىلماقچى بولۇپتۇ. بۇ قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ رەھبەر بىلەن رەسىمگە چۈشۈۋېلىش، ئۆسۈش، داڭق چىقىرىش قاتارلىق بىر يۈرۈش نەپلىك ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلىپ قايتىشقا ئالغان بىلەتنى ياندۇرىۋېتىپ قىزىغا

ئۇسسۇل ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ. ئاخىرى كۆتكەن كۈن كېلىپ ھېلىقى موھىم رەھبەر قىزچاق ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كېسەلخانىغا مۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. ھۆررىيەتنىڭ كېسەلدىن تولۇق ساقايماي تۇرۇپ ھارغىنىغا قارىماي قىلغان تەييارلىقىغا بېرىلگەن مۇزدەك جاۋاپ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى ئۇسسۇل ئوينىمايدىغانغا ئۆزىگە ۋەدە قىلىپتۇ. ئۇنى ئۇسسۇلغا ئۆچ قىلغان ئىككىنچى بىر ئىش ئۇنىڭ تىيەنجىن توقۇمىچىلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزىدىغان يىلى يۈز بېرىپتۇ. شۇ يىلى مەزكۇر مەكتەپتىكى شىنجاڭ سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىر زامانىۋى توقۇمىچىلىق بازىسىغا پىراكتىكىغا بېرىپتۇ. زاۋۇتتىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملار «سىلەر پىراكتىكا قىلمىساڭلارمۇ بولىدۇ. پەقەت قىزلىرىڭلار بىزگە ھەپتىدە بىر ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئويناپ بەرسىلا پىراكتىكا قىلغانلىق ئىسپاتى چىقىرىپ بېرىمىز» دەپتۇ. بۇ گەپ ھۆررىيەتكە بەكمۇ ھار كەپتۇ. ئۇيغۇرلىقىغىمۇ، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىغىمۇ ئۆچ بولۇپتۇ. خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن بۇنداق ھار كېلىدىغان ئۇسسۇل ئويناش مەجبۇرىيىتى ئىدارىدە تولا يۈكلىنىپ خىزمەتتىن جاق تويغان كۆڭلىرىمۇ بولۇپتۇ.

— ئىدارىڭىزدە سىزدىن باشقا ئۇيغۇر يوقمىدى؟

— بار، مېنىڭ مۇشۇ شوخ، ئوچۇق مىجەزىم، ئۇيغۇر بولغاندىكىن يامان ئەمەس چىرايىم ۋە ئۇسقىنىمنىڭ دۈشمەنلىكى بولمامدۇ.

— شۇنداق قىلىپ ئامېرىكىغا ئۇسسۇل دېگەننى ھەرگىز ئوينىمايدىغانغا كەلگەنتىم دەڭ!

### بىزگە پۇرسەت ۋە سەھنىلا كېرەك

ئامېرىكىغا ئېرىگە ئەگىشىپ كەلگەن ھۆررىيەت يېڭى كەلگەندە ئېنگلىزچىنى زادىلا بىلمەيدىكەندۇق. بىر يىلغا قالماي ئىنگلىزچىنى پۇختا ئۆگىنىپ نۇتۇق كۇلۇپلىرىغا قاتنىشىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. ئۇ ئۇيغۇرنى تونۇشتۇرۇش جەريانىدا مۇزىكا ۋە ئۇسسۇلنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك، ئەڭ بىۋاستە تونۇتۇش چارىسى ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەتەندىن ئۇيغۇر چالغۇلىرىنى بىر بىرلەپ ئەكەلدۈرۈپ، ئۆزى چېلىشنى ئۆگىنىپ ئامېرىكىلىقلارغا مۇزىكىنىڭ سېھرى ئارقىلىق ئۇيغۇر

مەدەنىيىتىنى تەرجىمانسىز چۈشەندۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىپتۇ. ئۇسسۇل ئۆگىنىپ ئۆزىنىڭ ۋە باشقا ئامېرىكىلىق خوشنىلىرىنىڭ بالىلىرىغا ئۆگىتىپتۇ. ئۇچاغلاردا ئامېرىكىدا ئۇيغۇرلار بەكمۇ ئازبولۇپ يىغىپ كەلسە نەچچە يۈزلا ئادەم باركەندۇق. بىر يىلى ۋاشىنگتوندىكى National Mall دا يىللىق كونسىرت بولۇدۇغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ تىزىملىتىپتۇ. كونسىرتتا ئاساسەن كەسپىي تەربىيە كۆرگەن سەنئەتكارلار تىزىملاتقان بولۇپ، كەسپىي سەنئەتكارى ئەڭ كۆپ بولغان خەنسۇلارغا ئەڭ چوڭ سەھنە بېرىلگەنىكەن. ھۆررىيەت كەسپى سەنئەتكار بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇيغۇرلار بۇرۇن بۇنداق كونسىرتتا قاتنىشىپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەڭ چەت ۋە ئەڭ كىچىك سەھنە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. «مەن ئۇسسۇل ئويناۋاتقىنىمدا ئەتراپىمدا ھېچكىم يوقتى. لېكىن مەن ئۇسسۇلۇمنى نەچچە مىڭ تاماشىبىن كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئويىنۇدۇم. چۈنكى بۇنداق دۇنيانىڭ سىياسىي مەركىزى بولغان شەھەردە ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى ئويناش پۇرسىتى ئون نەچچە مىليون ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدىن ماڭىا نېسىپ بولغانىدى. كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئۈچۈن سەھنىدىن چۈشۈپ كوچىدىمۇ ئويىنۇدۇم. ئىككى كۈن شۇنداق يوسۇندا داۋام قىلدىم. ئىككى كۈندىن كېيىن تاماشىبىنلار بارغانچە كۆپەيدى. ئۈچىنچى كۈنى چۈشتىن بۇرۇن چوڭراق سەھنىگە چىقتىم. ئادەملەر توپىنىڭ ئاساسەن مەن تەرەپكە ئاغقانلىقىنى كۆرگەن تەشكىللىگۈچىلەر ئۇزاققا قالماي ئەڭ چوڭ سەھنىنى ماڭىا تەيىنلەپ بەردى. مەن شۇنى بايقىدىمكى كىشىلەرنى جەلپ قىلغىنى مەن ئەمەس، بەلكى مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدا تاۋلانغان ئۇيغۇر سەنئىتى ئىدى. بىز پەقەت ئۇنى بوشاشماي ئىزچىل داۋام قىلالىساقلا دۇنيانىڭ كۆزى ھامان بىزدە بولۇدۇ. شۇڭا مېنىڭچە، بىز مەدەنىيىتىمىزنى جەۋلان قىلدىغان سەھنىگە مۇھتاج. بىز باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاش، قايىل قىلىش ئۈچۈن پۇرسەتكە مۇھتاج. پەقەت پۇرسەتلا بولۇدۇكەن، ئۆزىمىز لاھىيەلىگەن، ئۆزىمىز چىقىشىنى خالىغان سەھنىلا

بولـۇدۇكەن بـوۋىلىرىمىزدىن قالغـان تەۋەرۈكلىرىمىـز بىـلەن دۇنيانىـڭ كـۆزىنى يەنە قاماشتۇرالايمىز.»

ئۇسسۇلغا سىلىنغان، ئۇسسـۇل ئويناشـقا مەجبۇرلانغـان جەمىيەتـتە ئۇيغـۇر سـەنئىتىگە ئـۆچ بولغــان؛ ئۇسســۇل ئوينــاش ئوينىماســلىق ئەركىــنلىككە ئايلانغــان جەمىيەتــتە ئۇسســۇلچىلىقنى تالللىۋالغــان ھۆرىيەتنىــڭ گەپلىــرى ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمەيدۇ. 1860ـيىلـلاردا دىيارىمىزغـا كەلـگەن قـازاق ساياھەتچىسى چوقان ۋەلىخانوفمۇ ئۇيغۇرلارنىـڭ پەقەت پۇرسەتلا بولسا ئۆزىنىـڭ قوشــنا تــۈرك تىلللــق قېرىنداشــلىرىدىن ئېشــىپ كېتىشــكە قــادىرلىقىنى يازغــانىكەن. ھــۆرىيەت تــوغرا ئېيتىــدۇ. بىــزگە مەدەنىيىتىمىزنــى جــارى قىلىدىغانغا، مەۋجۇدلىقىمىزنى نامـايەن قىلىـدىغانغا پۇرسـەت كېـرەك، سـەھنە كېرەك. سەھنىنى ئۆزىمىز لايىھىلىشىمىز، لايىھىلەش ھوقـۇقى ۋە پۇرسىـتىگە تولۇق ئېرىشىشىمىز كېرەك.

# قازاننىڭ قۇلىقى ھەممە يەردە تۆرتمۇ

ئۇيغۇرچىدا «قازاننىڭ قۇلىقى ھەممە يەردە تۆرت» دېگەن تەمسىل بار. بۇ تەمسىلگە ئۇلۇنۇپ كېلىدىغىنى «دۇنيانىڭ نەرىگە بارساڭ ئوخشاش، ئۆز يۇرتقا يېتىدىغان ھېچ يەر يوق» دېگەن خۇلاسە بولۇدۇ. باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا بىر تۇغقىنىمىز ئۈرۈمچى، غۇلجا، قارىماي قاتارلىق شەھەرلەرنى چۆرگىلەپ كېلىپ «قازاننىڭ قۇلىقى ھەممە يەردە تۆرتكەن، دۇنيادا ھېچ بىر يۇرت بىزنىڭ ئوپالغا يەتمەيدىكەن» دەپ قايتىپ كەپتىكەن. شۇندىن كېيىن سەبى قەلبىمدە دۇنيا تولىمۇ كۆرۈمسىز قاقاسلىقتەك، ئوپال شۇ قاقاسلىقتىكى بىردىن بىر يېشىللىق ئارالدەك بىلىنگەنىدى. شۇندىن كېيىن ئوپالنى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېسىل يۇرت دېگەن چۈشەنچىدە چوڭ بولدۇم. ئوپالنى گۈزەللىككە تاشقى دۇنيانى بەتبەشىرەلىككە سىمۋول قىلىپ چۈشۈنۈۋالغىنىم مېنىڭ ئەمەس مېنى چوڭ قىلغان موھىتنىڭ خاتالىقى ئەلۋەتتە. بۇ قېتىم قەشقەردىكى كۈنلىرىمدە قەشقەردىكى چوڭ ئىكرانلاردا «بىزنىڭ شىجاڭ ياخشى جاي»، «ئەڭ گۈزەلى يەنىلا بىزنىڭ شىنجاڭ» دېگەن خەنسۇچە ناخشىلارنىڭ ھەر كۈنى ياڭراۋاتقىنىغا دىققەت قىلدىم. باشقىلارنى ئىنكار قىلىشى ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغان جوڭگوچە تەشۋىقات يەنە نۇرغۇن سەبىلەرنى قازاننىڭ قۇلىقى ھەممە يەردە تۆرت، يۇرتۇڭ-ھالىڭ ئەڭ ياخشى، دەپ تەربىيىلىمەكتە ئىدى. دېمەك، «قازاننىڭ قۇلىقى ھەممە يەردە تۆرت» دېگەن بۇ تەمسىل بىرى، ئېگىزىمىزدىكى «دۇنيادا ئەڭ ئېسىلى بىزنىڭ يۇرت، شۇڭا جاھان كېزىشنىڭ ھاجىتى يوق" دېگەن بىكىنمە چۈشەنچىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. يەنە بىرى "دۇنيادا ھەممە يەر ئوخشاش» دېگەن بۇرمىلانغان قاراشنى يانسىتىدۇ.

ئۈچىنجىسى رەڭلىك كۆزەينەك تاقىۋېلىپ دۇنيا رەڭلىك دەپ قارايدىغان ئىددىيىنى ئاشكارىلايدۇ.

ئانامنىڭ نەزىرىدىكى ساقچى: مېنى ساقچى ئىزلەپ كەلدى

بىر كۈنى ئۆيگە تېلېفون قىلىپ ئانامغا «ئانا، مېنى بۈگۈن ساقچى ئىزدەپ كەپتۇ» دېۋىدىم. ئانامنىڭ ئۈنى ئۆچۈپلا كەتتى. ئانامنىڭ يىغلامسىراۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ دەرھال گەپنى يۆتكىۋەتتىم. قەشقەردە ياشاۋاتقان ئانامنىڭ نەزىرىدە ساقچىنىڭ ئىزدەپ كېلىشى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىر ئىش بولۇپ ئاللىقانداقتۇر بىر پېشكەللىكتىن دالالەت بېرىدۇ. ئامېرىكىدا بىرسىنى ساقچىنىڭ ئىزدەپ كېلىشى تولىمۇ نورمال ئىش. تويۇقسىز ئەھۋالدا ساقچىغا مەلۇم قىلىش ئۇسكۇنىسى شەھەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنگىدەك ھەممە يېرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ كونۇپكىنى باسسىلا مىنۇت ئۆتمەي ساقچى ھازىر بولىدۇ. كىشىلەرمۇ ساقچىغا مەلۇم قىلىشقا شۇ قەدەر خۇشتاركى ئاچقۇچىنى ئۆيدە ئۇنتۇپ قالسا، يولدا مەست لەلەڭشىگەن بىرسىنى كۆرسە، قارىغۇچىسىز ئويناۋاتقان بىرەر كىچىك بالىنى بايقىسا دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلىشىدۇ. ساقچىلارمۇ ئاجايىپ دوستانە، پەقەت قورال تەڭلىمىسىڭىزلا قوپاللىق قىلمايدۇ. ئامېرىكىدا تۇرغان يىللاردا مېنى ئىككى قېتىم ساقچى ئىزدىدى. بىر قېتىم بۇرۇنقى قوشنامنىڭ نەگە كۆچكەنلىكىنى سوراشتۇرۇغىلى كېلىپتۇ. يەنە بىر قېتىم يەسلىدە قېلىپ قالغان قىزىمنى ئەكىلىپ قويغىلى كېلىپتۇ.

2010-يىلى كۈز ئايلىرىنىڭ بىرىدە ئۇقۇشماستىن قىزىم يەسلىدە بىر سائەت تۇرۇپ قاپتۇ. مەن ئايالىمنى ئالغىلى باردۇ، دەپ تېلېفونۇمنى ئېتىپ لېكسىيە ئاڭلىغىلى كېتىپتىمەن. ئايالىم قىزىم ئىككەيلەننى يەسلىدىن كېيىن بىر يەرگە كەتكەن بولسا كېرەك، دەپ ئىشىغا مەشغۇل بولۇپتۇ. ئىككىلىمىزدىن خەۋەر بولمىغاچقا يەسلىدىكىلەر ساقچىغا خەۋەر قىلىشىپتۇ. مەن لېكسىيەدىن چىقىپ ئۆيگە بارغاندا ساقچى بالامنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. مېنىڭ ئاغزىمدىن بولغان ۋەقەنى تەپسىلى ئاڭلاپ خاتىرە قالدۇرغاندىن كېيىن رەخمەت ئېيتىپ كېتىپ قېلىشتى.

ئانامنىڭ ساقچىنىڭ ئىزدەپ كەلگىنىدىن قورقۇپ كېتىشى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكى ساقچىنى قەشقەرنىڭ ساقچىلىرىغا ئوخشۇتۇپ

قالغانلىقىدىن، يەنى قازاننىڭ قۇلىقىنى ھەممە يەردە تۆرت دەپ قالغىنىدىن بولغان. جوڭگودا مەمۇرلار ئۆزىنى پۇقراغا مۇلازىمەت قىلغۇچى ئەمەس پۇقرانىڭ باشقۇرغۇچىسى، خوجايىنى دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئامېرىكىدا مەمۇرلارنىڭ بىرى بولغان ساقچىلار پۇقرانىڭ مۇلازىمەتچىلىرى، خەلقنىڭ ھەقىقىي «چاكار»لىرىدۇر. شۇڭا پۇقرا بىلەن ساقچى ئارىسىدا قورقۇش، قورقۇتۇش مۇناسىۋىتى مەۋجۇد ئەمەس.

قەشقەرچە ئامېرىكا: ئامېرىكا ئۆزىگە پايدىلىق تەشۋىقاتنى تارقىتامدۇ؟

ئامېرىكىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئامېرىكا ھەققىدە مەن ئامېرىكىدا تۇرۇپ ئاڭلاپمۇ باقمىغان تولىمۇ قىزىقارلىق، بىمەنە، ئەپسانىۋي خەۋەرلەرگە دۇچ كەلدىم. بىر قىسىم ئاغىنىلەر يازغانلىرىمنى قەشقەردە ئۆگەنگەن «پاكىتلار» بىلەن ئىنكار قىلىشتى. مېنىڭ ئامېرىكا ھەققىدە يازغانلىرىم ئىككى خىل ئاغىنىلەرگە ياقماپتۇ. بىرى پارتىكومغا ئىشلەيدىغان كادىر، كومۇنىست بۇرادەرلەرگە يەنە بىرى مەسجىدكە ئىشلەيدىغان دىندار، مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا. بىر ئاغىنىمىز بېيجىڭدىكى بىر داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتقا تەربىيلەنگىلى كەتكەندى. تەربىيلىنىشتىن «ئامېرىكا يەر شارىدىكى 80 پىرسەنت ئاھالىنى ئەخلەت ئاھالە ھېساپلايدىكەن، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىرى ۋاكسىنا ئېكسپورت قىلىش يولى بىلەن ئىنسانلارنىڭ پەرزەنتلىك بولۇش ئىقتىدارىنى يوقۇتىدىكەن، يەنە بىرى بىر قانچە قېتىم تېرىغاندىن كېيىن قايتا ھوسۇل بەرمەيدىغان ئۇرۇق ئېكسپورت قىلىش يولى بىلەن ئىنسانلارنى ئاچ قويۇپ يوقۇتىدىكەن، ئۈچۈنجى بىرى دۇنيادىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنى قوللاپ ئۇرۇش ئارقىلىق ئىنسانلارنى يوقۇتىدىكەن» دېگەندەك گەپلەرنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. مەن ئامېرىكىدا مۇنداق قىلىشنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى، ئامېرىكا دەرسخانىلىرىدا نورمال بىر ئىنساننىڭ بۇنداق دەرسنى سۆزلىمەيدىغان ۋە ئاڭلىمايدىغانلىقىنى دەپ قويدۇم. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى سورۇندا بىللە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئامېرىكىنىڭ

شۇنداق قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن.

— قانۇن دېگەن ئېقى قەغەز قارىسى سىياھ. ئىنسانلارنى يوقۇتۇش ئامېرىكىنىڭ مەخپىي دۆلەت سىياسىتى. سىياسەت دېگەن ھامان قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇڭا ئامېرىكىلىقلارمۇ ۋاقتى كەلسە قانۇننى بىر چەتكە قايرىپ قويىدۇ.

— سېنىڭ ئامېرىكىدا بۇنداق خەۋەرنى ئاڭلىمىغىنىڭ بۇ ئىشنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەندۈرمەيدۇ. ئامېرىكىدىمۇ تەشۋىقات بۆلۈمىگە ئوخشايدىغان ئورگانلار بار. ئامېرىكىمۇ ئۆزىگە پايدىلىق تەشۋىقاتنى تارقىتىدۇ. ئۇلاردىمۇ چوقۇم پارتىيە مەكتەپلىرى بار. بۇنداق خەۋەرلەر پەقەت پارتىيە مەكتەپلىرىدە تەربىيەلەنگەن كادىرلارغىلا سۆزلىنىدۇ. شۇڭا سېنىڭ بىلمەسلىكىڭ ئېنىق.

— ئامېرىكا ھازىر لىۋىيەدە ھۆكۈمەتكە قارشى توپىلاڭچىلارنى يۆلەۋاتىدۇ. 41 يىلدىن بېرى كازافى رەھبەرلىكىدە بىر ئوبدان ياشاۋاتقان خەلقنى توپىلاڭغا كۈشكۈرتۈپ لىۋىيەنىڭ مۇقۇملىقىغا تەھدىت سالدى. سەنچە بۇمۇ يالغانمۇ؟

— دۆلىتىمىز ھازىر دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ باي دۆلەت. ئامېرىكىدا كومپارتىيەدەك بىر كۈچلۈك پارتىيە بولمىغاچقا، ھەممە ئادەم دېموكراتىيە بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئۆز سەنىمىگە دەسسىگەچكە ئامېرىكا 2008 ـ يىلدىكى ئىقتىسادى كىرزىسقا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئامېرىكا ئەمدى تۈگەشتى. دۆلىتىمىز ئامېرىكىدىكى بۆلگۈچىلەرنى قوللايدىغان بولسا ئاللىقاچان پارچىلىنىپ كەتكەن بولاتتى...

ئۇلارنىڭ ئاغزىغا تاقەت قىلىپ شۇنچە قاراپمۇ «ئامېرىكا ئاللاھنىڭ دۈشمىنى، ئامېرىكا شەيتان» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىمىدىم. مەنچە شۇ گەپلەرمۇ قوشۇلۇپ كەتكەن بولسا قەشقەردىكى بىر ئۇيغۇرنىڭ كاللىسىغا قاچىلانغان ئىددىيەلەر تولۇق ئاشكارىلانغان بولاتتى. بەلكىم ئۇلار كادىر بولغاچقا دېگۈسى بولسىمۇ ئاخىرقى دىنغا ئالاقىدار جۈملىلەرنى دېيىشتىن ئېھتىيات قىلغان بولۇشى مۇمكىن. مەن ئۇلار بىلەن بۇ ھەقتە تالاشمىدىم. چۈنكى ئۇلارنىڭ كاللىسىغا تەشۋىقات بۆلۈمى، پارتىيە مەكتىپى، كادىر، سىياسەت، ئىددىيەنى ئازات قىلىش...دېگەن ئاتالغۇلار سىڭىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قازاننىڭ قولىقى ھەممە يەردە تۆرت بولۇپ، ئاخبارات دېگەن تەشۋىقات دېگەن سۆز. ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئامېرىكا قەشقەردىن

پەرقلەنمەيدىغان بىر يەر. ئۇلار دۇنيادىكى ھەممە يەرنى قەشقەرچە تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. ئۇلارغا ئىنسان ئىددىيىسى سەۋەبلىك جازالانمايدىغان، ئىنساننىڭ ئېتىقاد، تەشكىللىنىش، نامايىش قىلىش، ئىددىيە تارقىتىش، ...قاتارلىق ئاللاھ ئاتا قىلغان مۇقەددەس ھوقۇقلىرى مۇتلەق قوغدىلىدىغان، ئىنساننىڭ دۇنيانى ۋە دۆلەتنى تەرەپسىز ئاخبارات ئارقىلىق چۈشىنىش ھوقۇقى كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان بىر دۆلەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئاڭلىتىش بەسى مۈشكۈل. ئۇلارغا ئامېرىكىدا قورالسىز بۆلگۈنچىلىكنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن، بۆلگۈنچىلىككە قارشى قوراللىق ھەرىكەتنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆرت».

ئۇيغۇردىنمۇ ئامېرىكا پىرىزدېنتى چىقسۇن

ئامېرىكىدىن قايتىپ تۇنجى بېكەت بېيجىڭغا چۈشتۈم. بېيجىڭدىكى دوستلارنىڭ مېھرلىك قۇچاقلىرىدىن ۋەتەننى ھىدلاپ ھىجرانلىق ھىسلارغا ئازراق بولسىمۇ تەسكىن تاپتۇق. دوستلارنىڭ كۆپى كۆزلىرىگە، قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قېلىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يازغانلىرىمغا قاراپ مېنى ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ، دەپ ئويلاشقانىكەن. ئەسلىدە مەن دوستلارنىڭ يازغانلىرىمغا قاراپ «قايتىپ كېلىدىكەن»، دېگەن ئىشەنچتە بولسىكەن دەپ ئارمان قىلغانتىم. قايتىپ كەلگەن تۇنجى كۈنى مېنى تاڭ قالدۇرغىنى ئۇيغۇرلارغا خېلى مەشھۇرىبىر دوستۇمنىڭ «قايتىپ كېلىپ نېمىمۇ قىلار بولغىيدىڭلار. بولسا ئىككى ئاي ئوبدان ئارام ئېلىپ قايتىپ كېتىڭلار. بىز بۇ يەردە مۇشۇ پېتى تۇردۇق. سىلە قايتىپ بېرىپ ئېنگىلىزچە كىتاپ يېزىپ ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرساڭلا شۇ ئەۋزەل. قىزىڭلارنىڭ تىلىمۇ بىر چىرايلىق ئېنگىلىزچە چىقىپتۇ. ئۇيغۇرچىنى ياخشى بىلمىگىنىدىن قاراپ تۇرسام ئۇيۇلۇپ كەتتىڭلار. بۇنىڭغا ھەسرەتلەنگۈلۈك ئەمەس. بىز بالىلارنىڭ تىلىنى ئەمەس ئەقلىنى ئۇيغۇرچە قىلساق شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. بالىلىرىمىزنىڭ تىلى نەگە كەتسە كەتسۇن ئەقلىنى قايتۇرۇپ كېلەلىسەك شۇنىڭ ئۆزى

نەتىجە. مەن سىلىنىڭ ئورنۇڭلاردا بولسام ئامېرىكىغا قايتىپ كامىدا ئون بالىلىق بولاتتىم. بولسا قايتىپ قانچە بالىلىق بولغىڭلا كەلسە بولۇڭلار. شۇ بالىلىرىڭلارنى ئوبدان تەربىيىلىيەلىسەڭلا ئارىدىن بىرى ئوبامادەك پرېزدېنت بولۇپ قالامدۇ تېخى. نېمىشقا بولمىغۇدەك، ئۇيغۇردىنمۇ ئامېرىكا پرېزىدېنتى چىقسۇن. شۇنىڭ بىلەن ئىشىمىز يۈرىشىدۇ...» دېگىنى بولدى. ئويلىسام ئويلىسام بۇ گەپنىڭ ئاخىرى بەكمۇ غەلىتە. بىرى، بىر زىيالىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ئون بالىلىق بولۇش مەسىلىسى، يەنە بىرى ئۇيغۇردىن ئامېرىكا پرىزدېنتى چىقسا ئۇيغۇرنىڭ ئىشىنىڭ يۈرۈشۈش مەسىلىسى.

مەنچە ئون بالىلىق بولۇش مەسىلىسى بىر قىسىم ئۇيغۇرلاردىكى ئۆز هاياتىدىن ئۈمىتسىزلىنىشنى ئىپادىلىسە كېرەك. مەن ئامېرىكىدا ياپپاش ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلارنىڭ «بىز تىرىشىپ بالىلىرىمىزنى ئامېرىكىلىق قىلىۋالدۇق، ئەمدى مىللەتنىڭ ئۈمىدى مۇشۇ بالىلاردا قالدى» دېيىشكەنلىرىنى ئاڭلىساملا جۇدۇنۇم ئۆرلەيتتى. ئۇيغۇرچىنى ئەپلەپ سۆزلىيەلمەيدىغان ئۇ بالىلاردا مىللەتنىڭ ئۈمىدى نېمە قىلسۇن؟ نېمە قىلىدىغاندۇ، بۇنداق ئۆزىنى ئالداپ! خۇددى ل. مۇتەللىپ «ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى» دېگەندەكلا! ۋەتەندىكى دوستلاردىمۇ «باشقا ئىش قىلالمىساق ئۇيغۇرنىڭ نوپۇسىنى بولسىمۇ كۆپەيتكەچ تۇرايلى»، «بىز ياشايدىغاننى ياشاپ بولدۇق، ئەمدى بالىمىز ئۈچۈن ياشايلى» دەيدىغان كەيپىياتنىڭ خېرىدارلىق ئىكەنلىكىدىن مەيۈسلىنەتتىم. مەنچە بىر قىسىم دوستلاردىكى كۆپ بالىلىق بولۇشقا تەشنالىق— ئۈمىتسىزلىككە تەسەللى ئىزدەش، بۇگۈنكى مەسئۇلىيەتنى كەلگۈسىگە يۈكلەش ۋە خىيالپەرەستلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئۇيغۇردىن ئامېرىكا پرىزدېنتى چىقسا ئۇيغۇرنىڭ ئىشى يۈرىشىدۇ، دېگەن قاراشتا، بىرى قاراخانىلار ئىمپىرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن شەكىللەنگەن پىرنى سىرتتىن تاما قىلىپ، ئۇيغۇرنى مۇرت بولۇشقىلا يارايدۇ دەيدىغان مىللىي كەمسىنىش ئەكس ئەتكەن بولۇشى مۇمكىن. يەنەبىرى يېقىنقى يۈز يىلدىن بېرى شەكىللەنگەن ئەمەلدارلىق ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، ھوقۇق ھەممىگە قادىر، ھوقۇقدارلىق ھەممىگە قابىللىقتۇر دېگەندەك مۇستەبىت جەمىيەتكىلا ماس كېلىدىغان ئىجتىمائى كەيپىياتنىڭ

ئىنكاسى بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇردىن بىر ئامېرىكا پىرېزىدېنتى ئەمەس، ياۋروپا دېموكراتىك ئەللىرىنىڭ ھەممە پىرېزىدېنتلىرى ئۇيغۇردىن بولغان تەقدىردىمۇ ئۇيغۇرنىڭ ھېچ ئىشى يۈرۈشمەيدۇ. چۈنكى دېموكراتىك ئەللەردە ھاكىمىيەتنىڭ قانداق يۈرگۈزۈلۈشى ئاللىقاچان قېلىپقا چۈشۈپ بولغان، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىنىڭ ئالمىشىشى بىلەن دۆلەتنىڭ قانۇنلىرى ئالمىشىپ كەتمەيدۇ. ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى بىرەر مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس، شۇ دۆلەتتىكى بارلىق پۇقرانىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھاكىمىيەت تۇتىدۇ. دېمەك، يۇقارقى ئىككى خىل كەيپىياتتا ئىپادىلىنىدىغىنى ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا بويسۇنۇدۇغان، نوپۇس ئاملى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان، ھوقۇقلا بولسا ھەممە ئىش يۈرۈشىدۇغان دۆلەتتىكى كىشىلەرنىڭ دۇنياغا بولغان چۈشەنچىسى بولۇپ ئامېرىكىدىمۇ شۇنداق دەپ ئويلىۋالغانلىقىدۇر. بۇ رەڭلىك كۆزەينەك تاقاپ دۇنيانى رەڭگارەڭ كۆرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئامېرىكىدا بىر مىللەتنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ھوقۇقدارلىقى ھېچقانداق سىياسىي، ئىقتىسادى ئەۋزەللىككە دەستەك بولالمايدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتىن ئالغاندا ئامېرىكىدىكى قازاننىڭ قۇلىقى تۆرت ئەمەس، بەلكى تۇققۇز ۋە ياكى ئوتتۇز.

# ئامېرىكىدىكى ئازەرنىڭ زارى

ئامېرىكىغا كېلىپ تۇنجى قېتىملىق ساياھىتىمدە بىر ئىرانلىق تۈرك (ئىرانغا مۇستەملىكە ئەزەربەيجانلىق) بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. دەسلەپكى پاراڭلاردىن مېنى ئېچىندۇرغىنى، يېشى50 دىن ئاشقان بۇ كىشىنىڭ بىر ئېغىز ئىنگلىزچە بىلمەي تۇرۇپ ۋەتىنىنى، ئائىلىسىنى تەرك ئېتىپ، يات ئەلدىن پاناھلىق تىلەپ بامباشقا بىر ھاياتلىق سەپىرىگە ئاتلانغىنى بولدى. 2009-يىلى تومۇزدىكى پاجىيە سەۋەبلىك بۇ كىشىمۇ مېنىمۇ ئامېرىكىغا پاناھلىق تىلەپ كەلدىمىكىن دەپ قاپتۇ. پەرەز قىلغىنىمدەك ئۇ ئامېرىكىغا سىياسىي پاناھلىق تىلەپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە پاناھلىق تىلەش دېگەنلىك ئۆز دۆلىتىدە ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان كىشىلەرنىڭ نورمال ھاياتىنى داۋام قىلىش ئۈچۈن باشقا دۆلەتلەرنىڭ قوغدىشىغا، ئىلتىپاتىغا سىغىنىش دېگەنلىك ئىكەن. پاناھلىق ئادەتتە ئىككى خىل تىلىنىدىكەن. بىرى پاناھلانغۇچى پاناھلىق بېرىدىغان دۆلەتكە قېچىپ بېرىپ شۇ دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىغا ئىلتىماس سۇنىدىكەن. يەنە بىرى پاناھلانغۇچى ب د ت نىڭ پاناھلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئورگانلار بار دۆلەتكە بېرىپ پاناھلىق تىلەيدىكەن. ب د ت نىڭ ئورگانلىرى بۇنداق كىشىلەرنى ئۈچىنچى بىر دۆلەتكە ئورۇنلاشتۇرىدىكەن. ئادەتتە پاناھلىقنى قوبۇل قىلىدىغان دۆلەتلەر ئاساسەن غەرپ دۆلەتلىرى ئىكەن. ئىرانلىق پاناھلانغۇچىلار قازاقىستان، ھىندىستان، كامبودژا، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە كېلىپ شۇ يەردىكى ب د ت ئورگانلىرى ئارقىلىق پاناھلىق تىلەيدىكەن. شۇ ئان ئېسىمگە 2006-يىلى تۈركىيەدىكى ب د ت مۇساپىرلار مەھكىمىسىگە پاناھلىق ئىلتىماسى سۇنغۇچىلارنىڭ 2000 گە يەتكەنلىكىنى بۇنىڭ ئىچىدىكى 1800 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىرانلىق ئىكەنلىكىنى ئوقۇغىنىم كەلدى. تۈركىيەدە پاناھلىق تىلەپ ئىراندىن كەلگەن ئازەرى تۈركلىرىنى كۆپ كۆرگەنىدىم. تۈركىيەدە ماڭا پارسچە ئۆگەتكەن ئازەرى ئوقۇتقۇچىمۇ ئىران ھۆكۈمىتىنىڭ ئازەرى تۈركلىرى ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا پارسلارنى مەقسەدلىك ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى،

ئانا تىلىنى پارسچىلاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى، شەھەر-بازار ۋە كوچا مەھەللىلەرنىڭ ناملىرىنى پارسچىغا ئۆزگەرتىپ ئازەرى تۈركلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى يوقۇتۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. كېيىن تۈركىيەدىكى مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئىراندىن كەلگەن ئازەرى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىران ھۆكۈمىتىنىڭ تۈركلەرگە قىلىۋاتقان ئاسمىلاتسىيە سىياسەتلىرىنى تەنقىد ۋە پاش قىلىشلىرىغا شاھىد بولدۇم. ئۇلارنىڭ مەردانىلىقى، قورقۇمسىزلىقىغا پەقەت ھەيرانلا قالالىغانىدىم. بۇ ئازەرى سەپەردىشىمنىڭ بايانلىرى مېنى تېخىمۇ سوغۇق تەر باستۇردى. ئۇ ئىراندا مۇستەقىل ئەزەربەيجان (توغرىسى ئازەربەيجان، چۈنكى ئۇ يەردىكى تۈركلەر ئۆزىنى تۈرك دەپ ئاتايدۇ. تۈركىيە تۈركلىرىدىن پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كەلگەندە ئازەرى دېگەننى قوشىدۇ) قۇرۇشنى نىشان قىلغان تەشكىلاتقا قاتناشقانىكەن ۋە قوراللىق ھەرىكەتلەرگە ئىشتىراك قىلغانىكەن. بۇ كىشىنىڭ كۆزلىرىدىن چاقناۋاتقان غەزەپ، تۆكۈلۈۋاتقان ياش، چىرايىدىكى ۋاقىتسىز چۈشكەن قورۇقلار ئەسلىدىنلا ساق يېرى قالمىغان يۈرۈگۈمنى ئازاپ تۈگمىنىگە ئۆگۈت قىلىۋەتتى. چىن سۆزۈمنى ئېيتسام شۇ چاغدا كېلىۋاتقان دەھشەتلىك خەۋەرلەر، تېلېۋىزورلاردىكى ماتەملىك كۆرۈنۈشلەردىن يۈرۈگۈم سىقىلىپ، تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇشتىن، توردىن پاجىيە ئىزدەشتىن تويۇپ ئامېرىكىنى غەرپتىن شەرققە، شەرقتىن جەنۇپقا ئايلىنىپ ساياھەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققانىدىم. نېمىسىنى ئېيتاي، ساياھەتتىمۇ يەنە شۇ دەرتمەنلەرنى تېپىۋالسام بولۇدۇ. ئۇ بىزنىڭ تارىخىمىزنى ئۆزىنى زىيالى سانايدىغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلاردىن تەپسىلىرەك بىلىدىكەن. ئۇنىڭ چوقۇنىدىغىنى ئوسمان باتۇر ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئىراندا ياغلىق ئارتمىغان، ساقال قويمىغان ئاياللار ۋە ئەرلەر نازارەتكە، تەكشۈرۈشلەرگە مەھكۇمكەن. بىزدە دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. ئۇنىڭ گەپ ئارىلىقىدا بىر نەرسە ھېسابلاشقا دۇچ كەلگەندە تۈركچە ئەمەس پارسچە ئىشلىتىشى مېنى تەئەججۈپلەندۈردى. شۇئان مۇشۇنداق ھېسابقا دائىر ئىشلاردا خەنسۇچىنى قاتماي قويمايدىغان خەنزۇۋان ئوقۇغۇچىلىرىمنى ئەسلەپ قالدىم.

تەپەككۇردىكى ئەڭ رۇشەنلىكنى تەلەپ قىلىدىغان ماتېماتىكىلىق ھېسابلاشقا توغرا كەلگەندە ھەممە ئادەم ئۆزى ئەڭ پۇختا بىلىدىغان تىلنى قوللانسا كېرەك. گەرچە بۇ ئاكىمىز تۈركچىنىڭ پارىسچىدىن بايلىقىغا ۋە مۇكەممەللىكىگە شەكسىز ئىشەنسىمۇ، كىچىكىدىن پارىسچە ئوقۇغانلىق سەۋەبتىن تۈركچە ئانا تىلىدا ھېساپلىيالمىغانىدى.

كانزاس ئۇنىۋېرسىتېتى جايلاشقان لاۋرېنس شەھرىدە بىر ئازەرى ئاچىمىز بىلەن يېقىندىن ئىزدىشىپ ئۆتتۇق. ئۇ بۇندىن يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇن يولدىشى بىلەن ئاۋۋال تۈركىيەگە كېلىپ پاناھلىق تىلەپ بىر مەزگىل تۇرۇپ ئاندىن تۈركىيەدىكى ب د ت مۇساپىرلار ئىشخانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئامېرىكىغا كەلگەنىكەن. بۇ ئاچىمىز ئۆزىنىڭ شەخسى داچىسى، ماشىنىسى، تاپاۋىتى ئوبدان خىزمىتى تۇرۇپ ئامېرىكىنى پەقەتلا ياخشى كۆرمەيتتى. تۈركىيەنى تېخى ياراتمايتتى. دۇنيادىكى پۈتۈن يامان ئىشلارنى ئامېرىكا كاپىتالىستلىرىنىڭ قىلىدىغانلىقىغا، ئامېرىكىنىڭ رەزىللىكىگە يەھۇدىلارنىڭ سەۋەبچى ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. بۇنداق چاغلاردا فاتىھ ئىسىملىك دوستۇم «بىرگۈل ئابلا سېنىڭ ئۆزەڭ ئامېرىكىدا بولغان بىلەن كاللاڭ تېخىچە تۈركىيەدە ياكى ئىراندا قاپتۇ. بۇنداق گەپلەرنى ئىراندىكى ۋە تۈركىيەدىكى كاپىتالىزمغا قارشى كوممۇنىستلار، غەرپكە قارشى ساختاكار دىنچىلار توقۇپ چىقىشقان» دەپ دائىم رەددىيە بېرىپ تۇراتتى. بىرگۈل ئابلانىڭ نەزىرىدە پۈتۈن دۇنيادىكى تۈركلەرنىڭ ئاتىسى، ئەڭ مەدەنىيەتلىكى، باش بوغۇنى ئازەرى تۈركلىرى بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇنداق گەپلەر بولۇنغاندا مېنىڭ بىر تۈرك دوستۇم «شۇنداق بىرگۈل ئابلا (ئاچا) ئادەم ئەلەيھىسسالاممۇ ئازەرىيكەن دەپ ئاڭلىغانىدىم» دەپ تەنە قىلىپ قوياتتى. بىر كۈنى ئۇ پىتسا قاتلىمىسىنى بىز ئازەرىلەر ئىجاد قىلغان دېمەسمۇ تۇرۇپلا قالدىم. تېخى بىر قانچە كۈن بۇرۇن ئىرانلىق ئوقۇغۇچىلاردىن «ئىراندا ھازىر مىللەتچىلىك ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئەخمەدى نىجاد ھۆكۈمىتى ئىسلامنى يېپىنچا قىلىپ مىللەتچىلىك قىلىۋاتىدۇ. ئىراندا ھۆكۈمەت تەرغىپ قىلىۋاتقان پارس مىللەتچىلىكىنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس. ئىران ھۆكۈمىتى ئامېرىكا تەھدىتى، تۈركلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىكى دېگەن گەپلەرنى تولا ئەزۋەيلەپ ئۆزىدىكى چىرىكلىكنى، مۇستەبىتلىكنى،

ئاجىزلىقنى يوشۇرۇشقا كۆچەۋاتىدۇ. ئامېرىكىغا قارشى تەشۋىقاتتا ئىسلامنى قورال قىلىۋاتىدۇ. ئىراندىكى تۈركلەرگە قارشى كەيپىياتنى قوزغاشتا پارسلارنىڭ مىللەتچىلىكىگە مۇراجىئەت قىلىۋاتىدۇ. خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى ساداسىنى ئۇستۇلۇق بىلەن بۆلگۈنچۈلۈككە قارشى، ئامېرىكىغا قارشى ساداغا بۇراپ كۆز بويامچىلىق قىلىۋاتىدۇ. ھازىر ئىراننى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى دەپ قاراش ئادەتكە ئايلاندى. ھەتتا ئىتالىيەدىكى پىسا شەھرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان پىتسا قاتلىمىسىنىمۇ بىز پارسلارنىڭ ئىجادىيىتى دەپ قارايدىغان پارسلار كۆپ» دېگەنلىرى قۇلاق تۈۋىمدە قايتا جاراڭلىدى. بۇ يەردە بىرگۈل ئابلامىز ئىراندىكى پارس مىللەتچىلىكىگە تەڭكەش قىلىپ كۈچىيىۋاتقان ئازەرى مىللەتچىلىكىنى تەرغىپ قىلىۋاتاتتى. ئابلامىزنى غەزەپلەندۈرگىنى، پارسلارنىڭ مىللەتچىلىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك دەپ تونۇلۇپ دۆلەتنىڭ تەشۋىقات ئوبېكتىغا ئايلانغان، ئازەرى تۈركلىرىنىڭ مىللەتچىلىكى بولسا بۆلگۈنچۈلۈككە چىقىرىلىپ تەقىپلەنگەندى.

بىرگۈل ئابلامنىڭ بىر ھېكايىسى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇنىڭ لوس ئانجېلېستا ئاھمەد ئىسىملىك دوستى بار ئىكەن. بۇ كىشىمۇ بىرگۈل ئابلامىزدەك ئىراندىكى سىياسىي زىيانكەشلىكتىن قېچىپ ئامېرىكىغا سىغىنغانىكەن. ئىراندىن يېڭى كېلىپ، خىزمەت، خالىس سىياسىي پائالىيەت، تەتقىقات قاتارلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئەمدىلا ئۇھ دېگەندە بىر تالالا قىزى شەرقى قىرغاقتىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتقا ئوقۇشقا كىرىپتۇ. تۇمەنلىگەن كۆچمەنلەرنىڭ بالىلىرىغا ئوخشاش ئاھمەدنىڭ قىزى گۆلتەنمۇ ئانا تىلى تۈركچىنى ئاڭلاپ چۈشىنىدىغان لېكىن سۆزلىيەلمەيدىغان بولۇپ چوڭ بولۇپتۇ. تۇنجى قېتىملىق يازلىق تەتىلدە قىزى ئۆيىگە بىر ئاق تەنلىك يىگىتنى باشلاپ كېلىپتۇ. قىز بۇ يىگىتنى «مېنىڭ ئوغۇل دوستۇم» دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ ۋە «بىر دەمدىن كېيىن كۆرۈشەيلى» دەپ قويۇپ ئوغۇل دوستىنى باشلاپ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ياتاق ئۆيىگە چىقىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئاھمەدنىڭ كۆزىگە يىگىرمە نەچچە يىل تىرمىشىپ ئالغان داچا

زىنداندەك تۇيۇلۇپ كېتىپتۇ. ۋەتىنىنى شۇ قەدەر سېغىنىپتۇكى، قىزىنى ئېلىپ كېتەي دېسە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرى — ئىرانغا تەۋە ئەزەربەيجانغا كېتەلمەيدىكەن. قولىدىكى ئامېرىكا پاسپورتى بولغان بىلەن ئامېرىكىلىقتەك ئىرانغا ئەركىن كىرىپ چىقالمايدىكەن. سەۋەبى ئىران سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن، ئىراننىڭ پۇقرالىقىدىن ۋاز كېچىپ چەتئەل پۇقراسى بولغانلارغا ئىرانغا كىرىش ۋىزىسى بەرمەيدىكەن. ھېچ بىر سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى يوق ئازەرىلەرگە ۋىزا بەرگەن تەقدىردىمۇ بىر قانچە ئاي ساقلىتىپ ئاران ئون بەش كۈنلۈك ۋىزا بېرىدىكەن. شۇندىن كېيىن ۋەتەننىڭ گېپى چىقسىلا يىغلايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بىرگۈل ئابلام بۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا تۆكۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭمۇ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان بىر قىزى، بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە چىققان بىر ئوغلى بار ئىدى. ئوغلىنى ھەر يىلى رامازاندا مەسجىدتە كۆرەتتىم. تۈركچىسى ئانچە راۋان بولمىغاچقىمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئامېرىكىلىق مۇسۇلمان باللار بىلەن بىزگە قارىغاندا بەكرەك ئارىلىشاتتى. بىزنىڭ ئالدىمىزدا تولىمۇ كەمسۆز ۋە ياۋاش كۆرۈنەتتى. ئامېرىكىدىكى ئوقۇشۇم تۈگەپ ۋەتەنگە قايتىدىغان چاغدا بىزنى ئۇزۇتۇپ چاي راسلىدى. «بۇ ۋەتەنسىزلىكنى، سەرگەردانلىقنى نېمىگە تاللىدىم، بۇ داچىنى نېمىگە ئالدىم بىلمەيمەن. خىيالىمدا ئەتىلا ۋەتەن ئازاد بولۇدۇغاندەك ھەركۈنى خەۋەرلەرنى كۈتىمەن، ئائىلەمدىن بىرسى ئىشىكتىن كىرىپ كېلىدىغاندەك ھەركۈنى ئىشىككە قارايمەن. يىگىرمە يەتتە يىل بولۇپتۇ. خۇددى ئەتىلا كېتىدىغاندەك ئۆيۈمگە ھېچ نەرسە ئالغۇم كەلمىدى. ئۆيۈمدىكى بىساتلارنى سىلەرگە ئوخشاش ئوقۇشقا كەلگەنلەر قايتاشىدا قالدۇرۇپ كېتىشتى. ھازىر بىردىنبىر ئۆيۈم ئىراندىكى مۇستەبىت قاتىللار ئاتسىمۇ، چاپسىمۇ، زىندانغا تاشلىسىمۇ ئىرانغا كەتسەم دەيمەن. بۇ يەردىكى ۋەتەنسىز راھەتتىن ۋەتەننىڭ تۈرمىسى ئەلاكەن ماڭا. مەن ئەسلى تۈرمىدىن قېچىپ بۇ يەرگە — ئەركىن دۇنياغا كەلدىم دەپتىكەنمەن. ئەركىنلىككە ئېرىشكىنى روھىم ئەمەس تېنىم ئىكەن. روھىم يەنىلا زالىم ئىراننىڭ تۈرمىسىدا قىينىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىم بىللە بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر قىينىلىۋېتىپتۇ. ئىراندىكى تۈركلەر بەكمۇ بەختلىك. ئۇلار خالىسا تۈرمىگە كىرەلەيدۇ. خالىسا زالىم ھۆكۈمەتكە ئوق ئاتالايدۇ. خالىسا پارتلاپ،

پارتىلىتىپ ئۆلەلەيدۇ. ھېچ ئىش قىلالمىسا زالىملارغا ئالىيىپ قارىۋالايدۇ. مەنچۇ! ياشىسام نېمە قىلىپ ياشايمەن، ئۆلسەم قايسى دۈشمەنگە قارشى ئۆلىمەن! ۋەتەن قۇرىمىز دەپ ۋەتەندىن ئايرىلىپتۇق. ۋەتەننى ئامېرىكىدا قۇراتتۇقمۇ؟ تۈركىيەدە قۇراتتۇقمۇ؟ مانا ئەمدى ۋەتەننى ئەمەس بالىلىرىمىزنىڭ ئىمانىنى، تىلىنىمۇ ساقلاپ قالالماي تىرىك تۇرۇپ دوزاققا تۇتۇرۇق بولۇۋاتىمىز، قىلدەك تولغۇنۇۋاتىمىز». بىرگۈل ئابلا مۇشۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ ئايالىمغا ئېسىلىپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇيغۇر ئاياللىرىدەك ياغلىقنى چىكىلەپ تاڭغان بۇ ئايالنىڭ يىغىسى يۈرەكنى ئەزدى. يىغىسى توختىغىچە ساقلاپ ئاندىن خوشلاشتۇق، تولا يىغلاپ بىچارە ئايالنىڭ ئۆرە تۇرغۇدەك مادارىمۇ قالمىغانىكەن. ئىشىك ئالدىدىكى ياغاچ ئورۇندۇقتا ئاران ئولتۇرغانچە بىزنى ئۇزۇتۇپ قالدى.

# قارغىلىقتىكى «ئامېرىكا»

يېقىندا خوتەن، گۇما ۋە قارغىلىقنى تاۋاپ قىلىپ كەلدىم. گۇمىدا بىرەيلەن قارغىلىقتىكى بىر جاينىڭ قارغىلىقتىكى ئامېرىكا دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ جاي قارغىلىقتىن باشقا يەرلەرگە ۋە تىبەت (شىزاڭ) نىڭ ئالى ۋىلايىتىگە بارىدىغان قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ بۇزۇقچىلىق ئەۋج ئالغان يەر ئىكەن. بۇنداق مەركەزلەشكەن ۋە تارقاق بۇزۇقچىلىق سورۇنلىرى جۇڭگونىڭ شاڭگاڭ، ئاۋمېندىن باشقا ھەممە يېرىدە ئاشكارە لېكىن قانۇنسىز تىجارەت قىلىشىدۇ. قىزىق يېرى مەن تۇرغان ئىچكىرىدىكى شەھەرلەردە بۇنداق بۇزۇقچىلىق بۆلۈكلىرى ئامېرىكا دەپ ئاتالمايدۇ. پەقەت شاڭگاڭدىكى تەن سودىسى قانۇنلاشتۇرۇلغان قىزىل چىراقلىق رايون دېگەنگە ئوخشۇتۇپ ئاتىلىدۇ. قارغىلىقتىكى بۇزۇقچىلىق ئەزۋەيلەپ كەتكەن يەرلەرنىڭ ئامېرىكا دەپ ئاتىلىشى بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكا بىلەن بۇزۇقچىلىقنى باغلاپ چۈشىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. قەشقەرگە قايتقاندىن كېيىن دوچ كەلگەن «ئامېرىكىدا بۇزۇقچىلىق ئېغىر، شۇڭا تەن سودىسى قانۇنلۇقكەن. ئامېرىكىدا كىشىلەر ئوچۇق كىيىملەرنى كۆپ كىيىدىكەن، شۇنداق تۇرسا بۇزۇقچىلىق يامرىماي قالامدۇ. ئامېرىكىدا شەھۋانىيلىق ئەۋج ئالغان شۇڭا جىنسداشلار (ئوخشاش جىنىستىكىلەر) نىڭ توي قىلىشىنى قانۇنلاشتۇرغان. ئامېرىكادا كىشىلەر ئەركىن بولغاچقا كۆڭلى خالىسا ھەرقانداق بۇزۇقچىلىقنى قىلىشتىن يانمايدۇ. ئامېرىكىدەك ئەركىنلىك بىزگە ماس كەلمەيدۇ، بولمىسا جەمئىيىتىمىزنى بۇزۇقچىلىق قاپلاپ كېتىدۇ، سىز يازمىلىرىڭىزدا ئامېرىكىنى داڭلاپ كەتتىڭىز، بىز ئامېرىكىچە ئەركىنلىككە ئەگەشسەك بۇزۇقچىلىقتا تۈگىشىمىز ...» دېگەندەك گەپلەرنى كۆپ ئاڭلىدىم. بۇلاردىن ئامېرىكىلىقلارلا ئەمەس، ئامېرىكىدىكى تۈزۈم، جەمئىيەت ۋە ئىدىيەلەرنىڭ ھەممىسى بۇزۇقچىلىقنىڭ مەنبەسى قىلىپ تەسەۋۋۇر قىلىنغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. دەسلەپتە بۇنداق پاراڭلاردا بولغانلارنىڭ بەزىلىرىگە چۈشەنچە بېرىپ قويدۇم، بەزىلىرى بىلەن خېلى

قاتتىق مۇنازىرىلىشىشكە توغرا كەلدى. ئۇزاقراق كۆزىتىپ باقسام، بىر قىسىملار غەرپنى بۇزۇقچىلىقنىڭ مەنبەسى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىۋېلىغلىقكەن، پەقەت مېنىڭ خاتىرىلىرىمدىن شۇنىڭغا ئاساسلا تەلەپ قىلىشىدىكەن. مەندىن نارازى بولۇشلىرىنىڭ سەۋەبى مەن ئۇلار ئاڭلاشنى خالىغان «پاكىت»لارنى يازمىغىنىم بولۇپتۇ. ئۇلار بىلەن دەۋاتقانلىرىنىڭ پۈتۈنلەي خىيال ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنازىرە قىلىش مۇمكىن ئەمەسكەن.

كۆرگەنلىرىمگە قاراپ باھا بەرسەم بەزى كىشىلىرىمىز بۇزۇقچىلۇق دەپ قاراۋاتقان كۆرۈنۈشلەر ئامېرىكىغا قارىغاندا ئىچكىرىدە ئېغىر. مەن تۇنجى ئالى مەكتەپنى بېيجىڭدا ئوقۇغان. ئۇ چاغدا ئەڭ خوشۇمنى كەتكۈزىدىغىنى مەكتەپنىڭ ھويلىسىدىكى ئورۇندۇقلارنى ئىگىلىۋېلىپ كۈپ كۈندۈزدە چىرماشقان جۈپ گەۋدىلەر ئىدى. مەن ئوقۇغان مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا پەرقلىق مەدەنىيەتكە مەنسۇپ ئوقۇغۇچىلار سەل بىر بىرىدىن ھايا قىلىدىغان بولغاچ تېخى مۇنداق ئىشلار كۆپ ئەمەس ئىدى. شۇ چاغدا بەزى مەكتەپداشلار «خەنسۇلارلا بار مەكتەپلەر جىق ئوچۇقكەن، ھېچ كىم بىلەن ھېچ كىمنىڭ كارى يوقكەن» دەپ شەنبە يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇيغۇرلار يوق ئالى مەكتەپلەرگە قېچىشاتتى. ئامېرىكىدا مەن كانزاس ئۇنىۋېرسىتېتى، كانزاس شىتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتى، جون خاپكىنس ئۇنىۋېرسىتېتى، ئورېگان ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەردە تۈرلۈك يىغىن ۋە باشقا سەۋەبلەردىن تۇرۇپ قالدىم، لېكىن بېيجىڭدا كۆرگەن ئۇنداق شەھۋانىي مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ باقمىدىم. بېيجىڭدىكى ئاپتوبۇسلاردا، مېترو(يەر ئاستى پويىز)لاردا، باغچىلاردا باشقىلارنىڭ كۆزىچىلا داۋام قىلىدىغان ئۇياتسىزلىقلارنىڭ بىرىنىمۇ ئامېرىكىدا كۆرمىدىم. بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا بىرخەنسۇ تونۇشۇمنىڭ «ئۇيغۇرلار ئوچۇق ئەمەسكەنسىلەر، ئاشىق مەشۇقلارنىڭ قىلىقلىرىنى توغرا چۈشەنمەيدىكەنسىلەر، بېيجىڭدىكى ئىككى ئۇيغۇر كوچىسى (بۇ كوچىلار كېيىن پۈتۈنلەي بەربات بولدى) نىڭ تاماقلىرى شۇنداق ياخشى، لېكىن ئادەملىرى بەك مۇتەئەسسىپ ئىكەن» دېگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە. لەنجۇدا

ئىشلەۋاتقىنىمدا تۇغۇلغان رېستورانلىرىنىڭ يوتىسى قىيا ئېچىلغان قىزلارنى ئىشىك ئالدىغا تىزىپ، بىرىنجى قەۋىتىنى تاماقخانا، ئىككىنچى قەۋىتىنى ساتىنا قىلىپ پۇل تېپىۋاتقىنىنى كۆرگىنىمدە لەنجۇدىكى ئۇيغۇر خوجايىنلىرىنىڭ «ئوچۇق» ئەمەسلىكى ۋە «مۇتەئەسسىپ»لىكى ھەققىدە ئويلىنىپ قالغانىدىم. خەنسۇلارنىڭ ئىچكىرىدىكى شۇنچە ئاشكارە ئىشرەت سورۇنلىرىنى «ئامېرىكا» دېمەيۋاتسا، ئۇيغۇرلارنىڭ قارغىلىقتىكى نۆل كىلومېتىر دېگەن يەرنى «ئامېرىكا» دېيىشى ئۇيغۇرلارنىڭ خەنسۇلاردىن پىرىنسىپچانلىقى (ئېتىقادچانلىقى)، بىر قىسىم تەشۋىقاتلارنىڭ ئامېرىكىنى بەكرەك شەھۋانىلاشتۇرىۋەتكەنلىكى ۋە يەنە بىر قىسىم غەرپنى دۈشمەن دەپ قارايدىغانلارنىڭ ئامېرىكىنى بۇزۇقچىلىقنىڭ مەنبەسى دەپ تەرغىب قىلىغىنىدىن بولغان.

ئامېرىكىدا بىر ئادەمنىڭ جىنسىي تۇرمۇشى خۇسۇسىي ئىش بولۇپ مەخپىي بولىدۇ. بۇ خۇددى يۇيۇنۇش، يېشىنىش، ھاجەت قىلىش، تۈكۈرۈش ۋە تىرناق ئېلىشلارغا ئوخشاش ئادەم يوق يەرلەردە داۋام قىلىدۇ. ئامېرىكىدىكى مەن كۆرگەن ھېچ بىر شەھەردە باغچىلاردا سۆيۈشۈۋاتقان، مەكتەپ ئىچىدە يەملىشىپ قالغانلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ. خەنسۇلاردا بۇنداق ئاممىۋي ئىش ۋە خۇسۇسى ئىش دەپ ئايرىش يوق بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ ئىشلار جامائەت سورۇنلىرىدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئېگىلىشىمچە، ئىچكىرىدە ئوقۇغان ئامېرىكىلىق ۋە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئورتاق بولغان بىرقانچە ئازاپلىق كەچۈرمىش بار ئىكەن. بۇنىڭ بىرى مەكتەپنىڭ ئايرىم خانىسى يوق ئاممىۋي مۇنچىسىدا يۇيۇنۇشتۇر. ئىچكىرىدىكى ئاممىۋي مۇنچىلارنىڭ ئاساسەن ئايرىم خانىسى يوق. كىشىلەرنىڭ بۇنداق مۇنچىلاردا تۆت ئاياقلاردەك بىر بىرىنىڭ كۆزىچىلا يۇيۇنۇدۇغان ئىشى ئۇيغۇرلارنى قانچىلىك بىئارام قىلسا ئامېرىكىلىقلارنىمۇ شۇنداق بىئارام قىلىدۇ. يەنە بىرى كىشىلەرنىڭ بىر بىرىنىڭ كۆزىچىلا يېشىنىشى. خەنسۇلار بىلەن بىر ياتاقتا يېتىپ باققان ئۇيغۇر ۋە ئامېرىكىلىقلار ئۇلارنىڭ باشقىلارنىڭ كۆزىچىلا جان يەرلىرىدىن تارتىپ ئوچۇق قويۇپ كىيىم ئالماشتۇرۇشلىرى ياكى كارىدوردا مېڭىپ يۈرۈشلىرىدىن راھەتسىزلىنىدىكەن. ئەڭ يامىنى، قىز ئوغۇللارنىڭ باشقىلارنىڭ كۆزىچىلا چىمىلدىقنى تارتىۋېلىپ ياتاقتىن ئىبارەت ئاممىۋي

سورۇننى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشى ئىكەن. ئۇيغۇر ۋە ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچكىرىدىكى بۇنداق بىزارلىق كەچۈرمىشى ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىدىكى بىر ئومۇملاشقان ئېتىقاد ۋە مۇشۇ ئېتىقادتىن شاخلانغان ئەخلاق سەۋەبىدىن بولغان. مەيلى ئامېرىكا مەدەنىيىتى ياكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بولسۇن بىر مۇكەممەل ئېتىقاد ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئامېرىكىلىق ۋە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى ياشاپ كۆنگەن جەمىيەتتىن ياپيات بىر جەمىيەتكە كەلگەندە ئىسەنكىرىشى تەبىئىي. تەدرىجى كۆنۈشكە كەلسەك ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار جوڭگودا ياشايدىغانلىقى ئۈچۈن، موھىت سەۋەبلىك ئاسانراق كۆنۈپ كېتىشى ئېھتىمال. ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈن خۇسۇسىي تۇرمۇش ۋە ئىنسانلىق ھوقۇق دەخلىسىز بولغاچ، ئۇلارنىڭ بۇلارنى قوبۇل قىلىشى تەس.

بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكىدىكى ئىنساننىڭ مۇتلەق ھۆرلۈكى ئۇقۇمىنى بۇزۇقچىلىق بىلەن باغلىۋېلىشى دۇنيانى ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتكە ئوخشۇتۇپ چۈشۈنۈۋالغىنىدىن بولغان. ئۇلار شەخسنىڭ ھۆرلۈكى تولۇق ئېتىراپ قىلىنمىغان بىر دۆلەتتە ئەخلاقنىڭ قانداق يىمىرىلگىنىگە قاراپ، ئەگەر ئىنساني ھۆرلۈك ئېتىراپ قىلىنسا بارلىق گۇناھلار قانۇنىيلىشىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىۋالغان. جوڭگودا كۆرگىلى بولىدىغان ئىنسان(پادىشاھ) ياكى بىر توپ ئىنسان(كومپارتىيە، گومىنداڭ) دىن باشقا كۆرۈنمەس بىر مەۋجۇدات ياكى بىر دەستۇر(قانۇن) مۇتلەق ھۆكۈمران بولۇپ باقمىدى. جوڭگودا ئەگەر ئامېرىكىدىكىگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئورتاق كېڭىشىشى ئارقىلىق ماقۇللانغان دەستۇر-قانۇن مۇتلەق ھۆكۈمران بولالىغان ۋە ئۇزاق مەزگىل كىشىلەرنىڭ ھەركىتىنى قېلىپقا سالالىغان بولسا، بىر ئىلاھى قۇدرەت، كۆرۈنمەس جازا ۋە مۇكاپات كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى كىرلەرنى پاكىزەلەپ تۇرالىغان بولسا ئەخلاقمۇ تەبىئىي تۈزۈلىشى مۇمكىن ئىدى. ئامېرىكا ئىنساننىڭ ھۆرلۈكىنى ئاساسى قانۇننىڭ كاپالىتىگە ئىگە قىلغان دۆلەت. ئەمما بۇنداق دېگەنلىك ئىنساننىڭ بارلىق

نەپسى خاھىشلىرىنىڭ قانۇنىيلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئامېرىكىدا ئاجرىشىشنىڭ قىيىنلىقى، بالا چۈشۈرۈشنىڭ قانۇنسىزلىقى، نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەتنىڭ ئامېرىكىلىقنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدىغانلىقى، يالغانچىلىقنىڭ قوبۇل قىلغۇسىز گۇناھ سانىلىشى، يالغانچىنىڭ بىر ئۆمۈر بەدەل تۆلىشى، كەمسىتىشنىڭ ئەخلاقسىزلىقى، تەن سودىسىنىڭ پەقەت بەلگىلىك ئورۇندىكى بەلگىلىك كىشىلەرنىڭلا قىلمىشى قىلىپ چەكلىنىشى ...قاتارلىقلاردىن بىز ئىنسانىنىڭ نەپسى خاھىشىنىڭ تېخى پۈتۈنلەي قانۇنىيلاشتۇرۇلمىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئامېرىكىدەك ھەم كۆرۈنمەس مەۋجۇداتقا ۋە ئۇنىڭ كىتابىرىغا ئىشىنىدىغان، ھەمدە كۆرۈنمەس بىر قانۇن ئىككى يۈز نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزگەرمەي ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بىر دۆلەتتە ئىنسانلىق ئەركىنلىكىدىن قانداق بەھرىمەن بولۇش ۋە باشقىلارنىڭ ھۆرلۈكىنى قانداق قوغداش ۋە ھۆرمەتلەش ئاللىقاچان ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان. بۇنداق بىر دۆلەتتە بۇزۇقچىلىققا يول قويۇدىغان، ئەخلاققا يات قانۇنلارنىڭ ماقۇللىنىشى ۋە يولغا قويۇلۇشى ئاسان ئەمەس. بەزىلەرنىڭ ئامېرىكىنى بۇزۇقچىلۇق بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىشىغا ئامېرىكا كىنولىرى سەۋەب بولغان. ئامېرىكا كىنولىرىدىكى جىنسىي كۆرۈنۈشلەر كىشىلەرنى ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈپ قويغان. بۇنى ئىككى تەرەپتىن چۈشىنىش مۇمكىن. بىرى ھازىرقى زاماندا كىنو ۋە كىتاپلارنىڭ تېمىسى مۇھەببەت، تەۋەككۈلچىلىك، زوراۋانلىق، سېھىر قاتارلىقلارغا مەركەزلەشكەن. تاماشاچىلىق ساھەسىنىڭ ئاتامانلىرى جىنسىي كۆرۈنۈش ۋە زوراۋانلىققا ئائىت مەزمۇنلارنى كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئىشتاھاسىنى قوزغاشنىڭ ۋاستىسىغا ئايلاندۇرىۋالغان. شۇڭا كىنولاردىكى كۆرۈنۈشلەر پۈتۈنلەي بىرەر دۆلەتنىڭ رېياللىقىنى ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ، بەلكى كۆرۈرمەنلەر يوشۇرۇنچە كۆرۈشنى خالايدىغان كۆرۈنۈش ۋە مەزمۇننى يەمچۈك قىلىدۇ. يەنە بىرى، ئامېرىكىدەك قانۇن مۇكەممەل دۆلەتتە كىنولارغا ئېنىق دەرىجە بېكىتىلگەن بولۇپ ھەرقانداق كىشى ئۆزىنىڭ يېشىغا، خاھىشىغا ماس كىنولارنى سېتىۋېلىپ كۆرىدۇ. يېشى ماس كەلمىگەنلەرگە بەزى مەزمۇندىكى كىنولار سېتىلمايدۇ. يېشىغا ماس بولمىغان كىنولارنى كۆرگۈچىلەر، كۆرۈشكە شارائىت ياراتقۇچىلار

قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ. ئادەتتە تېلېۋىزورلاردا ھەممە ياشتىكىلەرگە ماس كىنولار قويۇلىدۇ. ئامېرىكىدا ئىنسانلىق ھوقۇقلار ئىچىدە ئىنساننىڭ دۆلەتتىكى ۋە جەمىيەتتىكى ئىشلارنى بىلىش ھوقۇقى بار. بۇ ھوقۇقلار تەرەپسىز، ئەركىن ئاخبارات ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىر قىسىملارنىڭ ئامېرىكىنىڭ كىنولىرى ۋە بىر قىسىم خەۋەرلىرىدىكى ئىشلارغا قاراپ ئامېرىكىنى بۇزۇق دېيىشى ئۆز جەمىيىتىدىكى بۇزۇقچىلىقلاردىن خەۋەر تاپالمىغانلىقىدىن بولغان خالاس. قانۇن قاتتىق ئىجرا قىلىنىدىغان ۋە قانۇن ئاڭلىق قوبۇل قىلىنىدىغان ئامېرىكا جەمىيىتىدە يايما ئېچىپ قالايمىقان مەزمۇندىكى كىنولارنى خالىغان كىشىگە، خالىغان يەردە، خالىغان چاغدا سېتىش مۇمكىن ئەمەس.

ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئوچۇق كېيىنىپ يۈرۈشىمۇ بەلكىم بۇزۇقچىلىق بىلەن باغلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئوچۇق كىيىم كېيىش ياۋروپالىقلارنىڭ ئادىتى. ئۇلار ئوچۇق كېيىنىپلا قالماي يالىڭاچ ھەيكەل، يالىڭاچ رەسىم سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. ۋاھالەنكى ئۇلاردىكى تەننىڭ يالىڭاچلىقى ئەخلاقنىڭ يالىڭاچلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئوچۇق كېيىنىپ يۈرگەن شۇ كىشىلەردە ئوچۇق يەرلىرىنىڭ دەخلىسىزلىكىنى قوغدايدىغان جاسارەت ۋە خەقنىڭ ئوچۇق يەرلىرىگە بەز مارىغان مۈشۈكتەك قارىمايدىغان ئەخلاق شەكىللەنگەن. شۇڭا كىنولاردىن يېرىم ياتا كىيىم كەيگەن ئارتىسلارنى كۆرۈپ ئامېرىكىلىقلارنى شۇ ئوچۇقلۇقلارنى قالايمىقان ئىشلىتەمدىكىن دەپ تەسەۋۋۇر قىلىۋېلىش، ۋە ئۇلارنىڭ ئوچۇق يۈرۈشلىرىدىن قۇسۇر ئىزدەش قارشى تەرەپنىڭ ئادىتىنى بۇزۇققا چىقىرىپ ئۆزىنىڭ ئادىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىز ئۇيغۇرلار گۈزەللىكنى يوشۇرۇنلۇقتىن، مەنادىن ئىزدىسەك ياۋروپالىقلار ئاشكارىلىقتىن، شەكىلدىن ئىزلەيدۇ. يەنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىز غايىۋىيلىقتىن، روھتىنلا ئىزدىگەن گۈزەللىكنى غەرپلىكلەر ھەم شەكىل ۋە مەنادىن تەڭلا ئىزدىگەن بولۇشى مۇمكىن.

بۈگۈنكى ئامېرىكىنى بۇزۇقلۇققا سىمۋول قىلىپ ئەيىپلەش ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىنى رەزىل كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ قوغدىغۇچىسى دەپ تەشۋىق ۋە تەنقىد قىلىشنىڭ داۋامى بولۇشى مۇمكىن ياكى ئافغانىستان، پاكىستان ۋە ئەرەپ ئەللىرىدە ئەۋج ئالغان «ئامېرىكا شەيتان» دەيدىغان ئامېرىكىغا قارشى كەيپىياتنىڭ تۈغۈندىسى بولۇشى ئېھتىمال. بۇلار تېلېۋىزورلاردا خەنسۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ بېرىلىدىغان خەۋەرلەر ۋە كۆرۈرمەنلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى كۆزگە ئىلماي قارا قويۇق تەرجىمە قىلىنىدىغان ئامېرىكا كىنولىرىنىڭ ۋاستىسىدە «ئىسپات»لىنىپ ئاممىۋي ئاساسقا ئېرىشكەن بولۇشى مۇمكىن. مەلۇم مەنىدە كۆز ئالدىدىكى زىددىيەتنىڭ مەنبەسىنى يىراقتىكى ئالۋۇندىن ئىزدەش بىخەتەر بولغاچقا بەزى مۇئاشىلىق ۋە مۇئاشسىز زىيالىلار«بىزنى خاراپ قىلىۋاتقىنى هولليۇۋۇدنىڭ شەھۋانى كىنولىرى، ماكدونالد، كولا. ئامېرىكا بۇلارغا تايىنىپ بىزگە مەدەنىيەت جاھانگىرلىقى قىلىۋاتىدۇ» دەپ ۋەز ئېيتىۋاتقان ۋە ئامېرىكىنى بۇزۇقچۇلۇقتا ئەيىپلەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتساق، بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمىيەتتىكى ئەخلاقسىزلىقنىڭ دائىرىسىنى تارايتىپ شەھۋانىيلىقنىڭ يامراپ كېتىشىگىلا باغلاپ چۈشۈنۈشى ئامېرىكىدەك ئايرىم شىتاتتىكى ئايرىم شەھەردە قانۇنىيلاشقان تەن سودىسىنى مۇبالىغە قىلىپ چۈشۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇردا هازىر بىر ئادەم يالغانچى دەپ هاقارەتلەنسە ئانچە ئېغىر ئالمىغان بىلەن بۇزۇق دەپ هاقارەتلەنسە بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالىدىغان هالغا يەتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسى بويىچە بولسا يالغانچىلىق زىنادىن ئېغىر گۇناھ سانىلىشى كېرەك ئىدى. بەلكىم مۇتەپەككۇر روسسۇنىڭ جوڭگۇنى «يالغانچىلار دۆلىتى» دېگىنىنى ئويلاپ باقساق، يالغانچىلىقنىڭ نېمىشقا ئۇيغۇردا هاقارەت سانالمايۋاتقانلىقىنىڭ سىرىنى بىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئامېرىكىدا ئوقۇش جەيانىدا تۈزۈمى مۇكەممەل بولمىغان، مۇستەبىت، چىرىك دۆلەتلەردىن كەلگەنلەردە ئەخلاقتا ئۇيغۇنسىز قىلىقلارنىڭ كۆپرەك بولۇدۇغانلىقىنى بايقىدىم. ئىنسانلار بىر ئورتاق دەستۇرغا ئەمەس، ئىنسان ئىنسانغا بويسۇنىدىغان ھەرقانداق دۆلەتتە بۇزۇقچۇلۇق كۆپەيسە كۆپىيىدۇركى ئازايمايدۇ.

# ئۇيغۇرچە ئىسىمنىڭ ئامېرىكىچە كەچۈرمىشلىرى

ئىسمىمنىڭ ئامېرىكىدىكى پىشكەللىكلىرى

جۇڭگودا تولا خاتا ياكى چالا يېزىلىپ ئاۋارە قىلغان ئىسمىم ئامېرىكىغا كېلىپمۇ مېنى خېلى مالال قىلدى. مەكتەپكە كەلسەم ئوقۇغۇچىلىق كارتامدىن ئىككىسى چىقىپ قاپتۇ. بىرسى ئاتا-ئانام قويغان ئۇيغۇرچە ئىسمىمغا يەنە بىرى پاسپورتۇمدىكى خەنسۇچە ئىسمىمغا. بۇلارنى چۈشەندۈرۈپ بىردەمدە ئوڭشىۋەتتىم. جۇڭگودىكىدەك ئاۋۋال مەھەللە كومىتېتىدىن، ئىدارەمدىن، ساقچىخانىدىن ئىسپات ئالىدىغان ئىشلارنىڭ بىرسىمۇ بولمىدى. كۆڭلۈمنى يېرىم قىلغىنى مەكتەپتىكىلەر كارتامغا ئۇيغۇرچە ئىسمىمنى ئەمەس خەنسۇچە ئىسمىمنىڭ پىنيىنچە يېزىلىشىنى كومپيۇتېردا بېسىپ بەردى. بۇنى ھەرقانچە چۈشەندۈرسەممۇ «مېنى كەچۈر، مېنىڭمۇ ئۇيغۇرچە ئىسمىڭنى يېزىپ بەرگىم بار. ئۇيغۇرچە ئىسمىڭ ھەم قىسقا، ھەم ئېنگلىزچىدە تەلەپپۇز قىلىشقا قولاي، ئەمما بىز يەنىلا سېنىڭ پاسپورتۇڭدىكى ئىسمىڭنى ئاساس قىلمىساق بولمايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ تونۇيدىغىنىمىز سېنىڭ پاسپورتتىكى كىملىكىڭ» دەپ مۈرىسىنى قىسىپ تۇرۇۋالدى. پاسپورتۇمغا قارىدىم. پاسپورتتىكى جۇڭگولۇق دېگەن خەت چەتئەللەردە خەنسۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. پاسپورتتىكى ئىسىم-پامىلەم خەنسۇلارنىڭ پامىلىسى ئالدىدا ئۆز ئىسمى كەينىدە بولۇدۇغان قائىدىسى بويىچە يېزىلغان ئىدى. ئەسلى كىملىكىمدە دادامنىڭ ئىسمى ئۆز ئىسمىمنىڭ كەينىدە بولغاچقا بۇنى خەنسۇلارنىڭ پامىلە+ئىسىم قائىدىسىگە سالسا ئۆزەمنىڭ ئىسمى پامىلەم دادامنىڭ ئىسمى مېنىڭ ئىسمىم بولۇپ قالاتتى. مەندەك ئەرلەرگىغۇ مەيلى قىز-ئاياللارغا بۇ تولىمۇ

بىئەپ بولاتتى. يەنى ئۇلارنىڭ ئۆز ئىسمى پامىلىسى، دادىسىنىڭ ئىسمى ئۆز ئىسمى بولۇپ قالاتتى. بۇنداق بولغاندا قىز بالىغا دادىسىنىڭ يەنى ئەركىشىنىڭ ئىسمى قويۇلۇپ قالاتتى. خەنسۇلارنىڭ پاملە+ئىسىم قائىدىسى بويىچە بېجىرىلگەن پاسپورتۇمغا ئاساسلانغاندا مەن ئۆزەمنىڭ ئۇيغۇرلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئامالسىز ئىدىم. ئېنگىلىز تىلىدا چايىنيىز (جوڭگولۇق) دېگەن خەنسۇ ۋە خەنسۇچە دېگەن ئىككى مەنىدە كېلەتتى. شۇ سەۋەپتىن جوڭگولۇق دېسىلا چەتئەلىكلەر ھەممىمىزنىڭ مىللىتىنى خەنسۇ، تىلىنى خەنسۇچە دەپ چۈشىنەتتى. شۇڭا ھەرەمگە بارغان بىر قىسىم ھاجىلارنىڭ «ئەرەبىستاندا خەنسۇچە بىلمەيمەن دېسەك جوڭگولۇق تۇرۇپ خەنسۇچە بىلمەمسەن دەپ بەك ھەيران قالىدىكەن» دېيىشكىنى بەرھەق. چۈنكى سەئۇدىلىق ئەرەبلەرنىڭ تىلىدا ۋە نەزىرىدە سىنىي (جوڭگولۇق) دېگەن بۇ سۆز ھەم خەنسۇ ھەمدە خەنسۇچە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. خەنسۇچە ئۇقمايمەن، دېگەنلىك ئەرەبلەرگە «مېنىڭ تىلىم يوق» دېگەندەكلا بىلىنىدۇ. بۇ شۇنداقكەن، ئەرەبلەر ھەيران قالسا ئەمەس، ھەيران قالمىسا ئەجەبلەنسەك بولىدۇ. مەن ئامېرىكىدا تۇرۇش جەريانىدا شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، بىز چەتئەلدە جوڭگودىكى ئايرىم مىللەتلىك ئورنىمىزنى ھەرقانچە تونۇشتۇرساقمۇ، خەقنىڭ تىلىدا جوڭگولۇق دېگەن سۆزنىڭ خەنسۇ ۋە خەنسۇچە دېگەن مەنىسى بولغاچقا ئۇقۇشماسلىق يۈز بېرىپ قالىدىكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ تىلىدا جوڭگولۇق بىلەن خەنسۇچە دېگەن بىر سۆزدە! بۇنى ھەرقانچە چۈشەندۈرسىڭىزمۇ رۇس، ئەرەب، پارس، ئېنگىلىز...قاتارلىق تىللاردا جوڭگولۇق دېگەن سۆز خەنسۇ ۋە خەنسۇ تىلى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

پاسپورتۇمدىكى ئۇچۇر بويىچە مەن خەنسۇ، تىلىم خەنسۇچە ئىدى، ئۇنىڭدا مېنىڭ ئۇيغۇرلۇقۇمغا دائىر ھېچقانداق ئۇچۇر يېزىلمىغان ئىدى. ئىسمىم خەنسۇچە ۋە پىيىنچە ئىككى خىل يېزىلغان. ئاتا-ئانام ۋە باشقا ماڭا مېھرلىكلىرىم سۆيۈپ سۆيۈنۈپ تۇرۇپ چاقىرىدىغان بىر چىرايلىق، ئىخچام ئۇيغۇرچە ئىسمىم يېزىلمىغان ئىدى. جوڭگودا ئىشلەتكەن كىملىكىمدە ئۇيغۇرچە ئىسمىم بار، لېكىن مەيلى بانكىدا، دوختۇرخانىدا، سوتتا، پوچتىدا، ساقچىدا ... ئىش قىلىپ ھېچ يەردە بۇ ئىسمىم قوللۇنۇلمايتتى، ئۇنى ھېچ بىر گراپىغا، جەدۋەلگە، كىنىشكىگە تولدۇرۇپ باقمىغان ئىدىم. ئۇنىڭ

كىملىك كارتامنى بېزەشتىن باشقا زادى نېمە رولى بارلىقىنى بەلكىم تارقاتقانلارمۇ ئېيتىپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن.

تۇنجى مەۋسۇم ئاخىرىدا بىر دەرستىن نەتىجەم يوق چىقىپ قاپتۇ. سەۋەبىنى سورۇسام دەرسكە كەلگەن ۋە ئىمتىھان بەرگەنلەر قاتارىدا ئىسمىم يوق بولغانلىقتىن ئىكەن. مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشتۈم، يەنە شۇ ئىسمىمنىڭ چاتىقى. مەن دەرسكە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار ئىمزا قويىدىغان يوقلىمىغا ئىمزا قويغاندا، ئىمتىھاندا ئىسمىمنى يازغاندا ئۇيغۇرچە ئىسمىمنى يېزىپتىمەن. مەكتەپنىڭ نەتىجە توشقۇزىدىغان سىستېمىسى مېنىڭ خەنسۇچە پىيىن بىلەن يېزىلغان «ئايىپۇ» دېگەن خەنسۇچە ئىسمىمنى، «ئابۇدۇۋەيلى» دېگەن خەنسۇچە پامىلەمنىلا تونۇيدىكەن. ئۇيغۇرچە ئىسمىم پاسپورتۇمدا يوق بولغاچقا تونۇمايدىكەن. شۇندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىرىم ئارىسىدا ئىسمىمنىڭ پىشكەللىكلىرى قىزىقارلىق پاراڭ تېمىسىغا ئايلاندى ۋە ھەرقانداق چاغدا ئۇيغۇرچە ئىسمىمنى يازسام ئۆزلىرى تېپىپ توغرىلىۋالىدىغان بولۇشتى. ئامېرىكىدا ئوقۇغان ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئىسمىمنى جاھىللارچە ئۇيغۇرچە يازدىم. بۇ جاھىللىقىم ۋە يۇقارقى ۋەقە سەۋەبلىك ئوقۇتقۇچىلىرىممۇ ئىسمىمدىكى سىر ئەسرارلاردىن خەۋەر تېپىپ ئۇيغۇرلۇق كىملىكىمنى بىلىشكە قىزىقىدىغانلار كۆپەيدى. ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان مەۋسۇمدە بىر مۇئەللىم ئۇيغۇرچىنى تىلشۇناسلىق مېتودلىرى دېگەن دەرسنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىپ تاللىدى. مەن شۇ ئوقۇتقۇچىغا ھەمكارلىشىپ بىر مەۋسۇم بەش ئوقۇغۇچىغا ئۇيغۇرچە دەرس بەردىم. شۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى ھازىر ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا قىزىقىپ ئىزچىل ئۇيغۇرچە ئۆگىنىۋاتىدۇ. شۇڭا ئىسمىمنىڭ ئامېرىكىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى پۈتتۈنلەي پاجىئەلىك بولدى دېيەلمەيمەن. ئىسمىمدىكى خاتالىقلارنى ئاقلاش، ئاتا-ئانام قويغان ئۇيغۇرچە ئىسمىمنى جاھىللارچە قوللىنىش ۋە قوغداش ئارقىلىق ئۆزۈمنى ۋە ئۆزۈم تەۋە تۈپنى بىلدۈرۈش، ئېتىراپ قىلغۇزۇش مەقسىدىگە يەتتىم.

ئۇيغۇر ئىسىملىرىنىڭ ئامېرىكىچە ھېكايىسى

بىر دوستۇم ئائىلىنىڭ ئاي كۈنى يېقىنلاشقانلىقىنى دېگەندەك قىلغان. بىر كۈنى تېلېفون قىلسام كۆزىيگەنلىك خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ئادىتىم بويىچە ئىسمىنى سورىسام شىرىن قويۇپتۇ. يا شىرىنئاي ئەمەس، يا شىرىنگۈل ئەمەس شىرىنلا ئىكەن.

— بۇ ئىسمىنىڭ بىر يېرى كەممۇ نېمە؟ دېدىم قىزىقسىنىپ.

— ئاچىسى مۇشۇنداق بولسۇن دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇيغۇرچە ئىسىم قويايمۇ دېگەن لېكىن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئاغزى كەلمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن قىزىمنىڭ باشقا ئامېرىكىلىقلاردىن ئىسمى سەۋەبلىك بەك پەرقلىنىپ قېلىشىنى، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى باشقا پىلانېتتىن كەلگەندەك يات ھېس قىلىشىنى خالىمىدىم، ئۆزەڭ بىلىسەن جوڭگودا ئىسمىمىز سەۋەبلىك نېمە ئاۋارىچىلىقلارنى تارتمىدۇق، دەپ قالدى. ئۇنىڭ بىلەن تالىشىشنى خالىمىدىم. ئەمەلىيەتتە يىلىغا مىليونلاپ كۆچمەنگە ماكان بولۇۋاتقان ئامېرىكىدا تەلەپپۇزى ئېنگلىز تىلىلىق ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئاغزىغا كەلمەيدىغان ئىسىم قۇمدەك ئىدى. شۇلارنىڭ ھېچ قايسى ئۆزىنى تاشقى پىلانېتتىن كەلگەندەك ھېس قىلماي ئۇشبۇ ئاغىنەمنىڭ قىزى شۇنداق ئويلاپ قالارمۇ؟ ئامېرىكىدا ئىسىم سەۋەبلىك ھېچ كىم كېلىشمەسلىككە ئۇچرىمايدىغان تۇرسا ئۇنىڭ قىزى دىشۋارغا قالارمۇ؟ جوڭگودا ئۆزى تارتقان مالاللىق سەۋەبلىك ئامېرىكىدا تۇغۇلغان قىزىغا ئامېرىكىلىققا ياقىدىغان ئىسىم قويىمەن دېگەن قانداق گەپ؟ ئاللىقاچان قويۇلۇپ بولغان ئىسىم، پۈتۈن ئائىلە كىشىلىرى بىرلىككە كەلگەن ئاتقا باشقا گەپ قىلمىدىم. ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىدا ياشايدىغان بۇ دوستۇمنىڭ قەلبىدىكى ئىسىم ۋەھىمىسى ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمى سەۋەبلىك جوڭگودا دۇچ كەلگەن ئاۋارىچىلىقلاردىن كەلگەن. مۇساپىر ئۇيغۇر دۇنيانىڭ قەيىرىگە بارمىسۇن جوڭگودا قورقۇپ كۆنگەن دىشۋارچىلىقتىن قورقۇدۇ، قاچقاندىن قاچىدۇ، ئەنسىرىگەندىن ئەنسىرەيدۇ. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە جوڭگودا قورقۇنچاقلىرى شۇ يەردىمۇ يەنىلا قورقۇنچاق، جوڭگودا چېقىشماسلىرى يەنىلا چېقىشماس، جوڭگودا كۆرەلمەسلىرى شۇ يەردىمۇ كۆرەلمەس... ئۇلارنىڭ تېنى چەتئەلدە بولغان بىلەن مېجەز خۇلقى، تەپەككۇرى ئاللىقاچان جوڭگوچىلىشىپ

بولغان. ئۇيغۇرلار جوڭگۇدا دۇچ كېلىۋاتقان ئىسىم دىشۋارچىلىقى سەۋەبىدىن ۋەتەنىدىكى بەزەنلەردە خەنسۇچىغا ماسلاشتۇرىمىز دەپ ئۇيغۇرچە ئىسىم قويۇشتىن بۇرۇن خەنسۇچىسىنى ئاۋۋال ئويلۇشۇدۇغان، خەنسۇچە خەت سانى قىسقا بولغان ئىسىملارنى ئويلۇشۇدۇغان، خەنسۇلارغا چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان ئىسىملارنى ئويلۇشۇدۇغان، نوپۇسقا ئولتۇرغۇزغاندا ئۇزۇن بولۇپ كېتىشتىن قورقۇپ ئۆز ئىسمىنى پەرزەنتىنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە قوشۇپ يازمايدىغان، ئاتا بوۋىلىرىنىڭ ئىسمىنى ئۇزۇن كۆرۈپ باللىرىغا قويمايدىغان ئىشلار بارغانچە كۆپىيىپ كېتىۋاتاتامدۇ؟ ئەگەر مۇشۇلارنى ئامېرىكىغا چىقىرىپ قويسا جوڭگۇدىكى قىلىقلىرىنى داۋام قىلماي قالامدۇ؟

بۇ ئىشتىن كېيىن ئۆزۈم ئۆلپەت بولغان ئامېرىكىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ باللىرىغا قانداق ئىسىم قويغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. ۋەتەندە تۇغۇلغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسىملىرى ئاساسەن بىزدىكى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. مەن كۆرگەن ئامېرىكىدا تۇغۇلغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسمى بىر بولسا بەك قىسقا، يەنە بىر بولسا ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزى ئىسپانچە ياكى باشقا ياۋروپا تىللىرىغا يېقىنراق ئىسىملاردىن تاللىنىپتۇ. مەسىلەن، بىر دوستىمىزنىڭ قىزىنىڭ ئىسمى رەنا بولۇپ ئىسپانچە خانىش دېگەن مەنىدە ئىكەن، يەنە بىرىنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى بەيكىر ئىكەن، ئېنگلىزچە مەنىسى ناۋاي. ئاتىسىنىڭ چۈشەندۈرىشىچە بۇ ئىسىم ئۇيغۇرچىدىكى بەكرى دېگەن ئىسىمغا يېقىنكەن. بىر دوستىمىزنىڭ بالىسىنىڭ ئىسمى يۈسۈپ ئىكەن. مەن بىر قانچە قېتىم ئۇيغۇرچىلاپ يۈسۈپجان دەپ تاشلىغىنىمدا ئاتايىن تۈزۈتۈش بەردى. سەۋەبىنى سورۇمۇدۇم، پەرىزىمچە يۈسۈپ دېگەن ئىسىم ئەسلى ئىبرانىچە (يەھۇدىچە) ئىسىم بولۇپ ئامېرىكىدا خېلى كەڭرى قوللۇنىلىدۇ، ئەمما ئېنگلىزچىدە جوسېف ئېيتىلىدۇ. يۈسۈپجان دەپ قويسام جوسېف دېگەن ئېنگلىزچە تەلەپپۇزدىن يىراقلاپ كېتىدۇ. دوستىمىزنىڭ قەلبىدىكى مېنى يۈسۈپجان دېگۈزمەيۋاتقان سەۋەپ بالىسىنىڭ يۈسۈپجان ئىسىملىك ئۇيغۇر ئەمەس جوسېف ئىسىملىك ئامېرىكىلىق بولۇشىغا

بولغان مايىللىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

# ئامېرىكىچە ھايات ۋە ئۇيغۇرچە ئۆلۈم

2005-يىلى 24- دېكابىردا تۈركىيەگە چۈشكەن تۇنجى كۈنۈم گوللاندىيەمۇ ياكى دانىيەمۇ بىر دۆلەتتە تۇرۇۋاتقان بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆلۈۋالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ يۈرۈگۈم ئېچىشىپ كەتكەن ئىدى. شۇ بىچارە مەرھۇمنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ئاتا-ئانىسىغا ئانا تىلىدا قالدۇرۇدۇغان ۋەسىيەتلىرى بار بولغىيدى. ئېنى سىڭىللىرىدىن كۈتۈدۇغان ئارمانلىرى بار بولغىيدى. ھېچ بولمىسا ئاتا بوۋىسى قان كېچىپ قوغدىغان، تەر تۆكۈپ گۈللەتكەن ئانا تۇپراقتا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇسىنى باشلىغۇسى، ئانا تۇپراققا باغرىنى يېقىپ مەڭگۈلۈك ئەللەيلەر بىلەن ئارام تاپقۇسى بار بولغىيدى. مانا ئەمدى ۋەتەنسىز غېرىپ ئۇيغۇرنىڭ جەسىدى يات تۇپراقلاردا نىشانسىز تۇپا دۆۋىسىگە ئايلاندى. بۇ ئىشنىڭ قەلبىمدىكى زىلزىلىسى پات-پات يېڭىلىنىپ ماڭا ئىزچىل ھەمراھ بولۇپ كەلدى. 2009-يىلى تومۇزدىكى پاجىيە سەۋەبلىك تېلېفون ۋە تور ئۈن ئايغا يېقىن تاقالدى. ۋەتەن بىلەن ئالاقە كېسىلگەن ئۈن ئاي ئىچىدە يۇقىرىقى ئۆلۈم تولا ئېسىمگە كېلىۋېلىپ كۆپ قىينىدى. ئۆزۈمنى ھېلىقى مەرھۇم ئۇيغۇرنىڭ قىسمىتىنى ئويلاشتىن خالى قىلالمىدىم. شۇ كۈنلەردە مەن ھاياتىمدىكى سۆيۈملۈك ۋە كۆيۈملۈك كىشىلىرىمنى ئەمدى كۆرەلمەيدىغاندەك تۇيغۇدا ئۆرتىنىپلا ياشىدىم. چۈشلىرىمدە سۆيۈملۈك كىشىلىرىم غايىپ بولاتتى ۋە كۆز ئالدىمدا جەسەت بولۇپ نامايان بولاتتى. سۆيۈملۈكلىرىم غايىپ بولۇپ چۈشىگەن كۈنلىرىمدە كەيپىياتىم يامان ئەمەس بولاتتى، ئۆلۈپ كېتىپ چۈشىگەن كۈنۈمدە كارىۋاتتىن قوپقۇممۇ كەلمەيتتى. شۇ چاغلاردىكى بىردىنبىر ئارزۇيۇم پەقەت ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش، ئۆزىنى بىر كۆرۈۋېلىشلا ئىدى.

شۇنداق كۈنلەردە ئامېرىكىنىڭ شەرقى قىرغىقىدىكى بىر شەھەردە يەنە بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆلۈۋالغانلىق خەۋىرى كەلدى. بۇ خەۋەر ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلارنى ئويغاتتىمۇ قانداق ھال ئەھۋال سوراپ قىلىنىدىغان تېلېفونلار

شەنبە يەكشەنبە كۈنلىرى سايراپ تۇرۇدۇغان بولدى. بىر ئۇيغۇر ھەمشىرىمىز ھەتتا يەنە بىر دوستىمىزغا تېلېفۇن قىلىپ «بەكرەك ئاغرىپ قالسام سىز بار شەھەردە ياتاقتا ياتاي، ئۆلۈپ تارتىپ قالسام ئۇيغۇرچە دەپىن قىلىدىغان ئادەم چىقماي قالمىسۇن» دەپتۇ. شۇنداق تېلېفۇنلاردىن ھېلىقى ئۆلۈۋالغان ئۇيغۇرنىڭ ئۆلۈمىگە دائىر مۇنداق پاراڭلار بولۇپ ئۆتتى.

— بۇ بالىنى تونۇيدىغانلار يوق ئىكەن. بۇ بالا ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلاشمايدىكەندۇق. ئۇيغۇرلار ئىشىمغا ئارىلىشىۋالىدۇ، ئالدى كەينىمدە گەپ قىلىدۇ، دەپ ئارىلاشماپتىكەندۇق، دېمىسىمۇ بىز ئۇيغۇرلار ئۆزىمىز بىلەن بولماي ھەدىسىلا خەقنىڭ كەينىدىن گەپ تېپىپ يۈرىمىز.

— ئۇيغۇر خەقتە ئىشپىيۇن تولا، ئارىلاشسام بالاغا قالىمەن، مەن بۇ يەردە قالايمىقان ئادەملەر بىلەن ئارىلاشسام ۋەتەندە ئاتا- ئانام ئۇرۇق تۇغقانلىرىمنى پالاكەت باسىدۇ، دەپ ئارىلاشماپتىكەن. دېمىسىمۇ توغرا، بۇ ئىككى توكتوك ئۇيغۇرلار نېمە قىلالايدۇ. سىڭگەن نېنىنى يىمەي. ھەممىسى يالغان، ھەممىسى پۇل ئۈچۈن... نەدە بەك سەكرىگەن ئادەمدىن چىقىۋاتىدۇ مۇشۇ ئىشپىيۇنلۇق دېگەن. ئۇيغۇردا زادى ئىشپىيۇن تولا. ئېھتىيات قىلمىسا بالاغا قالىدىغان گەپ. سەنمۇ شۇڭا ھېچ كىمگە، ھېچ قانداق يەردە كۆپ ئارىلاشما. ئۇيغۇرلارغا ئائىت مەسىلىلەردە باشقىلارغا مەيدانىڭنى ئاشكارلىما، ئۇيغۇردا ئىشپىيۇن جىق بالاغا قالىسەن.

— ئاڭلىشىمچە بۇ بالا ئۇيغۇلار ئىتتىپاق ئەمەسكەن، ئامېرىكىغا كەلگەنلەر ئۆزگۈرۈپ كېتىپتۇ، ئۇيغۇرچە ئۆرپ ئادەتنى بىلمەيدىكەن، مېنى ئارىغا ئالمىدى. ئۇيغۇلار مېنى ئىزدىمىدى، يالغۇز قويدى، دەپ قاقشاپ بېرىپتىكەن. شۇڭا ئۇيغۇرغا ئارىلاشمىغاندۇر. دېمىسىمۇ ئۇيغۇرلار گۇمانخور، بىر-بىرىمىزنى ئىشىمىز بولمىسا ئىزدىمەيمىز.

— مۇسۇلمانلار بىر بىرىگە سالامنى چىرايلىق قىلغان بىلەن ھورۇن، ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان ئەمەس،ئالىي مەكتەپلەردىكى تەجرىبىخانىلاردا شۇڭا خەنسۇلار، ھىندىلار، كورىيانلار كۆپ. خەنسۇ دېگەن زادى يامان، ئۆز ئىشىغا پۇختا، مۇناسىۋەتكە قابىل...دەپ خەنسۇلار بىلەنلا ئارىلىشىپ ئۇيغۇردىنلا ئەمەس باشقا مۇسۇلمانلاردىمۇ قېچىپ يۈرۈپتىكەن...

بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىنى مەن باشقىلاردىن ئاڭلىدىم. قانچە پىرسەنت

راست، قانچە پىرسەنت يالغان بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئەمما مەرھۇمنىڭ ئۇيغۇردىن قېچىپ يالغۇز ياشىشى، ئۇيغۇرلۇقىدىن سۆيۈنەلمەي، ئامېرىكىلىقتەك تېخى ياشاپ بولالماي قايمۇقۇپ يۈرۈشى ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەتەندىكى قوۋم قېرىنداشلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ ئون ئايغا يېقىن ئۈزۈلۈشى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى پاچاقلاپ تاشلىغان. نەتىجىدە ئۇ ياتاقتا ئۈن تىنسىز ئۆلۈپ قالغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى.

ئۇيغۇرغا ئەيىپ قويۇپ ئارىلاشمىغانلار ھەققىدە مەن تۈركىيەدىمۇ ئاڭلىغان. ئامېرىكىغا كېلىپمۇ تۈرك ئائىلىلەردىن ئۇيغۇردىن زېرىككەن بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىدىم. ئۇ قىز مەكتەپكە كېلىپ ئاۋال ئۆزىنى تۈرك دەپ تونۇشتۇرۇپ تۈرك ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئارىلىشىپتۇ. تۈركىيەلىك بالىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇر دېگەنلىك تۈرك دېگەنلىك بىلەن ئوخشاش ئۇقۇم بولغاچقا دەسلەپ ئۇنىڭ ئۆزىنى تۈرك دېيىشىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلماپتۇ. ئەمما بۇ قىزنىڭ «مەن ئۇيغۇر ئەمەس تۈرك» دېگىنىگە قاراپ ئەجەپلىنىپ قاپتۇ. ئۇ قىزنىڭ «ئاتا بوۋام تۈركىيەدىن تەڭرىتاغ بويلىرىغا كۆچۈپ كەلگەنىكەن شۇڭا مەن ئۇيغۇر ئەمەس تۈرك» دېگىنىگە جاۋابەن تۈرك ئائىلىلەر «بىزنىڭ ئاتا بوۋىلىرىمىز تەڭرىتاغ بويلىرىدىن تۈركىيەگە كۆچۈپ كەلگەنىكەن شۇڭا بىزمۇ ئەسلى ئۇيغۇر» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ئالاقە ئۇزارغانچە بۇ قىزنىڭ ئېتىقادى، تازىلىق، مۇئامىلە ۋە ئۆرپ ئادەت جەھەتتىكى ئۇيغۇر ئەخلاقىغا يات قىلىقلىرى تۈركلەرگە ياقماي مۇناسىۋەت يىرىكلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىز يا تۈركلەرنىڭ قېشىدا تۈرك بولالماي، يا شۇ شتاتتىكى ئۈچ ئۇيغۇرغا قېتىلىپ ئۇيغۇر بولالماي شەرقى قىرغاقتىكى خەنسۇلار كۆپرەك شەھەرگە كېتىپ قاپتۇ.

تۈركىيەدە ئۇيغۇرلارغا ئەيىپ ئارتىپ ئارىلاشمىغان ئۇيغۇر بالىلار، دانىيەدە ئۆلۈۋالغان ئۇيغۇر ياش ۋەياكى ئامېرىكىغا كېلىپ تۈرك بولۇۋالغان ئۇيغۇر قىزى ...بۇلارنىڭ ھەممىسى خەقنىڭ ياشاش ئۇسۇلى بويىچە ياشىيالماي، ئۇيغۇرلۇقتىن تېخى ھوزۇر ئالالماي ئىسەنكىرەپ قالغانلاردۇر. بۇلارنىڭ

ھەممىسىنىڭ يېشى 23ـ24 ياشلار ئەتراپىدا، ئۇرۇمچى قاتارلىق شەھەرلەردە خەنسۇچە ئوقۇغان ياكى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ كىچىكلا ئىچكىرىدە ئوقۇغان. بۇلاردا ئۆزى مەنسۇپ مىللەتنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە بۈگۈنى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇمات يوق. ئەجدادلارنىڭ ھاياتىنىڭ خىرىس ۋە ئىمتىھانلىرى، رىياللىقتىكى تەھدىت ۋە ئىمكانىيەتلەر ھەققىدە قالدۇرغان ئۇدۇم ۋە تەجرىبىلىرى ئانا تىل ئارقىلىق بۇلارنىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشمىغان. ئۇلار ئۆز ئائىلىسىدە، مەھەللىسىدە ۋە مەكتىپىدىكى ئۇيغۇرچە موھىت ئارقىلىق قەلبىگە قۇيۇلۇدىغان ھاياتتىكى تىرىشچانلىق ۋە تىرىشچانلىق ھەققىدىكى ئۆلچەملەردىن مۇستەسنا قالغان. بۇنداق بالىلارنىڭ ھالى خۇددى ئاتا-ئانىلىق يېتىملەرگە ئوخشايدۇ. يا ياتنىڭ بالىسى بولالمايدۇ، يا ئۆز باغرىلىرىنىڭ قوينىدا يايرىيالمايدۇ. بۇلار بالا ۋاقتىدا مېھرى مۇھەببەتكە تولۇق قانمىغانلىقى سەۋەبلىك دائىملىق يېتىملىك دەردىنى تارتىدۇ، ھەمىشە روھىي تەسەللىگە مۇھتاج بولىدۇ.بۇنداق چوڭ بولغان بالىلار قابىلىيەت رىقابىتىدە ھېچكىمدىن قېلىشمايدۇيۇ، ئۆزى تەۋە توپتىن ئايرىلىپ، ئاتا-ئانىسىدىن ئۇزاقلىشىپ مۇستەقىل ياشاشقا، ھەسسىيات رىقابىتىگە دۇچ كەلگەندە كەيپىياتىنى تەڭشەپ، تۇيغۇلىرىنى تۇراقلاشتۇرۇپ بولالماي گۇناھلىق ھالاكەت يولىنى تاللايدۇ.

شۇنداق قىلىپ يات تۇپراقتا يەنە بىر ئۇيغۇرنىڭ قەبرىسى غېرىپلىققا مەھكۇم بولدى. ئامېرىكىغا تەلپۈنۈپ ئامېرىكىچە ياشىيالمىغان ئۇيغۇر پەرزەنتى ئۆزى ئارىلاشمىغان، قاچقان، گۇمانلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا دەپىن قىلىندى. ئۇيغۇرلار ئۇ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تېپىپ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزدى. رازىلىق ئالغاندىن كېيىن پۇل يىغىش قىلىپ يەرلىك سېتىۋېلىپ ئۇيغۇرنىڭ دەپىن قائىدىسى بويىچە يەرلىكىگە قويدى. ھېلىقى تۈرك بولۇۋېلىپ ئۇيغۇردىن قاچقان قىزمۇ بەلكىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندۇ.

# مۇكەممەل جەمىيەت ۋە كەمتۈك ئىنسان

ئامېرىكا زادى قانداق يەر؟ مەن ئۈشبۇ ئەدەبىي خاتىرەمدە يېزىۋاتقاندەك ھەممە ئىشقا تەرتىپ ئورنۇتۇلغان، ئىنساننىڭ ھەممە خۇي پەيلى مۇئەييەن بىر ئەخلاق قېلىپىغا چۈشكەن، ئادەمنىڭ ئېتىقادى، ھۆرمىتى، ھۆرلۈكى، ھاياتى، پاراغىتى كاپالەتلەندۈرۈلگەن، قانۇننىڭ ئادالىتى خۇددى بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەسەۋۋۇر قىلغاندەك بارچە مەۋجۇداتقا باراۋەر باشپاناھ بولغان خىيالدىكى مۇكەممەل جەمىيەتمۇ ياكى كىشىلىرى تاجاۋۇزچىلىققا خۇمار، بايلىرى دۇنيانى قارماللىغان، ئەسكەرلىرى ۋەھشىلىكتە مايىل، ھۆكۈمىتى باشقىلارنىڭ «ئىچكى ئىشلىرى»غا ئارىلىشىۋالىدىغان بارلىق ئىبلىسلىق- شەيتانلىقلارنىڭ بەزمىخانىسىمۇ؟ مەن ئامېرىكىدىكى ھاياتىمنى، ئويلىغانلىرىمنى يېزىشتا ھېچ قاچان بۇ قاراشلارنىڭ بىرىنى يېتەكچى پىرىنسىپ قىلىۋالغان ئەمەس. مەن پەقەت كۆرگەنلىرىمنى سەمىمىيلىك بىلەن يازدىم. مەن بۇ مەسىلىدە ھېچ قايسى قاراشنىڭ تەشەببۇسچىسى ئەمەس. ئەسەرلىرىمگە قاراپ مېنى ئۇچى، بۇچى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىۋالغانلار «...بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش، بايرىقى رۇشەن ھالدا ...گە قارشى تۇرۇش، ئىدىيىنى يۈكسەك دەرىجىدە بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھەممە ئىشتا...ئىزىمنى يېتەكچى پىرىنسىپ قىلىش» قاتارلىق ئىدىيىۋىي سىياسىي تەربىيىنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق مەھسۇلاتلىرىدۇر. ئىدىيەلەر رىقابىتى بولمىغان، پەرقلىق ئىدىيەلەرگە ئەركىن سورۇن ھازىرلانمىغان جەمىيەتتە كىشىلەر دائىم مەلۇم ئىدىيەنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكى بولمىسا جاھان قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇلارغا كېلىۋالىدۇ. بۇنداق جەمىيەتتىكى كىشىلەر ئۆزلىرىدىن باشقىلارنىمۇ ئالدىن بەلگىلەنگەن بىر ئىدىيىنىڭ قۇماندانلىقىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك تەسەۋۋۇر قىلىشىدۇ.

ئەمەلىيەتتە مەن ھېچ نېمىنى ئالدىن پەرەز قىلمىغان ئاساستا، ئۆزۈم ئامېرىكىدا كۆرگەن ھەقىقى ئىشلار بىلەن ۋەتەندىكى ئۇيغۇرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ئامېرىكىنى سېلىشتۇرۇپ يېزىۋاتىمەن. ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدىكى دۇنيا رىياللىقى بىلەن مەن كۆرگەن دۇنيانىڭ ھەقىقى يۈزىنى مۇلاھىزە قىلىۋاتىمەن. مېنىڭ قىزىقىدىغىنىم ئۇيغۇرلارغا دۇنيا، خەلقئارا ۋەزىيەت، دۇنيا خەلقلىرى ھەققىدىكى مۇنداق رەڭگارەڭ چۈشەنچىلەر نەدىن كەلگەن؟ ئۇيغۇر بۇلارنى نېمە ئۈچۈن قوبۇل قىلغان؟ قوبۇل قىلىشتا ئەينەن قوبۇل قىلغانمۇ ياكى ئۆز ئىشتاھاسىغا ئاساسەن ئۆزلەشتۈرگەنمۇ؟ ئۆزلەشتۈرسە قانداق ئۆزلەشتۈرگەن؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزلەشتۈرگەن؟...قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تۆۋەندە يازىدىغىنىممۇ ئامېرىكا ھەققىدىكى باشقىلارنىڭ باھالىرى ۋە مېنىڭ بىۋاستە كەچۈرمىشلىرىم.

مەن ئامېرىكىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكا ھەققىدىكى باھالىرىغا دىققەت قىلدىم ۋە بايقىغانلىرىمنى «قازاننىڭ قۇلىقى ھەممە يەردە تۆرتمۇ»، «قارغىلىقتىكى ‹ئامېرىكا›» دېگەن ماۋزۇلاردا بايان قىلدىم. بۇندىن باشقا دىققىتىم ئامېرىكىدا تۇرۇپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكا ھەققىدىكى باھالىرىغا چۈشتى. بۇلار ئامېرىكىغا بالىلىرىنى يوقلاپ بارغان بوۋاي-مومايلار ئىدى. بىر پېنسىيىگە چىققان ئاپپاي ئامېرىكىغا بېرىپ بالىلىرىنى يوقلاپ كەلگەنىكەن. مېنىڭ ئامېرىكىدىن ئوقۇش پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلگىنىمنى ئاڭلاپ تاڭ قالدى. ئامېرىكا ھەققىدە سورىغانلىرىمغا «ۋاي بالام نېمىسىنى دەيسىز، ئامېرىكىنىڭ ساقچىسىدىن تارتىپ تازىلىقچىسىغىچە ھەممىسى سىلىق سىپايىكەن. ئامېرىكىدا تاماقتىن تارتىپ كىيىمگىچە ھەممە نەرسە سۈپەتلىك، ئىشەنچلىك ئىكەن. ئىشقىلىپ قاراڭ، ئامېرىكىدا ھاۋامۇ ياخشى، ئادەملەرمۇ ياخشى ئىكەن، بىزگە موھىمى مۇشۇلارلىغۇ» دەپ ئامېرىكىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ سۆزلەپلا كەتتى. يەنە بىر دوستۇمنىڭ دادىسى ئامېرىكىدا بىر قانچە ئاي تۇرغاندىن كېيىن تونۇشلىرىغا «موھىتىنىڭ، تۈزۈمىنىڭ، ئادەملىرىنىڭ ياخشىلىقىغا قاراپ، ئامېرىكا دېگەن قايتا تۇغۇلۇۋالسا ئەرزىگۈدەك يەرئىكەن» دەپتۇ. بۇلارنىڭ گېپىدىكى بىر ئورتاق نوقتا ئامېرىكىدا تەبىئىي موھىت (ھاۋا) بىلەن ئىجتىمائىي موھىت (تۈزۈم، كىشىلەر) نىڭ

ياخشىلىقى. مەن بۇ پىشقەدەملەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا قايىل قالدىم. ئۇلار ئامېرىكىدا ھاۋا ۋە ئادەمنىڭ ياخشىلىقىنى دېيىش ئارقىلىق ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان يەنە بىر جەمئىيەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپتۇ. راست، ئامېرىكىنى ياخشى قىلغان نەرسە قانۇننىڭ ۋە تۈزۈمنىڭ مۇكەممەللىكى. مۇكەممەل تۈزۈم ئىنسان روھىدىكى ئاجىزلىقلارنى، گۇناھلىق خاھىشلارنى ياخشىلىق قېلىپىغا سېلىپ، تۈزەپ ساغلام ئىجتىمائىي مۇھىتنى بەرپا قىلالايدۇ. مۇكەممەل جەمئىيەتتىكى مۇقەددەس قانۇن ۋە توغرا قېلىپقا سېلىنغان ئىنسان روھىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىلا بولۇدۇكەن تەبىئىي مۇھىتمۇ مۇناسىپ قوغداشقا ئېرىشىدۇ.

ئامېرىكىدا ھاۋانىڭ- مۇھىتنىڭ ياخشىلىقىغۇ قىل سىغمايدۇ، ئەمما ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق ياخشىمۇ؟ مۇكەممەل تۈزۈم ھەممە ئىنساننىڭ قىلىقلىرىنى توغرا يولغا سېلىپ بولالامدۇ؟ ياق. مەكتىپىمىزدىكى بىر كۇتۇپخانا كېچەيۇ كۈندۈز تاقالمايتتى. بىر جۈمە كۈنى كەچتە چىقسام مۇلازىم ستۇدېنت «يېرىم سائەتتىن كېيىن تاقايمىز، شۇڭا بىنادىن ئايرىلىشىڭلارنى ئىلتىماس قىلىمىز» دەپ قالدى. ئاتايىن كەلگەن ۋاقتىمغا ئاچچىقىم كېلىپ ھارغىن، نارازى قەدەملىرىمنى تەستە يۆتكەپ ئۆيۈمگە قايتتىم. نەچچە يۈز ئادەم سىغىدىغان بارلىق ئەسلىھەلىرى تولۇق كۇتۇپخانىدا پەقەت ئۈچ تۆتەيلەنلا بار ئىدۇق. ئىككىنچى جۈمە كۈنى كەچتە يەنە شۇ مۇلازىم قىز ئوخشاش گەپنى تەكرارلىدى. كۇتۇپخانىدىكى بەش ئالتەيلەننىڭ كۆپىنچىمىز چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئىكەنمىز. قارىسام ھەممىسى كېتىش تەييارلىقىغا چۈشتى. پەقەت مەن دائىم ئوخشاش ئورۇندا ئولتۇرغىنىنى كۆرىدىغان بىر ئامېرىكىلىقلا جايىدىن مىدىرلىمىدى. ئۇنىڭغا قاراپ مەنمۇ قىمىر قىلماي ماقالەمنى يېزىشقا داۋام قىلدىم. بىر چاغدا بېشىمنى كۆتۈرسەم ھېلىقى ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچى ھېلىقى بىزنى قوغلىغان مۇلازىم قىزغا ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ. «مەن مىڭ تەستە تاپقان پۇلۇم بىلەن بۇ يەردە ئوقۇيمەن، سەنلەر كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا كىنو كۆرۈپ

كۈتۈپخانىدا نۆۋەتچى بولۇۋاتىمەن دېگەن باھانە بىلەن سائىتىگە 13 دوللار ھەق ئېلىشىسەن. نېمە بىزنى قوغلايسەن. سەن بىزنى بىلمەيدۇ دەمسەن. سەن يېرىم سائەت بۇرۇن تاقاپ كەتكەن بىلەن بىر سائەتنىڭ پۇلىنى ئالىسەن، سەنچە بۇ توغرىمۇ؟» ھېلىقى قىز شەلپەردەك قىزىرىپ باشقا گەپ قىلالمىدى. ئەسلىدە بۇ قىز يېرىم سائەت بۇرۇن «ئىشتىن چۈشىمەن» دېگەننى باھانە قىلىپ كۈتۈپخانىدىكىلەرنى قوغلايدىكەن. كېيىنكى نۆۋەتتە كېلىدىغان مۇلازىم ستۇدېنت ئىشقا كېلىپ «كۈتۈپخانىدا ئادەم يوق» دېگەننى باھانە قىلىپ قايتىپ كېتىدىكەن. مۇئاشنى بولسا ئىككىلىسى تېيىننى كەم قىلماي ئېلىۋېرىدىكەن. شۇ قېتىمقى ئىشتىن كېيىن ھېلىقى قىز ستۇدېنت مۇلازىملىقتىن قالدۇرۇلغان بولسا كېرەك، كۈتۈپخانىدا قايتا كۆرۈپ باقمىدىم. ئەگەر مۇشۇنداق خاتالىق سادىر قىلغانلارنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىدىغان بەلگىلىمە بولمىغان بولسا ياكى شۇنداق بەلگىلىمە بولغان تەقدىردىمۇ ئادىل ئىجرا قىلىدىغان باشقۇرغۇچىلار بولمىغان بولسا ئوقۇغۇچىلارنى خالىغانچە قاقشىتىدىغان ئىشلار ئادەتكە ئايلانغان، قاقشاتقۇچى خادىملار كۆپەيگەن بولاتتى.

بىر ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچى ئۇيغۇرچە ئۆگىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ھېيىت بايراملىرىنى تەتقىق قىلماقچى بولۇپتۇ. ئامېرىكىدىكى بىر ئۇيغۇرنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن ئۇنىڭ قەشقەردىن ئۆي ئىجارە ئېلىشىغا ياردەملەشتىم. خوتەنگە بارماقچى بولغىنىدا دوستلۇرۇمغا تېلېفون قىلىپ ئايلىنىدىغان يەرلىرىگىچە ئورۇنلاشتۇردۇم. ماۋا قەشقەردىن يازغان خېتىدە خوتەندىكى ئۇ دوستۇمدىن بەك رازى بولغىنىنى، بىللە جىق يەرلەرگە بارغىنىنى، نۇرغۇن سۈرەتكە چۈشكىنىنى يېزىپتۇ. ئۇ ئامېرىكىغا قايتىپ كېلىدىغان چاغدا بىزنىڭ ئۆيدىكىلەردىن بىر نەرسە ئالغاچ كەلسىكەن دەپ ئۈمىد قىلغانىدىم. قىزىق يېرى ئۇ بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر بىلەن خوشلاشمايلا كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا چىققان خوتەندىكى دوستۇمنى كۆرمىگىلى ئۇن يىلدىن ئاشقانىدى. ئىككى قېتىم شۇ دوستۇمنىڭ رەسىملىرىنى ئەۋەتىپ بېرىشنى سوراپ خەت يازدىم، ھېچ بىر جاۋاپ يازمىدى. ئامېرىكىدا ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنمىگەن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىمەن دەپ قەشقەردە ئۈچ ئاي تۇرمىغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭ 2009-يىلى تومۇزدىكى پاجىيە سەۋەبلىك ئۇن ئايغا يېقىن ئالاقەم ئۈزۈلگەن

ئاتا-ئانامنىڭ، كۆيۈملۈكلىرىمنىڭ بىرەر يادنامىسىنى ئېلىپ كەلمىگىنىدىن ئاغرىنمىغان بولاتتىم. ئۇنىڭ مۇنداق دوستۇمنىڭ رەسىمىنى يا ئەۋەتىپ بەرمەي، يا ئەۋەتمەيمەن دېمەي يوقاپ كېتىشى ئامېرىكىلىق ئەمەس ھەرقانداق مىللەت كىشىسى ئۈچۈن غەلىتىلىك. ئامېرىكىدا بىرى ئادەتتە خەت يازسا جاۋاپ يازمىغانلىق «سەن بىلەن ئالاقە قىلغۇم يوق» دېگەن مەنىنى بىشارەتلەيدۇ. مەقسىدى ھاسىل بولۇشتىن بۇرۇن ماڭا كەم دېگەندە 50 پارچىدىن ئارتۇق خەت يازغان بىرىنىڭ ئىشى تۈگىگەن كۈندىن باشلاپ خېتىمنى جاۋاپسىز قويۇشى غەلىتىلىك ئەلۋەتتە. ئامېرىكىدا بۇنى باشقىلاردىن پايدىلىنىش دەيدۇ. مەن بۇ خىلدىكى ھېكايىلەرنى باشقىلاردىنمۇ ئاڭلىدىم. مېنى ئەڭ ئەپسۇسلاندۇرغىنى بىر قىسىم ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇنداق باشقىلارنىڭ مېھماندوستلۇقىنى، سەمىمىيلىكىنى، ياردەمسۆيەرلىكىنى سۈيئىستېمال قىلالىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ چېچەنلىكى دەپ چۈشۈنۈشى ۋە باشقىلارنىڭ يۇقارقى خىسلەتلىرىنى ساددىلىق دەپ مەسخىرە قىلىشى بولدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب بىرى ئامېرىكىنىڭ دۇنيا ئىقتىسادى، مائارىپى ۋە پەن تەتقىقاتىدىكى نوپۇزى بەزى ئامېرىكىلىقلاردا ھاكاۋۇرلۇق پەيدا قىلغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىرى دۇنيا ئىشلىرىدىكى ئامېرىكىنىڭ يېتەكچى ئورنى باشقىلارنىڭ ئامېرىكىلىقلارنى چوڭ بىلىدىغان قىلىپ قويغان، نەتىجىدە ئامېرىكىلىقلار خەقنىڭ ياخشىلىقلىرىنى تىگىشلىك مۇلازىمەتتەك ھىس قىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

بىر قېتىملىق زىياپەتتە بىر ئۇيغۇر ئانىمىز مەكتىپىمىزدىكى ئامېرىكىلىق بىر پروپېسسور ئايالغا «ئامېرىكىلىقلار بەك سەمىمىي ئىكەن» دېدى. مەن بىر نېمە دەي دەپ بولغىچە ھېلىقى ئايال «ياق، ئامېرىكىلىقلارمۇ يالغان ئېيتىدۇ، لېكىن چاندۇرمايدۇ. پەقەت جوڭگۇدىكىگە ئوخشاش كىچىكتىن چوڭغىچە ھەممە ئىشقا يالغاننى قوشمايدۇ! ئامېرىكىلىقلار چانمىغۇدەكلا يېرى بولسا يالغاندىن پايدىلىنىدۇ» دېدى. مەن ئامېرىكىدا

بۇنداق يالغانچىلىقلارنى خېلى كۆردۇم. بىر دەرستە ئامېرىكىلىق ئىككى ئوقۇغۇچى بىلەن بىرلىشىپ بىر تېما ئۈستىدە ئىزدەندۇق. مەن مۇلاقات قىلىش، تەكشۈرۈش، ماتېرىيال توپلاشقا مەسئۇل بولدۇم. يەنە بىر قىز مۇلاقات سوئاللىرىنى تەييارلاشقا مەسئۇل بولدى. ئۈچىنچى بالا مۇلاقات قىلىنغان ئاۋاز ھۆججەتلىرىنى يېزىقچە ئايلاندۇرۇش، مەن تەكشۈرگەن ماتېرىياللارنى رەتلەشكە مەسئۇل بولدى. مەن تەكشۈرۈش ۋە مۇلاقاتنى ھېلىقى ئامېرىكىلىق قىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تەييارلىدىم ۋە دېگەن ۋاقتىدا تولۇق ئۇلارغا تاپشۇردۇم. شۇ تاپشۇرغانچە قولۇمغا ئۇلاردىن رەتلەنگەن، يېزىققا ئايلاندۇرۇلغان ھۆججەتلەرنى ئالالمىدىم. ساقلا، ساقلا ئاخىرى ماقالە تاپشۇرىدىغانغا تۆرت كۈن قالغاندا ماتېرىياللارنى ئالدىم. بۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ماقالەمنى يېزىپ بولالمايتتىم، ئەلۋەتتە. شۇڭا بۇ ئىشنى دەرس ئوقۇتقۇچىمغا دېدىم، لېكىن قولۇمدا ھېچ بىر يازما ئىسپات بولمىغاچقا گېپىمنى ئىسپاتلىيالمىدىم. ئاخىرى ئۈچ كېچە ئۇخلىماي دېگۈدەك ئىشلەپ ماقالىنى تولۇق تۈگەتتىم، ئەمما يېتەرلىك ۋاقىت بولمىغاچقا ياخشى يازالمىدىم. ئەڭ يامان يېرى ئاتايىن توپلىغان ماتېرىياللىرىمنى تولۇق ئىشلىتەلمىدىم، قايىل قىلارلىق تەھلىل قىلالمىدىم. ماقالىمىزنى سىنىپتا مۇلاھىزە قىلغاندا ماتېرىيالغا دائىر ھېچ ئىش قىلمىغان ھېلىقى ئىككىسى خۇددى شۇ ماتېرىياللارنى ئۆزى توپلىغاندەك ماتېرىيال توپلاش جەريانىدا ئۇنى قىلدۇق، بۇنى قىلدۇق دەپ مېنىڭ دەپ بەرگەنلىرىمنى ئۆزىنىڭكىدەك قىلىپ سۆزلەپ كەتتى. ئۇلار نېمىشقا يالغان ئېيتىدۇ؟ چۈنكى قولۇمدا مېنىڭ ئىشلارنى ۋاقتىدا قىلغانلىقىم، ئۇلارنىڭ قىلمىغانلىقى، ماتېرىياللارنى مېنىڭ توپلىغانلىقىم ئۇلارنىڭ پەقەت رەتلەپ، يېزىققا ئايلاندۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچ نەرسە يوق

مەن ئامېرىكىدا تۇرۇش جەريانىدا ئۆزىنىڭ پىلانىغا توغرا كەلسە باشقىلارنى قەدىرلەپ ۋاي دەيدىغان ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن خۇددى ئەسكى چاپاننى تاشلىغاندەك ۋاز كېچىدىغان، مەلۇم مەقسەدنى ۋاستە قىلىپ باشقىلار بىلەن ئارىلىشىدىغان، مەقسىدىگە يەتكەن ياكى يېتەلمىگەن ھامان ئالاقىنى كېسىدىغان كىشىلەرنى خېلى كۆردۈم. مەسىلەن، خەلقئارالىق ئوقۇغۇچىلارغا دىن تارقىتىشنى نىشان قىلغان بەزى ئامېرىكىلىقلاردا بۇ ئىش

بەكرەك يايغىنكەن. ئۇندىن باشقا بىر قىسىم پروپېسسورلاردا ئوقۇغۇچىلىرىدىن ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىپ تەتقىقاتى تاماملانغاندىن كېيىن بىر ئامال قىلىپ كۆزدىن يىراقلاشتۇرىدىغان ئىشلارمۇ بار ئىكەن. مەنچە مۇنداق باشقىلارنى ئۆز مەقسىدى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ھەممە يەردە بار. جوڭگودا باشقىلارغا مەقسەدلىك يېقىنلاشماقچى بولسا ئاۋۋال شۇ كىشى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى ياكى يۇرتداشلىق- خىزمەتداشلىق مۇناسىۋىتى ۋە ياكى دوستلۇق مۇناسىۋىتى بولغان بىرىنى تاپىدۇ، ئاندىن مېھمان قىلىدۇ ياكى بىر مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ ئاخىرىدا مەقسىدىنى ئوچۇقلايدۇ. ئامېرىكىدىمۇ مۇنداق مەنپەئەت سودىسى بار. پەرقلىنىدىغان يېرى ئامېرىكىلىقلار ھېچ كىمنى ۋاستە قىلماي يەكمۇ يەك سودىلىشىدۇ. بىزدەك ئاۋۋال مېھمان قىلىپ ئاندىن مەقسىدىنى ئېيتماستىن ئاۋۋال مەقسىدىنى ئېيتىپ، ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ ئارزۇسىغا يەتكەندىن كېيىن ئاندىن بەك رازى بولۇپ كەتسە مېھمان قىلىشى مۇمكىن. يەنە بىرى ئامېرىكىدا بۇ خىل كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ئاشكارە ھالدا «سودا» دەپ ئاتايدۇ، جوڭگودىكىدەك بۇنى دوستلۇق دەپ ئاتاپ پەدەزلىمەيدۇ، دوستلۇق نامىدا مەنپەئەت ئويۇنلىرى ئويناپ يۈرمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ مەلۇم مەنپەئەتلەر ئۈچۈن «دوستلۇق»نى سۈيئىستېمال قىلىشى جوڭگودىكىدەك ئومۇملاشمىغان. شۇڭا جوڭگودىكى «بىر دوستۇڭ كۆپەيسە بىر يولۇڭ كۆپىيەر» دېگەن ماقال ئامېرىكىدا غەلىتە ئاڭلىنىدۇ. ئامېرىكىدا ھەممە ئىش يولى بىلەن، قائىدىگە ئۇيغۇن بولۇدۇغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ بىر بىرى بىلەن مەنپەئەت يەتكۈزۈشۈش زۆرۈرىيىتى ئۈچۈنلا ئالاقە تورى قۇرۇشى ۋە بۇ تورنىڭ داۋام قىلىشى ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىت، پۇل ۋە زېھىننى سەرپ قىلىشى ئاز كۆرۈلىدۇ.

ئامېرىكىلىقلارنى قانداق چۈشىنىمىز؟ ئامېرىكىنىڭ تۈزۈمىدىكى مۇكەممەللىكى ئىنساننىڭ مەنىۋي كەمتۈكلۈكلىرىنى پۈتۈنلەپ كېتەلىدىمۇ؟ مۇكەممەل قانۇن، پاراۋان تۇرمۇش، خاتىرجەم ھايات

ئامېرىكىلىقلارنى مەمنۇن قىلالىدىمۇ؟ پەندىكى مۇۋەپپەقىيەت، مائارىپتىكى ئىلغارلىق، تۈرلۈك تاماشا سورۇنلىرى، ئىقتىسادتىكى تەرەققىيات ئىنساننىڭ پۈتمەس ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرالىدىمۇ؟ ئامېرىكىلىقلارنىڭ ساخاۋەتچىلىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئامېرىكىدا ئىئانىنىڭ باجغا ھېساپلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىش كېرەك. ئامېرىكىلىقلارنىڭ خالىسلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن يىللىق باج قايتۇرۇش (ئامېرىكىدا كىشىلەرنىڭ بىر يىلدا تۆلىگەن بېجى يىل ئاخىرىدا مەلۇم نىسبەتتە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ) جەدۋىلىدە جامائەت ۋە شەخسلەر ئۈچۈن خالىس خىزمەت قىلغانلارنىڭ بەلگىلىك قايتۇرۇلغان باج سوممىسىدىن مەنپەتلىنىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك. ئامېرىكىلىقلاردىكى پىدايىلىقنى چۈشىنىش ئۈچۈن پىدايىلىق قىلغانلارنىڭ خىزمەت تېپىشىنىڭ قىلمىغانلارغا قارىغاندا ئاسان بولىدىغانلىقىنى، ئىشقا ئالغۇچىلارنىڭ بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغانلىقىنى ئويلىشىش كېرەك.

ئامېرىكىلىقلاردىكى سەممىيلىكنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىر قېتىملىق يالغانچىلىقنىڭ ئادەمگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولۇپ ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىدىغانلىقىنى ئاڭقىرىش كېرەك. ئامېرىكىلىقلاردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىكنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئامېرىكىدىكى ھەرقانداق بالىنىڭ 18 ياشقا كىرگۈچە دۆلەتنىڭ ھەقسىز يېمەكلىك، مائارىپ ۋە باشقا پاراۋانلىقىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى ئوقۇش كېرەك. ئامېرىكىلىقلاردىكى راھەتپەرەسلىكنى، خاتىرجەملىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن 60 ياشتىن ئاشقان ھەر بىر پۇقرانىڭ مىڭ دوللاردىن ئارتۇق پېنسىيە مۇئاشىغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى، 60 تىيىنغا ئون ئىككى تۇخۇم كېلىدىغان بۇ دۆلەتتە يالغۇز جانغا بۇ پۇلنىڭ يېتىپ ئاشىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. دېمەك ئامېرىكىدا تۇرۇپ قايتىپ كەلگەن ئۇيغۇر بوۋاي، مومايلارنىڭ نەزىرىدىكى ياخشى ئامېرىكىلىقلار يۇقارقى شارائىتلار تۈپەيلى ياخشى بولۇشقا كۆنۈپ قالغانلاردۇر. ۋاھالەنكى ئادەمنى پەزىلەتكە كۆندۈرىدىغان مۇكەممەل تۈزۈملۈك جەمئىيەتتىكى يۇقارقى شارائىتلار ئىنسان مەنىۋىيىتىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى پۈتۈنلەي تولۇقلاپ، ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇپ مەمنۇنىيەتكە ئېرىشتۈرگەن يوق. شۇڭا

ئامېرىكىدىكى چېكەرمەنلىك، ئىچەرمەنلىك، ئىسراپخورلۇق، راھەتپەرەسلىك، ھورۇنلۇق قاتارلىق ئىجتىمائىي كېسەللىكلەر ئاجىز ئىنساننىڭ قەلبىنى چىركىنلەشتۈرىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

# ئۇيغۇردا تارىخنىڭ يۈكى ۋە ئاسارىتى

## 1. تارىخنىڭ يۈكىنى بايقاش

ئادەم ئۆزى چوڭ بولغان موھىتتىن ئايرىلىپ باشقىلار بىلەن بولغان پەرقىنى ھىس قىلغاندا دەسلەپ ھەيران قالىدۇغان، گاڭگىرايدىغان گەپكەن. مەن ئامېرىكىغا بارغاندىن كېيىن ئۆزەمنى تارىخچىدەك ھىس قىلىپ قالدىم. ۋەتەندە مەن ئەسلى تارىخچى سانالغىدەك ساپادىكى ئادەم ئەمەس ئىدىم. مەن تونۇيدىغان دوستلار ئىچىدە تارىخ ھەققىدىكى بىلىمى چولتىراقى مەن ئىدىم. ئۆزەمنىڭ «تارىخچى»لىقىمنى بىر دەرستە بايقىدىم. بىر كۈنى باللار تىلشۇناسلىقى دەرسىدە مۇئەللىم 1950-يىللاردا روس تىلشۇناسلىرىدىن بىرىنىڭ يازغان بىر ماقالىسىنى تەھلىل قىلىپ بەردى. ماقالىدىكى نۇقسانلار ھەققىدە توختۇلۇپ «50-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى كىم ئىدى؟» دەپ سوراپ قالدى. سىنىپ بىر مىنۇتتىن جىقراق سۈكۈتكە چۈمدى. 60-70 قا يېقىن ئوقۇغۇچى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. تىلشۇناسلىق بويىچە دوكتورلۇقتا، ماگىستىرلىقتا ۋە تولۇق كۇرۇستا ئوقۇۋاتقان شۇنچە جىق ئوقۇغۇچىنىڭ بۇنى بىلمەسلىكىگە ئىشەنمەي جاۋابىنى ئېنىق بىلسەممۇ زۇۋان سۈرمىدىم. ئاخىرى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ «ستالىن» دېدىم. ئاندىن «ستالىن ‹ماركسىزىم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى› دېگەن بىر كىتاپنى يازغان» دېدىم. ماقالىدىكى نوقسانلارنىڭ دەل شۇ ماركسىزىم ئىدولوگىيەسىنىڭ تىلشۇناسلىقتا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى، ئارىلىشىۋېلىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم. سىنىپتىكى ھەممەيلەننىڭ كۆزى ماڭا تىكىلگەندە ئامېرىكىلىقلاردەك مەغرۇر كۆلۈمسىرەپ قويۇش ئورنىغا گۇناھ قىلىپ قويغاندەك قورۇنۇپ كەتتىم. مۇئەللىم دېگەنلىرىمنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ماقالە ياكى ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا قايسى ۋاقىتتا قانداق شارائىتتا يېزىلغانلىقىنى بىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى

تەكتىلدى. ئامېرىكىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەن بايقىغان مەسىلىنى بايقىيالماسلىقى ئۇلارنىڭ بىر پارتىيە ئىدولوگىيەسى پەن تەتقىقاتىدىن تارتىپ شەخسنىڭ تۇرمۇشىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىر جەمىيەتتە ياشاپ باقمىغانلىقىدىن بولغان. شۇ چاغدىكى ھەيرانلىقىم ئۆزەمنىڭ بۇ تارىخنى بىلىدىغانلىقىمغا ئەمەس شۇنچە كۆپ ئامېرىكىلىقنىڭ مەن بىلىدىغان تارىخنى بىلمەيدىغانلىقىغا قوزغالدى. مەنچە بۇ تارىخنى بىزدە بىلىدىغانلار بەك كۆپ ئىدى. دەرس جەريانىدا مەن مەسىلىنى مىللەت ۋە تارىخ نوقتىسىدىن كۆزىتەتتىم. تىلشۇناسلىقتا ۋە ئىنسانشۇناسلىقتا ئائىت ئوقۇغان كىتاپلىرىم جىقتەك تۇيغۇ بېرەتتىم، لېكىن شۇ كىتاپلاردىكى بىرەر نەزەرىيەدىن پايدىلىنىپ قارىشىمنى ياقلىيالمايتتىم، ئىسپاتلىيالمايتتىم. تارىخ ھەققىدىكى بىلىمىم شۇ بىر قېتىم ئەسقاتقان بىلەن قايتا كارغا كەلمەي قويدى. مىللەت نوقتىسىدىن ئويلاشلىرىم ئىدولوگىيە دەپ قارىلىپ پۈت دەسسەپ تۇرالمىدى. مىللەتچىلىك ئىدولوگىيە بولغاچ ئامېرىكا دەرسخانىلىرىدا ئىلمىي مەسىلىلەرنى بۇنىڭغا تايىنىپ تەھلىل قىلغىلى بولمايدىكەن. مەسىلىنى تارىخ نوقتىسىدىن كۆزىتىش پەقەت مەسىلىنى تەسۋىرلەشكە يارىغان بىلەن تەھلىل قىلىشقا، ھۆكۈم قىلىشقا يارىمايدىكەن. مەن نېمىشقا تارىخنىڭ يۈكىگە مۇپتىلا بولدۇم؟ تارىخ يۈكلەنگىنى مەنلامۇ؟ بىر كۈنى بىر ئۇيغۇر بۇرادىرىم بىلەن تېلېفوندا پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ ماگىستىرلىقتىكى يېتەكچىسى ئىتاليان ئامېرىكان بولۇپ ئۇنى تازا كۆڭۈلدىكىدەك تەربىيەلىمەپتۇ. ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى ئىتاليانلارنىڭ تۈركلەرگە ئۆچلۈكىدىن ئىزدەيدىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئوسمان ئىمپىرىيىسى زامانىدا تۈركلەر ئىتالىيەنىڭ بىر قىسمىنى بېسىۋالغانىكەن، شۇ سەۋەبتىن ئىتاليانلار تۈركلەرگە ئۆچمەنلىك قىلارمىش. ئۇنىڭ بىر ئىسپانىيىلىك ساۋاقدىشى بولۇپ مۇناسىۋىتى پەقەت ياخشى ئەمەسكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئىسپانىيىنى مۇسۇلمانلار 800 يىلدىن ئارتۇق ئىستىلا قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ ساۋاقدىشىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئۆچلۈك قىلىشى مۇقەررەرمىش. كېيىن باشقا

ئۇيغۇر دوستلار بىلەن پاراڭلىشىپمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان گەپلەرنى ئاڭلىدىم. رۇسلارنىڭ گېپى چىقىپ بولغۇچە «بولدى قىلە شۇ روسلارنى، تارىختا ئۇيغۇرغا ئورۇسنىڭ قىلغىنى ئازمۇ؟!» دېيىلەتتى. ئەرەبلەر تىلغا ئېلىنسا «ئەرەبلەر تارىختا مىللەتچىلىك قىلىپ ئىسلامدا ۋاھابىچىلىقنى پەيدا قىلمىغان بولسا دىنىمىز بۇگۈنكى كۈنگە قالمايتتى. ئەرەبلەر ئەسلىيەتچىلىك، ئاشقۇنلۇق قىلمىغان بولسا ۋە مىللىتىمىز بۇگۈنكى دۇنيادا بۇ قەدەر خەقنىڭ قارىسىغا كەتمەيتتى. ئەرەبلەر تارىختا غەرپنىڭ قىلتىقىغا دەسسەپ ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە تىغ كۆتۈرمىگەن بولسا كۈنىمىز بۇنداق بولمايتتى. بىزگە ئىتىپاقسىزلىق مۇشۇ ئەرەبلەردىن قالغانمىكىن، ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى بىر مىللەت تۇرۇپ ھازىرغىچە بىرلىشەلمەي 22 دۆلەت قۇرۇپ ياشايدىكەن». مەن مۇشۇنداق كۈندۈلۈك پاراڭلاردىن ئۈچ نەرسىنى بايقىغاندەك قىلدىم. بىرى بىر مىللەتنىڭ تارىخى كەچۈرمىشى ئارقىلىق بۈگۈنكە ھۆكۈم قىلىش، يەنە بىرى مىللەتنىڭ قىلمىشى ئارقىلىق شەخسكە باھا بېرىش، ئۈچىنجى بىرى دۇنياۋي بىر پىشكەللىكنىڭ سەۋەبىنى قارا قويۇق بىر مىللەتكە دۆڭگەپ قويۇش.

يۇقارقى دوستۇمنىڭ ۋە باشقا دوستلۇرۇمنىڭ قاراشلىرىغا قوشۇلمايمەن. چۈنكى مەن ئۇچراتقان ئىتالىيان ئامېرىكىلىقلار تۈركلەرنىڭ تارىختا ئىتالىيەنى بېسىۋالغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ھازىرقى تۈركىيە تۈركلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ زادى نېمە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپۈنچىسى ئۆزىنى ئامېرىكان دەپ قارايدىغان بولغاچقا ئىتالىيەدىكى ئاتا بوۋىلىرىنىڭ كەچۈرمىشى سەۋەبلىك ئۇيغۇرلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشى ئېھتىماللىقتىن بەكمۇ يىراق. ھېلىقى ئۇيغۇر دوستۇم ئېيتقان ئىسپانىيىلىك ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئىسلامغا ئۆچ بولۇشى ناتايىن، بەلكىم ئۇلار ئىسلامغا ئەمەس ئىسپانلارغا ئۆچ ئاز سانلىق كاتالان ياكى باسك مىللىتىدىن بولۇشىمۇ مۇمكىن، چۈنكى ئىسپانىيەدە باسك، كاتالان قاتارلىق ئاپتونوم ئۆلكىلەر بار. ئۇلار ئىزچىل مۇستەقىللىق داۋاسى قىلىپ تۇرىدۇ. باسكلارنىڭ مۇستەقىللىق داۋاسى بىر قىسىم سىياسىيونلارنىڭ «ئىقتىسادى تەرەققىيات مۇستەقىللىق داۋاسىنى پەسەيتىدۇ»، دېگەن ھۆكۈمنى خەلقئارادا رەت قىلىدۇ. چۈنكى باسكلار مۇستەقىللىققە

ئېرىشەلمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئىسپانىيە دۆلىتى بەخش ئەتكەن پاراۋان تۇرمۇشقا نارازىلىق بىلدۈرمەكتە، مۇستەقىللىق ئۈچۈن يەڭ شىمايلىماقتا. مۇشۇ نوقتىدىن ئېيتقاندا ئىسپانىيىلىكلەرنى بىرلا مىللەت دەپ قارىۋېلىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇسۇلمانلارغا ئۆچ دەپ تونۇش ئەمەلىيەتتىن يىراق. يەنە بىرى ئەگەر بىر بۆلۈك ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ ئىسلامنى «ياقتۇرماسلىقى» پاكىت بولغان تەقدىردىمۇ بۇ ھەر بىر ئىسپانىنىڭ مۇسۇلمانغا ئۆچلۈكىنىڭ ئىسپاتى بولالمايدۇ. ... سوۋېت كومپارتىيىسى دەۋرىدىكى روسلارنىڭ زۇلمى بىلەن بۈگۈنكى روسلارغا باھا بەرگىلى بولمايدۇ. روسلارنىڭ تارىختىكى زىيانكەشلىكى بىلەن بۈگۈنكى بىر روس سودىگەرنىڭ قويمىچىلىقىغا باھا بەرگىلى بولمايدۇ. مۇشۇنداق چالا پۇلا تارىخ بىلىمى كىشىلەرنىڭ مەسىلىلەر ۋە ئادەملەر ھەققىدىكى ھۆكۈمىگە ئاساس بولۇپ قالسا سەۋەنلىكتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بۇ ھالدا بىز بىلىدىغان تارىخ بىلىملىرى مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىشتىكى قورالىمىزغا ئەمەس يۈكىمىزگە ئايلىنىدۇ. يۇقارقى دوستلارنىڭ قاراشلىرىدىن مەلۇم بولۇدۇكى، تەپەككۇرى تارىخنىڭ يۈكىدە ھالسىرىغان، قىيسايغان ۋە ئاسارەتتە قالغان يالغۇز مەنلا ئەمەس. تارىخنىڭ بۇ خىل يۈكى يۇقارقى دوستلىرىمغا ئوخشاش مېنىمۇ خاتا ھۆكۈملەرگە بەنت قىلغان ئىدى.

## 2. تارىخنىڭ كىشەنى ۋە ناتوغرا ھۆكۈم

ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىننىڭ يېپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى باھارى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىدىن ھاياجانلىنىپ يىپەك يولى مەدەنىيەت جەمىيىتى دېگەن بىر ئورگاننى قۇرۇپ چىقتۇق. مەن ئوقۇغان پاكۇلتېتتا ئۇيغۇر رەھبەرلەر بولغاچقا باشقا پاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئاجايىپ ئاسان تەستىقلىنىدىغان پائالىيەتلەر ۋە لېكسىيەلەر

ھەققىدىكى ئىلتىماسلار بىزنىڭ ئۇيغۇر رەھبەرلەرنىڭ شىرەسىگە كەلگەندە قورقۇنچلۇق ئاگاھلاندۇرۇشلاغا مۇپتىلا بولۇپ ئىجازەتسىز قالاتتى. شۇ چاغدا نىمىشقا بىزگە ئۇيغۇر باشلىق بولۇدۇغاندۇ، نىمىشقا ئۇيغۇر باشلىقلار بىيجىڭدا ياشاپ تۇرۇپمۇ ھەممە نەرسىنى شىنجاڭچە ئويلايدىغاندۇ، نىمىشقا بىيجىڭدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى شىنجاڭچە باشقۇرۇدۇغاندۇ، ئۇلار نىمىشقا بىزگە خىيالىمىزغىمۇ كېلىپ چىقمايدىغان قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتلەر ۋە ۋەھىمىلەر بىلەن تەھدىت سالىدۇغاندۇ، دەپ غۇدۇرايتتۇق. بىز بۇ قاتماللىقنى تۈگۈتۈش ئۈچۈن پاكۇلتېتقا ئەمەس بىۋاستە مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتىتىغا قارايدىغان بىر جەمىيەت قۇردۇق. بۇنداق بولغاندا بىز پائالىيەتلەرنىڭ تەستىقىنى پاكۇلتېتتىكى ئۇيغۇر رەھبەردىن ئېلىشىمىزغا ھاجەت قالمايتتى. ئويلىغىنىمىزدەك ئىشلار شۇنداق راۋان يۈرۈشۈپ كەتتى.

97-يىلى پەيزاۋاتتا يەر تەۋرىدى. بىز ئاپەتتىكى قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن ئىئانە توپلاشنى قارار قىلىپ يىپەك يولى مەدەنىيەت جەمىيىتىمىز نامىدىن مۇراجەتنامە چىقاردۇق. ئەرتىسى قارىساق چىڭخەيلىك تۇڭگان باللار قۇرغان مەغرىپ جەمىيىتى ئىسمىلىك بىر جەمىيەت بىز بىلەن ئوخشاش مەزمۇندىكى مۇراجەتنامىنى چاپلاپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشتۇق. ئۇلار بۇ خەيرلىك پائالىيەتنى بىز بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۇيۇشتۇرماقچى ئىكەن. مەن شۇ چاغدا دوستلارغا «بۇ تۇڭگان خەقتىن بىزگە تارىختىن بېرى ۋاپا كەلمىگەن، تۆمۈر خەلىپىنى قۇرئان تۇتۇپ ئالداپ قورال تاشلاتقۇزغانمۇ، خوجانىياز ھاجىنى ئالدىغانمۇ، قەدىمىي پايتەخت قەشقەرنى قانغا بويىغانمۇ، شەھىدانە خوتەننى ئۈچ يىل زار يىغلاتقانمۇ مۇشۇ تۇڭگانلار، قويۇڭلار مۇشۇلار بىلەن ھەمكارلىشىمىز دېگەن گەپنى» دەپ تەسىرلىك بىر ۋەز ئېيتىپ ھەممەيلەننى قايىل قىلغىنىم ئېسىمدە. ئەمەلىيەتتە، چىڭخەيلىك تۇڭگان باللار ماجوڭيىڭ كىم بىلمەيتتى. قەشقەردىكى قىرغىندىن خەۋەرسىز ئىدى، خوتەننى قان يىغلاتقان ماجەنساڭنىڭ قەبرىسى قايەردە بىلمەيتتى. تارىختا بوۋىسى كۆرمىگەن ماجوڭيىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھېچ بىر مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ماجوڭيىڭنىڭ ئۇيغۇرلارنى قىرغانلىقى، خانىۋەيران قىلغانلىقى ھەققىدە ھېچ قانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇلار پەقەت مۇسۇلمان بولغانلىقى، تارىختىكى ئۆلىمالىرى قەشقەردە

تەھسىلدە بولغانلىقى، قەشقەر ئورتا ئاسىيادىكى ئەنئەنىۋى ئىسلام بۆشۈكى بولغانلىقى سەۋەبلىك قەشقەردىكى يەر تەۋرەشكە قايغۇرغانلىقتىن بىز بىلەن ئىئانىگە بىللە چىقماقچى بولغان ئىدى. شۇ چاغدا مەزكۇر جەمىيەتنىڭ باشلىقى بولغان يۈسۈف ئىسىملىك تۇڭگان بالىنىڭ چىرايىمىزغا، گەپلىرىمىزگە قاراپ بىزنىڭ قارارىمىزدىن ھېچ نېمىنى ئاڭقىرالماي گاڭگىراپ قالغان ناتىۋان ھالىتىنى مەڭگۈ ئۇنۇتالمايمەن. شۇ چاغدا مېنىڭ تارىخ ھەققىدىكى بىلىمىم ھالقىلىق پەيتتە توغرا ھۆكۈم چىقىرىشىمغا توسقۇن بولغانىدى. مانا بۇ تارىخىي مەلۇماتنىڭ رېياللىقنى تونۇشقا بولغان مەنپىي تەسىرى، تارىخىي بىلىمنىڭ ئەقلىنى كىشەنلىشى ئىدى.

## 3. بىز نېمە ئۈچۈن تارىخقا مەھكۇم

ئامېرىكىغا بارغاندىن كېيىن مېنى سۆيۈندۈرگەن ئىش ئامېرىكىلىقلارنىڭ بىر كىشىگە شۇ كىشىنىڭ ئاتا بوۋىلىرىنىڭ تارىخى ئارقىلىق باھا بەرمەسلىكى، ئامېرىكىدا بىر مىللەتكە قارا قويۇق باھا بېرىشنىڭ ئەخلاقسىزلىق سانىلىشى، بىر مىللەت كىشىلىرى پەيدا قىلغان قاباھەتنى شۇ مىللەتكە تەۋە گۇناھسىز بىر كىشىدىن كۆرۈشنىڭ بىنورمال ھېساپلىنىشى بولدى. بىر كۈنى ۋاشىنگتوندا بىر دوستۇم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق. ئايالى ئالدىدىكى ئەرەبلەرنى ئىما قىلىپ «مۇشۇ ئەرەبلەر بىلەن پەقەت خوشۇم يوق، بۇلارنىڭ قولىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ يۈزىنى تۆكۈشتىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ. ساقاللىرى سىنتەبىر ۋەقەسىنى پەيدا قىلغان تېرورچىلارنىڭ ئۆزى، قاراڭلار ئاياللىرىنىڭ كىيىنىشلىرىنى!» دەپ قالدى. دوستۇم «تولا ئەرەبلەر ئۇنداق، ئەرەبلەر مۇنداق دەپ كەتمەڭ، سىز قانچە ئەرەبنى تونۇيتتىڭىز، ئۆمرىڭىزدە قانچە ئەرەب كۆرۈپ باقتىڭىز، قانچىسى بىلەن پاراڭلىشىپ چۈشىنىپ باقتىڭىز. ياشاۋاتقان يېرىڭىز جۇڭگو ئەمەس، ئامېرىكىدا 6 يىل ياشىغاندەك گەپ قىلىڭ، تارتىڭە پۇتىڭىزنى سۇدىن. بۇ

پۈتتۈن 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن قۇربان بولغان قەھرىمانلارنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن ياسالغان. سىز ياراتمىغان ئاۋۇ ئەرەبلەر مۇشۇنى بولسىمۇ بىلىدىكەن. سىزدەك پۈتتىنى سۇغا تىقىۋالمىدى» دەپ ئايالىغا رەددىيە بەردى. دېمەك بۇ دوستۇم ئامېرىكىدا بىر مىللەتنى ئۇنداقچى مۇنداقچى دېيىشنىڭ ئەخلاقسىزلىق، فاشىستلىق بولۇدىغانلىقىنى بىلگەن، ئۇنداق دېمەسلىك ۋە دېگۈزمەسلىككە كۆنگەنىدى.

ئامېرىكىدا مېنى ھەيران قالدۇرغان ئىش، ئامېرىكىلىقلار دۇنيانى ئامېرىكىدەكلا تەسەۋۋۇر قىلىشى بولدى. ئۇلار ئامېرىكىدا بار نەرسىلەرنى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە بار، دەپ ئويلايدىغاندەك تۇيۇلىدۇ ماڭا. بىر كۈنى بىر ئامېرىكىلىق دوستۇم «ماشىنا ھەيدىيەلەمسەن؟» دەپ سوراپ قالدى. مەن جاۋاپ ئۈچۈن ئاغزىمنى «ياق» دېگەن سۆزگە ئەمدى ئۆمەللەپ تۇرۇشۇمغا: «ساڭا ئوخشاش كىتاپ ئوقۇپ، ئىچىنى تىڭشاپ چوڭ بولغان ئامېرىكىلىقلار ئىچىدە ماشىنا ھەيدىيەلمەيدىغانلىرىنىڭ چوقۇم چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بەلكىم سەن شەخسى ماشىنا ئىشلىتىشكە قارشى، ماشىنىدىن چىققان گاز سەۋەبلىك كېلىپ چىقىدىغان موھىت بۇلغۇنۇشىنى ئازايتىشنىڭ تەشەببۇسچىسى بولۇشۇڭ، ياكى موھىت ئاسراش پائالىيەتلىرىگە كىچىكىڭدىن قىزىققان بولۇشۇڭ مۇمكىن» دەپ سۆزلەپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ماشىنا ھەيدىيەلمەسلىكىم مەن چوڭ بولغان دەۋر، شارائىت بىلەن ئالاقىدار ئىدى. مەن چوڭ بولغان ئۇ زامانلار شەھەر كوچىلىرىدا خۇسۇسى ماشىنا يوق چاغلار ئىدى. موھىت ئاسراش، موھىتنىڭ بۇلغىنىشى ھەققىدىكى گەپلەر مەن ياشىغان موھىتتا تېخىچە شەخسنىڭ قىزىقىشىغا ئايلىنالمىغان ئىدى. موھىتنى ئاسراشقا شەخسنىڭ كۆڭۈل بۆلۈش ھوقۇقى ۋە پۇرسىتىمۇ كەم ئىدى. دېمەككى بۇ ئامېرىكىلىق دوستۇم مەن ياشىغان موھىتنى ئۆزىنىڭ ئامېرىكىسىغا ئوخشۇتۇۋالغان ئىدى. مەن بېيجىڭدا ۋە ئەنقەرەدە بولغانلىرىمدا ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەكسىچە پوزىتسىيەگە دۇچ كەلگەنىدىم. ئەنقەرە ئۇچراتقان تۈركىيە تۈركلىرى ۋە بېيجىڭدا ئۇچراتقان خەنسۇلار ئۆز دۆلىتىنى ۋە مىللىتىنى تەرەققىياتنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ مەركىزى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشتاتتى. ئۇلار دۆلىتىدىكى ئاز سانلىقلارنى ۋە ئۆزىگە قوشنا دۆلەتتىن كەلگەنلەرنى ئەگەشكۈچىلەر، ئارقىدا قالغانلار، قالاقلار دەپ تەسەۋۋۇر

قىلىشاتتى. ۋاھالەنكى بۇنداق قىلىقنى مەن ئامېرىكىلىقلاردا ئۇچراتمىدىم. بېيجىڭدا ئوقۇغان چاغلىرىمدا خەنسۇ ساۋاقداشلىرىمنىڭ «شىنجاڭدا ماشىنا بارمۇ، توك بارمۇ، بىنا بارمۇ؛ رادىيو، تېلېفون، تېلېۋىزورنى بىلەمسەن؛ پىلانلىق تۇغۇت بارمۇ، ئەرلەرنىڭ نەچچە خوتۇنى بار؛ سىلەرمۇ ئالى مەكتەپ ئىمتىھانى بېرەمسىلەر، شىنجاڭدا ئالى مەكتەپ بارمۇ، سىلەرنىڭ بارلىق چىقىمىڭلارنى ھۆكۈمەت كۆتۈرەمدۇ...» دېگەندەك سۇئاللىرىغا تولا دۇچ كېلەتتىم.

زىيارەتچى تەتقىقاتچى بولۇپ ئەنقەرەدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان چاغلىرىمدا بېيجىڭدا خەنسۇلاردىن ئاڭلىغان سۇئاللارنى تۈركلەردىن ئاڭلىدىم. ئەلۋەتتە تۈركىيە تۈركلىرى بېيجىڭلىقلارنىڭ «ئەرلەرنىڭ نەچچە خوتۇنى بار، ئىشلىمىسەڭلەرمۇ سىلەرنى ھۆكۈمەت باقامدۇ، سىلەرگىمۇ پىلانلىق تۇغۇت بارمۇ، چوشقا سىلەرنىڭ ئەجدادىڭلارمۇ، سىلەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلساڭلار ھۆكۈمەتنىڭ كارى بولمامدۇ...» دىن باشلانغان ئاڭقاۋ سۇئاللىرىنىڭ ئورنىغا «جۇڭگولۇقلار كۆرۈنگەن نەرسىنى يەيدىكەن سىلەرمۇ يەمسىلەر، جوڭگولۇقلارنىڭ دىنى يوقكەن سىلەرنىڭچۇ، جوڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسى كومۇنىستكەن سىلەرمۇ شۇنىڭغا مەجبۇرمۇ...» دېگەندەك سۇئاللارنى سوراۋاتتى. 2009-يىلى تومۇزدىن كېيىن بۇنداق سۇئال سورايدىغانلار مەنچە ئاساسەن قالمىدى. قىزىقارلىق يېرى تۈركلەر بۇنداق سۇئالنى مەندىنلا ئەمەس ئافرىقىلىقلاردىنمۇ شۇنداق سورايتتى، لېكىن خەنسۇلار ماڭا پەقەت مەندەك ئۇيغۇرلاردىنلا شۇنداق سورايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. مەن بۇنىڭ مەنبەسىنى مىللەتچىلىك يادرو قىلىنىپ تۈزۈلگەن دەرسلىك كىتابلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايمەن. تۈركىيە بىلەن جوڭگونىڭ ئوخشاشلا ئىمپېرىيەلىك تارىخى بار. تۈركىيە بىلەن جوڭگونىڭ ئىمپېرىيە تۈزۈمىدىن جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىگە ئۆتۈشىگە مىللەتچىلىك ئىدىيىسى كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. جوڭگولۇقلارنىڭ دۆلەتچىلىك ئىدىيىسىنى قۇرۇپ چىققان سۇنجوڭشەن بىلەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى لايىھەلىگەن مۇستاپا كەمال

ئاتاتۈرك مىللەتچىلىكنى دۆلەتنىڭ تۈپ ئىدىيىسى قىلىپ بېكىتكەن. جوڭگودىكى مىللەتچىلىك ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئومۇملۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. مەنچە تۈركلەر بىلەن خەنسۇلارنىڭ ئۇيغۇرلاردىن سورۇغان سوئاللىرىنىڭ ئوخشاشلىقىنىڭ سەۋەبى ئىككى دۆلەتتىكى يۇقارقىدەك ئاشقۇن مىللەتچىلىك ئىدولوگىيەسىگە بېقىنغان مائارىپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرلادىكى تارىختا بولغان زىيادە شەيدالىق پەقەت ئۇيغۇرلار تەربىيەلەنگەن ۋە تەربىيىلىنىۋاتقان يۇقارقى مائارىپقا تاقابىل شەكىللەنگەن كەيپىيات ۋە ئەكس سادادۇر.

تۈرلۈك سەۋەبلەرگە كۆرە ئۇيغۇر زىيالىلار ئارىسىدا ياۋروپا زىيالىلىرىنىڭ قاراشلىرىدىن خەۋەردار بولۇش پۇرسىتىگە نائىل كىشىلەر كۆپ ئەمەس، لېكىن ۋىنگىرىيەلىك ئالىم ۋامبېرىنىڭ «تارىخى قاراڭغۇ مىللەتنىڭ كەلگۈسىمۇ قاراڭغۇ بولىدۇ» دېگەن ھۆكۈمى بىلەن، گېرمان پەيلاسوپى نىچشىنىڭ «تارىخنى كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنىڭ دۈمبىسىگە يازىدۇ» دېگەن قارىشى كەڭرى ئومۇملاشقان. بۇلار ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ تارىختا بولغان شەيدالىقىنى كۈچەيتكەن موھىم ئامىل. مىللەتنىڭ يورۇق كەلگۈسى ئۈچۈن، تارىخنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى يورۇتۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر زىيالىلىرى جانلىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ تارىخ ۋە تارىخى رومان يېزىشتى. دېيارىمىز تارىخى كىچىكىمىزدىن تارتىپ مائارىپ ئارقىلىق كاللىمىزغا قۇيۇلسىمۇ بىز «ئاجىز»لىقىمىز سەۋەبلىك ئۇنداق تارىختا ئىشەنمىدۇق. كۈچلۈكلەر يازغان تارىخنى مەجبۇرى ئۆگۈنۈش نەتىجىسىدە تارىختا بولغان شەيدالىقىمىز تېخىمۇ ئارتتى. ئىدولوگىيە ئاساسىغا قۇرۇلغان مائارىپ، تەقىپلەنگەن ئىدىيە، چۈشەندۈرۈكسىز قالغان قىسمەت، رىياللىق ئالدىدىكى ئىمكانسىزلىق قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللار قوشۇلۇپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارىخ مۇشتاقلىقى بارغانسىرى كۈچەيدى ۋە كۈچەيمەكتە. ھەتتا ئۇيغۇر ئاۋامدا زىيالىلارنى تارىخچى ۋە يازغۇچى دەپلا تونۇش ئومۇملاشقان. («ئۇيغۇردا ئەدەبىياتنىڭ يۈكى ۋە ئەدىبىنىڭ دەردى» دېگەن ماقالەمدە بۇ ھەقتە توختالغانىدىم.) ئۇيغۇرلاردا تارىخ قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئىجابىي تەرەپتىن مىللەتنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشىنىڭ باشلانغانلىقىنى، كۈچەيگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ۋاھالەنكى بۇنىڭ سەلبىي تەرىپىنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق لازىم. ھەممە

مەسىلىگە تارىخىي نۇقتىدىن باھا بەرگەندە خىيالىيلىقتىن، ھېسسىيلىكتىن، چولتىلىقتىن ۋە يۈزەكىلىكتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. چۈنكى بىز مۇئامىلە قىلىۋاتقان دۇنيا تارىختىكى دۇنيا ئەمەس، بىز يۈزلىنىپ تۇرغان كىشىلەر تارىختا ياشىمايدۇ . تارىخ بىزنىڭ ئۆتمۈشىنى چۈشىنىشىمىزدىكى قورال بولۇشى كېرەككى بۇگۈننى تەھلىل قىلىشىمىزغا، ئەقلىي ھۆكۈم چىقىرىشىمىزغا كۆلەڭگە چۈشۈرمەسلىكى كېرەك. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە دىيارىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىدىن رازى بولۇش نىسبىتى دىيارىمىزدىكى خەنسۇلارنىڭكىدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى ئىكەن. ئاساسلىق سەۋەب ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنى كۆپىنچە ئۆتمۈشتىكىگە سېلىشتۇرۇپ قانائەت تاپىدىكەن. خەنسۇلار ھاياتىنى دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەردە ياشاۋاتقان مىللەتداشلىرى بىلەن، ياۋروپالىقلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ خۇرسىنىدىكەن. مەنچە بۇ تارىخقا مەھكۇم بولۇپ قالغانلىقىمىزنىڭ سەلبىي ئاقىۋىتىگە دەلىل.

ئۇيغۇر نەگە بارسا ئۆزى تەربىيە كۆرگەن مائارىپنىڭ سىڭدۈرگەنلىرىدىن ئازاد بولالمايدۇ. ئۇيغۇر قايسى دۆلەتكە كۆچۈپ كەتمىسۇن ئۇيغۇر تۇپراقلىرىدا ئومۇملاشقان تەپەككۇر ئۇسۇللىرىدىن مۇستەسنا ياشىيالمايدۇ. مەسىلەن، ئاڭلىشىمچە بەزى ئۇيغۇر دوستلىرىمىز ياۋروپادا «بىز ئەسلى گېرمانلارغا ئوخشاش ئارىيان ئىرقىغا مەنسۇپ، سېرىق تەنلىك شاللانما ئىرقتىكىلەر بىزنى ...» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ كۈلكىگە قالغانمىش. مەن بۇنىڭ قانچە پىرسەنتى راست بىلمەيمەن. ئەمما مىللەتچىلىك بىلەن سۇغۇرۇلۇپ ئۇيغۇرغا تېڭىلغان ساختا تارىخقا قارشى ئۇيغۇردىمۇ كۆپتۈرۈلگەن ساختا تارىخنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىدىن گۇمانىم يوق. بىر قىسىم زىيالىيلىرىمىز مەستانە بولغان ۋە تارىخ نامىدا تارقىتىۋاتقان گېتلىرچە ئاشقۇن مىللەتچىلىك فاشىستلىق دېگەنلىكتۇر. بۇنداق ئۆزىمىز توقۇۋالغان ياكى فاشىست گېتلىرچىلار توقۇپ چىققان تارىخ ۋە تارىخ قارىشى بىلەن دۇنياغا يۈزلىنىشنىڭ ھازىر تولىمۇ كۈلكىلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدىغان

دەۋرىمىز كېلىپ ئۆتۈپ كەتكىلى تۇردى. ئۇچۇر دەۋرى بىزدىن سۆزلەۋاتقىنىمىزنىڭ قايسىسىنىڭ تارىخ، قايسىسىنىڭ مىللەتچىلىك ئۈچۈن توقۇپ چىقىلغان ئىدولوگىيىلىك ئويدۇرما ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىدىغان ھوشيارلىقنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، تارىختا بولغان شەيدالىق زىيادە كۆپەيسە يۇقارقىلار ھەققىدە ئويلانغىلى بولمايدۇ، ساختا بىلەن چىننى ئايرىيدىغان تەمكىنلىك سۇسلىشىدۇ، ئەقىل كۆزىمىز خىرەلىشىدۇ. ئەتراپىمىزدىكى مەسىلىلەرنى، كىرزىسنى، خىرىسلارنى ۋە مىللەتلەرنى تارىخ نوقتىسىدىن كۆزىتىش، رىياللىقتىكى مەسىلىمىزگە تارىختىن جاۋاپ ئىزدەش، رىياللىقتىكى ئۈمىدسىزلىككە تارىختىن تەسەللى تېپىش قاتارلىق كەيپىياتلارنىڭ ۋە ئىددىيەۋى ھالەتلەرنىڭ يۇقارقىدەك تۈرلۈك سەۋەبلىرى بار. مەندەك شەخسنىڭ قىلالايدىغىنى بۇلارنى چۈشىنىش ۋە ئىمكانىمنىڭ يېتىشىچە چۈشەندۈرۈش. بۇلارنىڭ سەلبى تەرەپلىرىدىن ساقلىنىشقا كەلسەك، دېمەك ئاسان بولغان بىلەن قىلماق تەس. چۈنكى شەخس بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىزنىڭ ھۆكۈمىمىز ئوقۇغان كىتاپلىرىمىز، تەربىيىلەنگەن مۇھىتىمىز، مۇرەككەپ كەچۈرمىشلىرىمىزنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. كىتاپتىكى تارىخ جانسىز بولغان بىلەن ئېڭىمىزدىكى كەچۈرمىشلىرىمىز بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن تارىخ تەپەككۇرىمىزغا يۇغۇرۇلغان بولىدۇ. رىياللىقتىكى تالاپەتلەر، بىچارىلىقلار ۋە قىسمەتلەر ئېڭىمىزدىكى تارىخنىڭ كەيپىياتىمىزغا، ھېسسىياتىمىزغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بۆلىكىنى تىرىلدۈرۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا رىيال ھۆكۈمگە ئارىلىشىۋالىدىغان خىيالى تارىختىن قۇتۇلالماسلىق قىسمىتىمىز بولۇشى مۇمكىن. بۇلارنى خۇلاسىلىدىم، بىلدىم، ھېس قىلدىم. دېمەك، مەن تارىخنىڭ يۈكىدىن قۇتۇلالىدىممۇ؟ ياق، تارىختىن قۇتۇلۇش ئامىتى ماڭا نېسىپ بولمىغان بولسا كېرەك. ئامېرىكىدا ئوقۇغانلىقىم، كۆپكە شاھىد بولغانلىقىم، ئىزدەنگەنلىكىم مېنى بۇ قىسمەتتىن قۇتقازمايلا قالماي تېخىمۇ مۈپتىلا قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇدا قىينىلىمەن دائىم. ئەمما ئاخىرىدا شۇنى دېگۈم كېلىدۇ. بىز چوڭ بولغىنىمىزنى ئاتا- ئانىمىزنىڭ قېرىپ كەتكەنلىكى بىلەن ئەمەس قىز-ئوغۇللىرىمىزنىڭ ئېڭىكىمىزگە تاقاشقانلىقى بىلەن بايقايمىز. بۇ بىزگە رىياللىقىمىزنى چۈشىنىشتە ئۆتمۈشنىڭ ئەمەس كەلگۈسىنىڭ بەكرەك

موھىمىلىقىنى تونۇتسا كېرەك.

# ئۇيغۇرنى كىم تونۇيدۇ

ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن مەندىن ئەڭ كۆپ سورالغان سوئاللاردىن بىرى «ئامېرىكىدا خەقلەر ئۇيغۇرلارنى بىلەمدىكەن؟» دېگەن سوئال بولدى. بەلكىم 2009-يىلى تومۇزدىن بۇرۇن بۇ سوئالغا دۇچ كەلگەن بولسام «ئامېرىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتچىلىرى، مومىيا تەتقىقاتچىلىرى (مومىيا تەتقىقاتچىلىرى كىرورەندىن ۋە كىچىك مۆرەندىن تېپىلغان جەسەتلەرنى مومىيالار دەپ ئاتايدىكەن)، ئارخېئولوگلار، ئورال ئالتاي تىللىرى ۋە فىن ئوگور تىللىرى تەتقىقاتچىلىرى، سىياسىيونلار، نېفىت ۋە مەدەن سودىگەرلىرى، زىققا، ئۆپكە تېبىركىلوز، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئەيدىزدىن مۇداپىئەلىنىش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ياكى بۇلارنى ھەقسىز داۋالايدىغان ساخاۋەت تەشكىلاتلىرى، ئاسىيادىكى نامراتلىق مەسىلىسىنى تەتقىق قىلغۇچىلار، جوڭگو-خەنشۇناسلار، ئىسلام تەتقىقاتچىلىرى، قۇملۇشۇش ۋە قۇرغاق رايونلار تەتقىقاتى بىلەن مەشغۇللار، تاغقا چىقىش مەستانىلىرى، يىپەك يولى تەتقىقاتى ۋە ساياھىتىگە ھېرىسمەنلەر ئۇيغۇرلارنى بەكرەك بىلىدىكەن» دېگەن بولاتتىم. لېكىن 2009-يىلى 7-ئايدىن كېيىن ئامېرىكىدىلا ئەمەس دۇنيادا ئۇيغۇرنى بىلمەيدىغانلارنى بەك كۆپ دېگىلى بولمايدۇ. مەكتىپىمىزنىڭ بىر ئاپتوبۇس شوپۇرى ئۇيغۇرلارنى جوڭگودا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك جەريانىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئارقىلىق بىلگەنىكەن. ھىندىستانلىق قوشنام 2009-يىلى تومۇزدىكى ئىشلار سەۋەبلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىدىن ۋاقىپلىنىپتۇ.

«ئۇيغۇرلارنى دۇنيا بىلمەيدۇ» دېگەن قاراشنىڭ شەكىللىنىشىگە بەزى تولۇق بولمىغان ئۇچۇرلار ۋە تارىخ ھەققىدىكى ساغلام بولمىغان چۈشەنچىلەر سەۋەب بولغان. كۈتۈپخانىلاردىن ئۇيغۇرلار ھەققىدە كىتاب ئىزدەش، باشقىلارنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى مەلۇماتىنى بىلىش ئۈچۈن تارىخنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ يەردە ھالقىلىق مەسىلە شۇكى، تارىختا تۈرك دەپ ئاتالغان بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ 20-ئەسىردە غەرپ

تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قەلىمىدە شەرق تۈركلىرى، رۇس ئاپتۇرلىرىنىڭ قەلىمىدە ئۇيغۇرلار دەپ ئىككى خىل ئاتالغانلىقى نەزەردىن ساقىت قىلىنماسلىقى كېرەك. يېقىنقى يىللاردا جاھان كۆرگەن ئۇيغۇرلار يازغان ساياھەت خاتىرىلىرىدە «ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئۇچۇر بىر ھاشارات ھەققىدىكى ئۇچۇردىنمۇ ئازكەن، ئۇيغۇرلارنى چەتئەللەردە ھېچ كىم بىلمەيدىكەن، ئۇيغۇرلار ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارمۇ بەك ئازكەن» دەپ يازغاچقا، ئۇيغۇر ئاۋامىدىكى ئەسلىدىنلا يايغىن بولغان تاشلىنىش، يەكلىنىش، كەمسىنىش ۋە غېرىپسىنىش تۇيغۇسى تېخىمۇ كۈچىيىپ «بىزنى زادى باشقىلار بىلمەيدۇ. دەردىمىزنى ھېچ كىم چۈشەنمەيدۇ. بىزنى دۇنيا تاشلىۋەتتى...» دەپ ئۇھسىنىش تېخىمۇ ئومۇملىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە يېزىلغا كىتاپ، دوكلات ۋە ئاخباراتلار ئاز ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ساياھەتنامە يازغان ئاپتۇرلار پەقەت ئۆز مەكتىپىنىڭ كۇتۇپخانىسىغىلا ياكى ئۆزى بارغان كىتابخانىلارغىلا قارىغان بولۇشى مۇمكىن. مەن كانزاس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىنىڭ تور بېتىگە كىرىپ ئۇيغۇر دېگەن خەتنى كىرگۈزۈپ ئىزدەپ بېقىۋېدىم 160 تىن ئارتۇق كىتابنىڭ ئىسمىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈردۈم. كىتابلار ئاساسەن رۇسچە، ئېنگلىزچە، گېرمانچە، خەنسۇچە بولۇپ ئۇيغۇرچە، تۈركچە، فرانسۇزچە، ئىتالىيانچە، گوللاندچە، ياپۇنچە، كورىيانچە، ئەرەبچە كىتابلار ئاساسەن تولۇق ئەمەس ئىدى. ھەتتا ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئېنگلىزچە كىتابلارمۇ تولۇق ئەمەس ئىدى. (لېكىن لازىم دېسە ھەقسىزئەكەلدۈرۈپ بېرىدۇ) . مەسىلەن، ئەسئەت سۇلايمان مۇئەللىم «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» دېگەن كىتابىدا تىلغا ئالغان «تەبەسسۇم يىتكەن زېمىن» دېگەن ئېنگلىزچە كىتاپ بىزنىڭ مەكتەپنىڭ كۇتۇپخانىسىدا يوق ئىكەن. يەنە بىرى ئۇيغۇر دېگەن نام بىلەن باغلانغان كىتاپ ياكى تەتقىقاتلارنىڭ ئازلىقى ئۇيغۇرلارغا ئائىت تەتقىقاتنىڭ ئازلىقىنى چۈشەندۈرمەيدۇ. ئۇيغۇر نامى 1921-يىلى تاشكەنتە بېكىتىلىشتىن بۇرۇنمۇ خەلقئارادا ئۇيغۇرلار ۋە ئەجدادلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات بار ئىدى. مەسىلەن،

مورگان ئەسەرلىرىدە تىلغا ئالغان تۇرانچە تۇققانچىلىق تۈزۈمى، ماركس ئەسەرلىرىدىكى ئەمىر تۆمۈر ۋە باشقىلار. ئۇيغۇر نامى بېكىتىلىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقات تۈركلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقات دائىرىسىدە يۈرگۈزۈلگەن بولغاچقا بۇنى بۈگۈن كومپيۇتېرغا ئۇيغۇر دەپ كىرگۈزۈپ تاپقىلى بولمايدۇ. ھەتتا سەكسىنىنجى يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىدىن باشقا تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇر تىلى دېگەننىڭ ئورنىغا شەرقى تۈرك تىلى دېگەننى قوللانغان. ئۇيغۇر دېگەنلىك غەرپ ئالىملىرىنىڭ نەزىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستلەرنىڭ ئورتاق ئاتىلىشى بولۇپلا قالغان خالاس. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى نامى ۋە يۇرتى بىلەن باغلانمىغان تەتقىقات ۋە كىتاپلارنى ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قاراپ ئۇيغۇرنىڭ جاھانغا تونۇلالمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىش بىھاجەت.

ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىدا ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئىنگلىزچە كىتاپلار ئۇيغۇرلاردىن نوپۇسى كۆپ بىر قىسىم مىللەتلەر ھەققىدىكى كىتاپلاردىن جىق. ئامېرىكىدا ئۇيغۇرلارغا ئائىت تەتقىقاتنىڭ ۋە كىتاپلارنىڭ ئاز كۆپلۈكى ھەققىدە گەپ ئاچقاندا مەنچە سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانساق مەسىلە بىر قەدەر كونكىرىتلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆزەمنىڭ كەسپى بولغان ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ھەققىدە يېزىلغان ئىنگلىزچە كىتاپ ئىراننىڭ دۆلەت تىلى بولغان پارس تىلى ھەققىدە يېزىلغان ئىنگلىزچە كىتاپتىن جىق. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە يېزىلغان ئىنگلىزچە «تەكلىماكاندىن سالام» دېگەن كىتاپنى ۋە ئۇنىڭ ئاۋازلىق نۇسقىسىنى بىزنىڭ مەكتەپنىڭ تور بېتىدىن چۈشىرىۋېلىشقا بولۇدۇ. ئىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشىر قىلغان، بىر قەدەر مۇكەممەل تۈزۈلگەن ئۇيغۇرچە ئۆگۈنۈش كىتاپىنى ئامېرىكىدا خالىغانچە سېتىۋېلىش مۇمكىن. بۇندىن باشقا خەمىت زاكىر ئىنگلىزچە تۈزگەن ئۇيغۇرچە ئۆگۈنۈش كىتاپىنىمۇ توردىن سېتىۋېلىش مۇمكىن. خەمىت تۆمۈر يازغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى» دېگەن كىتاپنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ئامېرىكىدا كۆپىنچە كۈتۈپخانىلاردىن تېپىلىدۇ. مەن مەكتىپىمىزدە پارىسچە ئۆگۈنۈۋاتقان چېغىمدا تۆرت ساۋاقداش پارىسچە ئۆگۈنۈدۇغان ئىنگلىزچە كىتاپ ئىزلەپ نە كۈتۈپخانىدىن، نە كىتاپخانىدىن، نە توردىن تاپالماي ئاۋارە بولدۇق. ئاخىرى بولماي كىتاپ ئىراندىن

كەلتۈرۈلگىچە بىر ئىككى ھەپتە ساقلاشقا مەجبۇر بولدۇق. ئۇيغۇر تىلى دەرسىنىڭ ھىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتى، مىچىگان ئۇنىۋېرسىتى، ۋاشىڭتون شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتى، سىياتۇلدىكى ۋاشىڭتون ئۇنىۋېرسىتېتى، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى، ماساچوستىس تېخنىك ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەردە تەسىس قىلىنىشىمۇ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ ئامېرىكىدا ئۇ قەدەر ئاجىز ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپات بېرىش ئارقىلىق ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان ستراتېگىيىلىك تىللار قاتارىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەر يىلى بولۇشى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ ئامېرىكىدا ئۇنچە ئاجىز ھالقا ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

«ئۇيغۇرنى كىم تونۇيدۇ؟» بۇ سوئالنىڭ سورۇلۇشى ئىنتايىن قىممەتلىك. شۈبھىسىزلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ تونۇلىشى خەلقنىڭ تەبىئىي ئارزۇسى بولۇپلا قالماي پايدىلىق ئىنتىلىشتۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ سىرتتىقى دۇنيادا ئۆزىنى بىلىدىغانلارنىڭ بار يوقلىقىغا قىزىقىشى تولىمۇ تەبىئىي بىر ئىش. بىر شەخس بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن دۇنيادا ھېچ قايسىمىزنىڭ خەق تونۇمايدىغان نام نىشانسىز ئىنسان بولۇپ قالغىمىز يوق. ئۇيغۇرنى دۇنياغا تونۇتۇش چاقىرىقى دەل ھەر بىر ئۇيغۇردىكى ھەرقانداق ئىنسانغا ئورتاق بولغان يۇقارقى ھۆرمەتلىنىش ئېھتىياجىنىڭ ساداغا ئايلىنىشىدۇر. تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتۇشقا ئۇرۇنۇش ئالقىشقا ئەرزىيدىغان تىرىشچانلىقتۇر. دۇنيادا بىرەر مىللەتلا ئەمەس، دۆلەتلەر ۋە دۆلەت باشلىقلىرىمۇ ئۆز دۆلىتىنى نوپۇزلۇق مەتبۇئاتنىڭ توچكىسىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىپىرلىشىدۇ. گېزىتتىن ئوقۇشۇمچە ئامېرىكا پىرېزدېنتىنىڭ دۆلىتىگە بولغان زىيارىتىنى ياكى ئامېرىكىغا زىيارەتكە بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دۇنيادا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ پىرېزدېنتلىرى ھەر قېتىملىق ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە خېلى كۆپ مەنپەئەتلەرنى تەقدىم قىلىدىكەن. تونۇلۇشنىڭ پايدىسىنى ھېس قىلمىغان بولسا خەق بۇنچە ئاۋارە بولمىغان

بولاتتى.

مىللەتنىڭ تونۇلىشىنىڭ، ئاخباراتنىڭ توچكىسىغا ئايلىنىشىنىڭ ئەھمىيىتىنى تۆۋەندىكى مىسالدىنمۇ كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئەڭ ئاددى مىسال، مەكتىپىمىزدىكى بىر ئۇيغۇرشۇناس ئۇيغۇر تىلىغا دائىر بىر قانچە تەتقىقات تېمىسىنى مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات فوندى جەمىيەتلىرىگە ئىككى يىل ئۇدا يوللاپ غەلىبە قىلالمىغانىكەن. 2009-يىلى كۈزدە قايتا يوللاپ ئۈچ تەتقىقات تېمىسى بىراقلا ئۇتتۇقلۇق تاللاندى. پەرەز قىلىنىشىچە بۇمۇ 2009-يىلى تومۇزدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياۋي ئاخباراتلارنىڭ قىزىق نوقتىسىغا ئايلىنىپ قالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەكتىپىمىزدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانۇندىن مەسلەھەت ئىشخانىسى بار. بۇ ئىشخانىدىكىلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوت ۋە قانۇن بىلەن ئالاقىدار ئىشلىرىغا ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئايلىق كىرىمى 700 دوللاردىن كەم بولسا ھەقسىز مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ. بىر ئۇيغۇر تونۇشۇم بۇ ئىشخانىغا 2009-يىلى 7- ئاينىڭ ئاخىرى سوتقا مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش بىلەن كىرىپتۇ. ئادۋوكات نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سوراپ بولغۇچە پاجىيەلەردىن يۈرىكى ئېزىلىپ تۇرغان بۇ قېرىندىشىمىز يىغلاپ تاشلاپتۇ. ئادۋوكات بۇ قىزنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن كىرىم ئىسپاتىنى كۆرمەيلا مۇلازىمەت ھەققى ئۈچۈن ئېلىنىشى كېرەك بولغان 100 دوللارنى بىكار قىلىپتۇ. چۈنكى ئۇمۇ تېلېۋىزورلاردا كۈندە بېرىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ئائىت خەۋەرنى كۆرگەنىكەن.

دۇنيانىڭ ئۆزىنى تونۇشىنى، چۈشۈنۈشىنى ئارزۇ قىلىۋاتقان ئۇيغۇرنىڭ ھازىرىنى، كەلگۈسىنى ۋە ئۆتمۈشىنى ئىلمىي كىتاپ، تەرەپسىز ئاخبارات، مۇكەممەل مائارىپ ئارقىلىق چۈشۈنۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەسلىكى، ئۆزى ھەققىدە پىلانلاردا بولالمىغانىنىڭ ئۈستىگە باشقىلار تەرىپىدىن تۈزۈلۈۋاتقان ستىراتىگىيىلەردىنمۇ بىخەۋەر قېلىشى دۇنيانى چۈشەنمەسلىكىدىنمۇ ئارتۇق پاجىيە. بۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە توغرا باھا بېرەلمەسلىك، ئۆزىنى دەڭسىيەلمەسلىك، ئۆزىگە لايىق پىلان تەدبىرلەردە بولالماسلىق، تۈزۈلگەن ستىراتىگىيىلەرگە لايىقلىشالماسلىق، ئۆزى ھەققىدە قىلىنىۋاتقان ھۆكۈملەرگە ئەقلىي پوزىتسىيە تۇتالماسلىق قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ

چىقىرىدۇ.

تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىنى تونۇش ۋە ئۆگىنىشىدىكى مەنبە ئەدەبىيات ئەسەرلىرى ۋە ئەدەبىي ماقالىلەر بولماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە ئەتىسى ھەققىدە يېزىلىۋاتقان ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ئەدەبىي مۇلاھىزىلەردە مىللەتنى شەخسلەشتۈرۈش، ئوبيېكتىپلاشتۇرۇش، جىنسىيلەشتۈرۈش خاھىشىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە ئاممىۋىيلىشىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئىلمىي، ئەقلىي، مۇنتىزىم تونۇشقا ئىگە بولۇشىغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرماقتا. ئەگەر مىللەت ھەققىدە ئىلمىي، ئەقلىي ۋە مۇنتىزىم تونۇشقا ئىگە كىشىلەر يېتەرلىك بولسا ئىدى، مىللەتنى كەمسىتىش، ئوبيېكتىپلەشتۈرۈش، شەخسلەشتۈرۈش، جىنسىيلەشتۈرۈشتەك ناتوغرا تەپەككۇر ئادىتى كەسكىن تەنقىدلەرگە ئۇچرىغان بولاتتى. نەتىجىدە مىللەتنى كەمسىتىدىغان، قارا قويۇق ئىنكار قىلىدىغان ئىللەتچىلىك پىكىر ئېقىمى بۇ قەدەر ئاممىۋىيلاشمىغان بولاتتى. مەسىلەن، ئەختەم ئۆمەر «ئەدەبىيات بولمىسا بولمايدۇ» دېگەن بىر ئەدەبىي خاتىرىسىدە «مىللەتنىڭ ئىللىتى كىرگە ئوخشايدۇ، ئەدەبىيات سوپۇنغا ئوخشايدۇ» دەپ يازىدۇ. بۇ مىللەتنى ئوبيېكتىپلاشتۇرۇش بولۇپ مىللەتتىكى ئاتالمىش «ئىللەت»نى يەنى كىرنى كۆرگىلى، تۇتقىلى بولمايدۇ. مىللەت مەدەنىيىتىدە پەيدا بولغان نامۇۋاپىق ئادەتلەرنى سوپۇن كىرنى يۇغاندەك ئەدەبىيات ئارقىلىقلا يۇيۇپ تازىلىۋەتكىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. بايقىشىمچە مىللەتنى بۇنداق ئوبيېكتىپلاشتۇرۇش 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەنىكەن. مەسىلەن، تىيىپجان ئېلىيېۋ:

مېغىزى شاكىلى بار ھەر نەرسىنىڭ،
ئەي ئەقىل شۇنداق چۈشەن مىللەتنىمۇ.
بېيىيدۇ مىللەتنىڭمۇ پەزىلىتى،
تۈزەتسە ئۆزىدىكى ئىللەتنىمۇ.

بۇمۇ ئوخشاشلا مىللەتنى ئوبىكتلاشتۇرغانلىق بولۇپ شاكال بىلەن مېغىزنى ئايرىش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كەلگەن بىلەن مىللەتنىڭ پەزىلىتى ۋە ئىللىتىنى ئايرىش، پەزىلەتنىڭ تەمىنى مېغىزنىڭ تەمىنى تېتىغاندەك تېتىپ، ئىللەتنىڭ زىيىنىنى شاكالدەك ئىلغىۋېتىش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. مىللەتنى ئوبىكتلاشتۇرۇشنىڭ يەنە بىر مىسالى خەلقنى پادىغا، زىيالىنى پادىچىغا ئوخشۇتۇش. بۇ يەردە مىللەت گەپ قىلالماس، تەپەككۇرسىز ئوبىكتقا ئوخشىتىلغان بولۇپ باشلىغۇچى زىيالىنىڭ رولى مۇتلەقلەشتۈرۈلگەن. بۇندىن باشقا ئەدەبىي ئوبزورلاردا كۆپ قوللۇنىلىدىغان «خەلققە زىيانلىق ئىددىيە تارقاتقان، خەلق قوبۇل قىلالمايدىغان ئىشلارنى يازغان، خەلقنىڭ چۈشۈنۈش ئىقتىدارىنى ئويلاشمىغان...» دېگەن گەپلەردىنمۇ يازغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى تەسۋىرلىگۈچى، يېتەكلىگۈچى سۈپىتىدە بىر يۇكسەكلىككە قويۇۋېلىپ خەلقنى يېتەكلەنمىسە، تەسۋىرلەنمىسە بولمايدىغان ئوبىكتقا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق تەپەككۇر ئۇسۇلىدا چىقارغان يەكۈن ئالىمدىنمۇ، زالىمدىنمۇ، ناداندىنمۇ، ئاقىلدىنمۇ تەركىپ تاپىدىغان بىر ئادەملەر توپىغا ئەمەس، شەيئىلەر توپىغا ماسراق بولىدۇ. يازغۇچىلارنىڭ مىللەتتىن ئىبارەت بۇنداق كۆرگىلى، تۇتقىلى بولمايدىغان مەنىۋى بىرلىك، ئاڭدىكى مەۋجۇدلۇقنى كونكرېت ئوبېكىت سۈپىتىدە كۆرۈتۈشى، تەسەۋۋۇر قىلىشى ۋە تەسۋىرلىشى تارىخ ۋە رىياللىقنى ئەدەبىيات ئارقىلىق چۈشۈنۈشكە مەھكۇم بولۇپ قالغان ئۇيغۇرلاردا خاتا ئۇقۇم پەيدا قىلىدۇ.

ئۇيغۇرنى شەخسلەشتۈرۈشمۇ بىر قىسىم ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە «ئىللەت»لەر تەنقىد قىلىنغان ئەدەبىي ماقالىلەر سادىر قىلغان نۇقسانلارنىڭ بىرى. ئىنسانلار دۇنياسىنى تەسۋىرلىگەندە ئادەملەشتۈرۈشتىن (شەخسلەشتۈرۈش) خالى بولالمىغان. مەسىلەن، پارىس قولتۇقى، ئىستانبۇل بوغۇزى، تۇمشۇق شەھرى، تاغ ئۇمرۇتقىسى، ئۆڭكۈر ئاغزى قاتارلىقلاردا ئادەملەردە بولىدىغان ئەزالار ئارقىلىق تەبىئەت مەۋجۇداتلىرى تەسۋىرلەنگەن. ئىنسانلار دۇنيانى چۈشەندۈرۈشتە بىر تۈردىكى مۆرەككەپ ھادىسىلەرگە ئادەمگە خاس ئەزالارنىڭناملىرىنى بېرىش ئارقىلىق مۆرەككەپ شەيئىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ چۈشۈنۈش مەقسىتىگە يەتكەن. بۇنداق تەپەككۇر ئادىتى

تۇرمۇشىمىزدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «قەشقەرنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يۈرىكى دېسەك غۇلجا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۆزىدۇر»، «زىيالىلار خۇددى دوختۇرغا ئوخشاش مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىللەتلەرنى ۋاقتىدا بايقىمىسا، رەھىمسىزلىك بىلەن ئوپېراتسىيە قىلمىسا بىمارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكەندەك مىللەتكىمۇ خەۋپ يېتىدۇ»، «مىللەتتىكى نۇقسانلارنى ئوپېراتسىيە قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى»، « ئادەملەر ئۆزىدىكى ئەيىپنى ئەينەكتىن كۆرىدۇ، مىللەتمۇ ئادەمگە ئوخشاش ئۆزىنى تونۇشتا مۇشۇنداق ئەينەككە مۇھتاج» دېگەندەك جۈملىلەرنى دائىم ئوقۇپ، ئاڭلاپ تۇرىمىز. بۇلارغا بىر قارىسا توغرىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. لېكىن تەپسىلى ئويلاپ باقساق بۇنداق مىللەتنى شەخسلەشتۈرۈشتە مۈرەككەپ مەسىلە ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ چىقىرىلغان خۇلاسە ئەقىلگە ئۇيغۇن بولماي قالىدۇ. بىرمىللەتنىڭ مەسىلىسى بىر شەخسنىڭ مەسىلىسىدەك ئۇنداق ئاددى بولمايدۇ. بۇنداق تەپەككۇرنى لىبېرىك نەسىر ۋە شېئىرلاردا قوللۇنۇشقا بولغان بىلەن مىللەت ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن ماقالىلەردە قوللۇنۇلسا ئوقۇرمەنلەردە خاتا چۈشەنچە كېلىپ چىقىدۇ.

مىللەتنى جىنسىيلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەشنى بىر قىسىم ئەدىپلەر مىللەتنىڭ روھىيىتىنى قازغانلىق دەپ يوشۇرۇۋاتىدۇ. بىر داڭلىق شائىرنىڭ نوپۇزلۇق بىر ژورنالدا «ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىم ئېڭى دىنىي ئاڭ، يېرىم ئېڭى جىنسىي ئاڭ» دەپ يازغانلىقىنى ۋە مېنىڭمۇ بىرمەزگىل بۇ ھۆكۈمنى توغرا دەپ قاراپ يۈرگىنىمنى ئۇنۇتالمايمەن. بىر قىسىم ئەدىپلەر فرېئۇدنىڭ ئىنساندىكى بارلىق ئىجادىيەت ۋە قىزغىنلىقنىڭ مەنبەسىنى جىنسىيەتكە باغلاپ چۈشەندۈرىشىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، كىشىلەردىكى جانلىقلارغا ئورتاق ئىقتىدارنى ئۇيغۇرلاردا «ئالاھىدە» دەپ كۆپتۈرۈپ تەسۋىرلىمەكتە. ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىدا قارا تەنلىكلەر ئاق تەنلىكلەرگە بەكرەك شەھۋەتخور كۆرۈنىدۇ. گېرمانىيەدە تۈركلەر گېرمانلارغا جىنسىيەتكە «ئالاھىدە» خۇشتاردەك بىلىنىدىكەن. ئەنگلىيە مۇستەملىكچىلىرى ئەينى چاغدا

ھىندىستانلىقلارنى، فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئەرەبلەرنى جىنسىي تۇرمۇشقا ئالاھىدە مايىل قىلىپ تەسۋىرلىگەنىكەن. مۇشۇ نوقتىدىن ئويلىغاندا خەقنىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ جىنسىيەت مەسىلىلىرىدە «ئالاھىدە» تەرىپلىنىشىدىن پەخىرلىنىش ۋە بۇنى ئۇيغۇرنىڭ خاسلىقى دەپ چۈشىنىۋېلىش ساددىلىقتۇر. بۇنى ئۇيغۇرنىڭ ئەرلىك خاراكتېرىدىكى مىللەت ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە تەسۋىرلەش خەقنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناشتىن باشقا گەپ ئەمەس. ئاتالمىش خەقنىڭ پاراڭلىرىدا، كىتاپلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىك خاراكتېرى كۈچلۈك، ئاياللىق گۈزەللىكى پەردازسىز، ئوچۇق دېيىلگەنلىك، قالاق، ياۋايى دېگەن گەپنىڭ ياپتا ئېيتىلىشىدۇر. بەزى يازغۇچىلارنىڭ بۇنى «مىللەتنىڭ خاسلىقى ھەققىدىكى بايقىشىمىز» دەپ قاراپ قالپايتىپ ئەسەرلىرىگە سىڭدۈرۈشلىرى خەققە مايمۇن ئويۇنى ئويناپ بەرگەندەك بىر ئىش خالاس.

دۇنيا ئۇيغۇرنى بىلىدۇ، ئەمما ئۇيغۇرنىڭ دۇنيانى ۋە ئۆزىنى بىلىشى يېتەرلىك ئەمەس. مەندىن «ئامېرىكىلىقلار بىزنى بىلەمدىكەن، تونۇمدىكەن» دەپ سوراۋاتقانلار ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىلىقلارنىمۇ، ئامېرىكىنىمۇ، ئەڭ موھىمى ئۆزىنىمۇ تەپسىلى بىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم. دۇنيانىڭ ئۇيغۇرنى بىلىشى ئىلمىي كىتاپلارغا ۋە ئاخباراتقا تايىنىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ دۇنيانى بىلىشى پەقەت ھەر كۈنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەۋەرلىرىگە ۋە مەكتەپ مائارىپىغا ئاساسلىنىدۇ. ھازىرقى مائارىپ مەنپەئەتپەرەسلىك، سۈيىئىستېمالچىلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان بولغاچقا ئىنسانغا پايدىلىق بولغان مەدەنلەر، ھايۋانلار، ھاشارەتلەر، ئۆسۈملۈكلەر، ھاۋارايى توغرىسىدىكى بىلىملەر تەپسىلى سۆزلەنگەن بىلەن مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى، يەرلىك بىلىمى، دۇنيا قارىشى، گۈزەللىك ئۆلچەملىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان بىلىملەرنى يېتەرلىك ۋە تەپسىلى ئۆگىتىشكە قادىر ئەمەس. بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا چۈشىنىشىگە توسالغۇ بولىدۇ، ھەم بولماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ئەدەبىي ماقالىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن چۈشىنىشكە مەھكۇم بولۇپ قالغانلىقى ئۇيغۇرلاردا مەسىلىلەرنى لوگىكىلىق ئانالىز قىلىشقا سەل قاراش، بەزى ئىلىمگە مۇخالىپ قاراش، خاتا تونۇش ۋە نامۇۋاپىق تەپەككۇر ئادىتىگە كۆنۈپ قېلىش قاتارلىقلارنى پەيدا

قىلماقتا.

# ئامېرىكىغا مۇساپىر ئۇيغۇر ئانا

ئامېرىكىدىكى ھاياتىمنىڭ ئىككىنچى يىلىدا بىر ئۇيغۇر ئانا مۇساپىرانە خىياللىرىمغا يېڭى مەزمۇن بولۇپ قوشۇلدى. چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان بۇ موماي ئامېرىكىغا تىل مەسلەھەتچىسى بولۇپ كەلگەنىدى. بىز غەربىي شىمالدىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئېچىلغان خەۋپتە قالغان تىللارنى مۇھاكىمە قىلىش، ئۆگىنىش ۋە ئارخىپلاشتۇرۇش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا بىللە قاتناشتۇق. بۇ قېتىمقى خەۋپتە قالغان، يىگىلەۋاتقان، ئارخىپلاشتۇرۇلىدىغان تىللار قاتارىغا ئۇيغۇر تىلىمۇ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ئىككى ئۇيغۇر ھەم تەتقىقاتچى ھەم تىل مەسلەھەتچىسى سۈپىتىدە يىغىنغا قاتناشتۇق، ھېلىقى ئۇيغۇر ئانىمىز بولسا تىل مەسلەھەتچىسى سالاھىيىتى بىلەن قاتناشتى. يىغىنغا كانادا، ئاۋستىرالىيە، ئامېرىكا قاتارلىق ئۈچ دۆلەتتىن يۈزدىن ئارتۇق تەتقىقاتچى، تىل قوغدىغۇچى ۋە تىل مەسلەھەتچىسى ئىشتىراك قىلدى. كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى 55 مىللەتنىڭ تىلى ئىچىدە كۆپىنچىسى خەۋپتە قالغان تىللار سانىلىدىغان جۇڭگودىن يىغىنغا بىرمۇ تەتقىقاتچى كەلمىدى. دۇنيادا خەۋپتە قالغان تىللار ئەڭ كۆپ بولغان روسسىيەدىن كېلىپ ماقالە ئوقۇغان بىرمۇ كىشى يوق ئىدى. بۇ ئىش ماڭا كوممۇنىزىمدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن قېرى مۇستەملىكىچى رۇسىيە ئەمدى روس مىللەتچىلىكىنى ئۇرغۇتۇپ باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئاسمىلاتسىيە يۈرگۈزۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

يىغىندا تىل ئارخىپلاشتۇرغۇچىلار ۋە تەتقىقاتچىلار بىزدەك ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتچىلىرىدىن بەكرەك ئېنگىلىزچە بىلمەيدىغان، ئۇيغۇر ۋەتىنىدىن تېخى يېقىندا كەلگەن ئانىمىزغا يېپىشتى. بەلكىم خەۋپتە قالغان تىلىمىز ئۇلارغا خۇشپىچىم، مېھرىبان، سۆيۈملۈك مومايدەك كۆرۈنگەن بولسا كېرەك. مومىمىزنىڭ ھەر بىر ئاغىز سۆزى ۋە ھەرىكىتىنى تەتقىقاتچىلارنىڭ ناھايىتى زور قىزىقىشتا خاتىرىگە ئېلىشلىرى كۆزۈمگە بىر تۇرۇپ پەخىرلىك ئىشتەك

كۆرۈنسە، بىر تۇرۇپ بىر شۇملۇقنىڭ بىشارىتىدەك كۆرۈنۈپ ئىچىمنى تاتىلىدى. چۈنكى مەن گۈلدەك تىلىمنى باشقىلارنىڭ خۇددى ئۆلۈم ئالدىدىكى كىشىنىڭ ۋەسىيىتىنى يېزىۋېلىۋاتقاندەك جىددىيچىلىكتە ئارخىپلاشتۇرۇشلىرىنى قوبۇل قىلالمايتتىم.

ئۇيغۇر ئانا بىلەن پاراڭلىشىپ مۇساپىرەتتىكى كۈنلىرىمدە غېرىپسىنمەيتتىم. يىغىن ئۇيۇشتۇرغۇچىلار تاماق ۋە ياتىقىمىزنى بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرغان بولغاچقا دائىم ئۇچرىشىپ تۇراتتۇق. موماي يات بىر مەدەنىيەت موھىتىغا كېلىپ قالغاچقا ئۆزىنىڭ كۆنگەن ئۇيغۇرچە قىلىقلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ياكى ئامېرىكىچە ھەرىكەت قىلىشنىڭ بىرىنى تاللىيالماي گاڭگىراپ قالاتتى. ئارىمىزدىكى تەتقىقاتچى ئۇيغۇر قىز ئۇنىڭغا كۆپرەك يار يۆلەكتە بولاتتى. ماڭا ئەپسۇسلۇق تۇيۇلغىنى، ئۇ قىز ئانىمىزنى ھەمىشە ئامېرىكىچە ئىش قىلىشقا ئۈندەپ تۇرۇۋالغاچقا پەرىشتىدەك قېرىغان موماي نېمە قىلسا ئۇ قىزنىڭ كۆزىگە قاراپ، تەقلىد قىلىپ بەئەينى بىر كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالغانىدى. بىر كۈنى تاماق ۋاقتىدا دىققەت قىلسام ئانىمىز شىرەدە بىردە تەتقىقاتچى ئۇيغۇر قىزنىڭ پىسانى پىچاقتا كېسىپ ئارىدا سانجىپ يېيىشلىرىگە، بىردە ئۆزى ئەپلەپ ئىشلىتەلمەيۋاتقان ئارا بىلەن پىچاققا قاراپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. مومايىنى خىجىللىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم ۋە پىسانى قولۇمغا ئېلىپ يېيىشكە باشلىدىم. موماي مېنىڭ پىسانى قولۇمدا يېگىنىمنى كۆرۈپ قورۇنۇپراق پىساغا قول ئۇزاتتى. تاماق ئارىلىقىدا مومايغا ۋەتەندە قانداق قىلغان بولسا شۇنداق قىلىۋەرسە بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ پىسانى قولىدا يەۋاتقان ئامېرىكىلىقلارنى كۆرسىتىپ قويدۇم.

بىر كۈنى موماي تاماق يەۋېتىپ ئۆزى تۇرۇۋاتقان شەھەردە مەھەللىدىكى كۆكتاتچى بالىلارغا تاماق سۇنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا قاراپ بېرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى ۋە ئۆزىنىڭ ئامېرىكىغا كېلەلىشىنى، ساق سالامەت تۇرغانلىقىنى ئاللاھنىڭ ئاشۇساۋاپلىق ئىشلىرى بەدىلىگە بەرگەن

مۇكاپاتى دەپ چۈشەندۈردى.

— سىزگە ۋىزىنى خۇدايىم بەرمىدى، ئامېرىكا ئەلچىخانىسى بەردى، — دېدى ھېلىقى ئۇيغۇر ھەمرىيىمىز.

نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدىم. بۇ موماي ئۇيغۇر بىلەن قىز ئۇيغۇر ئىككەيلەن ئوخشاشلا ئىچكىرىدىكى ئالى مەكتەپلەردە ئوقۇغان، ئالى مەكتەپلەردە ئىشلىگەن مۇنەۋۋەرلەر ئىدى. بۇ ئىككى دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىكى پەرق مېنى ئويلاندۇردى. مەنچە ياش ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتچىسى خانىمنىڭ ۋىزىنى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ بەرگەنلىكىگە ئىشىنىشى ئۆزىنىڭ ئىشى، ئەمما ئۇنىڭ موماينىڭ ئىشەنچىنى ئىنكار قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئۇيغۇر موماينىڭ ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن ۋىزىغا ئېرىشكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ئۆزىنىڭ مەنتىقىسى، ۋاھالەنكى ياش ئۇيغۇر خانىمنىڭ ياشانغان ئۇيغۇر موماينىڭ ئېتىقادىنى ئىنكار قىلىشى نامۇۋاپىق ئىدى. مەنچە بۇ يەردىكى مەسىلە 80-يىللاردا يېتىشكەن بىر زىيالىينىڭ 60-يىللاردا يېتىشكەن بىر زىيالىينىڭ ئېتىقادىنى ئىنكار قىلىش خاھىشىدۇر. ئەگەر بۇ خاھىش «زامانىۋىي مەدەنىيەت» دەپ تەرغىب قىلىنىپ ھاكىم ئورۇنغا ئۆتسە، بۇنداق خاھىشقا ئەگەشمىگەنلىك قالاق فېئوداللىق ئىدىيە دەپ ئىنكار قىلىنىسا ھەتتا كەمسىتىلسە زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىدىغانلىقى ئېنىق.

ئانىمىزنىڭ پىشىنى تۇتۇپ ئۇيغۇرچىنى ئارخىپلاشتۇرۇۋاتقانلار ئەتراپىدىكى كۆزى كۆرگەنلا نەرسىنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى سورايتتى. ئۇلار گۈل گىياھ دەل- دەرەخ ئىچىدە ئانىمىز بىلەلمىگەننى بىزدىن سورىشاتتى. بىز تۇرۇۋاتقان بۇ ئۇنىۋېرسىتېت شەھرى گۈللەرگە پۈركەنگەن شەھەر بولۇپ نۇرغۇن گۈللەرنىڭ ئىسمى توگۇل ئۆزىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن. شۇڭا بىلمىگەنلىرىمنى «بىزدە بۇنداق ئۆسۈملۈك يوق» دەپ تۇگەتكەنىدىم. بىز كۈنى ئانىمىز 88 خىل گۈلنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمىنى يېزىپ كەپتۇ. دېيىشىچە بۇلار مۇشۇ شەھەردىكى گۈللەرنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمى ئىكەن. مەن بىزدە يوق دېگەن نۇرغۇن گۈللەرنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمى بار ئىكەن. موماي بۇنى ۋەتەنگە تېلېفون قىلىپ ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى دوستلىرىدىن سوراپ ئېنىقلاپ چىقىپتۇ. سەۋەبى بۇلارنىڭ ئىسمىنى تەتقىقاتچىلار سورىغاندا ۋاقتىدا دەپ

بىرەلمىگەنلىكىدىن خىجىل بولۇپتۇ. بۇ ئۇيغۇر ئانا گۈلخۇمار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىلىدا بۇ گۈللەرنىڭ ئىسمىنىڭ يوقلىقىغا ئىشەنمەيدىكەن. بىز بىلەن ھەمكارلىشىۋاتقان تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇر تىلىنى ئارخىپلاشتۇرۇۋاتقانلار بولۇپ ئۇيغۇرچە ئۆگەنمەيتتى. ئانىمىز ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە ئۆگەنمەستىن خاتىرلەيمىز دېيىشلىرىگە ھەيران ئىدى. موماي بىر كۈنى يارىدەمگە چاقىردى، قارىسام ھەممەيلەننىڭ پوچتا ئادرىسىنى سورىغىلى تۇرۇپتۇ، ۋەتەنگە قايتقاندا ھەممەيلەنگە بىردىن ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى ئەۋەتىپ بەرگۈدەك.

ياتىقىمىز ئۇنۇۋېرسىتېتقا يېقىن بىر تۆپىلىكتىكى داچىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ بىز كۆچۈپ كىرسەك تاماقخانىنىڭ شىرەسىدە بىر دەستە گۈل ۋە ھەرخىل مىۋە چىۋىلەر تىزىقلىق ئىكەندۇق. يېڭى كۆچۈپ كىرىپ تېخى لازىملىق بىر نەرسە ئالغىدەك بولمىغاچقا بۇ مول داستىخان بىزگە شۇنداق خوش ياقتى. ئەتىسىدىن باشلاپ ھەممىمىز ئۆز ئىشىمىز بىلەن بولۇپتۇق. ھەر كۈنى قارىسام تاماق شىرەسىدە بىر دەستە گۈل تىزىقلىق تۇرسا بۇ گۈلنى ئۆينىڭ ئىگىسى كۈندە كېلىپ تىزىپ قويغان ئوخشايدۇ، دەپ كۆڭلۈمدە ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئېسىللىكىگە ئاپىرىن ئوقۇپ كېتىپتىمەن. بىر كۈنى بامداتتىن كېيىن ۋەتەنگە تېلېفون قىلىپ بولۇپ ئۇيقۇم كەلمىدى. داچىنىڭ سىرتىغا چىقسام موماي چىملىقتىكى ياۋا گۈللەردىن گۈل دەستە تىزغىلى تۇرۇپتۇ.

— ئاپپاي ئۇخلىماپتىلىغۇ؟

— نامازدىن كېيىن ئۇيقۇم كەلمىدى. ئۆيدە ئۇيان بۇيان مېڭىپ يۈرسەم ياتاقتىكى تەتقىقاتچى قىز راھەتسىز بولۇدۇكەن. شۇڭا تېشىغا چىقىپ گۈل بېقىپ گۈل تىزىۋاتىمەن. ئەسلى تاماق شىرەسىدىكى گۈللەرنى موممىز تىزغانىكەن، ئەمەسمۇ!

ئىشىك ئالدىدىكى چىملىق ۋە چىملىقنى كېسىپ ئۆتۈدۇغان چىغىر يول بويلىرىغا گۈللەر ئۆستۈرۈلگەنىدى. بۇ گۈللەرنىڭ دائىم ئوتاقلىق تۇرۇشلىرىغا قاراپ بىز كەلگەندىن كېيىن ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسا

كېرەك دەپ ئويلاپتىمەن. ئەسلى ئۇيغۇر ئانىمىزنىڭ چىۋەر قولى گۈللۈكنى ۋايىغا يەتكۈزۈۋەتكەنىكەن. موماي ماڭا بىزدىكى ھەشقىپىچەككە ئوخشايدىغان بىر گۈلگە بىر بىرلەپ يىپ باغلاپ چىرايلىق ياماشتۇرۇپ چىققانلىقىنى كۆرسۈتۈپ قويدى. شۇئان مومام ئېسىمگە كەلدى. رەھمەتلىكمۇ گۈلخۇمار ئىدى. ئۆيلەر تۇربىلاشتۇرۇلمىغان ئۇ زامانلاردا مومام ئۇ گۈللەرنى يىراقتىكى كۆلدىن سۇ توشۇپ باقاتتى. كىچىككىنە بېغىغا كۆكتات تېرىيتتى. مېنى تاڭ قالدۇرىدىغىنى باغلىرىغا سۇ ئاچالايدىغان ئوغۇللىرى ئوتياش تېرىماي، يازچە مومام تېرىغان كۆكتاتتىن پايدىلىنىشاتتى. مومام مەھەللىگە سۇ نۆۋەتتى كەلگەندە مەھەللىدىكى ئۆزى ئاغىزىغا ئىمان سالغان بالىلارنى ياردەمگە چاقىراتتى. ئۆيگە ئۇۋۇلىغان قارلىغاچنى كىرەلمەيدۇ، دەپ ئايۋاننىڭ بىر قانات دەرىزىسىنى دائىم ئوچۇق قوياتتى. مومام بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قالغان چاغلاردا نەچچە قېتىم شۇ قارلىغاچقا دەرىزە ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن ئون نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان مومامنىڭ يېزىدىكى ئۆيىگە بارغاندىكى نارازىلىقىم ھېلىمۇ ئېسىمدە.

ئۇيغۇر ئانىمىز بىلەن تاماقتا باراردا ۋە ياناردا موڭدۇشۇپ ماڭاتتۇق. بىر كۈنى «ئاپپاي سىز ھاياتىڭىزدىن مەمنۇنمۇ؟ قانداق ھەسرىتىڭىز، ئۆكۈنۈش ۋە نادامەتلىرىڭىز بار؟» دەپ سورۇدۇم. ئانىمىز ھاياتىدىن مەمنۇن ئىكەن. رەھمەتلىك يولدىشى بىلەن يەتتە يىل يۈرۈپ توي قىلغانىكەن. تويلۇق كىيىمى چوڭ كىچىك ماۋزىدوڭ ئىزنەكلىرى بىلەن «بېزەلگەن» ماشرەڭ ئىشتان چاپان بولغانىكەن. مومايىنىڭ گەپلىرىدىن قارىغاندا ئۆزى سۆيگەن، كۆيۈپ پىشىپ تويلاشقان، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ تەتۈر قۇيۇنلىرىنى بىللە باشتىن كەچۈرگەن 30 نەچچە يىللىق ھەمرىيىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان ھىجران ئازابىدىن باشقا دەردى يوقتەك تۇراتتى. مومايىنىڭ مەرھۇم يولدىشى ئۆزىگە قالدۇرۇپ كەتكەن تۆرت بالىنى خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشتىن باشقا چوڭ غېمى يوق ئىكەندۇق. ھازىر بۇ غەملەردىن ئادا بولۇپتۇ. ئۆلۈمدىن قورقۇدۇغان قورقمايدىغانلىقىنى سورىغىنىمدا ھېچ ئىككىلەنمەي «نېمىشقا قورۇققۇدەكمەن، رەھمەتلىك ماڭا ئامانەت قالدۇرغان تۆرت بالىنى يارامىلىق قىلىپ قاتارغا قوشتۇم، ئەمدىكى ئارمىنىم ئۇ دۇنيادا ھەمرىيىم بىلەن بۇرۇنراق كۆرۈشۈش» دېدى. مومايىنىڭ دېگەنلىرىنى ئىنچىكە

تەپسىلاتلىرىغىچە ئامېرىكىلىق تىلشۇناسلارغا ئۆرۈپ بەردىم. ئارىدىن بىر ئايال تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلدى. ئۇ ئۆلۈمگە مۇنداق خاتىرجەم يۈزلىنىشنى ئۆگىنەلمىگەنلىكىدىن ئۆكۈنىدىكەن.

ئانىمىزنى ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ تۈركچە كىنولارنى توردىن تېپىپ قويۇپ بەرگەن ئىدىم. ئانىمىز كىنولارنى ياخشى چۈشىنەلمەي ئىچى پۇشۇپتۇ. توردىن سۈرۈشتۈرۈپ بۇ مەكتەپتە تۈرك ئوقۇغۇچىلار تەشكىللىگەن تۈركچە ھەقسىز كۇرۇس بارلىقىدىن خەۋەردار بولدۇم. ئانىمىز بۇنىڭدىن كىچىك بالىدەك خوش بولۇپ كەتتى. ھەپتىدە ئۈچ كۈن كەچلىك تاماقتىن كېيىن تۈركچە كۇرۇستا تۈركچە ئۆگەندى. بىر كۈنى بامداتنى ئوقۇپ بولۇپ ھاۋا يەي دەپ چىقسام ھويلىدا مومام تۈركچە تېكىستلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇپ مەشىق قىلغىلى تۇرۇپتۇ. موممىمىزنىڭ بىر يېرىم ئاي ئىچىدە ئۆگەنگەن تۈركچىسى تۈركلەر بىلەن ئىككى يىل قوشنا ئولتۇرغان ھېلىقى ئۇيغۇر تىلشۇناستىن قېلىشمىغۇدەك سەۋىيەگە يەتتى. مەنچە بىر ئادەمنىڭ ئۇيغۇرچە سەۋىيىسى قانچە چولتا بولسا، ئۆز مەدەنىيىتىگە چۈشەنچىسى قانچە تېيىز بولسا تۈركچىنى شۇنچە تەستە ئۆگىنىدۇ.

بىر كۈنى ئانىمىز ئۆزىنىڭ تۈرك ئوقۇتقۇچىلىرىنى مېھمانغا چاقىردى. ئارىمىزدا مەن ياكى ھېلىقى تەتقىقاتچى قىزنىڭ ئۆز-ئارا قىلىشقان ئۇيغۇرچە گەپلىرىمىزنى تۈرك باللار تازا ياخشى ئاڭقىرالمىدى. ئانىمىزنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى بولسا تەرجىمىسىز چۈشىنىپ مۇڭدىشىپ ئولتۇردى. ئۇ كۈنى كۆڭلۈمنى يېرىم قىلغان ئىش، موممىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى تۈرك ئوقۇغۇچىلاردىن يوشۇرۇپ شامنى قازا قىلىشى بولدى. شۈبھىسىزكى، موھىت سەۋەبلىك ئاڭغا سىڭىپ كەتكەن قورقۇنچ ئون نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرۇپمۇ پىنسىيىگە چىققان ئۇيغۇر كادىر ئانىنى كونترول قىلىشقا ئۈلگۈرگەن ئىدى.

بىر يېرىم ئايلىق خەۋپتە قالغان تىللارنى ئارخىپلاشتۇرۇش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاخىرلاشتى. بىز ئۈچ ئۇيغۇر بىلەن خوشلاشقىلى

كىرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر موماي بىلەن خوشلاشقىلى كىرگەندەك ئۇنىڭ بىلەن ئىمكان بار جىقراق بىللە بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. مومايىنىڭ ئىككى ھەپتىدە بىر تەتقىقاتچىلارنى چاقىرىپ ئەتكەن مېززىلىك ئۇيغۇر تاماقلىرى، قىزغىن، ئوچۇق، سەبىرچان مىجەزى ھەممەيلەننى ئۇنتۇلغۇسىز مېھىرگە چۆمدۈرگەن ئىدى. مۇشۇ قېتىملىق خەۋپتە قالغان تىللارنى ئارخىپلاشتۇرۇش تۈرىگە ئۇيغۇرچە، ۋاپچان، كىرايانا قاتارلىق تۆرت تىل كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ئارخىپلاشتۇرۇغۇچىلار مۇشۇ تۆرت تىلنىڭ خالىغان بىرىنى تاللايتتى. دەسلەپتە ئۇيغۇر تىلىنى تاللىغانلار ئۈچ بولۇپ ئازراق كۆڭۈلسىز يېرىم بولدى. بارلىق ئارخىپلاشتۇرۇغۇچىلار قاتناشقان تۇنجى ھەپتىدىكى ئۇيغۇر مەشرىپىدە ئانىمىزنىڭ سەبىرچانلىقى، ئىللىق مۇئامىلىسى، ئىدىتلىق، پاكىزلىقى، ئۇنۋېرسال بىلىمىنىڭ مولluقى، مېھرىۋانلىقى مېھمانلار ئارىسىدا ياخشى تەسىر قوزغاپ غۇلغۇلا قوزغىدى بولغاي ئۇيغۇر تىلىنى خاتىرىلىگۈچىلەر ئەسلىدىكى ئۈچتىن يەتتىگە كۆپىيىپ خاتىرىلىنىدىغان تىللار قاتارىدا تەتقىقاتچى سانى ئەڭ كۆپ بولغان تىل بولۇپ قالدى. مېھمانلار ئانىمىز بىلەن بەس بەستە رەسىمگە چۈشۈپ سوۋغات تەقدىم قىلىپ يېرىم كۈندە ئاران تاراپ بولدى. ئۆيدە خوشلۇشۇپ بولغانلار ئىشىك ئالدىغا چىقىپ يەنە قايتىپ كېلىپ ئانىمىزغا ئېسىلىشاتتى. بۇ مېھرىۋان ئانىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياغا داڭلىق ئالىمى شۆھرەت مۇتەللىپ بىلەن كۆرۈشۈشكە دېيىشىپ قويغانىكەن. مېھمانلارغا قايتا قايتا ئۆزرە ئېيتىپ ھېلىقى ئۇيغۇر تىلشۇناس قىزنىڭ يول باشلىشى ۋە ياردىمى بىلەن پورتلەنگە بارىدىغان پويىزغا يولغا سېلىپ قويدۇم.

# ئامېرىكىلىقلار نېمە ئۈچۈن خۇشال

90-يىللاردا ئېنگىلىزچە بىر ژورنالدىن جوڭگولۇق ۋە ئامېرىكىلىق ئىككى ياش ھەققىدىكى قىزىقارلىق بىر سېلىشتۇرما رەسىمنى كۆرگۈنۈم ھېلىمۇ ئېسىمدە. رەسىمدە بىر ئامېرىكىلىق ياشنىڭ «قانداق قىلغاندا تېخىمۇ خۇشال ياشىغىلى بولىدۇ؟» دېگەن كىتاپنى ئوقۇپ ئولتۇرغان، جوڭگولۇق ياشنىڭ بولسا «قانداق قىلغاندا تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدۇ؟» دېگەن كىتاپنى ئوقۇپ ئولتۇرغان كۆرۈنۈشى بېرىلگەنىدى. ماڭا ئۇ چاغدا غەرپ ياشلىرى مەن كىچىكىمدىن دەرسلىك كىتاپلاردىن ئوقۇپ، رادىيولاردىن ئاڭلاپ، تېلېۋىزورلاردىن كۆرگۈنۈمگە ئوخشاش خۇشال بولالمايۋاتقاندەك، ھەقىقەتەن ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ قالغاندەك تۇيغۇ بەرگەنىدى. 2000-يىلىغۇ دەيمەن، شىنجاڭ ئۇنۋېرسىتېتىدىكى بىر قانچە ئاسپىرانت جامائەت ئەربابى ئابلىمىت خالىس ھاجىمنىڭ ئۆيىدە ئېپتار قىلدۇق. سورۇنىمىزغا سىدنىي ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ قايتىپ كەلگەن ئابدۇراخمان ئابلىكىممۇ تەكلىپ قىلىنغانىكەن. ئاۋستىرالىيەلىكلەرنىڭ قانداقلىقى ھەققىدىكى سوئالىمىزغا ئابدۇراخمان قىسقىلا قىلىپ «ھەممە ئادەم شۇنداق بىغەم، خاتىرجەم، خۇشال ياشايدىكەن» دېگەنىدى. شۇندىن كېيىن خىيالىمدا ئەخلاقسىزلىققا، ئۈمىدسىزلىككە، تەنھالىققا، ياتلىشىشقا پاتقان غەرپ ياشلىرى ھەققىدىكى پەرەز بىلەن خۇشال، تەۋەككۇلچى، ئىجاتچان غەرپ ياشلىرى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر توختىماي كۆرەش قىلىپ تۇردى. چۈشكۈن غەرپ ۋە ئۈمىدۋار غەرپ- قايسىسى رىياللىق، قايسىسى ئەپسانە؟

ئامېرىكىدا تۇرۇۋاتقىنىمغا توققۇز ئاي بولدى. ئامېرىكا توپرىقىغا چۈشۈپ چىكاگو ئايرودرومىدا ھەيران قالغىنىم ھەممە كىشىنىڭ جۈشقۇن، خۇشال، كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتتا مېڭىپ يۈرۈشلىرى

بولدى. بۇ مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، نەگە بارسام خىيالىمدا سىلىشتۇرما بولۇدۇغان ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىكىدىن پەرقلىق مەنزىرە ئىدى. كانزاس شەھرىگە ئۇچۇدۇغان نۆۋەتچى ئايرۇپىلاننى ساقلاپ ئۈچ سائەتتەك ئولتۇردۇم، بىرمۇ كىشىنىڭ باشقىلار بىلەن تونۇلۇشۇپ قالغىنىنى، ۋارقىرىغىنىنى، ياكى بىشىنى ساڭگىلىتىپ سالپىيىپ ئولتۇرغىنى كۆزۈمگە چېلىقمىدى. يولدا كېتىۋاتقان ھەممە كىشى جۇشقۇن، تىز تىز يۈرۈشەتتى، كۈلۈشۈپ پاراڭ سىلىشاتتى. ئولتۇرغانلار شۇنچە خاتىرجەم ئىشلىرىغا مەشغۇل ئىدى. بىر بىرى بىلەن كۆزى ئۇچرۇشۇپ قالغان ھامان كۈلۈپ سالاملىشاتتى. خۇددى خاپىلىق، ئەندىشە، قورقۇنچ، ۋەسۋەسە دىگەنلەر بۇلارنىڭ ھاياتىدا مەۋجۇد ئەمەستەك، خۇددى بۇلارنىڭ ھاياتىغا ئىبىتىپ تۈگەتكۈسىز بىر شاتلىق كۈيى تەڭكەش قىلىۋاتقاندەك ئىدى.

مەكتەپكە كېلىپ ئىشلىرىمنى بېجىرىشكە باشلىغاندا ھەممە يەردە ئومۇملاشقان ھۆرمەت ۋە ئىشەنچتىن كۆپ مەمنۇن بولدۇم. خىزمەتچىلەر بىر ئىلاج قىلىپ ئىشلىرىمنى بېجىرىپ بىرىش تەرەپتارى بولاتتى. ۋەتەندە مۇشۇنداق كۈلۈمسىرەپ مۇلازىمەت قىلىۋاتقان مۇلازىملارنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسىنى، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ تاتلىق جىلمىيىشلىرىنى ئۇچراتقان ئەرلەرنىڭ خاتا چۈشۈنۈپ قېلىشى چوقۇم ئىدى. سودا سېتىق، ئېلىم بېرىم بولۇدۇغان ھەرقانداق يەردە خېرىدارلار بىلەن سېتىقچىلار ئاۋۋال سالاملىشىدىكەن. ساقچىخانىغا بېرىپ ئىجتىمائى كاپالەت نومۇرى ئالدىم، لىكىن ئىشىكتە تۇرغان ساقچى سومكامنى ئاچقۇزمىدى، ھەتتا كىملىكىمنىمۇ تەكشۈرمىدى. ھەرقانداق ماگىزىنىدىن دىگۈدەك تاپقىلى بولۇدۇغان كىتاپ پۇكەيلىرىنى، كىتاپخانىلارنى ئارىلىدىم، نىمە كىتاپ لازىم بولسا ياردەمدە بولۇدۇغان خىزمەتچىلەرنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن بولدۇم. ماگىزىن، ئاشخانا، مەكتەپ، بازار، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى قاتارلىق يەرلەردە كىشىلەر سالاملاشماي تۇرۇپ ئىش باشلىمايتتى. كۈنلەر ھەپتىلەر، ئايلار بىر بىرىنى قوغلاپ ئۆتتۈۋەردى، ئامېرىكىدىكى كۈنلىرىمنىڭ بىر يىرى بۇرۇنقى كۈنلەرگە پەقەت ئوخشىمايدىغاندەكلا بىلىندى. ئويلاپ باقسام شۇ كۈنلەردە بىرمۇ ئادەم بىلەن خاپا بولۇشۇپ قالماپتىمەن. بىرمۇ ئورگاندا سوغۇق چىرايلارغا دۇچ كەلمەپتىمەن. بىرمۇ يەردە تىلىم، مىللىتىم،

چىرايىم ۋە دىنىم سەۋەبلىك تەقىپكە، تەكشۈرۈشكە، نازارەتكە ۋە بېسىمغا دۇچ كەلمەپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى كۈنلۈرۈمدىكى ھەيرانلىقىمنىڭ سىرى يېشىلدى. ئامېرىكىلىقلارنىڭ خۇشال ياشىشى جەمىيەتتە ئومۇملاشقان ھەر قانداق كىشىگە مۇتلەق تەقدىم قىلىنىدىغان ئىشەنچ ۋە ھۆرمەت سەۋەبىدىن ئىكەن.

مەكتىپىمىزدە مەخسۇس تېپىۋېلىنغان نەرسىلەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئېگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدىغان بىر ئىشخانا بار ئىدى. بىر نەرسىلىرىنى يوقۇتۇپ قويغانلار ئۈتتۈر شۇ ئىشخانىغا بېرىپ سۈرۈشتۈرسە بولاتتى. مەكتەپكە يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىشخانىلىرى تونۇشتۇرۇلغاندا بۇ ئىشخانا ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلاتتى. ئامېرىكىدا بىر بارماق دىسكامنى يوقۇتۇپ قويىدۇم. نەدە يوقاتقانلىقىم ئېنىق بولمىغاچقا مەكتەپنىڭ ئۇ ئىشخانىسىغىمۇ بېرىپ يۈرمۈدۈم. بىر كۈنى ئېلخەت ئادرېسىمغا مەكس ئىسىملىك ناتونۇش بىر ئامېرىكىلىقتىن خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم. يېزىشچە بارماق دىسكامنى تېپىۋاپتۇ. ئاتايىن ماشىنىسىنى ھەيدەپ مەھەللىمىزگە كېلىپ بارماق دىسكامنى قايتۇرۇپ بەردى. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن تاكسىدا پورتمالىم ۋە تېلېپونۇمنى ئۇنتۇپ قېلىپ قايسى ئورگانغا نېمە دەپ خەۋەر قىلىشىمنى بىلمىدىم. تاكسىچىمۇ قايتتۇرۇپ بەرمىدى. قەشقەردىكى تاكسى شىركەتلىرىدە ئۇنداق بىر مۇلازىمەتنىڭ بارلىقىنى تاكسىچىلار بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ. كىشى بويۇملىرىنى يوقۇتۇپ قويۇشتىن، يوقاتقانلىرىنى تاپالماي قېلىشتىن ئەنسىرىمىسە، جەمىيەتتە كىشى ئۆزىنى ھەر ۋاقىت ئۆيىدە تۇرۇۋاتقاندەك خاتىرجەم ھېس قىلسا چىرايىدىن خۇشاللىق، مەمنۇنىيەت ۋە ئەمىنلىك چاقنايدۇ، ئەلۋەتتە.

بىر يىلى قىشتا بەك قاتتىق قار يېغىپ كىشىلەر ئۆيلىرىدىن چىقالماي قالدى. جۈمەگە بارغاندىن باشقا بىر ھەپتە ئۆيدىن چىقماي كىتاب ئوقۇپ، تۈرك فىلىملىرىنى كۆرۈپ ياشىدىم. ماشىنىلار توختۇتۇلغان يېرىدە مۇزلاپ قېلىپ ماشىنىسىز ياشىيالمايدىغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۇرمۇشى قولايسىزلاشتى.

مەھەللىمىزنىڭ بىر گېزىتى بولۇدۇغان. بۇ گېزىتنى مەھەللە ۋەكىللىرى كومىتېتى مەسئۇل بولۇپ چىقىراتتى. مەنمۇ مەھەللە كومىتېتىدا بىر يىل ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنىدىم. گېزىتكە مەھەللىمىزدىكى قار ۋاقتىدا تازىلانمىغانلىقى سەۋەبلىك ماشىنىلارنىڭ مۇزلاپ قالغانلىقىنى سۈرەتلىك خەۋەر قىلىپ چىقاردۇق. ئىجارىلىك ئۆيلەرنى سېلىپ مەھەللىنى بەرپا قىلغان كىشىنىڭ شىركىتى بۇنىڭدىن بىئارام بولۇپتۇ ۋە ۋەكىللەرگە، ھەر قانداق تەكلىپ بولسا دېسەك بولۇدۇغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇندىن كېيىن بۇنداق خەۋەرلەرنى باسماسلىقنى تەلەپ قىلىپتۇ. بەلكىم، شىركەتتىكىلەر بۇ خەۋەر سەۋەبلىك ئىجارە ئۆيلەرنىڭ خېرىدارسىز قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولۇشى مۇمكىن. مەن شىركەتتىكىلەرنىڭ بۇ تەلىپىنى ئاڭلاپ نورمال بىر گەپ بولۇۋاتقاندەك قاراپ تۇرۇپتىمەن. ئاردىن بىر قانچەيلەن تەڭلا «گېزىت چىقىرىش، خەۋەر يېزىش، مەھەللىدىكىلەرنى ئەپ چۆۋرىمىزدە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەردار قىلىش بىزنىڭ ئىپادە-پىكىر ئەركىنلىكىمىز دائىرىسىدىكى ئىش. بۇ ئامېرىكا ئاساسى قانۇنى بەرگەن ھوقۇق. بۇنى سىلەر قىلىڭلار قىلماڭلار دېيەلمەيسىلەر!» دېيىشىپ بىرمۇنچە قايناپ كېتىشتى. شىركەتتىكى خادىم گەپنى خاتا قىلىپ قويغىنىدىن دەرھال ئوڭايسىزلىنىپ ئەپۇ سورىدى. قارىغاندا مەھەللىمىزدىكى ئىجارەكەشلەرنىڭ كۆپۈنچىمىز چەتئەللىك بولغاچقا شىركەتتىكى خادىم بىزنى ئامېرىكىدىكى ئىپادە-پىكىر ئەركىنلىكىدىن بىخەۋەر دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. يۇقۇرىدا تەكىتلەنگەن ئىپادە-پىكىر ئەركىنلىكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى تۈرلۈك شەكىلدە ئىپادىلەش ھۆرلۈكى دېگەنلىكتۇر. كۆڭلىدىكى نارازىلىقلىرىنى، ئارزۇ تەلەپلىرىنى، شاتلىق-قايغۇلىرىنى گېزىت ژورنال چىقىرىش، نامايىش قىلىش، يىغىلىش ئارقىلىق ئىپادە قىلالىغان كىشىلەرنىڭ خۇشال ياشايدىغانلىقى ھېچ كىمگە سىر بولمىسا كېرەك.

لېفىتلەردە، پەلەمپەيلەردە، يوللاردا كىشىلەر ھامان ئوڭ تەرەپتە تۇراتتى. مەن يېڭى كەلگەندە تولا پەشتاقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېڭىپ قېلىپ ياكى توك سىرىلداقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قېلىپ خىجىل بولۇپ يۈردۈم. ئالدىراش ئىشى بار كىشىلەرپەشتاقلاردىن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چىقىشىدىكەن ياكى توك سىرىلداقنىڭ سۈرئىتىگە تەخىر قىلماي مېڭىشىدىكەن، شۇڭا كىشىلەر

بۇنداق ھاللاردا ئىلاج قىلىپ باشقىلارغا دەخلى قىلماسلىقتا، قولايلىق يارىتىشقا تىرىشىدىكەن. كىشىلەر ئىشىكتىن كىرگەندە باشقىلارغا پەردىنى قايرىپ، ئىشىكنى ئېچىپ ساقلاپ تۇرىدىكەن، لىفىتكە چىقىپ قوزغىتىشتىن بۇرۇن لىفىتكە چىقماقچى بولغان باشقىلارنىڭ بار يوقلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن سىرتقا بىر قارىۋېتىپ ھېچ كىم يوقلىقىنى بىلگەندىن كېيىن چىقىش كونۇپكىسىنى باسىدىكەن. كېلىۋاتقان بىرەرى بولۇپ قالسا لىفىتنى قوزغاتماي ساقلاپ تۇرىدىكەن. باشقىلار بىلەن بىر ئىشىككە، بىر كۆزنەككە ياكى بىر پۇرسەتكە تەڭ كېلىپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ قالسا ئاياللارغا، بالىلارغا ئاۋۋال ئۆتۈنۈلىدۇكەن. مۇشۇلارغا قاراپ بۇرۇنقى غەرپلىكلەر ھەققىدىكى ئويلىرىمغا ھەيران قالىمەن. ۋەتەنىدىكى چېغىمدا بۇلارنى شەخسىيەتچى، «باشقىلار مەن ئۈچۈن دوزاق» دەپ قارايدىغان ئۆزۈمچىل كىشىلەرمىكىن دەيتتىم. قارىسام چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك، نەپسىدىن باشقا ھېچ نېمىنى تونۇمايدىغان ئۆزۈمچىللىك جوڭگودا ئىكەن. جۇڭگودا باش كۆتۈرگەن ئۆزىدىن باشقا ھېچ كىمنى نەزىرىگە ئىلماسلىق، نەپسى ئۈچۈن دوستلۇق، پۇل، غورۇر قاتارلىقلاردىن خالىغانىنى، خالىغان چاغدا ۋاستە قىلىش دېگەنلەرگە ئامېرىكا جەمئىيىتىدە بازار يوقكەن، بۇلار ئامېرىكىلىقلاردا ئەخلاقسىزلىق سانىلىدىكەن. مەنچە ئامېرىكىدىكى ھايات ھەر قاچان باشقىلارنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئېتىراپ قىلىش، قوبۇل قىلىش ئاساسىدا داۋام قىلىدىكەن. ھەر ئىشتا باشقىلارغا ئاسانلىق يارىتىش، دەخلى قىلماسلىق، ياردەمدە بولۇش جەمئىيەتتە ئاساسلىق كەيپىياتقا ئايلانغان ئىكەن. بۇنداق كەيپىيات ئومۇملاشقان جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ خۇرسەنلىكتە ياشىشى تەبىئىي.

ئامېرىكىدا كىشىلەر جوڭگودىكىدەك دائىم توپلىشىپ، دوست تارتىشىپ، مۇناسىۋەت تورلىرىنى قۇرماي تۇرۇپمۇ ئىشلىرىنى بېجىرەلەيدۇ. شۇڭا كىشىلەر مۆرەككەپ كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن باش قاتۇرمايدۇ. كىمگە نېمە دېيىش، كىمنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى تەھلىل

قىلىپ تىگىشلىك جاۋابىنى قاچان بېرىش، كىمنىڭ قانداق سوۋغىسىغا قانداق جاۋاپ قايتۇرۇش، قايسى باشلىقنىڭ قايسى ئوغلىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە نېمە ئېلىش...دېگەندەك ئىشلارغا جوڭگودىكى كىشىلەردەك زېھنىنى ئىسراپ قىلمايدۇ. غەربتە قايتقاندىن كېيىن كۆزەتسەم ئادەملەردىكى بۇنداق تويلۇشۇۋېلىشقا ئامراقلىق، دوست تارتىشىشقا خۇشتارلىق خەنسۇلاردىن بەكرەك ئۇيغۇرلاردا ئەۋج ئالغان ئىكەن. مەنچە كىشىلەرنىڭ تۇرلۇك ناملار بىلەن تويلۇشۇۋېلىشىغا سەۋەب بولغان يوشۇرۇن ئامىل، پسىخىك سەۋەپ بىخەتەرلىك ئېھتىياجىدىن بولغان. ئۇيغۇرلاردا ئۆزگە، جەمىيەتكە، ئورگانلارغا، نوپۇزغا بولغان ئىشەنچ ئىنتايىن ئاجىز. بۇ ئۇلاردا چوڭقۇر بىر ئەندىشە ۋە خەۋپسىرەشنى پەيدا قىلغان. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ بىخەتەرلىككە بولغان ئېتىياجى خەنسۇلارنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك. ئۇلار تويلانغانلىرىدا قەلبىنى قاپلىغان خەۋپسىرەش ۋە ۋەھىمىدىن ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىگەندەك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇنداق كۆپ تويلۇنۇش جەريانىدا شەكىللىنىدىغان كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى بىر ياقلىق قىلىپ بولالماي ھاجەتسىز خاپىلىقلارنى يۈكلۈۋالىدۇ. كاناداغا ئائىلىسىنى ئېلىپ كېتەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن بىر خەنزۇۋان دوكتۇردىن بىر تونۇشۇم ۋەتەنگە قايتىش ياكى قايتماسلىق توغرىسىدا مەسلەھەت سوراپتۇ. مەزكۇر دوكتۇر ئايال جاۋابەن «باشلىقلارنىڭ گېپى گەپ ئەمەسكەن، قائىدە-پىرىنسىپ دېگەن نەرسە يوقكەن، مۇرەككەپ كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرگە يۈزلىنىشنىڭ كېرەككەن» دەپ رايىنى قايتتۇرۇپتۇ. ئامېرىكىدا كىشىلەر يالغۇزلۇقنى، مۇستەقىللىقنى قەدىرلىگەن بىلەن ۋەتەندىكى ئۆزىنىڭلا ئومىچىغا ئوت قالايدىغانلارنىڭ ئەكسىچە باشقىلارنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ھەر زامان ئېسىدىن چىقارمايدىكەن. مەن ۋەتەندىكى سەرگۈزەشتەمنى ئۇيلىسام باشقىلارنىڭ ھوقۇقىنى چەتكە قېقىش، ئىنكار قىلىش، قۇربان قىلىش بەدىلىگە كۆكلەش ئادەتكە ئايلانغان موھىت كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. بۇنداق قىلمىشلار قانۇن ئارقىلىق چەكلەنمىگەن جەمىيەتتە ئادەم سەپرالىقا مەجبۇرلىنىدۇ. ۋەتەندە سەپرالىقا كۆنۈشۈمنىڭ سەۋەبى شۇلار. ئامېرىكىدا ئۆتكۈزگەن ھاياتىمنى كىشىنىڭ مەۋجۇدلۇقى تولۇق نەزەرگە ئېلىنغان، موھىم بىلىنگەن ۋە قەدىرلەنگەن جەمىيەتتىكى

ھايات دەپ بىلىمەن. ئامېرىكىدىكى سەرگۈزەشتەمنى مەمنۇنىيەتكە تولغان يىللىرىم دەپ تەرىپلەيمەن. ئامېرىكىدا سەپرالىققا، ئۈمىدسىزلىككە مەجبۇرلانغان كۈنلىرىم بولمىدى ئەمەس بولدى، لېكىن بۇنىڭغا ئەتراپىمدىكى كىشىلەر سەۋەبچى ئەمەس ۋەتەندىن كەلگەن خەۋەرلەر، دەرتلەر سەۋەبچى بولدى.

ۋەتەنگە كېلىپ ئەڭ كۆپ ئاڭلىغان دەرت ئاتا-ئانىلارنىڭ بالا دەردى. بالىلارنىڭ تورخانىغا، قىمارخانىغا، ھاراقخانىغا، دىسكوخانىغا، كېچىلىك كۇلۇبلارغا كۆنۈپ قېلىشى كىشىلەرنىڭ چىرايىنى سارغايتىۋاتقان ئەڭ چوڭ سەۋەپلەرنىڭ بىرى ئىكەن. ئامېرىكا قاتارلىق غەرپ ئەللىرىدە كېچىلىك كۇلۇب، دىسكوخانا، قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا 18 ياش چەكلىمىسى قويۇلغان. 18 ياشتىن تۆۋەنلەر ھاراق ئەمەس پىۋىنىمۇ ئالالمايدۇ. كەچ سائەت ئوندىن كېيىن ھەتتا چوڭلارمۇ ھاراق سېتىۋالالمايدۇ. تاماكا سېتىۋېلىش يېشىمۇ ھاراق سېتىۋېلىش يېشى بىلەن ئوخشاش. بەزى شتاتلاردا بۇ چەك 21 ياش قىلىپ بېكىتىلگەن. ئەڭ موھىمى قانۇن قەتئىي ئىجرا قىلىنىدىغان بولغاچقا ئالارمەنمۇ ساتارمەنمۇ يوچۇق ئىزدەپ يۈرمەيدۇ. ئامېرىكىدا مەكتەپتىن سەۋەپسىز ۋاقتىدا ئۆيىگە قايتىپ كەلمىگەن بالىنى ئىزدەيدىغىنى بىچارە ئاتا-ئانا ئەمەس ساقچى بولۇدۇ. مۇككەممەل قانۇن ۋە ئۇنىڭ ئىجراچىلىرى قوغداۋاتقان، ھەر زامان ئامان ئىسەنلىكتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئامېرىكىلىقلارنىڭ خۇرسەن بولمايدىغان يېرى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

يۇقارقىلاردىن باشقا ئامېرىكىلىقلار ئىش تاپماق قولاي بولغاچقا خۇشال، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئىش ھەققى يۇقۇرى بولغاچقا خۇشال. تۇرمۇشى تۈرلۈك سۇغۇرتىلارنىڭ كاپالىتىدە خاتىرجەم بولغاچقا خۇشال. ئامېرىكىدا 200 نەچچە يىلدىن بېرى تۈزۈم ئۆزلۈكسىز مۇكەممەلەشكەندىن باشقا تۈپتىن ئۆزگەرمىگەچكە خۇشال. ئامېرىكىدىكى مەمۇرلارنىڭ ۋەزىپىسى خەلقنى باشقۇرۇش ئەمەس بەلكى ئاۋامغا مۇلازىمەت قىلىش بولغاچقا خۇشال، ساقچىنىڭ ۋەزىپىسى ھۆكۈمەتنى ئەمەس خەلقنى قوغداش بولغاچقا خۇشال.

ئامېرىكىلىقلار ئۆز ئارمىيەسىنىڭ ھەرقانداق پۇقرانى دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە جان تىكىپ قوغدايدىغانلىقىغا ئىشىنەلىگەچكە خۇشال. ئامېرىكا پۇقرالىرى ئامېرىكا دۆلىتىنى ئۆزىنىڭ پاسىبانى، يۆلىكى، ھېمايىچىسى دەپ بىلىدۇ. يۇرتىدىن سۆيەلىگەچكە، ئۆزى سايلىغان پارلامېنت، ئۆزلىرى سايلىغان ھۆكۈمدارنى رازى بولسا ھىمايە قىلىپ رازى بولمىسا تەختتىن چۈشۈرەلەيدىغان بولغاچقا خۇشال، ئۆز شىتاتلىرىدا مەركەزگە بېقىنىپ ياشاش ياكى مەركەزدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ياشاش ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ ياشىيالىغاچقا خۇشال. ئامېرىكا ئاساسى قانۇنى ياغلىق تاڭغانغىمۇ، بۇدۇر چاچلىققىمۇ، ساقال قويغانغىمۇ، ھالقا ئاسقانغىمۇ، مەسچىتكە بارغانغىمۇ، بۇتخانا قۇرغانغىمۇ ئوخشاش ھۆرلۈك بەرگەچكە خۇشال. ئامېرىكا مائارىپى قايسى دۆلەت، نەسەپ، قايسى مىللەت، قايسى تەبىقەدىن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ھەر قانداق ئادەمنى ھەم ئويلىيالايدىغان، ھەم ئويىنيالايدىغان، ھەم ئىجات قىلالايدىغان، ھەم ئىجادىيەتتىن پايدىلىنالايدىغان، ھەم سۆيەلەيدىغان ھەم سۆيۈلەلەيدىغان روھتا تەربىيىلىگەچكە خۇشال. مەنچە باشتا «قانداق قىلغاندا تېخىمۇ خۇشال ياشىغىلى بولىدۇ؟» دېگەن كىتاپنى ئوقۇغان ئامېرىكىلىق بالا ھازىر بىر چوڭ شىركەتنىڭ ياكى چوڭ بىر تەشكىلاتنىڭ ۋە ياكى بىر ئورگاننىڭ موھىم خىزمەتلىرىنى ئۆتەۋاتىدۇ ياكى ھامان بىر كۈنى شۇنداق بولىدىغانغا ئىشىنىپ تىرىشىۋاتىدۇ. ئۇنداق قىلمىغان تەقدىردىمۇ ئۆزى ئۆگەنگەن خۇشاللىققا ئېرىشىشنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇللىرى بىلەن ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە كۈلكە بېغىشلاپ ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. ھېلىقى «قانداق قىلغاندا تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدۇ» دېگەن كىتاپنى ئوقۇۋاتقان خەنسۇ بالىنىڭ ئېرىشكەنلىرى مەنچە دەل ئەكسىچە. ئەگەر ئۇ بالىنىڭ ئورنىدا بىر ئۇيغۇر بولغان بولسا...

# ئامېرىكىدا تەبىئىي موھىت ۋە سۈنئىي ھايات

## — جەلپكار تەبىئىي موھىت ۋە شاۋقۇنسىز سۈنئىي ھايات

مەن تۇرغان لاۋرېنس شەھرىدىن چىقىپ قاياققا ماڭسا پايانسىز ياپ يېشىل بوزلۇق ئىدىرلار كۆزگە تاشلىنىدۇ. يول بويى ئانچە مۇنچە ئوتلاۋاتقان كالا، ئېتىزلارغا پوڭزەك قىلىپ تاشلاپ قويۇلغان ئەنجىلەر، ھېچ كىم تېرىمايدىغان پايانسىز مۇنبەت تۇپراق قاتارلىقلارنى تۇنجى كۆرگەندە سۈرەتتەك گۈزەل كۆرۈنىدۇ. ئاڭلىشىمچە كانزاسنىڭ بىر يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى پۈتۈن دۇنيانىڭ بىر يىللىق ئېھتىياجىنى قامدىيالايدىكەن. ئەگەر بوز پېتى ئوت چۆپلەرگە تاشلاپ بېرىلگەن شۇنچە كۆپ يەر تېرىلغان بولسا ئاشلىق كەمچىللىكتىن ياكى خېمىيەلىك ئوغۇتتىن بۇلغانغان ئاشلىق ئىستىمال قىلغانلىقتىن كېلىپ چىققان كېسەللىكلەر ئازايغان بولاتتى، دەپ ئويلىغۇسى كېلىدۇ كىشىنىڭ. چېكى يوق تەبىئىي ئورمانلار، يوللاردا قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ قاراپ تۇرغان بوغا مارالللار. ئەتراپى ئورمان بىلەن قاپلانغان سۈپسۈزۈك كۆللەر، كۆل بويلىرىغا دالا تامىقى يەيدىغانلار ئۈچۈن خالىس قويۇپ قويۇلغان ئۇزۇن شىرە، ئورۇندۇقلار... بۇلاردىن ھەر قېتىم زوقلانغىنىمدا ۋەتەندە مۇشۇنداق مەنزىرىلەرنىڭ ئېگىسىز قالمايدىغانلىقى، بۇنداق تەبىئىي گۈزەللىكلەرنىڭ بىرەر شىركەت تەرىپىدىن قاشارلىنىپ ساياھەت نوقتىسى ئاتلىق تىللا كانلىرىغا ئايلاندۇرۇلۇدۇغانلىقى ئېسىمگە كېلىدۇ. ئەگەر ۋەتەندىكى ئاشۇنداق ساياھەت شىركەتلىرى كانزاس شىتاتىغا كېلىدىغان بولسا پۈتۈن شىتاتنى پارچىلاپ ھەممىسىنى ساياھەت ئورنى قىلىپ پۇل تېپىشى مۇمكىن. 50- يىللاردىن 80 يىللارنىڭ بېشىغىچە خۇسۇسى ئىگىلىك 30 يىلغا يېقىن تەقىپ قىلىنغان يۇرتىمىزدا خەقنىڭ تۇرالغۇسى، بالا-ۋاقىسى ، ئۆرۈپ ئادىتى، بوي تۇرىقىدىن تارتىپ

مەدەنىيىتىگىچە ھەممە نەرسە ئىقتىسادى ئۈنۈم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇۋاتقان؛ جامائەتنىڭ ئورتاق بايلىقى، ئىستىراھەت سورۇنى بىر قىسىم خوجايىنلارنىڭ باشقىلارنى بۇلاڭ تالاڭ قىلىشىدىكى تايانچ بازىسىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقى ئاشكارە مەخپىيەت ئىدى. بۇلارنى ئويلىسام يۇرتىمىزدىكى سەبىرچانلىق، چىدام، ئۇزاققا داۋاملىشىدىغان ئىجتىھاد كۆتۈرۈلگەن. كىشىلەر كۆز ئالدىدىكى بۇردا ناننى تارتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈنلا تىپىرلاۋاتقان ھالەتنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن. بۇ ھالدا كىشىنىڭ كۆزىگە تەبىئەتنىڭ سېھرى، جانلىقلار دۇنياسىدىكى كارامەتلەر مۆجىزىلىك كۆرۈنمەيدۇ، ئەقىللەرنى ئەسىر قىلالمايدۇ. نەتىجىدە پايدىلىنىشقا بولمايدىغان، كىشىگە ئىقتىسادىي نەپ بەرمەيدىغان ھەرقانداق گۈزەل موھىت، سەنئەتلىك شەكىل ۋە سېھرىلىك ھادىسىلەر دىققەتنىڭ چېتىدە قالىدۇ. بۇنداق ھالەت ئومۇملاشسا كىشىلەردە ئۆز مەدەنىيىتىدىكى ۋە ماكانىدىكى گۈزەللىكلەرنى تاماسىز قوغۇدايدىغان يۈرەك ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

ئۆيۈمدىن مەسجىد ۋە تاللا بازارلىرىغا بارىدىغان يول كىشىلەرنىڭ تۇرالغۇلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق كۆجۇم مەھەللىلەردىن ئۆتەتتى. مەن كۆجۇم دېگەن بۇ مەھەللىلەردە قەۋەتسىز ۋە قەۋەتلىك داچالار ئادەتتە بىر بىرىدىن كەم دېگەندە ئەللىك مېتىر ئارىلىق تاشلاپ سېلىنغان ئىدى. ھەرقېتىم مۇشۇنداق مەھەللىلەردىن ئۆتكىنىمدە چىدىغۇسىز جىمجىتلىققا ھەيران قالاتتىم. مەھەللىدە نە ئولتۇرغان بىر بوۋاي، نە ئويناۋاتقان بىر كىچىك بالا يوق. ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا ھەرخىل گۈللەر ئۆستۈرۈلگەن، تەشتەككە چىرماشقاق گۈللەر تېرىلىپ دەرىزىلەرگە ساڭگىلىتىلغان، ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەر تىكىلگەن، دەرەخلەرگە، پېشايۋانغا سەگۈنچەكلەر ياكى سەگۈنچەكلىك ئورۇندۇقلار ئورنۇتۇلغان، ئەمما مۇشۇ تۈجۈپىلەپ تەييارلانغانلاردىن راھەتلىنىپ قاراپ ئولتۇرغان بىرمۇ ئادەم يوق. شۇنچە يوغان ماگىزىنلار، ئاشخانىلار ۋە تاللا بازارلىرىدا ئادەم تولىمۇ شالاڭ. پەقەت مەكتەپ ھويلىسىدىلا چىملىقلاردا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتقان قىز ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار، مەكتەپلەرنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەن ئاتا-ئانىلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەكتەپنىڭ كۇتۇپخانىسى بىلەن چېنىقىش مەركىزى ئادەمنى ئەڭ كۆپ كۆرگىلى بولىدىغان يەر، لېكىن يەنە بەك قىستاڭ دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. كۈن كۈنلەپ كوچىلاردا مېڭىپ

يۈرگەن بىرمۇ ئادەمنى كۆرگىلى بولمايدۇ، پەقەت يۈگۈرۈپ چېپىشقىۋاتقانلار ياكى ئىتلىرىنى كەزدۈرگىلى چىققانلار بەزەن كۆزگە چېلىقىپ قالىدۇ. ئامېرىكىدىكى ھاياتنى خاتىرجەم، جىمجىت ۋە ئازادە دەپ خۇلاسىلىغۇم كېلىدۇ. بۇنداق جىمجىتلىق مەندەك قاينام تاشقىنلىقتا چۆمگەن كوچىلارنى كېزىپ، ۋاڭ چۇڭغا تولغان بازارنى ئايلىنىپ چوڭ بولغان ئۇيغۇرنى تېخىمۇ غېرىپ، تېخىمۇ خىيالچان قىلىۋېتىدۇ. كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشىنىڭ تەرتىپى، ھاكىمىيەتنىڭ، سىياسەتنىڭ، جەمىيەتنىڭ ۋە ھېچ بىر شەخسنىڭ تەسىرى ياكى تەلىپى بويىچە ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان بۇ ئەلدە دەخلىسىز خىيال سۈرۈشكە پۇرسەت بەك كەڭرى. كۆل بويلىرىدا يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ جىمجىت ئولتۇرغان كىشىلەر پات- پات ئۇچراپ قالىدۇ. قويۇق ئورمان ئارىسىدىكى چىغىر يوللاردا ناگان ناگاندا شىرىن ئەسلىمىلەر قوينىدا يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلارغا چۆككەن بوۋاي-مومايلار، دالا تامىقى يەۋاتقان ياش بىر جۈپلەردىن باشقا دىققىتىڭنى بۇرايدىغان ھېچ نەرسە ئۇچرىمايدۇ.

كوچىلاردا بالا يېتىلىۋالغان ئادەمنى كۆرمىدۈم دېگۈدەك، ئەمما ئىت يېتىلىۋالغان كىشىلەرنى بەك جىق ئۇچرۇتۇپ كەتتىم. قارىغاندا ئامېرىكىدا بالا ئورنىدا ئىت يېتىلەنسە كېرەك. بەزىلەرنىڭ بىر ئەمەس ئىككى ئۈچ ئىت بېقىشى ئامېرىكىدا تولىمۇ نورمال بىر ئىش ئىكەن. تېلېۋىزور قاناللىرىدا ھايۋانات ھەقلىرىنى قوغداش تەشكىلاتىنىڭ تاشلىۋېتىلگەن، خورلانغان ئىتلارنى بېقىۋېلىش، ئۇلارغا پۇل ئىئانە قىلىش ھەققىدىكى تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر، ھايۋانات ھوقۇقىنى قوغداش نامايىشلىرىدىكى ھاياجانلىق باياناتلار ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىكەن. بەزىدە ئويلايمەن. ئۈرۈمچى كوچىلىرىدىكى، قەشقەر بازارلىرىدىكى، ياركەنت باغچىلىرىدىكى ئاياغ مايلاپ كۈن ئېلىۋاتقان، ئائىلىسىنى بېقىۋاتقان بالىلارنىڭ ئېھتىياجى ئامېرىكىدىكى ئىتنىڭ چىقىمىدىن نەچچە ھەسسە ئاز. ئەپسۇسكى بىزدە ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، كۆيۈنىدىغان، قوغدايدىغان تەشكىلاتلار يوق.

شۇلار ھەققىدە خەۋەر بېرىدىغان، ئۇچۇر تارقىتىدىغان ئاخبارات يوق، شۇڭا بالىلىرىمىزنىڭ كۆز ئالدىغا نامراتلىق دېسە ئافرىقا كېلىدۇ. چوڭلىرىمىز مۇشۇ كۆلاتتا قالغانلارنى پەلەستىنلىكلەرگە ئوخشىتىدۇ. ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىتلارنى ياخشى كۆرۈشى ئاتا بوۋىسىدىن قالغان. ئۇلار ئىتنى ئادەمنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى دەپ قارايدۇ . تەلەيلىك ئادەمنى «تەلەيلىك ئىت» دەيدۇ. ھەتتا بالىلىرىغان ئىت ئىسىم قويىشىدۇ. ئۆيگە مېھمان چاقىرسا ئائىلە ئەزالىرىنى تونۇشتۇرغان قاتاردا ئىتلىرىنىمۇ تونۇشتۇرىدۇ. ئىتلارنىڭمۇ چىرايلىق ئىسىملىرى بولىدۇ. تاللا بازارلىرىدا مەخسۇس ئىتلارنىڭ يىمەكلىرى سېتىلىدىغان كاتتا پۇكەيلەر بار بولۇپ ئورۇلۇش، قاچىلىنىش، سۈپەت ئۆلچىمى ۋە نازارەتچىلىكى جەھەتتە ئىنسانلار يەيدىغان ئوزۇقلۇقلار بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش. ئاڭلىسام شەندوڭلۇق بىر ئوقۇغۇچى بىلمەستىن ئىت ئۈچۈن سېتىلىدىغان پىچىنىنى بىر ئايدىن ئارتۇق يەپ تاشلاپتۇ، ئەمما سالامەتلىكىدىن ھېچ بىر چاتاق چىقماپتۇ. ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆيگە مېھمان بولغۇچى ساھىپخان ئىتلارنىڭمو بېشىنى سىلاپ ئەركىلىتىپ كېتىدۇ. مەن بارغان بىر دوستىمىزنىڭ ئۆيىدە ساھىپخان ئىت يۈزۈمنى يالىۋېلىپ بەكمۇ بىئارام قىلغانىدى. بەزىدە مۇشۇ ئىت يېتىلىۋالغانلارغا قاراپ ئامېرىكا ئائىلىلىرىدە كىچىك بالىدىن ئىت كۆپمىكىن دەپ قالىمەن.

ماڭا ئەڭ غەلىتە تۇيۇلغىنى كىشىلەرنىڭ كۆپ كۈندۈزدە ئۆيلەردە پەردىلىرىنى ھەم يېپىپ قويۇپ چىراق يېقىپ ئولتۇرۇشى بولدى. سىنىپلاردىمۇ سىرتتىنىڭ شۇنچە يورۇق بولۇشىغا قارىماي پەردىلەر چۈشۈرۈلۈپ چىراق يېقىپ قويۇلاتتى. كىشىلەرنىڭ ئۆيدىن چىققاندا چىراقلارنى ئۆچۈرۈش ئادىتى يوقمۇ قانداق مەيلى سىنىپتا ياكى مەھەللىمىزدىكى ئۆيلەردە بولسۇن چىراقلار كۆزۈمگە داۋاملىق يېنىق كۆرۈنىدۇ. سىرتتىن شۇنداق مەيىن شامال كىرىۋاتسا ئىشىك دەرىزە چىڭ يېپىلىپ ھاۋا تەڭشىگۈچ ئېچىپ قويۇلىدۇ. مەن ئامېرىكىغا يازدا بارغاچقا بىرەر ئايغىچە بۇلارنىڭ ھاۋا تەڭشىگۈچنى بەكلا چوڭ ئېچىۋېلىشىغا چىدىيالماي توڭۇپ يۈردۈم. قىش بولغاندا ھاۋا تەشىگۈچنى بەك ئىسسىتىۋېتىشىگە چىدىيالماي تەرلەپ ئېچىم پۇشتى. بۇنىڭدا بەلكىم توكنىڭ ئەرزانلىقى سەۋەپ بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئامېرىكىدا توك ئىنتايىن ئەرزان، بارلىق ئىسسىنىش، سالقىنلاش،

تاماق ئېتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە توك ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق ئەرزانلىق ئۇلارنى تېجەشكە قېرىق قىلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. ساۋاقداشلىرىمنىڭ سىرتتا شۇنچە سوغۇق بولۇشىغا قارىماي نىپىز كىيىملەرنى كىيىشىپ دەرسكە كېلىشى مېنى قىزىقسىندۇردى. بايقىشىمچە ئۇلار ھاۋا تەڭشىگۈچلىرى چوڭ ئېچىلغان ئۆيلەردىن ھاۋا تەڭشىگۈچلۈك ماشىنىلىرىغا چىقىشىپ ھاۋاسى قىش كۈنلىرىمۇ يازدىكىدەك قىلىپ تەڭشەلگەن سىنىپلاردىن ئورۇن ئېلىشىدىكەن. قارىغاندا ئامېرىكىلىقلار بىزدىكىدەك قىشتا سوغۇق، يازدا ئىسسىق، ئەتىيازدا بوران، كۈزدە توزان مالال قىلىدىغان ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلالمىسا كېرەك.

يوللاردا ئۆي شەكلىدە لايىھەلەنگەن كوزۇپلارنى ماشىنىلىرىغا چېتىشىپ دالا تامىقى يېگىلى ماڭغان كىشىلەر پات-پات كۆزۈمگە چېلىقىدۇ. بۇنداق «كۆچمە ئۆي»لەرگە ھاۋا تەڭشىگۈچ، ياتاق، ئاشخانا ۋە مۇنچا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ چاقلىق ئۆي دېيىشكىمۇ بولىدۇ. راھەتپەرەس ئامېرىكىلىقلار نەگىلا بارسا ھوزۇرلۇق «كۆچمە ئۆي»لىرىنى يۆتكەپ ھالاۋەتلىك تۇرمۇشىنى داۋام قىلىشىدىكەن. ئامېرىكىدا كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق پەسىلدە ئۆينىڭ، ماشىنىنىڭ ۋە ئىشخانىلارنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئېھتىياجىغا مۇناسىپ تەڭشەپ راھەتلىنىشى،كۈندۈلۈك ھاياتىدا تەبىئەتتىكى تۈرلۈك ئۆزگۈرۈشلەرنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا ياشىشى بىر تۇرۇپ بەك سۈنئىي، يەنە بىر تۇرۇپ تولىمۇ غايىۋى تۇيۇلىدۇ. بەزىدە بۇ زامانىۋىلىقتەكمۇ بىلىنىدۇ. بۇنداقلا ئويلىغىنىمدا ئىنسان تەبىئەتنىڭ، موھىتنىڭ كونتۇرۇللىقىدىن قۇتۇلۇپ ئۆز جەننىتىنى ئىجاتكار مېڭىسى بىلەن قۇرۇپ چىقىۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بولىمەن. ئەمما بۇنى تەبىئەتنىڭ كونتروللىقىدىن قۇتۇلۇش دېمەي تەبىئەتتىن يىراقلىشىش، تەبىئىي قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىش دەپ چۈشەنگىنىمدە ئىنسان تەبىئەتنىڭ قوينىدىكى ھاياتتىن يۈز ئۆرۈپ سۈنئىي، ياسالما ھاياتقا باشچىلاپ كىرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. مەسىلەن، پارىكنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانىنىڭ پەسىلنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا

ئۆزۈقلۇنۇش ئېھتىياجىنىڭ مەھسۇلى. بىزگە دەسلەپ بۇ زامانىۋىلىقتەك تۇيۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئىنساننىڭ تەبىئەتنى يەڭگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدەك بىلىنىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما پارىكتا ئۆستۈرۈلگەن كۆكتاتلارنىڭ تۈرلۈك زىيانداش يوقاتقۇچى دورىلار، خېمىيىلىك ئوغۇتلارغا چۆمدۈرۈلمەي تەييار بولمايدىغانلىقى، بۇنداق كۆكتاتلارنىڭ ئىنساننى تۈرلۈك كېسەللەرگە مۇپتىلا قىلىۋاتقان ۋە قىلىدىغانلىقىنى ئويلاشقىنىمىزدا ئىنساننىڭ تەبىئەتكە، تەبىئىي قانۇنىيەتلەرگە مۇخالىپ ئېرىشكەن ھالاۋىتىنىڭ ئېغىر بەدەلگە گىرىپتار ئىكەنلىكى ئەقلىمىزنى سەگىتىدۇ.

ئامېرىكىدا تەبىئەت، موھىت شۇنچە گۈزەل لېكىن ئويلاپ باقسام شۇ گۈزەللىكلەر ئىچىدە ئېسىمدە قالغىنى ۋەتەننى ئەسلىتىدىغان كارتىنىلار بولۇپتۇ. كانزاستىن مىززورىغا بارىدىغان بىر يولدا ماڭغانلىقىمىز ھېلىمۇ ئېسىمدە. شۇ چاغدا ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ «بۇ يول ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە ماڭغاندىكى قاراشەھەر، بۈگۈر ئەتراپىغا نەقەدەر ئوخشايدۇ ھە! يۇلغۇنمۇ ئۆسۈپ كەتكەن بولسىچۇ!» دەپ ھاياجانلانغان ئىدىم. خىيالىمدىن 30- يىللاردا مەھمۇد موھىدىنىڭ پىدايىلىرىنى يېتەكلەپ تۇرپاندىن قاراشەھەرگە چېكىنىپ شەھىدلەرنى يۇلغۇنلارنىڭ يېنىغا دەپنە قىلغانلىرى، ھۆرلۈككە مەدەت ئىزدەپ قەشقەر تامان يۈرۈپ كەتكەنلىكى بىر بىرلەپ كەچكەن ئىدى. نىھايەت شۇنچە شەھىدلەرنىڭ ئارمانلىق كۆزلىرىنى ھەسرەت بىلەن يۇمدۇرغان مەھمۇد موھىدىنىڭ ئېغىكىنى كىم تاڭغان؟ بۇ تېخىچە سىر ئىدى. بېيجىڭدا مەھمۇد موھىدىنىڭ قەبرىسىنى تېپىش ئۈچۈن ئىزدەنگەن بولساقمۇ تاپالمىغان ئىدۇق. دۇنيا گۈزەل ئەمما غېرىپ ئۇيغۇرنىڭ كۆزىگە شەھىد بوۋىلارنىڭ قېنى بىلەن سۇغۇرۇلغان جاڭگاللار، يۇلغۇن قىزارغان داللار ئەڭ گۈزەل كۆرۈنەتتى. جاھان جەلىپكار لېكىن مۇساپىر ئۇيغۇرنىڭ خىيالىدا ھەر بىر دانە قۇم، ھەر بىر پارچە سازلىقتىن تارتىپ ھەر بىر تېشىغىچە «مەن ئۇيغۇرنىڭ!» دەپ باغرىنى ئېچىپ تۇرغان ئانا تۇپراق ئەڭ سۆيۈملۈك ئىدى.

ئامېرىكىدا موھىت گۈزەل، تەبىئەت جەلىپكار، ئىنسان راھەتتە. دۆلەت ئىنسان ھاياتىدا كېرەك قىلىدىغان ئەسلەھەلەرگە، لازىملىقلارغا، ئېھتىياجلارغا شارائىت ھازىرلىغان ۋە بۇلارنىڭ دەخلىسىزلىكىگە لايىق قانۇن ۋە يوسۇنلارنى بەرپا قىلىغان. شۇڭا تەبىئەت گۈزەللىكى بۇ يەردە خۇددى ئىنسان

قەلبىدىكى ئېزگۈلۈكنىڭ كۆلەڭگۈسىدەك دەخلىسىز، تىنچ ۋە تارتىملىق.
مەن ئامېرىكىدىكى ھاياتنى شاۋقۇنسىز دەيمەن. چۈنكى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ
ماتورى بولغان بۇ دۆلەتنىڭ رەستە ۋە سەينالىرى ۋاراڭ چۇرۇڭلۇق غەليانىدىن،
غالىبانە ھۆركىرەشلەردىن ۋە داقا دومباقلىق تەنتەنىلەردىن خالى. بۇ يەردە
پىيادىگە يول بەرمەيدىغان، مەمەدانلىقى، تەربىيەسىزلىكى بىلەن قۇلاقنى
ياردىغان ماشىنا سىگناللىرى يوق. ئاجىز تەبىقە ۋە ئىمتىيازسىز جامائەت-
توپنى بوزەك قىلىشنى ئۇدۇم قىلغان سوغۇق چىرايلار، يوغان قورساقلار،
نۇرسىز تەلەتلەر يوق. كوچىلاردا ئۆتمەس ماتالارنى داۋراڭ قىلىدىغان كارنايلار
يوق. مۇقۇملۇقنى تەشۋىق قىلىدىغان ياڭراق سەھنىلەر يوق. مەكتەپلەردە
دۆلەت مارشىنىڭ جاراڭلىق سادالىرى يوق. ھەيۋەتلىك پىلانلارنى
جاكارلايدىغان يىغىنلار، كارامەت نەتىجىلەرنى نامايەن قىلىدىغان كۆرگەزمىلەر
يوق. پەقەت ئۆيلەرنىڭ دەرىزە ۋە ئىشىكلىرىگە ئېسىلغان، ماگىزىنلار، تاللا
بازارلىرى ئالدىغا كىشىلەر ئۆزلىرى تىكلىگەن، يىرتىلىپ كەتمىگۈچە
چىقىرىپ چۈشۈرۈلمەيدىغان بايراقلار بار. ئەڭ موھىمى بۇ بايراقلار، ئۆزى
ئۈچۈن، سۆيۈملۈكلىرى ئۈچۈن، ئۆزى سۆيگەن كەسپىي ئۈچۈن، ئۆزىنى باققان،
پەپىلىگەن ۋەتىنى ئۈچۈن ئۈنسىز ئىشلەۋاتقانلارنىڭ قەلب چوقىسىغا
تىكلەنگەن. كوچىلاردا قوراللىق ساقچىلارنىڭ جەڭگىۋار شۇئارلىرى ئەمەس،
پىيادىلەرنى ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويىدىغان، يىقىلغانلارنى يۆلەيدىغان، ھەممە
ئادەمگە كۈلۈپلا مۇئامىلە قىلىدىغان سىپايە ساقچىلارنىڭ ياردەمسۆيەرلىكى
بار. مەن ئامېرىكىدىكى ھاياتنى سۈنئىي دەيمەن، چۈنكى بۇ يەردە پارنىكتىكى
تەلەيلىك ئۆسۈملۈكلەردەك ھالاۋەتتە ياشاۋاتقان، قىشنىڭ سوغۇقىدا جاقىلداپ
تىترەپ، كۈزنىڭ تۇمانلىرىدا نەپەسلىرى قىسىلىپ، يازنىڭ ئىسسىقىدا ،
ئەتىيازنىڭ بورىنىدا جانلىرى قاقشاپ باقمىغان ئىنسانلار بار.

# بايرام، بازار ۋە كىملىك

ــ ئامېرىكىدىكى بايراملار ۋە كىملىك ھەققىدىكى خىياللىرىم

ئامېرىكىغا تۇپرىقىغا قونغان تۇنجى كۈنۈم بىرىنچى ئىيۇن بالىلار بايرىمى ئىدى. قىزىق يېرى ئامېرىكىدا ھېچ بىر بايرام كەيپىياتى كۆرۈنمەيتتى. كىچىكىمدىن «ئالتىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى، خەلقارا بالىلار بايرىمى» دەپ ئۆگۈنۈپ چوڭ بولغاچقا ماڭا بۇ تولىمۇ غەلىتە بىلىندى. بىزگە ئۆگىتىلگىنىچە بولغاندا بۇ خەلقارالىق بايرام بولغاچقا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە بايراملىق كەيپىيات بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇندىن كېيىن ماڭا خەلقئارالىق دەپ ئۆگىتىلگەن بايرام كۈنلىرىگە دىققەت قىلدىم. 8- مارت خەلقئارالىق ئاياللار بايرىمى، بىرىنچى ماي خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى دېگەندەك بىزگە «خەلقارالىق» بولغان بايراملار ئامېرىكىدا قۇتلانمايدىكەن. 8- مارت ئاياللار بايرىمنى 1857-يىلى چىكاگودا ئايال ئىشچىلارنىڭ نامايىش قىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن بېكىتىلگەن بايرام دەپ ئۆگەنگەندەك قىلغانىدىم. ئەپسۇس، ھازىرقى چىكاگولۇقلار بۇنداق بايرامدىن بىخەۋەر ئىكەن. پەقەت ئاياللار بايرىمى كۈنى ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر مۇنبىرىدە بىر قانچەيلەن ئاياللار بايرىمى ھەققىدە مۇنازىرە قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن تۈركىيەدە تەتقىقاتتا بولغان يىللىرىمدىمۇ بىزدىكى خەلقئارالىق بايراملارنىڭ تۈركىيەدە قۇتلانمىغانلىقىدىن ھەيران قالغان ئىدىم. تۈركىيەدە بالىلار بايرىمى 29- ئاپرېل ئىدى. ئاياللار بايرىمى، ئەمگەكچىلەر بايرىمى دېگەن گەپلەر يوق ئىدى. پەقەت ماينىڭ بىرىنچى كۈنى ئەنقەرەدىكى قىزىل ئاي مەيدانىدا كومۇنىست ياشلار ماركس، لېنىن، ماۋزېدوڭ قاتارلىقلارنىڭ رەسىمىنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلغانىدى. ئۇ كۈنى ئون يىگىرمە ئادەمنىڭ «ئىنتېرناتسىئونال مارشى»نى ئوقۇپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى توۋلىغان شوئارلىرى كوچىدىكى ھېچ كىمنىڭ دىققىتىنى تارتالمىغان ئىدى.

پەقەت ساقچىلارلا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە خوشياقمىغاندەك قاراپ تۇرۇشاتتى. ئەسلى بىزدىكى «خەلقئارالىق» دېيىلگەن بايراملار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى سوتسىيالىزىم لاگېرىغا مەنسۇپ دۆلەتلەردە بىر مەزگىل قۇتلانغان بولۇپ ھازىر ئاللىقاچان سۇسلاپ يوقاشقا يۈز تۇتقان خاتىرە كۈنلەر ئىكەن.

ئامېرىكىدا بىزدىكىدەك ھەممە ئادەم قۇتلۇقلايدىغان بىرمۇ خەلقئارالىق بايرام يوقكەن. ئەگەر بار دېيىلسە مىلاد (روژدىستۋا) بايرىمىنى كۆرسۈتۈش مۇمكىن. بىزدە قۇتلۇنۇۋاتقان ئاشىق مەشۇقلار بايرىمىنىڭ داغدۇغىسى ئامېرىكىدىكىسىنى بېسىپ چۈشكەندەك ھېس قىلىپ قالدىم. 90- يىللارنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ ئۇنۋېرسىتېتىدە ماگىستىرلىقتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا بۇ بايرام كۈنى ئۈرۈمچىدە بىر تال ئەتىرگۈلنىڭ باھاسى ئون سومدىن بولغان ئىدى. گۈللەرنىڭ ئۇنۋېرسىتېتنىڭ ئىشىك ئالدىدىلا سېتىلغىنىنى ئېسىمدە. ۋەتەنگە قايتقان تۇنجى يىل بۇ بايرام كۈنى تاسادىپىي دوستلار يىغىلىپ قاپتۇق. ئاشخانا جۈپلەر بىلەن تولغان بولۇپ بىر گۈلچى بالا بىزنىڭ شىرەيىمىزگىمۇ كېلىپ گۈل ساتماقچى بولدى. دوستلار شۇ ئان مەندىن ئامېرىكىدا بۇ بايرامنىڭ قەشقەردىكىدەك قىزغىن كەيپىياتتا قۇتلۇنۇدۇغان قۇتلانمايدىغانلىقىنى سورىدى. ئويلاپ باقسام 2-ئاينىڭ 14- كۈنى بىزنىڭ نورمال دەرس ئوقۇيدىغان كۈنىمىز ئىدى. كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى ئادەتتىكىچە بولۇپ كوچىلاردا گۈل كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلارنى كۆرگۈنۈم ئېسىمدە يوق. مەكتىپىمىزدە ياكى شەھىرىمىزدە بىر ئالاھىدە بايراملىق كەيپىياتنىڭ بولغىنىنىمۇ ئەسلىيەلمىدىم. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن ئاشىق مەشۇقلار بايرىمى كۈنى ۋە 8- مارت ئاياللار بايرىمى كۈنى ئاشخانىلارنىڭ قىستاڭلىقىدىن بېشىم قېيىپ كەتتى. باشلانغۇچتا ئوقۇيدۇغان بىر قىز ئوقۇغۇچۇم ئاياللار بايرىمى كۈنى سىرىتتا تاماق يېگىلى چىقالمىغىنى ئۈچۈن يىغلاپ كېتىپتۇ. دېمەك، ئامېرىكىدەك دۇنيادا ھەممە ئادەم بىلىدىغان دۆلەتتە تەبرىكلەنمىگەن ئاتالمىش خەلقئارا بايراملار خەلقئارا

جەمىيەتتىن ئەڭ ئۈزاق تەكلىماكان بويىلىرىدىكى كىشىلىرىمىزنىڭ كاللىسىغا ئاللىقاچان ئورناپ كېتىپتۇ. كىشىلەر ئاشىق مەشۇقلار بايرىمىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ھەققىدە گەپ بولسىلا «ياشلارنىڭ غەرپلىشىپ كەتكەن»لىكلىرىدىن ۋايسايدىكەن. مەنچە ياشلارنىڭ ئاشىق مەشۇقلار بايرىمى ئۆتكۈزۈشىنىڭ غەرپ بىلەن ھېچ بىر ئالاقىسى يوق. غەرپتە ئانچە قۇتلانمايدىغان بايرامنى ئۈزىچە قۇتلۇقلاپ كېتىۋاتقان ياشلار غەرپتە بۇ بايرامنىڭ داغدۇغىسىز ئۆتۈدۇغانلىقىنى مەنچە بىلمەيدۇ. بۇ پەقەت ئىچكىرىدىكى سودىگەرلەر مەقسەدلىك پەيدا قىلغان بايراملىق ئىستىمال قىزغىنلىقىنىڭ خەنزۇلاردىن ئۇيغۇرلارغا سىڭىشى خالاس. ئاياللار بايرىمى ۋە بالىلار بايرىمىنىڭ ئومۇملۇشۇشى مەنچە پىلانلىق تەشۋىقاتنىڭ نەتىجىسى. ئۇنىدىن باشقا ئاشىق مەشۇقلار بايرىمى، مىلاد بايرىمى قاتارلىقلارنىڭ ئومۇملۇشۇشىدا پۇلتاپارلارنىڭ بايرام كەيپىياتى شەكىللەندۇرۇپ ئىستىمالنى قوزغۇتۇشقا تىرىشىشى ئاساسى سەۋەب. يەنە بىر ياندىن قارىساق بۇ خەنسۇلاردىكى غەرپچە بايرام قىزغىنلىقىنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى ئەكس ساداسى بولۇشى مۇمكىن.

ئامېرىكىدا مېنى ئەڭ سۆيۈندۈرگەن بايرام 1960 ـ يىللاردىكى ئامېرىكا قارا تەنلىكلەر رەھبىرى مارتىن لۇتىر كىڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە بېغىشلانغان بايرامدۇر. بۇ بايرام خۇددى 4- ئىيۇلدىكى ئامېرىكا مۇستەقىللىق كۈنىگە ئوخشاش ئامېرىكىنىڭ رەسمى دۆلەتلىك بايرىمى ئىكەن. مەن قارا تەنلىكلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك داھىسى بولغان مارتىن لۇتىر كىڭنىڭ ئامېرىكىلىقلار تەرىپىدىن بەكمۇ ھۆرمەتلىنىدىغانلىقىنى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا ۋىزا ئالغىلى بارغاندا بىلگەنىدىم. شۇ يىلى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ ئىشىك ئالدىغا مارتىن لۇتىر كىڭنىڭ چوڭايتىلغان رەسمى ئەينەك جاھازغا ئېلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن. ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن مارتىن لۇتىركىڭ بايرىمىدا تېلېۋىزورلاردا ئۇنىڭ نۇتقى، ھاياتى ۋە كۆرەشلىرىنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىنىڭ بېرىلگەنلىكىنى كۆردۈم. 1996-يىلىدىكى ئامېرىكىنىڭ ئاتلانتا شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەركەت يىغىنىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدا مارتىن لۇتىر كىڭنىڭ «مېنىڭ ئارزۇيۇم» دېگەن مەشھۇر نۇتقى ئاڭلىتىلغانىكەن.

قارا تەنلىك ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەق ھوقۇقلىرى ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان مارتىن لۇتېر كىڭدىن پۈتكۈل ئامېرىكا خەلقى غۇرۇرلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە بايرام قىلىدۇ. ئامېرىكىلىقلار ئۇنىڭ دۇنياۋى قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ ئادالەتسىز قانۇنىغا قارشى چىقالىغان، ئۇنى ئۆزگەرتەلىگەن باتۇرلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ھاياتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە، بىر ئۆمۈرلۈك كۆرەشلىرى نەتىجىسىدە ئامېرىكا ئاق تەنلىكلىرىگە ئىنسانلارنىڭ ئىرقى، مىللىتى سەۋەبلىك چەكلەنمەسلىكى، ئايرىمچىلىققا مەھكۇم بولماسلىقى كېرەكلىكىنى ئۆگەتتى. نەتىجىدە مارتىن لۇتېر كىڭ ۋە ئۇنى قوللىغان ئامېرىكىنىڭ تۇنجى كاتولىك پرېزىدېنتى كېننېدىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە ئامېرىكا قارا تەنلىكلىرى ئاق تەنلىكلەر بىلەن ئۈزۈل كېسىل باراۋەر ياشاش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. مارتىن لۇتېركىڭ ھىندىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ داھىسى ماھاتما گەندىنىڭ زوراۋانلىقسىز قارشىلىق كۆرسۈتۈش ھەرىكىتىدىن رىغبەتلىنىپ تىنچ نامايىش قىلىش شەكلى بىلەن بىر پاي ئوقسىز ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنياغا ساقچىلىق قىلىۋاتقان قۇدرىتى ئۈستىدىن غالىپ كەلدى. ئەڭ موھىمى ئاق تەنلىك ھۆكۈمرانلارغا زۇلۇم، زورلۇق، باستۇرۇش ۋە غاپىل قالدۇرۇشلار بىلەن بىر خەلقنىڭ ۋىجدانىنى بويسۇندۇرغىلى،بەربات قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇتتى. ئاق تەنلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ قارا تەنلىكلەر ھەققىدىكى ئويلاش ۋە ئىشلەش ئۇسۇلىغا تەسىر كۆرسەتتى، ئاق تەنلىكلەرنىڭ نەزىرىدە ئىنسان سانالمايۋاتقان قارا تەنلىكلەرنىڭ ھەق ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلغۇزدى. مارتىن لۇدىر كىڭ قارا تەنلىكلەرنىڭ قاراپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ھوقۇقلىرىنى ئاۋۋال ئافرىقىلىقلار پۈشتىنىڭ ئېسىگە سالدى، ئاندىن ياۋروپالىقلارنىڭ پۈشتىنى بۇ ھوقۇقلارنى قايتۇرۇپ بېرىشكە چاقىردى ۋە مەجبۇر قىلالىدى. ئۇ دۇنيادىكى مەزلۇم خەلقلەرگە ھوقۇقنىڭ سەدىقە قىلىنىدىغان ئەمەس تارتىپ ئېلىنىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ يەنە قانۇنلۇق ھوقۇقى دەپسەندىگە ئۇچراۋاتقان بىر خەلق داۋاملىق

سۈكۈتنى ئەۋزەل بىلسە، تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ ئورنىغا تىنچ جان بېقىشنى تاللىۋالسا، ئېتىقادىنى مۇرەسسەسىز قوغداشتىن نەپسانىيەتچىلىكنى قوغلۇشۇشنى ئەلا بىلسە ھەممىشە خارلىقتا مەھكۇم بولۇدۇغانلىقىدىن سۆزلەپ بەردى.

ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدە مارتىن لۇتېر كىڭ ئامېرىكا تارىخىدا مۇستەقىللىق داھىسى جورج ۋاشىڭتون بىلەن تەڭ ئورۇنغا ئىگە. چۈنكى ئۇ رەھبەرلىك قىلغان زورلۇقسىز قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىدىن كېيىن ئامېرىكا تۈپتىن ئۆزگەردى، ئاق تەنلىك سىياسىيونلارنىڭ تەپەككۇرى تولۇق ئۆزگىرىش ياسىدى. مەسىلەن، ئامېرىكا سىياسىيونلىرى مارتىن لۇتېر كىڭ دەۋرىدىن بۇرۇن داشقازان سىياسىتىنى قوللىنىپ باشقا مىللەتلەرنى ئامېرىكانىڭ ئاسمىلاتسىيە قازىنىدا ئېرىتىۋېتىشنى نىشان قىلغان بولسا ھازىر تەخسىلىك سالات ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ھەممە مىللەتنى ئۆز خاسلىقىنى ساقلاشقا دەۋەت قىلىۋاتىدۇ. تەخسىلىك سالات ئامېرىكىدىكى پەرقلىق مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇدلۇق قىممىتىنى ۋە ھالىتىنى ئىنتايىن ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇنىڭدا ھەممە مىللەت ئۆز مەدەنىيىتىنى خۇددى تەخسىدىكى سالاتنى ھەرخىل مېۋە ئۆز تەمى بىلەن تەملىك قىلغاندەك ئۆز خاسلىقىدا ساقلاپ قالىدۇ. ئامېرىكا پەقەت تەخسىنىڭ رولىنى ئويناپ بارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ شۇ تەخسىدىن ئورۇن ئېلىشىغا ۋە ئەسلى تەمىنى ساقلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. مەسىلەن، مەن ئوقۇغان ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قائىدىسى بويىچە ئەگەر بىر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز مەدەنىيىتىنى چۈشەندۈرۈش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرماقچى بولسا مەكتەپ ئىقتىساد، ئورۇن ۋە باشقا جەھەتلەردىن شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا ئۇ ئوقۇغۇچىلار قايسى دۆلەتتىن بولۇشى، سانى ۋە باشقا ئەھۋاللىرى سەۋەبلىك ھېچ قانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا ئامېرىكىدا ئوقۇغان، ياشىغان كىشىلەر تۈرلۈك تۈمەن بايراملارنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە. مەن ئامېرىكىدا ئوقۇش جەريانىدا تۈرلۈك بايراملارغا تەكلىپ قىلىنىدىم، بەزىلىرىنى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كۆردۈم، ئەمما ۋاقتىم ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك پەقەت تۈرك دوستلىرىمىز ئۇيۇشتۇرغان بىر نەچچە قېتىملىق نەۋرۇزلۇق دالا تاماقىغا قاتنىشىشقىلا پۇرسەت تاپالىدىم.

ئامېرىكىدا ئەڭ ئاممىۋى يەرلىك بايرام مىننەتدارلىق بايرىمىدۇر. مىننەتدارلىق بايرىمى ھەر يىلى نويابىرنىڭ تۆرتىنچى پەيشەنبىسى ئۆتكۈزۈلىدۇغان بايرام بولۇپ بۇ كۈن ئامېرىكىدىكى مەكتەپلەر كۆزلۈك تەتىل قىلىدىغان كۈندۇر. مىننەتدارلىق بايرىمى ئامېرىكىغا دىنىي ئەركىنلىك ئىزدەپ كەلگەن ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۆزىگە ياردەمدە بولغان يەرلىك ئامېرىكىلىقلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بەرگەن زىياپىتى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان. مەن تۇنجى يىلى بۇ بايرامنى مەكتىپىمىزدىكى خەلقئارالىق ئوقۇغۇچىلار مۇلازىمەتچىسى جەرى خانىمنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزگەندىم. جەرى خانىم بايرامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە توختۇلۇپ ياۋروپالىق ئاق تەنلىكلەرنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆزىگە يار يۆلەكتە بولغان يەرلىك ئامېرىكىلىقلارنى قانداق يوقاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەك ئەپسۇسلانغانىدى. مىننەتدارلىق بايرىمى خۇددى مىلاد بايرىمىدەك چوڭ ئۆتكۈزۈلىدۇغان بايرام بولۇپ بۇ كۈنى ئامېرىكىدا كىشىلەر ئائىلىلىرىگە جەم بولۇپ كۈركە، كاۋا، قىزىلچا، مەكە چامغۇر (ياڭيۇ) قاتارلىقلاردىن قىلىنغان تاماقلارنى يەيدۇ. (بۇ زىرائەتلەرنى ئەينى چاغدا يەرلىك ئامېرىكىلىقلار ئاق تەنلىكلەرگە قانداق تېرىشنى ئۆگەتكەنىكەن) ئاياللار تۈرلۈك تاماقلارنى پىشۇرۇش بىلەن بەنت بولسا ئەرلەر يىغىلىپ زەيتۇن توپ مۇسابىقىسى كۆرىدۇ. مەن بۇ بايرامنى ھەر يىلى ئامېرىكىلىق دوستلارنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزدۈم. ئامېرىكىدا ئۆتكۈزگەن ئاخىرقى مىننەتدارلىق بايرىمىدا ئايالىمنىڭ ئۇيۇتقان قېتىقى ساھىپخانىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىپ مېھمانلار ئارىسىدا تالىشىپ ئېچىلگەنىدى.

ئامېرىكىدا ئۆتكۈزگەن تۇنجى مىننەتدارلىق بايرىمىدا بىر ئۇيغۇر كەسپىدىشىمدىن ۋە باشقا شىتاتتىكى بىر ئۇيغۇر قېرىنىشىمىزدىن سوغات تاپشۇرۇۋالدىم. ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ كۈننى قانداق ئۆتكۈزۈدۇغانلىقىدىن خەۋىرىم بولمىغاچقا ئالغان سوۋغىتىمغا يارىشا ھەدىيە ھازىرلىمىغىنىمغا ئۆكۈنۈپ قالدىم. كېيىنكى مىننەتدارلىق بايرىمىدا مەنمۇ

ئالدىن ھەدىيە تەييار قىلدىم. قارىسام ئامېرىكىدىكى تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مىننەتدارلىق بايرىمى كۈنى ئامېرىكىلىقلارغا ئوخشاش سوۋغات تەقدىم قىلىش خېلى ئومۇملىشۇپ قاپتۇ. ئەمەلىيەتتە مۇشۇنداق بايرام ۋە مۇراسىملار ئىنسانىنىڭ كىملىكىنى مۇقۇملاشتۇرۇشتا ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. مىلاد بايرىمىدا سوۋغات ئېلىپ، بايراملىق كىيىنىپ چوڭ بولغان ئۇيغۇر بالا ئۆزىنى مىننەتدارلىق بايرىمىدا سوۋغات تەقدىم قىلغان ئامېرىكىلىق دوستلىرى بىلەن ئورتاق كىملىككە ئىگە دەپ چۈشىنىدۇ.

دادىسى بىلەن ھېيت نامىزىغا بارغان ئۇيغۇر پەرزەنت ئۆزىنى مەسجىدتە بىر سەپتە تۇرغان، قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن، ئەركىلەتكەن، ھېيتلىق بەرگەن ئۇيغۇر كىشىلەر بىلەن قېرىنداشتەك ھېس قىلىدۇ. مىلاد بايرىمى ئۆتكۈزۈپ چوڭ بولغان ئۇيغۇر بالا ئامېرىكان بولىدۇ، قۇربان ھېيتتا ناماز ئوقۇغان، تۇپراق بېشىغا چىققان، نەزىرگە داخىل بولغان، قۇربانلىق قوينىڭ پۇتىنى تۇتۇپ بەرگەن پەرزەنت ئۇيغۇر بولىدۇ. 90-يىللاردا چەتئەل كۆرگەن ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ئۇيغۇرنىڭ مۇراسىملىرىنى قالاقلىقا چىقارغان بولسا، 2000-يىللاردا ئەرەب دۆلەتلىرىدە ئوقۇغان ئۇيغۇر ئۆلىمالىرى ئۆرپ ئادىتىمىزنى بىدئەتكە چىقارماقتا. بىزنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىقىمىزنى شەكىللەندۈرگەن مۇراسىملارنى ھەركىم ئۆز مەيلىچە ئىزاھلاپ ئارىمىزغا تەپرىق، ئۈمىدسىزلىك ۋە دىلغۇللۇق ئۇرۇقلىرىنى چاچتى ۋە چېچىۋاتىدۇ. قىلغىلى ئىشى يوقتەك تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلىپ ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىدىغان ئۇيغۇرنى بۈگۈنكى بەزى ئۆلىمالار داستىخاندىن گەپ قىلماي قوپۇپ كېتىدىغان ئىسلاھاتچىلىققا دەۋەت قىلماقتا. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقان ئۆلۈم نەزرىسى، قۇربان ھېيت نەزرىسى قاتارلىقلارنىڭ ئېتى نەزىر بولسىمۇ ئەسلىدىكى دىنى مۇراسىم شەكلىدىن ئۇيغۇرچە مىللىي مۇراسىمغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇيغۇردا نەزىر قىلىش ئەرەبچىدىكى مەنىسىنى يوقۇتۇپ «تاماق تارتماق» دېگەن مەنىگە ئۆزگۈرۈپ بولغانىدى. شۇڭا ئابدۇقادىر داموللام، ئابدۇلئەزىزخان مەقسۇم، چىڭگىزخان داموللام، زەرىپ قارىھاجىم (قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەپسىرلىك تەرجىمىسىنى ئىشلىگۈچى) قاتارلىق بىر ئەۋلاد ئىسلام ئالىملىرىمىز بۇلارنى بىدئەتكە چىقارمىغان، ئىسلاھ قىلماقچى بولمىغان. ئاقىللىغا ئايدىڭكى، ئۆلۈم

نەزىرىسىگە بارغان ئۇيغۇر پولو يېگىلى بارمايدۇ، ھېيىت نەزىرىسىگە داخىل بولغان ئۇيغۇر يوقسۇللۇقتىن ئۇنداق قىلمايدۇ. بۇلار بىرخىل ئۇيغۇرچە مېھماندارچىلىق جەريانى، مىللىي مۇراسىم بولۇپ ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ ھەمكارلىقى، پىكىرداشلىقى ۋە بىرلىكىنى مۇستەھكەملەيدىغان پۇرسەت ۋە سورۇن. ئەقىل ۋە پەزىلەتتە كامىل بىر ئەۋلاد ئۆلىمالىرىمىز بۇنى بىلگەچكە ئىسلاھاتنى مائارىپتىن يەنى بىلىمسىزلىكنى، نادانلىقنى يوقۇتۇشتىن باشلىغان، مىللىي ئۆرپ ئادەتنى بىدئەتكە چىقىرىشتىن باشلىغان ئەمەس. پەرزەنتلەرگە ئەخلاق، قائىدە، ئېتىقاد ۋە قېرىنداشلىقنى ئۆگۈتۈدۇغان نەزىر، مەشرەپ ۋە نورۇزلىرىمىزنى بىدئەتكە چىقىرىپ چەكلىگەنلىك پەرزەنتلەرنى بولۇپمۇ ئون سەككىز ياشتىن تۆۋەن، دىنى پائالىيەت سورۇنلىرىغا ئىشتىراك قىلالمايدىغان كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرىنى مىللىي مەسلىكىمىزدىن يىراقلاشتۇرغان بىلەن باراۋەر. قەشقەردە بولۇپمۇ شەھەر ئىچىدە تويدا يىگىتلەرنىڭ ئۇسسۇل ئوينىشى بىدئەت دەپ چەكلىنىپتۇ، ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئاچىدىغان ياشلار ھازىر بىر ئۆيگە تىقىلىۋېلىپ قىمار ئوينايدىكەن. پەرزەنتلەرگە ياخشى يامانىنى، توغرا خاتانى ئۆگۈتۈدۇغانغا، كۆندۈرۈدۇغانغا نەزىرگە ئوخشاش قانۇنلۇق يىغىلىش سورۇنى بولمىسا، بوۋىلاردىن قالغان مىڭ نەچچە يۈز يىللىق مەنىۋىي مىراسنى نەدە، قانداق ئۆگەتكىلى بولۇدۇ؟ بايراملار، مۇراسىملار ۋە ئۆرپ ئادەتلەر كىشىلەرنىڭ كىملىكىنى بېكىتىدۇ، ئىزھار قىلىدۇ ۋە رۇشەنلەشتۈرىدۇ. دېمەك، ئامېرىكىدىكى بايراملار ئاللىقاچان شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغىلىۋېتىپتۇ. بۇ بايراملار بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇراسىملار ۋە يوسۇنلار ئۇيغۇر بالىلارنىڭ ئامېرىكانلىشىشىغا سورۇن ھازىرلاۋېتىپتۇ.

# ئامېرىكىلىقلار ۋە ئۇيغۇرلاردا ئات ۋە تۇمۇر ئات

تەرەققىي قىلغان دۆلەتتە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا بار ھەممە نەرسە تەرەققىي قىلىۋاتقان ياكى تەرەققىياتقا ئىنتىلىۋاتقان ئەللەردىكى كىشىلەرنىڭ نىشانىغا ئايلىنىدۇ. تەرەققىي قىلغان ئەللەردىكى كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان تۈرلۈك بويۇم ۋە ئەشيالار تەرەققىياتقا تەلپۈنۈۋاتقانلارنىڭ نەزىرىدە بايلىقنىڭ، ھالاۋەتنىڭ ۋە ئىجتىمائىي سالاھىيەتنىڭ بەلگىسى دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن، ماشىنىلىق بولۇشنى ئالساق، بۇ ئوخشىمىغان ماددىي تەرەققىيات سەۋىيىسىدىكى دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە ئوخشىمىغان مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. تۈركىيەدىكى چېغىمدا تۈركىيەگە يېڭى كەلگەن بىر دوستۇم «بۇ تۈركلەر شەخسىي ماشىنىسىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنى پۇلۇم يوق دەيدىكەن» دېگەنىدى. مەنچە بۇ ۋەتەندىكى باي كەمبەغەللىكنىڭ بەلگىسى بولغان ماشىنىلىق بولۇشنى چەتئەلگە تەدبىقلىغانلىق. ئەگەر ماشىنىسى بولۇشنى بايلىقنىڭ بەلگىسى دەپ تونۇشقا توغرا كەلسە ئامېرىكىدا كەمبەغەل ئادەم يوق بولۇپ چىقىدۇ. تەرەققىياتى ئارقىدا ياكى تۈيۈقسىز بېيىغان دۆلەتلەردە كىشىلەر تەرەققىياتتا ئالغا كەتكەن ئەللەردىكى كىشىلەر ئېرىشكەنگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ-يۇ، جەمىيەتتە شۇنىڭغا ماس ماددىي، ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى شارائىت ھازىرلانغانمۇ-يوق دېگەننى ئويلاشمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ماشىنىلىق بولۇش يېڭىدىن مودىغا ئايلانغان جايلاردا يوللار قىستاڭ ۋە ئۆلچەمسىز، ماشىنا توختىتىش مەيدانلىرى يېتەرسىز، قاتناش قائىدىسى ئېتىبارسىز، ماشىنىلىقلار ساپاسىز بولغاچقا بىر قىسىم كىشىلەر ماشىنا سېتىۋاللىغان بىلەن تەرەققىي قىلغان ئەللەر كىشىلىرىدەك ماشىنىلىق بولۇشنىڭ ھوزۇرىنى يەنىلا سۈرەلمەيدۇ.

ئامېرىكىدا ماشىنا ھەيدەش قورامىغا يەتكەنلىكىنىڭ، مۇستەقىللىقىنىڭ، خۇسۇسى ھاياتىنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ بىشارىتى. ئامېرىكىدا بالىلارنىڭ ئەڭ ئارزۇ قىلىدىغىنى 16 گە كىرىش ئىكەن. چۈنكى بالىلار 16 ياشتىن كېيىن ماشىنا ھەيدەش ۋە ئىشلەشكە يول قويۇلىدىكەن. ئامېرىكىلىقلار ئادەتتە بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى ماشىنىسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدىكەن. بىر يەرگە بارماقچى بولۇپ يول سورۇغانلىرىمدا ئامېرىكىلىقلار مېنى ماشىنىلىق تەسەۋۋۇر قىلىۋېلىپ «ئىككى مىنۇتتا بارىسەن ياكى بەش مىنۇتتا بارىسەن» دەپ قويۇشاتتى. «مېڭىپلا بارسام بولغۇدەكقۇ» دەپ ئويلاپ ماڭغىنىمدا يېرىم سائەتتە ئاران يېتىپ بارىمەن. ئامېرىكىلىقلارنىڭ ماشىنىغا بولغان سەۋدالىقى ماشىنىنى قىز بالىنى چاقىرغاندەك ئۈچىنجى شەخس ئاياللىق شەكلىنى ئىشلىتىپ چاقىرغانلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئامېرىكىلىقلار ئادەتتە بىر بىرىگە باشقا نەرسىسىنى بېرىپ تۇرۇشى مۇمكىن ئىكەن، لېكىن ماشىنىسىنى ئارىيەتكە بەرمەيدىكەن. ئەگەر سوتقا بېرىپ قالسىڭىز ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ماشىنا ھەيدەش سەۋەبلىك سوتقا تارتىلغانلىقىنى بايقايسىز. كۆپىنچىسى ياكى سۈرئەتنى ئاشۇرىۋەتكەن ياكى تاسمىسىنى باغلىمىغان ياكى يېشىل چىراق يېنىشتىن بۇرۇن مېڭىپ تاشلىغان بولۇپ چىقىدۇ.

ئامېرىكىدەك ماشىنا شۇنچە ئومۇملاشقان دۆلەتتە قاتناش ھادىسىسىدە قازا قىلغانلارنىڭ پەۋۋقۇلاددە ئازلىقى كىشىنى ھەيران قىلىدۇ ۋە سۆيۈندۈرىدۇ. مەسىلەن، مەن تۇرغان لاۋرېنس شەھرىدە ئىككى يىل جەريانىدا قاتناش ھادىسىسىدە ئۆلگەن بىرمۇ ئادەمنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىمىدىم. بۇنىڭ سەۋەبىنى تەرتىپ ۋە قائىدىنىڭ ئامېرىكىدا كىشىلەرنى ئۈنسىز باشقۇرالايدىغانلىقىدىن ئىزدەش مۇمكىن. ۋەتەنگە قايتىپ كۆردۈمكى، بىر ئاي ئىچىدە بىزنىڭ ناھىيىدىن، بىزنىڭ تۇغقانلار ئىچىدىن تۆرت ئادەم قاتناش ھادىسىسىدە قازا قىلدى. ئامېرىكىدا كىشىلەرنىڭ ماشىنالىق بولۇشى بىلەن

قاتناش قائىدىسىنىڭ ئومۇملۇشۇش سۈرئىتى ئوخشاش بولغان. ۋەھالەنكى بىزدە ماشىنالىق بولۇش بىر قىسىملاردا ئومۇملاشقان بىلەن قاتناش قائىدىسىگە ھەرقانداق شارائىتتا رىئايە قىلىش ئېڭى تېخى ھېچكىمدە شەكىللەنمىگەن. جەمئىيەت تۈزۈلمىسى كىشىلەرنى تۈزۈمدىن، قانۇندىن ئەمەس باشلىقتىن، ئىجراچىدىن قورقۇدىغان قىلىپ قويغاچقا كىشىلەر قاتناش قائىدىسىدىن ئەمەس ساقچىدىن قورقۇدىغان بولۇپ قالغان. ئاقىۋەتتە ساقچى يوق يوللاردا ھادىسە چىقىۋەرگەن. قاتناشقا مەسئۇل ساقچى قاتناش تەرتىپىنى قوغداش، قائىدىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس يانچۇقى ئۈچۈن ئىشلىگەچكە قاتناش قائىدىسىگە ئەمەل قىلىش ئاڭلىقلىقتا ئايلانمىغان. نەتىجىدە قاتناش ھادىسى كۆپىيىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

ۋاشىنگتونغا ساياھەتكە بارغان چېغىمدا ساقچىلارنىڭ ئاتلىق چارلاشلىرى دىققىتىمنى تارتقان ئىدى. ئاتلىق ساقچىنىڭ ئەتراپىغا بالىلار توپلىشىۋالغان بولۇپ ئات ھەققىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. سوراشتۇرۇشۇمچە ئامېرىكىدا بالىلارنىڭ ئارىسىدا ئاتقا ھېرىسمەنلىك يايغىنىكەن. ئامېرىكىدا بايلارلا ئات بېقىش ئىجازىتى ۋە پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدىكەن. قىزىمنىڭ دوستلىرى ئىچىدە ئاتقا ئامراقلار كۆپ بولغاچقىمىكىن قىزىمنىڭ ئويۇنچۇقلىرى ئىچىدە ئات ئەڭ كۆپ ئىدى. بىر يىلى يېڭى يىللىق ساياھەت ئۈچۈن كانزاس شەھىرىگە بېرىپ ئات قوشۇلغان خادىكلارنىڭ شەھەر كوچىلىرىدا مېڭىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ شۇنداق سۆيۈنۈپ كەتتىم. 90-يىللارغىچە قەشقەردە شۇنداق خادىكلار بار ئىدى. بەلكىم بەزىلەرنىڭ كۆزىگە بۇ مەينەتلىك مەنبەسى، قالاقلىقنىڭ بىشارىتى، زامانىۋىيلىقتىن يىراقلىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ تۇيۇلغان بولغىيدى. شۇنداق، ئەپسۇسلۇق يېرى قەشقەر كوچىلىرىدا مېڭىپ يۈرگەن خادىكلار تەرەققىيسىزلىكنىڭ بەلگىسى دەپ تونۇلۇدۇ، ئەمما بۇ خادىكلار ئامېرىكىدا- كانزاس شەھرىدە پەيدا بولسا قالاقلىق تۇيۇلمايدۇ. ھەتتا قەشقەردىكىنى قالاقلىق دەپ تونۇغان كىشىلەر ئامېرىكىدىكىسىنى قىلچە ئۇيالماستىن مەدھىيەلەشكە باشلايدۇ. بىر قەۋم قالاق دەپ تونۇلسا ھەممە نەرسىسى خەقنىڭ كۆزىگە قالاقلىق بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئەڭ خەتەرلىك يېرى مەزكۇر خەلقمۇ شارائىت سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان تۈرلۈك ئىمكانسىزلىقلىرىنى قالاقلىق دەپ چۈشۈنۈشكە

ئۆگۈتۈلىدۇ ۋە شۇنداق ئويلاشقا باشلايدۇ. مەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ماشىنىغا بولغان قىزغىنلىقىنى ئاتقا بولغان سەۋدايىلىقىنىڭ داۋامى دەيمەن. چۈنكى ئامېرىكىلىقلار ئاتقا ئامراقلىق قىلىپ قىزلارغا ئىشلەتكەن سۆزلەرنى ئىشلەتكەنگە ئوخشاش ماشىنىغىمۇ شۇنداق سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ.

مەنچە ئامېرىكىلىقلارنىڭ ماشىنىسى ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئۆي، ئىچ پۇشقى، ئەرمەك ۋە ھەمراھتۇر. ئۇلار ماشىنىدا ئۆزىنى پىيادە ماڭغاندىمۇ بەكرەك بىخەتەر ھېس قىلىدۇ. ئامېرىكىدا ماشىنىدىن چۈشمەي تۇرۇپ بانكا پۇلدانىدىن پۇل ئالغىلى بولىدۇ، تەييار تاماق ساتىدىغان دۇككانلاردىن تاماق، قەھۋە ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى ئالغىلى بولىدۇ. بۇنداق ئورۇنلار ماشىنىلىقلار ئۈچۈنلا لايىھەلەنگەن بولۇپ پىيادىلەرنىڭ بولۇش ئېھتىماللىقى نەزەرگە ئېلىنمىغان. ئامېرىكىلىقلار ماشىنىنى قاتناش قورالى سۈپىتىدە ئەمەس كۆڭۈل ئېچىش ۋە تەنتەربىيە ئەسلەھەسى سۈپىتىدىمۇ ئىشلىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھازىر ئامېرىكىلىقلاردا مودا بولغان ماشىنا مۇسابىقىسى بۇرۇنقى ئات بەيگىسىنىڭ داۋامى بولۇشى مۇمكىن. جاھان ئاتالمىش «تەرەققىيات»لارنى باشتىن كەچۈرۈپ بەك ئۆزگىرىپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ، ۋاھالەنكى ئۆزگەرگىنى ئىنسانلىقنىڭ ئەمەس تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ۋاسىتىلەردۇر. مىسالەن، ئامېرىكىدا بۇرۇنقى ئات بەيگىسىدىكى ئاتنىڭ ئورنىغا ھازىرقى مۇسابىقە ماشىنىسى ئالماشقان خالاس.

ئامېرىكىلىقلارغا ئوخشاش ئۇيغۇرلارمۇ ئاتخۇمار مىللەت. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىمالى ئاسىيانى ئاتلىق كېزىپ يۇرت سورىغان، شەھەر قۇرغان، بازار ئاچقان ئەجداتلىرىمىز دۇنيا تارىخىدا تۇنجى بولۇپ ئاتنى قولغا ئۆگەتكەن مىللەتتۇر. ھېلىمۇ ئۇيغۇر يېزىلىرىدا بالىلارنىڭ تال چىۋىقنى ئات قىلىپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ھازىر ئېشەك ياكى موتوتسىكلىت ئاتقا قارىغاندا بەكرەك كۆزگە چېلىقارلىق، ئەمما بوۋىلىرىمىزنىڭ ئاتقا بولغان مۇشتاقلىقى ئۇلارغا ئۇدۇم بولۇپ سىڭگەچكە شۇ سەۋەبلەر جېنىدا تال چىۋىقنى ئېشەك ياكى موتوتسىكلىت قىلىپ

ئۈنىمايدۇ. بۈگۈنكى ئۇيغۇر ھاياتىدا باغ-ۋاران، ئېتىز- ئېرىق ۋە سۇدا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ چارۋۇچىلىق ھاياتىنىڭ نىشانى بولغان ئاتخۇمارلىق سۈسلىغىنى يوق. قەشقەرگە قايتقاندىن كېيىن كوچا كوي، يېزا مەھەللىلەردە ئات دىدارىنى كۆرۈپ باقماي كاللامغا ئۇيغۇرلار ھايۋانلارنى قاتناش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى قىلىشتىن قول ئۈزگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالغاندىم. بىر كۈنى بىر دوستۇم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئوغلاقنىڭ گېپى چىقىپ قالدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە بىر يەدە ئوغلاق بولغانىنىڭ خەۋىرى چىقىپ بولغۇچە قەيەرلەردىندۇر يۈزلىگەن ئاتلىقلار پەيدا بولۇدۇكەن. بۈگۈنكى ئۇيغۇرلاردا ماشىنا ۋە موتۇتسىكلىت قىزغىنلىقىنىڭ ئەملى ئىقتىسادىي قۇربەتكە ئۇيغۇنسىز دەرىجىدە كۆچۈيۈپ كېتىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتخۇمارلىقىنى مەنبە قىلغان. بۇ ئەھۋال تۈركىيە تۈركلىرىدىمۇ شۇنداق.

ئامېرىكىلىقلاردا ئاتنىڭ ئورنىنى ماشىنا ئېلىشقا يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردا بۇ جەريان يەنى ئات ئېشەكلەرنىڭ ئورنىنى ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ ئىگىلىشى بەكمۇ تېز تاماملاندى. 90-يىللاردا قەشقەر كوچىلىرىدا، خوتەن يېزىلىرىدا، غۇلجا بازارلىرىدا ھارۋا سۆرەپ چاپچىپ يۈرگەن ئاتلارنىڭ ئورنىنى ھازىر تۈرلۈك موتوتسىكلىت ۋە ماشىنىنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك كارنايلىرى ئىگىلىدى. ئاڭلىشىمچە جوڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ مۇتۇتسىكلىت بازىرى ياركەنتتە ئىكەن. ئامېرىكىدا ئاتلىقلارنىڭ ماشىنىلىق بولۇش جەريانى مائارىپنىڭ ئومۇملۇشۇشى، تۈزۈمنىڭ مۇكەممەللىشىشى، قانۇننىڭ مۇپەسسەللىكى بىلەن ماس قەدەمدە تاماملاندى. ۋاھالەنكى ئۇيغۇر جەمىيىتىدە ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ ئومۇملۇشۇشى يۇقارقى ماس ئۆزگۈرۈشلەردىن مۇستەسنا زامانىۋىلىقنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە بىر قانچە يىلدىلا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. كىشىلەر پىيادە ياكى ئات مىنىپ ياشىغان يىللاردا بىلىنمىگەن قانۇننىڭ، قائىدىنىڭ، تەرتىپنىڭ مۇھىملىقى ۋە تۈزۈمنىڭ كەمتۈكلىكى ئەمدى ئاتنىڭ ئورنىنى موتۇتسىكلىت ياكى ماشىنا ئالغاندا بىلىنىشكە باشلىدى. ياۋرۇپا، ئامېرىكا، ياپۇنىيە، كورىيە قاتارلىق ماشىنىلىقلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەردە ئىشلەنگەن ماشىنىلارنى سېتىۋالغىلى بولغان بىلەن ئۇلارنىڭ

ماشىنىلىق بولۇش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن تۈرلۈك قائىدە پرىنسىپ، قانۇن ۋە تۈزۈم جەھەتتىكى ئىلغارلىقلىرىنى سېتىۋالغىلى بولماي قالدى. ئالايلۇق، قانۇنغا پۇلدارمۇ، ھوقۇقدارمۇ ئوخشاش ئەمەل قىلىدىغان بىر يەردە قاتناش قائىدىسىمۇ مۇرەسسەسىز ئىجراقىلىنىدىغان شارائىتتا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاتناش قائىدىسى ئاسانلا ئومۇملۇشىدۇ، نەتىجىدە قاتناش ھادىسىلىرىمۇ تەبىئىي ئازلايدۇ. ئەمەلدارنىڭ نوپۇزى، پۇلدارلىنىڭ پۇلى قانۇننى پايخان قىلىدىغان جايدا قاتناش قائىدىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇ قائىدىلەر خىلاپلىق قىلغۇچىنىڭ سالاھىيىتىگە قاراپ ئېگىلىپ، ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. نەتىجىدە قاتناش قائىدىسىگە ئەمەل قىلىش جەمىيەتتە ئورتاق كەيپىياتقا، ھەر بىر كىشىنىڭ ئاڭلىقلىقىغا ئايلىنىپ كېتەلمەيدۇ. ئاقىۋەتتە قاتناش ھادىسىسىمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ.

مەن ئامېرىكىدا ھەر قېتىم ماشىنىلىقلارنىڭ ھېچ بىر ئادەم، ھەتتا قىزىل چىراقمۇ يوق دوقمۇشلاردىمۇ توختاپ ئەتراپىغا قاراپ يېرىم مىنۇتتەك تۇرۇۋېتىپ ئاندىن ماشىنىسىنى ھەيدەپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە ۋەتەندىكى بىر تەبلىغنى ئەسلەپ قالىمەن. بىر جۈمە كۈنى خاتىپ «“قاتناش ساقچىسىنى كۆرگەندە يېرىم كىلومېتىر نېرىدىن قورقۇشقا باشلايمىزيۇ ئاللاھتىن نېمىشقا قورقمايمىز؟ ئەجەبا قاتناش ساقچىسىنىڭ جەرىمانىسى نەق، ئاللاھنىڭ جازاسى نىسىمىكەن؟» دېگەنىدى. كۈنسىرى كۆپىيىۋاتقان قاتناش قازالىرىنىڭ بىر ئادەمگە ئۈچتىن ئارتۇق ماشىنا توغرا كېلىدىغان ئامېرىكىدا ئەمەس يۇرتلىرىمىزدا كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىگە يېتىشى كىشىنىڭ باغرىنى ئېزىدۇ. بۇنىڭدا بىز يۇقۇرىدا تەھلىل قىلىپ ئۆتكەندەك نۇرغۇن تاشقى، ماددىي سەۋەپ بار. ئۇندىن باشقا ئىچكى مەنىۋىي سەۋەبلەرمۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن، كۆرگىلى بولۇدۇغان مەئىيشەت، كۆرگۈلى بولۇدۇغان كونترول، كۆرگۈلى بولۇدۇغان قورقۇنچ كىشىلەرنىڭ قەلبىنى كۆرگۈلى بولمايدىغان ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى، مەغپىرىتى ۋە ئەمىر مەرۇپلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتتى. بۇ ئانا سۈتى بىلەن تەڭ سىڭدۈرۈلۈدۇغان تەربىيىدىن

مەھرۇم قىلىش سەۋەبىدىن تېخىمۇ ئېغىرلىدى. مەنچە ھەر قانداق كۆرۈنمەس قانۇندىن قورققان ئادەمگە كۆرۈنمەس ئاللاھتىن قورقۇشنى ئۆگەتمەك ئاسان. كۆرۈنمەس ئاللاھتىن قورقۇشنى بىلگەن مىللەت كۆرۈنمەس قانۇنغىمۇ ئەمەل قىلالايدۇ ۋە ھەركىتىدە نامايان قىلالايدۇ. تەربىيە ئىنسانغا بۇنىڭ خالىغان بىرىنى ئۆگىتەلىسە يەنە بىرىنى ئۆگەتمەك تەسكە توختۇمايدۇ. بۇنداق تەربىيەگە ماس ھالدا ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىغا ئەمەل قىلغانلار ئىنچىل خۇشاللىقتا ئېرىشىدىغان، پايدا ئالىدىغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇدۇغان، بۇنىڭ ئەكسىنى قىلغانلار خار بولۇدۇغان شارائىت ھازىرلىنىشى كېرەك. كىشىلەر ئۆزلىرىگە قورقۇنچ، قىيناق، تەھدىت، ۋەسۋەسە ۋە ئازغۇنلۇق سېلىۋاتقانلارنىڭ جازاسىنى ھېچ بىر كۈچ ۋە نوپۇزنىڭ دەخلىسى ۋە مۇرەسسەسىز تارتىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلالايدىغان، كۆرەلەيدىغان موھىتقا ئېرىشىشى زۆرۈر. شۇنداق بولغاندىلا ئىنسان قانۇن ئىجراچىسىدىن ئەمەس قانۇندىن قورقۇدۇغان بولۇدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاتناش ھادىسىسى سەۋەبىدىن كۆپىيىۋاتقان ئۆلۈم-يېتىملەرمۇ شەكسىز ئازىيىدۇ.

# ئامېرىكىلىقنىڭ ۋە ئۇيغۇرنىڭ ۋاقتى

ئامېرىكىغا بېرىپ تۇنجى قېتىم ھەيران قالغىنىم كىشىلەرنىڭ ۋاقىت ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ نەقەدەر ئېنىقلىقى بولدى. ئامېرىكىلىقلارنىڭ خىزمەت ۋاقتى ۋە خۇسۇسىي ۋاقتى شۇ قەدەر ئېنىق ئايرىلغان بولۇپ بۇ ئىككى ۋاقىتنىڭ ھېچ قايسىسىنى باشقىلارنىڭ رۇخسەتسىز ئىشلىتىشىگە يول قويمايدىكەن. بۇ ھەقتە ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغان سۆھبەت مەن بىلەن فاكۇلتېت مۇدىرىنىڭ ئارىسىدا يۈز بەردى. مەن ئارزۇ قىلغان دەرسلەر بىلەن مەن تاللىمىسام بولمايدىغان دەرسلەرنىڭ ۋاقتى دوقۇرۇشۇپ قالغان بولۇپ بۇ ھەقتە مۇدىر بىلەن مەسلەھەتلىشىشكە توغرا كەلگەن ئىدى. مۇدىر بىر قانچە تەكلىپ بېرىپ كۆزۈمگە قاراپ كۈلۈپ قويدى. مەن قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي ئويلۇنۇپ قاپتىمەن. «بىر قارارغا كېلەلمىگەن بولساڭ، مېنىڭ ئىشخانامدا ۋاقتىمنى ئېلىپ ئويلانماي، قايتىپ ئۆزۈڭنىڭ ۋاقتىدا ئويلانساڭ قانداق؟» دېگەندە ئۆزۈمنى تولىمۇ بىئەپ ھېس قىلدىم. شۇندىن كېيىن ئامېرىكىلىقلارنىڭ سۆھبەتلىرىگە دىققەت قىلىدىغان بولدۇم. ئۇلار ھەر قانداق چاغدا بىر ئىشنى قىلغان بولسا قانچە سائەت سەرپ قىلىپ پۈتكۈزگىنى ھەققىدە دېيىشنى ئۇنۇتمايتتى. بىر قېتىم مەن بىر كۈن سەرپ قىلىپ بىلەلمىگەن بىر مەسىلىنى يەنە بىر ساۋاقدىشىمدىن سوراپتىمەن. بىر مەسىلە ئۈچۈن بىر كۈن سەرپ قىلغىنىم ئۇنىڭغا تولىمۇ ھەيران قالارلىق تۇيۇلدى. (ئۆگۈنۈش ئۇسۇلۇمدىكى نامۇۋاپىقلىق سەۋەبىدىن بۇنداق كۈنلۈرۈم خېلى كۆپ ئىدى، ئەمەلىيەتتە) ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خۇسۇسىي ۋاقتى بىلەن خىزمەت ۋاقتى شۇ قەدەر ئېنىق ئاجرىتىلغان بولۇپ ئەتىگىنى سائەت 8دىن كەچ سائەت بەشكىچە بولغان ۋاقىتتىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېلخەتلىرىگە جاۋاپ يازاتتى، تېلېپۇن قوبۇل قىلاتتى. قالغان ۋاقىتلىرىدا ھەم شەنبە يەكشەنبە ۋە

تەتىل كۈنلىرىدە مەكتەپ ياكى دەرسكە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق سۇئاللارنى جاۋاپسىز قالدۇراتتى.

ئامېرىكىلىقلار ھەرقانداق ئىشتا ۋاقىت تىجەشنى ئاساسلىق ئورۇنغا قوياتتى. بىر ئىشنى قىلغاندا ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى تىجەشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشاتتى. دەسلەپ بارغان كۈنلىرىمدە ئوقۇتقۇچىلىرىمغا ئېلخەت يوللىسام ماۋزۇ قويماپتىمەن. بۇنىڭغۇ بىرسى ئەسكەرتمىدى، ئەمما باشقا ئامېرىكىلىقلار بىلەن بولغان ئالاقەم قويۇقلاشقانچە خەتكە ماۋزۇ قويماسلىقنىڭ خەقنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىدىغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بايقاپ بۇرۇن قىلغانلىرىمغا ئۆكۈندۇم. چۈنكى خەتكە ماۋزۇ قويۇلغاندا شۇ خەتنىڭ دەرھال جاۋاپقا لايىق ياكى ئەمەسلىكىنى، موھىملىق دەرىجىسىنى قاراپلا بىلگىلى بولاتتى، ھەم ۋاقىت تىجىگىلى ھەم ئىشنى ئاقتۇرغىلى بولاتتى. ئامېرىكىغا كەلمەستە كومپيۇتېرىمدا ساقلانغان ھۆججەتلەرگە قانداق ئىسىم قويسام تېپىشقا ئاسان بولۇدۇغانلىقى ھەققىدە پەقەت ئويلانمىغان ئىكەنمەن، ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن ھەرقانداق ئىش قىلماقچى بولسام مەنمۇ ئۆزەمنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى ئالمايدىغان ئۇسۇللارغا ئادەتلەندىم.

بىر كۈنى مىززورى شىتاتىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن ئىختىيارسىز كەينىمگە قاراپ ھەيران قالغانتىم. يولدا قۇمدەك كۆپ ماشىنىلار مېڭىۋاتاتتى ئەمەس، سەلدەك ئېقىۋاتاتتى. ناۋادا بىرەر ماشىنا سۈرئىتىنى تۇيۇقسىز ئاستىلاتسا كەينىدىكىسى كېلىپ ئۇسسىمەي قالمايتتى.ئەگەر بۇ يولدا سائىتىگە قانچە كېلومېتىردىن مېڭىش ئېنىق بېكىتىلمىگەن بولسا، يوللار راۋان قىلىپ لايىھەلەنمىگەن بولسا ماشىنىلار قازاسىز يۈرەلەرمىدى؟ مەنچە بۇ ئامېرىكىدا ھەممە نەرسىگە ۋاقىت بويىچە چەك بېكىتىلگەنلىكىنىڭ خاسىيىتى ئىدى. خۇددى يولدا ماشىنىنىڭ بىخەتەر مېڭىشى ئۈچۈن سائەتلىك سۈرئەت چەكلىمىسى بەلگىلەنگەندەك، ئىنساننىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە ۋە ھەر يەردىكى پائالىيىتىگە ئېنىق ۋاقىت چېكى بېكىتىلمىسە، يوللار بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن راۋان، ۋاقىت ۋە پۇرسەت ھەممىمىز ئۈچۈن باراۋەر تەخسىملەنمىسە بىز بۇ يۇمۇلاق شاردا سوقۇشماي، دەخلى قىلىشماي ياشىيالمايتتۇق. ئامېرىكىدا ھەممە ئىشقا ئېنىق ۋاقىت

بېكىتىلگەچكە ھەم تاشيول، تۆمۈر يول ۋە ھاۋا يوللىرى توسالغۇسىز بولغاچقا كىشىلەرنىڭ كېچىكىپ قېلىشى ئويلۇشۇلمايتتى ھەم ئاسانلىقچە قوبۇل قىلىنمايتتى. كىشىلەر بىر يىللىق سەپەر، ساياھەت ۋە تۈرلۈك پائالىيەتلىرىنىڭ ۋاقىت جەدۋىلىنى تۈزۈۋېلىپ ئىشلىرىنى شۇنىڭغا قاراپ ئورۇنلاشتۇراتتى، بىلەتلىرىنى زاكاز قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ كۈندىلىك پاراڭلىرىدا «ئەتە بىر گەپ بولسۇن»، «ھازىرچە بىر نېمە دېمەك تەس»، «ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار»...دېگەندەك ئىبارىلەر قوللىنىلمايتتى. چۈنكى ئۇلارغا ئەتە نېمە ئىش قىلىش ۋە قىلماسلىق، ھازىر نېمە قىلىش كېيىن نېمىنى قىلماسلىق، قايسى ۋاقىتتا قانداق ئىشلارنى قىلىش ئالدىقاچان بېكىتىلىپ بولاتتى. مەكتىپىمىزنىڭ 2014-يىللىق ئۆتكۈزۈدىغان دەرسىنى ھازىر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغانلىقى ئامېرىكىدا ۋاقىتنىڭ قانچىلىك ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلۇدىغانلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك.

ئامېرىكىدا بىر ئادەمنى بىر سورۇنغا ياكى بىرەر ئىشقا تەكلىپ قىلماقچى بولسا ئىككى ھەپتە ياكى ئەڭ بولمىغاندا بىر ھەپتە بۇرۇن دەپ قويۇش ئادەتكە ئايلانغان. ئامېرىكىدىكى چاغلىرىمدا پەقەت تۈرك دوستلۇرۇملا تۈرلۈك يىغىلىش ۋە پائالىيەتلەرنىڭ ۋاقتىنى ئىككى ئۈچ كۈن بۇرۇن ئۇقتۇراتتى. بەزىدە ھىندونوزىيىلىك ياكى ئەرەب مۇسۇلمان باللار بىر ئىشلار ئۈچۈن شۇ كۈنى ۋاقتىمنىڭ بار يوقلۇقىنى سوروشتۇرۇپ تېلېفون قىلىشاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئىنكاسىم ئاساسەن ئۇيغۇرچە بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىن دەپ قويۇشمىغانلىرى خىيالىمغا كىرىپ چىقمايتتى. بىر كۈنى تۈركچە بىلىدىغان، تۈركىيەدە تەتقىقات بىلەن مەشغۇل بولغان بىر پروپېسسور ماڭا تېلېفون قىلىپتۇ. ئېيتىشىچە شۇ كۈنى ئۆيىدە زىياپەت بولۇدىغان بولۇپ مېھمانلاردىن بىرى كېلەلمەس بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئورنىغا مېنى، ئايالىم ۋە بالامنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلماقچى بولۇپتۇ. ئاڭلاپ غۇزژىدە ئاچچىقىم كەلدى. مەن ئامېرىكىدا ياشىغىلى شۇنچە بولغان تۇرۇپ بۇنىڭ ئەدەپسىزلىك ئىكەنلىكىنى بىلمىسەم كاشكى! مۇشۇ ئايالدىن باشقا مەن

ئامېرىكىدا ھېچ كىمنىڭ ۋاقتىنى ئالدىن دەپ قويماي بىرسىنى مېھمانغا چاقىرغىنىنى ياكى مېھمان بولۇپ كەلگىنىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولۇدۇكى، ئامېرىكىدا ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى ئالدىن ئويلۇشۇش، ئىسراپ قىلاسلىق، دەخلى قىلماسلىق ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن.

ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن ماڭا ئەڭ قىس تۇيۇلغىنى ۋاقىت بولدى. ئامېرىكىدا ھەم دەرسىمنى ئوقۇپ، كىتاپلىرىمدىن خاتىرە يېزىپ، بالام ۋە ئائىلىم بىلەن ساياھەت قىلىپ، تۇرك دوستلار بىلەن يىغىلىش قىلىپ يەنە «ئامېرىكىدىكى مۇساپىر تۇيغۇلار» نى يېزىشقا يېتىشكەن ۋاقتىم ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن قەتئىي يېتىشمەس بولدى. مەن قەشقەردە ئامېرىكىدىكىدىن نەچچە ھەسسە ئالدىراش ياشىدىم. ئانام، قېرىنداشلىرىم ۋە يېقىنلىرىم «سەن ئامېرىكىدىكى چېغىڭدا پات پات تېلىپۇن قىلىپ تۇراتتىڭ، موڭدۇشۇپ تۇراتتۇق، قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن يا تېلىپۇنۇڭ، يا يازمىلىرىڭ يوق، يوقاپلا كەتتىڭ...» دېگەن بولدى. مۇشۇلارنى ئويلىسام، خەقلەرگە تۇرمۇش رېتىمى تولىمۇ ئاستا بىلىنىدىغان، ئۆزگىلەرگە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى ئەسلىتىدىغان قەشقەرنى نيۇيوركتىنمۇ ئالدىراش شەھەركەن دېگۈم كېلىدۇ. قەشقەردە ئامېرىكىدىنمۇ ئالدىراش بولۇشۇمنىڭ سەۋەبى، بىرى ۋاقتىم ئۆزۈمنىڭ ئەمەس، ئۇنى خالىغان چاغدا خالىغان ئورگان ۋە خالىغان كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك سەۋەپلەر بىلەن ئىگىلىۋېلىش تەھدىتى مەۋجۇد. يەنە بىرى ۋاقتىنى قەتئىي پىلانلىماق تەس، چۈنكى ئاۋۋال دائىرىلەردە، ئاندىن كۆپ كىشىلەردە ۋاقىتنى پىلانلاش يوق. بۇ ھالدا سىنىڭ پىلانلانغان ۋاقتىڭ باشقىلارنىڭ، جەمىيەتنىڭ، دائىرىلەرنىڭ پىلانسىز ئورۇنلاشتۇرۇشىغا، باھانىسىز توسقۇنلۇقىغا، پەرۋاسىز ئىسراپ قىلىشىغا سەرپ بولغىنى بولغان. سەن بۇنىڭغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر. ئۇيغۇرلادا تېخمۇ ئېنىق قىلىپ دېسەم قەشقەردە ۋاقتنىڭ ئامېرىكىدىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر قانچە ئالاھىدىلىكى بار ئىكەن.

ئۇيغۇرلاردا ۋاقىت بىر ئادەمنىڭ خۇسۇسى مۈلكى، ئۆزىگىلا خاس تەئەللۇقاتى ھېساپلانمايدىكەن. قىزىقارلىق يېرى، مەن تۇرۇۋاتقان قەشقەردە كىشىلەر ھەممە نەرسىنى ھۆكۈمەتنىڭ دەپ قارايدىكەن. مىسالەن، بىر كۈنى

بىر دېھقان ماڭا «بۇ ھۆكۈمەت قىزىقكەن، ئەينى چاغدا ئۆزى بىكارغا بەرگەن يەرنى ئەمدى بىزدىن پۇل بېرىپ قايتۇرۇۋېلىپ باردۇ» دېگەنىدى. ئوپالدا كىشىلەر مەھمۇد قەشقەرى مەقبەرىسىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۇلۇغلاپ چىۋىننىڭ قانىتى چاغلىق مەينەتنى يېقىن يولاتماي كەلگەن. 80- يىللاردا ھۆكۈمەت ئىگە بولۇپ مەبلەغ چىقىرىپ قايتا ياسىغاندىن كېيىن قەبرىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى مۇقەددەسلىكى نېمىشقىدۇر تۈۋەنلەپ ساياھەت ئورنىغا ئايلىنىپ قالدى. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن پات پات زىيارەتكە چىقىپ تۇرىدىغان بولدۇم، ھەر چىقسام يالتىراق خالتا، سۇ بوتۇلكىلىرى قاتارلىق ئەخلەتلەر كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىدۇ. بىر قېتىم شۇ مەھەللىدىكى بىرەيلەنگە، «بۇ بىزنىڭ ئۇلۇغلىرىمىز ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ زاتنىڭ قەبرىسى بولغاندىكىن خەق تازىلىمىسا سىلەر بولساڭلارمۇ سۈپۈرۈپ تۇرساڭلار بولمامدۇ؟» دېدىم. «قەبرە ھوكۈمەتنىڭ، ھۆكۈمەت بەلەت سېتىپ پۇل تېپىۋاتقان مەھمۇد قەشقەرى مازارىنى بىز تازىلامتۇق!» ئۇ دېھقاننىڭ دېگەنلىرى ھەقلىق ئىدى، ئەمما ماڭا «مەھمۇد قەشقەرى ھۆكۈمەتنىڭ» دېگەن گەپ بەك غەلىتە ئاڭلاندى. بۇنى قەشقەردىلا شۇنداقمىكىن دېسەم بىر ئىتوتتا ھېلىقى چوڭ ئەيسانىڭ خەقنىڭ ئۆيىگە كىرىۋېلىپ «ھۆكۈمەتنىڭ ئۆيى بۇ! چىقساق تەڭ چىقىمىز»، دېگەنلىرى ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىمدە. ئادەملەرنىڭ ئېڭىدا ھەممە نەرسە ھۆكۈمەتنىڭ دېگەن قاراش ئومۇمىيۈزلۈك بولغاچقىمۇ ئىنساندا باشقىلارغا بەرگىلى بولمايدىغان، باشقىلار بىلەن ئورتاقلاشقىلى بولمايدىغان، باشقىلار تارتىۋالسا بولمايدىغان نەرسىنىڭ بارلىقى ئاسانلىقچە ئېتىراپ قىلىنمايدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە مەندىن ئەڭ جىق تارتىۋېلىنغىنى مېنىڭ شەخسىيىتىمگە تەئەللۇق بولغان ۋاقتىم بولدى. ۋاقتىم شۇ قەدەر كوللىكتىپلاشتى ۋە ئاممىۋىيلاشتىكى يازىدىغانلىرىم ھەققىدە جىمجىت خىيال سۈرۈدۈغان ۋاقتىم كەڭرى بولماي قالدى. ھۆكۈمەتنىڭ دەپ قارىلىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئوخشاش ۋاقتىممۇ توختىماي باشقىلارنىڭ ئىگىلىۋېلىشىغا، تاجاۋۇزىغا، بىپەرۋالىقىغا، ئىسراپ

قىلىشقا نىشان بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇردا خۇسۇسىي ۋاقىت دېگەن ئۇقۇم ئېنىق بولمىغاچقا بىرەر ئىش ياكى پائالىيەت ئۈچۈن ۋاقىتنى ئۆز مەيلىچە پىلانلىغىلى، خالىغانچە ئورۇنلاشتۇرغىلى بولمايدىكەن. كىشىلەر خىزمەت كۈنلىرىدىلا ئەمەس شەنبە يەكشەنبىلىرىدىمۇ ھۆكۈمەتكە ئالاقىدار خىزمەت بىلەن ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆرپ- ئادەتكە ياتىدىغان بىر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇدۇكەن. بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ كەلگۈسى، ئارزۇسى، پەرزەنتىنىڭ ئىستىقبالى، ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئويلاشقا، پىلان تۈزۈشكە ۋاقتى چىقمايدىكەن. خىزمەت ۋاقتى بىلەن خۇسۇسى ۋاقىتنى ئايرىشقا پۇرسەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي پىلانى ئاساسەن بولمايدىكەن. مەن خىزمەتكە چىقىپ بولغانلارنىڭ خىزمىتى يىراقتا بولسا يېقىنغا، يېزىدا بولسا شەھەرگە يۆتكەش، نەپىسىز بولسا نەپلىككە ئالماشتۇرۇش، ئەمەلسىز بولسا ئەمەللىك بولۇشقا كۈچەشتىن باشقا پىلانى بارلارنى بەك ئاز ئۇچراتتىم. مەن بىر كۈنلەردە زاۋۇتلاردا بولغاندەك بىر ئىسلاھات بولۇپ ئىشتىن بوشۇتۇلۇپ قالسا ھازىر كادىر ئاتىلىۋاتقان نۇرغۇن كىشىنىڭ ياشاشقا ئامالسىز قالۇدۇغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئۇيغۇرلاردا ۋاقىتنىڭ كونكرىتلىقى ۋە چەكلىكلىكى ھەققىدە تەخىرسىزلىك يوق ئىكەن. بىر ئاغىنىمىزنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىگە بېرىپ شۇنى ھىس قىلدىم. بىر كۈن كەچكىچە ھىچ ئىش قىلماي، قول باغلاپ دوستىمىزغا ھەمراھ بولۇشتىن باشقىغا يارىمىدۇق. مەنغۇ بىر كۈندىن كېيىن قايتتىم، باشقىلار بىر قانچە كۈننى شۇنداق ئۆتكۈزدى. مەسىلە شۇنداق ئاددى. نەزىر ۋاقتى بېكىتىلسە، ھەممە ئادەم نەزرىگە ۋاقتىدا كەلسە، مېھمانلارغا قارىشىدىغان ئىشلارنى قىلىشىپ بېرىپ ئىشىمىزغا راۋان بولساق تامامەن بولۇدۇغان ئىش. ئۆلۈم بولۇۋاتسا بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ ئۆلۈم چىققان ئۆينىڭ ئالدىدا قاملىشار قاملاشماس چاخچاقلارنى قىلىپ كۈلۈشۈپ ئولتۇرۇشتىنمۇ تەربىيىسىزلىك بولامدۇ جاھاندا! بۇنداق ۋاقىتنىڭ چېكى بېكىتىلمىگەن سورۇن ۋە مۇراسىملاردىكى ۋاقىت ئىسراپچىلىقى كىشىلەرنى قىمارۋازلىققا سۆرىگىلى تۇرۇپتۇ. تويدىمۇ، چايدىمۇ شۇ قىمار. ئېتى چىرايلىق قىلىپ قەرت دەپ ئاتىلىدىكەن، ئەمما ئۇتۇش ئۇتتۇرۇش

ھەممىلەنگە ئايدىڭ. ئۇيغۇرلاردا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇچۇن ۋاقىت تۈگەپ كېتىدىغان نەرسە، ئۇنۇم يارىتىدىغان نەرسە، نەتىجە قازىنىشقا كېرەك بولۇدۇغان كونكرېت نەرسە ئەمەس، باش ئايىغى يوق، توختىماي ئايلىنىدىغان، مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدىغان چەكسىز بىر شەيئىيكەن.

ئۇيغۇرلار بىلەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ۋاقىت ھەققىدىكى بۇنداق پەرقلىق چۈشەنچىلىرى ئىگىلىك شەكلىدىكى پەرق، تۈزۈمىدىكى ئوخشىماسلىق ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى تەكشىسىزلىك سەۋەپلىك شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئاساسى ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكى بولغاچقا تەبىئىي موھىتنىڭ چەكلىمىسىگە بەكرەك ئۇچرايدۇ. ھەرقانچە ئالدىرىغان بىلەن زىرائەتلەر بەلگىلىك پەسىلدىلا پىشىدۇ، قويلار ۋاقتى سائىتى كەلمەي تۆللىمەيدۇ، ئۈزۈملەر تىرىشچانلىق بەدىلىگە يىلدا ئىككى قېتىم ھوسۇل بەرمەيدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئۇزاققا سوزۇلغان بۇنداق تەبىئەتكە تايىنىش كىشىلەرنى ۋاقىتنىڭ خوجايىنىغا ئەمەس بويسۇنغۇچىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. ئامېرىكىلىقلار ئېغىر ۋە يېنىك سانائەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن، يېزا ئىگىلىكىنى ئاللىقاچان ماشىنىلاشتۇرغان بولۇپ كىشىلەرنىڭ پائالىيىتى تەبىئەتنىڭ تەسىرىدىن، كونتروللۇقىدىن نىسبەتەن خالى. شۇڭا كىشىلەر ۋاقىتنى ئۆزلىرى كونترول قىلالايدۇ. كىشىلەر ماشىنىلارنىڭ سائىتىگە قانچىلىك مەھسۇلات ئىشلەيدىغانلىقى، بۇلارنى قانچىلىك ۋاقىتتا سېتىپ چىقارسا قانچىلىك پايدا ئالالايدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە. شۇڭا ئامېرىكىلىقلاردا ۋاقىت بايلىق يارىتىشتىكى ۋە ياراتقان بايلىقنى تەخسىملەشتىكى ئاساس. ياللىغۇچى ياللانغۇچىنىڭ ۋاقتىنى سېتىۋالىدۇ، ياللانغۇچى ياللىغۇچىغا شۇ ۋاقىتتا بەلگىلىك قىممەت يارىتىدۇ ۋە شۇ قىممەتتىن ئۆزى سەرپ قىلغان ۋاقىتقا لايىق نىسۋىسىنى ئالىدۇ. ئۇيغۇرلار بىلەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ۋاقىت ئېڭى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ئەمەلىيەتتە سانائەتلەشكەن جەمئىيەتتىكى كىشىلەر بىلەن سانائەتلەشمىگەن جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ۋاقىت قارىشى ھەققىدىكى پەرقتىن ئىبارەت.

# ئامېرىكىلىقلار ۋە ئۇيغۇرلاردا دىنىي ھايات

ــ ئامېرىكىلىقنىڭ ۋە ئۇيغۇرنىڭ خۇداسى

مەن كۆرگەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا دىن سالماقلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. قايسى شەھەرگە بارسىڭىز شەھەرنىڭ ئەڭ مەركىزى رايونىدا كۆركەم ۋە ھەيۋەت قىلىپ سېلىنغان چىركاۋلار كۆزگە چېلىقىدۇ. ئامېرىكىدا داڭق چىقارغا ناخشىچىلار دائىم ئۆزىنىڭ تۇنجى سەھنە ھاياتىنى چىركاۋدىن باشلىغانلىقىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. ئامېرىكىدا مەخسۇس دىنى مۇزىكا ئىشلەيدىغان مۇزىكانتلار ۋە ناخشىچىلار بار. دىنىي ناخشا مۇزىكىلار گاسپىل دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىدىن باشقا مەخسۇس دىنىي ئەسەر يازىدىغان يازارلار، دىنىي ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يازغۇچىلار بار. دىنىي تەرغىپ قىلىدىغان تېلىۋىزىيە، رادىيو ئىستانسىلىرى، نەشرىياتلار ۋە گېزىتلەر نۇرغۇن. مەن دىنىي ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يازغۇچى س ئەس لىۋىس دېگەن كىشىنىڭ «نارنىيا» دېگەن كىتاپىنى بىر زامانلاردا ئوقۇغۇنۇم ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئامېرىكىدا بولۇپمۇ مەن تۇرغان شەھەردە كىشىلەرگە ئورتاق بولغان ۋە بىر قەدەر ئېنىق بايقىغىلى بولىدىغان ئىددىيە دىنىدىن ئىبارەت ئىدى. كىشىلەر ئوخشىمىغان دىن ۋە شۇ دىنلار ئىچىدىكى پەرقلىق مەزھەپلەر بويىچە توپ-جامائەتلەرگە بۆلۈنۈپ ئىجتىمائىي ئالاقەدە بولۇشاتتى. بۇنداق مەزھەپلەر ئىچىدە پروتېستانت، كاتولىك، جوھو ۋىتنىسس ۋە مورمىنلار بار ئىكەن. قىزىق يېرى شەھىرىمىزدىكى كورىيەلىكلەرنىڭ مەن كۆرگەنلىرى كاتولىكلار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئايرىم كورىيان چىركاۋى بار ئىكەن. شەھىرىمىزدە كاتولىكلارنىڭ سانى بەك ئاز ئىكەن. شۇ سەۋەپتىن ئۇلارنىڭ بىر چىركاۋى 60-يىللاردا مەسجىد قىلىپ ئۆزگەرتىلگەنىكەن. بىلىشىمچە شەھىرىمىزدە ئىككى مەسجىد بار ئىدى. بىرى مەكتىپىمىز ئىچىدە يەنە بىرى شەھەرنىڭ سودا رايونىدا.

شەھىرىمىزدە كۆزۈمگە بىر قەدەر قىزىقارلىق ۋە ئىسسىق كۆرۈنگەن خرىستىيان دىنىغا مەنسۇپ مەزھەپ مورمىنلار بولىدى. بازاردىكى كوچىلاردا

ناگان ناگاندا مورمىنلار ئۇچراپ قالاتتى. شەھەردە بىر ئاپتوبۇس شوپۇرى مورمىنلاردىن بولۇپ مىنى ھەيران قالدۇرغان ئىدى. چۈنكى باشقىلاردىن مورمىنلار تۇك، تېلىپۇن، ماشىنا... قاتارلىق زامانىۋى ۋاستىلەرنى قوللانمايمىش دەپ ئاڭلىغانىدىم. مورمىنلار ئامېرىكىدىكى خىرىستىيان دىنىغا تەۋە بىر مەزھەپ بولۇپ ئۇلارنىڭ ئاياللىرى چېچىنى تۈگۈپ بېشىغا بىزدىكى كىچىك بالىنىڭ بوينىدىن باغلىۋالىدىغان پوسمىسىنى كىيىپ يۇرۇشەتتى. كۆينەكلىرى ئۇزۇن بولۇپ باشقا بىر قىسىم ئامېرىكىلىق قىز ئاياللاردەك ئوچۇق كىيىنىشمەيتتى. خىرىستىيان دىنىنىڭ مەزكۇر مەزھىپىدە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا يول قويۇلۇدۇكەن. بىر قېتىم تېلىۋىزوردا بىر ئەرنىڭ بەش ئالتە خوتۇنلۇق بولغانلىقىغا دائىر خەۋەرنى بەك كۆپ ۋە ئۇزاق بەرگەنتى.

ئامېرىكىدا مەن ئەڭ كۆپ ئارىلاشقان كىشىلەر تەقۋادارلار بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە خىرىستىيانلارمۇ، خىرىستىيانلىقتىن چېكىنىپ مۇسۇلمان بولغانلارمۇ، ھېچ بىر ئېتىقادى يوقلۇقتىن مۇسۇلمان ياكى خىرىستىيانلىق يولىغا ماڭغانلارمۇ بار. ئامېرىكىغا كەلگەن بىرىنجى ھەپتەم دىندارلارنىڭ زىياپىتىگە قاتنىششتىن باشلاندى. قۇرئانىمىزدا خىرىستىيانلارنىڭ تامىقى ھالال قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ گۆشىسىز غىزالىرىغا ئېغىز تەگدىم. قىزىق يېرى ئامېرىكىغا كېلىپ بىرىنچى قېتىملىق دىندالار ئۇيۇشتۇرغان زىياپەتتە كۆرگۈنۈمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دىنغا ئىشەنمەيدىغان خەنسۇلار بولدى. زىياپەت چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارنى خىرىستىيان دىنىغا قىزىقتۇرۇش مەقسىدىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ شۇنچە كۆپ خەنسۇنىڭ ئارىسىدا ئىككى ئەرەبىستانلىق قىز ۋە بىر كۇۋەيتلىك ئوغۇلنىڭ بولۇشى مىنى قىزىقسىندۇردى. مەن گۆشلەرگە ئېغىز تەگمىگەن بىلەن كۇۋەيتلىك، ئەرەبىستانلىق بالىلار توخۇ ۋە كالا گۆشلىرىدىن بەھوزۇر يىيىشكە باشلىدى. كېيىن مەن ياغلىقلار بىلەن ئورۇنۇپ ئولتۇرۇپ جوڭگو ئاشخانىسىدا تاماق يەۋاتقان مۇسۇلمان قىزلارنى ۋە باشقا ئەرەب ئەللىرىدىن كەلگەن ئوغۇللارنى

جىق كۆردۈم. مەن ۋەتەندە ئارىلاشقان تەقۋادار خىرىستىيانلارنىڭ ئەكسىچە ئامېرىكىدا مېنى ئۇلارنىڭ ھېچ بىرى خىرىستىيان دىنىغا دەۋەت قىلمىدى. ئەمما مەن دوست بولۇپ قالغان بىر قانچىسىدىن باشقا ھېچ قايسى دىندار مەن خىرىستىيانلىقتا پەقەت مايىللىق بىلدۈرمىگەندىن كېيىن مېنى زىياپەتلەرگە چاقىرمايدىغان بولدى.

كۆزىتىشىمچە ئامېرىكىدا دىندار كىشىلەر كۆپ بالىلىق بولىدىكەن. مەن بىر ئائىلە بىلەن بەك ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالغانىدىم. ئەر ئايال ئىككىسى يىگىرمە بەش يىگىرمە ئالتىلاردا بولۇپ تۆت بالىسى بار ئىدى. كېيىن پۈرسەت چىقىپ ئۇلارنىڭ ئاتا ئانىسى بىلەن تونۇشتۇم. ئەر ئەسلى چېخىيەلىك ئىكەن. ئايالنىڭ ئاتا ئانىسى ئامېرىكىلىق بولۇپ ئاچا-سىڭىل، ئاكا-ئۇكا بولۇپ توققۇز بالىكەن. بۇنداق دىندار ئائىلىلەردە يىغىلىش كۆپ بولىدىكەن. ھەر قېتىملىق يىغىلىشتا تاماقتىن بۇرۇن قوللار بىر بىرىگە تۇتۇلۇپ دۇئا قىلىنىدىكەن. ئوغۇللار ئەدەپ قائىدىگە، قىز ئاياللار سورۇنغا مۇناسىپ كىيىنىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىكەن. بۇنداق ئائىلىلەردە ھەر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ھەممەيلەن بىللە چېركاۋغا بارىدىكەن. چېركاۋدىن كېيىن ئۆزى ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئاشخانىلارغا بېرىپ غىزالىنىدىكەن. بەزى چېركاۋلاردا بالىلار ئوينايدىغان ئويۇنچۇقلار بولىدىكەن. چېركاۋلاردا تەڭرى، ئەيسا ئەلەيھىسسالام مەدھىيەلەنگەن ناخشىلار، خورلار ئېيتىلىدىكەن. بۇنداق پائالىيەتلەرگە بالىلار بەكرەك جەلپ قىلىنىدىكەن. ھەممە چېركاۋدا بىردىن يوغان پىيانىنو قويۇلۇدۇغان بولۇپ خور ۋە ناخشىلارغا تەڭكەش قىلىنىدىكەن. داڭلىق ناخشىچى جېكسوننىمۇ تۇنجى ناخشىنى چېركاۋدا ئېيتقانىكەن. ئامېرىكىدا ئاشخانىلارنىڭ تىجارىتى كىشىلەر چېركاۋدىن يانغاندا ئەڭ جانلىنىپ كېتىدىكەن. ئامېرىكىدا دىندار كىشىلەر چېركاۋلارنىڭ ھەقسىز يەسلىلىرىدە پىدايىلىق قىلىدىكەن. دوختۇر بولسا ھەقسىز كېسەل داۋالايدىكەن. ئادۋوكات بولسا ھەقسىز ياكى ئالمىغان ھىساپتا ئازراق ھەق ئېلىپ دېلولارغا ياردەملىشىدىكەن.

ئامېرىكىدىكى چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئافرىقىلىق ۋە كورىيەلىك ئوقۇغۇچىلاردا خىرىستىيان دىنى كۈچلۈك ئىكەن. مەن بىلەن ياخشى ئۆتىدىغان ئافرىقىلىق بالىلارنىڭ ئىچىدە جۈمە كۈنى كەچلىرى

ئىنجىل كۆرسىغا بارىدىغانلىرى كۆپ ئىدى. دىندارلارنىڭ تەرغىباتلىرىغا ئەڭ خېرىدارلىق قىلىدىغىنى خەنسۇ ئوقۇغۇچىلار ئىدى. خرىستىيان بولغان خەنسۇ تونۇشلۇرۇمنىڭ ئېيتىشىچە، ئامېرىكىغا كەلگەن چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ بولۇپمۇ خەنسۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ خرىستىيان دىنىغا بۇنچە مايىل بولۇشىدا بىر قانچە سەۋەپ بار ئىكەن. بىرى يەرلىكلەر بىلەن باردى كەلدىنى قويۇقلاشتۇرۇپ ئېنگلىزچىسىنى پۇختىلاش، ياتسىراشنى ئازايتىش، ئامېرىكا جەمئىيىتىگە تېزدىن ماسلىشىپ ئامېرىكىدا ياشاشنىڭ شەرت-شارائىتلىرىنى ھازىرلاش، يەنە بىرى يەرلىكنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىپ خىزمەتكە ۋە خىزمەت ئۇچۇرىغا ئېرىشىش. ئۇلارچە ئامېرىكىدىمۇ مۇناسىۋەت موھىم ئىكەن. ئەگەر سىز بىر يەردىن خىزمەت تاپماقچى بولسىڭىز سىزنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئارقا كۆرۈنۈشىڭىزگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان كىشىلەرنىڭ بولۇشى زۆرۈر ئىكەن. ئەگەر سىزگە گۇۋاھچى، كېپىل بولغۇچى يەرلىكلەردىن بولسا سىزنى خوجايىنلارغا قانداق تونۇشتۇرۇشنى ئامېرىكىغا يېڭى كەلگەن ياكى ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقانلاردىن ياخشىراق بىلىدىكەن. يەنە بىرى ئامېرىكىدا بىر كىشى خىزمەت ئورنىدا يامان ئەمەس ئىشلەۋاتقان بولسا يەنە بىر تونۇشىنى ئۆزى ئىشلەۋاتقان يەرگە خىزمەتكە تونۇشتۇرسا خوجايىنغا ئادەم كېرەكلا بولسا ئادەتتە ياق دېمەيدىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا خرىستىيان دىنىنى تەۋسىيە قىلغان خەنسۇ تونۇشلۇرۇمنىڭ قاراشلىرى. بۇ گەپلەرنىڭ ئەكسىچە ئايالىم ھېچ قانداق چىركاۋغا بارماي، ھېچ بىر دىنىي زىياپەتكە قاتناشماي تۇرۇپ ئىككى قېتىم ئىش تاپتى.

ئامېرىكىدا ئۆزىنى خرىستىيان دەيدىغانلار مۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدىكەن. بىرى خرىستىيان دىنىغا ھەقىقى ئىشىنىدىغانلار، يەنە بىرى ئاتا ئانىسى خرىستىيان بولغاچقا ۋە ياكى مەھەللىسىدە شۇنداقراق كەيپىيات بولغاچقا ئۆزىنى خرىستىيان دەپ قارايدىغانلار، ئۈچىنجى بىرى ئۆزىنى خرىستىيان دەيدىغان لېكىن خرىستىيانلىق ھەققىدە ھېچ نېمە بىلمەيدىغان ۋە بىلىشنىمۇ خالىمايدىغانلار. بىرىنجى تۈركۈمدىكىلەر

چىركاۋلارنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدىكەن. چىركاۋلار ئۇيۇشتۇرغان خەير ئېھسان پائالىيەتلىرىگە پىدايى بولۇپ قاتنىشىدىكەن. مەن شۇنداق بىر خىرىستىيان ئائىلىسىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىلىق بىر بالىنى بېقىۋالغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ئىچىمدە بۇ بالا چوڭ بولغاندا ئۆزىنىڭ بېقىۋېلىنغانلىقىنى بىلسە ھەقىقى ئاتا-ئانىسىنى ئىزدەپ تاپارمۇ ياكى ئۆز ئاتا-ئانام بولغان بولسا قانداق بولاتتى دەپ ئويلاپ قالارمۇ، دېگەن خىياللاردا بولغانىدىم. سېرىق چاچلىق بىر جۇپلەر بىلەن ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا سەل ئوخشاپ قالىدىغان بۇ لاتىن قانلىق بالا ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. خىرىستىيان دىنىغا ھەقىقىي ئىشەنگۈچىلەر ئىچىدە ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى ۋە ئاسىيانىڭ چەت، نامرات يەرلىرىگە بېرىپ سۇ ئىنشائاتى، نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش، مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارمۇ بار. مەن شۇنداقلاردىن بىر قىز بىلەن پاراڭلىشىپ باققان. ئۇ قىز مەكتىپىمىزنىڭ ئاخبارات كەسپىدە ئوقۇيتتى. ئۇ قىز ھەتتا مەن بىلەن پاراڭلىشىپ يەرلىك گېزىتكە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ماقالە يازماقچىمۇ بولغانىدى. مەنچە ئۆزىنى خىرىستىيان دەيدىغان ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى تۈركۈمگە تەۋە كىشىلەرنىڭ سانى بىرىنچى تۈركۈمگە تەۋە كىشىلەردىن خېلى بەك جىق. مەن ئارىلاشقان ئامېرىكىلىقلار ئىچىدە يەنە پۈتۈنلەي دىنىدىن خالى ياشايدىغانلىرىمۇ خېلى كۆپ.

مەكتىپىمىزدىكى تۈرك ئوقۇغۇچىلار تەشكىللىگەن دىنلار ئارا دىيالوگ دېگەن بىر پروگرام بار ئىدى. بۇ پروگرامدا يېقىن ئەتراپتىكى چىركاۋلارنىڭ خادىملىرى بىلەن مەسجىدلەرنىڭ ئىمام خاتىپلىرى بىر ئاراغا كېلىپ دىنىنىڭ مەنىۋىي ھاياتتىكى ئورنى، دىنلارنىڭ ئورتاق مەۋجۇدلۇقى ۋە دۇنيا تىنچلىقى، دىنلارنىڭ دۇنيانىڭ سىياسى تەرتىپىدە تۇتقان ئورنى، دىنلارنىڭ مىللەتلەرنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىشتىكى رولى، تۈرلۈك توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىشتا دىنلارنىڭ تۆھپىسى، يەرشارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشى، كىلىمات ئۆزگۈرۈشى، موھىت بۇلغىنىشى، توقۇنۇشلار، ئۇرۇشلار قاتارلىق دۇنياۋىي مەسىلىلەردە دىنىنى چۆرۈدەپ مۇلاھىزىلەر بولاتتى. بۇ پروگراممىنىڭ قاتناشچىلىرى تۈرك ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئامېرىكىلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ۋە باشقا بۇ پائالىيەتكە قىزىققۇچىلار بولاتتى.

پائالىيەتكە تۈرك ئوقۇغۇچىلار يېڭىدىن پۇل چىقىرىپ ئىچىملىك ھازىرلايتتى. تاتلىقلار، پىچىنە پىرەنىكلەر ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى تەييارلايتتى. مەنچە پائالىيەت ئارقىلىق ئالدى بىلەن مۇسۇلمانلار بىلەن خىرىستىيانلار ئارىسىدا ئۆز ئارا چۈشىنىش كۈچەيتىلەتتى، بۇندىن باشقا ھەم تۈرك تاماق مەدەنىيىتى تەشۋىق قىلىناتتى ھەم ئامېرىكىدا ئىش قىلىشنىڭ يوللىرى ئۆگىنىلەتتى. بىر گۈزەل دۇنيا ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان تاماسىز بۇ خىزمەتلەرنى كۆرگىنىمدە، پائالىيەتلەرگە ئىشتىراك قىلغىنىمدا ئۆزەمنى بەكمۇ يارامسىز ھېس قىلاتتىم. شۇنداق پائالىيەتلەرنىڭ بىرىدە سۆزلەنگەن بىر پوپنىڭ نۇتقى ھېلىمۇ ئېسىمدە. «دۇنيانى نېمە قۇتقۇزىدۇ، ئىنساننى نېمە خوش قىلىدۇ، ھاياتنى نېمە مەنىلىك قىلىدۇ؟ ئورۇشمۇ، زوراۋانلىقمۇ، پۇلمۇ، ھوزۇرلىنىشمۇ، ئىشرەتمۇ؟ ياق، پەقەت بىرلا نەرسە، ئۇ بولسىمۇ مۇھەببەت! ياراتقۇچىنى سۆيۈش ئۈچۈن ياراتقۇچى ياراتقان ھەر بىر مەۋجۇداتنى سۆيۈش كېرەك. ياراتقۇچى بارلىق مەۋجۇداتلاردىن ئۈستۈن قويغان ھەتتا پەرىشتىلەرنىمۇ سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان ئىنساننى شەرتسىز سۆيۈش كېرەك. سۆيۈش سۆيۈلۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ياراتقۇچىنىڭ مەمنۇنىيىتى ئۈچۈندۇر».

دىن نوقتىسىدىن ئالغاندا ئۇيغۇردىكى مەنىۋىي ھايات بىلەن ئامېرىكىدىكى مەنىۋىي ھايات ئاجايىپ ئوخشاشلىقلارغا ئىگە. دولان ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىكى «ۋاي ئاللاھ ۋاي ئاللاھ ۋاي ئاللاھ» دەپ باشلانغان ناخشىلارنىڭ تېكىستىگە ۋە غەزەلخانلارنىڭ كەيپىياتىغا قارايدىغان بولساق دىنىي تۇيغۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋىي ھاياتىدا قانچىلىك مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى بىلىۋالىمىز. بۇندىن باشقا ئۇيغۇرلاردىمۇ ئاللاھ، پەيغەمبىرىمىز ۋە ئىسلام مەدھىيەلەنگەن مەخسۇس مۇناجاتلار، ھۆكمەتلەر بولغان. ئۇيغۇردىكى مەنىۋىي ھاياتنىڭ تومۇرى دىنىدۇر. قەشقەرگە كەلگەن خەنسۇلار ئۈچ مازار بىر بازارنى ساياھەت قىلىمىز دېيىشىدۇ. بۇ يەردىكى ئۈچ مازار مەھمۇد قەشقەرى مەقبەرىسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى ۋە ئاپپاق خوجا مازىرىدۇر. يۈسۈپ

خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد قەشقەرى ئەسەرلىرىنى بىسمىللاھ دەپ باشلىغان، ئاللاھ مەدھىيىسى قىسمىنى ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ بېشىغا تىزغان كىشىلەردۇر. ئاپپاق خوجا ئەينى دەۋردىكى دىنىي سۇلۇك بولغان ئاق تاغلىق ئىشانلار گورۇھىنىڭ كاتتابېشى. بىر بازار دېگىنى ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان يېڭى بازاردۇر. مەيلى بازاردا بولسۇن ياكى مازاردا بولسۇن مەسجىد- جامە كام بولمايدۇ. يېڭى بازار دېيىلىدىغان بۇ بازارغا جۈمە ۋاقتىدا بېرىپ قالسىڭىز ناماز ئاخىرلاشقىچە ساقلاشقا مەجبۇر بولۇسىز. جۈمە نامىزى باشلانغاندا بازاردا بىر ئادەم قالمايدۇ-يۇ، ھېچ كىمنىڭ يىگىنە چاغلىق بىر نەرسىسى يۈتمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى ئامېرىكىدىمۇ ئۇچرۇتۇش ئاسان ئەمەس. دېمەك، قەشقەرنى، ئۇيغۇر ھاياتىنى ۋە تۇپراقلىرىنى ساياھەتچىلەرنىڭ نەزىرىدىكى خاسلىقى ۋە قىممەتكە ئىگە قىلىۋاتقىنى سەرەڭگە قېپىدەك بىنالار ئەمەس، ئۇيغۇر ئېتىقادىغا باغلانغان مۇراسىملار، ئادەتلەر ۋە ئېتىقادنىڭ سىمۋولى بولغان مەسجىد جامەلەردۇر.

ئۇيغۇردىكى مەنىۋىي ھاياتنىڭ خوراپاتلىقتا ياتىدىغان تەركىبى ئامېرىكىدا ئانچە كۆزگە چېلىقمايدۇ. بۇ ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسى، مائارىپنىڭ ئومۇلۇشۇش دەرىجىسى قاتارلىقلاردىكى پەرقلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. پالغا ئىشىنىش، داخانغا ئوقۇتۇش، باقشىغا باقتۇرۇش قاتارلىق خوراپاتلىقلار ئۇيغۇر مەنىۋىي ھاياتىدا تېخىچە تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرغىنى يوق. بىر قېتىم بىر قىزىقارلىق گەپىنى ئاڭلىغانىدىم. قەشقەرنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە بىر خەنسۇ داخان بارمىش. شۇ داخانغا بارمىغىچە كىچىك بالىلارغا چاپلىشىۋالغان خەنسۇنىڭ جىنى بوۋاقنى ئارامىدا قويمايمىش. قەشقەردەك ئىسلام مەرىپىتىنىڭ ئوچىقىدا، ئۆلىمالار ماكانىدا كىشىلەرنىڭ خەنسۇ دۇخانغا دۇئا ئوقۇتۇپ يۈرۈشى كىشىنى ئويغا سالماي، ئەپسۇسلاندۇرماي قالمايدۇ. بۇ ھادىسىلەرنىڭ بۇنچە ئەۋج ئېلىشى كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرنىڭ ئەقلىلەرگە قاراڭغۇ، سىرلىق، مەنىۋىي تەرىپىنى بىلىشكە بولغان ئېھتىياجىنىڭ مۇۋاپىق ئىلمىي، دىنىي يول بىلەن قاندۇرۇلمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كىشىلەرنىڭ دىللىرىدىكى قورقۇنچ، ۋەسۋەسە، ئەندىشە، پۇشمان قاتارلىقلارغا مۇۋاپىق سورۇندىكى نورمال ئىلمىي چۈشەنچە، دىنىي تەرغىبات ۋە تەبلىغلەر بىلەن مەلھەم بېرىلگەن،

قانائەتلەندۈرۈلگەن بولسا بۇنچە خۇراپىي ھەركەتلەرگە شاھىد بولمىغان بولاتتۇق. خوراپاتلىقتىن باشقا ئۇيغۇرنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا دىننى سۈيىئىستىمال قىلىشمۇ بىر خىل بىنورماللىق. مەسىلەن، فۇرقان، تەقۋا، مائىدە، كىرمان قاتارلىقلارنىڭ تاۋار ماركىسى قىلىنىشىدا، ئاشخانا، تاكسىي ۋە ساتىراچخانىلارغا قۇرئاننىڭ مودىلى، ئايەتلەر ۋە ئاللاھ، مۇھەممەد دېگەن خەتلەرنىڭ ئېسىلىشىدا، پالچى، داخان ۋە باقشىلارنىڭ ئايەتلەرنى ئوقۇپ ئىستىقۇ-سوۋۇتقۇ قىلىشلىرىدا قىسمەن بولسىمۇ دىننى سۈيىئىستىمال قىلىپ ئىخلاسمەن ئۇيغۇرلارنىڭ پۇلىنى ئۇتۇش مەقسەد قىلىنغان. بۇنداق دىننى سۈيىئىستىمال قىلىدىغان قىلمىشلارغا قانۇن مۇكەممەل بولغان ئامېرىكىدا ئورۇن يوق.

ئامېرىكىلىقلاردىن پەرقلىق ھالدا ئۇيغۇرنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا خوراپاتلىق يەنە كىتاپ خوراپاتلىقى ۋە ئۆلىما خوراپاتلىقى شەكلىدىمۇ ئىپادىلىنىدىغانلىقى بىلىنىدۇ. مەسىلەن «قۇرئان بار ئۆيگە شەيتان كىرمەيدۇ» دېگەنلىك كىتاپ خوراپاتلىقىدۇر. قۇرئاندىن بىرنى ئەمەس مىڭنى ئۆيگە قويۇپ قويغان بىلەن كىشى ئۇنى ئوقۇپ چۈشەنمىسە، ئىماننىڭ نۇرى بىلەن قاراڭغۇ دىلىنى يورۇتمىسا شەيتان ھەرقانداق يەرگە كىرىدۇ. بۇنداق خوراپاتلىق يەنە بىلىملىك ئاتالغان، ھەجگە بارغان ئۆلىمالارغا چوقۇنۇشتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇردا بىر ھۆكۈمنىڭ، چۈشەندۈرۈشنىڭ توغرا خاتالىقى قۇرئان ۋە ھەدىسلەرگە تايانغان ياكى تايانمىغانلىقى بىلەن ئەمەس بەلكى قايسى ساقاللىق ئۆلىمانىڭ دېگەنلىكى ۋە قەيەردىن ئاڭلاپ كەلگەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىپ قالىدىكەن. بىر ناھىيىدە بىر كېلىن پەرزەنتلىك بولالماپتۇ. شۇ خېجىلچىلىقتا قېيىن ئاتا- ۋە قېيىن ئانىنىڭ خىزمىتىنى شۇنچە بېرىلىپ قىلىپتۇكى ئۇلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن پۇل يىغىپ ھەرەمگە يولغا ساپتۇ. قېيىن ئاتا بولغۇچى ھەرەمدىن شۇنداق بىر پەتىۋانى كۆتۈرۈپ كەلگەنمىش. دېيىلىشىچە پەرزەنتلىك بولالمىغان ئەر جەننەتكە كىرەلمەيمىش. شۇنىڭ بىلەن تەقۋادار كېلىننى ئالدامچىنىڭ ئەپسۇن

خالتىسىغا سىيلىپ ئۆز رازىلىقى بىلەن ئوغلىدىن ئاجراشتۇرۇۋاپتۇ. دىن ھەققىدىكى تەربىيە ئومۇملۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەن، مەنىۋى ھادىسىلەرنى چۈشەندۇرۇش ئىلمىيلىك يولىغا چۈشكەن، ئىلاھىيەت (تىئولوگىيە) فاكۇلتېتلىرى ھەرقايسى ئالى مەكتەپلەردىن ئورۇن ئالغان، مۇكەممەل قانۇن ئىتىقادنى قوغۇدايدىغان ئامېرىكىدا بۇنداق پاجىئەلەر يۈز بەرمەيدۇ.

تۈگەنچە

ئۇيغۇرلار بىلەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ پەرقى يالغۇز يۇقارقى نوقتىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. يازسام شۇ قەدەر ئۇزۇن داۋاملىشىدۇركى قارىماققا ئامېرىكا ۋە ئامېرىكىلىقلار ھەققىدىكى بايانلىرىم مۇشۇ پەرقلەرنى گەۋدىلەندۇرۇش ئۈچۈن يېزىلغادەكلا تۇيۇلۇشى مۇمكىن. يازغانلىرىمنىڭ تەپسىلىرەك يېزىلغىنى ئۆزەم باشتىن كەچۈرگەنلىرىم، قىسقىلا تىلغا ئېلىنغانلىرى باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىرىم خالاس. پەرقلەر ھەققىدە ئويلانغىنىمىزدا بۇنداق پەرقلەرنىڭ سانائەتلەشكەن جەمىيەت بىلەن ئەنەئەنىۋي يېزا ئىگىلىك جەمىيىتى ئارىسىدا؛ شەخسنىڭ ھۆرلۈكى مۇتلەق مۇئەييەنلەشتۇرۇلگەن جەمىيەت بىلەن بۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتقان جەمىيەت ئوتتۇرىسىدا؛ پىلانلىق ئىگىلىك ۋە كومۇنىستىك ئىدولوگىيە ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە سىڭدۇرۇلگەن جەمىيەت بىلەن ھېچ قانداق ئىدولوگىيە يادرو قىلىنمايدىغان جەمىيەت ئوتتۇرىسىدا؛ دۇنياغا يۈقرالار دۆلىتى سالاھىيىتى بىلەن رەھبەرلىك قىلىۋاتقان دۆلەتتە ياشاۋاتقان كىشىلەر بىلەن جوڭخۇا مەدەنىيەت سالاھىيىتىنى دۇنياغا ئىتىراپ قىلغۇزۇش يولىدا تىرىشىۋاتقان دۆلەتتە ياشاۋاتقان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا؛ مائارىپ ئومۇملاشقان، قائىدە تۈزۈملەر مۇكەممەللەشكەن، ياشاش مەۋجۇدلۇق جەريانى ئەمەس ھوزۇرلۇنۇش جەريانىغا ئايلانغان پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى دۆلەت ۋە جەمىيەتتە ياشاۋاتقان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بارلىققا كېلىشى مۇمكىن بولغان پەرقلەردىن ئىبارەت. بۇ پەرقلەرنىڭ بولغانلىقى بىزنىڭ ئوخشىمىغان دۆلەت ۋە جەمىيەتكە تەۋە ئىكەنلىكىمىزنى ئىپادىلەيدۇ. پەرقلەرنىڭ بولۇشى يامان ئىش ئەمەس يامىنى پەرقلەرگە توغرا مۇئامىلىدە بولالماسلىق، توغرا چۈشەنمەسلىك، مۇۋاپىق چۈشەنچىگە ئېرىشەلمەسلىك ۋە پەرقلەرنىڭ سەۋەبىنى توغرا تەھلىل قىلالماسلىقتۇر.

# ئامېرىكىلىقلارمۇ سېسىق گەپ قىلامدۇ

ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن بايقىسام تورلاردا «قەشقەرلىكنىڭ سېسىق گەپلىرى»، «كىچىك قەشقەرلىكنىڭ سېسىق گەپلىرى» دېگەندەك يازمىلار يامراپ كېتىپتۇ. ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىر قانچە سائەتتىن كېيىنلا بىرەيلەننىڭ «ئامېرىكىلىقلارمۇ سېسىق گەپ قىلامدىكەن؟» دېگەن سوئالىغا دۇچ كەلدىم. سورىغۇچى مېنىڭ قەشقەرلىك ئىكەنلىكىمنى بىلگەچكە قەستەن شۇنداق سوراۋاتاتتى. ئۇ چاغدا نېمە دەپ جاۋاب بەرگىنىم ئېنىق ئېسىمدە يوق. ئەمما شۇندىن كېيىن بۇ سوئال كاللامنىڭ بوش بۇرجەكلىرىنى قامال قىلىپ كەلدى. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «سېسىق گەپ» تەنە، بىشارەت، كىنايەدىن ئىبارەت. بۇنداق تەنىلىك، كىنايىلىك، بىشارەتلىك تىل ئادىتى يېزىق تارىخى ئۇزاقراق بولغان ھەرقانداق مىللەتنىڭ تىلىدا بار بولۇشى مۇمكىن. خۇددى كىنايەدىن ئىبارەت ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە دۇنيادىكى مەن بىلىدىغان تىللاردا بولغانغا ئوخشاش. ئۆزۈمنىڭ تۈركچە ۋە پارسچە سۆزلەش، مەزكۇر تىلدا سۆزلۈشىدىغانلار بىلەن مۇلاقات بولۇش جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرىمدىن بايقىدىمكى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى يېقىن مىللەتلەرنىڭ تىلىدا ئوخشاش شەكىلدىكى كىنايە، تەنە، مۇبالىغە... دېگەنگە ئوخشاش تىل ھادىسىلىرى مەۋجۇد. مەسىلەن، ئۇيغۇرچىدىكى تەكەللۇپ سۆزلىرى ۋە تەكەللۇپ قىلىش ئادىتى تۈركچە، پارسچىدە ئوخشاشلا مەۋجۇد. بولۇپمۇ پارسچە ۋە تۈركچىدىكى تەكەللۇپ سۆزلىرى ئۇيغۇرچىدىكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ. پارسچىدە تەكەللۇپ سۆزلىرىنى تائارروف دەيدۇ. تۈركچىدە تەكەللۇپ ۋە سىپايە گەپنىڭ جىقلىقىدىن چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «ئون ئۇيغۇرنى بىر ئۆزبېك ئاغزىغا قارىتىدۇ، يۈز ئۆزبېكنى بىر تۈرك گەپ بىلەن مايىل قىلىدۇ» دېگەن گەپ بار. ئۇيغۇرلاردەك نەچچە مىڭ يىللىق سودا ئەنئەنىسى بولغان مىللەتلەرنىڭ

تىلىدا ئادەتتە كىنايىلىك ئىبارە، بىشارەتلىك گەپ ۋە تەنىلىك جۈملىلەرنىڭ مول بولۇشى تەبىئىي. بۇنداق سۆزگە بايلىق، ئىپادىلەشكە قابىللىق ۋە ئىنكاستىكى چىۋەرلىك قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا ئالاھىدە گەۋدىلىك. بۇ قەشقەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تىجارەت، مەدەنىيەت ۋە ھاكىمىيەت مەركىزى بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئامېرىكىلىقلارمۇ تەنىلىك گەپلەرنى قىلىدۇ. بىر يازلىق تەتىلدە بىر ئاق تەنلىك ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتچىسى بىلەن بىللە يىغىنغا قاتنىشىپ قالدۇق. دەسلەپتە ئىككىمىز ئۇيغۇرچىدىكى چاي سۆزىنىڭ خەنسۇچىدىن كەلگەن ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە مۇنازىرىلىشىپ قالدۇق. مەن ئەرەبچىدە، پارسچىدە، تۈركچىدىمۇ چاي دېيىلىدىغانلىقىنى پاكىت قىلىپ بۇ سۆزنىڭ خەنسۇچە سۆز ئىكەنلىكىدىن گۇمانلاندىم. ئۇنىدىن باشقا خەنسۇچىدىكى «چا» سۆزىنىڭ ئۇيغۇرچىغا كىرگەندە نېمىشقا كەينىگە «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ چاي بولۇپ قالغانلىقىنى سورىدۇم. ئەگەر ئۇيغۇر تىلىدا خەنچىدىن كىرگەن «چا»غا ئوخشاش سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرنىڭ كەينىگە بىر «ي» قوشۇلۇپ قالىدىغان ھادىسە بار دېيىلسە نېمىشقا بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىغان سىڭىپ كەتكەن «كا» (كارت)، «لا» (شام) دېگەن سۆزنى ئۇيغۇرلار كاي، لاي دەپ قوبۇل قىلمىغان. نېمىشقا ئۇيغۇر دوختۇرلارنىڭ تىلىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان چافاڭ-سافاڭ دېگەن خەنچە سۆزنى چايفاڭ دەپ «ي»نى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلمايدۇ؟ مەن بۇلارنى پاكىت قىلىپ سۆزلىگىنىمدە ھېلىقى تەتقىقاتچى كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ كېتىپ «مەن ئۇيغۇرچە بىلىمەن، ئۇيغۇر تىلىدا ھەتتا قەدىمكى خەنچە سۆزلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن، ئەمما ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ تىلىدىن خەۋىرىم يوق» دەپ قالدى. ئىلمىي مۇنازىرىنىڭ بۇنداق تەنىلىك جۈملىلەربىلەن ياكى ھازىرقى مودا تەرىپ بويىچە «سېسىق گەپ» بىلەن ئاخىرلىشىشى مېنى غەش قىلدى. ئۇنىڭچە بولسا ئۇيغۇر تىلىدىكى تۆرت دېگەن سانمۇ قايسىدۇر بىر قەدىمكى مىللەتنىڭ تىلىدىن كەلگەنمىش. كېيىن مەن چاينىڭ ئەسلى جوڭگۇغا

تارىختا ھازىرقى كامبودژا زېمىنىدا ياشىغان يەرلىك مىللەتتىن كەلگەنلىكىنى ئوقۇدۇم. چاي دېگەن بۇ سۆزمۇ خەنچىگە شۇ مىللەتنىڭ تىلىدىن كىرگەنىكەن.

ھېلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتچىسى بىلەن ئىككىمىز بىللە قاتناشقان يىغىن خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى. ئارىدا ئۇ «تون» دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇرچىغا موڭغۇلچىدىن كىرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن دەرھال ئىتىراز بىلدۈردۈم. بىرى موڭغۇلچىدا ئەگەر بۇ سۆز بولسا دېمەك بۇ ئىككى تىلنىڭ ئورتاق بىر تىل سىستېمىسىغا تەۋە ئىكەنلىكىدىن بولغان. ئۇيغۇرچە بىلەن موڭغۇلچە ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ سېرىق، قارا دېگەن رەڭ سۆزلىرى تۆمۈر، ئالتۇن، چېچەك، بىلگە (ئالىم) قاتارلىق سۆزلەردىن تارتىپ ئۈزۈم، ئالما دېگەن مېۋە چېۋەلەرنىڭ ئاتلىرىغىچە ئوخشاش ئىدى. ئۇ تەتقىقاتچى بۇنىڭغا ئىشەنمەيدىكەن. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى دېگەن قاراشنىڭ ئاساسى يېتەرسىز ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئورتاق سۆزلەر ئەمەس موڭغۇلچىدىن ئۇيغۇرچىغا ئارىيەت ئېلىنغان سۆزلەر ئىكەن. «ئەگەر ئارىيەت ئېلىنغان دەپ ئويلىساق، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن تارتىپ تارىم ۋادىسىغىچە بولغان يەرلەردە شەھەرلەرنى قۇرغان ئۇيغۇرلار تون دېگەن سۆزنى موڭغۇلچىدىن قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن تونسىز يۈرۈپتىكەنمۇ؟»، «كىيىم كېچەككە، زىبۇ زىننەتكە ئائىت سۆزلەرنىڭ نوقۇل يايلاق مىللىتى بولغان موڭغۇللارغا قارىغاندا ئۇيغۇرلاردا مول بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولۇدۇغۇ؟» دەپ سۇئال قويۇۋېدىم، «سەنچە باربەرىيان (ياۋايى) موڭغۇللارغا ئۇيغۇرلار تون كىيىشنى ئۆگەتكەنمۇ؟» دەپ كىنايە قىلدى. بۇ گەپنى ھازىر ئويلىسام جۇدۇنۇم ئۆرلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆزىدە مېنى «سەن ئۆز مىللىتىڭنى ئىلغار باشقا مىللەتنى ياۋايى دەپ بىلىسەنغۇ!» دەيدىغان مەسخىرە بار ئىدى. ئەسلى مەن بۇنداق قاراشتىكىلەردىن نەپرەتلىنەتتىم. مىللەتلەرنى ئىلغار- قالاق، مەدەنىي- ياۋايى، ھاكىم-مەھكۇم، زامانىۋي- ئىپتىدائىي دەپ ئايرىشقا ئۆچ ئىدىم. مەن مەكتەپتىن تارتىپ، جەمىيەت، ھاكىمىيەتكىچە سىڭگەن ئايرىمچىلىقنى ئاپەتنىڭ مەنبىيى دەپ قارايتتىم. بۇنداق ئايرىمچىلىق ئىنسانلارنى تەبىقە، مىللەت، سىياسىي سالاھىيەتكە تايىنىپلا باشقىلارنىڭ نەچچە ئون يىللىق ئەمگىكىگە، نەچچە يۈز يىللىق مىراسىغا، نەچچە مىڭ

يىللىق روھىيىتىگە ئىستىلا يۈرگۈزەلەيدىغان قىلىۋەتكەنىدى. ئامېرىكىدا يەتتە يىلدىن ئارتۇق ئوقۇغان بىر ئۇيغۇر ماڭا مۇنداق بىر گەپنى دەپ بەردى. ئامېرىكىغا كەلگەن دەسلەپكى يىلى جوڭگودا خېلى ئۇزاق تۇرغان بىر پروپېسسورنىڭ دەرسىنى تاللاپتۇ. دەرسنى بىر ھەپتىدىن ئارتۇقراق ئاڭلىغاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە كېلىشىپتۇ.

مەقسىدى دەرستىن ۋاز كېچىش ئىكەن. ئەسلى ئامېرىكىدا ئوقۇغۇچى دەرسنى تاللاپ بىر ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئاڭلاشنى خالىمىسا ۋاز كەچسىمۇ بولىدۇ. بۇنى مۇئەللىمگە دەپ چۈشەندۈرۈپ، كەچۈرۈم سوراشنىڭ قىلچىمۇ ھاجىتى يوق. ئەمما بۇ ئۇيغۇر جوڭگودا كۆنگەن خۇيى بويىچە «بۇ قېتىم گەپ قىلماي دەرستىن ۋاز كەچسەم، كېلەر قېتىم يەنە باشقا دەرسنى ئاڭلاشقا توغرا كەلسە خىجىل بولۇپ قالماي، ماڭا باشقىچە قاراشتا بولۇپ قالمىسۇن» دەپ ئويلاپ ئاتايىن چۈشەندۈرگىلى مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپتۇ. بۇ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى مۇئەللىمگە يەنە بىۋاستە دېيەلمەي، ئۆزىنىڭ جوڭگودىن كەلگەن ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، دەرستە سەل قىيىنلىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئامېرىكىلىق پروپېسسور بۇلارنى نومۇردا ئېتىبارغا ئېرىشىشنىڭ باھانىسى دەپ چۈشىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچى «بۇ دېگەن ئامېرىكا، ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىلمەيدۇ»، دەپتۇ. ئۇ كۈنى بۇ ئۇيغۇرغا پۈتۈن دۇنيادا ماتەم بولغاندەك تۇيۇلۇپ كېتىپتۇ. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ ئامېرىكىلىقنىڭ «سىبىق گېپى». سىبىق بولۇپمۇ ھەرقانداق ئۇيغۇر ئاڭلىسا قويقا چېچى تىك تۇرىدىغان مەسخىرە.

تىلدا تەنىلىك، كىنايىلىك، بىشارەتلىك ئىپادىلەش شەكلىنىڭ بولۇشى نورمال ئىش. ئەمما بۇنداق سۆزلەش ئادىتىنى قالپايتىپ كىشىگە تەنە قىلىش، باشقىلارنى مەسخىرە-كىنايە قىلىش، بىشارەتلىك گەپلەرنى ئەگىتىپ دەپ خەقنىڭ دىلىغا ئازار بېرىش ھېچ قانداق جەمىيەتتە خۇش كۆرۈلىدىغان ئىش ئەمەس. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدا بۇنداق گەپلەرنىڭ ئېتى سىبىق دەپ قويۇلغان. ماڭا غەلىتە تۇيۇلغىنى كىشىلەرنىڭ شۇنچە سىبىق

گەپلەرنى تورمۇ تور، مۇنبەرمۇ مۇنبەر كۆچۈرۈپ سازايى قىلىپ يۈرۈشى بولدى. بۇ خۇددى سېسىقچىلىقتا تۇرغان كىشىنىڭ بۇرنى بەتبۇيغا كۆنۈپ كەتكەندەك بىر ئىش بولسا كېرەك. ئەلۋەتتە، سېسىق گەپ دېيىلىۋاتقانلار ئىچىدە ئادەتتىكى يۇمۇرلارمۇ يوق ئەمەس، ئەمما خۇددى بىر تال چىۋىن بىر قازان ئاشنى ھارام قىلغاندەك، شۇنداق يۇمۇرلارنىڭ ئارىسىغا كىشىنىڭ ئۆتىنى يېرىۋەتكىدەك بىر نەچچە ئاغىز مەسخىرە قوشۇلسا ئاڭلىغۇچى بىئارام بولماي قالمايدۇ. مەسىلەن، گىلەم ئالغىنى كەلگەن كىشىنى بورا بازىرىغا بۇيرۇپ قويغانلىق، كىيىم ئالماقچى بولغان دېھقانغا ئەسكى بازىرىنى كۆرسىتىپ قويغانلىق سېپى ئۆزىدىن تەربىيەسىزلىك ۋە رەسۋالىقتۇر. بۇ ئەمەلىيەتتە دەپ يۈرگۈدەك ياكى بىر ئادەم دەپ بەرسە ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتكۈدەك، تارقاتقۇدەك بىر گەپ ئەمەس.

ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغان بىر ئىش بۇندىن يەتتە يىل بۇرۇن قەشقەر يېڭى بازاردا يۈز بەرگەن. قاتتىق سوغۇق بولغان بىر كۈنى گىلەم بازىرىدا كادىر سۈپەت كىيىنگەن ئاچا ئۇكىدەك كۆرۈنىدىغان ئىككى ئۇيغۇر خەنزۇچە گەپ قىلىشىپ گىلەم كۆرگىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلار گىلەملەرنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن نېمىشقا ئۇيغۇر تۇرۇپ بىر بىرىگە خەنسۇچە گەپ قىلىشقانلىقىنى سورۇدۇم. ئۇلار ساتقۇچىنىڭ ئۇلارنىڭ گىلەم ھەققىدىكى پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ چۈشىنىۋېلىپ سېسىق گەپ قىلىشىدىن قورقۇپ خەنسۇچە پاراڭلىشىپتۇ. بۇ يىل يازدا ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە ساياھەتكە كەلگەن ئىككى ئۇيغۇر ئايال قايتاشىدا قەشقەردىن چوڭلارغا سوۋغات ئالماقچى بولۇپ يېڭى بازارغا بېرىپتۇ. بىر قانچە دۇككاندا دۇكاندارلارنىڭ سېسىق گەپلىرىگە چىدىيالماي ئاخىرى ئۆزىنى خەنسۇ دەۋېلىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. سورۇسام خەنسۇ بولىۋېلىپ ئىككى جەھەتتىن ئۇتقانلىقىنى ئېيتىشتى، بىرى ئۇيغۇرچە گەپ قىلمىسا قەشقەرلىك ئەمەسلىكى چانمايدىكەن سودىدا قويۇلۇپ كەتمەيدىكەن. يەنە بىرى سېسىق گەپ ئاڭلاپ دىلى غەش بولمايدىكەن. مەنمۇ تىجارەتچىلەرنىڭ سېسىق گەپلىرىنى ئاڭلىغان. بىر كۈنى ئانام قەشقەردە بىر ساتارمەن 30 سوم دېگەن سومكىنى 15سوم دەپ تاشلىغانغا ساتارمەننىڭ «ما يېرىمنىمۇ يا» دېگەن سېسىق گېپىنى ئىشتكەندى.

2008-يىلى ئايالىم بىلەن ئۈرۈمچىدە بىر سودا سارىيىغا كىردۇق. ئايالىم

ساتارمەندىن بىر ئاياققا قويۇلغان باھانى چۈشۈرۈپ بېرىشنى ئېيتتى. ھېلىقى خەنسۇ پىرگازچىك «دوڭكوۋرۇكتىكى بازارغا بار، بۇنىڭدىمۇ ئەرزىنىنى ئالالايسەن» دېدى ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ. شىكايەت قىلاي دەپ خوجايىنىنى سورۇسام ئۆزى شۇكەن. دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ كەتمەكتىن باشقا چارە بولمىدى. شۇندىن كېيىن خەنسۇچىدىكى ئۇيغۇرچىدىن قوبۇل قىلىنغان «بازار»، «بالاڭزا»، «گۆلى» دېگەن سۆزلەرنىڭ كىنايە مەنىسى بارلىقىغا دىققەت قىلدىم. بۇ سۆزلەر كىنايىلىك مەنىدە كەلگەندە پىت بازىرى، ئوغرى، تەنساتار دېگەنلەرنى بىلدۈرىدىكەن.

مەنچە ۋەتەندىكى بۇنداق سېسىق سۆزلەشتىن ئىبارەت تىل ئادىتىنىڭ ھېچ قانداق يۇرت كىشىلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. ئەگەر ھەممىمىز سۆزلەۋاتقان تىلنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىدىن شۈبھىمىز بولمىسا تەنلىك سۆزلەش ئادىتى ھەممىمىزدە بار. پەقەت «قەشقەرلىق سېسىق گەپ قىلىدۇ» دېگەن چۈشەنچە تاراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن باشقا ئۇيغۇر دېسە ھېچ قانداق غەلىتە تۇيۇلمىغان بىر سۆز قەشقەرلىك ئۇيغۇرنىڭ ئاغزىدىن چىقسىلا «سېسىق» گەپتەك بىلىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇندىن باشقا بۇ پۇل، ئىمتىياز، ھوقۇق ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلچىمىگە، ھاكىمغا، باش پاناھىغا، قازىسىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقان جەمئىيەتتە كېلىپ چىقىدىغان مۇقەررەر ھادىسە. شەھەر بىلەن يېزا پەرقى چوڭىيىپ كەتكەن، باي كەمبەغەللىك پەرقى ئىجتىمائىي ئورۇن پەرقى، ئىمتىياز پەرقى سۈپىتىدە شەكىللىنىۋاتقان جەمئىيەتتە پۇل، ھوقۇق ۋە ئىمتىيازغا خوجايىن بولالمىغان كىشى ئاشۇنداق سېسىق گەپ، مەسخىرىلىك مۇئامىلە ۋە بېشارەتلىك كەمسىتىشلەرگە دۇچار بولۇپ تۇرىدۇ. كەمسىتىلگۈچى كەمسىتىش ئەۋج ئالغان موھىتتا ياشاۋېرىپ ئۆزىنىڭ كەمسىتكۈچىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىچىدە نېمە سېسىغان بولسا تېشىغا شۇ چىقىدۇ. قەشقەردە دېيىلمەي سېسىغىنى گەپ بولسا تىلغا شۇ چىقىدۇ-دە! نەدە گەپ دېيىلمەي سېسىغان بولسا، نەدە گەپتىن تۈك ئۈندۈرۈش ئەۋج ئالغان بولسا، نەدە ئۇدۇل

دېيىلگەن گەپ كىشىنى دەرتكە مۇپتىلا قىلسا شۇ يەردە گەپ سېسىيدۇ. ئەگەر يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوۋىمىز دېگەندەك ئادالەتلىك قانۇن ھەممەيلەننىڭ مەڭگۈزىگە قوياشتەك ئايرىماي نۇر چاچالىغان بولسا، بۇنداق سېسىق سۆزلەيدىغانلار كىشىلەرنىڭ ئەيىپلىشىگە ئۇچرىغان، تىگىشلىك جازاسىنى تارتقان بولاتتى. ئامېرىكىدا خېرىدارغا سېسىق سۆزلىگەن ساتارمەن يىنىك بولغاندا ئىشتىن بوشۇتۇلۇدۇ، باشقىلارنى مەسخىرە قىلغۇچى سوتقا تارتىلىپ روھىي تۆلەپ تۆلەيدۇ. ئامېرىكىدا روھىي تۆلەم جىسمانىي تۆلەمدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر بولۇدۇ. مانا بۇ ئامېرىكىدا سېسىق گەپنىڭ ئازلىقىغا سەۋەپ بولغان ئەڭ چوڭ ئامىل.

سېسىق گەپ يەنى تەنىلىك، مەسخىرىلىك، بىشارەتلىك گەپلەرنى ئامېرىكىلىقلارمۇ، ئۇيغۇرلارمۇ قىلىدۇ. ئەمما بۇ سۆزلەرنىڭ دېيىلىش قېتىم سانى، ئورنى ۋە ئوبىكتى ئوخشىمايدۇ. ئامېرىكىدا كىنايىلىك سۆزلەرنى مەن جوڭگۇدا ئۇزاق تۇرغان، ئۇيغۇر تىلىنى مۇكەممەل بىلىدىغان ئامېرىكىلىقلاردىن باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىمىدىم. بەلكىم ماڭا ئۇچرىمىغان بىلەن باشقىلارغا ئۇچرىغاندۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاغزىدىنمۇ بۇ ھەقتە ئاڭلىمىدىم. دېمەك سېسىق گەپلەرنىڭ دېيىلىش قېتىم سانى، دېيىلىدىغان سورۇن، ئاڭلايدىغان كىشى ئامېرىكىدا ئاز. نېمە ئۈچۈن؟ ئەمەلىيەتتە ۋەتەندە كىشىلەرنىڭ سېسىق گەپ قىلىشى پىسخىك بوشۇنۇش جەريانى بولۇشى مۇمكىن. ۋەتەندە بىر كىشى بىر خىزمەتكە كىرسە ياخشى كۆرسۇن، كۆرمىسۇن، ماس كەلسۇن كەلمىسۇن ئىشلەشكە مەجبۇر. بىر ئۈششاق تىجارەتچى ئىجارىنىڭ ئېشىپ كېتىشى سەۋەبلىك دۇككاننى تاقاپ قويالمايدۇ، بىر دېھقاننىڭ باللىرى كۆپەيسىمۇ، مال باھاسى ئۆسسىمۇ كۆپەيمەيدىغان «تۆمۈر» يەردىن باشقا ھېچ نېمىسى يوق، بۇنداق كىشىلەرنىڭ قەلبى نارازىلىق، زېرىكىش، ئۈمىدسىزلىك، قارشىلىق بىلەن تولۇپ كەتكەن. بۇلار بۇ پىسخىك چىڭقاقلىرىنى ئاشكارىلاشنىڭ يوللۇق شارائىتىغا ئىگە ئەمەس، شۇڭا باشقىلارغا سېسىق گەپ قىلىش ئارقىلىق كۆڭلىدىكى تېشىغا چىقىرالمىغان نارازىلىقلىرىنى ئىپادىلەپ بېسىقىغا چۈشىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىچىدە گەپلەر دېيىلمەي بىقسىپ كېتىدۇ- دە، پەقەت بولالماي ئىچى ئېلىشىپ تۇرغاندا سىزگە، ماڭا ياكى ئۇنىڭغا سېسىق

چاچرىتىدۇ. بۇنى ئۇيغۇرلار «ئېشەككە كۆچۈك يەتمىسە ئۇر توقۇمنى» دەپ خۇلاسىلىگەن.

# ئامېرىكىدا تاسادىپىلىق ۋە تاقابىللىق

مەن تۇرغان شەھەردە ئەڭ دىققىتىمنى تارتقان نەرسە يوللارغا، بازارلارغا، مەكتەپلەرگە، مېھمانخانىلارغا، باغچىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان 911 نىڭ تاسادىپىلىقنى مەلۇم قىلىش كونۇپكىلىرى بولدى. بۇنداق كونۇپكىلار مىيىپلار ۋە گۆدەكلەر ئۈچۈنمۇ قولايلىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. مەن ئامېرىكىدا تۇرغان مەزگىلدە بۇ كونۇپكىلارنى باسقان بىرمۇ ئادەمنى كۆرۈپ باقمىدىم. 911 ئامېرىكىدا تاسادىپىلىققا تاقابىل تۇرۇش تېلېپونى بولۇپ جىددى قۇتقۇزۇش، ئوت ئۆچۈرۈش، ساقچىغا مەلۇم قىلىش قاتارلىقلارغا ئورتاق ئىشلىتىلىدىكەن. 2001-يىلى سىنتەبىردە يۈز بەرگەن تېرورلۇق پاجىيەسى سەۋەبلىك بۇ نومۇر كىشىلەرنىڭ نېرۋىسىغا تېگىدىغان بولۇپ قالدى. ئامېرىكا ئېنگلىزچىسىدە چېسلا يازغاندائاي ئالدىدا كۈن كەينىدە، يىل ئەڭ كەينىدە يېزىلىدىغان بولغاچقا ئون بىرىنجى سىنتەبىر دېگەندە 911 كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كېلەتتى. تۇرلۇك تاسادىپىلىققا ھەر ۋاقىت تاقابىل ھالەتتە تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ پىسخىكىسى 11-سىنتەبىر پاجىيەسىدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە تېخىمۇ جىددىيلىشىپ مۇسۇلمانلارغا ئالاقىدار ھەرقانداق ھادىسىگە شۈبھە بىلەن باقىدىغان بولۇپ قالدى. مەنچە بۇشىنىڭ ئىككىنجى نۆۋەت ئامېرىكا پىرىزدېنتلىقىغا سايلىنىشىغا 911 ۋەھىمىسى پىسخىك ئاساس ياراتتى.

ئامېرىكىدا ھەر قانداق بىنانىڭ تۆرت تەرەپىكە داغدام ئېچىلغان ئىشىكلىرى بولىدۇكەن. بۇ ئىشىكلەر ھەر ۋاقىت ئوچۇق قويۇلىدىكەن. بىنالارنى بۇنداق لايىھەلەشتە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان تاسادىپىلىقلارغا تاقابىل تۇرۇش ئالدىن ئويلۇشۇلغان. ھەر قانداق بىنانىڭ ھەرقانداق يېرىگە 911 كونۇپكىسى، ئوت ئۆچۈرۈش ئۈسكىنىسى تەقلەنگەن بولىدۇكەن. ئىككى قەۋەتلىك ياكى بەك بۇرۇن سېلىنغانلىقتىن لىفىت ئورنۇتۇش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان قۇرۇلۇشلاردىن باشقا ئىمارەتلەرنىڭ

ھەممىسىگە لىفىت ئورنۇتۇلۇدۇكەن. مەنچە بۇنىڭدىمۇ تاسادىپىلىق نەزەرگە ئېلىنغان. ئامېرىكىدا مىيىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپلەردە ئوقۇشى، مىيىپ پروپېسسورلارنىڭ مەكتەپلەردە دەرس بېرىشى ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە بولغاچقا، مەكتەپ بىنالىرىدىكى لىفىت بەلكىم شۇلارنىڭ تاسادىپىلىقتا دۇچ كەلگەندە خەتەردىن قۇتۇلىشى ئۈچۈن سەپلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. مەن ھەتتا تاللا بازارلىرىدىكى بالىلارنى چىقىرىپ نەرسە كېرەك سېتىۋالىدىغان ھارۋۇچاقلارغىمۇ بالىلار ئۈچۈن مەخسۇس بىخەتەرلىك تاسمىسى بېكىتىلگەنلىكىنى كۆردۈم.

بىزدە ماشىنىلارنىڭ ئالدى كەينى ئورۇنلىرىدىكى بىخەتەرلىك تاسمىلىرىنى ئادەتتە باغلايدىغان ئادەم يوق، ئەمما ئامېرىكىدا ئادەتتە ماشىنىلارنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى بىخەتەرلىك تاسمىلىرنى باغلىماي ئولتۇرىدىغان ئادەم يوق ئىكەن. كۆپىنچە ماشىنىلارغا مەخسۇس سىگنال بېرىش ئۈسكۈنىسى ئورنۇتۇلغان بولۇپ بىخەتەرلىك تاسمىسىنى ماشىنىدىكى بىرەر كىشى باغلىمىسا سايراپ توختىمايدىكەن. بالىلار ئۈچۈن مەخسۇس ماشىنىنىڭ ئورۇندۇقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇدۇغان ئورۇندۇقلار بولۇدۇكەن. بۇلار شۇ قەدەر پۇختا لايىھەلەنگەنكى بالىلار ئولتۇرغاندا مىدىر سىدىر قىلالمايدىكەن. ئامېرىكىدا ماشىنىدىكىلەرنىڭ بىخەتەرلىك تاسمىسى باغلىماسلىقى، بالىلارنىڭ مەخسۇس بالىلار ئورۇندۇقى بىلەن ماشىنىغا مۇقۇملاشتۇرۇلماسلىقى قانۇنغا خىلاپ ئىكەن. جۇڭگۇدا 6 قەۋەتتىن تۆۋەن بىنالارغا لىفىت ئورۇنلاشتۇرۇلمايدۇ. بىنالارنىڭ تۆت تەرەپكە قارىغان ئىشىكلىرى بولۇدۇ، لېكىن بىرسىدىن باشقا ھەممىسى ھەمىشە تاقاق بولۇدۇ. ئوت ئۆچۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى بار، ئەمما ئىشلىتىشنى كۆپىنچە ئادەم بىلمەيدۇ.

ئامېرىكىدا تاسادىپىلىقتا تاقابىل تۇرۇش تەربىيىسى بەك بۇرۇن باشلىنىدىكەن. قىزىم يەسلىگە بېرىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن ياتاق ئۆيۈمۈزنىڭ تېمىغا ئورنۇتۇلغان ئوت ئۆچۈرۈش ئۈسكۈنىسىنى كۆرسۈتۈپ

نەرىنى باسسا قانداق نەرسە چىقىپ ئۇتنى قانداق ئۆچۈرۈدۇغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇرۇن ئۆيدە ئىس چىقىپ كەتسە چىرقىراپ كېتىدىغان بىر ئۇسكۈنىنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلغانىدىم. قىزىمنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن تامغان ئەپچىل ئورنىتىلغان ئىككى بوتۇلكىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم. قىزىمغا بۇنى يەسلىدە ئۆگىتىپتۇ. مەن 35 يىل ياشىغان يەردە بولسا ئوت ئۆچۈرۈش ئۈسكۈنىسىنى قانداق ئىشلىتىش ھەققىدە تەربىيىگە ئىگە بولۇپ باقماپتىمەن.

بىز ياشىغان موھىتتا تاسادىپىلىقلار ۋە بۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدىكى تەربىيە، ئۈسكۈنە قاتارلىق ماددىي ۋە روھىي تەييارلىقلار يوقنىڭ ئورنىدا. شۇ ۋەجىدىن ئەتراپىمىزدا ھەر زامان يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان تۇيۇقسىز كېسەللى قوزغىلىش، ھوشىدىن كېتىش، سۇغا چۆشۈپ كېتىش...قاتارلىق تاسادىپىلىقلارغا ئۇچراپ قالسام ۋارقىراش، جىددىيلىش ۋە ئىچ ئاغرىتىشتىن باشقا ئىش قولۇمدىن كەلمەيدىغانلىقى ئېنىق. بىز ياشاۋاتقان موھىتتا تاسادىپىلىقنى خەۋەر قىلىدىغان ئۈسكۈنە- ۋاستە مەۋجۇد ئەمەس، تاسادىپىلىققا تاقابىل تۇرغۇدەك ئەسلەھە يوق، ئەسلەھە بولغان تەقدىردىمۇ قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگىتىدىغان مائارىپ يوق. شۇنداق ۋاستە، شۇنداق ئۈسكۈنە، شۇنداق مائارىپ بولغان تەقدىردىمۇ ھەممە نەرسە پەقەت شەكىل ئۈچۈن، تەكشۈرگۈچىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن، كىشىلەرگە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بېرىش ئۈچۈنلا ھازىرلانغان بولغاچقا ھېچ بىر ئۈنۈمى يوق. شۇڭا ئامېرىكىدىكىدەك خۇسۇسى ئۆيلەرگە ئوت ئۆچۈرۈش ئۈسكۈنىسى ئورنىتىش، تاسادىپىلىق يۈز بەرگەندە قاچىدىغان ئىشىك كىشىلەرنىڭ ئادىتىگە ئايلانمىغان.

ئامېرىكىدا تاسادىپىلىق ھەققىدىكى ھازىرلىقنىڭ پۇختىلىقى سوغۇرتىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. مەيلى داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ياكى ماشىنا سۇغۇرتىسى بولسۇن قاتنىشىشمۇ ئوڭاي، تاسادىپىلىققا دۇچ كەلگەندە تۆلەم ئېلىشمۇ ئىنتايىن قولاي. سۇغۇرتا شىركەتلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ خالىغان ۋاقىتتا خالىغان شىركەتنىڭ سۇغۇرتىسىغا قاتنىششقا بولىدۇ. داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى ئالساق سۇغۇرتا كارتى چوڭ دوختۇرخانىدىن تارتىپ كىچىك خۇسۇسى ئامبۇلاتورىيەگىچە

ھەممە يەردە ئىشلەيدۇ. مەن ئىككى قېتىم دوختۇرخانىغا بېرىپ نەق پۇل تۆلىگەن بىرمۇ ئادەمنى كۆرۈپ باقمىدىم. ھەممىسى سۇغۇرتا كارتىنى كۆرسىتىپ داۋالىنىۋېرىدىكەن. دوختۇرخانا ياكى ئامبۇلاتۇرىيەلەر سۇغۇرتا شىركەتلىرى بىلەن ئۆزلىرى دېيىشىۋالىدىكەن. رايۇنىمىزدا سۇغۇرتا ساھەسىنىڭ تەرەققىياتىدىكى بىنورماللىق، ئاستىلىق ۋە مونوپوللۇق سەۋەبىدىن كىشىلەرنىڭ سۇغۇرتىغا تۇتقان پوزىتسىيەسىمۇ ئانچە جىددى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىجتىمائىي كاپالەت سېستىمىسى كەمتۈك بولغاچقا تاسادىپىلىقلار يۈز بېرىپ بولغىچە قۇلىقىمىزغا تۈرلۈك ئىئانە سادالىرى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئەڭ ئېچىنارلىق يېرى كىشىلەردە سۇغۇرتا شىركەتلىرىنى مۇلازىمەت ئورگىنى ئەمەس ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش ئورگىنى دەپ قاراپ قورقۇش، ئەيمىنىش مەۋجۇد بولغاچقا تىگىشلىك ھەققىنى تەلەپ قىلىشتا پاسسىپ ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ. كىشىلىرىمىزدىكى ھۆكۈمەتتىن ئەيمىنىش كەيپىياتى ئۇلارنى تاسادىپىلىقلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان خۇسۇسىي سۇغۇرتا شىركەتلىرى ئالدىدا ئىلتىجاچىلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ.

ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن ھەيران قالغىنىم كىشىلەردە تاسادىپىلىق ھەققىدىكى چۈشەنچىنىڭ يوقنىڭ ئورنىدا بولۇشى بولدى. بىر قىسىم كىشىلەر ماشىنىلىق بولغان بىلەن ماشىنىغا ئالاقىدار تاسادىپى ھادىسىلەرگە بولغان تەييارلىقى يوقكەن، توك ھارۋا ھەيدىگەن بىلەن توك ھارۋىغا مۇناسىپ تۇيۇقسىز كېلىشمەسلىكلەرگە بولغان ھازىرلىقى پەقەت مەۋجۇد ئەمەسكەن. كىشىلەردە ماشىنا كۆپىيىپ قاپتۇ، لېكىن ھەتتا شوپۇرمۇ بىخەتەرلىك تاسمىسىنى ساقچىنى كۆرمىسە باغلىمايدىكەن. شۇنىسى ئېچىنارلىقكى، رولغا ئولتۇرغان كىشىدىن باشقا ھىچ كىم بىخەتەرلىك تاسمىسى باغلىمايدىكەن. دەسلەپ مەن ماشىنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ قالسام باغلىۋالىدىغان، كېيىن بەزى كىشىلەر بىر غەلىتە قىلىققا قارىغاندەك قاراشقا باشلىغانلىقتىن جۈرئەت قىلالماس بولۇپ قالدىم. ماشىنىدا باللارغا

مەخسۇس تاسمىلىق ئورۇننىڭ بولۇشى كېرەكلىكى ئويلۇشۇلمايدىكەن. ماشىنا ھەيدەۋېتىپ تېلېپۇندا سۆزلۇشۇشنىڭ خەتىرى تېخى مۆلچەردىن يىراق ئىكەن. بۇنداق قىلمىشلارنى چەكلەيدىغان قانۇنمۇ يوق ئىكەن. ماشىنىدىن باشقا تۇك ھارۋا شەھەرلەردە ئاساسلىق ۋاستە ئىكەن. ئادەمنى قورقۇتىدىغىنى تۇك ھارۋىلىرىنىڭ كەينىگە بىر ئىككى، ھەتتا ئۈچ بالىنى مىندۇرىۋالغان كىشىلەرنىڭ يا بېشىدا بىخەتەرلىك قالپىقى، يا بالىلىرىنىڭ بېلىدە بىخەتەرلىك تاسمىسى يوق ئىكەن. ئاللاھ ساقلىسۇن، تاسادىپىي ئالدىدىن بىر نەرسە چىقىپ تۇيۇقسىز تورمۇزلاشقا توغرا كەلسە تاسمىسىز ئولتۇرغان بالىلىرىنىڭ «شۇڭقار» بولۇپ ئۇچالمايدىغانلىقىنى ئۇلار بىلمىسە كېرەك.

ئۇيغۇر ۋىلايەتلىرىدە تاسادىپىلىق ھەققىدىكى چۈشەنچە، تەربىيە ۋە تاقابىللىقنىڭ كەملىكى نۇرغۇن پاجىيەلەرگە سەۋەب بولۇۋېتىپتۇ. مەسىلەن، تۈرلۈك ھادىسىلەردە يارىلانغان، تۈرلۈك كېسەللەردىن يۇقۇملانغان كىشىلەر دوختۇرخانىلارنى تولدۇرۇپتۇ. ۋەتەندە ئەڭ قايناق يەر بازار ۋە دوختۇرخانا ئىكەن. دوختۇرخانىغا بانكىلارنىڭ پۇلدانلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھەق تۆلەش ئورنىدا ئۆچىرەتتە تۇرغان كىشىلەرنىڭ قوللىرىدىكى باغلام پۇللارغا قاراپ سوغۇرتىنىڭ قانچىلىك كىشىگە نەپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىلمەك تەس ئەمەس ئىكەن. ئېيتىلىشىچە قەشقەردىكى كېرەمباغ دوختۇرخانىسىنىڭ بىر كۈنلۈك يىغىۋالىدىغان داۋالاش ھەققى 30 مىليۇن سوم ئىكەن. ئامېرىكىدا بازارنىڭ قايناقلىرىنى كۆرگەن، لېكىن دوختۇرخانىنىڭ بۇ قەدەر قايناقلىرىنى كۆرمىگەنىكەنمەن. مەن تۇرغان لاۋرېنس شەھرىدە بىر دوختۇرخانا بولۇدۇغان بىر قانچە قېتىم بېرىپمۇ كارىدۇردا ياكى ئىشىك ئالدىدا تۇرغان بىرمۇ ھاجەتمەننى، كارىدۇردا تۇرغان بىرمۇ بىمارنى كۆرمىگەنىدىم. ۋەتەنگە قايتىپ قايسى دوختۇرخانىغا بارماي كارىدور، سەينا ۋە ياتاقلارنى تولدۇرۇپ يېتىشقان، تۇرۇشقان، ئولتۇرۇشقان بىمارلارنى كۆردۈم. قەشقەردە دورىخانا بىلەن دوختۇخانا تىجارىتى ئۇيغۇرلاردا بىر كەسىپ بولۇپ شەكىللىنىپتۇ. ئۇيغۇرچە تېلقانالليرىدا خەنسۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان دوختۇرخانا ۋە دورا ئېلانى ئەڭ كۆپ ئىكەن. ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى نۇرغۇن ساھەلەردە يىگىلەش، كىچىكلەش، ئاجىزلىشىقا يۈزلەنگەن بىلەن دوختۇرخانا، دوراخانا ۋە دورا قاپلىرىدا خەنسۇچە

بىلەن ئوخشاش ئىشلىتىلىشكە باشلاپتۇ. دېمەك، پۇل تاپارلارنىڭ كۆزىگە «ئىچىلىك سۇپۇرام» بولۇپ كۆرۈنۈۋاتقان ئۇيغۇرنىڭ يانچۇقى ئۇلارنى ئۇيغۇر تىلىنى قوللۇنۇشقا مەجبۇرلاپتۇ. قىزىق يېرى قەشقەردە بەزى زىيالىلار ۋە زىيالىيسىمانلار دوختۇرخانىلاردا ئۇيغۇر بىمارلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ساغلاملىق ئېڭىنىڭ ئاجىزلىقى، تازىلىق ئادىتىنىڭ قالاقلىقى، ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن كۆرۈدىكەن. قارىغاندا بارلىق كېلىشمەسلىكلەرنى بىر بولسا تەھلىل قىلمايلا ئۆزىدىن، چۈشىدىن، ئاتا-بوۋىسىدىن، تەقدىرىدىن كۆرۈش، يەنە بىر بولسا مىللەتنىڭ «نۇقسان» لىرىدىن كۆرۈش ئاللىقاچان بىر قىسىملارنىڭ تەپەككۇر ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

ئامېرىكىدىكى مۇكەممەل بولغان تاسادىپىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئەسلەھەلىرى ۋە مۇپەسسەل قانۇن سىستېمىسى كىشىلەرنى ئازادە، تىنچ ۋە كاپالەتلىك هاياتقا ئىگە قىلغان. شارائىتتىكى مۇكەممەللىك كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى ۋە ھەرىكىتىنى ماس ھالدا ئۆزگەرتكەن، ئەقلىيلەشتۈرگەن. مەسىلەن، باللارغا ماشىنىدا مەخسۇس ئورۇندۇق ھازىرلاش، ماشىنىغا چىققان ھامان بىخەتەرلىك تاسمىسىنى باغلاش، ئۆيلىرىگە ئوت ئۆچۈرۈش ئۈسكۈنىسى ئورنىتىش ۋە مەخسۇس مۇداپىئە ئىشىكى ئورنىتىش، ماشىنا ھەيدىگەندە تېلېفونلاشماسلىق قاتارلىقلارنى ئامېرىكىدا كىشىلەر كۈندىلىك ئادەتكە ئايلاندۇرغان. بۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۇيغۇرلاردىن قانداقتۇر ئىلغارلىقى ئەمەس، بەلكى مۇكەممەل ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئېڭىدىكى ئىنكاسى. ئامېرىكىدا ماشىنا ھەيدەۋېتىپ تېلېفون ئىشلىتىشنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكى، مۇنداق قىلمىش سادىر قىلغانلارنىڭ مۇرەسسەسىز جازالىنىدىغانلىقى ھەقىقەت. بۇ بىرى كىشىلەرنى زىيانلىق قىلمىشلارنى سادىر قىلىپ ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئامانلىقىغا زامىن بولۇشتىن ساقلايدۇ، يەنە بىرى، باشقىلارنى توغرا ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ، كىشىلەرنىڭ نۇقسانلىق مىجەزىنى ئىلمىي قېلىپقا كىرگۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە ئەقىلگە مۇۋاپىق، توغرا ھەرىكەت ئومۇملىشىپ، خاتا

زىيانلىق ھەرىكەت ئاز سانلىقلارنىڭ قىلمىشىغا ئايلىنىدۇ. بۇ ھالەت تەدرىجى كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە زىيانلىق قىلمىش ساقچى كۆرمىگەن تەقدىردىمۇ ۋىجداننىڭ ۋە جامائەت پىكرىنىڭ ئەيىپلىشىگە ئۇچرايدىغان جەمىيەت شارائىتى بارلىققا كېلىدۇ.

# ئامېرىكا، قىزىم ۋە بىزنىڭ ئۇيغۇرلۇقىمىز

# ئامېرىكا يەسلىسىدە ئۇيغۇرچە خەت

ھەممە ئىش ئالدىن پىلانلىنىدىغان ئامېرىكىغا «تۇيۇقسىز» كېلىپ قالغان قىزىمنى يەسلىگە ئورۇنلاشتۇرالماي بېشىم قاتتى. مەن ئائىلەمنىڭ كېلەلەيدىغان ياكى كېلەلمەيدىغانلىقىغا بىر نەرسە دېيەلمىگەچ قىزىمنىڭ يەسلى ئىشىنىمۇ ئويلىشالمىغان ئىدىم. توختىماي سۈرۈشتۈرۈش نەتىجىسىدە ئاخىرى يەسلى مەسىلىسىمۇ ھەل بولدى. مەكتىپىمىزنىڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزىنىڭ يەسلىسى قىزىمنى قوبۇل قىلدى. قىزىم گەرچە ئامېرىكا پۇقراسى بولمىسىمۇ تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەر بەھرىمەن بولۇدۇغان ياردەم تۈرىدىن بەھرىمەن بولدى. قىزىم ئوقۇيدىغان يەسلىدە ئېيىغا نەچچە مىڭ دوللار تۆلىگەن ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىمۇ، بىزدەك ئىشلىشى ئىجازەتسىز بولغان، مۇكاپاتقا تايىنىپ ياشايدىغان ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىمۇ ئوخشاش شارائىتتا تەربىيەلىنەلەيتتى. يەسلىگە تىزىملاتقىلى بارغاندا كىرىم ئىسپاتىمنى تاپالمىغان ئىدىم، خىزمەتچى خادىم «ساڭا ئىشىنىمىز، ئىسپاتنى تاپالىغاندا ئېلىپ كەلسەڭ بولۇدۇ، قىزىڭ يەسلىگە كېلىۋەرسۇن» دېدى. ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسپىرانتلار باشقارمىسى دىپلومىمغا خاتا يېزىپ قويغان ئىسمىمنى ئوڭشىتىمەن دەپ ھەپتە ئاۋارە بولغانتىم. دىپلوم ۋە كىملىكتىكى ئىسمىم، رەسمىمىمۇ مېنىڭ مەزكۇر كىشى ئىكەنلىكىمگە ئىسپات بولالمىغانتى. مەندەك بىر چەتئەللىكتىن نە پاسپورت نە باشقا ئىسپات تەلەپ قىلماي قىزىمنى پۇقرالىرى بىلەن ئوخشاش مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن قىلىۋاتقان بۇ دۆلەتكە ۋە بۇ دۆلەتتىكى ئىنسانىي ھۆرمەت ۋە ئىشەنچنى ئاپتاپتەك ھەممىگە تەڭ يەتكۈزىدىغان كىشىلەرگە ئىچ-ئىچىمدىن زوقلاندىم. قىزىم دادىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىقى، پۇلسىزلىقى سەۋەبلىك يەسلىسىز قالمىدى ياكى ئىمتىيازلىق ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى ئالدىدا بويۇن قىستۇرۇلمىدى. ئامېرىكىدا بالىلارنىڭ بۇنداق پۇرسەتتىكى باراۋەرلىكى مېنى قايىل قىلدى. ئىنگلىزچە تەلەپپۇزى ۋە ئىسمىدىن

سىلاۋىيان تىللىق بىرەر دۆلەتتىن كەلگەنلىكى چىقىپلا تۇرىدىغان خادىم قىزىمنى رەسىمگە تارتىپ بولۇپ، بىزگە بىر پاتمان جەدۋەللەرنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۇلارنى تولدۇرۇشقا ئۇلگۈرمەيلا گۇۋاھنامە دېيىلىدىغان ئاشۇ قەغەزنى تاپشۇرۇپ بەردى. ھالبۇكى بۇ ئىككى بەتلىك جەدۋەلنى تولدۇرۇشقا ساقلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

قۇبۇللاش رەسمىيەلىرىنى تاماملىدى. جەدۋەلگە قارىدىم، توۋۋا بۇ يەسلىدىكىلەرنىڭ ئەستايىدىللىقىنى! قىزىمنىڭ قايسى رەڭگە ئامراقلىقىدىن تارتىپ، قانداق تاماقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغىچە، قانداق قىلىقنى كۆپ قىلىدىغانلىقىدىن تارتىپ تۇنجى دېگەن سۆزىگىچە ھەممىنى يېزىشىمىزنى تەلەپ قىلغان ئىدى. قىزىمىزنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى بىزمۇ ئانچە تەپسىلى بىلمەيدىغان بولغاچ چوڭلاردىن سوراشتۇرۇپ بۇ جەدىۋەللەرنى تولدۇرۇشقىلا بىر كۈن كەتتى. جەدۋەللەر ئىچىدە تاسادىپى ئەھۋال كۆرۈلگەندە قانداق قىلىش ھەققىدىكى ۋاراق مېنى ئويلاندۇردى، يۇرتىمىزدا مەيلى مىللىتىمىزدە بولسۇن ياكى باشقا مىللەتلەردە بولسۇن تاسادىپى ھادىسىلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە نە شەخسىي تەييارلىق نە ئىجتىمائى مۇلازىمەت سىستىمىسى يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. ئامېرىكىدا بۇ ھەقتىكى تەربىيە ۋە ئەسكەرتىش يەسلىدىن باشلىنىدىكەن.

ئاۋغۇستىنىڭ ئۈچىنچى ھەپتىسى قىزىمنى يەسلىگە ئېلىپ باردىم. چىراي تۇرىقىدىن ساغلاملىقى چىقىپلا تۇرىدىغان ئالتۇن چاچلىق چىرايلىق بىر قىز ۋە ئۇيغۇرغا سەل ئوخشاپ قالىدىغان ئىسپانچىراي يەنە بىر قىز بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. بىرسى ساغلاملىق تەكشۈرۈش ئۇسكۈنىسى بىلەن قىزىمنى بىرەر قۇر تەكشۈردى يەنە بىرى قىزىمغا مەخسۇس تەييارلانغان ئىشكاپنى كۆرسەتتى. ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە قىزىمنىڭ رەسىمى ۋە «مەسئۇدە خۇش كەلدىڭىز» دېگەن ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان ئىدى. ئۇيغۇرچە خەتنى كۆرۈپ كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. سوراپ بىلدىمكى، يەسلىدىكى يېتەكچىلەر قىزىمنىڭ ئۇيغۇرلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن ئاتايىن تۈردىن قارشى ئېلىش مەنىسىدىكى ئىنگلىزچە جۈملىگە ئاساسەن بۇ ئۇيغۇرچە جۈملىنى تېپىپ چاپلاپ قويۇپتۇ.

يەسلى مۇنداق ئۈچ بۆلۈم ۋە بىر چوڭ مەيداندىن تەركىپلەنگەنىكەن.

بىرىنچى بۆلۈم بالىلارنىڭ ئويۇنچۇق ئويناش، ھېكايە ئاڭلاش، ناخشا ئوقۇش، مۇزىكا چېلىش، دېكلاماتسىيە قىلىش، رەسىم سىزىش، ئۆي ئىشى قىلىش، قول ھۈنەر قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلىرىگە ماس بېزەلگەن ۋە ھازىرلانغان بولۇپ تولىمۇ ئازادە بىر زال ئىكەن. ئىككىنچى بۆلۈم ئاتا-ئانىلار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ بالىلارنىڭ خۇيى، قىلىقلىرىنى ۋە گەپ سۆزلىرىنى كۈزىتىشى ئۈچۈن ھازىرلانغان بولۇپ بالىلار كۆزەتكۈچىلەرنى كۆرەلمەيدىكەن. ئۈچىنچى بۆلۈم بالىلارنىڭ سىرتتا ئويناش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئەھۋالدا ئوينايدىغان زالى بولۇپ سىرتتىكى چوڭ مەيداندا بار ھەممە ئويۇنچۇقلار تەقلەنگەن ئىكەن. ئوچۇقچۇلۇقتىكى چوڭ مەيدانغا تۈرلۈك ئەسلەھەلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تۈرلۈك تەنتەربىيە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن شەكىللىرىمۇ كۆزگە چېلىقىدىكەن، ئادەمنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىدىغىنى ئامېرىكىچە فۇتبول بىلەن ۋاسكېتبول ئىكەن. مەن بۇلاردىن ئامېرىكىنىڭ دۇنيا تەنتەربىيە ساھەسىنى يېتەكلەپ كېتىۋاتقان كارامىتىنىڭ سىرىنى ئاڭقارغاندەك بولدۇم.

ئويۇنچۇقلار ئاساسەن بىر كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك، ئۈچ كىشىلىك ۋە كۆپ كىشىلىك قىلىپ لايىھەلەنگەن بولۇپ، مەنچە بۇ بالىلاردا كىچىكىدىن ھەمكارلىق، ماسلىشىش ۋە دوستلۇق روھىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن بولسا كېرەك. بۇ كىچىك بالىلارغا مۇشۇنداق ئويۇن ئارقىلىق ھەمكارلىقنىڭ مۇھىملىقىنى كىچىكىدىن سىڭدۈرمەي، ھە دېسە ئىتتىپاقلىققا دائىر شۇئارلارنى يادلاتقانىنىڭ قانچىلىك ھاماقەتلىك ۋە زوراۋانلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانچە يۈرۈكۈم سىقىلىپ كەتتى. قۇلاق تۈۋۈمدە لۇشۇن ئەپەندىنىڭ «بالىلارنى قۇتقۇزۇۋالايلى!» دېگەن ياڭراق ساداسى جاراڭلىدى. بىز قوراملىقلارغۇ شۇ ھاماقەتلىك ۋە زوراۋانلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ شىرىكلىشەلمەي، ئىللەتلىك ئۇيغۇرنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقىدىن قاقشاپ ئۆتۈپ كەتتۇق، ئىتتىپاقلىق شۇئار بىلەن ئەمەلگە ئاشامدۇ؟ دەرسلىكلىرىمىز، دەرسخانىمىز، ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بالىلارنىڭ ئۆملۈك روھىنى يېتىلدۈرۈشتە نېمە قىلالىدى؟ مىللەتنىڭ بىز كۈتكەن ساغلام روھىي مائارىپسىز، تەربىيەسىز، كىچىكىدىن يېتەكلەشسىز قېلىۋاتسا، يەنە ھەممە گۇناھنى قارا قويۇق مىللەتكە ئارتىپ قويۇشنىڭ

نەقەدەر ھەقسىزلىقىنى ھېس قىلالمىدۇقمۇ؟

# مەن «قەشقەرلىك»

قىزىم ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن كۆپرەك كۆرگىنى بىر ئۇيغۇرىمىز بولدى. ئۇياقنىڭ ئاتا-ئانىسى غۇلجۇلۇق تارانچىلاردىن بولسىمۇ چاخچاقنى يېرىم كۈندىن كېيىن چۈشىنىپ بەزىدە كۈلۈپ بەزىدە رەنجىپ قالاتتى. ئۆزى ئۈرۈمچىدە چوڭ بولغىنىغا قارىماي «بىز غۇلجۇلۇقلار» دەپ سۆزلەپ قوياتتى. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىدىكى تارماقلىرىدا بىر خىسلەتنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتىم. مەنچە ئىلى ئۇيغۇرلىرىدىكى خىسلەت يۈكسەك غۇرۇر، قورقۇمسىزلىق ۋە ئوچۇق خاراكتېر. بولۇپمۇ مەن بۇ تارماق ئۇيغۇرلارنىڭ جامائەتنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى ئۇرۇن، مەرتىۋە ۋە ھوقۇق سۈرۈشتۈرمەي مەسخىرە قىلالايدىغان ئەركەكلىكىدىن سۆيۈنەتتىم. شۇ سەۋەپتىن يېقىن ئەتراپتىكى بىر دىنبىر ئۇيغۇرۇم بولغان بۇ خانىمنىڭ ئۇيغۇردىكى جىمى تارىخى ۋە رىيال پىشكەللىكىنىڭ مەنبەسىنى قەشقەرلىككە دۆڭگەپ چاخچاق قىلىشلىرىغا كۈلكە، چاخچاق بىلەن جاۋاپ قايتتۇراتتىم. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىنى «مەن ئۈرۈمچىلىك» دېيەلمەسلىكى ئىدى. مەندىن ئالى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچۇلۇرۇم تولا يۇرتۇمنى سورايتتى. كىشىلەرنىڭ گېپىگە دىققەت قىلسام، ئۇيغۇردىن بىر كىشىنىڭ ئىسمى چىقىپ بولغۇچە ھەممەيلەن ئۇنىڭ يۇرتىنى بىلىشكە ئالدىرايتتى. ھەتتا زىيالىلار ئارىسىدا بىر مەشھۇرنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە يىللاپ مۇنازىرە قايىنايتتى. شۇ تالىشىۋاتقانلاردىن «شۇ مەشھۇرنىڭ ساڭا نەپ بەرگەن بىر ئېغىز گېپىنى دەپ باقسىنا» دېسىڭىز تىرناق تاتىلايتتى. مەن مۇشۇنداق پۇچەك تۇيغۇلاردىن قىزىمنى يىراق قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىنى پەقەت ئۇيغۇر دەپ بىلىشىنىلا ئارزۇ قىلاتتىم. مەن قىزىمنى ئۇيغۇرلۇقنى تەبىئىي رەۋىشتە ھېس قىلسىكەن دەپ تىلەيتتىم. كاج تەلەي قىزىم ھېلىقى پاجىيەدە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلىقىنى ۋاقىتسىز ئەمما ۋەھىمە ئىچىدە ھېس قىلدى. ئامېرىكىغا كەلگەندىن

كېيىنمۇ تولا جۆيلۈپ ” ئاپا قاچايىى(قاچايلى)، xxلار كەيدى(كەلدى)» دەپ چۆچۈپ ئويغۇنۇپ كېتىشلىرىدىن ئۇيغۇرلۇقنىڭ ئازابىنى تەڭ تارتتىم. يېڭى كەلگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۈنى تۈنجى قېتىم ئاپتوبۇس بىلەن ئويناتقىلى ئېلىپ چىقماقچى بولۇپ بېكەتكە كەلدىم. ئاپتوبۇس كېلىپ توختىشىغا قولۇمغا چىڭ ئېسىلىۋالغان قىزىم يىغلاپ ئاپتوبۇسقا چىققىلى ئۇنىمىدى. ھەر قانچە قىلىپمۇ ئاپتوبۇسقا چىقىرالمىدىم. ئۆيگە قايتىپ ئايالىمدىن سەۋەبىنى ئوقتۇم ۋە ئۆزەممۇ يىغلاپ كەتتىم. مەن سىياسىي ئەۋزەللىكنىڭ ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ قوغۇدۇغۇچىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان مىللەتچىلىككە نەپرەتلىنىمەن. مەن قىزىمنىڭ بىر ئىنسان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن، ئەگەر ئۇ ئۇيغۇرلۇقنى مۇئاۋىن شۇجى بولۇش ئۈچۈنلا كېرەك قىلسا مەن ئۇنىڭ شۇ ئۇيغۇرلىقىدىنمۇ نەپرەتلىنىمەن. قىزىمدىن كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي سورۇدۇم:

— تاتلىقىم سىز قايسى مىللەتتىن؟

— ئۇيغۇي.

— سىز قايسى يۇرتتىن، يۇرتىڭىز نېمە؟

— ھە...

— ئاي بالام سىز نەدىن كەلدىڭىز؟

— گۇل ئانامنىڭ قېشىدىن.

دېمەك، ئايدىڭ بولدىكى، قىزىم يۇرت دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى تېخى بىلمەيدىكەن. بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار يۇرتنى بىلىپ مىللەتنى بىلمەيتتى، ئۈچ ياش توقۇز ئايلىق قىزىم بۇنىڭ ئەكچىسە مىللەتنى بىلىپ يۇرتنى بىلمەيدىكەن. روسلار تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېڭى خەرىتىسى سىزىلىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار ئۆزىنى تۈرك دېگەن ۋە بەزىدە يۇرتلار بويىچە ئايرىپ كەلگەن، تىلىنى بولسا تۈركچە دەپلا ئاتىغان. تىلنى تۈركچە دېيىش پەقەت تىل يېزىق بىلەن ھەپىلىشىدىغان موللا ئۆلىمالاردا ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن كۆپرەك ئالاقە قىلىدىغانلاردا ساقلانغان. مانا بۈگۈن يېڭى تارىخ

يېزىلماقتا، ئۇيغۇر باللىرى يۇرتىدىن بۇرۇن مىللىتىنى بىلمەكتە ئىدى. ئارىدىن ئىككى ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن قىزىمدىن يەنە سورۇدۇم. چۈنكى مەن مېنى تولا قەشقەرلىق دەپ مازاق قىلىدىغان «غۇلجۇلۇق» قېرىندىشىمنىڭ قىزىمنىڭ كىملىك چۈشەنچىسىگە قانچىلىك تەسىر قىلغانلىقىنى بىلمەكچى ئىدىم. قىزىم بۇ قېتىم «مەن قەشقەرلىكتىن كەلگەن» دېدى. پىسخىك تىلشۇناسلىقتا قوشۇمچە بىلەن سۆز مىڭىدە ئىككى يەردە ساقلىنامدۇ ياكى بىر يەردىمۇ دېگەن مۇنازىرە بولۇدۇغان. قىزىمنىڭ جاۋابىغا قارىغاندا سۆزلەر قىزىمنىڭ مىڭىسىدە قوشۇمچە قوشۇلغان شەكىلدە ساقلىنىپ قالغان ئوخشايدۇ. يەنە بىر ھەپتە ئۆتكۈزۈپ سورۇدۇم. قىزىم بۇ قېتىم «مەن قەشقەردىن كەلگەن، مەن قەشقەرلىك» دېدى. قارىغاندا ئىنسان سوزنى ئاۋۋال قوشۇمچىدىن ئايرىماي ئۆزلەشتۈرىۋېلىپ ئاندىن ئايرىپ ئىشلىتىشنى ئۆگۈنىۋالسا كېرەك. شۇنداق قىلىپ قىزىم قەشقەرگە يېقىن ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، قەشقەردىن نەچچە ئون مىڭ كىلومېتىر يىراقتىكى ئامېرىكىدا قەشقەرلىك ئىكەنلىكىنى ئۆگۈنىۋالدى. بۇ ھىكايەت ئائىلە تەربىيىسى بەك موھىم، دەپ ھەدىسە ئۇنىڭ ئائىلە تەربىيىسى، بۇنىڭ تالانتلىق بالا تەربىيەلەش دەستۇرى دېگەن كىتاپلىرىغا دۇم چۈشۈشلەرگە سالقىن قارىشىمىزنى ئەسكەرتىدۇ. بالىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى قانداق تونۇشى، نېمىنى سۆيۈپ، نېمىدىن نەپرەتلىنىشى يالغۇز بىزنىڭ تەسىرىمىزدىنلا بولمايدىكەن. مەن يۇقۇرىدا دەپ ئۆتكەندەك، ئائىلىدە بىز ھېچ قاچان «قىزىم سەن قەشقەرلىك» دەپ تەربىيە قىلمىغان. قوشنام دائىم مېنى ۋە يېڭى كەلگەن قىزىمنى «قەشقەرلىك ئۇنداق قىلىدىكەن»، «قەشقەرلىك بۇنداق دەيدىكەن»، «قەشقەرلىكنىڭ بالىسى دېگەن زادى ئۇندا، مۇنداق» دەۋەرگەندىن كېيىن قىزىم ئۆزىنى «قەشقەرلىك» دەپ بىلىۋاپتۇ. تاشقى موھىتنىڭ باللارنىڭ كىملىكىگە تەسىر كۆرسۈتىدۇغانلىقىغا يەنە بىر مىسال. قىزىم بىر كۈنى «مەن ئۇسسۇل ئۆگىنىمەن» دەپ غەلۋە قىلىپ تۇرۇۋالدى. سەۋەبىنى سورۇسام، بىر خەنسۇ خوشنىمىز ئۇنى «ئۇسسۇل ئويناپ بەر» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. قىزىم «ئوينىيالمايمەن» دېسە، «ئۇيغۇر باللىرى دېگەن ئايىقى چىققاندىلا ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ» دېگەنمىش. شۇ ئان كاللامغا يالقۇن روزىنىڭ «بىز قانداق بولۇپ ناخشا-ئۇسسۇل مىللىتى بولۇپ قالدۇق؟» دېگەن

ماقالىسى كەلدى. جاۋاپ تولىمۇ ئاددىي، سەھنىدە بەختىيارلىقتىن ئۇسسۇل ئويناۋاتقان رەڭگارەڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنى تولا كۆرۈپ كۆنگەن خەنسۇلارنىڭ بىرى بولغان قوشنامنىڭ ئۇيغۇرغا بەرگەن باھاسى قىزىمنىڭ ئۇسسۇل ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولۇۋاتاتتى. مەن ئىچكىرىدە ئاتا-ئانىسى خەنزۇۋان بولغاچقا ئۇيغۇرچىنى پەقەت سۆزلىيەلمەيدىغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بەرگەن. قىزىق يېرى ئۇلار ئۇيغۇرچە بىلمىگەن بىلەن ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئوينىيالايتتى، سەۋەبىنى سورىسام خەنسۇ ساۋاقداشلىرى تولا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا ئويناشنى ئۆگەنگەنىكەن. دېمەك بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەسلى كىملىكىمىزگە ئەمەس باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى كىملىكىمىزگە قاراپ سىلجىۋېتىپتىمىز. بۇنى ئەلۋەتتە بىزگە موھىت سىڭدۈرۈۋېتىپتۇ. ئائىلە تەربىيىسى موھىم، ھەممە ئادەم ئىشنى ئۆز ئائىلىسىدىن باشلىشى كېرەك دېگەندەك گەپلەرگە مەلۇم جەھەتلەردە ئارىمىزدىكى «ئۆزەڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي» دېگەن بىخەتەر جان بېقىش پەلسەپىسى يوشۇرۇنغان. بالىمىزنىڭ ئادىمىيلىكىنى بىز ئائىلىمىزدىلا قۇرۇپ چىقالمايمىز. ئائىلە تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى، جەمىيەت تەربىيىسى بالىمىزنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئائىلە تەربىيىسىنىڭ رولى ئەڭ ئاجىز. شۇڭا مەنچە ئىشىمىزنى ئائىلىمىزدىنلا ئەمەس مەھەللىمىزدىن باشلىغىنىمىز ئەۋزەل. مەسىلەن، بالىمىزنى ئۇيغۇرچە چوڭ بولسۇن دېسەك مەھەللىدە بالىلارنىڭ ئۇيغۇرچە تۈرلۈك پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشىمىز لازىم. مەنچە مەھەللە چېيى، قورۇ چېيى ئويناۋاتقان ئاتا ئانىلار بالىلىرى ئۈچۈن ئۇيغۇرچە ئىتوت ھەپتىسى، ئۇيغۇرچە بالىلار دراما ھەپتىسى، ئۇيغۇرچە چۆچەك ھەپتىسى، پۇتبول ھەپتىسى ئۇيۇشتۇرسا تامامەن بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ئارامغا چىققان بوۋايلار، مومايلار پىداكار بولۇشنى خالايدۇ. قىزىم ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن ئارامغا چىققان دادامنىڭ ئەڭ كۆپ تاپىلايدىغان گېپى قىزىمنىڭ ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى جىكىلەش بولدى. دادام ھەر قېتىم قىزىمنىڭ يېنىمدا ئۇيغۇرچە گەپ قىلىپ ئويناۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسا

دىلى يايراپ ھاياجاندىن ئاۋازلىرى تىترەپ كېتىدۇ. مەنچە بۇنداق ئۇيغۇر بوۋايلا ئاز ئەمەس. مەن بالامنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى تونۇشىنىڭ ئۆزگۈرۈش جەيانىنى ۋە دادامنىڭ قىزىم بىلەن ئۇيغۇرچە پاراڭلىشىشنى شۇنچە كۈچلۈك تەلەپ قىلىشلىرىنى يېزىش ئارقىلىق قېرىنداشلارنىڭ بالىمىزنىڭ كاللىسىغا ئورناۋاتقان تۇيغۇلارغا دىققەت قىلىشىنى ۋە بوۋا-موملارنىڭ ئۇلاردىن ئەنسىرەشلىرىگە ھەمدەمدە بولۇشلىرىنى ئارمان قىلىمەن.

# مەن كۆرگەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى

ئامېرىكىغا كېلىپلا چىكاگو ئايرودرومىدا دىققىتىمنى تارتقىنى ئاتا ئانىسىغا ئەگىشىپ ئۆز سومكىلىرىنى ئۆزلىرى كۆتۈرۈشۈپ كېتىۋاتقان تۆت بەش ياشلاردىكى بالىلار بولدى. بۇ يەردە ياشاش جەرانىدا ماگىزىنلاردا ئۈچ ياش ئەتراپىدىكى بالىلارنىڭمۇ تۇرمۇش بويۇملىرىنى، كىيىملىرىنى ئۆزلىرى تاللاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تولىمۇ زوقلاندىم. بالام كەلگەندىن كېيىن بالىلارنىڭ ئويۇن مەيدانىغا چىقسام بالىسىنىڭ سۈتىنى بىر قولىدا، ئويۇنچۇق، كىيىم قاتارلىقلىرىنى يەنە بىر قولىدا كۆتۈرۈۋالغىنى يالغۇز مەنكەنمەن. مېنىڭ قىزىمدەك تۆتكە يېقىنلاشقان بالىلار ئويۇنچۇقلىرىنى ئۆزى ئويناپ ئۈنتۈپ قالماي ئۆزى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ قايتىدىكەن. مەندەك تۆت ياشقا ئازقالغان بالىسىغا قوغلاپ يۈرۈپ تاماق يېگۈزىدىغان ئامېرىكىلىقنى كۆرمىدىم. بۇ يەردە ئامېرىكىلىقلارنىڭ مەندىن ھەيران قالغىنى بالامغا تاماق يېگۈزۈشۈم بولدى. ئۇلارچە ئىنسانىنىڭ ھەر قاندىقى قورسىقى ئاچسا تاماق يەيدىكەن. ئىنسانىنىڭ تاماق يېيىشى بولۇپمۇ بەدىنى مۇھتاج ماددا بولغان يىمەكلىكنى تەبئىي خالاپ يېيىشى جانلىقلار دۇنياسىغا خاس تەبئىي ھادىسىكەن. بىزلا ئەمەس خوشنا شىتاتتىكى ئامېرىكلىققا تەگكەن ئۇيغۇر دوستىمىزمۇ بالىسىغا تاماق يىگۈزەلمەي ئاۋارە ئىدى. ئۇ باشقا ئامېرىكىلىق ئايالنىڭ بالىلىرىغا تاماق يۈگۈزمەي ئۆزىنىڭ يېيىشىگە تاشلاپ بېرىشىگە ھەيرانكەن. ئامېرىكىلىق ئېرىمۇ ئايالىنىڭ بالىغا تاماق يىگۈزۈشىگە كۆنۈپتۇ. بۇنىڭدىن مەن بالا تەربىيەسىدە ئانىنىڭ نەقەدەر موھىملىقىنى ھېس قىلدىم. بىز مەيلى قەيەردە بولايلى بالىنىڭ مۇستەقىللىقىغا كىچىكىدىن سەل قارايدىكەنمىز. ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزەرىدە بالا مۇستەقىل ئىنسان ئىكەن. ھەممە ئۇلار بالىنىڭ كىچىكىدىن

مۇستەقىل ئادەم بولۇشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىدىكەن. مەن ئامېرىكىلىق دوستلۇرۇمنىڭ ئۆيىدە ۋە ئاشخانىلاردا بالىلارنىڭ چوڭلار بىلەن تەڭ داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشلىرىدىن زوقلاندىم. ھەرقانداق ئاشخانىلاردا چوڭلارنىڭ ئورۇندۇقى ئۈستىگە قويۇلۇپ بالىلارنىڭ چوڭلار بىلەن تەڭ تاماقلىنىشىغا لايىقلاشتۇرۇلغان بالىلار ئورۇندۇقى باركەن. ئامېرىكىلىقلار بالىرىغا گەپ قىلغاندا بالىسى بىلەن تەڭ بولۇش ئۈچۈن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كۆزىگە تىك قاراپ گەپ قىلىدىكەن ھەم بالىلىرىدىن شۇنداق ئاڭلاشنى تەلەپ قىلىدىكەن. بۇلاردا بالىلارنى تەنقىد قىلغاندا بالىلارنىڭ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئاڭلىشى تەلەپ قىلىنمايدىكەن. بەلكى ئاتا ئانىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇشى، قانداق كەيپىياتتا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشى شەرت قىلىنىدىكەن. بۇ جەھەتتە بىزدىن ئاسمان زېمىن پەرق قىلىدىكەن. يەنە بۇلاردا ئاتا-ئانىلىرى خاتالاشسا بالىسىدىن كەچۈرۈم سورايدىكەن. ئامېرىكىلىقلار ئائىلىسىدىكىلەرنى تونۇشتۇرغاندا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلىرىدىن تارتىپ ئىتلىرىغىچە تونۇشتۇرۇدۇكەن ۋە سىزنىڭ ھەممەيلەنگە باراۋەر سالام قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدىكەن. داستىخاندا ساھىپخان ۋە مېھمانىنىڭ بالىلىرى چوڭلار بىلەن تەڭ مېھمان بولۇدۇكەن. داستىخاندا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا بالىلار خالىغانچە گەپ قوشىدىكەن. بۇنداق چاغدا بالىلار نېمە دېيىشىدىن قەتئىي نەزەر چوڭلار بېرىلىپ ئاڭلايدىكەن. بىزدە مېھمان كەلسە بالىلارنى يېقىن يولاتمايدىغان، بالىلارنىڭ مېھمانىنىڭ گېپىگە «قوشۇق سېلىش»لىرى قارشى ئېلىنمايدىغان ئادەت بار. مەنچە بۇ بالىمىزنى خەقلەر بار يەردە ئىككى ئېغىز گەپ قىلالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. كىچىككىنە قىزىمنىڭ ئامېرىكىلىق بالىلاردىن بىر پەرقى، بالام ئادەم كۆپ يەردە ئانىسىنىڭ كەينىگە ياكى مېنىڭ كەينىمگە ئۆتۈۋالىدۇ. بۇنى مەندىن بىر قانچە يىل بۇرۇن كەلگەن باشقا بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىدىن سورىۋىدىم ئۇلارنىڭ بالىسىنىڭمۇ ئوخشاش خۇيى باركەن. مەنچە ئامېرىكىلىقلاردا پەرزەنتلەرگە ھەممە ئادەم، ھەر ۋاقىت، ھەر يەر، ھەر قانداق شارائىتتا باراۋەر دېگەن ئىدىيە سىڭدۈرۈلۈدۇكەن. بىر كۈنى خوشنىمىزنىڭ قىزى بالام بىلەن بىللە ئوينىدى. قىزىمدىن بىر ياش چوڭ بۇ قىز قىزىمغا بەك ئامراق ئىدى. لېكىن نېمىشقىكىن بۇ ئامېرىكىدا بالىلار سىرتتا چىقىپ قوشنا بالىلار بىلەن

مەھەللىدە ئوينىمايدىكەن. شۇ كۈنى ئاپىسى قىزىغا 45 مىنۇت ئويناش ۋاقتى بېرىپتۇ. قىزىم ئىككىسى ئويناپ ئۇ 45 مىنۇتنى بىردەمدىلا توشقۇزۇپ قويۇشتى. قىزچاق ئانىسىدىن يەنە ئازراق ۋاقىت بېرىشىنى ئۆتۈنۈۋىدى، ئانىسى ئاران ئۈچ مىنۇت ۋاقىت بەردى. قىزچاق بىزدىن ئانىسىغا دەپ ئويناشقا ئىجازەت ئېلىپ بېرىشىمىزنى ئۆتۈندى. بىز نېمە دېيەلەيتتۇق؟. بىز ئۈن چىقارماي تۇرغاندىن كېيىن قىزچاق بىزدىن رەنجىدى بولغاي، ۋاقىت توشقاندا بىزگە خوشمۇ دېمەي چىقىپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئانىسى بىلەن قىزى ئىشىك ئالدىمىزدا پەيدا بولدى. ئانىسى قىزىنىڭ بىزنىڭ ئۆيدە ئويناپ بىزگە رەھمەت ئېيتماي چىقىپ كەتكىنى توغرىسىدا بىزدىن كەچۈرۈم سورىدى ۋە قىزىنىمۇ بىزدىن كەچۈرۈم سورىغۇزدى. ئەگەر بىزدىن كەچۈرۈم سوراشقا قوشۇلمىسا بۈندىن كېيىن پەسكە چۈشۈپ قىزىم بىلەن ئويناشقا قوشۇلمايدىغانلىقىنى دەپ «تەھدىت» ساپتۇ. بۈنىڭدىن شۇنى بىلدىمكى ئامېرىكىلىقلار بالىلىرىنى كىچىكىدىن ئەركىنلىكىنىڭ مەلۇم چەك ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى، مۇكاپات بىلەن جازانىڭ بىللە ئىكەنلىكىنى، ۋاقىتنىڭ قىممەتلىك، چەكلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى، جاھاندا ياخشىلىقنىڭ چوقۇم مىننەتدارلىققا ئېرىشىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ چوڭ قىلىدىكەن. بىز ئامېرىكىلىق ئائىلىلەرگە مېھمانغا بېرىپ شۇنى بايقىدۇقكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ بالىلىرى مېھمانلارغا بەك يېقىنچىلىق قىلىپ كەتمەيدىكەن. ئامېرىكىلىقلار ئۆيىڭىزگە كەلسىمۇ بالىڭىزغا پەۋقۇلاددە قىزغىن بولۇپ كەتمەيدىكەن. بەلكى خۇددى سىزگە ئوخشاش باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىكەن. بىز ئۆيىگە دوستلىرىمىز كەلسە بالىمىزنى ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە، چالغۇ چېلىپ بېرىشكە، ئىشقىلىپ بالىمىز قادىر بولغان بىرەر ئارتۇقچىلىقنى مېھمانلار ئالدىدا نامايان قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدىكەنمىز. سىز ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارغاندا بالىسى رەسىم سىزىۋاتقان بولسا «مەن ئالدىراش» دېسە بالىسىنى سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە زورلىمايدىكەن. ياكى رەسىمنى ئېلىپ چىقىپ سىزگە

كۆرسۈتۈشىنى تەلەپ قىلمايدىكەن. ئەسئەت سۇلايماننىڭ «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» ناملىق كىتابىدا ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەلگەن ئىككى شۋىتقا ساھىپخاننىڭ قىزى ئۇسسۇل ئويناپ بەرسە ئۇلارنىڭ پەرۋا قىلمىغانلىقى، بۇنىڭدىن قىزنىڭ يىغلاپ كەتكەنلىكى يېزىلىدۇ. ئەسئەت مۇئەللىم بۇنى شۋىتلارنىڭ سوغۇققانلىقىغا باغلايدۇ ۋە بۇنى ئۇيغۇرلار بىلەن شۋىتلار ئارىسىدىكى مەدەنىيەت پىسخىكا پەرقى دەپ چۈشەندۈرىدۇ. مەنچە بۇ يەدە ئۇقۇشماسلىقلا بولغان خالاس. چۈنكى مېھماندىن سورالماي، تۇيۇقسىزلا نومۇر كۆرسىتىلسە، ئەزەلدىن مۇنداق مېھمانغا ساھىپخان پەرزەنتلىرىنىڭ تەكلىپسىز ئويۇن كۆرسىتىشىنى كۆرۈپ باقمىغان غەرپلىكلەر ھەيران قالىدۇ. بۇ يەردىكى ھالقىلىق پەرق پەرزەنت تەربىيىسىدىكى ئىككى خىل ئوخشىمىغان ئۇسۇل. بىز پەرزەنتلىرىمىزنىڭ قابىلىيىتىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماختاپ، باشقىلارنىڭ باھاسى ئارقىلىق پەرزەنتىمىزنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغايمىز. بالىمىزدىكى ئاكتىپچانلىق نەتىجىدە باشقىلارنىڭ باھاسىغىلا باغلىق بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر باشقىلارنىڭ باھاسىدىن چۈشۈپ كەتسە ياكى قىلغانلىرى باھاسىز قالسا بالىمىز ئاكتىپلىقتىن مەھرۇم قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىر قىسىم كىشىلەردىكى باشلىق بولالمىسا خىزمەت قىلغىسى كەلمەيدىغان، قىلغان ئەمگىكىنىڭ تايىنى يوق، تۆرگە ئولتۇرۇشقا خۇشتار، ئۆيدە بالىسىغا سۆڭەك يوق، مېھمانغا شورپا بېرىدىغان ئادەتلەرنىڭ بىرقىسمى دەل ئۇلارنىڭ كىچىكىدىن نەتىجىسىنى خەقلەرنىڭ باھاسىدىن ئىزدەيدىغان تەربىيەدە چوڭ بولغىنىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكىلىقلارنىڭ بالىسىنى مېھمانلار ئالدىدا بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلماسلىقى بالىلارغا ئاكتىپلىقنى باشقىلارنىڭ باھاسىدىن ئەمەس ئۆز قىزىقىشىدىن ۋە شۇ قىزىقىشىنى بوشاشماي داۋاملاشتۇرۇش نەتىجىسىدە قولغا كەلگەن ئۇتۇقتىن ئىزدەشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. مەسىلەن، مەن بالام رەسىم سىزسا ياخشى سىزسۇن سىزالمىسۇن مۇنداق قاراپلا «ياخشى سىزىپسىز، سىز بەك ئەقىللىق» دەيدىكەنمەن. بالام شۇنىڭ بىلەن «پەللىگە يەتتىم، مەن ئەقىللىق» دەپ قاراپ سىزىشتىن توختايدىكەن، ياكى شۇ تەرىزدە سىزىشنى داۋام قىلىدىكەن. «ياخشى سىزىپسىز» دېسەم شۇنچە ھاياجانلانغان بالام، يەنە بىرسى قوپۇپ «بۇ بولماپتۇ» دېسە يەنە شۇنچە ئاسان بەل

قويۇۋېتىدىكەن. مەن كۆزەتكەن ئامېرىكىلىقلار بالىسىنىڭ رەسىمگە ئىنچىكىلەپ قاراپ چىقىپ ئەگەر ياخشى سىزالمىغان بولسا «مەن سېنىڭ بۇ رەسىمىڭگە ئامراق» دەيدىكەن ۋە «ئەگەر بۇ سىزىقنى مۇنداقراق تارتساڭ، ئۇنىمۇ ئاجايىپ ياخشى بولىدۇغاندەك قىلىدۇ، سىناپ باقامسەن؟» دەيدىكەن. نەتىجىدە كېيىن ناۋادا بىرسى رەسىمنى «سىزالماپسەن» دېسە ئۈمىتسىزلىنىش ئورنىغا «قايسى سىزىقنى تارتالماپتىمەن؟» دەپ سورايدىكەن-دە قۇرۇق ئۈمىدلىنىپ، سەۋەپسىز ئۈمىدسىزلىنىشتىن ساقلىنالايدىكەن. مەن قىزىمنى سەمىمىيەتسىزلەرچە ماختايدىكەنمەن، ئامېرىكىلىقلار بالىلىرىنىڭ ئەمگىكىگە تەپسىلى كۆرۈپ باھا بېرىدىكەن ۋە رىغبەتلەندۈرىدىكەن. يەنە بىر بايقىغىنىم ئايالىم ئىككىمىز قىزىمىز تاماق يېمىسە «سەئىدە ئاچاڭ(قەشقەردىكى نەۋرە ئاچىسى) تاماق يېيەلمەيدىكەن، شۇڭا تېلىپۇندا ساڭا گەپمۇ قىلالماس بولۇپ قاپتۇ. سەن دېگەن تاماق يېيەلەيسەن شۇڭا تېلىپۇندا چوڭ ئاناڭ بىلەن سۆزلىشەلىدىڭ»، دەيدىكەنمىز. قىزىمىز قوپقىلى ئۇنىمىسا «تېيىنلارمۇ تۇرۇپتۇ، قۇچقاچلارمۇ تۇرۇپتۇ، پەقەت سەنلا ئۇخلاپ قاپسەن» دەيدىكەنمىز. ماڭغىلى ئۇنىمىسا «قېنى قىزىم كىم يامان بىر بەسلىشىپ باقمايمىزمۇ» دەپ ئاستا مېڭىپ يالغاندىن ئۇتتۇلۇپ بېرىپ ئالدايدىكەنمىز. ئىشقىلىپ بالىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى، يىراقتىكى قېرىنداشلىرىنى ھەتتا قۇرۇت قوڭغۇزلارنىمۇ سېلىشتۇرۇپ بولىدۇكەنمىز. نەتىجىدە بالىمىزنىڭ مەقسىدى پەقەت سېلىشتۇرۇش ئوبيېكتىنىلا يېڭىشتە قېلىپ تويغىنىنى بىلمەي تاماق يەيدىكەن، ھارغىنىنى بىلمەي يۈگرەيدىكەن. بىز قىزىمىزدىكى ئاكتىپىقنىڭ مەنبەسىنى خەقنىڭ باھاسى، قۇرۇق ماختاشقا باغلاپ قويغاننى ئاز دەپ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشقىلا باغلاپ قويىدىكەنمىز. مەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ بالىلىرىنى بۇنداق دەپ رىغبەتلەندۈرگىنىنى كۆرمىدۈم. قىزىق يېرى، مەن بىلەن بىر قارار ئوقۇيدىغان بىر خەنسۇ، بىر كورىيان بار قالغانلىرى ئامېرىكىلىقلار. بىللە دەرس ئاڭلاپ قالساق كورىيەلىك بىلەن خەنسۇلا قەغىزىمنى كۆرىدۇ ياكى نەتىجەمنى

سورايدۇ. ئەگەر ئۇلار قەغىزىمنى قەغىزى بىلەن قايتا-قايتا سېلىشتۇرۇپ كەتسە «ھە قارىغاندا سەندىن يۇقۇرى ئاپتىمەن» دەپ ئويلايمەن. ئەگەر گەپ قىلماي كۈلۈپ قويسا «تۆۋەن ئاپتىمەن» دەپ ئويلايمەن. قارىغاندا كورىيانلار ۋە خەنلەرمۇ بالىلىرىنى كىچىكىدىن بىزدەك ھەممە ئىشتا باشقىلارغا سېلىشتۇرۇپ چوڭ قىلسا كېرەك. مەن مۇشۇ كۈنگىچە نومۇرۇمنى سورىغان ياكى قەغىزىنى مېنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغان بىرمۇ ئامېرىكىلىقنى كۆرمىدىم.

# قىزىمنىڭ يەسلىدىكى كۈنلىرى

بالىلار يەسلىگە ھەر كىرگەندە ئاۋۋال تەكشۈرۈش ئەسۋابى بىلەن سالامەتلىكى تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن قول يۇيۇشقا بۇيرۇلۇدۇكەن. ئاندىن ھەر بىر بالىغا بىردىن رەڭلىك تاختاي ئالغۇزۇپ قايسى قانداق رەڭلىك تاختاي ئالغانلىقىنى ئۈنلۈك دېگۈزىدىكەن. بالىلارغا كۆرپىچەكلەر تەييارلانغان بولۇپ كۆرپىچەككە ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەنىكەن. بالىلار ھەر كۈنى ئولتۇرۇپ قىلىنىدىغان پائالىيەتلەردە ئۆزى ياقتۇرىدىغان ھايۋانلارنىڭ رەسىمى بار كۆرپىچەكتە ئولتۇرىدىكەن، ۋە شۇ كۈنكى ئىسمى شۇ ھايۋاننىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىلىدىكەن. مەن بۇنى بالىلارغا كىچىكىدىن ھايۋانلارنى ئاسراش تەربىيىسى بەرگەنلىك بولسا كېرەك دەپ چۈشەندىم. ئەتىگەندە بالىلارنىڭ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى ناخشا ئېيتىش ۋە ئۇسسۇل ئويناشىكەن. مەن بۇنى ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىنى ئېچىش ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك دەپ چۈشەندىم. دېمەك بۇلار يەسلىدىن باشلاپ چېنىقىشنى ئادەت قىلدۇرىدىكەن. قىزىمغا ئۇسسۇل ئۆگۈتۈدۇغان ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ (بۇلار ئەمەلىيەتتە بالىلار مائارىپى كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى) ھەرىكەتلىرىدىكى ئەۋرىشىملىك مېنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى. بۇ يەردە شۇنى قوشۇمچە قىلغۇم كېلىدۇ. بىز ھىسسىياتىمىزنى گەپ بىلەنلا ئەمەس ھەرىكىتىمىز بىلەنمۇ ئىپادىلەشكە قادىر مىللەت. ئەمما چېنىقىش ئادىتى ئومۇملاشمىغاچقىمۇ ئۇسسۇلغا ماھىر بولغىنىمىز بىلەن قاتتىق تېنىمىز چىرايىمىزدىكى ئەۋرىشىم خۇلقلىرىمىزغا خوپ كەلمەيدىكەن. ئۇنداق دېسەم «ئەجداتلىرىمىز چىنىقمايمۇ ئەۋرشىم بەدەندىن قۇرۇق قالماپتىكەن» دېيىلىشى مۇمكىن. ئۇ زامانلاردا بەدەننىڭ ھەرىكىتى جىق بولغىيدى. ھازىر زامان ئۆزگەردى، شۇڭا زامانغا ماس چېنىقىش

ئۇسسۇللىرىغا ئادەتلەنگەن غەرپلىكلەردىن ئۆگەنسەك يامان بولمايدۇ. چىنىقىش ۋە ناخشا ئۇسسۇل تامام بولغاندىن كېيىن ناشتا قىلىش باشلىنىدىكەن. ئوقۇتقۇچىسى تاماقلارنى شىرەگە تىزىپ بالىلار بىلەن پاراڭلاشقاچ غىزالىنىدىكەن. ھەممە بالا شەربەت، پۇرچاق، سۈت، مېۋە، بولكا قاتارلىقلاردىن بەلگىلىك مىقداردا يەيدىكەن. ئەگەر بىرەر تاماققا قولى يەتمەي ئالالماي قالسا چوقۇم «ئىلتىپات قىلسىڭىز» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشى كېرەككەن. بولمىسا ئوقۇتقۇچىسى بالىدىن شۇ سۆز چىقمىغىچە تەلەپنى قاندۇرمايدىكەن. ئارىدا كىم باشقىلارنىڭ قاچىسىغا چاڭ سالسا ئاۋۋال بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرۇدۇكەن، يەنە داۋام قىلسا كۆتۈرۈپلا يەردە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇدۇكەن. ئەگەر بالىلار ئويناش جەريانىدا باشقىلارغا قائىدىسىزلىك قىلسىمۇ دوستلىرىدىن ئايرىپ يەردە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇدۇكەن. ماڭا ناشتىدا بالىلار تېخى قوشۇق تەگكۈزمىگەن تاماقلارنى قارىتىپ تۇرۇپ تۆكۈۋەتكىنى پەقەت ياقمىدى. مەن ئۇيغۇردىكى «نېمىنى ئىسراپ قىلسا كېيىن شۇنىڭ خارلىقىغا قالىدۇ، قىساسىنى تارتىدۇ» دېگەن ئەقىدىگە ئىشىنىدىغان بولغاچ بۇلارنىڭ ھەرقانداق چۈشەندۈرۈشلىرىگە قارىماي ئۇلارنىڭكىنى خاتا دېگەندە چىڭ تۇردۇم ۋە قىزىمغا بۇ ھەقتە ئالاھىدە چۈشەنچە بەردىم. قىزىمنى يەسلىگە بېرىشتىن بۇرۇن تەكشۈرتسەك تېنىدىكى كېرەكلىك ماددىلار تولۇق چىققانىدى. ئەمما ئايالىم كالتىسى ئېلىپ ئۆچۈرۈشتە چىڭ تۇردى. دېمىسىمۇ ۋەتەندە دائىم تەكشۈرتسەك كالتىسى، سىنىك دېگەنلەر ئەزەلدىن تولۇق چىقمايدىغان قىزىمنىڭ ئامېرىكىغا كېلىپلا نورمال دەپ قارىلىشى بىزنى گۇمانغا سالاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز يەسلىدىكى بالىلار دوختۇرىدىن بالىمىزغا كالتىسى يېگۈزمەكچى بولغىنىمىزنى، قانداق كالتىسى يېگۈزسەك بولىدىغانلىقىنى سورىدۇق. دوختۇر، «بالاڭلار سۈت ئىچەمدۇ؟» دەپ سورىدى، ۋە بىزگە سۈت ئىچىۋاتقان بالىغا كالتىسى بېرىشنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. بىز يەنە قايىل بولماي بىر دورىخانىغا باردۇق. ئۇ دورىخانىمۇ تۇخۇم بىلەن سۈت ئىچەلەيدىغان بالىغا كالتىسى بېرىلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ يولغا سالدى. بىزگە قىزىمىزدا كالتىسى كەم ئەمەسلىكىگە ئىشەنمەكتىن باشقا ئامال قالمىدى. ئەمما «كالتىسى كەملىك» سەۋەبىدىن ئۈچ يىل ئۇدا كالتىسى ئىچكەن قىزىمىزنىڭ ئامېرىكىغا كېلىپ بىر ئايمۇ

بولماي ھەممە جەھەتتە ساغلام چىقىشى بىزنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى.

قىزىم بىر كۉنى ياۋا گۉللەردىن دەستە تىزىپ، يوپۇرماقلاردىن ئادەم، ھايۋان ۋە تۉرلۉك جانلىقلارنىڭ شەكىللىرىنى ياساپ كۆتۉرۉپ كەپتۇ. يەنە بىركۉنى بىر بالمۇز چوكىسىدىن رەسىم رامكىسى ياساپ ئىچىگە ئۆز رەسىمىنى بىر ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇپ كۆتۉرۉپ كەپتۇ. دىقىقەت قىلسام ھەر ھەپتە باللارنىڭ سىزغان رەسىملىرى، غازاڭلاردىن ياسىغان گۉللىرى، قەغەزلەردىن قىيغان تۉرلۉك شەكىللىرى، كېرەكسىز پوتۇلكىلاردىن ياسىغان «تۇرمۇش بويۇملىرى» قاتارلىقلارنى يەسلىنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى چوڭ تاختايغا چاپلاپ كۆرگەزمە قىلىدىكەن. دەسلەپتە مەن نەچچە ئايغىچە ئۇقماي قىزىمنىڭ ئىجادىيەتلىرى كۆرگەزمىگە تاللاندى دەپ خوشال يۉرۉپتىمەن. تېخى قىزىمنى ئەقىللىقتىن ئەقىللىقە چىقىرىپ ماختاپ بەرمىگەن ئادەم قالماپتۇ. كېيىن سورىسام يەسلىدە باللارنى بۇنداق دەرىجىگە ئايرىمايدىكەن. كۆرگەزمە قىلىنغان ئىجادىيەتلەر يەسلىدىكى بارلىق باللارنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئىكەن. يەسلى ئوقۇتۇقۇچىسىنىڭ چۉشەندۉرىشىچە باللارنى كىچىكىدىن باراۋەرلىك، ھەمكارلىق، ئورتاق ئۇتۇق كەيپىياتىدا چوڭ قىلىش ئىلمىيلىك ئىكەن. ئەگەر تېخى مەكتەپ يېشىغا توشمىغان باللار بۇنداق كۆرگەزمە ئارقىلىق دەرىجىگە تۇرغۇزۇلسا باللار ئۆزىنى ئاشۇ دەرىجىلەرگە بۆلۉپ مۇئامىلە قىلىۋېلىپ ئالغا ئىلگىرلەيدىغان قىزغىنلىقىغا تەسىر يېتىدىكەن.

# يات تىلدا يارالغان دۇنيا ۋە ئۇيغۇرلۇق

بىر كۈنى يەسلىدىن تېلېفون كەپتۇ. نېمە بولغاندۇ، دەپ ئالسام، «قىزىڭ سازاڭنى ئوت يەيدۇ، دادام شۇنداق دېگەن دەيدۇ، راست شۇنداق دېمىگەنسەن! مەنچە بىر ئۇقۇشماسلىق بولۇپتۇ. بالىلارنىڭ سۇئالىغا ئەستايىدىل بولغىنىڭ ياخشى. بالىلار كىچىكىدىن سەمىمىي مۇئامىلىدە چوڭ بولغىنى ياخشى...» دەپ پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدە بىر مۇنچە ۋەز ئېيتتى. دەسلەپ گەپنى تۈزۈك ئاڭقىرالمىدىم. كېيىن تەپسىلى ئويلاپ باقسام، قىزىمنىڭ «سازاڭ نېمە يەيدۇ؟» دېگەن ئىنگلىزچە سۇئالىغا بايقىمايلا ئۇيغۇرچە «ئوت» دەپ جاۋاپ بېرىپ ئىشىمنى داۋام قىلغانلىقىم ئېسىمگە كەلدى. قىزىم ئۇيغۇرچە ئوت دېگەن سۆزنى ئوت-يالقۇن دېگەن مەنىدە چۈشىنىۋاپتۇ. شۇندىن كېيىن مەن قىزىمنىڭ تىلىغا دىققەت قىلىشقا باشلىدىم. بۇرۇن مەن ئۇنى ئۆيدە بولۇۋاتقان ئۇيغۇرچە گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنىۋاتىدۇ دەپ ئىرەڭ قىلمىغانىكەنمەن. يۇقارقى ئىشتىن كېيىن كۈزۈتۈشكە باشلىدىم. مەسئۇدە يېڭى كەلگەندە تېلىۋىزورنى چۈشىنەلمىگەچ بەك كۆرۈپ كەتمەيتتى. ھازىر تېلىۋىزورغا كىرىپلا كېتىدۇ، ھەتتا توردىن بىركىنو تېپىپ بەرسەم ئۆزى داۋاملاشتۇرۇپ باشقا كىنولارنىمۇ قويۇپ سائەتلەپ تۇرمايدۇ. بۇرۇن ئاتا ئانا قېرىنداشلىرىمىزغا ۋە ۋەتەندىكى بۇرادەرلەرگە تېلېفون قىلساق سۆزلۈشمەن دەپ تۇرۇۋالىدىغان، ئاردىن ئۈچ-تۆت ئاي ئۆتۈپلا خوش ياقماس بولدى. ھەتتا ئۆزى بۇرۇن ئامراق بىر تاغىسىنىڭ ئىسمىنى قانچە تەكرارلاتساقمۇ توغرا تەلەپپۇز قىلالمىدى. مەن دەسلەپ بۇنى ئۇزاق كۆرۈشمىگەندىن كېيىن بولغان ياتسىنىشمىكىن دەپتىمەن. دىققەت قىلسام ئۇيغۇرچىنى ھوزۇرلۇنۇپ سۆزلىيەلمىگەچكە ئاڭلاپمۇ خوش بولالمايدىكەن. بىلىدىغان ئۇيغۇرچە سۆزى ئاز بولغاچقا مۇرەككەپرەك سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلالمايدىكەن. تىل ئورتاقلىقى تۇتۇقلاشقاچقا بۇرۇن بىزدىنمۇ چارە كۆرىدىغان بوۋا-مومىلىرى بىلەن مۇڭداشقىسى كەلمىگەنىكەن. بىر قېتىم بىر ئۇيغۇر دوستىمىز ئەركىلىتىپ

بىرمۇنچە گەپ قىلسا، «نېمە دەۋاتىسەن، چۈشىنەلمىدىم. سەن ئىنگلىزچە بىلمەمسەن؟ يەسلىدە ئوقۇمىغانمۇ سەن كىچىككىدە؟» دەپ سوئال ياغدۇرۇپتۇ ئىنگلىزچىلاپ. قىزىمنىڭ ئانا تىلىنى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پىلانغا چۈشتۈم. ئۇيغۇرچىغا بىراقلا زورلاپ كۈچەپ كەتمىدىم، ئەمما قىزىمنى ۋەتەندە ئانا تىلدا تەربىيىلەش ئىرادەم تېخىمۇ چىڭىدى. مائارىپنىڭ، تېلېۋىزورنىڭ، كىتاپنىڭ ئانا تىلنى بويسۇندۇرۇش سۈرئىتىدىن شۈركىنىپ كەتتىم. بالامنىڭ كەچۈرمىشىدىن قارىغاندا ئانا تىلى تېخى مىڭىسىگە تولۇق ئورۇنلاشمىغان بالىلارغا يەسلىدىن يات تىل ئۆگۈتۈش بالىنىڭ ئانا تىلدا يېتىلىدىغان تەپەككۇرىنى بىتچىت قىلىپلا قالماي تەلەپپۇز ئورگانلىرىنىمۇ يات تىلنىڭ تەلەپپۇزىغا كۆندۈرۈپ تاشلايدىكەن. ھەتتا ئانا تىلدا بىر قېرىنداشنىڭ ئىسمىنىمۇ ئەپلەپ تەلەپپۇز قىلالماس ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدىكەن. بىز ئىزچىل ئۆيدە ئىنگلىزچە سۆزلىمەيتتۇق ۋە قىزىمغا سۆزلەتكۈزمەيتتۇق، شۇنچە قىلساقمۇ «ئۆي» دىكى ھىساپ «تالا» غا توغرا كەلمىگەن ئوخشايدۇ. بالامنىڭ ئۆيدە ئۇيغۇرچە سۆزلىشى ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە بىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇيغۇرچە ئويلاۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىمەيدىكەن، ئۇنىڭ دۇنياسى يەسلىدە ئۆگۈتۈلۈۋاتقان يات تىل بىلەن يارىلىشقا باشلاپتۇ.

تېلېۋىزوردىن باشقا بالامنىڭ ئانا تىلىنى بۇنچە تېز ئۇپراتقان ئامىلنىڭ يەنە بىرى يەسلى ۋە كىتاپ. يەسلىدە كۈندە بىر قانچە قېتىم مەخسۇس كىتاپ ئوقۇپ بېرىلىدىغان بولغاچقىمۇ قىزىم كىتاپقا بەك بېرىلىپ كەتتى. چاتاق يېرى يېنىمىزدا ھازىر بالىلار ئۈچۈن يېزىلغان ئۇيغۇرچە كىتاپ يوق، شۇڭا ئىنگلىزچە كىتاپ ئوقۇپ بېرىمىز. بىزدەك ئېنگلىزچىنى قېرىغاندا ئۆگەنگەنلەرگە بالىغا خەقنىڭ تىلىدا ھىكايە ئوقۇپ بېرىش ئەپ كەلمەيدىكەن. ۋەتەندىن ئەكەلگەن ئۇيغۇرچە كىتاپلار بالامغا ئاللىقاچان يادا بولۇپ كەتتى. ئېنگلىزچە كىتاپ ئوقۇپ بەرمەي ئامال يوق. قىزىم سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىنى ئۆلچەملىك ئۆگەنگەچكە بەزىدە مېنىڭ تەلەپپۇزۇمنى

چۈشەنمەي سوراپ تۇرۇۋالدۇ. بۇمۇ ياخشى بولدى، ئېنگىلىزچىنى ئۆزلۈگۈمدىن ئۆگىنىپ خاتا تەلەپپۇز قىلىۋالغان بەزى سۆزلەرنى تۈزىتىۋالدىم. ھەمدە شۇ سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسىنى قىزىمدىن سوراپ ئۇيغۇرچە ئۆگىنىۋالدىم. يەسلىدە باللارغا كىتاپ ئوقۇغاندا بىر ئوقۇتقۇچى كىتاپ ئوقۇسا قالغان ئوقۇتقۇچىلار باللارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ بىللە ئاڭلايدىكەن ۋە ۋەقەگە ماس ئاۋاز ۋە ھەركەتلەرنى چىقىرىپ تېياتىر كەيپىياتى يارىتىدىكەن. قىزىمغا بۇ بەك ياراپ كەتكەن بولسا كېرەك، كىتاپ ئوقۇتۇش جەريانىدا مىنى دوراتمىغان ھايۋان قالمىدى. كىتاپ ئوقۇغان ئوقۇتقۇچى پات پات سۇئال سورايدىكەن ۋە باللارنىمۇ سوراشقا رىغبەتلەندۈرىدىكەن. ھەتتا باللاردىن كېيىنكى ۋەقەلىكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى پەرىزىنى سورايدىكەن. مەن بۇلارنى بىلمىگەچكە قىزىمدىن تولا تەنقىد يەپ كەتتىم. بىر بولسا سۇئال سوراشنى ئۇنتۇپ قالاتتىم، يەنە بىر بولسا ئويۇن كۆرسىتىشنى. ۋەقەلىكنىڭ راۋاجىنى پەرەز قىلدۇرۇشنى تېخى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ بولالمىدىم. بالامغا كىتاپ ئوقۇپ بېرىۋېتىپ خىيالىم باللىرى خەنسۇچە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا كەتتى. شۇ ناتىۋانلارنىڭ باللىرىغا كىتاپ ئوقۇپ بېرەلمەيدىغانلىقى ياكى باللىرىغا كىتاپ ئوقۇتۇپ ئاڭلىيالمايدىغانلىقى ئىچىمنى ئاچچىق قىلدى. ئۇلارنىڭ خەنسۇچە بىلمىگەنلىكتىن باللىرىنىڭ كىتاپلىرىنى چۈشىنەلمەي، تاپشۇرۇقلىرىنى چۈشەندۈرەلمەي قىينىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئېزىلىپ كەتتىم. يات تىلدىكى تەربىيەدە چوڭ بولغان باللار مەكتەپتە بىلگەن بىلىملىرىنى ئاتا ئانىسىغا زوق شوقى بىلەن سۆزلەپ بېرەلمەيدۇ. ئۆز بىلىمىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى مەمنۇن قىلغاندىكى خۇشاللىقتىن بەھىر ئالالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئالغان بىلىملىرى كىتاپتىن، ئېشىپ مەكتەپنىڭ قورۇسىدىن چىقالمايدۇ. دەرسخانىدا ئالغان بىلىم ئۆيدە كېرەكسىز، ئېتىزدا پايدىسىز، مەھەللىدە خېرىدارسىز قالىدۇ. ئۇلارنىڭ نېمە بىلىدىغانلىقىنى مەھەللە-كوي، قوشنا-قولۇم بىلمەيدۇ، سورىغان تەقدىردىمۇ يات تىلدا ئوقۇغان بۇ باللار چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. بىلىم نومۇرغا ۋە تەقدىرنامىغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار جەمىيەتكە پەقەت نومۇرى بىلەنلا جاۋاپ بېرىدۇ. ئاتا-ئانىسىنى نومۇرى بىلەنلا رازى قىلىدۇ. ئۆگەنگەن بىلىمى بىلەن ئاتا-ئانىسىغا، قەۋم-قېرىنداشلىرىغا

جەمىيەتنى، تەبىئىيەتنى، ئىنساننىڭ نەدىن كېلىپ نەگە كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەلمىگەن بۇ بالىلارنىڭ نەتىجىسى، ئىستىقبالى قانچىلىك بولماقچى؟ كېيىنچە نومۇر ئەمەس پەزىلەت ۋە ئىقتىدار تەلەپ قىلىدىغان رىقابەت دۇنياسىدا قانچىلىك رىسقىقا ئېرىشەمەكچى؟... بالىغا كىتاپ ئوقۇپ بېرىش دېگەنلىك مېھىر سىڭدۈرۈش دېگەنلىكتۇر، بالىغا مەدەنىيىتىمىزنىغۇ سىڭدۈرۈشكە چارىسىز قالدۇق، ئەمدى مېھرىمىزنىمۇ سىڭدۈرۈش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالىمىزمۇ؟ بوۋىمىز ئەتىۋارلاپ ساقلىغان، غۇرۇرلۇنۇپ ئوقۇغان كىتاپنى، ئانىمىز تەۋەرۈك بىلىپ ساقلىغان خاتىرىنى بالىلارغا ئوقۇپ بېرىش پۇرسىتىمىز بولمىسا، بىلمىگەننى ئانا تىلدا سوراپ، بىلگەننى ئۆز تىلدا ئۆگىتەلمىسەك بالىمىزنى كىم ئۈچۈن بېقىۋاتقاندىمىز؟ بالامنىڭ «دەدى» دېگەن ئېنگلىزچە چاقىرىشى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى. «دادا دەڭە بىر ئۇيغۇرچە، مەن ئېنگلىزنىڭ دادىسى ئەمەس!» دېدىم قوپاللا.

قىزىم نېمىشقا سازاڭنى ئوت-يالقۇن يەيدۇ، دەپ چۈشۈنۈپ قالدى؟ چۈنكى يەسلىدە ئىنگلىزچە تەربىيە ئالىدىغان قىزىم دۇنيانى شۇ تىلدا تەسۋىرلەيدۇ ۋە چۈشەندۈرىدۇ. قىزىم ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن ئىنگلىزچىدە بىرگە بىر تەڭدىشى بولغان سۆزلەرنى خاتاسىز ئاڭقىرالايدۇ. كۆپ مەنىلىك، ھىسسىي ۋە كۆچمە مەنىلىك ئىبارىلەرنى مۇجمەل چۈشۈنۈپ قالىدۇ ياكى ئىگىلىيەلمەيدۇ. ھەرقانداق تىلدا بىرگە بىر تەڭداش تېپىلىدىغان سۆزلەر كۆپىنچە تۇرمۇش سۆزلىرى بولۇپ ئىنساننىڭ روھىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بۇ سۆزلەر قايسى تىلدا دېيىلسە مەنە ئالمىشىپ كەتمەيدۇ، خاتا چۈشۈنۈلمەيدۇ. بىز ئانا تىلىمىزدىكى قىزىمىز بىلەن ئالاقە قىلىۋاتىمىز، قىزىمىز ئۇيغۇرچە بىلىدۇ، دېگىنىمىز بىلەن بالىمىز گەپلىرىمىز ئىچىدىكى ئۆزى پىششىق تىلدا مەۋجۇد بولغان ئۇقۇملارنىلا مىڭىسىدە تەرجىمە قىلىپ قوبۇل قىلىۋالىدۇ ۋە ئېسىدە ساقلىيالايدۇ. تەرجىمە قىلالمىغانلىرىنى رەت قىلىدۇ ياكى ئۇنۇتىدۇ. بىر مىللەتنىڭ مەنىۋي مەدەنىيىتىگە يەنى ئېتىقادى، گۈزەللىك قارىشى، قىممەت قارىشى، تەپەككۇر ئۇسۇلى...قاتارلىق تەرەپلەرگە

دائىر سۆزلەرنى ئادەتتە بىر تىلدىن يەنە بىر تىلغا تەرجىمە قىلغىنى بولمايدۇ. شۇڭا پەرزەنتلىرىمىزگە مۇنداق سۆزلەرنى ئۆگەنمەك، سۆزلىمەك تەس بولۇدۇ. نەتىجىدە ئۇلاردىن شۇ سۆزلەر ئىپادىلىگەن مەنىلەرگە ئۇيغۇن ياشاشنى تەلەپ قىلماق بالىغا ئەقلى ۋە روھى بېسىم ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ بىز ئۇيغۇرچە ياشاۋاتقان دۇنياغا كىرىدىغان ئاچقۇچ- ئانا تىلدىن مەھرۇم. قايسى تىلدا ھوزۇر ئالساق شۇ تىلنىڭ شەيدالىرىغا ئايلىنىمىز، شۇ تىل ھەقدارلىرىنىڭ خېرىدارلىرى، سادىق ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ قالىمىز. بىزنىڭ خوجايىنلىقىمىز، مۇستەقىللىقىمىز، غۇرۇرىمىز ئانا تىل بىلەن قاشالانغان دۇنيادا تاشلىنىپ قالغان بولۇدۇ. بالامنىڭ تىلى ئېنگلىزچىگە ئۆزگىرىۋاتىدۇ دېگەنلىك، ئۇنىڭ دۇنياسى ئېنگلىزچىگە ئۆزگىرىۋاتىدۇ دېگەنلىكتۇر. بالامنىڭ قەلبىدە ئىنگلىزچە يارالغان دۇنيادا مۇقام بولمايدۇ، مەسچىد بولمايدۇ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بولمايدۇ، ئەكسىچە شېكسپىر، چىركاۋ، جەز مۇزىكىسى، ئامېرىكا ئايدوللىرى-داڭدارلىرى...بولۇدۇ. بىزنىڭ كۆزىمىزگە ئىسسىق كۆرۈنگەن ئەتلەس، ئاڭلىساقلا ھاياجانغا سالىدىغان تەمبۇر، قانچە كەزسەك ھارمايدىغان بازار- رەستىلەر قىزىمغا بىر قېتىملىق ساياھەت ئۈچۈن قىزىقارلىق تۇيۇلۇشى مۇمكىن. بەزىدە دىمىقىمغا شۇنداق بىر شۇملۇق پۇراپ كېتىدۇ. بالامنىڭ ئامېرىكىدا ئىنگلىزچە، جۇڭگودا خەنسۇچە يارىلىدىغان دۇنياسىدا ئۇيغۇرچە تونۇم بىلەن مەتۇ كۆرۈنۈپ قالارمەنمۇ دەپ ئويلاپ كېتىمەن.

# يەسلىدىكى «تەجرىبە»، «تەتقىقات» ۋە ئەدەپ

«سازاڭ ئوت يەيدۇ» ۋەقەسىدىن كېيىن بۇ گەپنىڭ نېمە سەۋەپتىن چىققانلىقىنى بىلىشكە قىزىقتىم. سوراشتۇرسام باللارغا كۆندە بىر قېتىم تەبىئەت بىلىملىرى چۈشەندۈرۈلۈدۇكەن. بۇ تەربىيە مەكتەپنىڭ باغچىسى (مەكتىپىمىزنىڭ باغچىسى بەك چوڭ، بىنالار ئورمانلار، چىملىقلار ئارىسىغا بېزەك ئۈچۈن قىستۇرۇپ قويۇلغاندەكلا كۆرۈنىدۇ)، تەبىئەت مۇزېيى، تەبىئەت تارىخى مۇزېيى قاتارلىق ئورۇنلاردا داۋام قىلىدىكەن. باللار ئاۋال مەكتەپ باغچىسىدا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك ۋە هاشاراتلاردىن ئەۋرىشكە توپلايدىكەن، ئاندىن سىرىتتا كۆرگەنلىرىنى مۇئەللىمگە ۋە ساۋاقداشلىرىغا سۆزلەپ بېرىدىكەن. بەزىدە تېخى سىرىتتا كۆرگەن نەرسىلىرىنى سىزىپ ئوينايدىكەن. بىر كۈنى قىزىم تەبىئەت تەربىيىسىدىن بىلگەنلىرىنى مۇنداق بىر رەسىمگە يىغىنچاقلاپتۇ. رەسىمدە بىر ئۆي، ئۆينىڭ ئالدىدا چىملىق، چىملىقتا تىيىن، مۈشۈك، دەرەخ، ئاسماندا شالاڭ بۇلۇت، قۇياش ۋە هەسەن-هۈسەن. مەن هەسەن هۈسەننىڭ يەتتە خىل رەڭدا بولۇدۇغانلىقىنى بىلەتتىم، لېكىن بۇ رەڭلەرنىڭ مەلۇم تەرتىپتە بولۇدۇغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن. بۇنى قىزىمدىن ئۆگەندىم، ئوقۇتقۇچىسى رەسىم سىزىش جەريانىدا كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. مەن ئىككى نەرسىدىن هەيران قالدىم؛ بىرى قىزىمنىڭ شۇنچە كۆپ نەرسىنى بىر ۋاراق قەغەزگە چىرايلىق بىر رەۋىشتە ئورۇنلاشتۇرالىغىنىدىن، يەنە بىرى رەڭلەرنى ماسلاشتۇرالىغىنىدىن. دېمەك قىزىم كۆڭۈلدىكى تۇيغۇنىڭ قانداق تەرتىپتە ۋە قانداق رەڭلەردە شەكىللىنىدىغانلىقىنى ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ. بىر كۈنى قىزىم ئورمان دېگەن بىر ناخشىنى بەك ئوقۇپ كەتتى، قىزىقسىنىپ «بالام ئورماندا نېمە بار» دېسەم، ساناپ تۇرۇپ 28 هايۋاننىڭ ئىسمىنى دەپ بەردى. بەزى هايۋانلارنىڭ ئىسمىنى ھەتتا مەنمۇ بىلمەيدىكەنمەن. بىر جۈمە كەچتە

قىزىم مەن تەتقىقات قىلىمەن دەپ قالدى. ئاڭلاپ ھەيران قالدىم، چۈنكى تەتقىقات دېگەن سۆزنى مەن تۆت ياشلىق بالىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىشىم تۇنجى قېتىم ئىدى. ئېيتىشىچە پىلانى بارمىش، مۇئەللىمىگە دۈشەنبە كۈنى دوكلات قىلىدىكەن. تېمىسىنى مۈشۈك ھەققىدە بېكىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزىمنى شەنبە كۈنى تەبىئەت مۇزېيىغا، يەكشەنبە كۈنى شەھەرلىك كۈتۈپخانىنىڭ بالىلار سارىيىغا ئاپىرىپ مۈشۈككە دائىر بىلىملەر بىلەن ئۇچراشتۇردۇق. مەخسۇس مۈشۈكنىڭ پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان سىنتەخسە ئېلىپ بەردۇق. قىزىم ھەرخىل مۈشۈك تۈرلىرىنىڭ رەسىمى، مۈشۈك ياخشى كۆرىدىغان ۋە ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەرنىڭ رەسىملىرىنى چوڭ بىر ۋاراق قەغەزگە سىزىپ، بەزىلىرىنى قىيىپ چاپلاپ دۈشەنبە كۈنى يەسلىگە يۆرۈپ كەتتى. بىركۈنى تاماقتىن كېيىن كولا ئىچىپ تۇرسام قىزىم «دادا، كولا چىشقا زىيانلىق، قاراپ تۇرسام ئىككى قۇتا ئىچىۋەتتىڭ» دەيدۇ. نەدىن بىلگىنىنى سورىسام يەسلىدە مۇئەللىمى تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپات بېرىپتۇ. قىزىم ساڭا كۆرسۈتۈپ قوياي دەپ ئاۋال بىر ئىستاكانغا كولانى قۇيۇپ ئىچىگە بىر تۇخۇمنىڭ شاكىلىنى سالدى. ئىككى سائەت ساقلايدىكەنمىز. ئىش بىلەن بولۇپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بىر چاغدا چاقىرىدۇ، قارىسام ھېلىقى شاكال كولا ئىچىدە ئېرىپ كېتىپتۇ. قىزىمنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە بىزنىڭ چىشىمىز تۇخۇمنىڭ شاكىلىغا ئوخشايمىش. تۇخۇمنىڭ شاكىلىنى ئېرىتىپ تاشلىغان كولا، زىيادە ئىچىلسە چىشىنىمۇ چىرىتىپ تاشلايمىش. بالامنىڭ يەسلىسىدە مېنى قىزىقتۇرغان يەنە بىر نەرسە گولوبۇس بولدى. سىنىپتا ھەر بىر بالىغا بىردىن يەتكۈدەك گولوبۇس تۇراتتى. 4-5 ياشلىق بالىلار ئوقۇيدىغان قىزىمدىن يۇقىرى يىللىقنىڭ مۇئەللىمىدىن قىزىقىپ سورىسام بەزى بالىلار گولوبۇستىكى خەتلەرنى ئوقۇماي تۇرۇپلا قايسى دۆلەتنىڭ نەگە جايلاشقانلىقىنى دەپ بېرەلەيدىكەن. يەسلىدە ھەر تۆت بالىغا بىر ئوقۇتقۇچى توغرا كېلىدىغان بولۇپ قايسى نېمە ئۈينىسا مۇئەللىم شۇنى كۆزىتىدىكەن، ئەگەر بىرەر سۇئال سورىغۇدەك بولسا بېرىپ چۈشەندۈرىدىكەن ياكى ئويناۋاتقان بالىنىڭ قېشىغا بېرىپ سۇئال سورايدىكەن. يەسلىدىكى ئوقۇتۇشنىڭ مەقسىدى ئاساسەن بالىلارنىڭ قىزىقىشىغا سورۇن ھازىرلاش، قىزىقىشنى يېتەكلەش ۋە رىغبەلەندۈرۈش ئىكەن. ئوقۇتۇش ئۇسۇلى پاراڭلىشىش شەكلىدە

بولۇدۇكەن. ئوقۇتقۇچىلار بالىلارنىڭ قولىنى يالاش، بۇرنىنى كولاش، يەل قويۇۋېتىش، قوپاللىق قىلىش قاتارلىق قىلىقلىرىغا ئايرىم چۈشەنچە بېرىدىكەن. بۇندىن باشقا باشقىلار ئىسمىنى چاقىرغاندا قانداق قىلىش، باشقىلاردىن ياردەم سورىغاندا نېمە دېيىش، باشقىلار ياردەم بەرگەندە قانداق رەخمەت ئېيتىش، باشقىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە نېمە دېيىش، باشقىلار بىلەن تاساددىپى دوقۇرۇشۇپ قالغاندا نېمە دېيىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىنى كۈندە تەكىتلەپ ئۆگىتىدۇكەن. بۇ ئامېرىكىلىقلارنى نېمىشقا ئورتاق بۇنداق ئەدەپلىك، سىلىق سۆز، ياردەمسۆيەر كېلىدىكىن دېسەم بۇ يەسلىدىن تارتىپ سىدۇرۇلگەنلىكتىن ئىكەن. ئەگەر قائىدىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار بولسا ئاۋال ئەسكەرتىدىكەن، يەنە ئاڭلىمىسا تۇرغان يېرىگىلا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇدۇكەن. مەسئۇدە بىر يىل ئىچىدە بىر قېتىممۇ مېنى بىرسى ئۇردى ياكى تىللىدى دېگەن گەپنى كۆتۈرۈپ كەلمىدى. بىزنىڭ ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ھەتتا ئۈنىۋېرسىتېتلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بوزەك قىلىش ۋە بوزەك بولۇش مەسلىسى خېلى كەڭرى بولغاچقا بۇ ھەقتە سورىدۇم. مەكتەپتە بالىلارنىڭ بىر بىرىنى بوزەك قىلىشى مۇمكىن ئەمەسكەن. باشقىلارنى سەۋەبسىز ھاقارەت قىلغۇچى بالا ئەڭ يېنىك بولغاندىمۇ مەكتەپتىن بىر ھەپتىلىك قالدۇرۇلىدىكەن، بۇ ئىش ئىككىنچى قېتىم يۈز بەرسە گەپ يوق قوغلىنىدىكەن. بىر مەكتەپتىن قوغلانغان بالىنىڭ يەنە بىر مەكتەپتىن قوبۇل ئالمىقى بەكمۇ مۈشكۈلكەن. كىچىكىدىن بۇنداق قائىدىلىك چوڭ بولغان بالىلارنىڭ بىراقلا بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئەلۋەتتە. بىزنىڭ ئەدەپ قائىدىلىرىمىز پەقەت ئۆيدىلا تەكىتلىنىدۇ. مەكتەپلەر يا ئۆزى تەرغىب قىلىۋاتقان «جوڭخۇا مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەخلاقى»نى يا كومۇنىستىك ئىدىيىنى سىڭدۈرەلمەي، ئۆز ئەخلاقىمىزنى مائارىپ ئارقىلىق ئىلمىي ئۆگەتمەي، مەدەنىيەتكىمۇ، پۇقراغىمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىۋاتىدۇ. مەن ئامېرىكا يەسلىلىرىنىڭ بالىلارغا ھەم بىلىم ھەم تەجرىبە ۋە ئەخلاقنى تەڭ ئۆگىتىپ ماڭىدىغان نۇرغۇن ئۇسۇل ۋە شەكىللىرىنى ئۆگەندىم. ئاللاھ خالىسا

بىزمۇ شۇنداق تەربىيە شارائىتى يارىتىپ ئويلىيالايدىغان، ئىشلىيەلەيدىغان، قىلىقلىرى ۋە خۇيلىرى يېقىشلىق بالىلارنى تەربىيەلىسەك دەيمەن. مەن ساغلاملىق تەربىيىسى، مۇۋەپپەقىيەت تەربىيىسى ۋە بالىلار تەربىيىسى ساھەسىدە ھەمكارلىشىپ باقساق دەيمەن. بۇلارنى يېزىشتىكى مەقسەد بىر ئەندىزىنى تونۇشتۇرۇش، تەھقىقكى، بۇ شۇنداق ئەندىزىنى ئۆزىمىزدە بەرپا قىلىش ئۈچۈن موھىم.

# قىزىمىزنى «ئامېرىكىچە» تەربىيىلىيەلىدۇقمۇ؟

بەلكىم ئامېرىكىلىقلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىگە بۇنچە دىققەت قىلغانلىرىمىغا قاراپ «بۇلار بالىسىنى ئۇيغۇرنىڭ ۋە ئامېرىكىلىقنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەشتىكى ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قانچىلىك تەربىيەلەپ كېتىۋاتقاندۇ» دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، كۆزۈتۈش، ھىس قىلىش باشقا گەپ، شۇلاردىن بايدىلىنىش پۈتۈنلەي باشقا گەپ ئىكەن. بىز بالىمىزغا تاماق يېگۈزەلمەي، يەسلىدىكى ئوقۇتقۇچىسىدىن سورۇدۇق. قىزىم يەسلىدە تاماق يەيدىكەن. نېمىشقا ئۆيدە تاماق يىمەيدۇ؟ شۇندىن كېيىن قىزىمنىڭ يەسلىدە قىلىدىغان ئىشلىرى بىلەن ئۆيدە قىلىدىغان ئىشلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقتىم. قىزىم يەسلىدە تاماق يەپ بولۇپ قاچىسىنى ئۆزى يىغىشتۇرىدىكەن، شىرەسىنى ئۆزى سۈرتىدىكەن. ئويۇنچۇقلىرىنى ئويناپ بولۇپ ئۆزى يىغىشتۇرۇدىكەن. “ئوقۇتقۇچىسى «ئۇخلاش ۋاقتى بولدى» دەپ بولغىچە يوتقىنىغا كىرىپ بولۇدۇكەن. ئەمما ئۆيدە يۇقارقى قىلىقلىرىدىن بىرنى قىلمايدۇ. پەقەت مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىر ئىشنى ئۆيدە قىلدى. بىركۈنى يېنىمدىن ئۆتمەكچى بولۇپ «دادا، كەچۈرسەن، مەن ئۆتۈۋالاي» دېگەننى ئېنگلىزچە دېدى. ئەمما ئۇيغۇرچىسىنى شۇنچە ئۆگەتسەممۇ دېمىدى. چۈنكى بىز ئۆيدە ئەر خوتۇن بىر-بىرىمىزگە ئۇنداق تۈزۈت قىلىپ يۈرمەيدىكەنمىز. تۈزۈت قىلىشمىغانىكەن، تۈزۈتكە لايىق گەپلەرمۇ بولمايدىكەن، بىز دەپ كۆنمىگەندىن كېيىن قىزىمىزمۇ ئۆگىنەلمەيدىكەن. (بىز تۈزۈتنى تونۇمىغان ياكى زىيادە ھۆرمەتلىكلەرگە قىلىدىكەنمىز، ئامېرىكىلىقلار يېقىنلىرىغا بەكرەك تۈزۈتلۈك مۇئامىلە قىلىدىكەن). بۇنىڭدىن شۇنى بىلدىمكى، ئىنسان كىچىكىدىن موھىتتىن ۋە باشقىلاردىن ئۆلگە ئالىدىكەن. قىزىمنىڭ مەكتەپتىكى موھىتى

ھەركىم ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىدىغان موھىت بولغاچ قىزىم ئىشىنى تېپىپ قىلالايدىكەن. ئەمما ئۆيدە ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىز قىلىپ بېرىمىز شۇڭا ئۆيدە قىلمايدىكەن. كۆپىنچە مەن ئۆيدە داستىخان سالمايدىغان، يىغمايدىغان بولغاچ ئۇمۇ تەبىئىي ھالدا بۇ ئىشلارنى باشقا بىرىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ قارايدىكەن. بىز تۈزۈتلۈك سۆز قىلمىغاندىكىن بىزدىن ئۈلگە ئېلىپ بىزگىمۇ تۈزۈتلۈك گەپ قىلمايدىكەن. دېمەك ئىنسان كىچىكىدىن باشلاپ سورۇن ۋە سالاھىيەتكە قاراپ ھەرىكەت قىلىدىكەن. يەسلى قىزىمنىڭ نەزىرىدە يەسلى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قارار چىقىرىدىغان ۋە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان سورۇن. قىزىمنىڭ يەسلىدىكى سالاھىيىتى باشقىلار بىلەن باراۋەر. ھەتتا ئۇ ئوقۇتقۇچىلىرىنىمۇ ئۆز ئىسمى بىلەنلا چاقىرىدۇ، بىللە ئوينايدۇ، ئۇلارنى يا مۇئەللىم، يا ئاچا دەپ چاقىرمايدۇ. بۇنداق ھەر ئىشتىكى تەشەببۇسكارلىق ئۇنىڭغا بىر مۇستەقىل ئىنسانلىق سالاھىيىتىنى بەرگەن. ئۆيدە بولسا ئۇنىڭ ھەممە ئېھتىياجلىرى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييار قىلىنىدىغان، ئۇ دائىم يېتەكلىنىدىغان ۋە باشقۇرۇلىدىغان سورۇن شۇڭا بۇ يەردە ئۇنىڭ كۆپ ئىشقا باش قاتۇرىشىغا ۋە قول سېلىشىغا ھاجەت يوق. بۇ يەردە ئۇنىڭ سالاھىيىتى باشقۇرۇلغۇچى، قوغدالغۇچى، تەلەپلىرى قاندۇرۇلغۇچى شۇڭا ئۇنىڭ سالاھىيىتى پاسسىپ، تايانغۇچى. بىز قىزىمىزنى ھېچ بولمىسا تامىقىنى ئامېرىكىلىق بالىلارغا ئوخشاش ئۆزى يىسۇن دەپ نەچچە ئون قېتىم دېيىشتۇق، ئەمما ئايالىم تاماق پىشقاندا مەسئۇدەنىڭ كەينىدىن قوشۇقنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈشىنى ئىزچىل تاشلىيالمىدى. بۇنى قىلالمىغىنىمىزدىن قارىغاندا ئۇنىڭ مۇستەقىللىقىنى يېتىلدۈرىشىمىز تەس ئوخشايدۇ. مەن بىرنىڭ تۈرك ئاغىنىلەرنىڭ ئۆيىگە ۋە ئامېرىكىلىق دوستلارنىڭ ئۆيلىرىگە بارغىنىمدا ئامېرىكىلىقلار بىلەن ئارىمىزدىكى بىر پەرققە دىققەت قىلدىم. بىز تۈرك ئۇيغۇرلار ساھىپخان بولغان ۋاقتىمىزدا بالىمىز بىلەن مېھماننىڭ بالىسى ئوينۇشۇپ جېدەل قىلسا ياكى بىر ئويۇنچۇقنى تالىشىپ قالسا ئورتاق ھالدا بالىمىزدىن گۇناھ ئۆتسۇن ئۆتمىسۇن ئۆز بالىمىزغا تەنبىھ بېرىدىكەنمىز. ھەدىسە گۇناھنى ئۆز بالىمىزدا قويۇدىكەنمىز. مەن ھەتتا بىر تۈرك دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بارغاندا «قىزىم خاتا قىلدى، كەچۈرۈم سورىسۇن» دېسەممۇ ئۇنىماي ھېچ خاتا قىلمىغان قىزىنى

جىملىدى. بۇ ئادەتنى ئەلۋەتتە بىز ۋەتەندىن كۆتۈرۈپ كەلگەن. ۋەتەنگە قايتساق قىزىمىزنىڭ بۇنداق مەدەنىيىتىمىز سەۋەبلىك باراۋەرسىز مۇئامىلىگە تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدىغانلىقى ئېنىق. بۇ ئادىتىمىزگە قاراپ مەن قىزىمنى ھەممە ئادەم، ھەممە جايدا بىر بىرى بىلەن مۇتلەق باراۋەر دېگەن ئامېرىكىچە روھتا تەربىيىلىمەيدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى. ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەر قانداق ئىشقا بىر ۋاقىت چېكى بېكىتىدىغانلىقىنى باشتا دېگەنىدىم. ئەلۋەتتە، مەنمۇ بالامنى شۇنداق ۋاقىتچان روھتا يېتىشتۈرمەكچى بولدۇم. ئەڭ ئاددىسى قىزىمنىڭ قونچاق پىلىم كۆرۈشىگە بىر قېتىمدا بىر سائەت دەپ تۈزۈم بېكىتتىم. ئەمما ئۆزەم كىتاپ ئوقۇپ ياكى باشقا ئىش قىلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا بېكىتىپ بەرگەن ۋاقىتنى ئۇنتۇپ قالدىم. يەنە بىرى ۋاقىتنى تەكىتلىگەن بولسامۇ قىزىمنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ۋاقىتنى چەكلىمىسىز ئۇزارتتىم. نەتىجىدە قىزىمىزغا بەلگىلىك ئىشنى چوقۇم بەلگىلەنگەن سائەتتە قىلىش كېرەك دېگەن ئاڭنى سىڭدۈرۈپ بولالمىدۇق. بۇندىن باشقا ئامېرىكىلىقلارنىڭ مۇكاپات جازاسى ئىنتايىن ئېنىق ئايرىلغان تۈزۈمى بالىلىرىغا كىچىكىدىن سىڭدۈرۈلىدۇ. ئەمما بىز ئۇنداق قىلالمىدۇق. ئەڭ ئاددىيسى قىزىمنىڭ ئۇخلاش ۋاقتىنى مۇقىملاشتۇرالمىدۇق. سەۋەبى بۇنىڭ ئۈچۈن تۈزۈلگەن قائىدىنى ئۆزىمىز چىدىماي بۇزۇپ قويۇپ قايتا ئۆتمەس قىلىپ قويدۇق. قارىغاندا قىزىمىزمۇ ھېسسىياتنىڭ ھەرقانداق پىرىنسىپ ۋە توساقلارنى يېمىرىپ تاشلايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ چوڭ بولسا كېرەك. مەن بۇلارنى قىلالمىدىم دېگىنىم باشقىلارنىمۇ قىلالمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. لېكىن بىزنىڭ بالىمىزنى ئۆزىمىزدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق، ئۆز غايىمىزدىكى ئىنسان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىمەن دېيىشىمىزنى ئاسان ئەمەسكەن. بىز بالىمىزدا ساغلام قىلىق يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆز قىلىقلىرىمىزنىلا ئەمەس ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ۋە مەھەللىمىزدىكى ھەتتا مەكتەپتىكىلەرنىڭ قىلىقلىرىنىڭ توغرا-دۇرۇسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەككەن.

بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جەمىيەتتە ئىنسان ئۆزىنىڭ يۇقارقى ئېسىل خىسلەتلىرى بىلەن ئىزچىل ئۇتۇققا ۋە ئىززەتكە ئېرىشىدىغان ئەگەر ئۇلاردىن مەھرۇم قالسا ئىزچىل زىيان تارتىدىغان چوڭ مۇھىتنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەككەن. ئۇنداق بولمىغاندا بىر نەچچە كىشىنىڭ بىرەر مەزگىللىك تىرىشچانلىقى جەمىيەتنىڭ ئېقىمى ئالدىدا سۇپۇرۇلۇپ كەتكۈدەك. قارىغاندا قىزىم ئامېرىكىدا ئايالىم ئىككىمىز بىلەن ئۇزاق ياشىسا بىزدىن ئۆگىنەلمىگەنلىرىنى مەكتەپتە ۋە ساۋاقداشلىرىدىن ئۆگەنگەنلىرى بىلەن تولۇقلاپ ئامېرىكىچە ئادەم بولالىسا كېرەك. بىزنىڭ تۇيغۇلىرىمىز ئاجايىپ مۇرەككەپ. بىر بولسا دەيمىز قىزىمىز ئامېرىكىلىقلاردەك مۇستەقىل، ئىجاتچان، ئادىل. ھۆرلۈكسۆيەر، تۆزۈمچان، ۋاقىتچان بولسىكەن دەيمىز. يەنە بىر بولسا قىزىمىزنىڭ ئامېرىلىكلىقلاردەك راھەتپەرەس، ئۆزۈمچىل، كۆيۈمسىز بولمىسىكەن دەيمىز. بەزىدە بالىلىرى ئامېرىكىدا چوڭ بولغان ئاتا ئانىلارنىڭ قىزلىرىنىڭ قىزبالىدەك ئەمەسلىكىدىن، ئوغۇللىرىنىڭ ئائىلىگە مەسئۇلىيەتسىزلىكىدىن قاقشاشلىرىنى ئۇنىڭدىن بۇنىڭدىن ئاڭلاپ قالىمەن. ئويلاپ باقسام ئامېرىكىدا ئاتا ئانىلارنىڭ بالىلىرىدىن سۆيۈنىدىغىنى ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكىلىقلاردىن ئۆگىنەلمىگەن تەرەپلىرىنى ئۆگىنىۋالغىنىدىن ئىكەن، قاقشايدىغىنى ئۇيغۇرلۇقنى ئۆگىتەلمىگىنىدىن ئىكەن.

# قىزىمنىڭ ئۇيغۇرچە كۈنلىرى

قىزىمنىڭ يوقاتقانلىرى

قىزىم ئامېرىكىدا «مېنى ھەممە ئادەملەر ياخشى كۆرىدۇ، ھەتتا ئىتلارمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ»، «ھەممە ئادەمگە ئىشىنىشكە بولۇدۇ»، «ھەممە ئادەم بىر بىرىگە كۈلۈمسىرەپ سالاملىشىپ ئۆتىدۇ»، «بازاردىن ئالغان كۆكتات، مىۋىلەرنى يۇماي يېيىشكە بولۇدۇ» دەپ كۆنگەنىكەن. بېيجىڭغا چۈشۈپلا بۇ ھەقتە باشقىچە چۈشەنچىگە كېلىشكە باشلىدى. ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىپمۇ سالاملاشماسلىقى ۋە ئۇنى ئەركىلەتمەسلىكى بولۇپتۇ. ئۇرۇق تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشۈپ ۋەتەندىكى كۈنلەر ئۇزۇرىغانچە كوچىلاردىكى تونۇمىغانلارنىڭ سالامسىزلىقىدىن تەدرىجى «مېنى ھەممە ئادەم ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن ئىشەنچىدىن مەھرۇم قالدى. چوڭلاردىن تولا ئەمەلگە ئاشماس ۋەدىلەرنى ئاڭلاپ قىزىم «ھەممە ئادەمگە ئىشىنىشكە بولۇدۇ» دېگەن ئىشەنچتىن ئىككىنچى بولۇپ مەھرۇم قالدى. يۈزمۇ-يۈز كېلىپ قېلىپمۇ سالاملاشمايدىغان ئادەملەرنى جىق كۆرۈپ دەسلەپكىدەك كۆرگەنلا كىشىگە سالام قىلىپ كۈلۈمسىرىمەيدىغان بولدى. ھەممە ئادەمگە قىزغىن پاراڭ قىلىپ بېرىدىغان خۇلقلىرىدىنمۇ قالدى. دەسلەپتە خېمىيەلىك دورىلارنىڭ پۇرىقى ئىچىگىچە ئۆتۈپ كەتكەن مىۋە ۋە كۆكتاتلارنى پۇراپلا بىلىپ قالاتتى. كېيىن تەدرىجى بۇلارنىمۇ سەزمەس بولۇپ قالدى.

ئامېرىكىدىكى مەھەللىمىزدە بىر بوشلۇق بولۇدۇغان. كىچىكلەر ئۆيلىرىدە ئويناپ زېرىككەن ئويۇنچۇقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ شۇ يەرگە قويۇپ قويۇشاتتى. ئويۇنچۇقلارنى خالىغانلار ئېلىپ كەتسە بولاتتى، لېكىن، ئالغۇچى

ئالغانلىرىنىڭ ئورنىغا يەنە بىر ئويۇنچۇق قويۇپ قويۇشى كېرەك ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ بىر كۆرۈنمەس قائىدە بولۇپ ھېچكىم ئۇ يەرگە كىم نېمە قويۇپ نېمە ئالدى دېگەنگە كۆزەتچىلىكتە تۇرمايتتى. بۇ يەردە بىر كۆرۈنمەس خالىسلىق ۋە ھالاللىق ھۆكۈمران ئىدى. مەن شۇنچە تۇرۇپ ئۇ يەرنىڭ ئويۇنچۇقسىز قۇرۇقدۇلۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. بۇنداق كۆرۈنمەس خالىسلىق چوڭلارنىڭ ھەركىتىدىمۇ داۋام قىلاتتى. مەسىلەن، بىزنىڭ مەھەللىدىكى كىيىم يۇيىدىغان ئۆيدە (ئامېرىكىدا ھەر بىر مەھەللىدە بىردىن كىيىم يۇيىدىغان زاللار بولۇدۇ. كىشىلەر تەڭگە تاشلاپ كىيىملىرىنى يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ بىراقلا ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ) شۇنداق بىر بوشلۇق بار ئىدى. ھەممە ئادەم ئوقۇپ بولغان كىتاپ، ئىشلەتمەيدىغان ئۆي جاھازلىرى، كىيمەيدىغان كىيىم ۋە باشقا تۈرلۈك لازىملىقلارنى قويۇپ قوياتتى. لازىملار ئېلىپ كېتىپ ئىشلەتسە بولاتتى. قىزىم ئامېرىكىدا ھەرخىل ئويۇنچۇقلار دائىم يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان ئۇ بوشلۇقنى بەك ياخشى كۆرەتتى. دائىم ئويۇنچۇقلىرىنى يەڭگۈشلەپ تۇراتتى. قىزىم ۋەتەنگە كەلگەندىن كېيىن ئويۇنچۇقلىرىنى ئويناپ زېرىكتى ۋە ئامېرىكىدىكى خۇيى بويىچە بىر يەر تېپىپ قويۇپ قويماقچى بولدى. يامان يېرى ۋەتەندە ئۇنداق ئادەت يوق بولغاچ بىز ئۇنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇشقا ئامالسىز قالدۇق. شۇنداق قىلىپ ئۇنى خالىسلىققا، ھېچكىم كۆرمىگەن ئەھۋالدىمۇ بىر نەرسىلەرنىڭ يۈتمەيدىغانلىقىغا، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا كۆرۈنمەس مېھىر ۋە ھەمكارلىقنىڭ بولۇدۇغانلىقىغا ئىشەندۈرۈپ تەربىيىلەشكە بىر سورۇن ھازىر قىلالمىدۇق. ئۇنىڭ ئادەملەرگە، جەمئىيەتكە بولغان ئىشەنچىنى تىكلىيەلمىدۇق. ئەنسىرەيدىغىنىم ئۆزى ياشاۋاتقان موھىتتىن ئىللىقلىق، ھوزۇر، خاتىرجەملىك ھېس قىلالمىغان قىزىمنىڭ ئۆزىگە، كىشىلەرگە، دۇنياغا ۋە تەبىئەتكە ئىشەنچ بىلەن يۈزلىنەلمەسلىكى. قىزىم ئامېرىكىغا يېڭى كەلگەندە مەندىن ئۇ يەردىكى ئويۇنچۇقلارنى نېمىشقا باشقىلارنىڭ ئېلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى سورىغىنىدا «قىزىم ھەممە ئادەمنىڭ قەلبىدە ئاللاھ بار، شۇڭا ئۇلار ھېچ كىم كۆرمىسىمۇ قەلبىدىكى ئاللاھ كۆرۈپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن بىر بىرىنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىۋالمايدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەنىدىم. ئەمدى ھېلى قويغان نەرسىگە پەخەس بولمىسىلا يوقاپ

كېتىدىغان موھىتتا كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللاھنىڭ بارلىقىنى قانداق چۈشەندۈرگۈلۈك؟

## قىزىمنىڭ شىكايەتلىرى

قىزىم ئامېرىكىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇزاققا قالماي قۇرداشلىرىنىڭ بەزى قىلىقلىرىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قوبۇل قىلالمىغىنى دوستلىرىنىڭ ئويۇنچۇقلىرىنى سورىماي ئېلىشى، زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىشى بولدى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ نۆۋەتلەشمەسلىكى، بىر ئويۇنچۇقنى بىللە ئويناشماسلىقى، دائىم كىچىكلەرنىڭ ئويۇنىنىڭ قائىدىسىنى بۇزۇۋېتىشى، باشقىلار ئۈستىدىن توختىماي ئاتا ئانىسىغا ئەرز قىلىشلىرى...قاتارلىقلار ئۇنى كۆپ بىئارام قىلغان بولدى. ئۇنىڭ دائىملىق سوئاللىرى «نېمىشقا ئويۇنچۇقۇمنى سورىماي ئالىدۇ؟»، «نېمىشقا بەش مىنۇت ئويناپ بېرەي دېمەيدۇ؟»، «بۇلار نېمىشقا نۆۋەتلەشمەيدۇ؟»، «بۇلار نېمىشقا ئويۇنچۇقلىرىمنى تارتىۋالىدۇ؟»، «بۇلار نېمىشقا مېنى ئۇرىدۇ؟»، «بۇلار نېمىشقا ماڭا ۋارقىرايدۇ؟»، «ئاتا-ئانىلار نېمىشقا خاتا قىلسا بالىلىرىدىن كەچۈرۈم سورىمايدۇ؟ نېمىشقا چوڭلار دائىم يالغان ۋەدە بېرىدۇ؟». «ئەسكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ساقچى بولامدۇ؟ نېمىشقا ئۇلار ***لارنى تەكشۈرمەي بىزنىلا تەكشۈرەيدۇ، بىزگىلا ۋارقىرايدۇ؟». بۇ سوئاللارنىڭ بەزىلىرىگە چۈشەنچە بەردىم، لېكىن كۆپىنچىسىگە جاۋاپ بېرەلمىدىم. ئۇنىڭ ھەيران قالغان ئىشلىرى ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە ئاللىقاچان كىشىلەرگە نورمال تۇيۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ھېچكىم ھەيران قالمايتتى، غەزەپلەنمەيتتى.

بىر كۈنى قاراپ تۇرسام بىر بالا قىزىمنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇقنى ئېلىپلا قاچتى. قىزىم ھەيران قالغان ھالدا تۇرۇپلا قالدى. شۇنچە دەۋەتلىرىمگە قارىماي زورلۇق بىلەن قايتۇرۇۋېلىشقا پېتىنالمىدى. ئارىدا قىزىم پەيتىنى تېپىپ ئويۇنچۇقنى قايتۇرىۋېلىشقا تەمشىلىۋىدى، پاسلا قىلىپ بىر تەستەك يېدى. ئۆمچۈيۈپ يىغلاۋاتقان قىزىمغا قاراپ نېمە دېيىشنى ئۇقالماي قالدىم. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرەيلەن «دادىسى تۇرسىمۇ خەقتىن تاياق

يىگىنىنى، ئۇرىگە سىزمۇ، دادىڭىز بولغاندىكىن قورقماي» دەپ قالدى. قىزىم بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى تازا ياخشى چۈشىنەلمىدى. چۈشەنمەسلىك قىزىمنىڭ ئۈيغۇرچە سەۋىيىسىدە ئەمەس ئۇنىڭ ياشىغان جەمىيەتتە كىشىلەر بىر كۆچ (دۆلەت، ئارمىيە، ھوقۇق، بايلىق، ۋە سان جەھەتتىكى ئەۋزەللىك) تىن مەدەت ئېلىپ باشقىلارنى خالىغانچە بوزەك قىلمايتتى، باشقىلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىمايتتى. شۇڭا ئۇ دادىسى بولغاندا باشقىلارنى بوزەك قىلسا، ئۇرسا بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. دادىسى بولۇش بولماسلىقنىڭ ئۇنىڭ بىرسىنى ئۇرالاش ئۇرالماسلىقى ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بارلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئالغان جەمىيەت ۋە يەسلى تەربىيىسىدە يۆلەنچۈكى بولسا بىرخىل يۆلەنچۈكى بولمىسا بىرخىل خۇي چىقىرىش، يۆلەنچۈكى بارلار ئەزىزلىنىپ، ئەۋزەللىكتىن مەھرۇملار پەس كۆرۈلۈش، باشقىلارنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەش دېگەندەك ئىشلار يوق ئىدى. بىر كۈنى قىزىم «دادا، نېمىشقا بۇ يەردە باللار دائىم دادىسى ياكى ئاپىسى كەلسىلا ئادەمنى باشقۇرىدۇ، بوزەك قىلىدۇ؟» دەپ سوراپ قالدى. «ئۇلار خاتا قىلىپتۇ بالام، سىز مەن بولسامۇ، بولمىسامۇ باشقىلارنى بوزەك قىلماڭ. ئۇرماڭ، تىللىماڭ. ئادەمنى ئۇرۇشقا بولمايدۇ، تىللاشقا بولمايدۇ» دېدىم. سەۋەبىنى سورىۋېدى، «ئاللاھ ئادەملەرنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، ئەگەر ئادەم تاياق يېسە، تىل ئىشىتسە ئاللاھ خاپا بولۇپ قالىدۇ. سىزنىڭ ئادەملەرنى رەنجىتكىنىڭىز ئاللاھنى رەنجىتكەنلىك بىلەن ئوخشاش». قىزىمغا كىچىكىدىن قىلسا بولمايدىغان بەزى ئىشلارنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرسەك ئاڭقارغىدەك ياشتا بولمىغىنى ئۈچۈن «خۇدايىم خاپا بولۇپ قالىدۇ» دەپ ئۆگەتكەنىدۇق.

باللار قولىدىكى نەرسىلەرنى باشقىلار تارتىۋالسا قانداق قىلىشى كېرەك، باشقىلار ئۇرسا قانداق قىلىش كېرەك، باللارنى بۇنداق ھالدا مۇداپىيەگە كۆندۈرىمىزمۇ ياكى ھۇجۇمغىمۇ ...دېگەنلەر ھەققىدە قەشقەردە قىلغان لېكسىيەمدە مۇنازىرە بولدى. ئىشتىراكچىلارنىڭ بەزىلىرى «باشقىلارنى ئۇرما، لېكىن سېنى ئۇرسا سەنمۇ تازا قوي. خەقنىڭ بىر نەرسىسىنى تارتىۋالما، ئەگەر سېنىڭكىنى تارتىۋالماقچى بولسا ھەرگىز بەرمە. خەققە ھەرگىز بوزەك بولما، بىرنى دېسە ئىككىنى دە»، دېگەنلەرنى دائىم دەيدىكەن ۋە بۇنى توغرا دەپ قارايدىكەن. بۇنداق تۇتۇملارنىڭ كەينىدە چوڭلارنىڭ كەچۈرمىشى ۋە

ئىددىيىسى ياتىدۇ. چوڭلار بۇنداق دەۋاتقاندا ئۆزىنىڭ جەمىيەتكە، كىشىلەرگە ۋە ھادىسىلەرگە تۇتقان تۇتۇمىنى باللارغا تېڭىۋاتقان بولۇدۇ. باللارنىڭ پىسخىكىسىنى چۈشۈنۈدىغان، قىلىقلىرىنى كۆزەتكەنلەرگە مەلۇمكى، باللاردا بىر-بىرىنى بوزەك قىلىش دېگەن ئاڭ بولمايدۇ. باللار بىر بىرىنىڭ نەرسىسىنى تارتىۋالاي، بوزەك قىلىۋالاي، ئۇرۇۋالاي دېگەن مەقسەتتە نۇقسانلىق قىلىقلارنى قىلمايدۇ. باللار پەقەت بىلمىگەنلىكتىن، قىزىق تۇيۇلۇپ ۋە بىخەستەلىكتىن شۇنداق قىلىدۇ. بىز چوڭلار دائىم بوزەك قىلىنىش، مەھرۇم قېلىش، خورلۇنۇش قاتارلىق قىسمەتلەرگە كۆپ دۇچار بولغىنىمىز ئۈچۈن سەۋەبى باللارنىڭ ئاڭسىز قىلىقلىرىنى چوڭلارغا خاس كەچۈرمىشلىرىمىزگە باغلاپ چۈشۈنۈۋېلىپ بالىمىزنى بوزەك بولماسلىق ھەققىدە ئارتۇقچە ئاگاھلاندۇرۇپ كېتىمىز. موما بوۋىلىرىمىز پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدە نۇرغۇن ئەندىزىلەرنى ياراتقان. بۇ ئەندىزىلەر كىتاپ بولۇپ يېزىلمىغان بىلەن تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كۈچىنى كۆرسۈتۈپ كەلگەن ئىدى. زامان ئالماشقان، بازار ئالماشقان، ئۆي ئالماشقان، مەكتەپ ئالماشقاندىن بۇيان ئەجدادلاردىن قالغان تۇرلۇك ئەنئەنەلەر يا دەرسلىكتىن ئورۇن ئېلىپ مەكتەپكە كىرەلمىدى، يا مەسجىدلىك مەھەللىلەر يوقۇلۇپ كوچىدا كۈچىنى كۆرسىتەلمىدى. ئىشخانىدا، بازاردا ئاقىنى خەقىنىڭ، بۇلۇڭدا ياتقىنى بىزنىڭ بولغاچ ئۇدۇملىرىمىز جەمىيىتىمىزدە مودا بولالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدە توختىماي غەرپنىڭ كىتاپلىرىنى تەرجىمە قىلىدىغان بولۇپ قالدۇق. ۋاھالەنكى، ئۇ كىتاپلاردىكى غايە بىلەن بىزنىڭ ياشاۋاتقان مۇھىتىمىز، جەمىيەتتىكى تۈزۈم ماسلاشمىغاچ كىتاپلاردىكى پايدىلىق كۆرسەتمىلەرنى قوللانغىلى بولمايدىغان، قوللۇنۇپ تەربىيىلىگەن تەقدىردىمۇ ئۇ باللار مۇھىتتىن باشقىچە تەسىر ئېلىپ يات سەنەمگە دەسسەيدىغان ئىشلار كېلىپ چىقتى. ئۆچىرەتتە تۇرسا زىيان تارتىدىغان قەشقەردە باللارنى نۆۋەتلىشىش ئادىتى بىلەن تەربىيىلىگىلى بولمايدۇ. تارتىۋالمىسا تارتقۇزۇپ قويىدىغان جەمىيەتتە ئورتاقلىشىشنى ئۆگەتمەك تەس.

قائىدە، قانۇن دېگەنلەر ساندىكى، پۇلدىكى، ھوقۇقتىكى ئەۋزەللىكلەر ئالدىدا تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان جەمىيەتتە بالىلارنى قائىدىلىك، پىرىنسىپچان، تەرتىپلىك چوڭ قىلغىلى بولمايدۇ. قەلبىمىزنى ئەينەك دېسەك بىزنىڭ مىجەزىمىزدە ئەكس ئەتكىنى جەمىيەتنىڭ شولىسى. سۈلھى سالا، كۆڭۈل يەتكۈزۈش، قېرىنداشلىق، نەسەپ ۋە باشقا كىشىلەر پايدىلىنالايدىغان ھەرخىل ئەۋزەللىكلەر مۇكاپات ۋە جازا، توغرا ۋە خاتا، ھەقىقەت ۋە سەپسەتە، گۇناھ ۋە ساۋاپ دېگەنلەردىكى مۇتلەق پىرىنسىپ ۋە ھۆكۈمنى ئاستىن ئۈستۈن قىلىۋېتەلەيدىغان جەمىيەتتە بىز بالىمىزنى ئۆزىمىز يېتەلمىگەن پەللىلەرنى كۆزلەپ تەربىيىلەپ چىقالمايمىز. چۈنكى بىز بالىلىرىمىزنىڭ قانداق شارائىتتا قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى كىتاپلاردىن ئوقۇۋالغان بىلەن ئۆزىمىز شۇنداق قىلالمايمىز، ئۈلگە بولالمايمىز.

### قىزىمنىڭ گۆدەكلەردىن پەرقى

قىزىمنىڭ قۇرداشلىرىدىن پەرقلىق بىر قانچە ئىشى تۇققانلارنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرۈپتۇ. بىرى سەبىرچانلىقى ۋە نۆۋەتلىك ۋە تەرتىپلىكى. كىچىكلەرگىمۇ چوڭلارغىمۇ ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشى. تۇغقانلارنىڭ كۆزۈتۈشىچە، ئۇ بىر يەرگە بارسا ئالدىغا قويۇلغان تاماقلارنىلا يەيدىكەن، باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى يېمەكلىكنى تالاشمايدىكەن. باشقىلارنىڭ ئويۇنچۇقىنى تالاشمايدىكەن، باشقا بالىلار ئويۇنچۇقىنى تارتىۋالسا باشقا ئويۇنچۇق تېپىپ ئويناۋېرىدىكەن. باشقا بالىلاردەك ئانىسىغا ئەرز قىلىپ يىغلىمايدىكەن. بەلكىم بۇ ئامېرىكىدا ھەر ئادەمنىڭ تامىقىنىڭ ئايرىم بولۇدۇغانلىقى، داستىخاندا ھەممىگە ئورتاق تاماقلار قويۇلغان تەقدىردە ھەممە ئادەمنىڭ نۆۋەت بىلەن ئايلاندۇرۇپ بۆلۈپ يەيدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. يەنە بىرى ئۇنىڭ ھەمكارلىق، ماسلىشىش ئىقتىدارى. بىر كۈنى قىزىم تۇغقانلار بىلەن ئوپالغا مېھمانغا كەتكەنتى. مېھماندارچىلىقتا مەسئۇدە قولىنى يۇيۇپ لۆڭگىنى قولىغا ئېلىشىغا يەنە بىر بالا كېلىپ لۆڭگىنى تالىشىپتۇ، ئۇ لۆڭگىنىڭ قولىدىكى ئۇچىنى تالاشقۇچىغا بېرىپ يەنە بىر ئۇچىغا سۈرتۈپتۇ. ئارىدا يەنە بىر بالا كېلىپ ھېلىقى بالىدىن لۆڭگىنىڭ ئۇچىنى تالىشىپتۇ. قىزىم قولىدىكى لۆڭگىنىڭ ئۇچىنى كېيىنكى بالىغا بېرىپ ئۆزى ئوتتۇرىسىغا سۈرتۈپتۇ. بۇنىڭدىن ئامېرىكا يەسلىلىرىدىكى ھەمكارلىشىپ

ئويناشقا ماس لايىھەلەنگەن ئويۇنچۇق ۋە باشقا ئەسلەھەلەرنىڭ قىزىمدا ھەمكارلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرگەنلىكىنى بايقىدىم. تۇغقانلارنىڭ دېيىشىچە قىزىم كىچىكلەرنى بوزەك قىلمايدىكەن. چوڭ بولامدۇ، كىچىك بولامدۇ كىم خاتا قىلسا دەرھال قارشى چىقىدىكەن. مەنچە ئۇ ياش بىلەن نوپۇز ، نەسەپ بىلەن نوپۇز، پۇل بىلەن نوپۇز، سان بىلەن كۈچ ئوڭ تاناسىپ بولۇدۇغان جەمىيەتكە تېخى يېقىندا كەلگەچكە شۇنداق قىلغان بولۇشى مۇمكىن. قىزىمدىكى بۇنداق قاپ يۈرەكلىك ئۆزۈنغا بارمايدۇ.

قىزىمنىڭ مەن بايقىغان باشقا بالىلاردىن پەرقلىنىدىغان يەرلىرى تۆۋەندىكىچە.

بىرىنچى، قىزىم چېقىمچى ئەمەسكەن.

مەن ئامېرىكىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قىزىم بىلەن تەڭتۇش بالىلارنى سېلىشتۇرۇپ قىزىمنىڭ ئۇلاردەك ئەرزخور (توغرىسى چېقىمچى) ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. ھەيران قالغىنىم، مەيلى مېھماندارچىلىقتا باراي، مەيلى گۆدەكلەر ئېنگىلىز تىلى سىنىپىدا ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىنى كۆزىتەي بىر بىرى ئۈستىدىن دادخورلۇق ئېيتىپ كېلىدىغانلار، باشقىلارنىڭ قىلىقلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدىغانلار، باشقىلار بىلەن زىددىيەتلىشىپ ياردەم تەلەپ قىلىپ كېلىدىغانلار دائىم چىقىپ تۇراتتى. مەن گۆدەكلەر ئېنگىلىز تىلى سىنىپىدىكى بالىلارغا «خاتالىقنى كۆرسەڭ ئۆزەڭ توس، باشقىلار سېنى ئۇرسا ئۆزەڭ چەكلە ۋە كەچۈرۈم سوراتقۇز» دېگەن شەكىلدە ئىككى ئايدىن بىرى تەربىيە بېرىپ كېلىۋاتىمىز، ئايرىپ قويۇش، ئويۇنچۇقلاردىن مەھرۇم قويۇش قاتارلىق جازالارنى بېرىپ باقتۇق. لېكىن بۇنىڭ ئۈنۈمى بەك كۆڭۈلسىز بولۇۋاتىدۇ . قىزىم شۇ بالىلار بىلەن بىللە تۇرغىلى ئىككى ئايدىن ئاشقان مۇشۇ كۈنلەردە ئۇمۇ «دوكلات» قىلىشقا باشلىدى. خۇداغا شۈكۈر، دوكلات قېتىم سانى باشقا بالىلارنىڭ يۈزدىن بىرىگىمۇ توغرا كەلمەيدۇ. مەن بۇ ئادەتنى بالىلارنىڭ چوڭلاردىن يۇقتۇرغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئادەمنى قانۇن، دەستۇر، نىزام ئەمەس ئادەم ياكى

بىر گورۇھ ئادەم باشقۇرىدىغان جەمىيەتتە ئەرزخورلۇق، چېقىمچىلىق، دادخورلۇق ئەۋج ئالىدۇ. ئەگەر ئادەملەر بويسۇنۇشقا تېگىشلىك، ھەممە ئادەمگە رۇشەن بىر دەستۇر بولسا ئىدى، كىشىلەر شۇ دەستۇرغا تايىنىپ بىر بىرىنىڭ خۇي پەيلىگە ھۆكۈم قىلغان بولاتتى. ياخشى يامان، توغرا خاتانى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەممۇ، ھۆكۈم قىلىدىغان، توسىدىغان ھوقۇقمۇ ئادەمدە بولغاچ كىشىلەر نوپۇز ئىگىسىگە چېقىش، سۇخەنچىلىك قىلىش ئارقىلىق ياخشى يامان مەقسەدلىرىگە يېتىپ كەلگەن. بۇنداق جەمىيەتتە كىشىلەر رېئاللىقتىن نىزام بويىچە ئېرىشىشى مۇمكىن بولغان بەختەرلىككە يالغۇز ئېرىشەلمىگەچكە ئەمەلداردىن يۆلەك تېپىشقا، ئۆلىمادىن پىر تۇتۇشقا، مۇناسىۋەت باغلاشقا، نەسەپ سۈرۈشتۈرۈشكە ۋە توختىماي سورۇنلارغا قاتراپ بەختەرلىك تورى بەرپا قىلىشقا مۇھتاج بولىدۇ. مەندە تەربىيىلىنىۋاتقان گۆدەكلەردە چېقىمچىلىقنىڭ تۈگمەسلىكى ئۇلار تېخى تۆت ياش ئەتراپىدا تۇرۇپ ئاللىقاچان نوپۇزنىڭ قولى بىلەن خەقنى باپلاش، نوپۇز ئىگىلىرىدىن پايدىلىنىپ باشقىلارنى بويسۇندۇرۇش، ھەر قانداق ئىشتا نوپۇزنى سۇيىئىستىمال قىلىش، ھەققانىيەتنى قوغداشنى نوپۇزسىز تەسەۋۋۇر قىلالماسلىقتا ئوخشاش چوڭلارچە تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ ئۇندۇرمىلىرىنى ھازىرلاپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

ئىككىنچى، قىزىم باشقىلارنى يالغان قورقۇتالمايدىكەن.

بىر كۈنى قىزىم يىغلاپ كەتتى. نېمە بولغىنىنى سورۇسام باشقا بىر بالا ۋارقىراپ يىغلىتىۋېتىپتۇ. ۋارقىرىغان بالىدىن سوروسام «كېيىن ئويۇنچۇقۇمنى ئېلىۋالمىسۇن، مېنى بوزەك قىلمىسۇن دەپ قورقۇتۇپ قوياي دەپ ۋارقىرىغانىدىم» دەيدۇ. قىزىمغا ئوخشاش ئۇسۇلدا باشقىلارنى قورقۇتۇشنى ئۆگەتكەن بولساممۇ قاملاشتۇرالمىدى. كىچىككىنە بالىنىڭ باشقىلارنى قورقۇتۇش ئارقىلىق كەلگۈسى مەنپەئەتى، بەختەرلىكىنىڭ كاپالىتىنى يارىتىۋاتقانلىقى مېنى ھەيران قالدۇردى. ئەسلى گۆدەكلەردە قورقۇنچ دېگەن تۇيغۇ بولمايدۇ. بىز چوڭلار بىر بولسا ئەنسىز چىرقىراپ ياكى غەزەپلىك ۋارقىراپ ۋە ياكى كۆرۈنمەس بىر قورقۇنچلۇق مەخلۇق ۋە ئاقىۋەتنى تەسۋىرلەپ بېرىش ئارقىلىق بالىلاردا قورقۇنچ پەيدا قىلىمىز. مەن ئاتا-ئانىلار بىلەن پاراڭلىشىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قورقۇتۇشنىڭ قۇدرىتىگە

ئىشىنىدىغانلىقىنى، ئۆيدە دادىنىڭ بالىلارغا ئانچە چىراي ئاچماي، سۇرلۇك، سالاپەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق تۇستە رول ئېلىشىنىڭ بالىلارنى باشقۇرۇشتا ئالاھىدە موھىملىقىنى تەكىتلەشكىنىنى ئاڭلىدىم. ھېچ قانداق پىرىنسىپقا كۆتۈرمىگەندىمۇ بۇ يەردە مەن قوبۇل قىلالمايدىغان ئىككى تەرەپ بار. بىرى ساختىلىق، يەنە بىرى ئىلمىيسىزلىك. مەنچە باشقىلارنى تاقابىل تۇرۇش نىشانى ئەمەس ھەمكارلىق نىشانى دەپ چۈشۈنۈش بۇنداق ساختىلىق قىلىشتىن ئەۋزەل. يەنە بىرى قورقۇتۇشنىڭ تەربىيىدە ئىجابىي رولىنى تېخى يەن ئىسپاتلاپ چىققان يوق. مەن باشتا دېگەندەك بىزنىڭ قەلبىمىز بىر ئەينەككە ئوخشايدۇ. مىجەزىمىزدە ئەكىس ئەتكىنى جەمىيەتنىڭ شولىسىدۇر. كوچىلاردىكى ژاندارمىلار، بىرونىۋىكلار، تەكشۈرۈشلەر بىزگە قورقۇنچنىڭ باشقۇرۇشتىكى رولى ھەققىدە دەرس بەرمەيۋاتىدۇ دەپ كىم جەزىم قىلالايدۇ. پىسخولوگىيە نوقتىسىدىن قارىغاندا قورقۇنچ ئەقىلنى كېسىدۇ. قورقۇنچتا ئادەم ئىجادىي تەپەككۇر قىلالمايدۇ، پەقەت قولىدىن كېلىدىغىنى كۆرسۈتۈلگەن ھەرىكەتنى قارىسىغا دوراش بولىدۇ. بۇلارنى ئويلاۋېتىپ تۇرۇپ ژورنىلىنىڭ 90-يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى بىر سانىغا بېسىلغان «ئۇيغۇرلار مايمۇنغا ئوخشايدۇ» دېگەن يازما كەچتى. مېھماندارچىلىقلاردا ئانىلارنىڭ «ۋاي ئۇنى قىلما ئۇنداق بولىسەن، ۋاي بۇنى قىلما بۇنداق بولىسەن» دېيىشىپ بالىلىرىنىڭ كەينىدە پەرۋانە بولۇشلىرى. ئالى مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقان بىر بالا ئۈچۈن پۈتۈن ئۇرۇق جەمەتنىڭ سەپەرۋەرلىككە كېلىشى، بالىلىرىنى ئالغىلى كەلگەن ئاتا ئانىلارنىڭ مەكتەپلەرنىڭ ئالدىدا قاتارلىشىپ تۇرۇپ كېتىشلىرى، (بۇنداق قاتارغا تىزىلىپ كېتىدىغانلارنىڭ ئىچىدە قىزىق يېرى بالىسى خەنسۇچىدا ئوقۇيدىغانلار مۇتلەق كۆپ، قوش تىللىق مەكتەپلەرنىڭ ئالدى بەكلا خىلۋەت) ، ... قاتارلىقلار ئەنسىزلىكنىڭ جەمىيەتلەشكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى بولماي نېمە. مەكتەپلەردە پەرزەنتلىرىنىڭ خەنسۇچە ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەرنى ئۇقالمايۋاتقانلىقىغا، جېيەنىمدەك بالىلارنىڭ «خانىم تىللايدۇ» دەپ يىغلاپ، چۈشكۈرگەندىن كېيىن

دېيىلىدىغان «ئەلھەمدۇلىللاھ» دېيىشنى ئۆگەنمەسلىكىگە ، مۇسىبەتلىك بولغان ئۇيغۇر ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ سىنىپتا ياغلىق ئارتىشىنىڭمۇ چەكلىنىشىگە، تۇتۇش بۇيرۇقىدىن باشقا سوتنىڭ ھۆكۈمنامىسى، دوختۇرنىڭ دىئاگنوزى، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇقتۇرۇشنامىلىرى خەنسۇچە بىر خەت بىلمەيدىغان ئاۋام ئۇيغۇرغا خەنسۇچە يەتكۈزۈلۈشىگە ئۈنسىز سۈكۈت قىلىشلار تەھدىت ۋە قورقۇنچنىڭ باشقۇرۇشتىكى غايەت زور نەتىجىسىنى نامايىش قىلىپ تۇراتتى. قىزىم يالغاندىن بىرسىنى قورقۇتۇپ، ۋەھىمە سېلىپ ئېھتىماللىقتىكى زەخمەت، زەربە ۋە زىياندىن ساقلىنىشنى تېخى ئۆگەنمەپتۇ. بۇنداق دېگەنلىك ئۇنىڭ داۋاملىق شۇنداق بولۇدۇغانلىقىنى چۈشەندۈرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. مەن يۇقارقى جەھەتلەردە قىزىمنىڭ قۇرداشلىرىدىن پەرقلىنىپ قالغىنىنى بايقىدىم ئەمما قۇرداشلىرىنى قىزىمدەك بولسىكەن، ياكى قىزىمنى قۇرداشلىرىدەك بولمىسىكەن دېمەيمەن. نېمە دېسەم، بۇلار مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىشلار ئەمەس. مەيلى نېمە ئامال قىلاي قىزىم ئۇيغۇر قورقاندىن قورقىدۇ، سۆيگەننى سۆيىدۇ، قاقشىغاندىن قاقشايدۇ، نەپرەتلەنگەندىن نەپرەتلىنىدۇ. ھەم مەنمۇ شۇنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر بۇنداق بولمىسا مەن بىلەن تۇيغۇ ئورتاقلىقىغا ئىگە بولالمايدۇ، قىسقىسى ئۇيغۇر بولالمايدۇ.

# قىزىمنىڭ ئۇيغۇرچە كىتاپلىرى

ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قىزىمغا ئادىتىمىز بويىچە كىتاپ ئوقۇپ بېرىشنى داۋام قىلدۇق. قىزىق يېرى، قىزىم ياۋرۇپالىق كۆچمەنلەرنىڭ دۆلىتى بولغان ئامېرىكىدا ئاڭلاپمۇ باقمىغان ياۋرۇپا كىلاسسىك چۆچەكلىرىنى قەشقەرگە كېلىپ ئاڭلاپ مەپتۇن بولۇپ كەتتى. بىزدىكى بالىلارنى قىزىقتۇرالايدىغان ئۇيغۇرچە رەسىملىك كىتاپلار بىر بولسا خەنسۇ چۆچەكلىرىنىڭ تەرجىمىسى، يەنە بىر بولسا خەنسۇچە نەشىر قىلىنغان ياۋرۇپا چۆچەكلىرىنىڭ تەرجىمىسى ئىكەن. ئامېرىكىدا قىزىمغا ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتۇق، ئۆيدە بارىمۇ شۇ بولغاچقا قىزىممۇ بەزىدە ئامالسىز، بەزىدە بىزنىڭ ئويۇن چىقىرىپ قىزىقتۇرۇشىمىز بىلەن بېرىلىپ ئاڭلايتتى. دەسلەپتە قىزىم ئۇيغۇرچىنى تاللىسا ئۇيغۇرچە ئېنگلىزچىنى تاللىسا ئېنگلىزچە كىتاپ ئوقۇپ بېرەتتۇق. بىر كۈنى قارىسام «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنى تەلەپپۇز قىلالماي يۈرىدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇيغۇرچىلا چۆچەك ئېيتىپ بېرىدىغان بولغانىدۇق. قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن قىزىمغا ياۋرۇپا چۆچەكلىرىنى ئوقۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدۇق. بالام ئۇزۇنغا قالماي ئوتىمەن دېگەن كارتونغا خۇشتار بولدى. بىز بۇرۇن ئۆگەتكەن نۇزۇگۇمنىڭ باتۇرلۇقى، سادىر پالۋاننىڭ پاراستى ھەققىدىكى ھىكايىلەرنىڭ ئورنىنى «دوڭگۇ ئەپەندى» ، «قار مەلىكە» دېگەندەك چۆچەكلەر ئىگىلەشكە باشلىدى.

ئامېرىكىدا چوڭراق تۈرلى ماللار ماگىزىنلىرىدا كىتاپلار بولۇپمۇ بالىلار كىتاپلىرى بولاتتى. ھەتتا دوراخانىلاردىمۇ كىتاپ سېتىلاتتى. ھۆكۈمەت ئايرىم مەبلەغ ئاجرىتامدۇ قانداق بالىلار كىتاپلىرى بەك ئەرزان ئىدى.

مەھەللىمىزدىكى كۇتۇپخانىدا باللار بۆلۈمىدىن باللار خالىغان كىتاپلارنى تاللاپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ ئوقۇسا بولاتتى. باللار بۆلۈمىدە ئويۇنچۇقلار، قونچاقلار ۋە ھەرخىل توپلار بولاتتى. باللاركىتاپ ئوقۇپ زېرىككەندە توپ ۋە باشقا ئويۇنچۇق ئويناياتتى. ۋەتەنگە كېلىپ بۇلارنى سۈرۈشتۈردۇم، ناھىيىمىزدىكى سىېلىنغىنىغا تېخى ئون نەچچە يىل بولغان كۇتۇپخانا چېقىلىپتۇ، يېڭىسى ھازىرغىچە پۈتمەپتۇ. كىتاپخانا كىچىك بىر بۆلۈڭدىن دۇككانچاق ئېلىپ جايلىشىپتۇ. دېمەك 300مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشايدىغان بىر ناھىيىدە كۇتۇپخانا يوق بولدى دېگەن گەپ. تورخانا، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانا نامىدىكى قىمارخانا...قاتارلىق ئىنسانغا چىركىنلىك ئۆگۈتىدىغان سورۇنلار داغدام ئوچۇق. موھىت شۇ تۇرسا باللارنى قانداقمۇ ئىلىمگە ھەۋەسكار، بايقاشقا تەشنا، ئىجادىيەتكە خۇشتار قىلىپ تەربىيىلىگىلى بولۇدۇ.

ۋەتەندە بالامغا كىتاپ ئوقۇپ بېرىش جەريانىدا بىر قانچە نوقتا كۆزۈمگە چېلىقتى. بىرى كىتاپلار باللارغا يېشىغا نامۇناسىپ ئىددىيە يۈكلەيدىكەن. قولۇمدا «دۆلەتنىڭ 11-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نوقتىلىق كىتاپ تۈرى» بولغان «دۇنياۋي مەشھۇر شەخسلەر مەجمۇئەسى- ئۇلۇغ يۇنان ئالىمى ئارخىمىد» دېگەن كىتاپ تۇرۇپتۇ. كىتاپنىڭ بىرىنجى بېتى مۇنداق باشلانغان « 2000 يىللار ئىلگىرى ياۋرۇپا جەمىيىتى تېخى ئىپتىدائىي باسقۇچتا تۇرۇۋاتاتتى، دۇنيانىڭ باشقا كۆپ جايلىرىمۇ ‹ياۋايى ئادەملەر› نىڭ ماكانى ئىدى. پەقەت جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقى قاتارلىق ئاز بىر قىسىم رايونلارلا قەدىمكى مەدەنىيەتلىك جەمىيەتكە قەدەم قويغانىدى» . بۇ بايانلار بىرىنجىدىن خاتا، چۈنكى يۇنان يەنى گىرتسىيە ياۋرۇپاغا مەنسۇپ، مەزكۇر كىتاپتا تونۇشتۇرۇلغان ئارخىمىدنىڭ لەيلىتىش كۈچى قانۇنىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىلا ياۋرۇپانىڭ ئاتالمىش «ئىپتىدائى جەمىيەت» باسقۇچىدا ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئارخىمىدنى تونۇشتۇرغان كىتاپنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ جەمىيىتى ۋە تۇپرىقىنى كەمسىتىدىغان ئىبارىلەرنىڭ قوللۇنۇلۇشى ئادەمنىڭ كۆلكىسىنى قىستايدۇ. كىتاپتا دېيىلگەن ئىپتىدائىي جەمىيەت دېگەن ئۇقۇمنىمۇ ماركس-ياۋرۇپالىق ئوتتۇرىغا قويغان. دۇنيادا ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن جۇڭگودىن باشقا يۇنان، ئىران، تۇران (ئوتتۇرا ئاسيا ۋە شىمالى

ئاسىيادىكى تۈرك خەلقلىرى)، ھىندىستان، بابىلون، مىسىر قاتارلىق قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرى تۇرسا كۆزنى يۇمۇۋېلىپلا باشقىلارنى كەمسىندۈرۈش سەبىيلەرنى خاتا بىلىم بىلەن زەھەرلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ يەردە ئاستىرىتتىن تەرغىپ قىلىنىۋاتقىنى مىللەتچىلىك. يەنى دۇنيادا جۇڭگو ئەڭ بۇرۇن مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەن، ئەڭ مەرىپەتلىك خەلق ئەزەلدىن جۇڭگولۇقلار ئىدى...ۋاھاكازالار. ساۋادى چالا بۇچۇق چىققان گۆدەكلەرگە رەڭگارەڭ تەبىئەت دۇنياسى، مېھرىلىك ئىنسانلار جەمىيىتى، سېھىرلىك غايىپ مەۋجۇدات ھەققىدە تەلىم بەرمەي نەدە مېزى چۇۋۇلۇپ كەتكەن ئاشقۇن مىللەتچىلىك — فاشىزمنىڭ مەپكۇرىسىنى سىڭدۈرمەكچى بولۇش ئىددىيە زوراۋانلىقىدۇر. يەنە بىرى ئۇيغۇرچە باللار كىتاپلىرىدا گۆدەكلەرنىڭ يېشىغا ئۇيغۇنسىز سۆزلەر، سۆرەلمە جۈملىلەر كۆپ ئىشلىتىلىدىكەن. مەسىلەن يۇقارقى باللار كىتاپىدىكى «ئىپتىدائىي جەمىيەت»، «مەدەنىيەتلىك جەمىيەت» دېگەنلەرنى باللار چۈشىنەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقارقى جۈملىمۇ پايتىمىدەك ئۇزۇن بولۇپ ئاخىرىنى ئوقۇپ بېرىپ بولغىچە باللىمىز بېشىنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن. مەن تۆرت ياشلىق بىر بالىنىڭ «ئېزىپ قاپتۇ» دېگەن سۆزنى چۈشىنەلمىگەنلىكىگە شاھىد بولدۇم. مېنىڭ قوش تىللىق تەجرىبە سىنىپقا ئەدەبىيات دەرسى بېرىۋاتقان دوستۇمنىڭ دېيىشىچە ئۇ بىر سائەتنىڭ كامىدا ئۈچتەن بىرىنى تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنى چۈشەندۈرۈشكە سەرپ قىلىدىكەن. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئۇيغۇر باللارنىڭ قانچە ياشتا قانچىلىك سۆز ئىگىلەيدىغانلىقى ھەققىدىكى تەتقىقات بولمىغاچقا كىتاپ تۈزگەن ۋە تەرجىمە قىلغاندا ئۆلچەم يوق. شۇڭا باللار ئۈچۈن تۈزۈلگەن كىتاپلاردا باللار چۈشىنىدىغان سۆزلەر ئەمەس ئاپتور مۇۋاپىق دەپ قارىغان سۆزلەر قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، قارلۇق شىركىتى بازارغا سالغان كۆرۈنۈشلۈك ئېلىپبە «قولۇڭدىكى ھېكمەتلىك كىتاپىنى ئۇلارغا بەرگىن، ئۇلار بۇ كىتاپ بىلەن كائىناتنىڭ سىرىنى ئاچسۇن!» دەپ باشلىنىدۇ. ئېنىقكى، ساۋات چىقىرىش يېشىدىكى

باللار «ھېكمەت»، «كائىنات» ، «سىر» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ.

ئۈچىنچىسى باللار كىتابلىرى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ماسلاشمايدىكەن. باللار كىتابلىرى تەرجىمە قىلىنغاندا تۈركىيە قاتارلىق مەدەنىيەتتە بىزگە تۇققان ئەللەرنىڭ كىتابلىرى تەرجىمە قىلىنمىغاچقا بەزى ئاتا-ئانىلارنىڭ باللىرىنى كىتابقا ھېرىسمەن قىلىش ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلانغىلى تۇرۇپتۇ. بىر كۈنى بىر بالا «سېھىرلىك چىراق» دېگەن كىتابقا سىزىلغان يېرىم يالىڭاچ ئايالنىڭ رەسىمىنى كۆرسىتىپ قالدى. كىتابنى قولىدىن دەرھال ئېلىپ يىغىۋەتتىم. ئەتىسى دىققەت قىلسام بۇ ئىشنى دوستىغا دەپ كۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنداق يالىڭاچ كىيىملىكلەر بار جەمىيەتتە بۇ ئىش باللارغا غەلىتە تۇيۇلمىغان بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە چوڭ بولۇۋاتقان بالا بۇنى قوبۇل قىلالمايدۇ. ھەم قوبۇل قىلماسلىق ھوقۇقى بولۇشى كېرەك. ئۈچىنچى بىر تەرەپ، باللار كىتابلىرى دەپ نەشىر قىلىنغان بىر قىسىم ئۇيغۇرچە باللار كىتابلىرىنىڭ مەزمۇنى باللارغا پەقەت ئۇيغۇن كەلمەيدىكەن. ئاتايىن پۇل خەجلەپ باللار كىتابلىرىنى نەشىر قىلدۇرغان قېرىنداشلىرىمىز چوڭلارغا خاس مەزمۇنغا رەسىم كىرىشتۈرۈپلا باللار كىتابى دەپ بازارغا سېپىتۇ. مەسىلەن، بىلقۇت شىركىتى ئىشلەپ بازارغا سالغان «مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايە» دېگەن يۇرۇشلۇك كىتابنى باللار كىتابى دېگەندىن كۆرە، چوڭلار كىتابىنىڭ رەسىملىك نەشرى دېگەن تۈزۈككەن.

**ئوينىسا «بۇزۇلۇپ» كېتىدىغان باللار**

ئامېرىكىنىڭ باشلانغۇچ ۋە يەسلى مائارىپىدا ھەممە نەرسىنىڭ ئويۇن تەرىقىسىدە باللارنى قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق ئۆگىتىلىدىغانلىقى ئاتا-ئانىلارنى ھەيران قالدۇردى. بۇنىڭغا مىسال سۈپىتىدە ئامېرىكىدىكى باللار كۇتۇپخانىسىدا كىتابتىن باشقا ئويۇنچۇقلارنىڭ بولۇشىنى سۆھبەتداشلىرىم قوبۇل قىلالمىدى. ئۇلارچە كۇتۇپخانىلاردا ئويۇنچۇق بولسا باللار دىققىتىنى يىغىپ كىتاب ئوقۇمايدىكەن. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە كىتاب ئوقۇش بىلەن ئويناش پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى ئۇقۇمكەن. ئۇلارغا باللارنىڭ 13 ياشلارغىچە نېمىنىڭ زۆرۈرىيەت، مەجبۇرىيەت ۋە مۇھىملىق ئىكەنلىكىنى

ئاڭقىرالمايدىغانلىقىنى، بۇ مەزگىلدە بالىلارنىڭ ھەممە نەرسىنى قىزىقارلىق تۇيۇلغاچقا، ئوينىيالىغاچقا، سەزگۈ ئەزالىرىنى غىدىقلىيالىغاچقا ئۆگىنىشكە كىرىشەلەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم. مەن ئۇنداق دېگەن بىلەن مەكتەپتە قورقۇتۇش، ئالداش، مەجبۇرلاش ئارقىلىق ئۆگىتىش ئاساس قىلىنغاچقا ئاتا-ئانىلارمۇ شۇنىڭغا ماسلىشىپ قالغانىدەك قىلىدۇ. ئۆگىتىشتە بالىنىڭ قىزىقىشىنى، ئارزۇسىنى، مىجەزىنى ئاساس قىلىش دېگەندەك گەپلەر پەقەت دېيىلگەن يەردىلا قالىدىكەن. بالىلارغا ئوينۇتۇش ئارقىلىقمۇ ئۆگەتكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى تەشەببۇسلار تازا قۇلاققا ياقمايدىكەن. بىزنىڭ كۇرۇسقا بالىلىرىنى ئەكىلىپ بەرگەنلەر «بالىمىز شەنبە يەكشەنبە كۈنلىرى ئويناپ، بىكارچىلىقتىن بۇزۇلۇپ كېتىدىكەن، شۇڭا سىلىدىن بىرنەرسە ئۆگەنسۇن» دېگەنلەرنى دائىم تەكرارلايدۇ. بالىلار ئوينىسا بۇزۇلامدۇ، نېمە ئوينىسا بەكرەك بۇزۇلىدۇ، ئۇنداقتا بالىلار نېمە ئويناش كېرەك ياكى پەقەت ئوينىماسلىقى كېرەكمۇ دېگەنلەر توغرىدا ئېنىق چۈشەنچە ئازكەن. ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ ئويۇنىدىن زېرىكىشىدىكى سەۋەپ بىرى مەھەللىدە بالىلارنىڭ ئوينىشىغا ماس يەر ۋە ئەسلىھە، جەمىيەتتە بالىلارنىڭ ئويۇنلىرىنى يېتەكلەيدىغان ئورگان بولمىغانلىقى بولسا كېرەك. يەنە بىرى يەسلىدىن تارتىپ مەكتەپلەرگىچە بالىلارغا نېمە ئۆگىنىش توغرۇلۇق توختىماي بېسىم قىلىپ ۋەز ئېيتقان بىلەن قانداق ئۆگىنىش، قانداق ئويناش ھەققىدە تەلىم بەرمىگەچكە بالىلار ئاتا-ئانىلارنى رازى قىلىدىغان، ساغلام ئويۇنلارنى ئوينىيالمايۋاتقانلىقىدىن بولسا كېرەك. كىشىلەرنىڭ «بالىلار بىكارچىلىقتا، ئويناپ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ» دەپ قارىشىدا ئۇلارنىڭ جەمىيەتتىن نۇسقا ئالغان چوڭلارغا خاس تەجرىبىسىمۇ رول ئويناۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

بىر كۈنى مەھەللىمىزدىكى بوۋايلاردىن بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ھورۇن بولغاچقا بىكارچىلىقتىن بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا مۇنداق بىر «پاكىت» كەلتۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ناھىيىمىزنىڭ گۇاڭدوڭلۇق شۇجىسى ئامېرىكىدا ئوقۇغانمىش. دۇنيانىڭ جىق يەرلىرىنى كەزگەنمىش. ئامېرىكىدا

كوچىلاردا بىكار ئادەملەر يوقمىش. شۇڭا ئامېرىكا تەرەققىي قىلغانمىش. بۇ سېكىرتار ناھىيىمىزگە كەلگەندىن كېيىن شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى كوچىلارغا چىقىۋالغان «بىكارچى» ئۇيغۇرلارنى كۆرۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىي قىلماسلىق سەۋەبىنى تاپقانمىش ۋە «مەن كۆرگەن مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئەڭ ھورۇنكەن» دېگەنمىش. شۇنىڭ بىلەن شەنبە يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ دەم ئالماسلىق ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەنمىش. مەن ئۇ گەپلەرنى دېگۈچىگە ھەيران قالمىدىم. مېنىڭ ھەيرانلىقىم ئاشۇ گەپلەرگە ئىشىنىپ «زادى، بىزدەك ھورۇن خەق يوق» دەپ بېشىنى ئىغاڭلىتىۋاتقان بوۋايلارغا تۇتتى. ئۇلارغا باشقا گەپ قىلمىدىم، پەقەت «ئىللەتلىك ئۇيغۇر ئەپسانىسى ئامېرىكىدا» دېگەن ماقالەمدىكى «مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى سەھەرچى مىللەت» دېگەن مەزمۇننى سۆزلەپ بەردىم. قىزىق يېرى ئۇلار گېپىمنى «زادى بىزدەك ئىشچان مىللەت يوق» دەپ تەستىقلاشمىدى. ئۇلار گۇۋاڭدوڭلۇق شۇجىنىڭ ئامېرىكىدا ئوقۇغانلىقىغا، ئۇيغۇرلار ھەققىدە نوپۇزلۇق باھا بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە مايىل ئىدى. گۇۋاڭدوڭلۇق شۇجى ۋە مەن بىلەن سۆھبەتلەشكەن بىر قىسىم ئاتا-ئانىلاردا بىر ئورتاقلىق بار ئىدى. ئىككىلىسى باشقۇرغۇچى، ئىككىلىسى ئوبىكتىنى بىكار قويۇشنى خالىمايدۇ، ئوبىكتىنىڭ بىكارچىلىقىدىن خەۋپسىرەيدۇ، ئىككىلىسى ئوبىكتىنىڭ ئەرك-خاھىشى بولۇدۇغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئىككىلىسى ئۆزىنى قۇتقازغۇچى، توغرا يولغا باشلىغۇچى ئوبىكتىنى بولسا ھېچ نېمە بىلمەيدىغان قۇتقازمىسا ئېزىپ كېتىدىغان مەخلۇق دەپ قارايدۇ، ئىككىلىسى ئوبىكتىنىڭ ھورۇنلىقىغا ئىشىنىدۇ، ئىككىلىسى باشقۇرۇشتا يا پەنگە ئىشەنمەيدۇ يا قانۇنغا تايانمايدۇ. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاقلىقى قانداق شەكىللەنگەن، كىم كىمگە ئۆگەتكەن بۇ ماڭا نامەلۇم.

# «ئەخلەت» يەۋاتقان باللار ۋە قىزىم

بالام تۆرت يېرىم ياشتىن ئاشقاندا ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەنىدى. ۋەتەندە ئۇنىڭ شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ باشقا قۇرداش باللاردەك ئۆزى پۇل خەجلەشنى ئۇقماسلىقى ھەيرانلىق قوزغىدى. ئامېرىكىدا 13 ياشتىن كىچىكلەرنىڭ مۇستەقىل بىر يەرلەرگە چىقىشى، نەرسە كېرەك سېتىۋېلىشى قانۇنسىز ھېساپلىنىدۇ. شۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك ئاتا ئانىسى بولمىغان ئەھۋالدا باللارنىڭ يېشىغا نامۇناسىپ نەرسىلەرنى ئەمەس ھەرقانداق نەرسە سېتىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس. مەن ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن بىر كۈنى بىر خەتنە تويىدا بالامنىڭ مەن ئۆمرۈمدە ئاڭلاپمۇ باقمىغان بىر خەنسۇچە ماركىدىكى مۇزقايماقنى يەۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى. دەرھال قىزىمغا يەۋاتقان نەرسىنىڭ ھاراملىقىنى ئاڭلاتتىم. قىزىم «بۇ يەردىكى دادا، ئاپىلارنىڭ ھەممىسى يىدى. يەپ بولۇپ ناماز ئوقۇدى. شۇلار يىگەننى يىسەممۇ ھالال بولمامدۇ» دەپ ئېتىراز بىلدۈردى. «ياق بالام، ئۇلار بىلمەي يەپتۇ. سەن يىسەڭ بولمايدۇ» دېسەم ئۆمچەرەپ تۇرۇپ ئاران تاشلىۋەتتى. شۇندىن كېيىن باللارنىڭ يىمەكلىكىگە دىققەت قىلىدىغان بولدۇم.

باللار يىمەكلىكلىرى شۇ قەدەر ئەرزان بولۇپ زاۋۇت ئادرىسىغا ئېچكىرىدىكى قايسى بىر زاۋۇتتا ئىشلەنگەنلىكى يېزىلغان، ھەتتا بەزىلىرىدە ھېچ بىر زاۋۇتنىڭ ئادرىسى يوق. بۇنداق يىمەكلىكلەرنىڭ بەزىسىگە ھەتتا ئۇيغۇرچە «مۇسۇلمانچە» دەپ خەت يېزىپمۇ ئۇلگۇرۇپتۇ. مەن ئىچكىرىدە شۇنچە تۇرۇپ ئاڭلاپمۇ باقمىغان خەنسۇچە يىمەكلىك ماركىلىرى ھەممە ماگىزىنلاردىن تېپىلىدىكەن. ھېلىقى گۆشتىن باشقا يىيىلىۋاتقان، سېتىلىۋاتقان نەرسىنىڭ ھالال ياكى ئەمەسلىكىگە يا ئالغۇچى قارىمايدىكەن،

يا ساتقۇچى ئەسكەرتمەيدىكەن. بىر كۈنى بىر باشلانغۇچنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدىم. بالىلار رىشاتكىنىڭ يوچۇقىدىن ماگىزىنچى ئايسى سۇنۇپ بەرگەن تۆۋىنى يىگىرمە تىيىن يۇقىرى بىر سوملۇق «يىمەكلىك»لەرنى يېيىشكە باشلاپتۇ. تەكشۈرۈشۈمچە قەشقەر، ئارتۇچنىڭ يېزىلىرىغا قەدەر ئومۇملاشقان بۇ ئەخلەت يىمەكلىكلەرنى تۈگۈتۈشنىڭ تەسلىكى مېنى بەكمۇ ئۈمىتسىزلەندۈردى.

قەشقەر ئىككىنچى باشلانغۇچنىڭ ئالدىدا ئەخلەت يىمەكلىك ساتىدىغان ئۇيغۇرغا «بۇنداق هارام يىمەكلىكنى ساتسىڭىز بولامدۇ؟» دەپ سورىغان ئىنىم كۈرشاتقا «سىلى هالالنى تېپىپ يەۋەرسىلە» دەپ جاۋاپ بېرىلدى. ئارتۇچنىڭ بۇيامەت دېگەن يېرىدە، مەمتىلى ئەپەندى خاتىرە سارىيىنىڭ يېنىدا ئەخلەت يىمەكلىك يەۋاتقان بالىغا «بالام قولۇڭدىكى هارام، چوشقا گۆشىدىنمۇ مەينەت نەرسە يېمىسەڭ بولماسمۇ؟» دەپ يالۋۇرغاندەك تەلەپپۇزدا نەسىهەت قىلىپمۇ قولىدىكى «ئاچچىق»نى تاشلاتقۇزالمىدىم. بىزنىڭ بالىلار ئېنگىلىز تىلى سىنىپىمىزدىمۇ ئوقۇغۇچىلار كەتكەندىن كېيىن تارتمىلارنىڭ «يىمەكلىك» ئوراملىرىغا تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمەن. قاتتىق يۇمشاق ۋاستىلارنى قوللۇنۇپ باقتىم، ئازايدى، لېكىن تۈگىمىدى. كوچىلاردا مەنبەسى سورالماي يېيىلىۋاتقان خېمىر كاۋاپ، دۆپپۇ كاۋاپ...قاتارلىقلارنى تالىشىپ يەۋاتقان ئاتا-ئانىلارغا قاراپ بۇ ئايرىماي يېيىش كەلكۈنى ئالدىدا ئۆزەمنى تولىمۇ ئاجىز هىس قىلدىم. بالامنى ئۆيدىغۇ چىڭ تۇتارمەن، لېكىن دائىم كەينىدىن يۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ-دە. كۆپىنچە بالىلار يەۋاتقان نەرسىلەرنى مەن يىمە دېگەنگە بالام يىمەي قالامدۇ.

بالىلارنى ئەخلەت يىمەكلىكلەرگە كۆندۈرىۋاتقىنى بالىلارنىڭ بىلمەسلىكى، چوڭلارنىڭ بىپەرۋالىقى، تىجارەتچىلەرنىڭ پۇلدىن باشقىنى تونۇماسلىقى، جەمىيەتتە سۈپەت نازارەتچىلىك ۋە سەھىيە تارماقلىرىنىڭ چىرىكلىكى ئاساسلىق سەۋەپ. بۇندىن باشقا يەنە بىر سەۋەب كىچىك بالىغا پۇل تۇتقۇزۇش ئادىتى ۋە ئاتا ئانىلاردىكى نامۇۋاپىق گۆللەش، ناباپ مېهرىبالىق ۋە خاتا مۇكاپاتتۇر. ئۇيغۇر جەمىيىتىدە ئاتا ئانىلار بالىلىرىنى

يىغىدىن پەس قىلىش، دېگەنلەرگە كۆنىدۇرۇش قاتارلىق ئەڭ ئاددىي ئىشلاردىمۇ پۇلنى ۋاستە قىلىدىكەن. كۆزىتىشىمگە قارىغاندا ئاتا ئانىلار بالىلىرى يەسلىگە بارغىلى ئۇنىمىسا، تاپشۇرۇقنى ۋاقتىدا ئىشلىمىسە، دەرس نەتىجىسى چۈشۈپ كەتسە دەرھال پۇل بىلەن جۆندەيدىكەن. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى ئەڭ سۈپەتسىز ماقال «ئالداشقا بالا ياخشى، خۇدا ئۇرسۇن قاقۋاشنى» ئىكەن. بالىلار يەۋاتقان يېگىرمە تىيىنلىق «ئال مېنى» ماركىلىق سېغىز، يەنە قانداقتۇر بىر ماركىلاردىكى ئەخلەتلەر ئاتا ئانىسىدىن قەغىش قىلىپ پۇل ئالغان بالىلارنىڭ دائىملىق تاللىشىكەن. مەن بۇنداق چاغلاردا ئامېرىكىلىقلارنىڭ كىچىك بالىلارغا ئەقلىنى بىلگەندىن باشلاپ بېرىلىدىغان خەجلىك پۇلنى ئويلاپ قالىمەن.

ئامېرىكىدا بالىلارغا يېشىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ ھەر ئايدا بەلگىلىك مىقداردىكى خەجلىك بېرىلىدۇ. ئاتا ئانىلار بالىلىرى بۇنى بىر قېتىمدا خەجلىۋەتسىمۇ، يىل بويى يىغىپ چوڭراق بىر نەرسە ئالسىمۇ گەپ قىلمايدۇ. ئەگەر يىغىپ چوڭراق بىر نەرسە ئالماقچى بولسا ئاتا-ئانىلار مۇكاپات قىلىپ پۇل قوشۇپ بېرىدۇ. بۇنداق بولغاندا بالىلار كىچىكىدىن پىلانلىق پۇل خەجلەشنى، تېجەشلىك بولۇشنى، ئۆز پۇلىغا ئۆزى ئىگە بولۇشنى، مۇستەقىل ھېسابات قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. مەن ئاتا ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى پۇل بىلەن گوللاۋاتقىنىنى كۆرگىنىمدە بالامنىڭ قاراۋاتقىنىدىن خاتىرجەمسىزلىنىپ كېتىمەن. قىزىممۇ ھازىر تاغا ھاممىلىرىنىڭ پۇل بىلەن مېھرىۋانلىق كۆرسىتىشلىرى، پۇللۇق ئەركىلىتىشلىرىگە كۆنۈپ قالغىلىۋاتىدۇ. مەن يېشىغا ماس خەجلىك بەرگەن بىلەن بالامغا پۇل تۇتقۇزۇپ ئامراقلىق قىلىۋاتقانلارغا بەرمە دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىمنىڭ كەم بەرگەن پۇلغا نېمە ئالغىنىنى مەن بىلىپ بولالمايمەن-دە! بىزدىمۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان كۆمەك دەيدىغان نەرسىمىز بولۇدۇغان. بۇ ئەنئەنىگە مەن ئاكا سىڭىللىرىمدىن بالا تەربىيىلەشتە ۋارىسلىق

قىلغانلارنى كۆرمىدىم. بۇلارنى خىيال قىلىپ قىزىمنى «ئەخلەت» يېيىشتىن توساش ئۈچۈن ئۇنىڭغا پۇل تىجەپ ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسىنى ئېلىشىنى ئۈگۈتەيمىكىن دېدىم. شۇنىڭ بىلەن قىزىمغا كۆمەك قىلىپ بېرىشىنى ئويلاشسام بولغۇدەك دەپ قالدىم. گەرچە بالىلارنى «ئەخلەت» يېيىشتىن توسۇشنىڭ جان ھالقىسىنىڭ ئەخلەت ساتقۇچى ۋە ئىشلىگۈچىنى يىغىشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى بىلسەممۇ بۇنىڭغا چارەسىزمەن. شۇڭا ھەممە نەرسىدىن پەخەس بولۇش مۆمىن پۇقرانىڭ ۋەزىپىسى بولغاچقا بۇ ئىشتىمۇ ئۆزەم چارە قىلمىسام بالامنىڭ روھى بۇلغۇنۇپ كەتمىسۇن.

# ئامېرىكىدىكى يەسلى دىپلومى

قىزىمنىڭ تەييارلىقتا يېشى توشمىغاچقا يەسلىگە بەرگەنتۇق. بىز تۇرغان كانزاس شىتاتىدا يەسلى ھەقلىق تەييارلىق مەكتەپ ھەقسىزكەن. قىزىم تەييارلىق مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن ئىشىك ئالدىمىزغىچە كېلىدىغان مەكتەپنىڭ ھەقسىز ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ ھەركۈنى مەكتەپكە بارىدىكەن. دەرس ئارىلىقىدا بېرىلىدىغان تاتلىق تۈرۈم، مېۋە چېۋە ۋە چۈشلۈك تاماق ھەقسىزكەن. تەييارلىق مەكتەپكە بەش ياشتىن كېيىن ئالىدىكەن. قىزىمنىڭ سېرىق رەڭلىك مەكتەپ ئاپتوبوسىغا بەكمۇ چىققۇسى بار ئىدى. ھەر قېتىم ئاپتوبۇسنى كۆرگەندە «دادا، مەن كېلەر يىلى ئاشۇ ئاپتوبۇسقا چىقىپ مەكتەپكە بارىمەن، ھە؟» دەپ سايراپ كېتەتتى.

يەسلىدە بىر يىل تۇرغاندىن كېيىن قىزىمنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ۋاقتى كېلىپ قالدى. بىر جۈمە كۈنى يەسلىدىن ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمى بولۇدۇغانلىقىنى ئۇقتۇردى. مېنىڭ ئۇ كۈنى دەرسىم بولغاچقا ئايالىم بېرىپ كەلدى. يەسلى پۈتكۈزگەن ھەممە بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى تەكلىپ قىلىنغان بۇ مۇراسىمغا بەك ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىنىپتۇ. ھەرخىل تورتلار پۇشۇرۇلۇپتۇ، سىنىپ ھەرخىل گۈللەر بىلەن بېزىلىپتۇ. ھەر بىر بالىغا ئاتاپ يەسلى ئوقۇتقۇچىلىرى باھا نۇتقى تەييارلاپتۇ. يەسلى مەسئۇلى مەخسۇس ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەر ئۈچۈن نۇتۇق سۆزلەپتۇ. مەخسۇس بىر سۇپا ياسىلىپ ئوقۇش پۈتكۈزگەن قىزىمنىڭ سىنىپىدىكى 14 بالا بىر بىرلەپ سەھنىگە تەكلىپ قىلىنىپ شاھادەتنامە تارقىتىپ بېرىلىپتۇ.

ئەتىسى يەسلىنىڭ ئاخىرقى كۈنى بولۇپ قىزىمنى ئالغىلى باردىم. قىزىمنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى قىزىمغا مەخسۇس ئايرىلىش سوۋغىتى تەييارلاپتۇ.

چىرايلىق ئورالغان سوۋغاتنى كۆرۈپ قىزىم شۇنداق خوش بولۇپ كەتتى ۋە ئوقۇتقۇچىسىنى سۆيۈپ قويدى. ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مەسئۇدەنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كەتكەن كۆرۈنۈشىنى مەڭگۈ ئۇنۇتالمايمەن. سېرىق چاچلىق كۆرىستى يىغلاپ تۇرۇپ «مەسئۇدە، سىز بەك يارىدەمسۆيەر، مېھرىبان، ئەقىللىق قىز. مەن سىزنى ئۇنۇتالمايمەن. سىزدەك ئوقۇغۇچۇم بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن. دۆلىتىڭىزگە قايتقاندىن كېيىن بىزنى ئۇنۇتماڭ. ھاياتىڭىزدىكى قىزىقارلىق ئىشلاردىن بىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرۇڭ. مەن سىزنىڭ گۈزەل كېلەچىكىڭىز بولۇشىنى ۋە شۇ كېلەچىكىڭىزدىن بىزنىمۇ بەھرىمەن قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن»، دېدى. قىزىم بۇ چوڭلارغا خاس تىلەكنىڭ قانچىلىكىنى چۈشەندى بىلمەيمەن، ئەمما ئۇمۇ ئوقۇتقۇچى قىزلارغا قىيالماي يىغلاپ كەتتى.

قىزىمنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمىدىن مەن ئامېرىكىدا پەرزەنتلەرنىڭ غەلىبىسىنى، ھاياتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك قەدەملىرىنى، خۇشاللىق مىنۇتلىرىنى ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەر ئارقىلىق تەبرىكلەشنىڭ ئادەتكە ئايلانغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ ئادەت ئادەمگە غەلىبىنىڭ قىممىتىنى، خۇشاللىقىنى، شەرىپىنى كىچىككىدىن ھېس قىلدۇرۇپ ئىنسانىنى ئىنتىلىشچان قىلىپ تەربىيىلەشتە موھىم تۈرتكە بولالايدىكەن دەپ ئويلۇدۇم.

# چېگرىنىڭ ئېچى ۋە سىرتىدا

# خىياللاردىكى قەشقەر ۋە قەشقەردىكى خىياللار

ۋەتەنگە قايتىپ كەلدىم. قادىر ئاللاھ ئۇيغۇرنىڭ سېغىنىشلىق كۆزلىرىنى قايتا كۆرۈشكە، ئۇيغۇر تۇپراقلىرىنى يەنە ھىدلاشقا، ئۇيغۇرنىڭ دولقۇنسىز سۆزلىرىنى يېڭىدىن ئاڭلاشقا نېسىپ قىلدى. «ئەي ۋەتىنىم، يىگانەم، باغرىڭغا يىقىلغىلى كەلدىم، مېنى سېغىندىڭمۇ؟ بىلىمەن، گۈل تۈتۈپ ئالدىمغا چىقالمايسەن. مېنى قۇچاقلىرىڭنى كەڭ ئېچىپ باغاشلىيالمايسەن. چۈنكى سەن ماددىدا ئەمەس، ئاڭدا، بىلەكلەر ئارىسىدا ئەمەس يۈرەكلەر قېتىدا مەۋجۇد» دېدىم قاياقتا باشلىسا شۇ ياققا لايىقىپ ئېقىۋاتقان تۇمەن دەرياسىغا قاراپ. بامداتتىن يېنىپ قەدىمىي مەھەللىلەرنى ئارىلىدىم. نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا گۇۋاھ تەۋەرۈك كوچىلار خۇددى جۇل جۇل كىيىملىرى ئۇيىاتلىق يەرلىرىنى ياپالمىغان ئاجىز مومايدەك دۈگدەرەپ تۇراتتى. ئەسلىمىلىرىمدىكى قەشقەرنىڭ غايىۋى گۈزەل سىماسىغا زەخمەت يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن پۈتە -پۈتمەي چاك كەتكەن«يېڭى» ئۆيگە كىرىپ كەتتىم. خىيالىمدا بوۋىلارنىڭ قەدەمجايى، مومىلارنىڭ تەۋەرۈكلىرى، ئاتىلارنىڭ باغ-ۋارانلىرى ۋە ئانىلارنىڭ تۈكچە-يىڭنىسى بىر مەنىۋى يىپقا باغلىنىپ «ۋەتەن» دېگەن خەتنى توقۇپ چىقىۋاتاتتى. رىياللىقنىڭ رەھىمسىز تۇمانلىرىدا بۇ خەت گاھىدا خىرە-شىرە كۆرۈنگەندەك قىلسىمۇ، بەزىدە مەن كىچىكىمدە داۋاملىق كەينىدىن قوغلاپ يېتىشەلمەيدىغان ماشىنىنىڭ نومۇرىدەك كۆرۈنمەي قالاتتى. قەشقەرنىڭ قىزغۇچ توپىسى كەچكۈزدە سارغايغان قىزىل گۈلگە ئوخشايتتى. گۈلۈم قەشقىرىم، ئامېرىكىدا سەجدىگە باش قويغانلىرىمدا ئاشۇ گۈلرەڭ قۇچاقلىرىڭغا باش قويۇشنى ئارمان قىلغانتىم، ھېيتگاھتا سەجدىگە باش قويۇۋېتىپ بۇ ئارمانلىرىمنىڭ چېدىغۇسىز دەرىجىدە ئاللاھقا نالە قىلدىم.

قەشقەرنىڭ قىزغۇچ توپراقلىرى قانىنى، شېھىدلەرنى ئېسىمگە سالدى. ئەي قاندەك، گۈلدەك قىپ قىزىل توپراق، سەن ئۇيغۇر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ

ھەدىيىسى، ئامانىتى، مەرھەمىتىسەن. سەن ئۇيغۇر ئۈچۈن يارالغان، ئاللاھ ئۇيغۇرنى ساڭا ئاشىق، پەرۋانە، پاسىبان ياراتقان. سەنسىز يۈرەكنىڭ سوقۇشى يالغان، سەنسىز قاننىڭ ئاقىشى ساختا، سەنسىز كۆلكىلەر پەقەت كالپۇكنىڭ كۆلكىسى. ئۇيغۇر يا سېنىڭ مەۋجۇدلۇقۇڭ ئۈچۈن ياشايدۇ، يا دەخلىسىزلىكىڭ ئۈچۈن ئۆلىدۇ. سېنىڭ ئۈچۈن ئابدۇقادىر داموللام شەھىد بولدى، مەمتىلى تەۋپىق:

«ئەي ئانا يەر پاك مۇقەددەس سەندە بىزنىڭ جانىمىز،
سۆيگۈ مېھرىڭ ۋە سۈتۈڭدىن پۈتتى بىزنىڭ قانىمىز.
ئەل يوقالماي كەلدى سەندە، جەڭدە كۆكلەپ بەرق ئۇرۇپ،
قاينىغان قان، چاقنىغان تىغ، بولدى ھەردەم يارىمىز.»

دېگىنىچە كۆيۈپ كۈل بولدى. قۇتلۇق شەۋقى:

«بىر قىلىچ بەرسە خۇدا، ‹كەس!› دەپ ئۇنىڭغا بۇيرۇسام،
ئۇزسە خەلقىم بويىنىدىن قۇللۇق كىشەن-زەنجىرىنى.
گەر خاراپكەن ئەل-ۋەتەن كاللامنى ئۇزسۇن ئۇ قىلىچ،
كۆرمىسۇن شەۋقى كۆزى قۇللۇقتا ئەل تەقدىرىنى.»

دەپ يازغىنىدا ئۆزىنىڭ دۈشمەن ئوقىغا يەم بولۇپ كۆيدۈرۈپ تاشلىنىدىغانلىقى كۆڭلىگە ئايان بولغانمىدى؟ مەرھۇم ئۆتكۈر ئەپەندىم: «قالدى نى نى ئارسلانلار دەشتى چۆلدە قەبرىسىز» دېگىنىدە بەلكىم 1937-يىلى ياۋاغ تۈرمىسىدە كۆيدۈرۈلۈپ، قەبرىسىز قالغان يۈقارقىدەك 300دىن ئارتۇق شەھىدنى دېگەن بولغىيدى. شەھىدلەر ئۆلمەيدۇ، ۋەتەنسىز تىرىكلەر جانلىق مۇردىلاردۇر.

مەن سېغىنغان قەشقەرخىيالىمدىلا قاپتۇ. كۆز ئالدىمدىكى قەشقەر ياتلىشىپتۇ. مەن كىچىكىمدىن كۆرۈپ چوڭ بولغان قەدىناس كوچىلار، يوللار،

ئىمارەتلەر يوق. تونۇش سىدىلەر، مەجنۇن تاللار، ئۇجمىلەر، سۆۋادان تىرەكلەرنىڭ ئورنىغا شىئەندە بۇرۇندىن ئۆستۈرۈلۈدۇغان چىنارلار ئالماشقان.

18. ئەسىردە ئۆتكەن شائىر گۇمنام «شەھرىنى ئۇنتار بولۇر ھەركىم دۇچارى كاشغەر» دەپ يازغانىكەن، شائىرنىڭ قەلىمىدە قەشقەرگە كەلگەن كىشى قەشقەرنىڭ جەلپكارلىقىدىن سېھىرلىنىپ ئۆز شەھرىنى ئۇنتۇپ كېتەرمىشكەن. ھازىرقى قەشقەرگە «دۇچار» بولغان كۆلىلىق مۇساپىر بۇ يەرنىڭ ئىچكىرىدىكى بىر شەھەر ئەمەس قەشقەر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكۇدەك. ھازىرقى قەشقەر مېنىڭ گۆلگۈن قەشقىرىم ئەمەس، ئەكسىچە ياتلىق قىلىش ئۈچۈن ياساندۇرۇلغان كېلىنچەكتەك يوچۇن، سۇنئىي، يات.

ئوچۇق ئاسمانغا قارىسام ئاسمانلا كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ، قۇياش پارلاپ تۇرىدۇ-يۇ كۆكتە كۈلرەڭ تۇمان ئەلەڭگىيدۇ. ئاسمان دائىملا شۇنداق بەڭگىنىڭ يۈزىدەك نۇرسىز. نەگىلا بارما بۇرنۇڭغا ئاشخانا، دورىخانا، ساتىراچخانىنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ. يېڭىلانغان مىڭ يىللىق كوچىلار پەرداز قىلىپمۇ غېرىپلىقىنى يوشۇرالمىغان بەختسىز جۇۋاندەك مىسكىن كۆرۈنىدۇ. خانلىق مەدرىس يوق، لايپەشتاق مەدرىسى يوق، شەيخ سەئىدى، مۇسا جارۇللاھ ناماز ئوقۇغان مىڭ نەچچە يۈز يىللىق تارىخنىڭ شاھىدى بولغان مەسجىدلەر يوق، پەقەت ھېيتگاھنىڭ پەشتىقىغا «دۇككان» ئاچقان تىلەمچىلەرلا ئۆز جايىدا.

كۆزلۈرۈم ئادەملەرگە يۆتكەلدى. ماڭا مەن سېغىنغان ئەسلىمەمدىكى ئوردۇكەنت (پايىتەخت) قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزلىرىگە دەپىن قىلىنغادەك تۇيۇلدى. دوستلار بىلەن ئۇچراشتىم، بىر قىسىملىرى يوقاتقان، ئېرىشەلمىگەنلىرىنى بازاردىن ئىزدەۋاتقاندەك، يەنە بىرقىسمى شۇجىلاردىن، ئىشخانىلاردىن تاما قىلىۋاتقاندەك، ئۇچىنجى بىر قىسمى جەينامازدىن تەسەللى ئىزدەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. مەن غەيرىتىنى بازاردا، تەقۋالىقىنى نامازدا داۋام قىلىۋاتقان ئۇيغۇرنىڭ چىرايىدىن قەشقەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق يىقىلماس مەڭگۈ تېشىنى كۆرگەندەك بولدۇم. تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ھېيتگاھقا كىردىم. ئىسسىق ئۆتۈپ كەتتىمۇ قانداق بۇرنۇم قاناپ كەتتى. قاننى توختىتىمەن دېگەن ھەلەكچىلىكتە سائىتىمنى ئۇنتۇپ چىقىپتىمەن.

ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتۈپ ئېسىمگە كەلگەچكە تېپىلىشىدىن ئۈمىد ئۈزدۈم. نەۋرە ئېنىم بىرىپ ئىزدەپ باقماقچى بولدى. ھەيران قالارلىقى ئون مىنۇت ئۆتمەي سائىتىمنى قايتتۇرۇپ كەپتۇ. باشقىلار تېپىۋېلىپ بىلەت كەسكۈچىگە بېرىپ قويۇپتۇ. شۇ چاغدىلا قاپىقى يامان بىلەت ساتقۇچى ئېسىمگە كەلدى. ئۇنىڭ ماڭا ھېلىلا ئۇرۇشىدىغاندەك كۆرۈنگەن بىزارلىق قاپلىغان چىرايى خىيالىمدا باشقىچە نۇرلاندى. قەشقەردە كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن ئەكس ئەتكەن سەپرالىق، ھارغىنلىق، بىپەرۋالىق ۋە سوغۇقلۇق پەقەت قىشلىرى ئېرىق ئۆستەڭلەرنى قاپلىغان مۇزغا ئوخشايدۇ، تۇپا باسقان كۆرۈمسىز مۇزنىڭ ئاستىدا شىلدىرلاپ تۇرغان پاكىز يۈرەك بار. ئويلاپ قالدىم، بىزنىڭ باشقىلار ھەققىدىكى ھۆكۈمىمىز دائىم قىياپەتلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالىدۇ.

قەشقەردە ماڭا ئەڭ جۇشقۇن كۆرۈنگىنى بالىلار بولدى. بالىلار تەرەققىيات مەركىزى قۇرۇش ھەققىدىكى قارارىم غەمكىن كوچىلارنى چاڭ كەلتۈرۈپ ئويناۋاتقان بالىلارنى كۆرۈپ تېخىمۇ كۈچەيدى. ئابدۇقادىر داموللام «پەرزەنتلەرنى كەلگۈسى ئۈچۈن تەربىيەلەڭلار، چۈنكى ئۇلار سىلەر ياشىغان زاماندا ياشىمايدۇ» دېگەنىكەن. ۋاھالەنكى، بۇ گەپنى يەتكۈزمەك ئاسان بولغان بىلەن چۈشەندۈرمەك قىيىنكەن. دېھقانغا داۋىجاڭسىز تۇرمۇشنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى چۈشەندۈرۈش قانچە تەس بولسا، كادىرغا شۇجىسىز تىرىكچىلىكنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئىشەندۈرۈش شۇنچە مۈشكۈلكەن. دېھقان بالىسىنى داۋىجاڭنىڭ زامانىغا، كادىر بالىسىنى شۇجىنىڭ تەلىپىگە لايىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەشكە بەكرەك مايىلكەن. شۇنداقكەن، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۆگۈتلىرىنى قانداقمۇ بىلدۈرگۈلۈك! ئۆزىمۇ ئىشەنمەيدىغان كەلگۈسىگە لايىق بالىلارنى قايسى ئاتا-ئانا تەربىيەلەيدۇ؟ بەزى ئاتا-ئانىلارغا بالىلارنى بىلىمنى قىزىققاچقا ئۆگىنىدۇغان قىلىپ تەربىيەلەش، ئىنسانىي پەزىلەتنى سەۋەپتىن سۆيۈشنى ئۆگىتىش بىر خىيالدەك تۇيۇلىدىكەن. بۇنداق

ئاتا-ئانىلاردىكى پەرزەنت تەربىيەسىنىڭ ئۇلى«قانداقلا قىلساڭ قىل يۈز نومۇر ئال» ئىكەن. ئەلۋەتتە، بۇ زاماندا ئېقىۋاتقان «مىڭى ناھەق ئۆلتۈرۈلسىمۇ بىرى تۇردىن چۈشۈپ قالمىسۇن» دېگەن خىزمەت ئۇسۇلىنىڭ كىشىلەرنىڭ قىلىقى ۋە خۇيىدىكى ئىنكاسى بولۇشى مۇكىن. يەنى قانداق ۋاستە قوللۇنۇشتىن قەتئىينەزەر مەقسەت ھاسىل بولسىلا بولدى، دېگەندەك زامان زورلىرىنىڭ مەپكۇرىسى كىشىلىرىمىزنىڭ ھەر بىر ھۈجەيرىسىگە قەدەر يىلتىزلىغان بولۇشى مۇمكىن. بىر جەمىيەتتىكى ئىنسانىنىڭ خۇي پەيلىنى، تەپەككۇرىنى شۇ جەمىيەتتە ئېقىۋاتقان خىزمەت ئۇسۇلى، كىشىلەرنى باشقۇرۇۋاتقان تۈزۈم، ۋە كۈندۈلۈك ھاياتتا رول ئويناۋاتقان مۇناسىۋەت تۈرى بەلگىلەيدۇ.

# سىدام قەشقەرۋە زامانىۋىلىق

سىيىت نوچى تۇغۇلغان كوزىچى يار بېشى مەھەللىسى قەشقەردە ساياھەتچىلەر ئۇچۇن ساقلىنىپ قالغان قەدىمىي مەھەللىلەرنىڭ بىرى. بۇ مەھەللىدە تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى، يەنى قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەلەپپۇزىدىكى دىبو ئېلىش ئاجايىپ خېرىدارلىق. بىر ئوقۇغۇچۇم ساياھەتچىلەرنى بۇ يەرلەرگە باشلاپ بېرىپ تۇرىدىكەن. بىر قاراماىلىق ئۇيغۇر ساياھەتچىنىڭ «قەشقەر تېخىچە تەرەققىي قىلماپتۇ، مۇشۇنداق ئەبجەق مەھەللىلەر ھېلىمۇ باركەن» دېگىنى ئوقۇغۇچۇمنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرۇپتۇ. شۇ زامان 2010-يىلى بېيجىڭدىكى بىر مۇخبىرلارنى كۇتۇۋېلىش يىغىنىدا بىر ئۇيغۇر رەھبەرنىڭ غەرپلىك مۇخبىرلارغا «سىلەر قەشقەردىكى ئاشۇ كونا مەھەللىلەرنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى دەپ قارامسىلەر؟» دەپ چالۋاقاپ كەتكىنى ئېسىمگە كەلدى. تەرەققىياتنى سەرەڭگە قېپىدەك خەق سالغان بىنادىن تىلەش شۇ مۇئاۋىن شۇجىنىڭ كاللىسىدىن باشلانغان بولغىيمىدى؟ بەلكىم كۇندە رادىيو، گېزىت، تېلېۋىزور ۋە سىياسىي ئۆگىنىشلەردە ھويلىلىق ئۆيلەردىن بىناغا چىققاننى، ئېتىزنى تاشلاپ پارنىك قىلغاننى، يۇرتنى تاشلاپ ئىچكىرىگە چىققاننى زامانىۋىي مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىسى دەپ تەشۋىق قىلىش كىشىلەرنى ئاشۇلارنىلا زامانىۋىلىق دەيدىغان ئويغا كەلتۈرۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. دېمىسىمۇ قەشقەردە مەندىن «ئامېرىكا زامانىۋىيمۇ، تەرەققىي قىلغانمۇ؟» دەپ سورۇغانلار ئامېرىكىدىكى بىنالارنىڭ قەشقەردىكىدىن ئېگىز ياكى پاكارلىقىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈشتى.

كوزىچى يار بېشىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى سەينادا يېرىم يالىڭاچ بولۇۋېلىپ

رەسىم سىزىدىغان بىر خەنسۇ رەسسام دائىم دىققىتىمنى تارتاتتى. بىر كۈنى بېرىپ كۆرۈپ كەلدىم. رەسىملەرنىڭ ھەممىسىنى سىدام سىزما قىلىپ سىزغىلى تۇرۇپتۇ.

ــ نېمىشقا ماي بوياق قىلىپ سىزمايسەن؟ ــ دەپ سورۇدۇم.

ــ بۇ يەردە ماي بوياق قىلىپ سىزغۇدەك رەڭدىن ئەسەر يوق. بەكمۇ مەنىسىز.

ــ ئۈنداقتا نېمىگە سىزىسەن؟

ــ ساياھەتچىلەر ئۈچۈن، پۇل ئۈچۈن.

ــ بۇرۇن ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى سىزىپ باققانمۇ؟

ــ دۆڭكۆۋرۈكنى سىزغان، ئۇيغۇرلار ياشايدىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش، مەنزىرىسى سىدام، خۇنۇك، جانسىز ئىسكىلىتتەك. خەنسۇچىنى ياخشى سۆزلەيدىكەنسەن كادىردەك قىلىسەن. كىيىنىشىڭگە قارىغاندا بۇ يەرلىك ئەمەسكەنسەن. قارا، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ھورۇن، قوپال، نادان. ئۆلارنىڭ كالليسىنى كونا ئىددىيىلەر چىرماپ كەتكەن. بولۇپمۇ مەندەك ۋە سەندەك تەبىئەتمۇ، جەمىيەتمۇ ئىشقىلىپ ھەممە نەرسە سۆزۈك، ئوچۇق، ئەركىن ئازادە، تاۋارلاشقان ئىچكىرىدىكى شەھەردە ياشاپ باققان ئادەمگە قەشقەرنىڭ مەنزىرىسىدىن تارتىپ ئادەملىرىگىچە تولىمۇ سىدام، سۆرەلمە، خۇنۇك كۆرۈنىدۇ. غەرپلىكلەرنىڭ بۇ جىن تەككەن يەرگە نېمىگە كېلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيمەن. پاكىستانغا بارسا بولمىدىمۇ. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ پاكىستاننىڭ قەبىلە رايونىدىكى تېرورچىلاردىن نېمە پەرقى. دىنىمۇ، چىرايىمۇ شۇ ۋەھشى تېرورچىلارنىڭ دەل ئۆزى. بۇ يەردە ھەممە نەرسە بېكىك، يوشۇرۇن، خۇراپىي خۇددى ئايالالارنىڭ بەدىنىدەك، يۈزىدەك. سەن خېلى ئوقۇغاندەك قىلىسەن، قارا، ئاياللىرى تاۋارغا ئايلانمىغان جەمىيەت ھەقىقى مەنىدىكى زامانىۋىي جەمىيەت ئەمەس. قاچان قەشقەردە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ خۇپىيانە قالغان گۈزەللىكى تاۋارغا ئايلىنىپ ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشقا باشلايدىكەن قەشقەرگە رەڭ كىرىشكە باشلايدۇ. شۇ چاغدا قەشقەرنى شاڭخەيىنى سىزغاندەك رەڭگارەڭ چىراقلار بىلەن پۈركەنگەن رەڭلىك

قىلىپ سىزىمەن...

يەنە ھېچ نېمە بولمىغانـدەك چانـدۇرماي ھېجىيىپ ئاڭلاۋېرىشكە بېتىم كۆتۈرمىدى. بىر بىرلەپ رەددىيە بېرىشكە باشلىغۇېدىم رەسسام يېنىمدىن نېرى كەتتى.

# قەشقەردىكى تىل خوراپاتلىقى ۋە سۆز بوھرانى

ئىسلام دۇنياسىدا ئىككىنچى بۇخارا دەپ ئاتىلىدىغان قەشقەر تولىمۇ سىپايە بىر شەھەر. قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئۆزىنىڭ سۆزمەنلىكى بىلەن پۈتكۈل ئۇيغۇر دۇنياسىغا مەشھۇر. بىر كۈنى دوستلارنىڭ چېيىدا ئولتۇرۇپ بىرەيلەننىڭ «ئەجەپ بۇنداق گاچا بولۇپ قالدۇق» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ تاڭ قالدىم. سەۋەبىنى سورۇسام خەنسۇچە بىلمىگەنلىكى سەۋەبلىك ئۆزىنى «گاچا» دەپ قارايدىكەن. بۇنداق گاچا بولماسلىق ئۈچۈن قانچە كۆپ يات تىل بىلسە شۇنچە بىلىملىك، شۇنچە ئىناۋەتلىك سانىلارمىش. قەشقەردە گاچا بولماسلىق ئۈچۈن خەنسۇچىنى، دۇنيادا گاچا بولماسلىق ئۈچۈن ئېنگلىز تىلىنى چوقۇم بىلىش لازىممىش. ئۇيغۇرچە دېگەننى ئويناپ يۈرۈپ ئۆگىنىۋالارمىش، سۆزلىيەلىسىلا بولارمىش. قەشقەردە مۇشۇنداق قاراش بەزىلەردە مودا بولغاچقىمىكىن، ئامېرىكىدىن يېڭىلا كەلگەن قىزىمنىڭ ئۇيغۇرچىنى راۋان سۆزلىيەلمىگىنى «ئاخبارات» قا ئايلىنىپ، «دۇنيانىڭ نەرگە بارسا قىينالمايدىغان»لىقى ھەۋەس بىلەن مەدھىيەلەندى. مەن تېخى قىزىمنىڭ ئانا تىلىدا راۋان سۆزلىيەلمىگەنلىكىدىن ئۇيۇلۇپ، «قىزىم ئۇيغۇرچىنى ياخشى سۆزلىيەلمەيدۇ» دېگەننى تەستە دەپ يۈرۈپتىمەن. قەشقەردە بەزى كىشىلەر خەنسۇچە بىلگەنلىكىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشقانغا، ياخشى كۈن كۆرگەنگە باراۋەر دەپ چۈشىنىدىكەن. قىزىمنىڭ ئۇيغۇرچىنى ئوبدان بىلمىگىنىدىن ھەيران قالۇدۇغان، ئەيىپلەيدىغان دوستلارمۇ چىقتى. بىر قېرىندىشىمىز، بالىسىغا ئۇيغۇرچە ئۆگەتمىگەن ئامېرىكا نوپۇسىدىكى بىر ئۇيغۇر دوستىنى باشقىلاردەك چوڭ بىلىپ كۈتۈپ كەتمەپتۇ. سىرتتىلا مېھمان قىلىپ ئۆيىگىمۇ باشلىماپتۇ.

بىر دوستىمىزنىڭ ئۆيى شەھەرگە يىراق يېزىدا بولغاچقا خەنسۇچە يەسلىگە تولىمۇ يىراقكەن. بۇرادىرىمىز ھەر كۈنى بەش ياشلىق قىزىنى موتۇ بىلەن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خەنسۇچە يەسلىگە توشۇيدىكەن. قىزى

ھەركۈنى «بارمايمەن» دەپ يىغلايدىكەن. بىر كۈنى قىز ئاپىسىغا «سەن نېمىشقا خەنسۇغا تەگمىگەن بولغۇيتۇڭ، دادام خەنسۇ بولغان بولسا خەنسۇچىنى ئۆيدىلا ئۆگىنەلەيتتىم» دەپتۇ. مەنچە يۇقارقى مىساللار سىياسەت پەيدا قىلغان تىل خوراپاتلىقىنىڭ ئاقىۋىتى. بۇ ئاقىۋەتلەرنى چۈشەنمەك تەس ياكى تولىمۇ ئاسان. بەش مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشايدىغان قەشقەر ۋىلايىتىدە خەنسۇچە بىر سۆزنى دېيەلمەيدىغان مەسۇم پەرزەنتلەر خەنسۇچە «قوش تىللىق» مائارىپنىڭ تەجرىبە بويۇمى — «مارودا» سىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتسا، كەنتتىن يۇقۇرى ئورگانلاردا ئۇيغۇرچە قوللىنىلمايۋاتسا، خەنسۇچە بىلگەنلىكى كىشى ھوقۇقتا، مەنپەئەتكە ئېرىشىۋاتسا كىشىلەر خەنسۇچىغا چوقۇنماي قالامدۇ.

بىر كۈنى مەسجىدكە كىرىپ تامغا يېزىلغان «مەسجىدتە تېلېپۇننى ئېتىشكە ئەھمىيەت بېرەيلى» ، «يۇقۇرى ئاۋازدا پاراڭ سېلىش مەنئى قىلىنىدۇ» دېگەن جۈملىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ جۈملە شەھەردىكى ھەرقانداق مەھەللىنىڭ تېمىغا تەشۋىقات ئۈچۈن يېزىلغان بولسا خىيالىمغا كەلمىگەن بولاتتى. مەسچىتنىڭ ئىچىدىمۇ بۇنداق ھاكىمىيەت ئىرادىسىگە ماس جۈملىلەرنىڭ كۆرۈلۈشى مېنى ئويغا سالدى. قاچاندىن بېرى قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا «مەنئى قىلىنىدۇ»، «ئەھمىيەت بېرەيلى» دېگەن سۆزلەر دائىم قوللۇنۇلۇدۇغان بولۇپ قالدى. بۇ دائىم ھەممە ئىش مەنئى قىلىنىدىغان ياكى مەنئى قىلىنماسلىق ئۈچۈن ئەھمىيەت بېرىلىدىغان جەمىيەتنىڭ تىل ئادىتىمۇ؟ تامغا يېزىلغانىنىغۇ ھاكىمىيەت شۇنداق يازدۇرغان دەيلى، ئەمدى مەسجىدنىڭ ئىچىگە يېزىلىدىغان سۆزلەرنىمۇ خەنسۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ يېزىش ئومۇملاشتىمۇ؟ ئەسلى ئۇيغۇرچىمىزدا «يۇقۇرى ئاۋازدا پاراڭ سېلىش» دېگەن گەپ يوق. بىز بۇنى «ۋارقىرىماق» دەيمىز. «تېلېپۇننى ئېتىشكە ئەھمىيەت بېرەيلى» دېگەن خەنسۇچىدىن بىۋاستە تەرجىمە قىلىنغان جۈملە، بۇنى ئۇيغۇرچە «تېلېپۇننى ئېتىۋېتىڭ» دېسەكلا كۇپايە. ۋىۋىسكىلارغا قاراپ قويىمەن. قەشقەرنىڭ ئىدارە ئورگانلار

توپلاشقان بۆلەكلىرىدە خەنسۇلار كۆپ بولۇپ بەزى ۋىۋىسكىلاردا ئۇيغۇرچە يوق، بولسىمۇ تولىمۇ كىچىك. ئۇيغۇرچە خەت بۇ يەرلەردە ئاندا مۇندا كۆرۈنۈپ قالىدىغان ئۇيغۇرنىڭ گەۋدىسىدەك غىلىپال كۆزگە چېلىقىدۇ. «ئاياق كىيىم سېتىش، ئىش قوشۇش ئورنى»، «مىۋە چىۋىلەرنى سېتىش ماگىزىنى» «يېڭى پاقلان گۆشى سېتىش دۇككىنى»... دېگەندەك ۋىۋىسكىلارنى كۆرسەم ئۇيغۇرچىمىزدىكى «موزدۇزخانا»، «باققالخانا»، «قاسساپخانا»... دېگەن سۆزلەرنىڭ يوقۇلۇپ كەتمىگەنلىكىدىن گۇمانلىنىمەن. ئەگەر مۇشۇ پېتى داۋاملاشسا هاجەتخانا، دوختۇرخانا، مەكتەپ، بازار، مازار دېگەن سۆزلەرنى «تەرەت قىلىش ئورنى»، «داۋالىنىش ئورنى»، «ئوقۇش ئوقۇتۇش ئورنى»، «سېتىش، ئېلىش ئورنى»، «ئۆلگەنلەرنى كۆمۈش ئورنى» دەيدىغان ئوخشايمىز. يېقىندا قەشقەردىكى مەن شىرىكلەشكەن نۇرخان مائارىپ تەربىيىلەش مەركىزى ئىسمىنى «نۇرخان تەكرارلاش ئوقۇتۇش مەكتىپى» دەپ ئۆزگەرتىپتۇ. تارقاتقان تەشۋىقات ۋارىقىغا تۇركچە ئوقۇتۇش سىنىپى، ئېنگلىزچە ئوقۇتۇش سىنىپى ئاچىمىز دەپ يېزىپتۇ. مەن رەسمىي شىرىك بولغاندا بۇ ئىشلار ئاللىقاچان تاماملىنىپ بولغانىكەن. بۇ يەردىكى گەپ خۇددى بازار دېگەن گەپنى سودا بازىرى قىلىپ قويغاندەكلا ئىش. دۇنيادا سودا بولمايدىغان بازار، ئوقۇتۇش قىلمايدىغان مەكتەپ، سىنىپ بولمايدۇ. بۇ خەنسۇچىدىن قىلىنغان ناباپ تەرجىمىنىڭ ئۇيغۇرچىنى پالاكەتلەشتۈرۈشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇلاردىن شۇنى بايقايمىزكى، ئۇيغۇرلىرى سۆزمەن دەپ تەرىپلىنىدىغان ئەزىزانە قەشقەردە ئۇيغۇرلارنىڭ مەسجىدىدىن تارتىپ ماگىزىن، مەكتەپلىرىگىچە خەنسۇچە تەپەككۇرغا بېقىنغان ئۇيغۇر تىلى قوللۇنۇلۇشقا باشلاپتۇ. كۆنگەن يامانمۇ كۆيگەنمۇ دېگەندەك مەنچە بۇلارنى هېچ بىر ئۇيغۇر خالاپ شۇنداق قوللانمايدۇ، بەلكى شۇنداق قوللۇنۇپ ياكى دەپ كۆنۈپ قالغان بولۇدۇ. كۆندە قاتنىشىۋاتقان سىياسىي ئۆگىنىش، تاملاردىكى سىياسىي تەشۋىقات، گېزىت-ژورناللاردىكى مۇقۇملۇق تەربىيىسى قاتارلىقلاردا قوللۇنۇۋاتقان خەنسۇ تىلى ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتسىز ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىغا، تىلىغا تەسىر قىلىپ مۇشۇنداق تىل هادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر تىل جەمىيەتتىكى تۈرلۈك ساهەلەردە قوللۇنۇلۇش پۇرسىتىدىن مەهرۇم قالغاندا تەبىئىيكى نامراتلىشىدۇ، بوهرانغا دۇچار بولۇدۇ.

# دېڭىزچىلىق ئەنئەنىسى ۋە باغ-دالا يوسۇنى

ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇش ئارزۇيۇم رېئاللىققا ئايلانغاندىن كېيىن قايسى شىتاتتىكى قايسى مەكتەپنى تاللاش ھەققىدە كۆپ باش قاتۇردۇم. مەن تاللىغان مەكتەپتە تىلنىڭ ئىجتىمائىي رولى، سىياسىي ئورنى، تىل بىلەن مائارىپنىڭ مۇناسىۋىتى، تىل بىلەن ئىجتىمائىي تەبىقىنىڭ مۇناسىۋىتى، تىل بىلەن ئۆرپ-ئادەتنىڭ مۇناسىۋىتى، تىلنىڭ مەۋجۇدىيىتى ۋە مەدەنىيەت ئىزچىللىقى قاتارلىق ساھەلەردە ئىزدىنىۋاتقان تەتقىقاتچىلار بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇندىن باشقا مەن تاللىغان مەكتەپ يېڭى كۆچمەنلەر ۋە ساياھەتچىلەر ئاز شەھەردە بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇنداق بولغاندا مەن بىر قەدەر تىپىك بولغان ئامېرىكا مەدەنىيىتىدىن بەھرىلىنەلەيتتىم، ھەقىقىي ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئورتاق بولغان چۈشەنچە، پوزىتسىيە ۋە كەيپىياتلىرىدىن زوق ئالالايتتىم. شۇڭا ۋاشىنگتوندىكى، نيۇيوركتىكى دوستلۇرۇمنىڭ شۇنچە تەۋسىيىسىگە قارىماي يۇقارقى ئۆلچەملىرىمگە ماس كېلىدىغان ئوخايو ئۇنىۋېرسىتېتى، پېنسىلۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە كانزاس ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاللىغانىدىم. ئارزۇلىغىنىمدىكىدەك مېنى قوبۇل قىلغان كانزاس ئۇنىۋېرسىتېتى جايلاشقان شەھەر كىشىلىرى ئەنئەنىچى، دىندارلىققا مايىل، تىنچ، ئازادە بولۇپ چىقتى. دەسلەپتىلا كۆزۈمگە چېلىقىپ مېنى قىزىقتۇرغىنى كىشىلەرنىڭ ئىشىك ئالدىلىرىغا توختۇتۇپ قويۇلغان قولۋاقلار، يوغان دەرەخلەرنىڭ ئۈستىگە قوندۇرۇلغان كاتەكتەك كىچىك ئۆي ۋە ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە سېلىنغان «تۆل كەپىسى» دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك بالىخانا بولدى. ئېنگلىزچىدە قولۋاق، كېمە، پاراخوت دېگەن سۆزلەرگە ئاياللىق تۈسى بېرىلىپ ئامراقلىق ۋە شەيدالىق بەكمۇ ھېسسىياتلىق ئىپادىلىنىدىكەن.

دائىم تەييار تۇرۇدىغان قولۋاق، «تۆل كەپىسى» بىلەن دەرەخ ئۈستىگە سېلىنغان كاتەكسىمان ئۆينى ئامېرىكىلىقلار دېڭىزچىلىققا باغلاپ

چۈشەندۈرۈشىدىكەن. بۇلارنى بۇ يەرگە ياۋرۇپا كۆچمەنلىرى ئامېرىكىغا يەرلىشىپ ياشاش جەريانىدا ئومۇملاشتۇرغانىكەن. تونۇشلۇرۇمنىڭ ئېيتىشىچە ئېرى دېڭىزغا بېلىق تۇتقىلى كەتكەن شىمالىي ياۋرۇپالىق ئاياللار ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىكى كىچىك كەپىگە چىقىپ ئۇزاقلاردىكى ئېرىنى ساقلايدىكەن. بەزى تەلەيسىزلەرنىڭ ئېرى دېڭىزغا بىر كەتكەنچە قايتىپ كەلمەيدىكەن. بىچارە ئاياللار ئەرلىرى بىر چاغلاردا كېلىپ قالۇدۇغاندەك تۇيغۇدا كۈن كۈنلەپ ئاشۇ كەپىدە ئولتۇرۇپ كېتىدىكەن. شۇڭا بۇ ئۆيلەر «تۇل كەپىسى» دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن. دەرەخ ئۈستىگە سېلىنغان كاتەكسىمان ئۆيلەرمۇ ئەسلى كىشىلەرنىڭ دېڭىزنى كۆرۈش ئېھتىياجى ئۈچۈن سېلىنغانىكەن. ئامېرىكىغا بارغان دەسلەپكى بىر نەچچە ھەپتىدە ئامېرىكىلىقلارنىڭ دېڭىزغا قانچىلىك ئىشتىياقى بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىر قانچە ئىشقا شاھىد بولدۇم.

لاۋرېنىس دېگەن بۇ شەھەر دېڭىزدىن يىراق بولغاچقا يازدا سۇغا چۈمۈلۈپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ كۆنگەن ئامېرىكىلىقلار بۇ يەرگە بىر چوڭ كۆل بەرپا قىلىپ ئۇنىڭغا دېموكراتلار پارتىيىسىدىن بولغان پېرېزىدېنت بىل كېلىنتوننىڭ نامىنى بېرىشىپتۇ. چۈنكى كانزاس گەرچە ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، ئەتراپىدا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ تەرەپتار شتاتلىرى كۆپ بولۇشىغا قارىماي دېموكراتلار پارتىيىسىنى قوللايدىغانلار كۆپ سانلىق شتات ئىكەن. (شۇ سەۋەپتىنمىكىن بىزنىڭ مەكەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ھازىرلانغان ھەقسىز گېزىتلەر ئىچىدە دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ تەشەببۇسلىرىغا مايىل «نىيويورك ۋاقتى» گېزىتى بار، ئەمما جۇمھۇرىيەتچىلەرگە مايىل «ۋاشىنگتون پوچتىسى» قويۇلمىغان ئىدى). كىشىلەر ئارام كۈنلىرى كۆل ئەتراپىغا قولۋاقلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، چىدىرلىرىنى تىكىشىپ كۈندۈزلىرى ئاپتاپقا قاقلىنىپ سۇغا چۈمۈلسە، كېچىلىرى سالقىنلاپ كۆل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىدىكەن. ئۆيلىرىدە سۇ كۆلچىكىنىڭ بولۇشى قېرى ياش لاۋرېنسلىقلارنىڭ بولۇپمۇ بالىلارنىڭ بەك

كۆچلۈك ئارزۇسى ئىكەن. قىش كۈنلىرى ئۈچۈن مەخسۇس زاللىق كۆلچەكلەر ياسالغان بولۇپ ھەر ئاينىڭ تۇنجى جۈمە كۈنى باللار ئۈچۈن ئەڭ ئەرزان مۇلازىمەت قىلىدىكەن.

لاۋرېنستىكى پۈللۈق كىشىلەرنىڭ دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەردە مەخسۇس ئۆيلىرى بولىدۇكەن. تەتىل كۈنلىرى ۋاقتىنى شۇ ئۆيلىرىدە ئۆتكۈزىشىدىكەن. ماڭا قىزىقارلىق تۇيۇلغىنى بۇ كىشىلەرنىڭ يازدىكى ئىككى ئۈچ ئايلىق راھەت ئۈچۈن دېڭىز بويىدىن مەخسۇس ئۆي سېتىۋېلىشى بولدى. بەلكىم دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەردە يازدا مېھمانخانىلار بەك بېسىق بولۇپ كەتسە كېرەك. ياكى مېھمانخانىدا ياتقاندىن ئۆز ئۆيىدە تۇرۇش راھەت بولغاچقا شۇنداق قىلىنىدىغان بولۇشى مۇمكىن. يازلىق تەتىلدە مەكتېپىمىز ۋە يەنە بىر مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان بۇ شەھەر قۇرۇق شەھەرگە ئايلىنىپ قالاتتى. ئوقۇغۇچىلار تەتىللىك ئارام ئېلىش ۋە ئىشلەشكە شەرقى ۋە غەربىي قىرغاقتىكى دېڭىز بويى شەھەرلىرىگە كېتىپ قېلىشاتتى. ئوقۇتقۇچىلار دېڭىز بويلىرىغا ئارامغا كېتىشكەچكە يازلىق تەتىللىك دەرسلەرنىمۇ ئاساسەن ئاسپىرانتۇرىيەلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆتەتتى.

ئامېرىكىلىق قىز ئاياللاردىكى ئاپتاپقا قاقلىنىپ تېرىسىنى بۇغداي ئۆڭ قىلىش ئادىتىمۇ بۇلارنىڭ دېڭىزچىلىق ئەنئەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تېلېۋىزورلاردىن تېرىسىنى بۇغداي ئۆڭ قىلماقچى بولغان قىزلارنىڭ تۈرلۈك سۈنئىي ئۇسۇللارغا مۇراجەت قىلىپ ھاياتىنى تەھلىكىگە قويغىنى مېنى تاڭ قالدۇرى. قارىغاندا ئاپتاپقا قاقلىنىش، قىزارغان، كۆيۈپ بۇغداي ئۆڭ ھالەتكە كەلگەن تېرىنى ساغلام بىلىپ ھەۋەس قىلىش ئۇلارنىڭ ئۇزاق مەزگىل دېڭىز بويىدا ياشىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ھەيكەلتاراشلىق، رەسساملىق قاتارلىق ئىنساننىڭ جىسمانى گۈزەللىكىنى تەسۋىرلەشنى ئوبيېكت قىلغان سەنئەتنىڭ ياۋرۇپالىقلار ۋە ياۋرۇپالىق كۆچمەنلەر بەرپا قىلغان دۆلەتلەردە ئەۋج ئېلىشى ۋە قارشى ئېلىنىشى بۇلارنىڭ دېڭىزچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى،

بىپايان دېڭىزدىن ھوزۇرلىنىش، دېڭىزغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىش تەبىئىي ھالدا يالىڭاچلىقنى تەقەززا قىلىدۇ. يالىڭاچ بەدەننى ئوبىكىت قىلغان رەسساملىق ۋە ھەيكەلتاراشلىقنىڭ دېڭىز بويلىرىدا يالىڭاچ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن ياۋروپالىقلاردا شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكى ئەقىلگە ئۇيغۇن، ئەلۋەتتە.

نە ئۇچى، نە چېكى يوق قۇملۇقلارنى شېھىدلەرنىڭ ئۆلمەس روھىدەك توغراقلار، يۇلغۇنلار، جىگدىلەر بىلەن ئېھاتىلەپ، يازلىرى يايلاقلاردا ئات چاپتۇرۇپ، قىشلىرى كۆجۈم مەھەللىلەردە مەشرەپ گۈلخانلىرى بىلەن قەھرىتان تۈنلەرنى يورۇتۇپ ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلاردا ئامېرىكىلىقلارنىڭ دېڭىزچىلىق ئەنئەنىسىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان يۈسۈن شەكىللەنگەن. بىپايان يايلاق، كۆز يەتكۈسىز قۇملۇق ۋە دەريا ئېقىنلارنى بويلاپ مارجاندەك تىزىلغان بوستانلىقلارنى ماكان قىلغان ئۇيغۇرلار يۇقىرىقى تەبىئىي شارائىتلارغا ماس ئىگىلىك شەكىللىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇرلاردا چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق، ئوۋچىلىق قاتارلىق ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ تەڭلا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى تىپىك تېرىمچى مىللەتلەردىن پەرقلەندۈرگەن. شۇڭا ئۇيغۇر ئەجداتلىرى قۇرغان كۆك تۈرك خانلىقى، ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى (ئېنگىلىزچە ۋە تۈركچە مەنبەلەردە ئۇيغۇر ئېمپىرىيىسى دەپ ئېلىنىدۇ)، قاراخانىلار خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (قەدىمكى ئۇيغۇر مەنبەلىرىدە ئۇلۇق ئۇيغۇر ئېلى دەپ يېزىلغان) قاتارلىقلاردا قىشلىق ئاستانە ئىكىنلىكلەر بىلەن قۇرشالغان شەھەرلەردە، يازلىق باشكەنت يايلاقلاردا بولۇشتەك ئەنئەنە شەكىللەنگەن. بۇ ئەنئەنە ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنى ئورتاق ئىگىلىك شەكلى قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھېلىمۇ غۇلجا، چۆچەك، بورتالا ئۇيغۇرلىرىدا يازنى يايلاقتا، قىشنى شەھەردە ئۆتكۈزۈش ئەنئەنىسى بار. ئۇيغۇرچىمىزدىكى يايلاق سۆزىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا يايلاق يازلاق (يازلايدىغان يەر) سۆزى

بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىدى. ئۇيغۇرچىمىزدىكى ئېكىنزار، كەنت دېگەنلىك قىشلاق(قىشلايدىغان يەر) دەپ ئىپادىلىنەتتى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يازنى يايلاقتا يايراپ، قىشنى شەھەر- يېزىدا قىشلاپ ياشىغان ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا تېرىمچى مىللەتلەرنىڭ تەتۈرسىچە ئاتقا، گۆشكە ئالاھىدە ھېرىسمەنلىكىمۇ ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى ئارىلاشما ئىگىلىك شەكلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كەتكەن تۈرلۈك چەك ۋە پەرھىزلەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ باغ- دالا تۇرمۇشىغا خاس يوسۇنى ۋە ئاتا بوۋىلاردىن مىراس ھېكمەتلەر چوڭقۇر تامغا باسقان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ داستىخانغا قۇرۇق، يۆل يەل يېمىشلەردىن پار كەلتۈرۈپ تىزىشلىرىغا، تاماقلارنىڭ قويۇق سۇيۇقلىقىنىڭ مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ تارتىلىشلىرىغا ئەجدادلارنىڭ مېھمانلارنىڭ زوق ئىشتىياقىغا، مىجەز خۇسۇسىيەتلىرىگە، تاماقلارنىڭ سىڭىشلىك سىڭىشسىزلىكلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى سىڭگەن. يېپەك يولى بويىدا نەچچە ئون ئەسىر سارايۋەنلىك قىلغان خوجايىن مىللەتتىلا بۇنداق مول داستىخان ھازىرلاش يوسۇنى ۋە يېمەكلىكنىڭ خۇسۇسىيىتى بويىچە تىزىش ۋە يېيىش ئىلمىيلىكى بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆل كولاپ ئەتراپىغا سۆگەت قويۇشىغا سۇغا چۈشكەن سۆگەت يوپۇرمىقىنىڭ سۇنى تازىلاش خۇسۇسىيىتى نەزەرگە ئېلىنغان. سۇنى كۆلگە باشلاپ ئىچىشكە قاتتىق سۇنى يۇمشۇتۇپ ئىچىشتەك ئىلمىيلىك يوشۇرۇنغان ۋە سۇ مەنبەسىنىڭ تۇراقلىق بولماسلىقىغا بولغان ھۇشيارلىق ئەكس ئەتكەن. بۇلار تەكلىماكاندەك دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ كۆچمە قۇملۇقنى توسۇن ئاتنى بويسۇندۇرغاندەك قولغا ئۆگىتىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋە شەرقى ئاسىيانىڭ ئېكىلوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى تارىختىن بۇيان ھەقسىز قوغۇداپ تەڭشەپ كەلگەن مىللەتتە بولۇدۇغان پاراسەت. سۇنى «خارلىقىغا قالىمىز» دەپ ئىسراپ قىلماسلىق يوسۇنىغا دىيارىمىزدىكى سۇ كەملىك سەۋەپ بولغان. ئېقىن سۇغا تۈكۈرمەسلىك، تەرەت قىلماسلىق، ئەخلەت تۆكمەسلىك قاتارلىق ئۇدۇملىرىغا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ سۇ ئارقىلىق تاراپ

كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتەك تىببىي بىلىم مۇجەسسەملەنگەن. يازلىرى سۇغا چۈشۈپ ئاپتاپقا قاقلانماسلىقىغا يۇرتىمىزدا ياز كۈنلىرى ئولتۇرا بىنەپشە نۇرىنىڭ ئىنسانغا زىيانلىق ئىكەنلىكىگە بولغان تونۇش ئىپادىلەنگەن. خەلقىمىزنىڭ ئېرىق ئۆستەڭ ۋە يول بويلىرىغا كۆچەت قويۇشى، ئۆي سېلىشتىن بۇرۇن ئەتراپىغا كۆچەت قويۇشى يۇرتىمىزدا قۇم بورانىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تەدبىرنىڭ ئىپادىسى. ئۈجمىنى شەخسى باغقا ئەمەس ئىشىك ئالدىغا، يول بويلىرىغا قويۇش، يوللارغا كۆپتە مۇزدەك سۇ قويۇپ قويۇشلارغا ئۇيغۇرلاردىكى تەبىئەتكە بولغان مۇھەببەت، غېرىپ مۇساپىرلارغا بولغان خالىس ياردەم، بارلىق ئىنسان ئەۋلادىغا بولغان مىننەتسىز سۆيگۈ سەۋەب بولغان.

دېڭىزنىڭ جىمجىتلىقى، رەھىمسىزلىكى، پايانسىزلىقى؛ قولۋاقلىق بېلىق تۇتقاندىكى يالغۇزلۇق ئامېرىكىلىقلارغا ئۆزگىچە پۇختا بولۇشنى، ھەر قانداق مۇشكۈلاتقا يۈزمۇ يۈز تاقابىل تۇرۇشنى، ھەرقانداق تەھدىتكە ئۇچۇق بولۇشنى، سۆيگۈ ۋە نەپرەتنى ئالەمگە كۈندەك ئاشكارىلاشنى ئۆگەتكەن بولسا؛ چېكى يوق قۇملۇق، پايانسىز يايلاق، قاشاسىز باغلار ئۇيغۇرلارغا چېكى يوق سۆيگۈنى، بەدەلسىز بېغىشلاشنى، ھەرقانداق مۇشكۈلاتنى مېھىر ئىچىدە ئېرىتىۋېتىشنى ئۆگەتكەن. ئامېرىكىلىقلار سۆيگۈنى، مەھلىيالىقنى ۋە گۈزەللىكنى شەكىلدە ئىپادىلەشكە كۆنگەن بولسا، ئۇيغۇرلار ئۇنى مىننەتسىز ھەركىتىگە ئۈنسىز سىڭدۈرىۋېتىشنى ئۇدۇم قىلغان. ئامېرىكىلىق ئۈچۈن گۈزەللىك تۇتۇپ ھوزۇرلانغىلى، كۆرۈپ بەھرىلەنگىلى بولىدىغان مەۋجۇدىيەت بولغان بولسا ئۇيغۇر ئۈچۈن گۈزەللىك دىلدىنلا ئورۇن ئېلىپ تىلغا سىغمايدىغان، تۇتسا تۇرۇپ، ئۆپسە ئۆچۈپ كېتىدىغان پىنھانلىق-مەۋھۇمىيەت بولۇپ تۇيۇلغان. ئەلۋەتتە، بۇ پەرقلەرنى شەكىللەندۈرگەن ئامىللار ئىگىلىك شەكلى ۋە تەبىئىي موھىتقىلا باغلىق ئەمەس.

# مېھماندوست ئۇيغۇرلار ۋە تۆرنى بەرمەس ئامېرىكىلىقلار

ئامېرىكىلىق دوستلىرىمىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغاندا بىر ئىش ماڭا بەك قىزىق تۇيۇلدى. ئامېرىكىلىقلار ئۆيىگە كەلگەن مېھماننى تۆرگە باشلىمايدىكەن. بۇ يەردە تۆر دېگىنىم شىرەنىڭ ئۇدۇل تەرىپى دېگەنلىك. بۇ «تۆر» دە ئادەتتە ئەر ساھىپخان ئولتۇرىدىكەن. مەسىلەن، مەن دوستۇمنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارغان بولسام تۆردە دادىسى ئولتۇرىدىكەن. ئەگەر مەن دوستۇمنىڭ ئۆيىگە تەكلىپ قىلىنغان بولسام، بۇ سورۇنغا ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ تەكلىپ قىلىنغان بولسا دوستۇم تۆردە ئولتۇرىدىكەن. ئاتا-ئانىسى مېھمانلار قاتارىدا ئولتۇرىدىكەن. تۇل ئايال پروپېسسورلارنى بۇ قائىدىگە تازا ئەمەل قىلىپ كەتمەيدىغاندەك ھېس قىلدىم. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بۇ ئىش كۆزۈمگە چېلىقمىدى. بىر قېتىم بىر ئۇيغۇر مېھمان ئىبىسىدە يوق ئامېرىكىلىقنىڭ ئۆيىدە تۆردە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. بۇ چاغدا ساھىپخان ھېچ تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرمايلا مېھمانغا «بۇ دېگەن مېنىڭ ئورنۇم، سەن خاتا ئولتۇرۇپ قاپسەن. بۇ ئورۇندىن باشقا ئورۇندا ئولتۇرغىن» دەپ قوپۇرۇۋېتىپتۇ.

بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بېرىپ تەكلىپ بويىچە قونۇپ قالدىم. ئەتىسى قارىسام دوستۇمنىڭ ئانىسى ئۆزى ناشتا قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىزگە ناشتىلىق يوق. شۇنىڭ بىلەن دوستۇم ئىككىمىز سىرتتا چىقىپ قورساقنى غەملەپ كەلدۇق. شۇ كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئادىتى بويىچە تاتلىق تۈرۈملەردىن يېدۇق. ھازىرلىغان نەرسىلەر خېلى باردەك قىلغان لېكىن بىزگە ئازراقلا قويۇپ قالغىنىنى توڭلاتقۇسىغا سېلىپ قويدى. داستىخان بىر پەستە قۇرۇقدۇلۇپ قېلىۋاتسىمۇ ئايال ساھىپخان توڭلاتقۇسىدىن ھېلىقى تاتلىقلارنى چىقارمىدى. مەن ئامېرىكىدا تۇرۇش

جەرياندا ئۇنداق مېھماننى تاماقتىن كېيىنكى تاتلىق تۇرۇمگە چارقىرىپ قويۇپ داستىخانغا شۇنىڭدىن باشقا ھېچ نېمە تىزمايدىغان ئامېرىكىلىقلارنى خېلى كۆردۇم.

ئامېرىكىلىقلار ئادەتتە بەك ئىززەتلىك ۋە يېقىنلىق يۈزىسىدىن بولمىسا باشقىلارنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرمايدۇ. چۈنكى ئۆي ئۇلارنىڭ خۇسۇسىي ھاياتىدىكى ئارامگاھ بولغاچقا باشقىلارنى ئاسان يېقىن يولاتمايدۇ. باشقىلارغا ئۆيىنىڭ ئادرىسىنى دەپ بەرمەيدۇ ھەم سورىمايدۇ. ئەمما سىرىتتا، رېستورانلاردا بىر بىرىنى مېھمان قىلىش تولىمۇ نورمال بىر ئىش. يۇرتىمىزدا رېستورانپەرەسلىك ئەۋج ئالغان يىللاردا ئۆيىدە قوي ئۆلتۈرسە ئەزىزلەنمىگەندەك كەيپىياتتا بولۇپ رېستورانغا چاقىرسا ھاياجانلىنىدىغان پۇچەكلىك باش كۆتۈرگەن ئىدى. مەن بۇنىڭدىكى سەۋەبنى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھۆرمەتنى، ئەزىزلىكنى جامائەت ئالدىدا يەپ ئىچىپ كۆرەڭلىك، داغۋازلىق قىلىشتىن ئىزدەۋاتقانلىقىغا باغلاپ چۈشىنىمەن. يەنە بىرى ئۇيغۇرلاردا ئۆيدە ھاراقخورلۇق قىلىش ھەزەر قىلىنىدىغان خاھىش بولغاچقا رېستوراننىڭ بۇنىڭغا قولايلىق ياراتقانلىقىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك.

ئۇيغۇرلاردىكى مېھماننى تۆرگە باشلاش ئادىتى بىلەن ئامېرىكىلىقلاردىكى مېھمانغا تۆرنى بەرمەسلىك ئوتتۇرىسىدا ھالقىلىق تەپەككۇر پەرقى بارمىكىن دېگۈم كېلىدۇ. مەنچە ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەر قانداق ئەھۋالدا تۆرنى بەرمەسلىكىگە ئۇلارنىڭ مۇتلەق مەنچىللىكنى مەركەز قىلغان تەپەككۇر ئادىتى سەۋەپ بولغان. بۇ خىل تەپەككۇردا شەخسنىڭ خاھىشى، ئېھتىياجى، غايىسى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. ئامېرىكىلىقلاردا ھاياتتىكى بارلىق توغرا-خاتا، ياخشى-يامان، پايدىلىق پايدىسىز قاتارلىق ئامىللارغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئاچقۇچى شەخسنىڭ قولىدا. بۇ ئاچقۇچنى قانداق قوللىنىش شەخسنىڭ ھوقۇقى. پەقەت قانۇنغا خىلاپ بولمىسىلا بۇنداق تەپەككۇر چەكلىنىشتىن مۇستەسنا. ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇنداق

تەپەككۇر ئادىتى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. ئۇلار ئائىلىۋي ھاياتتا ئۆزىنى بىرىنچى ئورۇنغا، ئايالى ۋە بالىلىرىنى ئىككىنچى ئورۇنغا، ئاتا- ئانىسىنى ئۈچىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. نەچچە بالىسى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئائىلىسىدىن كۆڭلى قالغان ھامان ئاجرىشىدۇ. شۇڭا ئامېرىكىدا بىر بالىسىنى ئۆگەينىڭ قولىغا قويمايمەن دەپ تۇل ئۆتۈپ كەتكەن ئايال ياكى ئەر يوقنىڭ ئورنىدا. مېھماننى تۆرگە باشلاش ياكى تۆردە ئۆزى ئولتۇرۇش ئۇيغۇرلار ۋە ئامېرىكىلىقلاردىكى تەپەككۇر پەرقى ئەمەس بەلكىم ئادەت پەرقى مەسىلىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداق، مېھماننى تۆرگە ئېلىش ئالماسلىق ئادەت مەسىلىسى بولۇشى ئېھتىمال، ئەمما مېھماندارچىلىقتا زىيادە ئىسراپخورلۇق قىلىش، ئۆز ئىقتىسادى ئەھۋالىغا نامۇناسىپ مېھمان ئۇزۇتۇش ئۇيغۇر مېھماندوستلۇقىدىكى پۇچەكلىك بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇردىكى مېھمانخانىسىنى شۇنچە كاتتا بېزەشكە چىدىغان كىشىلەرنىڭ ئاشخانا، مۇنچا، خالا قاتارلىقلارنىڭ راھەت ئازادە، چىرايلىق بولۇشىغا سەل قارىشى باشقىلارنىڭ باھاسى ئۈچۈن ياشايدىغان پۇچەكلىكنىڭ بەلگىسى بولۇشى مۇمكىن. تەپسىلىرەك ئويلاپ باقساق ئامېرىكىلىقلاردا «خەق قانداق ئويلاپ قالار»، «مۇنداق قىلسام سەرت تۇرارمۇ»، «دوست دۈشمەننىڭ ئالدىدا مۇنداق قىلىپ كۆرسۈتۈپ قوياي»، «كىم دېسە، پۈستانى دەپ قالسۇن» دېگەن سۆزلەنمىلەرنىڭ كۆپ تىلغا ئېلىنماسلىقىدىن ئۇيغۇردىكى يۇقارقى قاراشنىڭ ئەكسىگە ئوخشايدىغان بىر نەرسىنى ئاڭقارغاندەك بولىمىز. يۇرتلىرىمىزدا ئەۋج ئالغان مېھماندوستلۇق نامىدىكى داغۋازلىق، ھەشەمەتخورلۇقتا بەلكىم، ئۆزىنىڭ ئاجىز رىيال ھالىتىگە يۈزلىنەلمەسلىك ۋە بۇ ھالەتنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا پەدەزلەپ كۆرسۈتۈش، ئۆزىنى ھازىرقى ھالىتىدىن يۈكسەكرەك تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە شۇ تەسەۋۋۇرىدىكى ئوبرازى ئۈچۈن خەقنىڭ ئالدىدا زورۇقۇشتەك روھىي بىنورماللىق ئەكس ئەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم بۇ يەردە ئاساسى شەكىللەندۈرگۈچى ئامىل جەمئىيەتتە ئەۋج ئالغان ۋە ئادەتكە ئايلانغان ساختىلىق، تۆۋەننى سىلىق قۇرۇق گەپ بىلەن

ئالداپ يۇقۇرىغا خۇشامەت قىلىش، ھۆكۈمەت پۇلىغا ھەشەمەتلىك يەپ ئىچىپ ئىسراپخورلۇق قىلىش، خەلققە بىرنى ئون كۆرۈشكە ۋە كۆرسۈتۈشكە كۆندۈرۈش قاتارلىق جەمىيەتلەشكەن چىركىنلىكلەر بولۇشى مۇمكىن.

ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار مېھماندوستلۇق جەھەتتە ئامېرىكىلىقلاردىن پەرقلىنىدۇ ھەمدە ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارغىمۇ تامامەن ئوخشىمايدۇ. مېھماننى ئەھۋالىغا يارىشا ئۇزۇتۇش، مېھمانغا ئۆيدىكى بارنى ئالدى كەينىنى سۈرۈشتۈرمەي ئاتىۋەتمەسلىك ئاللىقاچان ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. ئەمما ئۇلار ئامېرىكىلىقلاردىنمۇ كەسكىن پەرق قىلىدۇ. مېھماننى ۋەتەندىكىدەك تۆرگە ئالىدۇ. ئۆيدە قوندۇرىدۇ، قولىدىن كېلىشىچە خىزمىتىدە بولۇپ خۇرسەن قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئۆيدە بارنى ئىمكان بار قويالىغانچە مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپ قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. ئامېرىكىدىكى تۈركىيە تۈركلىرى بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلاردىن بەكرەك ئامېرىكىچىلىشىپ كەتكەن. ئۇلار تۆرنى مېھماندىن تالاشمىغان بىلەن داستىخاننى ئۇيغۇردەك مول ھازىرلىمايدۇ.

# ئامېرىكىلىقلار ۋە ئۇيغۇرلاردا شەخس ۋە ئاۋام چۈشەنچىسى

— ئۇيغۇرلار ۋە ئامېرىكىلىقلاردا شەخسنىڭ غەلبىسى ۋە ئومۇمنىڭ تۆھپىسى

بىز ئۇيغۇرلاردا «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەن تەمسىل بار. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «چاڭ»نى غەلىبىگە ئېرىشىش جەريانىدىكى داۋراڭ دېسەك، «داڭ»نى شۇ چاڭلىق جەريان ئېلىپ كەلگەن غەلىبە دېيىش مۇمكىن. چاڭلىق جەرياندىن داڭلىق نەتىجە يارىلامدۇ؟ داڭق چىقىشتىن بۇرۇن چوقۇم چاڭ چىقىرىش كېرەكمۇ؟ مەنچە داڭق چىقىرىشتىن بۇرۇن چاڭ چىقىرىشقا ئالدىراش «ھەممە ئىش نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەل» دېگەن تەلىمگە خىلاپ كېلىدۇ. ئىشنى باشلا باشلىماي چاڭ چىقىرىشنى ئويلاش غەلىبە جەريانىدىكى يالغۇزلۇقنا، زېرىكىشكە چىدامسىزلىق قىلىش دېمەكتۇر. بۇنداق چاڭ — داۋراڭسىز ئىش قىلالماسلىق، يالغۇز ئاتنىڭ — شەخسنىڭ ئاۋامغا ئوخشىمايدىغان غەلىبىسى، خاھىشى، مەيلى، تۇيغۇلىرىنى جىنايەتتەك كۆرۈپ تەقىپلەش، ئىنساننىڭ ئىجادىيەت، تۆھپە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئومۇمنىڭ پاسسىپانلىقىغىلا باغلاپ قويۇش نەدىن كەلگەن؟ «خەق نېمە بولسا بىز شۇ»، «توپقا كىرىۋالساڭ شامال تەگمەيدۇ» دېگەندىكى مەنتىقىدە تەكىتلەنگىنى شەخسنىڭ ئەركىنى ۋە مۇستەقىللىقىنى ئاۋامنىڭ بۆشۈكى ئىچىدە بىخوتلاشتۇرۇش، ئۇخلۇتۇشتۇر. شەخسنىڭ قەدىر قىممىتىنى دەريادىكى خەسكە، قۇملۇقتىكى قامغاققا ئوخشاش ئەرزىمەسلەشتۈرۈش قانداق ئومۇملاشقان؟ بۇ قاراشلارنىڭ ئۇلى قانداق قويۇلغان؟

بۈگۈنكى «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى»گە قارايدىغان بولساق ئومۇمنىڭ ئېتىياجلىقى، خاتىرجەملىكى، بىرلىكنىڭ قۇدرىتى

تەكىتلەنگەن ماقالىلار ھەقىقەتەن جىق، ئەكسىچە شەخسنىڭ مۇستەقىللىقى، ئىجادچانلىقى، دەخلىسىزلىكى ئۇرغۇلانغان ماقالىلار يوقنىڭ ئورنىدا. بەلكىم ئۇيغۇرلاردا بۇ ئۇقۇملار بولغان بولسىمۇ بىرگە كىتاپ ھالىتىدە يېتىپ كەلمىگەن. ئۇيغۇر ماقالىلىرى كوپېراتسىيەلىشىش ھەركىتى تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان، كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشەببۇس قىلىنىپ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تەقىپ قىلىنىۋاتقان زاماندا توپلانغان بولغاچقا كىشىلىك خاسلىق، شەخسنىڭ ھۆرلۈكى، شەخسنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە دائىر ماقالىلار قەستەن توپلانمىغان ياكى چىقىرىپ تاشلانغان بولۇشى مۇمكىن. جوڭگونىڭ ئالتىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدىغان دىيارىمىزدا كوللېكتىپ ئىگىلىك ۋە ئۇنىڭ تۈغۈندىسى بولغان پىلانلىق ئىگىلىك بەك ئۇزۇن داۋاملىشىپ كەتكەچكىمۇ، يا كوللېكتىپ ئىگىلىك يوقۇلۇپ ئۇزۇنغا بارماي مىڭلەرنىڭ بوش يەرلىرى بۆلگۈنچۈلۈككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش تەشۋىقاتلىرى بىلەن ئوسا قىلىنىپ كەتكەچكىمۇ شەخسنىڭ رولى، قۇدرىتى، تۆھپىسى ئىزچىل نەزەرلەرنىڭ سىرتىدا قالدى. مەنچە بىرىنچىدىن، جەمىيەتتىكى ئىنساننىڭ مۇستەقىللىقى، ئىجاتچانلىقى ۋە غۇرۇرىنىڭ دەخلىسىزلىكى بىلەن جامائەتنىڭ بىرلىكى، مەنپەئەتى ۋە يۈز ئابرويى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدىكى قاراشنىڭ ئوخشىماسلىقى، ئىككىنچىدىن، شەخسنىڭ غەلبىسىدە ئومۇمنىڭ مەدىتى ۋە تۆھپىسىگە بولغان تونۇشتىكى ئوخشىماسلىق، ئۈچىنچىدىن، ئىتتىپاقلىق بىلەن ھەمكارلىق ئۇقۇمى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنە ۋە بۇلارنىڭ تەركىبلىرى، تەشكىللىنىشى ھەققىدىكى پوزىتسىيە ۋە قاراشلاردىكى ھاڭلار بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئامېرىكىلىقلاردىكى ھالقىلىق چۈشەنچە پەرقىدۇر.

ماڭا ئۆگۈتۈلگەن شەخس ۋە ئاۋام چۈشەنچىسىدىكى سىرلار

مەن ئامېرىكىدا تۇرۇۋاتقان چېغىمدا مەيلى تۈركىيەدىكى، گېرمانىيەدىكى ۋەياكى ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن ھەممىسىنىڭ ئاغزىدىن «بىرلىك،

ئىتتىپاقلىق» ھەققىدىكى شۇئار كۆپ تۆكۈلەتتى. بۇنداق شۇئارنىڭ تولا تۇۋلۇنۇشى بىر ياقتىن كىشىگە موھىم ئۇقۇملارنىڭ تەكىتلىنىشىدەك تۇيۇلسا، يەنە بىر ياقتىن ئەمەلگە ئاشماس كونا تەشۋىقاتنىڭ ئەزۋەيلىنىشىدەك تۇيغۇ بېرەتتى. مۇشۇنداق تەشۋىقاتلارنىڭ كاساپىتىدىن بولسا كېرەك بىر ئوبدان تەنقىد ۋە پىكىرلەر «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكى ئۈچۈن زىيانلىق» دېگەن قالپاقلارغا مەھكۇم قىلىنىپ يوققا چىقىرىلاتتى. مۇشۇنداق تەنقىد ۋە پىكىرلەر بولغان ئىنتىرنىت توردىكى مۇنبەرلەرنى كۆرۈۋېتىپ ئۆزەمنى ئامېرىكادا تۇرۇۋاتقاندەك ئەمەس، قەشقەردە سىياسىي ئۆگۈنۈشتە بولۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالاتتىم. ھەق ناھەق، توغرا خاتا ھەققىدىكى ئەقلى تەپەككۇر ۋە ھۆكۈملەرنىڭ قانداقتۇر مەۋھۇم ئومۇمىي مەنپەئەت ۋە قۇدرەتنىڭ سايىسى ئاستىدا ئىنكاسسىز غايىپ بولۇشى مېنى ئويغا سالاتتى. ئوبامانى تىللىسا بولۇدۇغان دۆلەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇردىن چىققان بىرەر نوپۇزلۇقنىڭ قىلغان ئەتكەنلىرى ھەققىدىكى پەرقلىق قاراشلىرىنى جامائەتنىڭ ئالدىدا يۈزمۇ يۈز ئوتتۇرىغا قويۇلمايتتى. بىرەر مەسىلىگە يولۇققاندا دائىم ئىتتىپاقلىق ھەققىدىكى سۆلھىي سالالار مۇنازىرىنىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن خۇلاسىگە ئېرىشىشىنى كۆپۈككە ئايلاندۇراتتى.

ئامېرىكىدا مەيلى مەكتەپتىكى دەرس، تەجرىبە ياكى تەتقىقاتتا بولسۇن ئىتتىپاقلىق تەكىتلەنمەيدۇ. جوڭگودا بولۇپمۇ دىيارىمىزدا تولا بەك تەكىتلىنىدىغان ئىتتىپاقلىق دېگەنگە تەڭداش تەكىتلىنىدىغان سۆز ئامېرىكىدا ھەمكارلىقتۇر. دىيارىمىزدا تەكىتلىنىدىغان ئىتتىپاقلىقتا شەخس پەقەت ئەگەشكۈچى، بويسۇنغۇچى، ئۆز خاسلىقىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە جامائەتنىڭ ئېتىراپىغا ۋە پاناھىغا سىغىنغۇچى. ئامېرىكىدا تەشەببۇس قىلىنىدىغان ھەمكارلىقتا بولسا شەخسنىڭ خاسلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ ۋە ئەڭ مۇۋاپىق شەكىلدە تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇدۇ ۋە ياكى شۇنىڭغا شارائىت ھازىرلىنىدۇ. ھەمكارلىق قاتناشقۇچىلارنىڭ قابىلىيىتى، بەھرىلىنىشى ۋە شىرىكلىشىشى بەدىلىگە ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. ھەمكارلىقتا پائالىيەتنى

تەشكىللىگۈچى پەقەت ئىشتىراكچىلارنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى تىپىپ چىقالايدىغان ۋە ئايرىم ئەۋزەللىكلەرنى ماھىرلىق بىلەن ئورتاق ئۈستۈنلۈك قىلىپ بىرلەشتۈرەلەيدىغان قابىلىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. دىيارىمىزدا تەكىتلىنىدىغان ئىتتىپاقتا تەشكىللىگۈچى قاتناشقۇچىلارنىڭ خىزمەت ھاياتىدا مۇتلەق ھوقۇققا ئىگە بولىدۇ. تەشكىللىگۈچى ئىشتىراكچىلارنىڭ خاھىشلىرىنى باشقىلارغا نائىنىق پەقەت ئۆزىنىڭ نەزىرىدىلا موھىم بولغان ئورتاق مەنپەئەتكە دەپىن قىلىۋېتىدۇ. تۆۋەندىكى مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن بىر ۋەقە بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئامېرىكىلىقلارنىڭ تەشكىللىگۈچىنىڭ نوپۇزىغا بولغان قارىشى ۋە پوزىتسىيەسىدىكى پەرقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئامېرىكىدىكى ئوقۇشۇمنىڭ بىر يىلى بىر تەتقىقات پروگراممىسىغا قاتنىشىشقا تىزىملاتتىم. پروگرامما يازلىق تەتىلگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولغاچقا باشقا ئىشىم يوق ئىدى. يازلىق تەتىل كەلگەندە تۇيۇقسىز بالام ۋە ئايالىمنىڭ پاسپورتى چىقىپ قېشىمغا كېلىدىغان بولدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەمەلىيەتتە ئائىلەمنىڭ كەلگەنلىكىنى باھانە قىلىپ بارماسلىقىم تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئايالىم ۋە بالامنى ئېلىپ باراي دېسەم دەسلەپتە گەپ ئۇنداق دېيىلمىگەن ئىدى. ناۋادا مېڭىشقا بىر قانچە كۈن قالغاندا بۇ ئىشنى تىلغا ئالسام تەشكىللىگۈچىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويۇشۇم ۋە بۇ سەۋەبلىك بۇندىن كېيىنكى پروگراممىلارغا قاتنىشالماسلىقىم مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن تەشكىللىگۈچىنى رەنجىتمەسلىك ئۈچۈن بۇ گەپنى دېمىدىم. ئامېرىكىغا كېلىپ ئەمدى ئىككى ھەپتە بولغان بالام بىلەن ئايالىم باشقا بىر شتاتتىكى دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بارغاچ ساياھەت قىلىپ كېلىدىغان بولدى. پروگرامما ئۈچۈن يىغىلىپ تەتقىقات باشلىنىپ بولغاندا مېنىڭ مەسىلەم ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى. ئەسلى مەن بۇ گەپنى تەشكىللىگۈچىگە دېگەن بولسام ئۇلار ئايرۇپىلان بىلەت، ياتاق ۋە باشقا شارائىتلارنى يارىتىپ تۇرمۇشۇمغا قولايلىق يارىتىپ بېرەتتىكەن. مەن

جوڭگوُدا كۆنگەن خۇيۇم بويىچە بۇ تەتقىقات پروگراممىسىدا ئۆزەمنى بىر پاسسىپ ئەگەشكۇچى، ئايالىم ۋە بالامنىڭ ئىشىنى مېنىڭ خۇسۇسىي ئىشىم، بۇ ئائىلىلەرنى خىزمەتكە ئارىلاشتۇرۇش نامۇۋاپىق دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىمەن. ئويۇمنىڭ ئەكسىچە نەچچە يىل كۆرۈشمىگەن ئائىلەمنى تاشلاپ تەتقىقاتقا كېلىشىم ئامېرىكىلىق ھەمراھلىرىم ئۈچۈن تولىمۇ نامۇۋاپىق ھەتتا قوبۇل قىلغۇسىز غەلىتىلىك بولۇپ تۇيۇلۇپتۇ. نېمىشقا قېيىنچىلىقىمنى يوشۇردۇم؟ نېمىشقا تەشكىللىگۇچىنى رەنجىتىپ قويۇشتىن قورقۇپ ئۆزۈم خالىغان قارارنى چىقىرالمىدىم؟ نېمىشقا شەخسىي خاھىشىمنى گۇناھنى يوشۇرغاندەك تىقىشتۇرۇپ ئاشكارە دېيەلمىدىم؟

جوڭگوُدا، بولۇپمۇ دىيارىمىزدا بىر كىشى مەدھىيەلەنسە «ئائىلىسى خەتەردە قالغاندىمۇ باشقىلارنى ئالدىن ئويلىغان، خەلقنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئائىلىسىنى قۇربان قىلغان، ئۆز ئارزۇسىنى جامائەت مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇپ ئۇن تىنىسىز خىزمەت قىلغان، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ئىللىق ئائىلە مېھرىنى قۇربان قىلغان، مۇھەببىتىنى ئەل ۋەتەنگە بېغىشلىغان» دېگەن سۆزلەر دائىم تەكرارلىنىدۇ. بىزدىكى تەشۋىقاتتا ئاساسى ئېقىمغا ئايلانغان بۇ گەپ ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈن تولىمۇ بىنورمال ئاڭلىنىدۇ. ئۇلارغا بۇ ئالجىغانلىقتەك، جۆيلۈشتەك تۇيۇلىدۇ. چۈنكى بۇ تەرغىباتتا ئىنساننىڭ خۇسۇسىي ھاياتى ۋە ئارزۇسى جامائەت مەنپەئەتىگە قارشى قويۇلۇپ قەستەن يوققا چىقىرىلغان. بىر ئىنساننىڭ كىشىلىك غايە، ئىستەك ۋە تەلەپلەردە بولۇشى ئۇياتلىق ئىشتەك كۆرسىتىلگەن. مەنچە بۇ جانسىز ئىدولوگىيە تەلەپ قىلىدىغان شەخسىيەتسىز ھاياتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ، جانلىق تۇرمۇش تەلەپ قىلىدىغان شەخسىي ھاياتنى، ئىنسانىي تۇيغۇنى ئىنكار قىلىشتۇر. بۇ يەردە تەكىتلەنگىنى ئىدولوگىيە يارىتىش ۋە تارقىتىشتا تەشەببۇسكار گورۇھنىڭ بۇلاردىن مەھرۇم كىشىلەرنىڭ شەخسىيىتىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن يەمچۈككە، ئولجىغا ئايلاندۇرۇشىدۇر. مۇشۇنداق تەشۋىقاتنىڭ سايىسىدە ھېلىقى گورۇھقا مەنسۇپ كىشىلەر بويسۇنغۇچىلارنىڭ قۇربانلىقلىرى بەدىلىگە خاتىرجەم شەخسىي ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشىدۇ. مەن يۇقارقىدەك شەخسنىڭ ئەڭ

ئەقەللىي ئىنسانىي تەلەپلىرى گۇناھلىق قىلىقتەك يوشۇرۇلۇدۇغان جەمىيەتتە ياشىغانلىقىم ۋە مارئارىپ كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئامېرىكىدىمۇ خاھىشىمنى يوشۇرۇپتىمەن. ئۆزەمنىڭ ئىقتىدارى ۋە ھەمكارلىقتىكى رولۇمنى تەشكىللىگۈچىنىڭ نوپۇزى ئالدىدا ئەرزىمەس كۆرگەنلىكىم سەۋەبلىك ئىنسانغا خاس تەلەپلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇش پۇرسىتىمدىن ئۆزلۈگۈمدىن ۋاز كېچىپتىمەن. نەتىجىدە تالالاش ھوقۇقۇمنى تەشكىللىگۈچىمنىڭ نوپۇزى ۋە ئەرزىمەس نەپ ئالدىدا پايخان قىلىپ ئامېرىكىلىقلارنىڭ غەلىتە مەخلۇققا ئايلاندۇرۇلغاندەك نەزەرلىرىنىڭ ۋەزنىدىن قەددىم ئېگىلىپ مجىلىپ كەتكەندەك تۇيغۇدا بولۇپ ئازاپلىنىپتىمەن.

ۋەتەندە تېلېۋىزورلاردىن مۇنبەرلەرگە چىققان تەلەيلىك غالىپلارنىڭ «تۆھپەم خەلقىمگە مەنسۇپ، خەلقىنىڭ خاتىرجەملىكى مېنىڭ خۇشاللىقىم. پارتىيە ھۆكۈمەت بولمىغان بولسا بۈگۈنكى كۈنلىرىم بولمىغان بولاتتى...» دېگەندەك سۆزلەنمىلىرىنى ئاڭلىسام مۇشۇ كىشىلەر ياراتقان تۆھپىسىنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، ئۆزى مەڭگۈ بىلىپ يېتەلمەيدىغان، رۇشەن كۆز ئالدىغىمۇ كەلتۈرەلمەيدىغان بىر گورۇھقا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قانداقمۇ تىرىشقۇسى كەلگەندۇر، ھەر ئىشنى باشلىغاندا «بىسمىللاھ» دېمەي خەلقىم دەپ تاشلىغاندىمۇ؟ دەپ ئويلاپ كېتىمەن. ئۇلاردىكى يالغانچىلىقتىن بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كېتىدۇ. ئەجەبا ئىنساننىڭ ھۆرمەتلىنىشكە تەشنا بولۇشى، مەشھۇرلۇققا مۇشتاق بولۇشى، بايقاشقا بولغان شەيدالىقى، سېھىرلىك شەيئىلەرگە بولغان مەپتۇنلۇقى گۇناھمۇ؟ ئىنساننىڭ ئۆز ھەق-ھوقۇقى ئۈچۈن كۆكرەك كېرىشى، ئۆز غۇرۇرىنى قوغدىشى، ئەقىدىسىگە جان پىدالىق قىلىشى قەھرىمانلىق سانالمامدىكەن؟

## ئەدەبىيات ۋە تەشۋىقاتتا شەخس ۋە ئاۋام چۈشەنچىسى

مەن ئوقۇغان سوتسىيالىستىك رېئالىزمغا مەنسۇپ ئۇيغۇرچە بەزى رومانلاردا قەھرىمان خەلقىنىڭ كۈلپەتلىك تەقدىرىنى تونۇپ يېتىپ مەلۇم

ئىلغار ئېدىيىنىڭ تۈرتكىسىدە ئاۋۋال خەلقنى قوزغۇتۇپ ئىنقىلاپ تەشكىللىدۇ ۋە پىداكار ئاۋامنىڭ كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئېنگىلىزچە رومانلاردا بولسا سۆيگۈنىدىن جۇدا بولغان، ئائىلە- بالىسىدىن مەھرۇم قالغان، خانىۋەيران قىلىنغان، ۋەتىنىدىن قوغلانغان قەھرىمان يالغۇز قىساسقا ئاتلىنىدۇ. رەقىبىنىڭ زۇلمەتچى كۈچلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدىن كېيىن ئۆزىگە ئوخشاش قىسمەتتىكى كىشىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ دۈشمەندىن ئىنتىقام ئالىدۇ. ئۇيغۇرچە رومانلاردا قەھرىمان پادىچى، خەلق پادا؛ قەھرىمان ئاقارتقۇچى، خەلق قارا ساۋات، قەھرىماننىڭ ئىدىيىسى خىسلەتلىك سوپۇن، خەلقنىڭ ھالى كىرلەنگەن ماتا. شۇڭغا ھەيرانمەن، ئاۋامنى ھايۋان ئۆزىنىلا ئادەم سانايدىغان، خەلق قوزغالمىغىچە ئوتتۇرىغا چىقمايدىغان، خەلق مەرىپەتلىك بولمىغۇچە رەھبەرلىك قىلمايدىغان، ئۆزىنى ئەۋلىيا دانا، خەلقنى ئاڭقاۋ نادان كۆرۈپ كەمسىتىدىغان بۇ كىشىلەر قانداقچە قەھرىمان ئاتىلىپ قالدى؟ ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر قىسىم ئەسەرلەر قەھرىمان دەپ ئەۋلىيالارنى ياراتقاچقا ئوقۇرمەنلىرىمىزدە قەھرىمانلىققا تەلپۈنۈش، قەھرىماندەك بولۇش ئەمەس قەھرىمانغا چوقۇنۇش ئىدىيىسى شەكىللەندى. ئوقۇرمەنلەردە ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىدىغان كىشى ئۆزىدەك ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، ئالاھىدە خىسلەتلىك كىشىلەر بولۇشى كېرەك دەيدىغان قاراش پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىدەك ئادەتتىكى كىشىلەرنى ئاۋام يولىدىكى چوڭ ئىشلارنى قىلالمايدۇ، دەپ ئويلايدىغان بولدى. مەيلى تەشۋىقاتلار، جامائەت پىكرى ۋە ياكى رادىيو تېلېۋىزورلاردا بولسۇن چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقارغۇچىلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى، نەسەبى، تەربىيىلىنىشى قانچە غايىۋىيلەشتۈرۈلگەنچە ئاۋامغا ئۇلار شۇنچە سىرلىق، ئالاھىدە كىشىلەردەك تۇيۇلۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ھاياتى ئاددىي كىشىلەر تەدبىقلىيالمايدىغان مۆجىزىلىك ھاياتقا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياراتقىلى بولۇدۇغان ئەمەلىي نەتىجە سېھرى كارامەتكە، نەتىجە ياراتقۇچىلار كارامەتچى ئەۋلىيالارغا ئايلىنىدۇ.

كىچىكىمدە بېشىمدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىش ھېلىمۇ ئېسىمدە.

بەلكىم بىرىنجى يىللىقتا بولسام كېرەك نېمە ئۈچۈنكى ماتىماتىكىنى بىلەلمىدىم، شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ تەس دەرسىنى بىر ئۆگۈنۈپ ماتىماتىكا ئالىمى بولۇش ئىستىكى تۇغۇلدى. بىر كۈنى بۇ ئويۇمنى ئىككىنجى ئاكامغا ئېيتتىم. ئاكام بىر ماتىماتىكا ئالىمىنىڭ مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن يۈز ئىچىدىكى سانلارنى كۆپەيتىش ۋە بۆلۈشنى بىر قانچە مىنۇتتىلا ھېساپلاپ بولغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بەردى. ئۇ چاغدا ئۇنداق قىلىشىمغا كۆزۈم يەتمىدى. شۇندىن كېيىن مەن ماتىماتىكا بىلمەيدىكەنمەن، ماتىماتىكا ئالىمى بولالمىغۇدەكمەن دېگەن قارارغا كەلگەنىدىم ۋە خىيالىمدىن ۋاز كەچكەنىدىم. شۇندىن كېيىن تاكى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگىچە ماتىماتىكىدىن ساۋادىم يوق ئوقۇدۇم. شۇ چاغدا تىرىشىپ ئالىم بولغان بىر كىشىنىڭ مەن ئەگىشەلىگۈدەك بىر كەچۈرمىشى سۆزلەنگەن بولسا بەلكىم پايدىسى بولاتتى. ئالىم بولالمىساممۇ ماتىماتىكىدىن قۇرقۇدۇغان چالا ساۋات بولۇپ قالماستىم. ئامېرىكىدا ئوقۇغۇنۇم سەۋەبلىك تۇغقانلار ئارىسىدا مەنمۇ غالىپلار قاتارىدا سانىلىدىغان بولۇپ قالدىم. بىر جىيەنىم مېنىڭ تەرجىمالىمنى بىر تورغا قوسۇرسىز قىلىپ يوللاپ قويۇپتۇ. مەن باشلانغۇچتىن باشلاپ ئۈچتە ياخشى بولۇپ ئوقۇغانىمىشمەن... ۋاھاكازا. ئاڭلاپلا ئۆچۈرگۈزۈۋەتتىم. ھازىر تۇغقانلارنىڭ باللىرى ئالدىدا تولۇقسىزنى پۈتكۈزگىچە ئالگىبرا ۋە گىيومىترىيەدىن ئۆتۈپ باقمىغىنىمنى، تولۇق ئوتتۇرىدا بىر قېتىممۇ ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ باقماي ئوتتۇراھال ئوقۇغۇنۇمنى دېيىشىم قارشى ئېلىنمايدۇ. بۇنداق دېسەم ئۇلارغا ئۈلگە بولالماسمىشمەن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن مەنمۇ كىچىكىمدىن مۇكەممەل بولۇپ يېتىلگەن ئەۋلىيا بولۇشۇم كېرەك.

غەلىبە قازانغان كىشىلەرنىڭ خاھىشى، گۇناھى، بەندىلىكى ئېتىراپ قىلىنمايدىغان مۇھىتتا مۇۋەپپەقىيەتچىلەر ھەققىدىكى تەشۋىقاتتا بىرى غالىپلارنىڭ ھاياتىنى قوسۇرسىزلاشتۇرۇش، يەنە بىرى نەتىجىسىنى

سىرلىقلاشتۇرۇش، ئۇچىنچى بىرى يۇرتى، نەسەبى ۋە تەربىيىسىنى ئالاھىدىلەشتۇرۇش مەۋجۇد. مەسىلەن، بىر ئۇتۇق قازانغان ئۆلىما مەدىنىيەلەنسە ئۇنىڭ بوۋىسىمۇ ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپ قىلغان جامائەت ئەربابى بولۇپ چىقىدۇ. يۇرتى دىنىي ئالىملارنىڭ، ئىسلام ئاچقۇچىلارنىڭ قەدىمجايى بولۇپ چىقىدۇ. نەتىجىسى ئادەتتىكى كىشىلەر چۈشۈنەلمەيدىغان بىر دۇنياۋىي نەتىجە بولۇپ چىقىدۇ...ۋە باشقىلار. بۇنداق سىرلىقلاشتۇرۇشتا بىرى شۇ شەخسنىڭ ۋە شۇ شەخستىن نەپ ئېلىۋاتقان ماختىغۇچى ۋايىزلارنىڭ «تۆھپە»سى بار، يەنە بىرى ئاۋامدا «ئۇلۇغلاردا كارامەت بار» دەيدىغانلارنىڭ ئالدىنىش مايىللىقى مەۋجۇد. بۇنداق سىرلىقلاشتۇرش ۋە قۇسۇرسىزلاشتۇرۇش ئۇزاق داۋاملاشقاچقا ئاۋامدا نەتىجە ياراتقۇچىلارنىڭ نالايىق قىلىقلىرىنى «ئىبرەت ئۈچۈن قىلدى» دەپ چۈشۈنۈدىغان، كۆز بويامچىلىقلىرىنى «سېھرى كارامەت» دەپ بىلىدىغان، ئۇلارنىڭ نەسەبىنى، يۇرتىنى ۋە تەربىيىسىنى ئىلاھىيلاشتۇرىدىغان ئادەت شەكىللەنگەن. بۇنى ئۇيغۇر سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ ۋە تەشۋىقاتىنىڭ نەتىجىسى دەپ چۈشۈنۈش مۇمكىن.

مەنچە ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن «ئۇيغۇرلاردىن داھى چىقسا بولاتتى، بىزدە داھى يوق...» دېگەندەك گەپلەر بىز مەھكۇم بولغان تەشۋىقات ۋە ئەدەبىياتنىڭ قەھرىمان ئەمەس ئىلاھ ياراتقىنىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا كىشىلەرنىڭ داھى دەپ ئارزۇلاۋاتقىنى، كۈتۈۋاتقىنى ئەمەلىيەتتە مۇكەممەل «خۇدا»دۇر. تەھقىقكى، مۇكەممەللىك ئاللاھقا خاس، بەندە دېگەن ئازىدۇ. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىكى ئىنسان مەنىسىدىكى يالڭۇق دېگەن سۆزنى يېڭىلگۈچى دېگەن مەنىدىمۇ قوللانغان. قەھرىمانىنىڭ، شېھىتىنىڭ، ئالىمىنىڭ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۈلگۈلۈك كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى شەخسىيەتتىن خالى، نۇقسانىدىن يىراق، شەخسىي ئارزۇ، ھەۋەسلەردىن مۇستەسنا قىلىپ تەسۋىرلەش كىشىلەر ئارىسىدا غۇرۇر، نومۇس ۋە قىساس ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىدىغان قەھرىمانلىقنىڭ بىخلىنىشىنى بوغقانغا باراۋەر.

## تۈگەنچە

مەنچە شەخسنىڭ ئەركى، مۇھەببىتى، مۇستەقىللىقى، جاسارىتى، پىداكارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، مەدھىيەلەش ۋەھىملىك دەپ قارالغان، شەخسنىڭ تۆھپىسى، غەلىبىسى ۋە ياراتقانلىرى جامائەتنىڭ مەدىتى، رولى ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىشلىرى ئالدىدا ئەرزىمەسلەشتۈرۈلگەن جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ كۈنلىرى بىلىپ بىلمەي ئاجايىپ بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە، ئاجايىپ بىر ھالەتتە، مىسلىسىز كارامەتلەرنىڭ يارىلىشىغا تەقەززا بولۇپ ئۆتۈۋاتقان بولۇدۇ. شۇڭا بىر قىسىم كىشىلىرىمىزنىڭ ئاغزىدا «بىر ئىش بولسا بولاتتى، بىر يېڭىلىق بولسا بولاتتى، مىللەت جەڭدە ئەمەس سۆكۈتتە قىرىلىپ كېتىدۇ» دېگەنلەرنىڭ تولا تەكرارلانغانلىقىنى بايقايمىز. مۇھىت، تەشۋىقات، ئەدەبىيات ۋە پېشقەدەملەرنىڭ ئۆگۈتلىرى بويىچە بولغاندا بۇنداق كارامەت ۋە مۆجىزىلەرنىڭ يارىلىشى ئۈچۈن كارامەتچى ئەۋلىيالارنى كۈتمەك ئەڭ ئاقىللىق سانىلىدۇ. بۇنداق جەمئىيەت كىشىلەر شەخسنىڭ غۇرۇرىنى قوغداش ئۈچۈن قىلغان قەھرىمانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ-يۇ، بارلىق كىشىلەرنىڭ ئورتاق ۋىجدانىغا خىلاپ ئىشلارنى تۈزەش ئۈچۈن جان ئاتايدىغان خىسلەتلىك ئۇلۇغلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىنى تاما قىلىدۇ. نەتىجىدە بۇنداق جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئەتراپى قەھرىمانسىزلىشىپ قۇرساق ۋەسۋەسىسىدە جان تالىشىۋاتقانلارنىڭ نىداسى پىداكارلىق ھەققىدىكى ھەرقانداق ساماۋى چاقىرىقلارنى جاۋابسىز قويۇشى مۇمكىن.

# مەشرەپخۇمار ئۇيغۇرلار ۋە ئامېرىكىلىقلار

ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكىلىقلار بىلەن ئەڭ گەۋدىلىك ئوخشاشلىقى مەشرەپخۇمارلىق. ئامېرىكىلىقلارنىڭ مەشرىپىگە ئۇيغۇر مەشرىپىگە سۇ قۇيۇپ بېرەلمىسىمۇ ئامېرىكىلىق قاتناشقۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقى ئۇيغۇرلاردىن سۇس ئەمەس.

ئامېرىكىدا بىر مەھەللە كىشىلىرىنىڭ ئايدا بىرەر قېتىم ھېچ بولمىسا پەسىلدە بىرەر قېتىم مەھەللىدىكى بىر مەيدانغا ياكى بىرەر يەرگە يىغىلىشىپ دالا تاماقى يېيىشى بولۇپ تۇرۇدۇ. بۇنداق يىغىلىشلارغا ھەممەيلەن ئۆيلىرىدە ئەتكەن تاماقلىرىنى كۆتۈرۈپ تەڭ بەھرىلىنىشىدۇ. كاۋاپدانلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ بىللە غىزالىنىشىدۇ. مەن ئوقۇغان مەكتەپتىمۇ مەۋسۇمدا ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم پاكۇلتىت بويىچە يىغىلىش بولۇپ تۇراتتى. ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۇيغۇرلاردەك مەشرەپتە سازچىسى بولۇدۇغان بولسا كۆندە يىغىلىش قىلارمىكىن دەيمەن. شۇنچە ھەشەم بىلەن يىغىلىش قىلغان ئامېرىكىلىقلار ناخشا ئۇسسۇلسىز بىر كۈننى گەپ بىلەن كەچ قىلىشىدۇ. بەزىدە ئۇچار تەخسە ئويۇنى، قورغان توپ، ساھىل ۋالىبولى، ۋاسكېتبول ئوينىشىدۇ. مەن مەشرەپ دېسە بېشى ئاغرىيدىغان ئامېرىكىلىقنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇيغۇرلار بىلەن ئامېرىكىلىقلاردىكى ئورتاق مەشرەپخۇمارلىق ئىنسانىي ئاڭدىكى يۈكسەكلىكنىڭ ئىپادىسى. بۇنداق ئادەت ئىنساننى تەننىڭ تەقەززاسى ۋە ماددىي پاراغەتنى ھاياتتىكى بىردىن بىر مەنا دەپ قاراشتىن يىراقلاشتۇرۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇرلاردىكى مەشرەپخۇمارلىقنىڭ كارامىتىنى 2010-يىلى ئورېگان ئۇنىۋېرسىتېتىدا خەۋپتە قالغان تىللارنى خاتىرىلەش، ئارخىپلاشتۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنىغا ئىشتىراك قىلغاندا بىلدىم. بۇ يىغىندا ئۇيغۇر تىلى شۇ يىللىق ئارخىپلاشتۇرۇلۇپ خاتىرىلىنىدىغان تىللار تىزىملىكىگە تاللانغان بولۇپ مەن تىل مەسلەھەتچىسى بولدۇم. ئەگەر شۇ قېتىملىق يىغىندا تەتقىقاتچىلار بۇ تىلىمىزنى خاتىرلەشكە قىزىقمىسا مەن يىغىنغا

قاتناشقۇچى بولۇپلا قالاتتىم ۋە يىغىنىنىڭ مۇھاكىمە قىسمىغا قاتنىشىپ ئارخىپلاشتۇرۇش باسقۇچىغا كەلگەندە قايتىپ كېتىشىمگە توغرا كېلەتتى. مېنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم بۇنداق ئېھتىماللىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان بىر پائالىيەت ئۇيۇشتۇردى. ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنى تۈرلىرى بويىچە، رەسىملىك ۋە سىنلىق تونۇشتۇردۇق. نەتىجىدە بىرگە ئۈچ تەتقىقاتچى تىزىملاتتى. كېيىنكى شەنبە كۈنى ئۇيغۇرچە مەشرەپ قىلدۇق سانىمىز بەشكە كۆپەيدى. مېھمانلارنىڭ كېلىشىگە ئۈلگۈرتۈپ راك مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىنى قويۇپ قويدۇق، ئۇيغۇرچە تاماقلار يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇقامنىڭ مەشرەپ قىسمىنى قويۇپ ئۇسسۇل باشلىدۇق. مەشرىپىمىز شۇ كۈنى يىغىن تارىخىدىكى ئەڭ ئۇزۇن داۋاملاشقان زىياپەت بولۇپ قالدى. ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ سېھرى بىلەن بىزنىڭ ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى تەتقىقاتچىسى ئەڭ كۆپ، ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋە ئەڭ كۆڭۈللۈك بىر ئۇيۇشما بولۇپ چىقتى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىختىساد ئاجرىتىپ يۆلەيدىغان ھەر قايسى يەرلىك ئامېرىكا قەبىلىلىرىنىڭ تىلىنى ئارخىپلاشتۇرۇشنى تاللىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ سانى بىردىن ئاشمىدى. ئەمەلىيەتتە تەتقىقاتچىلار بۇنداق تىللارنى تاللىسا قازىنىدىغان ئىقتىسادى نەپىنى ئۇيغۇرچىنى تاللىغانغا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. چۈنكى ئۇلار كېيىنكى تەتقىقاتىدا توپلىغان تىل ماتېرىياللىرىنى قوللۇنۇپ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يۆلەيدىغان تەتقىقات خىراجىتىگە ئىلتىماس سۇنالايتتى. ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆزلىرى ئەينى ۋاقىتتا ئاسىملاتسىيە قىلغان ئىندىيان قەبىلىلىرىنىڭ تىلىنى بۇ تىللار يوقۇلۇشقا يۈزلەنگەندە خاتىرلەش ۋە ئارخىپلاشتۇرۇشقا بۇنچە زور مەبلەغ ئاجرىتىشى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرسىمۇ ئاجراتقان خىراجەتنىڭ كۆپلىكى ھەرقانداق تەتقىقاتچىنىڭ كۆزىنى قىزارتماي قالمايتتى. ھالبۇكى، تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپى يەنىلا ئۇيغۇرچىمىزنى تاللىدى. ئۇيغۇرچىمىز ساقلىغان چاخچاقلار، لەتىپىلەر،

ناخشىلار، قوشاقلار ئۇيغۇرچىنى ئارخىپلاشتۇرغان تەتقىقاتچىلارنى ھەيران قالدۇردى. دەرتمەننىڭ دەردىگە، بىمارنىڭ رەنجىگە، باغرى چاكنىڭ دەزلىرىگە مەلھەم بولۇدۇغان ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ كارامىتى بىلەن بىر يېرىم ئايلىق تەتقىقات، ئۆگۈنۈش ۋە ئۆگۈتۈش خىزمىتىمنى مەنىلىك ۋە نەتىجىلىك تاماملىدىم.

ئامېرىكىدا مەشرەپ زىياپەتلەر شاتلىنىش، تونۇشۇش، دوستلۇشۇش، تەبرىكلەش، ئۇزۇتۇش قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئۇيۇشتۇرۇلۇدۇكەن. قىزىمنىڭ يەسلىسىدە ئېنگلىزچىنى رۇسچىغا تارتىپ سۆزلەيدىغان بىر ئايال كاتىپ بولۇدۇغان. شۇ ئايال باشقا خىزمەت تېپىپ كەتمەكچى بولغاندا يەسلى بىر زىياپەت ئۇيۇشتۇردى. ھەممە ئاتا-ئانىلار تاماق تەييارلىغاندىن باشقا تۈرلۈك سوۋغاتلارنى تەييارلاپتۇ. سوۋغاتلار ئىچىدە كىشىلەرنى ئەڭ جەلىپ قىلغان ۋە كاتىپنى ھاياجانلاندۇرغان سوۋغات كىشىلەرنىڭ ئۆز قولى بىلەن ياساپ بەرگەن ھەدىيەلىرى بولدى. كاتىپ ئايال بىر ئوقۇغۇچىنىڭ دادىسى تىزىملاتقىلى كەلگەندە ئېنگلىزچىسى تازا ياخشى بولمىغانلىق سەۋەبىدىن بىر ئوماق خاتالىق سادىر قىلغانىكەن. مەزكۇر دادا شۇ قىزىقارلىق خاتالىقنى بىر پەشتامىغا تىكىپ سوۋغات تەييارلاپ كېلىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ كاتىپنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى بۇلدۇقلاپ كەتتى. مەشرەپتە ھەممە كىشى ئېلىپ كەلگەن تاماقلىرىغا ئېغىز تېگىشتى. كاتىپ خانىم رۇسچە ناخشا ئېيتىپ بەردى. يەسلى باللىرى ئوقۇتقۇچى ئۆگەتكەن ناخشىلارنىڭ سۆزىنى كاتىپنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ قىزىقارلىق قىلىپ ئۆزگەرتىپ كاتىپ قىزغا بولغان مۇھەببىتى ۋە قىيالماسلىق ھىسسىياتلىرىنى ئىزھار قىلىشتى. بۇلارغا قاراپ بىزنىڭ توي، خەتنە توي، زىياپەت قاتارلىقلاردىكى تەبرىكلەش، سوۋغات بېرىش ئۇسۇلىمىز بەكلا ماددىيلىشىپ كەتكەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. غەلىبە، خۇشاللىقلارنى تەبرىكلەپ مەشرەپ-سورۇن ئۇيۇشتۇرۇشتىكى مەقسەد شاتلىنىش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، بۇنداق سورۇنلارغا تەييارلانغان ھەدىيەلەرمۇ ساھىبخانىنى خۇش قىلىدىغان شەكىلدە بولۇشى ئەۋزەل. ئەپسۇسكى ھازىر ئۇيغۇرلاردا سوۋغات بېرىشتە قىپ قىزىل پۇل سورۇنمۇ سورۇن

ئايلاناماقتا. بۇ پۈتۈنلەي تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش بولۇپ پۇلنى ۋاستە قىلغان سوۋغىدىن كىشىلەرنىڭ بىر بىرىگە بولغان سۆيگۈسى ۋە ئەقىدىسىنى ھېس قىلىش قىلچە مۇمكىن ئەمەس. ئەسلى خۇشاللىق ئۈچۈن مەشرەپكە يىغىلغان، بىر بىرىنى مېھمانغا چاقىرغان بوۋىلىرىمىز مەشرەپ-سورۇنلاردا سوۋغات بېرىش يوسۇنىنى ئويلاپ تاپقاندا كۆڭۈلنى ئەۋزەل بىلگەن بولغىيدى. مانا ئەمدى زامان «ئاق مۈشۈك قارا مۈشۈك، چاشقان تۇتقان ياخشى مۈشۈك» دەپ ھەممە نەرسىنى پۇل بىلەن ئۆلچەيدىغان ھالغا كەلگەچكە بەزىلىرىمىز پۇلنى كۆرمىسەك كۆڭۈلنى تونۇمايدىغان ھالغا كەلگەن بولساق كېرەك.

ئامېرىكىدىكى چاغلىرىمدا ئېتىقادى كۈچلۈك كىشىلەرنىڭ ئۇيۇشتۇرغان مەشرەپلىرىگە كۆپرەك داخىل بولدۇم. بۇنداق كىشىلەرنىڭ تونۇيدىغانلىرىمۇ كۆپ بولسا كېرەك ھەر قېتىم بارغىنىمدا يېڭى كىشىلەرنى ئۇچرىتاتتىم. بەلكىم ئۇلار ھەر جۈمە ياكى يەكشەنبە كۈنلىرى مەسجىد ياكى چىركاۋغا يىغىلغاندا ئەمىر مەرۇپلاردا مېھرىۋانلىق تەكىتلىنىدىغانلىقتىن مەشرەپىنىڭ ۋاقتىنى شۇ چاغدا يېڭىدىن تونۇشقان كىشىلەر بىلەن بېكىتىپ قويسا كېرەك. ئېنىقكى، دىن ئىنسانلار ئارىسىدىكى شەپقەتنى، مۇھەببەتنى، خالىسلىقنى، ياردەمنى، ھەمكارلىقنى تەكىتلەيدىغان بولغاچقا دىندار كىشىلەرنىڭ ئۆملۈشۈش پۇرستى ۋە ئارزۇسى دىنسىز كىشىلەرگە قارىغاندا كۆپ بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلاردىمۇ ئېتىقادلىق كىشىلەر خوشنا خولۇملار ۋە دوست بۇرادەرلەر بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ ياشاشنى ئەۋزەل بىلىپ كەلگەنىگە نەچچە مىڭ يىل بولدى. ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ بىر رولىمۇ ئېتىقادنى كۈچلەندۈرۈش، قائىدە يۇسۇنلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىشىپ ياشاشقا ئۈندەشتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلاردىكى مەشرەپخۇمارلىقنىڭ بۈگۈنكى راۋاجى قاتار چايدۇر. بىنورمال ئۈندۈرمىسى ۋە ياكى غەيرى ئۆسمىسى بولسا رىستۇراپەرەسلىكتۇر. تۇرمۇش

رىتىمى ۋە تۇرمۇشىنىڭ سۈپىتى ئامېرىكىدىن تولىمۇ ئاستا ۋە پەرقلىق بولغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە رېستۇرانپەرەسلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى ھەيران قالارلىق ھادىسە. ئامېرىكىدا ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىكىدەك ئائىلىلەر بىلەن ئائىلىلار تانىسا ئۇينايدىغان، ئەرلەر توختىماي ھاراق ئىچىدىغان ھەيۋەتلىك رېستورانلار يوق. مەن ئامېرىكىدا تۇرۇش جەريانىدا بىرمۇ ئامېرىكىلىقنى رېستورانغا تەكلىپ قىلىپ باقمىدىم. بىرمۇ ئامېرىكىلىق مېنى رېستورانغا باشلىمىدى. ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆيىدە بولغان مەشرەپلەرگە كۆپ داخىل بولدۇم، بىر بىرىمىزنى ئۆيگە چاقىرىشىدىغان ئىشلار ئايدا بىر دېگۈدەك داۋام قىلىپ تۇردى. يەنە بىر پەرق ئامېرىكىدا مەشرەپلەر ھەرقانچە قىزىغان تەقدىردىمۇ ئىككى سائەتتىن ئاشمايدىكەن. تاماقلارنى ئۆزىمىز كۆتۈرۈپ بارىدىكەنمىز. ئۇيغۇرلاردا چاي ھازىر ئاساسەن ئۆيدە ئەمەس رېستورانلاردا ئۆتكۈزۈلىدۇ. رېستورانلاردىكى ئەڭ ئېغىر ئاپەت ئىسراپچىلىقتۇر. مەنچە ئۆيدە ئېتىلگەن تاماق، تارتىلغان داستىخاندا ساھىبخانىنىڭ مېھماندارچىلىقتا بولغان ئەجرى، مېھمانلارغا بولغان ھۆرمىتى ۋە سۆيگۈسى ئەكس ئېتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە رېستوراندىكى تاماق ھامان باشقىلاردىن سېتىۋېلىنغان «تاۋار» بولغاچقا مېھمان ۋە ساھىپخاندا ئاللىقاچان پۇل تۆلەپ بولۇنغان تائاملارنىڭ ئىسراپ بولۇشىغا قىيالماسلىق تۇيغۇسى بولمايدۇ. بەلكىم بۇ رېستورانلاردىكى ئىسراپچىلىقنىڭ بىر سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىرى بۇ ھۆكۈمەت پۇلىغا يەپ ئىچىش ئومۇملاشقان جەمئىيەتتىكى ئىسراپچىلىقنىڭ كىشىلەر تۇرمۇشىدىكى ئىنكاسى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

# خۇشخۇي ئامېرىكىلىقلار ۋە ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇرلارنىڭ مىجەزىدىكى خۇشخۇيلۇق ۋە ئۇمىتۋارلىق ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش تارىخى قىسمەتتىكى ھەرقانداق مىللەتتە كەم تېپىلىدىغان خىسلەتتۇر. بۇ جەھەتتە ئامېرىكىلىقلار بىلەن ئۇيغۇرلار خېلى زور ئورتاقلىقلارغا ئىگە. خۇددى ئۇيغۇرلار توي تۆكۈن ۋە باشقا سورۇنلارغا چاخچاقچىلارنى ئاتاپ چاقىرغاندەك ئامېرىكىلىقلارمۇ شۇنداقراق قىلىدىكەن. 2011-يىلى ئوباما بىر سورۇنغا بىر چاخچاقچىنى چاقىرىپ پۈتۈن سورۇندىكىلەرنى بىرمۇنچە كۈلدۈردى. ئوباماغا قارشى مەيدانغا چىققان بىر پىرىزدېنت نامزاتى شۇ سورۇندا چاخچاقلارنىڭ ھىچ قايسىسىغا كۈلمەي ئولتۇرغاننىڭ ئۈستىگە سورۇندىن قاپاقلىرىنى تۈرگەن پېتى ئايرىلىپ ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۈلكىسىگە قالدى. شۇ سورۇندا ئوباما ئۆزىنىڭ ئامېرىكىدا تۇغۇلغان ياكى تۇغۇلمىغانلىقى ھەققىدە گۇماندا قالغانلارغا ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان چېغىدىكى سىنغا ئېلىنغان كۆرۈنۈشنى قويۇپ بەمەكچىلىكىنى ئېلان قىلدى. ھەممە مېھمان ۋە ئاخباراتچىلار تەييار تۇرۇشتى. ئېكراندا كۆرۈنگىنى بولسا «شىر پادىشاھ» فىلىمىدىكى سىمبانىڭ يېڭى تۇغۇلغان كۆرۈنۈشى بولدى. پۈتكۈل ئامېرىكا خەلقى ۋە دۇنيا جامائىتىنىڭ ئالدىدىكى بۇ چاخچاق سورۇندىكى كىشىلەرنى ھارغىچە كۈلدۈردى. ئامېرىكىدا بۇنداق يىغىنلاردا ۋە يىغىلىشلاردا چاخچاق قىلىدىغان ئىشلار ھەمىشە بولۇپ تۇرىدۇكەن. ئوبامانىڭ پارلامېنتتىمۇ ياكى باشقا بىر يىغىلىشتىمۇ ئەيتاۋۇر قايسىدۇر بىر يىغىندا ئۇيغۇرلارنى يۇمۇرغا قوشقىنى مېنىمۇ بەك كۈلدۈرگەنىدى.

ئامېرىكىلىقلارنىڭ قىزىقچىلىقى بەزىدە سورۇن تاللىمايدىكەن.

ئامېرىكىدا ئاممىۋىي سورۇنلاردىكى تۈرلۈك ئېلان تاختىلىرى، ئاگاھلاندۇرۇش ئېباربلىرى، نامايىش شۇئارلىرى، تەشۋىقات جۈملىلىرىمۇ ناھايىتى ھەجۋى يېزىلىدىكەن. بىر كۈنى تېلېۋىزوردىن بىر شەھەردىكى ئاممىنىڭ نامايىش قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى كۆرۈپ قالدىم. نامايىشچىلارنىڭ لوزۇنكىلىرىغا تۈرلۈك ھەجۋىي رەسىملەر چاپلانغان ئىدى. بىر ھەجۋىي رەسىمدە شەرقتىكى بىر مۇستەبىت دۆلەتنىڭ رەھبىرى قولىغا يوغان بازغاننى ئېلىۋېلىپ ئۈستىگە «دۆلەت بىخەتەرلىكىمىزگە تەھدىت سالدى»، «دۆلەت مەنپەئەتىمىزگە ئاپەت كەلتۈردى» دېگەن خەت يېزىقلىق چاپان كەيدۈرۈلگەن بىر پاشىنى ئۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقان كۆرۈنۈشى سىزىلغان ئىدى. بىر كۈنى بىر شەھەردىكى يەنە بىر نامايىشتا ئامېرىكىلىقلارنىڭ قولىغا «بىز چاشقان ئەمەس!» دېگەن شۇئارنى كۆتۈرۈۋېلىشقانلىقلىرىدىن كۈلۈپ يېتىپ قالدىم. ئەسلى شۇ شەھەر مەمۇرىيىتى ئاۋات بىر يولغا يەر ئاستى ئۆتۈشمە ياسىماقچى ئىكەن. كىشىلەر شەھەرنىڭ بۇ پىلانىغا قارشى چىقىپتۇ. چۈنكى ئۇلار چاشقاندەك يولنىڭ ئاستىدىن تېشىلگەن كاماردىن مېڭىشنى خالىمايدىكەن. ئامېرىكىدا ئەۋرەز يوللىرىنىڭ بەلگىلىك يېرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈۋرۈكلارنىڭ ئۈستىگە «بۇنىڭ ئىچىدە ئۇزىمەن دېمەڭ، سىز بېلىق بولمىغاندىكىن» دېگەن خەت يېزىلغان بولۇپ ھەر قېتىم كۆرسەم كۈلۈپ سالاتتىم.

ئامېرىكىلىقلاردىمۇ لەتىپىگە ئوخشايدىغان يۇمۇرلار بار ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭكىدەك سورۇندا بىۋاستە توقۇلۇدىغان چاخچاقلار يوق. تۈرك مىللەتلىرى ئىچىدىمۇ لەتىپە ژانىرى ئاساسەن مەۋجۇد، ئەمما ئۇيغۇرلاردىكىدەك سورۇننىڭ ئۆزىدىلا توقۇلۇدىغان ھازىر جاۋاپ چاخچاقلار ۋە چاخچاقچىلار يوق. ئۇيغۇر چاخچاقلىرىدىكى لەقىمىنى كەلتۈرۈش، پاس چىقىرىش، قاتارى بويىچە چاخچاققا قېتىش...قاتارلىقلار يوق. بىر قېتىم ئۆزىگە جۈرئەت دەپ ئىسىم قويۇۋالغان بىر ئامېرىكىلىق ماڭا خەت يېزىپ تونۇشلۇق بەردى. ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم. پاراڭ جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرچىنى غۇلجىدا ئۆگەنگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. سەۋەبىنى سورۇسام بېيجىڭدىكى بىر سورۇندا غۇلجىلىق بالىلار بىلەن ئولتۇرۇپ قېلىپ

سورۇندىكى چاخچاقلارنى چۈشۈنۈش، ھوزۇرلۇنۇش ئۈچۈن ئۇيغۇرچە ئۆگۈنۈشكە قارار بەرگەنىكەن.

ئۇيغۇرلار بىلەن ئامېرىكىلىقلاردىكى خۇشخۇيلۇق ئورتاقلىقىنى خەلق ئارىسىدىكى تۈرلۈك گەپ ۋە پارچىلاردىنمۇ ھىس قىلىش مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردا «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دېگەن گەپ بولغىنىدەك، ئاڭلىشىمچە ئامېرىكىلىقلاردىمۇ «دۇنيانى خۇشخۇي كىشىلەر چۆرگىلىتىدۇ» دېگەن گەپ بار ئىكەن. ئامېرىكىدىكى چېغىمدا ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرچە ئۆگەنگەن بىر ئامېرىكىلىق بىلەن تولا خەت ئالاقىدا بولدۇق. بىر كۈنى ئۇ ئۆيۈمگە مېھمان بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭدىن ئۇيغۇرچە ئۆگۈنۈش جەريانىدا ئۆزىگە ئەڭ تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇيغۇرلارنىڭ مىجەزىنى ئەڭ مۇجەسسەم ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۇيغۇر خەلق ماقالىنىڭ قايسىلىقىنى سورۇسام «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دەيدۇ. ئۇ بۇ ماقالدا ئەكس ئەتكەن ئۈمىدۋارلىق، قورقماسلىق، قەيسەرلىك، تەۋەككۈلچىلىك، مەغرۇرلۇق ۋە مەردانىلىقتىن ئۇيغۇرلارنىڭ سىماسىنى كۆرگەندەك بولۇدۇكەن.

«ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دېگەن بۇ ئۇيغۇر ماقالىغا ئەقىدە باغلىغان، ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرچە ئۆگەنگەن بۇ ئامېرىكىلىقنىڭ ئىسمى سىكات ئىدى. ئارىدا ئۇنىڭ بىلەن خەت يېزىشىپ تۇردۇق. بىر خېتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىدە قالدۇرغان ئۇنتۇلماس تەسىراتىنى بايان قىلىپ مۇنداق يېزىپتۇ: «ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەن ھاياتىمدا كۆپ پىشكەللىكلەرگە ئۇچرىدۇم. بىر مەزگىل سۇغۇرتىلىرىمنى تۆلىيەلمەيدىغان، ھەتتا ئۆي ئىجارىسىنىمۇ قەرز ئالىدىغان، ئىش ئىزدىگەنلا يەردىن رەت قىلىنىدىغان كۈنگە قالدىم. شۇنداق چاغلاردا دۆڭ كۆۋرۈكتىكى يايمىكەش بوۋاي، مومايلارنىڭ مۇز توڭلاپ كەتكەن يولغا يىغىپ كەلسە يۈز يۈەنگىمۇ يەتمەيدىغان تەئەللۇقاتنى تىزىپ قايسىدۇر بىر ناخشىغا غىڭشىپ ئولتۇرغان تۇرقى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. كېلىدۇ-دە، بۆلەكچىلا جانلىنىپ كېتىمەن.

مەن ئامېرىكىلىق، پۇلۇم پەقەت قالمىغان بولسىمۇ يەنە بانكىدىن قەرز ئالالايمەن، دۆلەتنىڭ ياردىمىنى ئىلتىماس قىلالايمەن، دۆلەتنىڭ پاناھخانىسىغا تىزىملىتالايمەن. ئۈرۈمچىدىكى يايمىكەش ئۇيغۇر بوۋاي-مومايلارچۇ؟ شۇ قەھرىتان سوغۇقتا ئەگەر ئۇلار شۇ كۈنلۈك يېمەكلىكىنىڭ پۇلىنى تاپالمىسا، ئاخشاملىق كۆمۈرنى سېتىۋالالمىسا ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغىنى كېچىچە توڭلاش، تىترەش بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار نېمىشقا چۈشكۈنلەشمەيدۇ، يەنە نېمىشقا ناخشا ئېيتىدۇ. ئۇلاردىكى ھاياتقا بولغان قەيسىرانە تەلپۈنۈش، كۈلپەتلىك رىياللىقىغا بولغان مەنسىتمەسلىك، ئۆلۈمگە بولغان قورقۇمسىز يۈزلىنىش نەدىن كەلگەن؟ ئۈرۈمچىدە مېنىڭ ئۇيغۇرلاردىن ئۆگەنگىنىم ئۇيغۇر تىلىلا ئەمەس ھاياتقا بولغان مەردانە ئىشەنچ، مۈشەققەت ئالدىدىكى مەغرۇر پوزىتسىيە، مۇۋەپپەقىيەت يولىدىكى جاھىلانە تەۋەككۈلچىلىك روھىدىن ئىبارەت!»

ۋەتەنگە قايتىشقا بىر قانچە ھەپتە قالغان بىر پۈرسەتتە سىكاتىنى يوقلاپ ئۆيىگە باردىم. ئۇ مېھمانخانىسىنىڭ ئىشىكتىن كىرىشتىكى تېمىغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۇرۇش مەيدانىدىكى بىر جەڭچىنىڭ قولىدا مىلتىق، دۈمبىسىگە راۋابىنى تېڭىپ دۈشمەنگە ئوت ئېچىۋاتقان رەسىمىنى چوڭايتىپ ئېسىۋاپتۇ. ئۇ رەسىمگە بەك قاراپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ ماڭا قاراپ «قاراڭ، مانا بۇ ئۇيغۇر. ئۇنىڭ يۈدۈۋالغان راۋابىنى ئۈمىد، غەلىبە دېسەك، ئۇنىڭ قولىدىكى مىلتىقنى ئۆلۈمگە ئوخشىتىمىز. مانا قاراڭ ئۇيغۇرنىڭ ئۆلۈمگە تىكىلگەن كۆزلىرىگە، ئۆلۈمنى قامالىغان بارماقلىرىغا. بىر قورقۇنچنى بايقىدىڭىزمۇ؟ سىلەر ئۆلۈمنى مەنسىتمەيسىلەر شۇڭا سىلەر ئۇيغۇرلار ‹يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم› دېيەلەيسىلەر، سىلەرنىڭ مىزانىڭلاردا ئۆلۈم بىلەن ياشام ئارىسىدا ئۆلۈمتۈك بولۇپ ياشاش يوق. سىلەردە ‹تار يەردە ئاش يىگۈچە كەڭ يەردە مۇش يە› دېگەن ماقال بار. بۇنىڭدىكى مەنا قۇللۇقتىكى توقلۇقتىن ھۆرلۈكتىكى ئۆلۈمنى ئەلا بىلىشتۇر. سىلەر ‹ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا› دەيسىلەر. بۇ ماقالدا ھاياتتىكى ھەر قانداق مۈشكۈلاتنى، پېشكەللىكنى ۋە ئامالسىزلىقنى يىمىرىپ تاشلايدىغان جاسارەت جىلۋە قىلىدۇ. يا خۇشاللىق ئۈچۈن

ياشايسىلەر، يا شۇ خۇشاللىقنىڭ، ھوزۇرنىڭ، ھۆرلۈكنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى جان تىكىسىلەر. سىلەر يا مۇھەببەتكە چۆمۈلۈپ، گۈزەللىك يارىتىپ ياشايسىلەر، يا مۇھەببەتنىڭ، گۈزەللىكنىڭ كۈشەندىلىرى بىلەن ئېلىشىپ ئۆلىسىلەر.» سىكات بىلەن تۈن نىسپىغىچە قەھۋە ئىچكەچ مۇڭداشتۇق. ئۇنىڭ يۇقارقى سۆزلىرى ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇرىدۇ.

# كەڭ قورساق ئامېرىكىلىقلار ۋە ئۇيغۇرلار

ئامېرىكىدا بىر ئادەم ئۆزىنى «مەن چەتئەللىك» دېمىسە ھېچ كىم ئۇنىڭ چىرايىغا ياكى كىيىنىشىگە قاراپ ئامېرىكىلىق ئەمەسلىكىدىن گۇمانلانمايدۇ. ئاڭلىشىمچە ئامېرىكىدا مېكسىكىلىق كۆچمەنلەر 27 مىليوندىن ئاشىدىكەن. ئامېرىكىدا ئامېرىكىلىق بولۇشنىڭ چىراي، تىل، ئۆرپ-ئادەت، دىن، كىيىم كېچەك قاتارلىق جەھەتلەردە بىرلىككە كەلگەن مۇتلەق ئۆلچىمى يوق. ئامېرىكىدا ئىنگلىز تىلىنى ھەرخىل تەلەپپۇزدا سۆزلەيدىغان نەچچە ئون مىليون كۆچمەن ياكى كۆچمەن ئەۋلادى ياشايدىغان بولغاچقا ئىنگلىز تىلىنى راۋان بىلىش بىلمەسلىكنىڭ ئامېرىكىلىق بولۇش بولماسلىق بىلەن ئالاقىسى يوق. بىر تىلنى بىلمەسلىك، بىر پارتىيەگە ئەگەشمەسلىك، بىر مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلماسلىق بىلەن ئامېرىكىلىق بولۇش بولماسلىق ھەققىدە تىرناقچىلىك مۇناسىۋەت يوق. ئامېرىكىدا چەتئەللىكتىن ئايرىم ھەق، ئامېرىكىلىقتىن ئايرىم ھەق ئالۇدۇغان، كۆچمەنلەرنىڭ بالىلىرى بىر مەكتەپتە يەرلىكلەرنىڭ پەرزەنتلىرى يەنە بىر مەكتەپتە ئوقۇيدۇغان ئىش يوق. خىزمەت ئىزدىگەندە مىللىتىنى، قايسى مەكتەپتە ئوقۇغانلىقىنى، قايسى دىنغا ئىشىنىدىغانلىقىنى شەرت قىلىدىغان ئىش يوق. بەزىدە ئامېرىكىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆچمەنلەر ۋە ئاز سانلىقلار پەرزەنتلىرىنىڭ ھەقسىز مائارىپتىن ۋە باشقا پاراۋانلىقلاردىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىنى قوغداپ، تەشەببۇس قىلىپ نامايىش قىلىۋاتقىنىغا قاراپ ئامېرىكىلىقلاردىكى كەڭ قورساقلىقنىڭ دۇنياغا يېيىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىپ كېتىمەن.

مىجەزىدىكى قوبۇلچانلىق، ئوچۇقلۇق، كەڭ قورساقلىق، ئەپۇچانلىق، مېھرىبانلىق قاتارلىق جەھەتلەردە ئامېرىكىلىقلار ئۇيغۇرلارغا شۇنداق ئوخشايدۇ. ئۇيغۇرلار كەڭ قورساق مىللەتتۇر. چۈنكى ئۇيغۇرلار مۇشۇ كەڭ قورساقلىقى بىلەن دىيارىمىزغا كۆچۈپ كەلگەن مۇسۇلمان مىللەتلەرگىلا

ئەمەس مۇسۇلمان بولمىغان شىبە، داغۇر، مانجۇ، موڭغۇللارغىمۇ يەر بېرىپ، زىددىيەتلەشمەي بىللە ياشىغان. ئۇلار بىلەن خوشنا-خولۇم بولۇپ، كىرىش چىقىش قىلىپ بىللە ياشىغان. ئورتاق تۇپراقتا باراۋەر ياشاش جەريانىدا مۇسۇلمان بولمىغان بۇ يۇرتداشلىرىنى بەزىدە ئىختىيارى ئۇيغۇرلاشتۇرۇپ ئۇيغۇرلۇق سېپىدىن ئورۇن بەرگەن. شۇڭىمىكىن1930-ۋە 1940-يىللاردىكى مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىدا موڭغۇل، شىبە، تاجىك قاتارلىق ئۇيغۇلار بىلەن تىل ئورتاقلىقى بولمىغان مىللەتلەر ئۇيغۇرلار بىلەن بىر سەپتە كۆرەش قىلغان. ئەسلى ئەينى تارىخى دەۋردىكى پايدا زىياننى ئويلاشقاندا ئۇيغۇرلار تەرەپتە تۇرۇپ كۆرەش قىلىشتىن شىڭشىسەي ۋە گومىنداڭ تەرەپتە تۇرۇش ئۇلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ئىدى. ئەمما ئۇلار بۇ ئىنقىلابلاردا پايدىسىز ئورۇندىكى ئۇيغۇرلار تەرەپتە تۇرغان. غەلىبە قىلسا بىللە تەبرىكلىگەن ئوڭۇشسىزلۇققا ئۇچرىغاندا بىللە قايغۇرۇشقان. ئەپسۇسلۇق يېرى شۇكى، كومۇنىستىك ھاكىمىيەت تىكلەنگەندىن كېيىن دىيارىمىزدىكى غۇلجا، ئارتۇچ، كورلا قاتارلىق ئۇيغۇر كۆپ شەھەرلەر قازاق، قىرغىز، موڭغۇل ئوبلاستلىرىنىڭ مەركىزى قىلىپ تاللاندى. نەتىجىدە بىر زېمىندا زىددىيەتسىز ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ مىللەتلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئارازچىلىقنىڭ ئۇرىغى تېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن دىيارىمىزدىكى ئۇيغۇرنى گەۋدە قىلىپ تەقدىرداش ياشاۋاتقان بۇ مىللەتلەرنىڭ تەبىئىي داۋاملىشىۋاتقان ئۆملىكىگە زەخمەت يەتتى. دىيارىمىزدا ھازىرمۇ ئوينۇلۇۋاتقان نەچچە مىڭ يىللىق «ياتلار بىلەن ياتلارنى تىزگىنلەش» تىپىدىكى سىياسىي ئويۇنلار ئۇيغۇرنىڭ كەڭقورساقلىقىنى زىدلىمەكتە، ئەلۋەتتە.

مەن ئوقۇغان مەكتەپتە چىركاۋمۇ، مەسجىدمۇ بار. جۈمە كۈنلىرى كەچتە مەكتىپىمىزدىكى مەسجىد ۋە دىنىي گۇرۇپپىلاردا قۇرئان ئۆگىنىش كۇرسىمۇ، ئىنجىل ئۆگىنىش دەرسلىرىمۇ بار. مەكتىپىمىزنىڭ دىن پاكۇلتىتىدا ئىسلام، خىرىستىيان، بۇددىزىم ۋە يەھۇدى دىنلىرى دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلىدۇ.

ھەرقانداق ئوقۇغۇچى ھەرقانداق چاغدا بۇ دەرسلەرنى ئاڭلىسا بولىدۇ. بۈگۈنكى ئىسلام دىنىنى تاللاپ ئوقۇغان ئوقۇغۇچىنىڭ ئەتىسى خىرىستىيان دىنى دەرسىنىمۇ تاللاپ ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئىسلامدىن دەرس بېرىدىغان مۇسۇلمان پروفېسسورلار بىلەن خىرىستىيان دىنىنى تەرغىپ قىلىدىغان پروفېسسورلارنىڭ بىللە قەھۋە ئىچكەچ پاراڭلىشىپ كېتىشلىرى ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدۇ. مەكتىپىمىزدىكى «دىنلار ئارا دىيالوگ» ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرىمۇ ئوقۇغۇچىلاردا ئوخشىمىغان دىنلارغا كەڭ قورساق مۇئامىلە قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرىدۇ. قايسى يىلى ئامېرىكىدا بىر مەكتەپنىڭ پەلسەپە پاكۇلتېتى ماركسىزىم پەلسەپىسىدىن دەرس بېرىدىغان بىر ئوقۇتقۇچىنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىپتۇ. باشقا بىر پاكۇلتېتتا ئىشلەيدىغان، دائىم مەزكۇر قوغلاندى پروفېسسور بىلەن روبىرو كېلىپ مۇنازىرىگە چۈشۈپ قالىدىغان بىر ئوقۇتقۇچى مۇراجەتنامە چىقىرىپ ماركسىزىمچىنىڭ قوغلىنىشىغا جامائەت پىكرى توپلاپ ئۇ پروفېسسورنى قايتتۇرۇپ كەپتۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە مەكتەپتە ماركسىزىمچى پروفېسسورنىڭ بولۇشى مەكتەپنى كۆپ خىل ئىدىيەنىڭ ماكانىغا ئايلاندۇرۇپ ئىلمىي مۇنازىرىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى ئىكەن. مەنچە ئامېرىكىلىقلاردىكى كەڭ قورساقلىق، قوبۇلچانلىق مۇشۇنداق ئىلىم سورۇنلىرى، تەلىم تەربىيە ئورگانلىرىدا مەقسەتلىك تەربىيەلىنىدۇ.

ئون نەچچە يىللار ئىلگىرىغۇ دەيمەن، بىر يىلى كورلىنىڭ خوتۇنسۇمبۇلغا بارسام ئۇيغۇرنىڭ مەسجىدى بىلەن موڭغۇلنىڭ (كۈرە)(بۇتخانا)سى بىر يول ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. خۇددى ئۇيغۇرلار موڭغۇللارنىڭ ئېتىقادىغا تارىختا قانداق ھۆرمەت قىلغان، موڭغۇللار ئۆتمۈشتە بۇ ھۆرمەتتىن قانچىلىك مىننەتدار بولغان بولسا بۈگۈنمۇ شۇنداقكەن. ھېچ كىم ھېچكىمگە دەخلى قىلماپتۇ. باغراشتەك ئۇيغۇرنىڭ نوپۇسى بىرەر مىڭدىن سەللا ئاشىدىغان ناھىيە بازىرىدا بىر ئۇيغۇرچە بىلىدىغان موڭغۇل ئايال بىلەن ئۇيغۇرچە پاراڭلاشتىم. ئەگەر ئۇ ئۆزىنى موڭغۇل دېمىگەن بولسا ئۇيغۇرمىكىن دەپ قالاركەنمەن. نوپۇس نىسبىتى بويىچە بولغاندا ئۇ ناھىيىدە خەنسۇچىدىن

باشقىسى ئاقمايدۇ. شۇنداقكەن ئۇ موڭغۇل نېمىشقا ئۇيغۇرچە ئۆگۈنىدۇ؟ ئاڭلىشىمچە ئۇ ئايال كىچىككىدە مەھەللىسىدىكى بىردىنبىر ئۇيغۇر قوشنىسىنىڭ بالىلىرى بىلەن ئويناش جەريانىدا ئۇيغۇرچە ئۆگۈنۈۋالغانىكەن. ئەگەر شۇ ئۇيغۇر ئائىلىسى ئۇيغۇرلارغا خاس قوشنىدارچىلىقنىڭ مېھرىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن يەتكۈزمىگەن بولسا شۇ موڭغۇل ئۇيغۇرچە ئۆگىنەرمىدى؟ ئۇيغۇرنىڭ قوشنىسىنى تۇققاندىن چارە كۆرۈدۇغان مەدەنىيىتى شۇ موڭغۇلنىڭ قەلبىگە ئۇيغۇرلۇقنىڭ بەلگىسى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى مۆھۈرلىگەن.

ئۇيغۇرلار كەڭ قورساق مىللەت. ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكىلىقلارغا ئوخشاش كەڭ قورساقلىقى، سىغدۇرۇشچانلىقى بولمىغان بولسا غۇلجىدىكى شىبەلەردىن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوقۇيدىغان ناخشىچىلار چىقمىغان بولاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ سىغدۇرۇشچانلىقى بولمىغان بولسا موڭغۇللاردىن مىڭ چىبىدەك ئۇيغۇلار ئۇچۇن قەلەم تەۋرىتىدىغان قەلەمكەشلەر چىقمىغان بولاتتى. چاپچال ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاق كۆڭۈللىكى تەسىر قىلمىغان بولسا شىبەلەردىن تۆمۈر گۇئەنچىڭفۇدەك ئۇيغۇرچە يازىدىغان يازغۇچىلار مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى. ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان تەقدىرداش بولۇپ بىر توپراقتا ياشاپ كەلگەن مىللەتلەرنىڭ قەلبىنى ھېچ بىر تەشۋىقاتسىز ئۆزىگە مايىل قىلالىغان. ئۇلارغا ئۇيغۇر تىلىنى قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قويماي تۇرۇپ قوبۇل قىلدۇرالىغان. ئەڭ تەسىرلىك يېرى ئۇلارنى ھايات ماماتلىق جەڭ مەيدانىدىمۇ زېمىنداش مىللەتلەرنى ئۆزى بىلەن بىر سەپتە تۇرالايدىغان قىلىپ ئۆملەشتۈرەلىگەن. ئامېرىكىلىقلارنىڭ سىغدۇرشچانلىقى بولمىغان بولسا دۇنيادىكى ھەممە ئىرقنىڭ كىشىلىرى تېپىلىدىغان ئامېرىكا بۈگۈن ئىرقىي زىددىيەتنىڭ قاينىمىغا چۈشۈپ ماجرالار قاينىمىغا غەرق بولغان بولاتتى. كەڭ قورساقلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان ئامېرىكا مەدەنىيىتى، كەڭ قورساقلىقنى قوغدايدىغان ئامېرىكا قانۇنى

بولغاچقىلا ئامېرىكىدا ئۇخشىمىغان تىل، مەدەنىيەت، دىن ۋە ئىرقتىكى تەۋە مىللەتلەر دەۋا دەستۇرسىز بىرلىكتە قوۋناق ياشىماقتا.

خۇددى ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى ئەتراپىدىكى كۆچمەنلەرگە قۇچاق ئاچقاندەك بۈگۈنكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ دۇنيا كۆچمەنلىرىگە قەلبىدىن ۋە زېمىنىدىن جاي بېرىشى، ئۇلارغا پاناھلىق بېرىپ ئۆز ئارزۇسى بويىچە سىياسىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللىشىگە مەدەت بېرىشى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت سىياسىتىدىن باشقا ئامېرىكىلىقلارنىڭ كەڭ قورساقلىقىنىڭ نەتىجىسى. چۈنكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى قوللاۋاتقان ئامېرىكىدىكى ۋە ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى دېموكراتىك ھەرىكەتلەرنىڭ خىراجىتى ئامېرىكىلىقلار تاپشۇرغان باجدىن كېلىدۇ. ئەگەر ئامېرىكا خەلقى بۇنداق ياردەملەردە بولۇشنى رەت قىلسا ھېچ بىر سىياسىي كۈچنىڭ خەلقنىڭ، باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ پىكرىنى رەت قىلىش ھوقۇقى يوق. مەن ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى زىيارەت قىلىش داۋامىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەھەللىسىدىكى مېكسىكىلىق، گېرتسىيەلىك، رومۇنىيەلىك كىشىلەر بىلەن كىرىش چىقىش قىلىپ ئۆتۈشلىرىگە قاراپ ئەجداتلاردىكى كەڭ قورساقلىقنىڭ ئامېرىكىدىكى جۇلاسىنى كۆرگەندەك تۇيغۇدا بولدۇم.

# پاكىزە ئامېرىكىلىقلار ۋە ئۇيغۇرلار

ئامېرىكىدا ئوقۇش جەريانىدا ئۇيغۇر تۇپراقلىرىدا تۈرلۈك سەۋىيىلەر بىلەن ياشىغان، زىيارەتتە بولغان ۋە ئوقۇغان ئامېرىكىلىقلار بىلەن كۆپ ھال مۇڭ بولۇشتۇم. ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن ئامېرىكىلىقلارنىڭ بىزگە قانداق قارايدىغانلىقىنى، نېمىمىزدىن سۆيۈنۈپ نېمىمىزنى قوبۇل قىلالمىغىنىنى بىلگۈم كېلەتتى. ئۇيغۇر تۇپراقلىرىدا ياشىغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى خەنسۇچىنى ياخشى سۆزلەيتتى. يۇرتىمىزغا كېلىشتىن بۇرۇن ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ياشىغان كەچۈرمىشلىرى بار ئىدى. ئۇلار كۆپىنچە ھالدا خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە سېلىشتۇرۇپ پىكىر بايان قىلىشقا ئامراق ئىدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ياشاپ باققان ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەڭ سۆيۈنگىنى ئۇيغۇرلارنىڭ پاكىزلىكى ئىكەن. ئۇلار بۇنى ئۇيغۇرلار بىلەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەڭ ئوخشايدىغان تەرىپى دەپ قارايدىكەن.

قەشقەردە بىر مەزگىل تۇرغان بىر ئامېرىكىلىق قىز قەشقەردىكى قەدىمىي مەھەللىلەرنىڭ پاكىزلىقىدىن بەكمۇ سۆيۈنۈدۇكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ قەشقەردە كوچىلارغا ئامېرىكىدىكىگە ئوخشاش مەخسۇس تازىلىقچىلار ئورۇنلاشتۇرۇلمىسىمۇ داۋاملىق يالىغاندەك پاكىزە تۇرۇدىغانلىقىغا، كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن كوچىلارنى سۈپۈرۈپ چىنىدەك قىلىۋېتىشلىرىگە بەكمۇ زوقلىنىدۇكەن. ئۇنىڭچە تازىلىقنى، پاكىزلىكنى ئۆرپ ئادەتكە ئايلاندۇرغان ئۇيغۇرلاردەك مىللەت ئاز تېپىلىدىكەن. ئامېرىكىدا بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەسكەن، كىشىلەر كوچىلار ۋە يوللارنى سىرىپ سۈپۈرۈشنى ئۆز مەسئۇلىيىتى دەپ قارىمايدىكەن. ئامېرىكانلارنىڭ نەزىرىدە كوچا تازىلىقى، كوچىلاردىكى ھاجەتخانىلار، ئەۋرەز يوللىرى قاتارلىقلار

جامائەتكە ئورتاق بولغاچقا بۇنىڭغا دۆلەت مەبلەغ سېلىشى، ئىگە بولۇپ تازىلىتىشى، ياسىشى ۋە رېمونت قىلدۇرۇشى كېرەك ئىكەن.

مەنمۇ ئامېرىكىغا چىققاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ پاكىزلىكىمىزگە، تازىلىقنى كۆندۈلۈك ئادەتكە ئايلاندۇرغانلىمىزغا قول قويدۇم ۋە بۇنىڭدىن پەخىرلەندىم. راست دېگەندەك ئامېرىكىدا تۇرغان چاغلىرىمىزدا پەقەت ئايالىملا ئىشىك ئالدىمىزنى پاكىز سۈپۈرۈپ تۇراتتى. مەن ئايالىمدىن باشقا ھېچ بىر خوشنىمىزنىڭ مەھەللىمىزنى، ئىشىك ئالدىنى تازىلىغىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. قىشلىرى قار ياغقان چاغلاردا مەن قەشقەردە كۆنگەن ئادىتىم بويىچە كوچىمىزدىكى قارنى كۆرەكلەپ قوشنىلار ئۆچۈن يول ئېچىپ قوياتتىم، ھەر قېتىم قار ياغسا مەندىن باشقا ھېچ كىمنىڭ مۇنداق پىدايىلىق قىلغىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. مەن بۇنى بىر ياخشىلىق قىلاي دەپ مەقسەدلىك ئەمەس، بىز كىچىكىمىزدىن شۇنداق قىلىپ ئادەتلەنگەنلىكىمىز ئۈچۈنلا شۇنداق قىلاتتىم. مەھەللىمىزدە تازىلىق ئىشچىلىرىنىڭ بارلىقى، بىز قىلمىساقمۇ ھامان شۇلارنىڭ كېلىپ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز، ئەمما بىز «ئەتىگەندە زېمىننىڭ يۈزىنى ئاچسا ساۋاپ بولىدۇ» دېگەن ئەقىدىگە ئىشىنىدىغان ئۇيغۇر بولغانلىمىز ئۈچۈن تەبىئىيلا شۇنداق قىلاتتۇق. مەن مەھەللىمىزدىكى قارنى بىرەر قۇر كۆرەكلەپ يول ئېچىۋېتىپ مەكتەپكە كېتىپ كەچلىرى دەرستىن يانسام مەھەللىمىزدىكى قارلار كىملەر تەرىپىدىندۇر توشۇپ كېتىلگەن بولاتتى. بىر قېتىم مەھەللىمىزدىكى قار ۋاقتىدا تازىلانمىغانلىقى سەۋەبلىك كىشىلەرنىڭ ماشىنىسى جايىغا توڭلاپ قالدى. مەن ماشىنىسى توڭلاپ قالغىچە ساقلىغاننىڭ ئورنىغا قارنى قول قول تازىلىمىغان ئامېرىكىلىقلاردىن ھەيران قالدىم. ئاخىرى قارمۇ تازىلاندى، لېكىن تازىلاش ۋاقتىدا بولمىغاچقا بۇ ئىش مەھەللىمىزنىڭ گېزىتىدە سۆرەتلىك ئېلان قىلىنىپ نارازىلىق بىلدۈرۈلدى. گېزىتنىڭ كېيىنكى سانىغا مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ ئۆزرەنامىسى ئېلان قىلىندى. مېنىڭ ئۇيغۇرلۇقۇم سەۋەبلىك قىلىۋاتقان خالىسانە ئىشلىرىم قوشنىلىرىمىزغا ئالاھىدە بىلىنىپ كەتتىمۇ

بىر يىللىق سايلامدا مېنى مەھەللە ھەيئىتى سايلىمىغا قاتنىشىشقا دەۋەت قىلىشتى. سايلامغا قاتنىشىپ بىلدىمكى، ئادەتتە بىزنىڭ مەھەللىدە خالىس تازىلىق قىلىشلىرىمىزغا ھېچ كىم دىققەت قىلمىغاندەك قىلغان بىلەن ھەممىسى خەۋەردار ئىكەن. مەن مەھەللە ھەيئىتى بولۇپ سايلاندىم، كوچىمىزنىڭ گېزىتىگە ئايالىم بالام ئۈچىمىزنىڭ رەسمى بېسىلدى. ئۇيغۇرغا خاس پاكىزلىق ئەنئەنىمىزنىڭ بىزنى يات ئەلدە ناتونۇش كىشىلەر ئارىسىدا شەرەپكە مۇيەسسەر قىلغىنىدىن بەك سۆيۈندۇق.

ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرچە ئۆگەنگەن جۇدى خانىمنىڭ ئامېرىكىلىقلارنى ھەۋەسلەندۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ پاكىزلىكى ھەققىدىكى كەچۈرمىشى ئۆزگىچە. جۇدى خانىمنىڭ كۆزىتىشىچە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇكەممەل تازىلىق ئەنئەنىسى ئۇلاردا تازىلىق بويۇملىرىنى رولىغا ۋە ئورنىغا قاراپ پەرقلەندۈرۈپ ئىشلىتىش ئادىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار قاچا يۇغان دەستىمالدا تۇۋاق ۋە تاماق شىرەلىرىنى سۈرتمەيدىكەن. غۇلجىدا ئۇيغۇرچە ئۆگەنگەن مەكىس ئۇيغۇر ساتىراچلارنىڭ خېرىدارنىڭ چېچىنى سۈرتكەن لۆڭگىدە يۈزنى سۈرتمەيدىغانلىقىغا دىققەت قىلىپتۇ. شۇندىن بۇيان ئۇيغۇر زېمىنلىرىنىڭ نەرىگە بارسۇن پۈرستى بولسىلا ئۇيغۇر ساتىراچلىرىغا چاچ ياسىتىشنى ئۇنۇتمايدىكەن. ئۇيغۇر دىيارىدا زىيارەتتە بولغان مەن تونۇيدىغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەممىسى پاكىزلىققا كەلگەندە ئۇيغۇر ئاشپەزلىرىنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىگە قول قويۇدۇكەن. چۈنكى ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنىڭ ئالدىدىكى قول يۇيۇشقا مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۈسكۈنە، ئۇيغۇرلارنىڭ تاماقتىن بۇرۇن، ھاجەتتىن كېيىن قول يۇيۇش ئادىتى ئۇيغۇر دىيارىغا كەلگەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۇيغۇر دىيارىنىڭ يېمەكلىك تازىلىقى ھەققىدىكى ھەر قانداق شۈبھىلىرىنى تۈگۈتۈۋېتەلەيدىكەن.

ئامېرىكىلىقلارمۇ پاكىزلىككە ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش بەكمۇ سەزگۈر. ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ پاكىزلىكىنىڭ ياراپ كېتىشى ئۆزلىرىدىكى تازىلىققا بولغان

يۈكسەك ئېتىباردىن كەلگەن. ئەگەر ئامېرىكىلىقلاردا پاكىزلىق ئادىتى بولمىغان بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ قوشنا مىللەتلەرگە قارىغاندا پاكىزلىققا بەكرەك ئىشتىياق باغلىغانلىقىغا دىققەت قىلمىغان بولاتتى. مەن ئامېرىكىدا تۇرۇش جەريانىدا مېھمانخانىسى سەل قالايمىقان، ئۆيلىرى سەل رەتسىز ئامېرىكىلىقلارنى ئۇچراتتىم، ئەمما ئۆيلىرى مەينەت كىشىلەرنى كۆرمىدىم. مەن بارغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئاشخانىسى بىلەن ھاجەتخانىسى ھەر دائىم چىنىدەك پاكىز بولۇپ ئادەمنىڭ قاراپ ئولتۇرغۇسىنى كەلتۈرەتتى. ئۇلار باشقا ئۆيلەرنىڭ قالايمىقانراق بولۇشىنى قوبۇل قىلالىغان بىلەن ھاجەتخانا ۋە مۇنچىسىنىڭ مەينەت ياكى قالايمىقان بولۇشى كۆزىگە سىغمىسا كېرەك. مەن ئامېرىكىنىڭ ھەرقانداق بۇلۇڭ پۇچقىقىدىكى ئاممىۋي ھاجەتخانىنى يۇرتىمىزدىكى بەش يۇلتۇزلۇق ھەرقانداق بىر مېھانخانىنىڭ ھوجرىسىدىن پاكىز كۆردۈم. ئامېرىكىدا ئاممىۋي ھاجەتخانىلار كۆپ ۋە ھەقسىز بولۇپ قەغەز، سوپۇن، قول سۈرتىدىغان قەغەز لۆڭگە، قول قۇرۇتۇش ئۈسكىنىسى دېگەنلەر ھەتتا چۆللەردىكى ماي قاچىلاش پونكىتلىرىنىڭ ھاجەتخانىلىرىدىمۇ ھەر ۋاقىت تەييار ئىكەن. ئامېرىكىدىكى ھاجەتخانىنىڭ پاكىزلىقىدىن ھەر قېتىم رازىمەنلىك ھىسلىرىغا چۈمۈلگىنىمدە كىمدۇر بىرىنىڭ «بىر دۆلەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئاممىۋي ھاجەتخانىنىڭ تازىلىقىغا قاراپ ئۆلچەش كېرەك» دېگىنى پات- پات ئېسىمگە كېلىپ قالىدۇ.

# غەرپ مەتبۇئاتىدا ئۇيغۇرنىڭ گېپى

ئادەم دېگەن قىزىق بولىدىكەن. يۇرتۇڭدا، قېرىنداشلار ئارىسىدا تۇرغىنىڭدا خەلقئارا خەۋەرلەرگە مەستانە بولىدىغان گەپكەن. دۇنيادا نېمە ئىشلارنىڭ بولىۋاتقىنى سېنىڭ ئەڭ دىققىتىڭنى چېكىدىكەن. يىراق قىرلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگىنىڭدە بولسا يۇرتۇڭغا دائىر پىچىرلاشلارغا قەدەر دىققەت قىلىدىكەنسەن. كومپيۇتېرنىڭ ئالدىغا كەلسەڭ يۇرتۇڭغا دائىر خەۋەرلەرنى ئاقتۇرىدىكەنسەن، كۇتۇپخانىغا كىرسەڭ ئۇيغۇرغا دائىر كىتاپلارغا ئالدى بىلەن كۆز يۈگۈرتىدىكەنسەن. كىتاپخانىلارنى ئارىلىساڭ ئۇيغۇرغا ئائىتلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى بىرەر كىتاپ ياكى بىرەر پاچە رەسىممۇ سېنى بىر ۋاقىتقىچە ھاياجانلاندۇرالايدىكەن. 2008- يىلى ئولۇمپىكنىڭ ئالدى كەينىدە دىيارىمىزدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر سەۋەبلىك ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى بايانلار خەلقئارالىق گېزىت ژورناللاردا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان بولدى. 2009-يىلى تومۇزدىن كېيىن غەرپ مەتبۇئاتلىرى ئۇيغۇر توپراقلىرىنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىغا، ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىغا قەدەر دىققەت قىلىشقا باشلىدى. ئامېرىكىدا بولغان چاغلىرىمدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە يېزىلغان خەۋەر، ماقالە ۋە مۇھاكىمىلەرنى ئىمتىھانلىرىمنى قويۇپ تۇرۇپ ئوقۇپ كېتەتتىم. شۇنداق خەۋەرلەردىن مەن ھېچ ئۇنۇتالمىغان بىرىنى يازغۇم كەلدى.

**«سۆيۈملۈك ئۇيغۇر» نىڭ سىرداشلىرى**

2009-يىلى ئاۋغۇستتا ئامېرىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى مايئەمىيدە ياشايدىغان بىر ئامېرىكىلىق دوستۇمنىڭ ئۆيىگە تەكلىپ قىلىندىم. دوستۇم بىلەن دېڭىز ساھىلىدا ئايتاپلىنىۋاتساق ئۆمرۈمدە كۆرۈپمۇ باقمىغان بىر ھايۋان پۇتۇمنىڭ يېنىدىلا پەيدا بولۇپ قورقۇتۇۋەتتى. دوستۇمنىڭ ئېيتىشىچە كېلەدىن سەل چوڭ، تىمساق بالىلىرىغىلا ئوخشايدىغان بۇ

مەخلۇقنىڭ ئىسمى ئىگۋانا ئىكەن. ئادەتتە ئادەملەرگە چېقىلمايدىكەن.
دوستۇم:

— مەن تېخى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى جانۋارلارنى يات كۆرمەيدىغان، ھايۋانلاردىن قورقمايدىغان، ھايۋانلار بىلەن ئەپلىشىشكە ماھىر كىشىلەر ئوخشايدۇ، دېسەم سەن ئەجەپ قورقۇپ كەتتىڭغۇ؟ — دەپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ گېپى ماڭا قىزىقارلىق بىلىندى. نېمىشقا ئۇنداق دەيدىغانلىقىنى سورۇسام ئامېرىكىدا چىقىدىغان نوپۇزلۇق بىر گېزىتتىن ئوقۇغان مۇنۇ خەۋەرنى سۆزلەپ بەردى.

ئامېرىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تەۋە بىر شەھەردە بىر ئۇيغۇر ئىنجىنىر ياشايدىكەن. بۇ كىشى ئەسلى غۇلجىدىن بولۇپ 60-يىللاردا ئۆزبېكىستانغا كۆچۈپ كەتكەنىكەن. سوۋېت ئىمپېرىيىسى پارچىلىنىپ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر قۇرۇلغاندا ئۇيغۇر دىيارىغا قايتماقچى بولغان بولسىمۇ ئىجازەت ئالالماپتۇ. ئاخىرى ئامېرىكىغا كۆچۈپ كېلىپ غەربىي جەنۇپتىكى شۇ شەھەردە ياشاپ قاپتۇ. بوۋاي ئولتۇرۇشلۇق كوچىدىكى مەھەللىداشلار ئىچىدە بەزى بوۋاي مومايلاردىن باشقا كۆپىنچىسى ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدىكەن پەقەت «سۆيۈملۈك ئۇيغۇر» دەپلا ئاتىشىدىكەن. بۇ كىشى مەھەللىدىكى ئەخلەت ۋاگونىنىڭ يېنىغا بىر تاختاي ئورنىتىپ «بۇزۇلمىغان يېمەكلىكلەرنى تاشلىماقچى بولسىڭىز ماڭا قالدۇرۇڭ. سىزنىڭ سۆيۈملۈك ئۇيغۇر دوستىڭىز بۇ يېمەكلىكلەر بىلەن قۇشلارنى ھوزۇرلاندۇرىدۇ» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ. بوۋاينىڭ سۆيۈملۈك ئۇيغۇر ئاتىلىپ قېلىشى مۇشۇ سەۋەبتىن ئىكەن.

ھەر كۈنى بوۋاي سەھەر تۇرۇپ قوشنىلار ئەخلەت ۋاگونىنىڭ قېشىغا قالدۇرغان يېمەكلىكلەرنى تۈرگە ئايرىپ مەھەللىدىكى چىملىق مەيدانغا «داستىخان» سېلىپ يايىدىكەن. كەپتەرلەر، قۇشقاچلار، تورنىلار داستىخاندىكى يېمەكلەردىن چۈۋۈرلاشقانچە ئوزۇقلىنىشقا باشلايدىكەن. قۇشلارنىڭ بەزىلىرى بوۋاينىڭ دولىسىغا، بەزىلىرى بېشىغا قونۇپ ئەركىلىشىدىكەن. قۇشلارنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، قۇشلار بىلەن مۇڭدىشىپ بولغاندىن كېيىن بوۋاي داچىسىنىڭ ئالدىدىكى بېغىغا ئىشلەيدىكەن. قوشنىلارنىڭ ھەيران قالغىنى بوۋاينىڭ بېغىغا يۇلغۇن، تېرەك، ئۈجمە، جىگدە قاتارلىقلارنى تىكىۋالغىنى بولۇپتۇ. ئامېرىكىدا بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ

غەربىي جەنۇبىدا بۇ دەرەخلەرنىڭ بەزىلىرى ئاسان ئايىنىمايدىكەن. بوۋاي يىگىرمە يىلدىن بېرى ئەجىر قىلىپ بەزى كۆچەتلەرنى نەچچە ئون رەت قايتا قايتا تىكىپ ئاخىرى ئەي قىلىپتۇ. دەرەخلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمى بار ئىكەن. ئۈجمىنىڭ ئىسمى نۇزۇگۇم، تېرەكنىڭ ئىسمى سادىر، يۇلغۇننىڭ ئىسمى شىراق، جىگدىنىڭ ئىسمى سۇتۇق ئىكەن. بوۋاي دائىم بۇ دەرەخلەر بىلەن ئۇزاقتىن ئۇزاق سىردىشىپ كېتىدىكەن.

بوۋاينىڭ ئىشتىن كەلگەندىن كېيىن قىلىدىغان ئىشى دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ بىر ئىگۋانا بىلەن مۇڭدىشىش ئىكەن. بوۋاي بۇ ئىگۋاناغا ئىستىقلال دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئەسلى بۇ ئۇنىڭ 2009-يىلى تومۇزدا تۇغۇلغان غۇلجىدىكى تۇنجى پەينەۋرىسىنىڭ ئىسمى ئىكەن. دوستۇمنىڭ ھېكايىسى شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇنى توختۇتۇۋالدىم ۋە خەۋەرنىڭ تور ئادرېسىنى يېزىۋېلىپ ئۈچقانداك ياتاققا قاراپ چاپتىم. كېيىنتە بوۋاينىڭ ئىگۋانا بىلەن سۆھبىتى مۇنداق بېرىلىپتۇ: «ئىستىقلال، سەن قورقۇۋاتامسەن نېمە؟ ساڭا نېمە بولدى؟ بۈگۈن تۈگۈلۈپلا قاپسەنغۇ؟ قورقما. بىز يالغۇز ئەمەس، بىز كۈچسىز ئەمەس، بىز چارەسىز ئەمەسمىز. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى دەمسەن! قارا، ئۇيغۇرنى ئىسلامغا مۇيەسسەر قىلغان سۇتۇق يېنىمىزدا. سۇتۇق بىزگە يەتكۈزگەن مەشئەل قولۇمىزدا، ئۇلۇق بوۋىلىرىمىز قارىخانىلار زامانىسىدا ئانا تىلىمىزدا سۆزلىگەن قۇرئان باغرىمىزدا، يۈرىكىمىزگە ئەڭ يېقىن جايدا. بىز قاراڭغۇدىن قورقاتتۇقمۇ، ئېيتقىنا بىز زۇلمەتتىن قورقاتتۇقمۇ؟ مۇسۇلمان ئۆلەمدۇ؟ مۇسۇلمان قورقامدۇ؟ ياق، ماڭا باق، ئىستىقلال! ماڭا باق، سۇتۇق ئۆلدى دەمسەن؟ نۇزۇگۇمنى ئۆلدى دېمەكچىمۇسەن! ياق، ياق! ئۇلار ئاللاھنىڭ جامالىغا مۇشەررەپ بولدى. ئۇلار شېھىتلىك شەرىپىگە نائىل بولدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشتى. سەن مېنى ئۆلمىدى دەمسەن، ياق! مەن ئۆلدۈم ئارسىلىنىم. مەن ۋەتەن تۇپراقلىرىنى كۆزۈمگە سۈرەلمىگەن، ۋەتەن زېمىنىغا باغرىمنى ياقالمىغان، ۋەتەننىڭ كۆپكۆك ئاسمىنىدىكى مۇبارەك يېڭى ئايغا سالام بېرەلمىگەن كۈندىن باشلاپ

ئۆلۈكمەن. سەن گەپ قىلىۋاتىسەن، ھاياتسەن دېمەكچىمۇ؟ ھەئە، مەن ئۇيغۇرچە سۆزلەۋاتىمەن، مەن ئۇيغۇرچە سۆزلەۋاتىمەنلا ئەمەس، ئۆلۈك قەلبىمگە ئاخىرقى نەپەسلىرىمگە قەدەر مەلھەم بولۇۋاتقان ۋەتىنىمنى زىكىر قىلىۋاتىمەن. مېنىڭ بىرلا ئارزۇيۇم بار بۆرەم، پەقەت بىرلا. مۇشۇ دۇنياغا بىرلا سۆزۈم بار، پۈتۈن جاھانغا ئاڭلىتىپ بۇ مېنىڭ ۋەتىنىم، ئەي دۇنيا ئاڭلا بۇ ۋەتەن ماڭا مەنسۇپ! دەپ ۋارقىرىغان پېتىم بىر ئۆمۈر قانىمغان ۋەتەنىنىڭ باغرىغا يۈرۈكۈمنى يېقىپ يىقىلسام دەيمەن.»

مۇخبىر بوۋاينىڭ قۇشلارغا بۇ قەدەر ئامراقلىقىنىڭ سىرىنى مۇنداق ئىگىلەپتۇ. ئۇيغۇرلاردا ئىنسانلارغا ئاللاھ ئاتا قىلغان نېمەتلەردە پۈتۈن جانسىز جانلىق ھەممە مەۋجۇداتنىڭ ھەققى بار دېگەن چۈشەنچە بار ئىكەن. شۇڭا بوۋاي ئېرىشكەن نېمەتلىرىدىن ئالدى بىلەن قوشنا قولۇملارنى بەھرىمەن قىلىدىكەن، ساخاۋەت ئورگىنىغا ئىئانە تاپشۇرىدىكەن، ئاخىرىدا جان-جانىۋارلارنى ئوزۇقلاندۇرىدىكەن. بوۋاي كىچىك چېغىدا تۇرنىلارنىڭ ۋەتىنىدىكى مەھەللە ئاسمىنىدا ئۇچقانلىرىنى دائىم ئەسلەيدىكەن. ئۇ ئامېرىكىدا ئۆزى كۆرۈۋاتقان بۇ قۇشلارنىڭ ۋەتىنىدىن كەلگەنلىكىگە ھەمدە ۋەتىنىگە ئۇچۇپ بارالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. ئۇ مۇخبىرغا مۇنداق دەپتۇ «قۇشلارغا پاسپورت كېرەك ئەمەس، ئۇلار خالىغان يەرلەردە ئۇچالايدۇ، ئىستىگەن ماكانغا بارالايدۇ. قۇشلارغا ئىنسانلار سىزغان چېگرا سىزىقلىرى كار قىلمايدۇ. ئۇلار بىزدەك ۋىزىغا، ئىجازەتكە مۇھتاج ئەمەس. مەن بۇ قۇشلارنىڭ قاناتلىرىدىن ۋەتىنىمنىڭ ھېدىنى پۇرايمەن. بۇ قۇشلارمۇ مېنىڭ ھېدىمنى ۋەتىنىمگە يەتكۈزىدۇ. مەن قۇشلار بىلەن قانچە يېقىن تۇرسام ئۆزۈمنى ئەركىنلىكىمگە شۇنچە قانغاندەك ھىس قىلىمەن. قۇشلار بىلەن ئۆتكەن دەقىقەلىرىمدە ئۆزەمنى قۇشتەك، ۋەتىنىمگە ئۇچۇۋاتقاندەك سېزىپ يۈرۈكۈم ۋەتەن ئاسمىنىدا تېپچەكلىگەندەك ھاياجانلىنىمەن.»

بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ يادىمغا ئادىل تۇنىيازنىڭ «مۇساپىر قۇشلار، پەسىللەرگە ۋەتەن دەپ يىغلار» دېگەن مىسرالىرى كەلدى. توختىماي ياش قۇيۇلۇۋاتقان كۆزلۈرۈم بىلەن گېزىتتىكى بوۋاينىڭ سۈرىتىگە قارىدىم. سۈرەتتە ۋىجىككىنە كەلگەن، قەشقەر كوچىلىرىدا، كۇچا رەستىلىرىدە، غۇلجا بازارلىرىدا دائىم كۆرگىلى بولىدۇغان مىڭلىغان ئۇيغۇر بوۋايلارغا ئوخشايدىغان بۇ بوۋاي

بىر ئىگۋاناغا ئېگىشىپ نېمىلەرنىدۇر دەۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتقاندەك تۇراتتى. خەۋەردىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ سىرتقا چىقتىم. كۆز ئالدىمدا پايانسىز دېڭىز سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئالدىمدا ماڭا چەكسىزلىكنىڭ ھاياجىنىنى ھېس قىلدۇرۇۋاتقان دېڭىزدا چىگرا يوق ئىدى. ئاسمانغا قارىدىم مەن ئامراق چەكسىزلىك، كەڭلىك، ئۇلۇغلۇق كۆكتە، كۆك رەڭدە ئىدى. دېڭىز كۆك، ئاسمانمۇ كۆك...، پەقەت زېمىنغىلا تۈرلۈك رەڭدىكى بايراقلار، چەكلەر تۇساقلار ھۆكۈمران ئىدى. ناخشا ئېيتماقچى بولدۇم، لېكىن ئاۋازىم بوغۇلۇپ «ئاسمان كۆپكۆك دېڭىز كۆك، مەن نېمىشقا زەپىران» دېگەننى ئاران دېيەلىدىم.

**ئۇيغۇرلار: نەزەردىن يىراق كۆڭۈلگە يېقىن**

ئامېرىكىدا چىقىدىغان تىراژى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندىكى بىر ھەپتىلىك ژورنالدىن ئوقۇغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئۇزۇن بىر زىيارەت خاتىرىسى ھېلىغىچە ئېسىمدە. مەزكۇر زىيارەت خاتىرىسىنىڭ ماۋزۇسى ژورنالنىڭ مۇقاۋىسىغا بېرىلگەن بولۇپ مۇقاۋىغا ئۈرۈمچى دۆڭكۆۋرۈك ئەتراپىدىكى بىر بانكىنىڭ ئوق تېشىشۇەتكەن دەرىزىسى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغانىدى. مۇخبىر 2010-يىلى قىشتا ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلىدۇ. قار بىلەن قاپلانغان دۆڭكۆۋرۈكتە يۇڭ پايپاق سېتىپ ئولتۇرغان سەككىز ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا مۇخبىرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. مۇخبىر بالا بىلەن خەنسۇچە پاراڭلىشىدۇ. بالىنىڭ دادىسى بىلەن ئاكىسى ئۆتكەن يىل تومۇزنىڭ 5-كۈنى كەچتە يوقاپ كېتىدۇ. بالا دادىسىنىڭ قاسساپلىق ھۈنىرىنى داۋام قىلىۋاتقان ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئۆيدە قالغان ئىككى سىڭلىسىنى بېقىش ئۈچۈن تىجارەتكە كىرىشىدۇ. مۇخبىرنىڭ بالىغا ئىچى ئاغرىپ بىر جۈپ پايپاق سېتىۋالىدۇ ۋە يۈز سوم پۇل تەڭلەيدۇ. بالا ئون بەش سومنى ئېلىپ قالغىنىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. مۇخبىر نېمىشقا ئالمايدىغانلىقىنى سورۇغىنىدا «مەن تىجارەتچى، تىلەمچى ئەمەس!» دەپ مۇخبىرغا ئالىيىپ قويىدۇ. مۇخبىر ئۇيغۇر دىيارىدىكى شەھەرلەرنىڭ نەرىگىلا

بارسا ئۇيغۇرلار كۆپ رايونلارنىڭ تېمىغا يېزىلغان «ئۇلۇق ۋەتەنگە، كومپارتىيەگە مىننەتدار بولۇش» ھەققىدىكى شۇئارلارنى كۆرگەنىكەن. مۇخبىر بۇلارنى يېزىۋېتىپ، بېشىغا شۇنچە كۆلپەت كەلگەن تۇرۇقلۇق باشقىلارنىڭ سەدىقىسىگە ئۆچ، ئىنسانلىق غۇرۇرىنى خەقنىڭ ئالدىدا سۇندۇرۇشنى نومۇس بىلىدىغان بۇ مىللەتكە ئاشۇ شۇئارلارنىڭ قانچىلىك خورلۇق بىلىنگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ.

مۇخبىر ئۈرۈمچىدىكى زىيارىتىنى ئاياقلاشتۇرۇپ قەشقەرگە كېلىدۇ. قەشقەردە ساياھەتچىلەر ئۈچۈن چاقماي قالدۇرۇلغان قەدىمكى مەھەللىلەرنى ئايلىنىپتۇ. قەشقەردە ئۇيغۇرلارنىڭ تازىلىقچىلىق ۋە قاراۋۇللۇقتىن ئىبارەت كىرىمى تۆۋەن ۋە جاپالىق ئىشنى تالىشىپ قىلىۋاتقىنىغا دىققەت قىلىدۇ. تۈرلۈك جامائەت خىزمەتلىرىدە بولۇۋاتقان ئۇيغۇر ستۇدېنتلىرىنىڭ ئايلىق مۇئاشى 800 سومدىن مىڭ سومغىچە بولۇۋاتقانلىقىغا ئىچىنىدۇ. بولۇپمۇ ئېنگلىز تىلىنى بەكمۇ راۋان بىلىدىغان بىر ئۇيغۇرنىڭ ئامالسىزلىقتىن ئۆزى تاماقلىرىنى ھارام دەپ بىلىدىغان بەستفود دېگەن ئاشخانىدا ئىشلەشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى قىستۇرۇپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئويىچە نامراتلىق ۋە ئادالەتسىزلىك قەشقەرگە ھۆكۈمران ئىكەن. ئۇنىڭ قارىشىچە ئەسلى نامراتلىق بىلەن مەينەتلىك دائىم بىللە مەۋجۇد ئىكەندۇق. قەشقەرنىڭ چېقىلغان ۋە چېقىلمىغان كوچىلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ قارىشى ئۆزگىرىپتۇ. ئۇنىڭ يېزىشىچە بۇ شەھەردە كىشىلەر نامرات ئىكەن، ئەمما ئۆيلىرى، كوچىلىرى چىنىدەك پاكىز ئىكەن. ئۇنىڭچە بۇ پاكىزلىقتا قەدىمكى مەدەنىيەتلىك بىر مىللەتنىڭ ئاسانلىقچە سۇلمايدىغان سالاپىتى گەۋدىلىنىدىكەن. ئۇ قەشقەر ئاياللىرىنىڭ كۆندۈلۈك سېتىۋالغان كۆمۈر، ئوتۇن قاتارلىق لازىملىقلارنى چىرايلىق ئوراپ كۆتۈرۈپ مېڭىشلىرىغا تاڭ قالىدۇ. قەشقەردە كىشىلەرنىڭ مەش قويۇلۇپ ھەم قىشلىق ياتاق، ئاشخانا ھەم مېھمانخانا قىلىنىپ ئىشلىتىلىدىغان ئۆيگە سەنئەت بويىمنى تىزغاندەك رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوتۇن، كۆمۈر، قىشلىق كۆكتات، قازان-قومۇچ قاتارلىقلارغا قاراپ بۇنچە كۆپ نەرسىنى شۇنچىلىك كىچىك ئورۇنغا

تىزىلغان ماھارەتكە پاتېنت ئىلتىماس قىلسا ئەرزىيدىغانلىقىنى خىيال قىلىدۇ.

مۇخبىر قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە ئاپتوبۇس بىلەن قايتىپتۇ. ئۇنى ئەپسۇسلاندۇرغىنى دۇنيا بويىچە ئەڭ باي سانىلىدىغان بىر ھۆكۈمەتنىڭ يول بويلىرىغا ھاجەتخانا سېلىپ قويمىغىنى بولۇپتۇ. ئۇنىڭچە دۇنيادا ھۆكۈمەت مەسئۇللۇقىدىكى جامائەت ئەسلىھەسى سانىلىدىغان ھاجەتخانىلارنىڭ قەشقەردە جوڭگو بويىچە كەمچىللىكى ۋە تىجارەتكە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىكەن. ئۇ ئاپتوبۇستا ئۇيغۇرلار بىلەن يېرىم خەنسۇچە يېرىم ئىما ئىشارەتلەر بىلەن پاراڭلىشىپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلار ئۆزى كۆرگەن ئاسىيالىقلار ئىچىدە ئەڭ قىزغىن، ئەڭ خۇشچاقچاق، ئەڭ ئۈمىدۋار كىشىلەردەك تۇيۇلۇپتۇ. ئۈرۈمچىگە كېسەل كۆرسىتىشنى باھانە قىلىپ يوقاپ كەتكەن بالىلىرىنى ئىزدەپ كېتىۋاتقان ئاتا-ئانىلارنىڭمۇ چۆللەرنى چاڭ كەلتۈرۈپ كۈلۈشلىرى ۋە ناخشا ئېيتىشلىرى ئۇنىڭغا ئازاپنى يېڭىشنىڭ ئۇيغۇرچە ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپتۇ. ئۇنىڭچە ناخشا ۋە چاقچاق ئۇيغۇرلارنىڭ شۇنچە ئازاپ، بېسىم ۋە خورلۇقلارغا چىداپ ئۈمىدۋار ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىدىكى سىر ئىكەن.

يېرىم يولدا ئاپتوبۇسقا بىر بوۋاي چىقىۋاپتۇ. بوۋاينىڭ قولىدا بىر ساپاق ئۈزۈم بار ئىكەن. بوۋاي ئۈزۈمنى ئاپتوبۇستىكى ھەممە يولۇچىغا بىر بىرلەپ سۇنۇپ چىقىپتۇ. بوۋاينىڭ ئۈزۈمنى يولۇچىلارغا بۆلۈپ بەرمەي تەكشى سۇنۇشلىرىدىن مۇخبىر بەك ھەيرانلىق ھېس قىلىپتۇ ۋە سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئۇنىڭچە بۇنداق قىلغاندا بەزىلەرنىڭ كۆپ ئېلىۋېلىشى بەزىلەرگە يەتمەي قېلىشىدىن ساقلانماق تەس ئىكەن. بوۋاي «بىزدە ئىنساپ دېگەن گەپ بار. ھەممىمىز ھەممە يەردە ئىنساپ بىلەن ئىش قىلىمىز، سۆزلەيمىز، ئوزۇقلىنىمىز، ھېچ كىم ئارتۇق ئېلىۋالمايدۇ» دەپتۇ. مۇخبىر بوۋاينىڭ ئۇيغۇرچە، خەنسۇچە ۋە ئىما ئىشارەت بىلەن ئېيتقانلىرىنى چۈشىنىشكە

تىرىشقان بولسىمۇ تولا تەكرارلانغان «ئىنساپ» دېگەن سۆزنى تۈزۈك ئۇقالماپتۇ. ئارىدا بىر ئۇيغۇر بالا بوۋاينىڭ ئېيتقانلىرىنى خەنسۇچىغا ئۆرۈپ بېرىپتۇ، ئەمما «ئىنساپ» دېگەن سۆزنى يەنىلا ئۆرىيەلمەپتۇ. ئۇنىڭچە بىر مىللەتنىڭ تىلىدا بىر چۈشەنچىنىڭ بولماسلىقى سەۋەبلىك شۇنداق چۈشەنچىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزمۇ بولمايدىكەن. بىر ساپاق ئۈزۈمنىڭ ئاپتوبۇستىكى 30 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە بىر ياۋروپالىققا يەتكىنىگە قاراپ مۇخبىر ئۇيغۇلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئىنساپ چۈشەنچىسىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولۇپتۇ.

يولدا ئاپتوبوسنىڭ تۇيۇقسىز توختاپ يولۇچىلارنىڭ ئىچىدىكى ئەرلەر ئۇيغۇرچە ئاللىنىمىلەرنى دېيىشىپ چۈشۈپ كېتىشىپتۇ. مۇخبىر نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي ماشىنىدىن چۈشۈپ قارىسا ئۇيغۇر يولۇچىلار يولدىن يىراقراق بىر يەرنى تەرلەپ پىشىپ كولاۋاتقان ئىكەن. سوراشتۇرسا بىر ئەسكەر ماشىنىسى يولدىن ئۆتۈۋاتقان بىر مۆشۈكنى بېسىۋېتىپ كېتىپ قالغانىكەن. بۇنى كۆرۈپ قالغان ئاپتوبۇسنىڭ ئۇيغۇر شوپۇرى ۋە يولۇچىلارنىڭ مۈشۈككە ئىچى ئاغرىپ ماشىنىنى توختۇتۇپ كۆمۈپ قويماقچى بولۇشقان ئىكەن. ھەممىگە قىزىقسىنىدىغان بۇ مۇخبىر بۇنىڭ سەۋەبىنىمۇ سوراپ ئۇلگۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يېزىشىچە ئۇيغۇرلار مۈشۈكنىمۇ خۇدانىڭ ياراتقانلىقىغا، ھەر قانداق جانلىقنىڭ تىرىكنىڭلا ئەمەس ھەتتا ئۆلۈكىنىڭمۇ خارلىقتا قالسا بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىشىدىكەن.

بەلكىم ئوقۇرمەنلىرىم «بۇ مۇخبىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىللەتلىرى ھەققىدە يازماپتىمۇ؟» دېيىشلىرى مۇمكىن. ئەپسۇس، بۇ مۇخبىر ئۇيغۇرلارنىڭ «ئىللەت»لىرى ھەققىدە يازماپتۇ. 19-ۋە 20- ئەسىردە ئۇيغۇر دىيارىغا تۈرلۈك مەقسەتتە كەلگەن ئەنگلىيىلىكلەر، شۋېتسىيىلىكلەرنىڭ يازمىلىرىدا ئۇيغۇرلارنى ئۇنداق ئىللەتلىك ئىكەن، مۇنداق نۇقسانلىق ئىكەن دېگەندەك بايانلار ئۇچرايدۇ. بۇ پەقەت ياۋروپالىقلارنىڭ ياۋروپا مەركەزلىك قارىشى ۋە مۇستەملىكچىلىك ئىددىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھازىرقى دەۋر 19-ئەسىردىكى ئىمپېرىيە دەۋرى، مۇستەملىكە دەۋرى ئېخىمۇ ئەمەس. ھازىرقى

دەۋر ئىنسانلارنىڭ مىللىي خاسلىقى، مۇستەقىللىقى، غۇرۇرى، ۋىجدانى ۋە ئېتىقادى ھۆرمەتلىنىدىغان دەۋر. بىر مىللەتنىڭ تىلى، كىيىم كېچەكى، ساقال بۇرۇتى توغرىسىدا ھۆكۈمچىلىك قىلىش، چەكلىمە قويۇش ئىرقىي كەمسىتىشكە مەنسۇپ ئىكەن. بىر مىللەتنىڭ دىنىنى خۇراپاتلىق، پىئۇداللىق، قالاق دېيىش دىنىي كەمسىتىشكە تەۋە بولىدۇكەن. بىر مىللەتنى دېھقاندەك ئۇنداق، مۇنداق دېيىش؛ پادىچىدەك ئۇ، چارۋىچىدەك بۇ دېيىش كەسپىي كەمسىتىشكە تەئەللۇق دەپ قارىلىدىكەن. شۇڭا بىر چاغلاردا جاۋبېنشەن ئورونلىغان دېھقانلارنى كەمسىتىدىغان ئىتوتلار، چېن پېيسى ئورۇنلىغان ئۇيغۇرلارنى كەمسىتىدىغان ئىتوتلار بۈگۈنكى دۇنيادا سوتقا لايىق، قانۇنغا خىلاپ قىلمىش ئىكەن. ھازىرقى غەرپ مائارىپى ۋە جەمىيىتى بۇنداق تۈرلۈك كەمسىتىشلەرگە يول قويمايدىكەن. بۇ غەرپلىك مۇخبىرلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتالمىش «ئىللەت»لىرى ھەققىدە يازماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكىدا تۇرغان چاغلىرىمدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە نۇرغۇن خەۋەرلەرنى ئوقۇدۇم، ھۆججەتلىك فىلىملەرنى كۆردۈم. ھەممىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى تۇرمۇشى، مەدەنىيەت ھاياتى، ئۆرپ ئادىتى، سىياسىي كەچۈرمىشى، ئۇيغۇرلاردىكى مائارىپ ۋە ئانا تىلىنىڭ ئورنى كۆزۈتۈلۈپتۇ، تەسۋىرلىنىپتۇ ۋە بايان قىلىنىپتۇ. غەرپ مەتبۇئاتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى بايانلاردا چۈشۈنۈش ۋە چۈشەندۈرۈش ئاساس بولۇپ ھۆكۈمچىلىك كۆرۈلمەيدىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە خەلقىنىڭ ئاغزاكى مەلۇماتلىرى كۆپرەك، ھۆكۈمەت مەلۇماتلىرى ۋە تارىخى مەلۇماتلار ئازراق ئىكەن. سەۋەب، ھۆكۈمەت ۋە تارىخى مەلۇماتلارنىڭ ئالدىن بېكىتىلگەن يوليورۇق، تەلەپ ۋە ھۆكۈمگە ئاساسەن يېزىلىدىغانلىقى سەۋەب بولغان بولسا كېرەك.

# چەتئەل ئىشتىياقى ۋە ئۇيغۇرلۇق ئەندىشىسى

ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چەتئەلگە چىقىش قىزغىنلىقىنىڭ مەن ئامېرىكىغا ماڭغان 2009- يىلى باھاردىكىگە قارىغاندا مىسلىسىز كۆچەيگەنلىكىنى بايقىدىم. ئۈرۈمچىدە 2009-يىلى تومۇزدىن بۇرۇن «مۇنچە يەردە ئۆيىمىز بار» دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن ماختىنىش مۇدىكەنمىش، ھازىر «مۇنچە بالىمىز چەتئەلدە» دېگەن سۆزلەر بىلەن پەخىرلىنىش ئالقىشلىنىدىغان بولۇپتۇ. قارىغاندا پاجىئەلىك كۈنلەردە بىخەتەرلىككە ئېرىشەلمىگەن ئۈرۈمچى ئۇيغۇرلىرى جاننىڭ ئامانلىقىغا پەخىرلەنگەن ئايۋان سارايىنىڭ باش پاناھ بولالمايدىغانلىقىنى ئاڭقارغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ «بالىمىز چەتئەلدە» دېگىنى، «ئۇلار بىخەتەر جايدا، ئەسلا بوزەك قىلىنمايدىغان ماكاندا» دېگەنلىكى بولسا كېرەك. ئۇلار بوۋىلار قالدۇرغان «ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا رەڭگى رويىڭ سامان بولماس» دېگەن ھېكمەتنىڭ مەنىسىنى ئاشۇ ئەنسىز، تەشۋىشلىك كۈنلەردە سارغايغان چىرايلاردىن ئۆگەنگەندۇر. قەشقەرنىڭ پۇلدارلار قاتلىمىغا تەۋە شىركەتچى بايلار ئىچىدە بالىلىرىغا ئېنگلىزچە ئۆگۈتۈدىغانلارنى ئاساسەن ئۇچراتمىدىم. پەقەت بىر قىسىم باي مەمۇرلارنىڭ ئەمدىلا تۆرت-بەش ياشقا كىرگەن بالىلىرىنى ئېنگلىزچە كۇرۇسقا بەرمەكچى بولۇشلىرى ماڭا ئۇيغۇرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تىجارەت ئەنئەنىسى بېيىتقان پۇلدارلار بىلەن تۈزۈم سەۋەپلىك بېيىغان زامانىۋي بايلار ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرما بولۇپ تۇيۇلدى. قەشقەردە ئۈرۈمچىدىكى چەتئەل قىزغىنلىقىغا ئوخشايدىغان بىرەر گەۋدىلىك ھادىسىنى ئۇچراتمىدىم.

قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئامېرىكىدا تۇرۇپ قالغان دوستلاردىن ئاڭلىشىمچە مەن تۇرغان كانزاس شىتاتىغا 2011-يىلى يېڭىدىن

يىگىرمىدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياش كېلىپ ئورۇنلۇشۇپتۇ. ئەسلى 2011-يىلى ئىيۇندا مەن ۋەتەنگە قايتىشتىن بۇرۇن پۈتۈن شىتات بويىچە ئۈچ ئۇيغۇر بار ئىدۇق. 2005-يىلدىن 2011-يىلغىچە بۇ شىتاتتا ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ تۆرتتىن ئاشمىغانىكەن. ئامېرىكىدىكى چېغىمدا ئۇيغۇرلاردىن ئاڭلىشىمچە، 2009-يىلى تومۇزدىن 2010-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئامېرىكىغا كەلگەن ئۇيغۇر 300دىن ئاشىدىكەن. 2009-يىلى تومۇزدىكى پاجىئەدىن كېيىن ياۋروپادىكى مۇساپىرلار لاگىرلىرىغا قېچىپ كېلىپ پاناھلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىمۇ 1000دىن ئاشىدىكەن. تومۇزدىكى پاجىئە سەۋەبلىك ياۋروپاغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرنىڭ سانى 1949-يىلدىن كېيىن غەرپ-ياۋروپا ئەللىرىگە بېشىنى قولتۇقىغا قىسىپ تەۋەككۈل قىلىپ كەلگەن بارلىق ئۇيغۇرللارنىڭ ئومۇمى ساندىنمۇ جىق ئىكەن. مەنچە 2009-يىلى تومۇزدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەللەرگە تەلپۈنۈش دولقۇنىنى تارىختىكى1949 ۋە 1960-يىللاردىكى چەتئەللەرگە يۈزلىنىش دولقۇنىدىن كېيىنكى ئۈچىنجى قېتىملىق مۇساپىرلىق دولقۇنى دېيىش مۇمكىن. ئەلۋەتتە، ئامېرىكىدىن قايتىپ ئۈرۈمچىدە جىق تۇرماي قەشقەرگە ئاتلانغانلىقىم ئۈچۈن ئۈرۈمچى ئۇيغۇرلىرىدىكى ۋە ئۈرۈمچىگە مۇساپىر ئۇيغۇرلاردىكى چەتئەل ئىشتىياقىنى يېتەرلىك ھېس قىلىپ يېتەلمىگەن بولۇشۇم مۇمكىن.

كۆزۈتۈشۈمچە چەتئەلگە تەلپۈنۈۋاتقان گاھى كىشىلەرنىڭ مەقسىدى كېيىنكىلەرگە يېگى ھاياتلىق موھىتى يارىتىش، ئەۋلادلارغا بەخت، ئەركىن، باراۋەر، ئەۋزەل مەۋجۇدلۇق شارائىتى ئىزدەش ئىكەن. ياپونىيەدىكى بىر ئۇيغۇر گوللاندىيەدىكى بىر تېلۋىزور مۇخپىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا «سىز نېمە سەۋەبتىن ياپونىيەگە كەلگەن؟» دېگەن سوئالغا ھېلىقى ئۇيغۇرنىڭ «بالامنىڭ مەندەك بوزەك بولماسلىقى ئۈچۈن» دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكى رۇشەن ئېسىمدە. گاھى كىشىلەرنىڭ چەتئەلگە چىقىشتىكى مەقسىدى كىشىلىك

سالاھىيىتىدە ئۆزگۈرۈش پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىكەن. قىزىقارلىق يېرى ئۇلار سالاھىيىتىدە ئۆزگۈرۈش بولۇش دېگەننى ھاكىمىيەتنىڭ نەزىرىگە ئىلىنىش دەپ چۈشىنىدىكەن. گاھى بىلمەسلەر چىگرىدىن چىقىپلا كەتسە ئەسلى ۋەتىنىدىكى ئىككىنجى پۇقرالىق سالاھىيىتى ئۆزگەرگەنلىك سەۋەبىدىن ئىشلارنىڭ يۈرۈشۈپ كېتىدىغانلىقىغا قايىل ئىكەن. بۇنداق تونۇشتىكى كىشىلەر مەندەك ئامېرىكىدا ئوقۇغان كىشىنىڭ قەشقەردە «ئۇششاق بالىلار»غا دەرس ئۆتۈپ يۈرۈشلىرىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمايدىكەن. ھەتتا بەزىلەر دىپلومۇمنىڭ بار يوقلىقىنى سوراپ باققانمۇ بولدى. ئۇلا ھۆكۈمەتنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشمىگەن كىشىلەرنىڭ ئەتىۋارىدىن گۇمان قىلسا كېرەك.

ۋەتەندە ئاڭلىغان پاراڭلاردىن قارىسام بەزىلەر رىياللىقتىن بىزارلىق، كەلگۈسىدىن ئۈمىدسىزلىك، بالىلارنىڭ ئىستىقبالى، مائارىپنىڭ نىمجانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن چەتئەلگە ئىنتىلىدىكەن. يەنە بەزىلەر ئۇيغۇرنى «ئىللەتلىك» ھېساپلاپ بالىسىنى بۇ ئىللەتلەردىن خالى چوڭ قىلىش مەقسىتىدە چەتئەلگە يولغا سېلىۋاتقانلارمۇ بار ئىكەن. بەزىلەر جوڭگودا ئۇيغۇرنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ چەتئەللەردىن ئۇيغۇرغا چىقىش يولى ئىزدەش مەقسىتىدە مۇساپىرلىقنى ئىختىيار قىلىشىدىكەن. يەنە بەزىلەر ۋەتەندىكى مائارىپنىڭ ھېلى ساپا مائارىپى، ھېلى قوش تىللىق مائارىپ دەپ بالىلارنى ئىتائەتمەن يارىماسلارغا ئايلاندۇرۇۋاتقانلىقىدىن نارازى بولغاچقا مائارىپى تەرەققىي قىلغان غەرپكە ئىنتىلىدىكەن. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ۋەتەندە پەرزەنتلىرىگە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تولۇق ئۆگۈتۈش ئەركىنلىكى بولمىغانلىق سەۋەبىدىن كۆچمەن بولۇشنى تاللايدىكەن. يەنە گاھىلار چەتئەلگە سەپەر قىلغاننى دىن يولىدا ھىجرەت قىلىش دەپ قاراپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى ھېساپلايدىكەن. قىزىقارلىق يېرى بەزىلەر چەتئەلگە چىققانلارنى مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار دەپ قارايدىكەن. يېقىندا بىر سورۇندا ۋەتەندە بىر تىجارەت قىلىپ قاملاشتۇرالماي تىكىۋەتكەن بىرىنىڭ پارىڭى بولۇپ ئۇنىڭ نەدىلىكى سورالدى. مەن ئۇنىڭ تۈركىيەدە ئىكەنلىكىنى دېسەم بىر دوستىمىز، «ۋاھ، خېلى ئىش قىلىپتۇ جۇمۇ!» دەپ ماختاپ كەتتى.

بىر جۇمەدە خاتىپ چەتئەلگە چىقىپ ھىجرەتتە ياشاشنى تەرغىپ قىلىدىغان بىر كىتاپقا رەددىيە بەردى. كىتاپتا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە كۆچۈپ ئىمان ئېتىقادىنى ئەركىن داۋام قىلىپ ياشاش، ھۆر دۆلەتلەردە پەرزەنتلەرنى ئىمانلىق قىلىپ تەربىيەلەش تەرغىپ قىلىنغان بولسا كېرەك. خاتىپنىڭ ئېيتىشىچە كىتاپتا كۆچمەنلىك ھىجرەت دەپ سۈپەتلىنىپتۇ. خاتىپ بۇنى ھىجرەت بولمايدۇ، سەپەر بولىدۇ، دەپ چۈشەندۈردى. خاتىپنىڭ ئېيتىشىچە پەيغەمبىرىمىز مەككىنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن ھىجرەتنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى جاكارلىغانىكەن. مەن 2004-يىلى شۇنداق بىر گەپنى ئاڭلىغان ئىدىم. مالايسىيەدىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى تونۇشتۇرۇپ پۇل تاپىدىغان بىر ئۇيغۇر كىشى چەتئەلگە چىقىش سەۋداسىدا يۈرگەنلەرگە «مالايسىيەگە چىقىپ ئوقۇشنى ھىجرەت قىلغانغا باراۋەر» دەپ چۈشەندۈرۈپتۇكەن. ئۇنىڭ قىلغانلىرىغا شۇ چاغدا خېلىلا غەزىۋىم كەلگەنىدى. كېيىنكى مۇساپىرلىق ھاياتىمدا ئۇرۇمچىدىكى ئۇيغۇر بايلار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىماندىن ئاجراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى مىسىر، ئەرەبىستان ۋە تۈركىيەلەرگە ئەۋەتىۋەتكەن ئىشلارغا شاھىد بولدۇم. تۈركىيەدە شۇنداق مەقسەدتە ئەۋەتىلگەن بىر بالىنىڭ دوستۇمنىڭ كومپيۇتېرىدا شەھۋانى كىنو كۆرۈۋاتقان ھالىتى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. مېنى ئەڭ يىرگەندۈرگىنى ئۇنىڭ قىلغان چىركىن ئىشىنى مېنىڭ كۆرۈپ قالغىنىم سەۋەبلىك خىجىل بولماقتا يوق، دوستۇمنىڭ ئۆيىگە شۇ ئىشتىن كېيىنمۇ پات- پات كېلىپ تۇرۇشى بولغان ئىدى. بەزىلەر تۈركىيە، ئەرەبىستان ۋە مىسىرلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ نوپۇسنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىغا قاراپ بۇ دۆلەتلەرگە بالىلىرىنى سەپەرگە يولغا سېلىشنى ھىجرەت دەپ چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، ئائىلىدە، جەمىيەتتە يېتەرلىك ئىسلامي تەربىيەدە چوڭ بولمىغان بالىنى مەككە مۇكەررەمنىڭ ئىچىدىن ياتاق ئېلىپ بېرىپ ئوقۇتقان تەقدىردىمۇ يامانلىقلاردىن قول

ئۆزۈشى ناتايىن. مەن بەزىلەرنىڭ مۇشۇنداق يۇرت كۆرۈش، جاھاننى چۈشۈنۈشتىن ئىبارەت ئەڭ ئەقەللىي بىر ئىشىنىمۇ ھىجرەت دەپ پەدەزلەپ رىياكارلىق، ساختىپەزلىك قىلىشلىرىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئويلىنىپ قالىمەن. خاتىپ ئادەتتىكى كۆچمەنلىك سەپىرىنىڭ ھىجرەت ئەمەسلىكىنى ئالاھىدە مەسىلە سۈپىتىدە تىلغا ئالغانغا قارىغاندا بۇنداق «ھىجرەت» چىلىك خاھىشى خېلى ئېغىر بولسا كېرەك.

چەتئەلدە ياشاۋاتقان بىر قىسىم دوستلارنىڭ قارىشىچە ۋەتەندە ياشىغانلىق خورلۇققا، زۇلمەتكە ۋە تەڭسىزلىككە رازى بولغانلىق؛ ئالغا ئىنتىلمەسلىك، ئىلىمدىكى دۇنياۋي پەللىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئادىل رىقابەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش سانىلىدىكەن. ماگىستىرلىقتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا تونۇشقان ساپالىق ئاغىنىلەرنى ئەسلەپ باقتىم. ئۇچاغلاردا ماگىستىرلىقتا ئوقۇغانلارنى چەتئەلگە چىقالايدۇ دەپ قاراش ئومۇملاشقانىكەن. راست دېگەندەك 90-يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ياپونىيە، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا داۋاملىق ئوقۇۋېتىپتۇ ۋە ئىشلەۋېتىپتۇ. ئامېرىكىغا بارسام ئابدۇۋاسىت غولام دېگەن بىر ساۋاقدىشىم سېنت لۇئىس ئۇنۇۋېرسىتېتىدا ياردەمچى پوروپپېسسور بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ. ئامېرىكىغا بارغىچە بولغان ئارىلىقتا مەن ئۇچراتقان ئۆزلۈكىدىن ئېنگىلىزچە ئۆگەنگەن تىرىشچان دوستلارنى ئويلاپ باقتىم، ئاساسەن دېگۈدەك چەتئەللەردە ياشاۋېتىپتۇ. بۇرۇن ۋەتەندىكى چاغلىرىدا ئەل، ۋەتەن دەپ تەر تۆكۈۋاتقان ۋە ھازىرمۇ بۇ يولدا ئىزدىنىۋاتقان بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم سۆيۈملۈك كىشىلىرىنى ئويلاپ باقتىم ئۇلارمۇ چەتئەللەردە ئىكەن. بۇنداق تىرىشچان، ئىقتىدارلىق، ئۈلگۈلۈك كىشىلەرنىڭ چەتئەللەردە بولۇشى ۋە يۈزلىنىشى كىشىلەردە چەتئەل ئىشتىياقىنى قوزغىغان بولسا كېرەك.

مەن 2009-يىلى تومۇزدىن كېيىن بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىلىرى رىياللىقتىن كەسكىن ئۈمىدسىزلەنگەن، ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر ئاۋام ھايات بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ ساراسىمىگە چۈشكەن بىر پەيتتە ۋەتەنگە

قايتىشنى قارار قىلدىم. شۇ ئارىدا ئامېرىكىدىكى نامى ئۇيغۇرلارغا سۆيۈملۈك بولغان بىر ئۇيغۇر ئالىم بىلەن قارارىم ھەققىدە تېلېپۇندا مۇنازىرىلىشىپ قالدىم. بۇ مۆھتەرەم ئاكىمىز مېنىڭ ئامېرىكىدا ياشاپ قېلىشىمنى تەۋسىيە قىلدى. مەن قارارىمنى ياقلاپ داۋاملىق مۇنازىرە قىلىشقا باشلىغاندا ئىدارىسىنىڭ ماشىنىسى كېلىپ قالغان سەۋەبلىك گەپ ئۈزۈلدى. ئۇ كىشىنىڭ قارارىمنى قوللىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلغانتىم. ئۇنىڭ قوللىشى مېنىڭ تەۋرىنىپ تۇرغان ئىرادەمنى چىڭىتالايتتى. ئامېرىكىدىكى تونۇش بىلىشلىرىم مېنىڭ قايتىپ كېتىدىغانلىقىمنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويۇشمىدى. ھەتتا بەزى چاغلاردا مېنىڭ خىزمەت تېپىشىمغا ياردەمدە بولۇدۇغانلىقىنى سەممىيلىك بىلەن بىلدۈرۈپ تۇرۇشتى. ئامېرىكىغا كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن كېتىش خىيالى بارلار يوق ھېساپتا بولغاچقا قارشىلىقتا ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن كېتىش ھەققىدە قەتئىي سۆز ئاچمىدىم. ۋەتەنگە قايتىش ھەققىدىكى قارارىمنى ئالدى بىلەن يېتەكچىمگە دېيىشكە توغرا كەلدى. چۈنكى ئۇ مېنى يەنە 34 ئايلىق تەتقىقات ياردەمچىسى قىلىپ تاللىغانىدى. بۇ خىزمەت بەدىلىگە مەن ھەقسىز ئوقۇغاننىڭ ئۈستىگە ئايلىق مۇقىم مۇئاشتىن بەھرىمەن بولاتتىم. ياخشى يېرى مۇشۇ پۇل بىلەن مەن دوكتورلۇق ئوقۇشۇمنى تاماملىيالايتتىم. ئېلخەت ئارقىلىق قايتىش قارارىمنى يەتكۈزگۈنۈمدە مۇئەللىمىم قارارىمغا ھەيران قالغاندەك «راست دەۋاتامسەن» دېگەندىن باشقىنى دېمىدى. مەن ئۇنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ ئۇزۇن بىر پارچە خەت يازغانىدىم. قايتىدىغاندا ۋەتەندىن ئەكەلدۈرگەن بەش ئالتە پارچە كىتاپنى خاتىرە سۈپىتىدە ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ كەتتىم ۋە ئارىسىغا ماڭا سىڭدۈرگەن ئەجرىگە رەھمەت بىلدۈرۈش مەزمۇنىدىكى ئۆز قولۇم بىلەن يازغان خەتنى قىستۇرۇپ قويدۇم. ئەسلى بۇ خەتنى كومپيۇتىردا يازسامۇ بولاتتى، لېكىن ھۆرمىتىم ۋە رەخمىتىمنى چوڭقۇرراق ئىپادىلەش ئۈچۈن ئاتايىن قولۇمدا يازدىم. ئەپسۇس، ھېچ بىر جاۋاپ

بولمىدى. شۇنچە تىرىشچانلىقلىرىم بەدىلىگە پەقەت ئوقۇتقۇچۇمنىڭ چۈشۈنۈشىگە ئېرىشەلىگەن بولساممۇ، لېكىن ئىنتىلىشىمغا ئېرىشەلمىدىم. شۇنچە ئۇزۇن شۇنچە ئەستايىدىل يازغان خېتىمنىڭ جاۋابسىز قېلىشى ئۇنىڭ مېنىڭ قارارىمنى قوللىمىغانلىقى ئىدى.

2011-يىلى مايىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ناھايىتى جىددى ئۆتتى. دوستلۇرۇمنىڭ كەتمەسلىك ھەققىدىكى كۈلدۈرۈپ ۋە ئاغرىتىپ تۇرۇپ ئېيتقانلىرىغا يالغاندىن «ماقۇل» دەپ قويۇپ كېتىش تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ بولدۇم. نېمە تەييارلىق بولاتتى! تاشلايدىغاننى تاشلاپ ئالىدىغاننى ئېلىپ چامدانلاشتۇردۇق شۇ. كىچىكىمدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بىر ئاغىنەم بولۇدۇغان، ماڭا ئەڭ قىيالمىغىنى شۇ بولدى. تېلېفوندا چىرايلىق گەپ قىلدى. ئۆيىگە چاقىرىپ ئىككى كۈن تۇرغۇزۇپ نەسىھەت قىلدى. بىر ئاخشام ئۇخلىماي دېگۈدەك ياخشى سۆزلەرنى ئاڭلاپ پەقەت يۈز كېلەلمىدىم ۋە قايتماسلىققا قوشۇلغان بولدۇم. ئەتىسى دەرىزىنى ئاچسام ھاۋا شۇنداق چىرايلىق. «بۈگۈن ئەجەپ چىرايلىق كۈن بولۇپتۇ ھە؟» دېۋىدىم، ئاغىنەم: «ھەئە، ماڭمۇ بەك چىرايلىق كۈن بولغاندەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ، سەن ئاخشام كەتمەسلىككە قوشۇلغان بولغاچقا» دېمەسمۇ. يالغان سۆزلىگىنىم ئۈچۈن يۈرۈكۈم ئېزىلدى. مەن بۇ يالغاننى ھەتتا ئەتىسى ماڭىمەن دېگەن كۈنگىچە داۋاملاشتۇردۇم. ئۇ ھەركۈنى تېلېفون قىلاتتى. ئامېرىكىدا قالسام ئۇيغۇرلارغا تېخىمۇ كۆپ ئىش قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقىم ھەققىدە مەسلەھەت بېرەتتى. ئۇ كومپيۇتېر ئىلمىنىڭ دوكتورى بولغاچقا گەپلىرى ئىنتايىن ئەمەلى ۋە قايىل قىلارلىق ئىدى. ئۇنىڭ «يەنە كېتىشتە چىڭ تۇرساڭ سېنى ئايرۇدۇرۇمدا تۇتقۇن قىلىپ ئامېرىمىغا سولاپ قويىمەن. بىر قانچە كۈن قاماپ قويسام ۋىزاڭنىڭ ۋاقتى ئۆتىدۇ، كېتىمەن دەپمۇ كېتەلمەيسەن» دېگەنلىرى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغان بىر ئىش قىزىمنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ ئەڭ سۆيۈملۈك سۆزنى تەلەپپۇز قىلالمىغىنى بولدى. ئامېرىكىغا كەلگەن ئالدىنقى يېرىم يىلدا قىزىم ئۇيغۇرچە گەپ قىلساق ئۇيغۇرچە جاۋاپ قايتۇراتتى.

كېيىنچىرەك شۇنچە زورلىساقمۇ ئۇيغۇرچە گەپكە ئىنگلىزچە جاۋاپ بېرىدىغان بولدى. دەسلەپتە بوۋاق، مومىلىرىغا تېلېفون قىلىپ ھارمايتتى، ئۇيغۇرچە سەۋىيىسى زەيىپلەشكەنچە ئۆيدىكىلەر سۆزلۈشۈشنى تەلەپ قىلىسىمۇ ئۇنىمايدىغان بولدى. بىر قېتىم تېلېفوندا ئۆيدىكىلەر بىلەن سۆزلۈشۈۋاتساق، يوق ئىشلارنى باھانىداپ خاپا قىلىپ قەتئىي گەپنى گەپكە قوۋۇشتۇرمىدى. دەرھال ئىنكاس قايتتۇرسام قاتتىق تېگىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، ئاچچىقىم بېسىققاندا سورۇسام «سىلەر تېلېفوندا دېيىشىۋاتقان گەپلەرنى يا مەن بىلمىسەم، زېرىكمەمدىم. سىلەر نېمىشقا مەن بىلمەيدىغان ئىشلارنى، گەپلەرنى قىلىسىلەر؟» دەيدۇ. بالامنىڭ دېگەنلىرى يوللۇق ئىدى. ئۇنىڭ بىلىدىغان گەپلىرى ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ھەققىدىكى پاراڭلار ئىدى. ۋەتەندىكىلەر بىلەن سۆزلۈشۈۋاتىمىز دېگىنىمىزدە بىز تېلېفوندا ئۇ ياشاۋاتقان موھىتتىن ئاسمان زېمىن پەرقلىنىدىغان باشقا بىر دۇنيانىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتۇق. ئۇ دۇنيا ئۇيغۇر تىلىدا بەرپا بولغان دۇنيا، ئۇيغۇرنىڭ دۇنياسى ئىدى. ئامېرىكىدا چوڭ بولۇۋاتقان قىزىمنىڭ كۆرگەن، بىلگەن ۋە ھېس قىلغانلىرى ئۇنىڭ مىڭىسىگە ئىنگلىزچە ئورۇنلىشاتتى. بىز بىر ئۆيدە ياشاۋاتقان بىلەن قىزىم ئىنگلىز تىلى بىلەن بەرپا قىلىنغان ئىنگلىزچە دۇنيادا، ئايالىم ئىككىمىز ئۇيغۇر تىلى بىلەن بەرپا بولغان ئۇيغۇرچە دۇنيادا ياشاۋاتاتتۇق. قىزىم بىزنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ بىزنى ئۆزى بىلەن بىر دۇنيادا كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۆزىنىڭ كاللىسىدىكى ئىنگلىزچە دۇنيانىڭ تولىمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇ باشقا تىلدا يارالغان بىر دۇنيانىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيانى ئىستىلا قىلىشىنى قوبۇل قىلالمايتتى.

بىر كۈنى ئايالىم تۈرك دوستلۇرۇمنىڭ ئاياللىرى بىلەن سۆھبەتكە بېرىپ ئامېرىكىنىڭ بولمىغۇر تەرەپلىرى ھەققىدە پاراڭلىشىپ قاپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ تۇرغان قىزىم «سىلەر نېمىشقا ئامېرىكىنىڭ يامان گېپىنى قىلىسىلەر، مەن

ئامېرىكىلىق، مەن ئامېرىكىنى ياخشى كۆرىمەن» دەپ ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. قىزىم بىر كۈنى «مەن جەيسېن بىلەن توي قىلىمەن» دېگەن گەپنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. كۈلۈپ كېتىپ باشقا گەپ قىلمىدىم. جەيسېن دېگىنى قىزىم بىلەن يەسلىدە دائىم بىللە ئوينايدىغان قارا تەنلىك بالا ئىدى. قىزىم شۇ چاغدا تۆرت ياشتىن ئەمدى ئاشقان بولۇپ ئۇنىڭ كاللىسىدا ئادەم ۋە شەيئىلەر تۈرلەرگە ئايرىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئادەملەر ئاتا-بالا، قىز-ئوغۇل، ئەر ـ خوتۇن، چوڭ كىچىك، ئامېرىكىلىق-ئۇيغۇر دېگەن تۈرلەرگە تەۋە ئىدى. ئۇ بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ بالا، قىز، كىچىك، ئامېرىكىلىق دېگەن تۈرگە تەۋەلىكىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئەر-خوتۇن دېگەن تۈرنى چۈشەنگەن ۋە بۇ تۈرگە تەۋە بولۇش ئۈچۈن ئۆزىگە لايىق بېكىتىپ چىققان ئىدى. ئەگەر ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ ئېسىدە بولسا «قىزىم، ئامېرىكا ۋە بىزنىڭ ئۇيغۇرلۇقىمىز» دېگەن يازمامدا مەن قىزىمنىڭ يۇرتىنى بىلىشتىن بۇرۇن مىللىتىنى بىلگەنلىكىنى يازغانىدىم. بىر يىللىق ئامېرىكا ھاياتى قىزىمنىڭ تەۋەلىك چۈشەنچىسىدە زور ئۆزگۈرۈش پەيدا قىلغانىدى. ئۇ بۇ بىر يىلدا ئۆزىنى ئۇيغۇر دېيىشنى ئۇنۇتمىغان بىلەن ئۇيغۇرنى قانداق تەلەپپۇز قىلىشنى ئۇنۇتقان، ئامېرىكىنىڭ غەيۋىتىنى ياقتۇرمايدىغان دەرىجىدە ئامېرىكىلىق بولۇپ ئۈلگۈرگەنىدى.

ۋەتەنىدە ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلۇقنى شۇنچە بۇرۇن سىڭدۈرگەن ئامىل نېمە؟ شۈبھىسىزكى 2009-يىلى تومۇزدىكى پاجىئە، ئاپتۇبۇستا كىچىككىنە تۇرۇپ يەپ كەتكەن تاياق، كوچىدىكى رەھىمسىز سۈر توقاي قىلىشلار ۋە ئايلاپ دەرىزىدىن قاراشقىلا بولۇدۇغان لېكىن بىرمۇ ئۇيغۇرنى كۆرگىلى بولمايدىغان غېرىپ كوچىلار. ئەمدى قىزىمغا قارا تەنلىك جەيسېننى ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئامېرىكىلىق دېيىشنى ئۆگىتىۋاتقان ئامىل نېمە؟ يەسلىدىكى باراۋەر مۇئامىلە، كوچىدىكى ئىللىق سالام، بازاردىكى قىزغىن مۇلازىمەت، ھەر قانداق يەردە شەرتسىز قوغدىلىدىغان ئىنساننىڭ ھۆرمىتى. قىزىمغا بۇلار يەسلىدە دەرسلىك بىلەن ئۆگىتىلمەيدۇ، قىزىم ئۆزىنىڭ بۇلاردىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى رادىيودىن ئاڭلىمايدۇ، لېكىن شۇ

تەشۋىق قىلىنمىغان باراۋەرلىك، خاتىرجەملىك، ئىتتىپاقلىق، ئىشەنچ، ئىززەت ئىچىدە ياشايدۇ. مانا بۇ ئۇنى ئامېرىكىلىق قىلىۋاتقان ئامىل . مەن بۇ موھىتنىڭ قىزىمنى ئامېرىكىلىق قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدىم. ئۇيغۇرۇمنىڭ نامىنى تەلەپپۇز قىلالمىغان قىزىمنىڭ ئۇيغۇرچە ھاياتىمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشىدىن گۇمان قىلدىم. مەنچە ھېيىت نامازلىرىدا دادىسى بىلەن بىر سەپتە تۇرالمىغان ئۇيغۇر ئۇيغۇر بولالمايدۇ. ھېيىت نامىزىغا بارغۇچە مەھەللىدىكى جامائەت بىلەن يەتتە قېتىم تەكبىر ئېيتىپ يۈرىكى ئېرىمىگەن ئۇيغۇر ئۇيغۇر بولالمايدۇ. مەن قىزىمنىڭ ئىككى ھېيتىمىزدا ئانىسى بىلەن قارا ياغلىقنى چېكىلەپ چىگىپ تۇغقانلىرى ئارىسىدا ئاتا بوۋىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا كۆزلىرى ياشلانمىسا، سۈرە-ئايەتلەرنىڭ سېھرىدىن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلمىسە ئۇنى ئۇيغۇر قىلالمايمەن. دادىسى جۈمەدىن كەلگىچە «دادام نېمە تەبلىغ ئاڭلىغاندۇ، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىدىن ماڭا نېمىلەرنى يەتكۈزەر» دەپ يولۇمغا ئىنتىزار بولمىسا ئۇنى ئۇيغۇر قىلالمايمەن. ئۆلۈم نەزرىسىدىكى ئۈزۈلمەس قۇرئان ساداسىدىن، توي تۆكۈنلەردىكى مۇڭلۇق دۇئالاردىن روھىي تىترىمىسە مەن ئۇنى ئۇيغۇر قىلالمايمەن. مەن قىزىمنى ئۇيغۇرچە ناخشا-مۇقام ئاڭلاپ مۇڭىنىڭ نېمىلىكىنىڭ تېگىگە يەتسىكەن دەيمەن. ئۇيغۇرچە سامانى كۆرۈپ كۆڭلى شاتلانسىكەن، قانلىرى قاينىسىكەن دەيمەن. مەن قىزىمنى ئۇيغۇرلۇق سەۋەبىدىن چەتكە قېقىلسىكەن دەيمەن، مەن قىزىمنى ماڭا ئوخشاش ئۇيغۇرلۇقنىڭ كاساپەتلىرىدە تاۋلانسىكەن دەيمەن. ئۇ شۇندىلا ئۇيغۇر بولالايدۇ. مېنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنىم مەن يىغلاۋاتقان پاجىئەگە قىزىمنىڭ تەمكىن ئولتۇرۇپ ئەقلى تەھلىل يۈرگۈزۈشى. مەندىن ئۇيغۇرچە ئۆگەنگەن ئامېرىكىلىق بىر دوستۇم ھېلىقى پاجىئەدىن كېيىن بىر ئىشنى دەپ بەردى. ئۇنىڭ بىر خەنزۇۋان ئوقۇغۇچىسى 2009-يىلى تومۇزدىكى پاجىئەنى تىلغا ئېلىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇ قىز ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلمەيدىكەن. دوستۇم

«نېمىشقا يىغلايسەن» دېيىشىگە «نېمىقشا يىغلىمايتتىم، ئۇلار مېنىڭ قېرىنداشلىرىم تۇرسا» دەپتۇ. مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرت-ئەلەم ئالدىدا دادىسىغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتمىگەن قىز ئۇيغۇرچە بىلگەن تەقدىردىمۇ ئۇيغۇر بولالمايدۇ. قىزىم ئامېرىكىدا چوڭ بولسا بۇنداق قىلالمايدۇ. مەن مېنى ئۇيغۇر قىلغان موھىتتا قىزىمنى ئۇيغۇر قىلىپ چىقىشنى قارار قىلدىم. بۇ مېنىڭ ئۈمۈدۈم، ھوقۇقۇم، خۇشاللىقىم، بەختىم.

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەپسانىسى ۋە رىياللىقى

ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە بىرقىسىم ئەپسانىلەرنىڭ تاراپ يۈرگىنىگە ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ مەن ئانچە ئېرەن قىلمىغان ئىدىم. چۈنكى مائارىپ ئىدولوگىيەنىڭ بويۇنتۇرۇقىغا چۈشكەن جەمىيەتتە ھەقىقى بىلىمدىن كۆپرەك ئىدولوگىيەنىڭ بازارلىق بولۇدۇغانلىقى تەسەۋۋۇرۇمدا ئىدى. يەككە ئىدولوگىيەنى مەنبە قىلغان جەمىيەتتە كىشىلەر ئىدولوگىيە كۆرىشىگە بەنت بولۇپ كېتىپ ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئامالسىز قالىدۇ-دە، ھەممە نەرسە مەلۇم ئىدولوگىيەنىڭ ياكى شۇ ئىدولوگىيەگە ئىنكاس شەكلىدە مەيدانغا چىققان باشقا بىر ئىدولوگىيەنىڭ ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەن بۈگۈن توختالماقچى بولغان «ئۇيغۇر تىلى دۇنيادىكى ھەرقانداق تىلنىڭ تاۋۇشلىرىنى ئىپادە قىلالايدىغان ئەۋرىشىم تىل» دېگەن ئەپسانىمۇ دەل «ئۇيغۇر تىلى قالاق تىل، زامانىۋي جەمىيەتكە، مائارىپقا ماس كەلمەيدىغان تىل، زامانىۋي پەن تېخنىكىنى ئىپادىلەشكە ئاجىز تىل» دېگەندەك ھاكىم ئىدولوگىيەنىڭ ئەپسانىسىگە قارشى ئىنچىل تىرەجەپ تۇرۇۋاتقان مەھكۇم ئىدولوگىيە ئەپسانىسىدۇر. مەنچە بۇ ئەپسانىنى ئىنكار قىلىش ھېچقانچە خەتەرلىك ئەمەس، ھەم ستراتېگىيەلىك دېتسىزلىقمۇ ئەمەس. مەنچە سەپسەتىگە، ساختىغا ئىشىنىپ پەخرلەنگەندىن ھەقىقەتكە ئىشىنىپ ئۇيالانغان ئەۋزەل.

فونېتىكا تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا دۇنيادىكى ھېچقانداق مىللەت يات تىلدىكى تاۋۇشنى ئەينەن تەلەپپۇز قىلالمايدۇ. سەۋەبى يات تىل بىلمىگەن بىر كىشى يات تىل تاۋۇشنى ئۆز ئانا تىلىدىكى تاۋۇشقا ئوخشۇتۇپ ئاڭلىۋالىدۇ. باشقىچە ئاڭلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئىنسانىنىڭ يات تىل تاۋۇشلىرىنى بىر بىرىدىن ئايرىش ئىقتىدارى ئۇن ئايلىق بولغاندا

ئاساسەن يوقايدۇ، ۋە ئاناتىلدىكى تاۋۇشلار مىڭدە مۇقۇملۇنۇشقا باشلايدۇ. يات تىل ئۆگىنىش جەريانى دەل شۇ يات تىلدىكى تاۋۇش ۋە شۇ تاۋۇشقا ئورالغان مەنىنى مەشىق ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدۇر. مۇشۇ قائىدىچە بولغاندا ئۇيغۇرلار ھەرقانداق تىلدىكى تاۋۇشنى پەقەت ئۇيغۇر تىلىدا بار 30 فونېمىغا ئوخشۇتۇپ ئاڭلايدۇ، بۇنىڭ سىرتىدىكىنى ئاڭلاپ پەرقىمۇ قىلالمايدۇ. ئەگەر پەرق قىلماقچى، ئۆگەنمەكچى بولسا مەلۇم مۇددەت مەشىق قىلىش كېرەك. شۇڭا ئۇيغۇر تىلى بارلىق تىللارنىڭ تاۋۇشلىرىنى ئىپادىلەش قۇدرىتىگە ئىگە دېگەن سۆز ئىدولوگىيەچىلىكتۇر، ساۋاتسىزلىقتۇر. يۇقۇرىدا دېگەن تەجرىبىنى مەن قىلىپ باققان. ھىندىستاندىكى مەلۇم بىر تىلدا تۆرت د تاۋۇشى باركەن ھەم بىر بىرىدىن مۇتلەق پەرقلىق ئىكەن، مەن پەقەت ئۇيغۇرچىغا سەل ئوخشايدىغان بىرىنىلا ئاڭلىيالىدىم. قالغاننى شۇبىردىن پەرقلەندۇرەلمىدىم.

ھەرقانداق ئىنساننىڭ تىل ھەققىدىكى تۇغما ئالاھىدىلىكى ئوخشاش. چۈنكى تىل قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئىنساننىڭ سول مىڭىسىدە بىر تەرەپ بولۇدۇ. ئەمدى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ يات تىل تاۋۇشلىرىنى ئاسان تەلەپپۇز قىلالىشىغا كەلسەك، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا مۇزىكىغا ئالاھىدە ھېرىسمەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى تىلنىڭ تاۋۇش قىسمىنى سول مىڭە بىر تەرەپ قىلغان بىلەن جۈملىگە ۋە سۆز بېرىكمىسىگە تەۋە رېتىم قىسمىنى ئوڭ مىڭە بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئوڭ مىڭە مۇزىكىغا، رېتىمغا مەسئۇل بولغاچقا مۇزىكىغا ھېرىس كىشىلەر باشقىلارنى ئاسان دورىيالايدۇ. مۇرادىل ئىسىملىك كىنو ئارتىسىمىزنىڭ ئون خىلغا يېقىن يات تىلنى «سۆزلەپ» مەشرەپتە كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇشى شۇ سەۋەپتىن. ئۇ كىشى ئارتىست بولغاچ ئاۋاز-مۇزىكىغا ئالاھىدە سەزگۈر، شۇ سەۋەپتىن نەچچە خىل يات تىلنى دوراپ چىقالىغان. مەنچە يەنە بىر ئامىل، ئۇيغۇر بالىرىنىڭ كىچىكىدىن ئەرەب تىلىدىكى ئايەتلەرنى ئاڭلاپ چوڭ بولۇشى ۋە دوراپ يادلىشىمۇ ئۇلارنىڭ تەلەپپۇز ئورگانلىرىنىڭ يات تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلىشقا كىچىكىدىن ماسلىششىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىدىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ يات تىل ئۆگىنىش ئىقتىدارىنىڭ باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغانغا ئىلمىي ئاساس يوق. باشقا ئەپسانىلەر ئېسىمگە سېلىنسا يەنە يېزىشىم

مۇمكىن.

ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ خەنلەرگە قارىغاندا يات تىل ئۆگىنىشتىكى ئەۋزەللىكى مۇزىكا سەزگۈسى، يات تىل بىلەن كىچىكىدىن ئۇچرىشىش(دىن ۋاستىسى بىلەن ئەرەبچە، ياكى باشقا سەۋەپتىن)، ئوچۇق مىللىي پىسخىكا، بۇلارئەقىلگە ئۇيغۇن پەرەزلەر.

تىل تاۋۇشلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى يوقايدۇ، دېگەنلىك ئەسلىگە كەلمەيدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. بۇنداق ئەسلىگە كېلىش ئوخشىمىغان ياش باسقۇچىدا ئوخشىمايدۇ. 13 ياش تاۋۇش پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىدىكى ھالقىلىق مەزگىل، بۇ ياشتىن ئەسلىگە كېلىش ئاستىلاپ يات تىل ئۆگىنىش بەكمۇ قىيىنلىشىپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنى «زامانىۋىي پەن تېخنىكىغا ماس كەلمەيدۇ» دېگەنلىك بىر خىل ئىدولوگىيە. چۈنكى بۇ گەپنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوق. پەقەت بۇ بىر قىسىم ئىلىمدىن ساۋادى يوق مۇستەبىتلەرنىڭ گېپى. بۇنداق ئاساسسىز ئىدولوگىيەگە قارشى «ئۇيغۇر تىلى دېگەن زامانىۋىي پەن تېخنىكىنى ئەمەس دۇنيادىكى بارلىق تىللارنى ئىپادە قىلالايدۇ» دېگەن ئاشۇ ئىددىيىگە قارشى ئوتتۇرىغا چىققان ئىددىيە. ئىككىلىسىنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوق. ئىددىيە دېگەننىڭ ئىلمىي ئاساسى بولۇش شەرت ئەمەس، ئۇ ئىسپاتلانمىغان تونۇش. بۇنداق تونۇش زامانغا ماس كەلسە، خەقنىڭ كۆڭلىگە ياقسا ياكى مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلسە شۇ ئىددىيىنى ياقىلىغۇچىلار تەرىپىدىن تارقىلىۋېرىدۇ. پىكىر ھۆرلۈكى بولمىغان جەمىيەت ئىدولوگىيەلەر زىددىيىتىنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. چۈنكى مۇنداق ئىدولوگىيەلەر ئەركىن رىقابەتلىشىدىغان ئاشكارە سورۇندىن مەھرۇم.

# ئۇيغۇر ئىسىملىرىنىڭ پىشكەللىكلىرى

## ئۇيغۇر ئىسىملىرى ھەققىدە چۈشەنچە

بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئىسىملىرى مەنبە جەھەتتىن ئەرەبچە ئىسىملار، فارىسچە ئىسىملار، ئەرەبچە+فارىسچە+ئۇيغۇرچە ئارىلاش ئىسىملار ۋە ئۇيغۇرچە ( تۈركچە ) ئىسىملار دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرەبچە ئىسىملار ئەڭ كۆپ بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمان مىللەت بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، ئابدۇللا، ئامىنە،ئائىشە....فارىسچە ئىسىملار نىسبەتەن ئاز بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت فارىسلار بىلەن جۇغراپىيەلىك قوشنا ۋە مەدەنىيەتتە دوست بولۇپ ياشىغانلىقى بىلەن باغلىق، مەسىلەن، سۇدابا، دىلبەر، رۇستەم، مايگۈل، مەردان، زىبىگۈل، خۇشگۈل....ئۇيغۇرچە ئىسىملار ئەڭ ئاز بولۇپ، كۆپىنچە ئۇيغۇرچە ئىسىملار ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي چۈشەنچىسى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن ئالاقىداردۇر. يەنى ئۇيغۇرلاردا بالا تۇرمىسا توختى، تۇرسۇن، تۇرقىز دېگەندەك ئىسىملارنى قويسا پەرزەنتلەرنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ ، دەيدىغان مىللىي چۈشەنچە بار. بۇندىن باشقا كۆزگە كۆپ چېلىقىدىغان ئادەتتىكى نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى قويسا بالىغا كۆز تەگمەيدۇ دەيدىغان قاراشمۇ بار. بالىنى ياراتقۇچىدىن ياكى مەلۇم ئالاھىدە كىشىلەردىن تىلىۋالسا ئۆمرى قىسقا بولمايدۇ ، دېگەن قاراشمۇ ئومۇملاشقان. ۋاھاكازالار.

مەسىلەن،توختى،تۇرسۇن،پالتا،ئىگەمبەردى، خوجامبەردى، تۆلەندى، سېتىۋالدى، تۇخان، تۇرانقىز، ئالتۇنگۈل، پالۋان، تىلىۋالدى...

2. ئۇيغۇر ئىسىملىرىنىڭ بۈگۈنكى شەكىل ۋە مەزمۇن ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر ئىسىملىرى مەيلى قايسى مەنبەدىن كېلىشىدىن قەتئىي نەزەر ئاللىقاچان شەكىل جەھەتتىن ئۇيغۇرچىلىشىپ كەتكەن. چۈنكى،1. ئۇيغۇرچە قۇشۇمچىلار قوشۇلغان .مەسىلەن ، سەيدۇللام، ئامىنەم ، ئايشەم، ھېيتەم، يەنى بۇ يەردىكى « م » ئامراقلىق تۈسىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە. 2. ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك ۋە ھايات چۈشەنچىسىنى بىلدۈرۈدىغان سۆزلەر قوشۇلغان مەسىلەن

،مەمەتجان ، ئايىمنىسا ، پاتىگۈل ، ئەلزات، ئەرزات، شىرزات بۇ يەردىكى گۈل ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك چۈشەنچىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، ئۇيغۇرلار قىزلارغا ئايدەك، گۈلدەك گۈزەللىك، پاكلىق ، نازۇكلۇق، جۈرئەت، چىدامچانلىق قاتارلىق گۈزەللىك تەلەپلىرىنى قويۇپ مۇناسىپ سۆزلەرنى قوشسا، يىگىتلەرگە جانلىق، قۇدرەتلىك، باتۇرلۇق قاتارلىق تەلەپلەرنى قويغان شۇڭا جان، ئەر، شىر دېگەن سۆزلەرنى ئەرەبچە ئىسىملارنىڭ كەينىگە قوشقان.
3. تەلەپپۇز جەھەتتىن تولۇق ئۇيغۇرچىلاشقان. مەسىلەن، دوسمەت(ئەسلى دوستمۇھەممەد)، ماينۇر(ماھىنۇر)...ئەرەب فارىسچە ئىسىملار تەلەپپۇزدا تولۇق ئۇيغۇرچىلاشقانلىق سەۋەبلىك ئەرەبچە فارىسچە قاتارلىق باشقا لۇغەتلەردىن ئاسانلىقچە ئۇيغۇرچە ئىسىملارنى تەلەپپۇزى بويىچە تاپقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بەزىلەرنىڭ ئەختەم دېگەن ئىسمىنى ئەھدە(ۋەدە)، دەپ خاتا چۈشۈنۈشى ياكى ئەرەبچە لۇغەتتىن ئەختەم دېگەن سۆزنى ئاقتۇرۇپ «بالدۇر تۆگىگۈچى» دەپ مەنا ئېيتىشىنى دائىم ئۇچرۇتۇپ تۇرىمىز. (ئەختەم سۆزى ئەخەت (توغرىسى ئەھەد) سۆزى بىلەن بىر سۆز بولۇپ ئاللاھنىڭ بىرلىك سۈپىتىنى بىلدۈرىدۇ، بىر دېگەن مەنىدە). مۇشۇ مەنىدىن ئۇيغۇرچە ئىسىملار شەكىل جەھەتتىن ئاللىقاچان ئۇيغۇرچىلىشىپ كەتكەن.

مەزمۇن جەھەتتىن ئەرەبچە ئۇيغۇر ئىسىملىرى قۇرئاندىن ئېلىنغان بولۇپ، ئىنساندىكى گۈزەل تۇيغۇلار، تەبىئەتتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەر ۋە تۈرلۈك ئىسىل ئىجتىمائىي كەيپىياتلارنى مەزمۇن قىلغان سۆزلەردىن تاللانغان.بۇندىن باشقا ئاللاھنىڭ توقسان توققۇز ئىسمىغا قۇل، بەندە سۆزى بولغان «ئابدۇ»نى قوشۇشتىن كەلگەن ئىسىملار (ئابدۇلئەھەد، ئابدۇلرەشىد، ئابدۇسەمى، ئابدۇلبەسىر...)، پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئىسمى (سارە، راھىلە، ھاجەر، داۋۇت، ئىبراھىم، ئىسا،مۇسا، ئىسمائىل)، پەيغەمبىرىمىزنىڭ جەمەتى ۋە ساھابىلىرىنىڭ ئىسىملىرىمۇ كۆپ تاللانغان (مۇتەللىپ، تالىپ، ئابدۇللاھ، ئامىنە مۇھەممەد، ئوسمان، ئابابەكرى (توغرىسى: ئەبۇبەكرى)، ئەلى، ئۆمەر، ئۇممۇ گۈلسۇم(ئىمىر گۈسۈڭ،

گۈسۈڭقىز ئەمەس). شۇڭا ئۇيغۇرچە ھېچبىر ئىسىمنىڭ سەت مەنىسى يوق. مەسىلەن ، بەزىلەر ئىبراھىم دېگەن ئىسىمنى يەھۇدىي دېگەن مەنىدە، راھىلە دېگەن ئىسىمنى يۈكلۈك تۆگە مەنىسىدە دەپ يېڭىلىشتى ، يۇقۇرىدا كۆرگىنىمىزدەك ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە جەمەتىنىڭ ئىسىملىرىدۇر. باشقىلار سەتكەن دېگەن ئىسىملار دەل ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزدىكى ئەرەبچە سۆزنى ئەرەبچە لۇغەتتىن ئاقتۇرغاندا كېلىپ چىققان ئوقۇشماسلىق. فارسچە ئىسىملار ئاساسەن پارسلاردىن كىرىپ كەلگەن خەلق داستانلىرىدىكى ئۇلۇغ كىشىلەر ۋە گۈزەل سۆزلەرنى مەنبە قىلغاندۇر.مەسىلەن: رۇستەم، بەھرام، دىلزىبا، سەرۋىناز، پەرھات، شىرىن، دىلسوز... بۇلارمۇ پۈتۈنلەي چىرايلىق مەنىلىك سۆزلەردىن تۈزۈلگەن ئىسىملاردۇر. ئۇيغۇرچە ئىسىملار ئۇيغۇرنىڭ مىللىي چۈشەنچىلىرىنى ئەكس ئەتكۈزگەندىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئارزۇ ئامانلىرىنى ئەكس ئەتكۈزگەن ئىسىملار كۆپ بولۇپ ئاساسەن پېيئىللار، سۈپەتلەر ۋە قىسمەن ئىسىملاردىن تۈزۈلگەن. مەسىلەن، پالۋان، يولۋاس، شىر، ئەركىن، ئۇلۇغ، قۇتلۇق، يۇلتۇز، ياشار، يانار، يارقىن، دولقۇن، تۇيغۇن، ئىلغار، تۇران، يۈكسەل...

دېمەك، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا قايسى مەنبەدىن بولسۇن يېقىمسىز، كۆرۈمسىز ئىسىم يوق. باشتا تىلغا ئالغان بىر قىسىم ئۇيغۇرچە بىزگە ھازىر سەل يېقىمسىز ئاڭلىنىدىغان (مەسىلەن، سۈپۈرگە،ئىگەمبەردى، چاۋار، پالتا...) ئىسىملاردا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھايات پەلسەپىسى ئەكس ئەتكەن. بىز ھازىر ئۇ خىل قاراشلارغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالغاچ بىزگە سەت تۇيۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

**3.ئۇيغۇر ئىسىملىرى دۇچ كەلگەن پېشكەللىكلەر**

بىرىنچى ، بىلمەستىن سەت كۆرستىش ۋە چۈشەنمەستىن يەكلەش.

ئۇيغۇر ئىسىملىرىنىڭ قانداق سەت كۆرسۈتۈلۈۋاتقانلىقىنى يۇقىرىدا تىلغا ئالدۇق.ئەمدى يەكلەشكە كەلسەك، بۇ بىر قىسىملارنىڭ ئىسىملىرىمىزنى ئەرەب پارسچە ئىكەن دەپ يەكلىشىنى كۆرسۈتۈدۇ. دۇنيادا ئەرەب پارسچە ئىسمى بار مىللەتتىن بىزگە تۇغقان كېلىدىغان 20دىن ئارتۇق تۈرك قەۋمى، ۋە ھازىرقى پاكىستان، ئافغانىستان،ھىندىستان، تاجىكىستان،

باڭلادىش (بېنگال) قاتارلىق قوشنا دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان نەچچە يۈز مىلىيون كىشى بار. دېمەك بۇ بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى خەلقىمىزنىڭ نادانلىقى، ئاتا بوۋىمىزنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس. بۇنى يەكلەپ ئەتراپىمىزدىكى مىڭ يىلدىن ئارتۇق خەلقلەر دوستلۇقى تارىخىنىڭ بىزنىڭ روھىمىزغا سىڭدۈرگەن ئىزلىرىنى ئۆچۈرەلمەيمىز. سىز بالىڭىزغا ئۇيغۇرچە ئىسىم قويدۇم دېگەن بىلەن ئۇ ھىندىستان ناخشىلىرىنى سۆيۈپ ئاڭلاۋېرىدۇ، ئىراننىڭ كىنولىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ كۆرۈدۇ. شۇڭا ئاتا بوۋىمىز رەت قىلمىغان، يەكلىمىگەننى بىزنىڭ يەكلىگىنىمىز بىر مەزگىللىك ھاياجان بىلەن تاماملىنىدۇ، خالاس...

ئىككىنچى ، زورلاپ كەينىگە قايتۇرۇش ،ئۆزلۈشۈپ بولغاننى ياتلاشتۇرۇش. تىلىمىزدىكى ئەرەبچە، پارسچە ئىسىملارنى ئەسلىگە ياندۇرۇش ھازىر بىر يۈزلىنىش ھالىتىگە كەلدى. ئىسىمۇ ماھىيەتتە بىر سۆزدۇر، تىل رولى جەھەتتىن ئېيتقاندا ئالاقە قورالى. سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى چاقىرىدىغىنى ئۇيغۇر دادىڭىز، ئانىڭىز ۋە قېرىنداشلىرىڭىز، ئەرەب ياكى پارس ئەمەس. تىلنىڭ قانۇنى تەبىئىي قانۇن. سىزنىڭ ئاغزىڭىزغا كەلمىگەن ئىكەن سىز ئۆزگەرتىسىز، بۇنى ھىچ قاچان ئاڭلىق قىلمايسىز پەقەت ئاغزىڭىز كەلمەيدۇ. مۇھەممەد دېگەن ئىسىمنى مەت قىلىۋالغان خوتەنلىك ئۇيغۇر پەيغەمبىرىمىزگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ خاتا ئاتىمايدۇ ،ئاغزى كەلمەي شۇنداق ئاتايدۇ. ئەسلىگە قايتۇرۇش تەشنالىرى سىز ئۇيغۇرنىڭ تىلىنى ئۆزگەرتمەكچىمۇ؟شۇنچە غەيرىتىڭىز بولغان ئادەم نېمە دەپ ئابۇدۇ، گۈلى بوپ يۈرىسىز؟ ياكى مەيتى دەپ چاقىرىلىشقا رازى بولۇسىز؟

ئەگەر ئەسلى تەلەپپۇزىغا قايتۇرۇشقا توغرا كەلسە ئۇيغۇر تىلىدىكى 21% پىرسەنت ئەرەب پارسچە قاتارلىق يات سوزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەسلى تەلەپپۇزىغا بۇيسۇندۇرۇپ ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇ چاغدا بىر جۈملە سۆزنىمۇ توغرا دېيەلمەي يا يازالماي تالادىلا ئەمەس ئۆز ئائىلىڭىزدىمۇ تىلىڭىز قىسىلىدۇ.

ئۈچىنجى، يوچۇنلاشتۇرۇش، قائىدىسىزلەشتۇرۇش، ياۋروپاچىلاشتۇرۇش.

ھازىر بىر قىسىم ئۇيغۇر ئىسىملىرى يوچۇنلاشتۇرۇش پېشكەللىكىگە ئۇچراۋاتىدۇ. يوچۇنلاشتۇرۇش بارغانچە ئەدەۋاتىدۇ. بۇنداق دېگىنىمىزدە بىر قىسىم ئۇيغۇرنىڭ پەقەت غەيرى ياكى ماسلاشقان بولۇشىنىلا كۆزلەپ ئىسىم ياسىشىنى كۆزدە تۇتىمىز. مەسىلەن، ئاپىسى پەرىدە بولسا قىزىنىڭ ئىسمىنى پەرزىدە ئاچىسى رۇقىيە بولسا سىڭلىسى روفىيە، دادىسى ئارمان بولسا ئوغلى ئارفان، ئاكىسى تايىر بولسا ئىنىسى بايىر، ھاممىسى ئەلفىرە ،سىڭلىسى دىلفىرە، يەنە بىرسى گۈلفىرە، ئەلفەر...تېخىمۇ قىزىقى دادىسى تۇردى بولسا قىزى تۇردىنە ئەيىۇ ھانناس، سادىغاڭ كېتەي...!!!

يەنە بىرى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇم دەپ قائىدىسىزلەشتۇرۇش. بۇ يەردە ئۇيغۇرنىڭ تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتىگە چۈشمەيدىغان ئىسىملارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى دېمەكچى. مەسىلەن، ئەركىئال.ئالئەرك. ئالپەر، ئەلئامان...بۇنىغۇ ئۇيغۇرچە دەرمىز، لېكىن ئۇيغۇرچە قانداق تەلەپپۇز قىلىمىز؟ قايسى ئۇيغۇرنىڭ ئاغزىغا ئوڭ كېلىدۇ؟

ئىسىملارنى ياۋروپاچە قويۇشمۇ ھازىر مودىغا ئايلانغىلى تۇرۇپتۇ. مەسىلەن، رىنات، ۋېنىرا، مارىس، مارىيە...

خەققە ئوخشىمىغان خاسلىقىمىزنىڭ ھەممىنى ئاختىلاپ، بوغۇۋېلىپ، تاراپلىغىلى تۇرساق قەددىمىز تېخىمۇ پۈكۈلۈپ، روھىمىز تېخىمۇ يىگىلەپ كەتمىسۇن. ھېچ ئىش قىلالمىساق، ھېچ نېمىگە خوجايىن بولالمىساق دادىمىز ئەزان تولاپ قويغان ئىسمىمىزغا بولسىمۇ ئىگە بولايلى. بىزنىڭ ئىسمىمىز بولۇپ قالغان گۇناھىغا شۇ بىچارە ئىسىملار ئۇنچە پېشكەللىك تارتمىسۇن.

# ئۈرۈمچىدە تالاشتا قالغان ئامېرىكىلىق

**ئۆزىمىز ۋە ئۆزگىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئۇيغۇر خانىم قىزلىرى**

يېقىندا ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەن تېكساسلىق جەيسېننىڭ فەيسبۇك(دوستلۇشۇش تورى) قا چىقىرىپ قويغان رەسىمنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. رەسىمدە ئۇ ئۆزىنى قارىمايدىن ئىزدەپ كېلىپ مېھمان قىلغان بىر توپ قازاق قىزلارنىڭ رەسىمنى چىقىرىپ قويۇپتۇ. قىزلارنىڭ كىينىشى ئامېرىكىدىكى كېچىلىك كۇلۇپتا ئويناىدىغان قىزلاردىنمۇ بەكرەك ئامېرىكىچە ئىدى. جەيسېن ئەسلى ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ دوستى بىلەن تونۇشىدىكەن. بىۋاستە تونۇشمىغان كىشىلەرنىڭ بۇ قەدەر قىزغىن ئىزدەشلىرىگە ئانچە كۆنۈك بولمىغان بۇ بۇرادەر تولىمۇ ھەيران قالغانلىقىنى يېزىپتۇ. ئاق ھاراقنى ئۇ قىزلار بىلەن تەڭ ئىچەلمەي مەسخىرىگە قالغانلىقى ئۇنىڭغا بەك ئېغىر كەپتۇ. ئامېرىكىلىقلارنىڭ مەدەنىيىتىنى چۈشەنمەيدىغان قىزلارنىڭ ئوغۇلبالىچىلىقنى ھاراق ئىچىش بىلەن ئۆلچىگىنى ئۇنىڭغا بەك تەسىر قىلىپتۇ. جەيسېننىڭ يېزىشىچە ئۇن نەچچە قىزنىڭ شۇ بىر قانچە كۈن خەجلىگەن پۇلىنى ئۇ نەق بىر يىل خەجلەيدىكەن.

ئۇخاتىرىسىنى مۇنداق داۋام قىلىپتۇ. «بۇ يىل ئىلتىماس قىلغان ئوقۇغۇچىلاردىن تەلىيىمىز كېلىپ ئاران ئىككەيلەن ئۈرۈمچىدىكى ئىككى ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۇيغۇرچە ئۆگىنىش ئۈچۈن قوبۇل قىلىندۇق. مەن سېرىق چاچلىق ئامېرىكىلىق، يەنە بىرەيلەن قارا چاچلىق شەرقى ئاسىيالىقلار پۇشتىدىن بولغان ئامېرىكىلىق ئىدى. بىز بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن

قىزلارنىڭ قورشاۋىدا قالدۇق. شەرقى ئاسىيا نەسىللىلىك ئامېرىكىلىق بۇرادەر تەلەيلىك چىقىپ بۇ قورشاۋنىڭ سىرتىدا قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئادەملەر بۇ يەردە كۆپكەن، شۇڭا ئۇنى ھېچكىم ئامېرىكىلىق دەپ «ھۇجۇم»غا ئۆتمىدى. مەن بۇ قورشاۋدىن قاچقانچە چىقالماي قالدىم. قازاق قىزلار كىرىدۇ، ساڭا قازاقچە ئۆگۈتىمىز بۇ دېگەن دۆلەت تىلى، مۇشۇ تىلنى ئۆگەنسەڭ ئەس قاتىدۇ، خەنسۇچە ئۆگەنسەڭمۇ بىز تەييار دەپ، خەنسۇ قىزلار كىرىدۇ، نېمە قىلىسەن ئۇيغۇرچە ئۆگۈنۈپ، ئۇيغۇرتىلى ئىشلىمەيدۇ، بىزدىن بىراقلا خەنسۇچە ئۆگەن دەپ، ئۇيغۇرقىزلار كىرىدۇ، ھەقسىز ئۇيغۇرچە ئۆگۈتۈپ قويايلى دەپ... مېنىڭ خۇسۇسىي ھاياتىم يوقاپلا كەتتى. كۈندە ئولتۇرۇش، كۈندە جىر، كۈندە تانسا، كۈندە دىبا (قىزىق يېرى ئۇ دىبا سۆزىنىڭ يېنىغا كېچىلىك كۇلۇپ دەپ يېزىپ قويۇپتۇ). ماڭا ئەڭ غەلىتە تۇيۇلغىنى نەچچە سائەت يول مېڭىپ قارىمايدىن كەلگەن قازاق، ئۇيغۇر قىزلار بولدى. ئۇلارئۇرۇمچىگە مەخسۇس نەچچە مىڭ پۇللۇق كىيىم ئالغىلى كېلىدىكەن. ھەر كەلگەندە چوقۇم بەش يۇلتۇزدىن تۆۋەن مېھمانخانىدا تۇرمايدىكەن. مەن شىنجاڭدەك نامرات يەردە مۇنداق بايلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. دەسلەپتە ماڭا ئويۇندەك تۇيۇلۇپ كارىم بولمىدى. ئۇلاربىلەن «بىخەتەر» ئارىلىشىۋەردىم. بارا-بارا بۇنداق چەكلىمىسىز تۇرمۇشتىن زېرىكتىم. بۇنداق ھاياتنىڭ، بۇنداق قىزلارنىڭ تەمىدىن تويۇشقا باشلىدىم. كۆزۈمگە خەنسۇمۇ، قازاقمۇ، ئۇيغۇرمۇ ئوخشاش تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن شۇنىڭغا ھەيران، مېنى قارىمايدىن ئىزدەپ كېلىپ ھارمايدىغان قىزلارنىڭ بۈگۈنى ئۇنىڭ بىلەن، ئەرتىسى بۇنىڭ بىلەن ئارىلاشسام نېمىشقا ئاچچىقى كەلمەيدىغاندۇ. قىزىق يېرى بۈگۈنى بىر دوستىنى باشلاپ كەلگەن قىز ئۇنى يولغا سالسام يەنە بىرىنى باشلاپ كېلىدۇ، مۇشۇنداقمۇ غەلىتىلىك بولامدۇ. ئۇلار بىلەن ئىچكەن ھاراقنى، تۈنىگەن كېچىلەرنى ئويلىسام قۇسقۇم كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ساددىلىقىغا ھەيران قالىسەن. ئۇلارنىڭ بىرلا مەقسىدى بار، ماڭا خەنسۇچە، ئۇيغۇرچە ياكى قازاقچە ئۆگەتمەكچى بولغان قىز مېنى ئامېرىكىغا ئېلىپ كېتىدۇ دەپ تاما قىلىدۇ. مەن سەل ئۇزاقراق ئارىلاشقانلىرىمغا دەپ

قويدۇم، ئامېرىلىكلىقلارنىڭ بۇنداق ھېسسىياتنى سودىغا ئايلاندۇرۇشقا ئۆچلىكىنى، بىلمىدىم ئۇلار راستىنلا چۈشەنمەمدۇ، ياكى چۈشەنسىمۇ ئۇلارنىڭ باشقا بىر خۇمارى بارمۇ بىلگىلى بولمايدۇ.

مەن ئۈرۈمچىدە ئىككى ئاي تۇرۇپ قارىمايغا بەش ئالتە قېتىم چىقتىم. مېنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغىنى 80-يىللاردا چوڭ بولغان ئۇيغۇر ۋە قازاق قىزلاردىكى چەتئەل مەستانىلىقى بولدى. ئۇلارنىڭ ئاتا ئانىلىرى مانچە بالام چەتئەلدە دېگەننى بەكمۇ ئۇرغۇلۇق قىلىپ مەغرۇر سۆزلەيدىكەن، ئۇلارچە بۇ غەلىبىدىن دېرەك بەرسە كېرەك. قىز ئۇغۇللار چەتئەللىكلەر (ئۇلارنىڭ ئېڭىدىكى چەتئەللىكلەر ياۋرۇپالىقلار ياكى ياۋرۇپا چىرايدىكىلەرنى كۆرسىتىدۇكەن) بىلەن بىللە ماڭغاننى ئالاھىدە بىرخىل سالاھىيەت ھېساپلايدىكەن. قىزىق يېرى ئۈرۈمچىدە ئامېرىكا، فىرانسىيە، كانادا، ئاۋېستىرالىيە، گېرمانىيە، شىۋىتسىيە، گوللاندىيە قىزغىنلىقى بار ئىكەن. بىردوستۇمنىڭ دېيىشىچە ئۈرۈمچى ۋە قارىمايدا يۇقىرقى دۆلەتتىكى بىر يىگىت بىرەر قىز بىلەن تويلۇشۇپ ئېلىپ چىقىپ كېتەلىسە قىزلار تويلۇق ئالمايدىكەن، قىزنى ئاتا ئانىسى كىرا قىلىپ يولغا سېلىپ قويىدىكەن. مەنمۇ قەشقەرلىك بىر يىگىتنىڭ تويىغا قاتناشتىم، ئۇ ياپونىيەگە ئېلىپ چىقىش شەرتى بىلەن قىزغا تويلۇق بەرمەيدىغانغا پۈتۈشۈپتۇ. مېنىڭ ھەيران قالغىنىم، مەيلى ئۇيغۇر بولسۇن قازاق بولسۇن بۇلار مۇسۇلمان، مەن ئىسلامدا تويلۇقنىڭ چوقۇم بېرىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىمەن. ئۇلارنى بۇ مۇقەددەس دىنى ئەھكاملىرىدىنمۇ تاندۇرۇپ چەتئەلگە تەلپۈندۇرۇۋاتقان نەرسىنىڭ نېمىلىكى ماڭا مۇھىم بىر تەتقىقات تېمىسى بولۇپ تۇيۇلدى.»

مەن بۇنداق قىزلارنى تۈركىيەدىمۇ كۆرگەن. تۈركىيەدە بۇنداق قىزلارنىڭ ھالى تېخىمۇ ئۆزگىچە. ۋەتەندىن تۇردا تونۇشقان يىگىتنى دەپ چىققان بۇ قىزلارنىڭ تەلىيى بارلىرى رەسمىي توي خېتى ئېلىپ قانۇنلۇق بىللە

ياشايدۇ. يەنە بىر قىسمى نىكاھلىقلا بولۇپ قانۇنىي كاپالەتسىز هاياتنى مەجبۇرى داۋام قىلىدۇ، هەتتا بەزىلىرى ئىككىنچى نىكاھلىق خوتۇن بولۇپ قېقىلىپ سوقۇلىدۇ. ئارىمىزدىن ۋاقتسىز كەتكەن بىر كىنو ئارتىسىنىڭ ئۇيغۇر گۈزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلغان قىزىنى ئەنقەرەدە ئىككىنچى خوتۇن هالىتىدە ئۇچراتتىم. ئېرى بىرىنچى ئايالىنى تۇققان يوقلاشقا ۋەتەنگە يولغا سېلىۋېتىپ بۇ قىزنى ئۇرۇمچىدىن ئەكىلىۋاپتۇ. بىرىنچى ئايالى قايتقاندىن كېيىن بۇ قىز ئىستانبولدىمۇ تۇرالماي ئەنقەرەگە يېنىپ كەپتۇ. مەن ئۇ ئارتىسىنىڭ ئىنتوت ۋە كىنولاردىكى رول ئېلىشىغا بەك قايىل بولغاچقا بۇ ئىشنى پەقەت ئۇنتالمىدىم. ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن بايقىدىمكى ئۇيغۇر قىزلىرىدىن ئامېرىكىلىققا تېگىپ كەلگىنى خېلى باركەن، ئامېرىكىلىق قىزدىن ئۇيغۇرغا ياتلىق بولغان بىرسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانلار يوقكەن. بۇلتۇر پاكىستانلىق بىر كىشى بىلەن توي قىلغان بىر ئۇيغۇر ئايالنىڭ پاكىستاندا ئۆيدىن تۆت نارەسىدە بىلەن قوغلانغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. مەن ياشىغان ئىچكىرىدىكى شەھەردە بىز بىلەن يېقىن باردى كەلدى قىلىدىغان بەش ئايالنىڭ ئېرى خەنسۇ ئىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك ئۇنۇۋېرسىتېتتىكى ياغلىقلىق قىزلارنىڭ تۇڭگان قارىلىرىغا ئەگىشىپ، خەنزۇۋان قىزلارنىڭ خەنسۇ يىگىتلەرنى قولتۇقلاپ ئوقۇشىنىمۇ پۈتتۈرمەي كېتىپ قالىدىغان ئىشلاغا شاهىد بولدۇم. ئۇرۇمچىگە قايتقان بىر تەتىلدە ئايدەك چىرايىنى چەگكەن ياغلىقى نۇرلاندۇرۇۋەتكەن قىزلارنىڭ ئەرەبچە كۇرۇسلارغا كىرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئەمما بىر داڭلىق ئۇيغۇر زىيالىسىدىن «ئۇ قىزلار ئەرەب دۆلەتلىرىگە ياتلىق بولۇش ئۈچۈن ئەرەبچە ئۆگۈنۈدۇكەن» دېگىنىنى ئاڭلىدىم. (بۇ قاراشقا قوشۇلۇشقا ئاساسىم يوق). نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولۇدۇ؟ قىزلىرىمىز نېمىشقا ياتنىڭ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟

## 1. ياتقا مايىل قىزلارنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى

مەن خەنچە ئوقۇغان بىر سىنىپقا ئىككى يىلغا يېقىن دەرس ئۆتكەن. شۇ سىنىپتىكى خەنسۇ يىگىتلىرىگە مايىل قىزلارنىڭ مۇنداق جاۋاپلارنى بەرگەنلىكى ئېسىمدە. «ئۇيغۇر يىگىتلەر قوپال، قىزلارنى تۆۋەن كۆرىدۇ،

خوتۇننى ئۇرالىغاننى ھەقىقى ئەرلىكنىڭ بەلگىسى دەپ بىلىدۇ، ھۆكۈمران بولۇۋالىدۇ، ئىددىيىسى خۇراپىي، نەزەر دائىرىسى كەڭ ئەمەس، ياۋايى...»

## خەنسۇغا تەگكەن ئاسپىرانت قىزنىڭ ھېكايىسى

«مەن قاغىلىقتىن، بىز تۆت ئاچا سىڭىل. مەندىن چوڭ ئۈچ ئاچام ئۇيغۇر بىلەن توي قىلغان. ئىككىسى بىردىن بالىسى بىلەن ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتتى. بىرسى پەقەت ئىككى بالىسىنى دەپلا چىداپ ياشاۋاتىدۇ. ئېرى ئۆي ئىشلىرىغا قەتئىي قاراشمايدۇ، ئىقتىسادنى ئېرى باشقۇرىدۇ، خالىغانچە بۇزۇپ چاچىدۇ، ھاراق ئىچىپ ئاچامنى ئۇرىدۇ. خىزمەتنى ئاچامۇ ئوخشاش قىلىدۇ، پۇلنى ئاچامۇ ئوخشاش تاپىدۇ، لېكىن ئۆينىڭ بارلىق يۈكى پەقەت ئاچامغىلا قاراشلىق. ئاتا-ئانامۇ بالىسى بار دەپ ئاجرىشىشقا قوشۇلمايدۇ. شۇڭا خەنسۇ بىلەن توي قىلىشىمغا ئاتا-ئانامۇ رازى.»

ئۇ قىزغا مەكتەپتىكى ئۇيغۇر ئايالLAR ھەتتا خەنسۇغا تەگكەن بىر ئايالمۇ قوشۇلۇپ نەسىھەت قىلغانمىش، لېكىن كار قىلمىدى. مەن ئۇ قىز بىلەن خېلى جىق پاراڭلاشقان ئۇنىڭ ساپالىق بىر قىزلىقىنى بىلىمەن. ئارزۇلىرى شۇ ياشتىكى خېلى خېلى قىزلاردا يوق ئىدى. لېكىن ئالىي مەكتەپتىن تارتىپ ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىنى تۈگۈتۈپ تويلاشقىچە يىگىتى بىلەن بىللە يېتىپ قوپۇپ يۈرۈشكەنمىش.

## ئۇيغۇرغا تەگكەن ئايالنىڭ قارىشى

ياپونىيەنىڭ بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدە كۆرسۈتۈلگەن ھۆججەتلىك فىلىمدە بىر ئۇيغۇر دېھقان ئايال «ئۇيغۇرغا تەگسە مۇشۇنداق ھەم ئېتىزدا ئەر بىلەن تەڭ ئىشلەپ، ئۆيگە كېلىپ ئەرنىڭ قوسقىنى بېقىپ، بالا بېقىپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ، ئەركىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، قېينى ئانا قېينى ئاتىلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ مۇشۇنداق قېرىپ كېتىدىغان گەپ، خەنسۇغا تەگسە سىزگە ئوخشاش ئاپئاق، چىرايلىق تۇرىدىغان گەپ...»

## 2. ياتلارنىڭ چۈشەندۈرۈشى

ئۇيغۇر قىزغا ئاشىق بولغان خەنسۇ

مەن ئۇيغۇر خانىم قىزلىرى ھەققىدە قەشقەردە بىر تونۇش خەنسۇدىن سورۇدۇم. ئۇنىڭ بىر ئۇيغۇر قىزنى شاپاشلاپ يۈرگىنىدىن خەۋىرىم بار ئىدى. ئۇ ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى. «سىلەر ئۇيغۇرلار ئاياللىرىڭلارنى تەڭ كۆرمەيسىلەر. مېنىڭ بايقىغىنىم ئۇيغۇر ئاياللىرى ئېرىدىن ئاشقان تاماقنى يەيدىكەن، لېكىن ئۇيغۇر ئەرلىرى خوتۇنىدىن ئاشقان تاماقنى يىمەيدىكەن. ئۇيغۇر ئەرلىرى بىر يەرگە بارسا خوتۇنغا دەپ قويمايدىكەن، لېكىن خوتۇننى بىسوراق ھېچ يەرگە چىققىلى قويمايدىكەن. ئۇيغۇر ئەرلىرى ئولتۇرۇشتا ھاراق ئىچىدۇ، لېكىن ئاياللىرىنى پىۋا ئىچكىلىمۇ قويمايدۇ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنى ئەرلىرىلا باشقۇرمايدۇ، ئەرنىڭ ئاتا-ئانا ۋە قېرىنداشلىرى تەڭ باشقۇرىدۇ.»

خەنسۇ زىيالىسىنىڭ چۈشەندۈرىشى

«ئۇيغۇر ئەرلىرى قوپال، بىر ئاز ياۋايى، خەنسۇ ئەرلىرى مۇلايىم، مەدەنىي. ئۇيغۇر ئاياللىرى چىرايلىق، ھەم چىرايلىق يۈرۈشكە ئالاھىدە ئامراق، ئۇيغۇر ئەرلىرىدە بۇنى قامدىغۇدەك يېتەرلىك پۇل ۋە بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگۈدەك مەدەنىيلىك يوق. ئۇيغۇر ئەرلىرى خوتۇنغا گېرىم بويۇملىرى ئېلىپ بەرگەننى نومۇس بىلىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى پەدەزگە ئامراق. مەن ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ‹خوتۇنۇڭغا ئۇسما ئېلىپ بېرەرسەن› دەپ تىللاشقىنىنى ئاڭلىغان. ئازاتلىق ئارمىيە خوتەنگە بارغاندا كوچىلارنى سۈپۈرۈپ، ئەپكەش بىلەن سۇ توشۇپ، تېزەك تېرىپ، ئوت قالاپ يۈرگەندە ئۇيغۇر ئاياللىرى ‹خەنسۇغا تەگكەن خوتۇن خانىشتەك ياشايدىغان ئوخشايدۇ› دەپ قالغانىكەن.» بۇ كىشى ئۇيغۇرچە بىلىدۇ. ئىچكىرىدىكى ئۇيغۇرلار كۆپرەك مەلۇم ئالىي مەكتەپتە پروففېسسور. يۇقارقىلاردىن باشقا چالا پۇلا يازمىلار ۋە كۆزۈتۈشلەردىن ئۇيغۇر قىزلىرى «جوڭگودا كەم ئۇچرايدىغان ئوتتۇرا شەرق مۇسۇلمان دىلبەرلەر» (مەسىلەن، ئۇيغۇر قىزلىرى ئىچكىرىدىكى رىستورانلاردا

ئەرەبلەردەك كىيىندىكىنى ئېچىپ، يۈزىنى يېپىپ قورساق، كاسا ئاتىدىغان ئۇسۇلغا سېلىنىدۇ. ئېنىقكى بۇ ئەرەب رەققاسلىرىنىڭ كىيىنىش شەكلى، ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولغاچقا، خەنسۇلار مۇسۇلمان دېسە ئەرەبلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدىغان، شۇ ياغلىق قاپاقنى ئۇيغۇرلارغا كەيدۈرىدىغان گەپكەن.) يېپەك يولىغا ئائىت بۇددىزىم رەسىملىرى ۋە مىڭ ئۆيلەردە تەسۋىرلەنگەن «ھىندۇ-پارىس گۈزەللىرى»، مىڭ بىر كېچەدە تەسۋىرلەنگەندەك، «سىرلىق قەسىرگە بەنت قىلىنغان ئەركىنلىككە تەشنا ساھىپجامالالار»، «ھىسسىياتچان، ئىشرەتخور، ئوچۇق ( ھەتتا قوپاللىراق دېسەك ئىشتان بېغى بوش) ياۋا گۈللەر». مەن بۇلارنى 2000-يىللارنىڭ باشلىرىدا خەنسۇچە تورلاردىكى يازمىلاردىن ۋە پاراڭلاردىن بايقىغان. ئەمما ئۇزاققا قالماي، ئۇنداق مەزمۇندىكى تورلار ۋە مەزمۇنلار ئېچىلماس بولدى. مەن 2009-يىلى تومۇزدىن كېيىن بىرقىسىم خەنسۇچە توربەتلەردە تەلۋىلەرنىڭ «ئۇيغۇر جىنسىبازلىرى ۋە قىزلىرىنى زورلاۋانلىق، ياۋايىلىق ۋە زۇلۇمدىن ئازات قىلايلى» دېگەن شۇئارلارنى كۆرۈپ ئەجەپلەنمىدىم. بۇ پەقەت شەھۋانى تورلاردىكى «شىنجاڭ(ئۇيغۇر) قىزلىرى» ھەققىدىكى تېمىلاردا تولا دېيىلگەن گەپلەرنىڭ ئازاراق سىلىقلاشتۇرۇلۇشى ئىدى. ئېچكىرىدىكى چاغلىرىمدا بىر خەنسۇ ئايال مۇئەللىم بىلەن ئۇيغۇر ماقال-تەمسىللىرى ھەققىدە تېما ئىشلىدۇق. گەپ ماقاللاردىكى مەدەنىيەت ھەققىدە سۆز بولۇۋېدى، «ئۇيغۇر قىزلىرى خەنسۇ قىزلىرىدىن بەكرەك ئوچۇق، ئىشرەتخور، شىنجاڭ دېگەندە ئادەم ئاز يەر كەڭ بولغاچقا ئەر ئاياللار مۇناسىۋەتتىگە دائىر تەقىپ ۋە توساقلار خەنسۇ جەمىيىتىدىكىگە قارىغاندا ئاز...» دەپ قالدى. يۇقارقى مەزمۇننى ئىسپاتلايدىغان ماقاللارنى تېپىپ بېرەرمىشمەن. مەن ئۇنىڭغا بۇ گېپىنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۈم. بىللە يازغان ماقالىمىز نەشىردىن چىققاندا قارىسام يەنىلا «ئۇيغۇر قىزلىرى كۆڭلىنى ئەرلەرگە بايان قىلالايدۇ، خەنسۇ قىزلىرىدىن كۆپ ئوچۇق» دەپ يېزىپتۇ، ھېچ ئاساس كۆرسەتمەي. 2009-يىلىنىڭ ئاخىرىدا

غۇلجىدا ئون نەچچە يىل تۇرغان مەشھۇر يازغۇچى ۋاڭمىڭ بىر خەنچە پروگراممىدا «ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەر-ئاياللار مۇناسىۋىتىدە يۈرەكلىك، ئوچۇق» دەپ ئاتايىن دەپ ئۆتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلەنگەن شەخسىي مەتبۇئاتى يوق. ئۇيغۇر ئاۋامنىڭ چىن ھالىتىنى پەدەزسىز، تەرەپسىز، ئالدىن بېكىتىلگەن پىلان مەقسەتسىز ئايان قىلغان نوپۇزلۇق ھۆججەتلىك فىلىملەر تېخى بارلىققا كەلمىدى. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر خانىم قىزلىرى ھەققىدىكى يۇقارقى تەرەپباز، خىيالىي، بۇرمىلانغان، جىنسىيلەشتۈرۈلگەن، جىسىملاشتۇرۇلغان قاراشلار ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئۇسۇللۇق بەدىنى سەھنىدە ئومۇملاشقانچە تېخىمۇ ئومۇملىشىدۇ.

بۇلار مەن بۇرۇن كۆرۈشكەن كىشىلەر، ئوقۇغان يازمىلار ۋە ئاڭلىغان ئىشلارنىڭ ئېسىمدە قالغانلىرى. بۇ ھەقتە مەخسۇس ماقالە يېزىش ئىستىكىم بولمىغاچقا ھازىرلىقسىز بولغاچ مۇشۇنچىلىك يازاي. ئامېرىكىلىق ئەرلەرنىڭ بۇ مەسىلىگە قانداق قارايدىغانقىنى بىلىشكە ئىمكانىم بولمىدى. جەيسېننىڭ ئېيتقانلىرى بىرەر ئېنىق مەسىلىنى چۈشەندۈرمەيدۇ. ناۋادا ئوقۇرمەنلەر بۇ تېمىغا زىيادە قىزىقسا ئېھتىياجغا قاراپ يەنە داۋاملىق كۈزىتىپ داۋاملاشتۇرۇپ يېزىشىم مۇمكىن.

## 3. مەن قانداق يېشىمەن؟

ئومۇملاشتۇرغاندا يات ئەرلەرنىڭ نەزەرىدە ئۇيغۇر قىزلىرى ئېچىلمىغان بوزلۇق، تەرەققىياتتا، زامانىۋىلىقتا، مەدەنىيلەشتۈرۈشكە، ئازاد قىلىنىشقا مۇھتاج بىر كوللېكتىپ. ئۇلار خوراپىي، ياۋايى، زوراۋان، ھورۇن، نامرات ئەرلەرنىڭ قولىدا قۇل، ئويۇنچۇق بولماقتا. بۇ نۇقتىلاردا ياتلارنىڭ قارىشىچە ئۇيغۇر قىزلار كۆرۈنمەس ۋە سانىغۇسىز بىر توپ ئەمەس، بەلكى كونكرېت بىر جىسىم. يەنى ئىگىلىۋېلىنغان كونكرېت بىر شەيئى. ئۇلار نائىنىق بىر توپنى كونكرېت بىر گەۋدە سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. بۇ گەۋدە گۈزەل، جەلپكار، بېسىۋېلىنغان، بۇ گەۋدە ئەڭ موھىمى «ئايال». ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئۆزلىرى قۇتقازغۇچى، ئىسلاھاتچى. ئۇيغۇر قىزلىرى زامانىۋىلىققا مۇھتاج، قىزلار ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن ۋە تېنىدىن «زامانىۋىلىق»قا ئېرىشىدۇ.

ئوزلىرىچە ئۇلار مەدەنىي، باي، يۇقىرى تەربىيەلىك تەبىقە، قىزلارنىڭ ئۇلارغا ئېرىشىشى مەدەنىيەتكە، سالاھىيەتكە، بايلىققا ئېرىشكىنى. قەشقەردە بىر ئۇيغۇر گۈزىلىگە بىر قانچە خەن خىزمەتدىشى «سەن ئىچكىرىگە ھېچ بولمىغاندا ئۈرۈمچىگە كەتكەن بولساڭ شىياڭگاڭلىق زەردارلارغا ئەرمەك بولغۇدەك پۇرسىتىڭ بار ئىدى» دېگەننى نەچچە قېتىم دەپتۇ. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىش مۇمكىنكى ئۇلارچە ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ گۈزەللىكى زەردارغا مەنسۇپ. جامائەت پىكرىنى باشلىيالايدىغانلار بايلار ۋە ئۇلارغا پاس چىقىرىپ جان باقىدىغان ئەمەلدار ۋە قەلەمدارلار. ئۇلار ساياھەتكە كېلىشىدۇ. مەقسىدى رىقابەت كەسكىن، تۇرمۇش جىددىي ۋە ھەممە نەرسە تاۋارلاشقان جەمىيەتنىڭ بېسىملىرىدىن قېچىش. ئىزدەيدىغىنى يۇقىرى ئىستىماللىق قىممەت رايونىدا ئېرىشەلمەيدىغان نىسبەتەن ئەرزان «مۇلازىمەت»لەر، زامانىۋىيلىقتىن مۇستەسنا يوچۇن جەمىيەت ۋە بۇ جەمىيەتتىكى «ئىپتىدائى» كىشىلەر. يەنە بىرى ئۇلار ئۆزلىرىنى 21-ئەسىردىكى ئىلغار دەۋرگە مەنسۇپ دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ زامان چېكىنى بۇزۇپ ئوتتۇرا ئەسىر تۇرمۇشىنى ياشاۋاتقان كىشىلەرنى سەيلە قىلىپ ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئالغا كەتكەنلىكىدىن ھوزۇرلانغۇسى كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ قېچىۋاتقىنى تەرەققىي ماكان ۋە ئۇچۇرلاشقان زامان. چىگراغا جايلاشقان، قويۇق ئىسلام مەدەنىيەت پۇرىقىغا تولغان بۇ زېمىن ئۇلارنىڭ شىرىن خىياللىرىغا مەلھەم بولىدۇ. ئۈرۈمچىدىكى چوڭ بازارنىڭ ئىچكىرىلىك زەردارلار تەرىپىدىن قويۇق ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنىشى دەل شۇ شىرىن چۈشنى رىياللاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر.

ئەمدى جەيسېننىڭ يازمىسىدىكى چەتئەل خۇمارلىقىغا كەلسەك، بۇ يەردە بىز ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ يۇقۇرىدا دەپ ئۆتكەن زەردارلارنىڭ شىرىن چۈشىگە ماسلىشىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى كۆرمەي قالمايمىز. قىزلىرىمىز زامانىۋىيلىققا، بايلىققا، ئىلغارلىققا تەلپۈنىدۇ. ئۇلارمۇ ئۆزى ياشاۋاتقان خۇراپىي، قالاق، كونتروللۇق جەمىيەتتىن تەرەققىي ماكانغا، يېڭى دەۋرگە قاچساق دەيدۇ.

بايلىق ۋە تەرەققىياتتىن كەلگەنلەرمۇ تۇرۇۋاتقان تاۋارلاشقان ماكانى ۋە ماشىنىلاشقان زاماندىن قاچساق دەيدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ئارزۇسى قاتناش بىر قەدەر قولاي، ئۇچرۇشۇشقا بىخەتەر ۋە مەدەنىيەت چەكلىمىلىرىدىن بىر قەدەرخالى بولغان ئۈرۈمچى، قاراماي قاتارلىق ئارا بەلۋاغدا قوشۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ قوشۇلىشىنى ئىككىلا تەرەپنىڭ مەدەنىيىتى قوللاپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن، مەن تۇرغان شەھەردىكى خەنسۇلارنىڭ نەزەرىدە «ئۇيغۇرلار ئېرىنىڭ پۇلىنى دەپ ئەگىشىپ كەلگەنلەر»، ئامېرىكىدىكى يەرلىكلەرمۇ «چەتئەللىك قىزلار ئامېرىكلىق بولۇش ئۈچۈنلا بۇ يەرگە ياتلىق بولۇدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇڭا رەسمىي توي قىلىشقا قارىغاندا مۇنداق سەييارە قوشۇلۇش بەكرەك ئومۇملاشقان. بۇنىڭدا ۋاقىتلىق بولۇش، بەدەللىك بولۇش، مەخپىي بولۇش ئاساسلىق ئالاھىدىلىك. ئۇلار ئۆز مەدەنىيەتلىرىدە قوشۇلۇش ئەركىنلىكى ۋە هالاۋىتىنى تولۇق سۈرەلمىگەچ ھەر ئىككىلا مەدەنىيەتكە تولۇق تەۋە بولمىغان بىر ئارا رايونغا مۇھتاج. ئۈرۈمچى، قاراماي لار ئۇلار ئۈچۈن غايىۋىي ئارا بەلۋاغ بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ساياھەتچىلىك، مەبلەغ سېلىش، ئېچىش تۈرلىرى بۇنداق بەلۋاغلارنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە كەڭەيتمەكتە. بۇ ئۇيغۇر خانىم قىزلىرىنىڭ خەقلەرنىڭ ئىشتىھاسىغا تېخىمۇ ماسلىشىشقا مەجبۇر بولۇشىنى ياكى ئىختىيار قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى ئېھتىياجغا قاراپ تاۋارنىڭ سۈپىتىدە ئۆزگىرىش بولۇشى چوقۇم. ئۇيغۇر ئەرلەر جەمئىيىتى ئۇيغۇر خانىم قىزلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەلەپلەر دائىرىسىدە پائالىيەت قىلىشىنى شەرت قىلىدۇ، لېكىن شارائىت يارىتالمايدۇ. يات ئەرلەر ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ئېھتىياجلىرىنى يېڭىلايدۇ ۋە يېتەكلەيدۇ.

## خاتىمە ئورنىدا

بۇ بۆلەكنى يازماق ماڭا بەك تەرس كەلدى. ئوقۇرمەنلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈشنى پەقەت خالىمايدىغىنىم ئۈچۈن نەچچە ۋاز كەچتىم. ئۇيغۇرلاردا ئالقىشلانغان ئادىل مىجىتنىڭ ھېلىقى «ئۆلچەملىك» ئەر ھەققىدىكى ئىتوتىنى كۆرۈپ جىق ئويلۇدۇم. ئۇيغۇر جەمئىيىتى بۈگۈنكى ئائىلە كرىزىسى، ئەخلاق كرىزىسىنىڭ جاۋابىنى ئەجداتلارنىڭ يولىدىن

ئىزدەۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلدىم. نەزەرىيە جەھەتتىن تەبىئىي شۇنداق بولاتتى. ئەمما شۇنى دېگۈم بار، بىز ياشاۋاتقان دەۋر ئەجدادلىرىمىز ياشىغان جىسمانى كۈچ دەۋرى ئەمەس. جىسمانى قۇۋۋەت ۋە ئەر ئاياللارنىڭ ئىش تەقسىماتى ئېنىق ئايرىلغان دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغان ئۆلچەملىك ئەر ۋە ئايال ھەققىدىكى ئۇدۇملىرىمىز دەۋرىمىز رىياللىقىغا ماس كەلمەۋاتىدۇ، شۇڭا قوغدايمىز دېگەنچە يىمىرىلمەكتە. بۇنى بىر قانچە ئېتوت يېزىپ تۈزگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ مەسچىتلىرىمىز، دەرسخانىلىرىمىز، مۇنبەرلىرىمىز ئەرلەرنىڭ قولىدا بولغاچقا «بۇزۇلۇش» دېگەن گەپ چىقسىلا ئۇلارنىڭ كۆزىگە قارشى قۇتۇپ ئاياللار كېلىۋالىدۇ، بارچە گۇناھ ئاياللاغا دۆڭگىلىدۇ، مەنچە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ رىياللىقى ئەرلىك نۇقتىنەزەرنىڭ، ئەرلىك بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئۇزاق داۋاملاشسا ئاياللارنىڭ باشقا ماكان ۋە زامانغا ۋە شۇ قۇتۇپقا مەنسۇپ ياتلارغا تەلپۈنىشى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ.

مەن 2005-يىلى بىر سىنىپقا دەرس ئۆتۈۋېتىپ مۇناسىۋەتلىك بىر تېكىستكە باغلاپ ئوغۇللاردىن «خىزمىتى يوق بىر قىزغا ئۆيلىنەمسىز؟» دەپ سوراپ باققانتىم. يىگىرمە نەچچە يىگىتتىن بىرسىمۇ مەن كۈتكەن «مېنىڭ سۆيىدىغىنىم خىزمەت ئەمەس، ئىنسان» دېگەن سۆزنى دېيەلمىدى. «قىزلار بۇزۇلۇپ كەتتى»، «ئاياللىرىمىز يالىڭاچلىنىپ كەتتى» دەپ ئاغزىدىن كۆپۈك قاينىتىپ سۆزلەۋاتقان سەللىلىك خاتىپ، گالستۇكلۇق ئوقۇتقۇچى، پايىنەكباش يازغۇچىلارغا دېگۈم كېلىدۇ، ئۇلارنى بۇزۇۋاتقان، يالىڭاچلاۋاتقان سەۋەبلەر زادى نېمە؟

# ئامېرىكىدا «مەشرەپ»

مەيلى كىم بولسۇن، قايسى ئىقلىمدا ياشىسۇن، دۇنيادا يىغىلىش، سورۇنلارسىز ئىنسان هاياتىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس. بولۇپمۇ ئۇيغۇرغا ئوخشاش جامائەتچىلىك ئېڭى ئالاھىدە كۈچلۈك مىللەتلەردە ئىنساننىڭ ئۆز سورۇن، مەشرەپلىرىدىن مۇستەسنا يالغۇز-يېگانەياشىشى تەسەۋۋۇردىن تولىمۇ يىراق. 2000-يىللىرى ئىچكىرىدىكى مەلۇم ئالى مەكتەپكە خىزمەتكە ماڭغىنىمدا بىر دوستۇم «ئۇ يەردە يالغۇز زېرىكمەمسەن؟» دېگەنتى. بۇسۇئال ماڭا بىر قارىماققا تولىمۇ سۆيۈملۈك تۇيۇلدى، يەنە بىر ئويلىسام تولىمۇ قىزىق. ئۇيغۇرنىڭ نەزەرىدە ئۇيغۇر يوق يەر نەچچە مىليون نوپۇسلۇق شەھەر بولۇپ كەتسىمۇ «ئادەم يوق، زېرىكىشلىك» بولاتتى. ئىچكىرىدە خىزمەت بىلەن يۈرۈپ خەنسۇلارنىڭ سورۇنلىرىنىمۇ جىق كۆردۈم، لېكىن توختىماي گەپ قىلىپ هاراق ئىچىدىغان يېرى ياقمىدى. بۇنداق سورۇنلاردا گەپ بىلەن نەپ پاسلاشتۇرۇلاتتى. سورۇن، هاراق پەقەت ۋاستە ئىدى. مەندەك هاراق ئىچمەيدىغان، نەپنى سورۇندىن ئەمەس هالاللىقتىن ئىزدەيدىغان ئادەمگە بۇنداق ئولتۇرۇشلار تولىمۇ زېرىكىشلىك ئىدى. ئەسئەت سۇلايماننىڭ «ئۆزلۈك ۋەكىمللىك» دېگەن كىتابىنى ئوقۇپ ياۋروپالىقلارنىڭ سوغۇق مىجەزىگە هەيران قالغانتىم. ئامېرىكىغا كېلىشتىن بۇرۇنلا كاللامدا بىر مۇزدەك جەمىيەتنىڭ ئوبرازى ئاللىقاچان سىزىلىپ بولغان ئىدى. ئامېرىكا هەققىدىكى باشقا يازمىلاردىن هېس قىلغىنىم كىشىلەرنىڭ زىيادە ئالدىراشلىقتىن يىغىلىشقا چولىسى تەگمەيدىغانلىقى، خەقنىڭ ئۆيىگە تولا بارمايدىغانلىقى ۋە خەقنىمۇ چاقىرمايدىغانلىقى... دېگەندەك ئۇيغۇرغا تولىمۇ زېرىكىشلىك تۇيۇلىدىغان «رىياللىق» ئىدى. بۇرۇن مەن پەقەت ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلىرىنىلا شۇنداق ئادەمخۇمار بولامدىكىن دەپ ئويلايتتىم. نەدىكىنى ئامېرىكىغا كېلىپ بىرىنچى هەپتىسى سورۇنغا تەكلىپ قىلىندىم. «مەشرەپ»نى ئۇيۇشتۇرغۇچى مەن تۇرۇۋاتقان شەھەردىكى

بىر ئائىلە بولۇپ ئارامغا چىققان ئوقۇتقۇچىلار ئىكەن. «مەشرەپ»كە چاقىرىلغانلار خەلقئارالىق ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۇ كىشىنىڭ شۇ يەرلىك دوستلىرى ئىكەن. ئۆي ئىگىسى ئەر ئايال بىزنى ئىشىك ئالدىدا قارشىئالدى. ئىشىكتىن كىرگەندىكى مېھمانخانىغا بىر پىيانىنو، بىر قانچە ساپا قويۇلغان بولۇپ مېنى ئەڭ قىزىقتۇرغىنى ئۆينىڭ ھەر بۇلۇڭىدىكى قول يەتكۈدەك يەرلەرگە قويۇلغان لاتا «كىتاپ ئىشكاپ»لىرى بولدى. بوش يەرلەرگە تىزىلغىنى ۋە تاملارغا ئېسىلغىنى مەن تازا بىلىپ كەتمەيدىغان رەسساملارنىڭ رەسىملىرى، بالىلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرى، ئاتا ئانىسىنىڭ سۈرىتى بېسىلغان گېزىتلەر، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قولىدا ياسىغان تۈرلۈك خاتىرە بويۇملىرى بولۇپ ماڭا بۇ مېھمانخانا بىر مۇزىيىدەك تەسىر بەردى.

مېھمانخانا ئىچىگە ئاشخانا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ ساھىپخان بىلەن پاراڭلاشقاچ تاماق پىشىشىنى ساقلىدۇق، بەزىمىز تاماققا يارمدەملەشتۇق. تاماق تەييار بولغاندا ھەممىمىز تاماقلارنى تاماقخانىغا تىزدۇق، ۋە ئۆچۈرەت بويىچە تاماق ۋە سالاتالارنى چوڭ كىچىك تەخسىلەرگە ئېلىپ بەزىلىرىمىز ئولتۇرۇپ، بەزىلىرىمىز مېڭىپ يۈرۈپ پاراڭلاشقاچ غىزالىنىشنى باشلىدۇق. ئامېرىكىدا بۇنداق سورۇن ئىككى خىل ئىكەن. بىرى مۇشۇنداق ساھىپخان تاماق پۇشۇرۇدۇغان، مېھمانلار خالىسا يىمەكلىك ياكى ئىچىملىك كۆتۈرۈپ كېلىدىغىنى، يەنە بىرى پاتلاك دەپ ئاتىلىدىغان، ساھىپخان تاماق ئەتمەيدىغان مېھمانلار تاماقلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ باشقىلار بىلەن بىللە يەيدىغىنى ئىكەن. ئاڭلىشىمچە بۇ پاتلاك دېيىلىدىغان ئولتۇرۇش ئەسلى ھىندىيانلارنىڭ ئادىتىكەن. تاماقنى ئولتۇرۇپ تېز يەپ بولغانلارغا قارىسام جوڭگۇلۇقلاركەن، يەرلىكلەر تېخى يېرىمىنىمۇ يەپ بولالماپتۇ. تاماقتىن كېيىن تاتلىق تۈرۈم ۋە مارۇژنا يېيىش ئادەتكەن. بۇ يەردە «مەشرەپ» دېگەن مۇشۇنداق بىر ئىستاكان پىۋا ياكى كولادەك ئىچىملىكنى كۆتۈرۈۋېلىپ سورۇندىكى خالىغان كىشى ياكى كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىدىغان ئىشكەن.

نە ناخشا- مۇزىكا، نە دۇتتار- تەمبۇر يوقكەن. ئۇلار ئۆزلىرىچە كۈلۈپ تېلىقىپ قالغان قالغان «لەتىپە» لەرگە پەقەت ئەگىشىپ كۈلگەن بولۇۋالدىم، لېكىن شۇنچە ئاددەتتىكى گەپلەرگە نېمىشقا قاھقاھلىشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنەلمىدىم. بەلكىم چاخچاقلارنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى پەرقلىق بولغاچقا شۇنداقتۇر. مەسىلەن، بىزدىكى «دۇنيا سىلەرنىڭ شۇنداقلا بىزنىڭ، چاپچال سىلەرنىڭ قومۇشى بىزنىڭ» دېگەن لەتىپىنى ئېنگلىزچىگە ئۆرىسە ھېچكىم كۈلمىگەندەك بىر ئىش.

ساھىپخان مۇسۇلمان مېھمانلار، گۆش يېمەسلەر ئۈچۈن ئالاھىدە تاماق ھازىرلاپتۇ. مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئاشۇ تاماققا تىزىلغان ئۆچۈرەتتە تونۇشتۇم. تايلاند، مالايسىيە، ھىندونېزىيە ۋە باشقا شەرقى جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلارنى جەنۇپلۇق خەنسۇلاردىن ئايرىماق تەسرەككەن. مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار بىلەن پاراڭلىشىپلا كەتتىم، كاۋاپ دېگەن بۇ تاماق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىدە باركەن. ئەرەبىستانلىق ئەرەب ئوقۇغۇچىلاردىن ئۇلارنىڭ مانتىنى بىزدىن قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلىۋالدىم. قىزىق يېرى بىز لازىجان، ياغلازا دەپ خەنسۇچىسىنى ئىشلەتسەك ئۇلار ئۇيغۇرچىسى «ياغمۇچ»نى ئىشلىتىدىكەن. بىز ئۆزىمىزدىكىنى ئەرەبلەرگە ئۆگۈتۈپ قويۇپلا ئۇيغۇرچىسىنى تاشلاپ خەنسۇچىسىنى ئۆگۈنۈۋاپتۇق. ھىندىستانلىق، بېنگاللىق، پاكىستانلىق، ئىرانلىق ۋە ئەرەبلەردە بىزدىكىگە ئوخشاش پولۇ، نان، سامبۇسا دېگەندەك يېمەكلەر باركەن. تاماقلىرىمىز، ئادەتلىرىمىز، ناخشا ئۇسسۇلىمىز ۋە چىرايىمىز ئىرانلىقلارغا بەكرەك ئوخشايدىكەن. ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئەڭ تەپسىلى بىلىدىغانلار تۈركىي مىللەتلەردىن قالسا ياپونلاركەن. ماڭا تەيۋەنلىكلەرنىڭ ئۆزىنى جوڭگولۇق دېمەسلىكى ۋە ئوخشىمىغان پىكىرلەرگە بەكرەك مايىللىقى يېڭىلىق تۇيۇلدى. جىياڭسۇلۇق بىر ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ كۇچادا ياپونلۇق بولۇۋېلىپ يەرلىكلەرنىڭ ئىززىتىگە ئېرىشىشكە مەجبۇر بولغانلىقىدىن ئاغرىنىدى. مەن ياپونلۇق ساياھەتچىلەرنىڭ تەكلىماكاندا ئەخلەت تەرگەن تەسىرلىك كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپمۇ قايىل قىلالمىدىم. شۇندىن كېيىنكى

«مەشرەپ»لەردە باشتىن ئاياق بىر ئىش دىققىتىمنى تارتتى: ئامېرىكىلىقلار ئاساسەن ئۆرە تۇرۇۋېلىپ ئىچكەچ پاراڭ سالىدىكەن. جوڭگولۇقلار ئاساسەن ئولتۇرۇۋېلىپ يەپ ئىچكەچ سۆزلىشىدىكەن. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئولتۇرۇش» دېگەن سۆزنىڭ مەشرەپنىڭ ئورنىغا نېمە ئۈچۈن ئۆزگەرگەنلىكىنى ئاڭقارغاندەك بولدۇم. ماڭا سۆزدىكى ئۆزگىرىشكە ئۇيغۇر سورۇنلىرىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى مۇجەسسەملەشكەندەك بىلىندى. ئەجەبا خەنسۇلارنىڭ يەپ ئىچىشنى مەزمۇن قىلغان «ئولتۇرۇش»لىرى بىزگە كىرىپ، ئۆزىمىزنىڭ شاتلىق، شاشلىق، شەرەندازلىققا تويۇنغان مەشرەپلىرىمىز يەپ ئىچىدىغان «ئولتۇرۇش»قا ئايلىنىپ قالغانمىدۇ؟ بۇۋىلىرىمىزدىن قالغان مەشرەپتىن شەرەپ قۇچتۇق، نامىمىز ب د ت نىڭ تىزىملىكىگە پۈتۈلدى، بىزدىكى بۇ ئولتۇرۇشلاردىن كېيىنكىلەر نېمە ئۇتار؟

بىر ئۇيغۇر قېرىندىشىمىزنىڭ دەپ بېرىشىچە مەكتىپىدە ئۆتكۈزۈلگەن «مەدەنىيەتلەردىن مەلۇمات» پائالىيىتىدە ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ شاراپىتىدىن خېلى نام چىقىرىپ قاپتۇ، ئازراق پۇللۇقمۇ بولۇپ قاپتۇ. پائالىيەتتە بىر شىرەگە ئۇيغۇرلارنىڭ كەشتىلىك داستىخىنىنى سېلىپ، پولۇ، سامسا، قۇيماق، گوشنان قاتارلىق تاماقلارنى تىزىپ كەينىدە باشقا شىتاتلاردىن ياردەمگە كەلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن دۇتار، تەمبۇر ۋە داپنى چېلىپ ئۇيغۇرچە كىيىنىپ تۇرۇپتۇ. خەلق ناخشىلىرىدىن ئارىيە ئوقۇلغاندا ئولۇشۇۋالغان زىيارەتچىلەر نوۋەت ئۈسۈللۈق ناخشىغا كەلگەندە يوپۇرۇلۇپلا قوشۇلۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. ئون بەش مىنۇتقا قالماي ئەتكەن تامىقى تۈگەپتۇ، تاماققا تاپقان كەشتىلىك ياپقۇچ، كەشتىلىك داستىخان، دۇتار سېتىلىپ كېتىپتۇ. يەرلىك ئامېرىكىلىقلار ساتمايمەن دېگەنگە قويماي تەمبۇر ۋە داپنى چۆرگىلەپ كېتەلمەي قاپتۇ. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ «مەدەنىيەتلەردىن مەلۇمات» پائالىيىتى خېلى داڭلىق بولغاچقا ئۆز مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىلىرى ئوقۇغۇچىلىرىنى

تەشكىللەپ ئالاھىدە كۆچ چىقارغانىكەن. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۇنچە ھەشەم دەرەملەرگە مۇيەسسەر بولالمىغان بولسىمۇ شۇ قېتىملىق پائالىيەتتە ئەڭ خېرىدارلىق بولۇپ يەرلىك گېزىتلەر ۋە تېلېۋىزورلاردىن ئورۇن ئاپتۇ. 2008-يىلى مەن ئەسلى چوڭچىڭغا خەنسۇچە ئۆگەنگىلى كېلىپ تۇيۇقسىز ئۇيغۇرچە ئۈگۈنۈشكە ئۆزگەرگەن ئامېرىكىلىقتىن ئىگىلىشىمچە، شۇ شەھەردە ئوقۇغۇچىلار ئورۇنلاشتۇرغان بىر ئۇيغۇر مەشرىپى ئۇنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە مەھلىيا قىلىۋالغانىكەن. ئويلاپ قالدىم، بىزنىڭ ئوقۇغۇچى بالىلار ئورۇنلاشتۇرغان، سەھنىلەردىن ئۆزلەشتۇرۇلگەن مەشرەپلەر جوڭگۇدا ۋە ئامېرىكىدا شۇنچە تەسىر قالدۇرۇپتۇ، ئەگەر ئاتا بوۋىلىرىمىزدىن مىراس قالغان ھەقىقى مەشرەپنى داۋام قىلالىغان بولساق بۇنىڭ ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى ئۈنۈمى يانچۇقىمىزنى توم، يۈزۈمىزنى يورۇق قىلماسمىدى؟

ئۆملۈككە، قېرىنداشلىققا تەشنا ئۇيغۇر مەشرەپسىز ياشىيالمايدۇ. ھازىرقى چايلار ۋە «ئولتۇرۇش»لىرىمىز دەل شۇ بوغۇندىن بوغۇنغا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان مەشرەپلىرىمىزنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىدۇر. ھازىر مەشرەپلىرىمىز ئىكرانلاشتى، بۇ مۇزىيلىشىشنىڭ باشلىنىشى خالاس. چۈنكى ئىكرانلاشقان مەشرەپتە ئۇيغۇر پەقەت تاماشىبىنلا بولالايدۇ، ئىشتىراكچى بولالمايدۇ. بۇنداق مەشرەپ ئىكرانىنى باشقۇرغۇچىلارنىڭ مەشرىپى خالاس، ئۇنىڭ قايسى شەكىلدە بولۇشى تاماشىبىننىڭ ئىلكىدە ئەمەس. ئەسلى ئۇيغۇرنىڭ تۇرمۇشىدىكى مەشرەپتە ئۇيغۇر سەنئەتنىڭ سەيلىچىسى، ئىشتىراكچىسى ۋە ياراتقۇچىسى ئىدى. ياراتقۇچىسىز قالغان سەنئەت، ئىشتىراكچىسىز قالغان مەدەنىيەتنىڭ بارار يېرىنىڭ مۇزېي بولۇدۇغانلىقى تارىختىن بىزگە سىر ئەمەس. مەشرەپلا ئەمەس، بىزنى ئورىغان دۇنيا، كۆزۈمىزدىكى رىياللىق ۋە پۈتكۈل تەئەللۇقاتلىرىمىز ئۆزگەرمەكتە، ئېچىنىشلىق يېرى بىزنىڭ بۇلارغا پەقەت سەيلىچى بولۇپ قالغىنىمىزدۇر.

# سىلەردە قۇربان ھېيت مودا بولدىمۇ؟

ھېيت كەلدى، ھەر قېتىم ھېيت كەلسە ئايالىم ھاياجانلىنىدۇ. بالام
كىچىك بولغاچقىمۇ يا ئەتراپىدا ھېيت كەيپىياتى بولمىغاچقىمۇ قونچاق
كۆرۈش بىلەن بەنت بولۇدۇ. مەن نېمە ئۈچۈن خوشال بولالماس بولۇپ
قالغىنىمنى ئېسىمگە كېلىپ قالمىسىلا ئايالىمغا ئۈنسىز ئەگىشىمەن.
ئۇنىڭغا خوش بولۇشۇپ بەرسەم كۆڭلۈم ئازراق بولسىمۇ ئارام تاپىدۇ.
ئۆيدىكىلەر ھېيتلىق تېلىفون ساقلايدۇ، ھېيتقا مۇناسىپ بولالمىغان
كەيپىياتىم بىلەن ئۇلارنىڭ سېغىنىشلىق ئىزگۈ سالاملىرىغا جۆر بولالماي
قىيىنىلىمەن. ماڭا ئەسلىمەمدىكى ھېيتتىن قالغىنى دادام بىلەن ئوقۇغان
ھېيت نامىزى ۋە جامائەتنىڭ سۈرلۈك ۋە مۇڭلۇق تەكبىرىدىن ھېس قىلغان
ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى. ماڭا بۇ تۇيغۇدا بولغىلى ئەسىرلەر بولغاندەك تۇيۇلۇدۇ،
ھەر ھېيتتا شۇنداق. جىيەنلىرىمنىڭ بۇ كۆرۈنمەس قۇدرەتنى ھېس قىلىشقا
قادىر بولالماي ئۆسۈۋاتقىنى يۈرەكنى تېخىمۇ ئېزىدۇ. شۇنداق ئويلايمەن،
مەنغۇ ھېچ بولمىغاندا غېرىپ قەلبىمدە كۆرۈنمەس بىر ئۇلۇغلۇقنى ھېس
قىلالايدىكەنمەن، جىيەنلىرىمچۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ھېيتتىن شۇنداق بىر
غايىپ پاسىبانلىقنى، مېھرىبانلىقنى، مۇقەددەسلىكنى ھېس قىلالماي
چوڭ بولسا، پەقەت يىغقان ھېيتلىق بىلەن يانچۇق، يېگەن گۆش بىلەن
قورساق تومپايسا كۆڭۈل ئالىمى بوش قالماسمۇ؟ ئۇلارنىڭ جەنۇپ
سەھرالىرىنى قاپلىغان يالتىراق خالتىلىق ئەخلەت يىمەكلىكلەرنى يەپ
بولغىنىۋاتقان جىسمى، چوڭلارنىڭ تەشۋىش، ۋەھىمە، مىسكىن تۇرقىدىن

نۇسقا ئېلىپ ئەگىرىلىككە يۈزلەنگەن سەبى كۆڭلى نېمە بىلەن قەد كۆتۈرەر؟ ئۈچ يىل بۇرۇنغۇ دەيمەن. ئايالىمنىڭ بىر جىيەن قىزى ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم ئوتتۇرىنىڭ قوش تىل سىنىپىغا تاللاندى. تەنتەنىلىك جاكارلانغان بۇ خەۋەر بىزنى خېلى تەمتىرەتتى. چۈنكى بىر ھەمراھ بولغۇچىلار، ئورۇنلاشتۇرغۇچىلار ئۆمىكى كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. مەركىزىي شەھەردىكى قوش تىل سىنىپىغا قوبۇل قىلىندى دېگەنلىك بىزنىڭ ئۇ يۇرتتا مەرتىۋىدىن، غەلىبىدىن، ئىناۋەتتىن دېرەك بېرەتتى. كىممۇ ھاياجانلانمىسۇن، قوش تىل، دېگەن قوش تىلدە! بولۇپمۇ قوش تىلنىڭ ئوردىسى، قوش تىلچىلارنىڭ ساماۋىي پايتەختى بولغان ئۈرۈمچىدىكى قوش تىل تۇرسا!

قىز ئەقىللىق ئىدى. كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بىز بىلەن چىقىشىپلا كەتتى. دەسلەپتە مېنى ئىنگلىزچە بىلىدۇ، دەپ ئانچە مۇنچە ئىنگلىزچە تاپشۇرۇقلىرىنى سوراپ يۈردى. كېيىن نېمە ئۈچۈنكى مەندىن ئىنگلىزچە سورىماسلا بولدى. سەۋەبىدىن ۋاستىلىق خەۋەر تاپتىم، خەنسۇچەم ئۆلچەمسىز بولغاچقا ئىنگلىزچەمنىڭمۇ ئۆلچەمسىزلىگىنى تەخمىن قىلىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنىڭ تەلەپپۇزۇم جاڭ مۇئەللىمنىڭكىگە ئوخشىماسمىش، ساۋاقداشلىرى ئىنگلىزچىنى سەھرالىقتەك دەيدىكەنسەن دەپ زاڭلىق قىلغانمىش. شۇندىن كېيىن بۇ قىزنىڭ ئوقۇيدىغان كىتاپلىرىغا دىققەت قىلدىم، دائىم ئوقۇيدىغىنى مۇقاۋىسىغا چېچىنىڭ يېرىمىنى قىزىل يېرىمىنى يېشىل بويىۋالغان «"سۇمباتلىق يىگىت»، «ساھىپجامال قىز»لارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن كىتاپلار ئىدى.

دېكابىرنىڭ ئاخىرى ئىدى، ئايالىم جىيەن قىزنى تېلىفون قىلىپ ئۆيگە چاقىردى. بارالماسمىش، سەۋەبى «ئەمىنلىك كېچىسى»نى ياتاقداشلىرى بىلەن قۇتلايمىش. ئاڭلاپلا جۇدۇنۇم ئۆرلىدى، «كەلسۇن، بىز قىلىپ بېرەيلى شۇ كېچىسىنى، نېمە ئالغىسى بولسا ئېلىپ بېرەيلى» دېدىم ئۆزەمنى بېسىۋېلىپ. ئايالىمنىڭ ئېيتىشىچە بىزنىڭ مەھەللە تەرەپتە روژدىستىۋالىق كەيپىيات يوقمىش، ئەمىنلىك كېچىسىدە مۇدا بولۇدىغان كىيىم كېچەك تېپىلماسمىش، پائالىيەتلەرمۇ يوقمىش شۇڭا كەلمەسمىش.

شۇنداق قىلىپ قىزچاق كەلمىدى. بىر قانچە كۈننى ئۆتكۈزىۋېتىپ تېلېفون قىلدىم. «ئەمىنلىك كېچىسى»نىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلۈدۇغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەن. ئۇنىڭ خىرىستىيان دىنىغا مەنسۇپ پائالىيەت ئىكەنلىكىدىنىمۇ بىخەۋەركەن. پەقەت بۇ مەركىزى شەھەرنىڭ شۇ بۆلىكىدە مودا بولغانلىقى ئۈچۈنلا ھەممە ماگىزىن، كوچا كويلار شۇنداق بايرام كەيپىياتى بىلەن بېزەلگەچكىلا «دەھشەت» ئۆتكۈزگۈسى كەپتۇ. ساۋاقداشلىرى بىلەن ياتاقنى يېرىم سۆرۈن بېزەپ ئۆتكۈزگەن كېچە شۇنداق «پەيزى بوپتۇ». ياتاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تۇرسا، نەدىن بىلگەندۇ، قانداق ئۆتكۈزەلىگەندۇ دەپ ھەيران قالدىم. ئۇ قىز مېنىڭ شۇنچە يىل ئىنگلىزلار بىلەن ئالاقە قىلىپ ئەمىنلىك كېچىسى ئۆتكۈزۈپ باقمىغىنىمغا ھەيران قالدى.

ئىككىنچى مەۋسۇم باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي قۇربان ھېيت كەلدى. ئۆزەمنىڭ خوش بولالمايدىغانلىقىم ئېنىق بولسىمۇ قۇربانلىق قىلىپ، ئۈرۈمچىدىكى ئۇرۇق تۇغقان ۋە يۇرتداشلارنىڭ بالىلىرىنى چاقىرىپ بىر ھېيت قىلىپ بەرمەكچى بولدۇم. شۇلارنىڭ خۇشال چۇۋۇرلاشلىرىدىن ھېيت بولغادەك كەيپىياتقا كېلىپ قالسام ئەجەب ئەمەس دەپمۇ ئويلۇدۇم. ئالدى بىلەن ئايالىمنىڭ جىيەن قىزىغا تېلېفون قىلدۇق. تۇۋا، كەلمەسمىش «سىلەر ئۇ تەرەپتە ھېيت دېگەن بىلەن بىزنىڭ بۇ يەردە ئۇنداق مودا يوق، ھەممە ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن، شۇڭا بايراملىق كىيىممۇ ئالالمىدىم، خەقنىڭ ئالدىغا سەھرالىقتەك بارامتىم، سىلەردە قۇربان ھېيت تازا مودا بولغاندۇ ھە!» دەپتىمىش

بۈگۈن مەنمۇ تورلارغا قاراپ ھېيت كەپتۇ دەپ ئويلۇدۇم، ھېلىقى جىيەن قىزىمنىڭ سوئالى خىيالىمدىن كەچتى. ھەممىڭلارنى سېغىندىم، مېنىڭ چاخچاق قىلىپ بولسىمۇ «سىلەردە قۇربان ھېيت مودا بولدىمۇ» دەپ سوراشقا تىلىم بارمىدى. چۈنكى بىزدە ھەق يولىدىكى پىداكارلىقنىڭ ئىككى

دۇنيالىق مودا ئىكەنلىكى ئەقلىمگە ئايدىڭ ئىدى.

# قەلبنلك ئەكس سادالىرى

# ئۇيغۇر قانداق مىللەت؟

### ــ «ئۈچ خىل مىللەت ۋە مىللىيەتلىكتىكى ئۈچ خىل قىممەت» كە باھا

مەرھۇم ئا. مۇھەممەدئىمىن ئۇيغۇردا ھوسۇللۇق تەتقىقاتچى ۋە نوپۇزلۇق شەخس. ئۇنىڭ تۈرلۈك ئىلمى نوقتىسىدىن ئۇيغۇر تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان ھوسۇللۇق ئەسەرلىرى دىققەتكە سازاۋەردۇر. مەرھۇمنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋاپاتىدىن كېيىن تېلىۋىزور ۋە مەتبۇئاتلاردا كۆپ تەشۋىق قىلىندى. ئەسەرلىرى توختاۋسىز نەشىر قىلىندى. نەتىجىدە ئالىم ھاياتىدا نائىل بولمىغان نوپۇزغا ئېرىشتى. مەن بۇ يازمىدا مەرھۇمنىڭ ئۇيغۇرنىڭ «مىللەتلىك دەرىجىسى»نى بېكىتكەن، «ئۈچ خىل مىللەت ۋە مىللىيەتتىكى ئۈچ خىل قىممەت» ماۋزۇلۇق ماقالىسىغا باھا بېرىپ ئۆتىمەن. بۇنى يېزىشىمدىكى سەۋەب، بۇ ماقالە ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدىكى دەرىجىسىنى بېكىتىپ چىققان، توردا ئەڭ كۆپ ئوقۇلغان ۋە ئۇيغۇر مەشھۇرلىرىنىڭ ماقالە نۇتۇقلىرىدا نەقىل قىلىنغان ( مەسىلەن: ئە. سىدىق)، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە باھا بېرىشىنىڭ ئاساسىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىدىندۇر.

ئاپتور ماقالىسىنى «مىلەتلەرنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ‹پال› ئاچىدىغان مىزان ـ ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارىدۇر» دەپ باشلايدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى ماقالىدە ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارىنىڭ نېمىلىكى، قانداق شەكىللىنىدىغانلىقى، نېمىشقا مىللەتلەرنىڭ كەلگۈسىگە «پال» ئاچالايدىغانلىقى ھەققىدە ھېچ نېمە دېمەيدۇ. پەقەت «بىر مىللەتنىڭمۇ ئۆتمۈش تارىخى ئەمەس، ھازىرقى ئائىلە-جەمىيەت-مىللەت ئەھۋالى، مەنىۋىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى، ئىقتىدار ھالىتى ئۇنىڭ ھاياتىي سۈپەت ئىقتىدارىنى، رىقابەت ئىقتىدارى ۋە ئىجادىيەت كۈچلىرىنى-قىسقىسى، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارى...» دېگەن بايانلىرىدىن، بىر مىللەتنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنىڭ ئائىلە-جەمىيەت ئەھۋالى، مەنىۋىي-

ئىقتىسادى قۇرۇلمىسىنىڭ هاياتى سوۋېت ئىقتىدارى، رىقابەت ئىقتىدارى ۋە ئىجادىيەت كۈچىدىن تەشكىل تاپىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. هالبۇكى بۇ بايانلار بىزگە ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارى ھەققىدە رۇشەن چۈشەنچە بېرەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «ئىقتىدار هالىتى، سوۋېت ئىقتىدارى، ئىجادىيەت كۈچى» دېگەن ئۇقۇملارنىڭ زادى نېمىنى كۆرسۈتۈۋاتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ مىللەتنىڭ ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارىنى بەلگىلەشتە قانداق رول ئوينايدىغانلىقى، نېمە ئۈچۈن باشقىسى ئەمەس ئاشۇلارلا شۇنداق رول ئوينايدىغانلىقى يورۇتۇلمىغان. مەنچە ماقالىنىڭ كىرىش قىسمى مۇنداق يېزىلسا بولاتتى. 1. ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارى دېگەن نېمە؟ ئۇ مىللەتلەرنىڭ كەلگۈسىنى پەرەز قىلىشتا قانداق رول ئوينايدۇ؟ ئۇيغۇرلارنى بۇ ئۆلچەمدە باهالىغاندا قانداق نەتىجە چىقىشى مۇمكىن؟ دۇنيادىكى قايسى مىللەتلەر بۇ خىل ئۆلچەم بويىچە باهالانغان، نەتىجىسى قانداق بولغان، ئۇيغۇرنى بۇ ئۆلچەمدە باهالاشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟ دېمەك، ئاپتور ماقالىنىڭ بېشىدا مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئوچۇقلاش، پەرەز قىلىش باسقۇچلىرىنى تاماملىمىغان.

ئاپتور ماقالىسىنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە مۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ. «هازىرقى دۇنيا مىللەتلىرىنى ئۇلارنىڭ مەلەكە-كامالەت ۋە رىقابەت ئىقتىدارىغا قاراپ ئۈچ خىلغا بۆلۈش مۇمكىن. ئۇلار: ‹ئېتنولوگىيىلىك مىللەت›، ‹ئىجتىمائىي مىللەت› ۋە ‹سىياسىي مىللەت›تىن ئىبارەت». بۇ بۆلەكتىكى چاتاق، كىرىش بۆلىكىدىكى مۇجمەللىكنىڭ داۋامىدۇر. ئوخشۇتۇش بىلەن كونكرېتلاشتۇرساق، ئاپتور تارازىنى ۋە تارازىنىڭ چىكىتلىرىنى بىزگە كۆرسەتمەي تۇرۇپ يۈكنى تارتىشقا باشلايدۇ.

مەن ئاپتورنىڭ مىللەتلەرنى ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارى بويىچە ئايرىش نەزەرىيەسىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئىزدەندىم، نەتىجىدە بۇنداق بىر نەزەرىيەنى تاپالمىدىم. ناۋادا ئاپتورنىڭ يازغانلىرى

ئۆزىنىڭ تەلىماتى بولسا بۇنى ئىسپاتلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ماقالىدە ئىسپاتلاش جەريانى يوق ئىكەن. ئىزدىنىش ئارقىلىق ئاپتۇر تىلغا ئالغان ئۇقۇملاردىن سىياسىي مىللەت (دۆلەت تەۋەلىكى) دېگەن ئۇقۇم بىلەن، ئېتنىك مىللەت (مەدەنىيەت تەۋەلىكى) دېگەن ئۇقۇمنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم. بۇنى يەشسەك، جوڭگو تۇپرىقىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرنى جوڭخۇئا مىللىتى دېسەك ( خەنسۇچىدا ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق دېيىلىپ كەلگەن، بۇرۇن پەقەت تەرجىمانلار بۇ سۆزنى كۆپلۈك مەنىسىدە جوڭخۇئا مىللەتلىرى دەپ تەرجىمە قىلغان، ئەمما 2009-يىلدىن كېيىن بۇ تەرجىمە ئۆزگەردى. بۇرۇن ئۇيغۇرلار جوڭخۇئا مىللەتلىرىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولسا كېيىن جوڭخۇئا مىللىتىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ تەرجىمە قىلىنماقتا. ئالدىنقى تەرجىمىدە ئۇيغۇرلار جوڭخۇئا مىللەتلىرىنىڭ بىرى، دېمەك يەنىلا ئايرىم مىللەت، كېيىنكى تەرجىمىدە مىللەتنىڭ بىرى يەنى جوڭخۇئا مىللىتى، خەنسۇچە ئەسلى مەنە كېيىنكىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلى خەنسۇچە مەنىنى تەرجىمانلار «جوڭخۇئا مىللىتى ئېڭىنى تۇرغۇزۇش»، «تۆت تونۇش تەربىيىسى» قاتارلىقلاردىن كېيىن ئاڭقارغان بولۇشى مۇمكىن)، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان مىللەت ئۇقۇمى سىياسىي مىللەتنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئەجدادى، تىلى، مەدەنىيىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر قايسى دۆلەتتە ياشىغان بولسا شۇ دۆلەت بېكىتكەن مىللەتكە تەۋە بولۇش، سىياسىي مىللەتكە تەۋە بولۇش دېگەنلىكتۇر. سىياسىي مىللەتتە تەكىتلىنىدىغىنى پۇقرانىڭ دۆلەت تەۋەلىكى ئەمەس مەدەنىيەت تەۋەلىكى. (Seton Watson) ئېتنىك مىللەت ئۇقۇمىغا كەلسەك بۇنىڭدا تەكىتلىنىدىغىنى كىشىنىڭ مەدەنىيەت تەۋەلىكى ( تىل، تارىخ، ئەجداد، مىللىي خاراكتېر، مىللىي ئاڭ ئورتاقلىقى ئاساسىدىكى گەۋدە)، دۆلەت تەۋەلىكى ئەمەس. دېمەك بۇ ئۆلچەم بويىچە قارىغاندا ئۆزىمىزنى ئۇيغۇر دېگىنىمىزدە ئېتنىك مىللەت بولغان بولىمىز. جوڭخۇئا مىللىتى دېگىنىمىزدە سىياسىي مىللەت بولغان بولىمىز. ئۇيغۇرلار ھاكىمىيەتنىڭ نەزىرىدە سىياسىي مىللەت، ئۆزىنىڭ نەزىرىدە ئېتنىك مىللەت. جوڭگودىكى خەنسۇلار ئۆزىنىڭ ھەم ھۆكۈمەتنىڭ نەزىرىدە ھەم

سىياسىي مىللەت ھەم ئېتنىك مىللەت. ئۇلار ئۇچۇن سىياسىي مىللەت بىلەن ئېتنىك مىللەت بىر ئۇقۇم. ئەمما مالايسىيادىكى ۋە باشقا ئەللەردىكى خەنسۇلارنىڭ ئېتنىك مىللەت ۋە سىياسىي مىللەت ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە يېقىنلىشىدۇ. خەنسۇ زىيالىلىرى خېلى بۇرۇنلار بۇ ھەقتە ئىزدەنگەن بولسىمۇ بۇ دۆلەتنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلمىگەن ئىدى. 2009- يىلدىن كېيىن مىللەتلەرنىڭ بۇنداق ئايرىلىشى گەۋدىلەندۈرۈلۈشكە باشلىدى. (مەن «چالا تەرجىمان ئادەم ئۆلتۈرۈر» دېگەن تېمامدا مۇشۇنىڭغا يانداش مەسىلىلەرنى دەپ ئۆتتۈم).

ئاپتورنىڭ «ئىجتىمائى مىللەت» دېگەن ئۇقۇمنى نەدىن تاپقانلىقىنى بىلمىدىم. ماقالىدە بىرمۇ نەقىل يوق. مەنچە ئاپتور «ئېتنولوگىيىلىك مىللەت» دېگەننى ماقالىسىدە تىلغا ئالغاندەك «تەبىئى مىللەت» دەپ چۈشەنگەن بولغاچقا مەزكۇر سۆزنىڭ زىت سۆزى بولغان ئىجتىمائىي مىللەت دېگەن ئۇقۇمنى ياساپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. مەلۇمكى، ئا. مۇھەممەدئىمىن ماركسىزىمچى زىيالى. ماركس «ئادەم بارلىق ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى» دەپ قارايدۇ. ئەگەر ئاپتور ئۇيغۇرلارنى تەبىئىي مىللەت (ئېتنولوگىيەلىك مىللەت) دەپ قارىسا ماركسىزىمغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىنسان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى بولغانىكەن، ئىنسانلار توپى بولغان ئۇيغۇرلارمۇ تەبىئىي مىللەت ئەمەس ئىجتىمائىي مىللەت بولغان بولۇدۇ.

ئاپتور ئىجتىمائىي مىللەت بىلەن تەبىئىي مىللەتنى سېلىشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ، «ئىجتىمائىي مىللەتنى ئېتنولوگىيىلىك مىللەتتىن ئۈستۈن قىلغان نەرسە ئۇنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان تۇركۇم ئېڭى، كۈچلۈك ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى، ئاڭلىق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئىزچىللىقى ۋە بۇ ئۇچىدىن مۇجەسسەم بولغان ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئۈستۈنلۈكىدىن ئىبارەت». ئاپتورنىڭ بۇ يەردىكى ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئۇقۇمى ھەققىدىكى قارىشى باشتىكى

قارىشىدىن پەرقلىنىدۇ. ئاپتۇرنىڭ ئۇيغۇرنى ئىجتىمائىي مىللەت ئەمەس دېيىشتىكى ئاساسى «تۈركۈم ئېڭى، ئۇيۇشۇش كۈچى ئاجىز، مەدەنىيەت ئىزچىللىقى ئاڭسىز»، لېكىن ھېچ قايسىغا پاكىت كۆرسەتمىگەن. بۇ يەردىكى تۈركۈم ئېڭى دېگەن گەپنى مىللىي ئاڭ دەپ چۈشەنسەك ئاپتۇرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئېڭىنى ئاجىز دېگىنىگە دەلىل تەلەپ قىلىشقا مەجبۇرمىز. ئاپتۇر ھېچ دەلىلسىز شۇنداق دېگەن، ئەكسىچە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئېڭى كۈچلۈك. مەن بۇنى سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق دەلىللەيمەن. بىزدەكلا ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە موڭغۇللاردا خەنسۇچە ئىسىم قويۇش كوممۇنىستىك ھاكىمىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئومۇملۇشۇشقا باشلىغان. موڭغۇللاردىن جوڭگۇنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت رەئىسى بولغان ۋۇلەنفۇ خەنسۇچە ئىسىم قويغان. مەن ئىچكىرىدىكى مەلۇم ئالىي مەكتەپتە موڭغۇللارغا دەرس بەرگەن، موڭغۇلچە ئوقۇغان بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئىچىدە 7-8 ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسمى خەنسۇچە ئىدى. ئەمما ئۇيغۇردىن مەركەزدە ئەمەل تۇتقانلاردىن خەنسۇچە ئىسمى بار بىرسىمۇ يوق. باشقىسىنى قويۇپ مەدەنىيەت ئىزچىللىقىغا كەلسەك، مەدەنىيەتتىكى ئىزچىللىق ئەسلىدىلا كۆپىنچە ئاڭسىز داۋاملىشىدۇ. ھېچ قايسى مىللەت ئەزالىرى بىر يەرگە كېلىپ ئۇنى ئىزچىللاشتۇرايلى، بۇنى تاشلايلى دەپ مەسلىھەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن، ھېچقايسى ئۇيغۇر سوقا، جۇۋازدىن ئاڭلىق ۋاز كەچمىدى. زامان ئۆزگەرسە مەدەنىيەتتىكى بەزى ساھەلەردە ئىزچىللىق توختايدۇ.

ئاپتۇرنىڭ سىياسىي مىللەت ھەققىدىكى قاراشلىرىمۇ دەلىلسىز گەپلەر بولۇپ تەپسىلى رەددىيە ئۈچۈن ئايرىم ماقالە يېزىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ يازمىمىزنىڭ مەقسىدى ئەمەس. قىزىقارلىق يېرى ئاپتۇر يەھۇدىلارنى سىياسىي مىللەت دېگەن. يەھۇدىلار ئەمەلىيەتتە ئاپتۇرنىڭ ئېتنولوگىيەلىك مىللەت ھەققىدىكى شەرتىگىمۇ توشمايدۇ. چۈنكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى بۇرجەكلىرىدىكى يەھۇدىلار شۇ دۆلەتنىڭ تىلىنى قوللىنىدۇ. تۈركىيەدە تۈركچە سۆزلەيدىغان يەھۇدى، ئۆزبەكىستاندا ئۆزبېكچە سۆزلەيدىغان يەھۇدى بار. ھەتتا

يەھۇدىلارنىڭ ئىرقىمۇ بىر بىرگە ئوخشىمايدۇ، قارا تەنلىك يەھۇدى، ئاق تەنلىك يەھۇدى... ئەمەلىيەتتە يەھۇدىلارنى بىر مىللەت قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئامىل ئۇلارنىڭ دىنى ۋە شۇ دىنىغا باغلانغان مۇراسىملىرىدۇر. مەلۇم مەنىدە يەھۇدىلار بىر دىنى گورۇپپا، ئىقتىسادى گورۇھتۇر. ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى يوقالغان ئىبرانى تىلىنى ئۇلار دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن تىرىلدۈردى. چۈنكى ئۇلار ھەممە ئىشتا يات تىل قوللانغان بىلەن چۈشەنمىگەن تەقدىردىمۇ تەۋراتنى ئىبرانى تىلىدا ئوقۇشنى ئىزچىل داۋام قىلغانىكەن.

خۇلاسەم شۇكى، مەزكۇر ماقالە ياخشى نىيەتتە يېزىلغان لېكىن ئىلمىي يېزىلمىغان ماقالىدۇر. ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مىللەتنى ئۈچكە ئايرىش ئۇسۇلىدا تەييار ئىلمىي ئۇقۇملار ئاستىن ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن، يوق ئۇقۇملار ياسالغان، دەلىللىرى يېتەرسىز، ھۆكۈملەر ئىسپاتسىز بولۇپ قالغان. ماقالىنىڭ خەتەرلىك يېرى بىلىپ بىلمەي مۇستەملىكچىلىكنىڭ قاپقىنىغا دەسسىگەنلىكىدۇر. ئاپتورنىڭ مىللەتنى  ئۈچكە ئايرىپ ئۇيغۇرنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە قويۇشى مۇستەملىكچىلەرنىڭ مەنتىقىسىدۇر. مۇستەملىكچىلىكنىڭ تەلىماتىچە مىللەتلەر بىر بىرىدىن ئىلغار قالاقلىقى بويىچە دەرىجىلەرگە بۆلۈنىدۇ. مۇستەملىكە قىلغۇچى مىللەت ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىگە مەنسۇپ بولۇپ ئۇلارنىڭ مۇستەملىكە قىلالىشىنى ئۇلارنىڭ ئىلغارلىقى بەلگىلىگەن. مۇستەملىكە قىلىنغۇچى مىللەت قالاق دەرىجىگە مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن مۇستەملىكىلىك تەقدىرىگە رازى بولۇشى كېرەك. مۇستەملىكچىلەر بۇ خىل تەربىيەنى ئاخبارات، مائارىپ قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن مۇستەملىكە قىلىنغۇچىلارغا سىڭدۈرۈپ ئۇلارنىڭ كاللىسىدا بۇ خىل دەرىجە پەرقىنى تەبىئىلىك دەپ قوبۇل قىلىدىغان ئاڭنى شەكىللەندۈردۇ. ھازىرقى دۇنيا مۇستەملىكچىككە قارشى بولغانلىقى سەۋەبىدىن دۆلەتلەرنى بىرىنجى دۇنيا ئەللىرى، ئىككىنجى دۇنيا ئەللىرى ۋە ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى دەپ دەرىجىگە ئايرىشمۇ ئاللىقاچان ئەمەلدىن قالدى. ھازىر دۇنيادا ئىنسانىنى ۋە

ئىنسانلارنى ھەرقانداق سەۋەپتىن دەرىجىگە تۇرغۇزۇش ئىرقچىلىقتۇر، مۇستەنلىكچىكتۇر، مەدەنىيەتسىزلىكتۇر.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن ھوسۇللۇق ئالىم، مىھنەتچان تەتقىقاتچى لېكىن ئۇنىڭ ھەممە قاراشلىرىنى ئويلاشمايلا قوبۇل قىلىش، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ھەققىدىكى ھۆكۈملىرىگە ئويلانمايلا ئەگىشىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى يۇقۇرىدىكى بايانلىرىمىزدىن مەلۇمدۇر.

# مەسلەك قىزغىنلىقى ۋە تاشلاندۇق مەسلىلەر

كىرىش: مەسىلىنىڭ ئۆتتۈرىغا چىقىشى ۋە مەسلەك (ئىدولوگىيە) قىزغىنلىقى

مىللەتنىڭ «نۇقسان» لىرىنى سازايى قىلىش ئەۋج ئالغان زامانلاردا يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر بۇ قىزغىنلىقنى ئۆيگە ئوغرى كىرسە ئوغرىنى تۇتماي ھەممەيلەننىڭ «ئوغرى كەلدى!» دەپ تۇشمۇ - تۇشتىن ۋارقىراشلىرىغا ئوخشاتقان ئىكەن. مەنچە 90-يىللاردا ئەۋج ئېلىپ ھازىرغىچە داۋام قىلىۋاتقان ئىللەتچىلىك ئەدەبىياتىدا مەسىلىنىڭ بايقالغانلىقى قىممەتلىك. ھازىرقى ئىزدىنىشلەر مەسىلىلەر بايقالغاندىن كېيىن نېمە قىلىش كېرەك دېگەن تۇتقۇغا باغلىنىپ مېڭىۋاتىدۇ. مەن ئىللەتچىلىك ئەدەبىياتىدا مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىلەن ئەتراپلىق تەھلىل قىلىنمىغاچ، بۇگۇنكى قارىغۇلارچە مەسلەك(ئىدولوگىيە) قىزغىنلىقىغا يول ئاچتى دەپ قارايمەن. دېمەكچى بولغىنىم، مەسىلە كونكرېت تەھلىل قىلىنغان بولسا ھەل قىلىش چارىلىرىمۇ كونكرېت بولغان بولاتتى- دە، كىشىلىرىمىز ھەممە مەسىلىگە بىر مەسلەكنى تەدبىقلايمىز دەپ تارتىشمىغا چۈشمىگەن بولاتتى. مەنچە ھازىر بىلگىنلەر قىلالايدىغان ئىش مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ئەندىزىلەرنى تونۇشتۇرۇش بولۇشى كېرەك. ۋاھالەنكى ھازىر ماڭا مەسىلىنى تەھلىل قىلىش ئەمەس مەسىلىنى ھەل قىلدۇ دەپ قارالغان مەسلەكلەرنى، بۇ مەسلەكلەنى ياقىلىغۇچىلارنى

تەھلىل قىلىش ۋە مەسىلەكلەرنىڭ كەلگۈسى رولى مۇنازىرە قىلىنىۋاتقانىدەك تۇيۇلىدۇ. تۆۋەندىكى ھېكايەتلەر مەسىلەك مۇنازىرىسى ۋە ئەۋلىيالىق، مەسىلەك سۆيگۈسى ۋە ئەقلى تەپەككۇر، مەسىلەك قىزغىنلىقى ۋە روھى كەمتۈكلۈك قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرۈشتە مىسال بولالايدۇ.

.1ئۈمىد غەنىنىڭ ھېكايىسى

ئۈمىد بىر پاراڭ ئارىلىقىدا دېدىمۇ يا شۇنداق بىر ھېكايە ئېلان قىلدىمۇ ئېنىق ئېسىمدە يوق. يادىمدا قېلىشىچە ھېكايە شەپكە سېتىۋالماقچى بولغان بىرسىنىڭ شەپكىنى قايەردە ساتىدىغانلىقىنى ۋە قانداق شەپكە ئالسا بولۇدۇغانلىقى ھەققىدە دوستلىرىدىن مەسلەھەت سورىشى بىلەن باشلىنىدۇ. ئالدى بىلەن ئېغىز ئاچقان بىرى شەپكە زادى ئۇيغۇرنىڭمۇ ئەمەسمۇ؟ شەپكە دېگەن سۆز ئۇيغۇرچىمۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇيغۇرلار قاچاندىن باشلاپ شەپكە كىيىشكە باشلىغان دېگەن تېمىدا سۆز باشلاپ مۇنداق تەلىماتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شەپكە دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە ئەمەس، بەلكى فرانسوزچە، شۇڭا شەپكە ئۇيغۇرنىڭ ئەمەس. شەپكىنىڭ ئۇيغۇرغا كېلىشى ئىككى تەرەپتىن بىرى روسسىيەدىن قېچىپ كەلگەن رۇسلار ئارقىلىق غۇلجىدىن تارقالغان، يەنە بىرى تۈركىيەدىن قەشقەرگە كەلگەن زىيالىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن قەشقەرگە تارقالغان. مۇستاپا كامال ئىستانبول قاتارلىق مەركىزى شەھەردىكىلەرگە قالپاق كىيىشنى باشقا يەردىكىلەرگە شەپكە كىيىشنى بۇيرىغان شۇڭا ئۇيغۇرلار شەپكە كىيىشكە باشلىغان. يەنە بىر دوستى، بىز دېگەن مۇسۇلمان ناسارالارنى دوراپ شەپكە كەيسەك قانداق بولىدۇ. پەيغەمبىرىمىزمۇ شەپكە كەيمىگەن، شۇڭا شەپكە دېگەن مۇسۇلمان كىيىدىغان نەرسە ئەمەس دەپ پەتىۋا بېرىدۇ. يەنە بىر دوستى، قويۇڭلار مۇشۇ شەپكە دېگەن نەرسىنى، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا تۆت كونىنى يوقۇتىمىز دەپ ئۇيغۇرلارنىڭ چىرايلىق دوپپىلىرىنىڭ ئورنىغا ماشرەڭ ئەسكەر شەپكىسى ياكى خەنزۇلارنىڭ قارا كۆك ئىشچى شەپكىسى ئومۇملاشتۇرۇلغان. نېمىشقا شۇنچە جىق دوپپا، تۇماق، تەلپەكلىرىمىز تۇرسا يەنە شەپكە كەيگىدەكمىز! ھەي مۇشۇ ئۇيغۇرلارنىزە مەدەنىيەت ئىنقىلابى تۈگىگەنگە 30 يىلدىن ئاشتى، يەنە شۇ خەق كەيدۇرۇپ قويغان شەپكىنىڭ

خىيالىدا يۈرگەن...بۇ مۇنازىرە بەك قىززىپ كېتىپ «مەن» نىڭ شەپكە ھەققىدە سورۇغان سۇئالى ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. بېشى بەك توڭۇپ كەتكەن «مەن» ئامالسىز مۇنازىرىنىڭ ئاياقلىشىشىنى ساقلىمايلا كېتىپ قېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

2. نىل دەرياسى بويىدىكى ۋە بېيجىڭدىكى ھېكايە

بىر ئۇيغۇر ئالى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى مىسىرغا ئىلمىي زىيارەت ئۈچۈن بېرىپتۇ. شۇ چاغدا مىسىردىكى مەلۇم ئۇنىۋېرسىتېتتا 200 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئوقۇۋاتقان ئىكەن. مەزكۇر كىشى سىردىشىش جەريانىدا كۆپىنچە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئانا تىلدىن يېزىقچىلىق ساۋادى يوقلىقىنى بىلىپ ئېچىنىپتۇ. مەسىلەھەت ئارقىلىق بىر يېزىقچىلىق سىنىپى ئېچىش قارار قىلىنىپتۇ. دەرس باشلىنىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن باللار ئازلاپتۇ. بىر كۈنى پەقەت بىر قانچىلا ئوقۇغۇچى كەپتۇ. سەۋەبى سورالغاندا «مۇئەللىم سىزنى ناماز ئوقۇمايدىكەن، بۇنداق كىشىدىن دەرس ئېلىش جايىز ئەمەس دەپ باللار كەلمىدى» دېگەن جاۋاپ چىقىپتۇ.

بېيجىڭدىكى بىر ئالى مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئۇيغۇر ستۇدېنتلار ئىنگىلىزچە ئۆگەنمەكچى بولۇشۇپ بىر غەربلىك ئوقۇتقۇچىنى تېپىپتۇ. ئوقۇتقۇچى تولىمۇ ئوبدان ئۆگەتكەنمىش. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ خىرىستىيان دىن تارقىتىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر ئاڭلىنىپتۇ. شۇنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئىنگىلىزچە ئۆگىنىشنى توختۇتۇپتۇ.

3. كىم مۇسۇلمان؟

مەن توردا ئۇنى بۇنى يېزىشقا باشلىغاندىن كېيىن بەزىلەرنىڭ دىنسىز دېيىشلىرىگە دۇچ كەلدىم. مەن ئۇرۇمچىدىكى بىر مەسجىدتىمۇ كىشىلەرنىڭ بىر بىرىنى دىنسىز دېيىشكىنىنى ئاڭلىغان بولغاچ غەزۋىم كەلسىمۇ سەۋرى قىلدىم. بىر ئۇيغۇر كەنتىدىكى مەسجىدتە كىمنىڭ ئىمام بولۇشى ھەققىدە تارتىشما بولۇپتۇ. ئىمام بولالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بىرى

جامائەتكە رىقابەتچىسىنى «بىز بىلەن بىر يولدىن ئەمەس، سالىھ مۇسۇلمان ئەمەس، چۈنكى... مەزھەپتىن» دەپ گەپ تارقىتىپتۇ. دائىرىلەرگىمۇ بۇ ھەقتە دوكىلات سۇنۇپ مەسچىدنى تاقىتىپ قويۇپتۇ. «ئۇيغۇر ئىسلام مۇنبىرى» دېيىلگەن مۇنبەرگە تېما يوللىسام دەسلەپ ئۆچۈرۈشتى، كېيىن قارىسام تور ئىسمىمنى كىرەلمەس قىلىپ تاقاپ قويۇپتۇ. ئۇ مۇنبەردە «ئايالىمنى ئاپامغا ئوخشاپ قاپسەن دېسەم بولامدۇ؟»، «جىنىنىڭ ئايالى، بالىسى بارمۇ؟»، «خەنزۇ قىزنى ئالسام بولامدۇ؟» دېگەن تېمىلار ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش «مۇھىم» تېمىلارنى يوللىغان تورداشلار قارشى ئېلىنىپتۇ. مېنى تەئەججۈپلەندۈرگىنى، توردا پەرقلىق پىكىردىكىلەرنى چەكلىۋەتكەن باشلىق بىلەن ئىمامىلىق تالىشىپ مەسچىدنى تاقىتىۋەتكەن «باشلىق» نىڭ قىلىقىدىكى ئوخشاشلىق. بەزىلەر مېنى خىرىستىيانغا چاپان ياپقان ناسارا چوماقچىسىغا چىقارغان بولدى. قىزىق يېرى مەن ئىشلىگەن ھېلىقى ئالىي مەكتەپنىڭ دېكانلىق شۇجىسىمۇ مېنى فاكۇلتىتنىڭ يىغىنىدا «خىرىستىيان دىنى ئورگىنىنىڭ يارىدىمى بىلەن ئامېرىكىغا كەتتى» دەپ گەپ تارقىتىپتىكەن. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى ئىككى مىللەتكە مەنسۇپ ئىككى كىشىنىڭ ئوخشاش شەكىلدە باھالىشى.

1. يۇقارقى ھېكايىلەرنىمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

1. 1. مەسلەك قىزغىنلىقى ئەمەس ئەۋلىيالىق داۋاسى

بېشى توڭۇپ شەپكە ئېلىشنى ئويلاشقان كىشىنى مەسىلىنى بايقىغان كىشى دېسەك. دوستلىرىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى شەپكىنىڭ قەيەردە سېتىلىدىغانلىقى، قانداق شەپكە ئالسا بولۇدۇغانلىقى ھەققىدە تەكلىپ بولۇشى كېرەك. ئەكسىچە گەپ شەپكىدىن يەنى كونكرېت مەسىلىدىن ھالقىپ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بۈك تارىخى، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ نېمە كىيىپ كەيمەسلىكى، نەچچە ئون يىل بۇرۇنقى سىياسى ھەرىكەتلەرنىڭ ئۇيغۇرغا تەسىرى... قاتارلىقلارغا بۇرۇلۇپ كەتكەن. ئۇمىد غېنىنىڭ يازغىنى بىر ھېكايە لېكىن بۇنى تۇرمۇشتا دائىم ئۇچرۇتۇپ تۇرۇمىز. بىر مەسىلە ئوتتۇرغا قويۇلۇپ مەسىلە زادى نېمە، نېمە سەۋەپتىن كېلىپ چىققان،

دائىرىسى، تەسىرى نەدىن نەگىچە، قانداق ھەل قىلىمىز دېگەندەكلەر ئويلۇشۇلماي تۇرۇپ مەسىلەكلەر ئوتتۇرىغا تاشلىنىدۇ. بىرسى ئاتا - بوۋىمىز قانداق قىلغان دېگەندىن باشلىسا يەنە بىرى دىنىمىز قانداق ھۆكۈم قىلىدۇ دېگەنگە كىرىشىدۇ، بىرى قوشنىلار قانداق قىلغان بولغىيدى دەپ بولغىچە يەنە بىرى ھۆكۈمەت يول قويارمۇ دېگەن ساراسىمىگە چۈشىدۇ. نەتىجىدە مەسىلىنىڭ نېمىلىكى بىر چەتتە قېلىپ مەسىلەكچىلەر ئۆز مەسىلەكلىرىنىڭ دېپىنى داراڭلىتىپ چالىدۇ. بۇنداق شاۋقۇن سۈرەنلەر نەتىجىسىدە كۆرگىلى بولىدىغان مەسىلىنى كۆرۈنمەس مەسىلەكلەر ئىچىگە غەرق قىلىشىۋېتىدۇ. بۇ يەردە شۇ نەرسە دىققەتكە سازاۋەركى ھېچقايسى مەسىلەكچى مەسىلىكنىڭ توغرىلىقىنى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئارقىلىق ئىسپاتلاشنى، مەسىلىكى ئۇچۇن يەككە - يىگانە، ئۇن - تىنسىز ئىشلەشنى خالىمايدۇ. بۇ يەردە شۇنداق بىر خۇپسەنلىك يوشۇرۇنغان. بۇ مەسىلەك سەۋدالىرىنىڭ دېمەكچى بولغىنى بۇيرۇق مەندىن بولىدۇ، ھەركەت باشقىلاردىن بولسۇن دېگەندىن ئىبارەت. تېگى تەكتىدىن ئالغاندا ئۇلار يا ئۆزى توغرا دەپ قارىغان مەسىلەك ئۇچۇن يەك تۇرمەيدۇ، يا ئۆزى خاتا دەپ قارىغانغا قارشى مەيدانغا سەكرىمەيدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى توغرا يولنى مېڭىپ كۆرسىتىش ئەمەس داڭلاپ تەسىرلەش. ئۇلارنىڭ مەنىۋىي جەھەتتىن قوغلىشىۋاتقىنى ئەتراپىغا بىر تۈركۈم قۇلاق مولىلىرىنى يىغىپ پىر ئەۋلىيالىق قىلىش ئارقىلىق قىممەتسىز ھاياتىنى «خوش، خوش، ھەق راس»لار ئارقىلىق قىممەتكە ئىگە قىلىش. بۇ يەردە مەسلەكچى ئىنساننىڭ قىلىۋاتقىنى ئۆزىنى خەلق مايىل بىر ئىدولوگىيەگە باغلاپ يۈز تېپىش. ئوقۇغان بىلگەنلىرىنى نامايان قىلىپ ئەۋلىيا بولۇۋېلىش. بۇ يەردىكى داۋا مەسىلەك داۋاسى ئەمەس ئالىملىق، پېشىۋالىق، ئەۋلىيالىق داۋاسىدۇر.

2.1. مەسىلەك قىزغىنلىقى ۋە ئەقلى تەپەككۇردىكى خاملىق ئىككىنچى ھېكايىدە تىلغا ئېلىنغان ئىشلار بەكمۇ قىزىقارلىق. بىرسىدە

ئۇيغۇر تالىپلار بىر ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىدىن «ناماز ئوقۇمايدىكەن» دەپ بىلىم ئېلىشتىن ۋاز كەچكەن بولسا، يەنە بىرىدە ئۇيغۇر ستۇدېنتلار «دىن تارقىتىدىكەن» دەپ ئۇگۇنۇشنى تەرك ئەتكەن. مەن ناماز ئوقۇمايدىغان ئۇيغۇردىن دەرس ئېلىشنى خالىمىغان كىشىلەرنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەسىرگە چۇشكەن يەھۇدىلار ئىچىدىكى خەت تونۇيدىغانلىرىنى مۇسۇلمانلارغا خەت ئۇگۇتۇش ھىسابىغا ئازات قىلىۋەتكەنلىكىنى ئويلۇشۇپ بېقىشقا ئۈندەيمەن. بۇ يەردىكى مەسىلە مۇئەللىمنىڭ ناماز ئوقۇماسلىقى بولسا، تەدبىر يىراقلىشىش، تاشلىۋېتىش ئەمەس ھەل قىلىش بولۇشى كېرەك. ھەرقانداق ئۇيغۇر مىڭ نەچچە يۈز يىللىق ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە يېتىلگەن، ئۆسكەن بولۇدۇ. ئەگەر شۇ داڭلىق دىنى ئۇنۋېرسىتېتتا ئوقۇيدىغان تالىپلارنىڭ بىر ئۇيغۇرنى ئىبادەتكە دەۋەت قىلغۇدەك بىلىمى ۋە ئىرشچانلىقى بولمىسا بۇلارنىڭ ئالى مەكتەپتە نېمە ئوقۇشىدىن قەتئىي نەزەر تەرجىمان ياكى ساقچى بولۇپ جان بېقىۋاتقان ستۇدېنتلاردىن نېمە پەرقى. بۆشۈكتىن تۆشۈككىچە بىلىم ئېلىش پەرز قىلىنغان مۇسۇلماننىڭ ئوقۇتقۇچىسىنى «ناماز ئوقۇمايدىكەن» دەپ ئىلىم ئېلىشتىن ۋاز كېچىشى ئادەمنى ئۇمىتسىزلەندۇرمەي قالمايدۇ. مۇشۇ قائىدە بويىچە تەھلىل قىلغاندا «خىرىستىيان دىنى تارقىتىدىغان»لىقى گۇمان قىلىنغان ئوقۇتقۇچىدىن ئېنگلىزچە ئۇگۇنۇشنى رەت قىلىشمۇ مەسىلىدىن قېچىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەزكۇر ئوقۇتقۇچى راستىنلا دىن تارقاتقۇچى بولغان تەقدىردىمۇ تەدبىر قېچىش، يىراقلاش بولماسلىقى كېرەك. چۇنكى ھازىر دۇنيا بىر كەنت ھالىتىگە كەلدى. تۈرلۈك ئىددىيەلەر، مەسىلەكلەرگە دوقارىشىپ تۇرۇشتىن ھېچ كىم ساقلىنالمايدۇ. بۇرۇنقىدەك باشقا قاراشتىكى كىشىلەردىن يىراقلىشىش، ئۇچراشماسلىق ئارقىلىقلا ئېتىقادنى قوغداپ قالغىلى بولمايدۇ. سىز يۈزلۈنۈشتىن قورققان خىرىس ئەگەر بايقىمىسىڭىز كىنو، تىياتىر، زىننەت بويۇملىرى ۋە باشقا ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ھاياتىڭىزنى ئۇنسىز تىزگىنلەپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا ھېچ بولمىغاندا سىز قېچىۋاتقان نەرسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە باشلانغۇچ

بىلىمدىن بولسىمۇ خەۋەردار بولۇشىڭىز كېرەك. بۇ ئىككى ھىكايەتتىكى ئورتاق نۇقتا ئۆزى توغرا دەپ قارىغان مەسىلەكتە بولمىغانلاردىن قېچىش، ئۆز مەسىلىكىگە رىقابەتچى چىقىپ قېلىشتىن قورقۇش، قىسقىسى ھەرقانداق ساھەدىكى بىلىم ۋە چۈشەنچىلەرنى سىنايدىغان لوگىكىلىق تەپەككۇردىكى خاملىق بولۇشى مۇمكىن. مەنچە مەسلەككە بولغان سۆيگۈ ئەقلىي قايىللىق بىلەن كۈچلەنمىسە رىقابەتكە، مۇنازىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. مەسلەككە خىرىس قىلىدىغان مەۋجۇد زىددىيەتتىن قېچىش مەسىلەكنى خەققە چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئەقلى تەپەككۇردىن يىراقلاشقانلىقنىڭ ئىسپاتى. مەسلىلەرگە يۈزلىنىش، ئەتراپلىق ئىزدىنىش، قانداق ئىنكارغا قانداق رەددىيە بېرىش، قايسى باھانى قانداق تەنقىد قىلىش قاتارلىقلار لوگىكا تەلەپ قىلىدىغان جەريان. مەسىلەكنى چۈمبەل قىلىپ مەسىلىنى كۆرمىگەنگە سېلىش ياكى ئۆزىنى قاچۇرۇش مەسىلىنىڭ يوقلۇقىغا ياكى يوقالغانلىقىغا باراۋەر ئەمەس. شۇڭا مەسىلىگە يۈزلىنىش مەسىلەك ھەققىدىكى چۈشەنچىنى ئارتتۇرىدۇ، تەپەككۇرنى بىلەيدۇ، سۆيگۈنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئەگەر يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان تالىپ ۋە ستۇدېنتلاردا مەسلەك مۇنازىرىسىدە يېڭىپ چىققۇدەك بىلىم، شۇ بىلىملىرىنى باشقىلارغا چۈشەندۈرگۈدەك تەپەككۇر قابىلىيىتى بولغان بولسا ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۈگۈنۈش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمىگەن بولاتتى.

### 3.1. مەسىلەك قىزغىنلىقى ۋە پىسخىك كەمتۈكلۈك

بەزىلەرنىڭ مۇنازىرىدە يېڭەلمىسىلا باشقىلارنى دىنسىزغا چىقىرىشى ھەسەتخورلۇقتىن. ئۇلارچە مەسىلەكمۇ خۇددى يانچۇقىدىكى پۇلغا ئوخشايدۇ. ئۇلار مەسىلەك ھەققىدىكى مۇنازىرىدە ئۇتتۇرۇپ قويۇشتىن خۇددى يانچۇقىدىكى پۇلىدىن ئەنسىرىگەندەكلا ئەنسىرەيدۇ. ئۇلارغا مۇنازىرىدە كىم ئۈستۈنلۈك قازانسا شۇنىڭ پۇلى ئۆزىدىن جىقتەك ھىس قىلىپ ھەسەتخورلۇق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ خەقنى دىنسىز دېگىنى پۇلسىز دېگىنى، ئۇلارچە پۇلسىزلار پۇل توغرىسىدا پۇلدارلار بىلەن مۇنازىرە قىلسا بولمايدۇ.

مەسجىدنى تاقىتىۋەتكەن ۋە مېنى مۇنبەردىن قوغلىغان قىلىقتا كەلسەك بۇنىڭدا ئەكس ئەتكىنى مۇستەبىتلىك. بۇنداق كىشىلەر ئۆزى توغرا دەپ قارىغان يولنى مەسلەكتىكى يىگانە توغرا يول دەپ قارايدۇ. باشقىچە قاراش ۋە تونۇشلارنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ ۋە بۇ ھەقتە بىرەر ئېغىز گەپنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن ئىستىبداتلىق ئورنۇمغا ۋەھىمە كېلىدۇ دەپ قورقىدۇ. ئۇلارغا مەسلەك نېمە بولسا، باشقا ئەگەشكۈچىلەر نېمە بولسا بەرىبىر پەقەت ئۆزى تەۋە بولغان يولغا دەخلى يەتمىسىلا بولدى. ئۇنداقلار ئۆزى تۇتقان يولنى قوغداش ئۈچۈن ھەرقانداق ھوقۇقتا باش ئۇرۇشقا رازى. ناۋادا ئۇلارنىڭ قولىغا ھوقۇق تېگىپ قالسا قامچىسى قېرىنداشلارنىڭ بېشىدا ئوينايدۇ، خۇددى مېنى چەكلىۋەتكەندەك. ئاخىرقى مىسالدا ئەكس ئەتكىنى مەنچىللىك. بۇنداقلارنىڭ مەسلەكچىلىك قىلىشىدىكى مەقسەد، شەخسىي خاھىشىنى ئادەم توپلاش ئارقىلىق كۈچكە ئىگە قىلىش، قانۇنىيلاشتۇرۇش. مەن بۇنداقلاردىكى مىكىرنى شەخسىي خاھىشىنى ۋە ئىززىتىنى مىللەتلەشتۈرۈش، دىنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ھۆرمەتكە ئېرىشىش دەپ قارايمەن. مەسلەكچىلەرنىڭ يوللىرىنى ئەقلىي تەپەككۇرغا سېلىپ قايىل قىلارلىق بايان قىلىشنىڭ ئورنىغا ئادەم توپلاپ، ئۆزىگە پايدىلىق ئۈچۈرلانى يىغىپ، داڭلىقلارنى شىپى كەلتۈرۈپ ۋە ھەتتا ھوقۇقلۇقنى سۇيىئىستىمال قىلىپ كۈچ پەيدا قىلىشلىرىدىنلا ئۇلار قوغداۋاتقان نەرسىنىڭ مەسلەك ئەمەس، شەخسىي ئىززەت ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەنچە ئاقىللارغا شامال ئىسىملىك بىر تورداشنىڭ مېنى خىرىستىيانغا چىقارغىنى بىلەن دېڭ شۇجىنىڭ خىرىستىيانلارغا باغلىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنى يازمىسامىمۇ پەملىيەلەيدۇ.

### 2. مەسلەك قىزغىنلىقىنىڭ ئاقىۋىتى

#### 2 . 1. دىنىنى سۇيىئىستىمال قىلىش

ئۇيغۇر كەنتلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق ئىش بولۇپتۇ. كەنتتىكى بىرسىنىڭ قورۇقىغا دېھقانلارنىڭ قويى كىرىپ كېتىپتۇ. قورۇق خوجايىنى قويلارنى قوغلىغان بولۇپ قەستەن ئارا سانجىۋېتىپتۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان دېھقان بىر

ئىككى مۈش سالغان چىغىۋاڭ، دېھقانمۇ ئارا يەپ ئۆيىگە قېچىپ كەپتۇيۇ، يارىسى ئېغىر بولغاچقا دوختۇرغا بارغىچە قانسىراپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. مەھەللىدىكىلەر بۇ ئىشتىن غەزەپلىنىپ ھېساپلاشقىلى قورۇققا ماڭغاندا داموللام ئارىغا چۈشۈپ دېھقانلاردىن سوراپتۇ:

— سىلەر مۇسۇلمانمۇ؟

— ئەلھەمدۇلىللاھ مۇسۇلمانمىز.

— جاننى كىم بەرگەن، كىم ئالىدۇ؟

— ئاللاھ بەرگەن ئاللاھ ئالىدۇ.

— ئۇيغۇراخۇننىڭ جېنىنى ئاللاھ ئالدى، تەقدىرىگە شۈنداق پۈتۈلگەنكەن، سىلەر ئاللاھ ئالغان جان ئۈچۈن بەندىدىن ھېساپ ئالماقچىمۇ؟

— ۋەز، تەبلىغ شۇنداق تەسىرلىك داۋام قىلىپتۇكى بىچارە دېھقانلار خاتا قىلغانلىقلىرىغا تۆۋبەلەر ئوقۇپ ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ. مەن بۇنى بېيجىڭدا چىقىدىغان ئېنگلىزچە ژورنالدىن ئوقۇغان. كېيىن مۇنداق ئىشلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. «مىيىت قونسا بولمايدۇ» دەپ دېلو تۇزۇك تەكشۈرۈلمەي تۇرۇپلا جەسەت يەرلىككە قويۇۋېتىلىدۇ. بۇ جاۋاپكارلارنى كارامەت خوش قىلىدۇ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارمۇ ئاۋارچىلىقتىن قۇتۇلىدۇ. «ئۆلدى كەتتى، ئەلھۆكمىلۇللاھ» دېيىش توغرا، ھۆكۈم ئاللاھتىن. ئەمما ئىلاھى ھۆكۈم ئېتىراپ قىلىنمايدىغان، ئەيۇچانلىق ئاجىزلىق سانىلىدىغان ئاچچىق ئەمەلىيەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى ئۇنۇتقانلار ئاقىۋەتتە قاتىللىقنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىدۇ. قاتىللىق مۇشۇنداق ئەمەلىيەتنى تونۇمايدىغان مەسىلەكچىلىكنى سۇيىئىستىمال قىلىدۇ. بۇندىن باشقا «ياخشى ئۇيغۇر دىيانەتلىك ئۇيغۇردۇر» دېگەن ئەنئەنىگە بەكرەك مايىل بولۇۋۇدۇق توي خېتىنى ھارام دەيدىغان مولىلار، قىزلىرىمىزنى ئىككىنچى خوتۇنلۇققا ئېلىپ كېلىشەلمىسە «ئاللاھ بۇيرۇماپتىكەن» دەپ تاشلىۋېتىدىغان ھاجىملار، يالغۇز يۇرسە گۇناھ دەپ سىتۇدېنت قىزلىرىمىزغا مەھرەم بولۇدۇغان قارىملار پەيدا بولدى. بۇ

ئىشتا شەرىئەت مەجبۇرلاش كۈچىگە، قانۇنى سالاھىيەتكە ئىگە بولمىغان زېمىندا كاللامىزدا دېيىلگەن مەزمۇنلارغا لايىق ياشاپ بولالمايدىغانلىقىمىزنى سۈيئىستېمالچىلار بىلىپ تۇرۇپ خۇپسەنلىك قىلىشتى. ئىپادە ھۆرلۈكى بولمىغان ئىقلىمدا ياخشى نىيەتتە تەرغىپ قىلىنغان مەسىلەك قىزغىنلىقى دائىم سۈيئىستېمال قىلىنىشتىن خالى بولالمايدۇ. بىز ئەگەر تۆمۈر خەلپىنىڭ لى شىڭفۇنىڭ قولىدىكى قۇرئانغا قانداق ئالدانغانلىقىنى خاتىرلىسەك، ھېلىقى دامولامنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنىمۇ چۈشىنەلەيمىز. ھەمدە مەسىلەكنىڭ بىر قورال ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئۇنۇمى قوللانغۇچىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىمىز. مەسىلەكنى ئاشكارە چۈشەندۈرۈش پۈرسىتى كىملەرنىڭ قولىغا مەركەزلەشسە شۇنىڭ ئارزۇسىغا لايىق ئۇنۇم بېرىدىغانلىقى سىر بولماسلىقى كېرەك.

2. 2. پىرىنسىپسىز ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ساختىپەزلىك

ئۇيغۇر تارىخىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى چاقىقان روزا موللا، مەمتىلى تەۋپىق ۋە قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنى كۆيدۈرگەن قادىر ھاجى، ئابدۇقادىر دامولىنى قەتلى قىلغان ئەمەت مەزىن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئىچىدە بىردىن بىر جازاسىنى يېگىنى قادىر ھاجى. بۇ كىشى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوقۇغان مەزگىلدە ۋە كېيىن جەنۇپ ئۇيغۇرلىرىنى قەشقەرلىك مىللىتى قىلىمەن دەپ شىڭشىسەي ۋە رۇس ئىمپىرىيالىستلىرىغا جىق خىزمەت قىلغان. غۇلجىدا ھەسەن تارانوپ «تارانچى مىللىتى» مەپكۇرىسىنى تەرغىپ قىلسا قەشقەردە قادىر ھاجى «قەشقەرلىك مىللىتى» سەپسەتىسىنى بازارغا سالغان. بۇ ئىككى كىشى پەقەت بىز بىلەن ئوخشاش تىلدا سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈنلا جازالانماي خاتىرجەم ياشىغان. قادىر ھاجى شىڭشىسەينىڭ قولىدا ئۆلمىگەن بولسا بەلكىم روزى موللا، ئەمەت مەزىنلەرگە ئوخشاش ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن بولاتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، كۈنىمىزدە قاتىل قادىر ھاجى ۋە سۇلۇك داۋاخورى ئاپپاق خوجا قاتارلىق خائىنلارنى ئۇيغۇرپەرۋەرلىك ئۈچۈن ئاقلايدىغان تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ. بۇنداق ئۇيغۇرنىڭ زېمىنغا ئىشلەيدىغانلار تارىختا جازاسىنى تارتمىغاچقا 2009-يىلى شىۋتسىيەدىن،

2011-يىلى گېرمانىيىدىن يەنە چىقتى. مەن بىر قىسىم كىشىلەرگە ھەيران قالىمەن. ئۇلار بىر قىسىملارنى ئۇنداقچىمىدۇ، بۇنداقپەرەسمىدۇ دېيىشىدۇ. خېلى پىرىنسىپلىق ئادەملەر ئىكەن دەپ قارىسىڭىز مۆرىتى كەلسە يەنە شۇلار بىلەن ئاپپاق چاپاق بولۇپ يۈرۈۋېرىدۇ. سورىسىڭىز «ئۇيغۇرچۇلۇق، قانداق قىلىمىز» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. مۇشۇنداق ھاققانىيەتنى پىرىنسىپ قىلمىغان ئاق كۆڭۈل ئۇيغۇرچۇلۇق سەۋەبىدىن تارىختا خائىنلار جازالانمىغان ئىكەن. بۈگۈنمۇ يالاقچىلار يېتىم قالغان يوق. شۇڭا بۇنداقلار تارىختىن بېرى كۆپەيسە كۆپەيدىكى ئازىيىپ باقمىدى. تارىخنى قويۇپ كۆز ئالدىمىزغا نەزەر سالساق، كىشىلەر مىللىي كىملىكى سەۋەپتىن پىشكەللىككە، تەھدىتكە، ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ ئۇيغۇرلۇققا يېپىشىۋېدى، ئۇيغۇرلار مەركەزلەشكەن شەھەر بازارلارنى ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان ئەخلەت مەھسۇلاتلار قاپلاپ كەتتى، قېرىنداشلىرى ئىشلىگەن ماددىي ۋە مەنىۋى مەھسۇلاتنىڭ ساختىسىنى ياساپ «بىزنىڭ پۇستانى» دەپ داۋراڭ بېرىپ پۇل تاپىدىغان شىركەتلەر پەيدا بولدى. رېمۇنتچىنى كەشپىياتچى، پەرەزچىنى ئالىم، سېھىرگەرنى ئەۋلىيا دەپ ئۇيغۇرلا بولسا ساختىپەزلەرچە مەدھىيەلەيدىغانلار مەيدانغا چىقتى.

خۇلاسە

مەسلەك قىزغىنلىقى مىللەت ھەققىدىكى مەسىلىلەر يىگىرمە يىلدىن بېرى رەھىمسىز ئوپېراتسىيە ۋە كەسكىن تەنقىد شەكلى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، «ئەمدى قانداق قىلىمىز؟» دېگەن سۇئالغا جاۋابەن ئوتتۇرىغا چىقتى. مەسلەك قىزغىنلىقىنىڭ كەينىدە بىرقىسىملارنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدىن بىلىنىۋاتقان ئەۋلىيالىق داۋاسى ، تەپەككۇردىكى خاملىق ۋە پىسخىك كەمتۈكلۈكلەر ياتىدۇ. مەسلەك قىزغىنلىقى تارىختا قانداق پاجىيەلىك قىسمەتلەرگە سەۋەپ بولغان بولسا بۈگۈنمۇ يەنە يېڭى يېڭى پاجىيەلەرنى باشقىچە شەكىلدە كۆزلەرگە كۆرسەتمەكتە. مەسىلەكلەر ئىچىدىكى مۇسۇلمانلىق ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ھەر بىر قاتلىمىغا

سىڭگەن، شۇڭا بۇنى تۈر قىلىپ ئايرىپ چىقىشىنىمۇ قوللاپ كەتمەيمەن. ھالبۇكى، مېنىڭ مەسىلەك دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشۇم بىر قىسىملارنىڭ بۇنى ئۇيغۇرلۇقتىن ئايرىپ يېڭىچە مەنىلەندۈرۈۋاتقانلىقىغا ۋە سۈيىئىستىمال قىلىۋاتقانلىقىغا قارىتىلغان. بۇنداق قاراشتىكى بەزى ئاق كۆڭۈل دوستلار ئۆزىنى پەيغەمبىرىمىز زامانىدىكى ساھابىلەردەك، باشقىلارنى شۇ چاغلاردىكى مۇشرىكلاردەك تەسەۋۋۇر قىلىپ ھەممىنى قايتىدىن ئىمانغا كىرگۈزمەكچىدەك ئەلپازدا مىللەت مەدەنىيىتىنى تەكشۈرمەكتە.

بۇنداقلارنىڭ تالىشىشلىرىدا گېپى دىنىدىن باشلانسا داۋامى مەزھەپكە تەرەققىي قىلىپ ئوخشىمىغان مەزھەپتىكى شەيخلەرنىڭ قاراشلىرى باز بازغا سېلىنىماقتا. بۇنىڭغا قارشى يەنە بىر ئېقىم مۇسۇلمانلىقنى ئەرەبكە، كونىلىققا، قالاقلىققا تارتىپ ساپ مەسىلەك تىپىدىكى ئۇيغۇرپەرۋەرلىكنى تەرغىپ قىلماقتا. بۇلارنىڭ مۇنازىرىلىرىمۇ ئىدولوگىيەلىك رىياللىق ۋە تارىخنىڭ تۇمانلىرىدا ئېزىقىپ نەتىجىسىز ئاياقلاشماقتا. ئىككىلا تەرەپ ئۆز مەسىلىكىنى سۈنئىي بىر بىرىگە قارشى قويۇپ تۈگىمەس تالاش-تارتىشلارنى ھەممە يەدە سۆرەپ يۈرۈشمەكتە. بۇلاردىن شۇنى ئەپسۇسلۇقتا بايقايمىزكى، ئۇلار تىرەنلەۋاتقان كىرزىسنى ئەمەس كىرزىسكە تۇتقان بىر بىرىنىڭ پوزىتسىيەسى ۋە باھاسىنى تەھلىل قىلىش بىلەن ۋاقىت ئىسراپ قىلىشماقتا. مېنىڭ قوللايدىغىنىم مەسىلەكلەرنى زىددىيەتكە سالماي تۇرۇپ مەسىلىگە يۈزلىنىش. مەسىلىگە مەنچە ئەقىل ۋە پەن بىلەن يۈزلىنىپ كونكرىت مەسىلىنى كونكرىت تەھلىل قىلىش، قولدىن كەلسە ئەندىزىلەرنى تونۇشتۇرۇش تۈگۈمەس گەپ ئۆرۈشى قىلىشتىن ئەھمىيەتلىك. تەھلىل قىلىش يوللىرىدىكى مىللەتلىك ھوقۇققا خاس تەرەپلەرنى مىللىي تېرىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى بويىچە ئويلاشسا، ئىنسانلىق ھوقۇققا مەنسۇپ تەرەپلەرنى مۇناسىۋەتلىك قانۇن ماددىلار بويىچە ئويلاشسا مۇۋاپىق. مەسىلەك مۇنازىرىسى ئۆچۈن سەرپ قىلغان ۋاقتىنىڭ ۋە ئەقلىنىڭ ئوندەن بىرىنى مۇشۇ تەييار قانۇنلاردا قانداق چېك تۇرۇش ۋە ئىجراسىنى قانداق تەلەپ قىلىشقا قاراتسا ئەمەلىيەتكە ماس كېلەمدىكىن دەيمەن. بولمىسا

قىلىنىۋاتقان سەمىمىي تىرىشچانلىقلار مەسجىدكە كىرىپ خەققە ناماز ئوقۇشنى ئۆگەتكەندەك، تورغا كىرىپ ساۋات چىقىرىش كۇرسى ئاچقاندەك ئىش بولۇۋدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسىلىلەرنى ئاشقۇن مىللەتچىلىك ۋە قارىغۇلارچە دىنچىلىق بىلەن ئويلاشقاندا رىيال نەتىجە كۆپۈنچە مەنفىي بولارمىكىن دەيمەن. چۈنكى بۇ ئىككى مەسلەك بىلەن ئوتتۇرىغا چىققانلارنىڭ دۈچ كېلىدىغىنى فاشىستلىقتۇر. ھەرقانداق مەسلەك بىر قورالدۇر، يولدۇر. مەسلەكنىڭ غېمىنى ئەمەس شۇ مەسلەككە ئەگىشىۋاتقانلارنىڭ مەسلەكنى تاللاش ئەركى ۋە ئىمكانىيىتىنى ئاۋال ئويلاشقاندا ئاسانراق بىر يەرگە كەلگىلى بولۇۋدۇ. ئۇيغۇردا «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەيدۇغان گەپ بار، بۇنى مەسلەك-مەسىلە تېمىسىغا تەدبىقلىساق مەسلەكۋازلار «ئاش»قا كۆچىسە مەسىلىچىلەر «قازان» غېمىدە يۈرۈۋاتىدۇ.

# يات تىلدا شېئىر يازغىلى بولامدۇ؟

مەن ئەدىبلىرىمىزنىڭ دۇنياۋى چوڭ تىللاردا شېئىر ئېلان قىلىپ ئۇيغۇرنىڭ ئاۋازىنى دۇنياغا ئاڭلىتىش قىزغىنلىقىغا ھۆرمەت قىلىمەن. ئوقۇرمەن دوستلىرىمىزنىڭ ئەدىپلەردىن شۇنداق بىر قابىلىيەتنى كۈتۈشىگىمۇ ئاۋاز قوشىمەن. ئەلۋەتتە بىزدىن ئاشۇنداق دۇنياۋى تىللاردا ئەسەر ئېلان قىلالايدىغانلارنىڭ چىقىشى ھەممىمىزنىڭ ئارمانى. ۋاھالەنكى، يات تىلدا شېئىر يېزىش قانداق ئەھۋالدا مۇمكىن، قانداق ئەھۋالدا مۇمكىنلىكتىن يىراق؟ بۇ ھەقتە ئويلانماي، بۇنى ئىلمىي نوقتىسىدىن چۈشەنمەي تۇرۇپ قۇرۇق ئارمانلا قىلغاننىڭ ئەھمىيىتى يوق، ئەلۋەتتە. مەن تىلشۇناسلىق نوقتىسىدىن مۇنداق ئىمكانىيەتنىڭ مەۋجۇد ياكى ئەمەسلىكىنى مۇنداق چۈشەندۈرۈپ باقاي: يات تىلنى بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ئېگىلىگەنلەرنىڭ ئۆزى ئۆگەنگەن يات تىلدا شېئىر يازالىشى مۇتلەق مۇمكىن. چۈنكى تەتقىقاتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە تىل ئىنساننىڭ سول مېڭىسىدىكى بروكا رايۇنى ۋە ۋېرنىكا رايۇنىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. بروكا رايۇنى گرامماتىكىنى(قوشۇمچە، باغلىغۇچى، ئۇلانما، يۈكلىمە)، ۋېرنىكا رايونى سۆزنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. يات تىلنى كىچىكىدىن ئۆگەنگەنلەرنىڭ مېڭىسىدىكى يۇقارقى ئىككى رايۇنغا شۇ تىل ياكى تىللار يېقىن ئورۇنلاشقان بولىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك، كىچىكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر شۇ تىللارنى تەڭلا قوللىنىپ تەپەككۇر قىلالايدۇ ۋە سۆزلىيەلەيدۇ، قوللىنىلىشتا بىر تىل يەنە بىرسىگە ۋاستە بولمايدۇ ۋە ياكى بىرسى بىرسىگە تايىنىپ قالمايدۇ دېگەن سۆز. شۇڭا بۇنداق كىشىلەرنىڭ يات تىلدا شېئىر يېزىش ئىمكانىيىتى بار. بۇنداق كىشىلەر يات تىلنىڭ رىتىمىنى ئېگىلىگەن بولىدۇ. بۇ رىتىمنى بىز گرامماتىكىدا ئىنتوناتسىيە ياكى جۈملە ئۇرغۇسى دەيمىز. يات تىلنى مۇنداق كىچىكىدىن ئۆگەنگەنلەر مېڭىسىگە ئورۇنلاشقان تىلللاردىكى يۇقارقى ئەۋزەللىك سەۋەبىدىن يات تىلنىڭ ئىنتوناتسىيە ياكى رىتىمىنى تەبئىي

قوللىنالايدۇ. شېئىر رىتىم سەنئىتى بولغاچقا كىچىكىدىن يات تىل ئۆگەنگەنلەر شۇ تىل ياكى تىللاردىكى رىتىمنى ئانا تىلى بىلەن ئوخشاش راۋانلىقتا ئىشلىتىپ شېئىر يازالىشى مۇمكىن. يات تىلنى ياشلىق دەۋرىدىن باشلاپ ئۆگىنىشكە باشلىغانلارنىڭ يات تىلدا شېئىر يېزىش ئېھتىماللىقى تۆۋەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ سول مېڭىسىنىڭ يۇقىرى ئىككى رايونىدا تىللار يىراق-يىراق جايلاشقان، تەپەككۇر ۋە تەلەپپۇزدا بۇ ئىككى تىل بىر-بىرىگە بېقىنىدۇ. ئانا تىل يات تىلنى بېقىندۇرۇپ ئۆز قېلىپىغا سېلىۋالىدۇ. بۇنداق كىشىلەر يات تىلنىڭ سۆزلۈك، گىرامماتىكا قىسمىنى ھەر قانچە ئوبدان ئۆگەنسىمۇ رىتىمنى ئېگىلىيەلمەيدۇ. شۇڭا يات تىلدا شېئىر يازالىشى تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشلىق مەزگىلدە چەت تىل ئۆگەنگۈچىنىڭ كاللىسىدىكى ۋېرنىكا رايونى يات تىلنىڭ گىرامماتىكىغا مەنسۇپ ئۇچۇرلىرىنىمۇ سۆزلۈك قاتارىدا ساقلىۋالىدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلىۋېتىدۇ. ئۆگەنگۈچى ئۇزاق مەشىق قىلىش ئارقىلىقلا يات تىلدىكى بۇ گىرامماتىكىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى سۆزلۈك رايونىدىن گىرامماتىكا رايونىغا يۆتكىيەلەيدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ يات تىل ئۆگەنگەندە قوشۇمچە ۋە باغلىغۇچىلارنى مۇۋاپىق ئىشلىتەلمەسلىكىمىزنىڭ ۋە «سۇدەك» سۆزلىيەلمەسلىكىمىزنىڭ سىرى. چۈنكى كاللىمىز ئۇنى خاتا يەرگە ساقلىۋالغان ۋە گىرامماتىكىنى سۆزلۈك سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىۋەتكەن. تىلدىكى رىتىمنى قۇراشتۇرۇدىغان گىرامماتىكىنى راۋان قوللىنالمايۋاتقان ئۆگەنگۈچى شېئىرنى ئەلۋەتتە توقيالمايدۇ ياكى قاملاشتۇرۇپ تۇقۇيالمايدۇ. مەن يۇقۇرىدا دېگەنلىرىمگە تاگورنى مىسال قىلىمەن. نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى، ئۇيغۇرغا ئەڭ تونۇش قوشنا ئەل شائىرى بېنگال تىللىق شائىر تاگور شېئىرنى ئاۋال بېنگالچە يېزىپ ئاندىن ئىنگلىزچىگە نەسىر شەكلىدە تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغۇزغانىكەن. بىز سۆيۈپ ئوقۇيدىغان تاگورنىڭ مەشھۇر نەسىرلىرى دەل شۇ بېنگالچە شېئىرنىڭ ئېنگلىزچە نەسرلەشتۈرىلىشىدۇر. شۇڭا تىرىشسىلا يات تىلدا نەسىرى ئەسەر يازغىلى

بولۇدۇ، ھەم مۇنداق يازغانلارنىڭ مىسالى كۆرمىدۇق، ئەمما شېئىر يازغانلارنىڭ مىسالى ئاز. بولۇپمۇ يات تىلنى ياشلىقىدا ئۆگىنىپ شۇ تىلدا شېئىر يېزىپ ئۇتۇق قازانغانلار ئاز بولسا كېرەك. يۇقارقى خۇلاسىگە قاراپ بەزىلەر، ئۇيغۇرلاردا تارىختا ۋە ھازىر يات تىلدا شېئىر يازغانلار چىققۇ دېيىشى مۇمكىن. بەرھەق، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يات تىلدا شېئىر يازغان ئەدىب چىق، فارابى، نەۋايى، لۇتفى، يۇسۇف سەككاكى... لېكىن شۇ يات تىل ئەھلىنى قايىل قىلغۇدەك، شۇ يات تىل ئەھلىنىڭ ئاغزىدا قالغىدەك يازغانلىرى ئاز. بىز پەقەت شۇلارنىڭ يات تىلدا شېئىر يازغىنىنىلا بىلىمىز. فارابىنىڭ ئەرەبچە شېئىرلىرى ئەگەر راستىنلا ئېسىل بولۇپ ئەرەبلەرنى قايىل قىلالىغان بولسا ئەرەب ئەدەبىياتىغا دائىر تەتقىقاتلاردا، ئەرەب ئەدەبىيات تارىخىدا نامى قالغان بولاتتى، لېكىن فارابىنىڭ نامى مەزكۇر زات قالدۇرغان تۆرلۈك پەنگە دائىر ئەسەرلەردە. بولمىسا ئەرەب ئەدەبىيات تارىخى، فارس ئەدەبىيات تارىخى دېگەنگە ئوخشاش كىتاپلاردا ياكى شۇ ئەدەبىياتلارغا دائىر تەتقىقات ئەسەرلىرىدە بىزنىڭ يات تىلدا شېئىر يازغان ئەدىپلىرىمىزنىڭ بىرىنىڭ ئىسمىنىمۇ تاپالمايمىز. بىزنىڭ يات تىلدا شېئىر يازغان ئەدىپلىرىمىز دەۋرداشلىرى تەرىپىدىنمۇ مۇئەيەنلەشتۈرۈلمىگەن، مەسىلەن، نەۋايىنىڭ فارسچە شېئىرلىرىنى بۈيۈك ئەجداد بابۇر «تولىمۇ سۇس يېزىپتۇ» دەپ باھا بەرگەنىكەن. ئەمەلىيەتتە شېئىر تەرجىمىسىنىڭ تەس بولۇشىدىكى سىرمۇ مەن يازمىدا يازغاندەك. تەرجىمىدە شېئىرنىڭ مەزمۇنىنى چىقارغىلى بولغان بىلەن رېتىمنى چىقارغىلى بولمايدۇ. مەزمۇننى مەزمۇن بىلەن چىقارغىلى بولىدۇ، ئەمما يات تىلدا ئۆز تىلىدىكىدەك ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. بۇ خۇددى بىر تىلدىكى ناخشىغا يەنە بىر تىلدا تېكىست سالسا چۈشمىگەندەكلا ئىش. بۇ يازمىدىكى بايانلار پۈتۈنلەي يات تىلغا قارىتىلغان، ئۇيغۇر قازاقچە، ئۆزبېك تاتارچە شېئىر يازسا گەپ يوق ئۇتۇق قازىنىدۇ، چۈنكى قېرىنداش تىللاردا رېتىم ئورتاقلىقى بار. بۇ تىللاردىن شېئىرلارنى تەرجىمە قىلماقمۇ تەس ئەمەس. بەزىلەر تىرىشسا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق، ئەخمەتجان ئوسمان ئەرەب ئەدەبىياتىنى تاڭ قالدۇردى... دېيدى. مەن ئۇلاردىن بۇگۈنكى ئەرەب شېئىرىيىتى دېگەندەك تەتقىقات كىتاپلىرىغا قاراپ

باقسىكەن دەيمەن. ئەگەر شۇنداق نوپۇزلۇق ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان كىتابلاردا شۇنداق دېيىلگەن بولسا بىز بۇنى تەتقىق قىلىپ باقساق بولىدۇ. شۇنداق ئىمكانىيەت بولسا تېخى ياخشى. بەزىلەر ھەممە ئىشنى تىرىشسا قىلغىلى بولىدۇ دەيدۇ. ھەممە ئىشنى تىرىشسىلا قىلغىلى بولىدۇ دېگەنگە بۇرۇن مەنمۇ ئىشىنەتتىم، ئەمما يۇقارقىدەك رېئاللىقنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئەگەر ياشلىق دەۋرىمىزدە تىل ئۆگەنگەن بولساق، بىز ھەرقانچە قىلساقمۇ كالىمىزدىكى بىر ئورۇنغا پاراللىل ۋە يېقىن ئورۇنلاشمىغان ئىككى تىلنى ئوخشاش راۋانلىقتا قوزغىتالمايدىكەنمىز. تىلدىكى باشقا ئامىلنى ئۆگىنىۋالغىلى بولغان بىلەن رېتىمنى تولۇق سىڭدۈرىۋالماق مۇمكىن ئەمەستەك تۇرىدۇ. توغرا ئۇيغۇر شائىرلىرى مىڭ يىلغا يېقىن ئەرەبچە شېئىر يېزىش ئەنئەنىسىگە ئىگە. (فارابىدىن تەجەللى، ئابدۇقادىر داموللامغىچە) بۇ يەردە بىر نەرسىنى ئۇچۇقلاش زۆرۈر بولىدۇ. ئەرەب تىلىنىڭ رېتىمى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن قۇرئان ۋاستىسىدە تولىمۇ تونۇش، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى رېتىمنى ئۆزلەشتۈرۈشىگە قولايلىق ياراتقان ئامىل. مەسىلەن، قىرائەت ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر قارى ئەگەر ئەرەب تىلىنى بىلمىسە ئۇنىڭ ئوڭ مىڭىسىلا ئىشلەۋاتقان بولىدۇ. چۈنكى ئوڭ مىڭە مۇزىكا، رەسىم، شەكىل ئاۋاز قاتارلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، ئەمما بۇنداق يادلاش تىلدىكى رېتىمنى ئېگىلەشكە پايدىلىق. شۇڭا ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئەرەبچىنى قۇرئاننى يادلىتىپ بولۇپ ئاندىن ئۆگەتكىنىمۇ خاتا ئەمەس، بەلكى ئىسپاتلانمىغان ئىلمىيلىك. بۇنداق بولغاندا تىلنى تېخىمۇ مۇكەممەل ئۆگەنگىلى بولىدۇ. بۇ مىسالدا مىسالغا ئالغىنىمىزدىن مەلۇم بولغاندەك بىزگە ئەرەبچىنىڭ رېتىمى تونۇش، بىر قەدەر ئۆزلىشەرلىك شۇڭا بىزدە ئارۇز شېئىرىيىتى بار. ۋاھالەنكى ئۇيغۇرلار ئەرەبچىدىكى رېتىمنى تولۇق قوبۇل قىلىپ كېتەلمىگەن. پەقەت ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېقىنلىشىدىغان رېتىمنى قوبۇل قىلالىغان. شۇڭا ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەممە تۈرى

بىزدە يوق، پەقەت بىر قىسىم تۈرىلا مەۋجۇد. ئۇيغۇرلارنىڭ فارسچە شېئىر يازغانلىقىمۇ ئارۇز سەۋەبلىك ئىككى تىلدا بارلىققا كەلگەن رىتىم ئورتاقلىقى، مەدەنىيەتتىكى يېقىنلىق سەۋەبلىك كىچىكىدىن ئىككى تىلغا تەڭ پىشقان كىشىلەرنىڭ كۆپ بولۇشى، فارس شېئىرىيىتىنىڭ ياراتقان پەللىسى قاتارلىق ئامىللار موھىم رول ئوينىغان. ئەمما بىز يۇقۇرىدا توختالغاندەك ئۇلارنىڭ ھېچ بىرى شۇ مىللەت شېئىرىيىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ تارىخقا پۈتۈلگەنلىكىنى كۆرمىدۇق. ھازىر ئارىمىزدا بولۇۋاتقان مەلۇم شائىرلارنىڭ يات تىلدا شېئىر يېزىپ غالىپ بولغىنى ھەققىدىكى پاراڭلارنى توغرا چۈشۈنۈمەن، مەنمۇ شۇنداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن لېكىن، شېئىرىيەتتە بىر پارچىلا يات تىلدىكى شېئىر بىلەن يات تىلدا شېئىر يازالايدىغانلىقى بىلىنەر، مەشھۇر بولغانىنى بىلمەيدىكەنمەن. بۇ توغرىدا ئارتۇقچە توختالماي. ياشلىق دەۋرىدە يات تىل ئۆگەنگەن ئادەمگە يات تىلدىكى شېئىرنى يازماق تەسلا ئەمەس، ئوقۇپ ھوزۇر ئالماقمۇ تەس. سەۋەبى، يۇمتالدا ئەمەس قاتتالدا. ئۆزىمىز ئۆزلەشتۈرەلمىگەن رىتىمنى ئوقۇپ ھېس قىلماقمۇ ئاسان ئەمەس. شۇڭا يات تىلدا ئۇتتۇقلۇق شېئىر يازماقمۇ، يات تىلدىكى شېئىردىن ھوزۇر ئالماقمۇ ۋە شۇنى رىتىمى بىلەن تەرجىمە قىلماقمۇ تەس، بۇنى بىزنىڭ مىڭىمىزدىكى تىلغا مەسئۇل بۆلەكنىڭ خىزمىتى بەلگىلىگەن.

# يالغۇزچىلىقنىڭ غەرىبچە يۈزى ۋە ئۇيغۇرچە سۆزى

1. بۇسۇغىدىكى خىياللار: نېمە ئۈچۈن يالغۇزچىلىق مۇنازىرىسىگە بەنت بولۇپ قالدۇق؟

يوقسۇل داستىخان ۋە تۆشۈك قالغان گەپ

جوڭگودىكى ئېچىۋېتىش يالغۇز 30 يىلغا يېقىن تاقالغان سودا، ئۇچۇر، مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا ئىشىكلىرىنىڭلا ئېچىلىشى بىلەن ئەمەس، ئەڭ موھىمى بوغۇلغان ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن خاراكتېرلەندى. چوڭ مۇھىتتىكى بۇنداق ئېچىلىش 30 يىلدىن بېرى ئۆز ھاۋاسىنى بىجىرگۈنلا ئېچىلغان دەرىزىلەردىن يېغىلاپ كەلگەن ئۇيغۇر جەمىيىتىنى ھەممە تەرەپتىن ئېچىلىش مەجبۇرىيىتىگە موپتىلا قىلدى. نەتىجىدە ئېچىلىش ھېچقانداق ئەندىزىسىز، تەييارلىقسىز، تەشەببۇسكارلىقسىز باشلاندى. خەنزۇ جەمىيىتى ۋە ئىدىلوگىيىسى ئېچىلىشتا بىزدەك تەييارلىقسىز قالغان ئەمەس.

نۇر گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ھەققىدىكى مۇنازىرە، شاڭگاڭ ياراتقان تەرەققىيات ئەندىزىسى خەنزۇ زىيالىلىرىنىڭ تەييارلىقىغا بۇرۇنلا ئۇل سېلىپ بولغان. شۇ سەۋەپتىن خەنزۇ مۇتەپەككۇرلىرى زامانىۋىلىققا قانداق قاراش، ئەنئەنە بىلەن يېڭىلاشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، تۈۋرۈك ئەقىدىدە قانداق چىڭ تۇرۇش، قانداق قەدىرىيەتلەرنى نۇرلاندۇرۇش ۋە نېمىلەردىن ۋاز كېچىش مەسىلىلىرىدە تەپەككۇر مېۋىلىرىنى داستىخانغا تارتىپ بولالىغان. شۇڭا ئۇلار زىياللىقنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا، تەرەققىياتنىڭ ئىمكان، ئىمتىھان ۋە خىرىسلىرىغا

قانداق مۇئامىلە قىلىشتا بەك تەمتىرەپ قالغان ئەمەس. شۇڭا ھازىرقى قۇدرەت، بىر توپ سىياسىي سەرخىلنىڭلا نەتىجىسى ئەمەس. بىزدىچۇ؟ بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزچۇ؟ تەرەققىياتتا شاڭگاڭدەك ئەندىزىسى يوق، تەپەككۇرغا يارىشا تۈزۈك خامىنى يوق ئۇيغۇر جەمىيىتىنى ۋە ئىدولوگىيەسىنى كۆپسانلىقلارغا سىڭىشتۇرۇش تەنتەكلىك ۋە ئىلمىيسىزلىك. ئەمما بۇ يەردە جوڭگودا باشلانغان بۈيۈك ئۆزگىرىشكە بىزنىڭ تەييارلىقسىز يۈزلىنىپ قالغىنىمىزنى رۇشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن مۇشۇنداق سېلىشتۇرما قىلماي بولمىدى. ئەلۋەتتە ئۇيغۇر تەپەككۇر سەرخىللىرىنىڭ ئېچىلىشقا، بازارغا، ۋە بازارغا كىرىپ قالغان ھەممە قەدەرىيەتلىرىمىزگە قانداق مۇئامىلەدە بولۇش ھەققىدىكى قاراشلىرىنى يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ. ئەمما ئۇنداق قاراشلار مەلۇم نەزەرىيەگە تايىنىپ يېزىلغان بىر كىتاپ ھالىتىدە دۇنياغا كەلمىگەنىكەن، بىز تەپەككۇر داستىخىنىمىزنى غورىگۈل قالدى دېمەي ئامالىمىز يوق. زىيالىيلىرىمىزدا چوڭ موھىتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى، ئۆزگەرتكۈچىلەرنى ، پۇرسەت ۋە رىقابەتلەرنى ئەقلىي تەھلىل قىلغان تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى يېتەرلىك بولمىغاچقا، بولغان تەغدىردىمۇ ياپتا گەپ، ئەدەبىي تىل بىلەن يېزىلغاچقا بىز ئۆزىمىزنى، رىياللىقىمىزنى ۋە رىقابەتچىمىزنى ئەقىل بىلەن چۈشۈنۈشتىن ئىشىنىڭ بېشىدىلا مەھرۇم قالدۇق. تەپەككۇر قېلىپلىرىغا لايىقلاشقان شەكىلدە ئۆزىمىزنى چۈشەندۈرۈش ئىمكانىيىتىمىز ھازىرغىچە تەسەررۇپىمىزدا ئەمەس. شۇ سەۋەپتىن تەپەككۇر كىرزىسىگە پاتتۇق. مۇنازىرە سورۇنلىرىمىزنى قاپلىغان ئىنسانىنىڭ مىللىي تۈركۈم كىملىكى بىلەن خۇسۇسى دىنىي كىملىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە، مىللىي يەرلىك مەدەنىيەت بىلەن دۇنياۋىي ئىستىمالچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى مۇنازىرە، كۆنۈككەن تىل، قېلىپلاشقان مەزمۇن، ئادەتلەنگەن شەكىلگە تايانغان ئەدەبىيات بىلەن يېڭىچە ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە، ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ئەمەلىي قىممىتى بىلەن سەنئەتلىك قىممىتى ھەققىدىكى مۇنازىرە ... قاتارلىقلاردا چوڭقۇرلۇق ئاز بولدى. سەۋەبى بىز غورىگۈل تەپەككۇر داستىخىنىغا داخىل بولۇپ چوڭ

بولغان بولغاچ، بىلىدىغىنىمىزمۇ، ھەزىم قىلالايدىغىنىمىزمۇ شۇنچىلىك ئىدى. دېمەك ئىسلاھات، ئىشىكلىرىمىزنى چەكتى، مېھمان بولۇپ بىلمىگەن ياتمۇ كەلدى، تۇققان ئۆزمۇ كەلدى. يا ئۆي ئېگىسى «باي، زەردار بولسامۇ مەن شۇ، يوقسۇل يالاڭتۆش بولسامۇ مەن شۇ» دەپ قورقماي ئىشىك ئاچالمىدى. داستىخاندىن تۈزۈك نىسىۋە ئالالمىغان ئۆيدىكى ناتىۋانلارنىڭ كۆچى پەقەت بىر بىرسىگە بىز دېگەن ئۇنداق ئۇلۇغ ھۆكۈمدارتۇق، تارىختا بۇنداق بۈيۈك بايتۇق، ئۇنداق ئۇلۇغ ئالىمتۇق دېيىشكە ئاران يەتتى. لېكىن ئۇلۇغلۇق قانداق بولۇدۇ، قانداق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ھۆكۈمدارلىقنىڭ ئۇلى نېمە، قانداق بولۇدۇ، پەن نېمە، پەنچىللىك دېگەندەك كەسكىن مۇنازىرىلەر بولۇنمىدى، ئۇنداقكەن بۇ ھەقتىكى ئۆلچەملەر مىڭىگە يېقىن يولىمىدى. مۇشۇنداق ئەقلى قايىللىق ئۈستىگە قۇرۇلمىغان ھاياجانلىق سۆيگۈ ۋە ئېپتىخار، قانداق تېز بازار تېپىپ ھۆكۈرەتكەن بولسا شۇنچە تېز خېرىدارسىز قېلىپ ئاھسىنىشقا ئورۇن بوشاتتى. ھېلى ھەم داستىخاننىڭ قۇرۇقلىقىنى، غورىگۈللۈكىنى بۇ مېھماندوست خەلق ھېچكىمگە بىلدۈرمەي ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. ئىشىكنى سىپايە چەككەن تۇغقانلار ئۆز كويىغا راۋان بولدى. ئىشىكلەر، جالاقلاپ ئېچىلدى، سەن كىم؟ ئۆيگە يالىڭاچمۇ كىردى، ئاچمۇ كىردى، بۇزۇقمۇ كىردى، تۈزۈكمۇ كىردى. گەپ بولۇنمىدى ئەمەس، ئەمما ئىشىك چېكىلگەندە تېشىلگەن گەپلەر گەپ پېتى قالدى، غەيۋەت پېتى قالدى، تۆشۈك پېتى قالدى. بۈگۈن بىز شۇ تۆشۈك گەپتىن ماراپ باقايلى غەرپنىڭ يالىڭاچلىقىنىڭ يۈزى قانداقكىن، ئۇيغۇرنىڭ گۈزەللىك ياراتقان سۆزى قانداقكىن.

### 2. يالىڭاچلىقنىڭ غەرپچە جەلپكار يۈزى ۋە ئۇيغۇرچە ئۇياتچان سۆزى

يالىڭاچ بەدەنگە، تەن گۈزەللىكىگە مەھلىيالىق دېڭىزنى، دېڭىزچىلىقنى تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرغان غەرپ مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر

مەدەنىيىتىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان بىر تەرىپى. ئامېرىكىدا دېڭىزدىن شۇنچە يىراق ياشايدىغان كانزاسلىقلارمۇ ئۆيلىرىدە قولۋاق ساقلايدىكەن، ئىشىك ئالدىلىرىغا، گۈللۈكلىرىگە يالىڭاچ پەرىلەرنىڭ بولۇپمۇ يۇيۇنۇۋاتقان يالىڭاچ ساھىپجامالنىڭ ھەيكەللىرىنى ئورنۇتۇۋالىدىكەن. بۇنداق ھەيكەللەر ھەر خىل قىياپەتتە ھەر خىل چوڭلۇقتا بولۇپ نەگە قويسا ماسلاشقىدەك ھالەتتە ياسالغان ئىكەن، ياۋروپادىكى ئاممىۋىي سورۇنلارغا تىكلەنگەن يالىڭاچ لېۋەنلەرنىڭ ھەيكەللىرىنى دېمىسەكمۇ جاھانغا ئايان. غەرپ مەدەنىيىتىدە گۈزەللىك تولىمۇ كونكرېت بولىدۇ. غەرپتە گۈزەللىك قارىسا كۆرگىلى، تۇتسا ھېس قىلغىلى بولىدىغان شەكلى بار نەرسە. شۇڭا غەرپلىكلەر رەسساملىقنى، ھەيكەلتىراشلىقنى راۋاجلاندۇرغان. غەرپلىكلەردە يالىڭاچ ئاپتاپقا قاقلىنىش، يالىڭاچ چېنىقىش، يالىڭاچ دالا سەيلىسى قىلىش قاتارلىقلار نورمال تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنى. غەرپلىكلەر گۈزەللىكنىڭ تۇتقىلى، تەسۋىرلىگىلى، سىزغىلى، ياراتقىلى بولىدىغان پائالىيەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەچكە ئاشۇنداق پائالىيەتلەرنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولغان گۈزەللىك ئىلمى — ئېستېتىكىنى مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويغان. غەرپلىكلەر ھەتتا گۈزەللىكنىڭ سانلىق ئۆلچەملىرىنى بېكىتىپ چىققان، مەسىلەن، مەشھۇر ئالتۇندەك بۆلۈش نوقتىسى قارىشى دەل گۈزەللىكنىڭ ماددىي ئۆلچىمى ھەققىدىكى قاراش. شۇڭا غەرپتە رەسساملارنىڭ ئادەم ئاناتومىيىسى ھەققىدىكى بىلىمى شۇ پەننىڭ كەسپ ئەھلىدىن قېلىشمايدىكەن. چۈنكى غەرپلىكلەرچە گۈزەللىك شەكىلدە، شەكىلنى ياراتقان سىزىقتا، شۇنداقلا شەكىللەرنى تەشكىللىگەن قورۇلمىدا. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئادەمنىڭ گۈزەللىكى، ئۇنىڭ تېنىدىكى ھەر بىر ئۆگىسىدە ۋە بەدىنىدىكى بارلىق ئەزالارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشتىكى ماسلىقىدا، نەپسلىكىدە. غەرپلىكلەر بىزدەك تىل سەنئىتىدە ئىپادىلىنىپ، ئادەمنىڭ يۈرىكىگە ئاقىدىغان مەنەۋىي گۈزەللىكنىڭ قۇدرىتىگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيدۇ.

غەرپلىكلەرنىڭ سۇغا زىيادە ئامراقلىقىمۇ ئۇلارنىڭ يالىڭاچلىققا نەقەدەر خۇشتارلىقىنى چۈشەندۈرىدىغان ئامىل. بۇلار ئادەتتە سۇغا چۈشۈپ يالىڭاچ

ئاپتاپقا قاقلىنالمىغان ياز ئايلىرىنى تولىمۇ ئېغىر كۈنلىرى قاتارىدا تىلغا ئالىدۇ .

غەرپ دۆلەتلىرىدە ئومۇملاشقان بەدەن گۈزەللىكى كۆلۈبى، مودېل مۇسابىقىسى، گىمناستىكا مۇسابىقىلىرى ئەمەلىيەتتە بەدەن گۈزەللىكىنى نامايەن قىلىش سورۇنىدىن بۆلەك نەرسە ئەمەس. شۇڭا غەرپتە چېنىقىش ھەممە ئادەمنىڭ كۈندىلىك پائالىيىتىگە ئايلانغان. مەقسەت بەدەننىڭ گۈزەللىكىنى ساقلاش، نامايان قىلىش. .ئامېرىكىدا يازدا ئوغۇللار مايكا كىيىپ چېنىققان ساغلام بىلەكلىرىنى تومپايتىپ كېرىلىپ يۈرسە، قىزلار ئۆزلۈكسىز چېنىقىپ ساقلاپ كېلىۋاتقان جەلپكار ئۇسقىنىنى كۆز-كۆز قىلىپ، مۇۋاپىق يەرلىرىنىڭ ھەممىنى ئېچىپ مەغرۇر يۈرىشىدۇ.

ئۇيغۇردىكى گۈزەللىك چۈشەنچىسى بىرخىل تۇيغۇ، مەنە، تەسەۋۋۇر گۈزەللىكىدۇر. تەسەۋۋۇردىكى گۈزەللىكنى بەرپا قىلىدىغان سەۋەپ تىل، بۇ سەۋەپنىڭ نەتىجىسى پەقەت يۈرەكتە ئەكسىنى، كۆلەڭگىسىنى تاپىدۇ. بۇنداق كۆلەڭگە ھەركىمنىڭ قەلبىدە ھەرخىل بولىدۇ. شۇڭامىكىن، گۈزەللىك ھەققىدىكى كۆرگىلى بولىدىغان پىرىنسىپ بىزدە ئەمەس غەرپتە پەيدا بولغان. ئۇيغۇرنىڭ چۈشەنچىسىدە گۈزەللىك شەيئىنىڭ پۈتۈنلىكىدە، مۇكەممەللىكىدە، غايىپلىقىدا (كۆرۈنمەسلىكىدە)، شۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك گۈزەللىكنى تەشكىل قىلىدىغان كونكرىت ئامىللار ھەققىدىكى ئىزدىنىش بىزدە ئانچە ئومۇملاشمىغان، كۆپلۈك ئاناتومىيە بىلىمى تەلەپ قىلىدىغان يالىڭاچ رەسىم سەنئىتى ئىزچىللىقتا ئىگە بولمىغان. بەزىلەر بەلكىم كۈسەن كىمىرلىرىنى مىسال قىلىپ قارىشىمنى ئىنكار قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر يازغانلىرىمغا دىققەت قىلغان بولسىڭىز مېنىڭ ئۆي رەسىم سەنئىتىدىكى يالىڭاچلىق بىلەن غەرپ رەسساملىرىنىڭ قەلىمىدىكى، ھەيكەللىرىدىكى يالىڭاچلىق، مۇددىئا، ۋاستە ۋە مەقسەد قاتارلىق تەرەپلەردىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. مېنىڭ ئۆيدىكى يالىڭاچلىق ئايالLARنىڭ

تېنى ئىنساننى گۇناھقا باشلايدىغان ئېزىتقۇ، دېگەن بۇددىزىم چۈشەنچىسىگە خىزمەت قىلىدۇ. بۇددىست رەسساملارنىڭ مەقسىدى، مالائىكە مۇئەككەللىرىنىڭ ئاشۇنداق ۋەھشى ئېزىتقۇلارغىمۇ پەرۋا قىلمايۋاتقانلىرىنى سىزىش ئارقىلىق مەبۇدلىرىنىڭ بارچە گۇناھقا تاقابىل تۇرالايدىغان، ئالدانمايدىغان ئىلاھىي پەزىلەتلىرىنى ئايان قىلىش. يەنە بەزىلەر قىيا رەسىملىرىنى مىسالغا ئېلىشى مۇمكىن. مەن بۇنداق بىر مىسال دەي، سىز ئاۋال كېسەك تامغا ھىچ بىر بوياق ئىشلەتمەي بىر كېيىم كەيگەن ئادەمنى سىزىپ بېقىڭ، ئاندىن 7-8 مىڭ يىل بۇرۇنقى قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئادەملەرنىڭ كىيىم كەيگەن كەيمىگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىڭ. تاشقا شەكىل چىقىرىش شۇنچە تەس تۇرسا كېيىم كېچەكنى قانداق سىزىپ چىقارغىلى بولىدۇ، بولۇپمۇ ئاشۇ تاشقا ئىز سالالايدىغان مىتاللار تېخى تولۇق بايقالمىغان ئۇ تەيپىنەم زاماندا. شۇڭا ئۇيغۇرلار تەسۋىرى سەنئەتتە ئىنساننىڭ شەكىل گۈزەللىكىگە مەنسۇپ يالىڭاچ بەدەن سىزمىچىلىقىغا بەك خۇشتار بولغان ئەمەس. بۇنىڭ ئەكسىچە بىزدە بىناكارلىق، نەققاشلىق، كەشتىچىلىك، گۈلباسمىچىلىق، نەپىس ھۈنەرۋەنچىلىك، زىننەتچىلىك تەرەققىي قىلغان. بۇ يەردە ئوخشىمىغان مەدەنىيەتكە مەنسۇپ ئىنساننىڭ قەلبىدىكى گۈزەللىكنى كۆزۈتۈش، مەنىۋى ھاياجانغا ئايلاندۇرۇش، شۇنداقلا شۇ ئىچكى گۈزەللىكنى تاشقىلاشتۇرۇشتىكى ۋاستە ۋە مۇددىئانىڭ پەرقلىق بولۇشى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. مۇشۇ يەردە بىر مىسال ئالاي، ئۇيغۇرلار قىزلارنىڭ قامىتىنى ئىلىپتەك تۈز، مەجنۇن تالدەك نازۇك، دەپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇ تەسۋىرلەردىن غەرپلىكلەر سىزىپ، يېزىپ ھارمايدىغان ئىككى دومباق بىر جومباق دېگەندەك ئامىللارنى تاپقىلى بولمايدۇ. غەرپلىكلەر ئىلىپتەك قىزلارنى ئەمەس قىز ئاياللارنىڭ بەدىنىدىكى ئەگرى بۈگرى يەرلەرنى مەدھىيەلەيدۇ.

ھەرگىز بويۇن قىسماي شۇنى دەيمىزكى، ئۇيغۇرنىڭ گۈزەللىكنى شەكىلدە ئەمەس، مەنادا، تەركىپتە ئەمەس تاكامۇللۇقتا، زاھىردا (كۆرۈنگەن) ئەمەس باتىندا (كۆرۈنمىگەن)، ئاشكاردا ئەمەس پىنھاندا، ئوبىكتىپ شەيئىدە

ئەمەس مەزكۇر شەيئىنىڭ ئىنسان قەلبىدىكى ئوبرازىدا دەپ تونۇشى بۇ مىللەتنىڭ خاسلىقى، مىللىيلىكىدۇر. يازغۇچىلار ئۇزۇنراق ھېكايەتنى قىسسە دېمەي رومان دەۋاتقان بۇ زاماندا بىر ئۇيغۇر رەسسامنىڭ يالىڭاچلىقنى سىزىشى خۇددى يازغۇچىنىڭ بوۋىسىنىڭ قىسسىسى تەسىرىدە ئەمەس غەرپ رومانىرىنىڭ زەرەتلىشىدە جىنسىي تەسۋىرگە كۆچەپ رومان يازغىنىغىدەكلا بىر ئىش. ئەمەلىيەتتە سەنئەتنىنىڭ مىللىي بولۇدۇغانلىقىنى، مىللىي مەدەنىيەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تەن ئالساق بىر مىللەت ئەقلىگە ئۇيغۇن دەپ قارىغان نەرسىنىڭ ئىنكارچىلىق بولمايدىغانلىقى رۇشەندۇر.

# ئۇيغۇردا پەرزەنت تەربىيىسى تەقەززاسى

— بىز نېمە ئۈچۈن پەرزەنت تەربىيىسىگە تەقەززا بولۇپ قالدۇق؟

**تەقەززالىق ئالامەتلىرى**

ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن ئادىتىم بويىچە كىتاپخانىلارنى ئارىلىدىم. مەزمۇن نوقتىسىدىن ئويلاشقاندا كىتاپخانىلاردا مۇۋەپپەقىيەتكە، ساغلاملىققا ۋە پەرزەنت تەربىيىسىگە دائىر كىتاپلارنىڭ تۈرى باشقا تۈردىكى كىتاپلاردىن جىق ئىدى. يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق يازغان «ئۇيغۇرلاردا پەرزەنت تەربىيىسى»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە تەربىيىسى» دېگەن كىتاپلار پۈتۈنلەي سېتىلىپ تۈگىگەنىدى. بۇلارنى كۆرۈپ 2006- يىلى تۈركىيەدىن قايتىپ، ئابدۇقادىر جالالىددىن مۇئەللىمنىڭ بۇ ھەقتىكى تەۋسىيىسى ئېسىمگە كەلدى. شۇ چاغدا مۇئەللىم مېنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدە كىتاپ يېزىشىمنى تەۋسىيە قىلغانىدى. ئامېرىكىغا بارغاندىن كېيىن يازغان خاتىرىلىرىمدىن ئەڭ كۆپ ئوقۇلغىنى ئامېرىكىدىكى پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدىكى بۆلەك بولدى. «ئامېرىكىدىكى مۇساپىر تۇيغۇلار» ئىچىدە ئاتا-ئانىلاردىن ئەڭ كۆپ خەت تاپشۇرۇپ ئالغىنىم ئامېرىكىدىكى پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرىم بولدى. دېمەك، بىز پەرزەنت تەربىيىسىگە شۇ قەدەر مۇھتاج، شەيدا، تەقەززا بولدۇق. سەۋەب نېمە؟

**تەقەززالىق سەۋەبلىرى**

بىرىنچى، ئائىلە قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىش. 80- يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋي ئائىلە قۇرۇلمىسىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بىرى، ئىككى ياكى ئۈچ پەرزەنتلىك ئائىلىلەر كۆپەيدى، يەنە بىرى، نەچچە ئەۋلاد بىرگە ياشايدىغان جەمەتلىك ئائىلىلەر ئاساسەن ئازايدى. مائارىپنىڭ بازارغا يۈزلەندۈرۈلۈشى ئاتا-ئانىلارغا پەرزەنتلەر ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلدۇردى. ئائىلىلەردىكى پەرزەنت سانىنىڭ ئازىيىشىغا ئەگىشىپ، ئاتا-ئانىلاردا پەرزەنتلەرنىڭ كەلگۈسىگە مەبلەغ سېلىشنىڭ

ئىمكانىيىتى يارىتىلدى. «بارلىق تاپقان تەرگەن پەرزەنت ئۈچۈن» دەيدىغان ئاتا-ئانىلار ماددىي تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ كۆپەيدى.

ئىككىنچى، ياشاش شارائىتىدىكى ئۆزگىرىش. جوڭگونى قاپلىغان بازارلىشىش دولقۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش شارائىتىدا تۈپلۈك ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. مەسىلەن، قەۋەتسىز ئۆيلەرنى چېقىپ تاشلاپ بىنالاشتۇرۇش ئەنئەنىۋى مەھەللىلەرنى ۋە مەھەللىنى بىرلىك قىلغان جامائەتچىلىكنى يوقاتتى. نەتىجىدە مەھەللىنىڭ پەرزەنتلەرنى تەبىئى تۈزەيدىغان مەكتەپلىك رولى ئاجىزلاشتى. جامائەتچىلىكنىڭ يوقۇلۇشى ۋە سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەشرەپلەر يوقالدى. بۇنىڭ بىلەن پەرزەنتلەرنى سەنئەت، ئەقىل ۋە ئەخلاقتا نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى تەربىيىلەپ كېلىۋاتقان بۆشۈك بەربات بولدى.

ئۈچۈنچى، ئىجتىمائى موھىتنىڭ بۇلغۇنۇشى. نازارەتچىلىك ئورگانلىرىنىڭ بىپەرۋالىقى ۋە ھۆكۈمەتكە بېقىنمايدىغان مۇستەقىل نازارەتچىلىك سىستېمىسىنىڭ يوقلۇقى سەۋەبلىك مائارىپ چىرىكلىكىنىڭ ئۇچىقىغا ئايلىنىپ قالدى. سۈپەت تەكشۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ چىرىكلىكى سەۋەبلىك باللار چىقسىلا سېتىۋالغىلى بولۇدۇغان ئەخلەت يېمەكلىكلەر بازارلارنى قاپلاپ كەتتى. ج خ ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى سەۋەبلىك باللارنى خاتالىققا باشلايدىغان مېھمانخانا نامىدىكى پاھىشىخانا، تورخانا نامىدىكى قىمارخانىلار ئاۋۇپ كەتتى. يالغانچى، شەكىلۋازلىققا، مىللەتچىلىككە، باستۇرمىچىلىققا، زوراۋانلىققا تولغان موھىت باللارنىڭ نورمال ئىنسانى تۇيغۇلىرىنىڭ يېتىلىشىگە سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى.

تۆتىنچى، تۇرۇلمە ئۆزگىرىشى، ئۈچ ۋە دەۋرى ۋە ئاتا ئانىلارنىڭ ماسلىشالماسلىقى. ئىچكىرىدىكى ئالاھىدە رايۇنلاردا سىناق قىلىنغان بازار ئىگىلىكى ئەندىزىسى ئۇيغۇر دىيارىغا قارىغۇلارچە تەدبىقلىنىپ كىشىلەرنىڭ تۇرۇلمىگە ماسلىشالماسلىقى كېلىپ چىقتى. ئۈچۈر دەۋرىنىڭ يېتىپ

كېلىشى دىيارىمىزدىكى مائارىپنىڭ بىر ئەۋلاد چالا تەربىيىلەنگەن كىشىلەرنى يېتىشتۈرگەنلىكىنى ئاشكارلىدى. نەتىجىدە ئۇچۇر دەۋرىگە ماسلىشالماسلىقنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىنسانىي ئاساسى كۆزگە تاشلىنىپ قالدى.

بەشىنچى، مائارىپتىكى تىلنىڭ ئۆزگۈرۈشى ۋە ئاتا-ئانىلاردىكى چارەسىزلىك. نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر ئانا تىلىدىكى مائارىپنىڭ ئورنىنى «قوش تىللىق مائارىپ» ئىگىلىگەنلىكى سەۋەبلىك ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدا تەپەككۇر ھاڭى شەكىللەندى. ئاتا-ئانىلارنىڭ ئاغزىدا دائىم تەكرارلىنىدىغان «بالام جاھىل بولۇپ قالدى»، «بالام بىزنى كۆزگە ئىلماس بولۇۋالدى»دەپ ئاغرىنىش، «بالام مەندىن جىق پەرقلىق» دەپ ئويلاش مائارىپتىكى تىلنىڭ ئۆزگۈرۈشى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى تەپەككۇر ھاڭىنىڭ ئىپادىسى. بىر ئۇيغۇر ئانىنىڭ دەپ بېرىشىچە، بالىسىغا خەنسۇچە كىتاپ ئوقۇپ بەرسە بالىسى ئاپىسىنىڭ تەلەپپۇزىنى ياراتماي، ''ئاپا سەن ئوقۇغانمۇ؟'' دەپ سوراپتۇ.

**ئاتا-ئانىلارنىڭ تۇتۇمى**

يۇقۇردا بىز تىلغا ئالغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان مەسىلىلەرگە ئاتا-ئانىلارنىڭ تۈرلۈك تۇتۇمدا بولۇۋاتقىنى ئېنىق. ئاتا-ئانىلارنىڭ تۇتۇمىنى مۇنداق ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرى قاقشاشقا، غۇدۇراشقا مايىل بولۇش، ئەمما تەدبىرگە بىپەۋالىق؛ يەنە بىرى كەسكىن، رەھىمسىز بولۇش، ۋاستە تاللىماستىن ئۇنۇم قوغلىشىش. 2011-يىلى ئىيۇننىڭ بېشىدىن باشلاپ ئاتا-ئانىلار بىلەن بالىلارنىڭ پىسخىك نۇقسانلىرى ھەققىدە ئەھۋاللاشتىم. ھەتتا بەزىلەر بىلەن يېرىم كۈنلەپ پاراڭلاشقان ۋاقتىممۇ بولدى. قىزىق يېرى پەرزەنتلىرى ھەققىدە سائەتلەپ دەرت تۆككەن ئاتا-ئانىلاردىن پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدىكى لېكسىيەگە كەلگەنلەر تولىمۇ ئاز بولدى. پەرىزىمچە ئۇلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەۋج ئالغان ئورتاق غۇدۇراش، باتناش، قېيداش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلاردەك قىلاتتى. بۇنداق كېسەلنىڭ بىمارلىرى توختىماي قاقشايتتى-يۇ تەدبىر ھەققىدە باش

قاتۇرمايتتى. ئەڭ چاتاق يېرى باش قاتۇرۇلۇپ خۇلاسىلەنگەن تەدبىرلەرگىمۇ بىپەرۋالىق قىلاتتى. يەنە بىر تۇتۇمدىكىلەر پىسخىك نۇقسانلارنى تۈزەشنىڭ جىسمانى نۇقسانىنى داۋالاشقا قارىغاندا كۆپ ۋاقىت ئالىدىغان، ئاتا-ئانىلارنىڭ، مەھەللە-كوينىڭ ماسلىشىشىنى تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ جەريان ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇلارچە بولسا كېسىدىغان يېرى بولسا كېسىپ، چانايدىغاننى چاناپ نېمىلا بولسۇن بىر كۆرگىلى بولۇدۇغان نەتىجىگە ئېرىشىش موھىم ئىدى. بۇنداق ئالدىراقسانلىق، پايدىنىلا كۆزلەش، ئۈنۈمگىلا ئەھمىيەت بېرىپ ۋاستىنىڭ قەبىھلىكىگە كۆز يۇمۇش ئۇيغۇرچە سىياسىي رىياللىقنىڭ كىشىلەرنىڭ كۈندۈلۈك پائالىيىتىدىكى ئىنكاسى بولۇشى مۇمكىن.

**ئاتا-ئانىلارنىڭ تەدبىرى**

ئاتا-ئانىلارنىڭ يۇقىرىقى تۇتۇملىرىغا كۆرە تەدبىرلىرى تۆۋەندىكىچە بولماقتا:

بىرىنچى، ئائىلە تەربىيىسىنى تەكىتلەش. بۇنىڭدا يېتەكچى ئىدىيە «ئائىلە تەربىيىسى ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت. «مىراس» ژورنىلىنىڭ «مىللىتىم تۈزەلسۇن دېسەڭ ئىشنى ئائىلىدىن باشلا» دېگەن سەھىپىسىدىنلا يۇقىرىقى يېتەكچى ئىدىيەنىڭ رەسمى ساداغا ئايلانغانلىقىنى بىلمەك تەس ئەمەس. ئائىلە تەربىيىسى ھەممىنى ھەل قىلالامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا ئائىلە تەربىيىسى بىر-بىرىدىن ياخشى پەرزەنتلەر بىلەن تولغان شىنجاڭ ئۈنۋېرسىتېتى ئائىلىلىكلەر قوراسى نېمە ئۈچۈن 90-يىللاردا خىروييننىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قالدى؟ ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر مەشھۇرلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى نېمە ئۈچۈن خىروييننىڭ، ئەيدىزنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلاندى؟

ئىككىنچى، ئەسكىرى تۈزۈمگە باش ئۇرۇش. پەرزەنت تەربىيىسىدە مەغلۇپ بولغان ياكى ئامال قىلالمىغان ئاتا- ئانىلارنىڭ يەنە بىر تاللىشى

پەرزەنتلىرىنى ئەسكىرىي تۈزۈمدە تەربىيىلەشكە مايىللىق بىلدۈرۈش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇرۇمچىدە مۇشۇ ئېھتىياجغا ئاساسەن مائارىپپەرۋەر زات غوپۇر نۇر بىر مەكتەپمۇ ئېچىپ باققان. مەكتەپكە ئەسكىرىي مەكتەپتىن ئارامغا چىققان بىر ئوپىتسىر تەكلىپ قىلىنىپ ئوقۇغۇچىلار ئەسكىرىي تۈزۈمدە باشقۇرۇلغانىكەن. مەن 1998-يىللىرى غوپۇركام بىلەن ئەھۋاللاشقاندا مەكتەپنىڭ خاراپلاشقانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم. ئۇزاققا قالماي ئۇ مەكتەپنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم باستى. بۇ يەردە ئىككى خاتالىق بار. بىرى قورامىغا يەتمىگەن پەرزەنتلەرنى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىۋېتىش، يەنە بىرى بالىلارنىڭ قەلبىگە قۇللۇقنى تامغىلاش. مەيلى ئىلمىيلىك جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى ئەخلاق نوقتىسى بويىچە بولسۇن 18 ياشقا تولمىغان بالىلارنى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىۋېتىش خاتا. بالىلارنىڭ 18 ياشقىچە بولغان مەزگىلى ئاتا-ئانىنىڭ مېھرىگە قېنىپ، ئۆز مەدەنىيىتىدىن ئوزۇقلىنىپ روھى ۋە جىسمانى جەھەتتىن پىشىپ يېتىلىدىغان مەزگىلى. بۇ مەزگىلنى يات موھىتتا، ئاتا-ئانىسىدىن مۇستەسنا ئۆتكۈزگەن بالىلاردىكى روھى كەمتۈكلۈك ئۇلارغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدۇ. ئەسكىرىي تۈزۈم بالىلارغا مۇتلەق بويسۇنۇش-بويسۇندۇرۇش تەربىيىسى بېرىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى باراۋەرلىك تۇيغۇسىنى ئۆلتۈرىدۇ. نەتىجىدە بالىلارنىڭ سەبىي قەلبىگە قۇللۇق تامغىسى بېسىلىپ، باراۋەر ئىنسانلىق سالاھىيىتىدىن ئۆزلۈكىدىن ۋاز كېچىدىغان بولۇپ قالىدۇ ياكى باشقىلارنىڭ باراۋەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان خۇي يېتىلدۈرىۋالىدۇ.

**مېنىڭ تەشەببۇسۇم**

مەنچە پەرزەنت تەربىيىسىدە تۆۋەندىكىچە ئامىللارنى سىناپ بېقىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، ئاتا ئانىلار بىرلىكتە ئۆگىنىش. بۇ خىل ئامالدا پەرزەنتلەردە باراۋەرلىك تۇيغۇسى يېتىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇلار تاپشۇرۇق ئىشلەش، كىتاپ ئوقۇش، دەرس تەكرارلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ بالىلارنىڭلا ئەمەس، ئاتا-ئانىلارنىڭمۇ مەشغۇلاتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۆزىنى چوڭلار بىلەن ئورتاق بىر نىشان ئۈچۈن ئىلگىرلەۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ ۋە باراۋەرلىك

تۇيغۇسىغا چۇمۇلىدۇ. يەنە بىرى بۇ ئامال پەرزەنتلەرنىڭ ئۇگۇنۇشتىكى تەشەببۇسكارلىقىنى قوزغاشقا پايدىلىق. ئۇچىنچىدىن پەرزەنت بىلەن ئاتا-ئانىنىڭ پىكىر ئالماشتۇرىشىغا، ئۆز ئارا چۇشۇنۇشكە پايدىلىق.

ئىككىنچى، مەھەللىۋى ھەمكارلىق. پەرزەنتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئائىلە، جەمىيەت ۋە مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسى. ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلار مەكتەپ تەربىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەس. گەرچە ئۇلارنىڭ تەكلىپ بېرىش، نازارەت قىلىش ھوقۇقى بولسىمۇ بۇ ھوقۇقلارنى قوللىنالايدىغان جۇرئەتكە ئىگە ئاتا-ئانىلار يوقنىڭ ئورنىدا. شۇڭا ئۆز مەھەللىسىدىكى بالىلاردا ئۇگۇنۇش قىزغىنلىقى، چېنىقىش ئادىتى، ئىقتىسادىي ئاڭ يېتىلدۇرىدىغان تۇرلۇك مۇسابىقە، پائالىيەت ۋە لاگىرلارغا ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارغا كۆڭۈلدىكىدەك ئىجتىمائى موھىت يارىتىش بالىلارغا پايدىلىق جەمىيەت تەربىيىسىنى بەرگەنلىككە باراۋەردۇر.

ئۇچىنچى، چايلارنىڭ رولىدىن پايدىلىنىش. ئۇيغۇر جەمىيىتىدىكى قاتار چاي ھادىسىسى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋي مەشرەپلىرىنىڭ يېڭى ۋارىيانتى. بۇ يېڭىلىقتا سەل قارالغىنى بالىلار تەبىيىسىنىڭ دىققەتسىز قېلىشى. كۆزۈتۇشۇمچە بۇنداق چايلاردا بالىلار بىر بولسا يېقىن يولۇتۇلمايدۇ. يەنە بىر بولسا چوڭلار سورۇنىنىڭ كىچىك تاماشىبىنلىرىغا ئايلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس قىزىقىشلىرىغا ماس پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرۇلماي قالىدۇ. مەنچە چايلاردا بالىلارنىڭ قىزىقىشىغا ماس پائالىيەت، يېشىغا ماس ئىچىملىك، ئەخلاقىغا ماس سورۇن ھازىرلاپ بېرىش ئاتا-ئانىلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش.

ئىلاۋە: بۇ يازما قەشقەر شەھرى يەن تېخنىكا سارىيىدا 2011-يىلى 10-تومۇزدا ئۇيۇشتۇرۇلغان پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدىكى يۇرۇشلۇك لېكسىيەنىڭ تۇنجىسى. قەلەمگە ئېلىش جەريانىدا بىر ئاز قىسقارتىلىدى ۋە تۇزۇتۇلدى. مەزكۇر لېكسىيە 4 نۆۋەت سۆزلۇنۇپ توختۇتۇلغان. بۇنىڭدىن باشقا

سۆزلەنگەن تېمىلار «ئۇيغۇرلاردا پەرزەنت چۈشەنچىسى»، «بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە پىسخىك تەرەققىياتى»، «بالىلارنىڭ ئەقلى تەرەققىياتى ۋە تىل تەرەققىياتى». قالدى تېمىلار بەلكىم رەتلىنىپ يوللۇنۇلۇشى مۇمكىن.

# ئۇيغۇر كىمگە سېلىشتۇرۇلدى

«ئۇيغۇر كىمگە ئوخشىدى، كىمگە ئوخشايدۇ» مازۇلۇق خاتىرىمىزدە ئۇيغۇرنىڭ باشقىلارنىڭ نەزىرىدە كىمگە ئوخشىغانلىقى، ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ قەلىمىدە كىمگە ئوخشۇتۇلغانلىقى ۋە ئەمەلىيەتتە كىمگە ئوخشايدىغانلىقى... ھەققىدە ئويلىنىشلاردا بولغانىدۇق. بىز مىللىتىمىزنى كىمنىڭ قانداق ئوخشۇتۇشىنى چەكلەش ھوقۇقىمىز يوق، ئەمما خەقنىڭ نەزىرىدىكى ئۇيغۇرلۇق بىلەن ئاتا-بوۋىمىزدىن قالغان ئۇيغۇرلۇقنى تاللاش ئەركىمىز بولۇشى كېرەك. قىلالايدىغىنىمىز، خەق بىزنى كىمگە ئوخشاتسا شۇنىڭغا ئوخشاشقا مايىل بولماسلىق، رېئاللىقتىكى بىقوۋۇللۇقنى ئەجدادلارنىڭ سىماسىدىن ئىزدىمەسلىك، ئۇيغۇرنى ئىللەت ئەينىكىدە كۆزەتمەسلىكتۇر.

ئەمەلىيەتتە، ئىنسانلار شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنى كۆزەتكەندە ۋە ئويلاشقاندا ئوخشۇتۇشتىن ساقلىنالمايدۇ. ئادەتتە ئاز ئۇچرايدىغان شەيئى كۆپ ئۇچرايدۇغان شەيئىگە، قىسمەن بىلىنگەن ھادىسە تولۇق بىلىنگەن ھادىسىگە ئوخشۇتۇلۇدۇ. شۇڭا خەنسۇلاردا مۇسۇلمان ئۇيغۇرنىڭ ئەرەبكە ئوخشۇتۇلۇشى، مەسۇم يىگىت قىزلىرىمىزنىڭ تالىبانغا ئوخشۇتۇلۇشى بىز ساقلىنالايدىغان ئىش ئەمەس. كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى بۇنداق نامۇۋاپىق، ھەتتا خەتەرلىك ئوخشۇتۇشلارنىڭ داۋاملىق كېڭىيىشى. توغرا، بىز باشقىلارنىڭ نامۇۋاپىق ئوخشۇتۇشلىرىدىن خالى بولالمايمىز، ئەمما ئەسلىمىز نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ كىملەرنىڭدۇر ئارزۇسىدىكى قىياپىتىمىز داۋاملىق تەشۋىق قىلىنىۋەرسە ماھىيىتىمىز ئۇنتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ماۋزۇمىزدىن مەلۇم بولغاندەك، نۆۋەتتىكى خاتىرىمىز ئۇيغۇرنىڭ كىمگە سېلىشتۇرۇلغانلىقى ھەققىدە بولىدۇ. شەيئىلەرنى بىلىشتە كىشىلەر

ئوخشۇتۇشتىن قالسا سېلىشتۇرۇشقا مۇراجەت قىلىدۇ. كىشىلەر بىر شەيئىنى بىلىشتە بىر بولسا ئۆزىگە ناتونۇش شەيئىنى تونۇش بىر شەيئىگە ئوخشۇتۇۋالىدۇ، يەنە بىر بولسا ئۆزى پىششىق بىلگەن شەيئىنى يەنە بىر شەيئىگە سېلىشتۇرىدۇ. شەيئىلەرنى ئوخشۇتۇش ئارقىلىق چۈشىنىشتە ئوخشالغۇچىنى بىلمىسە ھېچ گەپ يوق، ئوخشىغۇچىنى بىلسىلا كۇپايە. ئەمما سېلىشتۇرۇشتا ئىككىلا شەيئىنى ئېنىق بىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. تارىختا قارىساق بوۋىمىز مەھمۇد قەشقەرى تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ تىلىنى ئەرەبچىگە سېلىشتۇرغان. بوۋىمىز مەھمۇد ئىككىلا تىلدا كامالەت ئىگىسى بولغاچ سېلىشتۇرمىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان. مەھمۇد قەشقەرى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋەكىللىك قىلىۋاتقان يۈكسەك بىر مەدەنىيەتنىڭ ساھىبى بولغاچقا سېلىشتۇرۇشتا خەقنى ئۆلچەم قىلىۋالمىغان. ئۇنىدىن كېيىن ئۇيغۇر نەۋايى قەلىمىدە پارىسلارغا سېلىشتۇرۇلغان. نەۋايى پارسچە ئەسەرلىرى بىلەن پارىسلارغا ئۇيغۇر تۈركچە ئەسەرلىرى بىلەن تۈرك دۇنياسىغا مەشھۇر ئەدىب ئىدى. ئەلشىربەگنىڭ تۈركچە ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان پارس شائىرى ئابدۇراخمان جامى «بۇ ئەسەرلىرىڭنى ھېلىمۇ ياخشى تۈركچە يېزىپسەن، ئەگەر پارسچە يازغان بولساڭ پارس ئەدىپلەر چوققا ئىگىلىنىپ بولۇپتۇ دەپ ئۆزلىرىنى تاشلىۋېتەركەن» دېگەن مەنىدە نەزمە يازغانىكەن. نەۋايى پارسچە بىلەن ئۇيغۇرچىمىزنى سېلىشتۇرۇپ شۇ دەۋردىكى ئەرەبچە ھەسەل تىل، پارسچە شەكەر تىل دېگەنگە قارشى ئۇيغۇرچە سەنئەت تىلىدۇر دېگەن قاراشنى دەلىللەپ چىققان. نەۋايىدىن كېيىن ئۇيغۇرنى باشقا بىر مىللەتكە سېلىشتۇرغاننى كۆرمىدۇق. مەنچە ئىلى سۇلتانلىقى چاررۇسىيە ئىمپېرىيەسىگە يەم بولغاندا ئۇيغۇرلار ئۆزىنى رۇسلارغا سېلىشتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. «ئورۇس ھارۋىسى دەيدۇ، ئالدى چاقى پەس ئىكەن...»، «يەتتە سۇغا كۆچ دەيدۇ، بارار يېرىمىز قۇملۇق. راست گېپىنى ئېيتمايدۇ، كۆزى كۆك بېشى يۇڭلۇق» دېگەن قوشاقلاردىن بىز خەلقىمىزنىڭ ئۆزلىرىنى رۇسلارغا سېلىشتۇرۇپ باققانلىقىدىن خەۋەر تاپىمىز، ئەمما بۇ ھەقتە مۇكەممەلرەك بىر ئەسەر يوق. رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن رۇسلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر ئەقلى سېلىشتۇرما بولغانلىقى كۆرۈلمەيدۇ. بۇنداق

سېلىشتۇرمىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن بىرەر زىيالىينىمۇ كۆرمەيمىز. مەنچە ئۇ دەۋردە ئەقلى سېلىشتۇرمىغا قارىغاندا مايىللىق، بىپەرۋالىق ياكى ئۆچمەنلىكتىن ئىبارەت تۇيغۇلارنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن.

تاقاق ئىشىكلىرىمىزدىن چىقماق ۋە كىرمەك كۆپ كىشىگە نېسىپ بولمىغاچقا ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىنى چېگرا سىرتىدىكىلەرگە سېلىشتۇرۇشى بەكمۇ كېچىكىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ بىلىشىمچە مۇشۇ كۈنگىچە ئۇيغۇرلار تۈركىيە تۈركلىرىگە، يەھۇدىلارغا، سىگانلارغا ۋە ھىندىيانلارغا سېلىشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرنى تۈركىيە تۈركلىرىگە سېلىشتۇرغان ئەسەر كىتاب بولۇپ نەشىر قىلىندى. مەسىلەن، «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام». ئۇيغۇرنى يۇقارقى باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغان بايانلار، پاراڭلار، سۆھبەتلەر دائىم قۇلىقىمىزغا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، كەلپىنلىك ئاغىنىلىرىم «بىز دېگەن ئۇيغۇرنىڭ يەھۇدىلىرى» دەپ پەخىرلىنىشىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ خەقتە يوق ناخشا-ئۇسۇلى كۆزىگە جىن كۆرۈنىدىغان بەزى ئىنكارچى ئاغىنىلىرىم ئۇيغۇرنى سىگانلارغا سېلىشتۇرىدۇ. ئۇستاز تەكلىماكانىينىڭ «ئۇيغۇردىكى ئەبگالىق» دېگەن كىتابىدا ئۇيغۇر ھىندىئانلارغا سېلىشتۇرىلىدۇ. يۇقۇرىدا دەپ ئۆتكۈنۈمدەك سېلىشتۇرۇش شەيئىلەرنى چۈشۈنۈشتىكى ئۇسۇللارنىڭ بىرى، ئەمما سېلىشتۇرغۇچى ئىككىلا شەيئىنى ياخشى بىلىشى كېرەك. ئۇنىدىن باشقا سېلىشتۇرۇلغان ئىككى شەيئى ئوخشاش شارائىت، ئوخشاش ئۆلچەمدە ئوخشاش مەقسەد ئۈچۈن سېلىشتۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، قوش تىل مائارىپىنىڭ ئۈنۈمىنى سېلىشتۇرغاندا ئەڭ ئۆتكۈر باللارنى يەسلىدىن، باشلانغۇچتىن، تولۇقسىزدىن خەنزۇچە مەكتەپكە، ياكى قوش تىل سىنىپىغا تاللىۋېلىپ بۇلارنى شاللىنىپ قالغانلار ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇرچە مەكتەپ، ئۇيغۇرچە سىنىپ بىلەن سېلىشتۇرسا ئادىللىق بولمايدۇ.

مەنچە مىللەتلەرنى سېلىشتۇرۇش ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت (كۈلتۈر) لەرنى سېلىشتۇرۇشتۇر. مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرىدىغان ئامىل مەدەنىيەت ( توغرىسى

كۇلتۇر)تۇر. ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق مىللەتتە خاس كۇلتۇر بولۇدۇ، ھەتتا بەزىلەرنىڭ «كۆزىگە سىغمايدىغان» ئادەتلەرمۇ بولۇدۇ. بۇلارنى يىغىپ مەدەنىيەت (كۇلتۇر) دەيمىز. بىر خەلق توغرا دەپ قارىغان ئىش، سۆيۈنۈپ سۆزلىگەن تىل، راھەتلىنىپ تۇرغان ئۆي، كۆنگەن خۇي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شۇ خەلقنىڭ كۇلتۇرى ھىساپلىنىدۇ. مەدەنىيەتتە ئىلغارلىق- قالاقلىق، زامانىۋىيلىق- گىرىلىك پەرقى بولمايدۇ. بىر خەلقنىڭ مەدەنىيىتىگە مەزكۇر خەلقنىڭ ئەزالىرىلا ھۆكۇم قىلىشقا ھوقۇقلۇق. باشقىلارنىڭ ئاق كۆك دېيىشى ئەخلاقسىزلىق بولۇدۇ. مەدەنىيەتلەرنى ئىلغار، قالاق دەپ ئايرىش مۇستەملىكىچىلىكنىڭ قالدۇقى خالاس. مەنچە ئەگەر مىللەتلەرنى سېلىشتۇرۇشقا توغرا كەلسە خاسلىقنى بىلىش، تەھلىل قىلىش ۋە ئۆزگىچىلىكتىن زوقلىنىش دائىرىسىدە چەكلەنسە مۇۋاپىق.

**ئۇيغۇر تۈركىيلىككە سېلىشتۇرۇلسا بولامدۇ؟**

مەنچە بولمايدىغان يېرى يوق، ئەمما نېمىنى سېلىشتۇرىمىز، نېمە مەقسەدتە سېلىشتۇرىمىز، شارائىت ئامىلىنى قانداق ئويلىشىمىز، قانداق ئۆلچەمنى قوللىنىپ سېلىشتۇرىمىز دېگەنلەر ئايدىڭ بولۇشى كېرەك. ئۇنداقتا ئۇيغۇر بىلەن تۈركىيلىكنى سېلىشتۇرغان ئەختەم ئۆمەر يۇقارقىلارغا ئەمەل قىلدىمۇ؟ ئەختەم ئۆمەر ئۇيغۇر بىلەن تۈركىيلىكنى مۇكەممەل چۈشىنەرمىدى؟ بۇلارغا جاۋاپ بېرىشتىن ئاۋۋال ئاپتورنىڭ سېلىشتۇرمىسىغا قاراپ باقايلى.

ئاپتور ئەسىرىدە بىر تۈرك ئايالنىڭ كوچىدا لاي بولغان ئۆزىنىڭ ۋە قىزىنىڭ ئايىقىنى چوڭ يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال پاكىزە سۈرتكەنلىكىنى يازىدۇ. بۇنى تۈركلەرنىڭ ئاڭلىق، پاكىز، جامائەتنىڭ تازىلىقىنى ئاسرايدىغان پەزىلەتلىرىگە مىسال قىلىدۇ. ئۇيغۇرنى بۇنىڭ قارشىسىغا قويۇپ ئەخلەت چېلەكلىرى تەييار تۇرسىمۇ كوچىغا ئەخلەت تاشلايدىغان، كوچىلار يېڭىلا تازىلانسىمۇ پاكىزلىككە ھىچ رىئايە قىلمايدىغان، ئاممىۋىي تازىلىق ئېڭى ئاجىز قالاققا چىقىرىپ ئەيىپلەيدۇ. مەن ئالتە ئاي تۈركىيەدە بولدۇم، ئىستانبول، ئەنقەرە، ئىزمىر، قاتارلىق شەھەرلەرنى كەزدىم، لېكىن ئەختەم ئۆمەر كۆرگەن مەنزىرىنى پەقەت كۆرەلمىدىم. ئەكسىچە ئەنقەرەدە تاماكا چېكىپ كېتىۋاتقان قىز يىگىتلەرنىڭ تاماكا قالدۇقىنى خالىغانچە كوچىغا

تاشلاۋاتقانلىقىنى، ساقچىلار ئىشتىن چۈشكەندە قىزىل ئاي مەيدانىدا كاۋاپچىلارنىڭ ئىس چىقىرىپ كاۋاپ پۇشۇرۇۋاتقانلىقىنىنى، پۇتبول مۇسابىقىسىدە كوماندىسى يېڭىلگەن مەستانىلارنىڭ ئورۇندۇقلارنى چېقىۋەتكەنلەرنى كۆردۈم. ماڭا بۇلار ئىللەت تۇيۇلمىدى. پەقەت دۆڭكۆۋرۈكتىكى ئۇيغۇرلارنى ئەنقەرەدىكى قىزىل ئاي مەيدانىغا قېچىپ كەلگەندەكلا ھېس قىلدىم. تۈركىيىدە ئون يىللاپ تۇرغان بۇرادەرلەرگىمۇ ھېلىقى ئانا-بالىنىڭ تەسىرلىك كۆرۈنۈشى ئۇچرىماپتۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇيغۇرمۇ ھېچ قاچان ئايىغىغا يۇققان لاينى سۈرتمىگۈدەك ھالدا ئەمەس. دېمەك، ئەختەم ئۆمەر بۇ يەردە تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالغان بىر كۆرۈنۈشنى سېلىشتۇرما قىلىپ ئۇيغۇرغا باھا بەرگەن. ئۇندىن باشقا ئەڭ مەشھۇر مىسالى سۈيقاشنى ئاۋازلىق ئىچىش مەسىلىسى. بۇ بىر ئەيىپ سانىلىدىغان ئىش ئەمەس. يەنە كېلىپ بۇ بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ ئادىتى بولۇپ مىللەت بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. ئۇيغۇرنىڭ خەققە ئاڭلانغۇدەك شالاپشىتىپ تاماق يەيدىغان ئادىتىمۇ يوق. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خانىم قىزلىرى تاماق يېگەندە قەتئىي ئاۋاز چىقارماسلىقا تىرىشىدۇ. تاماق يېگەندە ئاۋاز چىقىرىش ئەمەس پاراڭ سېلىشىمۇ ئېغىر ئېلىنىدىغان مىللەتنى شالاپلىتىپ تاماق يەيسەن دەپ ئەيىپلەشمۇ ئىشمۇ؟ ئەختەم ئۆمەرنىڭ خاتىرىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن چەتئەلگە يېڭى چىققانلارغا بۇرۇن چىققانلارنىڭ قەستەن ياكى چاخچاق قىلىپ «تاماقنى ئاۋاز چىقارماي تۈزۈك يە» دېيىشى ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى.

ئەختەم ئۆمەر ساياھەت خاتىرىسىدە تۈركىيەنى ۋە تۈركىيە تۈركلىرىنى ئېنىق چۈشەنمەي تۇرۇپ ئۇلارنى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان ئۇيغۇر تۈركلىرىگە سېلىشتۇرغان. سېلىشتۇرمىدا تۈركىيە تۈركلىرى ئۆلچەم بولۇپ قالغاچقا ئاپتۇرچە بىزنىڭ تۈركىيە تۈركلىرىگە ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئەيىپىمىز بولۇپ قالغان. ئەختەم ئۆمەر بۇ يەردە كۈلتۈرلەرنى ئىلغار ۋە قالاق كۈلتۈر دەپ ئايرىشنىڭ مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى، مەدەنىيەتلەرنى سېلىشتۇرغاندا مۇتلەق ئۆلچەمنىڭ

يوقلىقىنى ئويلاشمىغان. ئەلۋەتتە بۇ بىر ئەختەم ئۆمەرنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس، بىز ئالغان تەربىيە ۋە كۈندۈلۈك تەشۋىقات كۈلتۈرلەرنى زامانىۋى ياكى ئەمەس دەپ قارىمۇ قارشى قۇتۇپقا ئايرىيدۇ. ئەختەم ئۆمەرنىڭ سېلىشتۇرمىسىدا تۈركلەر ياشاۋاتقان ئىجتىمائى شارائىت، سىياسىي تۈزۈم، ئىقتىسادىي سەۋىيە پەقەت ئويلۇشۇلمىغان. بۇ خۇددى پىيادە يولۇچىنى ئايرۇپىلاندىكى سەپەرچىگە سېلىشتۇرغانلىق بولۇپ نەتىجە سېلىشتۇرغۇچىنىڭ خاھىشىغا باقىدۇ، ئەلۋەتتە. ماددىي، سىياسىي شارائىتلىرىنى ئويلاشمىغاندا تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ئاساسەن ئوخشاش. پەقەت تۈركلەر قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدەك سۆزمەن، خوتەن ئۇيغۇرلىرىدەك پۇختا، غۇلجا ئۇيغۇرلىرىدەك مەغرۇر، كۇچا ئۇيغۇرلىرىدەك مۇلايىم، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىدەك سىلىق سۆز، ئارتۇچ ئۇيغۇرلىرىدەك چېۋەر، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىدەك باغرى يۇمشاق، كورلا ئۇيغۇرلىرىدەك سېخى، ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرىدەك پىداكار، چۆچەك ئۇيغۇرلىرىدەك خۇشخۇي، ئالتاي ئۇيغۇرلىرىدەك قەيسەر. ھازىر تۈركىيەدە ياشاۋاتقان تەڭرىتاغ باغرىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردىن كەلگەن، ھەتتا بەزىلىرى ساۋاتسىز ئون مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئەختەم ئۆمەر تىلغا ئالغان «ئىللەت» لىرى سەۋەبلىك يامان كۆنگە قالغىنى ياكى چېنىپ، شاللىنىپ قالغىنى يوق. ئەكسىچە تېرە زاۋۇتى، مىق زاۋۇتى، ئويۇنچۇق زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلارنى قۇرۇپ نەچچە يۈز يەرلىك تۈرككە خىزمەت بېرىۋاتىدۇ. ئوقۇغان ئۇيغۇرلاردىن ئېگەي ئۇنىۋېرسىتېتى، غازى ئۇنىۋېرسىتېتى، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى، ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا پروفېسسور بولۇۋاتىدۇ. ھەتتا بىر ئۇيغۇر مۇتەخەسسىس تۈركىيەنىڭ ئىستراتېگىيە تەتقىقات ئورنىدا موھىم خىزمەتلەردە بولماقتا.

ئەختەم ئۆمەرنىڭ تۈركىيە-ئۇيغۇر سېلىشتۇرمىسىدىن كېيىن مىللەتنىڭ ئۆزى ھەققىدە كەسكىن ئويلىنىشى بىر ئېقىمغا ئايلاندى. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»گە ئوخشاش خەلقىمىز سۆيۈپ ئوقۇيدىغان مۇنەۋۋەر ژورناللار تونۇلدى. ھالبۇكى، شۇندىن كېيىن خەلقىمىز ھاياتىدىكى دىشۋارچىلىقلىرىنى ئۆزىدىكى ئىللەتتىن كۆرىدىغان، ياتنىڭ باھاسى ئارقىلىق ئۆزىنى دەڭسەشنى تەبىئىيلىكتەك ھىس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ھەممە ئادەم مىللەتنى قورقماي تىللىيالايدىغان، ئوپېراتسىيە قىلالايدىغان

بولۇپ كەتتى. شەخسنىڭ ئاجىزلىقىنى مىللەتكە دۆڭگەش تەپەككۇر ئادىتىگە ئايلاندى. ئىنسانىيەتكە ئورتاق پىسخىك ئاجىزلىقلارنى ئۇيغۇرنىڭ نوقسانى ساناش ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندى. ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيەتتىكى غۇرۇرىغا دەز كەتتى. مېنىڭ ئەپسۇسلىنىدىغىنىم، ئەختەم ئۆمەر تۈركىيەدە تۈركلەرنىڭ بىر گەپنى تولا قىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلماپتۇ، ئۇ بولسىمۇ «Sana ne?». بۇ تۈركلەر ئەڭ كۆپ دەيدىغان گەپ. بۇنى ئۇلار سىلىشتۇرۇلغاندا كۆزۈڭگە قاراپ تۇرۇپ دەيدۇ. «Ben Türküm, o yüzden öyle yaparım, sana ne?». (مەنىسى: مەن تۈركمەن، شۇڭا بۇنداق قىلىمەن، ساڭا نېمە؟ — ئىشىڭنى قىل).

## سىگان كىم؟ ئۇيغۇر كىم؟

ئۇيغۇرنى سىگانلارغا سېلىشتۇرۇۋاتقانلارنىڭ تۇتقۇسى ناخشا-ئۇسسۇل ۋە ماكانسىزلىق. ئۇلارچە سىگانلارنىڭ ماكانسىزلىقىغا ۋە بىچارەلىكىگە ئۇلارنىڭ ناخشا-ئۇسسۇلغا مەستانىلىقى سەۋەپ بولغانمىش. مەن تۈركىيەدە سىگانلارنى كۆرگەن. تۈركىيەدە سىگانلارنى چىنگەنە دەيدۇ. تۈركىيەدە سىگانلارنىڭ مەشھۇر ناخشىچىلىرى بار. كۆزىتىشىمچە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كوچىلاردا پال سالىدىكەن، ناخشا ئېيتىپ پۇل تاپىدىكەن، ئەخلەت دۆۋىلىرىدىن كېرەكلىك نەرسىلەرنى تېرىپ ساتىدىكەن، ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم ئاياللىرى نومۇسىنى ساتىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۇسسۇل ئوينۇشى قانداقتۇر ئۇسسۇلغا مەستانىلىقىدىن ئەمەس جان بېقىش ئۈچۈن ئىكەن. سىگانلارنىڭ ماكانسىزلىقى چارەسىزلىكتىن ئەمەس بەلكى ئۇلارنىڭ تاللىۋالغان ياشاش شەكلى ئىكەن. پەقەت بىزدىكى ئۇيغۇرنى سىگانلارغا سېلىشتۇرغانلار ماكانسىزلىق بىلەن بىچارەلىكنى، ئۇسسۇل ئويناش بىلەن خار-زەبۇنلۇقنى باغلىۋالغان. سىگانلارنى ئارىمىزدىن بەزىلەر ماكانسىز دەپ ئېچىنغان بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر يەرگە باغلىنىپ قالمايدىغان چەكلىمىسىز ھۆر كىشىلەر بولالىغىنىدىن پەخىرلىنىدىكەن. ناخشا ئۇسسۇلغا تايىنىپ يۇرتمۇ يۇرت، دۆلەتمۇ دۆلەت كېزىپ يۈرگىنىدىن غۇرۇرلىنىدىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇسسۇل

خەقنىڭ دىيىغا ئوينالمىسا خورلۇق ھېس قىلىش بىھاجەت. ماكانسىزلىق-ۋەتەنسىزلىك قوغلانغانلىقتىن، بويسۇنغانلىقتىن، باسقۇنچىلىقتىن، تارتقۇزۇپ قويغانلىقتىن بولمىسا نومۇسلۇق ئىشتەك چۈشۈنۈشنىڭ ئورنى يوق.

ئۇيغۇرنىڭ ئۇسسۇل ئوينىشى بىلەن سىگاننىڭ ئۇسسۇل ئوينىشى پەرقلىق مەقسەت ئۈچۈندۇر. ئۇيغۇر ئۇسسۇلنى كۆڭۈل خوشى ئۈچۈن، غەلىبە تەنتەنىسى ئۈچۈن، جەڭگىۋارلىق، جەسۇرلۇق ۋە نازاكەتنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن ئوينايدۇ. سىگان ئۈچۈن ئۇسسۇل بىر تۇرمۇش يولىدۇر. سىگان ئۈچۈن ماكانسىزلىق-ۋەتەنسىزلىك ھېچ نېمە ئەمەس، ئۇھسىنىشقا ئەرزىمەيدۇ. ئۇيغۇر ئۈچۈن ۋەتەن ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى، ئەجدادلارنىڭ تەۋەررۇكى، مۇقەددەس مىراستۇر. ئۇيغۇر ئۈچۈن ۋەتەن تەيەممۇم قىلىدىغان تۇپراق، ئىبادەت قىلىدىغان جايىنامازدۇر. ئۇيغۇر ئۈچۈن ۋەتەن ئانا، ئىپپەت، جانان، ئىماندۇركى ۋەتەندىن كەچكەن ئۇيغۇر مەڭگۇ ئۆگەي، يېتىم، جانسىز، ئىمانسىز، ئىپپەتسىزدۇر. شۇ سەۋەپتىن ئۇيغۇر ئىپپەت ئۈچۈن شەھىد بولغان نازۇگۇمنى ئۇنۇتمايدۇ. نازۇگۇمنىڭ ياتتىن قوغدىغىنى ئۆزىنىڭ ئەمەس ئۇيغۇرنىڭ، ۋەتەننىڭ ئىپپىتى. شۇ سەۋەپتىن ئۇيغۇر سىگانلارنىڭ ۋەتەنسىزلىك-ماكانسىزلىقىغا ئىچىنىدۇ.

خۇلاسە شۇكى، ناخشا ئۇسسۇلنى سىگانلارنىڭ ماكانسىز- ۋەتەنسىز قېلىشىغا ۋە غورىگۈل ھالىتىگە سەۋەپ دەپ چۈشىنىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرغا بىر قاراڭغۇ كەلگۈسىدىن بىشارەت بەرمەكچى بولۇش پىلنى قىل كۆرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇيغۇر ئۇسسۇلنى سېتىش ئۈچۈن ئەمەس شاتلىق ئۈچۈن ئوينايدۇ. ئۇيغۇرلار سەنئەتخۇمار، گۈزەللىككە تەشنا، ھاياتتىن ھوزۇرلىنىشنىڭ ۋە تۇرمۇشنى بېزەشنىڭ ئۇستىسى بولغاچقا سەئۇدىغا كۆچكەن ئاتمىش مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇردىن بىرمۇ تىلەمچى چىقمىغان. تۈركىيەگە كۆچكەن ئون مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇردىن ئۇسسۇل سېتىپ جان باققانلار چىقمىغان، موڭغۇلىيەگە كۆچكەن نەچچە مىڭ ئۇيغۇردىن بىرمۇ جىنايەتچى چىقمىغان. شۇڭا ئۇيغۇر جانجان ۋەتەن ئۈچۈن شېھىد بولىدۇكى مەڭگۇ ئۇسسۇل ئويناپ سىگان بولمايدۇ.

**تەلەيلىك يەھۇدى ۋە كۈلپەتلىك ئۇيغۇر**

1. يەھۇدى قىرغىنلىقىنىڭ سەۋەبى

ئۇيغۇر بىلەن مەدەنىيەت ۋە سىياسىي جەھەتتە ئالاقىدە بولغان، بىز تىلنى بىلىدىغان مىللەت زىيالىلىرىدىن يەھۇدىلارغا زوقلانمايدىغىنى، نەپرەتلەنمەيدىغىنى يوق. شېكىسپىرنىڭ «ۋېنتسىيە سودىگىرى» ناملىق ئەسىرى نەپرەتكە مىسال بولسا، خەنسۇ زىيالىلىرى يازغان «يەھۇدىلارنىڭ سىرى» ناملىق كىتاپ زوقلۇنۇشنىڭ مۇۋىسى-سەمەرىسىدۇر. بولۇپمۇ خەنسۇلارنىڭ زوقلۇنۇشىنى بىر مۇشتاقلىق دېمەي بولمايدۇ. مىسالەن، ئۇيغۇرچىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنىپ بولغان يەھۇدىلار ھەققىدىكى كىتاپلار خەنسۇ زىيالىلىرىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ. ئەگەر يەھۇدى تېمىسى بازارلىق بولمىغان، خەنسۇ زىيالىلىرى بۇ تېمىدا بازار ئاچمىغان بولسا ئۇنچە جىق كىتاپ يېزىلمىغان بولاتتى. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىكى يەھۇدى قىرغىنلىقى بىزنى ئوراپ تۇرغان چوڭ موھىت بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. مەن جوڭگودىكى ۋە ئۇيغۇردىكى يەھۇدى قىرغىنلىقىنى يەنە ئىنسانىنىڭ بايلىق، ھوقۇق ۋە شۆھرەت ھېرىسمەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىكىن دەيمەن. چۈنكى تەلەيلىك يەھۇدىلار دۇنيادا پەننىڭ چوقىسىنى، ھوقۇقنىڭ پەللىسىنى، بايلىق-خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئىگىلىگەنلەردۇر. ئۇيغۇردىكى يەھۇدى قىرغىنلىقىغا سەۋەب بولغان يەنە بىر ئامىل ئۇلارنىڭ نەچچە ئەسىر ۋەتەنسىز خارلىنىش، يېرىمىدىن كۆپرەك ئاھالىسىنى قۇربان بېرىش بەدىلىگە مېلى بارلار مال، جېنى بارلار جانلىرىنى قۇربان قىلىپ ۋەتىنىنى قۇرۇپ چىقالىغانلىقىدۇر.

2. يەھۇدىلارغا سېلىشتۇرۇلغۇسىز ئۇيغۇرلار

يەھۇدىلارغا ئۇيغۇرلارنى سېلىشتۇرۇش ئىككى مىللەتنىڭ تارىخى كەچۈرمىشىگە ئۇيغۇن ئەمەس. تارىخى كەچۈرمىش جەھەتتە يەھۇدىلار يەنىلا تەلەيلىك مىللەت. بۇ تەرىپىنى ئۇيغۇرنىڭ كۆلپەتلىرىگە سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. مەن يەھۇدىلارنىڭ ۋەتىنىدىن سۈرگۈن قىلىنغانلىقىنى ئاپەت ئەمەس ئامەت دەپ چۈشىنىمەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى

سۈرگۈندە ياۋروپاغا ماكانلاشقان. ياۋروپادا رۇياپقا چىققان ئەدەبىيات سەنئەتنىڭ قايتا ئويغۇنۇشى، سانائەت ئىنقىلابى، مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى قاتارلىق ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيىتىگە پەلەمپەي بولغان ھەرىكەتلەرگە يەھۇدىلارمۇ ئىشتىراك قىلغان. ئۇيغۇرلارمۇ بەزەن ۋەتىنىدىن ھەيدەلگەن بولسىمۇ تۇران-ئوتتۇرا ئاسىيا ۋادىسىنىڭ نىرىسىغا سۈرۈلمىگەن. يەھۇدىلارغا نىسبەتەن بولغان ياۋروپادا تەربىيىلىنىش پۇرسىتى ئۇيغۇرغا كەلمىگەن. ئامەتلىك يەھۇدىلارنىڭ ۋەتەن قۇرۇش-تىرىلىش ھەرىكىتىگە دۇنيانىڭ باشقا يېرىدىكى يەھۇدىلار ئەمەس ياۋروپا ياھۇدىلىرى رەھبەرلىك قىلغان. ئۇ زامانلاردا ياۋروپادىن يىراق ئۇيغۇر جەمىيىتى ئايىغى چىقماس بىقىسغان كۆلگە ئايلىنىپ بولغان ئىدى. يەھۇدىلارنى ئورتاق ئويغاتقان، ۋەتەننىڭ مۇقەددەسلىكىنى ھېس قىلدۇرغان مىللەت بويىچە قىرىلىش كەچمىشى ئۇيغۇرنىڭ بېشىغا كەلمىگەن.

بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنى دۇنيا سىياسى سەھنىسىدىكى دۆلەتلىك يەھۇدىلارغا سېلىشتۇرۇش ئادىللىق ئەمەس. ئۇيغۇرنى يەھۇدىلارغا ئەمەس پەلەستىنلىكلەرگىمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. مەن ئامېرىكىدا ۋە تۈركىيەدە كۆرگەن پەلەستىنلىكلەردىكى خاتىرجەملىك، ئىشەنچ، بايلىق ۋە مەردانىلىقنى تېلۋىزور ئالدىدا مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەرگە خېرىدار بولۇپ ئولتۇرغان ئۇيغۇر مەڭگۈ تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ئۇيغۇرنى يەھۇدىلارغا سېلىشتۇرۇش رىياللىققا ئۇيغۇن ئەمەس. ئۇيغۇر ئەمەلىيەتتە ھەقىقى يەھۇدىلارغا ئەمەس مەتبۇئات ۋە باشقا تارقىتىش ۋاستىلىرىدا رىۋايەتكە ئايلانغان يەھۇدىلارغا سېلىشتۇرۇلماقتا. ئامېرىكىغا كەلمەستە ئىسرائىلىيەدىكى بىر قانچە ئۇنۋېرسىتېتقا ئوقۇشقا ئىلتىماس سۇنغانىدىم. مەقسىدىم نوپۇسى ئون مىليۇنغا بارمايدىغان يەھۇدىلارنىڭ ئۈچ يۈز مىليۇندىن ئارتۇق ئەرەپنى ۋە بارلىق ئاق كۆڭۈل مۇسۇلمانلارنى قان يىغلىتالىشىدىكى «سىر»نى بىلىپ چۈشۈنۈش، مۇۋاپىق ئەندىزىلەر بولسا پايدىلىنىش ئىدى. تەلەيسىزلىكتىن بارالمىدىم. ئامېرىكىغا كېلىپ يەھۇدىلارنى كۆپ ئۇچراتتىم. قارىسام ئۇلارنىڭ باشقا ئامېرىكىلىقلاردىن ھېچ بىر پەرقى يوقكەن. بىر يەھۇدى قىز مەكتىپىمىزنىڭ ئۇيغۇرچە كەسپىدە ئوقۇدى. باشقىلار مەدھىيەلىگەن يەھۇدىلاردىكى ئەقىل ئۇ قىزدا يوقتەك ئىدى.

دەرسلەردىن ئاساسەن دېگۇدەك ئۆتەلمەي يوقاپ كەتتى. ئوقۇش جەريانىدا بىر يەھۇدى چوكان بىلەن ئۈچ-تۆرت دەرسنى بىللە ئاڭلىدىميۇ، مەندەك ئۇيغۇردىن چىچەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچ يېرىنى بايقىيالمىدىم. بىر يەھۇدى پروپېسسوردىن دەرسىمۇ ئاڭلاپ باقتىم، ئامېرىكىغا كەلمەستە نەزىرىمدىكى خىسلەتلىك يەھۇدىنىڭ بۇ ئەزاسى بىر ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچى سۈپىتىدىلا ئېسىمدە قالدى. قىسقىچە دېسەك، يەھۇدىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىكى سىر ئۇلاردا بىرگە نائېنىق بولغان ئالاھىدە بىر خىسلەتنىڭ بولغانلىقى ئەمەس. بەلكى ياۋرۇپانىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قوزغۇتۇلغان ماشىنىسىغا ئۇزاقتىن بېرى رولچى ۋە يولۇچى بولۇپ تۇرغانلىقىدا. ئۆلىسىمۇ ئېتىقادى ۋە ئانا تىلىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكىدە.

### ئۇيغۇرلار ھىندىيان ئەمەس

ئۇيغۇر بىر مىللەتنى، ھىندىيان بولسا بىر مىللەتلەر تۈركۈمىنى كۆرسىتىدۇ. سېلىشتۇرۇشتا بىر شەيئى يەنە بىر شەيئىگە سېلىشتۇرۇلىدۇ. ھەرگىزمۇ بىر شەيئى بىر تۈركۈم شەيئىگە سېلىشتۇرۇلمايدۇ. ئۇيغۇرنى ھىندىيانلارغا سېلىشتۇرۇۋاتقانلار ئۇيغۇرنىڭ بىر مىللەت ھىندىيانلارنىڭ بولسا كولۇمبۇ ئامېرىكىنى بايقاشتىن بۇرۇن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدا ياشاپ كەلگەن 300 دىن ئارتۇق يەرلىك ئامېرىكىلىقلارنىڭ خاتا ئاتىلىشى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشقان. ئەمەلىيەتتە دۇنيادا ھىندىيان دېگەن مىللەت مەۋجۇد ئەمەس. كولۇمبۇ ھىندىستانغا بارماقچى بولۇپ يولغا چىقىپ ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغا كېلىپ قالغان ۋە شۇ يەرلىك ئاھالىنى ھىندىيانلار (ھىندىلار) دەپ ئاتاپ قويغان. بىز دەۋاتقان ھىندىيانلار ئۆزىنى يەرلىك ئامېرىكىلىقلار دەپ ئاتايدۇ. ئامېرىكىدىمۇ ئۇلار يەرلىك ئامېرىكىلىق ياكى يەرلىكلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

تارىخ جەھەتتىن ئالغاندا ئۇيغۇرلار دۇنيانىڭ تارىخىغا يېزىلغانلا ئەمەس دۇنيا تارىخىنى يازغانلاردۇر. بوۋىمىز مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇندىن مىڭ يىل بۇرۇن يەرشارىنىڭ يۇمۇلاق خەرىتىسىنى سىزىپ قالدۇرغانلىقى، شىمالى ۋە

جەنۇبى قۇتۇپنى خەرىتىگە كىرگۈزگەنلىكى، تۇنجى بولۇپ ياپۇنىيىنى دۇنيا خەرىتىسىگە سىزغانلىقى، ئۇيغۇرنىڭ بايقالغۇچى ئەمەس بايقىغۇچى ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك پاكىت بولۇپ تۇرۇپتۇ. نەۋايىنىڭ «تارىخى مۇلكى ئەجەم» (ئەرەب بولمىغان دۆلەتلەرنىڭ تارىخى)، مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ «تارىخى رەشىدى»، موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» قاتارلىق ئەسەرلەر دۇنيانى مۇپەسسەل شەرھىيلىگەن. يەرلىك ئامېرىكىلىقلار بۇ نوقتىدا ئۇيغۇردىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ مەۋجۇدلۇقى باشقىلارنىڭ بايقىشىغا، يېزىشىغا مۇھتاج بولۇپ، دۇنيا تارىخىدىن 1492-يىلغىچە چەتتە قالغان.

ئۇيغۇرلار ئىنسانىيەتكە ھالقىلىق تەسىر كۆرسەتكەن بۇددىزىم، خىرىستىيان، ئىسلام قاتارلىق دىنلار بىلەن ۋاقتىدا ئۇچراشقان. ماركسىزىم، ھۆررىيەتچىلىك، مىللەتچىلىك قاتارلىق زامانىۋي دۇنيادا يايغىن ئىدولوگىيەلەردىن خەۋەردار بولغان. بۇ ساھەلەردە توشقان زىيالى ۋە ئەربابلىرىنى يېتىشتۈرەلىگەن مىللەت. ئۇيغۇرلار دۇنيا سىياسىي ھاياتىغا ئۇزاق ۋە يېقىنقى تارىختا قۇرغان دۆلەتلىرى بىلەن ئاكتىپ قاتناشقان بۈگۈنكى زامان مىللىتى. بۇ جەھەتلەردە يەرلىك ئامېرىكىلىقلاردىن ئاسمان زېمىن پەرقلىنىدۇ. بۈگۈنگىچە يەرلىك ئامېرىكىلىقلار قۇرغان بىرەر مۇستەقىل سىياسىي پارتىيىمۇ بىرگە بىلىنگەن يوق.

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ مۇستەقىل مائارىپ سىستېمىسىنى ياراتقان ۋە بۈگۈنگە قەدەر يېڭىلاپ داۋام قىلىپ كەلگەن مىللەت. ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى مائارىپى ۋە ئىدولوگىيىسىگە 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇردىن چىققان بايلار ۋە زىيالىلار ئۇل سالغان. ئامېرىكىدىكى يەرلىكلەرنىڭ بۇنداق ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى يوق.

ئۇيغۇرلار دۇنيا تارىخىغا يېزىلغان بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇش جەڭگاھلىرىدا ۋە بۈگۈنكى ئافغانىستان، پاكىستان ئۇرۇش مەيدانلىرىدا بولغان، دۇنيادىكى كاتتا سىياسىي كۈچلەرنىڭ كوزۇرىغا ۋە رەقىبىگە ئايلىنالىغان مىللەت. بۇنداق تارىخى ۋەقەلەرگە قاتناشقانلا ئەمەس شاھىد بولغان مىللەتلەرمۇ دۇنيادا ساناقلىق. يەرلىك ئامېرىكىلىقلار بۇ جەھەتتە تېخى دىققەتتىن يىراق.

ئۇيغۇرنى ھىندىيانلارغا مەقسەدسىز سېلىشتۇرۇۋاتقان ئاق كۆڭۈل

كىشىلەرنىڭ خاتالىقى ئۇيغۇرنى ھاراقكەشلىكتە ھىندىيانلار بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇۋاتقانلاردۇر. ئۇلار ھىندىيان قەبىلىلىرىنىڭ مەغلۇبىيەت سەۋەبلىرىنى ھاراقكىلا باغلاپ باشقا سىياسى ۋە ئىجتىمائى ئامىللارنى تەھلىل قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتىدۇ .ئۇلار ئىچىشۋازلىقنى ئۇيغۇرنىڭ ئىللىتى دەپ قاراپ، ھاراقكەشلىكنىڭ بارغانچە قورشاپ كېلىۋاتقان چوڭ موھىتىنىڭ رىغبىتىگە، زاماننىڭ تەقەززاسىغا، زاماندارلارنىڭ ئارزۇسىغا بىنائەن شەكىللەنگەنلىكىنى بىلمەيۋاتىدۇ ياكى دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ. ئۇيغۇرنى ھىندىيانلارغا مەقسەدلىك سېلىشتۇرۇۋاتقانلار مۇستەملىكىچىلىك ۋە فاشىزىم ئىدولوگىيىسىگە قۇل بولغان، مەپتۇن بولغان ۋە ياكى تەرغىپ قىلىۋاتقانلاردۇر.

ئۇيغۇرنى باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرۇش بۇندىن كېيىن يەنە داۋام قىلىشى مۇمكىن. سېلىشتۇرۇش نەتىجىسى بەزىدە سەلبى ۋە بەزىدە ئىجابى بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىز بۇنداق سېلىشتۇرۇشلارغا ئىلمىي، ئەقلىي ۋە تەمكىن مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. سېلىشتۇرغۇچىلارنىڭ مەقسىدىنى بىلىش مەنچە ئەڭ موھىم. مىسالەن، ئۇيغۇرنى سىگانغا مەقسەدلىك سېلىشتۇرۇۋاتقانلار ئۇيغۇرنىڭ تۇپراقلىرىنى پانۇسلار بىلەن بېزەلگەن سەھنىگە، ئۇيغۇرنى ئۇسسۇلچىغا ئايلاندۇرماقچى بولغانلاردۇر. ئۇيغۇرنى ھىندىيانغا سېلىشتۇرغانلار ئۇشبۇ سەھنىگە تاماشىبىنلىق تاماسىدا يۈرگەنلەردۇر. زىيالىيلىرىمىز ئۇيغۇرنى باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا مەقسەدكە، ئۇسۇلغا ۋە شارائىت، ئۆلچەملەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك.

# قەشقەرچە رىۋايەت ۋە ئۇيغۇرچە مەپكۇرە

ئۇيغۇر جەمىيىتىدە كوچا پارىڭى سۈپىتىدە تارقىلىپ يۈرگەن نۇرغۇن ھېكايەتلەر، لەتىپىلەر، رىۋايەتلەر بار. بۇلار رەسمىي مەتبۇئاتلاردا نەشىر قىلىنمىغان بىلەن ئاۋامنىڭ ئاغزىدا دائىم تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. بۇلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە، ئۆزگىلەرگە، مۇھىتقا، جەمئىيەتكە، سىياسەتكە، ھاكىمىيەتكە ۋە باشقا تۈرلۈك شەيئىلەرگە بولغان تونۇشى، قارىشى ۋە باھاسى ئەكس ئېتىدۇ. بۇنداق رىۋايەتلەرنىڭ كەڭرى تارقىلىشى ۋە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئېقىپ يۈرۈشى ئۇلاردا ئۇيغۇلار ئېتىراپ قىلغان ئىددىيەلەرنىڭ بارلىقىنى بىشارەتلەيدۇ. مەن بۇ يازمامدا بۇنداق ئىددىيەلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ مەپكۇرە دەپ ئاتىدىم. مەپكۇرە دېگەنلىك ئىدولوگىيە دېگەنگە سەل يېقىن كېلىدىغان بىر ئاتالغۇ. بۇلار 1. ئۇيغۇرغا كۈلپەت ئۇيغۇردىن كېلىدۇ، دەپ قاراش. 2. ئۇيغۇلار ئىتتىپاقسىز شۇڭا داھى چىقمايدۇ، دەپ قاراش. 3. ھۆكۈمەت ھەممىگە قادىر، دەپ قاراش. 4. شەخسنىڭ مەۋجۇدلىقىنى رازىلىقلارغا مەھكۇم قىلىش. 5. رىياللىقتىن تەسەللى تىلەش ۋە رىياللىقنى ساختا ھەقلىقلەشتۈرۈش. 6. ئۇيغۇرنىڭ يارىماسلىق تارىخىنى توقۇپ چىقىش ۋە كەمسىتىش. بۇ ئاغزاكى بايانلارنىڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى بىرى ھاكىمىيەتنىڭ تەشۋىقاتىغا خىزمەت قىلىدىغان گېزىت ژورناللاردا نەشىر قىلىنغان ئەمەس شۇڭا تەھرىرلەشلەرنىڭ پەردىزىدىن مۇستەسنا، يەنە بىرى ئۇيغۇرلار ئۆزى توقۇپ، تارقىتىپ ئىشىنىپ كەلگەن بولغاچقا كىشىگە بىر قەدەر ئىشەنچلىك تۇيۇلىدۇ. بۇلارنى تەھلىل قىلىشتىن مەقسەد ئۇيغۇرنىڭ سۆز ۋە ھەرىكىتىنى پەيدا قىلىۋاتقان، قېلىپقا سېلىۋاتقان، خۇلاسىلاۋاتقان بۇ مەپكۇرىلەرنىڭ توقۇلۇش، تارقىلىش ۋە ئېتىراپ قىلىنىشىنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىشتۇر. يازمىنى يېزىشتا مەپكۇرىلەرگە مىسال ئېلىشتا ئېھتىياج

تۆپەيلىدىن ئۆزەم كۆزەتكەن ۋە توپلىغان بەزى تەپسىلارنىمۇ قوشتۇم.

بىرىنجى مەپكۇرە: ئۇيغۇرغا كۆلپەت ئىللەتلىك ئۇيغۇردىن كېلىدۇ

ھېكايەت: كىم مۇناپىق ؟

ھېيتگاھنىڭ ئەتراپىدا موزدۇزلۇق قىلىدىغان بىر ئۇيغۇر بارمىشكەن. بىر كۈنى ئۇ جۈمەگە ماڭاي دەپ تۇرسا بىر خەنسۇ ئايغىنى ئوڭشۇتۇشقا كەلگەنمىش. قوشنا موزدۇزدىن بىرى «ئۇيغۇراخۇن جۈمەگە كېچىكىپ قالمىسىلا ماڭىلى» دېيىشىگە جاۋابەن ئۇيغۇراخۇن «ماۋۇ مۇناپىقنىڭ ئايىقىنى تۈزىۋېتىپ ماڭاي» دېگەنمىش. ھېلىقى خەنسۇ ئايىغىم ئۇنداق بولۇپ قاپتۇ. مۇنداق بولۇپ قاپتۇ دەپ ئۇيغۇراخۇننى جۈمەدىن قويغانمىش. ئاياغ ئوڭشۇلۇپ جامائەت جۈمەدىن يانغاندىن كېيىن خەنسۇ خېرىدار پۇلنى ئىشخانىدا بېرىدىغان بولۇپ موزدۇزنى ئەگەشتۈرۈپ ساقچىخانىغا ئېلىپ كەلگەنمىش. ئۇيغۇراخۇننى ئىشخانىسىنىڭ ئىچكىرىدىكى بۆلۈمگە باشلاپ ئولتۇرغۇزۇپ قويغانمىش. موزدۇز ئىچىدە ئولتۇرۇپ تاشقىرقى ئىشخانىدا ئۇيغۇر قۇلاقلارنىڭ ھېلىقى خەنسۇ ساقچىغا دوكلات قىلغان ئۇ مەسجىدتە ئۇ خاتىپ ئۇنى دېدى، بۇ جامەدە بۇ خاتىپ بۇنى دېدى، مەسجىد ئالدىدا جامائەت بۇنى دېيىشتى، ئۇنى مۇلاھىزە قىلىشتى دېگەن مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىغانمىش. ھېلىقى خەنسۇ ئىشىنى تۈگىتىپ كىرىپ ئۇيغۇراخۇنغا ئۇيغۇرچە «قانداق؟ كىم مۇناپىقكەن؟ سېنىڭ مىللىتىڭمۇ مەنمۇ؟» دېگەنمىش ۋە پۇلنى بېرىپ يولغا سالغانمىش. بۇ ھېكايەتنى قەشقەردە بىر قانچە كىشىدىن ئاڭلىدىم. ئامېرىكىدا ئوقۇشتىن بۇرۇن بۇنداق ھېكايەتنى ئۈرۈمچىدە كۆپ ئاڭلىغان بولساممۇ پەرۋا قىلمىغانىكەنمەن. ھازىر ئويلاپ باقسام ھەممە خەقنىڭ ئاغزىدا، ھەممە يەردە تارقىلىپ يۈرگەن ھېكايەتتە بىر خەلقنىڭ ئورتاق تونۇشى ئەكس ئەتكەن بولۇدۇكەن.

يۇقارقى ھېكايە ساختا، بۇنى ئۇيغۇرغا پەقەت ئۇيغۇردىنلا زۇلۇم كېلىدۇ، ئۇيغۇرنىڭ پىشكەللىكىگە سەۋەپ ئۇيغۇرنىڭ ناچار خۇيلىرى دېگەن قاراشنى

ئىسپاتلاش ئۈچۈنلا توقۇپ چىقىشقان. مەيلى قەشقەردە ياكى باشقا ئۇيغۇر ۋىلايەتلىرىدە بولسۇن ئۇيغۇر خەنسۇنى مۇناپىق دەپ تىللىمايدۇ. بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتنى تىللايدىغان سۆزلىرى ئادەتتە تۇراقلىق بولىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ بۆلەك مىللەتنى بولۇپمۇ مۇسۇلمان ئەمەس خەنسۇلارنى تىللايدىغان تۇراقلىق ھاقارەت سۆزلىرى ئىچىدە مۇناپىق دېگەن سۆز يوق. ئادەتتە ئۇيغۇرلاردا مۇسۇلمان مۇسۇلماننى مۇناپىق دەپ تىللايدۇ. بۇ ھاقارەت سۆزى قۇرئانى كەرىمدە بىر سۈرىنىڭ نامى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ ئىسلام دىنىدىن يۈز ئۆرۈگۈچى مەنىسىدە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە مۇناپىقلىقنىڭ سۈپەتلىرى ئېنىق بايان قىلىنغان. يەنە بىرى شۇنچە مۇھىم ئاخباراتلارنى يىغىشقا مەسئۇل خەنسۇ ساقچى بىر ئۇيغۇر مۇزدۇزنى مەخپىيەتلىكلەرنى ئاڭلاشقا ئىشخانىسىغا تەكلىپ قىلمايدۇ. بىر خەنسۇ ساقچىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتالمىش مۇناپىقلىق ئىللىتىنى بىر ئۇيغۇرغا تونۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنچە جاپا چېكىپ كېتىشىنى چۈشەنمەك تەس.بۇنداق ھېكايىلەرنىڭ توقۇلۇشى ھەيران قالارلىق ئەمەس، ھەيران قالارلىقى بۇنداق ھېكايىلەرنىڭ يۇرت ئاتلاپ تارقىلىپ يۈرۈشى ۋە ئاڭلىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭغا ئىشىنىشى. ئەمەلىيەتتە ئىنسان ئىشىنىشكە تېگىشلىك پاكىتقا ئەمەس ئىشىنىشنى خالىغان پاكىتلارغا ئىشىنىدۇ. ئۇيغۇر مۇشۇنداق بىر پاكىتقا ئىشىنىشكە مايىل بولغاچقا مۇشۇنداق ھېكايىلار ئۇيغۇرئارىسىدا يايغىنىدۇر.

يۇقارقى توقۇلمىدا كىشىلەر يۈزلىنەلمەيۋاتقان بىر ھەقىقەت بار. ئۇيلاپ باقايلى، مۇناپىقلارنى مۇكاپاتلايدىغان ھېلىقى ساقچى بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىشخانىسى مۇناپىقلارنىڭ يىغىلىدىغان بىخەتەر سورۇنى بولمىغان بولسا ئاتالمىش مۇناپىقلار نەدە، كىم ئۈچۈن مۇناپىقلىق قىلار ئىدى. نىمىشقا شۇ مۇناپىقلار كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئەمەس، ئاشۇنىڭ ئىشخانىسىدىلا مۇناپىقلىق قىلىلايدۇ. مىللىتىگە مۇناپىقلىق قىلغانلار ئىزچىل پايدا ئالىدىغان، ئەقىدىسىگە سادىق بولغانلار دائىم زىيان تارتىدىغان بىر جەمىيەتتە مۇناپىقلىق ئەۋج ئالامدۇ ياكى ئەقىدە ئۈچۈن ساداقەتمەنلىكمۇ. ھەر

قانداق ئىجتىمائىي ئىللەت مەلۇم مەنبەدىن چىقىدۇ ۋە مەلۇم سورۇندا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ.

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئابدۇللاھ ئابدۇرەھمىنىڭ «بۇ قىسمەتكە نېمە دەي ئۆزەمنىڭ شورى» دېگەن ناخشىسى مودا بولغان ئىدى. بۇ ناخشىدا خۇلاسىلانغىنى ياغاچنى كېسىدىغان پالتىنىڭمۇ سېپى ياغاچتىن بولىدۇ، قىرىلىش، قىينىلىش ۋە قىسىلىشلارنىڭ مەنبەسى ئۇيغۇرنىڭ شورلۇق ئىللەتلىرىدۇر، دېگەن ھۆكۈمدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ھۆكۈمنى 2009-يىلى ئامېرىكىغا مېڭىشنىڭ ئالدىدا ئۇستاز ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىنىڭ ئاغزىدىن «بىز تېخى ئۇيغۇر زۇلۇمىدىن قۇتۇلمىدۇق» دېگەب شەكىلدە قايتا ئاڭلىدىم. قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن مەزكۇر ھۆكۈمنىڭ ئاللىقاچان ئانام بىلەن دادامغىچە ئومۇملاشقانلىقىنى بايقاپ ئازاپلاندىم. بۇ ھۆكۈمنىڭ ئاقىۋىتى ئۇيغۇرنى ئۇيغۇردىن بەزدۈرۈش، ئۇيغۇرنى بىرلىكتىن تەزدۈرۈش بولۇپ خۇلاسىلىنىدۇ. بۇ ھۆكۈمنىڭ بۇنچە يايغىن بولۇش سەۋەبىگە كەلسەك، مەيلى بۇ ھۆكۈمنى تارقاتقۇچى بولسۇن ياكى ئىشەنگۈچى بولسۇن ھېچ بىر خىيىم خەتەرگە ئۇچرىمايدۇ، ھېچ قانداق جاۋاپكارلىققا تارتىلمايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرغا كۆلپەت ئىللەتلىك ئۇيغۇردىن كېلىدۇ دېگەن بۇ پەلەسەپە بۇ زاماندا مەۋجۇدلۇق ئېھتىياجى، قىممىتى ۋە شارائىتىغا ئىگە.

ئىككىنجى مەپكۇرە: ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقسىز بولغاچقا داھى چىقمايدۇ

ھېكايەت: تەڭرى چوكا بەرگەن ئۇيغۇر

مەنچە كىتاپ ئوقۇپ باققان ئۇيغۇردىن بۇ ھېكايەتنى ئىشىتمىگىنى يوقمىكىن دەيمەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە تەڭرى مىللەتلەرگە بايلىقلارنى تەقسىم قىلماقچى بولۇپ ھوزۇرىغا چاقىرغانمىش. چاقىرىلغانلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇر كۆپ چۈش بولغاندا ئاران كەلگەنمىش، ھەممە بىردىن ۋەكىل كېلىدىغان يەرگە ئىككى بولۇپ كەلگەنمىش. شۇنىڭ بىلەن تەڭرى ئۇلارغا بىر بىرىگىلارنىڭكىنى كولاڭلار دەپ ئىككى چوكا بەرگەنمىش. بۇ ھېكايەتتە

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتالمىش ئىتتىپاقسىزلىقىنىڭ مەنبەسى چۈشەندۈرۈلگەن. مەنچە بۇ ھېكايەتنى رىياللىقنى قانداق چەشەندۈرۈشنى بىلمەيدىغان ياكى بىلسىمۇ ئەڭ بىخەتەر چۈشەندۈرۈش يولىنى تاللىۋالغان نامەرت زىيالىلار توقۇپ چىققان. بۇ ھېكايەتنى توقۇغۇچىلار ئۇيغۇرلاردىكى ئاتالمىش ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ مەنبەسىنى تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا باغلىغان. بۇ ھېكايەتنىڭ ئەڭ ھەجۋىي يېرى، ئۇيغۇرلارنى ھوزۇرىغا چاقىرغان تەڭرىنىڭ ئۈچ ئالاھىدىلىكى بار، بىرى ئۇيغۇرلارنى باشقۇرىدۇ، يەنە بىرى چوكىدا تاماق يەيدۇ، دائىم يېنىدا تەپرىق پەيدا قىلىدىغان چوكسى تەييار. ئۈچىنچىسى چوكا (رەزىل ۋاستىنىڭ سىمۋولى) بىلەن ئۇيغۇرلارنى زىددىيەتكە سالىدۇ. مەنچە بىر قىسىم زىيالىلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقسىز دېگىنى خەتەرلىك ئەمەس، ئەڭ خەتەرلىكى ئۇيغۇرلاردەك دىنىي تۇيغۇغا باي بىر خەلقنىڭ ئۆملۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەسلىكىنى تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشتۇر. ئۇيغۇرلاردا تەڭرىنىڭ ئىرادىسى، ئورۇنلاشتۇرىشى تەقدىر دەپ چۈشۈنۈلىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇرلاردىكى مەلۇم شارائىتتا، مەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بىر يەگىدىن قول چىقىرالماسلىقنى تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى دەپ چۈشەندۈرسەك خەلقنى تەقدىرگە تەن بېرىشكە ئۈگەتكەن بولىمىز.

ئۇيغۇرلارنى ئاتالمىش ئىتتىپاقسىزلىقتا سۆكىدىغان يەنە بىر ھېكايە تېخىمۇ تەۋبىگە قەرزدار. دېيىلىشىچە ئەگەر پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد (سەللەللەھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەم) ئۇيغۇر بولغان بولسا ئۇيغۇرلار ئۇ زاتقىمۇ ئەگەشمەسكەنمىش. ئۇيغۇرنى ئىتتىپاقسىزلىقتا سېستىدىغانغا بۇ قەدەر ئاشقۇن ھېكايەتلەرنىڭ جەمىيەتتە تارقىلىشى، بولۇپمۇ قەشقەردەك ئۇيغۇرنىڭ يۈرىكىدە بىخىرامان ئېقىپ يۈرىشى ئۇيغۇرنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئالىلىقاچان جامائەت ئىتىراپ قىلغان ھالەتكە ئۆتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇيغۇرلار راستىنلا ئىتتىپاقسىزمۇ دېگەنگە كەلسەك، بۈگۈنكى ئۇيغۇرنى ئىتتىپاقسىزلىقتا، تەپرىقچىلىكتە ئەيپلەۋاتقانلارنىڭ تۇتامغا چىققۇدەك، ھەممە ئۇيغۇر بىلگۈدەك پاكىتلىرى يوق. يىراقتىكىنى قويۇپ، ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشىيادىن ئۆتۈپ رېكورت ياراتقىنىنى، روزى سايىتنىڭ

ساۋاتسىزدىن ساۋاتلىققىچەبولغان بارلىق ئۇيغۇرنىڭ شائىرىغا ئايلانغىنىنى، نەچچە يۈز ئۇيغۇر ئۈچۈن نەچچە ئون مىڭ ئۇيغۇرنىڭ ئوتقا كىرگىنىنى... خىيال قىلىپ باقساقلا ئۇيغۇرنىڭ ئىتتىپاقلىقى بولمىسا يۇقارقى ھېچ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقمايدىغانلىقى ئايدىڭلىشىدۇ. ھازىر ئۇيغۇر جەمىيىتىدە ئۇيغۇرلار داھى بارمۇ يوقمۇ بىلمەيدۇ. ئەگەر بىلگەن بولسا، قايىل بولۇپ تاللىغان بولسا، سايلاپ باققان بولسا، بىلىش پۈرسىتى، قوللاش شارائىتى بولسا قوللىغان، ئەگەشكەن بولاتتى. ئۇيغۇردىكى ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ سەۋەبىنى چوكىنى ئالغان ئۇيغۇردىن ئەمەس شۇ چوكىنى بەرگەن، چوكىغا ئۆگەتكەن «تەڭرى»دىن ئىزدەش، ئۇنى دەرقەمتە تۈرۈپ تەنقىدلەش توسۇش مەسىلىنىڭ نېگىزى. چوكا بېرىدىغان، چوكا تۇتقاننى قوغدايدىغان «تەڭرى»لا بولۇدۇكەن كولايدىغانلارنى توساش، توگۇتۇش مۇمكىن ئەمەس.

ئۈچىنجى مەپكۇرە: ھۆكۈمەت ھەممىگە قادىر

سىنتەبىردە قەشقەردىكى ئەڭ چوڭ بىر ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسىنىڭ خادىم قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىغا دىققەت قىلدىم. ھەممىسىلا ئاتا-ئانىسىنى ئەگەشتۈرۈۋالغان ئىمتىھانچىلارنىڭ كۆپىنچىسى تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتلارنى پۈتكۈزۈپ شەخسىي دوختۇرخانىلاردا ئىشلەۋاتقانلار ئىكەن. ھەتتا بەزىلىرىنىڭ ئىشلەۋاتقىنىغا تۆرت بەش يىل بولغانىكەن. مەزكۇر ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسىنىڭكى مۇئاشى ھازىرقى ئىش ئورنىنىڭ مائاشىدىن تۆۋەن بولسىمۇ ئۇلار ۋاز كېچىشكە رازى ئىكەن. شەخسىي دوختۇرخانا ھازىر ئوبدانىدەك قىلغان بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ بولمىغاچ كېيىنلىكىنى ئويلىغاندا يەنىلا مۇشۇ ھۆكۈمەت دوختۇرخاناسى ياخشىمىش. ئۇيغۇر تىلىدا كېيىنلىك دېگەن ئەسلى ئۇ دۇنيا مەنىسىدىمۇ كېلەتتى. كېيىنلىكىمىزگە ياخشى دەپ ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسىنى تاللىغىنىدىن قارىغاندا ھۆكۈمەتنىڭ ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيا باقىدىغانلىقى بەزەنلەرنىڭ كاللىسىغا سىڭىپ بولغان بولسا كېرەك.

بىر كۈنى بىر قانچە يېزا كادىرى بىلەن سۆھبەتداش بولۇپ قالدىم.

دېيىشىچە ئۈرۈمچىگە چىقىپتىمىش. ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ سومكىسىنى ساقلىتىپ قوياي دەپ ھۆكۈمەتنىڭمىكىن دەپ بىر ئامانەتخانىغا كىرسە ئىشلەيدىغانلار خوجايىنىدىن تارتىپ خادىملىرىغىچە ھەممىسى ئۇيغۇردىنمىش. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەسكەن، بىر ئىش بولسا ئىگە بولالمايدۇ، دەپ ئۇ يەردە ساقلاتمىغانمىش. بۇ گەپنىڭ قىزىق يېرى، قەشقەردىكى بىر يېزا كادىرى ساپ ئۇيغۇر ئىشلەيدىغان بىر يەرنىڭ ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلىقىغا ئىشەنمەيدىكەن. ئۇيغۇرنىڭ بىر ئىشقا مۇستەقىل ئىگە بولالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىكەن. شەخسلەرنىڭ ئىگىلىكىنى ھۆكۈمەتنىڭ بولمىغاندىكىن بىر تاسادىپىيلىق يۈز بەرسە ئىگە بولالمايدۇ، دەپ خاتىرجەم بولالمايدىكەن. خۇدايىم بۇيرىسا، خۇدايىم ساقلىسۇن دېگەن گەپلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمەتنىڭكى ساقلىمىسا شەخسىينىڭ ساقلىيالمايدۇ دېيىشلىرى ئاجايىپكەن.

بىر قانچە دېھقان بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت دېگەن سۆزگە ئاكا كەلىمىسىنى قوشۇپ ھۆكۈمىتىكام دېيىشلىرى خۇددى قايسىدۇ بىر تۇققىنى ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بىرسى «مۇشۇ خەقلىنى دەيمەن، سىڭگەن نېنى يېسە بولمامدۇ، نېمە قىلالايدۇ ھۆكۈمەتنى؟ بۇ ھۆكۈمەتنىڭ بىلمەيدىغىنى، قولىدىن كەلمەيدىغىنى يوق جۇما!» دېۋىدى يەنە بىرى «ھۆكۈمەت پەقەت ئىككىلا ئىشنى قىلالمايدۇ، بىرى ئاشلىق ياسىيالمايدۇ، يەنە بىرى ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەلمەيدۇ. مۇشۇلارنى قىلالىغان بولسا قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ دېسەك بولاتتى» كىچىكىمدە ئاللاھ ھەممىگە قادىر دەپ ئاڭلايدىغان، ئۇلارنىڭ گەپلىرى ماڭا ھۆكۈمەت ھەممىگە قادىر دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

### تۆتىنچى مەپكۇرە: شەخسنىڭ مەۋجۇدلۇقىدىكى رازىلىق ئۆلچىمى

قەشقەر تىپىك سودا شەھرى بولغاچقىمىكىن تۇرمۇشتا رازىلىققا باغلانغان چۈشەنچىلەر بەكرەك خېرىدارلىق. قەشقەردە ھېيتتا خالىس پەتىلىشىدىغان، مەسجىدنى بىرلىك قىلغان جامائەت بىر بىرىنى رازى

قىلىش ئۇچۇن ئۆي ئۆيلەرگە باش تىقىپ ئۆتىشىدۇ. شۇنداق پەتىلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق گەپلەر قۇلۇقۇمغا كىرىپ قالدى: «... ئۇنداق ئادەملەردىن ھۆكۈمەتمۇ رازى ئەمەس، خۇدايىممۇ رازى ئەمەس، ئاتا ئانىسىمۇ رازى ئەمەس، خوتۇن بالاۋاقىسىمۇ رازى ئەمەس. ئۇلار نېمىشقا ئۇنداق تۇخۇمنى تاشقا ئۇرىدىغان ئىشلارنى تولا قىلىدىغاندۇر؟ ئادەمنى نېمىشقا تىنچ ياشىغىلى قويمايدىغاندۇ؟؟» بۇ گەپلەر دائىم قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمەيدۇ. بۇ مىھمانلارنىڭ ئۇ كىشىلەردىن ھېچ كىمنىڭ رازى ئەمەسلىكىنى قانداق بىلىۋالغانلىقى مېنى قىزىقتۇردى. ئەگەر بىر كىشىنىڭ تۇرمۇشى، مەۋجۇدلۇقى ھۆكۈمەتتىن تارتىپ پاشا قوڭغۇزغىچە ھەممىنى رازى قىلىش ئۇچۇن داۋام قىلسا كىشىلىك ئىززەت، قەدىر قىممەت، ھوقۇق، غۇرۇر، ئارزۇ خاھىش دېگەنلەر ھېچ نېمىگە ئەرزىمىسە كېرەك. ئۇلارچە شەخسنىڭ مەۋجۇدلۇقى ھەممىنى باشقىلارنىڭ رازىلىقى ئۇچۇن قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئىتىراپقا ئېرىشسە كېرەك. شەخسنىڭ مۇستەقىللىقى، قىممىتى، ھۆرمىتى، بەختى شارائىتىنىڭ رازىلىقى بەدىلىگە مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈدۇغان جەمىيەتتە ئىجادىيلىق، يېڭىلىق، جۇشقۇنلۇق، ئازادىلىك، پىداكارلىق ھامان يەكلىنىدۇ.

بەشىنجى مەپكۇرە: رىياللىقتىن تەسەللى تىلەش ۋە رىياللىقنى ساختا ھەقلىقلەشتۈرۈش.

قەشقەردە ھەممىنى بىلىدىغان، ئالەمنىڭ گېپىنى قىلىپ يۈرۈيدىغان كىشىلەر بار ئىكەن. بىر كۈنى بىرەيلەن «دەۋلەتىمىزنىڭ كېيىنكى رەھبىرى شى جىنپىڭ بولارمىش. شىجىنپىڭ دېگەن كىشىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى ئائىلىسى بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىنمىش» دەپ قالدى. ئېنىقكى بۇ گەپتە رىياللىقتىن تەسەللىي ئىزدەش خاھىشى بار ئىدى. مەندەك كىشىلەرگە بۇ گەپ ئەپسانىدەك تۇيغۇ بەرسىمۇ شۇ كىشى تەۋە قاتلامغا بۇ بىر زور تەسەللى ئىدى. ئۇمىدنى نوپۇزغا، جەمەتكە، مۇناسىۋەتكە باغلاش ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر جەمىيەتتە بىر قاتلامدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنداق ھېكايەتلەر

بىلەن كۆڭلىگە تەسەللى تېپىشى تاسادىپىلىق ئەمەس ئىدى. مەكتەپكە مۇۋاپىق بىر ئورۇننى ئىجارىگە ئالماقچى بولۇپ بىر قاسساپ بىلەن پاراڭلىشىپ قالدۇق. ئۇ كىشىنىڭ ئاغزىدىن «ماۋزېدوڭ قۇرئاننى جىق ئوقۇغانىكەن» دېگەننى ئاڭلاپ ھەيران قالمىدىم. چۈنكى بۇ رىۋايەتنى مەن خېلى كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ ئاڭلاپ كېلىۋاتقانىدىم. مېنى تاڭ قالدۇرغىنى «ماۋزېدوڭ قۇرئاننى جىق ئوقۇغان، كومپارتىيەنى قۇرغاندا قۇرئانغا ئۇيغۇن نىزامنامە بېكىتكەن. شۇڭا دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنى قۇرئانغا ئۇيغۇن كېلىدۇ» دېگىنى بولدى. شۇئان ئېسىمگە ماۋزېدوڭ ئۇيغۇر دېگەن لەتىپە كەلدى. تەسەۋۋۇرۇمچە ماۋزېدوڭ كومپارتىيەگە قۇرئانغا ئۇيغۇن نىزامنامە بېكىتكەن دېگەنلىك مەۋجۇد ھاكىمىيەتنى دىنى جەھەتتىن ھەقلىقلەشتۈرۈش (ئىسلام ھاكىمىيىتى دەپ تونۇش) ، ماۋزېدوڭ ئۇيغۇر دېگەنلىك ھاكىمىيەتنى مىللىي(ئۇيغۇرلۇق) جەھەتتىن ھەقلىقلەشتۈرۈش (ئۇيغۇرنىڭ ھاكىمىيىتى دەپ تونۇش) سانىلىدىكەن. رېئاللىقنى دىنىي جەھەتتىن يوللۇقلاشتۇرۇۋاتقانلار دىنى زىيالىلار، مىللىي (ئۇيغۇرلۇق ) جەھەتتىن ھەقلىقلەشتۈرۈۋاتقانلار پەننىي زىيالىلار ئىكەن. ئىزدىنىش تورىدا قىززىغان ماۋزېدوڭنىڭ ئۇيغۇرلۇقى ھەققىدىكى مۇنازىرە يۇقارقى قارىشىمىزنى دەلىللەيدۇ. بۇنداق ھەقلىقلەشتۈرۈش تارىختىمۇ بولغان. 14- ئەسىرلەردە تۇڭگان ئۆلىمالار موغۇللارنىڭ ئورنىغا ھاكىمىيەت تىكلىگەن جۇ يۈەنجاڭ جەمەتىنى مۇسۇلمان دەپ گەپ تارقىتىپ تۇڭگان مۇسۇلمانلىرىغا ھاكىمىيەتنى ھەقلىق دەپ قوبۇل قىلغۇزغان، ئۆلارنىڭ ھاكىمىيەتكە مايىللىقىنى كۈچەيتكەن. مەيلى تارىختىكى ياكى بۈگۈنكىسى بولسۇن، مەۋجۇد ھاكىمىيەتنى يوللۇقلاشتۇرۇش ساختىلىقى ئۈستىگە قۇرۇلغان. تارىختا بۇنداق ئىشلارنىڭ راست يالغىنىنى ئايرىش بەسى مۈشكۈل ئىدى. بۈگۈنكىدەك ئۇچۇر دەۋرىدە تەيپۈنەم دەۋرىدىن قالغان ئۇسۇللار بىلەن ھاكىمىيەتنى ھەقلىقلەشتۈرۈش بەدىلىگە نىسىۋە تاما قىلىش ساددىلىلارچە ئالدامچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئالتىنچى مەپكۇرە: ئۇيغۇرنىڭ يارىماسلىق تارىخىنى توقۇپ چىقىش ۋە

كەمىستىش

قەشقەردە ئۇيغۇرنىڭ يارىماسلىق تارىخىنى توقۇپ چىققان بىر ھېكايىنى ئاڭلىدىم. رىۋايەت قىلىنىشىچە ئوسمان ئېلى 1933- يىلى ئۇلۇغچاتتىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغاندا ئۇيغۇرلار ئارىلاشماي بىخارامان تىجارىتىنى قىلىۋەرگەنمىش. بۇ ئېنىقكى قۇرۇق گەپ. ئوسمان غازى قىرغىز بولغان بىلەن ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇرلار خېلى كۆپ ئىدى. ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ ماسلىشىشى بولمىغان بولسا ئوسمان غازى قەشقەرنى ئالالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1930-يىللاردا نەشر قىلىنغان گېزىتلەردىن بىلىشىمىزچە ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇر، ئۆزبېك دېگەن گەپلەر يوق ئىدى. ئۇ زامانلاردا ئىسلامنى قوغداش ۋە يەرلىك ئاۋامنىڭ مەنپەئەتى كاپالەتلەندۈرۈش شۇئارى كىشىلەرنى بىرلەشتۈرەتتى. ئەگەر مىللەت ئايرىش توغرا كەلگەندە قىرغىز، ئۇيغۇر، ئۆزبېك دېگەن 1949- يىلدىن كېيىنكى نام ئەمەس تۈرك دېگەن ئورتاق نام قوللۇنۇلاتتى.

ستالىن مەدھىيەلىنىدىغان زاماندا ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىر رىۋايەت بولۇدۇغان. ئېيتىلىشىچە ستالىن روستىن قوماندانىم بولسا، خەنسۇدىن مەسلەھەتچىم بولسا، ئۇيغۇردىن ئەسكىرىم بولسا پۈتۈن دۇنيانى قولغا كەلتۈرگەن بولاتتىم دېگەنمىش. بۇ ئەپسانىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىلمەيدىغانلار ئاز بولۇشى مۇمكىن. مەن شۇنىڭغا ھەيران، نېمىشقا ئۇيغۇرلار روسنىڭ قوماندانلىقى، خەنسۇنىڭ مەسلەھەتى بولمىسا ھېچ ئىش قىلالمايدىغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن بۇ رىۋايەتنى پەخىرلىنىپ تارقىتىپ، سۆزلەپ يۈرىدۇ؟ ئەجەبا ئۇيغۇر قوماندان بولسا، مەسلەھەتچى بولسا بولمامدىكەن. ئۇيغۇرنىڭ باتۇرلىقىنى ستالىنسىز، ستالىننىڭ دۇنيانى يۇتىۋېلىش قارا نىيىتىگە باغلىماي تۇرۇپ ئىسپاتلىغىلى بولمامدۇ. ئۇيغۇردىن قوماندان چىقمىغانمۇ. ئەگەر بۇ پاكىت بولۇدۇغان بولسا جەنۇپ ئۇيغۇر ۋىلايەتلىرىنى گومىنداڭنىڭ قولىدىن ئازات قىلىپ ئاقسۇغىچە

باستۇرۇپ كەلگەن قۇماندان سوپاخۇن سۇۋۇرۇۋ ئۇيغۇر ئەمەسمىكەن. شۇ چاغدا سوپاخۇن غازى 200 گىمۇ يەتمەيدىغان قوشۇن بىلەن مۇز داۋاندىن چۈشكەن. گومىنداڭنىڭ شۇ چاغدا ئاقسۇدىكى قوشۇنى ئون مىڭدىن ئاشاتتى. 1860- يىللاردىكى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كۇچا ئۇيغۇرلىرى ئىنقىلابىنىڭ قۇماندانى راشىدىن خوجا قارا يۇلغۇندا ئۆزىدىن ئون نەچچە ھەسسە جىق چىڭ قوشۇنلىرنى يەر چىشلىتىپ ئاقسۇنى ئالغانىكەن، بۇلار ئۇيغۇر ئەمەسمىكەن. راشىدىن خوجا، سوپاخۇن غازى قۇماندان ئەمەسمىكەن. ئۇيغۇرنىڭ باتۇرلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ماختاش ئۈچۈن روسنىڭ قۇماندانلىقى، خەنسۇنىڭ مەسلەھەتچىلىكى تەكىتلەنمىسە بولمامدىكەن. بۇ رىۋايەتتە ئۇيغۇر قۇماندانلىقتا، پىلان-لايىھەگە چولتا، پەقەت باشقىلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشقىلا ماھىر دەپ كەمسىتىلگەن. بۇ رىۋايەتنى توقۇغۇچىلار ۋە تارقاتقۇچىلاردا ئۇيغۇرنى كەمسىتىش ۋە ئۇيغۇردىن كەمسىنىش خاھىشى كۈچلۈك.

خۇلاسە

ئاۋام ئۇيغۇردا رىياللىقتىكى خۇشاللىق، خاپىلىق، ۋەقە، ھادىسە، پىشكەللىك ۋە پاجىئەلەرنىڭ سەۋەبىنى بىر بولسا ئۆزىدىكى ئاجىزلىق ۋە ئىللەتلەردىن كۆرۈش، يەنە بىر بولسا غايىپ بىشارەتلەرگە ياكى خۇدايىمنىڭ ئورونلاشتۇرىشىغا جوروش، ئۈچىنچىسى ئۇرۇق پۇشتىنىڭ نەسەبىگە، تارىخقا ۋە كەچۈرمىشلىرىگە باغلاش ئادەتكە ئايلانغان. ئۇيغۇرنىڭ رىياللىقى چۈشەندۈرۈلۈۋاتقان، باھالىنىۋاتقان ۋە مۇلاھىزە قىلىنىۋاتقان يۇقىرىقى رىۋايەت، پاراڭ ۋە سۆزلەنمىلەردە بۇ ئادەتنىڭ داۋام قىلىنىۋاتقانلىقى كۆرۈلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئادەتنىڭ نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلىرى بار، چۈنكى ھەر قانداق ئىشنىڭ كونكرېت سەۋەبى بولىدۇ. ھەرقانداق كۈلپەتنىڭ سەۋەبچىسى بولىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرغا كەلگەن كەلگۈلۈكلەرنى زامان ۋە ماكاننىڭ تۈرلۈك چەكلىمىلىرىگە قاراپ ھەرخىل شەكىلدە يۇمۇلۇتۇپ چۈشەندۈرۈش ئىلمىيلىك ۋە لىللاھلىق ئەمەس. يازمامدا مەن پەقەت ئۆزەم ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلەردىن بىر قانچىنى خۇلاسىلەپ باقتىم. بۇنداق بىر دىلبايان شەكلىدىكى يازمىدا

ئۆيلىغانلىرىمنىڭ، ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەممىنى يېزىپ، تەھلىل قىلىپ، خۇلاسە قىلىپ بولۇشۇم مۇمكىن ئەمەس. بۇندىن كېيىن يەنە ئىمكان يار بەرسە بۇ ھەقتە ئۆيلىغانلىرىمنى يەنە قەلەمگە ئېلىشىم، داۋاملىق تولۇقلىشىم ئېھتىمال.

# ئۇلۇغلانغان رەسىم، ئۇنتۇلغان روھ

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە مەمتىلى تەۋپىق تۇغۇلغانلىقىنىڭ يۈز ئون يىللىق خاتىرىسىگە

## ئۇلۇغلانغان رەسىم، زىكرىسىز ئىسىم

بۇ يىل ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (1901-1932) ۋە مەمتىلى ئەپەندى (1901-1937 ) تۇغۇلغانلىقىنىڭ يۈز ئون يىللىق خاتىرە يىلى. بۇ يىلنىڭ ئۇيغۇردا قانداق خاتىرىلىنىدىغانلىقى ئىزچىل دىققىتىمنى تارتىپ كەلگەندى. ۋاھالەنكى، مۇبارەك يۈز ئون يىل ئاياقلىشىشقا ساناقلىقلا كۈنلەر قالغان بۇ دەملەردە ھېچ يەردىن ئۈنلۈكرەك بىر سادا چىقمىدى. ئونلاپ دادىلارنىڭ نەزىرىسىگە چاقىرىلدىم، ئەمما بۇ ئىككى شەھىدنىڭ يۈز ئون يىللىقى ئۈچۈن ھېچ كىم نەزىرگە تەكلىپ قىلمىدى. ئىككى ئۈچ لېكسىيەگە ئىشتىراك قىلدىم، ئەپسۇسكى بۇ ئىككى پېداكارنىڭ ئۇيغۇرغا ئاتىغان ئىسسىق جانلىرىغا ھېچ يەردە سۆكۈتتە تۇرۇلمىدى، تەزىيە بىلدۈرۈلمىدى. يا ئۇيغۇر ئاۋامىنىڭ ئادىتى بويىچە ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر قىلىنىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىنمىدى، يا ئۇيغۇر زىيالىيلارنىڭ يوسۇنى بويىچە بىرەر مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلمىدى. ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈنى ئۈچۈن مېلى ۋە جېنىنى پىدا قىلغان بۇ ئىككى نامدار شەھىدنىڭ نامى تۈمەنلىگەن نامسىز شەھىدلەرنىڭكىدەك تىللاردا زىكرىسىز، دىللاردا پىكرىسىز قالدى. ئۇنداقتا شەھىدلەر ئۇنتۇلدىمۇ؟ توردىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە مەمتىلى ئەپەندىگە دائىر يېزىلغان ماقالە ۋە باشقا مەلۇماتلارنى تاپتىم، رەسىم دېسەم رەسىم، شېئىر دېسەم شېئىر چىقتى. ئوقۇي دېسەممۇ بار، ئاڭلاي دېسەممۇ بار. ئېسىمگە بۇ ئىككى مۇبارەك شەھىدنىڭ شېئىرلىرىنى قۇرمۇ قۇر كۆچۈرۈپ چىققان ئەينى چاغلار كەلدى. ئۇ چاغلاردا بۇ ئىككىيلەن بىزدىن يىراق ئىدى. ئەسەرلىرىمۇ بۈگۈنكىدەك

بىخەتەر، تولۇق ۋە ئاسان تېپىلمايتتى. دېمەك ھازىر ئۇلار بىزگە بۇرۇنقىدىن جىق يېقىنلىشىپتۇ. ئۇلار كۆز ئالدىمىزدا، يېنىمىزدىلا بار ئىكەن. ئىشخانىلاردىن، مېھمانخانىلاردىن، كىتاپخانىلاردىن، ساتىراچخانىلاردىن، ئاشخانىلاردىن، رېستورانلاردىن بۇ ئىككى ئۇلۇغنىڭ رەسىمىنى كۆردۈم، ئۇلار ھەقىقەتەن ئۇنتۇلماپتۇ. ئۇنتۇلمىغانىكەن، نېمىشقا خاتىرلەنمەيدۇ؟ بۇلارنى ئويلىغىنىمدا ئېسىمگە قەشقەردە تاكسىسىغا ئاللاھ دېگەن ئەرەبچە خەتنى ساڭگىلىتىۋالغان تاكسىچىلار كەلدى. ماڭا شۇنداق تاكسىچىدىن ئۈچ تۆرتى «ئاللاھ رازى بولسۇن تاماكا چەكمىسىڭىز» دېگىنىم ئۈچۈن قوپاللىق قىلغانىدى. ئاللاھ دېگەن خەتنى ئېسىۋېلىپ ئاللاھنىڭ بۇيرىغانلىرىغا ئەمەل قىلمىغان تاكسىچى بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ نەزمىلىرىنى چاپلىۋېلىپ ئۇلارنىڭ يۈز ئۇن يىللىقىنى خاتىرلەشكە سۇسلۇق قىلغان، خۇپسەنلىك قىلغان تەتقىقاتچىنىڭ، ئالدامچىلىق قىلغان تاپاۋەتچىنىڭ نېمە پەرقى؟ مەيلى ئېسىلغان رەسىم، شېئىر ياكى ساڭگىلىتىلغان كۆرۈملۈك بولسۇن ھەممىسى بەلگە، شەكىل خالاس. ئۇنداق كىشىلەردە ئۇلۇغلانغىنى، ئۇنتۇلمىغىنى پەقەت رەسىم، يالغۇز ئېتى قەغەز قارىسى سىياھ خەت. بۇنداق رەسىم ۋە خەتلەرنىڭ ئۇلۇغلىنىشىغا بىر مەنپەئەتكە باغلانغان مەقسەد يوشۇرۇنغان. ئۇ بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئېتىقادلىق كۆرۈنۈپ تاپاۋەتنى كېڭەيتىش، باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە غۇرۇرلۇق ئىكەن دېگەن تەسىرنى قالدۇرۇپ نوپۇز قازىنىش، مەنپەئەت ئۇندۇرۇشتۇر . بۇنداق ئۇلۇقلىرىمىزنىڭ رەسىمىنى چاپلاش لېكىن نامىنى زىكىر قىلماسلىق، شېئىرىنى ئېسىش بىراق مەنىسى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەسلىك ئىقتىسادى قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنغان، ئىقتىسادى مەنپەئەت مۇناسىۋەتى بارلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۇلىغا ئايلانغان جەمىيەت رىياللىقىنىڭ مەھسۇلى ۋە شۇنداق جەمىيەتتىكى مودا كەيپىياتتۇر. ئەلۋەتتە، تۈرلۈك ئىمكانسىزلىقمۇ بار. جەمىيىتىمىزدە ئومۇملاشقان ھەرقانداق ئىش ۋە

ھادىسىنىڭ نەپسى خاھىشىمىزغا، تۇرمۇشىمىزغا ئەپلىك تەرىپىنى ياكى ئارزۇيىمىزغا نەپلىك تەرىپىنىلا موھىم بىلىش بىزنى جوڭگۇچە زامانىۋى بۇددىزىمغا سۆرەۋاتىدۇ.

## ئۇلار ھېچكىمنىڭ دادىسى ئەمەس ئىدى

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن مەمتىلى ئەپەندى تۇغۇلغان يۈز ئون يىللىق خاتىرە پەيتلىرىنىڭ ئۈن- تىنسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئۆيدە ئاكام بىلەن ئەپسۇسلىنىشتۇق. تۇيۇقسىز ئاكام سوراپ قالدى،

— ئۇلارنىڭ بالىسى يوق بولغىيمىدى؟

— ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بالىسى يوق. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئەدىبە ئىسىملىك بىر قىزىنى غۇلجىدا ھايات ئىكەن دەپ ئاڭلىغانىدىم، دېدىم. شۇئان ئېسىمگە ئۆزىنى «مەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ جىيەن قىزى» دېگەن بىر ئايال كەلدى. ئۇ ئايال خەنزۇۋان بولۇپ بىر قۇربان ھېيتتا خەنسۇچە ناخشا كېچىلىكى كۆرۈپ ئولتۇرغىنىغا ئەجەپلەنگىنىمدىن تاڭ قالغانىدى. ئۇنىڭ چۈشەندۈرىشىچە مىنكاۋخەنچە ناخشا بولمىسا چۈشىنەلمەيدىكەن. ئارىمىزدىكى بۇ سۆھبەتتىن تۇيۇقسىز بۇ ئىككى شەھىدنىڭ خاتىرلەنمەسلىكىدىكى يەنە بىر سەۋەبنى ئاڭقارغاندەك بولدۇم. شۇنداق، ئۇلارنىڭ بالىسى يوق ئىدى. بولغان تەقدىردىمۇ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى چۈشەنگىدەك ئۇيغۇرچە سەۋىيىسى يوق، ئاتا بوۋىسىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلغۇدەك جاسارىتى كەم بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداق، ئۇلار ھېچكىمنىڭ دادىسى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ھېچكىم ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان تىلاۋەت قىلدۇرمىدى. ھېچكىم ئۇلار ئۈچۈن داش قازان ئېسىپ نەزرە قىلمىدى. ھېچكىم ئۇلارنىڭ يۈزئون يىللىقى ئۈچۈن تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ تەلەپ تەقدىم پروگراممىسىدا ناخشا تەلەپ قىلمىدى. بىز دېگەن ئۇقۇمنىڭ ۋەزنى بارغانچە ئېغىر كېلىۋاتقان، بىز دېگەن ئۇقۇم ئاڭلاتقان مەنا بارغانچە سۇسلاشتۇرۇلۇۋاتقان، بىز دېگەن ئۇقۇمدا چىڭ تۇرۇش كىشىگە تۈمەن تۈرلۈك پىشكەللىكلەرنى ئارتىپ قويۇۋاتقان، بىزنىڭ دېگەندىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق بارغانچە تەس كېلىۋاتقان بۇ كۈنلەردە

مەنىلىك سەۋداسىدا يۈرگەن ئاۋارەلەرنىڭ ئىچىدىكى قايسى بىتەلەيىنىڭ يادىغا يەتسۇن ئۇ ئىككى شەھىد! يەر، سۇ، تۇپراق، ھاۋا، مەسجىد، مەقبەرە، مەدەنىدىن تارتىپ تىل، دىن ئۆرۈپ-ئادەت، غۇرۇر، شەرەپ، نومۇسلارغىچە ھەممىسى ھۆكۈمەتنىڭ تۇرسا، بۇ ھالدا مەنىنىڭ-شەخسىنىڭ ئۇ ئىككى پىداكاردا نېمە مەسئۇلىيىتى، نېمە ئىشى بار؟

ھۆكۈمەتنىڭ تىل يېزىق كومىتېتى تۇرسا تىل ھەققىدە ئويلىنىپ نېمە قىلىسەن؟ ئىسلام جەمىيىتى تۇرسا نېمە قىلىسەن دىن ھەققىدە تەبلىغ ئېيتىپ؟ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندىلەر قايسى ھۆكۈمەتنىڭ قايسى ئىدارىسىغا مەنسۇپ؟ شۇنداق، ئۇ ئىككى زات ھېچ قايسى ئىدارىنىڭ پېنسىيونېرى، ھېچ قايسى بالىنىڭ ھامىسى ئەمەس ئىدى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ بالىلىرى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنى خاتىرلىمەسلىكىدىن ئاغرىنغىلى بولمايتتى.

ئۇلار بۇگۈنگە يېقىن ئىدى

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن مەمتىلى تەۋپىقتىن ئىبارەت بۇ ئىككى قەھرىماننىڭ پات- پات خاتىرىلەنمەسلىكىدىكى يەنە بىر سەۋەپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بۇگۈنكى قىياپەت، قىسمەت ۋە قىسماقلارغا بەكرەك تاقىلىدىغانلىقى، يېقىنلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تاسادىپى تېلېۋىزورلارغا قاراپ قالسام ئۇلۇغ ئەجدادلارنىڭ خاتىرلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىمەن. مەسىلەن، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋايى قاتارلىقلار بىر قانچە يىلدا بىر يادلىنىپ تۇرىدۇ. ھەر خىل ئۇنۋاندىكى نوپۇزلۇق زاتلارنىڭ تېلېۋىزور ئېكرانىدا قوۋزىنى تولدۇرۇپ دەۋاتقان ئەجدادلارنىڭ ئىسىملىرى ۋە مۆۋەپپەقىيەتلىرى مېنى ھاياجانلاندۇرىدۇ. ئەمما كۆزۈمنى تېلېۋىزور ئېكرانىدىن خەنسۇچە مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكىنى خەنسۇچە دەرسلىك قىلىدىغان ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان جىيەنىمنىڭ چارەسىزلىك، گاڭگىراش چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە، خەنسۇچە ماتېماتىكا مەسىلىلىرىنىڭ

بىرىلىشىنى چۈشىنەلمەي قىيىنىلىۋاتقان بىچارە ھالىتىگە يۈتكىگىنىمدە ھېلىلا ئويغانغان پەخىرلىنىشىنىڭ ئورنىغا كىرزىس تۇيغۇسى ئالمىشىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ مەھەللىسىدە قۇرغان ھۆرىيەت مەكتىپى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئارتۇچنى مەكەز قىلغان مائارىپچىلىق ھەرىكىتى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇرچە مەكتەپ قۇرماي خەنسۇچە شۆتاڭ قۇرغان بولسا قەتلە قىلىنماستى، بەلكى بۈگۈن ئۇلارنى خاتىرلىيەلمەيۋاتقان داڭلىقلارنىڭ ئاغزىدا قوش تىللىق مائارىپقا ئاساس سالغۇچىلار بولۇپ رەسىملىرى مەكتەپلەرگە ئېسىلاتتى. كۆز ئالدىمدىكى ئۇلۇغلارنىڭ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىق يېقىندىكىلەرنى قويۇپ ھەدىسە قەدىمكىلەرنى مەدىھىيەلەشلىرىگە بىر خۇپسەنلىك ئارىلاشقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. مەنچە مۇنداق قەدىمكىگە سېغىنىپ يېقىندىكىگە كۆز يۇمۇش كېيىنلىدە رىياللىقتا يۈزلىنەلمەسلىك، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئۇتتۇرىغا قويۇش، تەھلىل قىلىش ۋە خۇلاسىلەشتىن قېچىش خاھىشى مەۋجۇد. ئىسىملىرى پات-پات كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان قەدىمكى ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى بۈگۈنكى كىشىلىرىمىزدىن بىۋاسىتە ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغانلىرى يوقنىڭ ئورنىدا. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بۈگۈننىڭ دەردى، دادۇ پەريادى ۋە دىشۋارلىرى كۆرۈلمەيدۇ. شۇڭا قانداقلا تەھلىل قىلسا، زامان نېمىگە تەقەززا قىلسا شۇ يوسۇندا چۈشەندۈرسە بولىدۇ. دېمەك ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندىلەرنىڭ خاتىرلەنمەسلىكى ئۇلارنىڭ يازغانلىرى بۈگۈنكى تىلىمىزغا، ھالىمىزغا ۋە قايغۇمىزغا يېقىن ئىدى. ئۇلارنى خاتىرلەش ئۈچۈن ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈنىگە يۈزلىنىش كېرەك. ئاۋامغا بۈگۈن تارىخقا ئوخشاش قاراڭغۇ ئەمەس شۇڭا ئۇيغۇرنىڭ مۇئاشلىق ۋە مۇئاشسىز زىيالىلىرىغا بۈگۈن ھەققىدە سۆزلەش، يېزىش، مۇنازىرە قىلىش ئانچە بىخەتەر ئەمەس. شۇڭا ئۇلار ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە مەمتىلى ئەپەندىلەردەك بۈگۈنگە يېقىنلارنى خاتىرلەشنىڭ ئورنىغا ئەسەرلىرىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچ كىم ئوقۇپ باقمىغان ياكى ئوقۇسىمۇ تولۇق چۈشىنەلمەيدىغان قەدىمكىلەرنى خاتىرلەشنى تاللىۋالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە مەمتىلى ئەپەندىلەر بىر دەۋردە ياشىغان، ئۇيغۇر تۇپراقلىرىنىڭ ئوخشىمىغان بۆلىكىدە ئوخشاش نىشان ئۈچۈن قولىغا قەلەم ۋە قورال ئالغان شائىرلار ئىدى. ئۇلار غايىلىرىنى شېئىرلىرىدا يازغان ۋە شۇ غايە ئۈچۈن جان پىدا قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى كىتاپ قۇرلىرىغا سىياھ بىلەن ئەمەس خەلقنىڭ قەلبىگە قان بىلەن يېزىلغان. بۈگۈنكى كىتاپ قىلىپ چىقىرىلغان شېئىرلار خەلقنىڭ ئاغزىدىن توپلانغان ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئاچىل» دېگەن شېئىرى 30 يىللاردىكى قوزغىلاڭ ئىنقىلابىنىڭ مارشى بولغان بولسا، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ «ئىستىقلال مارشى» قەشقەر كوچىلىرىنى، ئارتۇچ باغلىرىنى ۋە خوتەن تاغلىرىنى تىترەتكەن ئىدى. ئەگەر شۇ تىترىگەن تاغلارنىڭ لەرزى قەلبلەردە بولسا ئىدى شەھىدلەرنىڭ روھى ئالدىدا بۈنچە بىچارىلىك ئاشكارىلانمايتتى. ئەگەر شۇ قۇمۇل تاغلىرىدىن، تۇرپان باغلىرىدىن ياڭرىغان ئاچىل مارشى ئېچىلماس كۆزلەرنى ئاچالىغان بولسا ئىدى، رىياللىق روھىمىزنى بۈگۈنكى زۇلمەتكە مۇپتىلا قىلمايتتى. شەھىدلەرنىڭ رەسىملىرى ئالدىمىزدا، شېئىرلىرى كىتاپلىرىمىزدا، لېكىن ئۇلارنى خاتىرلىيەلمىدۇق، ئۇنىمىزنى قويۇپ بېرىپ شېئىرلىرىغا خىتاب قىلالمىدۇق، مارشلىرىغا سەپ تۈزەلمىدۇق. شەھىدلەرنىڭ رەسىمى، كىتاپى ئالدىمىزدا، لېكىن شەھىدلىك روھى ئۇنتۇلدى. ئۇلارنىڭ شەھىدلىك روھىغا توپ توپ بولۇپ دۇئا قىلىش ئۇنتۇلدى، ئۇلارنىڭ پىداكارلىق جاسارىتىنى ئەۋلادلارغا تاراتقۇلاردا يەتكۈزۈش ئۇنتۇلدى، ئۇلارنىڭ مەرىپەت مەشئىلىنى داۋام قىلىش ئۇنتۇلدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ روھىغا يۈزلىنىش رەسىمىنى ئېسىشتىن تەس كەلدى، بىز دەپ ياشاشتىن مەن دەپ ياشاش نەپسى خاھىشىمىزغا ئۇيغۇن كەلدى. تارىختىن سۆز ئېچىش رىياللىققا جاۋاپ بېرىشتىن بىخەتەر تۇيۇلدى.

# مەن بىلىدىغان شەرقشۇناسلىق ۋە شەرقشۇناسلار

شەرقشۇناسلىق دېگەن بۇ ئاتالغۇ يېقىنىدىن بېرى مەتبۇئات ۋە تورلاردا قىزىپ كەتتى. مەن ئامېرىكىدا ئوقۇش جەريانىدا بۇنداق بىر ئىلىم توغرۇلۇق پاراڭمۇ بولۇنمىغانىدى. مەن ئوقۇغان ئۇنىۋېرسىتېتتا ئافرىقا تەتقىقاتى فاكۇلتېتى، شەرقى ئاسىيا فاكۇلتىتى، ياۋرۇئاسىيا تەتقىقاتى فاكۇلتىتى دېگەنلەر بار ئىدى. ئۇيغۇر تىلى شەرقى ئاسىيا فاكۇلتېتىغا، تۈرك تىلى ياۋرۇئاسىيا فاكۇلتىتىغا تەۋە ئىدى. ئامېرىكىدىكى بەزى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئۇيغۇر تىلى كەسپى ئورتا ئاسىيا فاكۇلتېتى ياكى ياۋرۇ-ئاسىيا تەتقىقاتى فاكۇلتېتلىرىغا تەۋە قىلىنىدىكەن. ئويلاپ باقسام مەن ھازىر ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرىدا ئىستىمال قىلىنىۋاتقان شەرقشۇناسلىق دېگەن گەپنى ئىدۋارد سەئىدنىڭ «شەرقچىلىق»
ھەققىدىكى ئىددىيەلىرىدىن بۇرۇنلا بىلگەنىكەنمەن.

بۇرۇن مەن بىلىدىغان شەرقشۇناسلىق پەقەت تۈركولوگىيە (ئۇيغۇرشۇناسلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئىرانشۇناسلىق، ئەرەبشۇناسلىق قاتارلىق تارماق ئىلىملەرنىڭ ئومۇمى ئاتىلىشى ئىدى. مەن بۇ ئاتالغۇنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا نەشىر قىلىنىپ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان كىتابلاردىن بىلگەنىكەنمەن. ئۇ كىتابلاردا ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ ئاپتورلىرى شەرقشۇناسلار دېيىلەتتى. بۇرۇن بۇ ئاتالغۇغا ئۇيغۇرشۇناسلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن قىزىقاتتىم. ئامېرىكىدا ئوقۇش جەريانىدا بىرەر ئورگاننىڭ شەرقشۇناسلىق نامىدا ئاتالغىنىنى، بىرەر كىشىنىڭ شەرقشۇناس دەپ تونۇشتۇرۇلغىنىنى ئاڭلىمىدىم. ئامېرىكىدا ئاڭلىغىنىم جوڭگو تەتقىقاتى، ئۇيغۇر تەتقىقاتى، ئەرەب تەتقىقاتى دېگەن ئاتالغۇلار بولدى. مەنچە بىزگە شەرقشۇناسلىق دېگەن بۇ سۆز سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى رۇس تىلىدىن تەرجىمە قىلىنىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكىدا ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئۇيغۇرشۇناس دەپ

ئاتىغان كىشى پەقەت ئۇيغۇرچە بىلىدىغان بىر تەتقىقاتچى ئىدى. دىققەت قىلسام بۇ كىشى ھېچ بىر مۇھاكىمە يىغىنىدا ئۇيغۇرشۇناسلىق دېگەن گەپنى تىلغا ئالمىدى، پەقەت يىغىن جەريانىدا ئۇيغۇرچە ئۆگىنىۋاتقان بەش ئالتە ئامېرىكىلىققا ۋە ماڭا يازغان خېتىنى «سالام ئۇيغۇرشۇناسلار» دەپ باشلاپ قالغان يېرىنى ئېنگىلىزچە يېزىپتۇ. قارىغاندا بۇ كىشىمۇ ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئۇيغۇرشۇناسلىق دېگەن بۇ سۆزنى ئېنگىلىزچە قانداق ئاتاشتا ئىككىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

مەن بىۋاستە ئالاقىلەشكەن تۇنجى شەرقشۇناس (ئۇيغۇرشۇناس) بىر گېرمانىيىلىك خانىم (ئۇنىڭ خانىم ئىكەنلىكىنى كېيىن بىلدىم) ئىدى. مەن توردىن تۈركولوگلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئىزدەۋېتىپ ئۇنىڭ ئىسمىنى تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قالغانىدىم. مەن ئۇنىڭغا تۈركولوگىيەدە ئوقۇش مەقسىتىمنى ئۇقتۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن جاۋاپ كەلدى. ئېيتىشىچە ھازىر تۈركولوگىيە بىلەن مەشغۇل ئەمەسكەن. ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتىغا كىرىشىپتۇ. شۇ چاغدا بەك ھەيران قالغانتىم، ئامېرىكىغا بارغاندىن كېيىن مەن ئامېرىكىدا تىلشۇناسلارنىڭ ئىنسانشۇناسلىققا ئۆتۈپ كەتكەنلىرىنى، ئىنسانشۇناسلارنىڭ تارىخشۇناسلىققا مايىل بولغانلىقىنى كۆپ كۆردۈم. چۈنكى غەرپ ۋە ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرىدە بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسىگە ئوقۇغۇچى تىزىملاتمىسا ياكى شۇ ئوقۇتقۇچى تەتقىقات تۈرى ئىلتىماس قىلىپ ئاسپىرانت ياللىيالمىسا ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى تۇرۇپمۇ ئىشتىن قېلىشى مۇمكىن ئىكەن. شۇڭا ئۇلار ئەھۋالغا قاراپ مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارغا كىرىشكەچ تۇرسا كېرەك. گېرمانىيىلىك بۇ خانىم ئەگەر ئىنسانشۇناسلىق ساھەسىگە كىرمەكچى بولسام قوبۇل قىلىشنى ئويلۇشۇدۇغان بولدى. ئالاقە جەريانىدا مېنى ئەڭ قايىل قىلغىنى ئۇنىڭ ياردەمسۆيەرلىكى ۋە ئەستايىدىللىقى بولدى. خەت ئالاقە جەريانىدا ئۇ ماڭا تەرجىمھالىمنى قانداق يېزىش، تەتقىقات نەتىجىلىرىمنى ئېنگىلىزچىگە قانداق تەرجىمە قىلىش ھەتتا ئېلخەتنى قانداق يېزىش،

ئىنگىلىزچە تىنىش بەلگىلىرىنى قانداق قوللىنىشتىن تارتىپ ئۆگەتكەنىدى. مەن ئاخىرىدا گېرمانىيەگە بارالمىدىم. تۈركىيەگە ئىلمىي زىيارەت ئۈچۈن بارىدىغان بولۇپ قالدىم. ئىلمىي زىيارىتىم دۆلەتنىڭ مۇكاپاتى بەدىلىگە بولغاچقا ئەگەر تۈركىيەگە بارمىسام دۆلەتنىڭ بۇندىن كېيىنكى مۇكاپات تۈرلىرىگە ئىلتىماس قىلىش سالاھىيىتىم ئەمەلدىن قالاتتى. شۇڭا گېرمانىيىدە ئىنسانشۇناسلىق ئوقۇشىنىڭ ئورنىغا مېھرى ئىسسىق تۈركىيەدە ئىلمىي زىيارەتتە بولۇشنى تاللىدىم. بۇ تەتقىقات ھاياتىمدىكى ئەڭ زور خاتا تاللاش بولدى. كىشىلىك ھاياتىمدىمۇ بىر ئاق نىيەت دوستىمدىن ئايرىلىپ قالدىم، شۇندىن باشلاپ بۇ خانىمنىڭ ئىشەنچىدىن مەھرۇم قالدىم. شۈبھىسىزكى، بىر كىشى بىلەن ئايلاپ ئالاقە قىلىپ، ھەممە ئىش ئاخىرقى باسقۇچقا كەلگەندە ۋاز كەچكىنىم ئۇنىڭ نارازىلىقىغا لايىق ئىدى. مەن ھاياتىمدا ئۇ خانىمدەك تاماسىز، مىننەتسىز، سەبىرچان بىر ئوقۇتقۇچىنى ئۇچراتمىغان دېيەلەيمەن.

ئىككىنچى شەرقشۇناس (ئۇيغۇرشۇناس) ئامېرىكىلىق بىر خانىم. بۇ خانىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇرچە ئۆگەنگەن. خەنسۇچە، ئۇيغۇرچە، ياپونچە، گېرمانچە، سالارچەلەرنى راۋان بىلىدىغان تىلشۇناس. مەن ئۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتىدا چۈشىنەلمىگەن ھادىسە ۋە ئىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىغىنىمدا ئىككى ئىشنى تىلغا ئالدى. بىرى ئۇيغۇرچە ئۆگىنىپ ئامېرىكا ئۈچۈن ئىشپىيونلۇق قىلىدۇ دەپ گۇمانلىنىش يەنە ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىپ كۆپ پۇللۇق بولىدۇ دەپ پەرەز قىلىش ئىكەن. مەكتەپ خادىملىرى ۋە مەكتەپ سىرتىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭ نېمىشقا ئۇيغۇرچە ئۆگىنىدىغانلىقىنى توختىماي سورايدىكەن. ئەمما جاۋابىدىن ھەرگىز قايىللىق ھېس قىلمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۆمرىدە ئۆتكۈزگەن ھاياتىدا ئەڭ قىينالغىنى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرچىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۆگىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەلمەسلىك بولۇپتۇ. مەكتەپ خادىملىرى ئۇنىڭ ئىشپىيون بولۇش ئېھتىماللىقىدىن گۇمان قىلىدىكەن. خەنسۇچە بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئۇيغۇرچە ئۆگىنىشنى چۈشىنەلمەيدىكەن. ئۇلارچە شىنجاڭنى تەتقىق قىلماقچى بولسا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىزدەنمەكچى بولسا خەنسۇچە بىلسە كۇپايە ئىكەن. بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئۇنىڭدىن «ئۇيغۇرچە ئۆگەنسەڭ نەچچە پۇللۇق

خىزمەتكە ئېرىشسەن، مۇئاشىڭ نەچچە پۇل بولىدۇ. ئامېرىكىدا كۆپ تىللىق كىشىلەر ئاسان ئۆسەمدۇ؟ ئۇيغۇرچە ئۆگىنىپ نېمە سودا قىلاي دەيسەن ؟ ئامېرىكىدا خىزمەت قىلساڭ ئۇيغۇرچە ئىشلەمدۇ؟...» دېگەندەك سۇئاللارنى سورايدىكەن. ئۇ ئۇيغۇرلارغا «ماڭا ئۇيغۇرچە مۇزىكىدىنمۇ بەك يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ، شۇڭا ئۆگىنىمەن» دېگەن گەپنى ئىككى يىل تەكرارلاپتۇ. ئۇ ھازىر ئۆزىنى يېرىم ئۇيغۇر دەپ ئاتايدۇ. ئۆيىدە بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنى ئۈچ ئاي ھەقسىز تۇرغۇزغان. ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىك تۇيغۇسى ھەققىدە بىر پارچە كىتاپ يازغان. ئۇيغۇرچە ئۆگىتىدىغان ئىككى قىسىملىق بىر كىتاپنى بىرەيلەن بىلەن بىللە تۈزۈپ ھەقسىز تورغا قويىدى. بەش دوللار ھەق تۆلىسە ئۇ كىتاپنى ئاۋاز ھۆججىتى بىلەن قوشۇپ چۈشۈرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئامېرىكىدا ئۇيغۇرشۇناسلىق بەك قىزىق تېما ئەمەس. ئۇيغۇرشۇناسلار بۇ ئىلىمنى ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىن باشقا ھەممە يەردە، ھەمىشە ئىلمىيلىك نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ كېتەلمەيدۇ. مىسالەن، شەرقتىكى بىر پارتىيەلىك مۇستەبىت ئەللەردە بۇ ئىلىم سىياسىي بىلەن باغلىنىپ قالىدۇ. ئۇيغۇرشۇناسلار بۇ دۆلەتلەرگە راۋان بېرىپ كېلىش، ۋىزا ئالالماي قالماسلىق ئۈچۈن ماقالىلىرىدە، سۆھبەتلىرىدە ۋە لېكسىيەلىرىدە تولىمۇ ئېھتىياتچان سۆز جۈملىلەرنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. تەتقىقاتلىرى جەريانىدا دائىم مۇستەبىت ھۆكۈمەتتىن پۇل ئارقىلىق قىزىقتۇرۇشلارغا، ئالداشلارغا ۋە ھەتتا تەھدىتلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئەندىشىسى ئۆزى نەچچە يىل شۇنچە يىراقتىن ئوقيان ئاتلاپ كېلىپ تىلىنى ۋە مەدەنىيەتىنى ئۆگەنگەن، تەتقىق قىلماقچى بولغان خەلق بىلەن ئۇچرىشالماسلىقتۇر. «تونۇش ناتونۇشلار»، «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، كىملىكى ۋە سىياسىي ئۆگۈتۈم (مائارىپ)»، «ئۇيغۇرلار: ئۆز يۇرتىدىكى مۇساپىرلار» ناملىق كىتاپلارنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ زىيارەتلىرى داۋاملىق توسقۇنلارغا ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانمەن. ئامېرىكىدا ئۇيغۇرشۇناسلىق خېرىدارلىق بولمىغاننىڭ ئۈستىگە تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن جاپاسى تولا، خېيىم خەتىرى

ئېغىر، ئاۋارىچىلىقى زىيادە بىر ساھە.

مەن كۆرگەن ئۇيغۇرشۇناسلار ئۇيغۇرلارنى شەرقى جەنۇبىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى خەلقلەردىن كۆپ چىقىشقاق، سىغدۇرۇشچان ۋە قوبۇلچان دەپ ئويلايدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىر قانچە پارچە كىتاپ يازغان ئىككى يەھۇدى ئالىم، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشكىنىدىن ئالاھىدە سۆيۈنىدۇ. تۇرپاندا تەكشۈرۈش قىلغان بىر يەھۇدى ئالىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگە بولغان مۇئامىلىسىنى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا ئۇچراتقان ئەڭ ئىنسانىي مۇئامىلە دەپ ئۇيغۇرلاردىن پەخىرلىنىدۇ. 2001- يىلى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرچە ئۆگەنگەن بىر ئامېرىكىلىق ئۇيغۇرشۇناسنىڭ دەپ بېرىشىچە سىنتەبىر ۋەقەسى بولغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ ئامېرىكىلىق ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇشنى ئويلۇشۇپتۇ. ئەمما ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى بىر قىسىم ئۇيغۇر تونۇشلىرى سىنتەبىر ۋەقەسى سەۋەبلىك پاجىيەگە ئۇچرىغان ئامېرىكىدىكى بىگۇناھ پۇقرالار ئۈچۈن قايغۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ ھال سوراپتۇ. 2002-يىلى كورلىدىن موتوتسىكلىت بىلەن يولغا چىقىپ تەكلىماكاننى بىر ئايلىنىپ قەشقەرگىچە بېرىپتۇ. يول بويىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدە مېھمان بولۇپتۇ. دەسلەپتە ئۆزىنى «كانادالىق» دەپ تونۇشتۇرۇشنى ئويلاشقانىكەن. ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا بىخەتەر كېزىش ۋە مېھمان بولۇش جەريانىدا بۇنداق يالغانچىلىقنىڭ بىھاجەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپتۇ. ئۇ ماڭا بىر پارچە ئېلخەتتە مۇنداق يازغانىكەن: «خەنسۇلار ئامېرىكىغا ۋە ئامېرىكىلىقلارغا چوقۇنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئامېرىكىنى تىللاشلىرىغا چوڭقۇر بىر شەيدالىق يوشۇرۇنغان. ئۇلارنىڭ ئامېرىكىغا بولغان نەپرىتى سۆيگۈنىگە ئېرىشەلمىگەن ئاشىقنىڭ باتناشلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇيغۇرلار بۇ جەھەتتىن خەنسۇلاردىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. تەكلىماكاننىڭ ئەڭ خىلۋەت سەھراسىدىكى ئۇيغۇرمۇ ئىنسانلارنىڭ ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە مىللەت دېگەن ئۇقۇم تولىمۇ غۇۋا. ئۇلارنىڭ قەلبىدە كىشىلەر پەقەت ياخشى يامان دەپلا ئايرىلىدۇ. ئۇلار

ئىشلارغا ساۋابلىق ۋە گۇناھلىق دېگەن ئىككىلا نوقتىدىن باھا بېرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ كاپىر دېگىنى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ياكى ئافغانلارنىڭ كاپىر دېگىنى ئوتتۇرىسىدا ئاسمان زېمىن پەرق بار. ئۇيغۇرلارنىڭ كاپىر دېگىنى يامان ئادەم دېگىنى، مۇسۇلمان دېگىنى ياخشى ئادەم دېگىنى. شۇڭا ئۇلاردا «سۇس مۇسۇلماندىن چۇس كاپىر ياخشى» دېگەن ماقال بار. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يەردە سۇس مۇسۇلمان دېگىنى ھەق ناھەق مەسىلىسىدە سۇسلۇق، نامەردلىك، قورقۇنچاقلىق قىلىدىغان كىشىلەرگە قارىتىلغان. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە ئادالەت ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقالمىغان مۇسۇلماندىن، ھەققانىيەت ئۈچۈن كۆكرەك كەرگەن كاپىر ياخشى. مەن ئۇيغۇرلاردىكى بۇ ماقالنى ئەرەب مۇسۇلمانلىرىغا تەرجىمە قىلىپ دەپ بېرىپ قايىل قىلالمىدىم. مەن تونۇيدىغان ئۇ كىشىلەر ئۇنداق قارىمايدىكەن. مەن پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئامېرىكىغا قارشى كەيپىيات ئەۋج ئالغان يىللاردا، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش ھېچ بىر چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئەكسىچە رىغبەتلىك بولغان بىر ئىقلىمدا، تەكلىماكان بويلىرىدىكى بوستانلىقلارنى ماكان قىلغان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىخەتەر كېزىپ چىقتىم. بۇنىڭغا ھېلىغىچە خېلى جىق ئامېرىكىلىق ئىشەنمەيدۇ. ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدە ۋەھشىلىككە، ئاچكۆزلۈككە، كەمسىتىشكە ئورۇن بولمىغاچقا بەلكىم دۇنيادا سىنتەبىر پاجىيەسىدەك بىر قاباھەتنىڭ يۈز بەرگىنىگە نەپرەتلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. مەنىچە ئۇلارنىڭ قاباھەتكە بولغان نەپرىتى شۇ قاباھەتنى پەيدا قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرگىنىدە ئەپۇچانلىقا ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا مەن ئۇيغۇرلار دۇنيانى سۆيگۈ كۆزىدە كۆرىدۇ، دەپ قارايمەن. شۇڭا ئىسلامدىكى ئىنسانلارنىڭ قېرىنداشلىقى ھەققىدىكى تەلىملەر ئۇلارنىڭ سۆيگۈگە قاغجىراق دىلىغا تەكلىماكانغا سىڭگەن يامغۇر تامچىلىرىدەك سىڭىپ كەتكەن. ئۇلارچە ھەرقانداق بارلىقتا ئىلاھىنىڭ مۆجىزىسى، ئۇلۇغلۇقى، كۆيۈمچانلىقى، قەھرى ۋە قۇدرىتى ئەكس

ئېتىدۇ. شۇڭا ئىلاھىنىڭ مۆجىزىسى بولغان چۆل جەزىرىلەر، تاغلار، باغلار، گۈل چىمەنلەر، جان جانۋار ئۈلارغا ياراتقۇچىنىڭ چەكسىز مەرھەمىتىنى، مېھرىنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. بۇ بەلكىم ئۇلاردا ‹شەرىئەت ئىزدىسەڭ ئۆلتۈر چايانىنى، تەرىقەت ئىزدىسەڭ ئاغرىتما جانىنى›، ‹ئادەم ئادەمگە مېھمان، جان تەنگە› دېگەندەك تەلىملەر تۇتىيا بىلىنىپ ئەمەل قىلىنغانلىقىنىڭ سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەنە ئۇلاردا ‹قۇرئان› ۋە ‹ئىنجىل› دىن ئىبارەت قېرىنداشلىق، مېھرۋانلىق، مەرھەمەت ۋە مەرىپەت بۇلاقلىرى بولغان مۇقەددەس كالاملارنىڭ ئۇيغۇر ۋەتىنىدە 10ـ11ـ ئەسىرلەردىلا ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنىڭ سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردا باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتىدىغان ماقالىلارنىڭ بولماسلىقى ئۇلارنىڭ يات-يابان كىشىنى ئەندىشە ۋە شۈبھىلىك نەزەردە ئەمەس ئىززەت ۋە مەرھەمەتلىك كۆزدە كۆرگەنلىكىدىن بولغان. خەنسۇلاردىكى ‹ئون مۇسۇلمان بولسا توققۇزى ئوغرى›، ‹قەۋمى باشقىنىڭ نىيىتى باشقا› دېگەندەك ئەقلىيەلەرنىڭ ئۇيغۇرلاردا بولماسلىقى ئىككى مىللەت ئارىسىدىكى ھالىقىلىق پەرقتۇر. 1944-يىللاردىكى ئازادلىق ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ‹ئالتە ئوغرى› دېيىلىشى، تورلارنى قاپلىغان ‹شىنجاڭلىق ئوغرى› دېگەن كۆرۈنۈشلەردە خەنسۇلارنىڭ ياتلاردىن خەۋپسىرەش، كەمسىتىش كەيپىياتى ئەكس ئەتمىگەن دېيەلەيمىزمۇ؟ شۇنچە كۆپ كۆچمەن ئىددىيە، قەۋم ۋە مەدەنىيەتكە قۇچاق ئاچقان، ئەمما ھېچ قايسىسىغا سىڭىپ كەتمىگەن، ئەل بولمىغان بۇ مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى خىسلەتلەر مېنىڭ تەتقىق قىلىشىمغا ئەرزىمەمدۇ؟›»

ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ 2009 -يىلى تومۇزدىن كېيىن ھارارىتى ئۆرلەپ قالدى. لېكىن بۇ تەتقىقات بىلەن مەشغۇللار يەنىلا بازارلىق ئەمەس. ئاسىيا تەتقىقاتى ساھەسىدە ئافغانىستان تەتقىقاتى، ئەرەب تەتقىقاتى بىر قەدەر خېرىدارلىق. ياۋروپا تەتقىقاتىغا قىزىقىدىغان ئادەممۇ بىلىدىغان ئادەممۇ كۆپ، بۇنداق تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا ئىش ئىمكانلىرىمۇ تەييار. ئۇيغۇرشۇناسلىق، تۈركولوگىيە قاتارلىق كەسىپلەردە ئوقۇغانلار بۇلارغىلا تايىنىپ خىزمەت تاپالىشى ئاسان مۇمكىن ئەمەس.

پەقەت بۇلارنى ئۆزىدىكى باشقا خىزمەت قولايلىقىدىن ۋە تەتقىقات فوندىلىرىنىڭ ياردىمىدىن پايدىلىنىپ تەتقىق قىلىدۇ. مەن تىلغا ئالغان يۇقىرىقى ئىككى ئۇيغۇرشۇناسنىڭ بىرى ئىجتىمائى ئىنسانشۇناسلىق دەرسىنى بېرىدۇ، يەنە بىرى تىل ئىنسانشۇناسلىقى دەرسىنى بېرىدۇ. ئۇلار پەقەت دەرسىدە مىسال ئېلىشقا توغرا كەلگەندە ئۇيغۇر تىلىدىن مىسال ئېلىشى مۇمكىن. ئۇلار پەقەت قىزىققانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇرشۇناسلىقنى تەتقىق قىلىدۇ. ئىنسان قىزىقىدىغان ئىشنى ئەمەس جان باقماق ئاسان ئىشنى تاللاشقا مەجبۇر بولغان ئەلدە كىشىلەر باشقىلارنىڭ قىزىققانلىقى سەۋەبلىك بىر ساھەنى ئۆگىنىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلالمىسا كېرەك. قىزىقىش ۋە قىزغىنلىقنى ھاياتنىڭ مەنىسى قىلىش ئومۇملاشقان جەمىيەتتە كىشىلەر قىزىقىش يېتىلدۈرۈشكە مەپتۇن كېلىدۇ ھەم باشقىلارنىڭ قىزىقىشىغا قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. بارلىق ھەرىكەت، قىزىقىش ۋە تىرىشىشلار ماددىي مەنپەئەت ۋە ئىدولوگىيىلىك تەۋەلىك ۋە ئىدولوگىيەنىڭ ئېھتىياجى نۇقتىسىدىن چۈشىنىلىدىغان جەمىيەت كىشىنىڭ قىزىقىشىنى، شەخسىيىتىنى ۋە بارلىق قىزغىنلىقلىرىنى يەنى ئىنسانلىقىنى ئىنكار قىلىنىدۇ. ئەڭ خەتەرلىك يېرى بۇنداق جەمىيەتتىكى كىشىلەر ئۆزىدىن باشقا بىر جەمىيەتنىڭ بارلىقىنى، بۇ جەمىيەتنىڭ پەرقلىق ئىنسانلارنى تەبىيەلەشكە قادىر ئىكەنلىكىنىمۇ ئىنكار قىلىشقا كۆندۈرۈلىدۇ.

شەرقشۇناسلىقنىڭ بولۇپمۇ غەربتىكى ئالىملارنىڭ مۇسۇلمانلار، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ بۈگۈنكى زىيالىلارغا ۋە ئاۋامغا ئىبلىس دەپ چۈشەندۈرۈلۈشى مۇرەككەپ ئامىللارغا باغلىق. مەنچە بۇنىڭدا ئاۋۋال سىنتەبىر ۋەقەسى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان دۇنيا مۇسۇلمانلىرىدىكى غەرپ خرىستىيان دۇنياسىغا بولغان ئۆچمەنلىك تۇرىدۇ، ئاندىن يېقىنقى بىر قانچە يىلدا «بۆرىلەر ۋادىسى»غا ئوخشاش تۈركىيە كىنولىرىنىڭ ئومۇملىشىشى

نەتىجىسىدە پەيدا بولغان يەھۇدىلارغا، ئامېرىكىغا ۋە غەرپكە قارشى كەيپىياتنىڭ تۆھپىسىمۇ زور. تۈركىيەدە ئىلمىي زىيارەتتە بولۇش جەريانىدا كۆزۈتۈشۈمچە تۈركىيەدىكى كومۇنىستلار غەرپنى كاپىتالىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچى بولغان ئىمپېرىيالىزمغا سىمۋۇل قىلىپ «ئىنسانىيەت ئازادلىقىنىڭ دۈشمىنى دەپ قارايدۇ». ئۇلار تۈركىيەنى غەرپ ئىمپېرىيالىزمىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيەسىگە ۋە مۇستەملىكىچىلىكىگە ئۇچرىغان دۆلەت دەپ قارايدۇ. تۈركىيەدىكى بارلىق ئاپەتلەرنىڭ مەنبەسىنى غەرپ ئىمپېرىيالىزمىدىن كۆرىدۇ. دىنچىلار بولسا يەھۇدىلار دۇنيانى پۇل بىلەن سورايدۇ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرپ بۇنىڭغا پۇرسەت يارىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرپ چوڭ شەيتان. مىللەتچىلەر تۈركىيەنىڭ ئىقتىسادى جان تومۇرىنى غەرپلىكلەر كونترول قىلىۋالدى دەپ قارايدۇ. دېمەك تۈركىيەدىكى دىنچىلىق، مىللەتچىلىك ۋە كومۇنىستلىق قاتارلىق ئاساسلىق مەسلەكلەرنىڭ ئورتاق قارشىلىق ئوبىكتى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرپ. بۇ مەسلەكلەر كىنو، تېلۋىزور، رادىيو، ئىنتىرنىت، كىتاپ ۋە گېزىت ژورنال قاتارلىق تاراتقۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن تۈركىيە جەمىيىتىگە چۈشەندۈرۈلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئوي-تەپەككۇر ئېھتىياجىنى پەيدا قىلىدۇ، يېتەكلەيدۇ، قاناتلاندۇرىدۇ ۋە قاندۇرىدۇ. تۈركىيە كىنولىرى بىزدە مودا بولغاندىن كېيىن كىنولاردىكى تۈركىيەدىكى پىشكەللىك ۋە پالاكەتلەرنىڭ مەنبەسىنى غەرپتىن ئىزدەيدىغان خاھىشمۇ تەڭ مودا بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇندىن باشقا غەرپنى قەستەن چۈشەنمەيدىغان ۋە سەممىي چۈشەندۈرۈشنى خالىمايدىغان شەرق ھۆكۈمرانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەرغىباتچىلىرىنىڭ نەزىرىدە غەرپتىكى شەرق ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى نامايىشلار غەرپنىڭ دۈشمەنلىكىدەك، ئاغدۇرمىچىلىقىدەك، كۈشكۈرتۈشىدەك كۆرۈنۈپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۈبھىسىزكى، غەرپتە نامايىش، يىغىلىش، تەشكىللىنىش، گېزىت چىقىرىش، تېلۋىزور ئىستانسىسى قۇرۇش، پارتىيە ۋە تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش خۇدا ئاتا قىلغان ئىنسانىي ھوقۇق. بۇلاردىن غەرپتىكى ھەرقانداق بىر

ئىنسان، مىللىتى، دىنى، نوپۇسى، تەبىقىسى سەۋەبلىك چەكلەنمەستىن بەھرىمەن بولىدۇ، ھۆكۈمەت بۇ بەھرىمەنلىكنى قوغدايدۇ. غەرپ دۆلەتلىرىدە پاناھلىقتا تۇرۇۋاتقان شەرق ئۆكتىچىلىرى ئۆتكۈزگەن نامايىش، قۇرغان پارتىيە بىلەن غەرپ ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھېچ بىر ئالاقىسى يوق. شەرقتە ھەرقانداق ئىش ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مەقسەدلىك قىلىنىدىغانلىقى ھەم خەلقنى مۇنداق مەقسەدلىك ئاممىۋىي ھەرىكەتلەرگە كۆندۈرگەنلىكى ئۈچۈن شەرقتىكى ھۆكۈمران ۋە گۇماشتىلارنىڭ غەرپتىكى سىياسىي پائالىيەتلەرنى خەلققە «دۆلىتىمىزگە قىلىنغان دۈشمەنلىك» دەپ بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈشى ئاسان بولىدۇ. بۇنداق چۈشەندۈرۈشلەر كىتاپ بولۇپ چىقىش، تاراتقۇلاردا بازارغا سېلىنىش نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلارغا سىڭىشكە باشلايدۇ. يېقىندىن بېرى تۈركىيە، مىسىر ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەتلەرگە چىقىپ ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ياشلارنىڭ كۆپىيىشى سەۋەبلىك شەرق مۇستەبىت دۆلەتلىرىدىكى غەرپكە قارشى كەيپىيات ئۇيغۇرلارغا ۋاستىلىك يۇقمايمۇ قالمىدى ئەلۋەتتە. دېمەك، شەرقتىكى غەرپكە قارشى كەيپىيات يۇقارقىدەك مۇرەككەپ ئامىللارغا بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇ كەيپىيات ئۇيغۇرلارغا تۈرلۈك يوللار بىلەن يۇقۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇرچە مەتبۇئاتلار ۋە مۇنبەرلەردە قاينىغان شەرقشۇناسلىق ھەققىدىكى بەس مۇنازىرە يۇقارقى كەيپىياتلارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ زىيالىلار قاتلىمىدىكى ئىنكاسى.

# ئۇيغۇرچە زىيالىلىق ھەققىدە ئويلار

## 1. ئۇيغۇرچە زىيالىلىقنىڭ تەبىرى

ئۇيغۇرچىدىكى مۇتەخەسسىس، پەيلاسوپ دېگەن سۆزلەرنى ئاۋامنىڭ ئاغزىدىن كۆپ ئاڭلىغىلى بولمايدۇ، ئەمما زىيالى سۆزىنى ھەممە ئادەم دېگۈدەك بىلىدىكەن دەيمەن. بەزىدە قۇلۇقۇمغا «زىيالى قىلغان ئىشى خىيالى» دېگەن ماقال ئاڭلىنىپ قالىدۇ. زىيالى دېگەن بۇ سۆز ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرىدىن ئورۇن ئالغانىكەن، ئاۋامغا يات سانالمىسا كېرەك. مەن بۇ گەپتە باشقا ماقاللاردىكىدەك بىر ھېكمەتنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن. بۇ پەقەت زىيالىلارغا تۇتۇلغان پوزىتسىيە، بېرىلگەن بىر باھالا خالاس. بۇ باھا ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىم ۋە بىلىملىكلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە زىيالىنى خىيالى دەۋاتقانلارنىڭ چەشەنچىسىدىكى زىيالى دېگەنلىك كادىر دېگەنلىك بولۇشى مۇمكىن. يېقىندا بىرەيلەننىڭ «مەنمۇ ئالى مەكتەپتە ئوقۇغان. زىيالى بولىمەن دەپ خىزمەت تاپالماي ئائىلە ئايالى بولۇپ قالدىم» دېگىنى قۇلۇقۇمغا كىرىپ قالدى. مۇشۇ بويىچە بولسا زىيالى بولۇش ئۈچۈن چوقۇم ھۆكۈمەتتىن مۇئاشلىق بولۇش كېرەك بولغان بولۇدۇ. ئۇيغۇر ئاۋامدا نېمىشقا كادىر بىلەن زىيالى ئوخشاش ئۇقۇم بولۇپ قالدى؟ بەلكىم بىر مەزگىل تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرىنى تۈگەتكەن ياشلار «زىيالى ياش» دەپ قارىلىپ يېزىلارغا ئەۋەتىلىپ «چېنىقتۇرۇلغان»دىن كېيىن ئاساسەن كادىر بولۇپ كەتكەچكە شۇنداق چۈشەنچە شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا ھېچ بولمىغاندا تولۇقسىز ئوتتۇرىنى بولسىمۇ پۈتكۈزگەن ياشلار پەقەت ئوقۇمىغان دېھقانلارنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرۇلغان بولغاچقا، 1955-يىللاردىن كېيىن باشلانغان باينى ۋە زىيالىنى كەمسىتىش كەيپىياتى بىلەن قوشۇلۇپ «زىيالى قىلغان ئىشى خىيالى» دېگەن ماقال بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم 1949-يىلدىن كېيىن

شەكىللەنگەن ئۇقۇغان كىشىلەر ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىسىز رولىنى جارى قىلدۇرالمايدىغان، تۇرمۇشىنى قامدىيالمايدىغان ھالەت ئۇيغۇر دىياردا بەك ئۇزۇن داۋاملىشىپ كەتكەچ شۇنداق چۈشۈنۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇ نوقتىلارنى نەزەرگە ئالغاندا ئۇيغۇرچىدىكى زىيالى ئۇقۇمىنى تۈركىيە تۈركچىسىكى ياكى ھەرقانداق غەرپ تىلىدىكى ئوخشاش مەنىلىك سۆز بىلەن ئىپادىلىگىلى ۋە تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدە 1949-يىلدىن بۇرۇنقى زىيالىنىڭ ئوبرازى ئەدىپ، ئۇقۇتقۇچى، ئەپەندى، خانىم (ئاپپاي، ئابىستە) سۈپىتىدە گەۋدىلىنەتتى. مەسىلەن، ھەيدەر ئەپەندى (تۆمۈر خەلپىنىڭ ئۇستازى)، ئەخمەت كامال ئەپەندى (تۈركىيەدىن كېلىپ مەكتەپ ئاچقۇچى)، مەمتىلى ئەپەندى، مەخسۇت موھىدى ئەپەندى (خوجانىياز ھاجىنىڭ دوستى)، ئۆتكۈر ئەپەندى، ئالماس ئەپەندى دېگەندەك. ئۇ چاغلاردا بۇ ئەپەندىلەر ئوقۇمۇشلۇق بايلار بىلەن بىرلىشىپ ياكى ئۆز ئالدىغا مەكتەپ قۇرغان، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇئاشى تىجارەتتىن كىرگەن كىرىمدىن ياكى ئۆشرە زاكاتتىن تارقىتىلغان. شۇڭا ئۇ چاغدىكى زىيالىلار مەكتەپ قۇرغان ساخاۋەتچىگە، ئۆشرە زاكاتتىن ئايلىق بەرگەن خەلققە خىزمەت قىلغان. ھەتتا شۇ چاغلاردا ئۇيغۇردا «قىزىڭ چوڭ بولسا ئەپەندىگە بەر» دېگەن سۆز تارقالغانىكەن.

مەنچە كۈنىمىزدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە زىيالىلىق رولىنى ئۆتەۋاتقانلار ۋە ئۆتىيەلەيدىغانلار ئىچىدە يۇقارقى مۇئاشلىقلاردىن باشقا مۇئاشسىز زىيالىلارمۇ بار. مەن زىيالىلىق رولى دېگەندە جەمئىيەتتە پىكىر پەيدا قىلىش ۋە تارقىتىش، غۇلغۇلا قوزغاش، كەيپىيات يارىتىش قاتارلىق مەنىۋى ئەمگەكلەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىرىلىشىنى كۆزدە تۇتىمەن. مەن دەۋاتقان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى مۇئاشسىز زىيالىلار ئوقۇغۇچىلىق، زىيارەتچىلىك، تىجارەتچىلىك، مۇھاجىرلىق، مۇساپىرلىق قاتارلىق ھەرخىل سالاھىيەتلەر بىلەن ۋەتەننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن ئۇيغۇرغا بىلىم تەمىنلەۋاتقان، ئۇچۇر يەتكۈزىۋاتقان، پىكىر تارقىتىۋاتقان، كەيپىيات سۇڭگۇتىۋاتقان ۋە غۇلغۇلا قوزغاۋاتقان بارلىق

كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مۇئاشىلىق ۋە مۇئاشىسىز زىيالىيلار تارقىتىۋاتقان پىكىرلەر ئىچىدە ئەدەبىي-بەدىئىي پىكىر، ئەخلاقىي-تەربىيەۋىي پىكىر، تىجارىي-ئىقتىسادىي پىكىر، ئىدارىۋىي-سىياسىي پىكىر، ئىددىيەۋىي-پەلسەپىۋىي پىكىر، تاماششىۋىي-ھەجۋىي پىكىر ۋە روھىي-دىنىي پىكىر مەنچە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

2. ئۇيغۇرچە زىيالىيلىقتا نوپۇز

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە زىيالىيلىق رولى قانداق رىياللىشىدۇ، زىيالىيلار رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن نېمىگە تايىنىشى كېرەك؟ مەنچە ئىلىمگە تايىنىش كېرەك. ئىلىمنىڭ نوپۇزى، تەرەپسىزلىكى، ئادىللىقى ئۇلار تارقىتىۋاتقان پىكىر، كەيپىيات ۋە قىزغىنلىقلارغا تىرەك بولۇشى كېرەك. ئەمما ھازىرقى ئەمەلىيەت ئۇيغۇر زىيالىيلىرى زىيالىيلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا قايسى نوپۇزغا تايىنىش قولاي بولسا شۇنىڭغا تايىنىۋاتقاندەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ. چۈنكى بۇنداق نوپۇزلار ئۇلارنىڭ تەشەببۇسلىرىنى، مەقسىدىنى ۋە قاراشلىرىنى ھەقلىقلەشتۈرىدۇ. تەشەببۇسلار ۋە قاراشلار مەلۇم نوپۇزنىڭ سايىسىدە ھەقلىقلەشتۈرۈلگەندە ئاندىن كۆڭۈلدىكىدەك تارقىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئويلىغانلىرىنى ئاۋامغا قوبۇل قىلدۇرۇش، پىكىرلىرىنى تېخىمۇ زور تەسىرگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، يەتمەكچى بولغان غۇلغۇلا، پەيدا قىلماقچى بولغان كەيپىيات، تارقاتماقچى بولغان مەپكۇرىسىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نوپۇزلارغا مۇراجەت قىلىۋاتىدۇ. بىرى، زىيالىيلار ئوقۇغان، بىلىملىك كىشىلەر بولغاچقا ئاۋام تازا بىلىپ كەتمەيدىغان غەرپ ئالىملىرىنىڭ ياكى ئۇيغۇرلارغا ئىسمى بەك تونۇش لېكىن ئىلمى ناتونۇش بولغان يەرلىك ئالىملارنىڭ نوپۇزىغا يۆلىنىۋاتىدۇ. يەنە بىرى زىيالىيلار ھاكىمىيەتنىڭ بىرقىسمى ئۇلار تايىنىۋاتقان نوپۇز ھاكىمىيەتنىڭ نوپۇزىدۇر. ئۈچىنچى بىرى، بىر قىسىم زىيالىيلار دىنىمىز ھەققىدە ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا تەلىم ئالغان شۇڭا دائىم ئىسلام نوقتىسىدىن سۆزلەيدۇ، ئۇلاردىكى نوپۇز ئىسلامنىڭ نوپۇزى. تۆتىنچى خىلدىكى زىيالىيلار شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە ئۇيغۇرلۇق سالاھىيەتتىن چىقىپ باھا بېرىدۇ، توغرا خاتا، ھەق ناھەق، پايدا زىيانغا ئائىت ئىشلاردا مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىدۇ، ئۇلار تايانغان نوپۇز ئۇيغۇرنىڭ مەنىۋىيەت بىرلىكىدىن

كەلگەن. سەنئەت ۋە تىجارەت ساھەسىدە غەلىبە قىلغان كىشىلىرىمىز بار. ئۇلارنىڭ قاراشلىرى جەمىيەتتە ئەڭ ئاسان تەسىر قوزغايدۇ ئۇلاردىكى نوپۇز ئاتاق ۋە بايلىقنىڭ نوپۇزىدۇر.

مەن نېمە ئۈچۈنكى يېقىندىن بېرى رىياللىقىمىزدا كىشىلەرنى زىيالىلىق رولىنى ئۆتەشتە تەخىرسىز، ئەمەلىي، ئىجادىي پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، پىكىرنى قايىل قىلارلىق يورۇتۇش قاتارلىقلارغا تىرىشماي يۇقارقى نوپۇزلاردىن پايدىلىنىشقا بەكرەك كۆچەپ كېتىۋاتقاندەك، قالايمىقان پايدىلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. مەسىلەن، «ئۇيغۇر بولسىڭىز بۇ تېمىنى ئوقۇڭ»، «ئۇيغۇر بولسىڭىز بۇ ئىشنى قىلماڭ»، «پوكۇنى ئىشنى قىلغان ئۇيغۇر»، «مۇسۇلمانلار قىلىشقا تېگىشلىك...» ، «ئاۋانگارتلىقمۇ گۇمراھلىقمۇ: ئە. ئوسمانغا تەنقىد» ۋاھاكازالار. دېمەك، تۈردىكى مۇنبەرلەردە ئېلان قىلىنىۋاتقان بىر قىسىم ئەسەرلەرنىڭ ماۋزۇسىدىنلا ئىسلام ۋە مىللەتتىن ئىبارەت نوپۇزنى سۇيئىستېمال قىلىشنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ. بۇندىن باشقا ئەنئەنىۋىي مەتبۇئاتلاردا «ئۇيغۇر ئەخلاقىغا خىلاپ يېزىلغان ئەسەر، ئۇيغۇر ئەنئەنىسىدىن ياتلىشىشنىڭ مارشىنى ياڭراتقان زەھەرلىك كىتاب، مۇقەددەس سىمۋوللىرىمىزغا چېقىلغان شېئىر، ئەۋلادلىرىمىزنى زەھەرلىگەن ئەدەبىي ئەخلەت...» دېگەندەك ھۆكۈملەرنى دائىم ئوقۇپ تۇرىمىز. مەيلى تۈردىكى ئەسەرلەر ياكى مەتبۇئاتتىكى ئەسەرلەر بولسۇن ھۆكۈملەرنىڭ ئاساسى بىر بولسا دىن يەنە بىر بولسا مىللەت. مەنچە بۇ يەردە زىيالىلىق رولىنى ئۆتەشكە ئالدىراپ كەتكەنلەر ياكى ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان مەشھۇرلۇق ئېھتىياجىنى مۇۋاپىق ئەمگەك بەدىلىگە ئەمەس ھەممە كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان «كارامەت» بەدىلىگە قاندۇرۇشقا خۇشتارلارنىڭ كۆپۈيۈپ كەتكەنلىكى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىرى ئىسلاھاتتىن كېيىن جۇڭگو جەمىيىتىدە ئەۋج ئالغان ھەممە ئىشتا داۋراڭنى، قىسقا مۇددەتلىك شاۋقۇن-سۈرەننى ۋە نەق مەنپەئەتنى قوغلىشىش خاھىشى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۈچىنچى بىرى، يەككە ئىدولوگىيە ھەممىگە ئۆلچەم

قىلىنىدىغان جەمىيەتتە مۇقەررەر كېلىپ چىقىدىغان ئىددىيە پارازىتلىقى سەۋەب بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. 60-يىللاردا ئەۋج ئالغان «بىر گە بىرنى قوشسا ماۋزېدوڭنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىككى بولۇدۇ» دېگەنلىك ماتېماتىكا بىلىمەيدىغانلارنىڭ ماۋزېدوڭ ئىددىيەسىنىڭ نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ ھەممە نەرسىگە قازى بولۇۋېلىپ پارازىتلىق قىلىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ماۋزېدوڭ دەۋرىدىن قالغان بۇنداق پارازىتلىق، نوپۇزنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەش ھازىر بىر خىل كەيپىياتقا، تەپەككۇر ئۇسۇلىغا ئايلىنىپ قالغىلىۋاتىدۇ.

3. ئۇيغۇرچە زىيالىلىقتا ھۆكۈمچىلىك ۋىرۇسى

ئۇيغۇرچە زىيالىلىقتا ھۆكۈمچىلىك ئاللىقاچان بىر بىنورمال ئېقىمغا ئايلاندى. بىكار تەلەپتىن ئالدىراشقىچە، كەتمەنچىدىن تارتىپ قەلەمكەش، سودىگەرگىچە ھەممە ئادەم ھەممە ئىشقا ھەممە يەردە مىللەت ۋە دىن نوقتىسىدىن چىقىپ ھۆكۈم قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. ھۆكۈم قىلغۇچى ئاقىۋەت ھەققىدە ئويلانمايدىغان، ھۆكۈمنىڭ ئىلمىيلىكى، تەخىرسىزلىكى، ئەمەلىيلىكى ۋە قىممىتى ھەققىدە ئىزدەنمەيدىغان ھالەت ئومۇملاشتى. مەسىلەن، بىر كۈنى ئاكام كېرەمباغ دوختۇرخانىسىغا تەكشۈرتۈشكە كېتىپ بىر دوختۇرنىڭ گېپىنى دەپ بەردى. ئۇ دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇيغۇرلارنىڭ كېسەلدىن ساقلىنىش، سەھىيە ۋە تازىلىق ئېڭى تۆۋەن بولغاچقا خەنسۇلارغا قارىغاندا كېسەللەرگە ئاسان گىرىپتار بولارمىش. بۇ گەپنى دېگۈچى دوختۇر شۇنى ئويلۇنۇپ باقمىغاندەك قىلىدۇ. قەشقەردە مۇقىم ئولتۇرۇشلۇق ئۇيغۇر قانچە، خەنسۇ قانچە. خەنسۇلار ئاغرىپ قالسا قەشقەردە داۋالىنامدۇ ياكى ئۆزى چوڭ بولغان ئىچكىرىدە ئاتا ئانىسىنىڭ قېشىدىمۇ. خەنسۇلار دوختۇرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئۇيغۇر تەشكىل قىلىدىغان، ئۇيغۇر كېسەللەر كارىدورلاردا سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتكەن، يازنىڭ دىمىقىدا دوپپىمدەك ياتاقتا يەتتە سەككىز ئادەم داۋالىنىدىغان كېرەمباغ دوختۇرخانىسىنى تاللامدۇ ياكى ئۈرۈمچى، شىخەنزە قاتارلىق زامانىۋى شەھەرلەردىكى ياكى بىڭتۈئەنلەرنىڭ دوختۇرخانىلىرىنىمۇ؟ غەلىتە يېرى، مۇنداق ھۆكۈم قىلىدىغان كىشىلەر مەسىلىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئەتراپلىق ئويلىمايلا گۇناھنى ئۇيغۇرنىڭ ئېڭىغا يۈكلەيدىكەن، ئېچىنىشلىق يېرى، مۇنداق ھۆكۈملەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوبۇل قىلىنىدىغان بازارغا ئىگە ئىكەن. كىشىلەر

مۇنداق ھۆكۈملەرنى ئاڭلىغاندا قايىللىق بىلەن باشلىرىنى ساڭگىلىتىدىكەن.

نەزىرنى ھارام قىلىشمۇ ئىمىلىككە تايانمىغان ھۆكۈمچىلىك ۋىرۇسىنىڭ ئىپادىسى. نەزىر ئۇيغۇر ئۆرپ ئادەتلىرىدىكى ماتەم مۇراسىمى. ئۆلۈم نەزرىسى دېگەنلىك ئۆلۈم مۇراسىمى دېگەنلىك. بۇنىڭ دىنىي ئاتالغۇ نەزىر بىلەن بىر گەپ ئەمەسلىكى بىزدىكى نەزىرنىڭ مەزمۇنىدىنلا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. نەزىر بىر مۇراسىم بولغانىكەن مۇراسىمدا پولو تارتىلىش بىر ئۇيغۇرچە يوسۇن. ئۇيغۇرنىڭ يوسۇنى بويىچە ئۆيىگە كەلگەن مېھمانغا چاي قۇيۇش بىر قائىدە، ئۇ كىشى مەيلى ئۆلۈم نەزرىسىگە كەلسۇن ياكى باشقا سەۋەب بىلەن كەلسۇن چاي قۇيۇپ تاماق تارتىش ئەقەللىي بىر ئىش. ئۆلۈم مۇراسىمى بولغان نەزىرگە داخىل بولغان كىشىمۇ يىگىلى ئىچكىلى كەلمەيدۇ ياكى مەخسۇس نەزىر يەپ قورساق تويغۇزۇشقا كەلمەيدۇ. مەيلى پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىدە بولسۇن بولمىسۇن ھادىسە كەلگەن ئۆيگە ھال سوراپ، ئۆلۈمگە قايغۇسىنى بىلدۈرۈپ قەدەم تەشرىپ قىلغان مېھمانغا لايىقىدا ئىززەت ئىكرام كۆرسۈتۈشنىڭ ھېچ بىر ئەقىلگە سىغمايدىغان يېرى يوق. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئەقىدە ئېتىقادلىرىنى داۋاملاشتۇرىدىغان، ئەۋلادلارغا يەتكۈزىدىغان قانۇنلۇق سورۇنلىرى بارغانچە ئازلاپ كېتىۋاتقان شارائىتتا ئاللاھنىڭ كالامى باشتىن ئاياقىچە ياڭراپ تۇرىدىغان نەزىرنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچىلار، بىدئەتكە چىقارغۇچىلار ئويلۇشۇپ كۆرسە بولىدۇ. ئۆرپ ئادىتىمىزدىكى يوسۇنلار توپ ئەقىدىمىزگە خىلاپ بولمىسا، ئوتتۇرا ھاللىق ۋە ئادىللىق ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتمىسىلا ئالدىراپ بىدئەتكە چىقارماسلىق كېرەك. مەنچە بۇنداق نامۇۋاپىق ھۆكۈملەرنىڭ بولۇشى قورقۇنچلۇق ئەمەس، مۇشۇنداق ھۆكۈملەرگە ھېچ ئويلانماستىن، تەھلىل قىلماستىن ئىشىنىشكە مايىل كىشىلەرنىڭ كۆپ بولۇشى قورقۇنچلۇقتۇر. مەنچە ئۇيغۇرچە زىيالىيلىقتىكى ھۆكۈمچىلىك ۋىرۇسىنىڭ سەۋەبى ۋە ئىپادىلىنىش شەكلى تۆۋەندىكىچە بولۇشى مۇمكىن.

1.نوپۇزنى سۈيىئىستىمال قىلىش ۋە ئۆزىدىكى ئۈمىدسىزلىك ۋە

ئاجىزلىقنى مىللەتلەشتۈرۈش
قارايدىغان بولساق ئەتراپىمىزدىكى كۆندىلىك پاراڭ ۋە مەتبۇئاتلاردا زىيالىلارنىڭ پىكىرنى قايىل قىلارلىق ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە چۈشەندۈرۈشنىڭ ئورنىغا نوپۇزلارنى سۈيىئىستېمال قىلىشى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر كادىر دەيدۇ: « ئۇيغۇرلار نادان، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىنى چۈشەنمەيدۇ، بالىلىرىنى مەكتەپكە بەرمەيدۇ، يەرلىرىنى بىز تېرىغىلار دېمىگۈچە تېرىمايدۇ. ئەتراپىمدىكى ئۇيغۇرلار مېنى قوللىمايدۇ، ھورۇن، كوچىلايدۇ، قارا خەنسۇلارغا ئۆز ئىشىغا پۇختا، ئۆزگە شۇنداق ئىشىنىدۇ، بىر بىرىنى يۆلەيدۇ. ئەلشىر ناۋايىنى ئۇيغۇر دەپ تالىشىپ كەتكەننىڭ پايدىسى يوق، ئۇيغۇرلارنىڭ قانچە كۆنلىكى قالدى؟ ئۆزبېك دېسە نامى ئۇزۇنراق ياشايدۇ. ھەممە ئەدەم دەۋرگە ماسلىشىشى كېرەك، ھازىر خەنسۇ تىلىنىڭ دەۋرى، بۇ دەۋرگە ماسلىشالىغانلار ياشايدۇ، ماسلىشالمىغانلار شاللىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلى زامانىۋي پەن تەخنىكىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. خەنسۇلار زامانىۋي مەدەنىيەتنى تارقاتقۇچى، ئۇيغۇرلار قوبۇل قىلغۇچى. تىل بىلمەسلىكى سەۋەبلىك ئۇيغۇرلار خەنسۇلار بىلەن تەڭ بولالمايۋاتىدۇ. فېوداللىق دىنىي ئاڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كاللىسىنى چەشەپ قويۇۋاتىدۇ. ھازىرقى ۋەزىيەتتە پۇلغا يارىمىغان، ئىقتىسادى تەرەققىياتقا توسالغۇ بولغان، نەپ بەرمىگەن ھەرقانداق ئىددىيە ۋە ئۆرپ-ئادەتتىن گۇمانلىنىش كېرەك. ئىددىيىنى بىرلىككە كەلتۈرمەي بولمايدۇ. ھەممە ئادەم ئۆزى خالىغان ئىددىيەگە ساھىپ بولسا بۇ جاھان قالايمىقانلىشىپ كەتمەمدۇ...»

بۇ گەپلەرنى دەۋاتقان كىشى ئۆزى تېگىگە يېتەلمىگەن، ھۆكۈم قىلىشقا ئاجىز كەلگەن مەسىلىلەرنى يىغىنلاردىن ئاڭلىۋالغان، تەشۋىقاتلاردىن يادلىۋالغان مەزمۇنلار بويىچە چۈشەندۈرۈۋاتىدۇ. بۇ چۈشەندۈرۈشلەر ھاكىمىيەتكە مەنسۇپ بولۇپ نوپۇزدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ كادىر كىشى مەسىلىلەرنى مۇشۇ نوپۇزغىلا تايىنىپ چۈشەندۈرسە چاتاق چىقمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا ئىزدىنىپ، مىڭە ئىشلىتىپ ئاۋارە بولمايدۇ. ئۆزىدىكى ئاجىزلىق، ئۈمىدسىزلىكنى مىللەتلەشتۈرىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر

كادىر ئۆز خىزمىتىدىكى قولايسىزلىقلارنى، ئىقتىدارسىزلىقنى، ئۇنۇمسىزلىكنى ئۇيغۇردىن كۆرىدۇ. ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىتىكى تەدبىرسىزلىكنى ئۇيغۇرنىڭ ئىتىپاقسىزلىقىغا دۆڭگەيدۇ. ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ كەلگۈسىدىن ئەنسىرەشلىرىنى، ئىشەنچسىزلىكىنى مىللەتنىڭ كەلگۈسىدىن خەۋپسىرەش شەكلىدە ئىپادىلەيدۇ. ھۆكۈمران ئىدولوگىيەنىڭ تەلىپىنى ئەتراپىدىكى بارلىق شەيئىي ۋە ھادىسىلەرگە باھا بېرىش ۋە ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئاساسى قىلىدۇ. ئۆزىدىكى بىپەرۋالىقنى، مەنپەئەتپەرەستلىكنى، غايىسىزلىكنى مىللەتلەشتۈرۈپ چۈشۈنىدۇ ۋە ئۆزىنى شۇنداق غايىسىزلەرنىڭ ئارىسىدا يالغۇز ئەمەستەك ھېس قىلىپ بۇنىڭدىن تەسەللى تاپىدۇ. دارۋىنىزىمنىڭ جانلىقلار دۇنياسى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان «ماسلاشقانلارنىڭ ياشاش، ماسلىشالمىغانلارنىڭ شاللىنىش» ھەققىدىكى مەپكۇرىسىنى ۋە ماددىچىلىقنى ھەممىگە تەدبىقلايدۇ. قىزىق يېرى ئۇ شۇنچىۋالا ھۆكۈمنى قىلىشتىن بۇرۇن يا ئەمەلىيەتنى تەكشۈرۈپ باقمايدۇ، يا مۇناسىۋەتلىك كىتابلارغا مۇراجەت قىلمايدۇ، يا بىلىدىغانلاردىن مەسلەھەت سورىمايدۇ.

جۇمەدە خاتىپ دەيدۇ:

«بىز ھورۇن بولغاچقا، ئۆلىمالىرىمىزنىڭ، غەيۋەتنى قىلغاچقا، ئۇلارنى ھۆرمەتلىمىگەچكە ئىشىمىز ئالغا باسمايۋاتىدۇ، كەينىدە قېلىۋاتىمىز. ھەممە قىلغان ئەتكىنىمىز، قويغان تۇتقىنىمىز بىدئەت. نەزىر قىلىش بىدئەت، ئاتا بوۋىلارنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش بىدئەت، تويدا ساز چېلىش، ئۇسسۇل ئويناش بىدئەت، ئۆلۈمدە يىغلاش بىدئەت، ئىسلام يۇرتىمىزغا كەينىچىلەپ كىرگەچكە شۇنداق. ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ قىلغانلىرىنى توغرا دەپ قارايدىغانلار دىنىمىزنى مۇشۇ كۈنگە ئەكىلىپ قويغان. قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچىسى چىقىپ ھەممە ئادەم قۇرئاندا ئۇ بار، بو يوق دەيدىغان بولۇپ كەتتى. قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئوقۇغان قۇرئان ئوقۇغانغا ھېساپ ئەمەس. قۇرئان دېگەن

ئادەتتىكى ئادەم چۈشۈنۈدۇغان كىتاپ ئەمەس. قۇرئاننىڭ ئەرەبچىسىنى ئوقۇپ تەپسىر قىلالمايدىغان ئادەمنىڭ قۇرئاندا بار يوقنى تالىشىشى جاھىز ئەمەس. ھازىر ياشلار چوڭلارنى ھۆرمەتلىمەيدىغان بولۇپ كەتتى، ساقالنىڭ ھۆرمىتى قالمىدى. ئەتراپىمىزنى بۇزۇقچىلىق قاپلاپ كەتتى، ئىمانىمىز ئاجىزلاپ ھەممىز ئايالنىڭ دېگىنىگە كۆنۈدۇغان بولۇپ قالدۇق. بۇ زامان ئاخىرىنىڭ ئالامىتى.»

خاتىپنىڭ ئەتراپىمىزدىكى بىدئەت، بۇزۇقچىلىق، گۇناھ، شىرىكلىك، پاسىقلىق ھەققىدە سۆزلەشلىرى ھازىرلا زامان ئاخىرى بولۇدۇغاندەك ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. بىچارە خاتىپ خوتۇنىدىن ئازار يەپ، بالىلىرىدىن دەشنام ئىشىتىپ، قوشنىسى بىلەن كېلىشەلمەي، تەۋەرۈك ئۆيى چېقىلىپ كېتىپ ئاچچىقىدا مىھراپقا چىقىپ بارلىق دەردىنى جامائەتتىن ئالىدۇ. بارلىق بىمەنە ھۆكۈملىرىنى ئىسلامنى سۈيئىستېمال قىلىپ ھەقلىقلەشتۈرىدۇ. بۇ بىچارە ئىمام ۋە خاتىپلارنىڭ كۆپۈنچىسى بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان، تىرىككەك، قورقۇنچاق پېشەدەملەر. ئۇلار قىرىپ ھالىدىن كەتكەچكە ئۆزىنى چۆرىسىدىكىلەرگە يۈكتەك ھىس قىلىپ زارلىنىشلىرى بەرھەق. ئەمما بۇنداق كەيپىياتنى جامائەت سورۇنىدا ئىسلام تونىنى كەيدۈرۈپ تارقىتىشى مۇۋاپىق ئەمەس. مەن ھەر جۈمە ئاخىر زامان، جەھەننەم ئازابى، بۇزۇلۇپ كەتكەن، يولدىن چىقىپ كەتكەنلەر ھەققىدىكى خۇتبىنى ئاڭلاپ قەلبىم قورقۇنچتا دۇئا قىلىمەن. ئەمما دائىم شۇ ئىشقا ھەيران قالىمەن. مەسجىدتە بىر ئوبدان نامازنى ئوقۇپ ئاللاھتىن قورقۇشقان، تۆۋە قىلىشقان، ئاللاھقا ئۆزلىرىنى تاپشۇرۇشقان شۇ كىشىلەر مەسجىدتىن چىقىپلا دۇنيا بويىچە باھاسى ئەڭ ئەرزان بولغان، پەقەت ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغانلىقى ئۈچۈنلا سېبىلەر ۋە ساددا ئاۋام ھالال دەپ بىلىدىغان ئەخلەت يېمەكلىكلەرنى ئاللاھتىن، جەھەننەمدىن قورقۇشماي سېتىشقا باشلايدۇ. چۈنكى مەسجىد ئۇلارنى ئاللاھتىن قورقۇتقان بىلەن جازالىيالمايدۇ، مەسجىد ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئېرىتكەن بىلەن قورسىقىنى تويغۇزالمايدۇ. يەنە شۇ مەسجىدتە ھېلىلا سالاملاشقان كىشىلەر ئۇيغۇردىن بىرەرى نەچچە يىل ئەجىر قىلىپ مەھسۇلات ئىشلىسە ئىچكىرىدە

دەرھال ساختىسىنى ئىشلىتىپ خەقنىڭ سودىسىنى ئۆلتۈرىدۇ. خاتىپ بۇنىمۇ سۆزلەيدۇ، قاينايدۇ. گەپ مەسجىدتە قالىدۇ، جازا ئاللاھقا ھاۋالە قىلىنىدۇ. بۇ ھاللاردا گۇناھ يەنىلا ئۇيغۇرنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكىنىگە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ سۇسلاپ كەتكىنىگە ئارتىلىدۇ. گۇناھنىڭ ئەۋج ئېلىشى زامان ئاخىرىنىڭ ئالامىتى دېيىلىپ كۆڭلى سۇنۇق ئۇيغۇر يەنە ئۈمىدسىزلەندۈرۈلىدۇ. دىنچى زىيالىيلار شۇنى ئويلىمايدۇكى مەسجىد پەقەت ئىنساننىڭ قەلبىنى، روھىنى ئاللاھ بۇيرىغان يولغا يېتەكلەيدۇ. ئىنساننىڭ ھەركىتىنى، نەپسىنى توغرا يولغا سېلىش، جامائەتنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن قېلىپقا چۈشۈرۈش ئۈچۈن مۇنتىزىم قانۇن ۋە قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىدىغان ئورگان بولۇشى كېرەك.

توردا بىر زىيالى دەيدۇ:

ئە. ئوسمان باشچىلىقىدىكى شائىرلار ھېچنىمىزىم دېگەننى كۆتۈرۈپ چىقتى. ھېچنىمىزىم دېگىنى ئەقىدىمىزگە خىلاپ. ھېچنىمىزىم شەيتانىزىم، ھېچنىمىزىمچى شائىرلار گۇمراھلار، دىنىدىن چىققانلاردۇر. ھېچنىمىزىم مىللىي مەۋجۇدلىقىمىزنى تەھدىتكە ئۇچرۈتۇدۇ، بىزنى تۈگەشتۈرىدۇ...ۋاھاكازالار. ئۇنىڭ يازغانلىرىنى ئوقۇغان كۆرگەنلەر دەيدۇ: ھېچنىمىزىمچىلارنى ئۆلتۈرەي دېسەم قولۇمدىن كەلمەيدۇ، لېكىن ئۆلسە خوپ بوپتۇ دەيمەن. بۇ پىكىر يازغانلارنىڭ گېپى يازمىغانلار بەلكىم تەلۋىلەرچە ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ. ئاڭلىسام «باياۋاندىكى گۈلخان» دېگەن رومانىنىڭ ئاپتورى يازغانلىرى سەۋەبلىك تەلۋىلەرنىڭ قولىدا بىر كۆزى كور بولغان ئىكەن. ئەمدى بىرقانچە پارچە شېئىر يازغانلار كاپىرغا، گۇمراھقا چىقىرىلسا ھالى نېمە بولار؟! ھەممە يەردە مۇدھىش ھۆكۈم ئەلەڭگىيدۇ. گەپ قىلما خاتالىشىسەن، ئويلىما كاپىر، تېرورچى، بۆلگۈنچى، ئەسەبىي بولىسەن دەپ كوچىلار تەھدىت سالىدۇ. قەلبىڭدىكى خاسلىق، كىملىك، ئىددىيەنى سۆزۈڭدە تۈز ئىپادە قىلالمايسەن، ئاشكارە ئىپادە قىلالمايسەن، سورۇن يوق. چۆچەكتە، شېئىردا، ياغلىقىڭدا،

ساقىلىقىدا ئىپادە قىلساق، شۇنداق مۇستەبىت تەڭرىنىڭ ھىمايىچىلىرى باركى ساڭا قورال تەڭلەيدۇ. شۇنداق تەڭرىلىك تونىدا ھۆكۈم قىلغۇچىلار باركى ئۇلارنىڭ ئەما چاپانچىلىرى قورشاۋغا ئالىدۇ. تەڭرىلەر ۋە تەڭرىنىڭ ھىمايىچىلىرى مۇستەقىللىقىنى، خاسلىقىنى، ئىجادىيىتىنى، سۆزۈكىنى، غۇرۇرۇنى دارغا ئاسىدۇ. ئاللاھ ياراتقان ئەقلىنى ئىشلەتكەنلەرنىڭ ھالىغا، ئاللاھ ياراتقان تىلىنى سۆزلەتكەنلەرنىڭ جېنىغا ۋاي. خاتالىششتىن قورقۇپ گەپ قىلماي، قورساقتىن باشقىنى ئويلىماي، داھىلارنىڭ سۆزىدىن چىقماي، ھاكىممۇتلەق ئىدولوگىيەنى يادىرو قىلىپ ياشىماي، سۆزلەپ تاشلىغانلارنىڭ، تەپەككۇر قىلغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي.

مۇئاشلىق زىيالىلارنىڭ مىللىتىمىزنى خاراپ قىلىدىغان ئىللەتلەر ھەققىدە قاقشاشلىرى، مىللىي مەۋجۇدلىقىمىزنى بىتچىت قىلىدىغان شەيتانىزىم ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ئادەمنى قەلەم تۇتىدىغان، زىيالى ئېتى باردىن بەزدۇرىدۇ.

مۇئاشسىز زىيالىلارنىڭ ئۇنى بىدئەت، بۇنى شىرىك، ئۇنى دەھرىلىك بۇنى ئازغۇلۇق دەپ ھۆكۈم قىلىشلىرى كىشىنى ئۆزىدىن، ئۆرپ ئادىتىدىن گۇمانلاندۇرۇپ تېخىمۇ ساراسىمىگە سېلىۋېتىدۇ. گەرچە ئابدۇزاھىر داموللام ئاتۇشتىكى بىر مېيىت نامىزىدا بىدئەتنىڭ ئاۋامدا ئەمەس موللا ئۆلىمالاردا ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان ئىدى. ھالبۇكى، ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپمۇ بىدئەتكە چىقىرىش يەنە شۇ ئۆزىنى موللا ئۆلىما دېگەنلەردىن نېرى بولمايۋاتىدۇ. قۇلاق تۈۋىمىدە ئۇنداق بولۇپ كەتسەك مەۋجۇدلۇقىمىز ئۇنداق بولىدۇ، بونداق بولۇپ كەتسەك ئۇنداق خەتەرلىك ئاقىۋەتكە قالىمىز، ئۇنداقلىقىمىزدىن ئۇنداق بولدۇق، بۇنداقلىقىمىزدىن بۇ كۈنگە قالدۇق، بىز ئۇنداق كېسەل خەق، بىز ئىتتىپاقسىز مىللەت...دېگەن ئالدىراقسان، تەنتەك ھۆكۈملەر ئاڭلىنىپ مېنى بىزار قىلىدۇ. ھەممە يەردە ھەممە كىشىنىڭ ئاغزىدا ئىنكار قىلىش، قورقۇتۇش، تەھدىت سېلىش چەكلەش، ھۆكۈم قىلىش جىق. تەھلىل قىلىش، تەتقىق قىلىش، ئۈمىدلەندۈرۈش، چۈشۈنۈش، يول كۆرسىتىش، يېتەكلەش ئاز. بەزىدە بۇ ماڭا بىر قىسىم زىيالىلىق داۋاسىدىكى

كىشىلەرنىڭ يېزىۋاتقانلىرى ۋە دەۋاتقانلىرى ئۆزىدىكى بىنورمال پسىخىكىنى مىللەتلەشتۈرۈش، ئۈمىدسىزلىكنى ئاممىۋىيلاشتۇرۇپ قەلبىدىكى بىچارەلىكنى يوشۇرۇش، نوپۇزنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەپ بىخەتەر جان بېقىشتەك تۈيۈلىدۇ.

2. سەمىمىيەتسىزلىك، ئىلىمسىزلىك قورقۇنچاقلىق ۋە كېسەل تۈزۈلمە

مەنچە ئىلمىيلىك، سەمىمىيلىك ۋە ھەققانىيلىقنى قايرىپ قويغاندا دۇنيادا ئەڭ ئاسان ئىش ئۇيغۇرنىڭ رىياللىقىغا ھۆكۈم قىلىشتۇر. ھۆكۈم قىلغۇچى يالغان سۆزلەشتىن قورقمىغاندا، جازالىنىش تەھدىتى بولمىغاندا، ئىلىمسىزلىك چانمايدىغان شارائىتتا بۇنداق ھۆكۈمچىلىك بارغانچە ئەزۋەيلەيدۇ. شۇڭا بارلىق زىددىيەتنى تارىختىن قالغان دەپ خۇپسەنلىك بىلەن ھۆكۈم قىلىشقىمۇ بولىدۇ. بارلىق تەرەققىيسىزلىقنى تەبىئىي موھىت جۇغراپىيىلىك ئاملىغا ئارتىشمۇ بىخەتەر كېسىم بولالايدۇ. ئۇيغۇرنى ئاتالمىش مەنىۋى كېسەللەر قاپلاپ كەتكەن، شۇڭا كېسەل مىللەتنىڭ ساغلام مىللەت بىلەن تەڭ ئىلگىرلىيەلمەسلىكى ھەيران قالارلىق ئەمەس دېيىشمۇ ئالقىشلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى. ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى زامانىۋى پەن تېخنىكىغا ماسلاشمايدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ فېئوداللىق دىنىي ئىددىيىسى تەرەققىيات بىلەن سىغىشالمايدۇ دېيىشمۇ جاھاندارچىلىققا ئۇيغۇن كېلىدۇ. خۇي پەيلىمىزنى بىدئەت قاپلاپ كەتكەچكە كۈنىمىزدە بەرىكەت يوق دېيىشمۇ زامانغۇللارچە چۈشەندۈرۈش بولالايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلمىيلىك ۋە سەمىمىيلىكتىن خالى كوچا پاراڭ تىپىدىكى ھۆكۈمدۇر، چۈنكى بۇلاردا مەسىلىنىڭ نېمىلىكى، قانداق كېلىپ چىققانلىقى، نېمە ئۈچۈن كېلىپ چىققانلىقى ۋە ھەل قىلىش يوللىرى ھەققىدە ھېچ نېمە دېيىلمەيدۇ. بۇ تۇتقىدىن قارىغاندا بەزىلەرنىڭ قىلىۋاتقىنى ئۇيغۇرنى تەھلىل قىلىش، تەتقىق قىلىش ئوپېراتسىيە قىلىش ئەمەس، ئەيىپلەش، ئىنكار قىلىش ۋە قارغاشتۇر. چەتئەلنى بىر پىرقىراپ كېلىپ ئۇيغۇرنى مەينەتكە،

قالاقـقا، نادانغا چىقىرىش: مەككىنى بىر تاۋاپ قىلىپ، ئەزھەردە بىر قانچە ئاي تۇرۇپلا ئۇيغۇرنىڭ ھەممە ئۆرپ ئادەتلىرىنى بىدئەتكە چىقىرىش نىمىدىن؟ دىنچى زىيالىلار ئۆزىنى ئاشكارە دىنسىز جاكارلىغان شۇنچە جىق كاپىر بىر يەردە قىلىپ يەنە ئۆزىنى مۇسۇلمان دەۋاتقان ئۇيغۇرنى كاپىرغا چىقىرىشىدۇ. شۇنچە كۆپ ئازدۇرغۇچى بىرنى ئوراپ تۇرسا پەقەت ئۇيغۇرلا شەيتانغا چىقىرىلىدۇ نىمىشقا؟ چۈنكى بۇ ئاسان. ئەڭ موھىمى بىخەتەر. ئىچكىرىدە تۇرغان ۋاقتىمدا ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇرنى بوزەك قىلغىنىنى كۆرۈپ، «ھەي بىزدىكى ئىتىپاقسىزلىق، كۆيۈنمەسلىك، ئۇيغۇر تۇرۇپ ئۇيغۇرنى بوزەك قىلسا...» دەپ مىللەتنىڭ ئىللەتلىرىدىن ئاغرىنىپ، ئىستىقبالىدىن ئەندىشىگە چۈشەتتىم. كېيىن بىلسەم ئىچكىرىدە ئۇيغۇر ئۇيغۇرنى ئۇرسا ساقچى «بۇ سىلەرنىڭ ئىچكى ئىشىڭلار» دەپ سورۇمايدىكەن. شۇڭا ئۇيغۇرنى ئۇرۇش بىخەتەركەن. بۇنىڭ ئۇيغۇرنىڭ ئاتالمىش ئەيىپلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىكەن. ئەمدى مۇشۇ كاپىرغا چىقىرىش، جاسۇسقا چىقىرىش، شەيتانغا چىقىرىشلارنى ئامېرىكىدا قىلغىلى بولامدۇ، ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرغا قىلغىلى بولامدۇ؟ مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق قانۇن مۇكەممەل ئەللەردە شەخسنىڭ ئىتىقادىغا، غۇرۇرىغا ھاقارەت قىلسا دەرھال سوتقا تارتىلىدۇ. ئاشكارە سورۇندا، مەتبۇئاتتا ئۇنى گۇمراھ بۇنى دەھرى دېگەن گەپلەرنى ئەرەبىستاندا قىلغىلى بولامدۇ؟ ياق بولمايدۇ، چۈنكى ئەرەبىستاندا شەرىئەت بار، قازى بار. ئۇيغۇردا ئۆزىنى قوغدايدىغان يۇقارقى شارائىتلارنىڭ بىرسىمۇ يوق. شۇڭا ھەرقانداق ئۇيغۇر نەپسى خاھىشىنى ئۆلچەم قىلىۋالغان چالا ھۆكۈمچى، ناباپ كىيسىمچىلەر تەرىپىدىن خالىغانچە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئۇيغۇردىن سالمان رەشىد چىققانلىقى، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ دۈشمىنىنىڭ ئۇيغۇرلاردىن چىققانلىقى تېخىچە ئىسلام دۇنياسىغا سىربولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ سىر يېشىلسە ئۇيغۇرغا سالمان رەشىد بولماقنىڭ، مۇسۇلمانلارغا دۈشمەن بولماقنىڭ نەقەدەر ئاسانلىقى جاھان مۆئمىنلىرىنى ياقا چىشلەتكۈزگۈسى. ئۇيغۇر قوغداقسىز، ئۇيغۇر ئاجىز، ئۇيغۇر ئامالسىز شۇڭا ھەر كىم ھەر نېمە دېيەلەيدۇ. بۇ ئاجىزلىق، ئامالسىزلىق ۋە قوغداقسىزلىق قانۇننىڭ ناباپلىقى،

تۇزۇلمىنىڭ كەمتۈكلىكىدىن كېلىپ چىققان. كېسەل تۇزۇلما ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەۋج ئالغان ھۆكۈمچىلىك ھادىسىسىگە پارنىك بولۇۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرچە زىيالىلىقتا ھۆكۈمچىلىكنىڭ ئىلمىيلىك ئۈستىگە قۇرۇلمىغانلىقىغا تۇردىن ئېلىنغان بىر مىسال. «نورۇز بايرىمىنىڭ تېگى ئېنىق ئەمەس، ئۇيغۇر ياكى تۈركى مىللەتلەرنىڭ دەيدىغانغا ئىشەنچلىك ماتېرىياللار يوق. كۆپ ئېھتىمالدا كۇردلارنىڭ ئاندىن ئىرانلىقلارنىڭ بەزىبىر دىنى پائالىيەتلىرى ئارىلاشقان بايرام. بۇ بايرامنى ئۇنچىۋالا چوڭ بىلىپ ياشارتىشنى پەقەتلا مىللىي كىملىكنى قوغداش ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قارىغانلار تەشەببۇس قىلىۋاتقان بولسا كېرەك. ئەسلىدە ئىككى ھېيتىمىزنى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزسەك بۇنىڭغا ھاجەت يوق. يەنە بىر تەرىپى بۇ نورۇز بايرىمىنىڭ ئۇيغۇرچە تەبرىكلىنىشىدە دىنىي ئەقىدە ئەسىرى قالمىغان. بىراق تەبرىكلەش ھارام ئىشلار ئارىلاشقان ھالەتتە بولۇدۇكەن.» مانا بۇ ھۆكۈم. نورۇز بايرىمىنىڭ تېگى ئېنىق ئەمەس دېگەندە نېمىگە تايانغان؟ ھېچ بىر چۈشەندۈرۈش يوق. «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، «ئۇيغۇر فولكلورىدىن ئومۇمىي بايان»، «ئۇيغۇر ئۆرپ ئادەتلىرى» قاتارلىق كىتاپلاردىكى نورۇزغا ئائىت بايانلارنى ئوقۇماي تۇرۇپ كۆزنى يۇمۇپلا «تېگى ئېنىق ئەمەس» دەپ تۈگۈتۈدۇغان ئىشمۇ؟ نورۇز دېگەن سۆزنىڭ پارسچە ئىكەنلىكىگە، نورۇزنى پارسلار ئۆتكۈزگەنلىكىگە قاراپ شۇلارنىڭلا بايرىمى دەيمىزمۇ؟ دۇنيادا باھار-يېڭى يىل بايراملىرى ھەممە مىللەتتە بار ئىش تۇرسا بۇنى كورد، پارسلارنىڭ دەۋلىش نېمە گەپ. ئەگەر ئىسمىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىمىز دېسەك مۇقام سۆزى ئەرەبچە، مۇقامچىلىق ھادىسىسى ھىندى، ئەرەب، پارس تۈرك مىللەتلىرىگە ئورتاق ھادىسە. ئۇنداقتا بۇنىڭغا نېمە دەيمىز؟ نورۇزدا جامائەت بىللە نورۇز ئېشىغا ئېغىز تېگىدىغان، ئاشتىن بۇرۇن بىسمىللاھ دەيدىغان، تاماقتىن كېيىن ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىپ دۇئا قىلىدىغان قائىدە ھەممىمىزگە ئايانغۇ؟ بۇنى قانداقمۇ دىنى ئەقىدە ئەسىرى قالمىغان دېگۈلۈك؟ ئەگەر تەبرىكلەشكە

هارام ئىشلار ئارىلاشقان دېيىلسە قايسىسى هارام، نېمىشقا هارام؟ تەبرىكلەشكە هارام ئارىلاشتىمۇ دەيلى، بۇ نورۇزنىڭ خاتالىقىمۇ ياكى ئىنسانىنىڭمۇ؟ ئۇنداقتا هېيتتا بىر قىسىم شەهەرلەردە پەتىلەپ هاراق ئىچىش ئادەتكە ئايلاندى، بۇنىڭغا قاراپ ئىككى هېيتىمىزنىمۇ بىدئەتكە چىقىرىپ چەكلەيمىزمۇ؟ «قۇتادغۇ بىلىك» تە بوۋىمىز يۈسۈپ خاس هاجىپ زوق شوق بىلەن تەرىپلىگەن نورۇزنى بىدئەتكە چىقىرىش نېمىگە شۇنچە زۆرۈر بولۇپ قالدى؟ ئۇيغۇر جەمىيىتىدە بىدئەتكە چىقىرىش تەشنالىقى خېلى يايغىن. بۇ قىزغىنلىقتا سەۋەب بولغان ئامىل يۇقۇرىدا تەهلىل قىلىنغاندىنمۇ مۇرەككەپ. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ، سابىت داموللامنىڭ، ئابدۇلئەزىزخان مەخدۇمنىڭ، ئابدۇلهەكىمخان مەخدۇمنىڭ مىللىي ئۆرپ ئادەتنى بىدئەتكە چىقارماي دىققەتنى ئاقارتىش، مائارىپ ئىشلىرىغا قاراتقىنىدىكى هېكمەتنى چۈشۈنەلمەيۋاتامدۇق ياكى خۇپسەن بولۇۋالدۇقمۇ. بەلكىم بۇنداق بىدئەتكە چىقىرىش تەرەپتارلىرى جوڭگودىكى ئىسلاهاتچىلىقتىن ئىلهام ئالغان بولۇشى مۇمكىن. بەرهەق، ئىسلاهاتنىڭ غەلىبە قىلىشى جوڭگودا كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىنى ئۆزگەتتى، كىشىلەر ئىسلاهاتلا بولسىلا قوللايدىغان، ئىسلاهاتنىڭ هەرقانداقىغا تەلپۈنۈدۇغان هالغا كەلدى. ۋاهالەنكى ئىسلاهاتچىلىق بارلىق مەۋجۇد مۇراسىم ۋە ئادەتلەرنى بۇزۇپ يېپ يېڭى بىر رەسىمنى پەيدا قىلماقچى بولسا بۇ ئۇنچە ئاسان هەم خاسىيەتلىك ئىش ئەمەس. ئەگەر ئىسلاهاتچىلىق، يېڭىدىن قۇرۇپ چىقىش دۇنيادا بىردىنبىر هەل قىلىش چارەسى بولۇدۇغان بولسا ئامېرىكىدا ئىسلاهاتچىلىقنى قوللايدىغان دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن ئىسلاهاتچىلىق ۋە يېڭىلاشلارغا قارشى كونسېرۋاتىپلىق (مۇهاپىزەكارلىق) نى تەشەببۇس قىلىدىغان جۇمهۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى نۆۋەتلىشىپ هاكىمىيەت سۈرمىگەن بولاتتى. ئەمەلىيەتتە بەزى كالتە پەملەرنىڭ قىلىۋاتقىنى ماڭا ئىسلاھ قىلىش ئەمەس، هەممىنى قايتىدىن بۇزۇپ بىر قوللۇق ياساپ چىقىشتەك تۇيۇلۇدۇ. بۇنداق قىلماقچى بولغانلار «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن ساۋاق ئالغاي. قىزىل قوغدۇغۇچىلار خەلق

ناخشىلىرىنى شەھۋانى دەپ ئېيتقۇزمىغان، توي تۆكۈننى ئىنقىلاۋىي قىلدۇق دەپ ماۋزېدوڭنىڭ ئۆزۈندىلىرىنى يادلاتقۇزغان. ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىسلام مەدەنىيىتىنى تۆت كونىغا چىقىرىپ يوقاتماقچى بولغان. ئۇلار ماۋزېدوڭدەك رەھبەرنى ئارقا تىرەك قىلىپمۇ قۇرۇپ چىقالمىغان ئۇ يېپ يېڭى جەمئىيەت بۈگۈنكى شارائىتتا تېخىمۇ قۇرۇلمايدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە نوپۇزغا تايانمىغان ئىلمىي ھۆكۈمنى تېپىش ئەمەس تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ ئاسان ئەمەس. چۈنكى بىز ماركسىزىم ئىدولوگىيەسى بىلەن قوراللانغان كومۇنىستىك بىر ئەلدە ياشاۋاتىمىز. ھۆكۈمەتكە بېقىنمايدىغان مۇستەقىل مائارىپ سىستېمىسى شەكىللەنمىگەن، ھۆكۈمەتكە بېقىنمايدىغان تەتقىقات ئورگانلىرى بارلىققا كەلمىگەن جوڭگو جەمئىيىتىدە شەيئى ۋە ھادىسىلەر ھەققىدە نوپۇزنىڭ تەسىرىدىن خالى ئىلمىي، سەممىي ۋە تەرەپسىز بىر ھۆكۈمنى كۈتۈش كىشىنى ئۈمىدۋار قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرچە زىيالىلىقتا ھۆكۈمچىلەرنىڭ نوپۇزنى سۈيئىستېمال قىلىشلىرى ھەيران قالارلىق ھادىسە ئەمەس. ئەمما بىزنىڭ كىرزىسىمىز ئالاھىدە، تالاپەتلىرىمىز مۇرەككەپ بولغاچقا زىيالىلارغا شۇنى ئىلتىماس قىلىشقا مەجبۇرمىز. مەرھۇم ئالىم ئابدۇقادىر داموللام 20- ئەسىرنىڭ بېشىدا «زامانىمىز ئۇيقۇ زامانى ئەمەس، ئويغىنىش زامانىدۇر» دېگەنىكەن. ئىشنى ئۆرپ- ئادەت ۋە مەدەنىيىتىمىزدىكى ھەممە ساھەگە قايتا ھۆكۈم قىلىش، پەتىۋا بېرىشتىن ئەمەس، مەكتەپ قۇرۇشتىن، مەرىپەت تارقىتىشتىن باشلىغانىكەن. مەنچە 21- ئەسىر ئۇيغۇر ئۈچۈن مەدەنىيەتتە يوقنى بەرپا قىلىش ئەمەس، بارنى ياخشىلاپ قوغداش زامانىدۇر. `شۇڭا بۈگۈنكى بىقوۋۇل ھالىتىمىزدە كۈلتۈر-مەدەنىيىتىمىزنى قانداق ئىسلاھ قىلىش، قانداق باھالاش مەسىلىسى كۈنتەرتىپتە ئەمەس، قانداق ساقلاپ قېلىش ئالدىنقى پىلاندا بولۇشى كېرەك. ئىسلام مەدەنىيىتىمىزدە يېڭىلاش،

ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلىش تەپرىقچىلىك پەيدا قىلىدۇ، دىققىتىمىزنى چاچىدۇ، ئوت يۈرەك ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ زېھنىنى تۈگمەس ئىچكى زىددىيەتكە بۇرىۋېتىدۇ. ھازىر ئىش قىلىۋاتقانلارنىڭ ئىشىغا، ئويلىنىۋاتقانلارنىڭ تەپەككۇرىغا ھۆكۈم قىلىشقا ئالدىرىماي ئۇلارنى چۈشىنىش ۋە ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. كىشىلەرنىڭ ئىددىيە ۋە كۆز قاراشلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بۈگۈنگىچە ھېچ كىمنىڭ قولىدىن كەلمىگەن ھەم كەلمەيدۇ. ئىددىيەنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ھاكىمۇتلەق جەمىيەتلەرنىڭ ئۇزاققا بارالمىغانلىقى، سەل ئۇزاق داۋام قىلغانلىرىنىڭمۇ تۈرلۈك كېسەللەرگە مۇپتىلا بولۇپ كىشىلەرنى زار زار قاقشىتىۋاتقانلىقى ھېچ كىمگە سىر ئەمەس. شۇڭا دىققىتىمىز باشقىلارغا ھۆكۈم قىلىشقا ۋە ئۇلارنى ئۆز ھۆكمىمىزگە قانداق جەلپ قىلىش، كۆندۈرۈشكە قارىتىلىپ كەتسە قولىمىز ئىشتىن توختاپ قېلىشى مۇمكىن. ئىشتا ۋە نىشاندا بىرلىك بىزگە ھۆكۈمچىلىكتىن، پىكىر ئىختىلابىدىن بەكرەك ئەمەلىي، زۆرۈر ۋە پايدىلىقتۇر. ئۇيىدا، گەپتە بىر بولۇشنى ئارزۇلاشتىن، ئۆتمۈشنى سۈرۈشتۈرۈشتىن، خام خىيالدىن قول ئۈزىدىغان ۋاقتىمىز كېلىپ ئۆتۈپ كەتكىلى تۇردى. بىز ئەمەلىيەتكە، كەلگۈسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا كۆز ئالدىمىزدىكى بىچارەلىك، مەھرۇملۇق ۋە كەلگۈسىدىكى تەھدىت ئالدىدا چۈشىنىشنىڭ، قوللاشنىڭ، ھۆرمەتلەشنىڭ، ئىشىنىشنىڭ ھۆكۈمچىلىككە قارىغاندا تېخىمۇ زۆرۈر، بەكمۇ تەخىرسىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز.

# «چالا تەرجىمان» كىمنى ئۆلتۈرگەن، كىملىكنى ئۆلتۈرەمدۇ؟

ئۇيغۇر تىلىدا تەرجىمان دېگەن سۆز ھەممە ئۇيغۇرغا چۈشىنىشلىك. ئۇيغۇرچىدا بۇ سۆزنىڭ تىلماچ، تەرجىمان دېگەن ئۆز تىلىدىكى مەنىداشلىرى بولغانىدىن سىرت «پەيىي»، «تۇۋچى» دېگەن يات تىلدىن كىرگەن ۋارىيانتلىرىمۇ بار. «تۇۋچى» دېگەن سۆز چىڭ ئىمپېرىيىسى ئۇيغۇر ۋىلايەتلىرىنى ئىستىلا قىلىپ بىرمەزگىلدىن، يەنى 1880-يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇرچىغا كىرگەن. «پەيىي» سۆزى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ مەھسۇلى. بۇ يەردىكى تىلماچ سۆزى قەدىمكى سۆز بولۇپ «قۇتادغۇبىلىك» تە كۆپ ئۇچرايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «تىل ئەقىلنىڭ تەرجىمانى» دېگەنىكەن. تىلدا بىر سۆزنىڭ ئەسلى مەنەدە قوللىنىلىشتىن ئوخشىتىش شەكلىدە قوللىنىلىشقا ئۆتىشى شۇ سۆزنىڭ ئاۋامغا ئاللىقاچان كۈندەك ئايان بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئوخشىتىش ئابستراكىت، مۇجمەل ئۇقۇمنى رۇشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەقىلنىڭ رىياللىشىش جەريانىنى تىلنىڭ تەرجىمە قىلىنىش جەريانىغا ئوخشىتىشى ئۇيغۇرلارنىڭ تەرجىمە ۋە تەرجىمانلىق ھەققىدە مول كەچۈرمىشكە، ئۇزاق تارىخي تەجرىبىگە ئىگە مىللەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. قاراخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلىغا «قۇرئان»، «ئىنجىل» قاتارلىق دەستۇرلارنىڭ، «ئىزوپ مەسەللىرى»، «بەشنامە» قاتارلىق غەرب ۋە شەرق ئەدەبىيات جەۋھەرلىرىنىڭ مىڭ يىل بۇرۇنلا تەرجىمە قىلىنغانلىقى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئوخشىتىشىنىڭ ئاممىۋي ئاساسىنى دەلىللەيدۇ. ئەگەر بىز

شۇ دەۋردە خەن سەيياھ ۋاڭ يەندىنىڭ «تۇرپاندا ساۋاتسىز ئادەم يوقكەن»، دېگىنىنى ۋە چىڭگىز خاننىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزى ئىستىلا قىلغان بارلىق رايونلاردا ئىمپېرىيە تىلى قىلغانلىقىنى ئەسلىيەلىسەك، چىڭگىز ئىمپېرىيىسى ئارقىلىق دۇنيانى تەرتىپلىگەن ئۇيغۇر ئەقلىنىڭ ۋە شۇ ئەقلىنى باشقا تىللىقلارغا مۇكەممەل ئۆرۈپ بېرەلىگەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ زامانىسىدىكى قۇدرىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالىشىمىز مۇمكىن. «قۇتادغۇبىلىك»تە دېيىلىۋاتقان ئەقىل بىلەن تىلماچ ھەر ئىككىلىسى ئوخشۇتۇش بولۇپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنى كېيىنكى بايانلىرىدا رۇشەنلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭچە ئەقىل دېمەك قۇدرەت، غەزىنە، پاراسەت دېمەكتۇر، تىل ئاچقۇچ بولۇپ تىلماچ ئاچقۇچنى قوللانغۇچىدۇر. مەن مۇشۇلارنى ئويلىسام يۇقارقى ماقال ماڭا غەلىتە تۇيۇلىدۇ. تىلماچ ۋە تىل ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر مىڭ يىللار بۇرۇن ئومۇملاشقان بىر مىللەت قانداق بولۇپ تەرجىمان ھەققىدە تېمىدىكىدەك سەلبىي ۋە مەنپىي قاراشقا كېلىپ قالدى؟ بۇ مەنپىي قاراش قانداق قىلىپ ئۇيغۇرلار ھاياتىدا ئالماشقان ئۈچ خىل ھاكىمىيەت جەريانىدىمۇ ئىزچىل ئالماشماي بازارلىق بولدى؟

تېمىدا تىلغا ئېلىنغان ماقال ئاۋام ئۇيغۇرنىڭ تىلىدا «چالا پەييى ئادەم ئۆلتۈرەر»، «چالا تۇڭچى ئادەم ئۆلتۈرەر»مۇ دېيىلىدۇ. «پەييى» دېگەنلىك خەنچە تەرجىمان دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇر تەلەپپۇزىغا بويسۇندۇرۇلۇشى. زىيالىلار بۇ يەردىكى «پەييى» سۆزىنى تەرجىمان، تىلماچ دەپ ئۇيغۇرچە قوللۇنۇدۇ. قىزىقارلىق يېرى شۇكى خەنلەر بىلەن بىۋاستە ئۇچراشقىنىغا تېخى نەچچە ئون يىل بولغان بۇ ئاۋامۇ بۇ سۆزنىڭ خەنچىسىنى نەچچە ئەۋلادتىن بېرى ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، مەرھۇم ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ «ئىز» رومانىدا تۆمۈر خەلپىگە خائىنلىق قىلغان كىشىنىڭ ئىسمى سايىت تۇڭچى دەپ يېزىلغان. ئۆتكۈر ئەپەندىم نېمىشقا بۇ سۆزنى سايىت تەرجىمان، ياكى سايىت تىلماچ دەپ يازمايدۇ؟ چۈنكى تۇڭچى سۆزى ئەينى چاغدا ھەممە ئۇيغۇرغا تولۇق ئۇقۇشلۇق ئىدى، شۇڭا خەنسۇچىدىن كىرگەن بۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى ئەسكەرتىش بىھاجەت ھېساپلانغان بولسا كېرەك. ئادەتتە تىلنىڭ

قوللۇنۇلۇشى قاتلاملىق بولۇدۇ. ئاۋامنىڭ تىلىدا قوللۇنۇلۇۋاتقان سۆزلەر ئومۇملاشقان، پۈتكۈل جامائەتكە چۈشۈنۈشلۈك بولۇدۇ، زىيالىنىڭ تىلىدا قوللۇنۇلغىنى مەلۇم دائىرىدە ۋە مەلۇم ساھەدىلا چەكلىنىدۇ. مەسىلەن، مەتبۇئات، مۇھەررىر، دەرسلىك، تەتقىقات، تەپەككۇر، مەجھۇل، مەۋھۇم، مەنپىي، مۇسبەت... قاتارلىق سۆزلەرنى ئاۋام ئۇيغۇرلار كۆپ قوللانمايدۇ. «تۇڭچى» دىگەن بۇ سۆزنىڭ ماقال تەمسىللەردە ۋە ئۇيغۇرلاردا ئەڭ كۆپ ئوقۇلغان بىر روماندا ھىچ بىر ئىزاھاتسىز قوللۇنۇلۇشى بۇ سۆزنىڭ خەنچىدىن ئۇيغۇرچىغا كىرىش تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ۋە ئاۋامنىڭ تۇرمۇشىدا ھالقىلىق رول ئوينىغان ھادىسىلەر بىلەن باغلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ماقالدىكى تۇڭچى سۆزى چىڭ ئىمپىرىيىسى زامانىدا خەنچىدىن كەلگەن. چۈنكى چىڭ زامانىسىدا تەرجىمان خەنچىدە توڭشى(通事)دىيىلگەن. ئۇيغۇرچە مەنسۇپ بولغان تۈركى تىللاردا «ش» بىلەن «چ» نۆۋەتلىشىدىغان قائىدە بولغاچقا توڭشى دىگەن بۇ سۆز ئۇيغۇرچىدا تۇڭچى بولۇپ قالغان. مىڭ سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلىپ شۇ تىرىتورىيەدە چىڭ سۇلالىسىنى قۇرغان مانجۇلار مەمۇرىيەتنى تەشكىللەش، جەمىيەتنى تەرتىپلەش ۋە دۆلەتتىكى ئىقتىسادى مۇناسىۋەتلەرنى بىر ياقلىق قىلىشتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنسۇ خانلىقلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان. دۆلەتچىلىك ئەنئەنىسى بولمىغان مانجۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى (ئورتا ئىقلىمنى) خەنچە ھاكىمىيەت ئەنئەنىسى بىلەن ئۆزلىرى بىۋاستە باشقۇرغان. ئۇيغۇر ئېلىگە ئوخشاش 1884 -يىلدىن كېيىن رەسمى قارام بولغان يىراق يېڭى چېگرالارنى يەرلىك ئۇيغۇرلار ئارقىلىق ۋاستىلىك باشقۇرغان بولغاچقا چىڭ زامانىسىدا ئىنتايىن ئاز ساندا تىلماچ-تۇڭچىغا ھاجەت چۈشكەن. چۈنكى چىڭ ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ئەمەلدار پەقەت بىر سىمووۋۇل بولۇپ ئەمەلىي ھوقۇق يەنىلا ئۇيغۇر شاھلار(ۋاڭلار) ۋە ھاكىمبەگلەردە بولغان. تۇڭچىلارغا ئەڭ كۆپ ئېھتىياج چۈشكەن چاغ، دەل شۇ يەرلىك شاھ (قۇمۇلدا، تۇرپاندا، كۇچادا)، ھاكىمبەگلەر

(غۇلجىدا) ۋە باشقا بەگزادە ھۆكۈمدارلار ئاجىزلىتىلغان ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان مىنگو زامانى بولغان. مىنگو مىللەتچىلىكنى ئاساس قىلغان بولغاچقا ئاتاقتا بەش مىللەت جۇمھۇرىيىتى(ئۇيغۇر، خەن، تۇبۇت، موڭغۇل، مانجۇ) دېسىمۇ، چىڭ سۇلالىسىدىن قالغان ئىمپېرىيە زېمىنىنى خەنسۇلار قۇرغان مىڭ خانلىقىنىڭ داۋامى دەپ قاراشتا چىڭ تۇرغان. مىللەتچى مىنگوچىلار ئاغزىدا بەش مىللەت جۇمھۇرىيىتى دېگەن بىلەن باشقا مىللەتلەرنى جوڭخۇئا(ئوتتۇرا خۇئا= خەن) مىللىتىنىڭ بىر ئۇرۇقى دەپ قارايتتى. بۇ ئىدولوگىيە سەۋەبلىك ئۇلار يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھاكىم بەگ ۋە شاھلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ بارلىق ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائى ساھەلەرگە جوڭخالىقلارنى ھاكىم قىلدى. بۇنداق تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش جەمىيەتكە نۇرغۇن قالايمىقانچىلىقلارنى، زىددىيەتلەرنى يۈكلىدى. مىنگوچىلار زىددىيەتنى پەقەت يەرلىك خەلقنىڭ قالاقلىقىدىن كۆرەتتى. مىنگوچىلارچە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ قالاقلىقى ئۇلارنىڭ شەرەپلىك جوڭخالىق بولالماسلىقىنىڭ سەۋەبى ئىدى. يەرلىك نادان مىللەتلەرگە ئۇلۇق جوڭخالىقلاردەك ياشاش بەختى پەقەت جوڭخالىقلار سۆزلەۋاتقان تىلنى بىلىش ۋە شۇلارنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىش بىلەن ئەمەلگە ئاشاتتى. ئۇلار ئۇيغۇرلارنى جوڭخۇئالىقلارنىڭ تىلىدا سۆزلەيدىغان قىلىش ئۈچۈن شۆتاڭ ( خەن تىللىق مەكتەپ) لەرنى قۇردى. كۆپىنچىسى ئەزەلدىن يات تىل ئۆگۈنۈپ باقمىغان، ئۆز ئىقلىمىنى دۇنيانىڭ مەركىزى دەپ قارايدىغان مىنگو مىللەتچىلىرى ئالۋاڭ تاپشۇرىۋاتقان خەلقنىڭ پۇلىغا «ھەقسىز» خەنسۇچە شۆتاڭ ـ مەكتەپ ئېچىپ، يەرلىك «ياۋايىلار»نىڭ باللىرىنى ئوقۇتتى، مەقسەد پەقەت تەرجىمان تەربىيەلەش ئىدى. ئۇيغۇر باللار نەچچە يىل ئوقۇسىمۇ ھىچ نېمىنى ئاڭقىرالماي ئوقۇشتىن زېرىكسە مىنگوچىلارنىڭ قالاق دەپ كەمسىتىشىگە ئۇچرىدى. شۆتاڭ مائارىپى نەتىجىسىدە پەقەت خەنچىدىن باشقا ھىچ نېمە بىلمەيدىغان تەرجىمان- تۇڭچىلار يېتىشىپ چىقتى. زاماندا نېمىگە ئېھتىياج ئارتىپ كەتسە تىلدىمۇ شۇنىڭغا ماس سۆزمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ، يۇقارقى سەۋەپ تۈپەيلى ئۇيغۇر تىلىدا تەرجىمان، پەيپى، تىلماچ، تۇڭچى دېگەن سۆزلەر

دائىم قوللۇنۇلۇدۇغان بولدى. پەۋقۇلاددە قىسقا ۋاقىتتا تەربىيەلەنگەن تەرجىمانلار ھەممە ساھەدە، ھەممە يۇرت ئايماقلاردا بوك ئورنىغا كاللا كەلتۈرۈپ ، ئەسلىدىنلا كەسكىن زىددىيەتنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرىۋەتتى. بۇلارنىڭ ئەڭ پاجىيەلىك ئاقىۋىتىنى ئۇيغۇرلار «چالا تەرجىمانلارنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشى» دەپ خۇلاسىلىغان بولسا كېرەك. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تىلىدا «چالا تەرجىمان ئادەم ئۆلتۈرەر» دېگەن ماقال قالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئادەتتە ماقاللار خەلقنىڭ خاتىرىسىگە تامغا بولۇپ بېسىلغان تارىخي رىياللىقتىن كېلىدۇ. مەن مۇشۇ كۈنگىچە ئۆزەم يامان ئەمەس بىلىدىغان خەنچە، ئىنگلىزچە، تۈركچە، پارسچە قاتارلىق تىللارنىڭ ھېچ قايسىدا «چالا تەرجىمان ئادەم ئۆلتۈرەر» دېگەن ماقالنىڭ ئۆزىنى ۋە ياكى شۇنداقراق دېگەن مەنىدىكى ماقالنى كۆرمىدىم. دېمەك بۇ خەلقلەرنىڭ ھاياتىدا تەرجىمان سەۋەبلىك مۇبارەك جانلار قەتل قىلىنمىغان بولسا كېرەك. چالا تەرجىمان سەۋەبلىك پاجىيەلىك تەقدىرگە مۇپتىلا بولغان قەۋم ئەۋلادلىرىغا تىل ئارقىلىق ئاشۇنداق ۋەسىيەتلەرنى قالدۇرغان بولۇدۇ. لېكىن ۋەسىيەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلىنىۋەرمەيدۇ. بولۇپمۇ ئەجدادنىڭ ئەقلىدىن، سەلتەنىتىدىن، ئۇتۇقلىرىدىن گۇمانلانغان ئەۋلاد ياكى بىخەۋەر قالغان ئەۋلاد ئەمەل قىلىپ بولالمايدۇ.

بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئومۇمى گەۋدىسىنى تەرجىملىك جەمىيەتنىڭ تىلسىز ئەزالىرى دېسە خاتالاشقانلىق بولمايدۇ. چۈنكى ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى 60 يىلدىن بېرى خەنچىدىن ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە جەريانىدا قايتا قۇراشتۇرۇلغان. بۈگۈنكى ئۇيغۇرنىڭ تەپەككۇرى ئون نەچچە يىللىق تەرجىملىك مائارىپ ۋە تەربىيە تۈرتكىسىدە شەكىللىگە كىرگەن. ئۇيغۇرچە ئوقۇش بەختىگە ئېرىشكەن 90-يىللارغا مەنسۇپ ئۇيغۇر ئائىلىچىلار ئەدەبىياتتىن باشقا ھەممە دەرسنىڭ خەنچىدىن ئۆرۈلگەن ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە تەربىيەلەندۇق. ئوقۇمىغانلار يوللارغا ئورنۇتۇلغان

ۋارقىراق كارنايلاردىن تەرجىمە سىياسەت ۋە بۇيرۇقلارغا ئەگىشىپ ھاشاردا تەربىيەلەندى. بۇ ئىككى تۈپنىڭ تەربىيە ئېلىشىدىكى پەرقى بىرسى مەجبۇرى يەنە بىرى ئىختىيارى ئىدى. ئوخشاشلىقى ئىككىلىسىدە ئەسلى مەنە، مەقسەدنىڭ ساڭا مەڭگۈ سىر بولۇپ قالىدىغانلىقىدۇر. مەيلى ئايلىقچى بولايلى ياكى ئايلىقسىز بولايلى تەرجىمە خەۋەر، تەرجىمە ئۇچۇر، تەرجىمە پەرمان ۋە تەرجىمە كىنو ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى ئارقىلىق مىڭىمىزنىڭ بويالغانلىقى ۋە شىددەتلىك بويۇلۇۋاتقانلىقى ئېنىق. مىسالەن، يېقىندا يېتۈك ئەدىپ نۇرمۇھەممەد تۇختى ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي ئاخباراتىنى ئوقۇپ قالدىم. بۇ موھتەرەم يازغۇچىمىز ئەسىرىنىڭ بېشىنى مىللىي بۇرژۇئازىيە دېگەندەك ماركسىزىملىق تەرجىمە ئاتالغۇلىرى بىلەن باشلاپ پىرسۇناجى تارتقان مۇشكۇللەرنى «غەرىپكە ساياھەت»تە سۆزلەنگەن نوم ئەكىلىش جەيانىدىكى رىيازەتلەرگە تەققاسلاپ قاناتلاندۇرۇپ، ئىسلاھاتنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ئەسىرىنى ھەق دادىغا يەتكۈزۈپتۇ. يەنە بىر مىسال، ھازىرقى «ئىناق جەمىيەت» تەشەببۇسى ئەسلى جوڭگۇدىكى يېزا بىلەن شەھەر، بايلار بىلەن كەمبەغەللەر، ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالار، تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن ئارقىدا قالغان رايونلار، كۆپسانلىقلار بىلەن ئاز سانلىقلار... قاتارلىق مەنپەئەت گورۇپپىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تەڭشەشكە قارىتىلغان بولۇپ، بۇ يەردىكى مەقسەد شۇلارنى تەڭشەش، ماسلاشتۇرۇش، مۇۋازىنەت شەكىللەندۈرۈش ئىدى. بۇنىڭ ئۇيغۇرچىدىكى ئىناقلىق- ئىتتىپاقلىق بىلەن ھىچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ئۇيغۇرچىدىكى «ئىناق جەمىيەت» دېگەن تەرجىمە ئەمەلىيەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى دېگەن شۇئارنىڭ مەنىداش ئىبارىسى بولۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت سىياسىتىدىكى ئەڭ ئەقەللىي چۈشەنچىسىدىمۇ مۇجمەللىك پەيدا قىلدى. دېمەك، ئۇيغۇر جەمىيىتىدە ئاقىلدىن تارتىپ غاپىلغىچە ھەممەيلەن دۇنيا، دۆلەت، ۋە ئۆزى ھەققىدە چىن، مۇستەقىل، سۈزۈك بىلىم ۋە تەسەۋۋۇردا ئەمەس تەرجىمە ئارقىلىق بۇرمىلانغان خىيالى تۇيغۇدا ئېقىمغا ئەگەشمەكتە. ئەمدى، گەپنىڭ مېغىزىغا كەلسەك، بۇنداق بىر تەرجىملىك موھىتتا ياشاۋاتقان، كاللىسى ئەسلى تىلنىڭ يېرىم ياتا

رىۋايەتلىرى بىلەن تولغان بىر مىللەت تەرجىمانىنىڭ چالا بوغۇزلاشلىرىدىن قايتا مۇستەسنا بولالىدىمۇ، بولالاۋاتامدۇ؟ تارىختا بولغىنى تەنىنىڭ قەتىل قىلىنىشى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئاۋام كۆزى بىلەن كۆرمىگەن نەرسە ھەققىدە ماقال توقۇمايدۇ. تارىختىكى چالا تەرجىمان سەۋەبلىك يۈز بەرگەن تەنىنىڭ قەتلىسىگە ئەلھۆكمىلۇللاھ، بۇنىڭ قازاسى شۇ شەھىدلەر بىلەن كەتسۇن دەيلى، ئەگەر مەدەنىيەت قەتلى قىلىنسا، رۇھىيەت چالا بوغۇزلانسىچۇ؟ بەلكىم يەنە ماقاللار توقۇلار. بەلكىم ھېچ بىر ماقال تۇقۇلماس، چۈنكى بۇ قېتىمقى تەرجىماننىڭ يېڭى قەتلىسىدە ئادەم ئۆلمەيدۇ. مەسىلەن، ياغلىقى تارتىۋېلىنغان، يۈزلىرى ئېچىۋېتىلگەنگە شەخس سۆپىتىدىكى ھېچ بىر ئۇيغۇر ئۆلمەيدۇ، ئەمما بىر مىللەتنىڭ غۇرۇرى ئاياق ئاستى بولۇدۇ. ساقاللار قىرقىلغانغا، بۇرۇتلار تاراشلانغانغا كىشى يارىلانمايدۇ، ئەمما ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيىتى يىمىرىلىدۇ. ئەگەر ھەممىمىز جان بېقىشنى، تىرىكچىلىكنى پەرز دەپ قارىساق مىللىتىم، دىنىم، ئەۋلادىم، ئەجدادىم دەپ ئۆيلۈنۈشلارنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. چالا تەرجىمان ۋە تەرجىمانلىق ئۆلگەن كۈن تىل ئۆلگەن كۈن، شەخسنىڭ تىرىكچىلىكى ۋە ھالاۋىتى بەدىلىگە مىللىيلىك ۋە ئۇنىڭ تۈۋرىكى بولغان دىنىي تۈيغۇ ھالاكەتكە يۈزلەنگەن كۈندۇر. چالا تەرجىماننىڭ ئۆتمۈشتە ئۆلتۈرگىنى، زامىن بولغىنى كىملەرنىڭ جېنى بولغان بولسا بۈگۈن قەتلى قىلىنىۋاتقىنى مىللىيلىك، خاسلىق ۋە كىملىكتۇر.

# «قۇرئان» دىكى ۋە ئۇيغۇرچىدىكى پەرقلىق ئۇقۇملار

ئادەتتىكى تۇرمۇشىمىزدا قوللىنىلىۋاتقان تىل مەخسۇسلاشقان ئۇقۇملاردىن خالى تىل بولۇپ بىرەر سۆزنىڭ ئورنىغا يەنە بىر سۆزنىڭ ئالمىشىپ قېلىشى ئالاقىدىكى چۈشىنىشمەسلىككە ۋە زىددىيەتكە سەۋەب بولمايدۇ. ئەگەر بىزنىڭ سۆھبىتىمىز ئادەتتىكى تۇرمۇش پاراڭلىرىدىن ھالقىپ دۆلەت، مىللەت، ھاكىمىيەت قاتارلىق مەخسۇس ساھەلەرگە چېتىلغان چاغدا چۈشىنىشمەسلىك دائىم يۈز بېرىپلا تۇرىدۇ. مەسىلەن، تۈركىيەدە تەتقىقات ۋە ئىلمىي زىيارەتتە بولغان چېغىمدا دوستلار ۋە تونۇشلارغا بەزىدە تۈركىيە ھەققىدىكى سەلبىي باھالىرىمنى ئىپادىلەپ تۇراتتىم. بىر كۈنى شۇنداق سورۇنلارنىڭ بىرىدە بىر زىيالىي كىشى ماڭا مۇنداق تەنبىھ بەردى. «سۆزۈڭگە قارىسام تۈركىيە ئۇنداق، تۈركىيە بۇنداق دەپلا كەتتىڭ. سۆزۈڭنى خاتا چۈشەنمىگەن بولسام سەن نۆۋەتتىكى تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى تەنقىد قىلىۋېتىپسەن. نۆۋەتتە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان ھۆكۈمەت ھەققىدە قانداق تەنقىدىڭ، باھالىرىڭ بولسا دېسەڭ بولىدۇ. ئەمما نەچچە يۈز مىڭ شېھىدنىڭ قانلىرى بەدىلىگە ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ خارابىسىدىن دەس تۇرۇپ ئازاتلىقىغا قوۋۇشقان تۈركىيەنى، تۈرك دۆلىتىنى تەنقىد قىلىشىڭغا بولمايدۇ» دېدى. دەستلەپ بۇ گەپ ماڭا بەك مۇجمەل بىلىندى. ئايرىم قالغاندا ئويلاپ باقسام ئۇنىڭ دېگىنى توغرا ئىكەن. مەن ھۆكۈمەت بىلەن دۆلەت ئايرىلمايدىغان، دۆلەتنىڭ مۈلكى ھۆكۈمەتنىڭ مۈلكى ھېساپلىنىدىغان، دۆلەتنى بىر ھۆكۈمەت ئالمىشىپمۇ باقماي سورايدىغان ئەلدە تەربىيەلىنىپ، ياشاپ كەلگەن بولغاچقا دۆلەت بىلەن ھۆكۈمەتنى بىر دەپ تونۇيدىكەنمەن. تۈركىيەدە قايسى پارتىيە سايلامدا غەلىبە قىلىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقسا يېڭىدىن ھۆكۈمەت تەشكىللەيدىغان بولغاچقا كىشىلەر دۆلەت دېگەن ئۇقۇم بىلەن ھۆكۈمەت دېگەن ئۇقۇمنى ئارىلاشتۇرۇپ قويمايدىكەن. دۆلەت ئالماشمايدىغان، بىرەر پارتىيىگە تەۋە

بولمايدىغان، بىرەر مەزگىلدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلمايدىغان ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدىغان گەۋدە ئىكەن. تۈركىيەدە كىشىلەر ۋەتەننى سۆيىدىكەن، ۋەتەنگە سادىق بولىدۇكەن، ئەمما پارتىيەنى ھىمايە قىلغانلىقنى ۋەتەننى ھىمايە قىلغانلىق دەپ چۈشەنمەيدىكەن. شۇ قېتىمقى ئۇقۇمنى خاتا قوللىنىپ خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلغانلىقىم ماڭا ياخشى بىر دەرس بولدى. مەن شۇندىن كېيىن باشقىلار بىلەن سۆھبەتتە بولسام شۇ كىشىلەر قوللىنىۋاتقان ئۇقۇمنىڭ قايەردىن كېلىۋاتقانلىقىغا، ئۇلارنىڭ بۇنداق ئۇقۇملارنى قانداق قوللىنىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىدىغان بولدۇم.

ئىنتېرنېت ئۇيغۇر ھاياتىغا كىرگەندىن كېيىن كىشىلىرىمىز پىكىر، ھېسسىيات ۋە بىلىم ئالماشتۇرۇشتا ماكاننىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. قەشقەرنىڭ چەت تاغلىق يېزىسىدىكى ئۇيغۇر بىلەن بوستوننىڭ ئاۋات كوچىسىدىكى ئۇيغۇر ئازادە پاراڭلىشالايدىغان بولدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تەبىئەت، جەمئىيەت، ھاكىمىيەت ۋە ئىلاھىيەت ھەققىدە چۈشەنچە، قاراش ۋە باھالارنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان كىشىلەر مەيلى قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئويلىغانلىرىنى ئاۋامغا يەتكۈزەلەيدىغان بولدى. يازىدىغانلارغا قارىغاندا ناھايىتى كۆپ بىلىمىز ئادەتتە يازمايدىغان كىشىلەر ئۆز قاراشلىرىنى يازىدىغانلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئىنكاس بىلدۈرۈش شەكلىدە بايان قىلىش، يازىدىغانلارنىڭكىنى تولۇقلاش ۋە تېخىمۇ بېيىتىش مەقسىدىگە يەتتى. ئىنتېرنېتنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى يازمايدىغان بىلىملىك ئوقۇرمەنلەرنى سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزدى. تەپەككۇرغا باي كىشىلەرگە بىر بىرىنى، ۋەزىيەتنى، دۆلەتنى ۋە دۇنيانى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. ئەمما شۇنىڭغا دىققەت قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدىكى، توردىن ئىبارەت مەۋھۇم دۇنيادىكى ئۇيغۇرلار تۇرۇۋاتقان شارائىتى، تەربىيەلەنگەن مۇھىتى، كىشىلىك كەچۈرمىشى جەھەتتە رېئاللىقتىكى، ئەتراپىمىزدىكى ئۇيغۇرلاردىن زور مۇرەككەپلىككە ئىگە

بولغاچقا، بىز مۇنازىرە قىلىۋاتقان مەسىلىلەر ئىلمىي ئاتالغۇلار بىلەن سۆزلۈشۈشكە ۋە يېشىشكە مۇھتاج مەسىلىلەر بولغاچقا چۈشۈنۈش ۋە چۈشەندۈرۈش يولىدا قىيىنچىلىق، سىقىنچىلىق ۋە زىددىيەتلەر تۇغۇلدى. مەسىلەن، تەسەۋۋۇپ ھەققىدە گەپ ئېچىلسا ۋەتەنىدىكى ئۆلىمالار بىلەن تۈركىيەدىكى ئۆلىمالار قاتتىق تىركىشىپ قالىدۇ. تۈركىيەدە تەسەۋۋۇپ (سوپىزىم) ئۇيغۇر جەمىيىتىدىكىدەك سەلبىلەشتۈرۈلگەن، لەنەتلەنگەن ۋە قارىلانغان ئەمەس. شۇڭا تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار بۇ ھەقتە تەكشۈك، ئىلمىي ۋە ئادىل چۈشەنچىگە ئىگە. ئەمما بىزدىكى سوپىزىم چۈشەنچىسى ماركسىنىڭ «دىن ئەپيۇندۇر» دېگەن ھۆكۈمىنىڭ قامچىسى ئاستىدا تىتىلىپ، بۇزۇلۇپ يۈز كۆزىنى پەرق قىلغىلى بولماس بولۇپ كەتكەن بولغاچقا ئۇنى قايتا تونۇش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. تەسەۋۋۇپقا ئوخشاش نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئىنتايىن ئىلمىي چۈشۈنۈشكە بولۇدۇغان ئۇقۇملار ھەققىدىكى پەرقلىق چۈشەنچە ۋە پوزىتسىيە بىزنى پاراكەندىچىلىك قىلىپ قويىۋاتىدۇ.

مەن «ئۇيغۇرچە زىيالىلىق ھەققىدىكى ئويلار» دېگەن يازمامدا ئۇيغۇرلاردىكى ئۆلۈم مۇراسىمىنىڭ ئىسمى بولغان ئۈچ نەزىر، يەتتە نەزىر، قىرىق نەزىر ۋە يىل نەزىر قاتارلىقلارنىڭ «قۇرئان»نىمىزدا تىلغا ئېلىنغان نەزىر ئۇقۇمى بىلەن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدىم. شۇ نەرسە ئايدىڭ بولسۇنكى بىر مىللەتتە مەۋجۇد قائىدە يوسۇن ۋە تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ ئىسمى دائىم شۇ مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدا بولۇۋەرمەيدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا ماتاڭچىلىق بىر ھۈنەرۋەنچىلىك تۈرى، ئەمما بۇنىڭ ئىسمى خەنسۇچە. بىز ماتاڭچىلىقنى بۇنىڭغا قاراپلا خەنسۇلاردىن كەلگەن دېسەك بولمايدۇ. ياكى خەنسۇلارنىڭ ماتاڭچىلىق قائىدىسىنى ئۆلچەم قىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ماتاڭلىرىنى يوققا چىقارساق بولمايدۇ. ئۇيغۇر قاتارلىق تۈرك مىللەتلىرىدە نورۇز ئەنەئەنىسى بار. بىز نورۇز دېگەن سۆزنىڭ پارسچە بولغانلىقىغا، بۇ بايرامنى ئىراندىكى مەجۇسىلارنىڭ ئۆتكۈزگەنلىكىگە قاراپلا بۇ بايرامنى مەجۇسىلارنىڭ بايرىمى دېيىشكە بولمايدۇ. ئىسىم شەيئىنىڭ تەۋەلىكىنى بەلگىلەيدىغان بولسا ئىرانلىق مەجۇسى- ئاتەشپەرەسلەر بىز نان

دەۋاتقان يىمەكلىكنى نان دەيدۇ. ئۇنداقتا نانىمۇ مەجۇسىلاردىن پەرقلىنىش ئۈچۈن يېمەستىن ئەرەپلەرنى دوراپ پوشكال يەيمىزمۇ؟ دېمەك، قۇرئاندىكى دىنى ئاتالغۇ سۆپىتىدىكى نەزىر بىلەن ئۇيغۇر ئۆرپ ئادەتلىرىدىكى ئۆلۈم مۇراسىمى بولغان نەزىر ئىككى ئۇقۇم. «قۇرئان» دىكى «ھېيت» بىلەن «نوروز كۈنى» ئىككى ئۇقۇم. مىللەتشۇناسلىقتىكى مىللەت بىلەن «قۇرئان»دىكى مىللەت پەرقلىق ئۇقۇم. بۇ ئۇقۇملارنى ئارىلاشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلغاندا مۇنازىرىمىزدىن قورۇق ۋاراڭ چۇرۇڭ سالغاندىن باشقا نەتىجە چىقمايدۇ، ھىچ قايسى تەرەپ ھىچ نېمە ئۇتۇۋالمايدۇ.

بىلىشىمچە 90-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر بىلەن مۇسۇلماننى ئايرىش تەشەببۇسى قىزىپ كەتتى. ھەتتا ئۆلۈم، توي ۋە باشقا شۇ قاتاردىكى تۈرلۈك مۇراسىملاردا «ئۇيغۇرلار كېلىپ بولدى، مۇسۇلمانلارنى ساقلاۋاتىمىز» دېگەن گەپلەرنى ئۆز قۇلۇقۇم بىلەن ئاڭلىغان ۋاقىتلىرىممۇ بولدى. «ئىسلام مىللەتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئىسلامدا مۇسۇلمان ۋە كاپىردىن ئىبارەت ئىككىلا مىللەت بار. ئاللاھ ئۇ دۇنيادا مىللىتىڭ نېمە دېسە ئۇيغۇر دېمەيمىز. ئىبراھىم خەلىلۇللاھنىڭ مىللىتىدىنمەن دەيمىز. شۇڭا ئۇيغۇرلۇقنى كۆپ تەكىتلەش، ئۇيغۇرغا خىتاب قىلىش مۇسۇلمانلىققا يات» دېگەن گەپ سۆز ۋە چۈشەنچىلەر ھازىر ئەڭ يامرىغان ھالەتكە كەلدى. ئىنتېرنېت بۇ ئىدىيەلەرنىڭ تارىلىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. مەن بۇرۇن بۇ مەسىلىگە «ئاللاھ شەخسنى مىللەت قويىنىغا ياراتقان. ئۇيغۇرنىڭ قويىنىغا يارىلىش بىزنىڭ تەقدىرىمىز بولغانىكەن مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئەيلەشتىن باشقا تاللىشىمىز يوق. شۇڭا ئۇيغۇرنى سۆيگەنلىك ئاللاھنىڭ ئىنئامىدىن سۆيۈنگەنلىك. ئاللاھ ئۇيغۇرنىڭ ئارىسىغا يارىتىپ ئۇيغۇر بولۇشىمىزغا سەۋەپ بولغانىكەن بۇنىڭدا ئاللاھ بىزگە مۇشۇ مىللەتكە بىر مەسئۇلىيەت ئارتقان بولۇدۇ. بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش ۋە بۇنى ئىنكار قىلىش تەقدىرنى ئىنكار قىلغانلىق بولۇدۇ. ئاللاھ ھەر بىر ئىنساننى

مۇسۇلمان يارىتىدۇ، ئەگەر ئاللاھ بىزنى مۇسۇلمان مىللەت ئۇيغۇرنىڭ باغرىغا ئەمەس ھەر قانداق بىر كاپىر مىللەتنىڭ ئارىسىغا ياراتقان بولسا شۇ كاپىر خەلق بىزنى كاپىر قىلىپ تەربىيەلىگەن بولاتتى. شۇڭا ئۇيغۇر بولغىنىمىزدىن پەخىرلىنىش، ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىزدۇر» دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدىم. يېقىندا كەڭساي مۇنبىرىدە نامسىزمەن ئىسىملىك بىر توردىشىمىزنىڭ ئىنكاسىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ ئىنكاس مېنىڭ ئۇيلىغانلىرىمنى «قۇرئان» دىن دەلىل ئېلىپ ناھايىتى ياخشى يېشىپتۇ. يېقىنقى يىللار مابەينىدە مەيلى تور دۇنياسىدا بولسۇن ، مەيلى ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە بولسۇن بىز ئۇيغۇرمۇ؟ ياكى مۇسۇلمانمۇ؟ دىگەنگە ئوخشاش كىشىنى ئەپسۇسلاندۇردىغان، دوستلارنى يىغلىتىپ دۈشمەننى كۈلدۈردۈغان ، قەۋمنى ئىككىگە بولۇدۇغان ، قېرىنداشلار ئارا ئارازلىق پەيدا قىلىدىغان ھالەت شەكىللىنىپ ، ئەسلىدىنلا بەختىسىزلىكتە ياشاۋاتقان قەۋمىمىزگە يىڭىچە بالا-قازا ئەكەلمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ئىزدىنىش ، ھەم ئۇنى ھەل قىلىش ھەر بىر ئىسلام سۆيەر ، مىللەت سۆيەر كىشىلەرنىڭ ۋەزىپىسى ھەم بۇرچى .

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋال بىز چوقۇم «مىللەت» دىگەن ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى چۈشۈنۈشىمىز كېرەك. ئادەتتە ھەر قانداق بىر دىندار مۇسۇلماندىن مىللىتىڭ نېمە ؟ ـ دەپ سوئال سورالسا ، ئۇ چوقۇمكى «مەن ئىبراھىم خەلىلۇللاھنىڭ مىللىتىدىندۇرمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ . ئۇ نىمىشكە مۇشۇنداق جاۋاب بېرىدۇ؟ چۈنكى ئۇ شۇنداق تەربىيىنى قوبۇل قىلغان ياكى باشقىلاردىن شۇنداق ئاڭلىغان ، كۆپۈنچىسى ئۆزىنىڭ نىمىشكە شۇنداق دەيدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى « ئۇيغۇر» دەپ كىلىۋاتقان بىرسى بىلەن ئۇقۇشماسلىق پەيدا بولۇپ تۇگىمەس دە-تەلاش باشلىنىدۇ ، نەتىجىدە بىرسى «ئۇيغۇر» لۇقىدىن تېنىپ ، بىرسى مۇسۇلمان»لىقىدىن تېنىپ بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرى دۈشمەنگە ئايلىنىپ ياتلىشىدۇ .

قېرىنداشلارغا بۇ توغرىدا توغرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن يەنىلا قۇرئانغا مۇراجەت قىلىمىز ئاللاھ تەئالا: «**قۇرئان... ھەممە نەرسىنى ئىنچىكە بايان**

**قىلغۇچىدۇر»** (سۈرە «يۇسۇف» 111-ئايەت). **«بىز ساڭا بۇ كىتابنى ھەر نەرسىنى بايان قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلدۇق»** (سۈرە «نەھل» 89-ئايەت). دېگەن.

ئۇنداقتا «مىللەت» دېگەن بۇ كەلىمە قۇرئاندا قانداق چۈشەندۈرلگەن ؟

قۇرئان كەرىمدە 6 يەردە «ئىبراھىمنىڭ مىللىتى» دەپ ئۆتىدۇ. بۇ 6 يەردىكى «مىللەت» نىڭ مەنىسى «يول» دېگەن بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر (نىڭ تەرجىملىرى) مۇنداق:

1. «ئىبراھىمنىڭ يولىدىن، ئۆزىنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن ئەقىلسىزلەردىن باشقا كىم يۈز ئۆرۈيدۇ؟ بىز ئىبراھىمنى بۇ دۇنيادا تاللىدۇق. بىلىڭلاركى، ئىبراھىم ئۇ دۇنيادىمۇ ياخشىلاردىن بولىدۇ» («بەقەرە» سۈرىسى 130- ئايەت).

2. «ئۇلار: ‹يەھۇدىي بولۇڭلار ياكى نەسارا بولۇڭلار، توغرا يولنى تاپقان بولىسىلەر› دېدى. ئۇلارغا ئېيتقىنكى: ‹ياق! بىز ئىبراھىمنىڭ يولىدىدۇرمىز. ئىبراھىم ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلاتتى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى.›» («بەقەرە» سۈرىسى 135- ئايەت).

3. «ئېيتقىنكى: ‹ئاللاھ راست ئېيتتى. ئۇنداقتا ئىبراھىمنىڭ يولىغا ئەگىشىڭلار. ئىبراھىم ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلاتتى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى›» («ئال ئىمران» سۈرىسى 95- ئايەت).

4. «كىم دىن جەھەتتە، ئۆزىنى سەمىمىي ھالدا ئاللاھغا تاپشۇرغان ۋە توغرا يول ئۈستىدە بولغان ئىبراھىمنىڭ يولىغا ئەگەشكەن كىشىدىن ياخشى؟ ئاللاھ ئىبراھىمنى دوست تۇتتى» («نىسا» سۈرىسى 125- ئايەت).

5. «ئېيتقىنكى: ‹ھەقىقەتەن رەببىم مېنى توغرا يولغا، ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇدىغان ئۆزگەرمەس دىنغا، ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشەنگەن ۋە مۇشرىكلاردىن بولمىغان ئىبراھىمنىڭ يولىغا باشلىدى›» («ئەنئام» سۈرىسى 161- ئايەت).

6. «ئانـدىن كېيـىن بىـز سـاڭا: ‹ھەق دىنغـا بۇرالغـان ۋە مۇشـرىكلاردىن بولمىغـان ئىبراھىمنىـڭ يولىغا ئەگەشكىن›  دەپ ۋەھىـي قىلـدۇق.» («نەھل» سۈرىسى 123- ئايەت).

مانا بۇ ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىلىرىدە «يول» دەپ تەرجىمە قىلىنغان كەلىمە «مىللەت» دېگەن كەلىمىدۇر.

ئۇيغۇرچىدىكى «مىللەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: «ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتلار ئارقىسىدا شەكىللەنگەن ئورتاق تىل، ئورتاق زېمىن، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە ئورتاق مەدەنىيەتتە ئىپادىلىنىدىغان ئورتاق پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە كىشىلەر توپى» دېگەن بولىدۇ («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»).

مىللەت سۆزىنى بۇ مەنا بىلەن (ئۇيغۇرچىدىكى مەنىسى بىلەن) چۈشەنگەن ۋاقتىمىزدا، بىز ئۇيغۇرلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتىدىن ئەمەس.

ئەرەبچىدىكى مىللەت، دىنى ئەقىدە، دىنى يول، دېگەن بولىدۇ. مىللەت سۆزىنى بۇ مەنا بىلەن چۈشەنگەن ۋاقتىمىزدا، بىز مۇسۇلمانلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتىدە، يەنى ئۇنىڭ يولىدىدۇرمىز. چۈنكى ئاللاھنىڭ دىنى بىر پۈتۈندۇر، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ئىسلامدۇر ۋە ئۇلارنىڭ يولى بىردۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ ئۆزى نۇھقا بۇيرۇغان نەرسىنى سىلەر ئۈچۈن دىنىنىڭ قانۇنى قىلدى. ئى مۇھەممەد! بىز ساڭا ۋەھيى قىلغان نەرسىنىمۇ، بىز ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىساغا بۇيرۇغان نەرسىنىمۇ سىلەر ئۈچۈن دىنىنىڭ قانۇنى قىلدۇق. ئۇ نەرسە شۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر: ‹دىننى توغرا چۈشۈنۈپ ھۆكۈملىرىنى تولۇق ئىجرا قىلىڭلار، دىندا پىرقىلەرگە بۆلۈنمەڭلار›. ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا، سەن ئۇلارنى دەۋەت قىلغان نەرسە ئېغىر كەلدى. ئاللاھ خالىغان كىشىنى ئۆزىنىڭغا تاللايدۇ، ئۆزىگە ئۆزلۈكسىز يۈزلەنگەن كىشىنى ئۆزىنىڭغا ئېرىشتۈرىدۇ» («شۇرا» سۈرىسى 13- ئايەت).

دېمەك قېرىنداشلار، مەسىلە مانا مۇشۇ قەدەر ئاددىي، بۇنى ئوڭتەي-

توڭتەي قىلىپ چۈشەندۈرۈپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ بىر قەۋمنى ئىككىگە ئايرىش نادانلىق ھەم بىزنىڭ ئىلىمسىزلىكىمىزدىن باشقا نەرسە ئەمەس . مۇسا ئەلەيھىسسالامۇ ئۆز قەۋمىنىڭ نادانلىقىنى ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈۋاتقانلىقىنى، توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندە : «ئى ... ، قەۋمىم...» (سۈرە «بەقەرە») دەپ خىتاب قىلغان. ئۇلارنى باشقا نامدا ئاتىمىغان.

شۇڭا مەنمۇ ھەر ۋاقىت «ئى، ئۇيغۇرۇم ،‹مانا بۇ قۇرئان، بىز نازىل قىلغان مۇبارەك كىتاپتۇر. بۇنىڭغا ئەگىشىڭلار، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار رەھمەتكە ئېرىشەلەيسىلەر›» ( سۈرە «ئەنئام» 155-ئايەت)

دەپ خىتاب قىلىمەن.

مەزكۇر توردىشىمىز بىزگە «قۇرئان»دىكى مىللەت ئۇقۇمى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئومۇملاشقان سىتالىن ئوتتۇرىغا قويغان مىللەت ئۇقۇمى ئوتتۇرىسىدىكى چەك چېگرانى ناھايىتى دەلىللىك قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئاللاھ قىلغان ئەمگىكى ئۈچۈن ساۋاب ۋە ئەجىرلەر بەرگەي.

خۇلاسە قىلغاندا پىكىر، بىلىم ۋە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىمىزنىڭ بولغىنى بىزنىڭ بەختىمىز. بۇ جەرياندا مۇنازىرە ئارقىلىق ئۆز ئارا ئۆگىنىش، تولۇقلاش ۋە ئورتاقلىقلارغا ئېرىشىش بىزنىڭ نىشانىمىز. ئەمما بۇ جەرياندا قوللىنىۋاتقان ئۇقۇملىرىمىزنىڭ پەرقىگە، قەيەردىن كەلگەنلىكىگە، قانداق قوللىنىۋاتقانلىقىمىزغا ۋە بىزنىڭ ئوخشىمىغان بۇ ئۇقۇملارغا قانداق پوزىتسىيە تۇتىۋاتقىنىمىزغا دىققەت قىلىش بىزنى نىشانىمىزغا تېخىمۇ ئاسان يېقىنلاشتۇرىدۇ. خۇددى يازمىمىزدا مۇلاھىزە قىلغاندەك بىز «قۇئان» دا تىلغا ئېلىنغان «نەزىر» ئۇقۇمى، «ھېيىت» ئۇقىمى ۋە «مىللەت» ئۇقۇمى بىلەن ئىنسانشۇناسلىق- مىللەتشۇناسلىقتىكى مەنىداش ئۇقۇملارنى تۈزۈك چۈشەنمەيلا ئارىلاشتۇرۇپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈن توردىكى مۇنازىرە ۋە

رىياللىقتىكى تارتىشمىلاردا پات، پات نىشانىمىزدىن يىراقلاپ ۋە بەزىدە ئادىشىپ كېتىۋاتىمىز.

# تۇغسىزلارغا قالدىڭمۇ دۇنيا

پىداكار ئۇيغۇر ئوغلانى مەرھۇم يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق خاتىرىسىگە

1. خاراكتېرلىق ئادەم

10-ئىيۇن، قولۇم ئىشقا بارمايدىغان كۈنلەرنىڭ ئىچىدە بىر قارا كۈن ئىدى. ھاياتىمدا بىر قانچە رەت قىسقا سۆھبەتلەردە بولغان بولسامۇ پەقەت بىرلا قېتىم لېكسىيەسىنى ئاڭلاشقا مۇشەررەپ بولغان، قايىللىق نەزىرىم بىلەن يازمىلىرىنى بېرىلىپ ئوقۇيدىغان مەنىۋي ئۇستازىم يارمۇھەممەد تاھىرنىڭ ئاللاھقا قايتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. ئەپسۇس، نەزىرىسىدىنمۇ خەۋەرسىز قالدىم. ئۇستازىمنى ئاللاھنىڭ مۇبارەك دەرگاھىغا ئۇزۇتۇپ قويالمىدىم . غۇرۇرنى، ئىتىقادنى، خاسلىقنى يالماۋاتقان زۇلمەتتە، نەپسلەر توپانىدا ھېچ نېمە قىلالمايۋاتقاندەك چارەسىز تۇيغۇلىرىمغا يەنە بىر قىيناق قوشۇلدى. بىز ئۇيغۇرلۇق سۆيگۈسىنى قەلبىگە بايراق قىلغان يەنە بىر ۋىجدانلىق قېرىندىشىمىزدىن، تۇغلۇقتىن ئايرىلدۇق.

رەھمەتلىك پەرزەنت تەربىيەسىدە خاراكتېرلىق ئادەم بولۇشنى تەكىتلەيتتى. ئىنساننىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە، خاسلىققا ئىگە بولۇشىنى بارلىق سائادەتلەرنىڭ بېشى ھېساپلايتتى. ئىنساننىڭ خاسلىقى ئېتىراپ قىلىنمايدىغان، ئىنساننىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى كىشلىك غۇرۇرى دائىم كۆرۈنمەس سىياسىي شۇئار ۋە غايىلەر ئالدىدا، ياكى شۇ شەخسنىڭ ئۆلۈك تېرىكىگە ئىگە بولمايدىغان مەۋھۇم كوللىكتىپنىڭ مەنپەئەتى ئالدىدا پايخان قىلىنىدىغان بىر جەمىيەتتە بۇ ھەممە كۇسۇلدايدىغان غەيۋەت ئەمەس،

ۋارقىراشقا تىگىشلىك چاقىرىق ئىدى. ئۇستاز بۇ چاقىرىقنىڭ تەشەببۇسچىسىلا ئەمەس ئۈلگىسى ئىدى. مەن ۋەتەندىكى كۆنلۈرۈمدە ئۇنىڭ ئۈچتاش جامەسىدە ئاللاھقا ئىبىگىلىگىنىدىن باشقا ئۆزگە بىر ئىنسان، بىر مەنپەئەت ۋە ياكى بىر ئىدارىگە ئىبىگىلىگىنىنى كۆرمىگەنىدىم.

2. مۇستەقىل زىيالى

ئۇيغۇردا مۇئاشسىز دىنىي زىيالىلاردىن باشقا پەندە ئوقۇغان مۇستەقىل زىيالىلار قوشۇنى شەكىللەنمىدى. چۈنكى، تۈرلۈك سىياسىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن رايۇنىمىز ئەركىن بازار ئىگىلىكىگە تولۇق ئۆتۈپ بولالمىدى. پۈتۈن مەملىكەتتە تولۇق قانات يايغان ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات دىيارىمىزدا مۇقۇملۇقنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى. شۇ سەۋەپتىن بىلىمنىڭ تاۋارلىشىشى، بىلىم ئىگىلىرىنىڭ كارخانىچىلارغا ئايلىنىشى ھازىرغىچە رىياللىققا ئايلانمىدى. نەتىجىدە ئىلىمدارلار مەمۇرىيەتنىڭ مالىيى، سىياسەتنىڭ تەشۋىقاتچىسى، ھاكىم ئىدىئولوگىيەنىڭ ىبقىندىلىرى بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلاردا مۇستەقىل زىيالى ۋە مۇستەقىل تەتقىقاتچىلار قوشۇنى بارلىققا كەلمىدى. يەنە بىرى، ئەركىن بازار ئىگىلىكى ھازىرغىچە ھۆكۈمران بولمىغانلىقى سەۋەبلىك كىشىلىرىمىزنىڭ كاللىسىغا رىسقىنى خەلقنىڭ داستىخىنىدىن، بازاردىن ئەمەس، ھۆكۈمەتنىڭ ئىلتىپاتىدىن، سەدىقىسىدىن ئىزدەش خاھىشى مۆھۈرلۈنۈپ كەتتى. ئۇستازىمىز مەرھۇم يارمۇھەممەد تاھىر ئارىمىزدىن چىققان مۇستەقىل تەتقىقاتچى ئىدى. ئۇستاز، ئۇيغۇر زىيالىلىرى ئىچىدە ھېچ بىر سىياسى ئورگانغا ياكى مۇئاشلىق ئىدارىگە تەۋە ئەمەس مۇستەقىل تەتقىقاتچى ئىدى. ئۇستاز كىتاپلىرىنى ئۇنىۋان ئۈچۈن يازمايتتى، ئۇستاز، ماقالىلىرىنى مۇكاپات ئۈچۈن ئىيلان قىلمايتتى. «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا بىز پروپپېسسور دەپ يۈرگەن ھېچ بىر زات تېخى ئۇستازچىلىك ئىزدەنمىگەن ئىدى.

بىزنىڭ تۇنجى ئۇچراشقان چاغلىرىمىز 2000-يىللار ئىدى. شۇ چاغدا مەن ماگىستىرلىق ماقالەمگە تېما بېكىتىش بىلەن مەشغۇل ئىدىم. ئۇستازغا «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دىداكتىكا ئەنئەنىسى»نى يورۇتماقچى بولغانلىقىمنى

ئېيتقىنىمدا بەك خوش بولغانىدى، ئەمما بۇ پىلان لەۋلەرنىڭ ئارىسىدا، ئارمانلارنىڭ ئاراچلىرىدا بويۇن قىسىپ قالدى. مەرھۇم ئۇستاز مېنى كۆپرەك يېزىشقا، ئىزدەنگەنلىكنىڭ نەتىجىسىنى نامايەن قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەنىدى. ئۇستاز بىزدىن بىلىمنىڭ، تەتقىقاتنىڭ تەرەپسىز، ھەققانى ۋە مۇستەقىللىقىنى غۇرۇرىمىزنى قوغدىغاندەك قوغداشنى ئۈمىد قىلغانىدى. ئۇستاز ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلۇقنى بەكمۇ ئۇلۇغلايدىغانلىقىنى. كەسپىدىن ئايرىلىپ قالغىنى ئۈچۈن بەكمۇ ھەسرەت چېكىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇستاز قەشقەر پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن قوغلانغىنىدا خىزمەتتىن ئەمەس، مۇنبەردىن قوغلانغىنى دەپ چۈشەندۈرگەنىدى. يىللار ئۆتۈپ ئۇستاز قوغلانغان شۇ مۇنبەر— قەشقەردىكى بىردىن بىرئالى مەكتەپ مۇنبىرى مېنىمۇ يېقىن يولاتمىدى. دېمەك، بۇنداق قوغلۇنۇش، سۈرگۈن بولۇش قىسمىتى ئىمانى ۋە ۋىجدانى ئويغاق ھەر بىرىمىزنىڭ بېشىدا بار. بۇ يەردە بىر ئۇيغۇرنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنگە سەيلچىدەك، بىكارچىدەك قاراپ تۇرغان مىڭلىغان ئۇيغۇر پەقەت ئۆچىرەتتە تۇرۇۋاتىمىز خالاس. بۈگۈن بۇ ئۆچىرەت ماڭا كەلدى، ئەتە ئۆگۈن يەنە بىرىمىزگە كېلىدۇ.

مەرھۇم يارمۇھەممەد تاھىرنىڭ 1996-يىلى خىزمەتتىن قوغلۇنۇپ ھۆكۈمەتتىن ئالالمىغان نىسۋىنى ئۇيغۇردىن ئالالىغىنى بۇ خەلقنىڭ زىيالىسىنى باقالايدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. ئەمما بۇ ئىسپات تا بۈگۈنگىچە كۆپ سانلىق زىيالىنىڭ ئىنتراپىغا، ئورتاق تونۇشىغا ئايلىنالمىدى. مۇئاشىنىڭ مېھرى، ماشىنىنىڭ سېھرىلىك ئورۇندۇقى، ئىشخانىدىكى بىخەتەر خورلۇق ئۇلارنىڭ ئەقلىنى بەنت قىلدى. 1999-يىلى تونۇلغان بىر ئۇيغۇر زىيالىسى بىزگە دەرس ئۆتۈۋېتىپ، «مەن ئۇيغۇرغا ئۇيغۇرچە تىلىم، ئۇيغۇرچە ئەسەرلىرىم بىلەن تونۇلدۇم، ئەگەر مېنى خەنسۇچە دەرس ئۆت دېسە شۇ كۈندىن باشلاپ مەن شاگاڭ!» دېگەنىدى. ئارىدىن شۇنچە

يىل ئۆتتى دەرسخانىدىكى شۇ ھاياجانلىق نۇتۇقنى ئاڭلىغىنىملا ئېسىمدە، ئاشۇ ھاياجاننىڭ ھەرىكەتكە ئايلاغىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. مەن ھەر قېتىم خىزمەتنى تاشلىغاندا «كېيىنلىكىڭ ئۈچۈن چېكىنىش يولى قالدۇرۇپ قوي!» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلايمەن. بۇ گەپلەردىن مەن 60 يىللىق تەربىيەنىڭ، 60-يىللىق بېقىندىلىقنىڭ ئىنسانىنى قانداق زىھنىيەتكە، ئىددىيەگە مەھكۇم قىلغانلىقىنى پەرەز قىلىمەن. بىز ئەسلى كېيىنلىكىنى ئاللاھقا باغلايدىغان، چېكىنىسە ئاللاھقا چېكىنىدىغان خەلق ئىدۇق. كەرەملىك ئاللاھ، مۇسۇلمان ئۇيغۇرنىڭ باغرىغا ياراتقان مەرھۇم يارمۇھەممەد مۇئەللىم ھۆكۈمەت ھامىيلىقىدىكى مۇنبەردىن قوغلانغاندا ئۇيغۇرنىڭ مېھرلىك باغرىغا سىغىندى. ئۇيغۇر بۇ پىداكار ئوغلىنىڭ كىتابىنى سېتىۋېلىش ۋە سېتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەجرىگە جاۋاپ قايتۇردى. ئۇ ھېچ بىر چېكىنىش يولى قالدۇرمىغان ئىدى، ئۇ چېكىنىسە ئاللاھقا چېكىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. مەنچە ئۇ ئۇيغۇرچە زىيالىلىقنىڭ بەلگىسى بولغان مۇستەقىللىقنى، كەسكىنلىكنى ۋە قورقماسلىقنى بىزگە تۇغ قىلىپ قالدۇرۇپ كەتتى.

3. تۇغلۇق ئاكا، ساڭا دەيغانلىرىم باردى

تۇغلۇق ئاكا، سەن يېزىپ، قانداق ئويلىغان بىلمەيمەن، ئەمما يازغانلىرىمغا ئاتالغان مەدھىيەلەر رىياللىقنىڭ سىقىشلىرىغا، بوغنۇقۇشلارغا مەلھەم بېرەلمىدى. ئەمما يازماي بولمىدى، پەقەت يازغانلىرىمغا قاراپلا مەن ئۆزەمگە، كۆنلىرىمگە ھېساپ بېرەلىدىم. يازدىم، ئەمما يارمۇھەممەد ئاكا، ماڭا يۈزلىنىپ، كۆزلىرىمگە قاراپ تۇرغان كىشىلىرىم— ئوقۇغۇچلىرىم ئۇيغۇرچە ئوقۇيالمايتتى. يازاتتىم، ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ دۇنياسىدىن بەكمۇ يىراق ئۇلار چۈشەنمەيدىغان بىر نەرسىلەرنى يازاتتىم. ئۇلارنىڭ دۇنياسى خەنسۇچە قۇرۇلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ دۇنياسى خەنسۇچە دەرسلىك، كىتاپ ۋە كىنولاردىكى خەنسۇلارنىڭ تۇيغۇسى، پىكرى ۋە ئىددىيىسى بىلەن «بېزىلىۋاتاتتى». ئۇلار سۇتۇق بۇغراخاننىڭ 12 يېشىدا ئۆز ئەقلى بىلەن ئىسلامنى تاللىغانلىقىنى، ئۇيغۇرنى ھىدايەتكە باشلاشقا ئۆزلىرى بىلەن قۇرداش چاغلىرىدا ئاتلانغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇلار

نۇزۇگۇمنىڭ 15 يېشىدا مىللەتنىڭ نومۇسى ئۈچۈن قولىغا قورال ئالغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. «غەرپ مەتبۇئاتىدىكى ئۇيغۇرنىڭ گېپى» ئۇلارغا سىر پېتى قالدى. ئوقۇپ بەردىم، لېكىن بوۋاينىڭ نېمە ئۈچۈن دەرەخلىرىگە«شىراق»، «سۇتۇق»، «سادىر»، «نۇزۇگۇم» دەپ ئىسىم قويۇۋالغانلىقىنىڭ سىرىنى بىلەلمىدى. ئوقۇۋېتىپ ئۆزۈم تۆكۈلۈپ كەتتىم، لېكىن ھېچ كىمنىڭ كۆزلىرى ياشلانمىدى، ئاڭلىسام بىر ئوقۇغۇچۇمنىڭ ئانىسى ئوقۇپ يىغلاپ كېتىپتۇ. بۇلارنى ساڭا دەۋاتىمەن يارمۇھەممەد ئاكا، ساڭا دەپ بەرمەكچىدىم. سەندىن مۇشۇنداق ئازاپلىرىمىزنى قارا كۆز پەرزەنتلەرگە ئۇيغۇرچە چۈشەندۈرەلمەيۋاتقان، دەردىمىزنى جاھانسازلارغا ئۇيغۇرچە ئاڭلىتالمايۋاتقان كۈنلەردە ئايرىلدۇق، يارمۇھەممەد ئاكا. تىل تۇغى ئىمان تۇغى، تىل تۇغى ۋەتەن تۇغى دېمەيمىدۇق، مانا ئەمدى ئاشۇ تۇغنىڭ پەرۋانىلىرىدىن ئايرىلدۇق. «بىر بۇردا زاغىرغا زار بولغان كەبى، تەبەسسۇم كۈلكىلەرگە زار بولغان» بۇ كۈنلەردە كۆزلىرىمىز، يۈرەكلىرىمىز يەنە ياشلاندى. سەن تۇغلۇق-بايراقلىق ئىنسان ئىدىڭ. سېنىڭ غايەڭ يىقىلماس بايرىقىمىزدەك مۇقەددەس، مۇستەھكەم ئىدى. سەن كەتتىڭ، ئاللاھقا يارىغىدەك ئەمگەك قىلغان تۇغلۇقلار كەتتى. بىز سەنسىز قالدۇق، تۇغسىز، ئەقىدىسىزلەر بىلەن قالدۇق. قارا، يارمۇھەممەد ئاكا، نەپسىگە ئىمان ئېيتقان، ھوقۇققا ۋە ھوقۇقدارلارغا سەجدە قىلىدىغان، زامانغا قاراپ ئۆزگۈرەلەيدىغان سەللىلىك، گىلاستۇقلۇق دىنسىز مۇردىلار يەنە ھايات يۈرىدۇ.

# ئاللاھقا قايتقان دادام

— مەرھۇم دادام ئايۇپ غوپۇر خاتىرىسىگە

دادامنىڭ تۇگەپ كەتكىنىگە ھېلىغىچە ئىشىنەلمەيمەن. ماڭا ئۇ بىر يەرگە مېھمانغا كەتكەندەك، بىر قانچە كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىدىغاندەكلا تۇيۇلىدۇ. مېيىت ماشىنىسىغا چىققىنىمدا دادام ئۇخلاپ قالغاندەكلا ياتقانىكەن، ئاكىلىرىمنىڭ بۆرىدەك ھۆۋلاشلىرى، ئاچامنىڭ ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاشلىرى، سىڭلىمنىڭ بوتىدەك ئېچىنىشلىق پەريادىمۇ ئۇنى ئويغۇتالمىدى. ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم بىر ئۇيغۇرنىڭ ۋاپات بولۇشى، كېپەنلىنىشىنى ۋە ئىشىكسىز، تۈڭلۈكسىز ئۆيگە دەپىن قىلىنىشىغا شاھىد بولدۇم. كۆزلىرىم ياش تۆكەتتى، لېكىن قەلبىمدىكى پىغان ياشقا ئوخشاش تۆكۈلەلمەيتتى. ئاۋازىم پۈتتى بىراق يۈرەكتىكى ئازاپ پۈتمىدى. كۆزلىرىم شۇنچە ياش تۆكتىيۇ قەلبىمدىكى دەرت لىقمۇ لىق پېتى قالدى.

دادامنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەن ئاق ساقاللىق موھتىرەم ئىمام ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ھاياتىدا كۆرگەن خاسىيەتلىك ئۆلۈملەردىن دەپ خۇلاسىلىدى. ئۇ خىسلەتلىك رامازان ئېيىنىڭ تۇنجى كۈنى بولغان ئۇلۇغ جۈمەدە، بامدات نامىزىدا جايىنامازدا ئولتۇرۇپ قازا قىلغان ئىدى. بۇ خاسىيەت بىلەن دادام جۈمە نامىزىغا كەلگەچ مېيىت نامىزىغا قاتناشقان جامائەتنىڭ دۇئاسىغا نائىل بولدى. دادام ھەققىدە بىر قانچە ئۆلىما تەرىپلەردە بولدى. ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا قانداق سازاۋەر بولىدۇغانلىقى ھەققىدە جامائەتكە تەسىرلىك ۋەز ئېيتىلدى. جامائەتكە دادام ھەققىدە سۆزلەپ بەرگۈم

بار ئىدى. جامائەتكە مۇسبەت مىنۇتلىرىدا ئەقلىمدىن كەچكەن، قەلبىمنى ئۆرتىگەن سۆزلەرنى يەتكۈزگۈم بار ئىدى. ئەمما پۇرسىتىم بولمىدى. پۇرسىتىم بولسا ئىدى مۇنۇلارنى دېگەن بولاتتىم.

1. دېھقان دادام

دادامنى كىچىكىمدە دېھقان دەپ بىلەتتىم. ئەقلىمنى بىلىپ كۆرگۈنۈم ئېغىلدا مەرەپ تىنمايدىغان قويلىرىمىز ۋە مەھەللە بويىچە ئەڭ ئاز يېرىمىز ئىدى. ئاق قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندا بىلسەم دادام ئوپال يېزىسىنىڭ مائارىپ مۇدىرىكەندۇق. كىچىكىمدىن كىشىلەر مېنى ئاسانلا تونۇۋېلىشاتتى ۋە نەدە كۆرسە «ئايۇپ غوپۇر مۇئەللىمنىڭ بالىسى» دەپ ئەركىلىتىشەتتى. بۇ مەندە «مۇئەللىملىك ياخشى ئىش ئىكەن، مۇئەللىم بولسا ھەممە ئادەم بىلىدىكەن، ھۆرمىتىنى قىلىدىكەن» دېگەن ئوي-خىيالنى پەيدا قىلغان بولسا كېرەك. بەلكىم سەبىي قەلبىمگە ئوقۇتقۇچى بولۇش ئىستىكىنى تۇنجى بولۇپ دادام سەۋەبلىك ئېرىشكەن ئىززەت سىڭدۈرگەن بولسا كېرەك. كىچىكىمدىن ھەممە ئادەم دادامنىڭ ئوقۇغۇچىسىدەك، دوستىدەك بىلىنىپ ھېچكىم يات تۇيۇلمايتتى. ئۇ چاغدا رەھبەرلەرنىڭ ئىسمىغا زامانىمىزدىكىدەك خەنسۇچە ئەمەل نامى قوشۇپ ئاتالمىسا كېرەك. دادام بىر يېزىنىڭ مائارىپىغا 14 يىل مەسئۇل بولغان بولسىمۇ مەن ھېچكىمنىڭ دادامنى ئايۇپ غوپۇر، ئايۇپ غوپۇر مۇئەللىم دېگەن ئىسمىدىن باشقا بىر گەپ بىلەن ئاتاپ باقىقىنىنى ئاڭلىمىغان ئىكەنمەن.

بالىلىق خاتىرەمدە دادامنىڭ سىماسى ئېتىزدا بۇغداي ئورۇۋاتقان، باغدا ئۈزۈم كۆمۈۋاتقان، ئېچىۋاتقان، باراڭدىكى تاللارنى پۇتاۋاتقان، ئارمۇت ئۈزۈۋاتقان، ئوتياش تېرىۋاتقان ھالەتتە ساقلىنىپ قاپتۇ. ئەگەر ئاخشاملىرى جىن چىراقنىڭ يورۇقىدا «مىڭ بىر كېچە»، «ئۆلۈك جانلار»، «سىيىت نوچى»، «ئابدۇرراھمان خان غوجا»، «نۇزۇگۇم»، «يۈسۈپ ئەھمەت» دېگەن داستانلارنى ھېسسىياتلىق ئوقۇپ بېرىۋاتقان تۇرۇقى سىلىشتۇرما بولمىسا ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچى بولغانلىقىغا پاكىت بولغۇدەك ئەسلىمەم يوق بولاتتىكەن.

دادام ئۇپالدىن توقۇزاق ناھىيە بازىرىغا-پارتىيە مەكتەپكە يۆتكەلگەندىن كېيىن دېھقانغا تېخىمۇ بەك ئوخشاپ كەتكەنىدى. ناھىيە بازىرىدىكى كىچىك ھويلىلىق ئۆيىمىزدە ھەممە يەم خەشەكنى سېتىۋېلىپ قوي باقاتتۇق، بىزنىڭ ئىشتەيلىك قويلار مەرەپ ھارمايتتى. ئەمەلىيەتتە شۇ بىدە، سامان، كۆنجۈرە، كېپەك ئالغان پۇلغا گۆش ئېلىپ يىسەك قوي باقاندىن ئەرزان توختايتتى. ئەمما دادام ھەممىمىزنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي قوي باقاتتى، يەر تېرىيتتى. ئىدارىدىكى بوش يەرلەرنى تۈزلەپ تېرىغاننىڭ ئۈستىگە ئوغۇزساقتىكى چوڭ ئانام چوڭ دادىلارنىڭ يېرىنىمۇ تېرىپ يۇغۇشۇتۇراتتۇق. كۆزلىرى ئارمۇت ئۈزەتتۇق، ئۈزۈم كۆمەتتۇق، ئوتياشلارنى گەمە-ئورىلارغا جايلاشتۇراتتۇق. دادام بۇنداق دېھقانچىلىق ھاياتىنى تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلدى. بىز ئالتە پەرزەنت ئىزچىل دادامنىڭ بۇنداق دېھقانچىلىق ھاياتىغا قارشى تۇرۇپ كەلگەنىدۇق، ئەمما ئادەتتە يوللۇق تەلەپلىرىمىزنى يەردە قويمايدىغان دادام گېپىمىزگە باشتىن ئاخىر قۇلاق سالماي كەلگەنىدى. ئۇ چاغدا مەن دادامنى پارتىيە مەكتەپتە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغان ئالدامچىلىق تېپىدىكى سىياسىي دەرسلەرنى ئوقۇتۇش بىلەن چارچىغان، مۇستەملىكە قىلىنغان كاللىسىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن جىسمانى ئەمگەك قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

دادامنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۇزۇتۇپ قويغاندىن كېيىن ئۇ بىنا قىلغان ئايۋان سارايلىق ئۆي، باغ-ۋارانلىق ھويلىدا ئولتۇرۇپ قايتا ئويلاندىم. باغدىكى ئوخشاپ كەتكەن ئالما، ئەنجۈر، نەشپۈت، ئۈرۈك، ئۈزۈم قاتارلىق مۆلەرگە ئاغىز تەككۈزگەن مېھمانلار دادامنىڭ تەرىپىنى قىلىشتى. مەن دادام مۆشۇ مۆلەرنى ئۆزى ئۈزۈپ ئۈرۈمچىگە چىقارتمىسا، كەلگەنلىرىمدە داستىخانغا قويمىسا بىرىپ يەپ كېلىشكىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىغانىكەنمەن. قارىغاندا بازاردا ھەممىمىسى بارغۇ، پۇللا تاپسام ھەممە نەرسىدىن بەھىرلەنگىلى بولىدۇغۇ دەپ ئويلىغان بولسام كېرەك. مېھمانلارنىڭ دادام بەرپا قىلغان باغنى تەرىپلەشلىرى، باغدا ئايلىنىپ مۆلەرگە زوقلىنىپ قاراپ كېتىشلىرى، ھويلىدىكى گۈللۈككە مەستلىكى كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىشلىرى مەندە ئۈيغۇر ھاياتى، پىشقەدەم ئۈيغۇر بىلەن ياشقەدەم ئۈيغۇرنىڭ پەرقى، ھاياتنىڭ مەنىسى...قاتارلىقلار ھەققىدە باشقىچە پىكىرلەرنى ئويغاتتى.

دادام 40 يىلغا يېقىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بىلەن يەنىلا دېھقان ئىكەن. دادامنىڭ يەرگە، باغقا شەيدالىقى، دېھقانچىلىققا خۇمارلىقى پۇل ئۈچۈنلا ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭ تام سوقۇپ باغ قىلىشلىرى باققاللىق قىلىپ باي بولۇش ئۈچۈن ئەمەس ئىكەن. دادام نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى يەرنى قۇچاقلاپ ياشىغان بىر دېھقان مىللەتنىڭ پۇشتى بولغىنى ئۈچۈن دېھقانچىلىق قىلاتتىكەن. ئۆزىنىڭ تۇپراقتىن يارالغانلىقىغا شەكسىز چىنپۈتىدىغان ئۇيغۇر قەۋمىنىڭ نەسلى بولغانلىقى ئۈچۈن تۇپراققا تەر تۆكەتتىكەن. دادام بوۋىلىرىمىزدەك يەرگە زىرائەت ئۇرۇقلىرىنىلا چاچماستىن بەلكى بۇ ئارقىلىق بىزنىڭ ۋە جەمەتىمىزنىڭ هاياتىغا ئىشچانلىق، خالىسلىق، مېھرىبانلىق، ياردەم، كۆيۈم ئۇرۇقلىرىنى تېرىپتىكەن. دادام پۇل ئۈچۈن دېھقانچىلىق قىلماپتىكەن، بەلكى ئۇيغۇرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ۋەتەن-زېمىن مۇھەببىتىنى ئۇدۇم بىلىپ داۋام قىلغانىكەن. دادامنىڭ دېھقانچىلىق قىلىپ ئېرىشكەن خۇشاللىقى بەرپا قىلىشنىڭ، ئىجادىيەتنىڭ، مېھنەت مېۋىسىنىڭ خۇشاللىقى ئىكەن. دادامنىڭ خۇشاللىقى ئەجىر مېۋىسىدىن باشقىلارنى بەھرىمەن قىلالىغانلىقى ئۈچۈن ئىكەن. ئۇنىڭ مەمنۇنلىقى هالال ئەمگىكىدىن بەھرىلەنگەن يۈزلەردىكى رازىمەنلىكنى، كۆلكىنى كۆرگەندىن كېيىن پەيدا بولغان ئۆزىدىن پەخىرلىنىشنىڭ جىلۋىسى ئىكەن. مانا بۇ ئۇيغۇرنىڭ مەمنۇنلۇقى، مانا بۇ ھەقىقى ئۇيغۇرنىڭ كۆلكىسى! بۈگۈن شۇ دېھقاننىڭ پەرزەنتلىرى ئىدارىلەردە ئىشلەۋاتىدۇ، ماشىنىلاردا غادىيىپ ئولتۇرۇپ ئالدىدا تەمتىرەپ تۇرغان دېھقانلارغا قاراپ ئەۋزەللىك تۇيغۇسىغا چۆمۈلۈۋاتىدۇ. خۇددى ئىللەت، قالاقلىق ۋە نادانلىق شۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەمدەك تۇيغۇغا چۆمۈپ ساختا ھەسرەتتىن ئۇھ تارتىۋاتىدۇ. ۋادەرىخ! شۇلارخۇشالمۇ، شۇلار مەمنۇنمۇ؟ شۇلار ساغلاممۇ؟

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇدۇم، قاراش ۋە چۈشەنچىلىرىدىن مائارىپ ئارقىلىق بەھرىمەن بولالمىغان بىزلەر بىلەن بوۋىلارنىڭ ئۆگۈتلىرىدىن مەدرىسلەردە،

ئېتىز بېشىدا، نەشپۈت قېشىدا تەلىم ئالغان دادىلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق زادى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن 60 نەچچە يىللىق كوممۇنىستىك مائارىپ ئوقۇغان ئۇيغۇرنىڭ كۆپىنچىسىنى مۇئاشلىق قىلغان بىلەن بىلىملىك قىلالمىدى؟ ئەگەر ئۇلار بىلىملىك بولغان بولسا خۇراپات، داغۋازلىق، نادانلىق تۈگىمەسمىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى پارتىيەگە سادىق كادىر قىلغان مائارىپ ھاياتىنى تولۇق مەنىۋى ۋە ماددىي مۇشكۈلاتلارغا قابىل قىلالمىدى؟ رەھمەتلىك دادامنىڭ 30 نەچچە يىل ئوپالدا مائارىپچىلىق قىلىپ ئاخىرىدا ئېتىز بىلەن مەسجىدنى تاللىشى دېھقان بوۋىلارنىڭ ئېتىز بېشىدا قىلغان ئۇنىسىز تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسى. كوممۇنىستىك مائارىپتا بىلىم ئالغان شۇنچە يىللىق مائارىپچى دادام نېمە ئۈچۈن كىتاپ بىلەن مەسجىدنى ئەمەس كەتمەن بىلەن مەسجىدنى تاللىدى؟ مېنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىمنىڭ ئۇنىڭ دېھقانلىق ھاياتىنى ئىقتىسادقىلا باغلاپ چۈشۈنۈپ ئىزچىل قارشى چىققىشىمىز نېمىنىڭ ئاقىۋىتى؟

2. «قىزىل پاچاق» دادام

دادام مىڭلىغان ئۇيغۇر كادىرغا ئوخشاش پارتىيە ئەزاسى ئىدى. ئۇ ئوپالدا مائارىپ مۇدىرى بولغان چاغلىرىدا ئۆيىمىزگە ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى بۇنى كۆتۈرۈپ كىرىپ تۇراتتى. دادامنىڭ بۇنداق چاغلاردا جۇدۇنى ئۆرلەپ قالاتتى ۋە ھاجەتمەنلەر كەتكەندىن كېيىن قايناپ كېتەتتى. ئاڭلىشىمچە دادامنىڭ مائارىپ مۇدىرلىقىدىن تۆۋەنلىگەنلىكى مەنىلىك ئېشىش قىلغانلىقىدىن. بولۇپمۇ ئانام دادامنىڭ نەۋرە ئاكامنى ئوپالغا ئالپ كېلىپ ئاتىلىغان يىراق مەكتەپتىن مەھەللىمىزدىكى مەكتەپكە يۆتكەپ قويمىغىنىغا نارازى ئىدى. بىز ئالتە بالا ئىچىدە دادامنىڭ يول مېڭىشى بىلەن ھۆكۈمەتتىن نەپ ئالغان ھېچ بىرىمىز يوق. ئانام ۋە بەزى تۇغقانلارنىڭ نەزىرىدە دادام بەكمۇ كوممۇنىست، ئاجايىپ قىزىل پاچاق ئىدى. مەنمۇ شۇنداق قارايتتىم. دادامنى كاللىسى يۇيۇلغان كىشىدەك چۈشىنەتتىم.

ماگىستىرلىقنى پۈتكۈزۈپ ئىككىنچى قېتىم خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئىچكىرىدە ئىشلەپ، ئۆرۈمچىگە قايتىپ، تۈركىيە، ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەردە سەرسان بولۇپ يۈرۈش جەريانىدا ئابستىراكت ئۇيغۇر ھەققىدىكى ئويۇم دادام، بوۋىلىرىم ۋە ئەجدادلىرىمنىڭ كەچۈرمىشى ئۈستىگە

مەركەزلىشىپ كونكرېتلاشتى. تۈركىيەدە ھەقىقى كوممۇنىستىنىڭ قانداق بولۇدۇغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن دادام كۆزۈمگە كوممۇنىزىملىق ئىدولوگىيە بىلەن پەقەت مۇناسىۋىتى يوق بىر ئادەمدەك كۆرۈندى. تۈركىيەدىكى كوممۇنىستلاردا ھالال ھارام چۈشەنچىسى يوق ئىدى. تۈركىيەدىكى كوممۇنىستلاردا ئەخلاق، كوممۇنىستلارنىڭ ئەخلاق چۈشەنچىسى بويىچە بولۇپ تۈركلەرنىڭ ئەخلاقىغا ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. ئۇلار نىكاھنى ئىتىراپ قىلمايتتى، ئۇلارنىڭ باللىرى تۇغۇلغاندا تەكبىر تۇۋلۇنۇپ ئەزان ئوقۇلمايتتى، ئۆلگەندە مېيىت نامىزى چۈشۈرۈلمەيتتى. تۈركىيەدىكى كوممۇنىستلار ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن مىللەتلەرگە ئايرىلغانلىقىغا قارشى ئىدى، ئۇلارچە مىللەت مەۋجۇد ئەمەس، دۇنيادا پەقەت ئەزگۈچى ئېزىلگۈچىلا مەۋجۇد ئىدى... ۋاھاكازالار. تۈركىيەدىكى كوممۇنىستلارغا سېلىشتۇرسام دادام ھېچ ئۇنداقلارغا ئوخشىمايتتى.

دادامنىڭ «قىزىل پاچاق» ئاتىلىشى ئېتىقاد ئاساسى، مەنىۋي ئەنئەنىسى يىمىرىلگەن، دېموكراتىيە بولمىغان جەمىيەتنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئەگەر دادام ياۋرۇپادا بولغان بولسا ياخشى ئاتا، پەزىلەتلىك ئىنسان، لاياقەتلىك مەمۇر سانىلىپ، يەرلىك كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلانغان بولاتتى. تۈركىيەدە بولغان بولسا ھالال، خالىس، ئاق كۆڭۈل، تەدبىرلىك، سالماق كىشى بولغاچقا جامائەتنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ بىرەر ۋەخپىگە نازارەتچى بولغان ياكى بىرەر ئاممىۋي تەشكىلاتقا خىزمەتكە كىرگەن بولاتتى.

دادامنىڭ كوممۇنىست، «قىزىل پاچاق» ئاتىلىشى ئەسلى ئۇيغۇرلاردا ياخشى ئادەمگە بېرىلىدىغان مۆئمىن (ئىمانلىق)، ھالال، ئادىل، خالىس، سالىھ (پاك)، دىيانەتلىك دېگەن ناملار ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ئېتىقادنىڭ ئورنىغا ماددىغا چوقۇنىدىغان بىر ئىدولوگىيەنىڭ دەسسىتىلگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دادام ھۆكۈمران ئىدولوگىيەدىن نەپىلىنىپ ياشىغان تۇرسا كىمنىڭ قوينىدا ئىشلىسە شۇنىڭ تەلىۋى بويىچە تەرىپلىنىدىغان گەپتە!

كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتكە تەۋە بولغان ئۇيغۇرلار دادامدەك كىشىلەرنى دىيانەتلىك، ھالال ئادەم ئىدى، دېسە بولمايتتى، چۈنكى بۇ ھاكىمىيەت ئىنساندىكى ھالاللىق ۋە دىيانەتنى ئېتىراپ قىلمايتتى. ھاكىمىيەت ئېتىراپ قىلمىغان باھا، ھۆكۈم، تەرىپلەر تېلېۋىزور، گېزىت، رادىيۇ، سەھنە قاتارلىق رەسمىي سورۇنلاردا قوللۇنۇلمايتتى. نەتىجىدە ئۇيغۇرنىڭ ئېتىقادىنى مەنبە قىلغان تەرىپ نوپۇزلۇق سانالماي ھاكىم ئىدولوگىيەنىڭ باھاسى خەقنىڭ ئاغزىدا مودا بولاتتى. مەسىلەن، ئۇيغۇرچىمىزدىكى ئىمانلىق دېگەن مەنىدە كەلگەن مۆئمىن سۆزىنىڭ ئاخىرىدا يۇۋاش، بوزەك دېگەن مەنىدىكى سۆزگە ئالمىشىشى ئىمانلىق كىشىلەرنىڭ جەمىيەتتە مەجبۇرى يۇۋاشلىتىلغانلىقى، بوزەك قىلىنغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولماي نېمە؟ دادامنىڭ پارا ئالماسلىقى ئۇنىڭ كوممۇنىستلىقىدىن ئەمەس خەقنىڭ ھەققىنى يېمەيدىغان، ھالالدىن رىزىقلىنىپ ھارامدىن يىراق تۇرىدىغان ئۇيغۇرچە پاكلىق ئەنئەنىسىگە داۋراڭسىز ۋارىسلىق قىلغىنىدىن بولغان. ئۇنىڭ خىزمەت جەيانىدا ئۇرۇغ تۇققانلىرىغا يان باسماسلىقى ئاللاھ كالامىمىزدا تەلەپ قىلغان ئادىللىقتا ئەمەل قىلغىنىدىن بولغان. چۈنكى دادام پۈرسەتلا بولسا مەسجىد، مەشرەپ ۋە ئېتىزنى تاللايدىغان ئۇيغۇر ئىدى، رىزىقنى ھالال تەر تۆكۈپ يەيدىغان دېھقان ئىدى.

3. يول كىمنىڭ؟

95-يىللىرىغۇ دەيمەن. دادام ئىشلەۋاتقان پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يول قايتا ياسىلىپ پىيادىلەر يولى ئىدارىلەرگە، كادىرلارغا تەقسىم قىلىندى. ئانامنىڭ تەكرار ئۈندەشلىرىدىن كېيىن دادامغا ياردەملىشىپ بىزگە تەقسىم قىلىنغان يولغا ئىشلەشكە رازى بولغان بولساممۇ بىكارغا تەر تۆككەنگە نارازى ئىدىم. مېنىڭ چۈشەنچەمدە يول، مەكتەپ، مەسجىد، كۆۋرۈك، ھاجەتخانا قاتارلىقلار ئاممىۋي ئەسلىھەلەر بولۇپ بۇنى ھۆكۈمەت مالىيىسىدىن پۇل چىقىرىپ ياسىشى كېرەك ئىدى. ھۆكۈمەتنى باج تاپشۇرۇپ بېقىۋاتقان پۇقرانىڭ بۇنداق ئاممىۋي ئەسلىھەلەرگە ھەقسىز ئىشلىشى تۈپتىن خاتا ئىدى. مۇشۇنداق خىياللار بىلەن ۋەزىپىنى خالار خالىماس تۈگۈتۈپ تۇرۇشۇمغا دادام يېنىمىزدىكى چالا قالغان ۋەزىپىنى قىلىۋېتىشنى تاپىلىدى. بۇ بۆلەك ۋەزىپە دادامنىڭ مەكتىپىدىكى بىردىن بىر خەنسۇ-

شۇجىنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى!

— دادا، بۇ ۋەزىپە ھېلىقى خەنسۇنىڭ تۇرسا، نېمىشقا بىز ئىشلەپ يۈرىمىز ئۇنىڭغا؟!

— ۋەزىپە خەنسۇنىڭ بولغان بىلەن يول بىزنىڭ بالام، —دېدى دادام كۆزۈمگە قاراپ مەنىلىك قىلىپ. ئويلىماي دەپ سالغان گېپىمگە خىجىل بولۇپ، ۋەزىپىنى تېزلا تۈگەتتىم. لېكىن بۇ گەپ ھازىرغىچە قۇلاق تۈۋۈمدىن كەتمەيدۇ. خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنمەي بىپەرۋالىق قىلىپ كۆن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرسەم ئېچىناتتىم. سەۋەبىنى سورۇسام ئۇلار «ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگە جېنىمىزنى سېلىپ بېرەمدۇق؟» دېيىشەتتى. شۇنداق چاغلاردا دادامنىڭ گېپىنى ئويلايتتىم ۋە «خىزمەت ھۆكۈمەتنىڭ بولغان بىلەن بالىلار بىزنىڭ!» دەپ خىتاب قىلغۇم كېلەتتى.

دادامنىڭ مېيتىنى ئېلىپ قەبرىستانلىققا ماڭغان چېغىمىزدا يولنىڭ تارلىقى بىلىنىپ قالدى. كەنتىمىزدىكى يولنى دېھقانلار تاراشلاپ تېرەك تىكىپ تارايتىۋەتكەن ئىدى. يول بويلىرىغا قىغ دۆۋىلەنگەن، ياغاچلار بېسىلغان، قىشلىق يەم خەشەكلەر قويۇلغانىدى. كىچىك چاغلىرىمىدىمۇ بار ئىدى مۇنداق يولغا قىغ-يىغ چىقىرىپ قويۇدۇغان ئىشلار، ئەمما يولنى تاراچلاپ تېرەك قويۇۋالىدىغان ئىش ماڭا غەلىتە تۇيۇلدى. شۇنداق خىيال بىلەن كېتىۋاتسام «يول ھۆكۈمەتنىڭ تۇرسا تارايتىپ تېرەك قويۇۋالسا نېمە بوپتۇ!» دەپ قالدى بىرەيلەن. «يول ھۆكۈمەتنىڭ» دېگەن گەپ شۇندىن بېرى ئەقلىمدىن كەتمىدى. بۇ دادام رەھمەتلىكنىڭ «ۋەزىپە خەقنىڭ بولغان بىلەن يول بىزنىڭ» دېگىنىگە قارشى ئىدى. ئاتا بوۋىمىزدىن قالغان ئىشىك ئالدىمىزدىكى يول قانداق بولۇپ ھۆكۈمەتنىڭ بولۇپ قالدى؟ يەر ھۆكۈمەتنىڭ، مەكتەپ ھۆكۈمەتنىڭ، ئىسسىق جان بىلەن قولۇمىزدىكى نانچۇ؟ مەن ئۈچراتقان قەشقەردىكى دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى تايىنى يوق پۇلغا سېتىۋېتىپ «بۇ ھۆكۈمەت قىزىقكەن، ئۆزى تەقسىملەپ بەرگەن يەنى ئۆزى

يەنە پۇلغا سېتىۋالدىيا!» دېيىشكەنلىرىنى ئويلۇدۇم. ئاتا بوۋىسىدىن باشلاپ ياشاپ كېلىۋاتقان تۇپراقنى، نەچچە ئەۋلاد ئۇيغۇرنى كۆكلەتكەن ئانا يەرنى ھۆكۈمەتنىڭ دەپ تونۇش قانداقلارچە بۇ قەدەر ئومۇملۇشۇپ كەتتى؟ نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى «يول ياسىسا ساۋاپ بولىدۇ» دەپ ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ خەلقنىڭ ئۆزى كۈندە ماڭىدىغان يولنى «ھۆكۈمەتنىڭ» دەپ تونۇپ ئىگە بولماسلىقى، تارايتىۋېتىشى ماڭا تۈزۈمنىڭ، تەشۋىقاتنىڭ، مائارىپنىڭ مىڭە يۇيۇشتىكى رولىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

4. چارەسىز دادام

دادامنىڭ ئىسمىنى ئەييۇب پەيغەمبەرنىڭ ئىسمىدىن كەلگەن دەپ بىلەتتىم. كېيىن سوراشتۇرسام دادامنىڭ تۇغقانلىرى ئىچىدە ئايۇپاخۇن خەلپىتىم ئىسىملىك بىر ئۆلىما ئۆتكەن بولۇپ دادامغا شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى قويغانىكەن. مومام رەھمەتتى قۇرئاننى يادا بىلىدىغان، كىتاپ ئوقۇپ، خەت يازالايدىغان مەرىپەتلىك ئايال ئىدى. بىزنىڭ تۇغقانلار ئىچىدە مومامدىن ساۋاق ئالمىغان ئادەم يوق ئىدى. قىش كۈنلىرى ئۇنىڭ ئۆيىدىن يىگىرمە ئوتتۇز ئوقۇغۇچى ئۈزۈلمەيتتى. بىز ئالتە پەرزەنتنىڭ دىنىي ساۋادىنى مومام رەھمەتتى چىقارغانىدى (ئاللاھ مەرھۇمغا رەھمەت قىلغاي). دادامنىڭ ئارامغا چىققاندا مومامنىڭ ساۋابلىق ئىشلىرىنى بەكمۇ داۋام قىلغۇسى بار ئىدى. ئەمما زامان تەتۈر كېلىپ قالدى. باللارغا دىنى تەربىيە بەرمەسلىك توختامنامىسى ئۆيمۇ ئۆي ئىمزالىتىلغان بولغاچقا دادام نەۋرىلىرىگە دىنى تەربىيە بېرىشتە چارەسىز قالدى.

دادام قىرىق نەچچە يىللىق ئوقۇتقۇچى بولغان كىتاپخۇمار ئادەم بولغاچقا كىتاپ ئىشكابىمىزدا ھەر خىل ئەسەرلەرنىڭ تۈرى خېلىلا تولۇق ئىدى. دادام پىنسىيەگە چىقىپ بۇ كىتاپلارنى نەۋرىلەرگە ئوقۇپ بېرەلمىدى، چۈنكى مائارىپتا تىل ئالماشتى. ئاتالمىش قوش تىللىق سىنىپتا ئوقۇپ چوڭ بولغان بىزنىڭ نەۋرە باللار ئۇ كىتاپلارنى ئوقۇيالمايتتى. كىتاپلاردىكى ئۇيغۇرچە ئەدەبىي تىل تۇرمۇشىمىزدىن پەرقلىنىدىغان بولغاچقا نەۋرىلەر ئاڭلاپ چۈشۈنۈشتە قىينىلاتتى. دادام ئۆزىنىڭ كىتاپنى ھىسسىياتلىق ئوقۇيالايدىغانلىقىدىن، ئاۋازىنىڭ ياڭراقلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. مىڭ ئەپسۇسكى، بىزنى كىتاپنىڭ سېھرىگە چۈمدۈرگەن شۇ قەدىردان ئاۋاز

ئۇيغۇرچىنى تۈزۈك چۈشەنمەيدىغان نەۋرىلەرنىڭ قۇلىقىغا قويۇلمىدى، قەلبىگە سىڭمىدى. 60-يىللارنىڭ باشلىرىدا ياركەنت دارىلمۇئەللىمىنىدە ئۆزىنىڭ «بىرژانسكى» (بەلكىم بىرژانسكى ئىسىملىك كىشى تۈزگەن ماتېماتىكا دەرسلىكى بولسا كېرەك) ئۆگەنگەنلىكىدىن پەخىرلىنىدىغان، ناھىيىمىزنىڭ مائارىپ سېپىدە ئۇزاق ئىشلىگەن، ئابدۇرراخمان ناۋايى ئىسىملىك شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى يادا بىلىدىغان دادام نەۋرىلەرنىڭ قولىدىكى ماتېماتىكا كىتابىدا نېمە دېيىلگەنلىكىنى چۈشىنەلمىگىنىدە، ئۇلارنىڭ شىرەسىدىكى خەنسۇلارنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكىنى ئوقۇيالمىغىنىدا ئولتۇرۇپ كېتەتتى. سەبىلەرنىڭ ئوقۇشىغا ياردەمدە بولالمىغىنى ئۈچۈن ھەسرەتلىك ئۇھ تارتاتتى.

2011-يىلى ناھىيىمىزدە تەشكىللەنگەن باللار بايرىمى پائالىيىتىدىن دادام بەكمۇ نارازى بولغانىدى. نەۋرىلىرىنىڭ پائالىيەتكە تەكلىپ قىلىنغان دادام بىلەن ئانام پائالىيەت جەريانىدا بىر گەپنىمۇ چۈشىنەلمەي ئاچچىغلاپ يېنىپ چىقىپتۇ. پائالىيەتكە قاتناشقۇچىلارنىڭ 95 پىرسەنتىنىڭ ئۇيغۇر بولۇشىغا قارىماي ھەممە نومۇر خەنسۇچە بولۇپتۇ. بىزنىڭ نەۋرىلەرمۇ خەنسۇچە ناخشىغا ئۇسسۇل ئويناپتۇ. بۇ گەپ بولۇنغان داستىخاندا سىڭلىم بۇنداق ئىشنىڭ ئاللىقچان ئومۇملۇشۇپ بولغانلىقىنى، ناھىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن پائالىيەتلەردە ئۇيغۇرچىنىڭ قوللۇنۇلمايۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدىمۇ بىر ئېغىز ئۇيغۇرچە ئارىلاشتۇرۇلماپتۇ. بۇلارنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ دادام «بۇ ناھىيىدە 95 پىرسەنت ئۇيغۇر تۇرۇپ بىز يوقنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قاپتىمىز» دېدى خورسىنىپ.

مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا مەجبۇرى چوشقا باققان ۋە بۇ ئىنقىلاۋى ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشكە زورلانغان دادام كۆز ئالدىدىكى رىياللىقتا بەكمۇ چارەسىز باقاتتى. قىرىق يىلدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىلۇق قىلغان دادام قىسقىغىنا ئون نەچچە يىلدا مەيدانغا كەلگەن ئۆزگۆرۈشلەردىن گاڭگىراپ قالغانىدى. ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرچە ئارقىلىق ئىگىلىگەن بىلىملىرىنى، ئاتا بوۋىسىدىن داۋام قىلىپ

كېلىۋاتقان ئېتىقادنى تارقىتىشتىن مەھرۇم قالغان دادام ئۆزىنى كېرەكسىز ھېس قىلاتتى. كۆزۈتۈشۈمچە، ياشانغانلاردا بولۇدۇغان غېرىپسىنىش، كەمسىنىش، تاشلىنىش، چارەسىزلىك تۇيغۇسى دادامنىڭ يېشىدىكى ئۇيغۇر بوۋايلاردا ئالاھىدە ئېغىردەك ئىدى.

5.قارارسىز دادام

دادامنىڭ ھاياتىدا ھۆكۈمەت قارارلىرىغا ياندىشىشقىنىدىن باشقا قايسى قارارلارنى ئۆزى قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما بىزنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىشلىشىمىزنى، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر پەرمانلىرىدىن چىقماسلىقىمىزنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. دادام ھۆكۈمەتنىڭ قارارىغا ئىزچىل ئەگىشىپ كەلگەن بولۇپ بىزنىمۇ شۇنداق تەربىيىلەشكە تىرىشاتتى. قەشقەردە تاكسىچىلىك يېڭى باشلانغاندا چوڭ ئاكام خىزمەتنى تاشلاپ تاكسىچىلىك قىلماقچى بولۇپ رەھمەتلىك دادامنى قايىل قىلالمىغانىدى. ئىككىنجى ئاكامنىڭ سودا قىلىش ئارزۇسىمۇ قوللاشتىن مەھرۇم قالدى. 98-يىلى بىرىنجى قېتىم خىزمەتنى تاشلىغىنىمدا دادام ئانامغا رەنجىگەنلىكىنى ئىپادىلىگەنىكەن. دېمەك، دادامنىڭ خىزمەت، كەسىپ، ۋەزىپە قاتارلىق ھايات ۋە مۇۋەپپەقىيەتتىكى ھالقىلىق داۋانلاردا ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىگە ئەگىشىپ خۇسۇسى قارارسىز ئۆتكەن ھاياتى ئۇنىڭغا بۇ يولنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغان بولسا كېرەك. شۇڭىمىكىن، ئۇ بىزنى «قايناق سۇ ئىچ، كۆڭلۈڭ تىنچ»نى پىرىنسىپ قىلغان ياشاش يولىغا ئۈندەيتتى. دادامنىڭ نەزىرىدە خۇسۇسىي قارارلار ئۇچۇن باش قاتۇرۇپ، تەۋەككۈل قىلىپ يۈرگەندىن ھۆكۈمەتكە ئەگىشىش بىخەتەر تۇيۇلغان بولسا كېرەك.

دادام ۋاپات بولۇشتىن بىر يىل بۇرۇنغۇ دەيمەن، ناھىيىمىزنىڭ ئوغۇزساق يېزىسىدا ھۆكۈمەت مەبلەغ سالغان قەبرىستانلىقنىڭ پۈتكەنلىك خەۋىرى تارقالغانىدى. شۇ چاغدا دادامدىن «دادا، ئەمدى ئۆلۈگىمىزنىمۇ باشقۇرامدىكەن، سەن تۇگەپ كەتسەڭ ئاشۇ ھۆكۈمەت قەبرىستانلىقىغا دەپىن قىلىمىزمۇ؟» دەپ سورۇغۇنۇم ئېسىمدە. دادام شۇ چاغدىمۇ قارارسىز ئىدى. ئۇ بىزنى مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك ھۆكۈمەتنى رەنجىتىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرىگەن بولسا كېرەك. دادام ئاللاھقا قايتقان كۈنى ھېلىقى قەبرىستانلىققا قويۇشقا مەجبۇر

بولدۇق، چۈنكى ئاتا بوۋىمىز دەپ قىلىنغان قەبرىستانلىقتا رەھمەتلىكلەرنى دەپ قىلىش چەكلەنگەنىكەن. قەبرىستانلىق شام گۆر شەكلىدە ياسالغان بولۇپ جەسەت تەييار يەرلىكلەرگە كىرگۈزۈلۈپ ئاغزى ئېتىلىدىكەن. شام گۆرنىڭ تاشقارقى گۆرلۈكى كۆمۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن شىرەنىڭ تارتىمىسىغا سېلىنغاندەك جايلاشتۇرۇلغان جەسەتلەر ئۇزاقتا قالماي سىرتتا پۇراشقا باشلايدىكەن. ھەر پەيشەنبە تۇپراق بېشىنى يوقلىغىلى بارغىنىمىزدا بۇرنىمىزغا بىر كۆڭۈلسىز پۇراق ئۇرۇلۇپ ھەسرەتلىك يۈرىكىمىزنى ئۆرتەيدۇ.

مەھەللىمىزدىكى دېھقانلار ئاتا بوۋىلىرىنى تۇپراقتا دەپ قىلالمىغىنىدىن نارازىكەن. ئۇلارچە ئوتتا پۇشۇرۇلغان خىشتا ئوپمۇ ئوخشاش قىلىپ يەردىن بىر ئادەم بويى كۆتۈرۈلۈپ ھەيۋەت ياسالغان بۇ قەبرىلەر ئۇلارغا ياقماپتۇ، چۈنكى ئوتتا پۇشۇرۇلغان خىش ئۇلارچە دوزاقنىڭ بىشارىتى ئىكەن. مەن دادامنىڭ تۇپرىقىنى قاتۇرماسلىقنى، توپىسىنى شامالنىڭ ئۇچۇرۇپ تۇرۇشىنى، قەبرە بېشىغا بىر تۈپ ئۈجمە قويۇپ قويۇشنى ئويلىغانىدىم. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئادەم تېرىسا ئۈنگىدەك مۇنبەت يەرگە سېلىنغان بۇ قەبرىستانلىق ئوغۇزساقتا باغچا بەرپا قىلىنىپ ساياھەت ئورنىغا ئايلىنارمىش. ھاياتىدا كىم بىلەن توي قىلىشتىن باشقا ھەممە ئىشتا ھۆكۈمەت قارارىغا بويسۇنغان دادامنىڭ مېيىتى ھۆكۈمەت قەبرىستانلىقىدىن ئورۇن ئالدى. رەھمەتلىك دادامنىڭ ھاياتىدا نۇرغۇن ئارزۇلىرى بار بولغىيدى، ۋەھالەنكى ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغاندىمۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن زېمىندا، دادىسى ۋە ئانىسىنىڭ يېنىغا ئۆزى كولاتقان يەرلىكتە يېتىش ئارزۇسىغا يېتەلمەي بىزنى ھەسرەتتە قويدى.

دادام يۇۋاش ئادەم ئىدى. تۈمەنلىگەن ئۇيغۇرغا ئوخشاش پارتىيە، ھۆكۈمەت دېگەنلەرنى ھەممىگە قابىل، قۇدرەتلىك، بەھەيۋەت بىر مەخلۇقتەك بىلەتتى. ئۇنىڭدىن قورقاتتى، ئەيمىنەتتى، خەۋپسىرەيتتى. ئىنساننىڭ قەدرىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ نەزىرىگە ئېلىنغانلىق بىلەن ئۆلچەپ قالاتتى. كىچىكىمدىن

تىنچ تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشىنىڭ، ھەممىگە سەبرە قىلىشىنىڭ، كۆز ئالدىدىكى نىسىۋىدىن باشقىغا باش قاتۇرماي كۈنلىكىگە شۈكرى قىلىپ ياشاشىنىڭ ئەزەللىكىنى تەكىتلەيتتى. مەنچە ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇلارنى بىز ئۈچۈن تەكىتلەيتتى. بىزنىڭ بىخەتەرلىكىمىز، ساق- سالامەت ياشىشىمىز ئۈچۈن تەكىتلەيتتى. دادام پارتىيە ئەزاسى بولغاچقا ئۇنى ھەرەمگە ھەجگە ئېلىپ بېرىشقا ئىمكان بولمىدى. ھەتتا تۈركىيەگە ساياھەتكە ئاپىراي دېسەممۇ، ئامېرىكىغا چاقىرىپ جاھان كۆرسۈتەي دېسەممۇ پاسپورتسىزلىق سەۋەبىدىن ئامالسىز قالدۇق. ئەمما شۇنچە ئىش ئۆتۈلگەن بولسىمۇ مەن دادامنىڭ نارازىلىقىنى ئاشكارىلىغىنىنى بىلمەيمەن. چۈنكى دادام بۇنداق ئاشكارىلاشىنىڭ بىزدىمۇ نارازىلىق ئويغۇتۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. دادامنى ھايات چېغىدا باشقۇرغان، ئۇنىڭ كىشىلىك، تۇرمۇش، مۇۋەپپەقىيەت يولىنى سىزىپ بەرگەن ھەتتا دادامنىڭ ياتىدىغان گۆرىگە قەدەر تەپسىلى باش قاتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرغان پارتىيەنى، ھۆكۈمەتنى ئۇنىڭ ئۆلمىدىمۇ، قىرىق نەزرىسىدىمۇ كۆرۈپ باقمىدىم. بەلكىم، مەن كۆرمىگەن بىلەن ھۆكۈمەت ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغاندۇ.

# باللار ئۆينىغانغا بۇزۇلۇپ كېتەمدۇ؟

ئامېرىكىنىڭ باشلانغۇچ ۋە يەسلى مائارىپىدا ھەممە نەرسىنىڭ ئويۇن تەرىقىسىدە باللارنى قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق ئۆگىتىلىدىغانلىقى ئاتا-ئانىلارنى ھەيران قالدۇردى. بۇنىڭغا مىسال سۈپىتىدە ئامېرىكىدىكى باللار كۇتۇپخانىسىدا كىتاپتىن باشقا ئويۇنچۇقلارنىڭمۇ تېزىلغان بولۇشىنى سۆھبەتداشلىرىم قوبۇل قىلالمىدى. ئۇلارچە كۇتۇپخانىلاردا ئويۇنچۇق بولسا باللار دىققىتىنى يىغىپ كىتاپ ئوقۇمايدىكەن. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە كىتاپ ئوقۇش بىلەن ئويناش پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى ئۇقۇمكەن. ئۇلارغا باللارنىڭ 13 ياشلارغىچە نېمىنىڭ زۆرۈرىيەت، مەجبۇرىيەت ۋە موھىملىق ئىكەنلىكىنى ھەقىقى ئاڭقىرالمايدىغانلىقىنى، بۇ مەزگىلدە باللارنىڭ ھەممە نەرسىنى قىزىقارلىق تۇيۇلغاچقا، ئوينىيالىغاچقا، سەزگۇ ئەزالىرىنى ئىشلىتەلىگەچكە ئاسانلا ئۆگىنەلەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم. مەن غىدىقلىيالىغاچقا ئۆگىنىشكە كىرىشەلەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم. مەن

ئۇنداق دېگەن بىلەن مەكتەپتە قورقۇتۇش، ئالداش، مەجبۇرلاش ئارقىلىق ئۆگىتىش ئاساس قىلىنغاچقا ئاتا-ئانىلارمۇ شۇنىڭغا ماسلىشىپ قالغاندەك قىلىدۇ. ئۆگىتىشتە بالىنىڭ قىزىقىشىنى، ئارزۇسىنى، مىجەزىنى ئاساس قىلىش دېگەندەك گەپلەر پەقەت دېيىلگەن يەردىلا قالىدىكەن. باللارغا ئوينۇتۇش ئارقىلىقمۇ ئۆگەتكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى تەشەببۇسلار تازا قوللاشقا ئېرىشەلمەيدىكەن.

بىزنىڭ كۆرسىتىشىمىزچە بالىلىرىنى ئەركىن ئويناشقا قويۇپ بەرگەنلەر «بالىمىز شەنبە يەكشەنبە كۈنلىرى ئويناپ، بىكارچىلىقتىن بۇزۇلۇپ كېتىدىكەن، شۇڭا سىلىدىن بىرنەرسە ئۆگەنسۇن» دېگەنلەرنى دائىم تەكرارلايدۇ. باللار ئوينىسا

بۇزۇلامدۇ، نېمە ئوينىسا بەكرەك بۇزۇلىدۇ، ئۇنداقتا بالىلار نېمە ئويناش كېرەك ياكى پەقەت ئوينىماسلىقى كېرەكمۇ دېگەنلەر توغرىدا ئېنىق چۈشەنچە ئازكەن.
ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ ئويۇنىدىن زېرىكىشىدىكى سەۋەپ بىرى مەھەللىدە بالىلارنىڭ ئوينىشىغا ماس يەر ۋە ئەسلىھە، جەمئىيەتتە بالىلارنىڭ ئويۇنلىرىنى يېتەكلەيدىغان ئورگان بولمىغانلىقى بولسا كېرەك. يەنە بىرى يەسلىدىن تارتىپ مەكتەپلەرگىچە بالىلارغا نېمە ئۆگىنىش توغرىلىق توختىماي بېسىم قىلىپ ۋەز ئېيتقان بىلەن قانداق ئۆگىنىش، قانداق ئويناش ھەققىدە تەلىم بەرمىگەچكە بالىلار ئاتا ئانىلارنى رازى قىلىدىغان، ساغلام ئويۇنلارنى ئوينىيالمايۋاتقانلىقىدىن بولسا كېرەك. كىشىلەرنىڭ «بالىلار بىكارچىلىقتا، ئويناپ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ» دەپ قارىشىدا ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىن نۇسقا ئالغان چوڭلارغا خاس تەجرىبىسىمۇ رول ئويناۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.
بىر كۈنى مەھەللىمىزدىكى بوۋايلاردىن بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ھورۇن بولغاچقا بىكارچىلىقتىن بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا مۇنداق بىر «پاكىت» كەلتۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ناھىيىمىزنىڭ گۇۋاڭدوڭلۇق شۇجىسى ئامېرىكىدا ئوقۇغانمىش. دۇنيانىڭ جىق يەرلىرىنى كەزگەنمىش. ئامېرىكىدا كوچىلاردا بىكار ئادەملەر يوقمىش. شۇڭا ئامېرىكا تەرەققىي قىلغانمىش. بۇ سېكرېتار ناھىيىمىزگە كەلگەندىن كېيىن شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى كوچىلارغا چىقىۋالغان «بىكارچى» ئۇيغۇرلارنى كۆرۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىي قىلماسلىق سەۋەبىنى تاپقانمىش ۋە «مەن كۆرگەن مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئەڭ ھورۇنكەن» دېگەنمىش. شۇنىڭ بىلەن شەنبە يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ دەم ئالماسلىق ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەنمىش.
مەن ئۇ گەپلەرنى دېگۈچىگە ھەيران قالمىدىم. مېنىڭ ھەيرانلىقىم ئاشۇ گەپلەرگە ئىشىنىپ «زادى، بىزدەك ھورۇن خەق يوق» دەپ بېشىنى ئىغاڭلىتىۋاتقان بوۋايلارغا تۇتتى. ئۇلارغا باشقا گەپ قىلمىدىم، پەقەت «ئىللەتلىك ئۇيغۇر ئەپسانىسى ئامېرىكىدا» دېگەن يازمامدىكى «مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى سەھەرچى مىللەت» دېگەن مەزمۇننى سۆزلەپ بەردىم. قىزىق يېرى ئۇلار گېپىمنى «زادى بىزدەك ئىشچان مىللەت يوق» دەپ تەستىقلاشتى. ئۇلار گۇۋاڭدوڭلۇق شۇجىنىڭ ئامېرىكىدا ئوقۇغانلىقىغا، ئۇيغۇرلار ھەققىدە نوپۇزلۇق باھا بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە مايىل ئىدى.

گۇاڭدوڭلۇق شۇجى ۋە مەن بىلەن سۆھبەتلەشكەن بىر قىسىم ئاتا-ئانىلاردا بىر ئورتاقلىق بار ئىدى. ئىككىلىسى باشقۇرغۇچى، ئىككىلىسى ئوبىكتىنى بىكار قويۇشنى خالىمايدۇ، ئوبىكتىنىڭ بىكارچىلىقىدىن خەۋپسىرەيدۇ، ئىككىلىسى ئوبىكتىنىڭ ئۆز ئەركى-خاھىشى بولۇدۇغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئىككىلىسى ئۆزىنى قۇتقازغۇچى، توغرا يولغا باشلىغۇچى دەپ قاراپ ئوبىكتىنى بولسا ھېچ نېمە بىلمەيدىغان، قۇتقازمىسا ئېزىپ كېتىدىغانلار دەپ قارايدۇ، ئىككىلىسى ئوبىكتىنىڭ ھورۇنلۇقىغا ئىشىنىدۇ، ئىككىلىسى باشقۇرۇشتا يا پەنگە ئىشەنمەيدۇ يا قانۇنغا تايانمايدۇ. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاقلىقى قانداق شەكىللەنگەن، كىم كىمگە ئۆگەتكەن بۇ ماڭا نامەلۇم. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىمىز جەمىيەتتە ئېقىۋاتقان كەيپىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. جەمىيەتتە قاتتىق قوللۇق، باستۇرۇش، مەجبۇرى تەربىيە، مۇرەسسەلەشمەسلىك، قارشى تەرەپنى ھەمكارلىق، سۆھبەت ئوبىكتى ئەمەس باستۇرۇش، قارشىلىق ئوبىكتى دەپ تونۇش ئاساسلىق كەيپىياتقا ئايلانغان بولسا بىزمۇ شۇ ئۇسۇلدا ئۆزىمىزگە باشقىلارغا ۋە بالىمىزغا مۇئامىلە قىلىمىز. بىز قانچىلىك بېسىمغا ئۇچرىساق ۋە بېسىمنى قوبۇل قىلساق بالىمىزغا شۇنچىلىك بېسىم چۈشۈرىمىز ۋە قوبۇل قىلدۇرىمىز. جەمىيەتتە كىملەر نوپۇزغا ۋەكىللىك قىلسا شۇلارنىڭ گېپى چاك باسىدىغان، ئىشەنچلىك بولۇدۇغان، يوللۇق تۇيۇلۇدۇغان گەپ. «باللار ئوينىسا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ» دېگەنلىك، قاتتىق قوللۇق ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، دېگەن ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ بىزنىڭ پەرزەنت تەربىيىمىزدىكى ئىنكاسى ئىكەنلىكى يۇقارقى بايانلاردىن مەلۇم.

# ئۇيغۇردا كەمسىتىش ۋە كەمسىنىش

كەمسىنىش ئىنساننىڭ ئۈمىدسىز، ئىشەنچسىز كەيپىياتتا تۇرۇپ ئۆزىگە بەرگەن پاسسىپ باھاسى بولۇپ ئۇ ئەقلىي ۋە ئوبىكتىپ تەھلىل ئاساسىغا قۇرۇلمىغان بولىدۇ. كەمسىتىش بولسا بىراۋلارنىڭ ئۆزى قادىر بولغان ياكى شۇنداق دەپ قارىغان كۈچ، ئىمكانىيەت ۋە شارائىتىنىڭ تۈرتكىسىدە مەزكۇر ئەۋزەللىكلەردىن مەھرۇم قالغان ياكى شۇنداق دەپ قارالغان باشقىلار ئۈستىدىن چىقارغان سەلبىي ھۆكۈملىرىگە قارىتىلغان. ئىنساندىكى كەمسىنىش ۋە كەمسىتىش تۇيغۇلىرى پىسخىك بىنورماللىقنىڭ ئىپادىلىرىدۇر. مەيلى كەمسىنىش بولسۇن ياكى كەمسىتىش بولسۇن ھەر ئىككىلىسى ساغلام جەمئىيەتتە ياشاۋاتقانلار ئۈچۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق ئەخلاق مىزانلىرى تەرىپىدىن رەت قىلىنىدىغان خۇيلار سانىلىدۇ. ۋەھالەنكى، ئەتراپىمنى كۆزەتكىنىمدە بۇنداق كەمسىتىش ۋە كەمسىنىشلەرنى ھەر ۋاقىت ئۇچرىتىپ تۇرىمەن. مەنچە كەمسىتىش ۋە كەمسىنىش ئۇيغۇرلاردا ئورتاق كەيپىياتقا ئايلانغىلى تۇرغاندەك قىلىدۇ. مەسىلەن، مېنىڭ نەزىرىمدە ئۆز مىللىتىگە بولغان مۇھەببەت تەبىئىي تۇيغۇ، ئەمما ئەتراپىمدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بۇ ئىنسانىي تۇيغۇنى ئۆزگە مىللەتلەرنى كەمسىتىش بەدىلىگە ئىپادىلەشلىرى مېنى ھەيران قالدۇرۇدۇ. يەنە مىسال، ئىنساننىڭ ئۆز مىللىتىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشى تەقدىرلەشكە سازاۋەر، ئەمما بەزى كىشىلەردە بۇ ئۆز مىللىتىدىن كەمسىنىش شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق كەمسىنگۈچىلەر جەمئىيەتتە پەيدا بولۇۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ مۇرەككەپ سەۋەبلىرىنى بايقىيالمايدۇ، ئۇلار «ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭ شورى، زادى بىز خەق ئەسكى، ھەممە ئىش ئۆزىمىزدىن چىقىۋاتىدۇ، ئىش چىقىرىدىغانمۇ، چاقىدىغانمۇ، باسىدىغانمۇ ئۆزىمىز، ئەجەپ ناچار مىللەتكەنمىز» دەپ قارايدۇ. مەن مىللەتكە بولغان مۇھەببەتنى، كۆڭۈل بۆلۈشنى بىر بولسا باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتىش يەنە بىر بىر بولسا مىللىتىدىن كەمسىنىش بەدىلىگە ئىپادىلەشنى ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي ۋە

پىسخىك بىنورماللىق دەپ قارايمەن. تۆۋەندە يازىدىغانلىرىم مەن يولۇقتۇرغان ئۇيغۇرنى كەمستىش ۋە ئۇيغۇردىن كەمسىنىش ھەققىدە بولۇدۇ.

بۇ يازمام ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلگەن بولۇپ بىرىنجى بۆلەكتە ئۇيغۇردىكى مىللەتنى كەمستىش ۋە مىللەتتىن كەمسىنىش كەيپىياتىنى كۆزەتكەنلىرىم ئاساسىدا بايان قىلىمەن. ئىككىنجى بۆلەكتە بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىمەن. يازمىدا جاۋاپ تېپىلىدىغان سوئاللار: كەمسىنىش ۋە كەمستىش قانداق ئىپادىلىنىۋاتىدۇ؟ كەمستىش ۋە كەمسىنىشنىڭ سەۋەبى نېمە؟ كەمستكۈچى كىملەر كەمسىنگۈچىلەرچۇ؟

## ئۇيغۇردا كەمستىش ۋە كەمسىنىش

مەن كۈزەتكەن ئۇيغۇرنى كەمستىش ئەھۋاللىرى خىلىلا چېلىقارلىق بولۇپ بۇنىڭدا كەمستكۈچىلەر ئۇيغۇر ھەققىدە خۇددى بىر يات تايىپە ھەققىدە سۆزلەۋاتقاندەك بايان قىلىشىدۇ. ئەڭ ئېچىنارلىقى ئاڭلىغۇچىلاردىن بۇنىڭغا ئۆكتە قوپىدىغان سادالار ئاڭلانمايدۇ. كەمستكۈچى كەمستىش ئارقىلىق خۇددى بىر يېڭى قانۇنىيەتنى بايقىغاندەك مەغرۇرلۇنىدۇ. ئاڭلىغۇچىلار بىر بولسا ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بىر پاراڭغا شاھىد بولۇۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولۇدۇ، يەنە بىر بولسا ھەسرەتلىك ئۇھسىنىپ دوست تارتىشىدۇ. يۇقارقى ئەھۋاللاردا نارازى بولۇدىغان، مۇنازىرىلىشىدىغان، پاكىتلارنىڭ چىنلىقىغا گۇمان قىلىدىغان ئاڭلىغۇچى ئىنتايىن ئاز چىقىدۇ ياكى جىق چىقمايدۇ. مەنچە ئۇيغۇرنى كەمستىش تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەنمەكتە.

## ئۇيغۇرلۇق= قالاقلىق+ئىقتىدارسىزلىق

2012- يىلىنىڭ باھار ئايلىرىدا غايىلىك بىر دوستىمىز قەشقەردىكى ئىقتىدارلىق ۋە ئىرادىلىك سانىلىدىغان ياشلارنى يىغىپ دىدار مۇلاقەتتە بولدى. سورۇندا بىر دوستىمىز ئۆزى ۋاكالەتچىلىك قىلىۋاتقان شىركەت مەسئۇللىرىنىڭ نەقەدەر تەدبىرسىزلىكى، ئىقتىدارسىزلىقى ھەققىدە توختىلىپ ئۇلارنى «ئۇيغۇرچە تىجارەت قىلىدۇ» دەپ قالدى. ھەمدە بۇ

شىركەتنىڭ بۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيىتىنى خەنچە ئوقۇغان بىر مۇئاۋىن دىرېكتورغا باغلاپ، «چۈنكى ئۇ دېگەن خەنسۇچە ئىش قىلىدۇ» دەپ تەرىپلىدى. ئارىدا گەپتىن گەپ چىقىپ «قەشقەردە يۈزدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئادۋوكات بار، قاملاشتۇرۇپ توختام يازالايدىغاندىن بىرسى چىقىدۇ يا چىقمايدۇ. خەنسۇلاردا نەچچە مىڭ يىللىق توختام ئەنئەنىسى بار، شۇڭا خەنسۇلار توختامغا پۇختا. ئۇيغۇرلاردا توختاملىشىش دېگەن چۈشەنچە يوق...» دەپ قالدى. يىغىلىش ئاخىرىدا ھېلىقى غايىلىك دوستىمىز كىملەرنىڭ ئۆزى بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى سورىغىنىدا مەزكۇر ۋاكالەتچى بۇرادەر «مەن ھەمكارلىشىشنى خالايمەن، لېكىن ئىشنى ئۇيغۇرچە قىلمايمەن، رەسمىي توختاملىشىپ قىلىدىغان ئىش بولسا مەن تەييار» دەپ گېپىنى تۈگەتتى. مەن بۇ سۆھبەتتە ئىككى نوقتىغا دىققەت قىلدىم، بىرى ئۇنىڭ باشتىن ئاخىر قالاقلىق سانىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىنى «ئۇيغۇرچە» دەپ ئىپادىلەشلىرى، يەنە بىرى ئۇنىڭ ئۇيغۇرلۇقنى قالاقلىق دەپ تەبىرلەشلىرىگە سورۇندىكى مۇنەۋۋەرلەردىن ھېچ كىمنىڭ ئېتىراز بىلدۈرمەسلىكى.

2012-يىلى رامازاننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بىر ئاكا ئاغىنىمىز بىلەن تاماقتا بىرگە بولدۇق. ئۇزاق ئۆتمەي داستىخانغا ئۇ ئاكىمىزنىڭ ئىچكىرىدە ئوقۇغان، چوڭ بىر دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان ئىنىسىمۇ داخىل بولدى. مەن ئۇيغۇر جەمىيىتىدىكى بىر قىسىملاردا باش كۆتۈرگەن ئىلىم، ئەمەل ۋە تىجارەت سورۇنىدا ھېچ قانداق پىرىنسىپنى كېرەك قىلماي كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتىنىلا ئويلايدىغان، دائىم ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكىنى ئەلا بىلىپ ياشايدىغان پىسخىكا ھەققىدە توختالدىم ۋە «بىزنىڭ بەزەن كىشىلىرىمىز كۆز ئالدىدىكى رىياللىقنى مەڭگۈلۈك دەپ تونۇۋېلىۋاتىدۇ. كىشىلەرنىڭ بولۇپمۇ ئىلىمدار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ تەھلىل، باھا ۋە ھۆكۈملىرى رىياللىقنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن زاماندارلىق، مەنپەئەتدارلىق يولىغا چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ» دەپتىمەن. ھېلىقى دوختۇر، «ئادەتتە قالاق، ئىپتىدايى مىللەتلەر شۇنداق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇكەممەل تارىخى بولمىغاچقا كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنىلا بىلىدۇ، ھەم شۇنى بىردىنبىر ھەقىقەت دەپ تونۇيدۇ» دەپ قالدى. ئۇنىڭ گېپىچە ئۇيغۇر «قالاق، ئىپتىدائىي مىللەت» بولۇپ قالغانىدى.

2011-يىلى تومۇزدىن كېيىن تولۇق ئوتتۇرىدىكى بىر ئوقۇتقۇچى بىلەن شىركىلىشىپ تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ ئىشلىرىنى باشلىدۇق. ئەسلىدىكى سىنىپلىرىمىزنى قايتا ئۆزگەرتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇپ، بۇ ئىشقا قايسى شىركەتنى تەكلىپ قىلىشتا تارتىنىشما بولدى. مەن ئۇيغۇر شىركەتلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ باقماقچى بولدۇم، شىرىكىم «ئۇيغۇر باللار بۇنداق ئىشلارنى قىلالمايدۇ. بۇ ئىشلارنى ئەزەلدىن خەنسۇ شىركەتلىرى قىلىپ كەلگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزى يەتمەيدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى. مېنىڭ نەزىرىمدە سىنىپلارنى ساختىتا تامدا توسىدىغان ئاددىي ئىشنى خەنسۇنىڭ قىلىپ ئۇيغۇرنىڭ قىلالماسلىق مەسىلىسى مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قانچە خەنسۇ شىركەت بىلەن دېيىشتۇق. ئۇلار ھەممە چىقىم بولۇپ ئەڭ ئاز بولغاندا 56 مىڭ سومغا پۈتكۈزۈپ بېرىدىغان بولدى. بىر ئۇيغۇر بالىنى باشلاپ كېلىۋېدىم 50 مىڭ سومغا توسىدىغان بولدى. نەتىجىدە ئىشنى ئۇيغۇر باللارغا بەردۇق. ھۈنەرۋەن كىشى شاگىرتلىرى بىلەن ئۈچ كۈن ئىچىدە پۈتكۈزۈپ بەردى. بىز دەرىزە قويۇشنىلا ئويلۇشۇپ ھاۋادان قويۇشنى بىلمەي ئويلاشمىغانىكەنمىز، خەنسۇ بېزەكچىلەرمۇ ئۇ تەكلىپنى بەرمىگەنىدى. ئۇيغۇر باللار سىنىپنى ئۆزى لايىھەلەپ ئۇيغۇرنىڭ ئۆيلىرىدەك ھاۋادانلىق قىلىپ بىر چىرايلىق پۈتكۈزۈپ بەردى. بۇنى كۆرگەن شىرىكىم «ئۇيغۇرلارمۇ قىلالايدىكەن، قايسى خەنسۇدىن ئۆگەنگەن بولغىيدى؟» دەپ ئىڭەك تاتىلاپ قالدى.

ئۇيغۇرلۇق=مەينەتلىك+شەھۋانىيلىق

ئابدۇكېرەم ئابلىزنىڭ 2012-يىللىق ئىتوت كېچىلىكىدە ئىككى ئۇيغۇرنىڭ مېھمانخانىدا قىلغان ئەخمىقانە قىلىقلىرى كۈلكە قىلىنىپ ئىشلەنگەن بىر ئىتوت سەھنىگە ئېلىپ چىقىلدى. ئىتوتتا ئىككى ئۇيغۇر مېھمانخانىنىڭ قىممەتلىكىدىن زارلىنىپ ئەسلەھەلەردىن ئۆچىنى ئالماقچى بولۇشىدۇ. ئۇلار سۇخانىدىكى ئوچاقتا تاماكا قالدۇقى، قەغەز تىقىپ قويۇش، تەرەتنى چۈشۈرمەي ياتاقنى پۇرىتىۋېتىش... قاتارلىقلارنى مەسلەھەتلىشىدۇ.

ئۇلارنىڭ مەقسىدى ياتاقنى «مىللىي پۇراققا تولدۇرۇۋېتىش» بولدۇ. مېنىڭ ھەيران قالغىنىم سېسىق پۇراق قانداق بولۇپ مىللىي پۇراق بولۇپ قالدى؟ بۇ قاراپ تۇرۇپ ئۇيغۇرنى مەينەت دېگەنلىك بولماي نېمە؟ بۇ گەپنى ئاڭلىغان تاماشىبىنلارنىڭ چاۋاك چېلىپ كېتىشلىرى بۇ باھاغا قوشۇلغانلىقمۇ، ياكى بىپەرۋالىقتىنمۇ؟

ئادىل مىجىتنىڭ قاچانلاردىدۇر ئوينىغان بىر ئېتوتى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئېتوتتا بىر تۇل ئەر بىلەن يەنە بىر تۇل ئايالنىڭ تونۇشتۇرۇلۇغاندىن كېيىنكى كۆرۈشۈش جەريانى سەھنىگە ئېلىپ چىقىلغان. تۇل ئەر تۇل ئايالدىن ئۇنىڭ مۇھەببەتلىشىش تارىخىنى سورايدۇ. ئايال ئۆزىنىڭ مۇھەببەتلەشكەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن تۇل ئەر «مۇھەببەتلەشسە باشقا ئىش بولماي قالامدىكەن، مەن بىز خەقنى ئوبدان بىلىمەن» دەپ قايناپ كېتىدۇ. بۇ يەردە دېمەكچى بولغان گەپ «بىز خەق دېگەن شەھۋانى...» دېگەن كەمسىنگەن يەكۈندىن ئىبارەت.

ئەسلى بىر مىللەتنىڭ شەھۋانىيەتكە مايىل دېيىلىشى ھار ئېلىنىشقا تېگىشلىك ئىش. مەن ئاڭلىغان سۆزلەندىلەردە باشقا مىللەت تەرىپىدىن ئۇيغۇرلۇق شەھۋانىيلىققا باغلىنىپ تەسۋىرلەنسە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پەخىرلەنگەندەك ھاللاردا بولۇشى مېنى تاڭ قالدۇردۇ. ئادەتتە ئامېرىكىدا ئاق تەنلىكلەرگە قارا تەنلىكلەر، فرانسىيەدە فرانسۇزلارغا شىمالى ئافرىقا كۆچمەنلىرى، ئەنگلىيەلىكلەرگە ئەرەبلەر، گېرمانىيىلىكلەرگە تۈركلەر «جىنسىيىتى كۈچلۈك» كىشىلەردەك بىلىنىدۇ. بۇنىڭدا مۇستەملىكە قىلغۇچى مىللەتنىڭ مۇستەملىكە قىلىنغۇچى مىللەتكە بولغان ئاممۇۋي باھاسى ئەكس ئېتىدۇ. ئۇيغۇرنى شەھۋانى دەپ كەمسىتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك خەلق ئارىسىغا تارقالغان، ھەممە كىشى دېگۈدەك بىلىدىغان مۇنداق بىر سۆزلەندى بار، «ئىككى خەنسۇ بىر يەرگە كەلسە قورساقنىڭ گېپى، ئىككى ئۇيغۇر بىر يەرگە كەلسە ...نىڭ گېپى». بۇنىدىن باشقا نەسىردىن ئەپەندى ھەققىدە يېزىلغان ئەختەم ئۆمەرنىڭ كىتاپىدا «ئىككى پۇتىدىن تۇتقانلىرىغا قارىغاندا ئۇيغۇر ئوخشىمامدىلا» دېگەن بىر يۇمۇر كىرگۈزۈلۈپتۇ. بۇلاردا دېيىلمەكچى بولغىنى ئۇيغۇر دېگەنلىك شەھۋانى دېگەنلىكتۇر. بۇنداق كەمسىتىشنىڭ سەھنىلەرگە چىقىشى، خەلق ماقاللىرىدەك تارقىلىشى،

كىتاب بولۇپ نەشىر قىلىنىشى ئۇيغۇرنى ئىنسانىنىڭ ھايۋانى تەبىئىتىگە يېقىن قىلىپ تەبىرلەپ كەمسىتىشىنىڭ ئومۇملاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ئۇيغۇرنى كەمسىتىشنىڭ يۇقارقىدەك قالاق، ئىقتىدارسىز، مەينەت...دېگەندەك شەكىللىرى بولغاندىن سىرت، نادان، قورقۇنچاق، زوراۋان، قوپال، خۇراپىي، مۇتىئەسسىپ...قاتارلىق ئىپادىلىرىمۇ مەۋجۇد. يازمىنىڭ سەھىپە ئىتىبارى بىلەن ھەر بىرىگە ئايرىم مىسال ئالمىدۇق.

ئۇيغۇردىن كەمسىنىشنىڭ ئىپادىسى بەلكىم كۆپتۇر ئەمما مەن ئۇچراتقان كەمسىنىشلەر ئىچىدە ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇقىنى ئېتىراپ قىلماسلىق، ئۆزىنى چەتئەللىك دەۋېلىش ئەڭ گەۋدىلىكلىرىدىندۇر.

ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش

2011-يىلى تومۇزنىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەردىكى بىردىنبىر ئالى مەكتەپكە بارغىنىمدا قەشقەرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ قۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. ماڭا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگۈچى بۇ ئورۇنغا مەسئۇللۇققا تەيىنلىنىش ئالدىدا ئىكەن. ئۇ پاراڭ قىلىپ ئولتۇرۇپ «مېنى باش مۇدىر قىلىدىغان ئوخشايدۇ، بىرەر خەنسۇنى باش مۇدىر قىلسا، مەن مۇئاۋىن بولۇپ ئىشلىسەم بولاتتى. خىيىم خەتىرى چىقىپ قالسا خەنسۇ ئىگە بولسا ياخشىراق، ئۇيغۇر دېگەننىڭ بىر ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىمىقى تەس» دەپ قالدى.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىقتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. بىر قېتىم مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىدا ئىشلەيدىغان بىر خانىم بىلەن دۆلەتلىك ئېنگىلىز تىلى ئالتىنچى دەرىجىلىكلەر ئىمتىھانىغا كامسىيە بولۇپ قالدۇق. ئىمتىھان قەغىزىنى تارقىتاي دەپ تۇرسام «ئۇكام ئىككىلىمىز ئۇيغۇركەنمىز بىر چاتاق چىقىپ قالارمۇ، بىرەر خەنسۇنى قوشۇپ ئورۇنلاشتۇرغان بولسا خاتىرجەم بولماسمىدۇق! بىز ئۇيغۇرلار ھەرقانچە قىلساقمۇ خەنسۇلاردەك ئەستايىدىل ئەمەس. بىر ئىش چىقىپ قالسا ھۆددىسىدىن چىقالماسمىزمىكىن» دەپ قالدى. ئىمتىھانمۇ تۈگىدى، چاتاقمۇ

چىقمىدى. خوشلىشىدىغان چاغدا «ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىل نازارەت قىلالايدىغانلىقىغا ئەمدى ئىشەندىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدۇم... ھادىسىلەردىن ئەقلىي خۇلاسە چىقارغىدەك بولغان چاغلىرىمدىن باشلاپ ھېساپلىسام مېنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئوقۇغان، ئىشلىگەن ۋاقتىم ئۇزۇن ئەمەس، لېكىن ماڭا تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغىنى ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىنى خەنسۇلاردىن تۆۋەن كۆرۈشلىرى، كەمسىنىشلىرى بولدى.

بېيجىڭدا ئوقۇغان ۋە لەنجۇدا ئىشلىگەن چاغلىرىمدا پويىزدا دائىم ئۇيغۇرلار ئۇچراپ قالاتتى. ماڭا ئەڭ تەئەججۈپلۈك تۇيۇلغىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بولۇپمۇ ئۇيغۇر قىزلارنىڭ ئۆزىنى ئۇيغۇر ئەمەس دەپ تونۇۋېلىشلىرى ئىدى. بىر قېتىم پويىزدا بىر ستۇدېنت قىزدىن يەنە بىر ئۇيغۇر كىشى «سىز ئۇيغۇرمۇ» دەپ سورىۋېدى ھېلىقى قىز «ياق، ياق مەن خەنسۇ» دەپ تونۇۋالدى. ئۇيغۇر كىشى چىشلىرى ئارىسىدىن چىقىرىپ «ئۇيغۇر بولمىساڭ، ئۇيغۇرچىنى چۈشەنمىسەڭ، مېنىڭ نېمە دەپ سورىغىنىمنى نەدىن بىلدىڭ؟» دەپ قويۇپ كېتىپ قالغانىدى. ئۆزىنى ئۇيغۇر دېمەيدىغانلارنى ئامېرىكىدىمۇ كۆردۈم. ئۈرۈمچىدە چوڭ بولغان بىر ئۇيغۇر قىزى مەن ئوقۇغان مەكتەپكە ئوقۇشقا كېلىپ يېرىم يىلغىچە ئۆزىنى تۈرك دەپ يۈرۈپتۇ. مەكتەپتىكى يالغۇز ئۇيغۇر بىلەنمۇ ئۇچراشماپتۇ. ئاخىرى ئۇيغۇر بولۇشنى خالىمىغاچ تۈركلەر ئارىسىدىمۇ ئىتىراپقا ئېرىشەلمەي خەنسۇلار كۆپ نيۇيورك شەھىرىگە كېتىپ قاپتۇ. تەبىئىيكى، بۇنداق ئۇيغۇرلۇقنى ئىتىراپ قىلماسلىقنىڭ كەينىگە ئۇيغۇرلۇق سالاھىيەت ۋە كىملىكتىن كەمسىنىش، ئەنسىرەش، خۇدۇكسىرەش يوشۇرۇنغان.

ئۇيغۇردا ئومۇملاشقان كەمسىنىشلەر يەنە: ئىتىپاقسىزلىق، ھورۇنلۇق، بېكىنمىچىلىك، تەرەققىيسىزلىك، تەرتىپسىزلىك... قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى ئۇيغۇرنىڭ ۋۇجۇدىدىنلا كۆرۈپ ئۇھسىنىش بىلەنمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

كەمسىتىش ۋە كەمسىنىشنىڭ سەۋەبى

كۆزەتكەنلىرىمگە ئاساسلانغاندا ئۇيغۇرنى كەمسىتىش قىسمەن دىن ۋە پەن ئوقۇغانلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان. مەكتەپ مائارىپىدا پەن ئوقۇپ كادىر بولغان بەزى ئۇيغۇر زىيالىلىرى ئۆزىدەك ھۆكۈمەت دەپتىرىگە ئۆتمىگەن،

تۆرلۈك ئەۋزەل سىياسىي ئورۇن، ئىقتىسادىي ئەۋزەللىكلەردىن مەھرۇم ئاۋام ئۇيغۇرنى نامرات، قالاق، نادان، زوراۋان، قوپال، مۇتەئەسسىپ، خۇراپىي...دەپ كەمسىتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە يازغۇچىلارنىڭ كەمسىتىشلىرى بىر قەدەر سېستىمىلىق، قايىل قىلارلىق بولۇپ كەڭرى تارقىلىش پۇرسىتىگە ئىگە. مەسىلەن، «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام»، «ئۆزىمىزنى ئىتىراپ قىلايلى»، «ئۇيغۇرلاردىكى پىسخىك ئاجىزلىقلار»... قاتارلىق ئەسەرلەر ۋە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژورنىلىدا ئون نەچچە يىل ئېلان قىلىنغان ئىللەتچىلىك ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئەسەرلەر. بۇنداق يازارمەن زىيالىلار مىللەتنى كەمسىتىشنىڭ ئەدەبىي ئەسەر، ئىلمىي ماقالە، رادىيو-تېلېۋىزور سۆھبىتى... قاتارلىق تۆرلۈك ۋاستىلىرىغا ئىگە. يۇرتىمىز ۋە چەتئەللەردە دىن ئوقۇغان گاھى زىيالىلار ئۆزىدىكى دىنىي بىلىم ئەۋزەللىكى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىدىكى ئىمتىيازنى مەنىۋىي دەستەك قىلىپ ئۇيغۇر مۇسۇلمان ئاۋامنى كەمسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەرەپ، نەزىر ۋە خەتمە قۇرئان (قۇرئان تۈگەللىمە) قاتارلىق سورۇنلىرى بار. ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئۇيغۇر ئۆرپ ئادەتلىرىنى بىدئەتكە چىقىرىش، مەۋجۇد دىنىي يوسۇنلارنى ئىسلاھ قىلىشتۇر. مەسىلەن، 80-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان دوپپىسىز ناماز ئوقۇش تەرغىباتى، ئامىننى ۋارقىراپ دېيىش تەلىماتى، تاراۋى نامىزىنى سەككىز رەكەت ئوقۇش تەشۋىقاتى... قاتارلىق ھېچ بىر ئەمەلىي ئەھمىيىتى ۋە تەخىرسىز زۆرۈرىيىتى يوق مەسىلىلەردىن ئىبارەت.

كوممۇنىستىك مائارىپتا تەربىيەلەنگەن قىسمەن زىيالىلارنىڭ مىللەتنى كەمسىتىشىنىڭ سەۋەبى مەنچە ئاۋۋال ئۇلارنىڭ مائاشلىق بولۇپ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئورنىنىڭ ئەتراپىدىكى ئاۋام ئۇيغۇردىن زىيادە پەرقلەنگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. جۇڭگۇدەك نەچچە مىڭ يىل ماددىي ئېھتىياج بارلىق ئېھتىياجنىڭ ئاساسى بولغان جەمئىيەتتە ئىقتىسادلىقلارنىڭ كەمبەغەللەرنى كەمسىتىشى ھەيران قالارلىق مەسىلە ئەمەس. دىيارىمىزدا كومپارتىيە بايلارنى باپلاپ كەمبەغەللەرنىڭ سانىنى

كۆپەيتكەندەك قىلغان بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يېڭى بىر سىنىپ بولغان مائاشلىقلار تەبىقىسىنى شەكىللەندۈردى. ئۇيغۇردىكى بۇ تەبىقە ئىشقا ئورۇنلۇشۇش، داۋالىنىش، بېقىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە بۇ تەبىقىگە مەنسۇپ بولمىغانلار ئېرىشەلمەيدىغان ئىمتىيازلارغا ئىگە بولغاچقا ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى تەبىئىي. بۇنداق ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسىنىڭ ئىپادىسى كەمسىتىشتۇر.

1930-يىللاردا شىڭشىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەمكارلىشىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى سوۋېتچە قېلىپقا چۈشۈشكە باشلىغان. ئۇيغۇرلار ئىچىدە سوۋېتنىڭ كوممۇنىستىك مائارىپىدا تەربىيەلەنگەنلەر 50 -يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە پۈتۈنلەي يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتكەن. ئۇيغۇرلار ئۆز يۇرتىدىكى سوۋېتپەرەس مائارىپتا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئوقۇش، تەبىيىلىنىش نەتىجىسىدە روس مەدەنىيىتى ۋە روس مەدەنىيىتى ئارقىلىق دۇنيا يېڭىلىقلىرىدىن بەھرىمەن بولغان. بۇ ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىدە ئۆزگۈرۈش ھاسىل قىلىپ ئۇلاردا ئۆزىنى يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى بىلىم ۋە يېڭى ئاڭ بىلەن قوراللانغان يېڭى بىر ئەۋلاد دەپ سانايدىغان خاھىشنى پەيدا قىلىپ قويغان. نەتىجىدە ئوقۇغان كىتاب، كۆرگەن كىنو بىلەن تۇيۇپتىن ئوخشىمايدىغان ئاۋام ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى ئۇلارغا قەدىمىيلىقتەك، تەرەققىياتسىزلىقتەك، قالاقلىقتەك كۆرۈنگەن. ئانامنىڭ ئېيتىشىچە 50-يىللاردا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا تانسا ئۆگىتىلگەنىكەن. مەكتەپتە پات-پات تانسا ئويۇشتۇرۇلۇپ تۇراتتىكەن. شۇ چاغلادا ئوقۇپ كادىر بولغان بىر تۇغقىنىمىزنىڭ 84-يىللىرى ئالى مەكتەپتە ئوقۇپ خىزمەتكە چىققان ئوغلى بىلەن بولغۇسى كېلىنىنى بىزگە تانسا ئوينۇتۇپ بەرگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە. يۇرتىمىزدا يېقىنقى يىللارغىچە ئالى مەكتەپتە ئوقۇغاننىڭ بەلگىسى تانسا بىلىش، ھاراق ئىچىش، كىيىمنى ئالا بۇلىماچ، چاچنى غەيرى قويۇشلاردا ئىپادىلەنگەنلىكى ئېسىمدە. ئۇيغۇردا مائارىپنىڭ ئادەمنى يېڭىلىشى ۋە «يېڭىلانغان» ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى ئۆزگۈرۈشنى تەرەققىيات دەپ قاراپ قەۋمىدىكى «كونا»لىقلارنى كەمسىتىشى 30-يىللاردىكى سوۋېتچە مائارىپنىڭ بۈگۈنگىچە داۋاملاشقان ئاسارىتى خالاس. بۈگۈنكى مائارىپتا ئانا

تىلىنىڭ ئورنىغا يات تىلنىڭ دەسسىشى بۇنداق كەمسىتىشلەرنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىدىغانلىقىدەك شۇملۇقنى بۇرنىمىزغا پۇراتماقتا.

كۆزۈتۈشۈمگە ئاساسلانسام، ئۇيغۇر سەرخىللىرى تاكى 90-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە خەنسۇ سەرخىللىرى بىلەن بىۋاستە رىقابەتلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ باقمىغان. ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ زامانىۋى دۇنيانى كۆرۈش پۇرسىتىمۇ كۆپ بولمىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ سودا، يېزائىگىلىك ۋە مۇلازىمەت ساھەسى ئېچكىرى شىركەتلىرىنىڭ كۈچلۈك زەرەتلىشىدىن مۇستەسنا بولغاچقا ئۇيغۇر سەرخىللىرىدىكى تۈرلۈك يېتىشسىزلىكلەر تولۇق ئاشكارىلانمىغان بولۇشى مۇمكىن. ۋاھالەنكى، ئۇيغۇر ۋىلايەتلىرى پىلانلىق ئىگىلىكىنىڭ ئاسارىتىدە تىڭىرقاپ يۈرگەن شارائىتتا خەنسۇ كارخانىلىرى بازار ئىگىلىكىنىڭ مىۋىسىنى تېتىپ باشقۇرۇش، مۇلازىمەت، ئىجادچانلىق قاتارلىق تەرەپلەردە پىشىپ يېتىلىشىنى تاماملاپ بولغان. خەنسۇ شىركەتلىرىنىڭ تۈرلۈك سىياسىي ئەۋزەللىكلەرنىڭ قالقان بولۇشى بىلەن رايونىمىزغا كىرىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر سەرخىللىرى بىلەن خەنسۇ سەرخىللىرىنى بىۋاستە ئۇچراشتۇردى. بۇنداق ئۇچرىشىشتا كىمنىڭ قانداق ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقى كۈندەك ئايدىڭ. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇر سەرخىللىرى خەقنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ قالغان يېتىشسىزلىكلىرىنى ئۇيغۇر مىللىتىدىكى ئاجىزلىق، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى كەمتۈكلۈك، ئۇيغۇرلاردىكى تارىختىن قېلىپ قالغان ئىللەت دەپ بارچە گۇناھنى ئۇيغۇرغا ئارتىپ قويۇشتى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى زامانىۋى دۇنيانى كۆرگەندىن كېيىن زامانىۋى ئەللەردىكى كىشىلەرنىڭ تۈزۈمدىكى زامانىۋىلىق، مائارىپتىكى زامانىۋىلىق، تېخنىكىدىكى زامانىۋىلىق ۋە جامائەت ئەسلىھەلىرىنىڭ مۇكەممەل بولۇشى سەۋەبلىك بىزدىن پەرقلىنىدىغان تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىلغارلىق دەپ قاراپ ئەسەرلەر يېزىپ ئۇيغۇرنى كەمسىتىشتى. ئۇلارنىڭ خۇلاسىسى بويىچە بولسا ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈنكى ھالىغا پەقەت ئۇيغۇرنىڭ ئىللەتلىك مىللەت بولغانلىقىلا سەۋەبچى ئىدى. مەنچە زىيالىيلار

ۋە سەرخىللاردىكى بۇنداق كەمسىتىش ئۆزىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇش پۇرسىتىگە، رىقابەت پۇرسىتىگە ئېرىشكەن كىشىلەرنىڭ ئۆزىدىكى تۈرلۈك روھىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان زەيىپلىكنى مىللەتكە دۆڭگەپ ۋايساش دېيىلسە مۇۋاپىق. بۇ خۇددى زامانىمىزدا پارتىكوم ياكى بىر ئىدارىنىڭ ماشىنىسى پۇتىنى توكۇر قىلىپ قويغان كىشىنىڭ ساق ئادەم بىلەن تەڭ يۈگۈرەلمەي ئاقىۋەتتە «دادامىمۇ توكۇر ئىدى، مەھەللىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئاقساپ مېڭىپ مېنىمۇ ئاقساشقا كۆندۈرۈپ قويدى» دەپ زارلىغىنىغا ئوخشاش ئىش.

خۇلاسە قىلسام، كەمسىتىشنىڭ سەۋەبىنى، ئۇيغۇرلاردا زىيالىلار قوشۇنىنىڭ مۇستەقىل ئىجتىمائىي قاتلام سۈپىتىدە ئەمەس ھاكىمىيەتكە بېقىنىدى، ئىتىبارلىق مۇئاشلىقلار تەبىقىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى، سوۋېتچە ئىدولوگىيەنى تارقىتىشنى مەقسەد قىلغان مائارىپتا تەربىيەلەنگەن ئوقۇمۇشلۇقلارنىڭ ئاتالمىش يېڭىلىقپەرۋەرلىكى، تۈرلۈك ئەۋزەللىكلەرگە ساھىب مىللەت كىشىلىرىنىڭ ھاياتى بىلەن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ خاتا سېلىشتۇرۇلۇشى ۋە ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ ئۆزىدىكى ۋە زامانىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى مىللەتكە دۆڭگەپ نامۇۋاپىق خۇلاسە چىقىرىشى قاتارلىق نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن. كەمسىتكۈچى قاتلام بىلەن كەمسىنگۈچى قاتلام ئوقۇرمەنلەرگە ئېنىق بولدى، ئەلۋەتتە. كەمسىنىشنىڭ سەۋەبىگە كەلسەك كۆرمەك تەس ئەمەسكى، بۇ كەمسىتكۈچىلەرنىڭ «تىرىشچانلىقى» نىڭ نەتىجىسى. كەمسىتكۈچىلەرنىڭ دەرسخانا، مۇنبەر، مەتبۇئات، رادىيو-تېلېۋىزور ۋە تۈرلۈك جامائەت سورۇنلىرىدىكى پىكىر بايان قىلىش پۇرسەتلىرىنى كونترول قىلىشى كەمسىتىشنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ئاممىۋىلاشتۇردى. كەمسىتكۈچىلەرنىڭ ئۇيغۇر بولۇشى كەمسىتىلگۈچىلەردە كۈچلۈك نارازىلىقنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە پۇرسەت بەرمىدى. كەمسىتىشنىڭ مىللەتپەرۋەرلىك، كۆيۈنۈش، ئوپىراتسىيە، داۋالاش، دىئاگونوز، تەتقىقات، ئىجادىيەت قاتارلىق ئىجابىي گەپلەر بىلەن ئاتىلىشى ئاۋام ئۇيغۇرنىڭ كەمسىتىشنى ھەق دەپ قوبۇل قىلىشىغا مەيدان ھازىرلىدى.

ئاۋام ئۇيغۇردىكى كەمسىنىشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى بۇ مىللەتنىڭ

رىياللىقتىكى ناتىۋانلىقىدۇر. بىر ئاكا ئاغىنىمىز بار، قەشقەردە بىر ئەرزىيەت ئورنىدا ئىشلەيدىغان. دېھقانلار ئەرز قىلغىلى كىرىدىكەنيۇ، گېپىنى ئۇقتۇرالمىسىمۇ ئۇتتۇر خەنسۇ خادىمنىڭ ئالدىغا بارىدىكەن. بۇ يالغۇز دېھقاندىكى مەسىلىمۇ ئەمەس. 2005-يىلىمىكىن بىر ماگىستىر قىز ئۈرۈمچىدىن خىزمەت تاپالماي لەنجۇغا ئىش ئىزدەپ كەلدى. مۇدىر ئىشخانىسىدا تېبەت (خەنچىراي) مۇئاۋىن مۇدىر بىلەن ئۇيغۇر مۇئاۋىن مۇدىر ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇراتتى. قاراپ تۇرسام ئۇيغۇر مۇدىرغا مۇنداقلا سالام قىلىپ قويۇپ ئۆزىنىڭ خەنچە سەۋىيە ئىمتىھانىدا 11-دەرىجىدىن ئۆتكەن كىنىشكىسىنى ۋە باشقا تۈرلۈك كىنىشكىلىرىنى كۆرسۈتۈپ سۆزلەپ كەتتى. ئۈرۈمچىدىن يېڭىلا كەلگەن، ئۈرۈمچىدە چوڭ بولغان بۇ ئۇيغۇر قىزى لەنجۇدىكى بۇ مەكتەپتە ئۇيغۇرنىڭ گېپى ئۆتىدىغانلىقىدىن بىخەۋەر بولغاچ ئۆزى خەنسۇ دەپ ئويلاپ قالغان تېبەتكە يېقىنچىلىق قىلىپ ھاللاندى. بىچارە قىز شۇ ئىشتا ئۇيغۇر مۇئاۋىن مۇدىرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەچ خىزمەتكە كىرەلمىدى ۋە ئۈرۈمچىگە قايتىپ دوكتۇرلۇقتا ئوقۇشقا مەجبۇر بولدى. مەنچە ئۇيغۇردىن كەمسىنىشنىڭ بىۋاستە سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ئۇيغۇرنىڭ ھەر ساھە، ھەر سورۇندىكى بىقۇۋۋۇللىقى بولسا كېرەك. ئەگەر مۇشۇنداق ناتىۋانلىق داۋاملاشسا تۈرلۈك ھالەتلەرنىڭ كۆرۈلۈشى تەسەۋۋۇرىمىزدا. بىرى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەرتىبىلىك توپلۇمنىڭ ھەممە ئىشىدا بىر خىسلەت بار دەپ بىلىپ چوقۇنۇش، يەنە بىرى مەزكۇر توپلۇمنىڭ ھەممە نەرسىسىنى رەزىللىكنىڭ، كەمسىتىشلىشنىڭ مەنبەسىدەك كۆرۈپ رەت قىلىش.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى كەمسىنىش ۋە كەمسىتىشنى تەھلىل ۋە بايان قىلغاندا بىز ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدىن مەنبەلەنگەن كەمسىتىشنى تەھلىل قىلدۇق. ئەگەر بۇ تەھلىل بىر ئاجىز ئىجتىمائىي توپ سۈپىتىدە، بىر بېقىندى مەدەنىيەت تۈركۈمىنىڭ ئىگىلىرى سۈپىتىدە، تۈرلۈك ئىمكانىيەتلەردىن چەتلەشتۈرۈلگەن كىشىلەر سۈپىتىدە ياشاۋاتقان قەۋم

ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلگەندە باشقىچە بولۇشى كېرەك. كەمسىتىلىش تەھدىتىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇردىكى كەمسىتكۈچىلەر بىلەن كەمسىنگۈچىلەرنى ئىككى قۇتۇپ قىلىپ ئايرىپ تەھلىل قىلىشنى پۈتۈنلەي توغرا دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. بۇ نوقتىدا كەمسىتكۈچىلەر ئەمەلىيەتتە كەمسىنگۈچىلەرگە سىلىشتۇرغاندا تېخىمۇ بەك كەمسىنگۈچىلەردۇر. كەمسىتىش ۋە كەمسىنىش خۇسۇسىي كەيپىيات سۈپىتىدە دۇنيانىڭ ئىنسان ياشايدىغان ھەممە بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىدا مەۋجۇد. ئەمما ئۇيغۇر جەمىيىتىدە كەمسىتىلىش، كەمسىتىش ۋە كەمسىنىشنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلىنىپ كېتىشى دىققەتنى تارتىشى كېرەك بولغان ھادىسىدۇر. خۇددى بىر ئىنساندىكى كەمسىتىش ۋە كەمسىنىش بىنورمال پسىخىكا سۈپىتىدە داۋالاشقا مۇھتاج بولغاندەك ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلانغان كەمسىتىش ۋە كەمسىنىشلەرمۇ تۈزەشكە، ئىلاجىنى قىلىشقا مۇھتاج.

# مىراس نادامەت، مىراس قىسمەتلەر

مىراس نادامەت

مەن ئابدۇرېھىم ئەخمىدىنىڭ ناخشىلىرىنى ياخشى كۆرىمەن. بولۇپمۇ ئامېرىكىدا بولغان چاغلىرىمدا ئۇنىڭ كۈي، غەزەللىرى دائىملىق ھەمرىيىم بولغانىدى. مەرھۇمنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى، ھەسرەتلىك نىداسى ۋەتەنسىزلىكتىكى يىغانلىرىمغا مەلھەم بولغانىدى. 50- يىللاردا ۋەتەندىن ئايرىلىپ قازاقىستاندا ئىستىقامەتتە بولغان، جۇدالىق ئازابىنى، ھىجران دەردىنى، ۋەتەنسىزلىكنىڭ مۇشەققىتىنى ناخشىلىرىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن بۇ كىشىنىڭ ئاۋازىدىن ئۆزەمدە بىر تۇيغۇ ئورتاقلىقىنى ھېس قىلاتتىم. بۇ غەزەلخانىنىڭ مۇڭلىرىغا قۇلاق سالغانچە ئېچىمگە سىغمايۋاتقان پەرىيادلىرىم بوغۇزۇمغا قاپلىشاتتى. توردىن ئۇيغۇرلارغا ئائىت خەۋەرلەرنى كۆرمەيمەن دەپ ھەر كۈن ئۆزۈمگە ۋەدە قىلاتتىم-يۇ، ھەر كۈنى ۋاقتىم بولسىلا قىلىدىغان ئىشىم ۋەتەنگە ئائىت ماقالە- ئاخباراتلارنى ئاختۇرۇش بىلەن بولاتتى. ئاخباراتلاردىن ئۆزۈم بىلىدىغان ئىنگلىزچە، تۈركچە، ئۇيغۇرچە، خەنسۇچە، ھەتتا چالاپۇلا بىلىدىغان پارىسچەم ئارقىلىق خەۋەردار بولغاندىن كېيىن ئا. ئەخمىدىنىڭ مۇڭلىرىغا جۆر بولغاچ تاپشۇرۇق ئىشلەش، تەتقىقاتىمغا تەييارلىق قىلىش مېنىڭ ئامېرىكىدىكى كۈندىلىك ئادىتىم ئىدى.

ئورىگان ئۇنىۋېرسىتېتىدا يىغىن ۋە لېكسىيەدە بولغان كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى كۈتۈپخانىدا قۇلۇقۇمغا تىڭشىغۇچ تاقاپ ئابدۇرېھىم ئەخمىدىنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلىغاچ ئولتۇرۇپ يېڭى لېكسىيەگە ئىشلەۋاتاتتىم، ئاۋازىنى بەك چىڭ قىلىۋالدىممۇ قانداق يېنىمدىكى بىرەيلەن دولامغا نوقۇدى، بېشىمنى كۆتۈرسەم مەن تاتار دەپ بىلىدىغان بىر قىز بېشىمدا قاراپ تۇرۇپتۇ. تىڭشىغۇچنى قۇلۇغۇمدىن ئېلىپ تۈركچە سالاملاشتىم. بۇ قىز بىلەن تۈرك باللار ئارقىلىق قەيەردىدۇ چالا پۇلا كۆرۈشكىنىم ئېسىمدە. ئۇ تۈركىيەلىك

دىنىي لىدىر فەتھۇللاھ گۈلەن ئەپەندى جامائىتى ئوكرائىنانىڭ قىرىمدا ئاچقان تۈرك مەكتىبىنى پۈتكۈزۈپ بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ ئامېرىكىغا كەلگەنىكەن.

— ئاپلا دەخلى قىلىپ قويۇپتىمەن، ھە! ئاۋازىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماپتىمەن،— دېدىم خىجىللىق بىلدۈرۈپ.

— سىز ئۇيغۇرمۇ؟ ئابدۇرەھىم ئەخمىدىنىڭ ناخشىلىرىغا ئامراق ئىكەنسىز، دە!

— ئەلۋەتتە، مەن بۇ كىشىنىڭ ناخشىلىرىغا ئاشىق، بولۇپمۇ مۇساپىرچىلىقتا بەكرەك تەسىر قىلىدىكەن.

— مەنمۇ ئۇيغۇر، بۇ ناخشىلارنى داداممۇ بەك ياقتۇراتتى، رەھمەتلىك بۇ يىل قازا قىلدى.

— ئاللاھ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلغاي.

— سىز قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىدىن بولامسىز؟

— ياق، مەن قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدىن.

— ھە، شۇنداقمۇ! مەرھۇم داداممۇ قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدىن، ئۇ تاجىكىستانغا ياركەنتتىن چىققانىكەن. دادامنىڭ يۇرتىدىن ئىكەنسىز، سىزنى كۆرۈپ دادامنىڭ تۇغقانلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم! — ھاياجاندىن ئۇ قىز ئىككىمىزنىڭ ئاۋازى بەك ئۈنلۈك چىقىپ كەتتى بولغاي ئەتراپىمىزدىكىلەر بىزگە قاراشقا باشلىدى. ئۇلاردىن ئۆزرە سوراپ كۈتۈپخانىنىڭ بىر بۆلىكىدىكى قەھۋەخانىغا بېرىپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق.

مەن تاتار دەپ يۈرگەن بۇ ئۇيغۇر قىزنىڭ ئىسمى لالە بولۇپ ئۆزىنى تۈرك دەپ بىلىدىكەن، ئۇنىڭ نەزىرىدە تۈرك دېگەن ئۇيغۇر دېگەنلىك ئىكەن. ئۇنىڭ دادىسى ئۇيغۇر ئانىسى ئۆزبېك ئىكەن. دادىسىنىڭ ئىسمى جۇماخۇن بولۇپ 60-يىللاردا ئاۋۋال ياركەنتتىن ئافغانىستانغا چىقىپ، ئۇ يەردىن ئەينى چاغدا سوۋېتكە تەۋە تاجىكىستانغا ئۆتۈپ كەتكەنىكەن.

لالەنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ تۇغۇلۇپ بەش يىلدىن كېيىن تاجىكىستان مۇستەقىل بولۇپتۇ. ھەممە ئادەم تەشنا بولغان مۇستەقىل تاجىكىستان ئۇزاققا قالماي ئىچكى ئۇرۇشقا پېتىپ قاپتۇ. تىنچ ياشاش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان لالەنىڭ ئائىلىسى تاجىكىستاندىن ئافغانىستانغا ئاندىن پاكىستانغا سەپەر

قىلىپتۇ. پاكىستاندىكى نامراتلىق، ئىشسىزلىق، قالايمىقانچىلىق ئۇلارنى خاتىرجەم ھاياتقا ئېرىشتۈرەلمەپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادىسى ئۇيغۇر بولغانلىقى سەۋەبلىك دۇچ كەلگەن تۈرلۈك نازارەت، تىنتىش ۋە تەكشۈرۈشلەر ئۇلارنى بىر كۈنمۇ ئارامىدا قويماپتۇ.

سىنتەبىر ۋەقەسىدىن بۇرۇن پاكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ياۋروپا دۆلەتلىرى، كانادا، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق جايلارغا يۆتكىلىشى، پەقەت بولمىغاندا تۈركىيەگە كۆچۈشى ئاسانكەندۇق. سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن پاكىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا بۇ يولمۇ قىيىنلىشىپتۇ. پاكىستان ساقچىلىرىنىڭ تاپ باستۇرۇپ تىنتىشلىرىدىن باشقا دوللارغا ۋە كويچەڭگە سېتىلغان يەرلىك كىشلەرنىڭ ئافغانىستاندىن كەلگەن ئۇيغۇرلارنى تۇتۇپ بېرىشلىرىمۇ كۈندە دېگۈدەك يۈز بەرگىلى تۇرۇپتۇ. بىر كۈنى بۇنداق تۇتقۇنلۇق لالە ئائىلىسىنىڭمۇ بېشىغا كەپتۇ. ئادەتتە تۇتۇلغان ئۇيغۇرلار يا جوڭگوغا قايتۇرۇلۇدۇكەن يا ئامېرىكىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىكەن. بۇلارنىڭ پاسپورتى تاجىكىستاننىڭ بولغاچقا ئامېرىكا ئەسكەرلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىپتۇ. ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ مازار شەرىپتىكى بازىسىدا بۇ بىر ئائىلە كىشلىرى ئىككى ئاي سوراق قىلىنغاندىن كېيىن تاجىكىستان دائىرىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. تاجىكىستانغا قايتىپ كەتكەن تەقدىرىمۇ تىنچ كۈن كەچۈرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن جۇماخۇن ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە ئائىلىسىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ، يوللاردا كۆپ مۈشكۈللەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ئاخىرى بىلگىيەدىن پاناھلىقىغا ئېرىشىپ شۇ يەردە ياشاپ قاپتۇ

— دادام ھاياتىدا ئىككى قېتىم غايە ئۈچۈن چەتئەلگە سەپەر قىلىپتىكەن. بىرىنچىسى قېتىم ئۆزىنى كوممۇنىزىم جەڭچىسى دەپ قاراپ دۇنيادا كوممۇنىستىك غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلاغا چىقىش يولى تېپىپ بەرمەكچى بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەپتۇ. نەتىجىدىچۇ؟ ئەسكەرلىكتە چوشقا گۆشى يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئافغانىستان ئۇرۇشىدا

بىر كۆزىدىن ئايرىلىپ ئاخىرىدا زاۋۇتنىڭ قاراۋۇللۇقىغا خىزمەتكە چۈشۈپ توختاپتۇ. ئىچىگە سىغماس، قىنىغا پاتماس دادام 90- يىللاردا ھىدايەت تېپىپ ئۆزىنى ھىجرەت قىلغان ساھابىلەرگە، ئافغان، پاكىستان مۇسۇلمانلىرىنى ئەنسارىلەرگە ئوخشىتىپ ئىككىنچى قېتىم سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئاقىۋەتتە ئىككى ئوغلىنى شاھادەتكە ئۇزىتىپ بىزنى ئون يىل سەرگەردان قىلىپ ھەممە نېمىسى بىزگە يات بولغان ياۋروپاغا ماكانلىشىپتۇ. قەيسەر، سۆيۈملۈك دادام مېنى ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىدىن مەھرۇم چوڭ بولمىسۇن دەپ قىرىمدا- تاتارلارنىڭ يېرىدە ئوقۇتتى. رەھمەتلىك ماڭا تولۇق ئوتتۇرىغا چىققۇچە ھېكايە ئېيتىپ بېرەتتى. ئەقلىمنى بىلسەم دادام ئۆزىنى قۇملۇقتىكى قامغاققا ئوخشىتاتتىكەن. كىچىكىمدە دادامنىڭ ئاغزىدىن دائىم قۇملۇقتىكى يۇلغۇن ۋە قامغاق ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلايتتىم. ئۇنىڭ ھېكايىسىدىكى قامغاق كۆلپەتكە قالسىلا زېمىندىن ئايرىلاتتى، بوراندا قالسا قېچىپ كېتەتتى، مۈشكۈلنى يوقاتماي تۇرۇپ ئاسانغا ئۆزىنى ئاتاتتى، ئەركىنلىك بەدىلىگە خاتىرجەم ياشايتتى، ھالاۋەتنى خەقنىڭ ھالاۋەتلىك قوينىدىن ئىزدەيتتى. ئەمما ھەش پەش دېگۈچە قۇرۇپ قالاتتى. يۇلغۇن ۋەھشى پالتىلاردا قىرىلاتتى، قانلىق قوللاردا سۇندۇرۇلاتتى، ياۋۇز ئوتتا كۆيدۈرۈلەتتى، ئەمما قاچمايتتى، قورقمايتتى دۈشمەنلىرىنى تاپىنى ئاستىغا دەپىن قىلىپ قىپ قىزىل بىخ سۈرۈپ گۈل ئاچاتتى...

— داداڭىز قىلغان سەپەرنىڭ سەۋەبىنى دېدىڭىز، سىزنىڭ سەپىرىڭىز نېمە ئۈچۈن؟ سىز پەرزەنتىڭىز بولغاندا قانداق ھېكايە ئېيتىپ بەرمەكچى؟

— مەن دادامنىڭ ئەكسىچە ھېچ قانداق ئۇلۇغۋار مەقسەدلەردىن مۇستەسنا ئامېرىكىغا سەپەر قىلدىم. ئامېرىكىدىكى شارائىت مېنىڭ مۇكەممەل بىر مۇسۇلماننىڭ ھاياتىنى داۋام قىلىشىمغا يېتىدۇ. دادامدەك بىر قەۋمنىڭ يۈكىنى يۈدۈش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. بىلىسىز، ئاللاھ ھېچ كىشىنى قۇدرىتى يەتمىگەن ئىشقا بۇيرىمايدۇ. دادام سۆيگەن قەۋمنى ئاللاھ نىجادلىققا ئېرىشتۈرمىسە بىكار. ئۇلارنىڭ دىنىنى ئاللاھ قوغدايدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتە مېنىڭ باش قاتۇرۇشۇم بىھاجەت. ھېكايىنىڭ گېپىنى قىلدىڭىز، مېنىڭ بىلىدىغىنىم يەنە شۇ قامغاقنىڭ ھېكايىسى. ئامېرىكىدىكى ھاياتىمنى خۇلاسىلىسەم مەنمۇ ئۆزەمنى بىر قامغاقتەك ئويلايمەن. ئامېرىكىدا ياشايمەن

ئەمما ئاڭلايدىغىنىم دادام سۆيگەن ئۇيغۇرچە مۇقاملار، يەيدىغان تاماقلىرىم دادامغا ئېتىپ بەرسەم ماختاپ تۇرۇپ يەيدىغان ئۇيغۇرچە تاماقلار...مەن ئامېرىكىدا ياشايمەن ئەمما بۇمېنىڭ جىسمىم خالاس، روھىمدا ھەمىشە دادام بىلەن ياشايمەن، يالغۇزلا قالسام ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىمەن. مەن ئامېرىكىلىق ئەمەس، قىرىملىقمۇ ئەمەس، بىلگىيلىك تېخىمۇ ئەمەس، شۇنداقكەن مەنمۇ قامغاق بولماي نېمە؟

— يىلتىزسىز قامغاق بولغانلىقىدىن دادىڭىز نادامەت چەككەنىكەن. سىزمۇ قۇتۇلالماپسىز. داداڭىز ئۇيغۇرلۇقتا تولۇق ياشاشنى تاللاپتىكەن، سىز ئۇيغۇرلۇقتىكى شەخسىي ھاياتقا تەۋە دىنىنىلا داۋام قىلماقچى بولۇۋېتىپسىز. بىزدە تۇڭگان دەپ بىر مىللەت بار. سىزنىڭ تاللىشىڭىز جوڭگودىكى ھازىر خۇيزۇ ئاتىلىۋاتقان بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ تارىختىكى تاللىشىغا ئوخشايدىكەن.

مىراس قىسمەتلەر

ئارىدا لالە بىلەن ئانچە-مۇنچە پاراڭلىشىپ تۇردۇق. بىر كۈنى ئۇ ناھايىتى خۇشال كۈتۈپخانىغا كىرىپ كەلدى.

— مېنى مۇبارەكلەڭ، خۇش خەۋىرىم بار. مېنىڭ ئامېرىكا ئارمىيىسىگە ئەسكەر بولۇش ئىلتىماسىم قوبۇل بولدى! ئافغانىستان ۋە پاكىستانلاردا سەرسان بولغان كەچۈرمىشىم جىق ئەس قېتىپتۇ. ئەمدى ئامېرىكا پۇقراسى بولۇش، خىزمەت تېپىش دېگەندەك بېسىملاردىن ئوڭايلا قۇتۇلۇدۇغان بولدۇم... — لالە توختىماي سۆزلەيتتى، كۈلەتتى، مەن بولسام ئۇنىڭ شۇنچە ھاياجانلىق سۆزلىرىگە ماسلىشىپ بولالماي ئاۋارە ئىدىم. پەقەت ئاڭلاپ ھۆرمەت يۈزىسىدىن كۈلۈمسىرەپ قويدۇم. لالە چىرايىمنىڭ بارغانچە ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ مېنىڭ ئانچە قىزغىن بولمىغىنىمنىڭ سەۋەبىنى بىلدى بولغاي، كېيىن پاراڭلىشىقا ۋەدە بېرىپ تاقلاپ مېڭىپ كېتىپ قالدى. ئۇنى چاقىرىپ توختاتماقچى بولدۇم، ئەمما جۈرئەت قىلالمىدىم. لالەگە مۇنداق بىر خەۋەرنى ئېيتىپ بەرمەكچى ئىدىم. 40-يىللاردا

ئۈرۈمچىدىكى ئامېرىكا كونسۇلىنىڭ قاراۋۇللۇقىنى قىلغان بىر ئۇيغۇر كىشى بولغانىكەن. ئىسمىنى داۋۇت سۇلايمان دېدىمۇ سۇلايمان داۋۇت دېدىمۇ تازا ئېنىق ئېسىمدە يوق. 49-يىلىنىڭ ئاخىرىدا كونسۇل ئۈرۈمچىدىن چېكىنگەندە بۇ كىشىمۇ كونسۇلخانا خادىملىرى بىلەن بىللە چېكىنىپ ئامېرىكىغا كېتىپتۇ. شۇ يەردە ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ئۈچۈن ئىشلەپتۇ. سوۋېت ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلغاندا جەڭگاھقا ئەۋەتىلىپتۇ. پاكىستان ۋە ئافغانىستانلاردا بىر مەزگىل ئىشلەپتۇ. قىزىق يېرى لالەنىڭ دادىسى جۇماخۇن ئاكىمىز سوۋېت ئارمىيىسى تەركىبىدە ئافغانىستاندا جەڭ قىلغان. ئىككى ئۇيغۇر ئىككى دۆلەتكە ۋاكالىتەن جەڭگە قاتناشقان. ئۇلارنى بۇ ئۇرۇشقا كىم، نېمە مەقسەدتە سۆرەپ كىردى؟ نېمە ئۈچۈن؟ ئۇلار كىم ئۈچۈن ئۇرۇشقان؟ لالە بىلەن بۇلارنى سۆزلەشكىدەك بولمىغاندۇق.

بىر كۈنى جىددىي دەرسكە تاييارلىق قىلىۋاتسام لالە كۈتۈپخانىدىكى جايىمدىن مېنى تېپىۋالدى. ئالدىراش ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ گەپ قىلمايلا دادىسىدىن قالغان بىر خاتىرىنى قولۇمغا تۇتقۇزدى. ئۇيغۇرچە ئوقۇيالمايدىكەن، شۇڭا مېنىڭ ئوقۇپ بېقىشىمنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى. بىچارە قىز مەن بىلەن دادىسى ھەققىدە پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى. خاتىرىنى ۋاراقلىدىم. باش بەتلىرىدىكىسى پۈتۈنلەي شېئىرلار بولۇپ «سەن»، «سەنسىزلىك»، «چارەسىزلىك»، «زۇلمەت»، «پەرياد»، «تاجاۋۇز»، «مەھكۇملۇق»، «ۋىسالسىز» دېگەن سۆزلەر كۆپ ئۇچرايتتى. قارىماققا مۇھەببەت لىرىكىسىدەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئىچىدىكى مۇنۇ مىسرالار ئېسىمدە قاپتۇ.

باغۋەندۇرمەن باغسىز، چېچەكسىز،
ئازاپ تەردىم شاتلىق تەرمىدىم.
زۇلمەتتىكى پەريادىم بىلەن
باياۋاندا يىگانە كەزدىم.
نە چارەمكى ئاۋارە كۆڭلۈم،
جاندىن كەچتىم، سەندىن كەچمىدىم.

خاتىرىنىڭ ئاخىرقى بەتلىرىدە «مەن ھاياتىمنى نېمىگە ئاتىدىم. نېمە ئۈچۈن ئۆزۈمنى بۇ سەۋداغا مەھكۇم قىلدىم. نېمىشقا ئاخىرقى نەپىسىمگىچە

ئۆزۈم بىر ئۆمۈر سۆيگەن ۋەتەنگە باغرىمنى ياقالمىدىم؟ ۋەتەنننىڭ بەختى ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلدىم، دەپ ئاغزىمدا شۇنداق دېدىم، ئەمما قەلبىم ۋەتەندە قالدى. ھايات چېغىمدا نە ۋەتەنننىڭ بەختىنى كۆرەلمىدىم، نە ئۆز بەختىمنى قۇچالمىدىم. مەن سەۋدايىلارچە كۆيگەن ۋەتىنىمنىڭ كېلەچىكىنى نېمىشقا خەقنىڭ يېرىدە، خەقنىڭ غايىسىدە چېچەكلەتمەكچى بولدۇم؟ خەقنىڭ توپراقلىرىدا ئاققان قاندىن تەكلىماكاندا يۇلغۇن قىزىراتتىمۇ؟ خەق ياسىغان جەڭگاھتا ئاققان ئۇيغۇرنىڭ قېنىدىن ھۆرىيەت قۇياشىمىز تۇغۇلاتتىمۇ؟ سوۋېت پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگۈچىلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن كۆرەش قىلىمىز دېسە ئالدىنىپ ھاياتىمنىڭ يېرىمى خوراتتىم. جاھان مۇسۇلمانلىرىنىڭ يۇلتۇزىنى ئۈستۈن قىلىمىز دېسە ئىخلاس قىلىپ ئىككى ئارسلانىمنى قۇربان قىلدىم. مەن نېمە ئۈچۈن كۆرەشتىم؟ ئۆزەمنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىمنىڭ ھاياتىنى نېمە ئۈچۈن دوغا تىكتىم؟ ھىدايەت تاپتىم، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن كۆرەش قىلدىم، بەرھەق! ئەمما ئۇيغۇرنىڭ رىزاسى ئاللاھ رىزاسى ئەمەسمىدى؟ئۇيغۇرنىڭ يۇلتۇزى ئۈستۈن بولسا بولمامدىكەن؟ ئۇيغۇرنىڭ ئۈستۈنلۈكى ئون مىليون مۇسۇلماننىڭ ئۈستۈنلۈكى ئەمەسمىدى؟» خاتىرىدىكى بايانلار مۇشۇ تەرىقىدە داۋام قىلىپ تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. بەلكىم بوۋاينىڭ ئاخىرىنى يېزىشقا قۇربى يەتمىگەندۇ. ھاياتىدا ئۈچ بالىلىق بولغان بۇ كىشى ئاخىرىدا بىلگىيەدە يالغۇز جان ئۈزۈپتۇ. ئۇنىڭ ئۆزبېك ئايالى ئامېرىكا ئارمىيىسى ئۇلارنى تاجىكىستانغا قايتۇرغاندىن كېيىن ئاجرىشىپ ئۆزبېكىستانغا قايتىپ كەتكەنىكەن.

كانزاسقا قايتىدىغان چېغىمدا خاتىرىنى بۆلەك بىرسىگە بېرىپ قويدۇم. لالەگە خوش دېمەي قايتتىم. توغرىسى نېمە دەپ خوشلۇشۇشۇمنى بىلمەيتتىم. ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ ئافغانىستان جەڭگاھلىرىدىكى يۈرەكنى قانىتىدىغان كەچمىشلىرىنى سۆزلەشتىن تىلىم قىسىلاتتى. ئامېرىكا پۇقراسى داۋۇت سۇلايمان بىلەن سوۋېت پۇقراسى جۇماخۇنىكامنىڭ كەچۈرمىشىنى لالەگە سۆزلەپ تاشلاشتىن ئەنسىرىدىم. ئىككى ئۇيغۇرنىڭ

ئاللاھ ئەزىز دىيارىمىزغا خەلىپە قىلىپ ياراتقان جانلىرىنى يات تۇپراقلاردا، ئۆزىمۇ تولۇق چۈشەنمەيدىغان گورۇھلارنىڭ سىياسىي نىشانى ئۈچۈن قۇربان قىلىپ بىر بىرىگە ئوت ئاچقان كەچۈرمىشلىرىنى لالەگە ئەسلەتكۈم يوق ئىدى.

# مەزلۇم چېچەك، مەزلۇم خەمەكلەر

— ئىتىراپ سەۋداسى

ئامېرىكىدىكى كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە بىر ئۇيغۇر قېرىندىشىمىزنىڭ ئۆيىگە ھېيىتلاپ بارماقچى بولدۇق. مەن تەكلىپ بويىچە سەل بۇرۇنراق بېرىپ ساھىپخانىغا قارىشىپ بەردىم. ئۆي ئىچىنى رەتلەۋېتىپ بىر گىلەمنى ئېسىشقا بۇيرۇلدۇم. گىلەم ئىچكىرىدە ئاددىيلا توقۇلغان بولۇپ پۈتۈن يۈزىگە مۆشۈك ئېيىقنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىدى. ھېيىت كۈنلىرىدە ئۆيگە مۆشۈك ئېيىقنىڭ سۈرىتى بار گىلەمنى ئېسىش ماڭا تازا خوپ كەلمىدى. ئاسماسلىق قارارىغا كېلىپ دېدىم.

— ئاسمايلى، بۇ خەنسۇچە گىلەمنى. ئۇيغۇرنىڭ ئۆيى بولغاندىكىن، ئاللاھنىڭ سۆزى، تەكلىماكان ياكى تەڭرىتاغلىرىنىڭ رەسىمى، راۋاپ دۇتارنىڭ سۈرىتى، يۇلغۇننىڭ ئوبرازى چۈشۈلگەن بولسا ئاسساقۇ مەيلىتى، — دېدىم.

— ياق ئاسسىڭىزمۇ ئاسسىز، ئاسمىسىڭىزمۇ ئاسسىز. بۇ گىلەمنى ئاپام ئامېرىكىغا مېڭىشىمدا يوللۇق تۇتقان. ئاپام ئامېرىكىلىقلارنىڭ جوڭگۇنىڭ قەدىمىي، ئەنئەنىۋي بويۇملىرىنى، مۆشۈك ئېيىقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا مۇشۇ مۆشۈك ئېيىقنىڭ سۈرىتى بار گىلەمنى ئاتايىن ھەدىيە قىلغان، — دېدى.

بۇ گەپ ماڭا تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلدى. «تۆۋە، خۇدايىم ئامېرىكىغا ماڭغان بالىسىغا ئۇيغۇرنىڭ بىرەر ئەستىلىكىنى يوللۇق تۇتماي، ئامېرىكىلىقنى ياخشى كۆرىدۇ- دەپلا مۆشۈك ئېيىق سوغات قىلغىنى نېمىسىدۇر؟»

شۇندىن كېيىن «ئامېرىكىلىقلار ياخشى كۆرىدۇ» دەپ ئۆيىگە مۆشۈك ئېيىق نۇسقىلىق گىلەم ئاسقان ئىشنى پات- پات ئويلاپ قالىدىغان بولدۇم.

ئەسلەپ باقسام ئامېرىكىدا يەنە بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىدە جوڭگۇچە رەسىم ۋە هۆسنىخەتنىڭ ئېسىقلىق تۇرغىنىنى كۆرۈپتىكەنمەن، سەۋەبىنى سورۇسام «ئامېرىكىلىقلار جوڭگونىڭ مۇشۇنداق نەرسىلىرىنى ۋاي دەيدۇ» دەپ جاۋاپ بەرگىنى ئېسىمدە. 2005-يىللىرى تۈركىيەدە بولغىنىمدا بىر ئۇيغۇر كىشىنىڭ ئۆيىدە خەنسۇچە خەتلەر چۈشۈرۈلگەن بىر لوڭقىنى كۆرۈپ قالدىم. سەۋەبىنى سورىسام «تۈركلەر ئەتىۋار بىلىدۇ» دېدى. مېنى هەيران قىلغىنى ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر ئامېرىكىلىقنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ مۈشۈك ئېيىق نۇسقىلىق گىلەم ئېسىۋالسا، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر تۈركلەر ئەتىۋار بىلىدۇ دەپ خەنسۇچە لوڭقىنى تىزىۋالغىنى بولدى. ئەلۋەتتە، هازىر جوڭگۇدەك مەدەنىيىتى قەدىمىي، هۆكۈمىتى باي بىر دۆلەتنىڭ تۈرلۈك بويۇملىرى خەلقئارالىق تەسىرگە ئىگە. شۇڭا تۈركىيەدىمۇ، ئامېرىكىدىمۇ جوڭگو مەدەنىيىتىدىن زوقلىنىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپرەك بولۇشى تەبىئىي. لېكىن مەن بىر ئۇيغۇرنىڭ ئاتايىن ۋەتىنىدىن ئۆزى ياقتۇرغان نەرسىنى ئەمەس، مەزكۇر ئەلدىكى كىشىلەر ياقتۇرغان نەرسىنى كۆتۈرۈپ كېلىشى، ئۆيىگە ئۆزى قەدىرلەيدىغان بويۇمنى ئەمەس خەقلەر ياقتۇرىدىغان بويۇمنى تىزىپ قويۇشلىرى ۋە بۇلارنى خەقلەر ئۈچۈن ئەتىۋارلىشى ماڭا شۆهرەتپەرەسلىك، داغۋازلىقتەك بىلىندى. بۇنىڭدا ئېتىراپ قىلىنمايۋاتقان بىر توپ كىشىنىڭ ئېتىراپقا بولغان سەۋالىقى ۋە تىرمىشىشلىرى شەلۋەرەپ تۇراتتى. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ قىممىتى، هۆرمىتى ۋە پەزىلىتى باشقىلارنىڭ باهاسىنىلا ئۆلچەم قىلسا بۇ كىشىنىڭ ياراتقان قىممىتى تۇتۇرۇقسىز قىممەتتۇر، ئېرىشكەن هۆرمىتى ماغزاپ هۆرمەتتۇر، يېتىشتۈرگەن پەزىلىتى يانلانما پەزىلەتتۇر. بۇنداق خەقنىڭ نەزىرىگە، ئىشتىهاسىغا لايىقلاشتۇرۇلۇپ يارىتىلغان قىممەت خەقنىڭ نەزىرىدە بىر گېزەك خالاس، ۋاقتى كېلىپ خالىسا داستىخانغا تىزىپ قويىدۇ، خالىمىسا ئەخلەتكە تۆكىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزلۈك لايىهەسى باشقىلارنىڭ سىزغۇچلىرىدا، شۇلارنىڭ ئەندىزىسىگە قاراپ سىزىلسا بۇنداق لايىهەنى بويلاپ هەرىكەتكە ئۆتكەن كىشى ئۆزى ئارزۇلىغان مەنزىلگە ئەمەس، باشقىلارنىڭ ئەۋەتمەكچى بولغان مەنزىلگە سەپەر قىلغان بولىدۇ. ئەگەر بىر جەمىيەتتە، بىر مىللەتتە مۇشۇنداق ئادەملەر ئاۋۇپ كەتسىچۇ؟

مەن تولىمۇ كاتتا بىلىدىغان بىر زىيالى بولۇدۇغان. بىر كۈنى سۆهبىتىگە

داخىل بولۇپ قالدىم. يېقىندىن بېرى تەتقىقات بىلەن ئالدىراش ئىكەن. گەپ ئارىلىقىدا ئۇرغۇلۇق قىلىپ بۇندىن كېيىن ئەسەرلىرىنى خەنسۇچە ئېلان قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. سەۋەبى «مۇشۇ خەققە كۆرسۈتۈپ قويۇش» ئۈچۈن ئىكەن. ئەستەغپۇرۇللاھ ئېيتتىم ئىچىمدە. تەتقىقاتنىڭ مەقسىدى ھادىسىلەرگە يوشۇرۇنغان قانۇنىيەتنى بايقاش، بىسەرەمجان شەيئىلەرنىڭ كەينىدىكى تەرتىپنى تېپىپ چىقىش، پەرقلىق كۆرۈنگەن ئىشلارغا يوشۇرۇنغان پەرقسىز سەۋەبنى ئاڭقىرىش بولمايزە ھاكىمىيەتتىن نەپلىنىپ ياشاۋاتقان بىر توپقا ئۆزىمىزنى كۆرسۈتۈپ قويۇش ئۈچۈنمۇ؟ ئۇنداقتا بۇنداق تەتقىقات ئۆزىمىزنى كۆرسۈتۈپ بولغاندىن كېيىن قىممىتىنى، زۆرۈرىيىتىنى يوقاتامدۇ؟

مەنچە مەيلى يۇقارقى مۈشۈك ئېيىق ۋە لوڭقا مەسىلىسى بولسۇن ياكى «مۇشۇ خەققە ئۆزىنى تونۇتۇپ قويۇش» ئۈچۈن تەتقىقات قىلىش مەسىلىسى بولسۇن ھەممىسىدە بىر ئىتىراپ سەۋداسى ياتىدۇ. باشقىلارنىڭ ئېتىراپى ئۈچۈن تىرمىشىش ۋە ئۆز ئارزۇلىرىدىن ۋاز كېچىش، باشقىلارنىڭ ئېتىراپى ئۈچۈن ئۆز قىزىقىشىنى قۇربان قىلىش، بارلىق قىلمىش، ئەتمىشلىرىدە باشقىلارنىڭ ئېتىراپىنى ئۆلچەم قىلىش ئۇيغۇرلاردا جەمىيەتلەشكەن كەمسىنىشنىڭ شەخسلەردىكى ئىپادىسى خالاس.

چوقۇنۇش، نارازىلىق ۋە خەۋپسىرەش

قەشقەردە بۇ يىل قۇربان ھېيتقا بىر قانچە كۈن قالغاندا كوچىلاردا قۇربانلىق قويلار ئاۋۇپ كەتتى. ھېيت ھارپىسى ۋە ھېيت كۈنى بۇ قويلار شەھەرنى مەرىتىۋەتتى. كىشىنى ھەيران قىلىدىغىنى ئادەتتە ھارۋۇ سۆرەپ باققاللىق قىلىدىغانلارنى قوغلاپ يۈرىدىغان شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ خادىملىرىمۇ بۇ ئىشقا سۈكۈت قىلدى. كوچىلاردا قاتناش ساقچىلىرىنىڭمۇ قويلار بىلەن كارى يوقتەك ئىدى. ھېيتگاھنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يولدا ھېيت ھارپىسى بىر ماشىنا ئۆتكۈدەكلا ئارىلىق قالغان بولۇپ ماشىنىلارنىڭ قىستاڭدا چىرقىرىغان كارنايلىرى شەھەرنى بىر ئالغاندى. شەھەر ئارىلاپ

كېتىۋېتىپ «تۆۋە ماۋۇ ئادەمنىڭ كۆپلۈكىنى بۈگۈن، يا يولدا ماڭغىلى بولمىغان قىستىشىپ، مۇشۇ خەنسۇ خەق بولمىسا ئۇيغۇرلار بىر بىرىنى قىستاپ ئۆلتۈرۈپ قويامدۇ نېمە؟» دېگەن ئاۋاز قۇلۇقۇمغا كىردى. قارىسام هۈنەرۋەن چىراي ئىككەيلەن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى يەنە مۇنداق داۋام قىلدى، «كۆرمەمدىلا هۆكۈمەت ئۇيغۇلارنىڭ هېيىتى ئىكەن دەپ رەهىم قىلىپ قويۇپ بەرسە ماۋۇ بىزنىڭ يول تالىشىپ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىمىزنى. بىز خەقتە تەرتىپ، ئىنتىزام، يول قويۇش نېمىش قىلسۇن، ئاڭ نېمىش قىلسۇن. بۇ خەنسۇلار بەك تەدبىرلىك بەك ئوبدان باشقۇرىدۇ جۇمۇ شەهەر دېگەننى. بۇلار كۈچلۈك دەيمەن، هازىر بۇ خەققە تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ، ئەگەر خەنسۇلار سىيىپ ئەمەس تۈكۈرۈپ قويسىمۇ بىز غەرق بولۇپ كېتىمىز دەيمەن...» يول بېسىق بولغاچقا ئۇلارنىڭ قالغان گەپلىرىنى ئاڭلاشقا پۇرسەت بولماي توپنىڭ ئېقىنىغا قېتىلدىم. پەقەت «خەنسۇلار سىيىپ ئەمەس تۈكۈرۈپ قويسىمۇ غەرق بولۇپ كېتىمىز» دېگەن گەپلا مىڭەمگە تىكەن سانجىپ ئارامىمنى بۇزدى. هەرقانچە قىلساممۇ خىيالىمغا بىزگە قاراپ سىيىۋاتقان بىر مىلياردتىن ئارتۇق خەنسۇنى زادىلا كەلتۈرەلمىدىم. مەن ئىچكىرىدىكى شەهەرلەردە ئون ئىككى يىلدىن ئارتۇق ياشىدىم. مىنىڭ كۆزىتىشىمچە خەنسۇلاردا جامائەت ۋە جامائەتچىلىك هەققىدىكى چۈشەنچە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى بىر ئورگان تەشكىللەپ، سورۇن بىلەن تەمىنلەپ بىر يەرگە يىغمىسا يىغىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشاش تۇغۇلغاندا ئىسىم قويىدىغان موللىسى، ئۆلگەندە قايتىدىغان قەبرىستانلىقى، كۈندە بەش ۋاقىت بارىدىغان مەسجىدى ياكى مەهەللە- ئايماقلارنى بىرلىك قىلىپ يىغىلغاندا گەپ باشلايدىغان خاتىپى بولمىغاچقا يىغىلغان تەقدىردىمۇ كىمنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشنى بىلمەيدۇ. بۇنداق نە ئىمامى، نە ئاقساقىلى، نە يىگىت بېشى، نە مەسجىدى بولمىغان بىر مىللەتنى ئۆزلىگىدىن يىغىلىپ «بىزگە سىيىپ، تۈكۈرۈپ غەرق قىلىۋېتىدۇ» دېگەن گەپ ماڭا تولىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ. بۇ ئوخشىتىشتا خەنسۇ خەلقى تولىمۇ قۇدرەتلىك، ئۇيۇم، هەتتا سىيىشىمۇ مەقسەدلىك، تەشكىللىك سىيىدىغان بىر مىللەت تەرىزىدە مەدهىيەلىنىۋاتقان، چوقۇنۇلۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى شەنبە ئەتتىگەندە رەھمەتلىك دادامنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلىدۇق. بۇ ئوغۇزساق يېزىسى بويىچە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بىردىن بىر قەبرىستانلىق بولغاچقا ئادەم كۆپ ئىدى. قەبرىستانلىقنىڭ يولى بىز ماشىنىنى توختاتقاندا ئانچە قىستاڭ ئەمەس ئىدى. قەبرە بېشىدا دۇئا ۋە قىرائەتلەرنى قىلىپ يانغىنىمىزدا ماشىنىنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولمىدى. بۇنى كۆرۈپ چوڭ ئاكامنىڭ ئاسان كېلىدىغان ئاچچىقى مىڭىسىگە تەپتى بولغاي «زادى بىزنى مۇشۇ خەنسۇلار باشقۇرمىسا بىكار. خەنسۇ بار يەردە بۇنداق قىستاڭچىلىق يوق، تەرتىپسىزلىك يوق. بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ قەبرىستانلىقنىمۇ خەنسۇلار باشقۇرغان بولسا بۇنچە قالايمىقانچىلىق چىقمايتتى» دەپ سۆزلەپ كەتتى. «ئاكا، ماۋۇ ئۇلۇغ كۈندە بولسىمۇ مۇنداق گەپلەرنى قىلمايلى. ئاللاھ ھەممە كىشىنى زېمىنغا خەلىپە(ئاللاھقا ۋاكالىتەن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى) قىلىپ ياراتقان. ھەرگىزمۇ بىر مىللەتنى يەنە بىر مىللەتكە ھۆكۈمران ياكى خەلىپە قىلىپ ياراتمىغان. ئەمدى قۇرئان تىلاۋەت قىلدۇق، شۇ قۇرئانغا مۇخالىپ گەپ قىلمايلى!» دېدىم سىلىق قىلىپ. «ياق زادى ئىدارىلەردىمۇ شۇ. خەنسۇ باشلىق ئىشقا بۇيرىمىغىچە ئۇيغۇرلار خىزمەتنى تېپىپ قىلالمايدۇ. ئۇيغۇر باشلىقلارغا ھوقۇق بەرسىمۇ ئىشلىتەلمەيدۇ. ئۇيغۇر دېگەن قويغا ئوخشايدۇ. بېشىنى ئېچىگە تىقىپلا بىر يەرگە يىغىلىۋالىدۇ. بىزگە خەنسۇلار پادىچىلىق قىلمىسا بولمايدۇ. قارىمامسەن ماۋۇ تىقىلىشىپ كەتكەن ماشىنىلارغا، خەنسۇلار باشقۇرغان بولسا مۇشۇنداق بولامتى؟» ئاكامنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىگە قاراپ ئوتتۇرانجى ئاكام پېشىمنى تارتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئارتۇقچە تالاشمىدىم. كۆڭلۈمدە «ئاكا، خەنسۇ بولمىسا ئەمەس، ئىنتىزام، تەرتىپ، قائىدە دېگەنلەرنى ئادىل ئىجرا قىلىدىغان ئورگان بولمىسا مۇشۇنداق قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. قەبرىستانلىقنى ياساپ، ھەر بىر قەبرىنى نەچچە مىڭ سومدىن ساتقان ھۆكۈمەت ئۇيغۇرلارنىڭ ھېيت ھارپىسىدا ۋە ھېيت كۈنى ئەتتىگەندە تۇپراق بېشىنى يوقلايدىغانلىقىنى، مۇشۇنداق

قىستاڭچىلىقىنىڭ چىقىش ئېھتىماللىقىنى ئويلۇشۇشى كېرەك. ھۆكۈمەت دېگەن مۇشۇنداق خەلقىنىڭ تۇرمۇشى قولايسىزلىققا ئۇچرىغاندا لازىم بولۇدىغان نەرسە، ئەگەر خەلق ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىدىغان بولسا خەلق باج تاپشۇرۇپ شۇنچە جىق ئەسكەر، ساقچى ۋە ھۆكۈمەت خادىمىنى بېقىپ نېمە قىلىدۇ؟» دېگۈم كەلدى. ئاكام كۆپ كىتاپ ئوقۇغان ئادەم. شۇڭا ئالدىنقى مىسالدىكى ساۋادى چالا كىشىلەردىن پەرقلىنىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇمۇ ئاچچىقى كەلگەندە قەلبىدىكى خەنسۇلارغا بولغان چوقۇنۇش ۋە ئۆزلىگىدىن بېقىنىش كەيپىياتىنى دەپ سالدى. مەنچە بۇ مىساللاردىن كىشىلەردىكى ھۆكۈمەتنىڭ موھىملىقى ۋە رولىغا بولغان تونۇشىنىڭ خەنسۇلارنىڭ موھىملىقى ۋە ئورنىغا بولغان تونۇشىغا ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن ئىدى.

ماڭا كىشىلەرنىڭ «بىزنى خەنسۇلار باشقۇرىۋاتىدۇ، خەنسۇلار بولمىسا ئۇيغۇرلار بىر بىرىنى يەيدۇ، ئۇيغۇرلار ئۆم بولمىغاچقا ئۆزىنى باشقۇرالمايدۇ، بىر بىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي ئەكسىچە خەنسۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ» دەپ قارىشى تولىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلىدۇ. بۇ خىل پىكىردە كۈچلۈك چوقۇنۇش پۇراپ تۇرىدۇ. بۇنداق ھۆكۈمەت بىلەن شۇ ھۆكۈمەتتە ھاكىم بولىۋاتقان خەلقنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىۋېلىش، ھۆكۈمەتنىڭ قۇدرىتىگە بولغا چوقۇنۇشنى ھاكىمىيەت بېشىدىكى خەلققە بولغان چوقۇنۇشقا كېڭەيتىۋېلىش كىشىگە بېقىندى رىياللىقىنىڭ ئاۋام روھىدىكى كىنايىلىك ئاقىۋىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، ئاۋام روھىدا ھۆكۈمەتكە بولغان چوقۇنۇشتىن باشقا خەۋپسىرەش ۋە نارازىلىقمۇ ئوخشاشلا خەنسۇلارغا بولغان نارازىلىق ۋە خەۋپسىرەشكە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇنداق خاتا چۈشەنچە ئۇيغۇر ئاۋام ئۈچۈن ۋە ھاكىمىيەت ئۈچۈن ئوخشاشلا ئىنتايىن خەۋپلىك.

ھاكىمىيەت بىلەن شۇ ھاكىمىيەتتە ئەۋزەل ئورۇندا تۇرىۋاتقان مىللەتنى بىر دەپ چۈشىنىش مۇستەبىت تۈزۈمدىكى ئەللەردە يۈز بېرىدىغان ھادىسە. چۈنكى دېموكراتىك ئەللەردە ھۆكۈمەت ئالمىشىپ تۇرىدۇ. بىر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ خاتالىقىنى يەنە بىر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت تۈزۈتۈشى مۇمكىن. بۇنداق ئەللەردە ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىقمۇ، چوقۇنۇشمۇ، خەۋپسىرەشمۇ مەزگىللىك بولىدۇ. مۇستەبىت ئەللەردە ھۆكۈمەت ئالماشمايدۇ. بۇنداق

ئەللەردە ئەگەر ھاكىمىيەت بىر مىللەتكە مەركەزلەشكەن بولسا كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان ھەر خىل قارشىلىق كەيپىياتى ھاكىمىيەتتىكى خەلققە قارشى كەيپىيات بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق كەيپىيات ھاكىمىيەت ئالماشقان تەقدىردىمۇ ئۇزاققا داۋاملىشىدۇ. ناۋادا بۇنداق ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىق، چوقۇنۇش ۋە خەۋپسىرەش ھەرىكەتكە ئايلانسا كىشىلەر ئەقلىنىڭ تىزگىنىنى يوقۇتىدۇ ۋە ئىرقى زىددىيەت كېلىپ چىقىدۇ.

قاتتىق زەربە بېرىش، مۇرەسسەسىز كونترول قىلىش، مىللەتچىلىك ۋەھىمىسى، ئىدولوگىيەنىڭ ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە قارماق سېلىشى ئاممىۋىي كەيپىياتتا كۆرۈلگەن بىپەرۋالىق، نارازىلىق، چوقۇنۇش ۋە خەۋپسىرەشنىڭ سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل موھىتنىڭ ئاقىۋىتى زەيىپلىك، ئىشەنچسىزلىك، ئۈمىدسىزلىكتۇر. مەن ئۇيغۇرلاردىكى بىر قىسىم كىشىلەردە ئاشۇنداق پىكىرلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقىدىن تەئەججۈپلەنمەيمەن. ئۇيغۇرلاردىكى ئىشەنچسىزلىك ھەتتا ئاللىقاچان چېگرا ئاتلاپ ئۆلگۈردى. ۋەتەندە بىرەر ئىش ۋە ھەرىكەت بولسىلا مەيلى سىپىلنىڭ ئىچىدىكى ياكى سىپىلنىڭ سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ قىلغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ ياكى ئىشەنمەسلىككە مايىل. ھەممىنى ئوخشاشلا كىملەرنىڭدۇر ئويۇنى دەپ بىلىپ ھاكىمىيەتتىن گۇمان قىلىدۇ. ھەممىنى دائىرىلەرنىڭ رىژىسورلۇقىغا باغلاپ چۈشۈنىدۇ. ھەتتا تۈركىيەدىكى بىر قىسىملار ئۇيغۇردىكى ھەرقانداق بىر پائالىيەتنى ئامېرىكىنىڭ، ماسۇنلارنىڭ ئويۇنى دەپمۇ ئۆلگۈرۈشىدۇ. ئۇلار دائىم دۇنياۋىي بىر ئىمپېرىيالىزىمنىڭ ۋە بىر ھاكىمىيەتنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى كۈچىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ تىركىشىشلىرىنى يوققا، ئەرزىمەسكە، نادانلىققا چىقىرىشىدۇ. ئۇلارچە غايە ئۈچۈن يەڭ تۈرگەنلىك نادانلىق، تەنتەكلىكتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلار ئۆزىدىكى قورقۇنچىنى جەمىيەتلەشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ ۋە بۇنداق خەۋپسىرەشتە تۆگۈلۈۋېلىشنىڭ جەمىيەتلەشكىنىدىن كۆڭلى تەسكىن تاپىدۇ. مەن بۇنداق تەۋەككۈلسىز كىشىلەرگە ئەمەس،

ئۇلاردەك كىشىلەرنىڭ باشقىلارنىڭ پىداكارلىقلىرىنى ئەقىلسىزلىككە چىقىرىشلىرىغا ھەيران. بۇ يەردىكى كەيپىيات ئۆزى تەۋە قەۋمنى ھەر زامان زەيىپ ھېس قىلىپ ئىشەنچسىزلىككە گىرىپتار بولۇش، نادان دەپ تونۇپ قۇسۇرچىلىق قىلىش ۋە ئۆزىدىكى ئۈمىدسىزلىكنى مىللەتلەشتۈرۈشتۈر.

## كۆندۈرۈلگەنلىكمۇ كۆيگەنلىكمۇ

ئامېرىكىدىكى چاغلىرىمدا گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئوينىغان بىر ئىتوتنى ئىنتېرنېتتىن كۆرگۈنۈم ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئىتوتتا ھەممىگە تونۇش بىر قىزىقچى ياۋرۇپالىششقا مايىل ئايالىنى خەنسۇ ئاشخانىسىدىن تاماق يېگەنلىكى ئۈچۈن ھەزىلگە قاتىدۇ. ئىتوتتا ھەتتا يىغىلىشلارغا كەلمىگەنلەرنى خەنسۇ ئاشخانىسىغا سەي قورۇپ يىغماقچىمۇ بولىدۇ. گەرچە بۇ بىر مەسخىرەدەك قىلىسىمۇ بۇنىڭدىن گېرمانىيىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلاردا خەنسۇ ئاشخانىسىدىن تاماق يېيىشنىڭ مەۋجۇدلىقىنى، ھېچ بولمىسا شۇنداق بىر ئىشنىڭ بولغانلىقىنى بىلمەك تەس ئەمەس. بۇلارنى دېمىگەندىمۇ ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ خەنسۇلارنىڭ تاللا بازارلىرىدىن دوۋفۇ، جىلىت، ئاچچىقسۇ ۋە كۇدە ئالىدىغانلىقىنى بىلىمەن. مەنچە بۇنىڭدا كۆنۈپ قېلىشمۇ، قوبۇل قىلىشمۇ مەۋجۇد بولۇپ باشقا مەنە بولۇشى ناتايىن.

ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئىككىنچى قۇربان ھېيتتا بىر دوستىمىز ئۈرۈمچىدىن مېھمانغا كەلدى. ئۇيغۇر ئاشخانا ۋە چايخانىلار ئاساسەن تاقاق بولغاچقا تونۇشلار خەنسۇلارنىڭ قەھۋەخانىسىغا جايلىشىپتۇ. ئۇ دوستىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن غۇدۇراپ تۇرۇپ سورۇنغا داخىل بولماقچى بولۇپ يولغا چىقتىم. يول بويى كۆرگۈنۈم خەنسۇلار ئاچقان غەرپچە قەھۋەخانىلار، تورتخانىلار ۋە تاماقخانىلارنى تولدۇرۇپ ئولتۇرۇشقان ئۇيغۇر قىز يىگىتلىرى بولدى. بىز كىرگەن قەھۋەخانىنىڭ ئايرىمخانىلىرىنى بىزدىن بولغان مەستلەر مونوپول قىلىپ ئۈلگۈرۈپتۇ. ئويلاپ قالدىم «ھېيت كۈنى ھاراق ئىچىۋاتقان ئۇيغۇر قۇربان ھېيتنى چاغان بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويغانمىدۇ؟ ياكى خەنلەرنىڭ ئادىتىدىكى تەبرىكلەشنى ھاراق بىلەن قىزىتىش ئادىتىنى قوبۇل قىلغانمىدۇ؟ خەنسۇلار بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ ‹غەرپچە› تاماقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار رىياللىقتا قاندۇرالمايۋاتقان باراۋەرلىك

ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن خەن ئاشخانىسىغا كىرگەندىمۇ؛ يا زامانىۋىيلىققا يەتكەندەك تۇيغۇغا كېلىش ئۈچۈن كىرگەندىمۇ؛ خەنلەر بىلەن بىللە ئىشلەش، ياشاش جەريانىدا كۆنۈپ قالغاچقا كىرگەنمىدۇ؟»

مەنچە گېرمانىيىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەن ئاشخانىسىغا بېرىشى ۋە قەشقەر يېگىت قىزلىرى ۋە مەستلەرنىڭ خەن تاماقخانىلىرىغا كىرىشى كۆنگەنلىكتىن ۋە كۆندۈرۈلگەنلىكتىن. يەنە بىرى ئىنساندىكى بايلىققا ۋە پاراغەتكە مايىللىق پاراغەتلىك ياشاۋاتقان خەنسۇلارغا مايىللىقتا ئىپادىلىنىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. قەشقەردە كىشىلەرنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرۇۋاتقان ئامىل مىللىيلىك. قەشقەردىكى مۇتلەق كۆپ ئۇيغۇر ئاشخانىلىرى مىللىيلىك مىزانلىرىدا چىڭ تۇرۇغلۇق. شۇڭا زابويلارنىڭ تاللىشى خەنسۇ ياكى ئاتالمىش تۇڭگان ئاشخانىلىرى بولىدۇ. ھاراقتا ئۇيغۇرنىڭ مىللىيلىكى كۆيۈپ كۈل بولىدۇ ياكى ئەقىلسىزلىككە يەم بولىدۇ. زابويلار ئەسقاتمايدىغان، خەۋپسىرىتىدىغان، پىشكەللىككە سەۋەب بولۇۋاتقان مىللىيلىكتىن بىر دەم بولسىمۇ قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھاراق ئىچىۋاتقان بولسىچۇ؟ قەشقەردە ئۇيغۇرنىڭ ۋە خەنسۇنىڭ مىللىيلىكىدىن مۇستەسنا غەرپچە تاماقخانىلار بۇ ئىككى مىللەت ياشلىرىنىڭ ئورتاق تاللىشى بولۇپ قالغان. لېكىن شۇنىسى غەلىتەدۇركى، ئۇيغۇرلار ئاچقان غەرپچە تاماقخانىلاردىكى خەنسۇلارنىڭ سانى ئۇيغۇرلارنىڭ ساندىن بەكلا ئاز. ئەكسىچە خەنسۇلار ئاچقان غەرپچە تاماقخانىلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ سانى خەنسۇلارنىڭكىدىن كۆپ. بۇ بىر قىسىم ياشلاردىكى ئېتىقادنىڭ سۇسلىشىۋاتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھالال ھارام چۈشەنچىسىنىڭ چوشقا گۆشى بار يوقلۇقى بىلەنلا ئۆلچىنىۋاتقانلىقىغا تۇتىشىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى ئەنئەنە تەربىيىسىنىڭ ئاجىزلىشىشى، مائارىپ ۋە مەتبۇئاتلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە داۋام قىلدۇرۇشتىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنىڭ يېگىلىشى، پەرزەنتلەرنىڭ مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش يېشىدا ئائىلىسىدىن ئايرىۋېتىلىشى، جەمىيەتتىكى مودا مەدەنىيەتتە خەنسۇلارنىڭ يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقى...قاتارلىق ئامىللار ئۇيغۇر جەمىيىتىدىكى

يۇقارقى ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن.

كىم چىرايلىق؟

بىر ئوقۇغۇچۇمنىڭ دوستى مالايسىيەدىن قايتىپ كەلگەندە پاراڭلىشىپ قالدىم. مالايسىيەدە خەنسۇلارنىڭ كۆپلۈكى، مالايلاردىن بايلىقى، مۇسۇلمانلارنىڭ زادى ھورۇنلۇقى ھەققىدە پاراڭ بولدى. ئىچىم پۇشۇپ «مالايلار چىرايلىقمۇ خەنسۇلارمۇ؟ سىزگە مالايچە چىرايلىق ئاڭلىنامدۇ خەنچىمۇ؟؟» دەپ سورۇدۇم. ئەسلىدە مەن بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتتىن گۈزەل ياكى كۆرۈمسىز بولۇدۇغانلىقىغا ئەمەس بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتتىن گۈزەللىك قارىشى جەھەتتىن پەرقلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. مەنچە ھەممە مىللەتكە ئۆزىنىڭ كىشىلىرىگە ئوخشايدىغان چىراي جەلپكار، يېقىملىق كۆرۈنەتتى. ئەقىل بىلەن ئېيتقاندا ھەممە مىللەتنىڭ تىلى ئۆزىگە ياكى شۇ مىللەتكە دىن ۋە قان قېرىنداش كېلىدىغان مىللەتكە چىرايلىق ئاڭلىناتتى. بۇلانى بىلىپ تۇرۇپ سوراشتىن مەقسىدىم پەقەت راي سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئىدى. مەن ئۇيغۇرلاردىكى «چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، كۆيگەن چىرايلىق»، «ئادەم سەتى ئەمەس كىيىم سەتى» دېگەن ماقاللاردا ئەكس ئەتكەن ھەقىقەتنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن شۇنداق سورىغانىدىم. بۇ ماقالىدىكى ھېكمەتتە گۈزەللىكنى باھالاشتا ئىقتىسادنىڭ، گۈزەللىككە ھۆكۈم قىلىشتا مۇھەببەتنىڭ رولى تەكىتلىنەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا خەنلەرنى مالايلاردىن باي، ئىشچان دەپ تەرىپلەۋاتقان كىشىنىڭ كۆزىگە ئېنىقكى خەنلەر مالايلاردىن چىرايلىق كۆرۈنەتتى؛ خەنچە مالايچىدىن چىرايلىق ئاڭلىناتتى. چۈنكى «ئادەم سەتى ئەمەس كىيىم سەتى» ئەمەسمۇ، «گاچا بولسىمۇ باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن» ئەمەسمۇ؟ خەنلەر مالايلاردىن باي بولغانىدىكىن چىرايلىق ياسىنالايدىغان گەپتە. خەق باي بولغانىدىكىن گەپلىرىمۇ چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان گەپتە. خەنلەرنى مالايلاردىن چىرايلىق دەۋاتقان كىشىدە خەنلەرگە بولغان مايىللىق يېتىلىپ بولغان بولۇدۇ، شۇڭا كۆزىگە خەنلەر مالايلاردىن چىرايلىق كۆرىنىدۇ، چۈنكى «چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، كۆيگەن چىرايلىق» ئەمەسمۇ!

ئالى مەكتەپتە ئىشلەۋاتقان چاغلىرىمدا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنلەرگە ۋە قېرىنداش مىللەتلەرگە بولغان تونۇشىنى سىناپ باقماق بولۇپ«خەن

چىرايلىقمۇ قازاقمۇ، خەن چىرايلىقمۇ قىزغىزمۇ...» دېگەندەك سۇئالنى ئېلى قازاق ئوبلاستىنىڭ مەركىزى بولغان غۇلجىدىن كەلگەن ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئوبلاستىغا تەۋە ئارتۇچتىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلىرىمدىن سوراپ باققانىدىم. كۆپىنچە بېرىلگەن جاۋاپ «خەنلەر چىرايلىق» بولۇپ ھەيران قالارلىق ئوخشاش چىقاتتى.

ئامېرىكىدا تۇرۇۋاتقان چېغىمىزدا ئائىلىمىزنىڭ بىر دوستى تويى رەسىمىنى ئەۋەتىپ بەردى. رەسىمنى كۆرگەن تۈرك دوستلار «بۇلار خەنسۇلارمۇ» دەپ سورىدى. «ياق» دېدىمىيۇ ئويلىنىپ قالدىم. سىنچىلاپ سېلىشتۇرسام ئادەتتىكى رەسىمدە شۇنداق ئۇيغۇر چىراي تۇرغان قىز يىگىت تويى رەسىمدە بەئەينى خەنسۇغا ئوخشاپ قالغانىدى. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن «خەنسۇلار بارغانچە چىرايلىق بولۇپ كەتتى» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدىم. مەنچە بۇ يەردىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە خەنسۇلارنىڭ ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى چىرايلىقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ئەمەس، بەلكى خەنسۇلارنىڭ گۈزەللىك قارىشىنىڭ مودا ئېقىم ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا سىڭىۋاتقانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. خەنسۇلارنىڭ بىر قىسىم كىشىلەرگە چىرايلىق كۆرۈنۈشى ھازىر خەنسۇلارنىڭ بايلىق، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئورۇن قاتارلىق جەھەتتە جەمئىيەتتە يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن خۇش كۆرۈلۈۋاتقانلىقىغا باغلىق.

ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن ئامېرىكىدا تۈرك دوستلۇرۇم كۆرگەن ھېلىقى دوستىمىزنىڭ تويلۇق گىرىم قىلىپ خەنسۇغا ئوخشۇتۇپ قويۇلغان رەسىمى بىلەن گىرىمسىز ئادەتتىكى ئىككى خىل رەسىمنى كۆرسىتىپ «قايسىسى چىرايلىق» دېگەن سۇئالنى جىيەنلىرىم ۋە تۇغقانلارنىڭ باللىرىدىن يەنە سورىدۇم. كۆرگەنلەر تويى كىيىمىدىكى خەنسۇغا ئوخشۇتۇپ قويۇلغان يىگىت ۋە قىزنىڭ رەسىمنىڭ ئادەتتىكى خەنسۇغا ئوخشىمايدىغان رەسىمدىن چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. بۇ يەردە «ئۇيغۇر كىمگە ئوخشىسا چىرايلىق بولىدۇ ئەمەس، كىمگە ئوخشىغان ئۇيغۇر باشقا ئۇيغۇرلارغا

چىرايلىق كۆرۈنىدۇ» دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. سوئالنىڭ جاۋابى يۈزەكى بولسىمۇ چىققان بولدى. خەنسۇچە توي گىرىمىدىكى ئۇيغۇر گىرىمسىز ئۇيغۇردىن چىرايلىق كۆرۈندى دېگەنلىك خەنسۇلارنىڭ گۈزەللىك قارىشى ئۇيغۇرلارغا سىڭىشكە باشلىدى، ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك قارىشى خەنلەرنىڭكىگە يېقىنلاشتى دېگەنلىك بولۇشى مۇمكىن. دېمەك خەنلەر بۇرۇنقىدىن چىرايلىق بولۇپ كەتمىدى، خەنلەر ئۇيغۇرلارغا چىرايلىق كۆرۈنىدىغان بولدى. ئىجتىمائىي ئورۇن، سىياسىي ئورۇن ۋە ئىقتىسادىي ئورۇندىكى ئۈستۈنلۈك ئۇلارنى ئۇيغۇرلارغا چىرايلىق كۆرسەتتى. بايلىق ھەممىنى ئۆزگەرتتى، قۇدرەت ھەممىنى تېگىشتۈردى. ئۇيغۇردا گۈزەللىك قارىشىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى ۋە ئۆزگۈرۈۋاتقانلىقى بۇ خىل تېگىشتۈرۈشنىڭ پاكىتى بولسا كېرەك.

مەن ئۇيغۇر قىزلارنىڭ نېمە ئۈچۈن توي گىرىمى قىلدۇرغاندا خەنسۇلارغا ئوخشاپ قالىدىغانلىقىنى سوراشتۇرۇپ باقتىم. ئېگىلىشىمچە بىرى توي گىرىمى قىلىشنى ئۆگەنگەنلەر خەن ئۇستىلاردىن ئۆگەنگەن بولغاچقا خەنچە گىرىم قىلىشتىن باشقىنى ئۇقمايدىكەن، يەنە بىرى ئۇلارچە گىرىم قىلىنغان قىزلار ئۇلارغا خەنلەرگە ئوخشاپ قالغاندەك كۆرۈنمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ خېرىدارلىرىمۇ بۇنداق بىر گەپنى دەپ باقماپتۇ. دېمەك خەنگە ئوخشاپ قالغانلىقىنى پەرق ئەتكەن كىشىمۇ كۆپ ئەمەسكەن. بەلكىم بۇ يەردە مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ياتقان بولۇشى مۇمكىن. يەنى ئەندىزە خەقتىن، رەخت بىزدىن. ھۈنەرنىڭ قېلىپى خەقتىن ھۈنەرۋەن ۋە خېرىدار بىزدىن بولۇۋاتىدۇ. ھەيران قالارلىق يېرى بۇ زىتلىقنى بايقىغان كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ ئاز بولۇۋاتقانلىقىدۇر. رەخت ھەرقانچە چىرايلىق بولغان بىلەن، ئۇستام ئۇيغۇر بولغان بىلەن ئەندىزە ياكى قېلىپ خەقتىن بولغاچقا پۈتۈپ چىققان مەھسۇلات بىزگە خوپ كەلمەيۋاتقان، چىرايلىق كۆرۈنمەيۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

## ئىدولوگىيە تۇمانلىرىدا غۇۋالاشقان ئىنسان

يەرشارى بىر كەنتكە ئايلانغان دەۋردە ياشاۋاتىمىز. ئوخشىمىغان مىللەت كىشىلىرىنىڭ بىر ئارادا ياشىشى كۆز ئالدىمىزدىكى رىياللىق ۋە دۇنياۋىي يۈزلىنىش. بۇنداق رىياللىقتا كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىقتىسادى، ئىجتىمائى ۋە

كىشىلىك مۇناسىۋەت مىللىيلىكتىن مۇستەسنا ئىنسانىي پرىنسىپلار ئاساسىغا قۇرۇلغان ئەخلاق ۋە قانۇننى مىزان قىلىشى كېرەك. ئەگەر بىر مىللەتنىڭ مەنپەئەتى، تىلى، مەدەنىيىتى جەمىيەتتە ھاكىم بولۇپ ئومۇملاشتۇرۇش ئوبيېكتىغا، مۇناسىۋەت مىزانىغا، باشقا مىللەتلەرنىڭ زىممىسىدىكى مەجبۇرىيەتكە ئايلىنىپ قالسا ئەۋزەلسىز ئورۇندىكى مىللەت كىشىلىرىنىڭ قەلبىدە تەڭپۇڭسىزلۇق پەيدا قىلىدۇ، نەتىجىدە ئالاقىدە ھاڭ، زىددىيەت، ھەتتا توقۇنۇش پەيدا بولىدۇ.

ياشاۋاتقىنىمىز يۇقىرالىق ھوقۇق ۋە مەنپەئەتلەرنى كاپالەتلەندۈرۈش ئاساسىغا بەرپا قىلىنغان جەمىيەت ئەمەس. ياشاۋاتقىنىمىز شەخس سۈپىتىدىكى ئىنسان ۋە ئىنسانىي پرىنسىپ ئاساسىدىكى قانۇن ئەمەس مىللەت مەنپەئەتى ۋە مىللەتچىلىك ئىدولوگىيىسى ھۆكۈمران جەمىيەت بولغاچقا مىللەت مەسىلىسى ھەرزامان ئاڭقاۋلارچە تەكىتلىنىدۇ. شۇڭا بىر ئادەمنىڭ قىلمىشى ھەمىشە مىللەتلەشتۈرۈلۈش قىسمىتىگە مۇپتىلا. بۈگۈنكى جوڭگو جەمىيىتى ئەمەلىيەتتە مىللەت پەيدا قىلىدىغان، ھەر بىر ئىنساننى مەجبۇرى مىللەتلەشتۈرىدىغان جەمىيەت. مەسىلەن، بىر ئۇيغۇرنىڭ بىر خەنسۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشى، ئەمرىگە ئېلىشى، بېقىۋېلىشى، يۆلىشى نورمال ئىنسانىي مۇناسىۋەت مەسىلىسى. ئەمما ئاخبارات، تەشۋىقات ۋە ھۆكۈمرانلار بۇنى ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مۇقۇملۇق بىلەن باغلاپ سىياسىيلاشتۇرۇپ كۆپتۈرىدۇ، ئاۋام بۇنى ئىدولوگىيەلەشتۈرۈپ (مىللەتچىلىكنى ۋاستە قىلىپ ياكى دىننى تۇتقا قىلىپ) قارشى قوپىدۇ. نەتىجىدە ئىككى تەرەپنىڭ زىددىيىتى كېلىشتۈرگۈسىز ھالغا يېتىدۇ. مەسىلەن، كىمنىڭ ساقىلى بار، كىمنىڭ يوپكىسى قارا بۇ بىر شەخسنىڭ كىيىنىش ئادىتى ۋە تاللىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. بۇنى ئىدولوگىيەلەشتۈرۈپ قالپايتقاندا دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تاقىشىدىغان سىياسىي مەسىلىگە ئايلىنىدۇ. ئىنسانىي مەسىلىنىڭ سىياسىيلاشتۇرۇلۇشى ۋە سىياسىيلاشتۇرۇلۇشقا قارشى ئىدولوگىيەلىك

قارشىلىق ئىككى تەرەپنىڭ كۆزنى مەسىلىنىڭ ماھىيىتىدىن بىر بىرىنىڭ غەزەپلىك، قورقۇنچلۇق، تەھدىتلىك تۇرۇقىغا يۆتكىۋېتىدۇ. نەتىجىدە بىر ئىنسانىنىڭ غەزەپتىن ۋارقىرىشى شۇئار توۋلىغاندەك ئاڭلىنىدۇ. ئىككى ئۇچ ياشنىڭ ئاچچىقىدا تەكشۈرۈشكە قارشىلىق كۆرسۈتۈشى پىلانلىق، تەشكىللىك ھەرىكەت دېيىلىپ كۆپتۈرۈلۈپ ھاكىمىيەتنى پارچىلاش، ئاغدۇرۇش. تېرورچىلىق دېگەندەك قورقۇنچلۇق جىنايەتكە ئايلاندۇرىلىدۇ.

ئىنسان ۋە ئىنساننىڭ نىگىزلىك ئېھتىياجى، ھوقۇقى نەزەرگە ئېلىنماستىن مىللەت ۋە مىللەت بويىچە قىلىنىۋاتقان پەرقلىق مۇئامىلە، پەرقلىق تەقسىمات، پەرقلىق ھۆكۈملەر مىللىي تۇيغۇلىرى مۇجمەل، مىللىي ھېسسىياتى سۇس پۇقرالارنى مىللەتلەشتۈرۇدۇ. ئۇلارنى ئۆز مىللىتىگە تېخىمۇ چىڭ باغلايدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ھەر ئىشتا ئۆزىنىڭ مىللىي تەۋەلىكى بويىچە پىكىر قىلىدىغان، ھەرىكەت قىلىدىغان، .ئىنكاس قايتۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئورتاق ئىنسانىي ھوقۇق ۋە پۇقرالىق ھوقۇقى نەزەرگە ئېلىنمايدىغان پەرمانلار، ياردەملەر، سىياسەتلەر، تەشۋىقات ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلار بىر رايوندىكى كىشىلەرنىڭ ئەقىل كۆزىنى مىللەتچىلىك تۇمانلىرى بىلەن غۇۋالاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ھەرقانداق پائالىيەت، سورۇن ۋە ئىش ھەرىكەتتە تەبىئىي ھالدا مىللەت بويىچە لاگىرلارغا ئايرىلىدۇ. نەتىجىدە قاتناش ھادىسىسى بولسىمۇ، تەبىئىي ئاپەت...ھەر قانچە دەھشەتلىك قازا بولسىمۇ كىشىلەر دائىم «قانچە ئادەم قانداق ئۆلۈپتۇ؟»، «نېمە سەۋەپتىن شۇنداق بولۇپتۇ؟» دەپ سوراشنىڭ ئورنىغا، «ئۇيغۇر ئۆلۈپتىمۇ خەنسۇمۇ» دېگەنگە ئوخشاش ئىنسانىيلىقا يات سۇئاللارنى سورايدىغان بولىدۇ. ھەتتا بۇ بىر تەبئىي پاراڭ تېمىسىغا ئايلىنىدۇ. مانا بۇ ئىنساننىڭ ئاللاھ ئاتا قىلغان ئورتاق، تەبىئىي ھوقۇقى ئىنكار قىلىنىپ سۈنئىي مىللەتلەشتۈرۈلگەن رېئاللىقنىڭ كىشىلەرنى لاگىرلارغائايرىپ ئۇلاردا بىنورمال روھىي ھالەت، كەيپىيات ۋە تىل ئادىتى شەكىللەندۈرىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

جوڭگو ئىستىمال بازىرىنىڭ گەۋدىلىشىشى بىلەن مىللەتلەرنىڭ ئىستىمال پەرقى، مەدەنىيەتتە ئورتاق قېلىپنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە مىللىيلىكلەرنىڭ بۇ قېلىپلارغا خوپ كەلمەسلىكى، جەمىيەتنىڭ ئىدولوگىيەلەشتۈرۈلۈشى بىلەن ئىددىيەدىن ھالقىغان ئىنسانىي

مەۋجۇدلۇقىنىڭ، ئىنسانىي ھوقۇقىنىڭ سىغىشماسلىقى، ماركسىزىمنىڭ ئورنىغا مىللەتچىلىكنىڭ دەسسىتىلىشى ۋە بۇنىڭغا قارشى ئورتىغا چىققان يەرلىك مىللەتچىلىكنىڭ توقۇنۇشى...قاتارلىق زىددىيەتلەر يۇقىرىقى ھېكايەتلەرنىڭ تۈگۈنى بولۇشى ۋە بولماسلىقى مۇمكىن. بەزىدە كۆزۈمگە كوچىدىكى قوراللىق ئەسكەرلەر ھۆكۈمەتتەك كۆرۈنۈپ مېنى سۈر باسىدۇ، بەزىدە ئۇلار كۆزۈمگە ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان سەبىلەردەك كۆرۈنۈپ ھارغىن چىرايىغا قاراپ ئىچىم ئاغرىيدۇ. بەزىدە قەشقەرنىڭ ھەممە يېرى گەنسۇدەك كۆرۈنۈپ ئۇيغۇرچە گەپنىمۇ خەنسۇچە ئاھاڭدا سۆزلەۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىمەن. گاھىدا شۇنچە يات چىرايلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزەمنى سەيياھتەك سېزىپ ئەسلىدىنلا ئىنسانلار مۇشۇنداق ئارىلاش ياشىشى كېرەكتەك تۇيغۇدا بولىمەن.

شۇنداق، بىللە ياشىساق بولاتتى، سېغىزخان، تورغاي، كەپتەرلەردەك. ھەممىمىز ئۆز ئۇۋىمىزدا يايراپ، ئۆز تىلىمىزدا سايراپ، ئۆز ئېتىزىمىزدا دانلاپ...

# نەپسانە يۇرتۋازلىق ۋە ئەپسانە قەشقەر

يۇرتۋازلىق تىلغا ئېلىنسىلا ئېسىمگە ئالى مەكتەپلەردىكى يۇرتداشلار زىياپىتى، يۇرتلار بويىچە دوست تارتىشىش بىلەن باشلانغان ئەسلىمىلەر كېلىدۇ. شۇندىن باشلاپ يۇرت ۋە يۇرتۋازلىق ھەققىدىكى ئۇقۇملاردىن يىراق بولالمىدىم. كىملىكىمنى ئۆزۈم ئارزۇلاپ ھېچ قانداق بىر يۇرت بىلەن باغلاپ باقمىغان بولساممۇ قەشقەر ھەققىدىكى سېسىق ۋە ئاھانەتلىك ئەپسانىلەر نەگىلا بارماي ماڭا رودىپايدەك چاپلىشىپ تۇردى. مەن قەشقەر ھەققىدىكى تۇنجى ئەپسانىنى بېيجىڭدا ئاڭلىغانىدىم. ياتىقىمىزدا بىر غۇلجۇلۇق ساۋاقدىشىمىز بولۇدۇغان شۇنىڭ ئاغزىدىن «ئاجايىپ چىڭ قەشقەرلىق جۇمۇسەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندا ھەيران قالغانىدىم. ئۆزى بىر تال تاماكىنىڭ ئەتىگەندە يېرىمىنى چېكىپ ئۆچۈرۈپ قويۇپ چۈشتە قالغان يېرىمىنى چېكىدىغان دوستۇمنىڭ مېنى پىخسىق دېيىشىگە كۈلگۈم كېلەتتى. تۇنجى ھەپتىسى ھەربى مەشىقتىن زېرىكىپ كىتاپ ئوقۇپ ئولتۇرسام بىر كەلپىنلىك ساۋاقدىشىم سوراپ قالدى. ئوقۇپ بولۇپ بېرىدىغانلىقىمنى سىپايە چۈشەندۈرۈۋېدىم «قەشقەرلىكنىڭ گېپى سىلىق بولۇدۇكەن ھە!» دەپ چاخچاق قىلدى. بەش يىللىق ئوقۇش جەريانىدا مېنىڭ قەشقەرلىك ئىكەنلىگىمنى ئەڭ كۆپ ئەسكەرتكىنى غۇلجۇلۇق ساۋاقدىشىم بولدى. سىنىپتا ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى، ئادىتى ۋە ناخشا-ئۇسسۇلى ھەققىدە گەپ بولسا ساۋاقداشلىرىمنىڭ كۆزى ئىختىيارسىز ماڭا تىكىلەتتى. ھېلىقى غۇلجۇلۇق دوستۇم مېنىڭ ئۇسسۇل ئوينىيالمايدىغانلىقىمنى مازاق قىلىپ «سەندە قەشقەرلىكنىڭ قېنى يوق» دەپ چاخچاق قىلاتتى. ئۆزى ئەمەس بوۋىلىرىمۇ قەشقەرگە كېلىپ باقمىغان غۇلجۇلۇق دوستۇمنىڭ نەزىرىدە قەشقەر مەينەتلىك، نادانلىق، ئاڭقاۋلىق، ھاڭۋاقتىلىق، چېقىمچىلىق، مەھكۇم مىجەزلىك ۋە مەزلۇم تەبىئەتلىك پاتقىقىغا پاتقان كىشىلەرنىڭ يىغىلغان جايى ئىدى. مەن ئۆزەمنى ئاۋۋال ئۇيغۇر دەپ بىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن

بۇ گەپلەرگە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيتتىم. قەشقەرگە ئەڭ يېقىن ئاقسۇ ۋە خوتەندىن كەلگەن ساۋاقداشلىرىمدا بۇنداق ئەپسانىۋى چۈشەنچىلەر ئانچە كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. كېيىن بىلىشىمچە بەزى غۇلجا چاخچاقلىرىدا قەشقەرلىك ۋە قازاق دېگەن سۆزلەر دائىم مەسخىرە ئوبىكتى قىلىنىدىكەن. قىزىق يېرى ئۇلار چاخچاقلىرىغا غۇلجىدا ئەڭ كۆپ سانلىنىدىغان سىچۇەنلىك ياكى خېنەنلىكنى خۇرۇچ قىلماي قەشقەرلىكنى تاللاپتۇ، ئۆزىدىن كۈچلۈك خەنسۇنى ئەمەس ئاجىزراق قازاقنى ئوبېكت قىلىۋاپتۇ.

ئېسىمدە قېلىشىچە قەشقەر ساۋاقداشلىرىمنىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسىگە، قەدىمىيلىكىگە ۋە مىللىي خاسلىقىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. مېنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى كىتاپنى تولا ئوقۇغان بىلەن ئۇيغۇر ئەنئەنىسىنى ھەرىكىتىمدە جارى قىلالمايدىغانلىقىم كېيىنكى مۇساپىرلىق ھاياتىمدىمۇ باشقا ئايماقلاردىن كەلگەن دوستلارنىڭ تەئەججۈپىگە سەۋەب بولۇپ كەلدى. ئالى مەكتەپ ھاياتىمدا مەن كىتاپلاردىن ئۇيغۇر ھەققىدە ئىزدىنەتتىم، باشقا يەرلىك بەزى ساۋاقداشلىرىم پاراڭلىرىدا، ئاڭلىغان رىۋايەتلىرىدە ماڭا قەشقەرنى ئۆگىتەتتى. مەن تارىخقا شۇڭغىغانچە ئۇيغۇرنى بىر جان بىر تەن دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتىم، كىتاپ ئوقۇشنى يوق دەپ بىلىدىغان ساۋاقداش ۋە مەكتەپداشلىرىم ئۇيغۇرنى بىرەر يۇرتقا ئايرىماسلىقنى خىيالىغا كەلتۈرەلمەيتتى. بېيجىڭدىكى مەزگىلىمدە مارالبېشىلىق بىر مەكتەپدىشىمنى ئېسىمدە يوق ئۇچتۇرپانلىق دەپ تونۇشتۇرۇپ سېلىپ بىر تالاي گەپكە قالغانىدىم. مېنىڭ چۈشىنەلمەيدىغىنىم ئۇچتۇرپانلىق بولۇش بىلەن مارالبېشىلىق بولۇشنىڭ بۇنچە غەزەپلەنگىدەك قانچىلىق زۆرۈرىيىتى بارلىقى ئىدى. بېيجىڭدىكى چېغىمدا ئۇيغۇر ستۇدېنتلار ئارىسىدا يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان تەڭرىتاغ لوڭقىسى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى 1996-يىلى ئۆرۈمچىلىك بالىلارنىڭ «بۇ يىل بىز ئۆتكۈزىمىز» دەپ ئۆزلىرىنى رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىس قىلىپ سايلىۋالغىنىغا تاڭ قالغانىدىم. ئالى مەكتەپتە قەلبىمنى بىرەر يۇرتقا مەھبۇس قىلمىغاچقا يۇرتداشلار زىياپىتىگە كەم باردىم،

ھەممە يۇرتتىن دوستلۇرۇم بولدى.

ئۇرۇمچىدە ماگىستىرلىقتا ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا يۇرتۋازلىقنىڭ مۇساپىرلار ئارىسىدا كۈچلۈك بولۇدۇغانلىغىنى ھېس قىلدىم. ئۈرۈمچىگە ھەر قايسى يۇرتلاردىن كېلىپ خىزمەت قىلىۋاتقان مۇئاشلىقلارنىڭ يۇرتلار بويىچە لاگىرلارغا ئايرىلغانلىقى مېنى قىزىقتۇردى. ھەتتا ئۈرۈمچىدىكى كەلپىنلىكلەرنىڭ تىزىملىكى چۈشۈرۈلگەن بىر رىسالىنىڭ بارلىقىغا، بىر قومۇللۇق ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ نىكاھىنى ئاتايىن قومۇللۇق ئۆلىما تاپتۇرۇپ ئوقۇتقىنىغا قۇلاق مەھمىنى بولدۇم. دىققەت قىلسام ھەر قايسى يۇرتنىڭ ئۈرۈمچىدە ئەمەلدار تۈرلىرى، مالاي چۈرلىرى يازغۇچى تارىخچىلىرى يېغىلغانىكەن. ئۇلار مەنپەئەتتىن ئېشىلگەن ئارغامچىغا مەھكەم ئېسىلىپ بىر بىرىگە دوست تارتىشىپ ئىنساننىڭ پىسخىك ئېھتىياجى بولغان تەۋەلىك (ئۆزىنى پۇستانى يۇرتلۇق دېيىش ۋە شۇ ئاتالمىغا باغلانغان نەپكە سىغىنىش) ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشىدىكەن. يەنە بىرى ئۇلار يۇرتلار بويىچە پىرقىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادى ۋە مەنىۋى بىخەتەرلىكىنى قوغدىشىدىكەن. رىقابەتتە ئۇستۇنلۇك قازىنىش ئۈچۈن لاگىرلاشقان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە سان جەھەتتە قايسى يۇرتنىڭ كىشىلىرى ئۈرۈمچىدە كۆپرەك بولسا شۇ يۇرت كىشىلىرى ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئاسان چېقىلىدىكەن ۋە ئورتاق «دۈشمەن» گە ئايلىنىپ قالىدىكەن. ئۈرۈمچىدىكى مۇئاشلىقلار ئارىسىدا قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆپرەك بولۇشى قەشقەر ئەپسانىسىنى پۈركەتكۈزىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۈرۈمچىدىكى يۇرتۋازلىقنىڭ مەنبەسىنى ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان رىقابەتتىن باشقا بىخەتەرلىك ئېھتىياجى، تەۋەلىك ئېھتىياجى ۋە ھۆرمەتلىنىش ئېھتىياجى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىكىن دەپمۇ ئويلۇدۇم. مەسىلەن: ئۈرۈمچىدە بىر زىيالى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى مۇنداق قۇرۇپ چىقىپتۇ. ئاۋۋال يۇرتىدىن ئۇيغۇر شاھلار، ئالىملار، قەھرىمانلار چىققانلىقىنى، يۇرتداشلىرىنىڭ خانلىقنى قۇرغۇچى قەبىلىنىڭ ئەۋلاتلىرى بولغانلىقىنى قېزىپ چىقىپتۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ جەمەتىنى ۋە ياكى مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ جەمەتىنى شۇ ئۇلۇغلارنىڭ بىرىگە باغلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ مۇنداق خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ: يۇرتۇم ئۇلۇغ شۇڭا ئۇلۇغمەن، جەمەتىم ئۇلۇغ شۇڭا بۈيۈكمەن، شەرىپىم بۇۋىلىرىمدىن مىراس

قالغان ئۇيغۇرلار ئۇلۇغلۇقۇمنى بىلىشتىن ئاۋۋالمۇ ئۇلۇغىدىم...ۋە باشقىلار. ئۇلۇغلارنىڭ ئۆزىنى ئۇلۇغلاش ئۇچۇن يۇرتىنى ئۇلۇغلىشىدا يەنە بىر ۋاستە باشقا يۇرتلارنى چۆكۈرۈشتۇر. ئۈرۈمچىدەك ئۇيغۇر دىيارىنىڭ قان تەرى ئىقتىسادقا ئايلىنىپ تاغ ياسىغان شەھەرگە ئۇيغۇر نامراتلىرى مەركەزلەشكەن قەشقەردىن كىشىلەر قىشلاقلار بويىچە توپلۇشۇپ مەھەللىلەرنى بەرپا قىلغان بولۇدۇ. ئۈرۈمچىدىكى قەشقەرلىكلەرنىڭ كۆپ بولۇشى يۇرتۋازلىق مەستانىلىرىگە قەشقەرلىكلەرنى چۆكۈرۈشنىڭ مەسخىرە قىلىشنىڭ «تېپىلغۇسىز» دەسمايىسىنى تەقدىم قىلىدۇ. بىر قىسىم زىيالىلار بۇنداق چۆكۈرۈشنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۇچۇن جوڭگۇ ۋە چەتئەللەرنىڭ سەيياھ جاھانكەزدىلىرىنىڭ خاتىرىلىرىنى توقۇپ چىقىشىدۇ، تارىخ ۋە بۈگۈندىن ئىسپات توپلۇشۇدۇ. بۇنىڭغا ئاساسمۇ تېپىلماي قالمايدۇ. ئۇيغۇرنى ئەيىپلىك ساناش مودا بولغان زاماندا ئۇيغۇر ئەڭ كۆپ قەشقەر ئەيىپلىك بولماي قەيەر ئەيىپلىك بولماقچىدى؟ قەشقەردىن قاڭقىپ چىققان ئادەم كۆپ بولغاچقا سارىڭمۇ، سېقىمۇ، ئوغرىسىمۇ توغرىسىمۇ كۆپ بولۇدۇ دە!

ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى يۇرتۋازلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان كىشىلەرنى يېڭى پۇرسەتلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇ يۇرتۋازلىقنىڭ مۇئاشىلىقلارنىڭ تۇرتكىسى بىلەن نەزىرىيەلەشتۈرۈلىشىدە، كىتاپلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئىكرانلاشتۇرۇلىشىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، بىر قانچە ئىلىمدار چىقىپ ئەمەلدارلار بىلەن پاسلىشىپ «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» دېگەن كىتاپنى پىلان قىلىشىدۇ. بۇنىڭغا قەشقەرنىڭ داڭلىقلىرى چىداپ بولالماي «ئەزىزانە قەشقەر» دېگەن كىتاپقا يەڭ شىمايلايدۇ. نادان زىيالىدىن بىر قانچىسى تۇرپانشۇناسلىق دېگەن خەلقئارالىق ئىلىمگە چىدىيالماي قەشقەرشۇناسلىق دېگەن يوق نەرسىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. دۇنيادا ئىلىم ئەھلىلىرىگە تونۇش بولغان ئۇيغۇرشۇناسلىق دىققەتلەرنىڭ سىرتىدا قالىدۇ. تەدان زىيالىلار مىللەتچى بولۇپ قېلىشتىن قورقامدۇ، يا ئۇيغۇر بولۇشتىن خوتەنلىك، قەشقەرلىك، ئارتۇچلۇق بولۇش كىشىگە كونكرېت نەپ، نەق پايدا ئېلىپ

كېلەمدۇ، يا مىللەتنى ئەمەس يۇرتنى تەكىتلەپ ياشاش بىخەتەرمۇ بىلمىدىم. ئەيتاۋۇر ھازىر ئۇيغۇرنىڭ باغرىغا سىغىنىش، ئۇيغۇرنىڭ غۇرۇرىنى، ئىپتىخارىنى، مەنپەئەتىنى، ھوقۇقىنى تىما قىلغان كىتاپ، سىن ۋە دوكىلاتلارنى يېزىشنىڭ ئورنىغا يۇرت-ئايماقلارنى بىرلىك قىلىش كەيپىيات ھاسىل قىلغىلى تۇرۇپتۇ. مەقسەد ئىلىمدارلار بىلەن ئەمەلدارلار يۇرتلار بويىچە لاگىرلىشىپ ئۇيغۇرنى تاشلاپ ئۆزىنى-يۇرتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، تۈر ئېلىش، تەتقىقات تېمىسى ھەل قىلىش باھانىسىدا نەپ قازىنىش بولسا كېرەك.

يۇرتۋازلىق قىلىۋاتقان ياغۇچىلاردا يازمىلىردا «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقىمىنى» دېگەن ماقالدا ئەكس ئەتكەن كەيپىيات دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. مەسىلەن، بىر قىسىم يازغۇچىلارنىڭ يازما ۋە نۇتۇقلىرىدا شىڭشىسەينىڭ يۈز يىگىرمە نەچچە مىڭ ئۇيغۇرنى قەتلى قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنماي ھەدېسە ئابدۇغۇپۇر شاپتۇلنىڭ شىڭنى «پەيغەمبەر بولاركەن» دېگەنلىكى تەكىتلىنىدۇ. ھەتتا ھاكىمىيەتنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئابدۇقادىر داموللام، تەۋپىق ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ ئۆلۈمىمۇ قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلۈنىدۇ. شىڭنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان خوجانىياز ھاجىنىمۇ قەشقەرلىكلەر مەغلۇپ قىلغان دېيىلىدۇ. ئۇلار بۇ ئەپسانە ئارقىلىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىدىن (قەشقەرلىكتىن) باشقا دۈشمىنى يوق دېگەننى ئىسپاتلىماقچى. چۈنكى ھامان ئېشەككە كۈچى يەتمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ دانالىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىر قۇربانلىق تېپىشقا مۇھتاج، ئۇ بولسىمۇ روھى ۋە جىسمانى جەھەتتىن تەڭلا ھەپسىگە مەجبۇرلانغان قەشقەردۇر. ماڭا بەزى كىشىلەرنىڭ قەشقەرنى ئەپسانىلەشتۈرۈپ تىللاشلىرى ۋە سېستىنشلىرى ئۆيىنى ئوغرىغا بەرگەن قېرىنداشلارنىڭ بىر بىرنى ئوغرى تۇتۇپ ھۆرپىيىشلىرىگە ئوخشايدىغاندەك تۇيۇلۇدۇ. بۇ يەردە دېيىلمەي قالغان لېكىن زامانىۋي تۈس ئېلىپ سىمىرىگەن يەنە بىر بىخەتەر پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بار، يەنى ئۇ بولسىمۇ ئۇيغۇرغا يامانلىق قەشقەرلىكتىن — ئۇيغۇردىن كەلگەن، روس مۇستەملىكىچىلىرى، شىشىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ مۇستەملىكىچىلىك قىلمىشىدىن ئەمەس. ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈنكى زەبۇنلىقىغا بۇ مىللەتنىڭ نۇقسانى سەۋەبكار. بۇ خىل تەپەككۇر ئۇسۇلى ناخشىلاردا «بۇ قىسمەتكە نېمە

دەي ئۆزەمنىڭ شورى» شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. زامانىمىزدا مۇشۇنداق ئويلاش مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئاسان، ئەڭ بىخەتەر يولى. چۈنكى ئۆز جەمىيىتىنى ئۆزگەرتىشتە موللىسى ۋە يازغۇچىسىنىڭ ئىھتىياتچان تەشۋىقاتىدىن باشقىغا كۈچى يەتمەيدىغان مىللەتكەتكە بۇنىدىن ئارتۇق تەسەللى يوق.

يۈرتۋازلىقنىڭ سەۋەبىنى بەزىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى قەبىلە ھاياتىغا باغلايدۇ. بەزىلەر ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلارنىڭ مەزھەپ كۆرىشىنى يۈرتۋازلىقنىڭ مەنبىيى دەپ بىلىدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇيغۇر ۋىلايەتلىرى ئارىسىدىكى تەبىئىي شارائىت، يوسۇن ۋە شىۋە پەرقىنى يۈرتۋازلىقنىڭ سەۋەبكارى دەپ تونۇيدۇ. مەن يۈرتۋازلىقنى تارىخى ھادىسە دەپ قارىمايمەن. چۈنكى ھېچ بىر ئۇيغۇر تارىختا ياشىمايدۇ. بۈگۈنكى زاماندا ياشاۋاتقان ھېچ بىر ئۇيغۇرنىڭ خۇي-پەيلى، ئىددىيىسى ۋە كۆزقارىشى تارىخنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. چۈنكى بۈگۈندە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بۈگۈنكى جەمىيەت بەرپا قىلىدۇ. جەمىيەتتە ئەۋج ئالغان خۇشاللىق، خاپىلىق، قورقۇنچ پەيدا قىلغۇچى ئامىللار ۋە چەكلىگۈچى، باشقۇرغۇچى، تەھدىت سالغۇچى كۈچلەر كىشىلەرنىڭ مىجەزىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا بۈگۈنكى يۈرتۋازلىقنى ئۇيغۇرنىڭ تارىختىكى رىياللىقىدىن ئىزدەش ماڭا ئىلمىيلىك تۇيۇلمايدۇ .جوغراپىيىلىك پەرقلەر، يوسۇن ۋە تەلەپپۇزدىكى ئۆزگىچىلىكلەر ئالاقەدە ياتسىراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئەمما يۈرتۋازلىقنى پەيدا قىلىشى ناتايىن. بۇنداق پەرقلەر يۈرتۋازلىقتىن خالى ئامېرىكا جەمىيىتىدىمۇ بار. مەنچە ئۇيغۇر جەمىيىتىدە يۈرتۋازلىقنى پەيدا قىلغۇچى ئامىل بىر ئىنساننىڭ جەمىيەتتە مۇناسىۋەت تورىنى ياراتماي تۇرۇپ قابىلىيىتىگە تايىنىپ مۇستەقىل ياشىيالماسلىقى. بىر كىشىنىڭ مۇتلەق ئادىل قانۇننىڭ ھىمايىسىدە ئۆزىنى بىخەتەر ھېس قىلالماسلىقىدۇر. شۇڭا كىشىلەر مەنپەئەتنى مەقسەد قىلغان ئىجتىمائىي تور شەكىللەندۈرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر بىخەتەرلىكى ئۈچۈن مۇداپىيە سېپى

ئۇيۇشتۇرىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كىشىلەر جەمئىيەتتىن نەپلىنىپ ياشاش ئۈچۈن مۇناسىۋەت تورىغا مۇھتاج، مۇنداق مۇناسىۋەت تورى ئۆزى بىلەن تەلەپپۇز، يوسۇن ۋە جەمەت قاتارلىق جەھەتلەردە يېقىن بولغان يۇرتداشلىرى ئارقىلىق قۇرۇپ چىقىلىسا قولاي بولىدۇ. بۇندىن باشقا كىشىلەر بىخەتەرلىك ئېھتىياجى ئۈچۈنمۇ بىر توپنى قۇرۇپ چىقىشقا مۇھتاج. بۇ توپ ئەلۋەتتە يۇرتداشلاردىن تەشكىللىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز دىيارىدا خالىغانچە كۆچۈش، ئولتۇراقلىشىش ھوقۇقىنىڭ ئۇزاق مۇددەت چەكلەنگەنلىكىمۇ ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىنى چۈشۈنۈش پۇرسىتىنى ئازايتىپ، يۇرتۋازلىققا مەنىۋى ئاساس ياراتقان ئامىل. ئۇيغۇردا يۇرتۋازلىقنى پەيدا قىلىۋاتقان يەنە بىر ئامىل تۆمۈر نوپۇس تۈزۈمى ۋە ئۆزگە يۇرتلۇقلارنى تىزىملاش تۈزۈمىدۇر. بىر شەھەرگە يەرلىك بولمىغان كىشى دائىم نازارەتتە ياشىسا، شۇ يەرلىك خەلق بەھرىمەن بولغان شارائىتلاردىن بەھرىمەن بولالمىسا ئۆزىنى شۇ شەھەرلىك دەپ قارىيالمايدۇ. نەتىجىدە ئۆزى بىلەن بىر يۇرتلۇق كىشىلەردىن گورۇھ تەشكىللەيدۇ. ئوخشىمىغان يۇرتلاردىن كەلگەن گورۇھلار ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن دائىم رىقابەت مەيدانىغا چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇرتۋازلىق تېخىمۇ كۈچىيىدۇ ھەتتا بۇ كۆچمەنلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا مىراس قالىدۇ. دېموكراتىك كەيپىيات ئەۋج ئالغان ئەللەردە يۇرت سۆيگۈسى بولۇپ يۇرتۋازلىقنىڭ بولماسلىقى، ئىنساننىڭ بىخەتەرلىكى، كىملىكى، سالاھىيىتى ۋە تۈرلۈك ھەق ھوقۇقلىرى ماكاننىڭ، يۇرتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماستىن قوغدىلىدىغانلىقىدىندۇر. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا يۇرتۋازلىقنى يوقىتىشتا تەرەققىيات ۋە دېموكراتىيە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ.

ھەر قانداق كىشىدە يۇرت سۆيگۈسى بولىدۇ. بۇ بىر نورمال ئىنسانى تۇيغۇ. بىراق بۇ تۇيغۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، باشقىلارنى چۆكۈرۈش، جەمەتىنى مۇقەددەسلەشتۈرۈش، گورۇھلۇشۇپ نەپسانىيەتكە يول ئېچىش ۋاستىسى بولۇپ قالسا كىشىنى يىرگەندۈرىدۇ. يۇرتۋازلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئومۇملاشقان كەيپىيات ئەمەس، پەقەت بىر قىسىم كالتە پەم مۇئاشلىق زىيالىلاردا كۆرۈلىدىغان مەرەزدۇر. بۇرۇن بۇ مەرەزنىڭ زىيىنى ئانچە بىلىنمەي كەلگەن ،لېكىن تور قاتارلىق ئۇچۇر تارقىتىش ۋاستىلىرى تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى زاماندا بەزى يۇرتلار ھەققىدىكى مەھەللىۋى چاخچاقلار تېز

سۈرئەتتە تارقىلىپ باشقا يۇرت كىشىلىرىنىڭ قەلبىنى چىگىدىغان دەرىجىگە يەتتى. بىر قىسىم يارىماس يازغۇچىلارنىڭ ناباپ يازمىلىرىدىكى ۋېرۇس پىكىرلەر كىشىلەرنىڭ ئىددىيىسىنى كېسەل قاراشلارغا مۇپتىلا قىلدى. شۇڭا بۇ قىسقىچە مۇلاھىزىنى يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم. مەقسەد ئۇنتۇلۇپ كېتىشى كېرەك بولغان ھەم ئەسلىدىنلا ئۇنتۇلۇپ بولغان يارىلار قايتا قوزغالمىسا، ئارىمىزدا بۇ سەۋەبلىك يۇرتۋازلىق پىتنىسى قوپمىسا دېگەن ئۈمىدىم بار.

# ئىچكىرىدىكى ئۇيغۇرلار: مەسىلە ۋە مۇلاھىزە

2012-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئىچكىرىدىكى ئۇيغۇرلار جوڭگودىكى ھۆكۈمەت تاراتقۇلىرى ۋە ئاممىۋىي تاراتقۇلارنىڭ قىزىق نوقتىسىغا ئايلاندى. ئۇيغۇر يېمەكلىك مەدەنىيىتىنىڭ تاتلىقلار تۈرىگە مەنسۇپ سوقماق (قەشقەردە ياڭاق ھالۋىسى دېيىلىدۇ، بەزى يۇرتلاردا باشقىچە ئاتالسا كېرەك) بۇ داۋراڭلاردا خەنسۇچە كەسمە تورت دېگەن مەنىدىكى ئىسىم بىلەن تور ۋە تېلېۋىزورلاردا پەيدا بولدى. ھەتتا تور ئېنسىكلوپېدىيەسى بولغان بەيدۇ قامۇسىغا سوقماق دېگەن بۇ سۆز كەسمە تورت دېگەن ئىسىم بىلەن ئىزاھلىنىپ كىرگۈزۈلدى. خەنسۇچە مۇنبەرلەردە تورمەنلەرنىڭ ۋە تېلېۋىزور ئالدىدىكى كۆرۈرمەنلەرنىڭ مۇنازىرىسىگە سەۋەب بولغان سوقماق ۋەقەسى (خەنسۇچە كەسمە تورت ۋەقەسى) ئىچكىرىدىكى بىر ناھىيىدە يۈز بەرگەن. بىر ئۇيغۇر سوقماق تىجارەتچىسى يەرلىك خەنسۇ خېرىدارىغا تەلەپ قىلغان ئارتۇق سوقماق تارتىپ بېرىپ مەجبۇرىي ساتماقچى بولغان. ئالارمەننىڭ كېسىلىپ بولغان سوقماقنى ئالمىغانلىقىنى كۆرگەن باشقا بىر قانچە ئۇيغۇر ساتارمەن بىرلىكتە دەۋەيلىشىپ خەنسۇ خېرىدارنى ئېلىشقا مەجبۇرلىغان. نەتىجىدە، نەق مەيداندىكى يەرلىك خەنسۇلار بىلەن ئۇيغۇر سوقماقچىلار ئوتتۇرىسىدا جېدەل چىققان. جېدەلدە سوقماقچىلار يارىلانغان، ھارۋىلىرى ئۆرۈلگەن، سوقماقلىرى بىزەپ قىلىنغان. يەرلىك ج خ تارماقلىرى جېدەلگە ئارىلاشقان بىر يەرلىك كىشىنى تۇتۇپ تۇرۇش، سوقماقچىلارغا 160 مىڭ سوم تۆلەم بېرىپ يۇرتىغا قايتتۇرۇۋېتىشتەك چارە بىلەن دىلونى ھەل قىلغان.

مەن ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئون نەچچە يىل ياشىدىم. پەرقلىق شەھەرلەردە ھەرخىل سالاھىيەتتە تۇرمۇش كەچۈردۈم، تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتتە بولدۇم. ئىچكىرىدىكى يىللىرىم ئاساسەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ مەكتەپ سىرتىدىكى سىتۇدېنتلىق پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمنىڭ كۈلكىسى ۋە كۈلپەتلىرىدىن بىخەۋەر قالمىدىم. مەزكۇر مۇنازىرىلەرنىڭ تېمىسى بولغان سوقماقچىلار بىلەن كوچىدا، پويىزدا ۋە بازارلاردا سۆھبەتتە بولغانمەن. شۇڭا ئۆزەمنى ئۇلار

ھەققىدە يېزىش ۋە سۆزلەشكە قەرزدار ۋە لاياقەتلىك دەپ قارايمەن. ئالدى بىلەن سوقماق ۋەقەسىگە خەنسۇ تورداشلارنىڭ قانداق چۈشەنچە ۋە پوزىتسىيەدە بولغانلىقىغا قاراپ باقايلى.

1. سوقماق ۋەقەسى ۋە خەنسۇ تورداشلار

خەنسۇ تورداشلارنىڭ مۇنبەرلەردىكى ئىنكاسلىرىغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ سوقماق ۋەقەسىنىڭ سەۋەبى ھەققىدىكى مۇلاھىزىسىنى تۆۋەندىكىچە خۇلاسىلەش مۇمكىن . بىرىنچى، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن ئېتىبار سىياسىتى ئۇلارنى ئۆز يۇرتىدا مۇشتۇمزورلۇق قىلغىنى ئاز كەلگەندەك جوڭگونىڭ خەنسۇلار رايونىدىمۇ زوراۋان، قائىدىسىز ۋە ئۆكتەم قىلىۋەتتى. ئىككىنچى، ئۇيغۇرلار شىنجاڭدا ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە بولغاچقا ئۇ يەردە ياشاۋاتقان خەنسۇلار ئىككىنچى پۇقرالىق سالاھىيىتىدە ياشاپ ئۇيغۇرلارنىڭ خورىگىنى ئۆستۈرۈپ قويدى. ئۈچىنچى، ئۇيغۇرلار پۈتۈن مىللەت بويىچە ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئىسلام دىنى زوراۋانلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان، ئىسلامغا ئىشەنمەيدىغانلارنى ئۆلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن. ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدا ۋە مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ياۋۇزلۇقلىرىغا سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولغاچقا ئىسلامغا ئىشەنمەيدىغان خەنسۇلارغا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ ۋە خالىغانچە بوزەك قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا تېرورچىلارنىڭ كۆپ بولۇشى ئىسلامنىڭ تېرورچىلىقنى تەرغىپ قىلغانلىقىدىن بولغان. تۆرتىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئىتى تەييارتاپ، ھورۇن، تەرتىپسىز شۇڭا ئۇيغۇرلاردىن ئوغرىلار، زورلاپ ساتقۇچىلار ۋە زەھەر ئەتكەسچىلىرى كۆپ چىقىدۇ. ئۇيغۇرلار ئالىي مەكتەپكە ئېتىبار بىلەن قوبۇل قىلىنىدۇ، ئالىي مەكتەپتە ئېتىبار قىلىنىپ لاغايلاپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ، نەتىجىدە ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن خەنسۇلار بىلەن رىقابەتتە تەڭ تۇرالماي ھۆكۈمەتتىن نارازى بولىدۇ. ئۇيغۇرلارغا پىلانلىق تۇغۇتتا ئېتىبار قىلىنىدۇ، كۆپ باللىق بولغاچقا نامرات، شۇڭلاشقىمۇ ئۆزىدىن كۆرمەي دۆلەتتىن زارلىنىدۇ...ۋاھاكازالار. يۇقىرقى مۇلاھىزىلەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ تىلغا

ئېلىنغىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيغۇرلارغا چەكلىمىسىز ئىتىبار قىلغانلىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ نادانلىقى ۋە ھورۇنلىقى سەۋەبلىك تەرەققىي قىلالماي ھۆكۈمەتكە يۈك بولغانلىقى بولدى. مانا بۇ ئىچكىرىدە ياشاۋاتقان خەنسۇ ئاۋامنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى رىياللىقىغا بولغان خاتا چۈشەنچىسى ۋە شۇ سەۋەبلىك سوقماق ۋەقەسىنىڭ سەۋەبىگە تۇتقان ناتوغرا پوزىتسىيەسى. بۇنداق چۈشەنچە ۋە پوزىتسىيەنىڭ شەكىللىنىشىگە ھاكىمىيەتنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئەمەلىگە ئاشماس ئاپتونومىيە سىياسىتى ۋە پۈتۈن مەملىكەتكە قاراتقان ئۇيغۇرلارنىڭ رىياللىقىغا ئۇيغۇنسىز غايىۋي تەرغىباتى سەۋەب بولغان. بۇندىن باشقا سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ھاكىمىيەت تېرورچىلىققا قارشى خەلقئارا ئۇرۇشقا قاتناشمىغان بىلەن مەملىكەت ئىچىدە تەشۋىقات ئۇرۇشى قوزغىغانلىقتىن تېرورچىلىققا باغلىنىپ قالغان مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئۆزىمۇ بىلمەستىن خەلقئارالىق دۈشمەنگە ئايلىنىپ قالغان. يەنە بىر جەھەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ خەنسۇ پۇقرالارغا تەرەپسىز، ھەققانىي مەيداندا ئۆز مەدەنىيىتى ۋە رىياللىقىنى چۈشەندۈرۈش پۇرسىتى ۋە شارائىتى بولمىغانلىقىمۇ موھىم بىر سەۋەب. شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، خەنسۇ تورداشلارنىڭ مۇنازىرىدە ھاكىمىيەتكە بولغان نارازىلىقىنى سوقماق ۋەقەسىگە باھانداپ دەۋىلىش خاھىشىمۇ يوق ئەمەس، ئەلۋەتتە.

سوقماق ۋەقەسى ھەققىدىكى ئاۋام تورداشلارنىڭ ئىنكاسلىرىغا قارىغاندا بەزى خەنسۇ زىيالىلىرىنىڭ توردا ئېلان قىلغان قاراشلىرى بىر قەدەر تەمكىن، ئەمەلىي ۋە ئەتراپلىق. جىنەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ياۋ شىنيوڭ ئەپەندى سالماق پىكىر قىلغان خەنسۇ زىيالىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ بۇ مەسىلىدىن بەكلا جىددىيلەشكەن. سوقماق ۋەقەسىنىڭ شاۋگۇەن ۋەقەسىگە ئوخشاش بىر مەيدان توقۇنۇشقا سەۋەب بولۇشىدىن ئەنسىزلىككە چۈشكەن. ئۇنىڭچە ئۇيغۇر تورداشلارمۇ گۇناھنى بوينىغا ئېلىشى، خەنسۇ تورداشلارمۇ بىر قانچە ئۇيغۇر سوقماقچى سەۋەبلىك پۈتۈن ئۇيغۇرلارنى ئەيىپلىمەسلىكى كېرەك. ئۇ سوقماق ۋەقەسىنى جوڭگودا يېزىلاردىن شەھەرگە كىرگەن ئىشلەمچىلەردە كۆپ كۆرۈلىدىغان ھادىسە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ بۇنى بىرەر مىللەت بىلەن باغلاپ چۈشىنىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. مەن بۇ كىشىنىڭ ئەنسىزلىككە چۈشكەندىكى ئىزگۇ نىيىتىدىن سۆيۈنىمەن.

ئەمما شىنجاڭدا تۇرغان بىلەن ئۇيغۇرلارنى چۈشەنمەي قىلغان پىكىرلىرىگە تۈزۈتۈش بېرىشنى زۆرۈر دەپ قارايمەن. مەنچە ئۇيغۇرلار بۇ ئىشتا ياۋ ئەپەندى ئەنسىرىگەن زوراۋانلىقنى سادىر قىلمايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ھەق سۆزى خۇدا، ھوقۇق، نىسىۋە، توغرا ۋە ھەققانىيەت مەنىسىدە كېلىدۇ. ھەق سۆزىنىڭ ئەڭ يارقىن مەنىسىنىڭ ئاللاھ ۋە ھەققانىيەت ئىكەنلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئادالىتىگە شەكسىز چىنپۈتىدىغان ۋە ھەق يولىدا ياشاپ ھەق يولىدا جان بېرىدىغان مىللەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان كىچىككىنە دەلىل. بىر قانچە ئۇيغۇر سوقماقچىنىڭ ھەق يولىغا مۇخالىپ قىلمىشى سەۋەبلىك جازالانغانلىقى ئۇيغۇردا كىملەرگىدۇ نارازىلىق پەيدا قىلمايدۇ. قارىغاندا مەزكۇر ئاق كۆڭۈل تەتقىقاتچى ئۇيغۇرلارنىڭ 2009-يىلدىكى پاجىيە سەۋەبلىك نېمىشقا شۇنچە غەزەبلەنگەنلىكىنى تېخىچە چۈشەنمەپتۇ، مىڭ ئەپسۇس، تۆكۈلگەن قانلار.

2. سوقماق سوققان سۇئاللار

مەن سوقماق دىلوسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن ۋە بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالىدىن پەقەت ھەيران قالمىدىم. پەقەت ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر باللارنىڭ باشقۇرۇلۇش ۋە جازالىنىش ئەھۋالى بىلەن مەكتەپ سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىدا ئاجايىپ ئوخشاشلىقنىڭ مەۋجۇدلىقى مېنى ئويغا سالدى. ئىچكىرىدىكى بەزى ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر باللار ئىمتىھاندا كۆچۈرسە نازارەتچىلەر «ئۇلار ئۇيغۇرچە پاراڭلاشتى، تىلىنى بىلمىگەچكە كۆچۈردۇق دېگىلى بولمىدى» دەپ توسۇمايدۇ، جازالىمايدۇ. ئىچكىرىدە ئوغۇرلۇققا سېلىنغان ئۇيغۇر باللارنى ساقچىلار «تىلىنى بىلمىگەچكە سوراق قىلىشقا ئامالسىز قالدۇق» دەپ قويۇپ بېرىدۇ. ئىچكىرىدە ئۇيغۇر ستۇدېنتلار بىر بىرى بىلەن جېدەللىشىپ قالسا مەكتەپ «ئىچكى ئىشىڭلار ئىكەن، ئۆزۈڭلار كېلىشىۋېلىڭلار» دەپ سورىمايدۇ. ئۇيغۇر پۇقرالار ئىچكىرىدە ماجىرالاشسا ھەتتا چانىشىپ كەتسىمۇ ساقچى سورۇمايدۇ، چۈنكى بۇمۇ «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئىشى» سانىلىدۇ. نەتىجىدە ئىچكىرىدە

ھەر قايسى يۇرتلار بويىچە تەشكىللەنگەن ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بىر بىرى بىلەن شەھەر تالىشىپ جودالىشىدۇ، تۇرلۇك تىجارەتلەردىكى ئۇيغۇرلارنى خالىغانچە بوزەك قىلىشىدۇ. ئىچكىرىدىكى ئۇيغۇر ستۇدېنتلارغا ئىمتىھانلاردا خەنسۇ ستۇدېنلاردىن تۆۋەن نومۇر چېكى بېكىتىلىدۇ، ئېنگىلىزچە تىل ئۆلچىمى قويۇلمايدۇ، يوقلىما قىلىنمايدۇ، تۇرۇپ تۇرۇپ پۇل تارقىتىپ «ياردەم» قىلىنىپ تۇرۇدۇ. ئىچكىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئادەم، خىروين، نەشە قاتارلىقلارنى يۆتكەپ ساتسا جازادا ئېتىبارغا ئېرىشىدۇ. جازالىغان تەقدىردىمۇ خەنسۇ پۇقرالارنى زىيانغا ئۇچراتمىغان، ئۇيغۇر ئەمەس داۋاگەرلەر مۇستەھكەم تۇرمىغان ئەھۋالدا پارا بىلەنلا قويۇپ بېرىلىدۇ. مانا بۇ ئۇيغۇرلاردىن چىققان ئادەم سودىگىرى يالماۋۇزلارنىڭ، خىروين ئەتكەسچىسى ناكەسلەرنىڭ، نەشىكەش ئوغرىلارنىڭ ئىچكىرىگە يىغىلىشىلىشىنىڭ سەۋەبى. مەن بېيجىڭدىكى بىر قوشۇننىڭ كاتىۋېشىنىڭ شوركىلىرىغا «ئادەم ئۆلتۇرۇپلا قويمىغان بولساڭ ھەر قاندىغىڭنى بىر يىلغا قالماي چىقىرىۋالالايمەن» دېگىنىنى ئاڭلىغانمەن. ئىچكىرىدىكى ئۇيغۇر ستۇدېنتلار بىلەن ساياق ئۇيغۇلارنىڭ ئەھۋالدا پەرق بار دېيىلسە بىر دىنبىر پەرق بەزى ئۇنۇېرستېتلاردىكى ئۇيغۇر ستۇدېنتلار مەيلى نېمە قىلسۇن مەكتەپتىن قوغلانماي دىپلوم بېرىپ يولغا سېلىنىدۇ، لېكىن ساياقلار پات- پات سۇر توقاي قىلىنىپ تۇرىدۇ.

خوش، ئىچكىرىدىكى ساقچىلارنىڭ، ئەمەلدارلارنىڭ ئۇيغۇر ساياقلىرىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى بىلەن ئالى مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇر ستۇدېنتلىرىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى نېمىشقا بۇ قەدەر ئوخشاپ قالىدۇ؟ بۇنداق پوزىتسىيەگە يوشۇرۇنغان كەمسىتىشنى قانداق چۈشىنىمىز؟ جىنايەتنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا جىنايەتچى سەۋەبچىمۇ ياكى جىنايەتكە يول بېرىدىغان موھىتمۇ؟ ھورۇنلۇقتا، قائىدىسىزلىككە، بىلىمسىزلىككە تەلەپنى تۆۋەن قويغان، باشقۇرمىغان مەكتەپ سەۋەبچىمۇ ياكى يايلاپ ئوقۇپ يۈرگەن ئوقۇغۇچىمۇ؟ ئۇيغۇرلار قاچان خەنسۇچە ئوقۇغىنى ئۈچۈن نومۇر قوشۇشنى، قوش تىلدا ئوقۇغىنى ئۈچۈن ئېتىبار قىلىشنى، سوقماقنى زورلاپ ساتقىنى ئۈچۈن جىنايەت سادىر قىلسىمۇ كەڭچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىپتىكەن؟ بۇنداق ھېچ بىر تەلەپسىز ئېتىبار قىلغانلىقنىڭ جىنايەتكە يېتەكلەشتىن، ئۇيغۇرنى مەجرۇھ قىلىشتىن،

ئۇيغۇرنى ئۆز مەدەنىيىتىنى تاشلاپ بېقىندى بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشتىن، خەقنىڭ كۆزىگە مىيىپ، بەتبەشىرە كۆرسىتىۋېتىشتىن باشقا نېمە رولى بولىدى؟ ئۇيغۇرلار باراۋەر مۇئامىلىگە مۇھتاجمۇ ياكى ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى خاتا چۈشەنچىگە پاتۇرۇدىغان ھاقارەتلىك ئېتىبارغىمۇ؟ ئۇيغۇرلار سوقماقچىلارنىڭ زورلاپ سېتىش مەسىلىسى نېمىشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەمەس ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خەنسۇلار ئارىسىدا يۈز بېرىدۇ؟ بۇ سوقماقچىلار نېمىشقا شىنجاڭدىكى خەنسۇلارغا ئەمەس ئىچكىرىدىكى خەنسۇلارغا سوقماقنى زورلاپ ساتالايدۇ؟ ئەگەر ئىچكىرىدىكى خەنسۇ خېرىدار ۋە ئۇيغۇر سوقماقچى ئوتتۇرىسىدا بولغان بۇ ئىش شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بولسا ئامانلىق دىلوسى سۈپىتىدە ئاخىرلىشارمىدى ياكى خەنسۇلارغا قارشى تېرورلۇق ۋەقەسى بولۇپ قانلىق باستۇرۇلارمىدى؟

3. سوقماق ۋەقەسى ئۇيغۇردىكى «نۇقسانلار»نى ئاشكارلىدىمۇ؟

سوقماق ۋەقەسىگە ئۇيغۇر تورداشلار ناھايىتى سالماق مۇئامىلىدە بولىدى. بىر قىسىم تورداشلار بۇنىڭ سەۋەبىنى شىنجاڭدىكى تەڭسىزلىك، ئىشسىزلىق، نامراتلىق، مائارىپسىزلىق ۋە ئۈمىدسىزلىك قاتارلىق ئىجتىمائىي ئامىللارغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشتى. بەزىلەر بۇنى ئۇيغۇر مىللىتىدىكى دىنىنىڭ سۇسلۇشۇپ كېتىشىگە جوراپ ئىزاھلاشتى. يەنە بەزىلەر بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ نۇقسانلىق مىللەت ئىكەنلىكىگە، ئۇيغۇردىكى بۇنداق نۇقسانلار تۈزۈتۈلمىسە مۇشۇنداق ھەممە يەردە «سېسىپ» كېتىدىغانلىقىغا تارتىپ ئۇچۇقلىدى. مەيلى كىم نېمە دېسۇن ھېچكىم سوقماقچىلارنىڭ قىلغانلىرىنى توغرا دەپ قارىمىدى. ئىچكىرىدە خەنسۇلارغا سوقماقنى زورلاپ، قورقۇتۇپ ساتقان ئۇيغۇرلارنى ئويلۇغۇنۇمدا ئېسىمگە ئىستانبۇل بازارلىرىدا، مەككە كوچىلىرىدا، دۇبەي رەستىلىرىدە تىجارەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر باللىرى كەلدى. ئۇلار نېمىشقا زورلاپ ساتمايدۇ؟ ئۇلار نېمىشقا يەرلىكلەردىن تاياق يېمەيدۇ؟ ئۇلار نېمىشقا يەرلىكلەرگە شۇنچە ياخشى تەسىر بېرىپ يىللاپ ۋەتەنگە قايتماي راۋان تىجارەت قىلىدۇ؟ بۇنىڭغۇ يەككىلەرنىڭ، توپ ھاسىل

قىلمىغانلارنىڭ ئىشى، ئۇيغۇرلارغا ۋەكىل بولالمايدۇ دەيلى، ئۇنداقتا قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان، ئۆزبېكىستان، ئامېرىكا، گېرمانىيە، تۈركىيە، ئاۋستىرالىيەقاتارلىق ئەللەردە مەھەللە ھەتتا يۇرت بەرپا قىلىپ خەقنىڭ ئارىسىدا ئىززەتلىك پۇقرا بولۇپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى نېمە دەيمىز؟

بىلىشىمچە ئۇيغۇرلار بېيجىڭنىڭ گەنجىياكو، ۋېيگوڭسۇن؛ گۇئاڭجونىڭ سەنيۈەنلى دېگەن يەرلىرىدە 80- يىللاردىلا ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى بەرپا قىلغان. ھازىر بۇ مەھەللىلەردىن ئىچ قانداق ئەسەر يوق. مەن تولا بارغان گەنجىياكو ۋە ۋېيگوڭسۇن مەھەللىلىرى ئۇيغۇر تائام مەدەنىيىتىنى خەنسۇلارغا تونۇشتۇرغاندىن باشقا ئادەم سودىسى، خىروينكەشلىك، نەشەكەشلىكنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلانغان ئىدى. ئەمما ئۇيغۇرلاردىن 60-يىللاردا تۈركىيەگە كۆچۈپ چىققان بىر توپ تۈركىيەنىڭ قەيسەرى شەھرىدە مەھەللە بەرپا قىلىپ ھازىرغىچە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. 2006-يىلى ئۇلارنى تەكشۈرۈشكە بارغىنىمدا باشقا يەرلىك كىشىلەردىن بۇ بىر مەھەللە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ھېچقانداق بولۇشسىز ئىپادە كۆرمىگەنىدىم. 80-يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇرلار تۈركۈملەپ كۆچۈپ چىقىپ ئاۋستىرالىيەنىڭ مىلبورىن شەھرىدە بىر ئۇيغۇر مەھەللىسى بەرپا قىلغان بولۇپ شۇ جايدا بەختلىك ياشىماقتا ئىكەن. ئەمما دەل شۇ 80-يىللاردا گۇئاڭجودا شەكىللەنگەن ئۇيغۇر مەھەللىسى ھازىر ئاللىقچان تارىخ سەھنىسىدىن سۈپۈرۈلدى. خوش، ئەگەر نۇقسان ئۇيغۇردا بولسا نېمىشقا تۈركىيەدىكى ۋە ئاۋستىرالىيەدىكى ئۇيغۇرلار بەرپا قىلغان مەھەللىلەردە كۆرۈلمىگەن چاتاقلار ئىچكىرىدىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە مەيدانغا چىقىدۇ؟ نېمىشقا تۈركىيە ۋە ئاۋستىرالىيەلەرگە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئۆزى تەۋە جەمئىيەتكە تۆھپىكار بىر جامائەت بولۇپ قوشۇلالايدۇ-يۇ ئىچكىرىدە مەھەللە بەرپا قىلغان ئۇيغۇرلار شەھەرلەرگە سىغماي سۈرگۈندە بولۇپ يوقاپ كېتىدۇ؟ بەزىلەر ئۇلارنىڭ ساپاسىدا پەرق بار ئىدى دېيىشى مۇمكىن. ۋاھالەنكى قەيسەرگە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ياركەنتنىڭ ھەر قايسى بۆلۈك پۇچقاقلىرىدىن ئافغانىستان پاسپورتى بىلەن ئاۋۋال ئافغانىستانغا ئاندىن تۈركىيەگە كۆچكەن بولۇپ كۆپۈنچىسى ساۋاتسىز ئىدى. ئاڭلىشىمچە ئاۋستىرالىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپۈنچىسى جىسمانىي ئەمگەك

بىلەن مەشغۇلكەن، ئەگەر بىز ئويلىغاندەك ساپالىق، ئالىي مەلۇماتلىق ئىنجېنېر، مۇتەخەسسىسلەر بولغان بولسا ئۇنداق ئەمگەكلەر بىلەن بەنت بولمىغان بولاتتى. دېمەك، ئېچكىرىدىكى ئۇيغۇرلاردا كۆرۈلگەن مەسىلىگە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي نوقسانى ئەمەس، ئۇيغۇرلار ياشىغان جەمىيەتنىڭ، تۈزۈمنىڭ كەمتۈكلۈكى، ئۇيغۇرلارغا قىلىنغان نۇقسانلىق مۇئامىلىسى سەۋەبچى.

سوقماقچى ئۇيغۇرلار گۇناھكار، ئەمما ئۇلاردا تۈركىيەنىڭ قەيسەرىدە ياكى ئاۋستىرالىيەنىڭ مېلبورنىدا مەھەللە بولۇپ ياشىغان، بېيجىڭدىكى گەنجىياكو ياكى گۇئاڭجودىكى سەنيۈەنلىدە توپلىشىپ بازار ئاچقان ئۇيغۇرلاردىكى بىر خىسلەت بار. مەنچە بۇ خىسلەت خۇسۇسىي ئىگىلىك يولىدىكى تەۋەككۈلچىلىك، قورقۇمسىزلۇق، مۇستەقىللىق روھىدۇر. بۇ روھ ئۇلارنى غۇرۇرنى، ئېتىقادنى پايخان قىلىدىغان يەرلىك دارىن لويىلارنىڭ قولىدىكى ئاھانەتلىك تۈرمۈشتىن ئازاد قىلىپ ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان خەنسۇ يۇرتلىرىغا تاشلىغان. ئېچكىرىدە تىجارەت قىلىۋاتقان، ياشاۋاتقان نەچچە يۈز مىڭ ئۇيغۇر مۇشۇ روھنى باغرىدا پەرۋىشلەپ نىسبەتەن باراۋەر، ئەركىن موھىتتا ئۆز يۇرتىدا خورلانغان ئېتىقادى ۋە غۇرۇرىنى ساقلاپ ياشىماقتا. بۇنداق روھنى مەن ئېچكىرىدە ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش ئاپتونومىيە هوقۇقىغا ساھىپ تىبەتلەر ۋە موڭغۇللاردا كۆرمۇدۇم. مەن ئالتە يىل ياشىغان گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى لەنجودا رەختچىلىك، ئاشخانىچىلىق، تاشچىلىق، قاقچىلىق قىلىدىغان توپ توپ ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر بار ئىدى. گەنسۇ ئۆلكىسىدە تىبەتلەرنىڭ ئىككى ئاپتونوم ئوبلاستى بار، لېكىن مەن خەنسۇلارغا تىلى ۋە مەدەنىيىتى يېقىن كېلىدىغان بىر تىبەتنىڭ لەنجو كوچىلىرىدا ئۇيغۇرلاردەك تىجارەت قىلغىنىنى كۆرمۇدۇم. مەن ئىشلىگەن غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا موڭغۇل ئەدەبىيات ئىنستىتوتى بار، ئەمما مەكتەپتە ئۇيغۇرلاردىن باشقا شۇ موڭغۇللاردىن بىرىنىڭ ئاشخانا ئاچقىنىنى كۆرمۇدۇم. دېمەك، سوقماقچىلارنىڭ ئېچىدىكى

خەنسۇلارنىڭ نەپرىتىگە قالغان ساياقلاردىن باشقا يەنە بىر قىسمى يۇرتىدىكى زۇلۇمدىن قېچىپ سوقماق ياساپ سېتىشنى تۇرمۇش يولى قىلغان، ئىمانلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزدۇر. ئەمما ئۇلار خەنسۇ مەدەنىيىتىدىن بىخەۋەرلىكى، يېتەرلىك مائارىپ شارائىتىغا ئېرىشەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك سەۋەنلىكلەردىن خالى بولالمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇندىن باشقا ئۆز يۇرتىدىن، ئۆز مەدەنىيىتىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولغان بۇ ئۇيغۇرلاردا بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كەمچىل بولغاچقا ئارىسىدىن بىرەرسى تاسادىپىي يەرلىك بىرەر خەنسۇ بىلەن زوكۇنلۇشۇپ قالغۇدەك بولسا بوزەك بولۇشتىن قورقۇپ خۇددى «قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرۈپتۇ» دېگەندەك ئىش قىلغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىرى دېھقانلاردىن بولغان تىجارەتچى كىشىلەر ئۇيغۇر دىيارىدا خەنسۇلاردىن قورقۇتۇلۇپ كۆندۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن ئىچكىرىدىكى نىسبەتەن باراۋەر موھىتتا بۇرۇنقى يۇرتىدا ئالالمىغان دەرتلىرىنى ئېلىۋېلىشتەك ئەخمىقانە خىيالدا بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇلار مەسىلىنىڭ ئۇششاق سەۋەبلىرى، مەنچە ئەڭ موھىم سەۋەب بۇنداق زورلاپ ساتقۇچىلارنىڭ ساقچىلار ۋە ھاكىمىيەت تەرىپىدىن ئېتىبار بېرىش دېگەن نام بىلەن كەمسىتىلگەنلىكى، يامان ئۆگۈتۈلگەنلىكى ۋە ئون نەچچە يىل باشقۇرۇقسىز قېلىپ نەزەرگە ئېلىنمىغانلىقىدۇر.

# ئىنسانلىقتا ئىجازەت

ۋەتەنىگە قايتقانىدىن كېيىن ماڭا ئەڭ ئېچىنىشلىق، ئەڭ غەلىتە، ئەڭ مەسخىرىلىك تۇيۇلغىنى كىشىنىڭ بىر شەخس سۈپىتىدە مۇستەقىل ياشاش پۇرسىتى، ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنىڭ ئېتىبارسىزلىقى، ئىجازەتسىزلىكى ۋە دائىم تارتىنىشى بولدى. ئىنسان بۇ يەردە پەقەت بىر شەخس سۈپىتىدە ياشىيالمايدىكەن. شەخسنىڭ ئۆزىگىلا ۋەكىل بولالماسلىقىغا زامان ۋە كىشىلەر تەڭلا سەۋەبچى بولىدۇكەن. خەلقنىڭ بىر كىشىنىڭ مۇستەقىل قارارىغا ئارىلىشىشىدىكى سەۋەب شۇكەنكى، بۇ يەردە بىر قانچە كىشى ياكى بىر گورۇپپا كىشىنىڭ قىلمىشى دائىم شۇ كىشى بىلەن كەسىپداش، يۇرتداش ياكى مىللەتداش بىر توپ كىشىنىڭ يۈرت بويىچە، مىللەت سۈپىتىدە قارىلىنىشىغا، تەقىپ قىلىنىشىغا، تەكشۈرۈلۈشىگە ۋە ئاۋارىچىلىققا قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇكەن. بۇ يەردە بىر كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى، خاتالىقى ۋە ھەتتا جىنايىتى ئۆزىگىلا تەۋە ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭ ئائىلىسى، تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرى ھەتتا يۇرتى تەڭلا مالاللىققا ئۇچرايدىكەن. شۇڭا سۆز ۋە ھەرىكەتتە سىنى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلاردىن بۇرۇن ئەتراپىڭدىكىلەر پايلايدىكەن، ئاگاھلاندۇرىدىكەن، ھەتتا جازالايدىكەن. بۇ جايدا ئىنساننىڭ ئاددىي قىلىقى ۋە گەپ سۆزلىرى مىللەتلەشتۈرۈلىدىكەن، سىياسىيلاشتۇرۇلىدىكەن، ئىدولوگىيەلەشتۈرۈلىدىكەن ۋە ياكى سۈيىئىستىمال قىلىنىدىكەن. بۇ يەردە بىر كىشىنىڭ ئۆزى قىلغان سۆز ۋە ھەرىكەتنى چۈشەندۈرۈش ھوقۇقى شەخسنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىنغان بولغاچقا قايسى گورۇھ ۋە ئورگان قانداق چۈشۈنۈشنى خالىسا ھەمدە قانداق چۈشەندۈرسە شارائىتتا، مەقسەدكە ۋە مەنپەئەتكە ئۇيغۇن بولسا شۇ پېتى چۈشەندۈرۈلۈپ كېتىپ قالىدۇكەن. شۇ سەۋەبتىن سەن تەرەپدارلىقتىن خالى، ئىلمىي، ئەمەلىي بىر پىكىرنى ئەسلى پېتى يەتكۈزەلمەيدىكەنسەن. ھېچ قانداق

مەنــپەئەت ۋە مۇددىئــادىن مۇستەســنا خــالىس بىــر پائــالىيەتنى زىممەڭــگە ئالالمايدىكەنسەن ۋە مۇستەقىل نەتىجە چىقىرالمايدىكەنسەن. بۇ يەردە ئىنسان ھەممىشە بىرەر سىياسىي گورۇھقا، سىياسىي مەقسەدكە، مىللىي توپقا ۋە بىر مەنپەئەت چەمبىرىكىگە مەنسۇپ قىلىنىپ تەسەۋۋۇر قىلىنىدىكەن، مۇئامىلە قىلىنىدىكەن ياكى باھا بېرىلىدىكەن. ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان بۇ جەمىيەتتە كىشىلەر دائىم ئۆزىنى باشقىلارنىڭ نازارىتىدە تۇرۇۋاتقاندەك، دائىم بىر خەۋپ بېشىدا ئەگىپ يۈرگەندەك، گۇناھكاردەك، سوراق قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان تۇتقۇندەك ھېس قىلىدىكەن ياكى بىلىپ بىلمەي قېرىنداشلىرىغا نازارەت قىلىدىكەن، تەھدىت سالىدىكەن، دائىم ئەتراپىدىكىلەردىن شۈبھىلىنىپ ئۇلارنى بارلىق پىشكەللىكلەرگە بىھۇدە سەۋەبكار قىلىپ قويۇدۇكەن.

ئىنسانلىق ھوقۇقىمىز ۋە شەخس سۈپىتىدىكى مۇستەقىللىقىمىز، خاسلىقىمىزغا كاپالەت بېرىلگەن بولسا ئىدى، بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن باشقا بىر ئىنسانىنى يۆلەش، خەتەردىن قۇتقۇزۇۋېلىش، قېيىنچىلىقتىن خالاس قىلىش، مۇشكۈلاتتىن يىراق قىلىش قاتارلىقلار سىياسىيلاشتۇرۇلماي بىر شەخسكىلا مەنسۇپ، نورمال ئىنسانى پەزىلەت سانالغان بولاتتى. كىمنىڭ كىم بىلەن دۈشمەنلىشىپ، دوست بولۇپ يەنە كىملەرنىڭ كىملەر بىلەن تويلۇشۇشى، كىمنىڭ قايسى گورۇھتىن چىقىپ يەنە بىر گورۇھقا كىرىشى، قايسى مىللەت كىشىسىنىڭ كىمنى ئاسرىۋېلىشى قاتارلىقلارمۇ تولىمۇ ئەقەللىي بىر تۇرمۇش كۆرۈنۈشى ھساپلىنىشى كېرەك. ھالبۇكى، هاكىمىيەتتىكىلەرنىڭ تەشۋىقاتى، ھاكىمىيەتسىزلەرنىڭ ئەكس تەشۋىقاتى ۋە كىشىلەرنىڭ تارىخى ۋە رىيال تەجرىبىلىرى ، قىسمەتلىرى بىرىكىپ بىر ئىنسانىنىڭ ئىزگۈ نىيىتى ۋە خالىس ھەركىتى تەرغىبات ۋاستىسىگە، ئۆلگىگە، دۈشمەنلىككە، سۈيىقەستكە، قىلتاقىقا...ئايلىنىپ قالۇدۇ. نەتىجىدە بىر ئىنسانغا خاس ئاددى ھايات سىياسىي مۇساپىگە، ئىدولوگىيە كۆرەشلىرىگە ۋە مەنپەئەت داستىخىنىدىكى گېزەككە ئايلىنىپ ئۆزنى ۋە ئۆزگىنى بۇرۇختۇم قىلىدۇ. بۇنداق موھىتتا كىشى ئۆزى ۋە ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن ئالقىشلىق ئىش قىلىشتىمۇ، ئۆز نەپسى ئۈچۈن ئالقىشسىز ئىش قىلىشتىمۇ ئەتراپىدىكىلەردىن سورالمىغان ئىجازەتكە ئېرىشەلمەي ئۆز مۇستەقىللىقىدىن مەھرۇم قالىدۇ-دە جاھاندا ئاققانىنى، جاھانسازغا ياققانىنى قىلىشقا مەجبۇر

بولىدۇ.

بىر شەخسنىڭ ئېرىشىشكە تىگىشلىك بولغان پۇرسەت، هوقۇق ۋە هۆرلۈكتىن مەهرۇم قىلىشى ئۇنىڭ سىياسەت، مىللەت ۋە ئىدولوگىيەدىن مۇستەسنا خۇسۇسىي ئۆزلۈكىگە ۋەكىل بولالمىغانلىقىدا ۋە مەجبۇرەن كىملەر ۋە نىمىلەرگىدۇر ۋەكىل قىلىپ قويۇلغانلىقىدا. كۆزۈتۈشۈمچە ئۇيغۇر جەمىيىتىدە ئىنسان ۋەكىللىك قىلىش ۋە ۋەكىللىك قىلىنىشنىڭ ئاسارىتىدە ياشايدۇ. كىشىلەر هەم ئۆزگىلەرنى ۋەكىللىكسىز چۈشۈنەلمەيدۇ هەمدە ئۆزىمۇ ئۆزىگە ۋەكىل بولالمايدۇ. ئارىدىن بىرەر ۋەكىلنىڭ چىقىپ مەسىلىلىرىنى هەل قىلىپ بېرىشلىرىنى ئارزۇ قىلىدۇ. هەققانىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر دۆلەتنىڭ ئۆزىگە ۋاكالىتەن ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشىنى تاما قىلىدۇ. دائىم بىرەر گورۇهقا ۋەكىل بولغۇچىلارنىڭ تەقىپلىشىگە ئۇچرايدۇ ياكى بىرەر گورۇهقا ۋەكىل قىلىنىپ ئازارلىنىدۇ. ئىنساننىڭ مۇستەقىل، باراۋەر، ئاددى هاياتى دائىم ۋەكىللىك قىلغۇچى ۋە ۋەكىللىككە زورلىغۇچىلارنىڭ تەكلىپسىز يارىدىمىگە، مەجبۇرى غەمخورلۇقىغا، ئىلتىجاسىز يېتەكچىلىكىگە مەهكۇم بولۇپ قالۇدۇ. ئۆز غايىسى ئۈچۈن ياشاۋاتقان بىر كىشىنى بىر ئىجتىمائىي غايىگە ۋەكىل قىلىۋېلىش ياكى ئۇنىڭ ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىش هوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۇيغۇر ياشاۋاتقان رىياللىقتا كىشىنى كۈتۈلمىگەن شەرەپ ۋە شۇنىڭغا سوغداشقان پىشكەللىكلەرگە مۇپتىلا قىلىدۇ. جەمىيەتتە كىشىلەر دائىم ۋەكىل بولۇۋالغۇچىلارنىڭ ۋە ۋەكىل قىلىپ قويغۇچىلارنىڭ مۇداخىلىسىگە، تاجاۋۇزىغا ۋە زۇلۇمىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ يازمىدا جەمىيەتنىڭ مەن كۆرەلىگەن ئەينىكىدىكى ۋەكىللىك قىلىش ۋە قىلىنىش هادىسىسى هەققىدە توختىلىمەن.

1. هاكىمىيەتكە ۋەكىللىك

1998-يىلى قەشقەر شەهرىگە يېقىن بىر كەنتتە تىلماچ ۋە كاتىپ بولۇپ ئىشلەۋاتقان كۈنلىرىمدە تىيەن پامىلىلىك بىرىگە تەرجىمانلىق قىلىشقا

تۇغرا كەلدى. يىغىندا ئۇنىڭ قوللىرىنى ئاتىسى ۋە ئانىسى دىمەتلىك كادىرلارغا جونۇپ سۆزلەشلىرىنى پەقەتلا ياقتۇرمۇدۇم. كۆڭلۈمگە ئۇنىڭ نىمىشقا بۇ قەدەر تەھدىتلىك تەلەپپۇزدا سۆزلەيدىغانلىقىغا ھەيرانلىقتىن باشقا خىيال كەچمىدى. يىغىن مەيدانىدا ئۇنى غەزەپلەندۈرىدىغان ھېچ ئىش يوق ئىدى.كۆز ئالدىمىزدا ئولتۇرغان كىشىلەر قوزىدەك يۇۋاش، توشقاندەك ئۈرككەك ئىدى. ھەر قانچە ئويلىسامۇ ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرىدىكى ھەيۋە، سۈر ۋە قورقاق سىپىلشلارنى ئۇيغۇرچىغا سىلىقراق تەلەپپۇزدا ئۆرۈيەلمەي ئاۋارە ئىدىم. ئاخىرى ئۇنىڭ بۇيرۇق تۈسىدىكى گەپلىرىنى تەكلىپ ۋە تەۋسىيە شەكلىدە ئۆرۈپ يىغىن ئەھلىگە يەتكۈزدۈم. يىغىن تۈگەپ كىشىلەر مېنىڭ تەرجىمەمدىن يوچۇنلۇق ھېس قىلدى بولغاي ئەراپىمغا ئولاشتى. ئۇلارچە باشلىق كۆپۈپ سۆزلىگەن گەپلەرنى ئۇنداق مۇلايىم تەرجىمە قىلىشقا بولمايمىش. مەنمۇ باشلىقتەك بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا قوپال تەرجىمە قىلىشىم كېرەكمىش. مەن بۇ گەپلەرگە ئىرەن قىلىپ كەتمىدىم، ئەمما شۈنچە قورقۇتۇلغان بۇ كىشىلەرنىڭ نىمىشقا خورلۇق ھېس قىلمىغىنىغا، غەزەپلەنمىگەنلىكىگە تاڭ قالدىم. ھەتتا بۇ زالىم باشقا بىر يىغىندا ئانىسى دىمەتلىك بىر ئايالغا قەلىمىنى ئېتىپ قاپىقىنى زەخمىلەندۈرسىمۇ ھېچ كىم ئۇنىڭغا چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلمەپتۇ. مەنچە يىغىندا دېيىلىدىغان مەزمۇن ھۆكۈمەتنىڭ، ئەمما بۇ مەزمۇننى يەتكۈزۈش ئۈچۈن شىلتالغان قوللار، ئالايغان كۆزلەر ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەس. بۇ باشلىق بولۇۋالغان شەخسنىڭ مىجەزىدىكى مەسىلە بولۇپ ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت مەزمۇننى ئۇنداق تەلۋىلەرچە قوپاللىق ۋە قاباھەتلىك شەكىل بىلەن يەتكۈزۈش بىھاجەت ئىدى. ئەينى چاغدا مەن بىلەن خىزمەتداش يىغىن قاتناشچىلىرىغا مۇشۇنداقراق چۈشەندۈرگەن بولۇشۇم مۇمكىن.

تىيەن باشلىققا تەرجىمانلىق قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ ئۆزىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ۋەكىل دەپ قارايدىغانلىقىنى، ئۆزىگە قارشى چىققانلارنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە قارشى چىققانلاردىن سانىيالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئارىدا بىر پۇرسەتنى تېپىپ ئۇنىڭدىن ھەيۋىلىك سۆزلىشىنىڭ ۋە قوپال مۇئامىلىسىنىڭ سەۋەبىنى سورۇدۇم. ئۇنىڭچە بۇ كىشىلەرگە ھۆكۈمەتنىڭ سۈرىنى بىلدۈرۈپ قويۇش كېرەكمىش، يەرلىك كىشىلەر قالاق بولغاچقا قائىدە

سۆزلىسە چۈشەنمەيمىش، قەشقەر ئالاھىدە رايونمىش، مۇشۇنداق تەھدىتلىك ئۇسۇلدا باشقۇرۇلمىسا مۇقۇملۇققا كاپالەتلىك قىلغىلى بولماسمىش. ئېنىقكى ئۇ ئۆزىنى ھاكىمىيەتكە ۋەكىل قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ھاكىمىيەت دەھشەتلىك، رەھىمسىز، يولسىز گۇندىپاي، يەرلىك ئۇيغۇرلار بولسا ئاڭقاۋ، قالاق، ھورۇن مەھبۇسلار ئىدى.

قەشقەردە كىشىلەرنىڭ «ھۆكۈمەت بىلىپ قالسا، كۆرۈپ قالسا، ئاڭلاپ قالسا...جازالايدۇ، بوش قويمايدۇ، ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۆتۈككە تىقىدۇ» دەپ قورقۇمسىراپ يۈرگەنلىرىگە قاراپ ئويلاپ قالىمەن. كىشىلەر نېمىشقا مەۋھۇم ھۆكۈمەتنى كۆزى، كۆڭلى، ئەقلى بار تەسەۋۋۇر قىلىدىغاندۇ؟ قانداقسىگە مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ھەممىنى بىلىپ، كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللاھ بار دەپ ئىمان ئېيتىپ كېلىۋاتقان بۇ مىللەت ئەمدى ھەممىگە قادىر ھۆكۈمەت بار دەيدىغان بولۇپ قالدى. خەلقىمىز قاچاندىن بېرى ياخشى يامان ئەمەللىرىمىزنى ئاللاھ كۆرۈپ، پەرىشتىلەر يېزىپ تۇرىدۇ دەپ قورقۇشنىڭ ئورنىغا ھەممە ئەمەللىرىمىزنى ھۆكۈمەت بىلىپ، جازالاپ تۇرىدۇ، تامىنىڭمۇ قۇلىقى بار دەپ خەۋپسىرەيدىغان بولۇپ قالدى؟ تەكشۈرۈشۈمچە ھاكىمىيەتنى ئادەملەشتۈرۈش، ھاكىمىيەتكە ۋەكىل بولۇۋالغۇچىنى ھاكىمىيەتنىڭ ئۆزى دەپ چۈشىنىش قەشقەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردا مەۋجۇد ھادىسىكەن. قەشقەردىكى خەنسۇلاردا باشلىق، سىياسەت ۋە رىياللىق ھەققىدىكى پىكىر ئۇيغۇرلاردىكىدەك ئەندىشىلىك سۆز-جۈملىلەر بىلەن بايان قىلىنمايدىكەن. خەلقىمىزدىكى چوڭلارنى تۆرگە ئېلىش ئادىتىنىڭ ئورنىغا باشلىقنى تۆرگە ئېلىشنىڭ ئالمىشىشى، سورۇنلاردا چوڭلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىشنىڭ ئورنىغا باشلىقنىڭ سۆزىگە دوست تارتىشنىڭ دەسسىشى، ئىلىم ۋە ئالىمغا ئۇيۇشۇشنىڭ ئورنىنى ھوقۇق ۋە ھوقۇقدارغا يېپىشىشنىڭ ئېلىشى قاتارلىق ھادىسىلەر ھاكىمىيەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچىلارنىڭ رولىنىڭ ئۇيغۇر ھاياتىدا قانچىلىك موھىم ئورۇنغا ئۆتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھاكىمىيەت خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا قانچە ئارىلاشقانچە شۇنچە ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. ھاكىمىيەتتىن

نەپلىنىۋاتقانلار ۋە ۋەكىللىك قىلغۇچىلار قانچە كۆپەيگەنچە ھۆكۈمەت كىشىلەرنىڭ ھاياتى ۋە تۇيغۇسىغا شۇنچە سىڭىپ كىرىدۇ. مەن ئامېرىكىدا ئىككى يىلدىن ئارتۇق ياشىغان مەزگىلدە مەكتىپىم جايلاشقان شەھەرنىڭ شەھەر باشلىقىنى بىلمەيتتىم، بىرەر يەردە ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدىم. قەشقەردە باشقىلى ئىككى يىل بولمىدى ئەمما شەھەر باشلىقىنى ئەمەس مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرىدىنمۇ ئىككى ئۈچىنىڭ ئىسمىنى ۋە ئۇلارنىڭ تۇققانلىرىنى بىلىپ بولۇپتىمەن. چۈنكى ھەممە يەردە شۇ ھوقۇق ۋە ھوقۇقدارنىڭ گېپى. ھۆكۈمەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچىلار تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە سىغدىلىپ بولغاچقا مەندەك كىتاپ ئوقۇشتىن باشقىغا زوقى يوق بىر ئادەم ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىرىنى بىلمەي دېسەممۇ مۇمكىن بولمىدى.

2. خۇداغا ۋەكىللىك

بىر كۈنى بىر باققالدىن بىر كىلو ئامۇت ئالدىم. باققال يوغانراق ئىككى ئامۇتنى سېلىپلا تارازىنىڭ ئىكرانىغىمۇ قارىماي «مانا بىر كىلو» دەيدۇ. «ئەجەپ ئۇستىكەنلا، نەچچە ئامۇتنىڭ بىر كىلو كېلىدىغىنىنى قارىمايلا بىلىدىغان» دېسەم، تازا كۆزۈمگە قارىۋېتىپ «خۇدايىم ئۇستا» دەپ قويىدى. بۇ گەپنى خېلى ئويلاندىم. بۇ كىشى زادى نېمە دېمەكچى بولغىيدى؟ ئامۇتنى ياراتقان ئاللاھ نەچچە ئامۇتنىڭ قانچە كېلۇ كېلىدىغانلىقىنى مۇشۇ ئادەمگە ئايرىم دەپ بەرمىگەن بولغىيدى؟ تارازىغا قاراپ بىلىدىغانغا كۆز ۋە ئەقىلنى قوشۇپ ياراتقان خۇداغا نەچچە ئامۇتنىڭ نەچچە كىلو كېلىدىغىنىنىمۇ يۈكلەپ قويساق توغرا بولامۇ؟ نۆزەمبىللا، بۇ كىشى خۇدايىمنىڭ نېمە بىلىپ نېمە بىلمەيدىغانلىقىنىمۇ ئۇقۇپ قالغانمىدۇ؟ پەرىزىمچە بۇ ئادەم ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپلا مېنىڭ ئاغزىمنى يۇمدۇرماقچى، خۇداغا ۋاكالىتەن جاۋاپ بېرىپ، مەندەك بىر ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدىكى دىنىنىڭ نوپۇزىنى سۇيىئىستىمال قىلماقچى ئىدى.

ئىككى مىڭىنچى يىللارنىڭ باشلىرى بولسا كېرەك ئوپالدا مۈچ كاساتچىلىقى بولدى. سەۋەبى مەزكۇر يېزىنىڭ مەسئۇللىرى دېھقانلارنى مەجبۇرى مۈچ تېرىتقانلىقى ئىكەن. خەقلەر مۈچلىرىنى ساتالماي مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئەرز قىلغاندا ناھىيىنىڭ بىر مۇئاۋىن پارتكوم

سېكرېتارى ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ قازايى قەدەرنىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. بۇ گەپ ھازىرغىچە ئېسىمدە. يېقىندا ئاڭلىسام قەشقەر شەھرىدىكى بىر ئاپتوبۇس شىركىتىنىڭ خەنسۇ مۇدىرى خىزمەتچىلىرىنى موللا چاقىرىپ قۇرئان ئوقۇتۇپ ئىدارە نامىدىن نەزىر قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. سەۋەبى ئىدارىدا ئۆلۈم يېتىم ۋە ھادىسىلەرنىڭ كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئىكەن. ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاڭلىغان ئەڭ قىزىقارلىق ئىش. بۇلتۇر رامازاندا قەشقەردە ئىككى باي بىر ئورۇننىڭ پايدىلىنىش ھوقۇقىنى كېلىشەلمەي قەشقەرنىڭ بىر مۇئاۋىن سېكرېتارى ئالدىغا كىرگەنىكەن. سېكرېتار بۇلارنى كېلىشتۈرۈش ئۈچۈن قۇرئان تۇتقۇزۇپتۇ. ئۇلار خۇداغا ئىشىنەمدۇ؟ كىشىلەرنىڭ خۇداغا ئىشىنىشىگە يول قويۇۋاتامدۇ؟ ياق. ئەمما لازىم بولغاندا ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدىكى خۇدانىڭ نوپۇزىغا ۋەكىللىك قىلىشنى ئۇنۇتمايۋاتىدۇ. دېمەك، بۇ مىساللاردا ھاكىمىيەتتىكىلەرنىڭ خۇدانىڭ نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ مەقسەدكە يېتىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا خۇدانىڭ نوپۇزىدىن پايدىلىنىۋاتقانلار، خۇداغا ۋاكالىتەن ھۆكۈم چىقىرىۋاتقانلار ئۇيغۇرلارلا بولۇشى ناتايىن. ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىش پۇرسىتى، ئەركى ۋە ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان مەنپەئەت گورۇھلىرى قايسى مىللەتكە تەۋە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ۋاقتى كەلسە خۇداغا ۋەكىللىك قىلىپ تۇرۇپ ئۇيغۇرلارنى ئىندەككە كەلتۈرىۋېرىدۇ

ئاۋام ئۇيغۇرلار پىكىر ۋە ئۇچۇرلارنى ئىككى مەنبەدىن ئالuدۇ. بىرى خۇداغا ۋاكالىتەن سۆزلەيدىغان ۋە سۆزلىتىلىدىغان جامەلەردىن، يەنە بىرى ھاكىمىيەتكە ۋاكالىتەن سۆزلىنىدىغان ئاخباراتلاردىن. جامەلەر ۋە ھاكىمىيەتنىڭ تەشۋىقاتىدا مۇنداق بىر ئورتاق نوقتا بار. ئۇ بولسىمۇ ھاكىمىيەت ۋە جامەلەر ھازىرقى تۇرمۇشنىڭ كۈندىن كۈنگە ياخشى بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغانلىقىنى، قەدرىگە يېتىشنى، بۈگۈنكى ئاسايىش زاماندىن تىنچ مەنەپەتلىنىشنى تەرغىپ قىلىشىدۇ. مەكتەپلەردە ئۆتۈلىدىغان تارىخ، ئەخلاق ۋە سىياسىي دەرسلەرنىڭ مەقسىدىمۇ

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بېرى غەرپ تاجاۋۇزچىلىرى، بۆلۈنمىچىلىك ۋە فېئۇدال دىنىي كۈچلەر تەرىپىدىن ئېزىلىپ، خارلىنىپ، نامراتلاشقانلىقى، پەقەت كومپارتىيە ئازات قىلغاندىن كېيىنلا ئاسايىشلىق كۈنلەرگە ئۇلاشقانلىغىنى سىڭدۈرۈشتۇر. بۇنداق تەشۋىقاتتا يەنە ھالقىلىق بىر پەرق بار. ئۇ بولسىمۇ جامەدىكى خاتىپلار بۇ «ئاسايىشلىق، بەختىيار، پاراۋان» زامانىنى بەرگەن ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتىشىنى، ناشۈكۈرلۈك قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدىغان تەبلىغلەرنى قىلىدۇ. ھاكىمىيەت تەشۋىقاتىدا بۈگۈنكى مۇقۇم، ئىناق، زامانىۋى، خاتىرجەم كۈنلەرنى بەرپا قىلغان جوڭگو كومپارتىيەسى ۋە ھۆكۈمەتكە رەھمەت ئېيتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۈگۈنكى «بەختىيار كۈنلەر»نى خۇدا بەردىمۇ كومپارتىيەمۇ مانا بۇ تەشۋىقاتلاردىكى زىتلىق. ھالبۇكى، ئاۋام ئۇيغۇر ئىنسانىنىڭ بەخت ئۈچۈن سەۋەب قىلىدىغىنىغا، ئاللاھنىڭ بەختنى نېمەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بۇ ئىككى تەشۋىقات ئوتتۇرىسىدىكىلا زىددىيەت ئەمەس، ھاكىمىيەتنىڭ سىڭدۈرمەكچى بولغان ئىدولوگىيە بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. ئۇيغۇر ئۆلىمالارغا ھەرقانچە مۇئاش بېرىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ھەرقانچە نەپسىگە ۋە كومپارتىيەگە ۋەكىللىك قىلغان ھالەتتىمۇ ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ كومپارتىيە تەرىپىدىن بولغانلىقىنى تەبلىغ قىلالمايدۇ. ئۇيغۇر خۇداغا ۋاكالىتەن ئېيتىلىدىغان ئۇنداق سۆزلەرنى يىغىن مەيدانىدا ئاڭلىغان بىلەن جامەدە ئاڭلاپ سەبىر قىلالمايدۇ.

3. ئاتا-ئانىغا ۋەكىللىك

ھەمىشە رادىيو-تېلېۋىزورلاردىن خۇددى بىر سېخى كۈچ ئۇيغۇرلارغا ئاتا-ئانىلىق شەپقىتىنى يەتكۈزىۋاتقاندەك مەزمۇن ۋە پوزىتسىيەدىكى تەشۋىقاتلارنى ئاڭلايمەن. دېيىلىشىچە ھەر مىللەت خەلقى بىر ئائىلە كىشىلىرىكەن، پارتىيە خەمخورلۇق قىلغۇچى، مېھرىبانلىق يەتكۈزگۈچى، ئىللىقلىق ئاتا قىلغۇچى...ئىكەن. مەنچە مېھرىبانلىق، ئىللىقلىق، غەمخورلۇق دېگەنلەرنى ھەر قانداق بىر ئىنسان ئالدى بىلەن ئاتا ئانىسىدىن، ئائىلىدىن ھېس قىلىدىغان تۇيغۇلار. ئەمدى مۇشۇ تۇيغۇلارنىمۇ سىياسىيغا دەسمايە قىلىپ نېمە كەپتۇ. ھوقۇقلىرىمىز، پۇرسىتىمىز، ئەركىمىزنىڭ ۋەكىللىك ۋەكىللەرگە يەم بولغىنى ئاز دەپ پەقەت ئائىلىدىن ھېس قىلىشقا

بولۇدۇغان ھېس ھاياجانلىرىمىزمۇ بىر تەشۋىقات ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالسا قانداق بولغىنى. مەكتەپلەردە پارتىيەنىڭ ياخشى ئىز باسارلىرىدىن بولۇش تەكىتلىنىدۇ. پەرزەنت بولغۇچى نېمە دەپ ئۆزىنى باققان ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىزىنى ئەمەس پارتىيەنىڭ ئىزىنى باسقىدەك. بۇنداق كىشىلەرنى خۇددى ھاكىمىيەت بىلەن ئۇرۇق تۇغقاندەك، ئاتا بالا، ئانا پەرزەنتتەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈشنى مەقسەد قىلغان تەشۋىقاتتىن ئەخمىقانىلىق، ئالدامچىلىق، زورلۇق چىقىپ تۇرىدۇ. بىر دۆلەت خەلقى پەرقلىق خۇي، ئۇي ۋە قابىلىيەتتىكى كىشىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. مەزكۇر ئەلدىكى كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى باراۋەر پۇقرالار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت. بۇنداق ناتونۇش كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر بىرىگە دەخلى قىلماسلىق، ئورتاق مەنپەئەتلىنىش، ئورتاق مۇداپىيەلىنىش ئاساسىغا قۇرۇلسا بولىدى. ناتونۇش كىشىلەردىن قۇرۇلغان جەمىيەتنى بىر ئائىلىدەك ھالغا كەلتۈرىمەن دېگەنلىك مەن ئاتا بولىمەن، ساڭا ئاكا ئۇكىلارنى بەلگىلەپ بېرىمەن دېگەندىن باشقا گەپ ئەمەس. ئۇيغۇرلاردىكى خەنسۇلارنى ئاكا مىللەت دېيىش، ھۆكۈمەتنى ھۆكۈمىتىكام دەپ ئاتاش مەنچە ھاكىمىيەتتىكىلەرنىڭ ئۆز ئارزۇسىدىكى ئائىلە مۇناسىۋىتىنى جەمىيەتكە ۋەكىل قىلىدىغان تەشۋىقاتىنىڭ نەتىجىسى. خۇددى پۇقرا بىلەن پۇقرانىڭ مۇناسىۋىتى باراۋەر شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولغاندەك پۇقرا بىلەن ھاكىمىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ باراۋەر كېلىشىم مۇناسىۋىتىدۇر. كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىدا پۇقرا ھاكىمىيەتكە باج تاپشۇرىدۇ، ھاكىمىيەت پۇقرانىڭ ئائىلىسى، ھاياتى، مۈلكى، غۇرۇرى، ئەركى قاتارلىق ھەق ھوقۇقلىرىنى قوغدايدۇ. كېلىشىم بولغانىكەن كېلىشىمنىڭ ۋاقتى، خىلاپلىق قىلغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئىختىلاپلارنىڭ ھەل قىلىنىش چارىسى قاتارلىقلار بېكىتىلىدۇ. ئەگەر بۇ مۇناسىۋەت ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئايلاندۇرۇپ قويۇلسا ھاكىمىيەت ئاتا-ئانىغا ئايلىنىۋېلىپ پۇقرانى مەڭگۈ باشقۇرغىنى باشقۇرغان. بۇ ھالدا باشقۇرۇشنىڭ چېكى بولمايدۇ، باشقۇرالمىسا ئالماشتۇرغىلى ياكى

قوغلىۋەتكىلى بولمايدۇ.

ئۈرۈمچىدە بىر خانىمنىڭ مەن تۇرۇۋاتقان ئىدارىگە ئائىلە مەسىلىسى ئۈچۈن دات ئېيتىپ كەلگىنىگە ھەيران قالغانىدىم. كېيىن سۈرۈشتۈرسەم مۇنداق ئىشلار خېلى باركەن. يەنى سىز ئىشلەۋاتقان ئىدارە سىزنىڭ كىيىنىشىڭىز، ساقال بۇرۇتىڭىز...ھەتتا ئائىلە مۇناسىۋىتىڭىزگە قەدەر ئارىلىشىدىكەن. بەلكىم بۇمۇ ھاكىمىيەتتىكىلەرنىڭ جەمىيەتنى ئائىلىلەشتۈرۈش تەشۋىقاتىنىڭ مەھسۇلى بولسا كېرەك. ئۇنىدىن باشقا ھازىرقى ياغلىق، ساقال، دوپپا قاتارلىقلارنى چەكلەپ بۇنى زامانىۋى مەدەنىيەتكە يېتەكلىگەنلىك دەپ چۈشەندۈرۈشمۇ ئاتا-ئانىغا ۋەكىل بولۇۋېلىشنىڭ ئاقىۋىتى. خەق زامانىۋى ياشامدۇ، ياشىمامدۇ، دوپپا كىيەمدۇ، ياغلىق ئارتامدۇ سېنىڭ نېمە ئىشىڭ. سەن مېنى يېتىلەپ يېتەكلەيدىغان ئاتام ئانامىدىڭ دەپ سورىغىسى كېلىدۇ كىشىنىڭ. بىر كۈنى يەنە شۇ ياغلىقنىڭ گېپى بولۇپ بىر باشلىق كىشى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ قارىشىچە ھازىرقى ياغلىق ئارتىش شەكلى ئۇيغۇرلارغا خاس ئەمەسمىش، ئەرەبلەرنىڭ ئىشىمىش. «خەق ئۇ ياغلىقنى ئۇيغۇرغا ۋەكىل بولاي دەپ ئارتمايدۇ. ھېچ كىمنىڭ ئۇيغۇرغا ۋەكىل بولۇش مەجبۇرىيىتى يوق. كىشى دېگەن ياراشقىنىنى، كۆڭلى خالىغىنىنى، ئەقىدىسىگە ئۇيغۇنىنى كىيىدۇ. بۇ قەشقەردىكى ئۇيغۇرنىڭ مۇتلەق كۆپۈنچىسى ئەرەب دېگەننى كۆرۈپمۇ باقمىسا قانداقسىگە ئەرەبنى دورىغان بولۇدۇ؟ دورىسا نېمە بوپتۇ. جوڭگۇنىڭ قايسى قانۇنىدا ئۇيغۇرلار ئۇنى كىيىپ بۇنى كەيمىسۇن، باشقا مىللەتلەرنى دورىمىسۇن دېگەن گەپ بار. كىم تارىختا ئۇيغۇرنىڭ ئوخشاش كىيىنىپ يۈرگىنىنى دەلىللىيەلەيدۇ؟ تارىختىمۇ ئۇنداق بولۇشى ناتايىن، شۇنداق بولغاندىمۇ بىر ئىنسان ئۇيغۇر بولغان گۇناھى ئۈچۈن تارىخ ئۈچۈن ياشامدۇ، تارىختا ياشامدۇ؟ كىمنىڭ ھەممە ئۇيغۇرلار كەيگەننى كىيىپ كەيمىگەننى كىيمەسلىك مەجبۇرىيىتى باركەن؟ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا كىشىلەر ئوخشاش كىيىنىپتىكەن. ئۇيغۇر خەنسۇ، ئەر ئايال دەپ ئايرىماي ماشىرەڭ ئەسكەرچە كىيىمنى. ھازىر مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرى بولمىسا» مۇشۇلارنى دېيىشىپ بولۇپ ئويلۇنۇپ قالدىم، ئەمدى ئۇيغۇرلۇقنىڭ ۋەكىللىك خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ خەق بېكىتىدىكەن-دە!. بىز كىمنىڭ نەزىرىدىكى،

قانداق ئۇيغۇر بولساق بولار؟ ئالىم كاۋاپچىنى ئۇيغۇرغا ۋەكىل قىلىپ تىكلەشتى. خوش، ئالىمجان قويغان ساقالنى كىم بەدەلسىز، پىشكەللىكسىز، تەقىپسىز قويالىدى؟ دېمەك ۋەكىل مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ.

ئۇيغۇرغا ۋەكىل تىكلەش، ۋەكىللىككە سۆرەش ۋە بۇ ئارقىلىق بىر مىللەتكە ۋە ئادالەت ئالىمىگە تەسەللى بەرمەكچى بولۇش نادانلىقتۇر. ئۇيغۇرنىڭ ئىنسانىي ئېھتىياجى ۋە ھەقلىرىدىن مۇستەسنا ھەرقانداق ۋەكىللىك مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. ئۇيغۇردىن چىققان بىر كومپيۇتېرچىنى ھەر قانچە ماختىغان بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھاكىمىيەتتىكى ئورنى ئەسلىگە كەلمەي تۇرۇپ ھەرقانچە داڭلىق بولغان بىلەن ئۇيغۇرچە يېزىق ماتېرىياللىرىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش ساھەسىدە ئەلگە نەپ بەرگىدەك بىر نەتىجە يارىتالمايدۇ. ئىچكىرىدە ساخاۋەتچىلىك قىلغان بىر ئۇيغۇر كاۋاپچىنى ۋەكىل قىلىپ مەدھىيىلىگەن بىلەنلا خەنسۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان تونۇشىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. بېيىغان بىر ئۇيغۇرنى ۋەكىل قىلىپ پۇۋلەپ كۆككە ئۇچۇرغان بىلەن ئىشسىزلىق ۋە نامراتلىق پاتقىقىغا پېتىۋاتقان تۈمەنلىگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى دەسمايىگە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ.

بەزىدە كىشىلەرنىڭ ھەق ناھەت مەسىلىلەردە زۇۋان سۇرمەسلىگىنى ۋەكىل ئارقىلىق پىكىر بايان قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەنلىكتىنمىكىن دەيمەن. ئەگەر مۇشۇ پەرەز راست بولسا، ھېچ كىمنىڭ ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشقۇسى كەلمەيدىغان بۇ زاماندا ئۇنداق ۋەكىلنىڭ چىقمىقى تەس، چىققان تەقدىردىمۇ شارائىتلار سەۋەبلىك لاياقەتلىك ۋەكىل بولالىشىمۇ ئىمكانسىز. گاھىدا كىشىلەرنىڭ شۇنچە پايدىلىق تەكلىپلەرنى سۇنۇپ، ئىنكاسلارنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپمۇ قورۇنغاندەك «بۇ مېنىڭ شەخسى پىكرىم، شۇنداقتىمۇ دەپ باقاي» دېيىشلىرىدىن تاڭ قالىمەن. بۇ خۇددى ماڭا شەخسكە ۋەككىلىك قىلىپ جامائەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدىغان گەپ دېيىلمەسلىكى كېرەكتەك، شەخسكە ۋەكىللىك قىلىپ سۆزلەش گۇناھتەك تۇيغۇ بېرىدۇ. مەنچە ھەر بىر

ئۇيغۇر ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىشى كېرەك. ئۇيغۇرغا خەق بېكىتكەن ۋەكىلنىڭ كېرىكى يوق. ئۇيغۇرغا خەقلەرنىڭ تۇتۇۋق ئاتا ۋە تۇتۇۋق ئانا بولۇۋېلىشى بىھاجەت. هەر بىر ئۇيغۇر هازىر هۆكۈمەتكە ۋەكىل بولۇۋالغان پارىخوردىن، خۇداغا ۋەكىل بولۇۋالغان ئايلىقچىدىن جاق تويدى. 60 يىللىق ۋەكىللىك قىلىش، ۋەكىللىك قىلدۇرۇش ئۇيغۇرنى ۋەكىلگە تايانماي ئۆزىگە ۋەكىل بولۇپ سۆزلىيەلمەس، هەرىكەتلىنەلمەس قىلىپ قويدى. بىر ئىنسانلىق سۈپىتى بىلەن هازىر هەر بىر ئۇيغۇر هېچ بىر ۋەكىللىكسىز هاياتى، ئائىلىسى، مۈلكى ۋە نومۇسىنى قوغدىشى كېرەك. ۋەكىلنى تاللاش هوقۇقى بولمىغان مىللەتنىڭ ۋەكىللەردىن ئۈمىد كۈتۈشى بىمەنىلىكتۇر. مەنپەئەتكە، ۋىجدانىغا، ئىستىقبالىغا ئۆزى ئىگە بولمىغان كىشىلەرنىڭ ۋەكىلى مەنپەئەتپەرەس، ۋىجدانسىز، ئىستىقبالسىزلاردۇر. ئاللاهنىڭ بىزنى زېمىنىمىزغا ۋەكىل قىلىپ ياراتقانلىقىغا ئىشەنسەك خەقتىن ۋەكىللىك تەلەپ قىلىشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى بىزگە سىر ئەمەس.

ئۇيغۇرنىڭ تۇرمۇشىغا، خىزمىتىگە، غايىسىگە ۋە كەلگۈسىگە هەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغىنى هاكىمىيەت، دىن ۋە ئائىلە-جەمەتتۇر. بۇ ئۈچ نوقتىدا بىر ئۇيغۇرنىڭ كىم بولۇشى كېرەكلىكىنى ۋە كىم بولالايدىغانلىقىنى بەلگىلەيدىغان زامان، ماكان ۋە مەدەنىيەت ئامىلى ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۇيغۇر جەمىيىتىدە ياشاۋاتقان هەر بىر كىشىنىڭ مىجەز خۇلقىدا كومپارتىيە بەرپا قىلغان زامان سەۋەبلىك شەكىللەنگەن، پارتىيەنىڭ ئالاهىدە ماكاندىكى ئالاهىدە سىياسىتى شەكىللەندۈرگەن ۋە ئۇيغۇرنىڭ قائىدە يوسۇنلىرى پەيدا قىلغان ئامىللار بولىدۇ. ۋاهالەنكى ئوخشاش موهىتتا ياشىغان كىشىلەرنىڭ مىجەزى يەنە پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئىنساننىڭ پسىخىكىسى موهىت ئامىلىدىن باشقا شۇ كىشىنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن قۇرۇپ چىقىشىغىمۇ باغلىق بولىدۇ. بىر ئۇيغۇرنىڭ پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئۈچ ئامىلنىڭ ۋەكىللىكتىن خالى بولماسلىقى مىجەزىمىزنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقى ئەمەس شەكىللەندۈرۈلۈۋاتقانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. ئۇيغۇر جەمىيىتىدە كىشىلەرنىڭ بىر جامائەتكە ياكى بىر سىياسىي كۈچكە ۋەكىللىك قىلمايدىغان قارارى، ئارزۇسى ۋە پىكىرلىرىنى ئىپادە قىلىشتىن ئۆزلۈكىدىن

ۋاز كېچىشى ئىنسانلىقنىڭ ئىجازىتىنى باشقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغانلىقىدۇر. كىشىلىرىمىزنىڭ ھەر بىر ئوي پىكىر ۋە ئىش پائالىيەتلىرىدە يۇقىرى ئۈچ ئامىلىنىڭ سايىسىدىن، كونتروللۇقىدىن قۇتۇلالماسلىقى، شەخس سۈپىتىدە بەختلىك ياشاشتىن توپ سۈپىتىدە تىنچ ياشاشنى تاللىۋالغانلىقىدۇر. شەخسنىڭ قارارىغا، غايىسىگە ۋە پىداكارلىقىغا ئىجازەت بەرمىگەن جەمىيەت شەخسنى ئىجاتچانلىق، ئۈمىدۋالىق ۋە بەختتىن مەھرۇم قىلغان جەمىيەتتۇر.

# نەزىرىمدىكى تور ۋە دۇنيا

ئوي پىكىرلىرىمنى مەتبۇئاتقا ئەمەس تورغا يېزىشىمدا بىر قانچە سەۋەب بار. بىرى مەسىلىلەرنى ئويلاپ زېرىكىش، يەنە بىرى ئويلىغاننى يوللاپ زېرىكىش. ئۈچىنچىسى مەن ۋە ئەتراپىمدىكىلەر دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرگە جاۋاپ بېرىش ۋە بېرىلگەن جاۋاپلارنى دوستلار بىلەن ئورتاقلىشىش تەقەززاسى. ئويلاپ زېرىكىشىم، ئويلىغانلىرىمنىڭ ئەھمىيەتلىك ياكى ئەھمىيەتسىزلىكى، كىملەر ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك يەنە كىملەر ئۈچۈن ئەھمىيەتسىزلىكى، قاچانغىچە ئەھمىيەتلىك ۋە قاچاندا ئەھمىيەتسىزلىكى...قاتارلىقلارنى بىلەلمەسلىكتىن بولغان. ئۇندىن باشقا ئۆزۈمدە شۇ ئويلىغاننى يازغۇدەك ۋە يازغاننى ئەمەلدە كۆرسەتكۈدەك ئىقتىدار ۋە جاسارەتنىڭ بار يوقلۇغى ھەققىدىكى دىلغوللۇقمۇ مېنىڭ زېرىكىشىمگە سەۋەب بولغان. ئويلىغانلىرىمنى يوللاپ زېرىكىشىم ژورناللارنىڭ تاپشۇرۇپ ئالغان ئەسەرنى ۋاقتىدا ئېلان قىلماسلىقى، خالىغانچە ئۆزگەرتىشى، قىسقارتىشى، يوقۇتۇۋېتىشى قاتارلىق سەۋەپلەرگە باغلىق ئىدى. مەسىلەن، مەن 2006-يىلى جوڭگۇ مىللەتلىرى ژورنىلىغا يوللىغان تۈركىيە ھەققىدىكى بىر يازما 2010-يىلى ئېلان قىلىندى. مەزكۇر ئەدەبىي خاتىرەمنى مۇھەررىرلەر ئۆزگەرتىپ يوچۇنلا بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشۇپتۇ. 2006-يىلى قومۇل ئەدەبىياتى ژورنىلىغا تۈركىيەدە ئويلىغانلىرىم ۋە كۆرگەنلىرىم ھەققىدە يېزىۋاتقان كىتابىمنىڭ بىرىنجى بابىنى ئەۋەتتىم. سابىق باش مۇھەررىر بەگمەت يۈسۈپ تېلىفون قىلىپ يازمامنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى ھاياجىنىنى يەتكۈزدى ۋە مەندىن مۇناسىۋەتلىك رەسىملەرنى ئەۋەتىپ بېرىشىمنى سورىدى. ئەپسۇس، ئەسىرىم ۋە ئەۋەتىپ بەرگەن رەسىملىرىمدىن ئىككى يىلغىچە خەۋەر بولمىدى. بۇ ھەقتە ئۈچقۇن ئىسىملىك مۇھەررىر بىلەنمۇ كۆرۈشتۈم، قايتا قايتا خەت يازساممۇ جاۋاپ بەرمىدى. تۈركىيە ھەققىدە كىتاپ يېزىش قىزغىنلىقىم شۇنىڭ بىلەن كۆمۈلۈپ قالدى. مىراس ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ئەسىرىم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلۈپتۇ، لېكىن ماڭا دەپمۇ قويماپتۇ كىتاپ تۈزگەنلەر. ئەسىرىمنىڭ

نەچچە ئون مىڭ ئۇيغۇر بوغۇننىڭ قولىغا چىقىدىغىنىنى بىلگەن بولسام قايتا ئىشلەپ مۇكەممەلرەك بىر ئەسەر قىلىپ چىققان بولاردىم. ژورناللار ماقالەمنى قانداق ئۆزگەرتىپ قانات قۇيرۇقلىرىنى بوغۇچلىغان بولسا دەرسلىككىمۇ شۇ پېتى كىرگۈزۈلۈپتۇ. مەتبۇئاتتا ئەسەر يېزىش جەريانىدا شىنجاڭ سەنئىتى، تەڭرىتاغ، شىنجاڭ مەدەنىيىتى قاتارلىق ژورناللار يازمىلىرىمىنىڭ يوقۇلىشىغا «تۆھپە» قوشۇشتى. قۇربان مامۇت ئاكام سەمىمىي ئادەم بولغاچقا 2012-يىلى نورۇزدا بىر پاچە ماقالەمنى يوقۇتۇپ قويغانلىقىنى تەن ئېلىپ ئەپسۇسلاندى. باشقىلاردىن تېخى بۇنداق بىر ئىنجانىڭ چىققىنى يوق.

مەن ۋە ئەترابىمدىكىلەر دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر ھەققىدە يازماقچى بولغۇنۇمدا بايان قىلماقچى بولغان مەسىلىنىڭ بەك مۇرەككەپ ۋە زىيادە چوڭ بولۇشى جاسارىتىمگە قورۇلغان قىسماقتەك روھىمنى خورىتاتتى. قولۇمغا قەلەم ئالغىنىمدا ياكى بارماقلىرىم كومپيوتېرنىڭ كونۇپكىسىغا تەگكەندە خۇددى غايەت زور بىر تاغنى تەشمەكچى بولغان چۈمۈلىدەك ھېس قىلاتتىم ئۆزەمنى. ئەگەر يازماقچى بولغان شۇ تېمىلاردا باشقىلار مەن ئويلىغاننى يېزىپ بولغان بولسا مەن ئاۋارە بولمايتتىم، ئەلۋەتتە. چۈنكى تاغنىڭ ئالدىدا يالغۇز چۈمۈلىدەك تىرمىشىپ تۇرۇش ھېچ بىر كىشى ئۈچۈن ھوزۇرلۇق تۇيغۇ بولمىسا كېرەك. مەن مەسىلىنىڭ يازغانغا ھەل بولمايدىغانلىقىنى، كونكرېت تەدبىرگە ئايلانمىغان تەپەككۇرنىڭ ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يېزىشقا مەجبۇر ئىدىم. يېزىش جەريانىدا بايقىدىمكى، مەسىلىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بىلىدىغانلاردىن بىلمەيدىغانلار كۆپ ئىكەن، كىرزىستىن قۇتۇلۇش مۇمكىنچىلىكىنى ئويلاپ باققانلاردىن كىرزىسقا كۆنۈپ قالغانلار نۇرغۇنكەن.

كۈندۈلۈك ھاياتىمىز دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە تەخىرسىز ئويلۇنۇشۇمغا ۋە ئويلۇرۇمنى جامائەتكە يەتكۈزۈشكە شاپاشلىشىمغا لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكۈلۈپ كېلىپ ئۇيغۇرنىڭ رىياللىقىغا بىۋاستە يۈزلىنىشۈممۇ

سەۋەپ بولغانىدى. ئۈرۈمچىدە خىزمەت ئىزدەش جەريانىدا ئۇيغۇرچە ۋە خەنسۇچە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان يىگىرمىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالەم ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمىدى. يۇرتتىكى كىتاپ ئوقۇيدىغان ئاغىنە بۇرادەرلەردىن سوراپ باقسام ماقالىلىرىمنى ئوقۇپ باققانلار يوق ئىكەن. ھەتتا مېنىڭ بىر تۇققان قېرىنداشلىرىممۇ تولۇق ئوقۇپ باقماپتۇ يازغانلىرىمنى. دېمەك، يازغانلىرىم بىلەن يا تەدبىر بەلگىلەشكە قادىر ھاكىمىيەتتىكىلەرنىڭ پەرۋايىدا يوقكەنمەن، يا ئانا تىلدا كىتاپ ئوقۇشنىڭ ھوزۇرىغا نائىل دوستلارنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولالماپتىمەن. بۇ ئىشلاردىن كېيىن مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەۋايى ۋە موللا مۇسا سايرامىغا ئوخشاش بوۋىلارنىڭ كىتاپىغا ئۆز قەلىمى بىلەن پۈتكەن كىرىش سۆزلىرىنى ئوقۇپ چىقتىم. بوۋىلار كىتاپنى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلاپ ئەتراپىدىكىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن، ھايات تېپىشماقلىرىغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن، كىتاپتىن زوق ئالغانلارنىڭ دۇئاسى ئۈچۈن، قانۇنىيەتلەرنى بايقاش ئۈچۈن ...يېزىپتىكەن. مەن يازغانلىرىم ئىچىدىكى ھەتتا ئانام داداممۇ ئوقۇمايدىغان، ئۇنۋان ئېلىپ جان بېقىشتىن باشقا بىر كىشىنىڭ دىلىنى شاد ئېتىشكىمۇ يارىمايدىغان قۇرۇق گەپلەر ئۈچۈن ئۆكۈندۈم.

ئەسلى مېنىڭ چۈشەنچەمدە ھاياتىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرنى رەتلەپ، تۈرگە ئايرىپ مۇناسىۋەتلىك پەنلەردىكى نەزەرىيەلەرنىڭ قېلىپلىرىغا سېلىپ چۈشەندۈرۈش زىيالىلارنىڭ زىممىسىدىكى بۇرچ ئىدى. رەتلەنگەن ۋە تۈرلەرگە ئايرىلغان ھادىسىلەرنى تەھلىل قىلىش ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سەۋەب نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە خۇلاسە چىقىرىشتا خۇسۇسىي كەچۈرمىشكە، پەرەزگە ۋە ئادەتلەنگەن يۈزەكى قاراشلارغا تايىنىشقا بولمايتتى. مەندەك تىلشۇناسلىق كەسپىدە ئوقۇغان بىر كىشىنىڭ ئىجتىمائىي ھايات ۋە كىشىلىك تۇرمۇش مەسىلىلىرى ۋە مىللەت، مەدەنىيەت، دىنغا تاقىشىدىغان ئىشلار ھەققىدە پىكىر بايان قىلىشى ۋە قەلەم تەۋرىتىشى ئىلمىيلىك سانالمايتتى. ئەمما بۇ مەسىلىلەرگە مۇتەخەسسىس ياكى زىيالى سەۋىيىسىدە ئەمەس بىر تەپەككۇرلۇق ئىنسان بولۇش سۈپىتىم بىلەن جاۋاپ بېرىشتە مەسئۇلىيىتىمنىڭ بارلىقى ئېنىق ئىدى. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىلمىيلىك ئۆلچىمىگە ۋە كەسپىي سەۋىيەگە

توشمايدىغان پىشمىغان قاراشلىرىمنى ئەدەبىي شەكىل، ئىلمىي روھ ۋە سەممىي مەزمۇن بىلەن يۇغۇرۇپ تورغا يوللاپ كېلىۋاتىمەن.

توردا ئەسەر ئېلان قىلىش ۋە توردىكى يازمىلاردىن بەھرىلىنىش جەريانىدا نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى باشتىن كەچۈردۈم ۋە نۇرغۇن قاراشلارغا ئېرىشتىم. بۇرۇن «پەننىڭ تەرەققىياتى ئىنسان روھىنى ۋە ئىددىيەسىنى كىشەنلەردىن ئازاد قىلىدۇ، ئىنسان تەپەككۇرىنى زامان ۋە ماكاننىڭ قەپەسلىرىدىن قۇتقۇزىدۇ» دەپ خىيال قىلاتتىم. ھازىر بۇ خىيالىمغا بىر يەكۈن سۆپىتىدە ئىشىنىمەن. مىسىر خەلقىنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇشى، مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى ھۆرلۈك ئۇيۇقلىرىغا يېقىنلاشتۇرۇۋاتقان «ئەرەب باھارى» بىزگە بۇ يەكۈننىڭ توغرىلىقىنى، يەنى تورنىڭ قۇدرىتىنى تېخىمۇ تولۇق ئىسپاتلاۋاتىدۇ. تور بارلىققا كەلمىگەن زامانلاردا كىشىلەرنىڭ جەمىيەت، ۋەزىيەت ۋە ھاكىمىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرى، باھالىرى ۋە نارازىلىقلىرى پەقەت ئاممىۋى غەيۋەت سۆپىتىدە چايخانا ۋە رېستورانلاردىن ھالقىيالمايتتى. بۈگۈن تورلاردا ئاۋامنىڭ ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى. كىشىلەر تور ئارقىلىق تەشكىللىنىشكە ۋە ئۆز مەقسەدلىرى بويىچە زېمىننىڭ تەرەپ تەرەپلىرىدە تۇرۇپ ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. مۇنبەر قۇرغۇچىلار چېكىلىش قېتىمى بىلەن كىرىم قىلىدىغىنى ئۈچۈن ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ئورۇن بەرمەسلىككە ئامالسىز قالدى. بۇ مۇستەبىت مەشھۇلار ۋە ھاكىمىيەت سەرخىللىرىنىڭ كونتروللىقىغا قىسمەن ۋە تامامەن مەھكۇم بولغان مەتبۇئاتلارغا خىرىس ئېلىپ كەلدى. ئىنتېرنېت ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى جامائەتكە خىتاب قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيۋاتقان پىكىرچان كىشىلىرىمىزگە تېپىلماس پۇرسەت ئاتا قىلدى. تور بارلىققا كەلمىگەن چاغلاردا ئەسىرلەردە ئۆتتۈرىغا قويۇلغان پىكىرنىڭ توغرا خاتا ياكى مۇۋاپىق نامۇۋاپىقلىقى ھەققىدىكى باھا كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىلا قېلىپ قالاتتى. بۇلارنى ئېلان قىلىشتا يەنە شۇ ھاكىمىيەت سەرخىللىرىنىڭ ياكى مۇستەبىت مەشھۇلارنىڭ ئىجازىتىگە قۇل بولماسلىقتىن باشقا چارە يوق

ئىدى. تورنىڭ بارلىققا كېلىشى ئوقۇرمەنلەرنى بۇنداق قۇللۇقتىن ئازاد قىلدى. مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئوقۇلۇشى خۇسۇسىيلىققا ئىگە بولۇپ، هەر كىم ئۆزىنىڭ بىلىمىگە، دىتىغا ۋە ئادىتىگە يارىشا چۈشەنچىگە ئېرىشەتتى. تور بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئوقۇش ۋە هوزۇرلىنىش ئاممىۋىيلاشتى. بىر تورداش ئوقۇپ هېس قىلالمىغان نوقتىنى يەنە بىر تورداش بايقاپ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئەسەر ھەققىدىكى چۈشەنچىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا هەسسە قوشتى. تور بارلىققا كەلمىگەن دەۋردە ئاپتور بىلەن ئوقۇرمەننىڭ يۈزمۇ يۈز دىيالوگ قۇرمىقى مۇشكۈل ئىدى. تور يېزىقچىلىقى ئومۇملاشقاندىن كېيىن ئاپتور بىلەن ئوقۇرمەن باراۋەر، مەۋھۇم ۋە ئەركىن بىر سورۇندا پىكىرلىشەلەيدىغان هالەت بارلىققا كەلدى. تور بارلىققا كەلمەستە ئوقۇرمەن قوبۇل قىلىشنىلا بىلىدىغان پاسسىپ ئورۇنغا مەجبۇر ئىدى. تورنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئوقۇرمەن پاسسىپ قوبۇل قىلغۇچىدىن ئاكتىپ تەپەككۇر قىلغۇچىغا ئۆزگەردى. تور ئوخشاش پىكىر، ئوخشاش چۈشەنچە، ئوخشاش زوقتىكى كىشىلەرنى بىر يەرگە توپلاپ ئوخشاش ۋاقىتتا ئورتاق مەقسەد ئۈچۈن هەرىكەتلىنەلەيدىغان پۇرسەتكە ئىگە قىلدى. ئۇيغۇرلار تور ئارقىلىق تەۋەرۈك تىلنى ۋە قەدىناس ئېتىقادىنى قوغداش، تەرغىپ قىلىش ۋە هىمايە قىلىش مۇنبىرىگە ئېرىشتى. هازىر كىشىلەرگە ئۆگەتكىدەك بىلىمى، دەپ بەرگۈدەك گېپى، يەتكۈزگىدەك ئۈچۈرى بار هەرقانداق ئۇيغۇر توردىن ئىبارەت بۇ بىپايان بوشلۇقتا ئۆز ئىخلاسمەنلىرىنى تاپالايدۇ.

تورنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملىشىشى نۇرغۇن خەيرلىك نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە كەلتۈرىۋاتقان بولسىمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى هاكىمىيەت قاتلىمىغا مەنسۇپ مەسئۇل سەرخىللار، كەسپىي سەرخىللار ۋە مەشهۇرلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى ۋە ئىتىراپىغا دېگەندەك ئېرىشەلمىدى. 2001-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژورنىلىنىڭ تور بېتىنى ئېچىش تەكلىپى ئۈچۈن تېلېفون قىلغىنىمدا ناهايىتى سوغۇق بىر جاۋاپقا ئېرىشكەنىدىم. مانا بۈگۈنگىچە مەزكۇر نەشرىي ئەپكارنىڭ تور بېتى ئېچىلمىدى. ئابدۇكېرەم ئابلىز بىر ئىتوتىدا ئىجاد قىلغان «تىرىكلىكىڭدە توردا تىللايدۇ، ئۆلۈپ كەتسەڭ گۆردە تىللايدۇ» دېگەن سۆزلەنمەمۇ مەشهۇلارنىڭ تورغا بولغا پوزىتسىيەسىنى غىل پال ئەكس ئەتتۈرگەن بولدى. 2011-يىلىنىڭ ئاخىرىدا

مەن تورغا كىرەلمەيدىغان ئاتا-ئانامغا ئوخشاش پىشقەدەملەرگە قولاي بولسۇن ئۈچۈن يازمىلىرىمنى كىتاپ قىلىپ چىقارماقچى بولۇپ مىللەتلەر نەشرىياتىغا يوللاپ بەردىم. نەشرىياتتىكىلەرنىڭ جاۋابى «بىز توردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ سەۋىيىسىدىكى كىتاپنى نەشر قىلمايمىز»دىن ئىبارەت بولدى. بۇنداق سوغۇق مۇئامىلە، ماقال ۋە جاۋابلاردا سەرخىللاردىكى تورغا ۋە تور يېزىقچىلىقىغا بولغان چۈشەنمەسلىك ئەكس ئېتىدۇ. 2012-يىلىدا مەشھۇرلاردىن يالقۇن روزى ئەپەندى ئەلى غوجاخۇننىڭ رەددىيە ماقالىسىگە توردا «ئەلى غوجاخۇن نېمە دەيدۇ» ماۋزۇلۇق قايتۇرما رەددىيە يازدى. ئەمما شۇ بىر قايتۇرما رەددىيەنى يېزىپلا بولدى قىلدى بولغاي، ئەلى غوجاخۇننىڭ ۋە باشقا تورداشلارنىڭ سوئاللىرىنى پۈتۈنلەي جاۋابسىز قويدى. ئوقۇرمەنلەر ئەلى غوجاخۇن بىلەن يالقۇن روزىنىڭ پىكىرلىرىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشۈنۈش ۋە سېلىشتۇرۇپ يەكۈنگە ئېرىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدى. مەن كەسپى سەرخىللىرىمىزنىڭ ۋە مەشھۇرلىرىمىزنىڭ تور ھەققىدىكى يۇقارقىدەك قاراشلىرى ۋە پوزىتسىيەسى ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ بېقىشلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئىنتېرنېت ۋە باشقا ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىياتى دۇنيانى ئۆزگەرتتى. ئەڭ بىۋاستە ئۆزگىرىش شۇكى، تارىم بويىدىكى بىر ئۇيغۇر ۋاشىڭتوندىكى بىر شىركەتكە بىر كومپيۇتېرغا تايىنىپلا ئىشلىيەلەيدىغان بولدى. كورلىدىكى بىر ئۇيغۇر ئامستېردامدىكى بىر شىركەتنىڭ ئىنتېرنېتتا ئېلان قىلغان تەلىپى بويىچە لايىھە ئىشلەپ قىممەت يارىتالايدىغان بولدى. جاھان تەرەققىياتىنىڭ مەقسىدى ۋە ۋاستىسى بولغان شەخسنىڭ ھۆرلۈكى، باراۋەرلىكى، قەدىر قىممىتى ھەمدە ئىززىتىنى بەرپا قىلىش ۋە قوغداش نىشانىغا قاراپ ئالغا باسماقتا. ئىنساننىڭ غۇرۇرىنى، ئىمانىنى، پىكرىنى، بەختىنى ۋە كېلەچىكىنى بوغۇپ پۇقرالىرىغا ئۆزىنى خۇدا كۆرسىتىۋاتقان ھەر قانداق تۈزۈمنىڭ يوقۇلۇۋاتقانلىقى ئەمەلىيەت. ئۆزگىرىشنىڭ مۇقەررەرلىكى تۇرغۇنلۇقنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇشى ئەقلىسىزگە ئايدىڭ بولۇشى كېرەك. بىزگە

بېقىندىلىقنى ئۆگۈتۈۋاتقان، بىرگە قورقۇنچنى سىڭدۈرۈۋاتقان، بىرگە بويسۇنۇشتىن ئىبارەت بىرلا خىل تەپەككۇرنى تېڭىۋاتقانلارغا ئۆزىمىزنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشىمىز كېرەك. بىز بىلىم ۋە ئىمان ھەرقانداق توسقۇنلارنى يەكسان قىلىدىغان يېڭى دۇنيادا ياشاۋاتىمىز. زالىملارغا زوراۋانلىق ۋە سەدىقە بىلەن جاھان سوراشنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى، ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە ئىمانىغا ئىشكەل سالىدىغان كونا دۇنيانىڭ گۇمران بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش ياكى قىلدۇرالماسلىق بىزنىڭ ۋىجدانىمىزغا باغلىق. مەجبۇرى سىزىلغان سىياسى چېگرىلارنىڭ بەربات بولۇپ ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تەۋەلىكى بويىچە سەپلەرگە ۋە قۇتۇپلارغا ئايرىلىشى يېڭى دۇنيايىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. ئىدولوگىيەلەر ۋە مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئاسارىتىدە پاسىللارغا ئايرىلغان كونا دۇنيا كەلمەسكە كەتتى. ئورتاق كوممۇنىستىك ئىدولوگىيەنىڭ ۋاستىسىدە قورال ئارقىلىق بىر يەرگە كېلىشكە مەجبۇر بولغان شەرقىي ياۋرۇپا دۆلەتلىرى ھازىر مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد بويىچە بىر گەۋدىلەشكەن ياۋرۇپا بىرلىكىنىڭ پارچىسىغا ئايلاندى. ئىدولوگىيىلىك پەرق سەۋەبىدىن ئىككىگە ئايرىۋېتىلگەن گېرمانىيە بىر دۆلەتكە قايتىپ كەلدى. مەنىۋىي ئورتاقلىقتىن مەھرۇم سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ تارىخنىڭ ئەخلەتخانىسىدىن ئورۇن ئالدى. بۈگۈنكى سىلىشتۇرما ھالدا، مەدەنىيەت ئورتاقلىقىغا ئىگە تۈرك مىللەتلىرى ۋە دۆلەتلىرىنىڭ ئالاقىسى بارغانچە قويۇقلاشماقتا. سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىكى دۆلەتلەرگە مۇھەببەت بىلەن قارايدىغان بىر ئەۋلاد مۇئاشلىق زىيالىلارنىڭ ئورنىنى نەپسى بىلەن ۋىجدانى ئارىسىدا سىقىلىۋاتقان ياكى ئىككىسىنىڭ بىرىگە مايىل ياشاۋاتقان يېڭى بىر ئەۋلاد كادىرلار ئىگىلىدى. مانا بۇ ئۆزگۈرۈشتۇر. دېمەك ئۇيغۇرنىڭ يېڭى دۇنيادا، تور دەۋرىدە ياشاۋاتقانلىقى ئامەتتۇر، پارلاق كەلگۈسىدىن بېشارەتتۇر.

ھەممىمىز شارائىتىمىزدا بىر ئۆزگۈرۈش بولسىكەن، ئەتراپىمىز يېڭىلانسىكەن، رىياللىقىمىزدا ياخشىلىنىش بولسىكەن دەيمىز. ھەممىمىز ئارزۇلىرىمىزنى چۈشەپ تۇرغان بۇرۇختۇرما موھىتتىن، ئىرادىمىزنى قامال قىلغان قاشالاردىن، ئوي پىكرىمىزنى بەنت قىلغان تۈرمىلەردىن قۇتۇلۇشقا تەلپۈنىمىز. مەن ئىنتېرنېت تورىنىڭ، جۈملىدىن توردىكى پىكىر

ئەركىنلىكى، ئىرادە ئەركىنلىكى ۋە تەشكىللىنىش ئىمكانىيىتىنىڭ ھاياتىمىزنى ۋە ھالىتىمىزنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مەنچە ئىنساننىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتىدىغىنى ئۇنىڭ قولىدىكى قورال ئەمەس مىڭىسىدىكى تەپەككۇر. بىزنى قۇل قىلىۋاتقىنى كۆكسىمىزگە بەتلەنگەن سۇرلۇك ئاپتۇمات ئەمەس خىيالىمىزنى قاپلىغان ۋەھىمىلىك ئاقىۋەت. چۈنكى بىزنىڭ قورقۇۋاتقىنىمىز ئاللاھ ئەمەس ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىدۇر. بىزنىڭ مەدەت تىلەۋاتقىنىمىز قەلبىمىزدىكى ئاللاھ ئەمەس ئەتراپىمىزدىكى ئىنسانلاردۇر. بىزنىڭ مەسلەھەت سوراۋاتقىنىمىز ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشنى ئەمەس ئېھتىياتقا مۇراجەت قىلىشنى تەكىتلەيدىغان پاسىبانلىرىمىزدۇر. مەنچە بىزنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغىنى كۈچىمىزنىڭ قانچىلىك زورلۇقى ئەمەس بەلكى ھەق يولىدا قانچىلىك مۇستەھكەملىكىمىز، نىيىتىمىزدە قانچىلىك قەتئىي، قانچىلىك سەمىمىيلىكىمىزدۇر. مەن ئويلاش جەريانىدىكى دىلىغوللۇقتىن، ئۈمىدسىزلىكتىن ۋە يالغۇزلۇقتىن تارتىپ چىقارغان تورغا تەشەككۈر ئېيتىمەن. يازمىلىرىمنىڭ ئۆز تەمى ۋە پۇرىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىگە سازاۋەر بولۇۋاتقىنىدىن مەمنۇنمەن. مەن بىزگە بىلىش، بىلدۈرۈش ۋە ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئىمكانىيىتى ئاتا قىلغان توردىن پايدىلىنىش ھەممەيلەننى خۇرسەن قىلسىكەن دەيمەن.

Author: Abduweli Ayup
Title: The Frear of Being Uyghur
Subject: Social-Comparative Memory
Language: Uyghur
Editor: Ghulam Yaghma
Publisher: East Turkistan Freedom Press
Date: 2014